

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قۇتادغۇبىلىك

福乐智慧

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
ئوقۇلغۇسى ۋە نەسرىي يەشمىسى

维吾尔文古语散文体今译本

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

新·疆·文·庫

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قۇتادغۇ بىلىك

福乐智慧

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئوقۇلغۇسى ۋە نەسرىي يەشمىسى

维吾尔文古语散文体今译本

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

福乐智慧:维吾尔文古语散文体今译本:维吾尔文 /(宋)优素甫·哈斯·哈吉甫著; 阿不都秀库尔·吐尔迪等译. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2013.8

(新疆文库)

ISBN 978-7-228-16922-1

Ⅰ.①福… Ⅱ.①玉… ②阿… Ⅲ.①维吾尔族—古典诗歌—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 183934 号

新疆文库《新疆文库》编辑出版委员会

福乐智慧

维吾尔文古语散文体今译本

译　　者　阿不都秀库尔·吐尔迪　卡德尔·艾克拜尔
　　　　　阿布杜热扎克·沙依木　尼加提·哈斯木
　　　　　库来西·塔依尔　艾克拜尔·阿不力克木
责任编辑　阿不都热合曼·艾白
　　　　　买买吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对　阿达来提·买合苏提　古丽夏尔·耐和买提
设计总监　宁成春　刘堪海
印制总监　郑　忠
维文标识　买买提·诺比提
书名题写　买买提·诺比提

出　　版　《新疆文库》编辑出版委员会
　　　　　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
电　　话　(0991)2827472
制　　版　艾克拜尔·沙力
印　　刷　中华商务联合印刷(广东)有限公司
版　　次　2013 年 11 月第 1 版　第 1 次印刷
开　　本　889 毫米 × 1194 毫米　1/16
印　　张　71.875 印张
字　　数　1883 千字
印　　数　1-1 500 册
定　　价　290.00 元

《新疆文库》官网网址:http://www.xjwenku.com

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر

مەسلىھەتچىلەر: جاڭ چۈنشيەن، نۇر بەكرى

گۇرۇپپا باشلىقلىرى: خۇ ۋېي، لى شۆجۈن

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ئەركىن تۇنىياز، جاڭ گۈيتىڭ

گۇرۇپپا ئەزالىرى: جىڭ خەييەن، لى چۈنياڭ، لۇ خۇەنبىن، شۇ شياۋنىڭ، چېن يۇمىڭ، ۋەن خەيچۈەن، ئۆمەر ئابدۇللا، خەن زىيۇڭ، تۇرسۇن ئىبراھىم، جاڭ شياۋلېي، مەھەممەت ياسىن، شى يۇڭچياڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، سۇڭ جېنيا، لى جىدۇڭ، ۋۇ فۇخۇەن، فۇ چۈنلى، چېن تۇڭ، ئازاد سۇلتان، لياۋ يۈنجيەن، ۋەن ۋېيپىڭ، جاڭ شىنتەي، ئابدۇراخمان ئەبەي، تاشپولات تېيىپ، شارىپقان ئابدالى، ۋۇ جىچياڭ، چېن جيەنپىڭ، خۇ شىشىن

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىدىكىلەر

مۇدىرى: شى يۇڭچياڭ (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گۈلشەن تۇراخۇن (قوشۇمچە)، مىجىت قادىر، سېرىك بالشات، خۇاڭ شياۋشىن، رېن چېڭ

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتىدىكىلەر

مۇدىرى: جاڭ گۇيتىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شى يۈچياڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، مىجىت قادىر، ليۇ بىن خۇاڭ شياۋشىن، جاڭ شىنتەي، ئابدۇراخمان ئەبەي، تيەن ۋېيجياڭ، قابدەن قادىر

ھەيئەت ئەزالىرى: يۈ جىيۇڭ، ماكېلېك ئۆمەرباي، ماخمۇت ئابدۇۋەلى، ما پىنيەن، ما شيۇڭفۇ، ۋاڭ بو، نيۇ رۇجى، دەنبى، ئېلى غوپۇر، ئەركىن ئىمىنىنىياز، ئەركىن قادىر، زامىر سەيدۇللا، سۇڭ دۇڭمېي، لا دىشېڭ، چى چىڭشۇن، ئىھسان ئىمىن، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، مەھەممەت سەلەي، جى داچۇن، لى جىليەن، لى ۋېيچىڭ، ۋۇ جىچياڭ، ۋۇ فۇخۇەن، بېكسۇلتان كاسېي، مياۋ فۇشېڭ، مېڭ نەن، چېن شىمىڭ، چېن تۇڭ، ئابلىمىت ئەھەد، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، جۇ شۇەن، جۇ جۇنلىن، خۇ شىشىن، شيۇ جۇڭيى، شى شىنرۇڭ، يۈ بىڭشى، خې لىڭ، جيامچا، جيا سۇڭجياڭ، جاقىپ مىرزاقان، غەيرەتجان ئوسمان، گاۋ جيەنلۇڭ، گاۋ جيەن، گۇەن شۇشىن

خىزمەتچىلەر: شى ياكاڭ، نيې گۇاڭيۇ، ليۇ ۋېيلى، جاڭ شىنگې، جىڭ لۇجۇۋ، گۈلباھار ئەخەت، جاۋ شىنخۇا، لى جېن، گۇ چۇنخۇ

(خەنزۇچە فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى)

出版说明

盛世修典，是我国优秀的文化传统。编辑出版《新疆文库》是新疆历史上规模最大的一项文化基础工程，是一项里程碑式的文化德政工程，也是一项文化自信工程，是目前新疆经济社会发展欣欣向荣、繁荣昌盛的体现。

编辑出版《新疆文库》是贯彻党的十八大和十七届六中全会及自治区第八次党代会精神的重大举措。对于落实“以现代文化为引领”的战略方针，有效发挥出版物在民族文化积累、文明传承、知识创新中的重要作用；对于引导各族干部群众，特别是青少年正确了解认识新疆历史、民族发展史、宗教演变史，自觉维护祖国统一，加强民族团结，努力培育“爱国爱疆、团结奉献、勤劳互助、开放进取”的新疆精神；对于传承中华民族优秀文化和新疆民族优秀文化，推动新疆文化大发展、大繁荣，更好地服务于新疆跨越式发展和长治久安；对于丰富完善中华文化宝库都具有重要意义。

一、《新疆文库》编辑出版的宗旨和目的是坚持社会主义先进文化的前进方向，通过对新疆自古以来文化经典力作大规模、系统化地挖掘、收集、整理，全面、客观、真实地反映新疆文化发展的全貌。以科学翔实的史料、资料确证新疆自古以来就是祖国大家庭的重要成员，使世人和后人全面了解新疆独特的地域文化，使新疆优秀文化传播世界、流播后世。同时反映新疆作为古代“丝绸之路”枢纽地区，对世界东西方文化交流交融做出的重要贡献；反映新疆作为现代文化蓬勃发展的新兴地区所具有的丰富多彩的文化生态；反映新疆文化从属于中华整体文化的“一体多元”的显著特征。

二、《新疆文库》编辑出版的基本原则是：维护国家统一、促进

民族团结；尊重历史、新疆特色；古今中外、兼收并蓄；面向世界、面向未来；先易后难、循序渐进；统一领导、统一管理。

三、《新疆文库》收集整理汉、维吾尔、哈萨克、蒙古、柯尔克孜、锡伯文（目前新疆主要的出版物文字）等文字（包括其古代文字）的文献作品，以纸介质版和数字版两种形式，主要择优出版自古以来至1949年10月1日(即中华人民共和国成立)之前有关新疆的哲学和社会科学、历史地理、文学艺术、科学技术、综合等类别的历史文献、古籍资料等，1949年10月以后已出版的新疆古代、近代史的有特别重要社会历史文化价值的研究著述经专家评审鉴定后也有收入，原则上不组织新的专门约稿。《新疆文库》拟包涵约1000册（卷），其中汉文文献约600册（卷），少数民族文献约400册（卷）。

四、《新疆文库》入选文献的标准：

1. 符合上述规定的入编基本原则和内容要求；

2. 具有重大历史文化社会影响和价值的；

3. 需要保护濒临消亡或亟待抢救发掘的；

4. 对研究新疆历史文化发展具有重大参考研究价值的；

5. 对新疆各民族文化具有传播、传承作用的。

五、《新疆文库》对自古以来已经出版的优秀经典文献作品进行广泛搜集、整理、集成，使零散的优秀作品系统化、规范化。对散失在民间社会上、具有历史价值的优秀文化遗产给予抢救、挖掘整理，使之重现光芒。原文是使用不同历史时期少数民族语言文字撰就的古籍，维持原貌，不另行组织翻译，列入文库影印编辑出版。

六、 参考其他文库编辑体例，结合新疆特有的多民族、多语种、多元文化的特点，为体现文库的学术性、经典性、科学性，《新疆文库》选收作品分甲、乙、丙、丁四部和附录，下按民族文种分，每文种内按时代顺序编排。

甲部 新疆各民族经典力作。主要收录新疆各民族优秀文化典籍和文学名著的优秀汉译本、民文译本等。

乙部 新疆珍贵史籍和史料。包括正史中有关新疆的内容，其他大型历史文献和类书中有关新疆的内容，汇辑成册收入，还有史籍、档案、地方志等。

丙部 新疆历代各类人物文集、传记。

丁部 综合性和专题性著述集。综合反映新疆地缘优势和

民族特色，表现和深入研究新疆各民族历史、文化、科技、民俗、风物和民间文学等内容的作品集。现代有地域特色的优秀著作、译著等酌情收入。

为反映新疆地方文献的全貌，编辑《新疆历史文献古籍要目辑录》或未列入文库作品在内的《〈新疆文库〉存目图书》，作为“附录”列入文库出版。

七、 本文库为便于读者对照考证研究，对经典作品的少数民族文字、汉文译本都有收入。少数民族文作品收入了经专家评审出的最原始或最完整的版本，汉文收入经专家评审出的译文最好的版本。

八、 本文库对建国60多年来国内各出版社已整理出版有关新疆的优秀古代、近代作品优先予收入。

九、 本文库对建国60多年来尚未整理出版而有重要社会历史价值的新疆地方文献中的孤本、善本优先予收入。

十、 本文库所收文献多为易获取的优秀版本。

十一、 本文库入库文献采用原本还是校注本，一般根据专家评审出的原本和校注本的质量而定。

十二、 本文库对内容相同或重复的需要补充合并的书目为尽可能完整，进行了必要的补充合并。

十三、 本文库对部头较大的书，如文集或方略，只选取与新疆有关的内容单独入库。

十四、 本文库在部分书目入库时做了必要的技术处理。

《新疆文库》的编辑出版是一项在新疆史无前例、历时持久、规模宏大的出版工程，由于缺乏经验和限于编选者的学术、业务水平，失当之处在所难免。敬请社会各界批评指正。

《新疆文库》编辑出版委员会

二〇一二年七月三十一日

نەشر قىلىنىشى ھەققىدە

ئاساسىيشلىق دەۋردە يۇتۇك ـ رىسالىلەرنى رەتلەش ــ ئېلىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش شىنجاڭ تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ئۇل قۇرۇلۇشى، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ساخاۋەتچىلىكى قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا مەدەنىيەتتە ئۆزىگە ئىشىنىش قۇرۇلۇشى بولۇپ، نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋە يۈكسىلىپ ئاۋاتلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 17 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 8 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئۇ «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى توپلاش، ئۇنىڭغا مەدەنىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇھىم رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتا، ھەر مىللەت كادىر ـ ئاممىسى، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى شىنجاڭ تارىخىنى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى توغرا تونۇپ، ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، تىرىشىپ «ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىچقۇېتىپ ئالغا ئىنتىلىش»تەك شىنجاڭ روھىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەشتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك راۋاجلىنىشىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشتا، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە مەقسىتى: سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيانقى نادىر مەدەنىيىتى، كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى چوڭ كۆلەملىك،

سىستېمىلىق قېزىش، توپلاش، رەتلەش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى تولۇق، ئوبيېكتىپ، راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈش؛ ئىلمىي بولغان ئەتراپلىق ۋە ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى دەلىللەش؛ ھۆججەت - مەلۇماتلار ئارقىلىق بۈگۈنكىلەر ۋە كېيىنكىلەرگە شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارقىتىش، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى نامايان قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، يېڭى، گۈللەنگەن رايون بولۇشىدىكى مول ھەم رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى نامايان قىلىش؛ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» روشەن ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش.

2. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى: دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تارىخقا، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش؛ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزۈش؛ دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش؛ ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، كېيىن قىيىنلىرىنى تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىشلەش؛ بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش.

3. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە يېزىقلار (ھازىر شىنجاڭدىكى ئاساسلىق نەشر بۇيۇملىرى يېزىقلىرى)دىكى (ئۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرى كىرگۈزۈلۈپ، باسما نۇسخا ۋە رەقەملىك (ئېلېكترونلۇق) نۇسخىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە نەشر قىلىنىدى. ئاساسلىقى قەدىمدىن تارتىپ 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا قەدەر) بولغان شىنجاڭنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن، تارىخ - جۇغراپىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا ۋە ئۇنىۋېرسال ساھەلىرىگە دائىر تارىخىي يادىكارلىقلار، قەدىمىي كىتاب - ماتېرىياللار تاللاپ كىرگۈزۈلدى. 1949 - يىلى 10 - ئايدىن كېيىن نەشر قىلىنغان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئالاھىدە مۇھىم ئىجتىمائىي، تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە تەتقىقات ئەسەرلىرىمۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاللاپ كىرگۈزۈلدى، پرىنسىپ جەھەتتىن يېڭىدىن مەخسۇس ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» تەخمىنەن 1000 كىتاب (توم) بولۇپ، خەنزۇچە يادىكارلىقلار تەخمىنەن

600 كىتاب (توم)، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تەخمىنەن 400 كىتاب (توم) بولدى.

4. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلارنى تاللاش ئۆلچىمى:

1) يۇقىرىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي پىرىنسىپ ۋە مەزمۇن تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلار؛

2) زور تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى بارلار؛

3) قوغداش زۆرۈر بولغان، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياكى جىددىي قېزىپ قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك بولغانلار؛

4) شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغانلار؛

5) شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش رولىغا ئىگە بولغانلار.

5. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»دە تارىختىن بۇيان نەشر قىلىنغان مۇنەۋۋەر كىلاسسىك يادىكارلىقلارنى كەڭ توپلاپ، رەتلەپ، يىغىپ، تارقىلىپ كەتكەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر سىستېمىلاشتۇرۇلدى، قېلىپلاشتۇرۇلدى. خەلق ئارىسىدا، جەمئىيەتتە چېچىلىپ يۈرگەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرى قۇتقۇزۇلدى، قېزىپ رەتلەندى، ئۇلار قايتا جۇلالاندۇرۇلدى ۋە ئەسلىي ئارگىنالى ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىدا يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنىپ، ئۇلار ئايرىم تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلماستىن، مەجمۇئەنىڭ سۈرەتكە ئېلىپ بېسىپ نەشر قىلىش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

6. باشقا مەجمۇئەلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەجمۇئەنىڭ ئىلمىيلىكى، كىلاسسىكلىقى، تەرتىپلىكلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە تاللانغان ئەسەرلەر ئا، ئە، ب، پ دىن ئىبارەت تۆت قىسىم ۋە قوشۇمچە قىسىمغا ئايرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مىللىي يېزىقلار بويىچە ئايرىلىپ، ھەرقايسى يېزىق تۈرى ئىچىدە ۋاقىت تەرتىپى ئاساسىدا رەتكە تىزىلدى.

ئا قىسىم: شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نادىر كىلاسسىك ئەسەرلىرى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇنەۋۋەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر خەنزۇچە تەرجىمىلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى تەرجىمىلىرى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى.

ئە قىسىم: شىنجاڭنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى. بۇنىڭغا

رەسمىي تارىخنامىلەردىكى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار، باشقا چوڭ تىپتىكى تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە تۈرلەر بويىچە يېزىلغان پۈتۈك ـ دەستۇرلاردىكى شىنجاڭغا دائىر مەزمۇنلار توپلاپ كىتاب قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى، يەنە تارىخىي ئەسەر، ئارخىپ، تەزكىرە قاتارلىقلارمۇ كىرگۈزۈلدى؛

ب قىسىم: شىنجاڭ تارىخىدىكى تۈرلۈك شەخسلەر توپلىمى، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى؛

پ قىسىم: ئۇنىۋېرسال ئەسەرلەر مەخسۇس ئەسەرلەر توپلىمى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئەكس ئەتكۈزگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىرىكچىلىك مۇھىتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتكۈزگەن، ئۇلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئەسەرلەر توپلىمى. بۇنىڭغا ھازىرقى دەۋردىكى رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، تەرجىمە ئەسەرلەر ئەھۋالغا قاراپ كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتكۈزۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرى ـ قەدىمكى ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى» ياكى مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلمىگەن ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ««شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى›گە توپلانغان كىتابلار كاتولوگى» تۈزۈلۈپ، مەجمۇئەنىڭ «قوشۇمچە»سى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى.

7. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، مەزكۇر مەجمۇئەگە كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسى بىردەك كىرگۈزۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتكەن ئەڭ دەسلەپكى ياكى ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى، خەنزۇچىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتكەن ئەڭ ياخشى تەرجىمە نۇسخىسى ئېلىندى.

8. بۇ مەجمۇئەگە دۆلەت قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار رەتلەپ نەشر قىلغان قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاۋۋال كىرگۈزۈلدى.

9. بۇ مەجمۇئەگە دۆلەت قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان تېخى رەتلەپ نەشر قىلىنمىغان، ئەمما مۇھىم ئىجتىمائىي، تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرلا نۇسخىسى بار يەككە نۇسخىلىقلىرى ۋە مۇكەممەل نادىر نۇسخىلىقلىرى ئاۋۋال كىرگۈزۈلدى.

10. بۇ مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ ئاسان ئېرىشكىلى

بولىدىغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر.

11. بۇ مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ئاساس قىلىنىپ تاللاندى ياكى تۈزىتىلگەن ئىزاھلىق نۇسخىسىنى تاللاشتا، ئادەتتە مۇتەخەسسىسلەر باھالىغان ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن تۈزىتىلگەن ئىزاھلىق نۇسخىسىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ تاللاندى.

12. بۇ مەجمۇئەدە مەزمۇنى ئوخشاش ياكى تەكرار بولۇپ، ئۆزئارا تولۇقلاپ بىرلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك كىتابلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، زۆرۈر بولغان تولۇقلاشلار ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

13. بۇ مەجمۇئەگە ئومۇمىي ھەجمى نىسبەتەن چوڭ بولغان كىتابلار، مەسىلەن، ئەدەبىي توپلاملار ياكى پىلان، پىروگىراما توپلاملىرى قاتارلىقلارنىڭ پەقەت شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىلا تاللىنىپ ئايرىم كىتاب قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

14. بىر قىسىم كىتابلار بۇ مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەندە زۆرۈر تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۆتكۈزۈلدى.

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى شىنجاڭ تارىخىدا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، تارىخىي دەۋرى ئۇزاق، كۆلىمى چوڭ بولغان نەشر قۇرۇلۇشى، تەجرىبىلەرنىڭ كەملىكى ۋە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىلمىي، كەسپىي سەۋىيەسىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولۇش تەس. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى
2012 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

总　　序

张春贤*

“盛世修典籍，太平纂鸿帙”是中华民族的优秀文化传统。2011年，中共新疆维吾尔自治区委员会和新疆维吾尔自治区人民政府决定编辑出版大型文献丛书《新疆文库》，启动了新疆历史上由政府主导和组织的规模最大的文化出版工程。这是进一步推动社会主义文化大繁荣大发展的重要举措，对于进一步向世人展示中华民族文化积累、推进中华文明传承、促进中华民族文化创新，具有重大意义。同时，对于帮助国内外全面了解古代西域和深入认识今日新疆，也必将发挥重要作用。

新疆是我们伟大祖国的一块宝地。“一体多元”是中华文明、更是新疆文化的突出特征，也是当代新疆能够从容面对“经济全球化”的文化优势所在。古代新疆曾经是人类四大文明——中华文明、印度文明、阿拉伯—波斯文明和希腊文明的交汇之地，被人们视为保存和展示人类“文化多样性”的博物馆。在这块异彩纷呈的历史文明交汇区，中华文明以其“有容乃大”的开放博大胸怀，广纳博取、包容吸收，接受不同文明的滋养，丰富壮大了自身，形成了“一体多元”的文化格局。编辑出版《新疆文库》，就是通过对新疆久远厚重、丰富多样的文化遗产开展一次大规模挖掘、收集和系统整理出版，展现新疆历史文化积累的规模和从属于中华文明的“一体多元”特征；展现新疆作为我国历史文化资源大区的概貌；展现新疆作为古丝绸之路枢纽地区对中外文化乃至东西方文明交流作出的杰出贡献；展现新疆作为现代文化

蓬勃发展的新兴地区所依托的丰富厚重的文化生态基础。

我们党历来主张，对待历史文化遗产，要坚持辩证唯物主义和历史唯物主义的基本立场，坚持批判地继承人类文明一切有益成果的基本原则，坚持为中国特色社会主义服务和为人民服务的方向，坚持“古为今用、洋为中用”和“百花齐放、百家争鸣”的方针。《新疆文库》体现文明守护和文化传承功能，为新疆实现现代化提供关于变化变革的历史启迪，激发人们关于历史进步和社会发展的现实思考。我们对新疆“一体多元”文化遗产的系统梳理，必将对建设、发展和繁荣中国特色社会主义文化，促进整个现代化事业的发展，发挥承前启后的重要作用。

2010 年，中央召开新疆工作座谈会以后，为加快推进新疆现代化建设的跨越式发展和实现长治久安，自治区提出了“以现代文化为引领”的战略选择。现代文化的内涵主要是现代知识、现代观念、现代制度，包括现代科学技术、现代生产方式、现代生活方式、现代艺术等。现代文化的核心就是引领人们在社会主义现代化建设中实现人的现代化和自由而全面的发展。《新疆文库》的编辑出版，为现代文化在新疆的繁荣提供了发展的历史根基、传承和提升的历史依据。了解历史，是为了更加自觉地创造美好未来。历史是一面镜子，鉴古而知今。坚持继承和创新的辩证统一，挖掘和继承传统文化的精华，创造性吸收和融合世界优秀文化成果，并不断与当代社会相适应、与现代文明相协调，实现优秀传统文化和时代发展要求的有机结合，实现各民族文化、新疆地域文化和现代文明的交相辉映、融汇奔流，正是编辑出版《新疆文库》的根本宗旨。希望《新疆文库》的编辑出版，有助于人们在漫长历史长河中回溯中华民族强大向心力和凝聚力的共同民族精神本源，树立和巩固科学的世界观和人生观，自觉地塑造具有世界眼光、开放思维、奋力追求历史进步、懂得尊重差异、包容多样、相互欣赏的现代人格，树立高度的文化自觉和文化自信，大力发展一体多元、融合开放、具有新疆特色的现代文化。

天山南北万象新，当代丝路竞春晖。以中央新疆工作座谈会

为标志，当代新疆文化已经从新的发展起点迈步，进入了新的发展阶段。当今世界仍旧处在大发展大变革大调整时期，在综合国力竞争中，文化的地位和作用更加凸显。同时，在维护国家文化安全方面，新疆负有特殊重要和艰巨的任务。面对着机遇和挑战并存的局面，在当前和今后一个时期，我们要牢牢把握新时期新阶段经济社会发展新要求，努力回应各族人民精神文化生活新期待，变化变革、传承创新，不断开创文化发展新局面，为增强国家文化软实力、增强中华文化国际影响力做出新疆应有的贡献。

* 作者系中共中央政治局委员、新疆维吾尔自治区党委书记

كىرىش سۆز

جاڭ چۇنشيەن*

«ئاسايىشلىق دەۋردە پۇتۇك - رىسالىلەرنى رەتلەپ، دەستۇر - كالاملارنى كامالىغا يەتكۈزۈش» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2011 - يىلى چوڭ تىپتىكى يازما يادىكارلىقلار مەجمۇئەسى — «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشنى قارار قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلغان ۋە تەشكىللىگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرىنى نەشر قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. بۇ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تەدبىر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى جاھان ئەھلىگە يەنىمۇ ئېنىق نامايان قىلىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرتنى ئەتراپلىق تونۇشى ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭنى چوڭقۇر چۈشىنىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۆھەر زېمىنى. «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» بولۇش جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ «ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى»غا بىمالال يۈزلىنەلىشىدىكى مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىدۇر. قەدىمكى شىنجاڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۆت چوڭ مەدەنىيىتى — جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ تۇتاشقان رايون بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ «مەدەنىيەت كۆپ خىللىقى» ساقلاپ قېلىنغان ۋە نامايان قىلىنغان مۇزېي، دەپ تەرىپلەشكەن. ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق نەتىجىلىرى گىرەلىشىپ چاقناپ، تارىخىي مەدەنىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن بۇ رايوندا جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ «ھەممىنى سىغدۇرىدىغان» ئىچىۋېتىلگەن كەڭ باغرىغا ھەر

خىل مەدەنىيەتلەرنى كەڭ قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيلىكلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى بېيىتقان ۋە زورايتقان، شۇنداقلا «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» بولغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» مەجمۇئەسىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مول ھەم رەڭگارەڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كەڭ كۆلەملىك قېزىش، توپلاش ۋە سىستېمىلىق رەتلەپ نەشر قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ كۆلىمىنى ۋە ئۇنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىگە تەۋە بولغان «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقى چوڭ رايونى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسىنى نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى گۈللەنگەن رايون بولۇشىدا تايانغان مول ھەم مۇستەھكەم مەدەنىيەت ئېكولوگىيە ئاساسىنى نامايان قىلىشتۇر.

پارتىيەمىز ئەزەلدىنلا تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئاساسىي پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇش، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئىجابىي نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك نامايەندىسى، ئۇ شىنجاڭدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىرىش ياساش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا تارىخىي تۈرتكىلىك رول ئويناپ، كىشىلەرنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلەش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا بولغان تەپەككۇرىنى جانلاندۇرىدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق رەتلىشىمىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ گۈللەندۈرۈشىمىزدە، پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزدە بۇرۇنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەركەز 2010 ـ يىلى شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن ئاپتونوم

رايون شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زامانىۋى مەدەنىيەت ئاساسلىقى زامانىۋى پەن - تېخنىكا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، زامانىۋى سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى بىلىم، زامانىۋى قاراش، زامانىۋى تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا شەخسنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئەركىن ھەم ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلەشتۇر. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى شىنجاڭدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تەرەققىيات تارىخى ئاساسى ۋە ۋارىسلىق قىلىش، يۈكسەلدۈرۈش تارىخىي ئاساسى يارىتىپ بېرىدۇ. تارىخنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئاڭلىقلىق بىلەن پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈندۇر. تارىخ ئەينەك، قەدىمكى ئارقىلىق بۈگۈننى بىلگىلى بولىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنى بۈگۈنكى جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ۋە زامانىۋى مەدەنىيلىك بىلەن ئۇزۇكسىز ماسلاشتۇرۇپ، ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، ھەر مىللەت مەدەنىيىتى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى ۋە زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ گىرەلىشىپ بىرلىكتە نۇر چېچىشىنى، بىرلىشىپ غول ئېقىن ھاسىل قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەل «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسەتتۇر. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخ ئېقىمىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك جەلپكارلىقى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىدەك ئورتاق مىللىي روھىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قاراش تۇرغۇزۇپ ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەپ، ئاڭلىق ھالدا دۇنياۋى نەزەرگە ئىگە، ئوچۇق تەپەككۇرلۇق، جاسارەت بىلەن تارىخىي ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىدىغان، ئوخشاشماسلىقلارنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان، خىلمۇخىللىقنى قوبۇل قىلالايدىغان، بىر - بىرىدىن زوقلىنالايدىغان زامانىۋى خاراكتېر يارىتىپ، يۈكسەك مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچى تۇرغۇزۇپ، بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك بولغان، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھەم ئېچىۋېتىلگەن، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۈللى مەۋجۇدات يېڭىلانماقتا، بۈگۈنكى يىپەك

يولى باھار نۇرىغا چۆمۈلمەكتە. بۈگۈنكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى بەلگە قىلغان ھالدا يېڭى بىر تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قەدەم ئېلىپ، يېڭىچە تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈرۈش قىلدى. بۈگۈنكى دۇنيا يەنىلا چوڭ تەرەققىيات، چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ تەڭشىلىش دەۋرىدە تۇرماقتا، مەدەنىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بىز پۇرسەت بىلەن خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز چوقۇم يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۈمىد - ئارزۇلىرىغا تىرىشىپ جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۆزگىرىش ياساپ، ۋارىسلىق قىلىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى سەھىپە ئېچىپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق كۈچىنى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشىمىز كېرەك.

* ئاپتور ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى

编选说明

《福乐智慧》是我国维吾尔族的一部古典哲理长诗。本书是该书的维吾尔文古语散文体今译本。

《福乐智慧》于公元 1069 至 1070 年在新疆喀什噶尔用中古回鹘语写成，作者是出生在位于古代中亚的西辽都城“虎思斡耳朵”的回鹘人优素甫·哈斯·哈吉甫。据考证，“虎思斡耳朵”位于巴拉萨衮附近，也即唐籍所载西疆重镇“碎叶”城东南方十余公里处，其遗址在今日中亚吉尔吉斯斯坦楚河畔的托克马克城附近。优素甫·哈斯·哈吉甫的生卒年代不详。据原书序言和作者在作品附篇中的自述，可知他出生于虎思斡耳朵的“名门之家”，为撰写这部著作，“离乡背井，漂泊四处”，最后于伊斯兰历 462 年在喀什噶尔完成，共用了十八个月。

这部哲理长诗原稿已失，现有三部抄本遗存于世，分别用回鹘文和阿拉伯文字母手抄而成。经多次辗转，三部抄本现分别收藏于奥地利维也纳、埃及开罗、乌兹别克斯坦塔什干。此外，俄罗斯圣彼得堡存有俄国学者复制的“开罗抄本”副本。

作品的情节并不复杂，主要由四位具有象征含义的人物形象——日出（国王）、月圆（大臣）、贤明（月圆之子，亦为大臣）、觉醒（隐士）四人之间大量富含哲理思想的诗体对话结构而成。长诗内容具有厚重的思想和历史文化内涵，诗体格律具有维吾尔族古典诗学的艺术特征。通过不同人物间的对话，反映了 11 世纪喀喇汗朝回鹘人的哲学观念、社会思想和社会生活形态，折射出处于丝绸之路枢纽地区的古代新疆乃至中亚多元融合的历史文化背景，具有重要的学术和文化价值，是中华民族重要的历史

文化遗产。

《福乐智慧》的三部抄本自19世纪后期陆续被刊布于世以来，引起国际学术界关注，逐步形成一个重要研究领域。1947年，土耳其学者热西特·拉赫麦特·阿拉特在对上述三部抄本校勘整理后，出版了校勘本全文的拉丁字母标音转写本。这个校勘本共计13,290诗行，由85章正文、3个附篇组成。因其内容较为完整而被国际学术界普遍接受，成为出版和研究时依据的主要版本。目前，该书已有汉语和多种国际语言译本。

1991年，北京民族出版社出版了新疆社会科学院民族文学研究所完成的维吾尔文古语散文体今译本。本书即为该版本的重印本。运用散文体完成古语今译，是为了尽可能地准确反映中古回鹘语词汇的意义及其在不同语境中的应用特点，避免现代译文因囿于诗歌的格律规则和押韵要求而可能伤及词义的准确表达。这也是国际学术界处理古籍译文时通常采取的做法。该散文体今文译本也按照通行的国际研究惯例，对每一双行标示出序号，读者和研究者们在阅读此书时，可对照1984年北京民族出版社出版的《福乐智慧》维吾尔古语今译诗体本暨原文标音转写合璧本一并阅读。

《福乐智慧》维吾尔文古语散文体今译本，由阿不都秀库尔·吐尔迪、卡德尔·艾克拜尔、阿布杜热扎克·沙依木、尼加提·哈斯木、库来西·塔依尔、艾克拜尔·阿不力克木六位学者完成。

刘　宾

تۈزۈلۈشى ھەققىدە

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى پەلسەپىلىك داستانى. بۇ كىتاب مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نەزمە نۇسخىسى بولۇپ، ئەسلىي نۇسخىسىغا ئاھاڭ بەلگىسى قويۇلۇپ كۆچۈرۈلگەن توپلام.

«قۇتادغۇ بىلىك» 1069 ـ يىلىدىن 1070 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ قەشقەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ياقىسىدىكى بالاساغۇندا تۇغۇلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ. تەكشۈرۈپ ئېسپاتلىنىشىچە «قوزئوردو» بالاساغۇن ئەتراپىغا جايلاشقانىكەن، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى تارىخىي خاتىرىلەرگە خاتىرىلىنىشىچە غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم شەھەر «سۇيىپ» شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا بولۇپ، بۇ خارابە ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسى بويىدىكى توقماق شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. ئەسلىي ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزى ۋە ئاپتورنىڭ ئەسەرگە بەرگەن ئىزاھاتلىرىدىن ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «كاتتا ئائىلە»دە تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇ بۇ بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ پۈتكۈزۈش ئۈچۈن «يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، ھەر تەرەپلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ»، ئەڭ ئاخىرى بۇ كىتابنى ھىجرىيە 462 ـ يىلى قەشقەردە يېزىپ پۈتكۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭغا جەمئىي 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان.

بۇ پەلسەپىۋى داستاننىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يىتىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۈچ كۆچۈرمە نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى. بۇ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى نۆرغۇن يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھازىر ئايرىم ھالدا ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنادا، مىسىرنىڭ قاھىرەدە، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا رۇسىيە پېتېربۇرگدا رۇسىيە ئالىملىرى نۇسخىلىۋالغان «قاھىرە نۇسخىسى»نىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى بار.

كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ ئەمەس، كىتابنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە تۆت پېرسوناژ ــ كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلارنىڭ زور مىقداردىكى پەلسەپىۋى دىيالوگلىرى بىلەن تۈزۈلگەن. داستاننىڭ مەزمۇنى مول ئىدىيە ۋە تارىخىي مەدەنىيەت مەنىسىگە تولغان، داستاننىڭ ئۇسلۇبىدا ئۇيغۇر قەدىمكى كىلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بار. ئوخشىمىغان پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگلىرى ئارقىلىق 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشى، ئىجتىمائىي ئىدىيەسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، يىپەك يولى رايونىدىكى قەدىمكى دەۋر شىنجاڭ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ مەنبەلەر يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، مۇھىم ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە، بۇ ئەسەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى ھىسابلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن دۇنياغا تونۇلغاندىن بۇيان، خەلقئارالىق تەتقىقات ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، بارا ـ بارا مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1947 ـ يىلى تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەھمەتى ئارات يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ پارچە كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تېكىستلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ رەتلىگەندىن كېيىن، لاتىن يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ نۇسخا جەمئىي 13290 مىسرا بولۇپ، 85 باب تېكىست، ئۈچ پارچە قوشۇمچىدىن تەركىب تاپتى. بۇ نۇسخىنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارادىكى ئالىملارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشىپ، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئاساس قىلىنىدىغان ئاساسىي نۇسخىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇ تىلى يېزىقى ۋە كۆپ دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بار بولدى.

1991 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ئىشلەپ پۈتكۈزگەن ئۇيغۇر قەدىمكى تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان نەسرىي نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتاب شۇ ئاساستا قايتا ئىشلەپ چىقىلدى. نەسرىي تىل بىلەن ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئامالىنىڭ بارىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنىڭ ئەھمىيىتى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان تىل مۇھىتىدا ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيە تەلىپى قانۇنىيىتى بويىچە تەرجىمە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، ئەسلىدىكى سۆز مەنىسىنى توغرا ئىپادىلىگەن. بۇمۇ خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە

قەدىمكى كىتابلارنى ھازىرقى زامان تىل - يېزىقىغا ئاغدۇرۇشتا دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل. مەزكۇر نەسرىي نۇسخىنى ھازىرقى زامان تىلىغا ئاغدۇرۇشتىمۇ خەلقئارادىكى تەتقىقاتتا ئورتاق بولغان ئادەتكە ئاساسەن ھەر بىر جۈپ مىسراغا نومۇر قويۇلدى، ھەمدە پۈتۈن كىتابنىڭ ئەسلىدىكى لاتىن يېزىقى ئۆزگەرتىپ يېزىلدى. بۇ كىتابنى ئوقۇغان چاغدا 1984 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى تىلىدىن ھازىرقى زامان تىلىغا ئاغدۇرۇلغان نەسرىي يەشمىسىنى ئابدۇشۇكۇر تۇردى، قادىر ئەكبەر، ئابدۇرازاق سايىم، نىجات قاسىم، كۇرەش تاھىر، ئەكبەر ئابلىكىم قاتارلىق ئالتە نەپەر مۇتەخەسسىس تاماملىدى.

ليۇ بىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

«قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ هەجىملىك داستان. بۇ داستان خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئابىدىسى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباها گۆھەر هېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي هەجىم جەھەتتىن ئالغاندا، داستان جەمئىي 85 بابقا بۆلۈنگەن، 6645 بېيىت، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق، هازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاهىرە، پەرغانە (ياكى نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. نەمەنگان نۇسخىسىنىڭ 195 بېيىتىنى ئەڭ دەسلەپ گېرمانىيەلىك ۋامبېرى ئېلان قىلغان. كېيىن بۇ نۇسخىنى ۋە قاهىرە نۇسخىسىنى رادلوف تەتقىق قىلغان. تۈركىيەلىك مەشهۇر ئالىم رەشىت رەهمەتى ئارات ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىشلىگەن مەتن (تېكىست)، تۈركچە تەرجىمىلىرى ۋە ئىندېكس هازىرغىچە ئىلىم ساهەسىدە تەتقىقات ۋە تەرجىمىلەردە ئاساس قىلىنماقتا.

بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن يۈز يىللار بۇرۇنلا چەت ئەللىك شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، بىرمۇنچە تىللارغا تەرجىمە قىلىندى ۋە قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. هازىرغىچە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نېمىسچە، تۈركچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئەزەربەيجانچە، قىرغىزچە، ئۆزبېكچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە تەرجىمىلىرى نەشر قىلىندى. «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۆز ۋەتىنى جۇڭگودا نەشر قىلىش ئەهمىيەتلىك ئىش بولغانلىقتىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى بۇ ئىشقا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەخسۇس هۆججەت چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى هامۇد ئىمىنوۋ باشچىلىقىدا تەهرىر هەيئىتى تەشكىللىدى هەمدە ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي، نەسرىي يەشمىسىنى، خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ۋە ئىندېكسى (لۇغىتى)نى ئىشلەشنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تاپشۇرغانىدى. تەشكىل ۋە بۇ ئىشقا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئالاهىدە كۈچ چىقىرىشى ئار-

قىسىدا، 1984 - يىلى ترانسكرىپسىيەسى بىلەن نەزمىي يەشمىسى، 1986 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1991 - يىلى نەسرىي يەشمىسى نەشر قىلىندى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنىشى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ۋە خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىدى. 1986 - يىلى ترانسكرىپسىيە ۋە نەزمىي يەشمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنى باھالاشتا ئالاھىدە مۇكاپاتقا، نەسرىي يەشمىسى بولسا، 1994 - يىلى دۆلەت كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىراق، پىلاندىكى ئىندېكس مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشلەنمەي قالدى.

يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، ئەمما يەنە يېڭى مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كەلدى. ھازىر گەۋدىلىك بولغان مەسىلە: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلىي تېكستى ئوقۇرمەنلەردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. تەتقىقات ماقالىلىرىدە ئېلىنغان مىساللار ئەسلىي تېكست ئەمەس، بەلكى نەزمىي ياكى نەسرىي يەشمىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق: ئەسەرنىڭ لاتىن ھەرپى بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيەسىنى ھەممە ئادەمنىڭ ئوقۇپ كېتەلىشى ناتايىن، ئوقۇيالىسىمۇ ھازىرقى يېزىقىمىزدا ئىپادىلەپ بېرىشتە قىينىلىدۇ. شۇڭا، يەشمىسىگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى — ھەقىقىي «قۇتادغۇ بىلىك» بىزدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا ۋارىسلىرى تونۇيالمايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى كېلىپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار بىزنىڭ ئالدىمىزغا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلىي تېكستىنى ھازىرقى يېزىقىمىزدا ئىپادىلەپ، قايتا نەشر قىلىش زۆرۈرىيىتىنى قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش كېچىكسە ياكى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلسا، ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەرنى ئىشلىگەن، تەتقىق قىلغانلارنىڭ بىرمۇنچىسى بىزدىن ئايرىلدى، قالغانلىرىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. شۇڭا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، پىشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرگە تايىنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلىي تېكستىنى ئىشلەپ چىقىش زۆرۈر دەپ قارىدۇق.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەلىك تېكستى (مەتنى)، نەسرىي يەشمىسى ۋە لۇغىتىنى ئىشلەپ چىقىش خېلى زور ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئىندېكس، لۇغەت بېرىش كېرەك، بولمىسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېكستنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى تەسكە چۈشىدۇ. بۇنچىلىك زور تەتقىقاتنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت، يېتەرلىك ئىقتىسادىي مەبلەغ بولمىسا ئىشلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئالاھىدە ئىلتىماس يېزىشقا توغرا كەلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەببۇللا ئىلتىماسىمىزنى كۆرۈپ: «بۇ بۈيۈك ئەسەرنى ھازىرقى قوللىنىۋاتقان يېزىقىمىزدا قايتا نەشر قىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش

ھەم ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلدۇرۇش ئىنتايىن ياخشى ئىش، ئەۋلادلار ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش بىز ھازىر ۋەزىپىدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچىمىز» دەپ قاراپ، مەخسۇس تەتقىقات راسخوتى ئاجرىتىپ بەردى ۋە كىتابنىڭ ئىشلىنىشىگە باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى. تەتقىقات كوللېكتىپى ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇرازاق سايىم، نىجات قاسىم، كۇرەش تاھىر، ئەكبەر ئابلىكىملاردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يېڭى نۇسخىسىنى تەييارلاپ چىقتى. بۇ جەرياندا مەزكۇر تېمىنىڭ ئىشلىنىشى ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، مىرسۇلتان ئوسمانوف، مەھمۇد زەيدى، ئىسرائىل يۈسۈپ، ئارسلان ئابدۇللا، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە مۇيەسسەر بولدۇق ۋە شۇ پىكىرلەرنىڭ يېتەكچىلىكى ئاساسىدا ئىشلەپ چىقتۇق. بۇ يەردە ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ يېڭى نۇسخا ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىمىز:

بىرىنچى، يېڭى نۇسخا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيەلىك مەتنى (تېكىستى)، نەسرىي يەشمىسى ۋە لۇغىتىدىن ئىبارەت. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستى (مەتنى)، نەسرىي يەشمىسى ۋە لۇغىتىنى نەشرگە تەييارلاشتا، 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ترانسكرىپسىيەلىك تولۇق مەتنى ئاساس قىلىندى، بېيىتلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە، نەسرىي يەشمىسىگە تايىنىلدى. شۇنداقلا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)نىڭ ترانسكرىپسىيەسىدىن پايدىلىنىلدى.

ئىككىنچى، يېڭى نۇسخىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيەلىك مەتنى (تېكىستى)نى ئىشلەشتە، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيەلىك مەتنى (تېكستى) ئاساس قىلىندى.

(1) گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ئىلمىي ترانسكرىپسىيەدىن پەرقلىق بولسىمۇ، سۆزلەر تەلەپپۇزى پەقەت ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاۋۇشلار ئىمكانىيەت بەرگەن دائىرىدىلا ئەكس ئەتكۈزۈلدى. يېڭىدىن ھەرپ ياكى بەلگە قوشۇلمىدى. يەنى چاغاتاي تىل ـ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىلدى. شۇنداق بولغاندا، سۆزلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تەلەپپۇزىنى تولۇق ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. بىراق، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆزلەر ھازىرقى زامان يېزىقى ئىمكانىيەت بەرگەن ئاساسىدا تە-

لەپپۇز قىلىنىسمۇ، مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ نۇسخىنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلىي تېكىستىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيەلىك نۇسخىسىدا جەمئىي 42 تىرانسكرىپسىيە بەلگىسى قوللىنىلغان، يەنى سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن توققۇز بەلگە، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن 33 بەلگە قوللىنىلغان. بۇ تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرى، سوزۇق تاۋۇشلار ئەينى چاغدىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)، «قۇتادغۇ بىلىك» تىرانسكرىپسىيەسى ئۈچۈن ئىشلىنىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى ئەينى چاغدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئەكس ئەتكۈزۈش (ياكى يېقىنلاشتۇرۇش) ئاساس قىلىنغانىدى. شۇ چاغدىمۇ، يۇقىرىقى بەلگىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇستەقىل فونېما بولۇشىغا گۇمان بىلەن قارالغانىدى. مەزكۇر ئەسەرلەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تىل ئۇستىدىكى تەتقىقات بىرقەدەر چوڭقۇرلىشىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى يەتتە بولۇپ، ئۇلار u، ü، o، i، a لاردىن ئىبارەت (مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان) دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ قاراش تىلشۇناسلار تەرىپىدىن ئاساسەن ئېتىراپ قىلىندى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت بىر «و» بىلەن (او) ئىپادىلەنگەن. بۇ بەلگە ئەينى زاماندىكى تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار تىرانسكرىپسىيەدە u، ü، o دەپ بەلگىلەنگەن. يېڭى نۇسخىدىمۇ «ئو ـ نو، ئۆ ـ نۆ، ئۇ ـ نۇ، ئۇ ـ نۇ» ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تۆت لەۋلەشكەن تاۋۇشنىڭ قايسىلىرىنىڭ قايسى سۆز، قايسى ئورۇندا كېلىشى شۇ سۆزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى تەلەپپۇزىغا ئاساسەن بېكىتىلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيەسىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن 33 بەلگە ئىچىدە، ساپ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەردىن باشقا، يەنە ئەرەب، پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى تىلىمىزدا بولمىغان تاۋۇشلار ئۈچۈن بىرمۇنچە بەلگىلەر قوللىنىلغان. يۇقىرىقىلار ئەينى دەۋر يېزىق تىلىدا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، شۇ دەۋردە، ھەتتا كېيىنكى چاغاتاي تىلى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا فونېما بولالمىدى. شۇڭا، تىرانسكرىپسىيەدە قوللىنىلغان يۇقىرىقى بەلگىلەرنى شۇ تاۋۇشنى ئىپادىلىگەن ھازىرقى ھەرپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىش لايىق تېپىلدى. تىرانسكرىپسىيەدە پارسچە سۆزلەردىكى سۆز باغلىغۇچىلار ۋە سۆز ئالدى قوشۇمچىلار ھەمدە ئەرەبچىدىكى تەشدىد ( ) ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان تەكرار ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆزەكتىن سىزىقچە « ـ» ئارقىلىق ئايرىپ كۆرسىتىلگەن. يېڭى نۇسخىدا سىزىقچە ئې-

لىنىماي قوشۇپ يېزىلدى. تىرانسكرىپسىيەدە ئەرەبچىدىكى ا لـ ـ (ئەلف لام) باغلىغۇچىسى ئۆ-
زەكتىن ئايرىش بەلگىسى (ʿ) ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن، يېڭى نۇسخىدا ئايرىماي ئىككى سۆز
قوشۇپ يېزىلدى.

(2) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى تىنىش بەلگىلىرىسىز يېزىلغانلىقى سەۋەب-
لىك، ئۇنىڭ لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيەسىمۇ ئوخشاشلا تىنىش بەلگىلىرد-
سىز يېزىلغان. بىز بۇ قېتىم «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
تىرانسكرىپسىيەلىك مەتىنىنى ئىشلىگەندە، تىنىش بەلگىلىرىنى قويدۇق. تىرانسكرىپسىيەگە
تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇش بىر مۇرەككەپ ئىش. چۈنكى، ھەربىر مىسرادا ئەكس ئەتكەن مەز-
مۇننى، مىسرالار، بېيىتلار ئارا مەزمۇن باغلىنىشىنى چۈشىنىش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىللە
يەنە ئەسلىي تېكىستتە مەزمۇننى چۈشىنىش قىيىن بولغاندا، نەسرىي يەشمىسىگە مۇراجىئەت
قىلىپ، شۇ بويىچە تىنىش بەلگىسى قويۇپ چىقىش زۆرۈر. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن «قۇتادغۇ
بىلىك»نىڭ لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيەسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى
ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيەگە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بېسىپ چىقىرىلغان نۇسخىغا ئاساسەن
كوررېكتورلۇق جەريانىدا تىنىش بەلگىلىرىنى بىرمۇبىر قويۇپ چىقتۇق. گەرچە بۇ بىر تەكرار
مەشغۇلات جەريانى بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسلىي تېكىست بىلەن يەشمىسىنى سېلىشتۇرۇپ
پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتتۇق.

(3) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىرانسكرىپسىيەلىك نۇسخى-
سىنى ئەسلىي فاكسىمىلغا سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى نۇسخىنىڭ رەت
تەرتىپىمۇ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئاساسىدىكى تىرانسكرىپسىيەلىك نۇسخىسىدىكى قۇرلار (نەسرىي
سۆز بېشى) ھەمدە بېيىت سانىنى كۆرسەتكۈچى سانلار تولۇق ئېلىندى. شۇنداقلا ئۈچ نۇسخا
(A. ۋېنا، B. قاھىرە، C. نەمەنگان) بەت نومۇر سانىمۇ كۆرسىتىلدى.

(4) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلىي تېكىستى (ھەر ئۈچ نۇسخىدا) بەش بۆلەكتىن تەركىب
تاپقان، ئۇلار A. نەسرىي سۆز بېشى، B. نەزمىي سۆز بېشى، C. مۇندەرىجە، D. «قۇتادغۇ بىلىك»
تېكىستى، E. ئىككى قەسىدىدىن ئىبارەت. ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى A. B. C قىسىملىرى ئاپتور
تەرىپىدىن يېزىلمىغان، بەلكى كېيىنچە كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان. D. E قىسمى
ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
تىرانسكرىپسىيەلىك نۇسخىسىدا بەش بۆلەكنىڭ ھەممىسى ئېلىندى. ھەمدە تىرانسكرىپسىيەدە
بېرىلگىنىدىن پەرقلىق ھالدا، ھەر قىسىمغا تىرناق ئىچىدە A. (نەسرىي سۆز بېشى)... D. («قۇ-
تادغۇ بىلىك» تېكىستى) E. (قەسىدە — ئاپتورنىڭ قوشۇمچىسى) دېگەندەك ماۋزۇلار بېرىلدى.

ئۈچىنچى، يېڭى نۇسخىنىڭ نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلەشتە، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئاساسى-

دىكى ترانسكرىپسىيەلىك مەتنى (تېكستى) ئاساس قىلىندى، شۇنداقلا يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلدى.

تۆتىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بىرسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە هاشىيەدە ئىزاهات بېرىش، يەنە بىرسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئىندېكس ياكى لۇغەت تەييارلاش. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېڭى نۇسخىسى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ئىزاهات بېرىشتە هاشىيەدە ئىزاھ بەرمەي، مەخسۇس لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. تۆۋەندە مەزكۇر لۇغەتنى تۈزۈشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ۋە پىرىنسىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

(1) مەزكۇر لۇغەت ئادەتتىكى لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلىدا تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. بۇنىڭدا «قۇتادغۇ بىلىك»تىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ سۆزلەرنى ئىزدەپ تېپىشىغا ۋە ئەستە قالدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسەت قىلىندى.

(2) مەزكۇر لۇغەتكە سۆز تاللاشتا «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىشلىتىلگەن هەممە سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى هازىرقى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن چۈشىنىكسىز سۆزلەرلا تاللىنىۋېلىندى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە جەمئىي 2861 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 384 كىرمە سۆز مەۋجۇت. مەزكۇر لۇغەتتە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىشلىتىلگەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدىغان ياكى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان سۆزلەرلا تاللىنىۋېلىندى. شۇنداقلا شۇ دەۋرلەردە تىلىمىزغا چەتتىن كىرگەن، هازىر چۈشىنىكسىز بولغان (ئەرەبچە، پارسچە، سانسكرىتچە) سۆزلەرنىمۇ تاللاشقا دىققەت قىلىندى.

(3) مەزكۇر لۇغەتتە سۆزلەرنىڭ شەكلىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، سۆزلەرنىڭ ئۆزەك قىسمى ئېلىندى، يەنى ئىسىملار باش كېلىشتە، پېئىللار بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە بېرىلدى. مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش، سان، شەخس، تەۋەلىك بويىچە تۈرلەنگەن شەكىللىرى بار، ئۇنىڭدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش شەكىللىرى ئىسىملارنىڭكىدىنمۇ مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن كۆپ. مەزكۇر لۇغەتكە سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى كىرگۈزۈلمىدى هەم كىرگۈزۈشمۇ هاجەتسىز. شۇڭا، مەزكۇر لۇغەتكە ئىسىملارنىڭ بىرلىك، باش كېلىش شەكلى، سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى، سانلارنىڭ ساناق سان شەكلى، پېئىللارنىڭ تۈپ ياكى ئۆزەك شەكلى تاللىنىۋېلىندى.

(4) مەزكۇر لۇغەتتە سۆز مەنىسىنى ئىزاهلىغاندا، چۈشىنىشلىك بولۇش، ئىلمىي بولۇش،

ئىخچام بولۇش ۋە ئىدىيەۋىلىككە ئەھمىيەت بېرىشكە دىققەت قىلىندى. سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەسرىي يەشمىسى ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆزلەر- نىڭ باشقا مەنىلىرىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى)، «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى» (V.M.Nadelyayev, D, M.: Drevnetyur kskiyslovar′ , nasilov, E.R Teriev,A.M.erbak Leningrad 1969)، ئا. جافار ئوغلىنىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلى سۆزلۈكى» (TDK. szlü gü Caferoglu, Eski Uygur Tü rkesi Istanbul. 1968) قاتارلىق لۇغەتلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

2012 - يىلى 4 - ئاي

مۇندەرىجە

A

(نەسرىي مۇقەددىمە)

بسم الله الرحمن الرحيم

(بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم)

A2 ھەمدۇ سىپاسۇ مىننەت ۋە ئۆكۈش ئۆگدى تەڭرى ئەززە ۋە جەللەقا كىم، ئۇلۇغلۇق ئىدىسى، تۇكەل قۇدرەتلىغ پادىشاھ تۇرۇر. يەرلى، كۆكلى ياراتغان، قامۇغ تىنلىغلارقا رۇزى بەرگەن، نەنى كىم تىلەدى ئەرسە، قىلدى يەمە نەنى تىلەسە قىلۇر. يەفئەلۇللاھۇ مايەشا ۋە يەھكۇمۇ مايۇرىد. تاقى سانسىز سەلامۇ دۇرۇد خەلقلەردە يەگى، يالاۋاچلاردا ئۆدرۇنتۇسى ئۇلۇغ ساۋچىسى مۇھەممەدى مۇستەفا ئۇزە بولسۇن، تاقى - مائىنىڭ ئەشلەرى ئەزىز، ئاغىرلىغ سەھابەلەر ئۇزە رىزۋانۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمەئىن.

بۇ كىتاب ياۋلاق، ئەزىز تۇرۇر، چىن ھۇكەمالارنىڭ ئەمساللارى بىرلە بەزەنمىش، ماچىن ئۇلەمالارنىڭ ئەشئارلارى بىرلە ئاراستە قىلىنمىش تۇرۇر. بۇ كىتابنى ئوقىغلى، بۇ بەيىتلەرنى مەئلۇم قىلىغلى كىتابدىن ياقشى ئەزىزراق تۇرۇر. چىنۇ ماچىن ئالىملارى ۋە ھەكىملەرى قامۇغ ئىتتىفاق بولدىلاركىم، مەشرىق ۋىلايەتىندە قامۇغ تۇركىستان ئەللەرىندە بۇغرا خان تىلىنچە، تۇرك لۇغەتىنچە بۇ كىتابدىن ياقشىراق ھەرگىز كىم ئەرسە تەسنىف قىلمادى. بۇ كىتاب قايۇ پادىشاھ قا يا قايۇ ئىقلىمقا تەگدى ئەرسە، غايەت ئۇزلۇقىندىن، نىھايەتتىن كەچە كۆركلۇگلۇكىندىن ئول ئەللەرنىڭ ھەكىملەرى، ئالىملارى قەبۇل قىلىپ تەگمە بىرى بىر تۇرلۇگ ئات - لەقەب ئۇردىلار: چىنلىغلار «ئەدەبۇل - مۇلۇك» ئاتادىلار، ماچىن مۇلكىنىڭ ھۇكەمالارى «ائايۇنل مەملىكە» تەدىلەر، مەشرىقلىغلار «زىنەتۇل - ئۇمەرا» تەپ ئايدىلار، ئىرانلىغلار «شاھنامەئى تۇركىي» ئاتامىشلار، بەزىلارى ما «ەپدنانەمىئى مۇلۇك» تەمىشلەر، تۇرانلىغلار «قۇتادغۇ بىلىك» تەپ ئايمىشلار.

بۇكىتابنى تەسنىف قىلىغلى بالاساغۇن مەۋلۇدلۇغ پەرھىز ئىدىسى ئەر تۇرۇر، ئەمما بۇ كىتابنى كاشغەر ئەلىندە تۇگەل قىلىپ مەشرىق مەلىكى تاۋغاچ بۇغرا خان ئۇسكىنە كىگۇرمىش تۇرۇر، مەلىك بۇغرا خانما ئانى ئاغىرلاپ، ئۇلۇغلاپ ئۆز خاس ھاجىبلىقىنى ئاڭا بەرۇ يارلىقامىش تۇرۇر، ئانىڭ ئۇچۇن يۇسۇف ئۇلۇغ خاس ھاجىب تەپ ئاتى چاۋى ئازۇندا يايىلمىش تۇرۇر.

بۇ ئەزىز كىتاب تۆرت ئۇلۇغ ـ ئاغىر ئۇل ئۇزە بىنا قىلىنىمىش تۇرۇر، بىر ــ ئەدىل، ئىـ ـ كىنچى ــ دەۋلەت، ئۈچۈنچى ــ ئەقىل، تۆرتۈنچى ــ قەنائەت يانا تەگمە بىرىگە تۇركچە بىر ئات بەرمىش تۇرۇر ئەدىلقا كۈن توغدى ئەلىگ ئات بەرىپ پادىشاھ ئورنىڭا تۇتمىش تۇرۇر، دەۋلەتقا ئاي تولدى ئات بەرىپ ۋەزىر ئورنىنا قودمىش تۇرۇر ئەقىلقا ئۆگدۈلمىش ئات بەرىپ ۋەزىرنىڭ ئوغلى يەرىندە تۇتمىش تۇرۇر، قەنائەتقا ئودغۇرمىش ئات بەرىپ ۋەزىرنىڭ قارىنداشى تەپ ئايمىش تۇرۇر، تاقى ئانلار ئارا مۇنازەرە سۇئالى جەۋابى كەچەر ـ تەگ سۆزلەر سۆزلەمىش تۇرۇر، ئوقىغلىنىڭ كۆڭلى ئاچىلىپ مۇسەننىفنى ئەدگۇ دۇئا بىرلە ياد قىلسۇن تەپ ...

A

نەسرىي مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇسانا، مىننەتدارلىق ۋە سانسىز مەدھىيەلەر ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك تەڭرىگە خاستۇركى،
(ئۇ) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، تۈگەل قۇدرەتلىك پادىشاھتۇر. (ئۇ) يەرنى، كۆكنى ياراتتى، جىمى جاند-
لىقلارغا رىزىق بەردى، نېمىنى خالىغان بولسا قىلدى، يەنە نېمىنى خالىسا (شۇنى) قىلىدۇ — ئاللا
خالىغىنىنى قىلىدۇ ۋە ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.
يەنە سانسىز سالام ۋە دۇرۇت خەلقلەرنىڭ ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تاللانغىنى، (ئاللانىڭ)
ئۇلۇغ ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستاپاغا بولسۇن ھەمدە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى — ئەزىز، ھۆرمەتلىك
ساھابىلەرگە (بولسۇن)، ئۇلاردىن ئاللا رازى بولسۇن.
بۇ كىتاب بەك ئەزىزدۇر. (ئۇ) چىن[1] ھۆكۈمالىرىنىڭ تەمسىللىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن[2]
ئۆلىمالىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ كىتابنى ئوقۇغان، بۇ بېيىتلارنى بىلگەن (كى-
شى) كىتابنىمۇ ياخشىراق، ئەزىزرەكتۇر. چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى (نىڭ) ھەم-
مىسى بىردەك (پىكىرگە) كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايەتلىرىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان
تىلىچە[3]، تۈركىي سۆز بىلەن ھېچكىم، ھېچقاچان بۇ كىتابتىن ياخشىراق كىتاب يازمىغان. بۇ كى-
تاب قايسى پادىشاھقا ياكى قايسى ئىقلىمغا يېتىپ بارسا، غايەت ئۈزلۈكى، ھەددىدىن زىيادە گۈزەللى-
كىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ (ئۇنىڭغا) ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات -
لەقەم قويدى: چىنلىقلار «شاھلار ئەدەپ قائىدىسى» (دەپ) ئاتىدى. ماچىن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈما-
لىرى «مەملىكەت قائىدىسى» دېيىشتى. مەشرىقلىقلار «ئەمىرلەر زىننىتى» دەپ ئاتىدى. ئىرانلىقلار
«تۈركىي شاھنامە[4]» (دەپ) ئاتاشتى. بەزىلىرى بولسا «پادىشاھلار نەسىھەتنامىسى» دېيىشتى. تۇراد-
لىقلار «قۇتادۇ بىلىك[5]» دەپ ئاتايدۇ.
بۇ كىتابنى يېزىپ چىققۇچى — بالاساغۇندا[6] تۇغۇلغان پەرھىزكار كىشى ئىدى. ئەمما، بۇ كى-
تابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ، مەشرىق پادىشاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىغا سۇنغان. شاھ بۇغرا-
خانمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلاپ، ئۆزىنىڭ خاس ھاجىپلىقىنى[7] ئۇنىڭغا بېرىپ تەقدىرلىگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام ـ شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر.

بۇ ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ، قىممەتلىك ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغاندۇر: بىرى ــ ئادالەت، ئىككىنچىسى ــ دۆلەت، ئۈچىنچىسى ــ ئەقىل، تۆتىنچىسى ــ قانائەت، يەنە (ئۇنىڭ) ھەربىرىگە بىر تۈركچە ئات قويغان: ئادالەتكە «كۈنتۇغدى ئەلىگ[8]» (دەپ) ئات بېرىپ، پادىشاھ ئورنىغا قويۇلغان، دۆلەتكە «ئايتولدى» (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان، ئەقىلگە «ئۆگدۈلمىش» (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان. قانائەتكە «ئودغۇرمىش» دەپ ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى، دەپ ئېيتقان. يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە، سوئال ـ جاۋابلارغا ئوخشاش سۆزلەر سۆزلەنگەندۇر. ئوقۇغانلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، يازغۇچىنى ئەزگۈ دۇئا بىلەن ياد قىلسۇن دەپ...

ئىزاھاتلار

①② چىن، ماچىن ــ 9 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەبچە ـ پارسچە ھۆججەتلەردە جۇڭگونىڭ نامى. بۇ نام ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، «تاۋغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «خىتاي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «بارخان» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە. لېكىن، ھازىر «تاۋغاچ» «ماچىن» دەپ، «خىتاي» «چىن» دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ» (مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 592 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1891 ـ يىلى).

③ بۇغراخان تىلى ــ بۇغرا ــ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خانلارنىڭ ئۇنۋانى. بۇ يەردە ئېيتىلغان بۇغراخان تىلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنى، يەنى «خاقانىيە» تىلىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەنە شۇ تىلدا يېزىلغان.

④ «تۈركىي شاھنامە» ــ «شاھنامە» پارس شائىرى فىردەۋسىي (940 ــ 1030 ـ يىللار) نىڭ مەشھۇر داستانى. بۇ يەردە مۇقەددىمە مۇئەللىپى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئاشۇ ئەسەرگە ئوخشىتىپ، تۈركىي تىلدا يېزىلغان «شاھنامە» دېمەكچى.

⑤ «تۇرانلىقلار» ــ «تۇران» خەلقى، يەنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەنىسىدە. پارسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان ماكانىنى «تۇران» دەپ ئاتايتتى.

⑥ بالاساغۇن ـ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي پايتەختى بولغان بىر شەھەر، ئۇ يەتتە سۇ رايونىنىڭ چۇ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، ھازىرقى قىرغىزىستان تېررىتورىيەسىدىكى توقماق شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

⑦ خاس ھاجىپ ــ خاس مەسلىھەتچى، تايانچى.

⑧ ئەلىگ ـ ئەل باشقۇرغۇچى، ئەل ئىگىسى، ھۆكۈمران، پادىشاھ دېگەن مەنىلەردە.

B

نەزمىي مۇقەددىمە

1 ئۇغان بىر بايات ئول قامۇغدا ئوزا،
ئۆكۈش ھەمدۇ ئۆگدى ئاڭار ـ ئوق سەزا.
ئۇ قۇدرەتلىك، بىرلا خۇدا ھەممىدىن ئىلگىرىدۇر،
بارلىق شۈكۈر، مەدھىيەلەر ئۇنىڭغىلا مەنسۇپتۇر.

2 ئۇلۇغلۇق ئىدىسى، ئۇغان، زۇلجەلال
ياراتغان، تۆرۈتگەنمە قادىر كەمال
(ئۇ) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، قادىر ۋە زۇل جالال،
ياراتقان، تۆرەلدۈرگەن، قادىر (ۋە) كامىلدۇر.

3 ئاي، يەر ـ كۆك ئىدىسى خەلايىق بىلە
رۇزىنى ئانۇتمىش يەگىل سەن كۈلە
يەر، كۆك بىلەن خالايىقنىڭ ئىگىسى (ھەممە ئۇچۇن)
رىزقىنىمۇ تەييارلىدى، كۈلۈپ تۇرۇپ يېگىن.

4 ساقىشسىز بەرىگلى قامۇغقا رۇزى،
يەتۇرۇر قامۇغنىما يەمەز ئۆزى.
(خۇدا) ھەممىگە ھېسابسىز رىزىق بەرگۈچىدۇر،
ھەممىنى يېگۈزىدۇ، (لېكىن) ئۆزى يېمەيدۇ.

5 ئاچىن قودماز ھەرگىز قامۇغ تىنلىغىغ،
يەتۇرۇر، ئىچۈرۈر تۆزۈ سانلىغىغ
ھەممە جانلىقلارنى ھەرگىز ئاچ قويمايدۇ،
ئىلكىدىكى ھەممىنى يېگۈزىدۇ، ئىچكۈزىدۇ.

6 نەتەك كىم تىلەدىمە بولدى قامۇغ
كىمى كىم تىلەسە قىلۇر ئول ئۇلۇغ
(ئۇ) قانداق خالىغان بولسا، ھەممە (نەرسە) شۇنداق بولدى.
كىمنى خالىسا، (شۇنى) ئۇلۇغ قىلىدۇ.

7 دۇرۇد ئول ئۆدۇرمىش رەسۇلقا سەلام،
يەنە ئەشلەرىگە سەلام هەم ئۇلام.
(ئاللا) تاللىغان پەيغەمبەرگە مەدھىيە ۋە سالام (بولسۇن).
يەنە هەمراهلىرىغا داۋاملىق سالام ـ ئېھتىرام (بولسۇن).

8 مۇهەممەد يالاۋاچ خەلايىق باشى،
قامۇغ بارچالارقا ئول ئول كۆز قاشى.
مۇهەممەد پەيغەمبەر — خالايىقنىڭ باشچىسى،
(ئۇ) هەممە (كىشىلەر) نىڭ كۆز ۋە قېشى.

9 يەمە بۇ كىتاب ئول ئەدىئۆك ئەزىز، A5
بىلىكلىگكە بولغاي بىلىكدىن تەڭىز.
يەنە، بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر،
بىلگەنلەر ئۈچۈن بىلىم دېڭىزىدۇر.

10 بەزەنمىش ئاغىرلىغ بىلىكلەر بىلە، C4
قالىكىم شۇكۇر قىل قەنائەت تىلە.
(بۇ) قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن بېزەلگەن،
شۇنداق ئىكەن، شۇكۇر قىل، قانائەت تىلە.

11 قامۇغ بارچاسىڭا بۆگۈلەر سۆزى
تىزىپ يىنچۇلەيۇ قامۇغ تۇپ تۇزى.
(كىتابنىڭ) هەممە يېرىگە دانىشمەنلەر سۆزلىرىنىڭ
بارچىسى ئۈنچىدەك تەپتەكشى تىزىلغان.

12 بۇ مەشرىق مەلىكى، ماچىنلار بەگى،
بىلىكلىگ ئۇقۇشلۇغ ئاژۇندا يەگى،
شەرق پادىشاهى، ماچىنلار بېگى،
دۇنيادىكى بىلىملىك، ئىدراكلىق ياخشىلار —

13 قامۇغ بۇ كىتابنى ئالىپ ئۆزلەمىش،
خەزىنە ئىچىندە ئۇرۇپ كىزلەمىش.
بارلىقى بۇ كىتابنى (قولىغا) ئېلىپ ئۆزلەشتۇرگەن،
خەزىنە ئىچىدە ساقلاپ، ئاسرىغان.

14 بىرىندىن بىرىگە مىراسلار قالىپ،
ئادىنلارقا بەرمەز ئۆزىگە ئالىپ.

بىرىدىن بىرىگە مىراس بولۇپ قالغان،
ئۆزى تۇتۇپ، باشقىلارغا بەرمىگەن.

15 ئاسغلىغ تۈرۈر بۇ، يوق ئۇل ھېچ ياسى،
ئۆكۈش تۈركلەر ئۇقماز مۇنىڭ مەئناسى.
بۇ (كىتاب) پايدىلىقتۇركى، ھېچ زىيىنى يوق،
كۆپلىگەن تۈركلەر بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ.

16 كىتابدىن ئەشىتگەن بىلۇر ئۈش ئانى،
ئوقىغان بىتىگەن ئۇقۇماز مۇنى
كىتابنى چۈشەنگەنلەرلا (مەزمۇنىنى) بىلەلەيدۇ،
ئوقۇغان، يازالايدىغان (ساۋاتلىق) بولسىلا چۈشىنەلمەيدۇ.

17 ئەلىگ، كۆز تۇتار، كۆر، كىتاب سۆزلەرى،
ئىكىگۈن ئاژۇندا ئەتەر ئىشلەرى.
بۇ كىتابنىڭ سۆزلىرى قول ۋە كۆز (بولۇپ يول كۆرسىتىدۇ)،
ئىككىلا دۇنيادا ئىشنى ئوڭشايدۇ.

18 ماچىنلار ھەكىمىنى، بۇ چىن يۇمغىسى
تۆزۈ بارچە ئايمىش مۇنىڭ ياقشىسى.
ماچىن (ۋە) چىن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى
بىردەك بۇ (كىتاب)نى ياخشى، دېيىشتى.

19 بۇ مەشرىق ئەلىندە قامۇغ تۈركۈ چىن،
مۇنىتەگ كىتاب يوق ئاژۇندا ئادىن
ھەممە تۈرك، چىن ۋە شەرق ئەللىرىدە ـــ
دۇنيادا بۇنىڭدەك باشقا بىر كىتاب يوق.

20 كىتاب قەدرىنىمە بىلىكلىگ بىلىر
ئۇقۇشسۇز كىشىدىن ئادىن نە كەلىر
كىتاب قەدرىنىمۇ بىلىملىك بىلىدۇ،
ئىدراكسىز كىشىدىن (نادانلىقتىن) باشقا نېمە كېلىدۇ؟

21 ئاي، تەگمە كىشىگە كىتاب بەرمەگۈ،
ئاپاڭ دوستۇڭ ئەرسە ئەمىن بولماغۇ.
ھەي، كىتابنى كۆرگەنلا ئادەمگە بەرمىگۈلۈك،
ئەگەر دوستۇڭ بولسىمۇ، ئىشەنمىگۈلۈك.

22 نەتەككىم بىلىكسىز بىلۇمەز مۇنى،
ئۇقۇشلۇغ ئۇقۇپان كۇزەتۇر ئانى.
چۈنكى بىلىمسىز (لەر) بۇنىڭ (قەدرىنى) بىلمەيدۇ،
ئىدراكلىقلار ئوقۇپ، ئۇنى ئاسرايدۇ.
23 بۇ بۇغرا خان ۋەقتى ئىچرە ئانى
يەمە خان تىلىنچە بۇ ئايمىش مۇنى
(مۇئەللىپ) ئۇنى بۇغراخان زامانىدا،
ۋە خان تىلى بىلەن بايان قىلغاندۇر.
24 مۇنىتەگ كىتابنى كىم ئايمىش ئوزا،
كەدىنىتمە كىم ئايغاي مۇنى ـ تەگ ئۇزا؟
بۇنداق كىتابنى ئاۋۋال كىم بايان قىلغان؟
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىم بۇنچىلىك ئۇز بايان قىلالىسۇن؟
25 كىم ئەرسە مۇنى ـ تەگ ئەتەرمۇ قانى،
ئەتىگلى بار ئەرسە ئۆگەرمەن ئانى.
قېنى، كىم بولمىسۇن، مۇشۇنداق يازالامدۇ؟
يازالىغىنى بار بولسا، ئۇنى ماختايمەن.
26 قايۇ كەند، ئۇلۇش، ئوردۇ ـ قارشى يەرە،
كىتابقا ئۆڭىن ئات ئاتامىشلارا
ھەرقايسى شەھەر، كەنت، ئوردا ـ سارايدا
كىتابنى باشقىچە ئات بىلەن ئاتىدى.
27 ئول ئەلىنىڭ بۆگۇسى، ھەكىمى تۇرۇپ C5
ئات ئۇرمىش ئول ئەلىنىڭ تۆرۈچە كۆرۈپ.
ھەربىر ئەلنىڭ دانا ھېكىم (لىرى)
شۇ ئەلنىڭ يوسۇنى بويىچە ئات قويدى.
28 چىنىيلەر: «ئەدەبۇل ـ مۇلۇك تەپ ئايار،
ماچىنلار: «ئەنىسۇل ـ مەمالىك» ئاتار،
چىنلىقلار «شاھلار ئەدەپ ـ قائىدىسى» دېيىشتى،
ماچىنلىقلار «مەملىكەتلەر سىردىشى» (دەپ) ئاتىدى.
29 بۇ مەشرىق ئەلىندە ئۇلۇغلار مۇنى
«زىنەتۇل ـ ئۇمەرا» تەيۇرلەر كۆنى.

مەشرىق ئېلىدىكى ئۇلۇغلار بۇ (كىتاب) نى
«ئەمىرلەر زىننىتى» دەپ توغرا ئاتىدى.

30 ئىرانلىغلار «شاھنامە» تەرلەر مۇڭار A6
تۇرانلىغ «قۇتادغۇ بىلىك» تەپ ئۇقار
ئىرانلىقلار بۇنى «شاھنامە» دەيدۇ،
تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ بىلىدۇ.

31 نە تۇرلۇگ بۇ سۆزلەر ئۆڭىن تىلدەكى
كىگۇرمىش مۇڭار، كۆر، قامۇغ ئەلدەكى
كۆرگىنىكى، ھەرقايسى ئەللەر ئوخشىمىغان تىللاردىكى تۇرلۇك
سۆزلەر (ئارقىلىق) ئۇنىڭغا (ھەر خىل ناملارنى) بەردى.

32 يەمە بۇ كىتابقا ئات ئۇرمىش ئۇلۇغ،
بايات يارلىقاسۇ ئول ئەدگۇ قۇلۇغ.
يەنە، بۇ كىتابقا ئات قويغان ئۇلۇغ
ۋە ياخشى بەندىسىنى خۇدا كەچۇرسۇن.

33 ئاي، ئول بۇ كىتابقا قەبۇل بولدۇقى،
بۇ تۇركلەر تىلىندە ئەجەب كۆردۇكى،
ئەي، بۇ كىتابنى قوبۇل قىلغۇچى،
بۇ تۇركلەر تىلىدا يېزىلغىنىغا ئەجەبلەنگۇچى،

34 يەنە بۇ كىتاب، كۆر، قامۇغقا يارار
مەلىكلەرگە ئارتۇق ئەلىگ كەند تۇتار.
قارا، بۇ كىتاب ھەممىگە يارايدۇ،
شاھلار ئۇچۇن ئەل - يۇرتنى ئۇزۇن باشقۇرۇشقا (پايدىلىق).

35 كىم ئولما بۇ مۇلكنى تۇتۇغلى قايۇ،
كەرەكلىگ ئاڭار بۇ ھەكىملەر ئايۇ.
مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچى كىملەر (بولۇشىنى)،
ئۇنىڭغا نېمە (قىلىش) كېرەكلىكىنى ھېكىملەر سۆزلىگەن.

36 مەلىكلەر قورۇغىما ئەسباب تۇزە،
بۇ تەرتىبۇ شەرتى ئەمارەت ئۇزە،
شاھلارنىڭ قوغدىلىشى ۋە بۇنىڭغا كېرەكلىك ۋاسىتىلەر،
مەمۇرىيەتتىكى تەرتىپ ۋە شەرتلەر،

37 بۇ مۇلكنىڭ خەرابى، بەقاسى نەدىن،
يە مۇلكەت قالۇرى، بارۇرى ئادىن،
مەملىكەتنىڭ خاراب (بولۇشى)، تۇراقلىقلىقى نېمىدىن،
ياكى مەملىكەتلەرنىڭ يېقىلىشى، داۋاملىق تۇرۇشى ۋە باشقىلار.
38 يەمە بۇ چەرىك ـــ سۇ، ئەر ـ ئات ـ ما قامۇغ
نەگۇتەگ تىرىلگۇ، يەر بۇلغۇ، يولۇغ.
يەنە چېرىك، ئەسكەر، قوشۇنلارنىڭ
قانداق توپلىنىشى، يەر ۋە يول تېپىشى ـــ
39 مۇنىڭ تەرتىبىنما كىتابدا ئاچا،
ئادىرمىش، ئۆدۇرمىش قامۇغنى سىنماچىنما.
بۇلارنىڭ تەرتىپمۇ كىتابتا ئوچۇق،
ھەممىسىنى چېچىپ، ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىپ بېرىلگەن.
40 يانا بەرك بۇ مۇلكنى تۇتۇغلى كىشى،
ياراغلىغ ئەرەنگە بۇيۇردى ئىشى.
يەنە، مەملىكەتنى مەھكەم تۇتقۇچى كىشىنىڭ
ياراملىق ئەرلەرگە ئىش تاپشۇرغانلىقى (كۆرسىتىلگەن.)
41 كەرەكلىگ ئۇقۇشلۇغ بىرىسى ئوڭاي،
يۇلاقا نەگۇتەك ئاچىغ قىلدى ئاي،
ئىدراكلىق، لايىق بىرسى لازىمكى،
چىراغقا ئاي (نۇرىنى) بېغىشلىغاندەك (بولسۇن.)
42 بودۇننىڭ ھەقى بار مەلىكلەر ئۇزە،
مەلىكنىڭ ھەقىما بودۇندىن تۇزە.
خەلقنىڭ شاھلاردا ھەققى بار،
شاھنىڭ خەلقتىكى ھەققىمۇ راۋادۇر.
43 يەنە بۇ رەئىييەت كۈدەزگۇ ئانى
مەلىكمە كۈزەتسە تەنىمە جانى
يەنە، پۇقرالار ئۇنىڭغا رىئايە قىلسۇن،
شاھمۇ (پۇقرانىڭ) جان ـ تېنىنى ئاسرىسۇن.
44 قايۇ ئول مەلىككىم توقىش قىلغۇنى، C6
ئۇرۇشلار ئۆدىندە چەرىك تۇزگۇنى،

قايسىبىر شاھ ئۇرۇش قىلىدىكەن،
جەڭ پەيتىدە لەشكەرنى قانداق تۈزۈشى،

45 ئايۇر، كۆر، نەگۈتەك ئەتىنگۈ ھىلە،
بۇ دۈشمەن چەرىكىن سىغۇقا تىلە.
دۈشمەن چېرىكلىرىنى قىرىش ئۈچۈن،
قانداق ھىيلە ئىشلىتىش (لازىملىقى) سۆزلىنىدۇ.

46 مەلىككە نەگۈتەك ئەتىنگۈ كەرەك،
ئۆزى ـ تەك بودۇنلار كۆنۈلگۈ كەرەك،
شاھ قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشى،
ئۆزىنىمۇ، خەلقنىمۇ توغرا يولغا سېلىشى كېرەكلىكى (سۆزلىنىدۇ.)

47 بۇ ياڭلىغ مەلىكنى بودۇنلار سەۋەر،
يۈزىنى كۆرەي تەپ ئادىنلار ئەۋەر.
بۇنداق شاھنى خەلق سۆيىدۇ،
ئۆزگىلەرمۇ يۈزىنى كۆرەي، دەپ ئالدىرايدۇ.

48 قۇتى بار ياقىن تەپ تاپۇغ قىلغۇقا،
كىمىنى ياغۇتۇپ يىراق قويغۇقا:
ئۆز، ئامەتلىك، دەپ (بىلىپ)، خىزمەتكە
بەزىلەرنى يېقىنلاشتۇرغۇلۇق، (بەزىلەرنى) يىراقلاشتۇرغۇلۇق.

49 بىر ئانچا بەكتىپ ياقىن تۇتغۇنى
بۇ قۇتسۇز ياۋۇز تەپ يىراق سالغۇنى
بىرمۇنچىلارنى پۇختىلىق بىلەن يېقىن تۇتۇش،
(بەزىلەرنى) ئەسقاتمايدۇ، يامان، دەپ يىراقلاشتۇرۇش (كېرەك.)

50 يانا بىر سىياسەت باشىن كەسگۈگە،
ئىكىنچى فەراسەت كۆڭۈل بەرگۈگە.
يەنە بىرى، باش كېسىش ئۈچۈن سىياسەت ئىشلىتىش،
ئىككىنچىدىن، كۆڭۈل ئېلىش ئۈچۈن پاراسەت ئىشلىتىش (كېرەك.)

51 ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ توڭا ئالپ يۈرەك، A7
خەزىنە تولۇلاپ ئاقىتغۇ كەرەك.
پاراسەتلىك، بىلىملىك، باتۇر (شىر) يۈرەك بولۇش،
خەزىنىنى تولدۇرۇش ۋە ئۇنى (لايىقىدا) تارقىتىش (كېرەك.)

52 رەئىيەتقا بولسا ئۆكۈش تاقەتى،
قامۇغ ئىش ئىچىندە بۇلۇر راھەتى.
پۇقرالارغا (نىسبەتەن) ناھايىتى سەۋرچان بولسا،
ھەممە ئىشتا راھەت تاپىدۇ.

53 بۇ قاچ ھەرف قويار مەن قۇمارۇ ساڭا
قودۇندۇم، ئۇنىتما، دۇئا قىل ماڭا
بىرقانچە سۆزنى ساڭا ۋەسىيەت سۈپىتىدە
قالدۇردۇم، ئۇنتۇما، ماڭا دۇئا قىل.

54 باقا كۆر كىتابنى بۇ تەرگەن كىشى
ھۇنەرلىغ ئەر ئەرمىش كىشلەر باشى.
نەزەر سال، بۇ كىتابنى تۈزگەن كىشى —
كىشىلەرنىڭ باشچىسى بولغان ھۈنەرلىك ئەر ئىكەن.

55 بۇ تۇرلۇگ فەزايىل، ئۇقۇشلار بىلە
ئاراستە ئول ئەرمىش يورىمىش كۈلە
ئۇ تۈرلۈك پەزىلەت، پاراسەت بىلەن
بېزەلگەن ۋە خۇشال ئۆتكەنىكەن.

56 پۇتۇنلۇك ـ مە ھۇرمەت بۇ زۇھدلىغ ئۇزە
ساقىنۇق، بىلىكلىگ، ئارىغلىغ ئوزا.
ئۇ توغرىلىقى، ھۆرمىتى ۋە خۇداگۇيلۇقى سەۋەبىدىن
تەقۋادار، بىلىملىك، پاك (بولۇپ) ئۆتتى.

57 بۇ تەڭى تۇرۇغلاغ قۇز ئوردۇ ئەلى،
تۇپ ئەسلى نەسەبدىن يورىمىش تىلى.
ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى قۇز ئوردۇ ئېلى،
(ئۇنىڭ) تەكتى ياخشى نەسەبتىن، سۆزگىمۇ ماھىر (ئىدى.)

58 بۇ توغمىش ئەلىندىن چىقىپ بارغانى،
كىتابنى قوشۇپان تۇگەل قىلغانى.
ئۇ تۇغۇلغان ئېلىدىن چىقىپ كېتىپ،
بۇ كىتابنى تۈزۈپ تۈگەللىدى.

59 بارۇسىن بىتىمىش، يەتۇرمىش نىزام،
بۇ كاشغەر ئەلىندە قوشۇلمىش تەمام،

ھەممىسىنى يېزىپ تۈگىتىپ، بىر تەرتىپكە سېلىپ،
قەشقەر ئېلىدە تاماملىدى.

60 مەلىكنىڭ ئۆڭىندە ئوقىمىش مۇنى،
بۇ تاۋغاچ قارا بۇغرا خانلار خانى.
ئۇنى شاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەردى،
خانلار خانى تاۋغاچ قارا بۇغراخان

61 ئاغىرلامىش ئارتۇق ئۆكۈش خىلئەتى، C7
قەلەمنىڭ ھەقى تەپ ئۇقۇش ھۇرمەتى.
ئۇنى كۆپ قەدىرلەپ، نۇرغۇن مۇكاپات بېرىپ،
قەلەم ھەققى (ۋە) ئەقىل ـ پاراسىتى (ئۈچۈن) ھۆرمەتلىدى.

62 بۇ خاس ھاجىب ئاتىن تەگۈرمىش مۇڭا،
مۇنى بۇ ئۆزىگە ياغۇتمىش يانا.
ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ نامىنى تەقدىم قىلىپ،
ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

63 بۇ مەئنى ئۈچۈن، كۆر، ئاغىرلار ئانى،
يۇسۇف خاس ھاجىب تەپ ئايۇرلار كۆنى.
قارا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھۆرمەتلەپ،
«يۇسۇپ خاس ھاجىپ» دەپ ئاتايدۇ.

64 يانا بۇ كىتابنىڭ بەيانىن ئايۇر،
بۇ تۆرت نەك شەرىفلەر ئۇزەلە قىلۇر:
يەنە بۇ كىتابنى بايان قىلغاندا
تۆت ئۇلۇغ نەرسە ئاساس قىلىنغان:

65 بىرىسىمە ئەدل ئول كۆنىلىك ئۇزە،
ئىكىنچى بۇ دەۋلەت، قۇت ـ ئىقبال تۇزە.
بىرى، توغرىلىق ئاساسىدىكى ئادالەتتۇر،
ئىككىنچىسى، دۆلەت، بەخت ـ ئىقبالدۇر.

66 ئۈچۈنچى خىرەد ئول ئۇلۇغلۇق بىلە،
تۆرتۈنچى قەنائەت ۋە ئافىيەت بىلە.
ئۈچىنچىسى، ئۇلۇغلۇق بىلەن ئەقىلدۇر،
تۆتىنچىسى، قانائەت بىلەن سالامەتلىكتۇر.

67 بۇ تەگمە بىرىڭە ئات ئۇرمىش ئۆڭىن،
بۇ ياڭلىغ ئاتىنى ئاتامىش كەدىن
بۇنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن باشقىچە نام بەرگەن،
(ۋە) شۇ نام بىلەن ئاخىرىغىچە بايان قىلغاندۇر.

68 ئەدىلقا كۈن توغدى ئەلىگ تەپ ئاتار،
ئانى، كۆر، مەلىكلىك قۇرىڭا تۇتار.
ئادالەتنى «كۈنتوغدى ئەلىگ» دەپ ئاتاپ،
ئۇنى شاھلىق ئورنىغا قويىدۇ.

69 بۇ ئاي تولدى دەۋلەت ئاتانۇر كۆنى،
ۋەزىرلىق يەرىڭە تۇتار، كۆر، مۇنى.
دۆلەت توغرىدىن ـ توغرا «ئايتولدى» دەپ ئاتىلىدۇ،
(ۋە) ئۇنى ۋەزىرلىك ئورنىغا قويىدۇ.

70 خىرەدقا ئاتادى بۇ ئول ئۆگدۈلمىش،
مۇنىما ۋەزىرنىڭ ئوغلى تەپ تەمىش.
ئۇ ئەقىلنى «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئاتايدۇ
(ۋە) ۋەزىرنىڭ ئوغلى، دەپ ئېيتىدۇ.

71 قەنائەتقا ئودغۇرمىش ئاتى بەرۇر،
مۇڭار ما ۋەزىرنىڭ ياغۇقى تەيۇر.
قانائەتكە «ئودۇغرىشىم» نامىنى بېرىدۇ،
بۇنىمۇ ۋەزىرنىڭ يېقىنى دەيدۇ.

72 مۇنىڭ ھىكمەتى، كۆر، بۇ تۆرت نەڭ ئۇزە،
كىتابنى تۇكەتمىش بۇلارنى تۇزە.
قارا، بۇنىڭ ھېكمىتى تۆت نەرسە ئۈستىدەدۇركى،
ئۇلارنى تەرتىپ بىلەن (يېزىپ) كىتابنى تاماملايدۇ.

73 ئەرەبچە تەژىكچە كىتابلار ئۆكۈش، A8
بىزىڭ تىلىمىزچە بۇ يۇمغى ئۇقۇش.
ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار كۆپ،
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ ــ يېگانە ھېكمەتتۇر.

74 بىلىكلىگ بىلۇر ئول مۇنىڭ ھۇرمەتى،
ئۇقۇشلۇغ ئۇقار ئول بىلىك قىيمەتى.

بۇ (كىتاب)نىڭ ھۆرمىتىنى بىلىملىك (كىشىلەر) بىلىدۇ.
بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئەقىللىك (كىشىلەر) چۈشىنىدۇ.

75 بۇ تۈركچە قوشۇغلار تۈزەتتىم ساڭا،
ئوقىردا ئۇنىتما، دۇئا قىل ماڭا،
ساڭا بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزۈپ بەردىم.
ئوقۇغاندا ئۇنتۇما، ماڭا دۇئا قىل.

76 بارۇرمەن ئاژۇندىن ئەشىت سەن ئۆزۈڭ،
ئۆكۈش ئىبرەت ئالغىلما ئاچغىل كۆزۈڭ،
دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىمەن، سۆزۈمنى ئۆزۈڭ ئاڭلا.
كۆپ ئىبرەت ئال ۋە كۆزۈڭنى ئاچ.

77 ئىلاھى سەن ئۆك سەن، تۆزۈ يارلىقا،
رۇزى قىل قامۇغ مۆئمىنلارقا لىقا.
ئىلاھا، سەن يەككە ـ يېگانىسەن، ھەممىمىزنى كەچۈرگىن،
ھەممە مۆمىنلەرگە دىدارىڭنى نېسىپ قىل.

C

فهرستۇئى ئەبۋاب

بابلار مۇندەرىجىسى*

---

* بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ مۇندەرىجە مۇئەللىپىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمەس، كىتابنى كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان، شۇڭا بەزى ماددىلىرى تېكىست مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

41. باب ئىدىشچىلار باشى شەرابدار نەگۈتەك كەرەكىن ئايۇر
باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ
42. باب تاپۇغچىلار ھەققى بەگلەر ئۈزە نەگۈتەك ئەردۈكىن ئايۇر
خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەردە قانداق ھەقلىرى بارلىقى سۆزلىنىدۇ
43. باب ئەلىگ سۈئاللارىڭا ئۆگدۈلمىش جەۋابلارىن ئايۇر
ئەلىگنىڭ سوئاللىرىغا ئۆگدۈلمىشنىڭ جاۋابلىرى ئېيتىلىدۇ
44. باب كۈن توغدى ئەلىگ ئودغۇرمىشقا بىتىك ئىدمىشىن ئايۇر
كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
45. باب ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش تاپا بارمىشىن ئايۇر B9
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش قېشىغا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ
46. باب ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش بىرلە مۈنازەرە قىلمىشىن ئايۇر
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
47. باب ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى ئوقىمىشىن ئايۇر
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنى دەۋەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ
48. باب دۈنيا ئەردەمىن، ئاسىغىن، ياسىن خەبەر بەرۈر
دۇنيانىڭ پەزىلىتى، پايدىسى ۋە زىيىنىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ
49. باب ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۈنيانىڭ مۈنىن، ئەيىبلەرىن ئايۇر
ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ قۇسۇر ۋە ئەيىبلىرىنى ئېيتىدۇ
50. باب ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا فانىي دۈنيا بىرلە باقىي ئۈقب قازغانغۇسىن ئايۇر
ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا پانىي دۇنيا بىلەن باقىي ئاخىرەتكە ئېرىشىشنى ئېيتىدۇ
51. باب ئودغۇرمىش ئەلىگكە پەند بىتىپ ئىدمىشىن ئايۇر
ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەتلىرىنى يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
52. باب ئەلىگ ئودغۇرمىشقا ئىكىنچ يولى بىتىك ئىدمىشىن ئايۇر
ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
53. باب ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش بىرلە ئىكىنچ مۈنازەرە قىلمىشىن ئايۇر B10
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
54. باب بەگلەركە تاپىنماق تۆرۈسىن، توقۇسىن ئايۇر
بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ۋە ئۇسۇللىرى ئېيتىلىدۇ
55. باب قاپۇغداقى ئەر ـ ئات بىرلە نەگۈتەك تىرىلگۈسىن ئايۇر C11
ئوردا خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ

56. باب قارا بودۇن بىرلە نەگۈتەك قاتىلغۇسىن ئايۇر

ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ

57. باب ئەلەۋىلەر بىرلە نەتەگ قاتىلغۇسىن ئايۇر

پەيغەمبەر ئەۋلادى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ

58. باب ئىلىم ئادەملەرى بىرلە قاتىلماقىن ئايۇر، يەمە ئوتاچىلار، مۇئەززىملەر، مۇئەببىر-لەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، تارىغچىلار، ئىگدىشچىلەر، ئۇزلار، چىغايلار بىرلە قا-تىلماق نەگۈتەك كەرەكىن كەرەكمەزىن ئايۇر

ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەمبەغەللەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش لازىملىقى ئېيتىلىدۇ

59. باب ئەۋلىك ئالماق ئوغۇل قىز ئىگدمەكنى ئايۇر

ئۆيلىنىش ۋە ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەر تەربىيەسى سۆزلىنىدۇ

60. باب ئەلىگ ئاسراقىلارىغ نەتەك تۇتغۇسىن ئايۇر

ئەلىگ (ئۆز) خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ

61. باب ئاشقا ئوقىماق ھەم بارغۇ، بارماغۇسىن ئايۇر

زىياپەتكە چاقىرىش ۋە بېرىش - بارماسلىق (ھەققىدە) ئېيتىلىدۇ

62. باب ئاشقا بارسا نەگۈتەك يەگۈسىن، يەمەگۈسىن ئايۇر

زىياپەتكە بارغاندا، تائامنى قانداق يېيىش - يېمەسلىك سۆزلىنىدۇ

B11 63. باب يۇمغىقا ئوقىماق بەيانى قىلىنۇر

چايغا چاقىرىش قائىدىلىرى ئېيتىلىدۇ

64. باب ئودغۇرمىش دۇنيانى يەرىپ، ئەيىبلارىن ئايتىپ قەنائەت ئۆگمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيادىن بېزىپ، ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ، قانائەت قىلىشنى ماختىغانلىقى ئېيتىلىدۇ

65. باب غافىللىقتىن ئودانماق بەيانى قىلىنۇر

غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش (توغرىسىدا) سۆزلىنىدۇ

66. باب ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى زىيارەت ئۈچۈن ئوقىغالى بارمىشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنى زىيارەت ئۈچۈن چاقىرىشقا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ

67. باب ئودغۇرمىش ئەلىگ تاپا كەلمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

68. باب ئودغۇرمىش ئەلىگكە پەند بەرمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

D

(ئەسلى مەتىن)

بسم الله الرحمن الرحيم B13

(بىسمىللاهىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم)

1

تەڭرى ئەززە ۋەجەللە ئۆگدىسىن ئايۇر

قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى ئېيتىلىدۇ

1 بايات ئاتى بىرلە سۆزۇگ باشلادىم،
تۆرۇتگەن، ئىگىدگەن، كەچۇرگەن ئىدىم.
ياراتقان، تەربىيە قىلغان ۋە كەچۇرگەن ئىگەم (خۇدا)نىڭ
نامى بىلەن سۆزۈمنى باشلىدىم.

2 ئۆكۇش ئۆگدى بىرلە تۇمەن مىڭ سەنا
ئۇغان بىر باياتقا، ئاڭار يوق فەنا.
قۇدرەتلىك، بىرلا ئاللاغا تۇمەنمىڭ سانا
ۋە كۆپ مەدھىيە (بولسۇن)، ئۇ يوقالمايدۇ.

3 ياغىز يەر، ياشىل كۆك، كۇن، ئاي بىرلە تۇن
تۆرۇتتى خەلايىق، ئۆد، ئۆدلەك، بۇ كۇن.
(ئۇ) بوز يەر، يېشىل ئاسمان، كۇن ۋە ئاي، تۇننى،
خەلقنى، زامان ۋە كۇنلەرنى ياراتتى.

4 تىلەدى، تۆرۇتتى بۇ بولمىش قامۇغ،
بىر ـ ئۆك بول تەدى، بولدى قولمىش قامۇغ.

بۇ ھەممە بارلىقنى خالىدى ۋە ياراتتى،
بىرلا (پەيدا) بول دېيۈىدى، خالىغىنىنىڭ ھەممىسى (پەيدا) بولدى.

5 قامۇغ، بارچا مۇڭلۇغ تۆرۈتۈلمىشى،
مۇڭى يوق ئىدى بىر، ئاڭار يوق ئەشى.
يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەر (ئۇنىڭغا) موھتاج،
موھتاجسىز بىرلا خۇدا، (ئۇنىڭ) شېرىكى ـ ھەمراھى يوقتۇر.

6 ئاي ئەركلىگ، ئۇغان، مەڭۈ مۇڭسۇز بايات،
ياراماز سەنىڭدىن ئادىنقا بۇ ئات.
ئەي ئەركىلىك، قۇدرەتلىك، مەڭگۈ موھتاجسىز خۇدا،
بۇ ئات سېنىڭدىن باشقىغا لايىق ئەمەس.

7 ئۇلۇغلۇق ساڭا، ئول بەدۈكلۈك ساڭا،
سەنىڭدىن ئادىن يوق ساڭا تۇش ـ تەڭا.
ئۇلۇغلۇق (ۋە) بۈيۈكلۈك ساڭىلا خاس،
سېنىڭدىن باشقا ساڭا تەڭتۇش يوق.

8 ئايا بىر، بىرىكمەز ساڭا بىر ئادىن،
قامۇغ ئاشنۇدا سەن، سەن ئۆڭدۈن، كەدىن.
ئەي بىر (خۇدا)، ساڭا باشقا بىرسى (ھەرگىز) ئورتاق بولالمايدۇ،
سەن ھەممىدىن ئاۋۋالسەن، ئەزەل ھەم ئاخىرسەن.

9 ساقىشقا قاتىلماز سەنىڭ بىرلىكىڭ،
تۆزۈ نەڭكە يەتتى بۇ ئەركلىگلىكىڭ.
سېنىڭ بىرلىكىڭنى ھېسابلاشقا بولمايدۇ،
سېنىڭ قۇدرىتىڭ ھەممىگە يېتىدۇ.

10 سەزىكسىز بىر ئۆك سەن، ئاي مەڭۈ ئاچۇ،
قاتىلماز، قارىلماز ساقىشقا ساچۇ.
شۈبھىسىزكى، سەن بىرلا، ئەي مەڭگۈلۈك ئاتا،
سەن ھېسابقا قېتىلمايسەن، ئىنكارمۇ قىلىنمايسەن.

11 ئاي ئىچ ـ تاش بىلىگلى، ئاي ھەققۇل ـ يەقىن، A 11 C 13
كۆزۈمدە يىراق سەن، كۆڭۈلگە ياقىن.
ئەي، ھەممىنى بىلگۈچى، مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىتى،
كۆزۈمدىن يىراقسەن، (ئەمما) كۆڭۈلگە يېقىنسەن.

12 بارىڭ بەلگۈلۈگ سەن، كۈن، ئاي ـ تەك يارۇق،
نەتەكلىككە يەتگۈ كۆڭۈل ـ ئۆگدە يوق.
سىنىڭ بارلىقىڭ كۈن، ئايدەك روشەن ـ ئاياندۇر.
(لېكىن) بۇنىڭ تەكتىنى چۈشىنىشكە ئەقىل ـ پاراسەت يەتمەيدۇ.

13 نە ئەرسەدىن ئەرمەز سەنىڭ بىرلىكىڭ،
نە ئەرسەلەرىگ سەن تۆرۈتتۈڭ، سەنىڭ.
سىنىڭ بىرلىكىڭ مەۋجۇت نەرسىلەرگە باغلىق ئەمەس،
(چۈنكى) ھەممە نەرسىنى سەن ياراتتىڭ، ئۇلار سىنىڭدۇر.

14 قامۇغ سەن تۆرۈتتۈڭ نە ئەرسەلەرىگ،
يوقادۇر نە ئەرسە، سەنئۆك سەن تىرىگ.
بارلىق مەۋجۇدىيەتنى سەن ياراتتىڭ،
ھەرقانداق نەرسە يوقىلىدۇ، ئەمما سەنلا تىرىك (قالىسەن).

15 ۆرۈتگەن بارىڭا تۆرۈتمىش تانۇق،
تۆرىمىش ئىكى بىر تانۇقى ئانۇق.
ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا يارىتىلغانلار گۇۋاھ،
يارالغان ئىككى (دۇنيا) بىرلىكىڭگە ئېنىق شاھىت.

16 ئانىڭ ئوقشاغى يوق ئازۇ مەڭزەگى،
نەتەكلىككە يەتمەز خەلايىق ئۆگى.
ئۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى ياكى سېلىشتۇرمىسى يوق،
نېمىشقا شۇنداق ئىكەنلىكىگە خالايىقنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

17 يورىماز، نە ياتماز، ئۇدىماز، ئودۇغ،
نە مەڭزەگ، نە ياڭزاغ كۆتۈرمەز بودۇغ.
(ئۇ) ماڭمايدۇ، يا ياتمايدۇ، ئۇخلىمايدۇ، ئويغاق،
ئۇنى ئوخشىتىشقا، يا سېلىشتۇرۇشقا، يا سۈرەتلەشكە بولمايدۇ.

18 كەدىن، ئۆڭدۈن ئەرمەز، نە سولدىن ئوڭۈن،
نە ئاستىن، نە ئۈستۈن، نە ئوترۇ ئورۇن.
كەينىدىمۇ، ئالدىدىمۇ ئەمەس، ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ئەمەس،
ئاستىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ، يا ئوتتۇرىدىمۇ ئورنى يوق.

19 ئورۇن ئول تۆرۈتتى، ئورۇن يوق ئاڭار،
ئانىڭسىز ئورۇن يوق، پۈتۈن بول مۇڭار.

ئورۇننى ئۇ ياراتتى، (بىراق) ئۇنىڭ ئورنى يوق،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، بۇنىڭغا ئىشەن.

20 ئاي سىرقا ياقىن، ئاي كۆڭۈلكە ئەدىز،
تانۇق ئول ساڭا بارچا سۇرەت ـ بەدىز.

ئەي، سىرلارغا يېقىن، كۆڭۈللەردىن يۈكسەك (خۇدا)،
بارلىق سۇرەت، شەكىللەر ساڭا گۇۋاھتۇر.

21 تۆرۈتتۈڭ تۇمەن مىڭ، بۇ سانسىز تىرىگ،
يازى، تاغ، تەڭىز، كۆتكى، ئوپرى يەرىگ.

سەن تۈمەنمىڭ، سان ـ ساناقسىز تىرىكلەرنى ياراتتىڭ،
تۈزلەڭ، تاغ، دېڭىز، دۆڭ، ئويمان يەرلەرنى (ياراتتىڭ).

22 ياشىل كۆك بەزەدىڭ تۇمەن يۇلدۇزۇن،
قارا تۈن يارۇتتۇڭ يارۇق كۈندۇزۇن.

يېشىل ئاسماننى تۈمەنمىڭ يۇلتۇز بىلەن بېزىدىڭ،
قاراڭغۇ تۈننى نۇرلۇق كۈندۈز بىلەن يورۇتتۇڭ.

23 ئۇچۇغلى، يورىغلى، تىنىغلى نەچە،
تىرىلگۈ سەنىڭدىن بۇلۇپ يەر ـ ئىچە.

قانچىلىغان ئۇچىدىغان، يۈرىدىغان، تىنىدىغان (جانلىقلار)
سېنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ، ياشايدۇ.

24 ئەدىز ئەرشتە ئالتىن سەراقا تەگى،
تۆزۈ بارچا مۇڭلۇغ ساڭا، ئاي ئىدى.

يۇقىرىدا ئەرشتىن تۆۋەندە يەرگە قەدەر،
بارچە (نەرسە) بىردەك ساڭا موھتاج، ئەي ئىگەم.

25 ئايا بىركە پۇتمىش، تىلىڭ بىرلە ئۆگ،
كۆڭۈل پۇتتى شەكسىز، ئامۇل تۇتغىل ئۆگ.

ئەي، بىر (خۇداغا) ئىشەنگۈچى، (ئۇنى) تىلىڭ بىلەن مەدھىيەلە،
دىلىڭ شەكسىز ئىشەنگەنىكەن، ئەقلىڭنى ياۋاش تۇت.

26 نەتەكلىككە كىرمە، كۇدەزگىل كۆڭۈل،
بارىڭا پۇتۇن، بولغىل ئەمرۇل ـ ئامۇل.

ئۇنىڭ تەكتىگە يېتىمەن دېمە، كۆڭلۈڭنى كۆزەت،
(ئۇنىڭ) بارلىقىغا ئىشەن ـ دە، خاتىرجەملىككە ئېرىش.

27 قالى، قانچاقا كىرمە، تۇتغىل ئۆزۈڭ،
قالى، قانچاسىز بىل، ئۇزاتما سۆزۈڭ.
ئۇنىڭ قەيەردە، قانداقلىقى ھەققىدە ئىزدەنمە، ئۆزۈڭنى تۇت،
ھېچ يەردە ۋە ھېچقانداق ئەمەس دەپ بىل، كۆپ سۆزلىمە.

28 ئاي مۇڭسۇز ئىدىم، سەن بۇ مۇڭلۇغ قۇلۇغ C14
سۇيۇرقاپ، كەچۈرگىل يازۇقىن قامۇغ.
ئەي، موھتاجسىز ئىگەم، سەن بۇ موھتاج قۇلۇڭغا
شەپقەت قىلىپ، بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن.

29 ساڭار ئوق سىغىندىم، ئۇمىنچىم ساڭا،
مۇڭادمىش يەرىمدە ئەلىگ تۇت ماڭا.
ساڭىلا سىغىندىم، ئۇمىدىم سەندە،
موھتاج بولغان يېرىمدە مېنىڭ قولۇمنى تۇت.

30 سەۋۈگ ساۋچى بىرلە قوپۇرغىل مەنى، B15
ئەلىگ تۇتتاچى قىل كۆنىلىك كۈنى.
مېنى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇز،
ئادالەت كۈنى (قىيامەتتە) ئۇنى ماڭا يېتەكچى قىل.

31 تۆزۈ تۆرت ئەشىگە تۈمەن مىڭ سەلام،
تەگۈرگىل كەسۈكسۈز، تۇتاشى ئۇلام.
تۆت ھەمراھىنىڭ ھەممىسىگە داۋاملىق،
ئۈزۈلدۈرمەي تۈمەنمىڭ سالام يەتكۈز.

32 ئۇلۇغ كۈندە كۆركىت ئۇلارنىڭ يۈزىن،
ئەلىگ تۇتتاچى قىلغىل ئەدگۈ سۆزىن.
ئۇلۇغ كۈندە (ماڭا)ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرسەت،
ياخشى سۆزىنى ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىل.

33 سەنى ئەردۈكۈڭتەك ئۆگۈمەز ئۆزۈم، A12
سەنى سەنمەت ئۆگگىل، كەسىلدى سۆزۈم.
ساڭا لايىقىدا مەدھىيە ئوقالمايمەن،
سېنى ئۆزۈڭلا ماختا، سۆزۈم كېسىلدى.

2

يالاۋاچ ئەلەيھىسسەلام ئۆگدىسىن ئايۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيەسى ئېيتىلىدۇ

34 سەۋۇگ ساۋچى ئىدتى باغىرساق ئىدى،
بودۇندا تالۇسى، كىشىدە كەدى.
شەپقەتلىك ئىگەم سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى،
(ئۇ) خەلق ئىچىدىن تاللانغىنى، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى (ئىدى).

35 يۇلا ئەردى خەلققا قاراڭقۇ تۈنى،
يارۇقلۇقى يادتى، يارۇتتى سەنى.
(ئۇ) قاراڭغۇ تۈندە خەلققە مەشئەل بولدى،
يورۇقلۇق چېچىپ، سېنى يورۇتتى.

36 ئوقىچى ئول ئەردى باياتتىن ساڭا،
سەن ئۆترۈ كۆنى يولقا كىردىڭ، توڭا.
ئۇ خۇدادىن ساڭا دەۋەتچى ئىدى،
شۇنىڭدىن كېيىن، (ئەي) قەھرىمان، توغرا يولغا كىردىڭ.

37 ئاتاسىن، ئاناسىن يۇلۇغ قىلدى ئول،
تىلەك ئۇممەت ئەردى، ئايۇ بەردى يول.
ئۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى پىدا قىلدى،
تىلىكى ئۇممەتلىرى ئىدى، شۇڭا (ئۇلارغا) يول كۆرسىتىپ بەردى.

38 كۈنۈن يېمەدى، كۆر، تۈنۈن ياتمادى،
سەنى قولدى رەبدەن، ئادىن قولمادى.
بىلگىنكى، كۈندۈزلىرى يېمىدى، كېچىلىرى ياتمىدى،
ئاللادىن ساڭا (شاپائەت) تىلىدى، باشقىنى تىلىمىدى.

39 سەنى قولدى تۈن ـ كۈن بۇ ئەمگەك بىلە،
ئانى ئۆگ سەن ئەمدى سەۋىنچىن تىلە.

كىچە ـ كۈندۈز مۇشەققەت چېكىپ سېنى تىلىدى،
سەن ئەمدى ئۇنى مەدھىيەلە ۋە رازىلىقىنى تىلە.

40 قامۇغ قادغۇسى ئەردى ئۇممەت ئۈچۈن،
قۇتۇلماق تىلەر ئەردى راھەت ئۈچۈن.
ئۇنىڭ بارلىق قايغۇسى ئۇممەتلىرى ئۈچۈن ئىدى،
ئۇلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن، (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەيتتى.

41 ئاتادا، ئانادا باغىرساق بولۇپ،
تىلەر ئەردى تۈتچى باياتتىن قولۇپ.
(ئۇ) ئاتا ـ ئانىدىنمۇ مېھرىبان ئىدى،
خۇدادىن داۋاملىق (ياخشىلىق) تىلەيتتى.

42 بايات رەھمەتى ئەردى خەلقى ئۆزە،
قىلىنچى سىلىگ ئەردى، قىلقى تۈزە.
(ئۇ) خۇدانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى ئىدى،
ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ياخشى، قىلىقى تۈز ئىدى.

43 تۈزۈن ئەردى ئالچاق، قىلىنچى سىلىگ، B16 C15
ئۇۋۇتلۇغ، باغىرساق، ئاقى، كەڭ ئەلىگ.
ئۇ كەمتەر، مۇلايىم، ياخشى مىجەزلىك،
هايالىق، رەھىمدىل، سېخىي، قولى كەڭ ئىدى.

44 ياغىز يەر، ياشىل كۆكتە ئەردى كۆسۈش،
ئاڭار بەردى تەڭرى ئاغىرلىق ئۆكۈش.
(ئۇنداق كىشى) بوز يەر ۋە كۆك ئاسمان ئۈچۈن ئەزىز،
تەڭرى ئۇنىڭغا ناھايىتى زور قەدىر ـ قىممەت بەردى.

45 باشى ئەردى ئۆڭدۈن قامۇغ باشچىقا،
كەدىن بولدى تامغا قامۇغ ساۋچىقا.
ئۇ بارلىق يولباشچىلارنىڭ ئالدىدىكى باشچىسى ئىدى،
ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئاخىرقى تامغا بولدى.

46 كۆڭۈل بادىم ئەمدى ئانىڭ يولىڭا،
سەۋىپ سۆزى تۈتتۈم پۈتۈپ قەۋلىڭا.
ئۇنىڭ يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،
ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ، خۇشاللىق بىلەن سۆزىنى ئاڭلىدىم.

47 ئىلاھى، كۏدەزگىل مەنىڭ كۆڭلۏمى،
سەۋۏگ ساۋچى بىرلە قوپۏر قوپغۏمى.
ئىلاھىم، كۆڭلۏمنى كۆزەتكىن،
(قىيامەتتە) سۆيۏملۏك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۏرغۏزغىن.

48 قىيامەتتە كۆركىت تولۏنتەك يۏزىن،
ئەلىگ تۏتتاچى قىل، ئىلاھى، ئۆزىن.
قىيامەتتە تولۏن (ئايدەك) يۏزىنى كۆرسەت،
ئىلاھىم، ماڭا ئۏنى يول كۆرسەتكۏچى قىل.

3

تۆرت سەھابەنىڭ ئۆگدىسىن ئايۇر

تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيەسى ئېيتىلىدۇ

A13

49 ئانىڭ تۆرت ئەشى ئول ئاۋنىغۇ كۆرۈپ،
كەڭەشچى بۇلار ئەردى بىرلە تۇرۇپ.
ئۇنىڭ كۆرۈپ ئاۋۇنىدىغان تۆت ھەمراھى بار (ئىدى)،
بۇلار (پەيغەمبەرنىڭ) بىللە تۇرىدىغان مەسلىھەتچىلىرى ئىدى.

50 ئىكى قادىن ئەردى، كۆدەگۈ ئىكى،
بۇلار ئەردى ئۆدرۈم بودۇندا ئىكى.
(ئۇلارنىڭ) ئىككىسى — قېيىنئاتىسى، ئىككىسى — كۈيئوغلى،
بۇلار خەلق ئىچىدىكى خىل كىشىلەردىن ئىدى.

51 ئەتىق ئەردى ئاشنۇ قامۇغدا ئوزا،
باياتقا پۈتۈگلى كۆڭۈل تىل تۈزە.
دەسلەپكى، ھەممىدىن ئاۋۋالقىسى ئەتىق[1] ئىدى،
(ئۇنىڭ) كۆڭلى تىلى بىلەن بىردەك، خۇداغا ئىشەنگەن.

52 يۇلۇغ قىلدى مالى، تەنى، جانىنى،
يالاۋاچ سەۋىنچى تىلەدى كۆنى.
(ئۇ) مال ـ دۇنياسى، تېنى ۋە جېنىنى پىدا قىلدى،
(پەقەت) پەيغەمبەرنىڭ رازىلىقىنى تىلىدى.

53 باسا فارۇق ئەردى كىشى ئۆدرۈمى،
تىلى، كۆڭلى بىرتەك بودۇن كۆدرۈمى.
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى فارۇق[2] — كىشىلەرنىڭ خىلى ئىدى،
(ئۇ) دىلى بىلەن تىلى بىردەك، خەلق ئىچىدىكى ئېسىل (كىشى) ئىدى.

---

① ئەتىق — ئازاد قىلغۇچى، ئابابەكرىنىڭ لەقىمى.
② فارۇق — پەرقلەندۈرگۈچى، ئۆمەرنىڭ لەقىمى.

54 بۇ ئەردى باسۇتچى، كۆنى دىنقا كۆك،
شەرىئەت يۇزىندىن كەتەردى ئەشۈك.
بۇ سادىق ياردەمچى، دىنىنىڭ تىرىكى بولۇپ،
شەرىئەت يۈزىدىكى پەردىنى كۆتۈردى.

55 باسا ئۇسمان ئەردى ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ،
كىشىدە ئۆدۇرمىش ئاقى، كەڭ ئەلىگ.
كېيىنكىسى هايالىق، خۇش مىجەز ئوسمان بولۇپ،
كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ سېخىي، قولى ئوچۇق ئىدى.

56 فىدا قىلدى بارىن — نەڭىن هەم ئۆزىن، B17
يالاۋاچ ئاڭار بەردى ئىككى قىزىن.
ئۇ بارلىقىنى — مېلى ۋە جېنىنى پىدا قىلدى،
پەيغەمبەر ئۇنىڭغا ئىككى قىزىنى بەردى.

57 ئەلى ئەردى مۇندا باساقى تالۇ،
كۇر ئەرسىگ، يۇرەكلىگ، مەڭەسى تولۇ.
بۇنىڭدىن كېيىنكى تاللانغىنى ئەلى بولۇپ،
ئۇ باتۇر - جەسۇر، يۈرەكلىك ئەقلى تولۇق ئىدى.

58 ئاقى ئەردى ئەلگى، يۇرەكى تەدۇك، C16
بىلىكلىگ، ساقىنۇق، كۆر، ئاتى بەدۇك.
ئۇنىڭ قولى ئوچۇق، قەلبى ساپ،
بىلىملىك، ئېتىقادمەن، نامى ئۇلۇغ ئىدى.

59 بۇلار ئەردى دىن هەم شەرىئەت كۆكى،
بۇلار يۇدتى كافىر - مۇنافىق يۇكى.
بۇلار — دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاساسى ئىدى،
ئۇلار كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈردى.

60 بۇ تۆرت ئەش ماڭا تۆرت تادۇتەك تۇرۇر،
تۇزۇلسە تادۇ چىن تىرىگلىك بولۇر.
بۇ تۆت هەمراھ مەن ئۈچۈن (تەبىئەتنىڭ) تۆت ئاساسىدەك[1] تۇيۇلىدۇ،
تۆت ئاساس مۇۋاپىقلاشسا، هەقىقىي تىرىكلىك بولىدۇ.

① تەبىئەتنىڭ تۆت ئاساسى — ئوت، سۇ، هاۋا، تۇپراق.

61 مەنىڭدىن بۇلارقا ئۆكۈش مىڭ سەلام،
تەگۈرگىل ئىدىم سەن كەسۈكسۈز ئۇلام.
مەندىن ئۇلارغا داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي تۈمەنمىڭ سالام
يەتكۈزگەيسەن، ئەي ئىگەم!

62 ئۇلارنى مەنىڭدىن سەۋىندۇر تۇچى،
ئۇلۇغ كۈندە قىلغىل ئەلىگ تۇتتاچى.
ئۇلارنى دائىم مېنىڭدىن رازى قىلغىن،
(ئۇلارنى) ئۇلۇغ كۈندە ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىلغىن.

4

ياروۇق ياز فەسلىن، ئۇلۇغ بۇغراخان ئۆگدىسىن ئايۇر

نۇرلۇق باھار پەسلى، ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيەسى سۆزلىنىدۇ

63 تۇغاردىن ئەسە كەلدى ئۆڭدۇن يەلى،
ئاژۇن ئەتگۈگە ئاچتى ئۇشتماخ يولى.
شەرقتىن ئىللىق (باھار) شامىلى ئېسىپ كەلدى،
دۇنيانى بېزەش ئۈچۈن جەننەت يولىنى ئاچتى.

64 ياغىز يەر يىپار تولدى كافۇر كەتىپ،
بەزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركىن ئەتىپ.
بوز يەردىن كافوردەك (قارلار) كېتىپ، ئىپار بىلەن تولدى،
دۇنيا ھۆسنىگە تولۇپ بېزەنمەكنى ئىستىدى.

65 ئەرىنچىگ قىشىغ سۇردى يازقى ئەسىن،
ياروۇق ياز يانا قۇردى دەۋلەت ياسىن.
باھار شامىلى يېقىمسىز قىشنى ھەيدىدى،
نۇرلۇق باھار سائادەت ئوقياسىنى يەنە بەتلىدى.

66 ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىڭا،
بالىق قۇدرۇقىندىن قوزى بۇرنىڭا.
قۇياش يەنە ئۆز ئورنىغا يېنىپ كەلدى-
«بېلىق» قۇيرۇقىدىن «قوزى» بۇرنىغا ئۆتتى①.

67 A14 B18 قۇرىمىش يىغاچلار توناندى ياشىل،
بەزەندى يىپۇن، ئال، سارىغ، كۆك، قىزىل.
قۇرۇغان دەرەخلەر يېشىل تون كىيدى،
سۆسۈن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل بولۇپ بېزەندى.

① بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا ئۆتتى — دېيىلگىنى يىل ئاخىرى «بېلىق» يىل بېشى «قوزا» بىلەن تۇتاشتى دېگەن مەنىدە.

68 ياغىز يەر ياشىل تورقۇ يۇزگە بادى، B18
خىتاي ئارقىشى يادتى تاۋغاچ ئەدى.
بوز يەر يۇزىگە يېشىل يىپەك يايدى،
(گويا) قىتان كارۋىنى تاۋغاچ تاۋار ـ دۇردۇنىنى يېيىۋەتكەندەك بولدى.

69 يازى، تاغ، قىر، ئوپرى تۆشەندى يادىپ،
ئەتىندى قولى، قاشى كۆك، ئال كەدىپ.
تۈزلەڭ، تاغ، قىر، ئويمان (تۆشەك) يېيىپ، تۆشەندى،
ۋادىلار، يوتىلار قىزىل، كۆك كىيىنىپ ياساندى.

70 تۇمەن تۈ چەچەكلەر يازىلدى كۆلە،
يىپار تولدى كافۇر ئاژۇن يىد بىلە.
تۇمەن تۈرلۈك چېچەكلەر كۈلۈپ ئېچىلدى،
دۇنيا ئىپار ۋە كافۇر ھىدى بىلەن تولدى.

71 سەبا يەلى قوپتى قارانفىل يىدىن،
ئاژۇن بارچا پۈترۈ يىپار بۇردى كىن.
قەلەمپۇر ھىدىغا تولغان غۇر ـ غۇر شامال چىقتى،
بۇ دۇنيا پۈتۈنلەي ئىپار پۇراپ كەتتى.

72 قاز، ئۆردەك، قۇغۇ، قىل قالىقىغ تۇدى،
قاقىلايۇ قاينار يوقارۇ قودى.
غاز، ئۆردەك، ئاق قۇ، قىلقۇيرۇق كۆكنى قاپلىدى،
غاقىلدىشىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن (ئۇچۇپ) ئويناشتى.

73 قايۇسى قوپار، كۆر، قايۇسى قونار، C ـ
قايۇسى چاپار، كۆر، قايۇ سۇۋ ئىچەر.
قارىغىن، بەزىسى قوزغالسا، بەزىسى قونىدۇ،
بەزىسى سۇ ئۈزسە، بەزىسى سۇ ئىچىدۇ.

74 كۆكىش، تۇرنا كۆكتە ئۇنۇن ياڭقۇلار،
تىزىلمىش تىتىرتەك، ئۇچار، يەلكۇرەر.
كۆكىش[1]، تۇرنىلار كۆكتە ئۈنىنى ياڭرىتىپ،
تۆگە (كارۋىنىدەك) تىزىلىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشىدۇ.

---

① كۆكىش ــ بىر خىل قۇش نامى.

75 ئۇلار قۇش ئۈنىن تۈزدى، ئۈندەر ئەشىن،
سىلىگ قىز ئوقىرتەك كۆكۈل بەرمىشىن.
ئۇلار قۇشى خۇددى ئېيپەتلىك قىز ئۆز سۆيگىنىنى چاقىرغىنىدەك
ساز ئاۋاز بىلەن ھەمراھىنى ئۈندىمەكتە.

76 ئۈنىن ئۆتتى كەكلىك كۈلەر قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قان تەگ، قاشى قاپ قارا.
كەكلىك قاقاھلاپ كۈلگەندەك ئۈنلۈك سايرىدى،
(ئۇنىڭ) ئاغزى قاندەك قىزىل، قېشى قاپقارا.

77 قارا چۇمغۇق ئۆتتى سىتا تۇمشۇقىن،
ئۈنى ئوغلاغۇ قىز ئۈنى تەگ ياقىن.
قارا قۇشقاچ نەيزىدەك تۇمشۇقىنى (سوزۇپ) سايرىدى،
ئۇنىڭ ئۈنى ئەركە قىز ئۈنىدەك يېقىملىقتۇر.

78 چەچەكلىكتە ساندۇاچ ئۆتەر مىڭ ئۈنۈن،
ئوقىر سۇرى ئىبرى تۈنۈن ھەم كۈنۈن.
گۈلزاردا بۇلبۇل مىڭ خىل ئۈن بىلەن سايرىماقتا،
(گويا) كېچە ـ كۈندۈز «سۇرە ئىبرى»نى ئوقۇماقتا.

79 ئەلىك، كۈلمىز ئوينار چەچەكلەر ئۆزە،
سىغۇن، مۇيغاق ئاغنار يورىر تەپ كەزە.
ئېلىك، تاغ ئۆچكىسى چېچەكلەر ئۈستىدە ئويناشماقتا،
بۇغا، مارال ئېغىناپ، قېيغىتىپ، كېزىپ يۈرمەكتە.

80 قالىق قاشى تۈگدى، كۆزى ياش ساچار،
چەچەك يازدى يۈز، كۆر، كۈلەر، قاتغۇرار.
ئاسمان قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆزىدىن ياش تۆكتى،
ئەنە، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ، قاقاھلاپ كۈلدى.

81 بۇ ئۆدتە ئاژۇن ئۆز ـ ئۆزىڭە باقىپ،
كۈۋەنىپ، سەۋىنىپ ئەدىڭە باقىپ،
بۇ پەيتتە دۇنيا ئۆز ـ ئۆزىگە بېقىپ،
مەغرۇرلىنىپ، سۆيۈنۈپ ياسىداق ئەگنىگە قاراپ،

82 ئىلەتۇ ماڭا ئاچتى دۇنيا سۆزىن،
ئايۇر: كۆرمەدىڭمۇ بۇ خاقان يۈزىن؟

دۇنيا سۆز ئىچىپ، ماڭا يەتكۈزۈپ،
دېدىكى: بۇ خاقاننىڭ يۈزىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

83 ئۆدىر ئەردىك ئەرسە، تۇر، ئاچ ئەمدى كۆز،
ئەشىتمەدىك ئەرسە، ئەشىت مەندە سۆز.
ئۇخلاپ قالغان بولساڭ، تۇر، ئەمدى كۆز ئاچ،
ئاڭلىمىغان بولساڭ، (ئەمدى) مەندىن سۆز ئاڭلا.

84 تۈمەن يىلدا بەرۈ تۈل ئەردىم تۇلاس، B19
بۇ تۈل تونى سۇچلۇپ، ئۆرۈك كەدتىم ئاس.
تۈمەن يىلدىن بېرى سىولغۇن قۇل ئىدىم،
ئەمدى قۇللۇق تونى يېشىلىپ، ئاق سۆسەردىن كىيىملەر كىيدىم.

85 بەزەندىم، بەگىم بولدى خاقان ئۇلۇغ،
ئۆتۈندۈم، مۇنۇ قولسا جانىم يۇلۇغ.
بېزەندىم، (چۈنكى) ئۇلۇغ خاقان بېگىم بولدى،
ئۇ تىلىسە جېنىم قۇربان بولسۇن، دەپ ئۆتۈندۈم.

86 بۇلىت كۆكرەدى، ئۇردى نەۋبەت تۇغى،
ياشىن ياشنادى، تارتتى خاقان تۇغى.
بۇلۇت گۈلدۈرلەپ قاراۋۇللۇق دۇمبىقىنى ئۇردى،
چاقماق چېقىپ، خاقاننىڭ تۇغىنى يايدى.

87 بىرى قىندا چىقتى، سۇنۇپ ئەل تۇتار،
بىرى كۆسى چاۋى ئاۋۇنقا يەتەر.
(ئۇلارنىڭ) بىرى قىنىدىن چىقسا سوزۇلۇپ، ئەلنى باشقۇرىدۇ،
بىرسى شان ـ شۆھرىتىنى جاھانغا يايىدۇ.

88 ئاۋۇن تۇتتى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا خان،
قۇتادسۇ ئاتى، بەرسۇ ئىككى جەھان.
ئۇلۇغ تاۋغاچ بۇغراخان جاھان تۇتتى،
نامى قۇتلۇق بولسۇن، (خۇدا) ئىككى دۇنيانى بەرسۇن.

89 ئاي، دىن ئىززى، دەۋلەتقا ناسىر مۇئىن،
ئاي مىللەتقا تاج، ئاي شەرىئەتقا دىن.
ئەي، دىننىڭ ئىززىتى، ئەي، دۆلەتنىڭ تىرىكى ۋە ھامىيسى،
ئەي، مىللەتنىڭ تاجى، شەرىئەتنىڭ ئىشەنچى.

90 بايات بەردى بارچە تىلەمىش تىلەك،
بايات ئوق بولۇ بەرسۇ ئارقا يۆلەك.
خۇدا بارلىق تىلىگەن تىلىكىڭگە يەتكۈزدى،
خۇدالا (ساڭا) دائىم ئارقا تىرەك بولسۇن.

91 ئاي دۇنيا جەمالى، ئۇلۇغلۇقا كۆرك،
ئاي مۇلكەتقا نۇر، ئاي يايىغ قۇتقا ئۆرك.
ئەي، دۇنيانىڭ جامالى، ئۇلۇغلۇقنىڭ ھۆسنى،
مەملىكەتتە نۇر، تۇراقسىز بەختكە يۈگەن.

92 بولۇ بەردى ئەۋرەن، ئەلىگ بەردى تەخت،
تۇتا بەرسۇ تەڭرى تەخت بىرلە بەخت.
پەلەك ساڭا باقتى، ئەل ۋە تەخت بەردى،
بۇ تەخت بىلەن بەختنى تەڭرىم دائىملىق قىلسۇن.

93 ئاۋۇن تىندى ئورناپ بۇ خاقان ئۈزە،
ئانىن ئىدتى دۇنيا تاڭۇقلار تۈزە.
شۇ خاقان بىلەن دۇنيا تىنچلىق تاپتى،
شۇڭا دۇنيا (ئۇنىڭغا) بارلىق سوۋغىلىرىنى ئەۋەتتى.

94 ئەسىردىن كەلىگلى قالىق قۇشلارى،
قايۇ رايى ھىندى، قايۇ قەيسەرى،
ھاۋادىن كەلگەن ئاسمان قۇشلىرى (نىڭ)
بەزىسى ھىندى مەملىكىتىدىن، بەزىسى رۇم ئېلىدىن (كېلىپ)،

95 ئۆگەر ئاتىن ئۈندەپ، ئۈنىن تۈرتۈشۈپ،
كۈۋەنچ بىرلە ئاۋنۇر سەۋىنچكە توشۇپ.
مەغرۇر شادلىنىپ، سۆيۈنچىگە تولۇپ،
(خاقانىنىڭ) نامىغا مەدھىيە ئوقۇپ، بەس ـ بەستە سايراشماقتا.

96 بۇ تۈرلۈك چەچەك يەردە مۈنچا بەدىز،
يازى، تاغ، قىر، ئوپرى ياشىل، كۆك مەڭىز.
تۈرلۈك چېچەكلەر يەر (يۈزى)گە شۇنداق بېزەك بەردىكى،
تۈزلەڭ، تاغ، ئويمان، دۆڭنىڭ مەڭزلىرى يېشىل، كۆك (كە بويالدى).

97 قايۇسى يىدى بىرلە تاپنۇر تاپۇغ،
قايۇ كۆرك مەڭىز بىرلە ئاچتى قاپۇغ.

بەزىلىرى (خۇش) ھىدى بىلەن خىزمەت كۆرسەتسە،
بەزىلىرى چىراي ـ ھۆسنى بىلەن ئىشىك ئاچىدۇ.

98 قايۇسى ئەلىگ سۇندى تۇتسۇك تۇتار،
قايۇ بۇۋكىرەر كىن، ئاژۇن يىد قوپار.

بەزىلىرى قول سوزۇپ (خۇش پۇراقلىق) ئىسرىق تۇتسا،
بەزىلىرى ئىپار پۇركۇپ، دۇنيانى خۇش ھىدقا تولدۇرىدۇ.

B20 99 قايۇسى تۇغاردىن تۇتار مىڭ تاڭۇق،
قايۇسى باتاردىن تاپۇغچى ئانۇق.

بەزىسى شەرقنىڭ خىلمۇخىل سوۋغىلىرىنى (ئېلىپ) كەلسە،
بەزىسى غەربتىن (كېلىپ) خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

A15 100 تاپۇغقا كەلىپ قۇت قاپۇغدا تۇرۇر،
قاپۇغدا تۇرۇغلى تاپۇغدا تۇرۇر.

خىزمەتكە كەلگەن بەخت ئىشىكدە تۇرىدۇ،
ئىشىكتە تۇرۇپ ئۇ قۇللۇق قىلىدۇ.

101 بۇ ياڭلىغ تاپۇغقا ئەتىندى ئاژۇن،
ياغى بوينى ئەگدى، كۆتۇردى ئۆزۇن.

دۇنيا مۇشۇنداق خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلاندى،
دۈشمەننىڭ بويىنى ئېگىپ خاقاننى يۇقىرى ئۆرلەتتى.

102 ئاژۇندا چاۋى باردى خاقان كۇسى،
كۆرۇمەگلى كۆزلەردە كەتتى ئۇسى.

خاقاننىڭ نام ـ شۆھرىتى دۇنياغا تارالدى،
ئۇنى كۆرمىگەن كۆزلەردىن ئۇيقۇ قاچتى.

103 ئاژۇن ئىنچكە تەگدى، تۇزۇلدى تۆرۇ،
تۆرۇ بىرلە ئاتىن قوپۇردى ئۆرۇ.

دۇنياغا ئاسايىشلىق يەتتى، (چۈنكى) قانۇن تۈزۈلدى،
قانۇن بىلەن (ئۇ) نامىنى يۇكسەلدۈردى.

104 ئاقى سۇرەتىن كىم كۆرەيىن تەسە،
كەلىپ كۆرسۇ خاقان يۇزىنى ئۇسا.

كىمكى سېخىينىڭ سۈرىتىنى كۆرەي دىسە،
تەشنالىق بىلەن خاقاننىڭ يۈزىگە باقسۇن.

105 جەفاسىز ۋەفالىغ تىلەسە قۇتۇن،
يۈزى كۆر، قىلىنچى ۋەفا ئول پۈتۈن.
جاپاسىز، ۋاپادار بەختنى تىلىسەڭ،
(ئۇنىڭ) يۈزىنى كۆر، قىلغان ئىشى پۈتۈنلەي ۋاپادۇر.

106 ئاسىغ قولسا بارچا ئۆزۈڭ ياسسىزىن،
بەرۈ كەل، تاپۇغ قىل، كۆڭۈل بەر، ئىسىن.
ئۆزۈڭ زىيان تارتماي، پايدا كۆرەي دېسەڭ،
بېرى كەل، خىزمەت قىل، كۆڭۈل بەر، ئىسسىنغىن.

107 تۇزۇن، قىلقى ئالچاق، باغىرساق كۆڭۈل
كۆرەيىن تەسە، كەل مۇنى كۆر ئامۇل.
ئالىيجاناب، مۇلايىم، شەپقەتلىك، ئاق كۆڭۈل كىشىنى
كۆرەي دېسەڭ، كەل، ئۇنى كۆر، خاتىرجەم بول.

108 ئاي ئەدگۈ قىلىنچ، ئەسلى ئەدگۈ ئۇرۇغ،
ئاژۇن قالماسۇنى سىزىڭسىز قۇرۇغ.
ئەي، ياخشى خۇلقلۇق، ئەسلى ياخشى ئۇرۇقلۇق (خاقان)،
دۇنيا سېنىڭدىن قۇرۇق قالمىسۇن.

109 بايات بەردى دەۋلەت، ئاي تەركەن قۇتى،
ئانىڭ شۇكرى قىلغۇ، ئوقىپ مىڭ ئاتى.
ئەي، بەختلىك خان، خۇدا ساڭا دۆلەت بەردى،
مىڭ مەرتەم ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ شۇكۇر قىل.

110 ئىدى كەچكى سۆز ئول مەسەلدە كەلىر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلقا قالىر.
ناھايىتى قەدىمىي مەسەلدە (بۇنداق) دېيىلگەن:
ئاتىنىڭ ئورنى، نامى ئوغۇلغا قالىدۇ.

111 ئاتا ئورنى قالدى ئاتىما بىلە،
ئادىنما تاقى بولسۇ مىڭ مىڭ ئۇلا.
ئاتىنىڭ نامى بىلەن ئورنى ساڭا قالدى،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە تۈمەن يىل داۋاملاشسۇن.

112 تالۇ نەڭ تاڭۇق تۇتتى مىڭ مىڭ ئەلىگ،
مۇنۇ قىل تاڭۇقى «قۇتادغۇ بىلىك».

مىڭ ـ مىڭلىغان قۇللار (ساڭا) نۇرغۇن نەرسە سوۋغا تۇتتى،
(مەنمۇ) بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نى سوۋغا قىلاي.

113 ئولارنىڭ تاڭۇقى كەلىر ھەم بارىر،
مەنىڭ بۇ تاڭۇق بولدى مەڭۇ قالىر.

ئۇلارنىڭ سوۋغىسى كېلىدۇ، (ئاخىر) كېتىدۇ،
لېكىن مېنىڭ بۇ سوۋغام مەڭگۇ قالىدىغان (سوۋغا) بولىدۇ.

114 نەچە تەرسە دۇنيا تۇگەر، ئالقىنۇر،
بىتىسە قالىر سۆز، ئاژۇن تەزگىنۇر.

مال ـ دۇنيانى قانچە يىغقىنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ،
سۆز پۈتۈلسە (ساقلىنىپ) قالىدۇ ۋە ئالەمنى كېزىدۇ.

115 كىتابقا بىتىندى بۇ خاقان ئاتى، B21
بۇ ئات مەڭۇ قالدى، ئاي تەركەن قۇتى.

بۇ خاننىڭ نامى كىتابقا پۈتۈلدى،
بۇ نام مەڭگۈ (ساقلىنىپ) قالىدۇ، ئەي، بەختلىك خان.

116 يا رەب، ئۇستە دەۋلەت، تۇگەل قىل تىلەك،
قامۇغ ئىشتا بولغىل سەن ئارقا يۆلەك.

يا رەببىم، دۆلىتىنى كۆپەيتكىن، تىلىگىنىنى تولۇق قىل،
بارلىق ئىشتا سەن (ئۇنىڭغا) ئارقا تىرەك بول.

117 سەۋەرىن ئەسەن تۇت، ياغىسىن كۆتۇر،
سەۋىنچىن تولۇ تۇت، ساقىنچىن قوتۇر.

ئۇ سۆيگەنلەرنى ئامان قىل، دۈشمىنىنى يوقات،
شادلىقىنى تولۇق قىل، قايغۇنى يىراق (تۇت).

118 ياغا تۇرسۇ ياغمۇر، يازىلسۇ چەچەك،
قۇرىمۇش يىغاچتىن سالىنسۇ كۆزەك.

يامغۇر يېغىپ تۇرسۇن، چېچەك ئېچىلسۇن،
قۇرۇغان دەرەختىن بىخلار كۆكلىسۇن.

119 بولۇ بەرسۇ ئەۋرەن تۇچى ئەۋرىلۇ،
قودى بولسۇ دۇشمەن باشى قاۋرىلۇ.

پەلەك داۋاملىق ئايلىنىۋەرسۇن،
دۈشمەن بوينى قايرىلىپ بېشى تۆۋەن بولسۇن.

120 ياغىز يەر باقىر بولماغىنچا قىزىل،
يا ئوتتا چەچەك ئۆنمەگىنچە ياشىل،
بوز يەر مىستەك قىزىل بولمىغۇچە[1]،
(ياكى) ئوت (ئۈستىدە) يېشىل چېچەك ئۈنمىگۈچە.

121 تىرىلسۇنى تەركەن قۇتى مىڭ قۇتۇن،
يالىنسۇنى كۆرمەز قاراقى ئوتۇن.
بەختلىك خان، (ئۆزۈن) ياشاپ، كۆپ بەخت كۆرسۇن،
كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانسۇن.

122 تاقىما نەگۇ ئەرسە ئارزۇ ـ تىلەك،
باياتئوق بولۇ بەرسۇ ئارقا يۆلەك.
ئۇنىڭ يەنە قانداق ئارزۇ ـ تىلىكى بولسا،
خۇدالا ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك بولسۇن.

123 سەۋىنچىن، ئاۋىنچىن، كۈۋەنچىن ئەلى
ئاشاسۇ، ياشاسۇنى لۇقمان يىلى.
ئۇنىڭ ئېلى شاد ـ خۇراملىق بىلەن مەغرۇر ياشىسۇن،
(ئۆزى) لوقمان يېشىدەك هايات كەچۈرسۇن.

① بوز يەر مىستەك قىزىل بولۇش ــ قىيا كۈننى كۆرسىتىدۇ.

5

يەتى يۇلدۇز ، ئون ئىكى ئۆكەكنى ئايۇر

يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرج ئېيتىلىدۇ

124 باىات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادىم،
تۆرۈتگەن، ئىگىدگەن، كەچۈرگەن ئىدىم.
خۇدانىڭ نامى بىلەن سۆزۈمنى باشلىدىم،
(ئۇ) ياراتقۇچى، تەربىيە قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى ئىگەم.

125 تۆرۈتتى تىلەكتەك تۆزۈ ئالەمىغ،
يارۇتتى ئاژۇنقا كۈنۈگ ھەم ئايىغ.
(خۇدا) پۈتۈن ئالەمنى ئۆزى خالىغىنىدەك ياراتتى،
دۇنياغا كۈن ۋە ئاينى يورۇتتى.

126 ياراتتى، كۆر، ئەۋرەن، تۈچى ئەۋرىلۈر،
ئانىڭ بىرلە تەزگىنچ يەمە تەزگىنۈر.
قارا، پەلەكنى ياراتتى، (ئۇ) دائىم ئايلىنىپ تۇرىدۇ،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەلەك (چاقمۇ) چۆرگۈلەيدۇ.

127 ياشىل كۆك ياراتتى ئۆزە يۇلدۇزى،
قارا تۈن تۆرۈتتى يارۇق كۈندۈزى.
كۆك ئاسماننى ۋە (ئۇنىڭ) ئۈستىدىكى يۇلتۇزلارنى ياراتتى،
قاراڭغۇ تۈن (ۋە) يورۇق كۈندۈزنى ياراتتى.

128 بۇ كۆكتەكى يۇلدۇز بىر ئانچا بەزەك، B22
بىر ئانچا قۇلاۋۇز، بىر ئانچە يەزەك.
بۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىر قىسمى بېزەك،
بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى، بىر قىسمى كۆزەتكۈچىلەر.

129 بىر ئانچا يارۇتمىش خەلايىققا ئول،
بىر ئانچا قۇلاۋۇز بۇلۇر يىتسە يول.

بىر قىسمى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىدۇ،
بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى، ئۇنىڭدىن (كىشىلەر يول) تاپالايدۇ.

130 قايۇسى ئۆرۈرەك، قايۇسى قودى،
قايۇسى يارۇقراق، قايۇ ئەكسۈدى.
بەزىلىرى يۇقىرىراق تۇرىدۇ، بەزىلىرى تۆۋەن،
بەزىسى يورۇقراق (بولسا)، بەزىلىرى خىرە.

131 بۇلاردا ئەڭ ئۇستۇن سەكەنتىر يورىر، A16
ئىكى يىل، سەكىز ئاي بىر ئەۋدە قالىر.
بۇلاردىن ئەڭ يۇقىرىدا سەكەنتىر[1] ھەرىكەت قىلىدۇ،
(ئۇ) ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر «ئۆيدە» تۇرىدۇ.

132 ئانىڭدا باسا بولدى ئىككىنچ ئوڭاي،
بىر ئەۋدە قالىر ئون ئادىن ئىككى ئاي.
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، يەنى ئىككىنچىسى ئوڭاي[2] بولۇپ،
ئۇ بىر «ئۆيدە» ئون ئىككى ئاي تۇرىدۇ.

133 ئۈچۈنچى كۇرۇد كەلدى، كۆكسۈن يورىر،
قايۇقا بۇ باقسا ياشارمىش قۇرىر.
ئۈچىنچى بولۇپ كۇرۇد[3] كېلىدۇ، ئۇ قەھر بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ،
ئۇ قاياققا باقسا، ياشارغان (نەرسىلەر) قۇرۇپ كېتىدۇ.

134 ياشىق بولدى تۆرتىنچ يارۇتتى ئاژۇن،
ياقىشسا يارۇتۇر باقىشسا ئۆزۈن.
تۆتىنچىسى ياشىق[4] بولۇپ، ئۇ جاھاننى يورۇتىدۇ،
يېقىنلاشقاننى، قارشىسىغا كەلگەن (نەرسىلەر) نى يورۇتىدۇ.

135 سەۋۈگ يۈز ئۆرۈندى بەشىنچى سەۋىت،
سەۋە باقتى ئەرسە سەن ئۆزنى ئاۋىت.
بەشىنچى سەۋىت[5] بولۇپ، سۆيۈملۈك يۈزنى ئاچتى،
ساڭا كۈلۈپ باقسا، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت.

136 باسا كەلدى ئارزۇ ـ تىلەك ئارزۇلار،
قايۇقا ياغۇشسا ئاڭار ئۆز ئۇلار.

---

① سەكەنتىر ــ ساتۇرن (زۇھەل)؛ ② ئوڭاي ــ يۇپىتېر (مۇشتەرى)؛ ③ كۇرۇد ــ مارس (مىررىخ)؛
④ ياشىق ــ قۇياش؛ ⑤ سەۋىت ــ ۋېنېرا (زۆھرە).

كېيىن ئارزۇ ـ تىلەك[1] كېلىدۇ، ئارزۇلىغانلار
ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، تىلىكىگە يېتىدۇ.

137 بۇلاردا ئەڭ ئالتىن بۇ يالچىق يورىر،
ياشىق بىرلە ئۇترۇ باقىشسا تولىر.

بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە يالچىق[2] ھەرىكەت قىلىدۇ،
ئۇ قۇياش بىلەن قارىمۇقارشى بېقىشقاندا تولىدۇ.

138 ئون ئىككى ئۇكەك ئول بۇلاردا ئادىن،
قايۇ ئىككى ئەۋلىگ، قايۇ بىرگە ئىن.

بۇلاردىن باشقا، ئون ئىككى بۇرج بار،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى ئۆيلۈك، بەزىلىرى بىر ئۆيلۈكتۇر.

139 قوزى يازقى يۇلدۇز باسا ئۇد كەلىر،
ئەرەنتىر قۇچىق بىرلە سانچۇ يورىر.

قوزى[3] ـ باھار يۇلتۇزى، كېيىن ئۇد[4] كېلىدۇ،
ئەرەنتىر[5] قۇچىق[6] بىلەن (بىر ـ بىرىگە) يېقىن يۈرىدۇ.

140 كۆر، ئارسلان بىلە قوشنى بۇغداي باشى،
باسا ئۈلگۈ بولدى چادان، يا ئەشى.

قارا، ئارسلان[7] بىلەن بۇغدايباشى[8] قوشنىدۇر،
كېيىن ئۈلگۈ[9]، چايان[10] بىلەن يا[11]نىڭ ھەمراھى.

141 باسا كەلدى ئوغلاق، كۆنەك ھەم بالىق،
بۇلار توغدى ئەرسە يارۇدى قالىق.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلاق[12]، كۆنەك[13] ھەم بالىقلار[14] كېلىدۇ،
بۇلار تۇغسا، ئاسمان يورۇپ كېتىدۇ.

142 ئۇچى يازقى يۇلدۇز، ئۇچى يايقى بىل،
ئۇچى كۈزگى يۇلدۇز، ئۇچى قىشقى بىل.

بىلسەڭ (بۇلارنىڭ) ئۈچى ئەتىيازلىق، ئۈچى يازلىق يۇلتۇز،
ئۈچى كۈزلۈك، يەنە ئۈچى قىشلىق يۇلتۇزدۇر.

---

① ئارزۇ ـــ مېركۇرىي (ئوتايىت)، ② يالچىق ـــ ئاي، ③ قوزى ـــ ھەمەل بۇرجى، ④ ئۇد ـــ سەۋر، ⑤ ئەرەنتىر ـــ جەۋزا، ⑥ قۇچىق ـــ سەرەتان، ⑦ ئارسلان ـــ ئەسەد، ⑧ بۇغدايباشى ـــ سۇنبۇلە، ⑨ ئۈلگۈ ـــ مىزان، ⑩ چايان ـــ ئەقرەب، ⑪ يا ـــ قەۋس، ⑫ ئوغلاق ـــ جەدى، ⑬ كۆنەك ـــ دەلۋە، ⑭ بالىق ـــ ھوت.

B23

143 ئۇچى ئوت، ئۇچى سۇۋ، ئۇچى بولدى يەل،
ئۇچى بولدى تۇپراق، ئاژۇن بولدى ئەل.
(ئۇلارنىڭ) ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇ، ئۈچى شامال،
ئۈچى تۇپراق بولۇپ، (شۇلاردىن) دۇنيا ۋە ئەللەر پەيدا بولغان.

144 بۇلاردا بىرىسى بىرىڭە ياغى،
ياغىقا ياغى ئىدتى كەستى چوغى.
بۇلار بىرى ـ بىرسىگە ياۋ،
(خۇدا) ياۋغا ياۋ ئەۋەتتى، جاڭجالنى توختاتتى.

145 قارىشماز ياغىلار ياراشتى ئىچىن،
كۆرۈشمەز ياغىلار كۆتۈردى ئۆچىن.
ئۇچراشماس ياۋلار ئۆزئارا يارىشىپ قالدى،
كۆرۈشمەس ياۋلارنىڭ ئۆچمەنلىكى پەسەيدى.

146 ئەتىكلى باياتىم ئەتە بەردى ئۆز،
ئەتە بەردى تۈزدى، ياراشتۇردى تۈز.
ياراتقۇچى خۇدا (ھەممىنى) ئۆزى ياراتتى،
ياراتتى ـ دە، تەرتىپكە سالدى، بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇردى.

147 باسا ئايدىم ئەمدى مۇنۇ يالڭۇقۇغ،
ئاغىرلىقى بولدى بىلىك، ئۆگ، ئۇقۇغ.
بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئىنسان (ھەققىدە) سۆزلىدىم،
(ئۇنىڭ) قەدىر ـ قىممىتى بىلىم، ئەقىل، پاراسەت بىلەن بولىدۇ.

6

يالڭۇق ئوغلانى ئاغىرلىقى بىلىك، ئۇقۇش بىرلە ئەردۈكىن ئايۇر

ئىنسان بالىسىنىڭ قەدرى بىلىم (ۋە) ئەقىل بىلەن بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ

148 تۆرۈتتى، ئۆدۈردى سەچۈ يالڭۇقۇغ،
ئاڭار بەردى ئەردەم، بىلىك، ئۆگ، ئۇقۇغ.
(خۇدا) ئىنساننى خىللاپ، تاللىدى ۋە ياراتتى،
ئۇنىڭغا پەزىلەت، بىلىم، ئەقىل ۋە پاراسەت بەردى.

149 كۆڭۈل بەردى ھەم ـ مە يورىتتى تىلىگ،
ئۇۋۇت بەردى قىلىق ھەم قىلىنچى سىلىگ.
(ئۇنىڭغا) كۆڭۈل ئاتا قىلدى ھەم تىلىنى راۋان قىلدى،
ھايا ھەم گۈزەل خۇلق ۋە قىلىق بەردى.

150 بىلىك بەردى يالڭۇق بەدۈدى بۇ كۈن،
ئۇقۇش بەردى ئۆترۈ يازىلدى تۈگۈن.
بىلىم بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) ئىنسان بۈگۈنكى بۈيۈكلۈككە ئېرىشتى،
پاراسەت بەرگەنلىكى(ئۈچۈن) تۈگۈنلەر يېشىلدى.

151 بايات كىمگە بەرسە ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك،
ئۆكۈش ئەدگۈلۈككە ئۇزاتتى ئەلىگ.
خۇدا كىمگە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم بەرگەن بولسا،
(ئۇنىڭ) قولىدىن كۆپ ياخشىلىقلار كەلدى.

152 بىلىكنى بەدۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى بەدۈتۈر ئۆدۈرمىش قۇلۇغ.
بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ دەپ بىل.
بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە)نىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

153 بۇ سۆزكە تانۇقى مۇنۇ كەلدى سۆز،
بۇ سۆزنى ئەشىتگىل، سۆزۈك مۇندا ئۇز.

بۇ سۆزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن ـ دە، سۆزۈڭنى شۇ يەردە توختات.

154 ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بۇلۇر،
بىلىك كىمدە بولسا بەدۇكلۇك ئالۇر.

ئەقىل قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ،
بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ.

155 ئۇقۇشلۇغ ئۇقار ئول، بىلىكلىگ بىلىر،
بىلىكلى، ئۇقۇغلى تىلەككە تەگىر.

پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ،
بىلىملىك، پاراسەتلىكلەر تىلىكىگە يېتىدۇ.

156 بىلىك مەئنىسى بىل، نەگۇ تەر بىلىك، B24
بىلىك بىلسە ئۆترۇ يىرار ئەردە ئىگ.

بىلىمنىڭ مەنىسىنى بىل، بىلىم نېمە دەيدۇ:
بىلىم بىلگەن ئەردىن هامان كېسەل يىراقلىشىدۇ.

157 بىلىكسىز كىشى بارچا ئىگلىگ بولۇر،
ئىگىگ ئەملەمەسە كىشى تەرك ئۆلۇر.

بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ،
كېسەلنى داۋالىمىسا كىشى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

158 يورى، ئاي بىلىكسىز، ئىگىڭنى ئوتا،
بىلىكسىز ئوتىن سەن، ئاي بىلگە، قۇتا.

يۈر، ئەي بىلىمسىز، كېسىلىڭنى داۋالا.
ئەي ئالىم، بىلىمسىز(لىك)نىڭ داۋاسىنى سەن ئېيتىپ بەر.

159 ئۇقۇش ئول بۇرۇندۇق، ئانى يەتسە ئەر،
تىلەككە تەگىر ئول تۈمەن ئارزۇ يەر.

پاراسەت بىر چۇلۋۇردۇر، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى
تۈمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ، تىلىگىنىگە يېتەلەيدۇ.

160 ئۇقۇش بولسا ئەرگە، كۆر، ئاسغى ئۆكۈش،
بىلىك بىلسە ئۆترۇ بولۇر ئەر كۆسۈش.

قارا، پاراسەتنىڭ كىشىگە پايدىسى كۆپ،
بىلىم بىلگەندىن كېيىن كىشى ئەزىز بولىدۇ.

A17 161 ئۇقۇش بىرلە ئىشلە قامۇغ ئىش ـ كۇدۇك،
بىلىك بىرلە بەكلە بۇ بۇلمىش ئۆدۇگ

ھەرقانداق ئىشنى پاراسەت بىلەن ئىشلە،
ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

7

تىل ئەردەمىن مۇنىن، ئالىغىن، بالىن ئايۇر

تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە قۇسۇرى، پايدىسى ۋە زىيىنى ئېيتىلىدۇ

162 ئۇقۇشقا، بىلىككە بۇ تىلماچى تىل،
يارۇتتاچى ئەرنى يورىق تىلنى بىل.
تىل بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەتكە تىلماچتۇر،
بۇ راۋان تىلنى كىشىنى يورۇتقۇچى (دەپ) بىل.

163 كىشىگ تىل ئاغىرلار، بۇلۇر قۇت كىشى،
كىشىگ تىل ئۇچۇزلار، بارىر ئەر باشى.
تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرىدۇ، (ئۇنىڭ بىلەن) كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.
تىل كىشىنى خورلاپ قويىدۇ، (ئۇنىڭ بىلەن) ئەرنىڭ بېشى كېتىدۇ.

164 تىل ئارسلان تۇرۇر، كۆر، ئىشىكتە ياتۇر،
ئايا ئەۋلىگ ئەر، ساق، باشىڭنى يەيۇر.
تىل (گويا) ئىشىكتە ياتقان ئارسلاندۇر،
ئەي ئۆي ئىگىسى، ئېھتىيات قىل، بېشىڭنى يەيدۇ،

165 تىلىن ئەمگەمىش ئەر نەگۇ تەر ئەشىت،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئۆزۈڭە ئەش ئەت.
تىل (ئازابى)دىن قىينالغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا.
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، (ئۇنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل:

166 مەنى ئەمگەتۇر تىل ئەدى ـ ئۆك تەلىم،
باشىم كەسمەسۇنى كەسەيىن تىلىم.
تىل ماڭا قانچىلىك كۆپ جاپا چەكتۈردى،
بېشىمنى كەسمىسۇن ئۈچۈن، تىلىمنى كېسەي.

167 سۆزۈڭنى كۈدەزگىل، باشىڭ بارماسۇن،
تىلىڭنى كۈدەزگىل، تىشىڭ سىنماسۇن.

B 25

سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

168 بىلىكلىگ بىلىك بەردى تىلگە پىشىغ،
ئايا تىل ئىدىسى، كۇدەزگىل باشىغ.

بىر ئالىم تىل ھەققىدە پۇختا بىلىم بەرگەنىدى:
ئەي تىل ئىگىسى، بېشىڭنى قوغدىغىن.

169 ئەسەنلىك تىلەسە سەنىڭ بۇ ئۆزۈڭ،
تىلىڭدە چىقارما ياراغسىز سۆزۈڭ.

سەن ئۆزۈڭگە ئېسەنلىك تىلىسەڭ،
تىلىڭدىن يارامسىز سۆزلەرنى چىقارما.

170 بىلىپ سۆزلەسە سۆز بىلىككە سانۇر،
بىلىكسىز سۆزى ئۆز باشىنى يەيۇر.

سۆزنى بىلىپ سۆزلىسەڭ بىلىمگە ياتىدۇ،
بىلىمسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

171 ئۆكۇش سۆزدە ئارتۇق ئاسىغ كۆرمەدىم،
يانا سۆزلەمىشتە ئاسىغ بۇلمادىم.

كۆپ سۆزدىن ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم،
تەكرار سۆزلەشتىن نەپمۇ تاپمىدىم.

172 ئۆكۇش سۆزلەمە سۆز، بىرەر سۆزلە ئاز،
تۇمەن سۆز تۇگۇنىن بۇ بىر سۆزدە ياز.

كۆپ سۆزلىمە، زۆرۈر بولغاندا ئاز سۆزلە،
تۇمەن سۆزنىڭ تۇگۇننى بىرلا سۆز بىلەن يەش.

173 كىشى سۆز بىلە قوپتى بولدى مەلىك،
ئۆكۇش سۆز باشىغ يەرگە قىلدى كۆلىك.

كىشى سۆز بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ پادىشاھ بولىدۇ،
كۆپ سۆز باشنى يەرگە ئەگدۈرىدۇ.

174 ئۆكۇش سۆزلەسە ياڭشادى تەر بىلىك،
يانا سۆزلەمەسە ئاغىن تەر تىلىگ.

كۆپ سۆزلىسە، قۇرۇق گەپ ساتتى دېيىشىدۇ،
ئەگەر سۆزلىمىسە، كېكەچ ئىكەن، دەيدۇ.

ئەسىرى يەشمىسى

175 قالى مۇنداغ ئەرسە يورىق ئۇترۇ ئۇر،
يورىق ئۇترۇ ئۇرسا كىشىگ يوقلاتۇر.
شۇنداق ئىكەن، ئۇستىلىق بىلەن ئىش قىل،
ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان ئىش كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
176 تىلىگ كەد كۈدەزگىل، كۈدەزىلدى باش،
سۆزۈڭنى قىسۇرغىل ئۇزاتىلدى ياش.
تىلىڭنى قاتتىق ساقلا، بېشىڭ ساقلىنىدۇ،
سۆزۈڭنى قىسقارتقىن، يېشىڭ ئۇزىرايدۇ.
177 تىل ئاسغى تەلىم بار، ياسىما ئۆكۈش،
ئارا ئۆگدىلۈر تىل، ئارا مىڭ سۆكۈش.
تىلنىڭ كۆپ پايدىسى بار، زىيىنىمۇ نۇرغۇن،
تىل بەزىدە ماختىلىدۇ، بەزىدە مىڭ تۈرلۈك سۆكۈش (ئالىدۇ).
178 قالى مۇنداغ ئەرسە بىلىپ سۆزلە سۆز،
سۆزۈڭ بولسۇ كۆزسۈز قاراغۇقا كۆز.
دېمەك، شۇنداق ئىكەن، سۆزنى بىلىپ سۆزلە،
سۆزۈڭ كۆزسىز قارىغۇغا كۆز بولسۇن.
179 بىلىكسىز قاراغۇ تۇرۇر بەلگۈلۈگ،
يورى، ئاي بىلىكسىز، بىلىك ئال ئۇلۇگ.
بىلىمسىز، ئېنىقكى، قارىغۇدۇر،
يۈر، ئەي بىلىمسىز، تېگىشلىك بىلىم ئال.
180 توغۇغلى ئۆلۈر، كۆر، قالىر بەلگۈ سۆز،
سۆزۈڭ ئەدگۈ سۆزلە ئۆزۈڭ ئۆلگۈسۈز.
قارا، تۇغۇلغان (ئادەم) ئۆلىدۇ، سۆزى بەلگە بولۇپ قالىدۇ،
سۆزۈڭنى ياخشى سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلمەيسەن.
181 ئىكى نەڭ بىلە ئەر قارىماز ئۆزى،
بىر ئەدگۈ قىلىنچى، بىر ئەدگۈ سۆزى.
ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ:
بىرى — ياخشى ھەرىكەت، بىرى — ياخشى سۆز.
182 كىشى توغدى، ئۆلدى، سۆزى قالدى كۆر،
ئۆزى باردى يالڭۇق، ئاتى قالدى كۆر.

ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باققىنكى، ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ.
ئىنسان ئۆزى كەتسىمۇ، نامى قالىدۇ.
183 تىرىگلىك تىلەسە ئۆزۈڭ ئۆلمەگۇ، B 26
قىلىنچىڭ، سۆزۈڭ ئەدگۇ تۇت، ئاي بۆگۇ.
سەن ئۆلمەيدىغان بىر ھايات تىلىسەڭ،
خۇلق ـ مىجەزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىل، ئەي دانا!
184 تىلىگ ئۆگدۇم ئانچە، ئارا سۆكتۇكۇم،
تىلەكىم سۆز ئەردى، ساڭا يۆردۇكۇم.
تىلنى خېلى ماختىدىم، بەزىدە سۆكتۇم،
مەقسىتىم تىلنى ساڭا چۈشەندۈرۈش ئىدى.
185 قاموغ سۆزنى يىغسا ئۇقۇش تاپلاماز،
كەرەك سۆزنى سۆزلەر كىشى كىزلەمەز.
ھەممىلا سۆزنى يىغسا ئەقىل ماقۇل كۆرمەيدۇ،
كىشى ھاجەتلىك سۆزنى سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ.
186 سۆزۇم ئوغلۇما سۆزلەدىم مەن، توڭا،
ئوغۇل مەندە ئالتىن، ماڭا نە تەڭا.
ئەي دانا، سۆزۈمنى ئوغلۇمغا سۆزلىدىم،
ئوغۇل مەندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ماڭا قانداق تەگلەشسۇن.
187 ساڭا سۆزلەدىم مەن سۆزۇم، ئاي ئوغۇل،
ساڭا بەردى بۇ پەند ئۆزۇم، ئاي ئوغۇل.
ئەي ئوغۇل، سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم،
ئەي ئوغۇل، ساڭا ئۆزۈمنىڭ بۇ نەسىھەتىمنى قىلدىم.
188 كۇمۇش قالسا ئالتۇن مەنىڭدىن ساڭا،
ئانى تۇتماغىل سەن بۇ سۆزكە تەڭا.
مەندىن ساڭا ئالتۇن ـ كۇمۇش قالسىمۇ،
سەن ئۇنى بۇ سۆز (لەر)گە تەڭ كۆرمە.
189 كۇمۇش ئىشكە تۇتسا تۇگەر، ئالقۇنۇر، A 18
سۆزۇم ئىشكە تۇتسا كۇمۇش قازغانۇر.
كۇمۇشنى ئىشلەتسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ،
سۆزۈمنى ئىشقا سالساڭ كۇمۇش تېپىلىدۇ.

190 كىشىدىن كىشىگە قۇمارۇ سۆز ئول،
قۇمارۇ سۆزۈگ تۇتسا ئاسغى يۇز ئول.
كىشىدىن كىشىگە (قالىدىغان) مىراس سۆزدۇر،
ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزنى ئىسىگىدە تۇتساڭ پايدىسى يۈزدۇر.

*　　　*　　　*

191 بۇ كۈن تۇگمە قاشىڭ، ئاي بىلگە بۆگۈ،
ئۆزۈم ئۇزرىن ئايسا يەمە ئەيمەنۈ.
ئەي دانا ئالىم، بۈگۈن قاپىقىڭنى تۈرمە،
ئۆز ئۆزرەمنى ئەيمىنىپ ئېيتىۋاتىمەن.

8

كىتاب ئىدىسى ئۆز ئۆزىن ئايۇر

كىتاب ئىگىسى ئۆز ـ ئۆزىنى ئېيتىدۇ

192 تىلەكىم سۆز ئەردى، ئاي بىلگە بۆگۈ،
كەدىن كەلدەچىكە ئۆزۈم سۆزلەگۈ.
ئەي دانىشمەن ئالىم، تىلىكىم: كەلگۈسى ئەۋلادلارغا
تېگىشلىك سۆزلىرىمنى قالدۇرۇش ئىدى.

193 ئۇقۇش كەلدى ئۇترۇ ئايۇر: «پۇترۇ كۆر،
سۆزۈڭ بولسا ياڭلۇق ساڭا بولغا قور.
(لېكىن) بىر پىكىر قارشى چىقىپ دېدىكى، «دىققەت قىل،
سۆزۈڭ خاتا بولسا، ساڭا زىيان ـ زەخمەت يېتىدۇ.

194 بودۇن تىلى ياۋلاق سېنى سۆزلەگەي،
كىشى قىلقى كىرتۈچ، ئەتىڭنى يېگەي».
خەلقنىڭ تىلى يامان، ئۇ گېپىڭنى قىلىدۇ،
كىشى (لەر)نىڭ قىلىقى ھەسەتخور، گۆشۈڭنى يەيدۇ».

195 باقا كۆردۈم ئەرسە، يەنىك بولدى يۈك،
ئۆزۈم ئايدى، سۆزلە، سۆزۈڭ بارى تۆك.
سەپسېلىپ قارىسام، يۈكۈم يەڭگىللىدى،
ئۆزۈمگە دېدىمكى، سۆزلە، ھەممە سۆزۈڭنى تۆك.

196 نەگۈلۈك تەسە سەن، ئايايىن ساڭا، B27
ئەشىتگىل سۆزۈمنى، ئاي ئەرسىگ توڭا.
نېمە ئۈچۈن دېسەڭ، ساڭا ئېيتاي،
ئەي جەسۇر قەھرىمان، سۆزۈمنى ئاڭلىغىن:

197 بۇ «يالڭۇق» ئاتى بولدى «ياڭلۇق» ئۈچۈن، A -
بۇ «ياڭلۇق» ئۇرۇلدى بۇ «يالڭۇق» ئۈچۈن.

ئىنسان يېگىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامى «ياگىلۇق» بولغان،
يېگىلىش (ياگىلۇق) ئىنسان ئۈچۈن بېرىلگەن[1].

198 ياگىلماز كىشى كىم ئايۇ بەر ماڭا،
ياگىلمىش تۇمەن مىڭ، ئايايىن ساڭا.

كىم يېگىلمەيدۇ، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن،
ساڭا ئېيتايكى، يېگىلىدىغان كىشىلەر تۈمەنمىڭدۇر.

199 بىلىكلىگ ئەدى ئاز، بىلىكسىز ئۆكۈش،
ئۇقۇشسۇز ئۆكۈش بىل، ئۇقۇشلۇغ كۆسۈش.

بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ،
بىلگىنكى، ئەقىلسىزلەر كۆپ، ئوقۇمۇشلۇقلار كەم ئۇچرايدۇ.

200 بىلىكسىز بىلىكلىگكە بولدى ياغى،
بىلىكسىز بىلىكلىگكە قىلدى چوغى.

بىلىمسىزلەر بىلىملىككە دۈشمەن بولدى.
بىلىمسىزلەر بىلىملىككە ھەسەت قىلدى.

201 كىشىدە كىشى ئادرۇقى بار تەلىم،
بۇ ئادرۇق بىلىكدىن ئايۇر بۇ تىلىم.

كىشى بىلەن كىشىنىڭ زور پەرقى بار،
بۇ پەرق بىلىمدىلا (كۆرۈنىدۇ)، دەيمەن.

202 بىلىكلىگكە سۆزلەدىم ئۇش ـ بۇ سۆزۈم،
بىلىكسىز تىلىنى بىلۇمەز ئۆزۈم.

ئۇشبۇ سۆزۈمنى بىلىملىكلەر ئۈچۈن سۆزلىدىم،
بىلىمسىزنىڭ تىلىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

203 بىلىكسىز بىلە ھىچ سۆزۈم يوق مەنىڭ،
ئاي بىلگە، ئۆزۈم ئۇش ـ تاپۇغچى سەنىڭ.

مېنىڭ بىلىمسىز بىلەن (قىلىدىغان) ھېچ سۆزۈم يوق،
ئەي دانا، مەن سېنىڭ(لا) خىزمەتكارىڭ.

204 سۆزۈم سۆزلەمىشكە ساڭا ئەيمەنۇ،
ئۆزۈم ئۇزرى قولدى ساڭا ئۇش مۇنۇ.

---

① ئاۋتور بۇ يەردە «يالگۇق» ـــ ئىنسان سۆزىنىڭ «ياگىلۇق» ـــ يېگىلىش سۆزى بىلەن بىر تاۋۇشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، دېمەك ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ساڭا سۆزۈمنى سۆزلەشكە ئەيمىنىپ،
ئۇشبۇ ئۆزرەمنى بايان قىلدىم.

205 سۆزۈگ سۆزلەدەچى ئازار ھەم يازار،
ئۇقۇشلۇغ ئەشىتسە، ئوڭارۇر، تۇزەر.

سۆزلىگۈچى ئازىدۇ ھەم يېڭىلىدۇ،
ئىدراكلىقلار ئاڭلىسا، ئوڭلايدۇ، تۈزىتىدۇ.

206 بۇرۇندۇقلۇغ ئول سۆز تەۋە بۇرنىتەك،
بارۇر قانچا يەتسە تىتىر بوينىتەك.

سۆز تۆگە بۇرنىدىكى بۇرۇنتۇق (چۇلۇكلۇك) قا ئوخشايدۇ،
تۆگىنى قاياققا يېتىلىسە، (شۇ ياققا) كېتىدۇ.

207 بىلىپ سۆزلەدەچى كىشى بار ئۆكۈش،
ئانى بىلدەچى ئەر ماڭا كەد كۆسۈش.

سۆزنى بىلىپ سۆزلىگۈچىلەر كۆپ،
بۇنى چۈشەنگۈچىلەر مەن ئۈچۈن بەك ئەزىزدۇر.

208 قامۇغ ئەدگۈلۈكلەر بىلىك ئاسغى ئول،
بىلىك بىرلە بۇلدى مەسەل كۆككە يول.

ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر،
بىلىم بىلەن مىسالى كۆككە يول ئېچىلىدۇ.

209 بىلىك بىرلە سۆزلە قامۇغ سۆزنى سەن،
بىلىكىن بەدۈك بىل قامۇغ ئۆزنى سەن.

ھەممە سۆزۈڭنى بىلىم بىلەن سۆزلە،
ھەممە كىشىنى بىلىمى بىلەن بۈيۈك دەپ بىل.

210 ياشىل كۆكتىن ئىندى ياغىز يەركە سۆز،
سۆزى بىرلە يالڭۇق ئاغىر قىلدى ئۆز.

سۆز كۆك ئاسماندىن بوز يەرگە چۈشتى،
ئىنسان سۆز بىلەن ئۆزىنى قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلدى.

211 كىشى كۆڭلى تۈپسۈز تەڭىز تەگ تۇرۇر، B28
بىلىك يىنچۈ سانى تۈپىندە ياتۇر.

كىشىنىڭ كۆڭلى گويا تۈۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ،
بىلىم بولسا ئۇنىڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچىدۇر.

212 تەڭىزدىن چىقارماسا يىنچۇ كىشى،
كەرەك يىنچۇ بولسۇن، كەرەك ساي تاشى.
كىشى دېڭىزدىن ئۈنچىنى چىقارمىسا،
(ئۇ) مەيلى ئۈنچە بولسۇن، مەيلى سايىنىڭ تېشى (پەرقسىز بولىدۇ).

213 ياغىز يەر قاتىنداقى ئالتۇن — تاش ئول،
قالى چىقسا بەگلەر باشىندا تۇش ئول.
بوز يەر قېتىدىكى ئالتۇن بىر تاشتۇر،
ئەگەر(قېزىپ) چىقىرىلسا، بەگلەرنىڭ بېشىغا بېزەك (بولىدۇ).

214 بىلىكلىگ چىقارماسا بىلكىن تىلىن،
يارۇتماز ئانىڭ بىلكى ياتسا يىلىن.
بىلىملىك (كىشى) بىلىمنى تىل بىلەن چىقارمىسا،
ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ (ھېچ نەرسىنى) يورۇتالمايدۇ.

215 ئۇقۇشلى، بىلىكلى ئەدى ئەدگۇ نەڭ،
قالى بۇلسا ئىشلەت ئۇچۇپ كۆككە تەڭ.
ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇش ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر،
ئەگەر (ئۇنىڭغا) ئېرىشسەڭ ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە يەت.

216 نەگۇ تەر ئەشىتگىل بۇ ئەل كەند بەگى،
ئۇقۇشقا بىلىككە يەتۇرمىش ئۆگى.
ئىدراك ۋە بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتكەن،
ئەل ـ يۇرت بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

217 ئاژۇن تۇتغۇقا ئەر ئۇقۇشلۇق كەرەك،
بودۇن باسغۇقا ئۆگ كەرەك ھەم يۇرەك.
جاھان تۇتۇشقا ئوقۇمۇشلۇق ئەر كېرەك،
خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم يۈرەك كېرەك.

218 ئۇقۇش بىرلە تۇتتى ئاژۇن تۇتغۇچى،
بىلىك بىرلە باستى بودۇن باسغۇچى.
جاھان تۇتقۇچى جاھاننى ئىدراك بىلەن تۇتتى،
خەلقنى باشقۇرغۇچى بىلىم بىلەن باشقۇردى.

219 ئاژۇنقا ئاپا ئىنمىشىندە بەرۇ،
ئۇقۇشلۇغ ئۇرۇ كەلدى ئەدگۇ تۆرۇ.

دۇنياغا ئادەم زاتى تۆرەلگەندىن تارتىپ،
ئۇقۇمۇشلۇقلار ياخشى قانۇن تۇرغۇزۇپ كەلدى.

220 قايۇ ئۆدتە ئەرسە بۇ كۈندە بۇرۇن،
بىلىكلىگكە تەگدى بەدۇكرەك ئورۇن.
بۇگۈنگە قەدەر قايسى زاماندا بولسۇن،
بىلىملىككە يۇكسەك ئورۇن تەگدى.

221 ئۇقۇش بىرلە ئاسلۇر كىشى ئارتاقى،
بىلىك بىرلە سۇزلۇر بودۇن بۇلغاقى.
كىشىلەرنىڭ يامىنى ئەقىل بىلەن تۈزىلىدۇ،
خەلق ئىچىدىكى بۇلغىنىش بىلىم بىلەن سۈزۈلىدۇ.

222 بۇ ئىككىن ئەتۈمەسە، قودغىل بىلىك،
قىلىچقا تەگۈرگىل سەن ئۆترۈ ئەلىگ.
بۇ ئىككىسى كار قىلمىسا، بىلىمنى قوي ـ دە،
ئاندىن قولۇڭنى قىلىچقا ئۇزارتقىن.

223 بۆگۈ، بىلگە بەگلەر بودۇنقا باشى،
قىلىچ بىرلە ئەتمىش بىلىكسىز ئىشى.
ئالىم، دانا بەگلەر خەلققە باش (بولۇپ)
بىلىمسىزلەرنىڭ ئىشىنى قىلىچ بىلەن ھەل قىلدى.

224 ئاژۇن تۇتغۇقا ئەر ئۇقۇش بىلسە كەد،
بودۇن باسغۇقا ئەر بىلىك بىلسە كەد.
جاھان تۇتماق ئۈچۈن، كىشى بەك ئىدراكلىق بولۇشى كېرەك،
خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كىشى بىلىم بىلىشى كېرەك.

225 بۇ ئىككى بىرىكسە بولۇر ئەر تۈگەل،
تۈگەل ئەر ئاژۇنۇغ تەمام يەر تۈگەل.
بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن كىشى كامالەتكە يېتىدۇ،
كامىل ئەر دۇنيا (نېمەتلىرىنىڭ) ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ.

226 ئاپاڭ ئىككى ئاژۇن قولۇر ئەرسە سەن، B29
ئوتى ئەدگۈلۈك ئول، قىلۇر ئەرسە سەن.
ئەگەر ھەر ئىككى دۇنيانى تىلىمەكچى بولساڭ،
ئۇنىڭ دورىسى ــ قولۇڭدىن كەلسىلا ياخشىلىق قىلىشتۇر،

227 قالى ئەدگۈ بولماق تىلەسە ئۆزۈڭ،
يورى ئەدگۈلۈك قىل، كەسىلدى سۆزۈڭ.
ئەگەر ئۆزۈڭ ياخشى بولۇشنى تىلىسەڭ،
يۈر، ياخشىلىق قىل، (باشقا) سۆزگە ھاجەت يوق.

228 كىشى مەڭۈ بولماز، بۇ مەڭۈ ئاتى،
ئانىڭ مەڭۈ قالدى بۇ ئەدگۈ ئاتى.
كىشى مەڭگۈ ياشىمايدۇ، نامى مەڭگۈ (ياشايدۇ).
ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

229 ئۆزۈڭ مەڭۈ ئەرمەز ئاتىڭ مەڭۈ ئول، A18
ئاتىڭ مەڭۈ بولسا ئۆزۈڭ مەڭۈ ئول.
ئۆزۈڭ مەڭگۈلۈك ئەمەس، (بەلكى) نامىڭ مەڭگۈلۈكتۇر،
نامىڭ مەڭگۈ بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈ بولىسەن.

9

ئەدگۈلۈك قىلماق ئۆگدىسىن، ئاسىغلارىن ئايۇر
ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەدھىيەسى ۋە پايدىسى ئېيتىلىدۇ

230 قالى بولسا ئەلگىڭ بودۇنقا ئۇزۇن،
قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل قىلىنچىن سۆزۈن.
ئەگەر خەلققە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىكەنسەن،
بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىڭ بىلەن ياخشىلىق قىل.

231 يىگىتلىك قاچار ئول، تىرىگلىك ئۆچەر،
بۇ تۇش ـ تەگ ئاژۇندىن ئۆزۈڭ تەرك كەچەر.
يىگىتلىك ئۆتۈپ كېتىدۇ، تىرىكلىكمۇ تۈگەيدۇ،
سەن بۇ چۈش كەبى دۇنيادىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىسەن.

232 تىرىگلىكنى مۇن قىل، ئاسىغ ــ ئەدگۈلۈك،
يارىن بولغا ئەدگۇ يەگۈ كەدگۈلۈك.
ھاياتىڭنى سەرمايە قىلكى، (ئۇنىڭ) پايدىسى ــ ياخشىلىقتۇر،
بۇ ئەتە (ئاخىرەتتە) ياخشى يېگۈلۈك ۋە كىيگۈلۈك بولىدۇ.

233 نەگۇ تەر ئەشتىگىل كىشى ئەدگۇسى،
يورىپ تىن توقىغلى ئاخىر ئۆلگۈسى.
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
نەپەس ئېلىپ يۈرىدىغان جانلىقلار ئاخىر ئۆلگۈسى.

234 ئاژۇندا نە ياڭلىغ ئەرەن تۇغدى كۆر،
بىر ئانچا يورىدى يانا ئۆلدى كۆر.
نەزەر سال، دۇنيادا نى ـ نى ئەرلەر تۇغۇلدى،
(ئۇلار) بىر مۇددەت ھايات كەچۈرۈپ، ئاخىر ئۆلدى.

235 كەرەك بەگ، كەرەك قۇل، نە ئەدگۇ، ئەسىز،
ئۆزى ئۆلدى ئەرسە ئاتى قالدى ئىز.

مەيلى بەگ، مەيلى قۇل ياكى ياخشى، يامان بولسۇن،
ئۆزى ئۆلگەن بولسا، ئىزى، نامى قالدى.

236 ساڭا تەگدى ئەمدى كەزىكچە ئورۇن،
قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل سەن ئەدگۈ بۇرۇن.

ئەمدى بۇ ئورۇن نۆۋىتىدە ساڭا تەگدى،
ھەممىدىن ئاۋۋال ياخشىلىق قىل، ياخشى بول.

237 تىرىگ ئۆلگۈ ئاخىر تۆشەنگۈ يەرىگ،
كىشى ئۆلسە ئەدگۈن، كۆر، ئاتى تىرىگ.

تىرىك ئادەم ئاخىر ئۆلگۈسى (ۋە) يەرنى تۆشەك قىلغۇسىدۇر،
قارا، كىشى ياخشىلىق بىلەن ئۆلسە، نامى ھايات قالىدۇ.

238 ئىكى تۇرلىگ ئات ئول بۇ تىلدە يورىر،
بىر ئەدگۈ، بىر ئەسىز ئاژۇندا قالىر.

ئىككى تۈرلۈك نام تىللاردا ياشايدۇ:
بىرى — ياخشى (نام)، بىرى — يامان (نام) دۇنيادا قالىدۇ.

239 ئەسىزگە سۆكۈش، ئەدگۈ ئۆگدى بۇلۇر، B30
ئۆزۈڭكە باقا كۆر، قايۇسىن قولۇر.

يامان سۆكۈش (ئالىدۇ)، ياخشى ماختاشقا ئېرىشىدۇ،
ئۆزۈڭگە قاراپ كۆرگىن، قايسىسىنى خالايسەن؟

240 ئۆزۈڭ ئەدگۈ بولسا ئاتىڭ ئۆگدىلىگ،
قالى بولسا ئەسىز — سۆكۈش، ئاي سىلىگ.

ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، نامىڭ ماختىلىدۇ،
ئەگەر يامان بولساڭ، سۆكۈلىسەن، ئەي پاك كىشى.

241 سۆكۈشلۈگ نەلۈك بولدى زەھھاك ئوتۇن،
نەلۈك ئۆگدى بۇلدى فەرىدۇن قۇتۇن.

پەس زەھھاك[1] نېمە ئۈچۈن سۆكۈشكە لايىق بولدى،
بەختلىك فەرىدۇن[2] نېمە ئۈچۈن ماختالدى؟

242 بىرى ئەدگۈ ئەردى، ئانى ئۆگدىلەر،
بىرى ئەسىز ئەردى، ئانى سۆكتىلەر.

---

① زەھھاك — ئىران رىۋايەتلىرىدىكى زالىم پادىشاھ.
② فەرىدۇن — ئىران رىۋايەتلىرىدىكى ئادىل پادىشاھ.

بىرى — ياخشى ئىدى، ئۇنى ماختاشتى،
بىرى — يامان ئىدى، ئۇنى سۆكۈشتى.

243 ئەسىزمۇ ساڭا يەگ، ئازۇ ئەدگۈمۇ،
سۆكۈشمۇ قولۇر سەن، ئازۇ ئۆگدىمۇ؟
ساڭا يامانلىق لايىقمۇ ياكى ياخشىلىقمۇ؟
سۆكۈشنى خالامسەن ياكى ماختاشنىمۇ؟

244 قايۇسىن تىلەسە ئۇدۇرگىل بىرىن،
ئەسىز، ئەدگۈ بولسا ئۆكۈنمە يارىن.
قايسىسىنى خالساڭ، بىرىنى تاللا،
تاللىغىنىڭ ياخشى (بولسىمۇ)، يامان (بولسىمۇ) كېيىن ئۆكۈنمە.

245 مۇڭار مەڭزەتۇر سۆز سىنامىش كىشى،
سىنامىش كىشى بىلدى ئەل ـ كۈن ئىشى.
تەجرىبىلىك كىشى بۇنىڭغا بىر تەمسىل سۆز ئېيتتى،
تەجرىبىلىك كىشى ئەل ـ يۇرت ئىشىنى بىلىدۇ.

246 كىشى ئەدگۈ ئاتىن، كۆر، ئالقىش بۇلۇر،
ئاتىقمىش ئەسىز ئۆلسە قارغىش بۇلۇر.
كىشى ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ،
يامان نام چىقارغانلار ئۆلگەندە قارغىش تاپىدۇ.

247 نەچەمە سىنادىم ئەسىز قىلغۇچى،
كېتە باردى كۈندە ئۈزۈلدى كۈچى.
يامانلىق قىلغانلارنى كۆپ سىنىدىم،
كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۈچتىن ئۈزۈلدى.

248 نەچە كۆردۈم ئەرسە، ئەسىزلەر ئىشى
ئوزۇ بولمادى، ئاي بىلىكلىگ كىشى.
ئەي بىلىملىك كىشى، قانچىكى كۆزەتسەم،
يامانلارنىڭ ئىشى ئىلگىرى باسمىدى.

249 ئەسىزلىك ئوت ئول، ئوت كۆيۇرگەن بولۇر،
يولىندا كەچىك يوق ئۆتۈلگەن بولۇر.
يامانلىق بىر ئوتتۇر، ئوت كۆيدۈرىدۇ،
يولىدا ئۆتۈشكە بولىدىغان كېچىك يوقتۇر.

250 كۆرۈ تۇرسا بىزدە ئۇزا بارغۇچى،
قارا تۇت، يا بەگلەر ئاژۇن تۇتغۇچى،
بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە قاراپ كۆرسەك،
(مەيلى) قارا خەلق ياكى دۇنيا سورىغۇچى بەگلەر بولسۇن،

251 بۇلاردا قايۇ بۇلدى ئەرسە بىلىك،
ئولار ئۇرمىش ئۆد ـ كۇن، ئاژۇنقا ئەلىگ.
بۇلارنىڭ قايسىسى بىلىمگە ئېرىشكەن بولسا،
ئۇلار زامان (ۋە) دۇنيانى قولىدا تۇتالىدى.

252 بىلىك كىمدە ئەرسە ئاژۇن بەگلەرى، A19
تۆرۈ ئەدگۇ ئۇرمىش كىشى يەگلەرى.
دۇنيا بەگلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ بىلىمى بولسا،
ياخشى قانۇن تۇرغۇزدى، ئوبدان كىشىلەردىن (بولدى).

253 بۇ كۇنمە كىم ئەدگۇ ئاتانسا كىشى،
ئولار بولدى ئاشنۇ ئول ئەدگۇ باشى.
بۇگۇنمۇ كىمكى ياخشى دەپ ئاتالغان بولسا،
ئەڭ ئاۋۋال شۇلار ياخشىلارغا باش بولدى.

254 بۆگۇ بەگ كىم ئەرسە بىلىككە ياقىن، B31
بىلىكلىگ كىشىگ قىلمىش ئۆزگە ياقىن.
قايسى بەگ دانا، بىلىمگە يېقىن بولغان بولسا،
ئۇ، بىلىملىك كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

255 ئەلىگ ئۇرمىش ئىشكە باقىپ ئىشلەمىش،
بىلىك ئىشكە تۇتمىش، بودۇن باشلامىش.
(ئۇ) قولىغا ئالغان هەربىر ئىشنى دىققەت بىلەن ئىشلىدى،
بىلىمنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى باشلىدى.

256 ئەلىن ئەتمىش ئۆترۈ بايۇمىش قارا،
قارا بايلىقىن قىلمىش ئۆزكە تۇرا.
ئېلىنى تۈزەتكەنلىكتىن خەلق بېيىدى،
خەلقنىڭ بايلىقىنى ئۆزىگە قورغان قىلدى.

257 ئاتى ئەدگۇ بولمىش، ئاتانمىش ئاقى،
ئاقى ئۆلسە ئاتى تىرىگ تەپ ئۇقى.

سىخىي دەپ ئاتىلىپ ياخشى نام چىقارغان،
سىخىي (ئادەم) ئۆلسە، (ئۇنىڭ) نامىنى تىرىك دەپ بىل.

258 ئۆلۈرىن بىلىپ قىلمىش ئۆزگە ئەتىك،
بىتىپ قودمىش ئاتىن تىرىگكە بىتىك.

ئۆلۈشنى بىلىپ ئۆزىگە هازىرلىق قىلغانلار،
تىرىكلەر ئۇچۇن نامىنى كىتابقا پۈتۈپ قويدى.

259 بۇ كۈن كىم ئوقىسا ئولارىغ بىلىر،
ئاڭار ئۆتگۈنۈر، ئاندىن ئەدگۈ كەلىر.

بۈگۈن كىم ئۇنى ئوقۇسا، بىلىمگە ئىگە بولىدۇ،
ئۇلارغا ئەگىشىپ، ياخشىلىق قىلىدۇ.

260 نەگۇ بار ئاژۇندا بىلىكدە كۆسۈش،
بىلىكسىز تەسە ئەرگە كۆركسۈز سۆكۈش.

دۇنيادا بىلىمدىن ئەزىز يەنە نىمە بولسۇن،
«بىلىمسىز» دىسە ئەر ئۇچۇن سەت، هاقارەتتۇر.

261 نەگۇ تەر ئەشتگىل بىلىكلىگ كىشى،
ئاژۇندا سىنايۇ يەتىلمىش ياشى.

دۇنيادا كۆپ سىناقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇن ياشىغان
بىلىملىك كىشىنىڭ نىمە دىگەنلىكىنى ئاڭلا:

262 بىلىكسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر ئەلگەساندى، ئەلىگ بولدى تۆر.

بىلىمسىزگە تۆردىن ئورۇن تەگسە، قارىغىنكى،
بۇ تۆر پەگاھ هىسابلىنىدۇ، پەگاھ تۆر بولىدۇ.

263 قالى بىلگەگە تەگسە ئەلدە ئورۇن،
ئول ئەل بولدى تۆردە تاقى كەد بۇرۇن.

ئەگەر داناغا پەگاهتىن ئورۇن تەگسە،
بۇ پەگاھ تۆردىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

264 بىلككە تۇرۇر بۇ ئاغىرلىق قامۇغ،
ئاژۇنقا كەرەك تۆر، كەرەك ئەل قاپۇغ.

بۇنچىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ هەممىسى بىلىم ئۇچۇندۇر،
دۇنيادا (ئۇنىڭ ئورنى) مەيلى تۆردە ياكى پەگاهتا بولسۇن، بەرىبىر.

265 ئىكى تۇرلۇگ ئول، كۆر، بۇ ئەسلى كىشى،
بىرى بەگ، بىرى بىلگە ــ يالڭۇق باشى.
قارا، بۇ ئىپسىل كىشىلەر ئىككى تۇرلۇك بولىدۇ:
بىرى ـ بەگ، بىرى ـ دانا. (بۇلار) ئىنسانلارنىڭ باشلامچىسىدۇر.

266 ئانىڭدا نارۇ بارچە يىلقى سانى،
تىلەسە مۇنى تۇت، تىلەسە ئانى.
بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھايۋان ھېسابلا،
خالىساڭ، بۇ تەرەپتە تۇر، خالىساڭ، ئۇ تەرەپتە.

267 سەن ئەمدى قايۇ سەن، ماڭا ئاي ئاچا،
ئىكىدە بىرى بول، ئۇچۇنچتە قاچا.
سەن قايسى تەرەپتە تۇرىسەن، ماڭا ئوچۇق ئېيت،
ئىككىنىڭ بىر (تەرىپىدە) بول، ئۇچىنچىسىدىن قاچ.

268 قىلىچ ئالدى بىرى بودۇنۇغ تۇزەر،
قەلەم ئالدى بىرى يورىق يول سۇزەر.
بىرى (قولىغا) قىلىچ ئېلىپ، خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ،
بىرى قەلەم ئېلىپ، ياشاش يولىنى كۆرسىتىدۇ.

269 ئولاردىن قالۇ كەلدى ئەدگۇ تۆرۈ، B32
قۇمارۇ تۇرۇر تەگسە قوپرۇر ئۆرۈ.
ئۇلاردىن ياخشى قانۇن (مىراس) بولۇپ كەلدى،
(بۇ) مىراس (كىمنىڭ قولىغا) تەگسە، يۇقىرى ئۆرلىدى.

270 ئۆلۇگدىن تىرىگكە قۇمارۇ سۆز ئول،
قۇمارۇ سۆزۇگ تۇتسا ئاسغى يۇز ئول.
ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراس قالىدىغان نەرسە سۆزدۇر،
مىراس قالغان سۆزنى ئاڭلىسا، (ئۇنىڭ) كۆپ پايدىسى بار.

271 بىلىكسىز قاراغۇ تۇرۇر بەلگۇلۇگ،
ئاي كۆزسۇز قاراغۇ، بىلىك ئال ئۇلۇگ.
ئېنىقكى، بىلىمسىز بىر قارىغۇدۇر،
ئەي كۆزسىز قارىغۇ، بىلىمدىن ئۇلۇش ئال.

272 كىشى كۆركى سۆز ئول، بۇ سۆز ئۆك تەلىم،
يورى، ئەدگۇ سۆزلۇگ كىشىگ ئۆگ تىلىم.

كىشى كۆركى سۆزدۇر، سۆزنىڭ تۇرى كۆپ،
يۇر، ئەي تىلىم، ياخشى سۆزلۇك كىشىنى ماختا.

273 مەسەل كەلدى تۇركچە مۇڭار مەڭزەتۇر،
ئانى سۆزلەدىم مەن مۇنۇ ياڭزاتۇر.
تۇركچە مۇنداق بىر مەسەل بار،
ئۇنى مەن مۇنداق سۆزلىدىم:

274 ئۇقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۇز ئول، بۇ يۇز كۆركى كۆز.
ئەقىل كۆركى تىلدۇر، تىلنىڭ كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۇزدۇر، يۇزنىڭ كۆركى كۆز.

275 تىلى بىرلە يالگۇق سۆزى سۆزلەنۇر،
سۆزى ياقشى بولسا يۇزى سۇۋلانۇر.
ئىنسان سۆزىنى تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ،
سۆزى ياخشى بولسا، يۇزى يورۇق بولىدۇ.

276 كۆرۇ بارسا ئەمدى بۇ تۇرك بەگلەرى،
ئاژۇن بەگلەرىندە بۇلار يەگلەرى.
نەزەر سېلىنسا، بۇ تۇرك بەگلىرى
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىلىرى ئىدى.

277 بۇ تۇرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۇلۇگ،
توڭا ئالپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۇلۇگ.
تۇرك بەگلىرى ئىچىدە نامى مەشھۇر بولغىنى
سائادەتمەن توڭا ئالىپ ئەر ئىدى.

278 بەدۇك بىلكى بىرلە ئۆكۇش ئەردەمى،
بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ بودۇن كۆدرۇمى.
بۇيۇك بىلىمى ۋە نۇرغۇن پەزىلەتلىرى بىلەن،
بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، خەلقنىڭ خىلى (ئىدى).

279 نە ئۆدرۇم، نە كۆدرۇم، نە ئەرسىگ ئەرەن،
ئاژۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جەھان.
(ئۇ) ئاجايىپ خىل، يارامىلىق، جەسۇر ئەر ئىدى،
دۇنيادا زىرەك ئەر (لەر) جاھان سورىدى.

280 تەژىكلەر ئايۇر ئانى ئەفراسىياب،
بۇ ئەفراسىياب تۇتتى ئەللەر تالاپ.
تاجىكلار ئۇنى ئەفراسىياب (دەپ) ئاتايدۇ،
بۇ ئەفراسىياپ ئەللەرنى ئىگىلەپ، باشقۇردى.

281 ئەدى ئارتۇق ئەردەم كەرەك ئۆگ، بىلىك،
ئاژۇن تۇتغۇقا ئۆترۇ سۇنسا ئەلىگ.
ناھايىتى كۆپ پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم كېرەككى،
جاھان سورىغۇچى ئاندىن (جاھانغا) قول سۇنسۇن،

282 تەژىكلەر بىتىكدە بىتىمىش مۇنى،
بىتىكدە يوق ئەرسە كىم ئۇقغاي ئانى.
تاجىكلار بۇنى كىتابتا يازدى،①
كىتابقا يازمىغان بولسا، ئۇنى كىم بىلەتتى؟

283 ئەدى ياقشى ئايمىش ئازىغلىغ كۇر ئەر، A 20
ئازىغلىغ ئەرەن بەرك تۇگۈنلەر يازار.
جەسۇر، باتۇر كىشى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:
جەسۇر كىشى چىگىچ تۇگۈنلەرنى يېشىدۇ.

284 مىڭ ئەردەم كەرەك بۇ جەھان تۇتغۇقا،
كۆر، ئارسلان كەرەك بۇ قۇلان باسغۇقا.
جاھان سوراش ئۈچۈن مىڭلىغان پەزىلەت كېرەك،
قۇلاننى بېسىش ئۈچۈن ئارسلان كېرەك.

285 ئاژۇنچىقا ئەردەم كەرەك مىڭ تۇمەن، B 33
ئانىن تۇتسا ئەل ـ كۈن كەتەرسە تۇمان.
جاھان سورىغۇچىغا مىڭ تۈمەن پەزىلەت كېرەككى،
ئۇنىڭ بىلەن ئەل ـ يۇرتنى سورايدۇ ۋە تۇماننى كەتكۈزىدۇ.

286 قىلىچ ئۇرسا، پىچسا ياغى بوينىنى،
تۆرۈ بىرلە تۇزسە ئەلى، بودنىنى.
(جاھان سورىغۇچى) قىلىچ ئۇرۇپ دۈشمەن بوينىنى كەسسۇن،
قانۇن بىلەن ئېلى ۋە خەلقىنى تۈزسۇن.

① بۇ يەردە فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

10

بىلىك ئوقۇش ئەردەمىن ئاسىغىن ئايۇر

بىلىم ۋە ئىدراك ـ پاراسەتنىڭ پەزىلىتى، پايدىسى ئېيتىلىدۇ

287 تىلەكىم سۆز ئەردى، ئاي بىلگە بۆگۈ،
ئۇقۇشۇغ، بىلىكىگ ئۈزۈم سۆزلەگۈ.
تىلىكىم سۆز ئىدى، ئەي دانىشمەن ئالىم،
پاراسەت، بىلىم ھەققىدە ئۆزۈم سۆزلەيمەن.

288 ئۇقۇش ئول يۇلاتەك قاراڭقۇ تۇنى،
بىلىك ئول يارۇقلۇق يارۇتتى سەنى.
پاراسەت ــ قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ،
بىلىم ــ يورۇقلۇق (بولۇپ) سېنى يورۇتىدۇ.

289 ئۇقۇشۇن ئاغار ئول، بىلىكىن بەدۇر،
بۇ ئىككى بىلە ئەر ئاغىرلىق كۆرۈر.
كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ.

290 مۇڭار پۇتمەسە كۆر بۇ نۇشىن رەۋان،
ئۇقۇش كۆزى بىرلە يارۇتتى جەھان.
بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ نۇشىرۋانغا قارا ،
(ئۇ) جاھاننى پاراسەت كۆزى بىلەن يورۇتتى.

291 تۆرۈ تۈز يورىتتى، بايۇدى بودۇن،
ئاتىن ئەدگۈ قىلدى ئول ئەدگۈ ئۆدۇن.
توغرا قانۇن يۈرگۈزدى، خەلقى بېيىدى،
ياخشى دەۋرانى بىلەن نامىنىمۇ ياخشى قىلدى.

292 ماڭار تەگدى مۇنداغ بىلىكلىگ سۆزى،
تامۇدىن يىرار تەپ تامۇلۇق ئۆزى.

---

① نۇشىن رەۋان ــ 6 ـ ئەسىردە ياشاپ، ئادىللىقتا داڭ چىقارغان ئىران شاھى.

بىلىملىكنىڭ مۇنداق بىر سۆزى يادىمغا كەلدى:
(بىلىملىك) دەۋزەخى بولسا، دەۋزەختىن يىراقلىشىدۇ.

293 كىچىگ ئوغلانىغ كۆر، ئۇقۇشقا ئۇلام،
ياشى يەتمەگىنچە يورىماز قىلام.
كىچىك ئوغلاننى كۆر، ئىدراكقا يېتىپ،
يېشىغا تولمىغۇچە قەلەم يۈرگۈزمەيدۇ.

294 ئۇقۇشلۇق كىشى، كۆر، قارىسا مۇنار،
ئۇقۇش كەتتى تەپ ھەم قەلەم ـ مە تىنار.
كۆرگىنكى، ئىدراكلىق كىشىلەر قېرىسا ئازىدۇ،
ئىدراك كەتتى، دەپ قەلەمنىمۇ توختىتىدۇ.

295 قالى تەلۋە ئۇرسا، كۆر، ئۆلسە كىشى،
ئۆلۈم يوق ئاڭار ھەم بەرىلمەز شىشى.
ئەگەر تەلۋە كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، زەخمەت يەتكۈزۈلمەيدۇ.

296 نەگۈلۈك تەسە سەن، ئۇقۇشسۇز تۇرۇر،
ئۇقۇشسۇز كىشىلەر ئۇلۇگسۇز تۇرۇر.
نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ ئىدراكسىزدۇر،
ئىدراكسىز كىشىلەرنىڭ (ھېچنېمىدە) ھەسسىسى بولمايدۇ.

297 ئۇقۇشقا تۇرۇر بۇ ئاغىرلىق، ئەتىك،
ئۇقۇشسۇز كىشى بىر ئاۋۇچچا تەتىك.
قەدىر ـ قىممەت ئىدراك ئۈچۈندۇر،
ئەقىل ـ ئىدراكسىز كىشى بىر ئوچۇم لايدۇر.

298 كۆرۈ بارسا ياقشى ئايۇر بۇ سۆزۈگ،
ئۇقۇشسۇز، بىلىكسىز بەدۇتمەز ئۆزۈگ.
سەپسېلىپ قارىساڭ، بۇ سۆز ياخشى ئېيتىلغان:
ئەقىل ـ ئىدراكسىز، بىلىمسىزلەر ئۆزىنى يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ.

299 كۆرۈ بارسا بارچا ئۇرۇر بۇ كەدۈك، B 34
ئۇقۇشلۇغ بىلىكلىگ، كۆر، ئەسلى كەدئۆك.
نەزەر سالساڭ، بارچە كىيىم كىيىدۇ،
ئىدراكلىق، بىلىملىكلەر (كىيىم بىلەن ئەمەس) ئەسلى بىلەن قەدىرلىكتۇر.

300 ئۇقۇش بولسا ئەسلى بولۇر بولسا ئەر،
بىلىك بولسا بەگلىك قىلۇر قىلسا ئەر.
ئىدراكلىق (كىشى) ئېسىل ئەر بولىمەن دېسە بولالايدۇ،
بىلىمى بولغان ئەر بەگلىك قىلسىمۇ قىلالايدۇ.
301 كىمىڭدە ئۇقۇش بولسا ئەسلى بولۇر،
قايۇدا بىلىك بولسا بەگلىك بۇلۇر.
كىمدە ئەقىل ـ ئىدراك بولسا، ئۇ ئېسىل (ئىنسان) بولىدۇ.
كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بەگلىككە ئېرىشەلەيدۇ.
302 ياغىز يەر ئۆزە يالڭۇق ئوغلى ئەلىگ
كۆتۈردى، قامۇغقا يەتۈردى بىلىك.
بوز يەر ئۈستىدە ئىنسان بالىسى قول كۆتۈردى،
ھەممىنى بىلىم بىلەن بەرپا قىلدى.
303 ئۇقۇش بىرلە ئەسلى ئاتانۇر كىشى،
بىلىك بىرلە بەگلەر ئەتەر ئەل ئىشى.
كىشى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئېسىل ئاتىلىدۇ،
بەگلەر ئەل ئىشىنى بىلىم بىلەن يۈرگۈزىدۇ.
304 تۈمەن مىڭ تۈ ئەردەم، ئۆكۈش، ئۆگدىلەر
ئۇقۇش بىرلە قىلمىش ئۈچۈن ئۆگدىلەر.
تۈمەنمىڭ خىل پەزىلەتلەر، كۆپ مەدھىيەلەنگەن (ئىشلار)،
ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ماختالغاندۇر.
305 ئۇقۇش ئازىن ئازلانما، ئاسغى ئۆكۈش،
بىلىك ئازىن ئازلانما، ئەرگە كۆسۈش.
ئىدراك ئازلىقىنى ئاز دېمە، ئۇنىڭ پايدىسى كۆپتۇر،
بىلىم ئازلىقىنى ئاز دېمە، (ئۇ) ئەر ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر.
306 بۇ تۆرت نەڭ ئازىن ئازقا تۇتما نەگۇ،
بۆگۈ سۆزلەمىش سۆز ئەشىتگۈ ئۆگۈ.
دانا سۆزلىگەن مۇنۇ تۆت نەرسىنىڭ ئازلىقىنى ئاز دەپ سانىما،
(بۇ) سۆزنى زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا:
307 بۇ تۆرتتە بىرى ئوت، بىرىسى ياغى،
ئۈچۈنچى ئىگ ئول، كۆر تىرىگلىك ئاغى.

بۇ تۆتىنىڭ بىرى ئوت، بىرى ياۋدۇر،
ئۈچىنچىسى، تىرىكلىكنىڭ كۈشەندىسى بولغان كېسەلدۇر.

308 باساسى بىلىك ئول بۇلاردا بىرى،
تۇ تۆرت نەڭ ئۈچۈز تۇتما، يۈكسەك تۆرى.

بۇلاردىن ئاخىرقى بىرى بىلىمدۇر،
بۇ تۆت نەرسىنى سەل چاغلىما، قىممىتى يۈكسەكتۇر.

309 بۇ تەگمە بىرى ئاسغى، ياسى تەلىم،
قايۇسى بەرىمتەك، قايۇسى ئالىم.

بۇلاردىن ھەربىرىنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ كۆپ،
بەزىسى بېرىمدەك، بەزىسى ئېلىمدەك (زۆرۈر).

310 بىلىك كىمياتەك ئول، نەڭ ئەركلۈ تۇرۇر،
ئۇقۇش ئوردۇسى ئول، نەڭ ئۈگلۈ تۇرۇر.

بىلىم گويا كىميادۇركى[1]، (پۈتۈن) نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ،
ئۇ ئىدراك ئوردىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا جەملىنىدۇ.

311 يىپارلى، بىلىكلى تەڭى بىر ياڭى،
تۇتۇپ كىزلەسە بولماز ئۆزدە ئۆڭى.

ئىپار ۋە بىلىم بىر ـ بىرىگە ئوخشاش نەرسىلەردۇر،
ئۇنى ئۆزۈڭدە يوشۇرۇپ ساقلاشقا بولمايدۇ.

312 يىپار كىزلەسە سەن، يىدى بەلگۈرەر،
بىلىك كىزلەسە سەن تىلىگ ئۈلگۈلەر.

سەن ئىپارنى يوشۇرساڭ (ئۇنىڭ) ھىدى بىلىنىپ قالىدۇ،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ ئاشكارا قىلىدۇ.

313 بىلىك بايلىق ئول بىر چىغاي بولغۇسۇز، A21
تەگىپ ئوغرى، تەۋلىگ ئانى ئالغۇسۇز.

بىلىم بىر بايلىقتۇركى، (ئۇ زادى) كەمبەغەللەشمەيدۇ،
ئوغرى، ھىيلىگەرلەرمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ.

314 كىشەن ئول كىشىگە بىلىك ھەم ئۇقۇش،
كىشەنلىگ ياراغسىزقا بارماز ئۆكۈش.

---

① كىميا ــ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خۇددى ماگنىتتەك نەرسىلەرنى ئەتراپىغا يىغقۇچى بىر خىل ماددا دەپ پەرەز قىلىنغان.

بىلىم ۋە ئىدراك كىشى ئۈچۈن كىشەندۇر،
كىشەنلىك (كىشى) يارىماس ئىشلارغا يېقىن بارالمايدۇ.

B 35 315 سەۋۈگرەك ئاتىن ئەر كىشەنلىگ تۇتار،
كەرەكلىگ ئاتىن، كۆر، كۇدەزلىگ تۇتار.
كىشى ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى كىشەنلەپ تۇتىدۇ،
مىنىشلىك ئېتىنى بولسا، كۆزىتىپ ساقلايدۇ.

316 كىشەنلىگ كۇرەمەز، كەرەكچە يورىر،
تۇشاغلىغ يىراماز تىلەكچە بارىر.
كىشەنلىك قاچالمايدۇ، خالىغىنىڭچە يۇرىدۇ،
چۇشەكلىك يىراقلاشمايدۇ، خالىغان يېرىڭدە تۇرىدۇ.

317 ئۇقۇش ئول ساڭار ئەدگۇ ئاندلىغ ئاداش،
بىلىك ئول ساڭا كەد باغىرساق قاداش.
ئەقىل ـ ئىدراك ساڭا ياخشى ۋە ئىشەنچلىك ئاداشتۇر،
بىلىم ناھايىتى مېھرىبان قېرىنداشتۇر.

318 بىلىكسىزگە بىلكى، قىلىنچى ياغى،
ئادىن بولماسا تاپ بۇ ئىككى چوغى.
بىلىمسىزگە بىلگىنى ۋە قىلىقى دۇشمەندۇر،
باشقىسى بولمىغاندىمۇ، بۇ ئىككى جېدەل يېتەرلىكدۇر.

319 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى تۇركچە مەسەل،
ئوقىغىل، مۇنى سەن كۆڭۈل ـ ئۆگكە ئال.
بۇنىڭغا تەقلىدتەن تۈركچە تەمسىل (ئېسىمگە)كەلدى،
بۇنى سەن ئوقۇغىن، ئەس ـ يادىڭدا تۇت:

320 ئۇقۇشلۇغ كىشىگە ئەشى تاپ ئۇقۇش،
بىلىكسىز كىشىگە ئاتى تاپ سۆكۈش.
ئىدراكلىق كىشى ئۈچۈن ئىدراكىنىڭ ئۆزى چىن دوستتۇر،
بىلىمسىز كىشىگە ناملا يېتەرلىك ھاقارەتتۇر.

321 بىلىكلىگكە بىلكى تۇگەل تون، ئاش ئول،
بىلىكسىز قىلىنچى ياۋۇز قولداش ئول.
بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتۇر،
بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر.

322 ئۇقۇشلۇق كەد ئەر، ئۆڭكە ئۆزدىن يىرات،
بىلىكلىگ بەگ ئەر پۇشما، ئەدگۇ قىل ئات.

ئەي ئىدراكلىق ياخشى ئادەم، غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر،
بىلىملىك بەگ، قەھرلەنمە، نامىڭنى ياخشى قىل.

323 بۇ ئىككى بىلە ئىشكە ياقما ئەۋە،
قالى ياقسا قىلدىڭ تىرىگلىك ياۋا.

بۇ ئىككىسى بىلەن ئىشقا ئالدىراپ يېقىنلاشما.
ئەگەر يېقىنلاشساڭ ئۆمرۈڭنى زايە قىلىسەن.

324 ئۆكۈنچلۈگ بولۇر تۇتشى ئۆڭكە ئىشى،
يازۇقلۇق بولۇر ئىشتە پۇشسا كىشى.

غەزەپ بىلەن قىلىنغان ئىش دائىم پۇشايمانلىق بولىدۇ.
كىشى قەھرلەنسە ئىشتا ئادىشىدۇ.

325 ئامۇللۇق كەرەك ئەرگە قىلقى ئوڭاي،
ئۆرۈگلۈك كەرەك بەگكە توغسا كۈن، ئاي.

كىشى ئېغىر - بېسىق، سالماق مىجەزلىك بولۇشى كېرەك.
بەگ ۋەزمىن بولسا كۆڭلىرى يورۇق بولىدۇ.

326 تۈزۈنلۈك كەرەك ھەم سىلىكلىگ كەرەك،
ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىكلىگ كەرەك.

مۇلايىم ھەم خۇش پېئىل بولۇش كېرەك،
ئەقىل - ئىدراكلىق ھەم بىلىملىك بولۇش كېرەك.

327 ئۇقۇشلۇغ كەرەك كەد ئۆدۈرسە كىشىگ،
بىلىكلىگ كەرەك كەد پۈتۈرسە ئىشىگ.

كىشىنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن ئىدراكلىق بولۇش كېرەك.
ئىشنى ياخشى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن بىلىملىك بولۇش كېرەك.

328 ياراغلىغ ياراغسىزنى تەترۈ كۆرۈپ،
كەرەكلىگ، كەرەكسىزنى كەرتۈ سورۇپ.

يارامسىز، يارامىلىقنى ئېنىق كۆزىتىپ،
كېرەكلىك، كېرەكسىزنى ھەقىقىي سۈرۈشتۈرۈپ،

329 ئادىرسا، ئۆدۈرسە سەچە بىلسە ئۆز،
قامۇغ ئىش ئىچىندە يىتىگ تۇتسا كۆز.

ئۆزى ئايرىپ ـ تاللاپ، پەرقلەندۈرەلىسە،
ھەممىلا ئىشتا كۆزىنى ئۆتكۈر قىلسا،

330 بولۇر ئۆترۈ ئىشلەر پۈتۈن ھەم پىشىغ، B36
بىلىكلىگ كىشلەر پىشىغ يەر ئاشىغ.

ئاندىن ئىشلار مۇكەممەل ھەم پىششىق بولىدۇ،
(چۈنكى) بىلىملىك كىشلەر ئاشنى پىششىق يەيدۇ.

331 تىلەككە تەگىر ئول بۇ ياڭلىغ كىشى،
ئىكىگۈ ئاژۇندا ئەتىكلىگ ئىشى.

بۇ خىل كىشلەر تىلىكىگە يېتىدۇ،
ئىككىلا دۇنيادا ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

332 يۇشاقلىق بىلە ئەرگە ئۆڭكە ياۋۇز،
بۇ ئىككى بىلە تۇتچى ئەمگەر ئەت ـ ئۆز.

قەھرلىنىش بىلەن غەزەپ ئادەم ئۈچۈن ياۋۇز (نەرسە)،
بۇ ئىككىسى بىلەن ۋۇجۇد داۋاملىق ئەزىيەت چېكىدۇ.

333 ئەشىتگىل، نەگۈ تەر بۆگۈ بىلگە تەڭ،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئايا قىزغۇ ئەڭ.

بىلىملىك دانىشمەنىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي مەڭزى قىزىل (كىشى):

334 يۇشى بولسا يالڭۇق بىلىكسىز بولۇر،
قالى ئۆڭكە كەلسە ئۇقۇشسۇز قىلۇر.

ئىنسان قەھرلىك بولسا، ئەقىلدىن ئازىدۇ،
ئەگەر غەزەپ كەلسە، پاراسەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

335 يۇشىلىق ياۋۇز ئەرگە، ئەلتۇر بىلىك،
ئوتۇنلۇق قىلۇر يۇشسا قىلقى سىلىگ.

قەھرلىنىش كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر، ئۇ بىلىمنى يوقىتىدۇ،
ئالىيجاناب كىشلەرمۇ قەھرلەنسە قوپاللىق قىلىدۇ.

336 ئەشىتگىل نەگۈ تەر بىلىكلىگ كىشى،
بىلىكلىگ سۆزى چىن سەۋۈگ جان تۇشى.

بىلىملىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىملىكنىڭ سۆزى ـــ ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك جانغا ئوخشاشتۇر.

337 بۇ بىر قاچ نەڭ ئول، كۆر، كىشىگە ياۋۇز،
مۇنى بىلسە يالڭۇق ئىلىقار ئەت ئۆز.
قارا، بۇ بىرقانچە نەرسە كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر،
ئىنسان ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ.

338 بۇلاردا بىرىسى بۇ تىل يالغانى،
مۇنىڭدا باساسى سۆزۈگ قىيغانى.
بۇلاردىن بىرى — يالغان سۆزلەش،
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى — سۆزدە تۇرماسلىق.

339 ئۈچۈنچى تاقى بىر بور ئىچسە سەۋە،
سەزىكسىز بۇ ئەر بولدى بىرتەم ياۋا.
ئۈچىنچى بىرى — ئىچىملىككە بېرىلىش،
بۇنداق ئادەم، شۈبھىسىزكى، تامامەن بىھۇدە ياشايدۇ.

340 تاقى بىرى ئەركە بۇ ئارقۇق قىلىنچ،
بۇ ئارقۇق قىلىنچلىغقا بولماز سەۋىنچ.
ئادەم ئۈچۈن يەنە بىر جاھىل قىلىقتۇر،
جاھىل مىجەزلىك (ئادەمگە) خۇشاللىق بولمايدۇ.

341 يانا بىر ئارىغسىز بۇ قىلقى ئوتۇن،
كىشىلەر ئەۋىندە بۇ قوپرۇر تۇتۇن.
يارىماس (ئادەتنىڭ) يەنە بىرى پەسكەش قىلىقتۇر،
بۇنداق ئادەم كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە سورۇقچىلىق سالىدۇ.

342 يانا بىر تىلى ئەل پۇشى، ئۆۋكەلىگ،
ئۇلىتۇر كىشىگ سۆكسە، ئاچسا تىلىگ.
يەنە بىرى: تىلى يامان، قەھر - غەزەپلىك بولۇش،
(بۇنداقلار) ئېغىز ئېچىپ سۆكسە، كىشىنى ئازابلايدۇ.

343 بۇ قاچ نەڭ بىرىكسە بىرەگۈ ئۇزە،
ئانىڭدىن يىرار ئول ئىدۇق قۇت تەزە.
بۇ بىرقانچە نەرسە بىر (ئادەمدە) يىغىلسا،
ئۇنداقلاردىن مۇقەددەس بەخت تېزىپ يىراقلىشىدۇ.

344 بولۇ بەرمەز ئەۋرەن، باشى تەزگىنۇر،
ئانىڭ بىرلە قىلقى - ياڭى تەزگىنۇر.

پەلەك ئاڭا باقمايدۇ، بېشى گاڭگىراپ قالىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇي ـ پەيلىمۇ ئاينىيدۇ.

345 يورى ئەدگۈلۈك قىل، ئاي ئەدگۈ كىشى، B37
ئەتىكلىگ بولۇر تۇتچى ئەدگۈ ئىشى.

يۇر، ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىل،
ياخشى (كىشىنىڭ) ئىشى دائىم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

346 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى قىلقى سىلىگ، A22
سىنايۇ تەگىپ ئەلگە سۇنمىش ئەلىگ.

ئەمدى، سىناقلار ئارقىلىق يۇكسىلىپ، ئەل ئىشىنى
باشقۇرغان، خۇش پېئىل كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

347 قارىماز بۇ ئەدگۇ نەچە يىللاسا،
ئەسىزلىك ئەدىكمەز نەچە ئەدلەسە.

ياخشىلىق نەچچە يىللار ياشىسىمۇ قېرىمايدۇ،
يامانلىقنى قانچە پەرۋىش قىلسىمۇ تۈزەلمەيدۇ.

348 ياشى قىسغا ئەسىز، ئۆكۈنچۈن قارىر،
ئۇزۇن ياشلىغ ئەدگۇ، ئۆكۈنچسۈز يورىر.

يامانىنىڭ يېشى قىسقا، (ئۇ) پۇشايمان بىلەن قېرىيدۇ،
ياخشىلىقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، (ئۇ) پۇشايمانسىز يۈرىدۇ.

349 تىلەكىن بۇلۇر ئەدگۇ كۈندە ياڭى،
ئەسىزنىڭ كۈنگە مىڭ ئارتار مۇڭى.

ياخشى ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى تىلىكىنى تاپىدۇ،
يامانىنىڭ غېمى كۈندە مىڭلاپ ئاشىدۇ.

11

كىتاب ئاتى ـــ يۆرۈگىن يەمە ئاۋۇچغالىقىن ئايۇر

كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە (ئۆزىنىڭ) قېرىلىقى سۆزلىنىدۇ

350 كىتاب ئاتى ئۇردۇم «ۇقاتدۇغ بىلىك»،
قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ.
كىتابنىڭ نامىنى «قۇتادغۇ بىلىك» قويدۇم.
ئوقۇغانلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە يول كۆرسەتسۇن.

351 سۆزۈم سۆزلەدىم مەن بىتىدىم بىتىك،
سۇنۇپ ئىككى ئاژۇنىنى تۇتغۇ ئەلىگ.
مەن سۆزۈمنى سۆزلىدىم (ۋە بۇ) كىتابنى يازدىم،
(بۇ) ئىككى دۇنيانى تۇتۇشقا سۇنۇلغان قول (بولسۇن).

352 كىشى ئىككى ئاژۇنىنى تۇتسا قۇتۇن،
قۇتادمىش بولۇر، بۇ سۆزۈم چىن، پۇتۇن.
كىشى ھەر ئىككى دۇنيانى بەختلىك ھالدا (قولىدا) تۇتالىسا،
بەختلىك بولىدۇ، بۇ سۆزۈم ھەق، راستتۇر.

353 بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگ تەدىم سۆز باشى،
يۆرۈگىن ئايايىن، ئاي ئەدگۇ كىشى.
كۈنتۇغدى ئەلىگنى سۆز بېشى دېدىم،
ئەي ياخشى كىشى، (ئۇنىڭ) تەرىپىنى قىلاي.

354 باسا ئايدىم ئەمدى بۇ ئايتولدىنى،
ئانىڭدىن يارۇيۇر ئىدۇق قۇت كۈنى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئايتولدىنى سۆزلىدىم،
ئۇنىڭدىن مۇقەددەس بەخت كۈنى يورۇيدۇ،

355 بۇ كۈنتۇغدىتەكلى تۆرۈ ئول كۆنى،
بۇ ئايتولدىتەكلى قۇت ئول، كۆر ئانى.

بۇ كۆنتۈغدى دېگىنىم قانۇن، ئادالەتتۇر،
ئايتولدى دېگىنىم بەخت ـ سائادەتتۇر.
356 باسا ئايدىم ئەمدى، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
ئۇقۇش ئاتى ئول بۇ، بەدۇتۇر كىشىگ.
ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشنى سۆزلىدىم،
ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ نامى بولۇپ، كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرىدۇ.
357 ئانىڭدا باساسى بۇ ئودغۇرمىش ئول،
مۇنى ئاقىبەت تەپ ئۆزۈم يورمىش ئول.
بۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئودغۇرمىشتۇر،
ئۇنى ئۆزۈم ئاقىۋەت دەپ تەرىپلىدىم.
358 بۇ تۆرت نەڭ ئۇزە سۆزلەدىم مەن سۆزۈگ، B38
ئوقىسا ئاچىلغاي، يىتىگ قىل كۆزۈگ.
سۆزۈمنى شۇ تۆت نەرسە ئۈستىدە سۆزلىدىم،
ئوقۇساڭ (ھەممىسى) ئېچىلىدۇ، كۆزۈڭنى ئۆتكۈر قىل،
359 سەۋىنچىن يورىغلى، ئاي ئەدگۈ يىگىت،
سۆزۈمنى ياۋا قىلما، كۆڭلۈن ئەشىت.
خۇشال ـ خۇرام ھايات كەچۈرگەن، ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايە قىلماي، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا.
360 قاتىغلان، ياڭىلما كۆنىلىك يولىن،
يىگىتلىك ياۋا قىلما، ئاسغىن ئالىن.
تىرىشقىن، ئادالەت يولىدىن ئاداشما،
يىگىتلىكىڭنى زايە قىلما، (ئۇنىڭ) پايدىسىنى ئال.
361 كۆسۈش تۇت يىگىتلىك، كەچەر سەندە تەرك،
قاچار بۇ تىرىگلىك نەچە تۇتسا بەرك.
يىگىتلىكىڭنى قەدىرلە، ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
قانچىلىك مەھكەم تۇتساڭمۇ، تىرىكلىك سەندىن قاچىدۇ.
362 سەنىڭدە بار ئەركەن يىگىتلىك كۈچى،
ياۋا قىلما، تائەت ـ تاپۇغ قىل تۇچى.
سېنىڭدە يىگىتلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار ئىكەن،
(ئۇنى) زايە قىلما، داۋاملىق تائەت، ئىبادەت قىل.

363 كۆسەرمەن يىگىتلىككە، ئۆكنۈر ئۆزۈم،
ئۆكۈنچۈم ئاسىغ يوق، كەسەرمەن سۆزۈم.
يىگىتلىكىمگە قايغۇرىمەن، ئۆكۈنىمەن،
(ئەمما) ئۆكۈنۈشۈمنىڭ پايدىسى يوق، سۆزۈمنى توختىتىمەن.

364 كىمىڭ قىرقتا كەچسە تىرىگلىك يىلى،
ئەسەنلەشتى ئەرگە يىگىتلىك تىلى.
كىمنىڭ ئۆمرىدە يېشى قىرىققا يەتسە،
يىگىتلىك ئۇ ئەر بىلەن خوشلىشىدۇ.

365 تەگۈردى ماڭا ئەللىگ ياشىم،
قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈستەك باشىم.
ماڭا ئەللىك يېشىم قولىنى تەگكۈزدى،
قۇزغۇن تۈسىدەك (قارا) بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى.

366 ئوقىر ئەمدى ئالتمىش ماڭار كەل تەيۇ،
پۇسۇغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ.
ئاتمىش (ياش) ئەمدى مېنى «كەل» دەپ چاقىرىۋاتىدۇ،
(ئەجەل) پىستىرمىسىغا يولۇقمىسام، ئەمدى ئۇياققىمۇ بارىمەن.

367 كىمىڭ ياشى ئالتمىش تۈكەتسە ساقىش،
تاتىغ باردى ئاندىن، يايى بولدى قىش.
كىمنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى تۈگەتسە،
ئۇنىڭدىن (ھايات) لەززىتى كېتىدۇ، يازى قىش بولىدۇ.

368 ئوتۇز يىغمىشىن ياندرۇ ئالدى ئەلىگ،
نەگۈ قىلغاي ئالتمىش تەگۈرسە ئەلىگ.
ئوتتۇز ياشتا يىغقانلارنى ئەللىك ياش ياندۇرۇۋالدى،
ئاتمىش ياش قول ئۇزارتسا نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟

369 نەگۈ قىلدىم ئەركى ئەلىگ مەن ساڭا، A 23
نەلۈك تۈردۈڭ ئەمدى بۇ ئۆچكە ماڭا.
(ئەي) ئەللىك ياش، مەن ساڭا نېمە قىلغانىدىم،
نېمىشقا مەندىن ئۆچ ئېلىشقا تۇردۇڭ؟

370 تاتىغ ئەردى بارچا يىگىتلىك ئىشىم،
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەرئاشىم.

يىگىتلىكىمدىكى بارچە ئىشىم لەززەتلىك ئىدى.
ئەمدى مېنىڭ يەيدىغان ئېشىمنى ئوغا قىلدى.

371 بودۇم ئەردى ئوق ـ تەك، كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوق ـ تەك بودۇم بولدى يا.
قەددىم ئوقتەك (تۈز)، قەلبىم يادەك (ئەگرى) ئىدى،
قەلبىمنى ئوقتەك قىلغۇچە، قەددىم يادەك بولدى.

372 يىگىتلىك نەگۈ يىغدى ئەرسە ماڭا،
قارىلىق كەلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.
يىگىتلىك ماڭا نېمە يىغىپ بەرگەن بولسا،
قېرىلىق كېلىپ ئېلىپ كەتتى، (ئۇ) ساڭىمۇ كېلىدۇ.

373 ئايا چەرگۈچى كەل مەنى چەرگۈلە، B 39
يىل، ئاي تۇتغۇنى بولدۇم ئەمگەك بىلە.
ئەي قۇتۇلدۇرغۇچى، كەل، مېنى قۇتۇلدۇر،
مۇشەققەت بىلەن يىل ۋە ئايلارنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قالدىم.

374 كىشەنسىز كۈلۈندى، ماڭۇماز ئاداق،
تۇنەردى، يارۇماز كۆرۈگلى قاراق.
ئايىغىم كىشەنسىزلا پۇتلاشتى، ماڭالماس بولدى.
كۆرىدىغان (كۆز) قارىچۇقۇم قاراڭغۇلاشتى، يورۇماس بولدى.

375 تاتىغ باردى، ئۆچتى قۇرۇغساق ئوتى،
يىرادى مەنىڭدىن يىگىتلىك ئاتى.
(هايات) لەززىتى كەتتى، قەلبىمنىڭ ئوتى ئۆچتى،
يىگىتلىك نامى مېنىڭدىن يىراقلاشتى.

376 ئودۇنغىل، ئاي كۆكچىن، ئۆلۈمگە ئانۇن،
بۇ كەچمىش كۈنۈڭگە سىغىت قىل ئۇنۇن.
ئويغان، ئەي ئاقساقال، ئۆلۈمگە هازىرلان،
ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭ ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلا.

377 كەچىپ باردى ئۆد ـ كۈن ياۋالىق بىلە،
بۇ قالمىش كۈنۈڭ بىرلە ئۈزرۈڭ تىلە.
ۋاقىت، كۈنلەر بىهۇدە ئۆتۈپ كەتتى،
قالغان كۈنلىرىڭدە ئۆزرەڭنى سورىغىن.

378 ئاي مۇڭسۇز ئىدىم، مەڭۇ تۇتچى تىرىگ،
ئۆلۈمگە تۆرۈتتۈك بۇ سانسىز تىرىگ.
ئەي موھتاجسىز، مەڭگۈ ۋە دائىم تىرىك ئىگەم،
بۇ سانسىز تىرىكلەرنى ئۆلۈم ئۈچۈن ياراتقانسەن،

379 تىلەر مەن سەنىڭدىن دۇئام بۇ سۆزۈن،
تىرىگ تۇتغىل ئانچە، ياشىم قىل ئۇزۇن.
سەندىن بۇ سۆز بىلەن دۇئا تىلەيمەن:
مېنى بىرمۇنچە (ۋاقىت) تىرىك قىل، يېشىمنى ئۇزارت.

380 سەنىڭدىن قۇلۇپ كۈچ بۇ سۆز باشلادىم،
تۆگەل قىلغۇقا كۈچ سەن ئۆك بەر ئىدىم.
سېنىڭدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلەپ بۇ سۆزنى باشلىدىم.
بۇنى تۈگەتكۈچە، سەنلا كۈچ بەرگىن، ئەي ئىگەم.

381 تىلىم تىنما ئۆگكىل ياراتغلىنى،
ياراغسىزنى مەندىن يىراتغلىنى.
(ئەي) تىلىم، ياراتقۇچىنى (ۋە) يارامسىزلارنى
مەندىن يىراقلاشتۇرغۇچى (ئىگەم)نى تىنماي مەدھىيەلە.

382 ئۆدۈردى، تۆرۈتتى، يارۇتتى كۆڭۈل،
كۆنى يول ئۆزە تۇتتى كۆڭلۈم ئامۇل.
(چۈنكى ئۇ) تاللىدى، ياراتتى، كۆڭلۈمنى يورۇتتى،
كۆڭلۈمنى توغرا يول ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە تۇتتى.

383 قاراڭقۇدا ئەردىم، يارۇتتى تۇنۇم،
تۇنەرىكدە ئەردىم، توغۇردى كۈنۈم.
قاراڭغۇدا ئىدىم، تۈنۈمنى يورۇتتى،
زۇلمەتتە ئىدىم، كۈنۈمنى تۇغدۇردى.

384 ئازىپ يۇگرۇر ئەردىم، ئايۇ بەردى يول،
كۆيەر ئەردىم ئوتقا، كۇدەزمەسە ئول.
ئادىشىپ يۈرگەنىدىم، يولۇمنى كۆرسىتىپ بەردى،
ئۇ ساقلىمىغان بولسا، ئوتتا كۆيەتتىم.

385 ئۆدۈردى، ئادىردى، كۆتۈردى مەنى،
ئازۇقلار يولىندىن كەتەردى مەنى.

(ئۇ) مېنى تاللىدى، ئايرىدى، يۇكسەلدۇردى،
ھەم ئازغۇنلار يولىدىن چىقاردى.

386 كۆڭۈلۈگ بەزەدى يارۇقلۇق بىلە،
تىلىمنى بەزەدى تانۇقلۇق بىلە.
كۆڭلۈمنى يورۇقلۇق بىلەن زىننەتلىدى،
تىلىمنى شاھادەت بىلەن بېزىدى.

387 كۆڭۈل بەردى كۆز ھەم ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك، B 40
ئاچا بەردى سۆزۈم يورىتتى تىلىگ.
قەلب، كۆز، ئىدراك، ئەقىل ۋە بىلىم بەردى،
تىلىمنى ئېچىپ سۆزۈمنى راۋان قىلدى.

388 ھەبىب ساۋچى يولى مەنى يەتتەچى،
ئول ـ ئول ساۋچى بولسۇ ئەلىگ تۇتتاچى.
مېنى يېتەكلىگۈچى سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنىڭ يولىدۇر،
شۇ پەيغەمبەرلا ماڭا يول كۆرسەتكۈچى بولسۇن.

389 بۇ بارچە ئىدىم فەزلى ئەردى قامۇغ،
ئاغىرلادى مەنتەك تاپۇغسۇز قۇلۇغ.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىگەمنىڭ پەزىلىتىدىن ئىدى،
ئۇ مەندەك تائەتسىز قۇلنى قەدىرلىك قىلدى.

390 مۇنىڭ شۇكرى ئەمدى نەتەك ئۆتەيىن،
تىرىگ بولسا ئۆزۈم يىلىن ھەم ئايىن.
يەنە ئايلار ۋە يىللار ھايات ياشىسامۇ،
بۇنىڭ شۈكۈرسىنى قانداق ئادا قىلارمەن؟

391 ئىلاھى، بىلۇر سەن بۇ ئاجىزلىقىم،
ساڭارئوق ئاچار مەن مۇڭۇم ھەم تاقىم.
ئىلاھىم، بۇ ئاجىزلىقىمنى بىلىسەن،
(شۇڭا) مۇشكۇلۇم ۋە موھتاجلىقىمنى ساڭىلا ئاچىمەن.

392 قىلۇمازما شۇكرۇڭ ساڭا مەن بىرە،
مەنىڭدىن شۇكۇر قىل ساڭا، سەن سىرا.
بۇلارنىڭ ھەممىسىگە لايىق شۇكۇر قىلالمايمەن،
ئەي سىر ـ ھېكمەت ئىگىسى، مېنىڭ ساڭا قىلغان شۇكۇرلىرىمنى قوبۇل قىل.

نەسرىي يەشمىسى

393 كۆنى يول ئۇزە تۇز تۇتا بەر مەنى،
سۇچۇلما مەنىڭدىن بۇ ئىمان تونى.
مېنى تۇز ۋە توغرا يولدىن چىقارما،
مەندىن بۇ ئىمان توننى يەشمىگىن.

394 تەنىمدىن چىقاردا مەنىڭ بۇ جانىم،
شەھادەت بىلە كەسگىل ئاخىر تىنىم.
مېنىڭ بۇ جېنىم تېنىمدىن چىقار ۋاقتىدا،
ئاخىرقى نەپسىمنى شاھادەت بىلەن ئۈز.

395 ئۆزۈم قالسا يالڭۇز قارا يەر قاتىن،
ماڭار ئىدغىل ئاندا ئۆكۈش رەھمەتىن.
قارا يەر قېتىدا ئۆزۈم يالغۇز قالغىنىمدا،
ماڭا ئۇ يەردىمۇ كۆپ رەھمەت قىلغىن.

396 تاپۇغسۇز قۇلۇڭمەن يازۇقۇم ئۆكۈش،
ئۆزۈڭ فەزلى بىرلە كەچۇر، ئاي كۆسۈش.
مەن تائەتسىز بىر قۇلۇڭمەن، گۇناھىم نۇرغۇن،
ئەي قەدىردان، ئۆز پەزىلىتىڭ بىلەن مېنى كەچۇرگىن.

397 قامۇغ مۇئمىنىغ سەن تۆزۈ يارلىقا،
يارىنقى بەقادىن بۇ كۈن قىل لىقا
بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىگە يار ـ يۆلەك بول،
ئەتىكى باقىي (ئالەمنىڭ) دىدارىنى بۇگۇنلا كۆرسەت.

12

سۆز باشى، كۈنتۈغدى ئەلىگ ئۆزە

سۆز بېشى، كۈنتۈغدى ئەلىگ ھەققىدە

398 ئۆقۈش ئۆتگۈنۈر، كۆر، بىلىك بىلدۈرۈر،
ياىغ دۈنيا قىلىقىن ساڭا ئۆقتۈرۈر.
بىلگىنكى، ئىدراك تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇپ، بىلىم بىلدۈرىدۇ،
بۇۋاپا دۇنيانىڭ قىلىقىنى ساڭا ئۇقتۇرىدۇ.

399 بۇ ئەرسەل ياىغ، قىلقى قۇرتغا ئاژۇن
قىلىنچى قىز ئول، كۆرسە ياشى ئۆزۈن.
بۇ تۇراقسىز، بىۋاپا، قېرى دۇنيانىڭ
مىجەزى قىزغا ئوخشايدۇ، سەپسالساڭ، يېشى چوڭدۇر.

400 ئارا قىلقى قىزتەك، قىلىنچى سىلىگ،
سەۋىتۈر، سۈنۈپ تۇتسا، بەرمەز ئەلىگ.
بەزى قىلىقى قىزنىڭكىدەك، خۇلقى چىرايلىق،
ئاشىق قىلىدۇ ـ يۇ، تۇتاي دېسەڭ، قولىنى بەرمەيدۇ.

401 سەۋگىلىنى سەۋمەز، كەيىكتەك قاچار، B41
قاچىغلىقا ياپچۇر، ئاداقىن قۇچار.
سۆيگەننى سۆيمەيدۇ، كېيىكتەك قاچىدۇ،
قاچقانغا يېپىشىدۇ، ئايىغىنى قۇچاقلايدۇ.

402 ئارا كۆرسە، يۇگرۇر بەزەنىپ ئۇدۇ،
ئارا كۆرمەدۈكتەك قىلۇر يەر قودۇ.
بەزىدە قارىساڭ، ئىزدىنىپ ئىزىڭدىن يۈگۈرەيدۇ،
بەزىدە كۆرمىگەندەك (بېشىنى) يەرگە سالىدۇ.

403 ئارا كۆرسە، ئەۋرەر يانا تەرك يۈزىن،
ئاۋاغلار نەچە تۇتسا بەرمەز ئۆزىن.

بەزىدە باقساڭ، يەنە تېزلا يۇزىنى ئۆرۇيدۇ،
قانچە تۇتاي دېسەڭمۇ نازلىنىپ تۇتۇق بەرمەيدۇ.

404 ئۆكۇش بەگ قارىتتى، قارىماز ئۆزى،
تەلىم بەگ كەچۇردى، كەسىلمەز سۆزى.

(ئۇ) كۆپلىگەن بەگلەرنى قېرىتتى ـ يۇ، ئۆزى قېرىمىدى،
تالاي بەگنى (بېشىدىن) كەچۇردى، سۆزى تۈگىمىدى.

*　*　*

405 بەگ ئەردى ئاژۇندا بۆگۇ، بىلگە باش،
بۇ بەگلىك ئۇزەلە ئۇزۇن بولدى ياش.

دۇنيادا بىر دانا ـــ بىلىمدان بەگ بار ئىدى،
ئۇستىدە باش بولۇپ بۇ بەگلىك ئۆتكەندى.

406 بۇ كۇنتۇغدى ئەردى ئاتى بەلگۇلۇك،
ئاژۇندا چاۋىقمىش قۇتى بەلگۇلۇگ.

بۇ ـــ نامى مەشھۇر كۇنتۇغدى ئىدى،
جاھانغا داڭقى چىققان بەختىيار ئىدى.

407 قىلىنچى كۆنى ئەردى، قىلقى ئوڭاي،
تىلى چىن ـ پۇتۇن ھەم كۆزى ـ كۆڭلى باي.

تەبىئىتى دۇرۇس، مىجەزى مۇلايىم،
سۆزلىرى چىن ـ ھەق، كۆزى ـ كۆڭلى باي ئىدى،

408 بىلىكلىگ بەگ ئەردى ئۇقۇشلۇغ، ئودۇغ،
ئەسىزگە ئوت ئەردى ياغىقا يودۇغ.

بىلىملىك، ئىدراكلىق، سەزگۇر بەگ ئىدى،
يامانلارغا ئوت، دۇشمەنگە ئاپەت ئىدى.

409 يانا كۇر، كۇۋەز ئەردى، قىلقى كۆنى،
كۇنىگە كۆتۇردى بۇ قىلقى ئانى.

ئۇ باتۇر ۋە مەغرۇر، توغرا تەبىئەتلىك ئىدى،
بۇ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى كۇنسېرى (يۇقىرى) ئۆرلەتتى.

410 بۇ ياڭلىغ بەگ ئەردى بۇ بىلكى ئۇزە،
تىرىلدى، يورىدى قىلىنچىن تۇزە.
ئۇ شۇنداق بەگ ئىدىكى، بىلىملىرى بىلەن
ياشىدى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى توغرا ئىدى.

411 سىياسەت قىلۇر ئەردى ھىممەت بىلە،
بۇ ھىممەت ياراشۇر مۇرۇۋۋەت بىلە.
غەيرەت ـ ئىشتىياق بىلەن سىياسەت يۈرگۈزدى،
ئىشتىياق ئالىيجانابلىققا يارىشىدىغان ئىش.

412 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى شائىر سۆزى،
ئوقىسا ئاچىلغاي ئوقىغلى كۆزى.
بۇنىڭغا تەقلىدتەن (بىر) شائىرنىڭ سۆزى (ئىبىسمگە) كەلدى،
(بۇنى) ئوقۇسا، ئوقۇغانلارنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ:

413 كەرەك ئەركە ھىممەت، مۇرۇۋۋەت تەڭى،
ياۋۇز، يۇنچىغ ئاندىن يىراسا ئۆڭى.
ياۋۇز، يارىماسلارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
كىشى ھەم ھىممەتلىك ھەم مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك.

414 كىشىلىككە ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كەرەك،
كىشى قەدرى ھىممەت مۇرۇۋۋەت ياڭى.
كىشىلىك ئۈچۈن ھىممەت، مۇرۇۋۋەتلىك كېرەك،
كىشىنىڭ قەدرى ـــ ھىممەت ۋە مۇرۇۋۋەت دەرىجىسى (بىلەن ئۆلچىنىدۇ).

415 بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگ بۇ قىلقى بىلە،
يارۇدى ئاژۇنقا كۈن، ئايتەگ يالا.
بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگ ئاشۇ مىجەز ـ خۇلقى بىلەن،
كۈن ۋە ئايدەك پارلاپ دۇنياغا يورۇدى.

416 ئۇقۇشلۇغ كىم ئەرسە، ئوقىتتى ئانى،
بىلىكلىگ كىم ئەرسە بەدۇتتى ئانى.
كىم ئوقۇمۇشلۇق بولسا، ئۇنى چاقىرتتى،
كىم بىلىملىك بولسا، ئۇنى يۈكسەلدۇردى.

417 يۇمىتتى ئاڭار بەك ئاژۇن ئۆدرۈمى، B42
ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ بودۇن كۆدرۈمى.

ئۇنىڭ (ئەتراپىغا)دۇنيادىكى خىل
ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەر زىچ توپلاندى.

418 ئۆزى ئەتتى، تۇزدى، كۆر، ئەل- كۈن ئىشى،
تاقىما تىلەر ئەردى ئۆدرۈم كىشى.
ئۇ، ئەل - يۇرت ئىشىنى ئۆزىلا تۈزەپ، يولغا سالدى،
(لېكىن) يەنە خىل كىشىلەرنىڭ بولۇشىنىمۇ تىلەيتتى.

419 ئۆزىڭە باسۇت قىلسا، ئىش باشلاسا،
ئۆزى تىنسا ئانچا، ئول ئىش ئىشلاسا.
ئۆزىگە ياردەم قىلسا، ئىش باشلىسا،
ئۆزى بىرپەس ئارام ئالسا، ئىشلارنى ئۇ ئىشلىسە، (دەيتتى).

* * *

420 مۇڭادىپ ئايۇر بىر كۈن ئولدرۇپ ئۆزى، A 25
بەدۈك ئىش بۇ بەگلىك ئىشى هەم سۆزى.
(كۈنتۇغدى) بىر كۈنى ئۆزى (يالغۇز) ئولتۇرۇپ، قايغۇرۇپ ئېيتتى:
«بەگلىك» دېگەن سۆز (ۋە) بەگلىك ئىشى — بۈيۈك ئىش.

421 باش ئاغرىق كۆپ ئول، كۆرسە ئىشى ئۆكۈش،
ئۆكۈش ئىشنى سۈزگەن ئۇقۇشلۇغ كۆسۈش.
قارىساڭ باش ئاغرىقى كۆپ، ئىشمۇ نۇرغۇن،
كۆپ ئىشلارنى ئوڭشايدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئاز تېپىلىدۇ.

422 قىلۇماز ئۆزۈم بۇ قامۇغ ئەل ئىشىن،
ماڭا ئەر كەرەك تەر بىلىر ئىش باشىن.
ئەل - يۇرتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلالمايمەن.
ماڭا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم كېرەك.

423 كەرەك تەر ماڭا ئەمدى ئۆدرۈم كىشى،
ئوقۇشلۇغ، بىلىكلىگ كىشىلەر باشى.
ماڭا ئەمدى كىشىلەرگە باش بولالايدىغان،
ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، تاللانغان بىر ئادەم كېرەك، (دەيتتى).

424 باغىرساق، پۇتۇن، چىن، قىلىنچى كۆنى،
تىلى كۆڭلى تۇز بولسا، بىلسە مۇنى.
(ئۇ) سادىق، ئىشەنچلىك، ئىش ـ ھەرىكىتى توغرا،
تىلى، ۋە كۆڭلى تۇز، (ئىشلارنى) چۈشىنىدىغان بولسا ئىدى.

425 قىلۇ بەرسە ئەردى مەنىڭ ئىشلارىم،
كۆرۈ بارسا ئەردى ئىچىم ـ تاشلارىم.
مېنىڭ ئىشلىرىمنى قىلىشىپ بەرسە،
ئىچىم ۋە تېشىمدىكىنى تولۇق كۆرۈپ يېتەلىسە ئىدى.

426 نەگۇ تەر ئەشىت بۇ سىنامىش كىشى،
باشىندا كەچۇرمىش، يەتۇرمىش ياشى.
بېشىدىن (نۇرغۇن ئىش) كەچۈرۈپ، يېشى ئۇلغايغان،
تەجرىبىلىك بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

427 باسۇتچى كەرەك ئەرگە يارىچىلار،
ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ بۆگۇ ئەلچىلەر.
ئەر ئۈچۈن يارDEMچى (ۋە) يۆلەنچۈك (بولالىغۇدەك)،
ئوقۇمۇشلۇق، دانىشمەن ئەل باشقۇرغۇچىلار كېرەك.

428 باسۇتچى كەرەك بارچا ئىشنى بىلىر،
بىلىپ ئىشلەسە ئەر تىلەككە تەگىر.
بارلىق ئىشلارنى بىلىدىغان بىر ياردەمچى كېرەككى،
ئىشنى بىلىپ ئىشلىسە كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ.

429 باسۇتچى تەلىم بولسا بەگ ئەمگەمەز،
ئىشى بارچا ئەتلۇر، تۆرۇ ئارتاماز.
ياردەمچىلەر كۆپ بولسا، بەگ جاپا چەكمەيدۇ،
ئۇنىڭ ئىشى ئوبدان يۇرۇشىدۇ، قانۇن بۇزۇلمايدۇ.

430 باسۇتچى كەرەك بارچا ئىشتە، بىلىن،
بۇ بەگلىك ئىشىڭە تاقى كۆپ قىلىن.
بىلگىنكى، ھەرقانداق ئىشتا ياردەمچى كېرەك،
بولۇپمۇ بەگلىك ئىشىغا تېخىمۇ كۆپ بولۇشى كېرەك.

431 باسۇتچى تىلەپ بۇلمادى، كۆر، ئەلىگ،
تەگۇردى ئۆزى بارچا ئىشكە ئەلىگ.

ئەلىگ، ياردەمچى تىلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى،
ھەممە ئىشقا ئۆزى قول تەگكۈزدى.

432 تەگىر بولدى كۈندە، كۆر، ئەمگەك ئۆكۈش، B43
ئەرەژ قولسا ئەمگەك تەگىر ئول ئۇلۇش.

(ئۇ) كۈندە ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت چېكەتتى.
ھۇزۇر ـ ئارام تىلىسە، ئورنىغا جاپا تەگدى.

433 كۆرۈ بارسا ياقشى ئايۇر ئۇش ـ بۇ سۆز،
سىناپ سۆزلەگۈچى ئىدۇق قۇتلۇغ ئۆز.

سەپسالساڭ، سىناپ سۆزلەيدىغان،
بەختكە ئېرىشكەن كىشى بۇ سۆزنى ئوبدان ئېيتقان.

434 ئەرەژ قولسا ئەمگەك تۇتاشى بارىر،
سەۋىنچ قولسا قادغۇ تۇتاشى يورىر.

راھەت تىلىسەڭ، قوشۇلۇپ جاپامۇ كېلىدۇ،
شادلىق تىلىسەڭ، بىرلىكتە قايغۇمۇ تېگىدۇ.

435 نەچە ئەر بەدۈسە، باش ئاغرىق بەدۈر،
نەچە باش بەدۈسە، بەدۈك بۆرك كەدۈر.

كىشى قانچە يۈكسەلسە، باش ئاغرىقىمۇ كۆپىيىدۇ.
بېشىڭ قانچە چوڭايسا، شۇنچە چوڭ بۆك كىيىسەن.

436 ئەلىگ كۆز ـ قۇلاق تۇتتى ئەلدە قامۇغ،
ئاچىلدى ئاڭار بارچا بەكلىگ قاپۇغ.

ئەلىگ پۈتۈن مەملىكەتكە كۆز ـ قۇلاق تۇتتى،
ئۇنىڭغا ھەممە تاقاقلىق ئىشىكلەرمۇ ئېچىلدى.

437 ياراغسىزنى بوغدى ئەلىگدە ئۈرۈپ،
ئەسىزىگ يىراتتى ئەلىندىن سۈرۈپ.

يارامسىزلارنىڭ قولىنى باغلاپ، جىمىقتۇردى،
يامانلارنى سۈرۈپ، ئەلدىن يىراقلاشتۇردى.

438 بۇ ساقلىق بىلە، كۆر، ئەلىن باشلادى،
قۇتى كۈندە ئارتتى، ئۆرۈ يوقلادى.

(ئۇ) شۇنداق ھوشيارلىق بىلەن ئېلىنى باشقۇردىكى،
ئامىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، يۇقىرى ئۆرلىدى.

439 قامۇغ يەردە ئەرگە بۇ ساقلىق كەرەك،
بۇ بەگلىك ئىشىڭا تاقى ساق كەرەك.
كىشى ئۈچۈن ھەرقانداق يەردە ھوشيارلىق كېرەك،
بولۇپمۇ بەگلىك ئىشىغا ئېھتىيات زۆرۈر.

440 بۇ ساقلىق، ئودۇغلۇق بۇ ئەل ئىشىڭا،
تۆزۈ ئاسغى بولدى ئۇزۇن ياشىڭا.
ئەل ئىشلىرى ۋە (ئۆزۈڭنىڭ) ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن،
ئېھتىيات (ۋە) ھوشيارلىق كۆپ پايدىلىقتۇر.

441 مۇڭار مەڭزەيۇ كەلدى شائىر تىلى،
بۇ شائىر تىلى بولدى سۆزگە ئۇلى.
بۇنىڭغا تەقلىدەن، (بىر) شائىر سۆزى (يادىمغا) كەلدى،
شائىرنىڭ ئېيتقىنى بۇ سۆزۈمگە ئۇل ـ ئاساس بولىدۇ؛

442 ئودۇغلۇق بۇ ساقلىقنى ئۆگدى ئەرەن،
ئۇسالىلىق بىلە ئۆلدى ئەر مىڭ تۇمەن.
ھوشيارلىق، ئېھتىياتنى ئەرلەر ماختايدۇ،
(چۈنكى) بىخۇدلۇق بىلەن تۇمەنلىگەن ئەرلەر ئۆلدى.

443 ئۇسال بولما، ساقلان قامۇغ ئىشتە سەن،
بۇ ساقلىق بىلە ئىككى ئاژۇن تىلەن.
ھەرقانداق ئىشتا بىخۇدلۇق قىلماي، ئېھتىيات قىل،
مۇشۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىككى دۇنيانى ئارزۇ قىل.

444 كىشى ئەمىنى، كۆر، ئۇسالىلىق قىلۇر،
ياغى يەتسە، ئۆڭدۇن ئۇسالىلار ئۆلۇر.
بىلگىنكى، ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ،
دۈشمەن كەلسە ئەڭ ئاۋۋال بىخۇدلار ئۆلىدۇ.

445 نەگۇ تەر ئەشىت بۇ ئاژۇن تۇتمىش ئەر،
تۇگەل ساقلاپ ئۆترۇ ياغىغ ئۇتمىش ئەر.
ئېھتىياتچان بولۇپ، دۈشمەننى يەڭگەن،
ۋە جاھانغا ھاكىم بولغان ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

446 ئەلىگ قولسا، ساقلان، ئاژۇنچى كىشى، A 26
بۇ ساقلىق ئەرۇر ھەم شەرىئەت ئىشى.

ئەي جاھان باشقۇرغۇچى، ئەلنى (سورىماق) تىلىسەڭ، ئېھتىياتچان بول،
ئېھتىياتچانلىق شەرىئەتنىڭمۇ تەلىپىدۇر.

447 ئۇسال ئەر تەگەر كۆز، ئۇسالىن ئۇدىر،
ئۇسال بولما، ساقلان، ئاي، قىلقى قادىر.
بىخۇد كىشى كۆز يۇمۇپ، غەپلەتتە ئۇخلايدۇ،
ئەي قۇدرەتلىك (كىشى)، بىخۇد بولما، ھوشيار بولغىن.

448 ئەلىگ ساقلىقى قىلدى ئەلكە ئاسىغ،
بۇ ئاسىغى بىلە بولدى ئەلدە تاتىغ.
ئەلىگنىڭ ھوشيارلىقى ئەلگە پايدا يەتكۈزدى،
بۇ پايدا بىلەن ئەل ھالاۋەتكە يېتىشتى.

449 ئەلىن ئەتتى، تۈزدى، بايۇدى بودۇن، B44
بۆرى قوي بىلە سۇۋۇلادى ئول ئۆدۈن.
ئېلنى تۈزەپ ـ ئوڭشىدى، خەلق بېيىدى،
ئۇ زاماندا بۆرە بىلەن قوي بىللە سۇ ئىچتى.

450 سەۋىنگلى سەۋىنچىن ئانى ئۆگدىلەر،
ياغىلارى ئەشتىپ بويۇن ئەگدىلەر.
ياخشى كۆرىدىغانلار خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ماختىدى،
دۈشمەنلىرى (بۇنى) ئاڭلاپ، بويىنىنى ئەگدى.

451 قايۇ سىغنۇ كەلدى تىلەدى كۆشەك،
قايۇ كەلدى ئۆپتى ئەلىگكە ئىشىك.
بەزىلەر (ئۇنىڭغا) سىغىنىپ كەلدى ۋە پاناھ تىلىدى،
بەزىلىرى كېلىپ ئەلىگنىڭ ئىشىكىنى سۆيدى.

452 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى كۆڭلى ئۇدۇغ،
سۆزى، كۆر، چەچەكتەك تۇمەن تۇ بودۇغ.
ئەمدى كۆڭلى ئويغاق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ئۇنىڭ سۆزى تۈمەن خىل چېچەكتەك رەڭمۇرەڭدۇر.

453 بۇ بەگلىك، ئۇلۇغلۇق، ئەدى ئەدگۇ نەڭ،
يورىقى كۆنى ئەرسە، ئاي قىزغۇ ئەڭ.
ئەي قىزىل يۈزلۈك (ئىنسان)، ئىش ـ ھەرىكىتى ئادىل بولسا،
بۇ بەگلىك ئۇلۇغ ھەم ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر.

454 ئەدى ئەدگۈ بەگلىك، تاقى ئەدگۈرەك
تۆرۈ ئول، ئانى تۈز يورىتغۇ كەرەك.
بەگلىك ناھايىتى ياخشى، (ئەمما) ئىچىمۇ ياخشىراقى ـ
قانۇندۇر، ئۇنى توغرا يۈرگۈزۈش لازىم.

455 نە قۇتلۇغ بولۇر ئۆد بودۇنقا كۈنى، C17
بەگى ئەدگۈ بولسا، يورىسا كۆنى.
بەگ ياخشى بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە،
خەلق ئۈچۈن نەقەدەر قۇتلۇق زامان بولىدۇ ـ ھە!

456 نە قۇتلۇغ قۇت ئول ئەرگە ئەدگۈ ئاتى،
بۇ ئەدگۈ ئاتى باردى مەڭگۈ قۇتى.
ياخشى نام ئەر ئۈچۈن قانچىلىك مۇقەددەس بەخت ـ ھە،
بۇنداق ياخشى نام ۋە بەخت مەڭگۈ قالىدۇ.

457 نە ئەدگۈ بولۇر بەگ ئول ئەدگۈ كىشى،
كىشىلىك بىلە ئەتسە ئەل ـ كۈن ئىشى.
خەلق ئىشىنى كىشىلىك بىلەن باشقۇرسا،
بۇنداق ياخشى كىشى نەقەدەر ياخشى بەگ بولغان بولاتتى!

458 تۆزۈ ئەلگە تەگدى ئەلىگ ئەدگۈسى،
ئاژۇنقا يادىلدى بۇ چاۋى ـ كۈسى.
ئەلىگنىڭ (بۇ) ياخشىلىقلىرى بارلىق ئەللەرگە يەتتى،
ئۇنىڭ شۆھرىتى ـ داڭقى جاھانغا يېيىلدى.

459 دۇئا ئارتتى ئەلدە، كۆر، ئەدگۈ ئاتى
بەدۇدى كۈنىگە ئاتى ھەم قۇتى.
ئەلدە (ئۇنىڭغا) دۇئا (قىلغۇچىلار) كۆپەيدى، ياخشى نام قازاندى،
ئۇنىڭ نامى ۋە سائادىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغايدى.

460 ئاژۇن بودنى ئەشتىپ ئانى ئارزۇلاپ،
ئاۋا يىغلۇ كەلدى ئاڭار ئۆز ئۇلاپ.
دۇنيا خەلقى ئۇنى ئاڭلاپ ۋە ئارزۇ قىلىپ،
توپلىشىپ، يىغىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

461 ئاژۇنقا بادى، كۆر، تۈگەل قۇت قۇرى،
قوزى بىرلە قاتلىپ يورىدى بۆرى.
قارا، دۇنياغا پۈتۈنلەي بەخت كەمىرى باغلاندى،
قوزا بىلەن بۆرە بىللە قېتىلىپ يۈرىدىغان بولدى.

13

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئەلىگ تاپۇغىڭا كەلمىشىن ئايۇر
ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

462 بىر ئايتولدى ئاتلىغ ئەر ئەردى تەتىك،
ئەشىتتى بۇ چاۋىغ، ئەتىندى ئەتىك.
ئايتولدى ئاتلىق بىر تېتىك ئادەم بار ئىدى،
(ئەلىگنىڭ) داڭقىنى ئاڭلاپ، تەييارلىق كۆردى.

463 يىگىت ئەردى ئوغلان قىلىنچى ئامۇل،
ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ ھەم ئۆگلۈگ كۆڭۈل.
ئۇ ياش، مۇلايىم بىر يىگىت ئىدى،
ئۇقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك ئىدى.

464 يۈزى كۆركلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار، B 45
سۆزى يۇمشاق ئەردى تىلى تۈز تامار.
ئۇنىڭ يۈزى (شۇنچىلىك) چىرايلىق ئىدىكى، قارىسا كۆزنى قاماشتۇراتتى،
سۆزلىرى يۇمشاق ئىدى، تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى.

465 قامۇغ تۈرلۈگ ئەردەم تۇگەل ئۆگرەنىپ،
يورىر ئەردى ئەردەم ئەلىگكە ئالىپ
(ئۇ) بارلىق پەزىلەتلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ،
بۇ پەزىلەتلەرنى ئېلىپ يۈرەتتى.

* * *

466 ئۆزىڭە باقىپ ئايدى مەنمە بۇ كۈن،
تۈمەن ئەردەمىم بىرلە ئەلدە بۈرۈن.
ئۇ ئۆزىگە قاراپ مۇنداق دېدى: مەنمۇ بۈگۈن
تۈمەنلىگەن پەزىلىتىم بىلەن ئەلنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن.

467 نەگۈگە يورىرمەن بۇ يەردە قۇرۇغ،
ئەلىگكە بارايىن قىلايىن تاپۇغ.
يەنە نېمىشقا بۇ يەردە بىكارغا يۈرىمەن؟
ئەلىگنىڭ (يېنىغا) باراي ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلاي.

468 ئەلىگكە تۇسۇلسۇن بۇ ئەردەملەرىم،
ئاچىنسۇن، مەنىڭ كەتسۇ ئەمگەكلەرىم.
بۇ پەزىلەتلىرىم ئەلىگكە پايدا يەتكۈزسۇن،
(ئۇ ماڭا) غەمخورلۇق قىلسۇن، مۇشەققەتلىرىم تۈگىسۇن.

469 ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ بەگ ئەرمىش ئامۇل،
تىلەر ئەرمىش ئەردەم ئىدىلەرىن ئول.
ئۇ ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، مۇلايىم بەگ ئىكەن،
پەزىلەت ئىگىلىرىنى خالايدىكەن.

470 A 27 C 18 ئۇقۇش قەدرىنى هەم ئۇقۇشلۇغ بىلىر،
بىلىك ساتسا بىلگە بىلىكلىگ ئالىر.
ئەقىل قەدرىنى ئەقىللىكلەر بىلىدۇ،
بىلىم ساتسا، (ئۇنى) ئالىملار، بىلىملىكلەر ئالىدۇ.

471 سۆزىن ئايدى شائىر مۇڭار مەڭزەتۇ،
تىلى ـ لەفزى بىرلە ئاڭار ياڭزاتۇ.
(بىر) شائىر بۇنىڭغا ئوخشىتىپ ۋە تەقلىد قىلىپ،
تىل ۋە لەۋزى بىلەن (بۇ) سۆزنى ئېيتتى:

472 «بىلىك قىيمەتىنى بىلىكلىگ بىلىر،
ئۇقۇشقا ئاغىرلىق بىلىكدىن كەلىر.
«بىلىمنىڭ قىممىتىنى بىلىملىك بىلىدۇ،
ئەقىل ـ ئىدراكنى قەدىرلەش بىلىمدىن كېلىدۇ.

473 نەگۈ بىلگە تەلۋە بىلىك قەدرىنى،
بىلىك قايدا بۇلسا بىلىكلىگ ئالىر».
تەلۋە (نادان) بىلىمنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلسۇن،
قەيەردە بىلىم تېپىلسا، بىلىملىك (بېرىپ) ئالىدۇ».

*   *   *

474 بۇ ئايتولدى ئەتتى، كۆر، ئات، تون، تولۇم،
ئايۇر: كۆندۈرەيىن تاپۇغقا يولۇم.
كۆرگىن، ئايتولدى، ئات، كىيىم، قورال تەييارلىدى،
«خىزمەت قىلىشقا يول ئالاي» دېدى.

475 ئۆزىگە كەرەكىن ئەتىندى ئەتىك،
ئەلىگكە يۈز ئۆردى بۇ بىلگە تەتىك.
ئۇ، ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلىرىنى تەييارلاپ بولدى،
بۇ دانا، ئالىم ئەلىگ تەرەپكە يول ئالدى.

* * *

476 يانا ئايدى: مۇندىن بارۇرمەن تۇرۇپ،
ئەلىگ تاپغىڭا بۇ ئۆزۈم يۈز ئۇرۇپ.
يەنە (ئۇ ئۆزىگە) ئېيتتىكى: «مەن بۇ يەردىن قوزغىلىپ،
ئەلىگ خىزمىتىگە يۈزلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

477 غەرىبلىق يەرىندە كەرەك بولغا نەڭ، B46
بۇ ئەلگىم تارۇسا، سارىغ قىلغا ئەڭ.
يات يەردە مال لازىم بولىدۇ،
قول قىسقىلىق قىلسا، يۈزۈم سارغىيىدۇ.

478 ئەدى كەد قاتىغ بۇ غەرىبلىق ئىشى،
غەرىبلىقتا ياڭلۇر تالۇ ئەر باشى.
غېرىبلىق دېگەن ناھايىتى قاتتىق نەرسە،
نى ـ نى ئەرلەرنىڭ غېرىبلىقتىن بېشى قايغان.

479 سەزىكسىز كەرەك بولغا ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئۆزۈم ئىشلەتەيىن تەسەمەن ئۆكۈش.
ئۆزۈم ئىشلىتەي دېسەم، شۈبھىسىزكى،
نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش كېرەك بولىدۇ.»

480 نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى بىلكى تەڭىز،
سۆزىن ياڭزاتۇر كۆرسە قىزغۇ مەڭىز.

ئەمدى، بىلىمى دېگىنىم زدەك (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا.
نەزەر سالساڭ، ئۇ مەڭزى قىزىل (كىشى) سۆزىنى ئوخشىتىپ ئېيتقان:

481 كىم ئەرسە تاپۇغقا كىرەيىن تەسە،
ئىكى نەڭ كەرەك بىل، سۆز ئايدىم كەسە.
كىمىكى (خان) خىزمىتىگە كىرەي دېسە،
كېسىپ ئېيتايكى، ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە كېرەك،

482 تىرىگلىك كەرەك بىر تۇچى ئىگسىزىن،
تاپىنسا قىيىقسىز، يارۇتسا يۈزىن.
بىرى، ئاغرىق ـ سىزلاقسىز ساغلام هايات،
ئۇ نۇقسانسىز خىزمەت كۆرسىتىپ، يۈزىنى يورۇق قىلسۇن.

483 تاقى بىر ساۋ ئالتۇن كەرەك، ئاي تەتىك،
ئانى ئىشلەتىپ ئەتسە ئۆزگە ئەتىك.
يەنە بىرسى، ئەي زېرەك، ساپ ئالتۇن كېرەك،
ئۇنى ئىشلىتىپ، ئۆزگە تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىرسۇن.

484 ئانىڭدا باسالا يارار بۇ تاپۇغ،
مۇنى بىلسە بولماز بۇ بەكلىگ قاپۇغ.
شۇنىڭدىن كېيىنلا سېنىڭ خىزمىتىڭ يارايدۇ،
بۇنى بىلسەڭ، ساڭا ئىشىك تاقالمايدۇ.

485 كۆتۈردى ساۋ ئالتۇن، كۈمۈش، نەڭ ـ تاۋار،
ئايۇر: ئۆز مۇڭادسا ماڭا بۇ يارار.
(ئايتولدى) «هاجىتىم چۈشكەندە كېرەك بولار» دەپ،
ساپ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مال ـ دۇنيا ئېلىۋالدى.

*   *   *

486 ئەۋىندىن تۇرۇپ چىقتى، كەلدى بەرۈ،
بىر ئانچا يورىيۇ، بىر ئانچە تۇرۇ.
(ئۇ) ئۆيدىن قوزغىلىپ چىقتى، ئۇ ياققا (قاراپ) ماڭدى،
بىر مۇددەت يۈردى هەم بىر مۇددەت توختاپ (دەم ئالدى).

487 كەلىپ تەگدى ئەلىگ تۇرۇر ئوردۇقا، C19
ئۆگى، كۆڭلى قولمىش تىلەك ئارزۇقا.
(ئاخىر) ئەلىگ تۇرىدىغان ئوردىغا يەتتى،
جان ـ دىلى ئىنتىلگەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە ئېرىشتى.

488 كىرىپ كەند ئىچىندە تىلەدى تۇشۇن،
تۇشۇن بۇلمادى، كۆر، تارۇدى ئاژۇن.
شەھەرگە كىرىپ، قونالغۇ ئىزدىدى،
قونالغۇ تاپالماي، دۇنيا ئۇنىڭغا تار كۆرۈندى.

489 مۇڭادتى، مۇيانلىقتا تۇشتى بارىپ،
كەچە ياتتى ئاندا، تۇنەدى سەرىپ.
غەمگە پاتتى. (ئاخىر) بىر غېرىبخانىغا بېرىپ چۈشتى،
كېچىسى شۇ يەردە يېتىپ، چىدام بىلەن تۈننى ئۆتكۈزدى.

490 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئۇقۇشلۇغ بىلىپ،
ساڭا سۆزلەدى سۆز بىلىكدىن ئالىپ.
ئىدراكلىق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
بۇنى بىلىمدىن ئېلىپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ ساڭا سۆزلىدى:

491 ئەدى تەرس بولۇر، كۆر، بىلىشمەز كىشى،
قالىن يات ئارا كىرسە يالڭۇز باشى.
تونۇش ـ بىلىشى بولمىغان كىشى يات كىشىلەر
ئىچىگە يالغۇز كىرىپ قالسا، ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

492 ئەدى سارپ بولۇر بۇ ياڭى كەلگۈچى،
بىلىشى يوق ئەرسە، مۇڭادسا تۇچى.
يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ تونۇشى بولمىسا،
داۋاملىق موھتاجلىق ئىچىدە تۇرسا، بەك ئېغىر بولىدۇ.

493 بىلىشمەز كىشىلەر قاراغۇ سانى، B47
قاراغۇ يورىق يازسا، سۆكمە ئانى.
تونۇش ـ بىلىشى يوق كىشىلەر قارىغۇغا ئوخشايدۇ،
قارىغۇ يولدىن ئاداشسا، ئۇنى سۆكمەسلىك كېرەك.

494 كىشى كىرمەدۇك ئەلگە كىرسە قالى،
كەلىن ـ تەگ بولۇر ئەر، ئاغىن ـ تەك تىلى.

ئەگەر كىشى كېلىپ باقمىغان ئەلگە كەلسە،
ئەر كىشىمۇ كېلىندەك (تارتىنچاق) بولۇپ تىلى تۇتۇلىدۇ.

495 ياتىغ يارلىقاغىل ئىچۈر، بەر يەگۈ، A 28
ئۈمەگ ئەدگۈ تۇتغىل، ئاي بىلگە بۆگۈ.
يات يەردىن كەلگەنلەرگە يار - يۆلەك بول، يېمەك - ئىچمەك بەر،
مۇساپىرلارنى قەدىرلە، ئەي دانا ئالىم.

496 ياتىغ ئەدگۈ تۇتسا، يارۇر ئەر كۆزى،
ئۈمەگ ئەدگۈ تۇتسا، يادىلدى سۆزى.
ياتلارنى قەدىرلىسە، ئەر يۈزى يورۇق بولىدۇ،
مۇساپىرلارغا ياخشى قارىسا، شۆھرىتى تارقىلىدۇ.

497 كىشىگە كەرەك تەگمە يەردە بىلىش،
بىلىش بىرلە ئەتلۇر قامۇغ تۇرلۇگ ئىش.
كىشىگە ھەرقانداق يەردە تونۇش - بىلىش كېرەك،
ھەرقانداق ئىشلار تونۇشلار ئارقىلىق قىلىنىدۇ.

498 بۇ ئايتولدى ئانچا يورىدى بۇ ياڭ،
غەرىبلىق ساقىنچى سارىغ قىلدى ئەڭ.
ئايتولدى بىرمۇنچە ۋاقىت شۇ تەرىقىدە يۈردى،
غېرىبلىق قايغۇ - ئەلەملىرى ئۇنىڭ چىرايىنى سارغايتتى.

499 بىلىشتى يەمە ئول كىشلەر بىلە،
ئوتاغ تۇتتى ئۆزگە، يارۇدى كۈلە.
(كېيىن) ئۇ كىشىلەر بىلەن تونۇشتى،
ماكان تۇتتى ۋە كۈلۈپ (يۈزى) نۇرلاندى.

500 يەمە تۇتتى ئەش - تۇش، ياقىن قىلدى ئۆز،
ئۇلۇغقا، كىچىگكە ئاچۇق تۇتتى يۈز.
يەنە ئۇ ئەل - ئاغىنە تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن يېقىنلاشتى،
چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ ئوچۇق چىراي ئاچتى.

501 بۇ ئايتولدى ئۆزگە، كۆر، ئەتتى ئەشىگ،
ئاداشتى، كەڭەشتى بىر ئاتلىق كىشىگ.
ئايتولدى ئۆزىگە بىر ھەمراھ تاپتى،
ئاتاقلىق بىر كىشى بىلەن دوستلىشىپ، مەسلىھەتلەشتى.

*　　*　　*

502 ئاداش تۇتتى ئايتولدى ئەدگۇ كىشى،
كۇسەمىش ئاتى ئەردى، ئەدگۇ ئىشى.
ئايتولدى ياخشى بىر ئادەمنى دوست تۇتتى،
ئۇنىڭ ئىسمى كۇسەمىش بولۇپ، ياخشى ئىشلار قىلاتتى.

503 ئاڭار ئاچتى ئايتولدى كۆڭلى، سۆزى،
نە ئەرمىش تىلەكى، كىم ئەرمىش ئۆزى.
ئايتولدى ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئاچتى،
ئارزۇسى نېمىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى (ئېيتتى).

504 يەرىندىن بۇ ئەلگە نەلۇك كەلمىشىن، C20
ئايۇ بەردى بارچا ئۆزى بىلمىشىن.
ئۆز يېرىدىن نېمىشقا بۇ ياقىا كەلگەنلىكىنى
ۋە ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

*　　*　　*

505 ئەلىگكە ياقىن خاس ھاجىب ئەردى بىر،
ئايى ئەرسىگ، ئەلىگ بىلە سۆزگە سىر.
ئەلىگكە يېقىن بىر خاس ھاجىپ بار ئىدى،
ئۇ ناھايىتى مەرد (كىشى بولۇپ)، ئەلىگ بىلەن سىرداش ئىدى.

506 كۇسەمىش ئاڭار باردى بىر كۇن تۇرۇپ،
سۆزىن سۆزلەدى سۆزگە ئۇل - تۇپ ئۇرۇپ.
كۇسەمىش بىر كۇنى ئۇنىڭ يېنىغا باردى،
سۆزگە يول تېپىپ، ھەممە گەپنى (ئۇنىڭغا) ئېيتتى.

507 ئايىتتى بۇ ھاجىب سۆزىن يەترۇرەك،
تىلەكى نە ئەرمىش تاقى پۇترۇرەك.
ھاجىپ سۆزنى تەكتىگە يەتكۈزۈپ،
(ئايتولدىنىڭ) مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق سورىدى.

508 كۇسەمىش ئايۇ بەردى بارچا سۆزىن،
نە ئەردى تىلەكى، كىم ئەرمىش ئۆزىن.

كۇسەمىش ھەممە گەپنى ـــ (ئايتولدىنىڭ) كىم ئىكەنلىكىنى
ۋە ئارزۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ھاجىب جەۋابى كۇسەمىشكە

ھاجىپنىڭ كۇسەمىشكە بەرگەن جاۋابى

509 ھاجىب ئايدى: «ئاشنۇ ماڭا كەلسۇنى، B48
كۆرەيىن ئانى مەن مەنى كۆرسۇنى،
ھاجىپ ئېيتتى: ئاۋۋال مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن.
مەن ئۇنى كۆرەي، ئۇمۇ مېنى كۆرسۇن.
510 يانا ئۇقتۇرايىن ئەلىگكە بۇ سۆز،
قايۇ كۇن كۆرۇنگۇ، قاچان كەلگۇ ئۆز».
كېيىن، بۇ سۆزنى ئەلىگكە يەتكۈزەي،
ئۇنىڭ قاچان كېلىپ، قايسى كۈنى كۆرۈنۈشىنى (سوراي).

كۇسەمىش سۆزى ئايتولدىقا

كۇسەمىشنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقان سۆزى

511 كۇسەمىش تۇرۇپ چىقتى ئاندىن يانا،
كەلىپ ئايدى: ئايتولدى تۇغدى كۇنە.
كۇسەمىش تۇرۇپ، ئۇ يەردىن چىقتى ۋە يەنە (ئايتولدى)
قېشىغا كېلىپ: «ئەي ئايتولدى، كۈنۈڭ تۇغدى» دېدى.
512 يورى بار، بىلىش ئەمدى ھاجىب بىلە،
تىلەكىن نەگۇ ئەرسە ئاندىن تىلە.
ئەمدى بېرىپ ھاجىپ بىلەن تونۇشقىن،
نېمە ئارزۇ ـ تىلىكىڭ بولسا، ئۇنىڭدىن سورا.
513 سەنى كۆرسۇ، بىلسۇ، ئەشىتسۇ سۆزۇڭ،
تىلەكىڭ نە ئەرسە تىلىن ئاي ئۆزۇڭ.
(ئۇ) سېنى كۆرسۇن، بىلسۇن، سۆزلىرىڭنى ئاڭلىسۇن،
نېمە تىلىكىڭ بولسا، ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلە.

514 ئاڭار سۆزلەدىم مەن سۆزۈڭنى نەچە،
تاقى مەندە يەگرەك سەن ئايغىل ئاچا.
ئۇنىڭغا (سېنىڭ) بارلىق سۆزلىرىڭنى ئېيتتىم،
ياخشىراقى مەندىن كۆرە ئۆزۈڭ ئوچۇق ئېيتقىن.

515 ئەدى ياقشى ئايمىش تىلى كۆڭلى تۈز،
كۆرۈ بارسا يەترۈ كۆنىئۆك بۇ سۆز:
راست سۆزلۈك، توغرا پىكىرلىك ئادەم ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
تولۇق سەپسالساڭ، بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا:

516 كىشى سۆزلەرئۆك، كۆر، كىشىنىڭ سۆزى،
كىشىدە باغىرساق ئۆز ئىشكە ئۆزى.
كىشى باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى سۆزلەپلا قويىدۇ (خالاس)،
ئۆز ئىشىغا باشقىلاردىن كۆرە ئۆزۈڭ جان كۆيدۈرىسەن.

517 نەچە كەد كىشى بولسا ئۆزگە ياقىن،
ئۆزىندە باغىرساق بولۇرمۇ، ساقىن.
ئۆزۈڭگە قانچە يېقىن ياخشى كىشى بولمىسۇن،
ئويلانغىن، (ئۇ) ئۆزۈڭدىنمۇ سادىق بولالامدۇ؟

518 باغىرساق تىلەسە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ،
ئۆزۈڭدە باغىرساق يوق ئول، كەس سۆزۈڭ.
ئۆزۈڭگە سادىق (كىشى) ئىزدىسەڭ،
ئۆزۈڭدىن سادىقراق كىشى يوق، سۆز تامام.

*　　　*　　　*

519 تونىن كەدتى ئايتولدى تۇردى، ئۆرۈ،
كۇسەمىش بىلە چىقتى، باردى نارۇ.
ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ، تونىنى كىيدى،
چىقىپ، كۇسەمىش بىلەن ئۇياققا باردى.

520 قاپۇغقا تەگىپ تۈشتى، كىردى يورىپ،
كۆرۈ ئالدى هاجىب كىشىسى كەلىپ.
ئىشىككە يېتىپ (ئاتتىن) چۈشتى، (پىيادە ئىچكىرى) كىردى،
هاجىپنىڭ خىزمەتچىسى كېلىپ قارشى ئالدى.

*　　*　　*

C 21 521 كۈسەمىش كىرىپ تۈشتى ياندرۇ چىقىپ،
ئالىپ كىردى هاجىب تاپارۇ ئوقىپ.
كۈسەمىش كىرىپ (هاجىپ بىلەن) ئۇچراشتى، يېنىپ چىقىپ،
(ئايتولدىنى) چاقىرىپ، هاجىپ قېشىغا ئېلىپ كىردى.

*　　*　　*

522 كۆرۆ ئالدى هاجىب ئورۇن بەردى تۆر،
ئىسىگ سۆزلەدى سۆز تىلىن ياقشى، كۆر.
هاجىپ ياخشى قارشى ئېلىپ تۆردىن ئورۇن بەردى،
ياخشى ۋە ئىللىق سۆزلەرنى قىلدى.

هاجىب سۈئالى ئايتولدىقا

هاجىپنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

A 29 523 ئايىتتى هاجىب: ئەمدى كۆڭلۈك نەتەك،
كەلىپ قايدا تۈشتۈڭ، نە ئورنۇڭ نەتەك.
هاجىپ سورىدى: كەيپىڭ قانداق؟
كېلىپ نەگە چۈشتۈڭ؟ (تۇرغان) ئورنۇڭ قانداقراق؟

B 49 524 بىلىشىڭ نە بارمۇ، ئاداش يا قاداش،
كۆرۈگلى نە بارمۇ، يەگۈ ـ ئىچگۈ ئاش.
تونۇش ـ بىلىشىڭ، يار ـ دوست، بۇرادىرىڭ بارمۇ؟
قارايدىغان كىشىڭ، يېمەك ـ ئىچمىكىڭچۇ؟

525 يانا ما ئايىتتى: تىلەكىڭ نە ئول،
نەگۈ ئىش قىلۇر سەن، كەرەكىڭ نە ئول.
يەنە ئۇ سورىدى: تىلىكىڭ نېمە؟
نېمە ئىش قىلماقچىسەن، نېمىلەر كېرەك؟

ئايتولدى جەۋابى ھاجىبقا

ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

526 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ھاجىب قۇتى،
ئەشىتتىم بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگ ئاتى.
ئايتولدى ئېيتتى: ئەي دۆلەتلىك ھاجىپ،
مەن بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ نامىنى ئاڭلىدىم.

527 ئەشىتتىم يىراقتىن ئانىڭ چاۋىنى،
بىلىكىن، ئۇقۇشىن، سىلىگ ساۋىنى.
يىراقتىن ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىدىم،
بىلىمىدىن، ئەقىل ـ ئىدرىكىدىن، ئوبدان سۆزلىرىدىن (خەۋەر تاپتىم.)

528 ئۆزۈم ئارزۇلادى ئانىڭ تاپىغىڭا،
تاپىنغالى كەلدىم ئانىڭ قاپىغىنا.
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئارزۇ قىلدىم،
ئۇنىڭ ئىشىكىگە خىزمەت قىلغىلى كەلدىم.

529 تىلەك بۇ ئەلىگكە تاپىنسا ئۆزۈم،
ياراغ كۆرسە ھاجىب، ئۆتۈنسە سۆزۈم.
تىلىكىم ـــ ئەلىگكە خىزمەت قىلماق،
ھاجىپ مۇناسىپ كۆرسە، بۇ سۆزۈمنى ئىلتىماس قىلىپ باقسا.

* * *

530 كۆرۈپ سەۋدى ھاجىب بۇ ئايتولدىنى،
تىلىندە يورىتتى قامۇغ ئۆگدىنى.
ھاجىپ ئايتولدىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى،
ئۇنىڭغا كۆپلەپ مەدھىيە ئېيتتى.

531 يۈزى، كۆركى، قىلقى، قىلىنچى ئۆزى،
قامۇغ ياقشى كۆردى تىلى، ئۆز سۆزى.
(ئۇنىڭ) ھۆسنى ـ چىرايى، مىجەز ـ خۇلقى، تەق ـ تۇرقى،
ئۆز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

532 ئەدى سەۋدى كۆڭلۈن ئانى تاپلادى،
ئەلىگ توپغىڭا بۆ ياراغاي تەدى.
ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ، ماقۇل تاپتى.
بۇ كىشى ئەلىگ خىزمىتىگە يارايدىكەن، دېدى.

533 نەگۆ تەر ئەشىتكىل سەۋتىمىش كىشى،
سەۋتسە كىشى، كۆر، مۆن ئەردەم باشى.
سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولسا، نۇقسانى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

534 كىمى سەۋسە ئەيبى، كۆر، ئەردەم بولۇر،
كىمى سەۋمەسە ئەردەم ئۆكتەم بولۇر.
كىمنى سۆيسەڭ، ئۇنىڭ ئەيىبى پەزىلەت تۇيۇلىدۇ،
كىمنى سۆيمىسەڭ (ئۇنىڭ) پەزىلىتى قۇسۇر بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

535 بۇ سۆزگە تانۇقى مۇنۇ كەلدى سۆز،
ئوقىغىل مۇنى سەن، ئايا ئەدگۆ ئۆز.
بۇنىڭغا شاھىت تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى سۆز (ئېسىمگە) كەلدى،
ئەي، ئەزىز ئادەم، بۇنى سەن ئوقۇغىن:

536 كۆڭۈل كىمنى سەۋسە مۆن ئەردەم بولۇر،
قامۇغ تەترۇسى ئوڭ، قوقۇزى تولۇر.
دىلىڭ كىمنى سۆيسە، (ئۇنىڭ) نۇقسانى پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ،
بارلىق تەتۈر ئىشلىرى ئوڭ، كەم يېرى تولۇق (كۆرۈنىدۇ).

537 كۆڭۈل كىمنى سەۋسە قامۇغى سەۋۆگ،
كۆرۈر كۆزگە ئۇرسا كۆرۈنمەز بولۇر.
دىلىڭ كىمنى سۆيسە، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى سۆيۈملۈك بولىدۇ،
(ئۇ) كۆرەر كۆزۈڭگە ئۇرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ھاجىب جەۋابى ئايتولدىقا

ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

538 يانۇت بەردى ھاجىب، كۆر، ئايتولدىقا، C 22
ئايۇر: ئەمدى ئەۋمە، ماڭا تۇر باقا.

هاجىپ ئىتولدىغا جاۋاب بەردى
(ۋە) دېدى: ئالدىرىما، مېنى كۈتۈپ تۇر.

539 مەن ئاشنۇ ئايايىن ئەلىگكە سۆزۈك،
نە ئەرمىش تىلەكىڭ، كىم ئەرمىش ئۆزۈڭ.
مەن ئاۋۋال ئەلىگگە سۆزۈڭنى (يەتكۈزەي)،
تىلىكىڭنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى ئېيتاي.

540 سەنى بىلسۇ ئۆترۇ يۈزۈڭ كۆرسۈنى، B50
ئۈچۈز تۇتماسۇنى، ئاغىر تۇتسۇنى.
سېنى بىلسۇن، ئاندىن يۈز كۆرۈشسۇن،
(سېنى) كەمسىتمىسۇن، قەدرىڭنى قىلسۇن.

541 ساڭا مەن كەرەكىڭ باقا تۇرغامەن،
قامۇغ ئىشلارىڭنى سەۋە قىلغامەن.
كېرەك نەرسەڭ بولسا، مەن قارىشىپ تۇرىمەن،
ھەممە ئىشلىرىڭنى خۇشاللىق بىلەن ئاتقۇزۇپ بېرىمەن.

* * *

542 ئۆكۈش ئەدگۇ سۆزلەر تىلىن سۆزلەدى،
ئىشىڭ ئەتگەمەن تەپ قاتىغ قۇر بادى.
(هاجىپ) ناهايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلدى،
ئىشىڭنى بېجىرىپ بېرىمەن دەپ، قاتتىق بەل باغلىدى.

543 بۇ ياڭلىغ بولۇر بۇ كىشى ئەدگۇسى،
كىشى ئەدگۇسى ئول بودۇن يۇدگۇسى.
ياخشى ئادەم دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ،
ياخشى كىشى خەلقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ.

544 نەگۇ تەر ئەشىتكىل بودۇن باشلار ئەر،
قامۇغ ئىشنى يەترۇ كۆرۈپ ئىشلەر ئەر:
خەلقنى باشلىغان (ۋە) بارلىق ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ
ئىشلەيدىغان ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

545 كىمنىڭ دەۋلەتى باش كۆتۈرسە ئۆرۈ،
قامۇغ ئەدگۈ قىلغۇ بودۇنقا تۆرۈ.
كىمنىڭ دۆلىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن،
(ئۇ) خەلققە ياخشى قانۇنلارنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

546 كىمنىڭ ئەلگى بولسا بودۇنقا ئۈزۈن،
سىلىگ بولغۇ قىلقى، قىلىنچى تۈزۈن.
كىمىكى خەلققە ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە،
قىلىقى كۆركەم، مىجەزى تەمكىن بولۇشى لازىم.

547 يورىق بولسا كىمىڭ بودۇنقا سۆزى،
سۈچىگ تۈتغۇ تىل، سۆزمە قودقى ئۆزى.
كىمنىڭ خەلق ئىچىدە گېپى ئاقىدىكەن،
(ئۇنىڭ) تىلى ـ سۆزى شېرىن، ئۆزى مۇلايىم بولۇشى لازىم.

548 يايىغ ئول بۇ دەۋلەت، ئەتەر ھەم بۇزار،
نە ئەرسەل تۇرۇر تەرك ئىرىكسە تەزەر.
دۆلەت دېگەن ئۆزگىرىشچان نەرسە، تۈزەيدۇ ھەم بۇزىدۇ،
(ئۇ) شۇنچىلىك تۇراقسىزكى، تېز كېلىدۇ ۋە تېزلا (كېتىدۇ).

549 بۇ قۇتقا ئىنانما، ئۇسا ئەدگۈ قىل،
بۇ كۈن مۇندا ئەرسە، يارىن ئاندا بىل.
بەخت ـ ئامەتكە ئىشەنمە، مۇمكىنقەدەر ياخشىلىق قىل،
بىلگىنكى، بەخت بۈگۈنى بۇ يەردە بولسا، ئەتىسىلا ئۇ يەردە بولىدۇ.

550 بۇ قۇتقا كۈۋەنمە، ئاي قۇت بۇلغۇچى،
كەلىگلى تۇرۇر قۇت، يانا بارغۇچى.
ئەي، بەخت تاپقۇچى، بەخت ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ كەتمە،
كەلگەن بەخت يەنە كېتىپ قالىدۇ.

551 ئاي دەۋلەت ئىدىسى، بۇ دەۋلەت بىلە A 30
تۇرايىن تەسە تۇر، سەن ئەدگۈ تىلە.
ئەي، دۆلەتمەن، (داۋاملىق) مۇشۇ دۆلىتىڭ بىلەن
تۇراي دېسەڭ، ياخشىلىق قىلىپ تۇرغىن.

552 ساڭا تەگسە بەگلىك، ئۇلۇغلۇق ئوقا،
كىچىگلىك ئانۇق تۇت ئۇرۇڭ بولغۇقا.

ساڭا ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولۇپ، بەگلىككە ئېرىشسەڭ،
بېشىڭ ئاقارغۇچە ئۆزۈڭنى كىچىك تۇت.

553 يانا ئايدى ھاجىب: سەن ئەمدى يورى،
سەۋىنچىن تىرىلگىل، بادىڭ قۇت قۇرى.
ھاجىپ يەنە (مۇنداق) دېدى: ئەمدى (سەن) قايت،
خۇشال ياشىغىن، (چۈنكى) بەخت كەمىرىنى باغلىدىڭ.

554 سەن ئاز ئەۋمە ئىشلەر ئۆدىڭە تاپۇغ،
ئۆدى كەلسە ئاچلۇر بۇ بەكلىگ قاپۇغ.
سەن خىزمەت قىلىش پۇرسىتى ئۈچۈن ئانچە ئالدىرىما،
ۋاقتى كەلگەندە، يېپىق ئىشىك (ئۆزى) ئېچىلىدۇ.

555 يەمە ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ سۆزى، B 51 C 23
بىلىكلىگ سۆزى كۆرسە بارچىن - تۆزى.
بىلىملىك كىشىنىڭ بۇ سۆزى ياخشى ئېيتىلغان،
بىلىملىكنىڭ سۆزىگە باقساڭ، (ئۇ گويا) تاۋار - دۇردۇنغا ئوخشايدۇ:

556 قايۇ ئىشكە ئەۋسە ئۇزار، كەچ قالۇر،
ئەۋە قىلمىش ئىشلەر ئۆكۈنچلۈگ بولۇر.
قانداقلىكى ئىشقا ئالدىرىساڭ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، كېچىكىدۇ،
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار ئۆكۈنۈشلۈك بولىدۇ.

557 ئۆدىڭە كۈدەزگۈ، ئىشىگ ئەۋمەگۈ،
قامۇغ ئىش ئۆدىندە بولۇر، ئاي بۆگۈ.
ئىشنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈش، ئالدىرىماسلىق لازىم،
ئەي دانا، ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتىدا بولىدۇ.

ئايتولدى جەۋابى ھاجىبقا

ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

558 ئەشىتتى بۇ ئايتولدى بارچا سۆزۈگ،
ئايۇر: سەرنەيىن مەن، تۇتايىن ئۆزۈگ.
ئايتولدى (ھاجىپنىڭ) بارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىدى
(ۋە مۇنداق) دېدى: تاقەت قىلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي،

559 مەنى كۆردى هاجىب، سۆزۇم تىڭلادى،
ياراغى كۆرۇ تۇرسۇ ۋەقتى، ئۆدى.
هاجىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆزۈمنى ئاڭلىدى،
نىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە ۋاقتىنى ئۆزى بەلگىلىسۇن.

560 قايۇ ئۆدتە هاجىب تىلەسە مەنى،
ئول ئۆدتە كەلەيىن تەدى سۆز كۇنى.
هاجىپ قايسى ۋاقىتتا مېنى خالىسا،
شۇ زامان، شۇ كۈنى كېلەي، دېدى.

*   *   *

561 تۇرۇپ چىقتى ئايتولدى ئاندىن يانا،
ئەۋنگە كەلىپ كىردى، يازدى تونا.
ئايتولدى تۇرۇپ ئۇ يەردىن چىقتى،
كېلىپ ئۆيگە كىردى (ۋە) تونىنى يەشتى.

*   *   *

562 هاجىب كۆردى ئايتولدى قىلقى ياڭى،
ئەرەندە ئادىنسىغ، كىشىدە ئۆڭى.
هاجىپ كۆردىكى، ئايتولدىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى
باشقا كىشىلەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە، ئالاھىدە ئىكەن.

563 ئايۇر، كۆرمىشىم يوق بۇ ياڭلىغ كىشى،
بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ بودۇندا باشى.
(ئۇ)، مەن بۇنداق ئەقىللىك، بىلىملىك،
خەلقنى باشلايدىغان كىشىنى كۆرمىگەنىدىم، دېدى.

564 بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئەدى قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.
بۇنداق كىشىلەر ناهايىتى قىس (قىز) بولىدۇ،
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئىسمىمۇ «قىز» بولغان[1].

565 قايۇ نەڭ قىز ئەرسە، ئۇشئول نەڭ كۆسۈش،
كۆسۈش نەڭ تىلەپ بۇلماز، ئەمگەر ئۆكۈش.
نېمىكى قىس بولسا، ئۇ قىممەتلىك بولىدۇ،
قىممەتلىك نەرسىگە كۆپ مۇشەققەت چەكمىگۈچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

566 بۇ مۇنداغ كىشىلەر ئەلىگە كەرەك،
ئەلىگكە كەرەك نەڭ، كۆر، ئەلگە كەرەك.
بۇنداق كىشىلەر ئەلىگكە لازىم،
ئەلىگكە لازىم نەرسە ئەلگىمۇ لازىم.

567 قامۇغقا تۇسۇلۇر، كۆر، ئەردەملىگ ئەر،
بۇ ئەردەم بىلە ئەر تىلەك ـ ئارزۇ يەر.
پەزىلەت ئىگىسى ھەممىگە پايدا يەتكۈزىدۇ،
كىشى پەزىلىتى بىلەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتىدۇ.

* * *

568 ئۆدى بولدى، ھاجىب ئەلىگكە سۆزىن
ئاچا ئايدى ئايتولدى قىلقى، تۆزىن.
پۇرستى كەلدى، ھاجىپ ئەلىگكە سۆز ئېچىپ،
ئايتولدىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى (ۋە) تەكتىنى بىلدۈردى.

569 ئايۇ بەردى قىلقىن، قىلىنچى ياڭىن،
سايۇ بەردى بىلكىن، ئۇقۇشى تەڭىن.
(ئۇنىڭ) مىجەز ـ خۇلقى، ئادىتىنى سۆزلەپ بەردى،
پاراسىتىگە مۇناسىپ بىلىملىرىنى ساناپ بەردى.

ئەلىگ جەۋابى ھاجىبقا

ئەلىگنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

570 ئەشىتتى ئەلىگ، ئايدى: كەلدۈر قانى، B52
قايۇدا تۇرۇر، بىر كۆرەيىن ئانى.

---

① قىز (قىس) بولغانلىقتىن قىز بالىنىڭ نامى قىز (ئەتىۋارلىق) بولدى، دېگەن مەنىدە.

ئەلىگ ئاڭلىدى ۋە دېدى: «كەلتۈر، قېنى،
ئۇ قەيەردە تۇرىدۇ؟ ئۇنى بىر كۆرەي.

571 تىلەر ئەردىم ئەمدى بۇ ياڭلىغ كىشىگ،
ئۇدۇ بارسا، قىلسا بۇ بەگلىك ئىشىگ.

مەن ئىزىمنى بېسىپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى قىلىدىغان
مۇشۇنداق بىر كىشىنى ئىزدىگەنىدىم.

572 تىلەك بارچا بولدۇم، بۇ ئول بىر سۆزۈم، C 24
بۇ ياڭلىغ كىشىگە مۇڭادۇر ئۆزۈم.

بارلىق تىلىكىمگە ئېرىشتىم، يەنە بىر (ئارزۇيۇم) شۇكى،
مۇشۇنداق بىر كىشىگە موھتاجمەن.

573 يورى، بار، ئوقىغىل ئانى سەن ماڭا،
تاپۇغقا كۆرۈندۇر، ئاي ئەرسىگ توڭا.

ئەي جەسۇر قەھرىمان، يۈر، بېرىپ ئۇنى چاقىر،
ھۇزۇرۇمدا (ئۇنى) ماڭا كۆرسەت».

* * *

574 تۇرۇپ چىقتى ھاجىب، قاپۇغقا تەگىپ،
بىر ئوغلان يۇگۇرتتى تىلىن سۆز ئىدىپ.

ھاجىپ ئورنىدىن تۇردى، ئىشىككە چىقىپ،
بىر ئوغۇلنى يۇگۇرتۇپ، خەۋەر يەتكۈزدى.

575 بۇ ئوغلان يۇگۇردى، تەگۇردى سۆزى،
تونىن كەدتى، تۇردى سەۋىنچىن ئۆزى.

بۇ بالا يۇگۇردى ـ دە، سۆزنى يەتكۈزدى،
(ئايتولدى) ئورنىدىن تۇرۇپ، سۆيۈنگەن ھالدا تونىنى كىيدى.

576 ئاتىن مىندى، كەلدى قاپۇغقا تۇشۇپ،
يورىپ ئۇترۇ ھاجىب ئوقىدى تۇشۇپ.

ئۇ ئېتىنى مىندى، دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى،
ھاجىپ قارشىسىغا چىقىپ، (ئىچكىرىگە) باشلىدى.

577 ئاغىرلادى ھاجىب، ئورۇن بەردى تۆر،
ئەدەب بىرلە ئايتولدى ئولتۇردى، كۆر.

هاجىپ (ئۏنى) قەدىرلەپ تۆردىن ئورۏن بەردى،
قارا، ئايتولدىمۇ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى.

*   *   *

578 هاجىب كىردى ئەلىگ تاپا يۈز ئۇرۇپ،
ئەلىگكە ئۆتۈندى ئاداقىن تۇرۇپ
هاجىپ ئەلىگنىڭ هۇزۇرىغا كىردى،
ئۆرە تۇرۇپ ئەلىگدىن ئىلتىماس قىلدى.

ئەلىگ جەۋابى هاجىبقا

ئەلىگنىڭ هاجىپقا جاۋابى

579 ئەلىگ ئايدى: ئۈندە، ماڭا كىرسۈنى،
كۆرەيىن ئانى مەن، مەنى كۆرسۈنى.
ئەلىگ ئېيتتى: چاقىر، قېشىمغا كىرسۇن،
مەن ئۇنى كۆرەي، (ئۇمۇ) مېنى كۆرسۇن.

*   *   *

580 هاجىب چىقتى، ئايدى: ئاي ئايتولدى، تۇر،
تاپۇغقا كۆرۈنگىل، قۇتۇڭ بادى قۇر.
هاجىپ چىقتى ۋە: «ئەي، ئايتولدى، تۇر،
(ئەلىگ) هۇزۇرىغا بار، بەخت كەمىرى ساڭا باغلاندى»، دېدى.

14

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئەلىگ تاپۇغىڭا كۆرۈنمىشىن ئايۇر

ئايتولدىنىڭ ئەلىگ كۈنتۇغدى ھۇزۇرىدا كۆرۈنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

581 بۇ ئايتولدى كىردى، كۆرۈندى سۆكۈپ،
ئاچىلدى ئەلىگ كۆڭلى ئول يۈز كۆرۈپ.
ئايتولدى كىرىپ تىزلىنىپ (ئەلىگكە) كۆرۈندى،
ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ ئەلىگنىڭ كۆڭلى ئېچىلدى.

582 يۈكۈندى ئەلىگكە، كۆر، ئاچتى سۆزىن،
سۈچىتتى سۆزى ھەم سەۋىتتى ئۆزىن.
ئەلىگكە ئېگىلدى ۋە سۆز ئاچتى،
ئۇنىڭ سۆزى ئەلىگنى خۇش قىلدى (ۋە) ئۆزىمۇ سۆيۈندى.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

583 ئەلىگ ئايدى: كىم سەن، نەگۈ ئول ئاتىڭ،
قايۇدىن كەلىرسەن، نەگۈ ئول ياتىڭ؟
ئەلىگ ئېيتتى: كىم سەن، ئېتىڭ نېمە،
نەدىن كەلدىڭ، يۇرتۇڭ قەيەردە؟

* * *

584 ئامۇللۇق بىلە ئاچتى ئايتولدى تىل، B53
سىلىگلىك بىلە ئۆز سۆزىن ئايدى، بىل.
ئايتولدى تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلاپ،
ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆز سۆزىنى بايان قىلدى:

*　　*　　*

585 ئامۇللۇق، سىلىگلىك، ئۇقۇش قىلقى ئول، A 31
ئۇقۇشسۇز كىشلەر قامۇغ يىلقى ئول.
تەمكىنلىك، ئالىيجانابلىق ئەقىلنىڭ ئىشى،
ئەقىل ـ پاراسەتسىز كىشلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋاندۇر.

586 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ بەيت،
ئىشىڭ تۇشسە ئەۋمە، سەبىر بىرلە ئايت.
بۇنىڭغا تەقلىدەن شائىر بۇ بېيىتنى ئېيتتى،
(بىرسىگە) ھاجىتىڭ چۈشسە، ئالدىرىما، سەۋر بىلەن ئېيت.

587 ئەۋە كىرمە ئىشكە، سەبىر قىل، سەرىن، C
ئەۋە قىلمىش ئىشلار ئۆكۈنچى يارىن.
ئىشقا ئالدىراپ كىرىشمە، سەۋر قىلىپ كۈت،
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار كېيىن پۇشايمان بولىدۇ.

588 قامۇغ ئىشتا ئەۋمە، سەرىن ئۆز تۇتۇن،
سەرىنسە بۇلۇر قۇل بۇ بەگلىك قۇرىن.
ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىما، تاقەت قىل، ئۆزۈڭنى تۇت،
قۇل تاقەت قىلسا، بەگلىك كەمىرىگە ئېرىشىدۇ.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

589 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى،
تاپۇغ بىرلە خوش بولدى قۇللۇق ئاتى.
ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، دۆلەتلىك ئەلىگ،
قۇللۇق نامى خىزمەت بىلەن گۈزەللىشىدۇ.

590 ئاتىم — قۇل، تاپۇغچى، كۆر، ئورنۇم قاپۇغ،
قىلىنچىم — كۆنىلىك ـ مە قىلقىم تاپۇغ.
نامىم — قۇل، خىزمەتكار، ئورنۇم — ئىشىك ئالدى،
ئىشلىرىم — ئادىللىق، ئادىتىم — خىزمەتتۇر.

591 ساڭا كەلدىم ئوغراپ ئۇزۇن يول يورىپ،
تىلەككە بۇ كۈن تەگدىم ئارزۇم قانىپ.
ساڭا ئىنتىلىپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلدىم،
بۈگۈن ئازۇيۇم قېنىپ، تىلىكىمگە يەتتىم.

592 تىلەكىم بۇ ئول: سەن مەنى يەرمەدىن،
تاپۇغقا ياقىن تۇت، ماڭا ئەرمەدىن.
تىلىكىم شۇكى، سەن مېنى چەتكە قاقماي،
خىزمەتكە سال، مېنى رەت قىلما.

* * *

593 ئەشىتتى بۇ سۆز، كۆر، سەۋىندى ئەلىگ،
تىلەك ـ تەك بۇلۇلدى، سىنادى ئەرىگ.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ سۆيۈندى،
تىلىگەن (ئادىمى) تېپىلدى (ۋە ئۇ) ئەرنى سىناپ كۆردى.

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

594 ئەلىگ ئايدى: ئايتولدى كۆردۈم سەنى،
سەۋىتتى بۇ كۆركۈڭ، بۇ قىلقىڭ مەنى.
ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى، سېنى كۆردۈم،
چىرايىڭ ۋە خۇلقۇڭ مېنى سۆيۈندۈردى.

595 تاپىن ئۆز ئوغۇرلۇغ، باغىرساقلىقىن،
قاپۇغدا ئاسۇنغىل، ماڭا بول ياقىن.
سەن ئۆز لايىقىدا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىل،
(دائىم) ئىشىكىمدە تۇر، يېقىن بول.

596 مەنىڭدىن ئاچىغ بولسۇ، سەندىن تاپۇغ،
تاپۇغ بولسا ئۆترۈ ئاچار قۇت قاپۇغ.
مەندىن ئېھسان، سەندىن خىزمەت بولسۇن،
خىزمەت جايىدا بولسا، بەخت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

597 بۇ كۈندە نارۇ سەن قىيىلما، تاپىن،
تاپىنسا ئۆتەر بەگ تاپۇغچى ھەقىن.
بۇگۈندىن باشلاپ باش تارتماي خىزمەت قىل،
خىزمەت كۆرسەتسە، بەگ خىزمەتچى ھەققىنى ئۆتەيدۇ.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە
ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

598 يەر ئۆپتى، كۆر، ئايتولدى ئايدى: ئەلىگ
يارۇتسا كۆزىن، بەردى دەۋلەت ئەلىگ.
ئايتولدى يەر ئۆپتى ۋە شۇنداق دېدى:
ئەلىگ ئېتىبار بىلەن قارىسا، دۆلەت قول ئۇزارتىدۇ.

599 تاپىنماق ئۈچۈن كەلدىم ئەۋدىن تۇرۇپ،
ئۇزۇن يول يورىدىم ساڭا يۈز ئۇرۇپ. B54
مەن ئۆيۈمدىن چىقىپ، خىزمەت قىلىشقا كەلدىم،
ساڭا يۈزلىنىپ، ئۇزۇن يول يۈردۈم.

600 بايات بەرسۇ كۈچ بۇ تاپۇغ قىلغۇقا،
كۈدەزسۇ ساڭار ئۆز تاپۇغ يازغۇقا.
خىزمەت قىلىش ئۈچۈن خۇدا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن،
سېنىڭ خىزمىتىڭدە خاتا قىلىشتىن ساقلىسۇن.

*   *   *

601 تۇرۇپ چىقتى سەۋنۇ قاپۇغقا كۈلە،
ئۆگى ـ كۆڭلى ئاچىلىپ يارۇدى يۈلا.
(ئايتولدى) تۇرۇپ، سۆيۈنۈپ كۈلگەن ھالدا ئىشىككە چىقتى،
ئەقلى ـ كۆڭلى ئېچىلىپ، مەشئەلدەك يورۇدى.

602 نەگۈ تەر ئەشىت بۇ قۇتۇن قوپمىش ئەر،
قۇتى بىرلە ئارزۇ ـ تىلەك بولمىش ئەر:
بەختكە ئېرىشكەن ۋە شۇ بەختى يۈزىسىدىن
ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتكەن ئەرنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

603 كۇله باقسا بەگلەر كىشىگه كۆزۈن،
ئۆگى، كۆڭلى تىرلۇر، كۇۋەنۇر ئۆزۈن.
بەگلەر كىشىگه كۇلۇپ باقسا،
(ئۇ كىشىنىڭ) ئەقىل ـ كۆڭلى جانلىنىپ، ئۆزى مەغرۇرلىنىدۇ.

604 يارۇق تۇتسا بەگلەر كىشىگه يۈزى،
يارۇر ئەر كۆزى هەم يارايۇر سۆزى.
بەگلەر كىشىگه خۇش چىراي ئاچسا،
(ئۇ كىشى) ئېتىبارغا ئىگه بولىدۇ، سۆزى ئۆتىدۇ.

605 كىمى تۇتسا بەگلەر ئۆزىڭه ياقىن،
قامۇغ نەڭ ياقىنلىق قىلۇر، كۆر، باقىن.
بەگلەر كىمنى ئۆزىگه يېقىن تۇتسا،
(ئۇنىڭغا) هەممه نەرسه يېقىنلىق قىلىدۇ.

606 قۇت ئول بەگ، ياقىن بولسا قۇتقا كىشى،
تىلەكىن بۇلۇر، بارچا ئەتلۇر ئىشى.
بەگ بەخت دېمەكتۇر، بەختكه كىشى يېقىن بولسا،
ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ، بارلىق ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

*   *   *

607 تاپىندى بۇ ئايتولدى ئاندا نارۇ،
تاپۇغدا قىيىلمادى ئەرته تۇرۇ.
شۇندىن تارتىپ ئايتولدى خىزمەت قىلدى،
سەهەر تۇرۇپ (بىردەممۇ) خىزمەتتىن نېرى بولمىدى.

608 كۇنۇن تۇردى تۇرغاق، تۇنۇن ياتغاقىن،
تاپىندى قىيىقسىز باغىرساقلىقىن.
كۇندۇزى ساقچى بولدى، كېچىسى كۆزەتته تۇردى،
توغرىلىق ۋە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى.

609 ئەلىگكه كىرۇ هەم چىقا تۇرچىدى،
ئەلىگ ئەدگۇ كۆزۈن باقا تۇرچىدى.

ئەلىگ قىشىغا دائىم كىرىپ ـ چىقىپ تۇردى،
ئەلىگمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆز بىلەن قارىدى.

610 تاپۇغ ئارتۇرۇ باردى كۈندە ياڭى،
ئاغىرلادى ئەلىگ كۈنىڭە ئۆڭى.

(ئايتولدى) كۈنىگە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ تۇردى،
ئەلىگمۇ كۈنسېرى باشقىچە قەدىرلىدى.

611 تاپۇغ بىرلە بەگلەر ئاغىرلار قۇلۇغ،
تاپۇغ سىڭسە بولدى كىچىگ ئۆز ئۇلۇغ.

بەگلەر قۇلىنى (ئۇنىڭ) خىزمىتى ئۈچۈن قەدىرلەيدۇ،
خىزمەتتە (ئەجىر) سىڭدۈرسە، كىچىكلەرمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ.

612 تاپۇغ قىل، تاپۇغ بىرلە قۇل بەگ بولۇر،
تاپۇغ سىڭمەگىنچە تىلەك كىم بۇلۇر.

خىزمەت قىل، خىزمەت بىلەن قۇل بەگ بولىدۇ،
خىزمەت كۆرسەتمىسە، كىممۇ تىلىكىگە يېتەلىسۇن؟

613 ئەشىت ئەمدى بىلگە سۆزى نە تەيۇر،
سۆزىن ياڭزاتۇر سۆزگە يىنچكە ئايۇر.

ئەمدى، دانىشمەن نېمە دەيدۇ، سۆزىنى ئاڭلا،
ئۇ سۆزلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن بېزەپ (مەنىلىك) سۆزلىگەن:

614 تەگىمسىز تاپۇغ بىرلە تۆرگە تەگىر، B55
ياراغسىز يارانسا، كۆر، ئەلگە تەگىر.

«(تۆرگە) نالايىق كىشى خىزمەت بىلەن تۆرگە ئېرىشىدۇ،
يارامسىز ياراپ قالسىمۇ، پەقەت پەگاھقىلا ئېرىشىدۇ.

615 تاپىنغۇ قىيىقسىز تاپۇغ قىلغۇچى،
تاپۇغ سىڭسە ئۆترۇ تىلەككە تەگىر.

خىزمەتكار توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك،
خىزمەت سىڭدۈرگەندىن كېيىنلا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.»

616 بۇ ئايتولدى كۈندە يەتۇردى تاپۇغ،
ئەلىگمە ئاچىغ بىرلە ئاچتى قاپۇغ.

ئايتولدىمۇ ھەر كۈنى خىزمەت كۆرسەتتى،
ئەلىگمۇ كۆيۈنۈپ ئىشىكنى ئوچۇق تۇتتى.

617 كۈنگە ئۆرۈ باردى ئىچرەك بولۇ،
قوقۇز بولدى قادغۇ، سەۋىنچى تولۇ.
ئۇ ئوردا خادىمى بولۇپ، كۈنسېرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى،
قايغۇسى ئازلىدى، شادلىقى كۆپەيدى.
618 تاپۇغقا سۈچىندى بۇ ئايتولدى كەد،
ئەلىگمە ئاچىندى، يارى ئارتتى ئەد.
ئايتولدى خىزمىتىدىن ناھايىتى ھۇزۇرلاندى،
ئەلىگمۇ غەمخورلۇق قىلدى (ۋە) كۆپ يار - يۆلەك بولدى.
A 32 619 قامۇغ تۇرلۇگ ئىشكە سىنادى ئەلىگ،
تىلەك تەگ تۇگەل بۇلدى تاپىنۇر ئەرىگ.
ئەلىگ ئۇنى ھەر تۇرلۇك ئىشلاردا سىناپ كۆردى،
خالىغىنىدەك بىر خىزمەتچى ئەرگە ئېرىشتى.

15

ئايتولدى ئەلىگكە ئۆزى دەۋلەت ئەردۈكىن ئايۇر

ئايتولدى ئەلىگكە ئۆزىنىڭ دۆلەت (بەخت ـ سائادەت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ

620 ئەلىگ بىر كۈن ئولدۇرۇپ ئۆزى يالڭۇزۇن،
ئوقىپ كىردى، ئايتولدى سەۋنۇر ئۆزۈن.
ئەلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
(ئايتولدىنى) چاقىردى، ئايتولدى ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى.

621 كىرىپ تۇردى ئايتولدى ئۇترۇ ئۆرۈ،
ئەلىگ ئىملەدى، كەلگىل، ئولدۇر بەرۈ.
ئايتولدى كىرىپ، ئۇدۇلىدا ئۆرە تۇردى،
ئەلىگ: بىرى كېلىپ ئولتۇر، دەپ ئىشارەت قىلدى.

622 چىقاردى توپىق قودتى ئايتولدى، كۆر،
ئانى ياستانىپ ئۆترۈ ئولدۇردى، كۆر.
ئايتولدى يېنىدىن بىر توپنى چىقىرىپ
ۋە ئۇنى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى.

623 ئايىتتى ئەلىگ تەگمە تۇرلۇگ بىلىك،
يانۇت بەردى ئايتولدى ئاچتى، تىلىگ.
ئەلىگ خىلمۇخىل بىلىملەر (ھەققىدە) سورىدى،
ئايتولدى سۆز ئېچىپ، جاۋاب بەردى.

624 سەۋىندى ئەلىگ، كۆر، يارۇتتى يۈزىن،
ئانى كۆردى ئايتولدى، يۇمدى كۆزىن.
ئەلىگ سۆيۈندى ۋە يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى،
ئايتولدى ئۇنى كۆرۈپ، كۆزىنى يۇمدى.

625 سۆزىن كەستى ئەلىگ، ھىچ ئۈندەمەدى،
كۆزىن يۇمدى ئايتولدى ھىچ ئاچمادى.

ئەلىگ سۆزدىن توختاپ، ئۇن ـ تىن چىقارمىدى،
ئايتولدىمۇ كۆزىنى يۇمغىنىچە پەقەت ئاچمىدى.

626 يانا ئايتۇ كىردى ئەلىگ ئۆز سۆزىن،
يانۇت بەردى ئايتولدى، تۇگدى يۇزىن.

ئەلىگ يەنە سۆزگە كىرىشىپ، سوئال سورىدى،
ئايتولدى جاۋاب بەردى ـ دە، چىرايىنى تۇردى.

627 باقا كۆردى ئەلىگ قامۇغ تۇرلۇگۇن، B56
تۇگەل بۇلدى بىلكى، ئۇقۇشى، ئۆگۇن.

ئەلىگ (ئايتولدىغا) ھەر جەھەتتىن سەپسالدى،
ئۇنىڭ بىلىمى، ئەقىل ـ ئىدراكى بارلىقىنى تولۇق سەزدى.

628 سەۋە باقتى ئەلىگ، ئاۋىتتى ئۆزىن،
بۇ ئايتولدى تەركىن ئەۋۇردى يۇزىن.

ئەلىگ سۆيۈنۈپ باقتى ۋە كۆڭلى خۇرسەن بولدى،
(ئەمما) ئايتولدى تېزلا يۇزىنى ئۆرۈۋالدى.

ئەلىگ سۆزى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقانلىرى

629 ئەلىگ پۇشتى، ئارتۇق قارارتتى مەڭىز،
ئايۇر: ئاي ئەۋەكلىك كىشكە ئەسىز.

ئەلىگ غەزەپلەندى، چىرايى تۇتۇلدى
(ۋە) دېدى: ھەي، ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئۇچۇن يامان ئىش.

630 ياڭىلدى بۇ تۇشتە مەنىڭ بۇ ئۆزۇم،
نەگۇتەك ئاچايىن كىشكە سۆزۇم.

بۇ نۆۋەت مەن ئۆزۇم خاتا قىلدىم،
نېمىدەپ بىراۋغا سۆز ئاچقاندىمەن!

631 نەگۇ تەر ئەشتكىل بىلىكلىگ تىلىن،
ئەۋە قىلمىش ئىشلار ئۆكۇنچى يىلىن.

بىلىملىك (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار يىللاپ ئۆكۇنچ بولىدۇ.

632 ئەۋە قىلمىش ئىشلار نەچە يىگ بولۇر،
ئەۋە پىشمىش ئاشنى يەسە ئىگ بولۇر.
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار دائىم خام بولىدۇ،
ئالدىراپ (خام) پىشۇرۇلغان ئاشنى يېسە كېسەل بولىدۇ.

633 ئەۋەكلىك تۇرۇر بارچا ياڭلۇق باشى،
ئامۇللۇق تۇرۇر بارچا ئەدگۇ ئىشى.
ئالدىراڭغۇلۇق بارلىق خاتالىقلارنىڭ بېشى،
ئېغىر - بېسىقلىق — ياخشىلارنىڭ ئىشى.

634 ئەۋەكلىك بۇ ئەردى، سەنى بىلمەدىن،
ياقىن تۇتتۇم ئۆزگە تاپىندۇرمادىن.
ئالدىراڭغۇلۇقۇم شۇكى، سېنى چۈشەنمەي،
خىزمەتتە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزۈمگە يېقىن تۇتتۇم.

635 قايۇ ئەرسە بەگلەر تاپۇغچى قۇلىن
تاپىندۇرغۇ، ئۆترۇ ئاچىنسا يولىن.
بەگلەر، ھەرقانداق بىر خىزمەتچى - قۇلىنى
خىزمەتكە سېلىپ كۆرۈپ، ئاندىن يولىدا غەمخورلۇق قىلسا بولىدۇ.

636 پىشىرغۇ تاپۇغدا، سىناغۇ، كۆرۈ،
ئاغىرلاسا ئۆترۇ كۆتۈرگۇ ئۆرۈ.
خىزمەتتە پىشۇرۇش، سىناش ۋە بايقاش كېرەك،
قەدىر - قىممەتنى بىلسە، ئاندىن يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

637 بۇ ئايتولدى ئايدى :ئاي ئەلىگ قۇتى،
نەگۇگە پۇشار ئەركى تولدى ئوتى.
ئايتولدى ئېيتتى: دۆلەتلىك ئەلىگ،
نېمىگە غەزەپلىنىپ ئوت بولۇپ ياندىڭ؟

638 يازۇقۇم نە ئەركى بىلۇمەز ئۆزۈم،
ئايۇ بەرسۇ، ئەۋرە ئەشىتسۇ سۆزۈم.

گۇناھىم نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن،
ئۇنى ئېيتىپ بەرسەڭ، سۆزۈمنى باشقىدىن ئاڭلىساڭ (بولاتتى).

639 بار ئەرسە يازۇقۇم، قىنا، ئەرك ساڭا،
يوق ئەرسە يۈزۈڭنى قاراتما ماڭا.
ئەگەر خاتالىقىم بولسا، مېنى جازالىغىن، ئىختىيار سەندە،
ئەگەر(خاتالىقىم) بولمىسا، ماڭا چىرايىڭنى تۇرمە.

640 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇش مەڭزەتۇ،
قىياس مەئنى بىرلە ئاڭار ياڭزاتۇ:
ئەقىل ـ پاراسەت (بۇ توغرىدا) قىياسى مەنە بىلەن
ئوخشىتىپ، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

641 «تاپۇغچى ياڭىلسا، ئوقىتغۇ كەرەك،
نەگۈگە ياڭىلمىش ئايىتغۇ كەرەك.
«خىزمەتكار خاتالاشسا، ئۇنى چاقىرتىش كېرەك
ۋە نېمىشقا خاتا قىلغانلىقىنى سوراش لازىم.

642 يازۇقى بار ئەرسە قىناغۇ تۇتۇپ، B57
يوق ئەرسە مىڭ ئەدگۈن ئاۋىتغۇ كەرەك».
ئەگەر خاتالىقى بولسا، ئۇنى جازالاش لازىم،
يوق بولسا، كۆپ ياخشىلىق بىلەن خۇشال قىلىش كېرەك».

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا
ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

643 يانا ئوق پۈشۈپ ئايدى ئەلىگ سۆزى،
ئايۇر: ئاي بىلىكسىز، كىشى مۇندۇزى.
ئەلىگ يەنىلا غەزەپلىنىپ سۆز باشلىدى،
دېدىكى: ئەي بىلىمسىز، ئەخمەق ئادەم،

644 ئۆزۈڭكە باقا كۆر، كىم ئەردىڭ ماڭا،
قايۇدىن كەلىر بۇ فۇزۇللۇق ساڭا.
ئۆزۈڭگە قارىغىن، مېنىڭ ئالدىمدا كىم ئىدىڭ؟
ساڭا بۇنداق كىبىر قەيەردىن كەلدى؟

645 تاپۇغلۇق تەسە مەن ئۆزۈڭ تاپغى يوق،
تۇسۇغلۇغ تەسە مەن يانا ئاسغى يوق.
خىزمەت كۆرسەتىمىكىن دېسەم، (كۆرسەتكەن) خىزمىتىڭ يوق،
نەپ بەردىمىكىن دېسەم، پايداڭنىڭ تايىنى يوق.

646 تاپۇغسۇز ئاغىرلاپ ئاچىندىم سەنى،
ئورۇن بەردىم ئەرسە، باسىندىڭ مەنى.
خىزمەت كۆرسەتمىسەڭمۇ، قەدىرلەپ مەرھەمەت كۆرسەتتىم،
ئورۇن بەرگەنىدىم، (بىراق) مېنى كەمسىتتىڭ.

647 توپىق ياستادىڭ ئەمدى ئولتۇرغۇقا، C 25
نە ئولدرۇغ يەرى بۇما، كۆڭلۇن ئۇقا.
ئولتۇرۇش ئۇچۇن ئاستىڭغا توپ قويدۇڭ،
ئوبدان چۈشەنگىن، (توپ) ئولتۇرىدىغان نەرسىمۇ؟

648 ساڭا سۆزلەدىم مەن، سۆزۈڭ تىڭلادىم، A 33
كۆزۈڭ يۇمدۇڭ ئەرسە، ئۆزۈم تاڭلادىم.
مەن ساڭا سۆزلىدىم، سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
كۆزۈڭنى يۇمغانىدىڭ، ھەيران قالدىم.

649 كەچۈردۈم، يانا سۆزلەدىم سۆز ساڭا،
نەلۈك يۇز ئەۋۈردۈڭ، ئايۇ بەر ماڭا.
(بۇنىمۇ) كەچۈردۈم، يەنە ساڭا سۆزلىدىم،
نېمىشقا يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.

650 ئەشىتمەزمۇ ئەردىڭ بۆگۈدىن بۇ سۆز،
ياقىن بولسا بەگكە كۈدەزگۈ كەد ئۆز.
دانالاردىن بۇنداق بىر سۆز ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟
بەگكە يېقىن بولسا، ئۆزىنى قاتتىق كۆزەتكۈلۈك.

651 ئايۇ بەرمەدىمۇ ئاتاڭ يا ئاناڭ،
ئاي ئوغلۇم، بەگىڭكە ئۆزۈڭ قىلما تەڭ.
ئاتاڭ يا ئاناڭ :ئەي ئوغلۇم، بېگىڭگە
ئۆزۈڭنى تەڭ قىلما، دەپ ئېيتمىغانمىدى؟

652 تۇتۇزمادىمۇ، كۆر، ساڭا خىل باشىڭ:
باسىنما بەگىڭنى، كۈدەزگىل باشىڭ.

ساڭا دوستلىرىڭنىڭ يىگىتىبىشى: بېگىڭنى كەمستمە،
بېشىڭنى قوغدا، دەپ تاپشۇرمىغانمۇ؟

653 بۇ بەگلەر ئوت ئول، ئوتقا بارما ياغۇق،
قالى باردىڭ ئەرسە كۆيۈرمەك ئانۇق.
بەگلەر بىر ئوتتۇركى، بۇ ئوتقا يېقىن بارما،
ئەگەر يېقىن بارساڭ، جەزمەن كۆيىسەن.

654 ئۇسال بولما، بەگلەر كۆيەر ئوت تۇرۇر،
كۆيەر ئوتقا ياقسا ئاڭار يۇت تۇرۇر.
بىخۇد بولما، بەگلەر كۆيۈۋاتقان ئوتتۇر،
كۆيۈۋاتقان ئوتقا يېقىنلاشساڭ، بۇ ساڭا جۇت بولىدۇ.

655 باقا كۆرسە بەگلەر كۆيەر ئوت سانى،
باسىنسا، ئۆزەر باش، سورار ئۆز قانى.
سەپسالساڭ، بەگلەر كۆيەر ئوت ھېسابلىنىدۇ،
كەمسىتسەڭ بېشىڭنى ئۈزۈپ، قېنىڭنى شورايدۇ.

656 باقا تۇرسا ئارتۇق، ئانىن قورقۇ تۇر،
قالى قورقماسا سەن، كۈچۈن قورقىتۇر.
ساڭا ئارتۇقچە نەزەر سالسا ئۇنىڭدىن قورققىن،
ئەگەر قورقمىساڭ، كۈچ بىلەن قورقۇتىدۇ.

16

ئايتولدى ئەلىگكە دۆۋلەت سىفەتىن ئايۇر

ئايتولدى ئەلىگكە بەخت ـ دۆلەت سۇپىتىنى ئېيتىدۇ

657 كۇلە ئايدى ئايتولدى: ئۇقتى ئۆزۇم، B58
ئايىتتىڭ مۇنى سەن، ئەشىتگىل سۆزۇم.
ئايتولدى كۇلۇپ دېدى: (ھەممىنى) چۈشەندىم،
بۇنى سورىغانىڭكەنسەن، سۆزۇمنى ئاڭلا.

658 ئۇقۇپ قىلدىم ئەمدى بۇ ئىشلارنى مەن،
كەرەك ئەردى سەنمە مۇنى ئۇقسا سەن.
ھازىر بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلدىم،
سەنمۇ بۇنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى.

659 مۇنۇ مەنمە ئەمدى ساڭا كەلدۇكۇم،
مەنىڭ قىلقىم ئەردى بۇ كۆركىتتۇكۇم.
سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەنلىكىم
ۋە كۆرسەتكەنلىرىم مىجەز ـ ئادىتىم ئىدى.

660 ئورۇن بەردىڭ ئاشنۇ مەن ئولدۇرمادىم،
ئورۇن يوق ماڭا، سەن مۇنى ئۇق تەدىم.
سەن ئورۇن بەردىڭ، (لېكىن) مەن ئولتۇرمىدىم،
مېنىڭ ئورنۇم يوق، بۇنى سەن بىلگىن، دېگىنىم (ئىدى).

661 توپىق يەردە ئۇردۇم بۇ سۆز بەركىتتۇ،
ئۆزۇم ياڭزاغىنى ساڭا كۆركىتتۇ.
بۇ سۆزنى ئىسپاتلاش (ۋە) ئۆزۇمگە ئوخشاش نەرسىنى
كۆرسىتىش ئۇچۇن توپنى يەرگە قويدۇم.

662 نەتەك ـ كىم ئورۇنسۇز توپىق يۇۋلۇنۇر، C26
ئانىتەك مە دەۋلەت، ئۆزۇم يولۇنۇر.

چۈنكى، توپ بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ، دومىلاپ كېتىدۇ،
دۆلەتمۇ شۇنداق، مەنمۇ دومىلاپ كېتىمەن.

663 سەۋە باقتىلىڭ ئەرسە كۆزۈم يۇمدۇكۇم،
ساڭا كۆركىتۈرمەن نەگۇ ئەردۈكۇم.

سەن ماڭا سۆيۈنۈپ قارىغاندا، كۆزۈمنى يۇمغانلىقىم —
(ئۆزۈمنىڭ) قانداق نەرسە ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتكەنلىكىم ئىدى.

664 بۇ كۈن مەنمە دەۋلەت، قاراغۇ سانى،
ماڭا كىم ئىلىنسە تۇتارمەن ئانى.

بۈگۈن مەن — دۆلەت، (ئۇ) قارىغۇغا ئوخشايدۇ،
كىمكى ماڭا ئىلىنسە، شۇنىلا تۇتىمەن.

665 يانا سۆزلەدىلىڭ سەن، يەمە سۆزلەدىم،
سەۋە باقتىلىڭ ئەرسە، يۈزۈم كىزلەدىم.

سەن قايتا سۆزلىگەندە، مەنمۇ سۆزلىدىم،
كۈلۈپ قارىغىنىڭدا، يۈزۈمنى يوشۇردۇم.

666 ئۆزۈم كۆركىتۈر ئۆز قىلىنچىن ساڭا،
ئايۇر: قىلقىم ئەرسەل، ئىنانما ماڭا.

مەن ئۆز ئادىتىمنى ساڭا كۆرسەتتىم،
مىجەزىم تۇراقسىز، ماڭا ئىشەنمە، دېدىم.

667 نەگۇتەر ئەشىت ئەمدى تۈركچە مەسەل،
باشىندا كەچۈرمىش بۇ كۆكچىن ساقال.

بېشىدىن (كۆپ ئىشلارنى) كەچۈرگەن ئاقساقالنىڭ
تۈركچە مەسەل كەلتۈرۈپ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

668 كۈۋەنمە ئۆزۈڭ قۇتقا قۇتلۇغ كىشى،
ئىنانما ئۆزۈڭ قۇتقا، ئاتلىغ كىشى.

ئەي بەختلىك ئادەم، ئۆزۈڭنىڭ بەختىگە مەغرۇرلانمىغىن،
ئەي ئاتاقلىق ئادەم، سەن بەختىڭگە ئىشىنىپ كەتمە.

669 ئاقار سۇۋ، يورىق تىل، بۇ قۇت تۇرمادى،
ئاژۇن تەزگىنۈرلەر يورىپ تىنمادى.

ئاقار سۇ، راۋان تىل ۋە بۇ بەخت تۇرمايدۇ،
تىنماستىن يۈرۈپ دۇنيانى كېزىدۇ.

670 ئىنانچسىز تۇرۇر قۇت، ۋەفاسىز، يايىغ، B59
يورىردا ئۇچار تەرك ئاداقى تايىغ.
بەخت ئىشەنچىسىز، ۋاپاسىز، تۇراقسىزدۇر،
كەتكەندە تېز ئۇچىدۇ، ئايىغى تايغاق.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا
ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

671 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، ئاچىلدى سۆزۈڭ،
يازۇق ئۇزرى قولدۇڭ، قۇتۇلدى ئۆزۈڭ.
ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، سۆزۈڭ ئايدىڭلاشتى،
خاتالىقنىڭ ئۆزرىنى سوراپ، ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇڭ.
672 ماڭا ئايغىل ئەمدى نە ئول ئەردەمىڭ،
بەدۈك سۆزلەدى سۆز بۇ ئۆكتەم تىلىڭ.
ئەمدى ماڭا ئېيت، پەزىلىتىڭ نېمە،
ئۆكتەم تىلىڭ (نېمىشقا) چوڭ سۆزلەرنى سۆزلىدى؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە
ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

673 بۇ ئايتولدى ئايدى: كۆر، ئەردەم ئۆكۈش،
مەنىڭدىن تەگىر تەگسە ئەرگە ئۇلۇش.
ئايتولدى ئېيتتى: پەزىلىتىم كۆپ،
كىشىلەرگە نەپ تەگسە، مېنىڭدىن تېگىدۇ.
674 قىلىنچىم ئوڭاي، كۆرسە ياشىم كىچىگ،
قامۇغ بەگ، بەدۈككە مەنىڭدىن كەچىك.
قارىساڭ، مىجەزىم يۇمشاق، يېشىممۇ كىچىك،
مەن بارلىق بەگلىك ۋە بۈيۈكلۈككە ئۆتكەل.
675 يۈزۈم كۆركى كۆركلۈگ، نە قىلقىم سىلىگ،
تىلەمىش تىلەككە يەتۈردۈم ئەلىگ.

يۈز ـ ھۆسنۈم چىرايلىق ۋە قىلىقىم گۈزەل،
تىلىگەن ئارزۇلىرىمغا قول يەتكۈزدۈم.

676 ئۆزۈم قايدا بولسا، قامۇغ ئارزۇلار،
مەنىڭ بىرلە يۈگرۈر، ماڭا ئۆز ئۇلار.

مەن قەيەردە بولسام، ھەممىسى ئارزۇ قىلىدۇ،
مەن بىلەن بىللە يۈرىدۇ ۋە ماڭا باغلىنىدۇ.

677 ئەرەژ مەندە، ئەمگەك مەنىڭدىن تەزەر،
سەۋىنچ مەندە ساقىنچ ماڭا يول ئازار.

راھەت مەن بىلەن، مۇشەققەت مېنىڭدىن تازىدۇ،
خۇشاللىق مەن بىلەن، قايغۇ ماڭا يولىمايدۇ.

678 ماڭا ئۆزنەسە كىم ئۆزەلىپ ئۆلۈر،
ماڭا كىم بويۇن ئەگسە ئارزۇ بۇلۇر.

كىم ماڭا قارشىلىق قىلسا، قىينىلىپ ئۆلىدۇ،
كىم ماڭا بويۇن ئەگسە، ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ.

C27 679 ئۇرايىن تەگۈچى ئۆزى ئۇرسۇقار،
باسايىن تەگۈچى ئۆزى باسىقار.

(مېنى) ئۇرىمەن دېگۈچىلەر ئۆزى ئۇرۇلىدۇ،
باسىمەن دېگۈچىلەر ئۆزى بېسىلىدۇ.

A34 680 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
مۇنى ئەشتىپ ئۇقسۇ بىلىكلىگ، كەد ئۆز.

بۇنىڭغا تەقلىدەن بۇ سۆز يادىمغا كەلدى،
بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بۇنى ئاڭلىسۇن ۋە ئوقۇسۇن:

681 «بۇ قۇت قايدا بولسا بويۇن بەر ياراش،
قالى ئۆزنەسە قۇتقا قادغۇن كۈرەش.

«بەخت قەيەردە بولسا (ئۇنىڭغا) بويۇن ئەگ، ئەپ بول،
ئەگەر بەختنى رەت قىلساڭ، قايغۇ بىلەن ئېلىشىسەن.

682 بۇ قۇت كەلسە يالڭۇق قۇتادۇر كۈنى،
تۈمەن ئارزۇ بىرلە تالۇلاپ يەر ئاش».

بەخت كەلسە، ئىنسان ھەقىقىي سائادەتكە ئېرىشىدۇ،
تۈمەن ئارزۇسىغا يېتىپ ھالاۋەتتە ياشايدۇ».

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

683 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم بۇ ئەردەملەرىڭ،
مۇنۇڭ بارمۇ؟ ئايغىل بىلەيىن سەنىڭ.
ئەلىگ دېدى: بۇ پەزىلەتلىرىڭنى ئۇقتۇم،
ئېيتقىن، سېنىڭ نۇقسانىڭ بارمۇ؟ (بۇنى) بىلەي.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

684 بۇ ئايتولدى ئايدى: ماڭا ياس قىلۇر،
مۇنۇم يوق ۋەلىكىن كىشلەر ئايۇر.
ئايتولدى ئېيتتى: كىشىلەر ماڭا يالا چاپلاپ،
نۇقسانىم يوق (بولسىمۇ)، لېكىن بار، دېيىشىدۇ.
685 مۇنۇم بۇ — مەنى يالڭۇق ئەرسەل تەيۇ، B60
ئايىغلاپ يورىرلار كىشگە ئايۇ.
نۇقسانىم شۇكى، ئىنسانلار مېنى تۇراقسىز دەپ،
كىشىلەرگە ئېيتىپ، يامانلاپ يۇرۇشىدۇ.
686 مۇن ئەرمەز ماڭا، كۆر، بۇ ئەرسەللىكىم،
ياڭى نەڭ تالۇلارما ئۆزگە بەكىم.
تۇراقسىزلىقىم مەن ئۇچۇن نۇقسان ئەمەس،
ئۆزۈمگە دائىم يېڭى ۋە چىڭ نەرسە تاللايمەن.
687 قامۇغ ئەسكى نەڭلەر ئەرىنچىگ بولۇر،
ئەرىنچىگ يۇكى، كۆر، يەرىنچىگ بولۇر.
بارلىق كونا نەرسىلەر كۆرۈمسىز بولىدۇ،
كۆرۈمسىزنىڭ ئەيىبى يىرگىنچلىك بولىدۇ.
688 ياڭى نەڭ بولۇردا بۇ ئەسكى نەرەك،
تالۇ نەڭ بولۇردا ياۋۇز نە كەرەك.

يېقى نەرسە بار يەردە، كونىنىڭ نېمە كېرىكى؟
ئېسىل نەرسە بار يەردە، خۇنۇك (يامان)نىڭ نېمە كېرىكى؟

689 ياڭىدا بولۇر كۆرسە بارچا تاتىغ،
تاتىغنى تىلەپ ئەر، كۆر، ئەمگەر قاتىغ.

بىلگىنكى، ھەممە لەززەت يېڭى نەرسىدە بولىدۇ.
لەززەتنى تىلەپ كىشىلەر قاتتىق مۇشەققەت چېكىدۇ.

690 يايىغ تەپ سۆكەرلەر بۇ قىلقىم ئۇچۇن،
ماڭا مۇن ئۇرۇرلار بۇ ئاتىم ئۇچۇن.

بۇ ئادىتىم ئۇچۇن (مېنى) تۇراقسىز دەپ سۆكۈشىدۇ،
بۇ نامىم ئۇچۇن ماڭا ئەيىب توقۇشىدۇ.

691 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى ئالىپ ئەر ئاچۇق، A38
ئانىڭ مەئنىسى، كۆر، بۇ سۆزكە تانۇق.

باتۇر ئەر بۇنىڭغا تەقلىدەن ئېنىق ئېيتتىكى،
بىلسەڭ، ئۇنىڭ مەنىسى بۇ سۆزگە گۇۋاھتۇر:

692 «تۆرۈمىش نەڭ ئەرسە يوقالغۇ تۇرۇر،
تۆرۈتۈگلى خالىق نە قولسا قىلۇر.

«يارىتىلغان نەرسىلەر يوقالغۇسىدۇر،
ياراتقۇچى خالىق خالىغىنىنى قىلىدۇ».

693 تىرىگلىك تەدۇكۇڭ بۇ يەلتەك كەچەر،
قاچار، تۇتسا بولماز، ئانى كىم بۇلۇر».

تىرىكلىك دېگەن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ،
قاچىدۇ، تۇتۇپ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كىم ئېرىشەلەيدۇ».

694 كۇۋەنمە بۇ قۇتقا، كەلىر ھەم بارىر،
ئىنانما، بۇ دەۋلەت بەرۇر ھەم ئالىر.

بۇ بەختكە مەغرۇرلانما، (ئۇ) كېلىدۇ ۋە كېتىدۇ،
بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، (ئۇ) بېرىدۇ ھەم ئالىدۇ.

695 يايىغ ئەرمەز ئەرسە بۇ دەۋلەت ئۆزى، C28
نە ئەدگۇ نەڭ ئەردى بۇ قۇت، ئاي قوزى.

بۇ دۆلەت تۇراقسىز بولمىسا ئىدى،
ئەي، قوزام، بەخت نېمىدېگەن ياخشى نەرسە بولاتتى.

696 كەلىپ بارماز ئەرسە بۇ دەۋلەت يانا،
تۇنەرمەگەي ئەردى يارۇمىش كۈنە.
بۇ دۆلەت كېلىپ يەنە كەتمىسە ئىدى،
يورۇغان كۈن يەنە قاراڭغۇلاشمىغان بولاتتى.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا
ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

697 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم بۇ ئەرسەللىكىڭ،
ئەرىپ كەتكۈ يەردە بولۇرمۇ بەكىڭ.
ئەلىگ دېدى: بۇ تۇراقسىزلىقىڭنى ئۇقتۇم،
يۈز ئۆرۈپ كېتىسەنكەن، تۇرغۇنلۇقۇڭمۇ بولامدۇ؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە
ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

698 بۇ ئايتولدى ئايدى: مەنىڭ بۇ ئۆزۈم،
كەيىكتەك تۇرۇر قىلقى، كەستىم سۆزۈم.
ئايتولدى دېدى: مېنىڭ ئۆزۈم ۋە
قىلىقىم كېيىكتەكتۇر، سۆزۈم تامام.
699 مەنى تەرك بۇلۇماز تىلەگلى سەۋە،
قالى بۇلسا تۇتماز، قىلۇر تەرك ياۋا.
سۆيۈپ ئارزۇ قىلغانلار ماڭا تېز ئېرىشەلمەيدۇ،
ئەگەر ئېرىشسە، تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، تېزلا زايە قىلىۋېتىدۇ.
700 مەنى بۇلداچى ئەر تۇتۇپ بەكلەسە، A 39 B 61
قاچۇمازمەن ئاندىن سۆز ئايدىم كەسە.
ماڭا ئېرىشكەن ئەر چىڭ تۇتسا،
سۆزۈمنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭدىن قاچالمايمەن.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

701 ئەلىگ ئايدى: ئايغىل، بۇ بەركىڭ قايۇ،
نەگۇتەك كىشەن ئول سەنى بەركلەگۇ
ئەلىگ دېدى: ئېيتقىن بۇ تۇرغۇنلۇقۇڭ نېمىدە؟
سېنى باغلايدىغان قانداق كىشەن ئۇ؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

702 بۇ ئايتولدى ئايدى: ماڭا بەرك كىشەن،
بۇ بىر قاچ نەڭ ئول، كۆر، بەرەيىن نىشان.
ئايتولدى دېدى: مېنى باغلايدىغان كىشەن —
بۇ بىرقانچە نەرسىدۇر، قارا، (ئۇلاردىن) بەلگە بېرەي:
703 مەنى بۇلغۇچى قىلقى ئالچاق كەرەك،
كۆڭۇل قودقى، تىل - سۆزدە يۇمشاق كەرەك.
ماڭا ئېرىشكۈچىنىڭ مىجەزى كەمتەر بولۇشى،
كۆڭلى مۇلايىم، سۆزى يۇمشاق بولۇشى كېرەك.
704 ئۆزىنى كۈدەزسە، ئايى ئەرتمەسە،
ياۋۇز يۇنچىغ ئىشكە ياقىن تۇرماسا.
ئۇ ئۆزىگە ئېھتىيات قىلىشى، ھەرگىز چېكىدىن چىقماسلىقى،
يامان، يارىماس ئىشلارغا يېقىن يولىماسلىقى كېرەك.
705 تەڭى بىرلە تۇتسا تەرىلمىش نەڭىن،
يورىق تۇزسە قىلقى، قىلىنچى ياڭىن.
يىغقان مېلىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىتىشى،
قىلىقى، مىجەز - خۇلقىغا باب ھايات كەچۈرۈشى كېرەك.
706 ئۆزىندە ئۇلۇغقا تاپۇغ قىلسا ئۆز،
ئۆزىندە كىچىگكە سۇچىگ تۇتسا سۆز.

ئۆزىدىن چوڭلارغا خىزمەت كۆرسىتىشى،
ئۆزىدىن كىچىكلەرگە شېرىن سۆزلۈك بولۇشى؛

707 كىشىگ ساتغاماسا كۇۋەزلىك بىلە،
باستىماسا ئۆزدە كىچىگكە كۇلە.

مەغرۇرلۇق بىلەن كىشىنى كەمسىتمەسلىكى،
ئۆزىدىن كىچىكلەرنى زاڭلىق قىلىپ خارلىماسلىق كېرەك.

708 ياۋلىق بىلە بورقا باش سوقماسا،
ياۋلىقىقا بوشلاغ نەڭىن ساچماسا.

ئىچىملىككە بىھۇدە بېرىلمەسلىكى،
مېلىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك.

709 ئويۇنقا قاتىلماسا ئەلگىن تىلىن،
كۆنىلىك ئۇزە تۇتسا قىلىقى ياڭىن.

قول ۋە تىلى بىلەن ئويۇنغا كىرىشمەسلىكى،
مىجەز ـ خۇلقىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك.

710 يايىغ قۇت كىشەنى بۇ نەڭلەر تۇرۇر،
بۇ ياڭلىغ باسا قۇتنى قاچماز، قالۇر.

بۇ نەرسىلەر تۇراقسىز بەختنىڭ كىشەنىدۇر،
بەختنى بۇنداق باغلىسا، ئۇ قاچمايدۇ، قالىدۇ.

711 بۇ سۆزگە تانۇقى بۇ شائىر سۆزى،
بۇ شائىر سۆزى سۆزكە قاتتى تۈزى:

شائىرنىڭ بۇ سۆزى بۇنىڭغا گۇۋاھ،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى سۆزگە تەم قاتىدۇ:

712 «كەيىك سانى دەۋلەت كىشىگە تەزىك، C 29
قالى كەلسە بەكلە تۇشا ھەم تىزىگ.

«كىشى ئۈچۈن دۆلەت ئۈركۈگەك كېيىكتەكتۇر،
ئەگەر ئۇ كەلسە، چىڭ تۇت، چۈشەپ تىزگىنلە.

713 تۇتا بىلسە دەۋلەت تەزۇمەز، تۇرۇر،
قالى تەزسە، تەگمەز يانا تەرك كەزىك».

تۇتۇشنى بىلسەڭ، دۆلەت تېزىپ كېتەلمەيدۇ، تۇرىدۇ.
ئەگەر تېزىپ كەتسە، ساڭا يەنە تېز نۆۋەت كەلمەيدۇ».

ئەلىگ جەۋابى ئايىتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايىتولدىغا جاۋابى

B62

714 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، ئايا قۇت سەنى،
قاتىغ سەۋدىم ئەردى، ئەرەرسەن مەنى.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەي بەخت سىنى چۈشەندىم.
سىنى قاتتىق سۆيگەن ئىدىم، سەن مەندىن يۈز ئۆرۈپسەن.

715 يايىغلىق يوق ئەرسە بۇ ئەرسەللىكىڭ،
نە ئەدگۈ ئىش ئەردى سەنىڭ كەلمەكىڭ.
ئەگەر ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىزلىقىڭ بولمىغاندا ئىدى،
سىنىڭ كەلگەنلىكىڭ قانداق ياخشى ئىش بولاتتى.

716 ۋەلىكىن يايىغسەن، ئۆزۈڭ بىۋەفا،
ۋەفا كۆركىتۇرسەن قىلۇرسەن جەفا.
لېكىن تۇراقسىزسەن، بىۋاپاسەن،
ۋاپانى كۆرسىتىسەنۇ، جاپا قىلىسەن.

717 ئانادا، ئاتادا باغىرساق بولۇپ،
ئايادا تۇتارسەن، كۆلەر يۈز ئۆرۈپ.
(بەزىدە) ئاتا ۋە ئانىدىن مېھرىبان بولۇپ،
كۈلۈپ قاراپ، (كىشىنى) ئالىقىنىڭدا تۇتىسەن.

718 ئارا كۆرمەدۈك ـ تەك يۈز ئەۋرەر ئۆزۈڭ،
ئادىنسىغ بولۇر بارچا قىلقىڭ سۆزۈڭ.
بەزىدە كۆرمىگەندەك يۈزۈڭنى ئۆرۈيسەن،
پۈتۈن قىلىقىڭ ۋە سۆزلىرىڭ باشقىچە ئۆزگىرىدۇ.

719 تەرەرسەن، يۈمىتسا ساچارسەن قامۇغ،
ئوقىرسەن، يۈز ئۇرسا ياپارسەن قاپۇغ.
يىغىسەن، توپلانسا، ھەممىنى قايتا چاچىسەن،
چاقىرىسەن، ساڭا يۈزلەنسە، ئىشىكنى ياپىسەن.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

720 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى،
مۇنۇم، ئەردەمىم بارچا ئايدىم ئاتى.
ئايتولدى دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
بارچە نۇقسان ۋە پەزىلەتلىرىمنىڭ ئېتىنى ئېيتتىم.

721 مەنى كىم بۇلۇپ بەرك تۇتايىن تەسە،
ئايۇ بەردىم ئول نەڭنى، تۇتسۇن ئۇسا.
ماڭا كىم ئېرىشىپ، مەھكەم تۇتاي دېسە،
(كېرەكلىك) نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەردىم، چامى يەتسە تۇتسۇن.

722 ماڭا ئۇرماسا ئۆرك مەنى تۇتتاچى،
كەيىك ــ تەك قاچار مەن، كىم ئول يەتتەچى.
مېنى تۇتقۇچى ماڭا يۈگەن سالمىسا،
كېيىكتەك قاچىمەن، (ماڭا) يەتكۈچى كىم بار؟

723 نەگۇ تەرئەشتكىل سىنامىش قارى،
سىنامىش قارىلار سۆزى سۆز قۇرى.
تەجرىبىلىك قېرى نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
تەجرىبىلىك قېرىلار سۆزى ــ سۆزنىڭ بەلبېغى:

724 كەلىر قۇت، تۇتا بىلمەسە سەن بارىر،
بەرۇر نەڭ، يەيۇ بىلمەسە سەن ئالىر.
بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، كېتىدۇ،
(ساڭا) مال بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ، ئۇنى ئالىدۇ.

725 يايىغ قۇتنى بۇلسا ئەدى بەكرۇ تۇت،
قالى بەكلەمەسە يانا باردى، پۇت.
تۇراقسىز بەختكە ئېرىشسەڭ، ئۇنى ناھايىتى مەھكەم تۇت،
ئەگەر مەھكەم ساقلىمىساڭ، ئىشەنگىنكى، قايتا كېتىدۇ.

726 قۇتادمىش كىشى، كۆر، ساقىنمىش كەرەك،
قاموغ تەڭسىز ئىشتىن يىرامىش كەرەك.

بەختىيار كىشى ئېھتىياتكار بولۇشى لازىم،
بارلىق نالايىق ئىشلاردىن يىراقلىششى كېرەك.

727 ئارىغ بولسا ئۆزى، يورىسا كۆنى،
مۇنىڭ باغى مۇنداغ، بىلىنگۇ مۇنى.
ئۆزى پاك بولۇشى، توغرا يولدا مېڭىشى لازىم،
بۇنىڭ بېغى مۇشۇنداق، بۇنى بىلىش كېرەك.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

728 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم مۇنۇڭ، ئەردەمىڭ، C 30
بۇ ئايتولدى ئاتىڭ نە ئول بۇ سەنىڭ.
ئەلىگ ئېيتتى: نۇقسان ۋە پەزىلىتىڭنى چۈشەندىم،
سېنىڭ بۇ ئايتولدى (دېگەن) ئېتىڭ نېمە دېمەكتۇر؟

729 نەگۇ ئول مۇنىڭ مەئنىسى ئاي ماڭا،
بىلەيىن، ئۇقايىن، پۈتەيىن ساڭا.
ئۇنىڭ مەنىسى نېمە، ماڭا ئېيتىپ بەر،
(ئۇنى) بىلەي، چۈشىنەي، ساڭا ئىشىنەي.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

730 بۇ ئايتولدى ئايدى: مەنىڭ ئاتىمى، A 40
بۆگۇ مەڭزەتۈر ئايقا بۇ قىلقىمى.
ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ ئېتىمنى
ۋە مىجەزىمنى دانالار ئايغا ئوخشىتىدۇ.

731 بۇ ئاي تۇغسا ئاشنۇ ئەدى ئاز تۇغار، B 63
كۈنىڭە بەدۈيۈر، يوقارۇ ئاغار.
ئاي تۇغسا، دەسلەپتە بەك كىچىك تۇغىدۇ،
كۈنسېرى چوڭىيىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

732 تولۇن بولسا تولسا، ئاژۇنقا يارۇر،
ئاژۇن خەلقى ئاندىن يارۇقلۇق بۇلۇر.
(ئاي) تولۇن بولۇپ تولسا، دۇنيانى يورۇتىدۇ،
دۇنيا خەلقى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ.

733 تۇگەل بولسا، كۆر، ئاي بۇ ئاغسا ئەدىز،
يانا ئەرلۇ تۇرچىر، كەتەر كۆرك مەڭىز.
(ئاي) تولۇپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلسە،
(ئۇ يەنە) كېمىيىشكە باشلايدۇ، چىراي ـ ھۆسنى كېتىدۇ.

734 يارۇقلۇقى ئەكسۈر، يانا يوق بولۇر،
تۇغار كەچە ئازىن يانا ـ ئوق تولۇر.
يورۇقلۇقى ئازىيىپ، ئاخىر يوقايدۇ،
(قايتا) تۇغىدۇ، (ھەر) كېچىسى ئاز ـ ئازدىن يەنىلا تولىدۇ.

735 مەنىڭ بۇ ئۆزۈممە بۇ ياڭلىغ تۇرۇر،
ئارا بار بولۇرما ئارا يوق بولۇر.
مەن ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا ئوخشايمەن.
بەزەن بار بولىمەنۇ، بەزەن يوق بولىمەن.

736 نەچە يۇنچىغ ئۆزگە يۇز ئۇرسا ئۆزۈم،
بارۇ كۆركى ئارتار، كەسەر مەن سۆزۈم.
مەن ھەرقانچە زەئىپ كىشىگە يۈزلەنسەم،
كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭ ھۆسنى بارغانسېرى گۈزەللىشىدۇ.

737 بايۇسا، بەدۇسە، يادىلسا چاۋى،
كەتەر مەن ئانىڭدىن، كەتەر يۇز سۇۋى.
ئۇ بېيىپ ئۇلغايسا، داڭقى يېيىلسا،
ئۇنىڭدىن كېتىمەن، (ئۇنىڭمۇ) شۆھرەت ـ ئىناۋىتى كېتىدۇ.

738 يانا ساچلۇر ئاندىن تەرىلمىش نەڭى،
سۆكىتەك بولۇر ياندرۇ قىلقى ـ ياڭى.
يەنە ئۇنىڭ يىغقان مال ـ دۇنياسى چېچىلىدۇ،
ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى يەنە قايتا بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالىدۇ.

739 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى شائىر سۆزى،
بۇ شائىر سۆزى ئول بىلىكسىز كۆزى.

بۇنىڭغا تەقلىدەن شائىرنىڭ بىر سۆزى باركى،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى بىلىمسىزنىڭ كۆزىدۇر:

740 «كەلىر قۇت كىشىگە ئاتى چاۋلانۇر،
ياڭى ئايتەك ئارتار يارۇقى تولۇر.

«كىشىگە بەخت كېلىدۇ، نامى شۆھرەتلىك بولىدۇ،
خۇددى يېڭى ئايدەك نۇرى ئارتىپ، (ئاخىر) تولىدۇ.

741 يايىغ، تەلۋە دەۋلەت، كۆڭۈل باماغىل،
تولۇنتەك بۇ دەۋلەت يانا ئەرىلۇر».

دۆلەت تۇراقسىز، تەلۋە، (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل باغلىما،
دۆلەت تولۇن (ئايدەك) قايتا كىچىكلەيدۇ».

742 تاقى بىر بۇ مەئنى ئايايىن ساڭا،
ئەشىتكىل ئانى، سەن مۇنۇ پۇت ماڭا.

ساڭا (ئېيتىمىنىڭ) يەنە بىر مەنىسىنى ئېيتاي،
ئۇنى ئاڭلىغىن، بۇنىڭدا ماڭا ئىشەنگىن؛

743 بۇ ئاي ئورنى بولدى ئەۋى مۇنقەلىب،
ئورۇنسۇز بولۇر مۇنقەلىب نەڭ قىلىپ.

بۇ ئاينىڭ ئورنى ـ ئۆيى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،
ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، ھەر نېمە قىلساڭمۇ، ئورۇنسىز قالىدۇ.

744 بۇ ئاي بۇرجى ـــ سەرتان، بۇ ئەۋ ئەۋرىلۇر، C31
ئەۋى ئەۋرىلۇر ھەم ئۆزى چەۋرىلۇر.

ئاينىڭ بۇرجى سەرەتاندۇر، بۇ ئۆي ئايلىنىدۇ،
ئۆيى ئايلىنىدۇ ھەم ئۆزى چۆرگۈلەيدۇ.

745 قايۇ ئەۋگە كىرسە، بۇ ئاي تەرك چىقار،
چىقارى ئۇچۇن تەرك ياتارىن يىقار.

بۇ ئاي قايسى ئۆيگە كىرسە، تېزلا چىقىدۇ،
تېز چىقماق ئۇچۇن، ياتقان يېرىنىمۇ بۇزىدۇ.

746 مەنىڭمە ئۆزۈم، كۆر، ئاڭار ئوقشادى، B64
ئارا قىلقىم ئىلدى، ئارا يوقلادى.

قارا، مەن ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا ئوخشايمەن،
قىلىقىم ـ بەزىدە تۆۋەنلەش، بەزىدە يۇقىرى ئۆرلەش.

747 كەلىرمەن، بارىرمەن، يورىرمەن بۇرۇن،
ئاژۇنۇغ كەزەرمەن، ماڭا يوق ئورۇن.
كېلىمەن، كېتىمەن، (ھەممىدىن) بۇرۇن يۇرىمەن،
دۇنيانى كېزىمەن، مېنىڭ (تۇراقلىق) ئورنۇم يوق.
748 بۇ مەئنى ئۇچۇن ئاتىم ئايتولدى تەپ،
ئاتادى بىلىكلىگ سۆزىن يىنچكە يىپ.
(قىلىقلىرىمنىڭ) مەنىسى شۇنداق بولغىنى ئۇچۇن،
دانىشمەنلەر نازۇك مەنىلىك قىلىپ ئېيتىمنى ئايتولدى دەپ ئاتىدى.
749 مۇنۇ مەنمە دەۋلەت، مۇنۇم، ئەردەمىم،
ئايۇ بەردىم ئەمدى ئىگىم ھەم ئەمىم.
شۇنداق، مەن دۆلەت بولسامۇ، نۇقسانىم (ۋە) پەزىلىتىمنى،
كېسىلىم ھەم (ئۇنىڭ) داۋاسىنى ئېيتىپ بەردىم.
750 ئاچا سۆزلەدىم سۆز، ماڭا ئەمدى پۇت،
ئىدايىن تەسە ئىد، قالى تۇتسا تۇت.
سۆزنى ئوچۇق سۆزلىدىم، ئەمدى ماڭا ئىشەن،
تاشلايمەن دېسەڭ تاشلا، تۇتىمەن (دېسەڭ) تۇت.

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

751 ئەلىگ ئايدى: بارچا ئەشىتتىم سۆزۇڭ،
يارۇتتى سۆزۇڭ ھەم يارادى ئۆزۇڭ.
ئەلىگ ئېيتتى: بارچە سۆزۇڭنى ئاڭلىدىم،
سۆزلىرىڭ (دىلنى) يورۇتتى، ئۆزۇڭمۇ يارىدىڭ.
752 تىلەر ئەردىم ئەمدى سەنىتەك كىشى،
بايات بەردى ئارزۇ، ئاي ئەردە باشى.
سەندەك بىر كىشىنى ئارزۇ قىلغانىدىم،
ئەي، ئەرلەر سەردارى، خۇدا ئارزۇيۇمنى بەردى.
753 بايات كىمگە بەرسە تىلەك ئارزۇسى،
ئانىڭ شۇكرى بولدى يانۇت قىلغۇسى.

خۇدا كىمنىڭ ئارزۇ ـ تىلىكىنى بەرسە،
ئۇنىڭغا جاۋابەن شۈكۈر قىلغۇلۇق.

754 بۇ كۈندە نارۇ بۇ ئۆزۈم تىنمادىن،
مۇنىڭ شۈكرى قىلغۇ كەرەك ئەرمەدىن.
بۈگۈندىن باشلاپ مەنمۇ تىنماستىن،
ئىرىنمەستىن بۇنىڭ شۈكرىسىنى قىلىشىم كېرەك.

755 نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى بىلگە تەتىك،
ئۆزى باردى قودتى بىزىڭە بىتىك.
بىزگە كىتاب قالدۇرۇپ (دۇنيادىن) ئۆتكەن،
ئالىم، ئاقىل (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

756 شۈكر قىل ئەي نىئمەت ئىدىسى ئۇنۇر،
شۈكر قىلسا نىئمەت بايات ئارتۇرۇر.
ئەي نېمەتكە ئىگە بولغۇچى ئەزىمەت، شۈكۈر قىل،
شۈكۈر قىلساڭ خۇدا نېمەتنى ئاشۇرىدۇ.

757 بۇ نىئمەت ئىدىسى ئۇنىتۇر ئۆزىن،
مۇنىڭ شۈكرى قىلسا ئەۋۇرمەز يۈزىن.
نېمەتكە ئىگە بولغۇچى ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ،
بۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا، (نېمەت) يۈز ئۆرۈمەيدۇ.

758 ئاز ئەدگۈگە ئارتۇق، ئۆكۈش شۈكرى قىل، C32
ئۆكۈش بولسا نىئمەت ئانىڭ قەدرى بىل.
ئاز ياخشىلىق ئۈچۈن ناهايىتى كۆپ شۈكۈر قىل،
(ئېرىشكەن) نېمىتىڭ كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىل.

759 شۈكۈر قىلسا نىئمەت بىرى ئون بولۇر،
بىرى ئون بولۇپ، كۆر، ئەۋى نەڭ تولۇر.
شۈكىر قىلساڭ، بىر نېمەت ئون بولىدۇ،
بىرى ئون بولۇپ، ئۆيگە مال ـ دۇنيا تولىدۇ.

*　　*　　*

760 ئەلىگ بەردى ئالقىش، كۆر، ئايتولدىقا،
ئايۇر: تۈنلە كۈندۈز ماڭا تۇر باقا.

ئەلىگ ئايتولدىنى ئالقىشلىدى
ۋە كېچە - كۈندۈز ماڭا قارىشىپ تۇر، دېدى.

B65 761 تەلىم نەڭ - تاۋار بەردى، ئۆگدى ئۆكۈش،
ئاغىرلادى، بەردى، كۆر، ئالتۇن، كۈمۈش.

نۇرغۇن مال - دۇنيا، مۈلۈك بەردى، كۆپ ماختىدى،
قەدىرلىدى، كۆپ ئالتۇن - كۈمۈش بەردى.

A41 762 ئاڭار سۆزلەدى سۆزنى بارچا ئەلىگ،
ئانىڭدىن تىلەدى قامۇغ ئۆگ، بىلىك.

ئەلىگ ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى،
ھەممە (ئىشتا) ئۇنىڭدىن ئەقىل ۋە بىلىم تەلەپ قىلدى.

763 كۆر، ئايتولدىما بۇ ئاغىرلىق بۇلۇپ،
تاپىندى پۈتۈن - چىن باغىرساق بولۇپ.

ئايتولدىمۇ بۇ قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىپ،
چىن - ھەقىقىي سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى.

764 بىر ئانچە يورىدى سىنادى ئەلىگ،
قامۇغدىن تۈگەل بولدى بۇلمىش ئەرىگ.

ئەلىگ (ئۇنى) يەنە بىر مۇددەت سىناپ يۈردى،
ئېرىشكەن بۇ ئادىمى ھەممىدىن مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى بىلدى.

17

كۆنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئەدىل سىفەتىن ئايۇر

كۆنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنى ئېيتىدۇ

765 ئەلىگ بىر كۈن ئولدۇرۇپ ئۆزى يالڭۇزۇن،
ئەۋىن قىلدى خالى، ئەرىكتى ئۆزۈن.
ئەلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئۆيىنى خالىي قىلدى، خىيالغا چۆمدى.

766 ئوقىدى، كۆر، ئايتولدىقا قىلدى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى، قاۋۇشتۇردى قول.
ئۇ ئايتولدىنى چاقىردى، (ھۇزۇرىغا) يول بەردى،
ئايتولدى كىردى ۋە قول قوۋۇشتۇردى.

767 ئەلىگ ئۆترۇ تۇردى ئاداقىن ئۆرۈ،
ئەلىگ سۆزلەمەدى بىر ئانچە تۇرۇ.
ئۇ ئەلىگنىڭ قارشىسىدا تىك تۇردى،
ئەلىگ خېلى ۋاقىتقىچە گەپ قىلماي تۇردى.

768 باقىپ كۆردى ئەلىگ كۆزىن ئىملەدى،
ئىشارەت بىلە كەلگىل، ئولدۇر تەدى.
ئەلىگ (ئۇنىڭغا) قاراپ كۆزى بىلەن ئىملىدى.
ئىشارەت بىلەن، كەل، ئولتۇر، دېدى.

769 بۇ ئايتولدى ئولدۇردى ئاقرۇ ـ ئامۇل،
كۆزىن يەرگە تىكتى، يارۇتتى كۆڭۈل.
ئايتولدى ئاستا، ئېھتىيات بىلەن ئولتۇردى،
كۆزىنى يەرگە تىكتى، كۆڭلى يورۇدى.

770 ئەلىگكە باقا كۆردى ياشرۇ كۆزىن،
قاشى، كۆزى تۇگمىش، ئاچىتمىش يۈزىن.

يوشۇرۇنچە، كۆز قىرى بىلەن ئەلىگكە قاراپ كۆردىكى،
(ئەلىگ) قاش ـ قاپىقىنى تۈرگەن، چىرايى سۈرلۈك (ئىدى).

771 كۆمۈش كۈرسى ئۆرمىش ئۆزە ئولدۇرۇر،
بۆ كۈرسى ئاداقى ئۆچ ئادرى تۇرۇر.
(ئۇ) كۈمۈش كۈرسى قويۇپ، ئۈستىدە ئولتۇراتتى،
بۇ كۈرسىنىڭ ئايىغى ئۈچ ئاچىماق ئىدى.

772 بەدۈك بىر پىچەكىگ ئەلىگدە تۇتار،
سولىندىن ئۇراغۇن، ئوڭىندىن شەكەر.
(ئەلىگ) قولىدا چوڭ بىر پىچاق تۇتقانىدى،
سول (تەرىپى)دە ئۇراغۇن[1]، ئوڭ (تەرىپى)دە شېكەر (تۇراتتى).

773 ئانى كۆردى ئەرسە بۆ ئايتولدى چىن، C33
قاتىغ قورقتى ئۆزكە، قودى ئالدى تىن.
ئايتولدى ئۇنى كۆرۈپ، راستىنلا
قاتتىق قورقتى (ۋە) چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

ئەلىگ سۈئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

774 بىر ئانچە تۇرۇپ باش كۆتۈردى ئەلىگ، B66
بۆ ئايتولدىقا ئايدى: تەبرەت تىلىگ.
بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئەلىگ بېشىنى كۆتۈردى
(ۋە) ئايتولدىغا ئېيتتى: تىلىڭنى تەۋرەت.

775 نەلۈك سۆزلەمەزسەن ئاغىنتەك بولۇپ،
مەنى مۇندا يالگۇز بۆ ياڭلىغ بۇلۇپ.
مېنى بۇ يەردە مۇشۇنداق يالغۇز كۆرۈپ تۇرۇپ،
نېمە ئۈچۈن كېكەچتەك سۆزلىمەي تۇرىسەن؟

① ئۇراغۇن ــ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈك.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

776 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى،
مەنىڭ سۆزلەگۇگە ئۆزۇم يوق شاتى.
ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، دۆلەتمەن ئەلىگ،
سۆزلەش ئۈچۈن مەندە جۈرئەت يوق.

777 ئادىنسىغ كۆرۈر مەن، بۇ كۈن قىلىق، ئەتىك،
ئاڭار ئەيمەنۈر مەن، ئاي بىلگە تەتىك.
بۈگۈن سىزنىڭ مىجەز ـ ھەرىكىتىڭىزنى باشقىچە كۆرۈۋاتىمەن،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئەيمىنىۋاتىمەن، ئەي دانا.

778 قاراقا بىلىك بەردى بىلكى ئاچۇق،
پۇشار ئۆدتە بەگلەرگە بارما ياغۇق.
روشەن بىلىملىك (كىشى) خەلققە (شۇنداق) نەسىھەت قىلغان:
غەزەپلەنگەن چاغدا بەگلەرگە يېقىن بارما.

779 تاقى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بۆگۈ،
پۇشار ئۆدتە بەگلەر بولۇر ئوت، ئاغۇ.
بىلىملىك، دانىشمەن تېخىمۇ ياخشى ئېيتقان:
غەزەپلەنگەن چاغدا بەگلەر ئوت ۋە زەھەر بولىدۇ.

780 قالى بولسا بەگلەر پۇشۇپ، ئۆۋكەلىگ،
ياقىن تۇرما ئاندا، ئاي قىلقى سىلىگ.
ئەگەر بەگلەر قەھرگە كېلىپ، غەزەپلىك بولغان بولسا،
ئۇنىڭغا يېقىن تۇرما، ئەي خۇش پېئىل (كىشى).

781 پۇشار بولسا بەگلەر كەلىپ ئۆۋكەسى،
يىراق تۇرغىل ئاندا، تەگۇرگەي ياسى.
بەگلەر غەزىپى كېلىپ قەھرلەنگەن بولسا،
ئۇنىڭدىن يىراق تۇر، زىيىنى تېگىدۇ.

782 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
كۆڭۈلكە ئالىنغىل، كۇدەزگىل كەد ئۆز.

بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنداق بىر سۆز كەلدى،
(بۇنى) ئېسىڭدە تۇت، ئۆزۈڭنى ياخشى كۆزەت:

783 «پۇشار ئۆدتە بەگلەرگە بارما ياغۇق،
قالى باردىڭ ئەرسە ئۇچۇزلۇق ئانۇق.
«قەھرى كەلگەن چاغدا بەگلەرگە يېقىن بارما،
يېقىن باردىكەنسەن، قەدىرسىز بولۇشۇڭ ئېنىق.

784 كۆر، ئارسلانقا ئوقشار بۇ بەگلەر ئۆزى،
پۇشۇرسا كەسەر باش، ئاي بىلكى يارۇق».
قارا، بەگلەر(گويا) ئارسلانغا ئوخشايدۇ،
قەھرى كەلسە، باش كېسىدۇ، ئەي بىلىمى پارلاق (كىشى)».

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

785 ئەلىگ ئايدى: كەلدۇر ماڭا ئاي سۆزۈڭ،
نەگۈنى تاڭىرقادى ئەمدى ئۆزۈڭ.
ئەلىگ دېدى: قېنى ماڭا ئۆز سۆزلىرىڭنى ئېيت،
هازىر نېمىگە تېڭىرقاپ قالدىڭ؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

786 بۇ ئايتولدى ئايدى: تاڭىم بۇ مەنىڭ
كۈمۈش كۈرسى ئورنۇڭ نە ئول بۇ سەنىڭ.
ئايتولدى دېدىكى: مېنىڭ تاڭ قالغىنىم —
سەن ئولتۇرغان كۈمۈش كۈرسى نېمە دېمەكتۇر؟

787 بۇ ئولدرۇغ نە كۈرسى يەرى ئول ساڭا،
بۇ مەئنى ئۇقايىن ئايۇ بەر ماڭا.
سېنىڭ ئولتۇرغىنىڭ قانداق كۈرسى ئۇ؟
بۇنىڭ مەنىسىنى ئۇقاي، ماڭا ئېيتىپ بەر.

788 ئىكىنچى، ئەلىگدە نە ئول بۆ پىچەك،
مۆنىما ئۆزۆم يەترۆ بىلگۆ كەرەك.
ئىككىنچىدىن، قولۇڭدىكى نېمە پىچاق بۇ،
بۇنىمۇ مەن تولۇق بىلىشىم كېرەك.
789 ئۆچۆنچى، ئوڭۆڭدىن نەگۆ ئول شەكەر، A 42 B67 C34
سولۆڭدىن ئۆراغۆن نە ئول بۆ ساڭار.
ئۈچىنچىدىن، نېمە ئۈچۈن ئوڭ تەرىپىڭدە شېكەر،
سول تەرىپىڭدە ئۇراغۇن تۇرىدۇ، مەنىسى نېمە؟
790 باقا كۆردۆم ئەرسە ئۆزۆڭ ئۆۋكەلىگ،
مۆنى كۆردۆم ئەرسە يىتۆردۆم بىلىك،
سەپسالسام، غەزەپلىك تۇرىسەن،
بۇنى كۆردۈم ـ دە، ئەقلىمنى يوقاتتىم.
791 بۆ ياڭلىغ كۆرۆپ بۆ ئۆزۆم ئەيمەنىپ،
ئۆتۆگ ئۆتنۆمەزمەن تىلىمنى يازىپ
(سېنى) بۇ هالدا كۆرگەندىن كېيىن ئەيمىنىپ،
ئېغىز ئېچىپ، مۇراجىئەت قىلالمىدىم.

18

كۆنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىقا ئەدىل سىفەتى نەتەگ ئەردۆكىن ئايۇر

كۆنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىدۇ

792 ئەلىگ ئايدى: ئۆقتۇم سۆزۆك بەلگۆلەپ،
ئاچايىن سۆزۆمنى ساڭا ئۆلگۆلەپ.
ئەلىگ ئېيتتى: سۆزلىرىڭنى ئېنىق چۈشەندىم،
(بۇلارنى) يېشىپ، سۆزۈمنى ئېيتاي.

793 سەنى مەن ئوقىدىم ئەڭ ئاشنۇقى كۆن،
ئاغىرلىق بىلە بەردىم ئول كۆن ئورۇن.
مەن سېنى دەسلەپكى كۈنى چاقىردىم،
شۇ كۈنى ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئورۇن بەردىم.

794 بۇ تاڭ تاڭسۇق ئىشلار ماڭا كۆركىتىپ،
يۇشۇردۇڭ مەنى، سەن ئىشىڭ بەركىتىپ.
ئاشۇ ئاجايىپ ئىشلارنى ماڭا كۆرسىتىپ،
مېنى غەزەپلەندۈردۈڭ، (ئەمما) ئۆزۈڭ مەھكەم تۇردۇڭ.

795 كۆرۆپ يۇشتۇم ئەرسە، ئىلەندى ئۆزۆڭ،
سەرىلدىم ساڭا مەن، تۇگۇلدى يۇزۇڭ.
بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنسەم، تاپا ـ تەنە قىلدىڭ،
بۇنىڭغا سەۋر قىلدىم، يەنە چىرايىڭنى تۇردۇڭ.

796 سەن ئايدىڭ ماڭا: قۇت مەن، بىلگىل مەنى،
ساڭا ئۆقتۇرۇ قىلدىم، ئۆقغىل مۇنى.
سەن ماڭا: مەن ـ بەختمەن، مېنى بىلىۋال،
ساڭا ئۇقتۇرۇپ (بۇنداق) قىلدىم، بۇنى ئۇقۇۋال، دېدىڭ.

797 نەگۇ قىلمىشىڭنى سەن ئادرا سەچە،
يورا بەردىڭ، ئۆقتۇم قامۇغنى ئاچا.

نىمە ئۈچۈن (ئۈنداق) قىلغىنىڭنى ئايرىم ئىزاھلاپ بەردىڭ،
مەنمۇ ھەممە نەرسىنى ئوچۇق چۈشەندىم.

798 كەچۈردۈم مەن ئاندا سەنىڭ ئۆزرۈڭى،
ئاغىرلادىم ئۆترۈ ئول ئەردەم تەڭى.

شۇ چاغدا ئۆزرەڭنى (قوبۇل كۆرۈپ) كەچۈردۈم،
ئاندىن پەزىلىتىڭگە يارىشا (سىنى) قەدىرلىدىم.

799 بۇ كۈنمە مەنىڭ بۇ ئۆزۈم قىلقلارىن،
ساڭا كۆركىتۈر بارچا ئەردەملەرىن.

بۈگۈن مەنمۇ ئۆز مىجەزىم ۋە
بارچە پەزىلەتلىرىمنى ساڭا كۆرسەتتىم.

800 مۇنۇ مەنمە، كۆرگىل، كۆنىلىك تۆرۈ،
تۆرۈ قىلقلارى بۇ، باقا تۇر كۆرۈ.

قارىغىن، مەنمۇ ئادالەت (ۋە) قانۇنمەن.
قانۇنۇمنىڭ سۈپەتلىرى مۇنۇلاردۇر، دىققەت قىل:

801 بۇ كۈرسى ئۆزەلە ئۆز ئولدۇردۇقى،
ئاداقى ئۈچ ئول، كۆر، ئاي كۆڭلۈم توقى.

ئۆزۈم ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ كۈرسىنىڭ
ئۈچ پۇتى بار، قارا، ئەي دىلىمنىڭ ھۇزۇرى.

802 قامۇغ ئۈچ ئاداقلىغ ئەمىتمەز بولۇر، B68
ئۈچەگۈ تۇرۇر تۈز، قامىتماز بولۇر.

ئۈچ پۇتلۇق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايمايدۇ،
ئۈچىلا (پۇتى) تۈز تۇرسا قىمىرلىمايدۇ.

803 قالى ئۈچ ئاداقتا ئەمىتسە بىرى،
ئىكىسى قامىتار، ئۈچار ئول ئەرى.

ئەگەر ئۈچ پۇتتىن بىرەرسى ئېگىلىپ كەتسە،
قالغان ئىككىلىسىمۇ قىڭغىيىدۇ، كىشى يىقىلىدۇ.

804 قامۇغ ئۈچ ئاداقلىغ كۆنى تۈز تۇرۇر، C35
قالى بولسا تۆرت، كۆر، بىر ئەگرى بولۇر.

ئۈچ پۇتلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، تۈز بولىدۇ،
ئەگەر تۆت پۇتلۇق بولسا، قارا، بىرى ئەگرى بولىدۇ.

805 قايۇ نەڭ تۈز ئەرسە، قامۇغى ئۇز ئول،
قامۇغ ئۇز كۆرۈ بارسا، قىلقى تۈز ئول.
قايسى نەرسە تۈز بولسا، ھەممە يېرى ئۇز بولىدۇ،
بارلىق ئۇز نەرسىگە سەپ سالساڭ، قىلمىشىمۇ تۈز بولىدۇ.
806 قايۇ نەڭ ئەمىتسە، كۆر، ئەگرى بولۇر،
قامۇغ ئەگرىلەر ئەسىز ئۇرغى بۇلۇر.
قايسى نەرسە قىڭغايسا، ئۇ ئەگرى بولىدۇ،
ئەگرى (نەرسىلەر) نىڭ ھەممىسى يامانلىنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ.
807 قايۇ تۈز ئەمىتسە، تۇرۇماز تۈشەر،
قايۇ نەڭ كۆنى بولسا تۈشمەز سەرەر.
ھەرقانداق تۈز (نەرسە) پۈكۈلسە، (تىك) تۇرماي يىقىلىدۇ،
قايسى نەرسە توغرا بولسا، يىقىلماي مەزمۇت تۇرىدۇ.
808 مەنىڭ قىلقىم ئول، كۆر، ئەمىتمەز كۆنى،
كۆنى ئەگرى بولسا، كۆنىلىك كۈنى.
قارا، مىنىڭ ئادىتىممۇ ئېگىلمەس، توغرىدۇر،
ئەگەر توغرىلىق ئېگىلسە، قىيامەت بولىدۇ.
809 كۆنىلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىگ،
ئادىرمازمەن بەگسىگ، يا قۇلسىغ كىشىگ.
مەن ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن،
كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدىن، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىمايمەن.
810 بۇ بۆگدە پىچەك كىم ئەلىگدە تۇرۇر،
پىچىغلى، كەسىگلى تۇرۇر، ئاي ئۇنۇر.
قولۇمدىكى بۇ خەنجەر ـ پىچاق،
كېسىدىغان، پىچىدىغان (قورال)، ئەي قۇدرەتلىك كىشى.
811 پىچەك تەگ پىچارمەن، كەسەرمەن ئىشىگ،
ئۇزاتمازمەن دەئۋى قىلىغلى كىشىگ.
مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن، پىچىمەن،
دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ (ئىشىنى) ئۇزارتمايمەن.
812 شەكەر ئول، كىشى بىر ئاڭار كۈچ تەگىپ،
تۆرۈ بۇلسا مەندىن قاپۇغقا كەلىپ،

شېكەر ـــ زورلۇققا ئۇچراپ، ئېشىكمگە كىلىپ،
مەندىن ئادالەت تىلىگەن كىشى ئۇچۇندۇر.

813 شەكەرتەك سۇچىيۇ بارىر ئول كىشى،
سەۋىنچلىگ بولۇر ئاندا، يازلۇر قاشى.
ئۇ كىشى شېكەردەك لەززەت بىلەن قايتىدۇ،
سۆيۈنچ تېپىپ، چىرايى ئېچىلىدۇ.

814 ئۇراغۇن يەمە ئول كىشىلەر ئىچەر،
ئۆزى كۇچكەي ئەرسە، كۆنىدىن قاچار.
ئۇراغۇن ئوتىنى ئۆزى زوراۋان،
ھەقىقەتتىن تەزگەن كىشىلەر ئىچىدۇ.

815 ماڭا كەلسە تۇتشۇ، تۆرۇ بەرسەمەن،
ئۇراغۇن ئىچەر ـ تەك ئاچىر كۆرسەمەن.
(ئۇلار) جاڭجاللىشىپ ماڭا كەلسە، مەن ئادالەت بىلەن (ھۆكۈم) قىلسام،
ئۇراغۇن ئىچكەندەك ئازابلانغانلىقىنى كۆرىمەن.

816 بۇ قاشىم تۇگۇكى، بۇ كۆركسۇزلۇكۇم،
كۇچەمچى كەلىرگە بۇ يۇزسۇزلۇكۇم.
قاپىقىمنىڭ تۇرۇلگەنلىكى، سۇرلۇك بولۇشۇم،
يۈز ـ خاتىر قىلماسلىقىم ئالدىمغا كەلگەن زوراۋانلار ئۇچۇندۇر.

817 كەرەك ئوغلۇم ئەرسە، ياقىن، يا ياغۇق، B69
كەرەك بارقىن ئەرسە، كەچىكلى، قونۇق.
مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم، تونۇشۇم بولسۇن،
مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى ياكى مېھمان بولسۇن،

818 تۆرۇدە ئىكىگۇ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بۇلماغاي ئول مەنى.
قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىلىسى مەن ئۇچۇن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (ھېچبىرى) مەندە پەرق تاپالمايدۇ.

819 بۇ بەگلىك ئۇلى، كۆر، كۆنىلىك تۇرۇر،
كۆنى بولسا بەگلەر تىرىگلىك بولۇر.
قارا، بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق ـ ئادالەتتۇر،
بەگلەر ئادىل بولسا، ھاياتتا (ھالاۋەت) بولىدۇ.

820 مۇڭار مەڭزەتۈ سۆزلەر ئۆگلۈگ كىشى،
كىم ئۆگلۈگ سۆزىن تۈتسا، ئەتلۈر ئىشى:
ئەقىللىك كىشى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ مۇنداق سۆز ئېيتقان،
كىمكى ئاقىلنىڭ سۆزىنى (ئېسىدە) تۇتسا، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ:

821 «كۆنىلىك ئۆزە بولدى بەگلىك ئۆلى، A43 C36
بۇ بەگلىك كۆكى ئول كۆنىلىك يولى.
«بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر،
بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت يولىدۇر.

822 تۆرۈ قىلسا ئەلگە، كۆنى بولسا بەگ،
تىلەك ئارزۇ بۇلغاي بۇ قولسا قالى».
بەگ ئەلگە قانۇن يۈرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا،
ئىستىگەن ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ».

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

823 يانا ئايدى ئايتولدى: ئەلىگ قۇتى،
نەلۈك بولدى «كۈنتۇغدى» ئەلىگ ئاتى.
ئايتولدى يەنە ئېيتتى: ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ.
نېمە ئۈچۈن ئەلىگنىڭ ئېتى «كۈنتۇغدى» بولدى؟

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

824 ئەلىگ ئايدى: بىلگە مەنىڭ قىلقىمى
كۆرۈپ، مەڭزەتۈ ئۇردى بۇ ئاتىمى.
ئەلىگ ئېيتتى: ئالىم مېنىڭ ئادەتلىرىمنى
كۆرۈپ، (كۈنگە) تەقلىد قىلىپ، بۇ ئاتنى قويدى.

825 كۈنۈگ كۆر، ئەرىلمەز، تولۇ ئوق تۇرۇر،
يارۇقلۇقى بىر تەك تالۇ ئوق تۇرۇر.

كۆنگە قارىغىن كىمەيمەيدۇ، پەقەت تولۇن بولۇپ تۇرىدۇ،
يورۇقلۇقى دائىم ئوخشاشلا كۆچلۈكتۇر.

826 مەنىڭمە قىلىنچىم ئاڭار ئوقشادى،
كۆنىلىك بىلە تولدى، ئەكسۈمەدى.
مېنىڭ قىلىقلىرىممۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ،
ئادالەت بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ، ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

827 ئىكىنچى، تۇغار كۈن، يارۇر بۇ ئاژۇن، A 34
تۆزۈ خەلققە تەگرۈر، يوقالماز ئۆزۈم.
ئىككىنچىدىن، كۈن چىقسا جاھان يورۇيدۇ،
(يورۇقلۇقىنى) بارچە خەلققە يەتكۈزىدۇ ـ يۇ، ئۆزى ئۆچمەيدۇ.

828 مەنىڭمە تۆرۈم بۇ يوقالماز ئۆزۈم،
قامۇغ خەلققە بىرتەك نە قىلقىم ـ سۆزۈم.
مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق: ئۆزۈم يوقالمايمەن،
ئادىتىم ۋە سۆزلىرىم بارچە خەلق ئۈچۈن بىردەكتۇر.

829 ئۈچۈنچى، بۇ كۈن تۇغسا يەرگە ئىسىگ،
چەچەك يازلۇر ئاندا تۈمەن مىڭ تۈسىگ.
ئۈچىنچىدىن، كۈن چىقسا يەرگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ،
يەردە رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەك ئېچىلىدۇ.

830 قايۇ ئەلگە تەگسە مەنىڭ بۇ تۆرۈم،
ئول ئەل بارچا ئەتلۈر تاش ئەرسە قورۇم.
مېنىڭ قانۇنۇم قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا،
ئۇ ئەل قورام تاشلىق يەر بولسىمۇ، ئاۋاتلىشىدۇ.

831 تۇغار كۈن ئارىغ، يا ئارىغسىز تەمەز،
قامۇغقا يارۇقلۇق بەرۈر، ئەكسۈمەز.
چىققان كۈن ياخشى ياكى يامان دېمەيدۇ.
ھەممىگە (بىردەك) يورۇقلۇق بېرىدۇ، ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

832 مەنىڭمە قىلىنچىم بۇ ئول بەلگۈلۈك، B 70
تۆزۈكە تەگىر بارچا مەندىن ئۈلۈگ.
مېنىڭمۇ ئادىتىم ئېنىق شۇنداقتۇر،
مەندىن ھەممىگە باراۋەر ئۈلۈش تېگىدۇ.

833 يانا ما بۇ كۈن بۈرجى سابىت تۇرۇر،
بۇ سابىت تەدۇكۈم تۈپى بەرك بولۇر.
يەنە كېلىپ، كۈننىڭ بۈرجى تۇرغۇن بولىدۇ،
تۇرغۇن دېگىنىم ئۇنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم دېگىنىمدۇر.

834 بۇ كۈن بۈرجى ئارسلان، بۇ بۈرج تەبرەمەز،
ئەۋى تەبرەمەزى ئۈچۈن ئارتاماز.
كۈن بۈرجى ئارسلان، بۇ بۈرج تەۋرەنمەيدۇ،
ئورنىدىن تەۋرىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيى بۇزۇلمايدۇ.

835 مەنىڭ قىلقىمى كۆر، يەمە بىر ياڭىن،
ئۆزۈم تەگشۈرۈلمەز يارۇقتا ئۆڭۈن.
مېنىڭ ئادەتلىرىمگە باق، دائىم بىر خىلدۇر،
يورۇقلۇق بېرىشتە ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

836 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى، C
ئاشۇسۇ ئازۇن ـ ئەل، يادىلسۇ ئاتى.
ئايتولدى ئېيتتى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
جاھاندا ئەل سورا، نامىڭ يېيىلسۇن.

837 مەنىڭمە ئۆزۈم بۇ ئۇزۇن يول يورىپ،
ساڭا كەلدى ئەمگەپ ھەم ئارتۇق ئارىپ.
مەنمۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، مۇشەققەت چېكىپ،
ھېرىپ ـ چارچاپ ئالدىڭغا كەلدىم.

838 بۇ قىلقىڭ، بۇ ئەردەملەرىڭ بار ئۈچۈن،
كۆسەپ كەلدىم ئەمدى تاپۇغقا كۈچۈن.
بۇنداق ئادىتىڭ، پەزىلىتىڭ بارلىقى ئۈچۈن،
كۆچلۈك ئارزۇ قىلىپ، سېنىڭ خىزمىتىڭگە كەلدىم.

839 ئايۇ بەر ماڭا سەن نەتەك تاپنايىن،
سەۋىنچىڭ قايۇ ئول ئانى تۇتنايىن.

ماڭا ئېيتقىن، قانداق خىزمەت قىلاي؟
سۆيۈنىدىغان ئىشىڭ نېمە بولسا، شۇنى قىلاي.

840 تاپۇغ بەگ تاپىسى ئۇزە بولماسا،
يارا ماز بۇ تاپغى نەچە ئەمگەسە.

خىزمەت بەگنىڭ تەلىپىگە لايىق بولمىسا،
قانچە مۇشەققەت چەككەن بىلەنمۇ، خىزمىتى يارىمايدۇ.

841 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئىلا ئاتلىغى،
تاپۇغۇن بەدۇمىش كىشى قۇتلۇغى:

خىزمەت بىلەن يۈكسەلگەن، بەختكە ئېرىشكەن،
ئېلىنىڭ داڭدار ئادىمى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

842 تاپىنسا تاپۇغچى بەگىڭە قالى،
قاتىغ تۇتغۇ بەگلەر سەۋىنچى يولى.

ئەگەر خىزمەتكار بېگىگە خىزمەت قىلىدىكەن،
بەگلەرنى رازى قىلىش يولىنى قاتتىق تۇتۇشى كېرەك.

843 بۇ بەگلەر تاپىسى ئۇزە قىل تاپۇغ،
بەگى تاپلاسا، تاپغى ئاچتى قاپۇغ.

بەگلەر رايى بويىچە خىزمەت قىل،
خىزمىتىدىن بەگ رازى بولسا، (بەخت) ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

844 تاپۇغچى تاپۇغ بىلسە تۆرگە تەگىر،
تاپۇغ بىلمەسە تۆردىن ئەلگە كەلىر.

خىزمەتچى خىزمەت قىلىشنى بىلسە، تۆرگە چىقىدۇ،
خىزمەت قىلىشنى بىلمىسە، تۆردىن پەگاھقا چۈشىدۇ.

845 بەگىن كەد سەۋىندۇرسە تاپنۇر قۇلى، B71
ئاچىلدى بۇ قۇلقا ئاغىرلىق يولى.

خىزمەتچى قۇلى بېگىنى ناھايىتى سۆيۈندۇرسە،
بۇ قۇل ئۇچۇن قەدىر ـ قىممەتنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

846 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم مەن ئەمدى سۆزۈڭ،
سەۋىنچىم تىلە، كەد كۈدەزگىل ئۆزۈڭ.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى مەن سۆزلىرىڭنى چۈشەندىم،
مېنىڭ شادلىقىمنى تىلە، ئۆزۈڭگە قاتتىق ئېھتىيات قىل.

847 ساڭا مەن ئايايىن ياراغسىزلارىغ،
ياراغسىزقا ياقما، يورىغىل ئارىغ.
مەن ساڭا يارامسىزلارنى ئېيتاي،
يارامسىزغا يېقىنلاشما، پاك يۈرگىن.

848 ئۆزۈم تاپلاماز نەڭ بىرى — يالغان ئول،
مۇنىڭدا باساسى بۇ كۈچ قىلغان ئول.
ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى يالغانچىلىقتۇر،
ئۇنىڭدىن قالسا زوراۋانلىق قىلغانلاردۇر.

849 سۈق ئەرسە قىلىنچى، يىگ ئەرسە ئۆزى،
ئەۋەك ئەرسە قىلقى، ئۇۋۇتسۇز كۆزى.
تەبىئىتى ئاچ كۆز، ئۆزى (ئىشتا) خام بولغانلار،
مىجەزى ئالدىراڭغۇ، كۆزلىرى ئۇياتسىز بولغانلار،

850 پۈشى ئەرسە ئىشتە، يەمە ئۆۋكەلىگ،
ياۋا ئەرسە، بورچى، يا قىيغان ئەلىگ.
ئىش ئۈستىدە تېرىككەن، غەزەپلەنگەنلەر،
بىكار تەلەپ، هاراقكەش ۋە قولى ئەگرى بولغانلار،

851 بۇ ياڭلىغ كىشىلەر ياراماز ماڭا، A 35
ئايۇ بەردىم ئەمدى ئاچۇغلۇق ساڭا.
بۇ خىل كىشىلەر ماڭا يارىمايدۇ،
بۇنى ئەمدى ساڭا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىپ بەردىم.

852 يارايىن تەسە سەن ماڭا بەلگۈلۈگ،
بۇ قاچ نەڭ ئۆزۈڭدىن يىرات، ئاي كۈلۈگ.

سەن ماڭا مۇناسىپ (ھالدا) ياراشنى خالىساڭ،
بۇ بىرقانچە نەرسىدىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، ئەي شۆھرەتلىك كىشى.
853 ياقىن بولغا سەن كۈندە ئۆترۈ ماڭا،
ئاغىرلىق، ئاچىغ ئارتغا مەندىن ساڭا.
(شۇنداق قىلساڭ) كۈندىن ـ كۈنگە ماڭا يېقىنراق بولىسەن،
مېنىڭ ساڭا (بولغان) ھۆرمىتىم، ئىلتىپاتىم ئاشىدۇ.

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

854 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئەشىتتىم مۇنى،
تاقى بىر سۆزۈم بار ئايۇ بەر ئانى:
ئايتولدى دېدى: بۇلارنى ئاڭلىدىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەر:
855 بۇ ئەدگۈ قايۇ ئول، نەتەگ ئول ئۆزى،
نەگۈتەك بولۇر ئەدگۈ قىلقى ـ تۆزى.
ياخشىلىق قانداق بولىدۇ، نېمىگە ئوخشايدۇ،
ياخشىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى قايسى تەرىقىدە بولىدۇ؟

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

856 ئەلىگ ئايدى: ئەدگۈ بۇ قىلقى ـ ياڭى B72
تۇسۇلۇر، بولۇر خەلققە ئاسغى ـ ئوڭى.
ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىنىڭ مىجەز ـ قىلىقى
پايدىلىق بولىدۇ، خەلققە مەنپەئەتى تېگىدۇ،
857 تۆزۈ خەلققە بارچا قىلۇر ئەدگۈلۈك،
يانا مىننەت ئۇرماز كىشىگە كۆلۈك.
خەلققە ھەمىشە كۆپ ياخشىلىق قىلىدۇ،
كىشىدىن شۆھرەت (تىلىمەيدۇ)، مىننەت قىلمايدۇ.

858 ئۆز ئاسغىن تىلەمەز، كىشىگە ئاسىغ
بەرۈر، ئول ئاسىغدىن بۇ قولماز يانىغ.
ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەي، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرىدۇ،
بۇ پايدىسى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ.

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

859 يانا ئايدى ئايتولدى: ئۇقتۇم بۇ سۆز،
تاقى بىر تىلەكىمنى ئايتۇر بۇ ئۆز.
ئايتولدى يەنە ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى چۈشەندىم،
يەنە بىر تىلىكىمنى سەندىن سورايمەن.
860 ماڭا ئاي كۆنىلىك، قايۇ ئول كۆنى،
ئانىڭ بىرلە يالڭۇق يارۇتسا كۇنى.
ماڭا توغرىلىق (ھەققىدە) سۆزلەپ بەرگىن، ئىنساننىڭ
ھاياتىنى يورۇتىدىغان توغرىلىق قانداق بولىدۇ؟
861 قايۇنى ئايۇرلار كۆنىلىك يولى،
نەگۇتەك بولۇر بۇ كۆنىلىك ئۇلى.
نېمىنى توغرا يول دەپ ئاتايدۇ،
توغرىلىقنىڭ ئۇلى قانداق بولىدۇ؟

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

862 ئەلىگ ئايدى: كۆرگىل كۆنى ئەر ئۆزى،
تىلى، كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى.
ئەلىگ ئېيتتى: قارا، توغرا ئەرنىڭ
تىلى بىلەن دىلى ۋە سۆزى بىردەك بولىدۇ.
863 تاشى ـ تەك ئىچى ئول، ئىچى ـ تەك تاشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر ئول كۆنى، چىن كىشى.

ئىچى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدەك (بولىدۇ)،
چىن ۋە توغرا كىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

864 كۆڭۈلىن چىقارسا ئايادا ئۇرۇپ،
يورىسا، ئۇيادماسا يالڭۇق كۆرۈپ.
يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ،
ئىنسانلار ئالدىدا ئۇيالماستىن يۈرەلەيدىغان بولسۇن.

865 كۆنىلىك كەرەك ئەرگە قوپسا قۇتۇن، B73
كۆنىلىك ئاتى ئول كىشىلىك پۈتۈن.
بەختلىك (بولۇپ)، يۈكسىلىش ئۈچۈن كىشىگە توغرىلىق زۆرۈر.
ئىشەنگىنكى، توغرىلىق كىشىلىكنىڭ نامىدۇر.

866 قىز ئەرمەز بۇ يالڭۇق، كىشىلىك قىز ئول،
ئاز ئەرمەز بۇ يالڭۇق، كۆنىلىك ئاز ئول.
ئادەم قىس ئەمەس، (بەلكى) كىشىلىك قىستۇر،
ئىنسانلار ئاز ئەمەس، (بەلكى) توغرىلىق ئازدۇر.

867 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ سۆز،
ساڭا سۆزلەدى ئەمدى كۆرگىل بۇ ئۆز:
بۇنىڭغا تەقلىدەن، شائىر ئۇشبۇ سۆزنى ئېيتقان،
ئەمدى ساڭا سۆزلىدىم، (سەنمۇ) كۆرگىن:

868 «يورىغلى بۇ يالڭۇق ئەدى ئۆك ئۆكۈش،
كۆنى، چىن، پۈتۈن ئەر ماڭا كەد كۆسۈش.
«مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر،
توغرا، چىن ۋە ھەق ئادەم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەزىز.

869 قىز ئەرمەز كىشى، كۆر، كىشىلىك قىز ئول،
كۆنى، چىن كىشىلەرنى ئۆگدى ئۇقۇش».
كىشى قەدىرلىك ئەمەس، (بەلكى) كىشىلىك قەدىرلىكتۇر،
ئەقىل ـ ئىدراك توغرا، چىن كىشىلەرنىلا ماختايدۇ».

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

870 يانا ئايدى ئايتولدى ئەلىگ قۇتى،
ماڭا ئاچسا ئەمدى بۇ سۆز بۇك ـ قاتى.

ئايتولدى يەنە ئېيتتى: دۆلەتمەن ئەلىگ،
ماڭا ئەمدى بۇ سۆزنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەر.

871 بۇ ئەدگۈ كىشىلەر بولۇرمۇ ئەسىز،
ئەسىزمە ئۇرۇرمۇ، كۆر، ئەدگۈگە ئىز؟
ياخشى كىشىلەرنىڭ يامان بولۇشى مۇمكىنمۇ،
يامانلارمۇ (بىر كۈنى) ياخشىلارغا ئەگىشەرمۇ؟

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

872 ئەلىگ ئايدى: ئەدگۈ ئىكى تۇرلۇگ ئول،
مۇنىڭدا بىرى چىن تۇتار ئەدگۈ يول.
ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ،
بۇنىڭ بىرى، ھەقىقىي ياخشىلىق يولىنى تۇتىدۇ،

873 بىر ئەدگۈ بولۇر، كۆر، ئانادىن تۇغۇپ،
يورىر ئول كۈنى، چىن، كۆر، ئەدگۈ بولۇپ.
بىرى، ئانىدىن تۇغۇلۇپلا ياخشى بولىدۇ،
ئۇ توغرا ۋە دۇرۇس ھايات كەچۈرىدۇ.

874 تاقى بىرى ئەدگۈ، كۆر، ئۆتگۈنچ بولۇر،
ئەسىزگە قاتىلسا ئول ئەسىز قىلۇر.
قارا، يەنە بىرى ــ تەقلىد يولى بىلەن ياخشى بولغانلار،
ئۇلار يامانغا قېتىلسا، يامانلىق قىلىدۇ.

875 ئىكى تۇرلۇگ ئول، كۆر، بۇ ئەسىز يەمە،
ئىكىگۈنى بىر تەپ ئەسىزگە ساما.
يامانلارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ،
بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش يامان ھېسابلىما:

876 تۇغا ئەسىز ئول، كۆر، مۇنىڭدا بىرى، B74
بۇ ئەر ئۆلمەگىنچە ئارىماز كىرى.
بۇلاردىن بىرى تۇغما يامانلاردۇر،
بۇنداق كىشى ئۆلمىگۈچە كىرى تازىلانمايدۇ.

877 تاقى بىرى ئۆتگۈنچ بولۇر بۇ ئەسىز،
ئەشى ئەدگۈ بولسا تۇزەر بۇ ـ ما ئىز.
يەنە بىرى ــ تەقلىد يولى بىلەن يامان بولغانلار،
(بۇلارنىڭ) دوستلىرى ياخشى بولسا، ئۇمۇ ياخشى يولغا ماڭىدۇ.

878 تۇغا ئەدگۈدىن تۇتچى ئەدگۈ كەلىر، A 36
ئاژۇن بودنى ئاندىن ئاسىغلار ئالىر.
تۇغما ياخشىدىن دائىم ياخشىلىق كېلىدۇ،
جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ.

879 تۇغا ئەسىز ئەرسە ئاڅار يوق ئوتى،
ئاژۇنقا بەلا ئول، بودۇنقا يۇتى.
تۇغما يامان بولسا، ئۇنىڭغا داۋا يوق،
ئۇ دۇنيا ئۈچۈن بالا ۋە خەلق ئۈچۈن جۇتتۇر.

880 مۇڅار مەڭزەتۇ ئايدى تۇركچە مەسەل،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئۇقۇپ ئۆزگە ئال.
بۇنىڭغا تەقلىدەن ئېيتىلغان بىر تۇركچە مەسەل ئېيتىلغان،
سەن بۇنى ئاڭلا ۋە چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرگىن:

881 ئۈرۈڭ سۈت بىلە كىرسە ئەدگۈ قىلىق،
ئۆلۈم تۇتماغىنچا ئەۋۈرمەز يورىق.
ياخشى ئادەت ئاق سۈت بىلەن كىرگەن بولسا،
(بۇنداق كىشى) ئۆلگەنگە قەدەر ئۆز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

882 تادۇ بىرلە قاتلىپ تۆرۈمىش قىلىنچ،
ئۆلۈم بۇزماغىنچا بۇزۇلماز ئەرىنچ.
(كىشىنىڭ) تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ يارىتىلغان قىلىق
ئۆلۈم بۇزمىغۇچە ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ.

883 قارىندا تۆرۈمىش قىلىنچ، ئۆگرەتىك،
ياغىز يەر قاتىندا كەتەر، ئاي تەتىك.
(ئانىنىڭ) قارنىدا پەيدا بولغان مىجەز ۋە ئادەت
بوز يەر قېتىغا كىرگەندىلا كېتىدۇ، ئەي دانا.

884 قالى ئەدگۈگە بولسا ئەسىز ئەشى،
ئەسىز بولدى قىلقى ئول ئەسىز تۇشى.

ئەگەر ياخشىغا بىر يامان يولداش بولسا،
ئۇنىڭ قىلمىشلىرىمۇ يامانىنىڭكىگە ئوخشاش يامان بولىدۇ.

885 ئەسىزمە قاتىلسا، كۆر، ئەدگۈ بىلە،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە بۇ بۇلدى يۇلا.

يامان ياخشى بىلەن بىللە قېتىلىپ يۈرسە،
بارلىق ياخشىلىقلارغا (يەتمەك ئۈچۈن) مەشئەلگە ئېرىشىدۇ.

886 تاقى بىر سەبەب، كۆر، بۇ ئەدگۈ، ئەسىز
ياقىنلىق يولىندىن تۈزەر تۈزسە ئىز.

قارا، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ياخشى بىلەن يامان
يېقىنلىشىش تۈپەيلىدىن يولىنى توغرىلىۋالىدۇ.

887 بەگى ئەدگۈ بولسا بودۇن بارچا تۈز،
بولۇر قىلقى ئەدگۈ، يورىقلارى ئۈز.

بېگى ياخشى بولسا، بارچە خەلق تەرتىپلىك،
قىلىقلىرى ياخشى، خۇي ـ پەيلى گۈزەل بولىدۇ.

888 ياقىن تۇتسا بەگلەر، كۆر، ئەدگۈ كىشىگ،
ئەسىز بارچا ئەدگۈ قىلۇر ئول ئىشىگ.

بەگلەر ياخشى كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
يامانلارمۇ ياخشى ئىش قىلىدىغان بولىدۇ.

889 ئەسىزلەر ياقىن بولسا بەگلەر تاپا،
ئۇزادى ئەسىز ئەلگى ئەلگە تۇپە.

يامانلار بەگلەرگە يېقىن بولسا،
ئەلدە يامانلارنىڭ قولى ئۇزىراپ كېتىدۇ.

890 ئەسىز باش كۆتۈرسە، كۆر، ئەدگۈ يىتەر،
بۇ ئەدگۈ ئەلىگ بۇلسا ئەسىز كەتەر.

يامانلار باش كۆتۈرسە، ياخشىلار يوقىلىدۇ،
ياخشىلار ھۆكۈمران بولسا، يامانلار (ئارىدىن) كېتىدۇ،

891 قالى ئەدگۈ بولسا بۇ بەگلەر قۇتۇن، B75
قامۇغ ئەدگۈ بولدى قاراسى، يۇتۇن.

ئەگەر بەگلەر بەخت بەلگىسى سۈپىتىدە ياخشى بولىدىكەن،
پۈتۈن خەلقىمۇ، شۈبھىسىزكى، ياخشى بولىدۇ.

892 بۇ بەگلەر ئەسىز بولماغىنچا، ئەسىز
ئول ئەلدە سەۋىنچىن قىزارتماز مەڭىز.
(ئەگەر) بەگلەر (ئۆزى) يامان بولمىسىلا،
ئۇ ئەلدە يامانلارنىڭ يۈزىدە شادلىق جىلۋە قىلمايدۇ.

893 نە ئەدگۇ تۆرۇ ئۇردى بەگلەر بەگى،
ئەسىزگە بۇ قىن بەرگە زىندان يەگى.
بەگلەر بېگى بىر ياخشى قانۇن تۈرغۈزغانكى،
يامان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە جازا ۋە زىنداندۇر.

894 قالى ئەدگۇ بولسا بودۇن باشچىسى،
قامۇغ ئەدگۇ بولدى ئانىڭ ئىشچىسى.
ئەگەر خەلقنىڭ باشچىسى ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ياخشى بولىدۇ.

895 ئاپاڭ ئەدگۇ بولسا بۇ بەگلەر ئۆزۇن،
بايۇر بودنى بارچا، كۆر، ئەتلۇر ئاژۇن.
ئەگەر بەگلەرنىڭ ئۆزلىرى ياخشى بولسا،
پۈتۈن خەلقى بېيىيدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ.

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

896 يانا ئايدى ئايتولدى: ئۇقتۇم مۇنى،
ئەلىگ يارلىقادى بۇ سۆزلەر كۆنى.
ئايتولدى يەنە (شۇنداق) دېدى: بۇلارنى چۈشەندىم،
ئەلىگ بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى توغرا ئېيتتى.

897 بۇ ئەدگۇگ بىلىر ئول كىشى ئەدگۇ تەپ،
ئاسىغلىغ ئەرۇرىن مۇنى قىلغۇ تەپ.
بۇ ياخشىلىقلارنى كىشى ياخشى دەپ بىلىدۇ،
پايدىلىق بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايدۇ.

898 سەۋەر بارچا يالڭۇق تىلەر ئارزۇلار،
ئانى قولداچىلار نەلۇك بۇلدىلار؟

(ئۇنى) پۈتۈن ئىنسان سۆيىدۇ، خالايدۇ، ئارزۇ قىلىدۇ،
ئۇنى ئىستىگەنلەر ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىدۇ؟

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

899 ئەلىگ ئايدى: ئەدگۇ تالۇ نەڭ تۇرۇر،
تالۇ نەڭنى تۇتچى تالۇلار قولۇر.
ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق ئېسىل نەرسىدۇر،
ئېسىل نەرسىنى دائىم ئېسىل كىشىلەر خالايدۇ.

900 قايۇ نەڭ تالۇ بولسا ئۆدرۈم، ئاغىر،
ئانىڭ قىلماقى بارچا ئۆزگە ئاغىر.
قايسى نەرسە ئېسىل، نادىر ۋە قەدىرلىك بولسا،
ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بارچە كىشىگە ئېغىر چۈشىدۇ.

901 ئەسىزلىك ئۇچۇز ئول، ئانى قىلداچى،
ياۋۇز ئىش ئۇچۇز ئول، ئەسىز بولداچى.
يامانلىق ۋە ئۇنى قىلغۇچىلار قەدىرسىزدۇر،
ياۋۇز ئىشمۇ قەدىرسىزدۇر، (ئۇ) يامانلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

902 قايۇ نەڭ ئۇچۇز بولسا يەردە ياتۇر،
ئاغى چۇز ئاغىر بولدى تۆردە ياتۇر.
قانداق نەرسە قەدىرسىز بولسا، يەردە ياتىدۇ،
تاۋار ـ دۇردۇن قىممەتلىك بولغاچقا، تۆردە تۇرىدۇ.

903 بۇ ئەدگۇ ئاغىشتەك ئاغىر ئاغغۇقا،
ياۋۇز نەڭ ئىنىش ئول ئۇچۇز بولغۇقا.
ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئېغىر ئىشتۇر،
يامانلىق تۆۋەنگە چۈشۈشتەك ئاساندۇر.

904 مۇڭار مەڭزەتۇ سۆزلەدى، كۆر، ئۇقۇش، B76
ئۇقۇشلۇغ سۆزى تۇتسا ئاسغى ئۆكۈش
قارا، ئەقىل بۇنىڭغا تەقلىدەن بىر سۆز ئېيتقانكى،
ئەقىللىكنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا، پايدىسى كۆپتۇر:

A 37

905 «ئاغىشتەك بۇ ئەدگۈ، ئاغۇماز كىشى،
تەگىپ تەگمە يالڭۇق قىلۇماز ئىشى.
«ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئىش، ھەممە كىشى چىقالمايدۇ،
بۇ ئىشنى قىلىمەن دەپمۇ ھەممە ئىنسان قىلالمايدۇ.
906 ئاغىر نەڭ قامۇغى ئاغىر قىلغۇقا،
قىلۇماز بۇ ئىشنى بىلىكسىز پۇشى».
قەدىرلىك بولغان ھەرقانداق نەرسىنى بىجىرىش ئېغىرغا چۈشىدۇ.
بىلىمسىز ۋە نادانلار بۇنى (ئادا) قىلالمايدۇ».

ئايتولدى سۇئالى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

907 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى،
بۇ ئۆگدى بىلە مۇنچا ئەدگۈ ئاتى،
ئايتولدى ئېيتتى: ئەي دۆلەتمەن بەگ،
ياخشىلىق شۇ قەدەر نام ۋە مەدھىيەگە ئېرىشكەنىكەن،
908 مۇنى بارمۇ يالڭۇق ئانى سۆزلەگۈ،
ئۇقۇشلۇغ ئۇقارمۇ، بىلىرمۇ نەگۈ؟
ئۇنىڭمۇ ئىنسانلار سۆزلىگۇدەك قۇسۇرى بارمۇ،
ئۇقۇمۇشلۇقلا ئۇنى ئۇقامدۇ، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ؟

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

909 ئەلىگ ئايدى: ئەدگۈ تۇچى ئۆگدىلۇر،
مۇنى بۇ ـ ئەسىزلەر ئارا ساۋلانۇر.
ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق دائىم ماختىلىدۇ.
يامانلار (بولسا) ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپماقچى بولىدۇ.
910 ياقىنلىق قىلۇر ئەر كىشىگە تۇشى،
ياۋۇز بولماسا قىلماز ئەدگۈ ئىشى.

كىشىلەرگە دائىم يېقىنلىق قىلغۇچى ئەرمۇ،
ئەگەر يامانلار بولمىسا، ياخشى ئىش قىلالمايدۇ.

911 بۇ ساتغاغ، باسىنچاق ئۇچۇن ئەدگۇنى
ئەسىزلەر يورىپ، كۆر، يارۇتماز كۆنى.

يامانلار خورلانغانلىقى ۋە كەمسىتىلگەنلىكى ئۇچۇن،
ياخشىلارغا كۈن بەرمەيدۇ، يارىتماي يۈرىدۇ.

912 كىم ئەدگۇ تىلەر ئەرسە ئەدگۇ قىلۇر،
باسىنچاق، يا ساتغاغقا باقماز بولۇر.

كىم ياخشىلىقنى خالىسا ياخشىلىق قىلىدۇ،
خورلاش ۋە كەمسىتىلىشكە پىسەنت قىلمايدۇ.

913 كىم ئەرسە بۇ كۇنلۇك تىلەسە سەۋىنچ،
ئەسىزلىك قىلۇر، ئول، يارىن يەر ساقىنچ.

كىمكى بۈگۈنكى شادلىقنىلا تىلىسە،
ئۇ يامانلىق قىلىدۇ، كېيىن قايغۇرىدۇ.

914 بۇ ئەدگۇ تىلەگلى نەگۇ تەر ئەشىت،
قامۇغ ئەدگۇلۇك قىل، ئۆزۈڭگە ئەش ئەت.

ياخشىلىق تىلىگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دائىم ياخشىلىق قىل، (ياخشىلىقنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل:

915 ياس ئەرمەز بۇ ئەدگۇ بۇ كۇنلۇك ساڭا، B77
يارىن بولغا ئاسىغىڭ، بۇ كۇن پۇت ماڭا.

ياخشىلىقنىڭ بۈگۈن ساڭا ھېچ زىيىنى يوقتۇر،
بۈگۈن ئىشەنگىنىكى، كېيىن ئۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ.

916 ئاسىغ كۆرنۇر ئەرسە ئەسىزلىك بۇ كۇن،
يارىن ياس قىلۇر ئاندا، ئۇقغىل ئۆگۇن.

يامانلىق بۈگۈن پايدىلىق (تەك) كۆرۈنسىمۇ،
ئۇ ئەتە زىيان كەلتۈرىدۇ، بۇنى پاراسەت بىلەن ئۇققىن.

917 بۇ ئەدگۇ ئوڭ ئول، كۆر، ئەسىزلىك بۇ سول،
سولۇڭدىن تامۇ ئورنى، ئۇشتماخ ئوڭ ئول.

ياخشىلىق ئوڭ بولسا، يامانلىق سولدۇر،
سولۇڭدا دوزاخ، ئوڭ تەرىپىڭدە جەننەت بار.

918 نەچەمە ئەرەژلەنسە ئەسىز بۆ كۆن،
ئۆكۆنچ بىرلە ئەمگەك يارىنقى كۆنۆن.
يامانلار بۆگۆن قانچىلىك هۆزۆرلانسىمۆ،
ئەتىكى كۆندە ئۆكۆنچ بىلەن ئازاب چېكىدۆ.

919 نەچە ساتغاغ ئەرسە بۆ ئەدگۆ كىشى،
ئۆكۆنمەز يارىن، ئاندا ئەتلۆر ئىشى.
ياخشى كىشى قانچىلىك خار بولسىمۆ،
ئەتە ئۆ يەردە ئۆكۆنمەيدۆ، ئىشى ئۆگۆشلۆق بولىدۆ.

920 هەقىقەت مۆنى بىل، ئاي ئايتولدى سەن،
ئۆكۆنچسۆز مەن ئەدگۆ ئاتىن ئۆلسە مەن.
ئەي ئايتولدى، سەن بۆنى هەقىقەت دەپ بىلگىنكى،
ياخشى نام بىلەن ئۆلسەم، ئۆكۆنچسىز بولىمەن.

921 نە ئەدگۆ سۆز ئايمىش كۆنى ئەر تىلى،
كۆنى ئەر تىلى ئۆردى سۆزگە ئۆلى.
ئادىل كىشى نەقەدەر ياخشى سۆزلەرنى ئېيتقان،
ئادىل كىشىنىڭ تىلى سۆزلەرگە ئۆل سالىدۆ:

922 كىم ئەدگۆگ يىرەر ئەرسە ئەسىز بولۆپ،
تىلەر مەن، ئاي ئەدگۆ، سەنى مەن قولۆپ.
باشقىلار يامان دەپ ياخشىنى رەت قىلسا،
ئەي ياخشى، مەن سېنى ئارزۆ قىلىپ تىلەيمەن.

923 ئاي ئەدگۆ، ساڭار كىم تودار، ئاي ماڭا،
بەرۆ كەلگىل ئەمدى، مەن ئاچمەن ساڭا.
ئەي ياخشى، ئېيتقىنچۆ، ساڭا كىم تويىدۆ؟
قېنى بېرى كەل، مەن ساڭا (تويمىدىم)، تېخى ئاچمەن.

924 نەچە ساتغاغ ئەرسە بۆ ئەدگۆ كىشى،
تاپى مەن بولايىن بۆ ئەدگۆ ئەشى.
ياخشى كىشى قانچىلىك خورلانغان بولسىمۆ،
(مەن) شۆ ياخشى (كىشى) گە هەمراھ بولۆشقا رازىمەن.

925 ئەسىزلىك بىلە ئەرسە بەگلىك ماڭا،
كەرەكمەز بۆ بەگلىك، قودۆرمەن ساڭا.

بەگلىك ماڭا يامانلىق بىلەن كېلىدىغان بولسا،
بۇنداق بەگلىك كېرەك ئەمەس، ئۇنى ساڭا بەردىم.

926 كىشى قىلقى ئەسىز كۆرۈر مەن كۆزۈن،
ئەرەڭى ئاز ئول، كۆر، ئۆكۈنچى ئۇزۇن.
كىشىنىڭ تەبىئىتى ياماندۇر، بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن.
ھالاۋىتى ناھايىتى قىسقا، ئۆكۈنچى ئۇزۇن.

927 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ سۆز،
ئوقىسا ئاچىلغاي، يىتى قىل بۇ كۆز:ئۆ
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شائىر بۇ سۆزنى ئېيتقان،
ئۇنى ئوقۇساڭ (مەنىسى) ئېچىلىدۇ، كۆزۈڭنى ئۆتكۈر قىل:

928 «قايۇ ئەدگۇ ئۆكنۇر، كۆر، ئەدگۇ ئۇچۇن،
ئاتىقمىش ئەسىز ئاخىر ئۆكنۇر كۈچۈن.
«قارا، قايسى ياخشى (كىشى) ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنىدۇ؟
ئاتالغان يامانلار ئاخىر قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

929 ئەسىز قىلسا، ئەسىز يانۇتى ئۆكۈنچ،
ئۇسا ئەدگۈلۈك قىل، ئەسىزكە ئۆچۈن».
يامانلىق قىلسا، يامانلىقنىڭ جاۋابى ئۆكۈنچ بولىدۇ.
قولۇڭدىن كەلسە ياخشىلىق قىل، (يامانغا) ئۆچ بول».

930 نەگۈتەك ئۆگەيىن بۇ ئەسىز كىشىگ، B78
نەگۈتەك تىلەيىن بۇ ئەسىز ئىشىگ؟
يامان كىشىلەرنى قانداقمۇ ماختاي،
نېمىشقىمۇ يامان ئىشنى ئارزۇ قىلاي؟

931 ئوتۇنلۇق، بىۋالىق، ياۋالىق، قامۇغ
ئەسىزلەر قىلىنچى بولۇر، ئاي ئۇلۇغ.
ئەسكىلىك، پەسكەشلىك، جاھىللىقنىڭ ھەممىسى
يامانلارنىڭ قىلىق ـ ئادىتىدۇر، ئەي ئۇلۇغ (كىشى.)

932 بەلا، مىھنەت، ئەمگەك، ئۆكۈنچۈن سىغىت
ئەسىزلىك يانۇتى بولۇر، ئاي يىگىت.
بالا، ئازاب، مۇشەققەت ۋە ئۆكۈنچلىك كۆز يېشى ـ
يامانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن جاۋاب، ئەي يىگىت.

933 قالى سەۋمەيىن، كۆر، بۆ ئەدگۆ كىشىگ،
قالى ئۆگمەيىن مەن بۆ ئەدگۆ ئىشىگ؟
قارا، بۆ ياخشى كىشىلەرنى قانداقمۇ سۆيمەي،
بۆ ياخشى ئىشلارنى قانداقمۇ ماختىماي؟

934 ئاقىلىق، كىشىلىك، ئاسىغ، ئەدگۆلۆك، A 38
بۆ ئەدگۆ كىشىدىن كەلىر بەلگۆلۆك.
سېخىيلىق، ئادەمگەرچىلىك، مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق،
ئېنىقكى، ياخشى كىشىلەردىن كېلىدۇ.

935 بۆ ئەدگۆ كىشى بارچا ئەش ئەدگۆسى، A 37
بۆ ئەدگۆ ئىش ئول، بارچا ئىش ئەدگۆسى.
ياخشى كىشى دوستلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر،
ياخشى ئىش ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

936 ئەشىڭ ئەدگۆ بولسا نەگۆ قولسا قول، A 38
ئەش ئەدگۆ كەرەك ئول ئۆزۆڭ بۆلسا يول.
دوستۇڭ ياخشى بولسا، نېمە خالىساڭ قىلالايسەن،
(ياخشى) يول تېپىش ئۈچۈن ياخشى دوست كېرەك.

937 ئەرەژ، ئارزۆ، نىئمەت، كۆۋەنچىن ئاۋىنچ،
بۆ ئەدگۆ يانۆقى بولۆر بۆ سەۋىنچ.
هۇزۇر ـ هالاۋەت، ئارزۇ، نېمەت، غۇرۇر
ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ياخشىلىقنىڭ جاۋابى بولىدۇ.

*   *   *

938 ئەلىگ ئايدى: ئايتولدى ئۆقغىل بۆ سۆز،
ئايىتمىش سۆزۆڭگە يانۆت قىلدى ئۆز.
ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى، بۇ سۆزلەرنى ئۇقققىن،
سورىغان سوئالىڭغا (شۇنداق) جاۋاب بەردىم.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

939 يەر ئۆپتى، كۆر، ئايتولدى تۇردى ئۆرۇ،
ئايۇر: ئاي ئىدۇق قۇت، ئاي ئەدگۇ تۆرۇ.
ئايتولدى يەر ئۆپۈپ، ئورنىدىن تۇردى.
ۋە دېدى: ئەي مۇقەددەس بەخت، ئەي ياخشى قانۇن،

940 ئاۋۇن ئەركى بۇلدۇڭ ئۇزۇن بولسۇ ياش،
ئەرەژ، ئەدگۇ بىرلە ئەسەن بولسۇ باش.
دۇنيانىڭ ھاكىمى بولدۇڭ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن،
ھالاۋەت ۋە ياخشىلىق ئىچىدە بېشىڭ ئامان بولسۇن.

941 بۇزۇلماسۇ بەگلىك بەدۇكلۇك بىلە،
ئاۋىنچىن تىرىلگىل، سەۋىنچىن كۇلە.
بەگلىكىڭ ۋە سەلتەنەتىڭ بۇزۇلمىسۇن،
شاد ـ خۇرام كۇلۇپ، راھەتتە ياشا.

942 ئۇلۇغلۇغ بىلە بول ئۆكۈش ئەلگە ئەرك،
بۇ ئەرك بىرلە بەگلىك ئۇلى بولسۇ بەرك.
ئۇلۇغلۇق بىلەن كۆپ ئەللەرگە ھاكىم بول،
بەگلىكىڭنىڭ ئۇلى قۇدرىتىڭ بىلەن مۇستەھكەم بولسۇن.

943 ئاقا كەلسۇ ئارزۇ قۇرۇماز بولۇپ،
قاپۇغ تۇتسۇ دەۋلەت قارىماز بولۇپ.
ئارزۇلىرىڭ قۇرۇماس (ئېقىنىدەك) ئېقىپ تۇرسۇن،
دۆلەت قېرىماس (خىزمەتچىدەك) دائىم ئىشىكىڭدە تۇرسۇن.

944 سەۋىنچ بارچا يۇمغى ساڭا كەلسۇنى،
ساقىنچ بىرلە دۇشمەن سىزىپ ئۆلسۇنى.
بارلىق خۇشاللىقنىڭ ھەممىسى ساڭىلا كەلسۇن،
دۇشمەنلەر قايغۇ بىلەن زەئىپلىشىپ ئۆلسۇن.

945 سەزا ئول ساڭا كىم تاپىنسا تاپۇغ،
سەزاقا تاپىنسا ئاچار قۇت قاپۇغ.

سەن هەركىمنىڭ خىزمەت قىلىشىغا ئەرزىيسەن،
ئەرزىگەن (كىشىگە) خىزمەت قىلسا، بەخت ئىشىك ئاچىدۇ.

946 نەگۇ تەر ئەشتكىل تاپۇغ قىلمىش ئەر، B79
تاپۇغ بىرلە ئارزۇ ـ تىلەك بۇلمىش ئەر:
خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە خىزمىتى بىلەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە
ئېرىشكەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

947 تاپۇغ قىلما، قىلسا سەزاقا تاپىن،
سەزا بەگ بىلىر ئول تاپۇغچى هەقىن.
خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ، ئەرزىگەنگە قىل،
لاياقەتلىك بەگ خىزمەتكارىنىڭ هەققىنى بىلىدۇ.

948 تاپىنما، تاپىنسا ئاقى تاپغى قىل،
ئاقى ئەۋى ئالتۇن، كۇمۇش قاپغى بىل.
خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ، سېخىينىڭ خىزمىتىنى قىل،
بىلگىنكى، سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشىكى كۇمۇشتۇر.

949 سارانقا تاپىنما، ئاي تاپنۇر كىشى،
تىرىگلىك ياۋا بولغا، ئەسىز باشى.
ئەي خىزمەت قىلغۇچى، خەسىسكە خىزمەت قىلما،
بولمىسا ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ، ئۆزۈڭ يامان بولىسەن.

950 ئۆزۈڭە ئەسىركەر ساران ئۆز نەڭىن،
كىشىگە قاچان بەرگە، ئايغىل، تەڭىن.
خەسىس ئۆز نەرسىسىنى ئۆزىدىن ئايايدۇ،
ئېيتقىنچۇ، قانداقمۇ باشقىنىڭ هەققىنى بېرىدۇ؟

* * *

951 سۆزىن كەستى ئايتولدى چىقتى تۇرۇپ،
ئەۋىڭە يۈز ئۇردى سەۋىنچلىگ بولۇپ.
ئايتولدى سۆزىنى تۈگەتتى، تۇرۇپ (تاشقىرىغا) چىقتى،
شادلىققا چۆمۈپ ئۆز ئۆيىگە يول ئالدى.

952 قىيىقسىز تاپۇغ قىلدى ئاندا نارۇ،
تۈنى ياتتى ياتغاقتا، كۈندۈز ئۆرۈ.

شۇنىڭدىن باشلاپ تەۋرەنمەي خىزمەت قىلدى،
كېچىسى كۆزەتتە تۇردى، كۈندۈزى ئارام ئالمىدى.

953 ھەقىقەت تاپىندى باغىرساقلىقىن،
ئەلىگ تۇتتى كۈندە ئۆزىگە ياقىن.

ھەققانىي ۋە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى،
ئەلىگ ئۇنى ئۆزىگە كۈندىن ـ كۈنگە يېقىن تۇتتى.

954 يەمە كەچتى ئۆدلەر بىر ئانچا بۇ ياڭ،
بۇ ئايتولدى تاپغۇن قىزىل قىلدى ئەڭ.

شۇ خىلدا يەنە بىرقانچە زامان ئۆتتى،
ئايتولدى ئۆز خىزمىتى بىلەن يۈزىنى يورۇق قىلدى.

19

ئايتولدى ئەلىگكە تىل ئەردەمىن، سۆز ئاسىغلارىن ئايۇر

ئايتولدى ئەلىگكە تىلنىڭ پەزىلەتلىرىنى، سۆزنىڭ پايدىسىنى ئېيتىدۇ

955 ئەلىگ بىر كۈن ئايتولدىنى ئۈندەدى،
ئورۇن بەردى، ئولدۇر تەيۇ ئىملەدى.
ئەلىگ بىر كۈنى ئايتولدىنى چاقىردى،
ئورۇن بەردى (ۋە) ئولتۇر، دەپ ئىملىدى.

956 بۇ ئايتولدى ئولدۇردى ئاقرۇ سىلىگ، A 43
كۆزىن يەرگە تىكتى، بەكۈتتى تىلىگ.
ئايتولدى ئەدەپ بىلەن ئاستا ئولتۇردى،
كۆزىنى يەرگە تىكىپ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

957 ئەلىگ ئايدى: ئايتولدى سۆزلە سۆزۈڭ، C 37
نەلۈك شۈك تۇرۇرسەن، نە بولدى ئۆزۈڭ؟
ئەلىگ دېدى: (ئەي) ئايتولدى، سۆزۈڭنى سۆزلە.
نېمىشقا شۈك تۇرىسەن، نېمە بولدۇڭ؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

958 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي بەگلەر بەگى،
قۇلى بەگ يۈزىن كۆرسە يىترۇر ئۆگى.
ئايتولدى دېدى: ئەي بەگلەر بېگى،
قۇل (ئۆز) بېگىنىڭ يۈزىنى كۆرسە، ئەقلىنى يوقىتىدۇ.

B80

959 ئەلىگ يارلىقاماز نەگۈ سۆزلەيىن،
ئايىتمازدا ئاشنۇ نەگۈ ئۆتنەيىن؟
ئەلىگ بۇيرۇماستىن قانداق سۆزلەي،
سورىماستىن ئاۋۋال قانداق ئۆتۈنەي؟

960 بىلىكلىگ سۆزىن سەن ئەشىت، ئۆزنەمە،
ئايىتمازدا ئاشنۇ سۆزۈك سۆزلەمە.
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، بويۇن تولغىما،
سورىماستىن بۇرۇن سۆزۈڭنى سۆزلىمە.

961 كىشىگ كىم ئوقىسا كەرەكلەپ تىلەپ،
ئولئوق سۆزلەگۈ ئاشنۇ سۆزنى ئۇلاپ.
كىم بىرسىنى لازىم تېپىپ، خالاپ چاقىرسا،
ئۇ ئۆزى ئالدى بىلەن سۆز باشلايدۇ.

962 ئايىتمازدا ئاشنۇ سۆزۈگ سۆزلەسە،
كۆنى سۆزلەدى كىم، ئاي يىلقى تەسە.
سورىماستىن ئاۋۋال سۆز سۆزلىگەننى
هايۋان دېسە، توغرا ئېيتقان بولىدۇ.

963 تاقى تەلۋە، مۇندۇز كىشى بۇ بىلىن،
ئايىتمادى بەگلەرگە ئاچسا تىلىن.
يەنە، بىلگىنكى، (بىرنەرسە) سورىمىغان بەگلەرگە
سۆز ئاچقانلار تەلۋە، ئەخمەقتۇر.

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسغا ياشلىغ سەنى،
ئەسەنلىك تىلەسە قاتىغ با ئانى.
قىزىل تىل ئۆمرۈڭنى قىسقارتىدۇ،
ئېسەنلىك تىلىسەڭ، ئۇنى قاتتىق باغلا.

965 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۆزىن قىسغان ئەر،
ئەسەن تىرلۇر ئىنچىن ئۆزىن باسغان ئەر:
ئۆزىنى تۇتقان، ئۆزىنى بېسىپ،
ئېسەن ـ ئامان ياشىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

966 «قارا باش ياغىسى قىزىل تىل تۇرۇر،
نەچە باش يەدى بۇ تاقىما يەيۇر.

«قارا باشنىڭ يېغىسى قىزىل تىلدۇر،
ئۇ نەچچىلىگەن باشلارنى يېگەن، يەنىمۇ يەيدۇ.
967 باشىڭنى تىلەسە تىلىڭنى كۈدەز،
تىلىڭ تەگمە كۈندە باشىڭنى يانۇر».
بېشىڭنىڭ (ئامانلىقىنى) تىلىسەڭ، تىلىڭغا ھېزى بول،
تىلىڭ ھەر كۈنى بېشىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ».

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

968 ئەلىگ ئايدى: ئۆقتۇم سۆزۈڭنى تۈگەل،
تىرىگ سۆزلەمەسە ئەدى ئۆك مۇھال.
ئەلىگ ئېيتتى: سۆزۈڭنى تۈگەل چۈشەندىم،
تىرىك (كىشى)نىڭ سۆزلىمەسلىكى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.
969 مەگەر ئىككى تۈرلۈگ كىشى ئول بىلىن،
بىرىسى بىلىكسىز، بىرىسى ئاغىن.
بىلگىنكى، ئىككى تۈرلۈك كىشى بولىدۇ،
ئۇنىڭ بىرى بىلىمسىز، بىرى كېكەچتۇر.
970 ئاغىن كەندۈ بەركلىگ تىلى سۆزلەمەز،
بىلىكسىز تىلى ئول سۆزىن كىزلەمەز.
كېكەچنىڭ تىلى تۇتۇلغان، ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ،
بىلىمسىزلەرنىڭ تىلى سۆزنى ساقلىيالمايدۇ.
971 بىلىكسىز تىلى تۇتچى بەركلىگ كەرەك،
بىلىكلىگ كىشى تىلگە ئەركلىگ كەرەك.
بىلىمسىزنىڭ تىلى دائىم باغلاقتا بولۇشى لازىم،
بىلىملىك كىشى تىلىغا ھاكىم بولۇشى كېرەك.
972 بىلىكلىگ سۆزى يەرگە سۇۋتەك تۇرۇر، C38
ئاقىتسا سۇۋۇغ يەردە نىئمەت ئۈنۈر.
بىلىملىكنىڭ سۆزى (گويا) يەرگە سۇدەكتۇر،
سۇ ئاققان يەردىن نېمەت ئۈنىدۇ.

973 بىلىكلىگ كىشىنىڭ ساۋى ئەكسۈمەز،
ئاقىغلى سۇزۇك يۇل سۇۋى ئەكسۈمەز.
بىلىملىك كىشىنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ،
ئېقىپ تۇرغان سۇزۇك بولاقنىڭ سۈيى ئۆكسۈمەيدۇ.

974 ئۇيۇك چىم ئوسۇغلۇغ بولۇر بىلگەلەر، B81
چىقار سۇۋ قايۇدا ئاداق تەپسەلەر.
ئالىملار چىملىق، سازلىقتا ئوخشاش بولىدۇ،
قەيەرگە ئاياغ باسسا، (شۇ يەردىن) سۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

975 بىلىكسىز كىشى كۆڭلى قۇمتەك تۇرۇر،
ئۆگۈز كىرسە تولماز، ئاپ ئوت، يەم ئۈنۈر.
بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ،
دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، ئوت ـ چۆپ ئۈنمەيدۇ.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

976 يانا ئايدى ئايتولدى: ئەلىگ ئۇقار،
بۇ تىل ياسى تەگسە تىرىگلىك تۈگەر.
ئايتولدى يەنە (شۇنداق) دېدى: ئەلىگ ئۇقىدۇ،
(ئەگەر) تىلنىڭ زىيىنى تەگسە، تىرىكلىك تۈگەيدۇ.

977 تىرىگ بولسا يالڭۇق قالى سۆزلەمەز؟
كەرەكلىگنى سۆزلەر كىشى، كىزلەمەز.
ئىنسان تىرىك ئىكەن، قانداق سۆزلىمىسۇن؟
كىشى كېرەكلىك سۆزنى سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ.

978 ئايىتغۇ كەرەك سۆز كىشى سۆزلەسە،
ئايىتماسا سۆزنى قاتىغ كىزلەسە.
كىشى سۆزلىشى ئۈچۈن (ئاۋۋال) سوراش كېرەك،
سورىمىسا، سۆزنى چىڭ ساقلاش لازىم.

979 ئايىتماقلىق ئەركەك تۇرۇر، ئاي ئەلىگ،
جەۋابى تىشى ئول، يەتۇرسە بىلىك.

ئەي ئەلىگ، ئەگەر ياخشى بىلسەڭ، سورىماقلىق ئەركەكتۇر.
(ئۇنىڭ) جاۋابى بولسا چىشىدۇر.

980 تىشىگە بىر ئەركەك بولۇر، كۆر، ئەرى،
ئانىڭدىن توغار توغسا ئىككى ئۇرى.
ئايالنىڭ بىر ئەركەك ئېرى بولىدۇ.
تۇغۇلسا، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇلىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

981 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، سۆزۈڭ بارچا چىن،
ئايىتغۇ سۆزۈم بار تاقى بىر ئادىن.
ئەلىگ دېدى: چۈشەندىم، بارچە سۆزۈڭ ھەق،
يەنە باشقا بىر سورايدىغان سۆزۈم بار،

982 بۇ تىل ياسىن ئايدىڭ، ئەشىتتىم ئانى،
ئانىڭ ئاسغى بارمۇ، ئايۇ بەر كۆنى.
تىلنىڭ زىيىنىنى سۆزلىدىڭ، بۇنى ئاڭلىدىم،
ئۇنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ توغرىسىنى ئېيتىپ بەر.

983 بۇ تىل ياسىڭا قورقسا ئەمدى ئۆزۈڭ، A 44
ياتۇ قالغا بارچا ئاسغلىغ سۆزۈڭ.
ئەگەر تىلنىڭ زىيىنىدىن قورقساڭ،
بارچە پايدىلىق سۆزلىرىڭ ئېيتىلماي قالىدۇ.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

984 بۇ ئايتولدى ئايدى: سۆز ئاسغى تەلىم،
قالى سۆزلە يۇ بىلسە ئۇشبۇ تىلىم.
ئايتولدى ئېيتتى: ئەگەر بۇ تىل سۆزلەشنى بىلسە،
سۆزنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ.

985 ياۋا سۆز بىلىكسىز تىلىندىن چىقار، B82
بىلىكسىز كىشىگ بىلگە يىلقى ئاتار.
بىھۇدە سۆز بىلىمسىزنىڭ تىلىدىن چىقىدۇ،
دانالار بىلىمسىز كىشىنى ھايۋان ئاتايدۇ.

986 قارا قىلقى تەڭسىز ياۋا سۆزلەگەن،
ياۋا سۆز تۇرۇر بۇ قارا باش يەگەن.
بىھۇدە، ھاجەتسىز، (سۆزلەرنى) سۆزلەش ــــ ئاۋامنىڭ قىلىقىدۇر،
قارا باشنى يېگەنمۇ بىھۇدە سۆزدۇر.

987 ياۋا سۆزلەسە سۆز نەچە ياس قىلۇر، C39
ئەگەر سۆزلەيۇ بىلسە ئاسغى بولۇر.
سۆز ئورۇنسىز سۆزلەنسە، كۆپ زىيان كەلتۇرىدۇ،
ئەگەر (سۆزنى جايىدا) سۆزلەشنى بىلسە، پايدىسى بولىدۇ.

988 قارا قارنى تودسا، كۆر، ئۇدتەك ياتۇر،
ياۋا سۆزگە ئاۋنۇر، ئۆزىن سەمرىتۇر.
بىلگىنكى، ئاۋامنىڭ قارنى تويسا ئۇيدەك ياتىدۇ،
بىھۇدە سۆزگە ئاۋۇنۇپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ.

989 يەسە، تودسا، ياتسا بۇ يىلقى تۇرۇر،
بۇ يىلقى تەدۇكۇم بۇ قىلقى تۇرۇر.
يەپ، تويۇپ، ياتقانلار ھايۋاندۇر،
بۇ ھايۋان دېگىنىم ئۇنىڭ قىلىقىغا قارىتىلغان.

990 بىلىكلىگ كىشىلەر ئەت ئۆز ياۋرىتۇر،
بىلىك بىرلە ئاۋنۇر، جانىن سەمرىتۇر.
بىلىملىك كىشىلەر ۋۇجۇدىنى ئۇپرىتىدۇ،
بىلىم بىلەن شادلىنىپ، جېنىنى ياشنىتىدۇ.

991 ئەت ئۆز ئۇلگى بارچا بوغۇزدىن كىرۇر،
بۇ جان ئۇلگى ـ چىن سۆز قۇلاقتىن كىرۇر.
ۋۇجۇدنىڭ نېسىۋىسى بوغۇزدىن كىرىدۇ،
روھنىڭ نېسىۋىسى بولغان چىن سۆز قۇلاقتىن كىرىدۇ.

992 بىلىك بەلگۇسى، كۆر، ئىكى نەڭ تۇرۇر،
بۇ ئىككى بىلە ئەر قىزىل ئەڭ ئۇرۇر.

قارا، بىلىمنىڭ بەلگىسى ئىككى نەرسىدۇر،
بۇ ئىككى نەرسە بىلەن كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ:

993 بىرى تىل تۇرۇر، كۆر، بىرىسى بوغۇز،
بۇ ئىككى باسا تۇتسا ئاسغى ئۆگۈز.

بۇنىڭ بىرى — تىل، (يەنە) بىرى — بوغۇزدۇر،
بۇ ئىككىسىنى باشقۇرالىسا، دەريادەك پايدىسى تېگىدۇ.

994 بىلىكلىگ بوغۇز، تىلگە ئەركلىگ كەرەك،
بوغۇز، تىل كۈدەزگەن بىلىكلىگ كەرەك.

بىلىملىك بوغۇز ۋە تىلغا ھاكىم بولۇشى لازىم،
بوغۇز بىلەن تىلنى كۆزەتكەن بىلىملىكلەر (بەگكە) ئېھتىياجلىقتۇر.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

995 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم بۇ سۆز بەلگۈلۈگ،
سۆز ئەسلى نەچە ئول، نەگۇ ئول ئۇلۇگ؟

ئەلىگ ئېيتتى: سۆزلىرىڭنى ئۇقتۇم، ئايان بولدى،
سۆزنىڭ ئاساسى نېمە (ۋە) سۆز قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

996 قايۇدىن چىقار سۆز، قايۇقا بارىر؟
مۇنى ـ ما ئايۇ بەر ماڭا، ئاي بىلىر.

سۆز نەدىن چىقىدۇ (ۋە) نەگە بارىدۇ؟
ئەي بىلىمدان، بۇنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەر.

997 نەچە سۆزلەمەگۇ نەچە سۆزلەگۇ،
نەگۇ تەر بىلىكلىگ ئۇقۇشلۇغ بۆگۇ؟

قانچىلىك سۆزلەش (ۋە) قانچىلىك سۆزلىمەسلىك
توغرىسىدا ئەقىللىك ۋە بىلىملىك دانا نېمە دەيدۇ؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

998 بۇ ئايتولدى ئايدى: سۆز ئورنى سىر ئول، B83
سۆز ئۆلگى ئون ئول، سۆزلەگۇسى بىر ئول.

ئايتولدى دېدى :سۆزنىڭ ئورنى سىردۇر،
سۆز سانى ئون بولسا، سۆزلىنىدىغىنى ــ بىر (بولۇشى كېرەك.)

999 بىرى سۆزلەگۈ ئول، توقۇزى تىدىغ،
تىدىغ سۆز تۈپى ئەسلى بارچا يىدىغ.
بىرىنى سۆزلەپ، توققۇزىنى تىيغۇلۇق،
(چۈنكى) تىيىلمىدىغان سۆز ئەسلىي بەتبۇي بولىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1000 يانا ئايدى ئەلىگ: سۆز ئاسغى نەچە،
ياسىما نەچە ئول؟ ماڭا ئاي ئاچا؟
ئەلىگ يەنە دېدى: سۆزنىڭ پايدىسى قانچىلىك
ۋە زىيىنى قانچىلىك، ماڭا ئوچۇق ئېيتىپ بەر.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1001 بۇ ئايتولدى ئايدى: سۆز ئاسغى ئۇلۇغ، C 40
يەرىنچە تۈشۈرسە بەدۈتۈر قۇلۇغ.
ئايتولدى دېدى: سۆزنىڭ پايدىسى ئۇلۇغدۇر،
(سۆز) ئورنىدا قوللىنىلسا، قۇلنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

1002 سۆز ئاسغى بىلە، كۆر، ياغىز يەردەكى
ياشىل كۆككە يوقلار، بولۇر تۆردەكى.
بىلگىنكى، سۆزنىڭ پايدىسى تۈپەيلىدىن بوز يەردىكى (كىشى)
يېشىل كۆككە ئۆرلەيدۇ، تۆردە بولىدۇ.

1003 قالى سۆزلەيۇ بىلمەسە تىل سۆزۈگ،
ياشىل كۆكتە ئەرسە، كۆر، ئىندرۇر ئۆزۈگ.
ئەگەر تىل (جايىدا) سۆزلەشنى بىلمىسە،
يېشىل كۆكتىكى كىشىنى (يەرگە) چۈشۈرىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1004 يانى ئايدى: سۆزنۈڭ ئۆكۈشى نەچە،
ئازىما نەچە ئول؟ ماڭا ئاي ئاچا.
يەنە ئېيتتى: سۆزنىڭ قانچىلىكى كۆپ ۋە
قانچىلىكى ئاز بولىدۇ، ماڭا ئوچۇق ئېيتىپ بەر.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1005 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئۆكۈش سۆز ئول ئول، B84
ئايىتمادى سۆزلەپ ئەرىكسە كۆڭۈل.
ئايتولدى دېدى: كۆپ سۆز دېگەن شۇكى،
سورىمىغاننى سۆزلەپ كۆڭۈلگە تېگىش.
1006 بۇ ئاز سۆز ئول ئول كىم ئايىتمىشقا ئۆز،
جەۋاپ بەرسە سۆزگە، يانۇت قىلسا سۆز.
ئاز سۆز ـــ سورالغانغا بېرىلگەن جاۋاب،
سۆزگە يارىشا قايتۇرۇلغان سۆزدۇر.
1007 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر سۆزىن،
تىلىن سۆز بىلە تۇزدى ئاچتى يۇزىن:
تىلنى سۆز بىلەن بېزەپ، يۈزىنى ئاچقان شائىر
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ مۇنداق دېگەن:
1008 «سۆزۇگ ياقشى سۆزلە، ئەدى ساقىنۇ ئۆز،
ئايىتتۇقتا سۆزلە، يانا تەركىن ئۆز.
«سۆزنى ئوبدان ئويلىنىپ، ياخشى سۆزلىگىن،
سورىغاندىلا سۆزلە ۋە تېزلا تۈگەت.
1009 ئۆكۈش سۆز ئەشىتگىل، تەلىم سۆزلەمە،
ئۇقۇش بىرلە سۆزلە، بىلىك بىرلە تۇز».

سۆزنى كۆپ ئاڭلا، (لېكىن) تولا سۆزلىمە،
بىلىم بىلەن (سۆز) تۈز، پاراسەت بىلەن سۆزلە».

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1010 ئەلىگ ئايدى: ئۆقتۇم بۇ سۆزنى يەمە،
تاقى بىر سۆزۈم بار، سەن ئاي، كىزلەمە.
ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنىمۇ چۈشەندىم،
يەنە بىر سوئالىم بار، يوشۇرماي ئېيت.
1011 كىمىڭدىن ئەشىتگۈ كەرەك سۆز چىنى،
سۆزۈگ كىمكە ئايغۇ؟ ماڭا ئاي مۇنى.
چىن سۆزنى كىمدىن ئاڭلاش كېرەك،
سۆزنى كىمگە ئېيتىش كېرەك، بۇنى ئېيتىپ بەر.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

C 41 1012 بۇ ئايتولدى ئايدى: سۆزۈگ بىلگەدىن
ئەشىتگۈ، بىلىكسىزگە ئايسا كەدىن.
ئايتولدى دېدى: سۆزنى دانادىن ئاڭلاپ،
كېيىن بىلىمسىزگە ئېيتىش كېرەك.
1013 ئۇلۇغدىن ئەشىتگۈ كەرەكلىك سۆزۈگ،
كىچىگكە ئايۇ بەرگۈ، تۇتسا ئۆزۈگ.
كېرەكلىك سۆزنى ئۇلۇغلاردىن ئاڭلاش لازىم،
(ئاندىن) كىچىكلەرگە ئېيتىش كېرەككى، (ئۇلار) ئۆزىنى تۈتۈۋالسۇن.
B85 1014 ئۆكۈش تىڭلاغۇ سۆز، بىرەر سۆزلەگۈ،
ماڭا مۇنداغ ئايدى بىلىكلىگ بۆگۈ.
سۆزنى كۆپ ئاڭلىغۇلۇق، بىرە ـ بىرە سۆزلىگۈلۈك،
بىلىملىك دانا ماڭا شۇنداق دېگەن.

1015 ئۆكۈش سۆزلەيۈ بىلگە بولماز كىشى،
ئۆكۈش ئەشتۈ بىلگە بۈلۈر تۆر باشى.
كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشى ئالىم بولالمايدۇ،
ئالىم كۆپ ئاڭلاپ تۆرنىڭ بېشىغا ئېرىشىدۇ.

1016 ئاغىر بولسا يالڭۇق بىلىر ھەم بىلىك، A 45
تۈڭۈ بولسا تەگمەز بىلىككە ئەلىگ.
ئىنسان كېكەچ بولسىمۇ بىلىم ئالالايدۇ،
(ئەمما) گاس بولسا، بىلىمگە قولى يەتمەيدۇ.

ئەلىگ سۈئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1017 يانا ئايدى ئەلىگ: ئۇقۇلدى بۇ سۆز،
تاقى بىر سۆزۈم بار. ئانى ئايسۇن ئۆز.
ئەلىگ يەنە ئېيتتى: بۇ سۆز چۈشىنىشلىك بولدى،
يەنە بىر سوئالىم بار، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەر.

1018 تىلىگ شۇكمۇ تۇتغۇ، ئازۇ سۆزلەسە،
سۆزۈگ ئاچسامۇ يەگ، ئازۇ كىزلەسە؟
تىلنى شۈك تۇتۇش كېرەكمۇ ياكى سۆزلەشمۇ؟
سۆزنى ئاچقان ياخشىمۇ ياكى يوشۇرۇشمۇ؟

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1019 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئەشىتسۇ ئەلىگ،
تىلىن سۆزلەمەسە، قالۇر بۇ بىلىك.
ئايتولدى دېدى: ئەلىگ ئاڭلىسۇنكى،
تىل بىلەن سۆزلەنمىسە، (بىلىم شۇ پېتى) قېلىۋېرىدۇ.

1020 تىلىگ سۆكسە بولماز، تەلىم ئۆگكۈسى،
سۆزۈگ ئۆگكۈسى بار، يەمە سۆككۈسى.

تىلنى سۆكۈشكىلا بولمايدۇ، ماختىلىدىغان يەرلىرىمۇ كۆپ،
سۆزنىڭمۇ ماختىلىدىغان ۋە سۆكۈلىدىغان تەرەپلىرى بار.

1021 قامۇغ تەبرەنىگلى بۇ سانسىز قالىن،
تانۇقلۇق بەرۇر بىر باياتىغ تىلىن.
سانسىزلىغان جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى
تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە تىل بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

1022 تۆرۈتتى تۇمەن مىڭ خەلايىقلارىغ،
تىلى بىرلە تەڭرىگ ئۆگەرلەر ئارىغ.
(تەڭرى) تۇمەنمىڭلارچە خەلايىقنى ياراتتى،
(ئۇلار) تەڭرىنى پەقەتلا تىلى بىلەن ماختايدۇ.

1023 ئەت ـ ئۆزلۈگ كىشىگە كەرەكى بۇ ئول ـ
بىرىسى تىلىن سۆز، بىرىسى كۆڭۈل.
ۋۇجۇدى بارلىكى كىشى ئۈچۈن كېرەك (نەرسە)
بىرى — تىل بىلەن سۆز، (يەنە) بىرى — كۆڭۈل.

1024 كۆڭۈل، تىل تۆرۈتتى كۆنى سۆز ئۈچۈن،
سۆزى ئەگرى بولسا، كۆيەر ئول كۈچۈن.
كۆڭۈل ۋە تىلنى توغرا سۆز ئۈچۈن ياراتقان،
سۆزى ئەگرى بولغانلار ئوتتا كۆيۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

1025 كۆنى سۆزلەسە سۆز، كۆر، ئاسغى ئۆكۈش، B86
قالى سۆزلەسە ئەگرى بارچا سۆكۈش.
توغرا سۆزنى سۆزلىسە پايدىسى كۆپتۇر،
ئەگەر ئەگرى سۆزلىسە، دائىم سۆكۈشكە ئۇچرايدۇ.

1026 كۆنى سۆزلەر ئەرسە تىلىڭ تەبرەسۇ،
سۆزۈڭ ئەگرى ئەرسە ئۆزۈڭ كىزلەسۇ.
توغرا سۆزلىمەكچى بولساڭ: تىلىڭ تەۋرىسۇن،
سۆزۈڭ ئەگرى بولسا، (ئۇنى) ئۆزۈڭ يوشۇرغىن.

1027 تىلىن سۆزلەمەسە، ئاغىن تەر كىشى، C42
ئۆكۈش سۆزلەسە، ئاتى ياڭشاق باشى.
سۆزلىمىگەن ئادەمنى كىشىلەر كېكەچ دېيىشىدۇ،
كۆپ سۆزلىسە، نامى — ۋالاقتەگكۈرلەرنىڭ بېشى بولىدۇ.

1028 كىشىدە ئۇچۇزى ـ كىشى ياڭشاقى،
كىشىدە ئاغىرى كىشى ئول ئاقى.
كىشىلەرنىڭ قەدىرسىزى ۋالاقتەگكۈرلەردۇر،
كىشىلەرنىڭ قەدىرلىكى سېخىي كىشىدۇر.

* * *

1029 بۇ سۆزلەر ئەشىتتى سەۋىندى ئەلىگ،
كۆزۈن كۆككە تىكتى، كۆتۈردى ئەلىگ.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ شادلاندى،
كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۈردى.
1030 باياتقا شۈكۈر قىلدى، ئۆگدى ئۆكۈش،
ئايۇر: ئاي ئىدىم، سەن باغىرساق، كۆسۈش.
خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، كۆپ مەدھىيە ئوقۇدى،
دېدى: ئەي ئىگەم، مېھرىبان ھەم ئەزىزسەن،
1031 قامۇغ ئەدگۈلۈك تەگدى سەندىن ماڭا،
تاپۇغسۇز قۇلۇڭمەن، يازۇقلۇغ ساڭا.
سەندىن ماڭا كۆپ ياخشىلىق كەلدى،
مەن سېنىڭ ئىتائەتسىز، گۇناھكار قۇلۇڭمەن.
1032 تىلەكىمنى بەردىڭ قامۇغ ئارزۇلار،
ئەرەژ، دۇنيا، دەۋلەت، ئۆكۈش ئەدگۈلەر.
تىلىكىمنى بەردىڭ، بارچە ئارزۇلىرىمغا (يەتكۈزدۈڭ)،
راھەت، مال ـ دۇنيا، دۆلەت ۋە كۆپ ياخشىلىقلار (ئاتا قىلدىڭ).
1033 بۇ شۈكرۈغ نەگۈتەك ئۆتەي ئۆز ئۆزۈن؟
مۇنىڭ شۈكرى سەن قىل ساڭا، ئاي تۈزۈن.
بۇنىڭ شۈكۈرىنى قانداقمۇ ئۆتەلەيمەن؟
ئەي ئالىيجاناب، بۇنىڭ شۈكۈرىنى ئۆزۈڭلا ئادا ئەتكەيسەن.

* * *

1034 سۆزىن كەستى، ئاچتى ئاغى قازناقى،
ئۈلەدى ئۆكۈش نەڭ چىغايلار ھەقى.

(ئەلىگ) سۆزىنى تۈگەتتى، خەزىنىسىنى ئاچتى،
كەمبەغەللەر ھەققى ئۈچۈن نۇرغۇن مال تارقاتتى.

1035 ئاغىرلادى ئەلىگ بۇ ئايتولدىنى،
ئاچىغ بەردى ئەلگىن، تىلىن ئۆگدىنى.

ئەلىگ بۇ ئايتولدىنى قەدىرلىدى،
قولى بىلەن ئېھسان بەرسە، تىلى بىلەن ماختىدى.

1036 ۋەزىرلىق ئاڭار بەردى تامغا، ئاياغ،
تۇغى، كۆۋرۈگى بىرلە بەردى قۇياغ.

ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك ئۇنۋان بېرىپ، تامغا (تۇتقۇزدى)،
تۇغ، دۇمباق بىلەن ساۋۇتىنمۇ بەردى.

1037 قاموغ ئەلگە قىلدى، كۆر، ئەلگى ئۇزۇن،
بويۇن ئەگدى دۇشمەن، كەتەردى ئۆزۇن.

پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇنىڭ قولىنى ئۇزۇن قىلدى،
دۇشمەنلەر بويۇن ئېگىپ، (ئۇ يەردىن) يوقالدى.

* * *

1038 بۇ ئايتولدى سوردى قاموغ ئىش كۇدۇك،
كۇۋەنچ قىلدى ئۆزگە بۇ بۇلمىش ئۇدۇگ.

ئايتولدى پۈتۈن ئىشلارنى باشقۇردى،
ئېرىشكەن زامانىدىن غۇرۇر بىلەن شادلاندى.

1039 بايۇدى بودۇن ھەم ئەتىلدى ئەلى،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى بودنى تىلى.

خەلقى بېيىدى، مەملىكەت تەرتىپكە چۈشتى،
خەلقى ئەلىگ ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

1040 قۇتۇلدى بودۇن، كەتتى ئەمگەكلەرى، B87
قوزى بىرلە قاتلىپ يورىدى بۆرى.

خەلق نىجات تاپتى، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدى.
قوزا بىلەن بۆرە بىللە يۈرىدىغان بولدى.

1041 ئەتىلدى ئەلى ھەم تۇزۇلدى تۆرۈ،
ئەلىگ دەۋلەتى بولدى كۈندە ئۆرۈ.

ئىلى روناق تاپتى، قانۇن تۈزۈلدى،
ئەلىگنىڭ دۆلىتى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى.

1042 يورىدى بىر ئانچا بۇ ياڭلىغ قۇتۇن،
تۈزۈلدى ئەلى، بودنى بارچا پۈتۈن.
بىرقانچە مۇددەت (ئەنە شۇنداق) بەختتە ئۆتتى،
خەلقنىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي تۈزەلدى.

1043 تەلىم ئارتتى ئەلدە ياڭى كەند ئۇلۇش،
ئەلىگ قازناقى تولدى ئالتۇن، كۈمۈش.
مەملىكەتتە يېڭى شەھەر ـــ كەنتلەر كۆپەيدى،
ئەلىگنىڭ خەزىنىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدى.

1044 سەۋىندى ئەلىگ ئىنچكە تەگدى ئۆزى، C 43
ئاژۇندا يادىلدى، كۆر، ئاتى، سۆزى.
ئەلىگ دىلى شادلىنىپ ھۇزۇرلاندى،
نامى ۋە شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلدى.

20

قۇت قىۋلىقىن، دەۋلەت ئەرسەللىكىن ئايۇر

بەختىنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ئېيتىلىدۇ

1045 تۇگەل بۇلدى ئايتولدى ئاززۇ ـ تىلەك،
قىۋى قۇت قارىپ، يىقتى ئارقا يۆلەك.
ئايتولدى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگە تولۇق ئېرىشتى،
ئۆتكۈنچى بەخت قېرىپ، ئارقا يۆلىكىنى يىقتتى.

1046 يەمە ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بۆگۈ: A 46
تۇگەل بولسا نىئمەت بۇلۇماز يەگۈ.
يەنە (بۇ ھەقتە) بىلىملىك دانا ياخشى ئېيتقان:
نېمەت تۇگەل بولسىلا، (كىشى) نېسىۋىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

1047 تاقى مۇندا يەگرەك بىلىك سۆزلەمىش:
تۇگەل بولسا نىئمەت تۇگەر ياش تەمىش.
ئاقىل تېخى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلەپ،
نېمەت تۇگەل بولغاندا، ئۆمۈرمۇ تۇگەيدۇ، دەيدۇ.

1048 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ سۆزى،
بۇ بىلگە سۆزى ئول بىلىكسىز كۆزى.
بىلىملىكنىڭ سۆزى بەكمۇ ياخشى ئېيتىلغان،
بىلىملىكنىڭ بۇ سۆزى بىلىمسىزگە كۆزدۇر:

1049 ئىنىگلى ئاغار ئول، ئاغىغلى ئىنەر،
يارۇغلى تۇنار ئول، يورىغلى تىنار.
تۆۋەن چۈشكەن كۆتۈرۈلىدۇ، كۆتۈرۈلگەنمۇ تۆۋەن چۈشىدۇ،
يورۇغان ئۆچىدۇ، ماڭغان توختايدۇ.

1050 نە كىم ئىشلەر ئەرسە تۇگەلىن كۇدەر،
تۇگەگلى تۇگەسە ئىنىشكە يانار.

ھەرقانداق ئىش ئۆز كامالىتىنى كۈتىدۇ،
كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن، (يەنە) تۆۋەنگە ياندۇ.

1051 بۇ ئايتولدى بۇلدى تىلەكىن تۈگەل،
تۈگەتتى تىرىگلىك، تۈرۈ قالدى مال.
ئايتولدى تىلىكىگە تۈگەل ئېرىشتى،
تىرىكلىكنى تۈگەتتى، مال - مۈلكى قالدى.

1052 يانا ئەرلۈ كىردى بۇ تولمىش ئايى،
قادىر قىشقا ياندى يارۇمىش يايى.
تولغان ئېيى يەنە كىچىكلەشكە باشلىدى،
نۇرلۇق يازى قەھرىتان قىشقا ياندى.

1053 ياراشىق تادۇلار قارشتى ئىچىن، B88
كۈچەندى بىرى، تۈتتى - باستى ئۈچىن.
(بىر - بىرىگە) ماس مىزاجلار (ئۆزئارا) زىتلاشتى،
بىرى كۈچىيىپ، ئۈچىنى بېسىپ چۈشتى.

1054 تادۇ تەگشۇرۇلدى، ئاشى بولدى يىگ،
ئاغىر بولدى كۆڭلى، قاتىغ تۈتتى ئىگ.
مىزاجى ئايىندى، تامىقى تېتىقسىز بولدى،
روھى ئېغىرلاشتى، كېسەل (ئۇنى) قاتتىق تۈتتى.

1055 تادۇ ئارتادى، كۆر، كۈچى ئەكسۈدى،
قاغىلتەك كۆنى بود ئەگىلدى قودى.
مىزاجلىرى بۇزۇلدى، كۆر، كۈچى كېمەيدى،
تال چىۋىقتەك تۈز قامىتى تۆۋەن پۈكۈلدى.

1056 تۈتۈپ چالدى يەرگە ئاغىر ئىگ كەلىپ،
تۆشەككە كىرىپ ياتتى مۈڭلۈغ ئۈلىپ.
ئېغىر كېسەل كېلىپ، ئۇنى تۇتتى ۋە يەرگە يىقىتتى،
مۇڭلۇق ئىگراپ، تۆشەككە كىرىپ ياتتى.

1057 ئوتاچى تەربىلدى، تامۇر كۆردىلەر،
ئول ئىگ كەم نە ئەرمىش ئايۇ بەردىلەر.
تېۋىپلار توپلاندى، تومۇرىنى تۇتتى،
بۇناڭ نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشتى.

C 44 1058 قايۇ ئايدى: قان تۇتمىش ئەمدى مۇنى،
ئاچا بەرگۇ ئەكچەك، ئاقىتغۇ قانى.
بەزىلەر: ئەمدى ئۇنى قان بېسىم تۇتۇپتۇ،
قان تومۇرىنى ئېچىپ قان ئېقىتىش كېرەك، دېيىشتى.

1059 قايۇ ئايدى: ئۆترۇم ئىچۇرگۇ كەرەك،
ئۆزى قاتمىش ئەمدى بوشۇتغۇ كەرەك.
بەزىلەر: سۇرگە ئىچكۈزۈش كېرەك،
ئىچى قېتىپتۇ، ئۇنى بوشىتىش كېرەك، دېيىشتى.

1060 قايۇسى سوغىق ئەتتى، قاتتى جۇلاب،
قايۇ قىلدى، بەردى كەرەكلىگ شەراب.
بەزىلەر جۇلاپ قوشۇپ، سوغۇقلۇق قىلدى،
بەزىسى كېرەكلىك شاراب هازىرلاپ بەردى.

1061 ئوت ـ ئەم قالمادى، كۆر، نەچە قىلدىلار،
ياراشىق نە ئەرسە ئانى بەردىلەر.
هېچ داۋا، دورا قالمىدى، ھەممىنى قىلدى،
نېمە داۋا بولسا، شۇنى بەردى.

1062 ئاسىغ قىلمادى، كۇندە ئارتتى ئىگى،
قورادى كۇچى، كۇندە يىتتى ئۆگى.
پايدا قىلمىدى، كېسىلى كۇندىن ـ كۇنگە ئېغىرلاشتى،
كۇنسېرى كۇچى خورىدى، ئەقلى ئاجىزلىدى.

1063 نەگۇ تەر ئەشتگىل ساقنۇق كىشى،
ساقنۇق كىشى ئول كىشلەر باشى.
تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تەقۋادار كىشى ـــ كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر.

1064 كەرەك قات شەلىسە، كەرەك تىرياق ئەت،
كەرەك ماترىدۇس قات، يا چۇرنى ئۆگىت.
مەيلى مۇميا قات، مەيلى تىرياق[1] ئىشلەت،
مەيلى ماترىدۇس،[2] بىلەن چۇرنى[3] سوقۇپ (بەر)،

---

①②③ ـــ ئەينى زامان تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىدىغان دورىلار نامى.

1065 كەرەك تۆت ئوتاچى، كەرەك ئەرسە قام،
ئۆلۈگلىگە ھەرگىز ئاسىغ قىلماز ئەم.
مەيلى تىۋىپ چاقىر ياكى قام[1] (كەلتۈر)،
ئۆلۈمگە يۈزلەنگۈچىگە ھەرگىز داۋا پايدا بەرمەيدۇ.

1066 ئۇسال بولماغىل، ئاي تىرىگ بولداچى،
تىرىگ بولدۇڭ ئەرسە، ئۆزۈڭ ئۆلدەچى.
ئەي تىرىك يۈرگۈچى، غاپىل بولما،
تىرىك ئىكەنسەن، (ئاخىر) سەنمۇ ئۆلىسەن.

*　　　*　　　*

1067 بۇ ئايتولدى ھالىن ئەشىتتى ئەلىگ،
ئۆلۈم تۇتغاقى ئىگ تەگۈرمىش ئەلىگ.
ئەلىگ ئايتولدىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى.
ئۆلۈمنىڭ خەۋەرچىسى — كېسەل (ئۇنىڭغا) قول ئۇزارتقانىدى.

1068 ئەلىگ ئايتۇ كەلدى بۇ ئايتولدىنى، B89
كەلىپ كۆردى ئەلىگ ياتۇر ھالىنى.
ئەلىگ ئايتولدىنىڭ ھالىنى سوراپ كەلدى،
ئەلىگ كېلىپ، (ئۇنى) ياتقان ئەھۋالدا كۆردى.

ئەلىگ سۇئالى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1069 ئايىتتى ئەلىگ: ئەمدى كۆڭلۈڭ نەتەك،
نەگۈ ئول ئىگىڭ، ئەمدى ئۇدقۇڭ نەتەك؟
ئەلىگ سورىدى: ھازىر كۆڭلۈڭ قانداق؟
نېمە كېسەل بۇ، ئۇيقۇڭ قانداق؟

---

① قام — شامان موللىسى.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1070 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى،
مەنى تۇتتى ئول ئىگ، ئاڭار يوق ئوتى.
ئايتولدى دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
مېنى شۇنداق بىر كېسەل تۇتتىكى، ئۇنىڭ داۋاسى يوق.

1071 تولۇ ئەردى ئايىم، ئەرىلدى تولۇ،
تالۇ ئەردى قىلقىم، بارىر بۇ تالۇ.
ئېيىم تولۇن ئىدى، تولۇنلۇقى كېمەيدى،
تەبىئىتىم ئالاھىدە ئىدى، ئەمدى بۇ ئېسىللىق كەتتى.

1072 سەۋىنچىن تۇغار ئەردى تۇغمىش كۈنۈم،
كۈنۈم پاتغالىرتەك يارۇماز تۈنۈم.
تۇغقان كۈنۈم شادلىق بىلەن چىقاتتى،
(ئەمدى) كۈنۈم پاتقىلىۋاتىدۇ، تۈنلىرىم يورۇمايدۇ.

1073 كۈۋەنچلىك تىرىگلىك كۆتۈردى ئۆزىن،
يايىغ دۇنيا مەندىن ئەۋۇردى يۈزىن.
شادلىق (غۇرۇرۇم بولغان) تىرىكلىك ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى،
تۇراقسىز دۇنيا مەندىن يۈزىنى ئۆرۈدى.

1074 سەۋىنچ، ئارزۇ، نىئمەت تۇرۇ قالغالىر،
ساقىنچ، قادغۇ، مىھنەت ماڭا كەلگەلىر.
شادلىق، ئارزۇ، نېمەتلەر ئارقامدا قېلىۋاتىدۇ،
قايغۇ ـ ئەلەم، مۇشەققەت ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

1075 مۇنۇ ئادرىلۇرمەن سەنىڭدىن بۇ كۈن، C 45
ئۇلىيۇ بارىرمەن ئۆكۈنچۈن مۇڭۇن.
مانا، بۈگۈن مەن سەندىن ئايرىلىمەن.
پۇشايمان (ۋە) ئەلەم بىلەن ئىڭراپ كېتىۋاتىمەن.

1076 نەگۇ تەر ئەشتكىل بۆگۇ ئەل بەگى،
بودۇن باشلاغۇچى كىشىدە يەگى.

خەلقنی باشلىغۇچی كىشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسی،
دانا ئەل بېگی نىمە دەيدۇ ئاڭلا:

1077 نە ئەدگۇ نەڭ ئەردی بۇ دەڤلەت كەلىپ،
يانا بارماز ئەرسە، تىلەكچە يەلىپ.
بۇ دۆلەت كېلىپ، ئۆز مەيلىچە يۇگۈرۈپ، يەنە كېتىپ
قالمىسا، قانچىلىك ياخشی بولاتتی.

1078 نە ياقشی نەڭ ئەردی بۇ بەگلىك ئىشی،
ئۆلۆم تۇتماز ئەرسە، يورىسا كىشی.
ئۆلۆم تۇتمىسا، كىشی (دائىم سالامەت) يۇرسە،
بۇ بەگلىك ئىشی نىمىدېگەن ئوبدان.

1079 نە كۆركلۇگ كۇن ئەردی يىگىتلىك كۇنی،
قارىلىق يوق ئەرسە، يورىسا كۆنی.
ئەگەر كىشی قېرىماستىن ياشىسا ئىدی
يىگىتلىك كۇنلەر قانچىلىك گۈزەل بولغان بولاتتی.

ئەلىگ جەڤابی ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاڤابی

1080 ئەلىگ ئايدی: ئايتولدی، قودغىل بۇ سۆز، A 47
بۇ سۆز سۆزلەمەگىل، ئايا كۆڭلی تۇز.
ئەلىگ ئېيتتی: ئايتولدی، بۇ سۆزلەرنی قويغىن،
ئەي تۈز كۆڭۈل، بۇنداق سۆزلەرنی سۆزلىمىگىن.

1081 كىشی بارچا ئىگلەر، كۆر، ئەدگۇ بولۇر، B 90
ساڭا يالڭۇز ئەرمەز بۇ ئىگ، ئاي ئۇنۇر.
هەممە كىشی كېسەل بولىدۇ هەم ياخشی بولىدۇ،
ئەي قۇدرەتلىك، بۇ كېسەل يالغۇز ساڭىلا (كەلگەن) ئەمەس،

1082 نەلۇك تىلدە كۆركسۇز يورىر بۇ سۆزۇڭ،
نەلۇك كۆڭلۇڭی ئارتاتۇر سەن ئۆزۇڭ.
نىمىشقا تىلىڭدىن خۇنۇك گەپلەر چىقىدۇ،
نىمىشقا ئۆزۇڭچە كۆڭلۇڭنی بۇزىسەن؟

1083 ساڭا ئەمدى ئاۋنىپ يورىر ئەردى ئۆز،
ماڭا تەتگۇ ـ تەك سەن ئادىن بولدى سۆز.
مەن سېنىڭ بىلەن ئاۋۇنۇپ يۇرەتتىم،
بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۇرۇۋاتقاندەك، سۆزلىرىڭ باشقىچە بولۇۋاتىدۇ،

1084 بايات ئەدگۇ قىلغاي، بۇ سۆز سۆزلەمە،
تۇگۇن ئۇرما ئوتتۇن مەنىڭ كۆڭلۇمە.
خۇدايىم ياخشى قىلغاي، بۇنداق سۆزلەرنى قىلما،
كۆڭلۇمگە ئوتلۇق تۇگۇن سالما.

ئايتولدى جەۋابى ئەلىگكە

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1085 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئەلىگ قۇتى،
بۇ ئىگكە ئەمى يوق، تىلەمە ئوتى.
ئايتولدى ئېيتتى: ئەي بەختلىك ئەلىگ،
بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى يوق، دورا ئىزدىمە.

1086 قايۇ كىم توغار ئەرسە، ئۆلگۇ كەرەك،
قايۇ نەڭ ئاغار ئەرسە، ئىلگۇ كەرەك.
كىمكى تۇغۇلغانىكەن، ئۆلۇشىمۇ كېرەك،
نېمىكى كۆتۇرۇلگەن بولسا، چۈشۈشى كېرەك.

1087 ئاغىشقا ئىنىش ئول، ئەدىزگە پاتىغ،
سەۋىنچكە ساقىنچ ئول، ئاچىغقا تاتىغ.
كۆتۇرۇلۇشنىڭ چۈشۈشى بار، ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنى،
خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار، ئاچچىقنىڭ تاتلىقى.

1088 يانا ـ ما ساڭا ئايدىم ئۇشبۇ سۆزۇم،
قىلىنچىم يايىغ تەپ، نە ئەرسەل ئۆزۇم.
يەنە ساڭا، مىجەزىم تۇراقسىز، ئۆزۇم ئۆزگىرىشچان دەپ،
بۇ سۆزۇمنىمۇ ئېيتقانىدىم.

1089 مەنىڭ قىلقىمى ئايدىم ئەردى ساڭا،
كۆڭۈل باماغۇ ئەردىڭ ئەمدى ماڭا.

بۇ مېنىڭ قىلىقىمنى ساڭا چۈشەندۈرگىنىم ئىدى،
(ئەسلىدە) ماڭا كۆڭۈل باغلىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.

بارىر مەن، مۇڭار سەن سەزىك تۇتماغىل، 1090 C 46
توغۇغلى كىم ئۆلمەز تەسە، پۇتمەگىل.
(مەن) كېتىمەن، بۇنىڭغا سەن شۈبھىلەنمىگىن،
تۇغۇلغان ئۆلمەيدۇ دېسە، چىنپۇتمىگىن.

ئىنانچسىز تەمە ئەمدى، سۆكمە مەنى، 1091
ئىنانچ قىلماغا دۇنيا، قودغا سەنى.
ئىشەنچسىز، دەپ ئەمدى مېنى سۆكمە،
دۇنياغىمۇ ئىشەنمە، ئۇمۇ سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

جەفا قىلدى تەپ سەن ئىلەنمە ماڭا، 1092
مەنىڭدە جەفاچى بۇ دۇنيا ساڭا.
جاپا قىلدى، دەپ سەن مېنى ئەيىبلىمە،
بۇ دۇنيا ساڭا مەندىنمۇ (بەكرەك) جاپا قىلغۇچىدۇر.

ئۇسانما ئۆلۈرسەن مەنىڭدە باسا، 1093
ئىنانما بۇ دۇنياقا، پۇتمە ئۇسا.
غاپىل بولما، مەندىن كېيىن سەنمۇ ئۆلىسەن،
بۇ دۇنياغا ئىشەنمە، چىنپۇتۇپ گول بولما.

ئاغىرلادىڭ ئەردى تاپۇغسۇز مەنى، 1094 B 91
تاپۇغ يەترۇمەدىم، ئاي ئەلىگ قانى.
خىزمەت كۆرسەتمىگەن چېغىمدىلا مېنى قەدىرلىگەنىدىڭ،
ئەي ئەلىگ، قېنى، ساڭا (قانچىلىك) خىزمەت كۆرستەلىدىم؟

تىلەك ئارزۇن ئەرمەز مەنىڭ ئۆلمەكىم، 1095
بۇ كۈن بولمىش ئەرمەز كەلىپ بارماقىم.
مېنىڭ ئۆلمىكىم تىلەك ـ ئارزۇيۇم ئەمەس،
كېلىپ ـ كەتمىكىم بۈگۈنلا بولۇۋاتقان (ئىش) ئەمەس.

ئۆزەلۇ بارىرمەن ئۆز ئەركسىز بولۇپ، 1096
قۇتۇلغۇ يەرىم يوق تىرىگلىك بۇلۇپ.
مەن ئەركسىز ھالەتتە قىينىلىپ (ئۆلۈپ) كېتىۋاتىمەن،
(چۈنكى) تىرىكلىك تىلەپ قۇتۇلغۇدەك يېرىم يوق.

1097 يوق ئەردىم، تۆرۈتتى، ئىگىدتى مەنى،
كىچىگ ئوغلان ئەردىم، بەدۈتتى مەنى.
يوق ئىدىم (خۇدا) مېنى ياراتتى، يېتىشتۇردى،
كىچىك ئوغلان ئىدىم، (ئۇ مېنى) چوڭ قىلدى.

1098 يالىڭ يۈزلۈگ ئەردىم، پۈتۈردى ساقال،
قارا قۇزغۇن ئەردىم، قۇغۇ قىلدى چال.
سىيدام يۈزلۈك ئىدىم، ساقال چىقاردى،
قارا قۇزغۇندەك ئىدىم، (ئاق) قۇدەك چال قىلدى.

1099 بودۇم ئەردى ئوقتەك، ئەگىلدى بودۇم،
تىرىگلىك تۈگەدى يەتىلدى ئۆدۈم.
يويۇم ئوقتەك ئىدى، قەددىم ئېگىلدى،
تىرىكلىكىم تۈگىدى، ۋاقتى - سائىتىم توشتى.

1100 يەنە ياقشى ئايمىش بۆگۈ بىلگى كەڭ،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئايا قىزغۇ ئەڭ.
بىلىمى كەڭ دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقانىدى،
ئەي خۇش چىراي، بۇنى سەن ئاڭلا:

1101 قايۇ باشقا كىرسە قۇغۇ قىرتىشى،
قۇغۇ تەك ئۈرۈڭ قىلغۇ كۆڭلىن كىشى.
قايسى باشقا (ئاق) قۇ قىياپىتى كىرسە،
ئۇ كىشى كۆڭلىنىمۇ ئاق قۇدەك ئاق قىلسۇن.

1102 كىمىڭ ئەگرى بولسا كۆنى تال بودى،
كۆنى قىلغۇ كۆڭلىن، يەتىلدى ئۆدى.
كىمنىڭ تۈز تالدەك قەددى پۈكۈلگەن بولسا،
ئۇ كۆڭلىنى تۈزلىسۇن، ۋاقتى كەلدى.

1103 ئۈرۈڭ بولدى ئەرسە قارا ساچ، ساقال،
ئانۇنغۇ پۇسۇغچى ئۆلۈمكە تۈگەل.
قارا چاچ - ساقال ئاقارغان بولسا،
پېشتىرمىدا (تۇرغان) ئۆلۈمگە تولۇق ھازىرلىنىش كېرەك.

1104 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ سۆز،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئايا ئەدگۈ ئۆز.

بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، شائىر بۇ سۆزنى ئېيتتى،
ئەي ياخشى ئىنسان، بۇنى سەن ئاڭلىغىن.

1105 قارا ساچ ئۇرۇڭى ئۆلۇمدىن يۇمۇش، C 47
قىلۇر ئول تىرىگكە تىرىگلىك كۆسۇش.

قارا چاچنىڭ ئاقارغىنى ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر،
ئۇ تىرىك كىشىگە هاياتنى ئەزىز قىلىدۇ.

1106 تۇ نىئمەت يەدىڭمە تىرىگلىك يەدىڭ،
ئۆلۇم يەر سەنى، سەن ئۇسانما ئۆكۇش.

تۈرلۈك نېمەتلەرنى يېدىڭ، هايات لەززىتىنى تېتىدىڭ،
تولا بىخەستەلىك قىلما، ئەمدى سېنىمۇ ئۆلۈم يەيدۇ!

ئەلىگ جەۋابى ئايتولدىقا

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1107 ئەلىگ ئايدى: ئايتولدى ئەۋمە، سەرىن،
ئىگ ئول بۇ يازۇقلارقا يۇلغى يارىن.

ئەلىگ ئېيتتى: ئەي ئايتولدى، ئالدىرىما، سەۋر قىل،
كېسەللىك كېيىن گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن بەدەل بولىدۇ.

1108 ئۆلۇر ئەردى ئەرسە قامۇغ ئىگلەگەن،
كىشى قالماغاي ئەردى رۇزى يەگەن.

كېسەل بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدىغان بولسا،
دۇنيادا رىزىق يەيدىغان كىشىلەرمۇ قالمىغان بولاتتى.

1109 بايات ئەدگۇ قىلغاي بۇ ئىگدىن سەنى، B 92
كۆڭۈلۇك چۆكۇرمە، سەن ئىنچ يات كۆنى.

خۇدا سېنى بۇ كېسەلدىن ياخشى قىلغاي،
روھىڭنى چۈشۈرمە، خاتىرجەم تىنچ يات.

* * *

1110 دۇئا قىلدى ئەلىگ، كۆر، ئاچتى تىلىگ،
شىفا قولدى رەبدىن، كۆتۇردى ئەلىگ.

ئەلىگ سۆز باشلاپ، دۇئا قىلدى،
قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللادىن شىپالىق تىلىدى.

1111 تۇرۇپ چىقتى ئاندىن ساقىنچىن تۇگۇك،
كەلىپ قارشىقا كىردى كۆڭلى تۇشۇك.

خاپىلىق ۋە ئەلەم بىلەن ئۇ يەردىن چىقتى،
كۆڭلى مەيۇس هالدا سارىيىغا كىردى.

1112 چىغايقا ئۇلەدى ئۆكۈش نەڭ تاۋار،
ئاسىغ قىلغامۇ تەپ ساقىندى ئاڭار.

كەمبەغەللەرگە كۆپ مال ـ دۇنيا ئۇلەشتۇردى،
ئۇنىڭغا پايدىسى بولارمىكىن، دەپ ئويلىدى.

1113 ئاسىغ قىلدى ئەرسە ئۆلۇمگە كۇمۇش،
كۇمۇش قىلغاي ئەردى ئەر ئۆزگە يۇلۇش.

ئەگەر كۇمۇش ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالىسا ئىدى،
كىشىلەر كۇمۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بەدەل قىلغان بولاتتى.

1114 ئۆلۇمگە يۇلۇش قىلدى ئەرسە كىشى،
يۇلۇپ ئۆلمەگەي ئەردى ئەلچى باشى.

ئىنسان ئۆلۈمگە بىرەر بەدەل قىلالىغان بولسا،
ئەل باشقۇرغۇچى (پادىشاهلار) بەدەل بېرىپ ئۆلمىگەن بولاتتى.

* * *

1115 بۇ ئايتولدىنىڭ، كۆر، ئىگى ئاغرۇدى، A 48
ئۇمىنچسىز بولۇپ جاندىن ئەلگىن يۇدى.

قارا، ئايتولدىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى،
ئۇمىدسىز بولۇپ، جېنىدىن قولىنى يۇدى.

1116 ئۆكۈندى، ئايۇر: ئاي تىرىگلىك ئەسىز،
ياۋالىققا ئىدتىم، ئەسىز كۆرك بەدىز.

ئۆكۈنۈپ دېدى، ئىسىت هايات،
(سېنى) بىهۇدە ئۆتكۈزدۈم، ئىسىت گۈزەللىك.

1117 تىرىگلىك كەچۇردۇم ئۇساللىق بىلە،
يىگىتلىكنى ئىدتىم ياۋالىق بىلە.

غەپلەتتە ئۆمۈر كەچۈردۈم،
يىگىتلىكىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

1118 كۈرەمىش كۈرەك ئەردى ئۇشبۇ ئۆزۈم،
ئەجەل تۇتتى، ئەلتۈر، نە ئاسغى سۆزۈم.
مەن ئۆزۈم (ھاياتقا قاراپ) قاچقان بىر قاچاق ئىدىم،
ئەجەل تۇتۇپ، ئېلىپ ماڭدى، سۆزۈمنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

1119 ئاژۇن مالى تەردى ئۆزۈم سۇقلۇقۇن،
قالىر نەڭ، بارىر مەن بۇ كۈن يوقلۇقۇن.
ئاچ كۆزلۈك بىلەن دۇنيا مېلىنى توپلىدىم،
مال ـ دۇنيا قېلىۋاتىدۇ، بۈگۈن يوقسۇزلۇق بىلەن كېتىۋاتىمەن.

1120 ئەلىگ، تىل ئۇزۇن قىلدىم ئەردى ئۆكۈش، C 48
ئۆلۈم كەلدى تۇتتى، تىنىم قىستى ئۇش.
قول ۋە تىلىمنى ئارتۇقچە ئۇزارتقانىدىم،
(ئەمدى) ئۆلۈم كېلىپ تۇتتى، مانا نەپسىمنى قىستى.

* * *

1121 بۇ ياڭلىغ ئۆكۈندى، ئۆكۈش يىغلادى،
ئۆكۈنچى ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلمادى.
(ئايتولدى) شۇنداق ئۆكۈندى، كۆپ يىغلىدى،
ئۆكۈنۈشى ئۆلۈمگە پايدا بەرمىدى.

1122 نە مۇڭلۇغ تۇرۇر بۇ ئاپا ئوغلانى،
تىلەكتەك بۇلۇماز تىرىگلىك كۈنى.
بۇ ئىنسان ئوغلى نېمىدېگەن ئاجىز ـ ھە؟
تىرىكلىك كۈنلىرىنى تىلىگىنىدەك ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

1123 تىلەك بۇلسا، بولماز تىرىگلىك يەگۈ،
تىرىگ بولسا، بۇلماز تىلەك، ئاي بۆگۈ.
(ئىنسان) تىلىكىگە ئېرىشسە، ھايات ياشىيالمايدۇ،
ھايات بولسا، تىلىكىگە يېتەلمەيدۇ، ئەي دانا.

1124 ئاز ئەدگۈگە تەگسە ئۇنىتۇر ئۆزىن، B 93
ياشىل كۆكتە ئۇستۇن يورىتۇر سۆزىن.

ئازراق ياخشىلىققا يېتىشسە، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ،
سۆزىنى يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن چاغلايدۇ.

1125 ئاغىرلىققا تەگسە كۈۋەز، كۆر بولۇر،
ئۆلۈم تۇتسا ئۇدلۇر، ئۆكۈنچۈن ئۆلۇر.
مەرتىۋە قازانسا، مەغرۇر، كۆرەڭ بولۇۋالىدۇ،
ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ ۋە ئۆكۈنچ بىلەن ئۆلىدۇ.

1126 يەسە، تودسا، قىلقى بولۇر بۇغراغۇ،
قالى قارنى ئاچسا، بىلىپ يەر ئاغۇ.
يەپ تويسا، قىلىقلىرى بۇغرادەك بولىدۇ،
ئەگەر قارنى ئاچسا، بىلىپ تۇرۇپ ئوغنى يەيدۇ.

1127 ساقىنچقا سىزار كۆر، ئەرەژكە ئەرەر،
سەۋەرىن بۇلۇر، بۇلسا تەركىن يەرەر.
كۈلپەتتىن قاچىدۇ، راھەتكە ئەگىشىدۇ،
سۆيگىنىگە يېتىدۇ، يەتكەندىن كېيىن (تېزلا) ۋاز كېچىدۇ.

*   *   *

1128 ئۆكۈندى بۇ ئايتولدى، تىندى ئۇلۇغ،
ئايۇر: مەن يىتۇردۇم كۆنىلىك يولۇغ.
ئايتولدى ئۆكۈندى، چوڭقۇر تىنىپ،
ئېيتتىكى: مەن توغرا يولۇمنى يوقاتتىم.

1129 نەلۈك تەردىم ئەردى بۇ ئالتۇن، كۈمۈش،
نەلۈك قىلمادىم مەن چىغايقا ئۇلۇش؟
بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى نېمە ئۈچۈن تويلىغان بولغىيدىم،
نېمىشقىمۇ كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرمىدىم؟!

1130 نەلۈك قودتۇم ئەركى بۇ ئەدگۈ ئىشىگ،
نەلۈك سۆكتۈم ئەركى يازۇقسۇز كىشىگ؟
ئاھ، بۇ ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن (تاشلاپ) قويدۇم،
گۇناھسىز كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەيىبلىدىم؟!

1131 بۇرۇن ئىدغۇم ئەردى قامۇغ ئەدگۈلۈگ،
ئاسىغ قىلغاي ئەردى يارىن بەلگۈلۈگ.

بۇرۇنلا جىمى ياخشىلىقلارنى قىلىشىم كېرەك ئىدى،
ئۇلار كېيىن ماڭا، شۇبھىسىزكى، پايدىلىق بولاتتى.

1132 نەگۇ ئاسغى بار بۇ ئۆكۈنچۈم بۇ كۈن،
ئۆلۈم تۇتتى، كەستى بۇ سۆز بىرلە ئۈن.

بۇگۈن بۇ ئۆكۈنچلىرىمنىڭ نېمە پايدىسى بار،
ئۆلۈم تۇتتى، نەپسىم بىلەن سۆزۈمنى كەستى!

1133 نەگۇ تەر ئەشتكىل يىتى كۆزلۈگ ئەر،
كىشگە باغىرساق، كۆنى سۆزلۈگ ئەر:

ئۆتكۈر كۆزلۈك، كىشىگە سادىق،
توغرا سۆزلۈك ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1134 تۆزۈ تىن توقىرقا ئۆلۈم بىر قاپۇغ،
كىرۈر بۇ قاپۇغقا يورىغلى قامۇغ.

پۈتۈن نەپەس ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئۆلۈم بىر ئىشىكتۇر،
(ھايات) يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشىككە كىرىدۇ.

1135 نەگۇ ئول تىرىگلىك، نەگۇ ئول ئۆلۈم،
قايۇدىن كەلىر مەن، قايۇقا يولۇم.

ھايات نېمە ـ يۇ، ئۆلۈم نېمە،
قاياقتىن كەلدىم، قاياققا يول ئالدىم.

1136 نەلۈك توغدۇم ئەركى يانا ئۆلگەلى، C 49
نەلۈگ كۈلدۈم ئەركى سىغىت كۆرگەلى.

ئۆلۈش ئۈچۈن نېمىشقا تۇغۇلدۇم،
يىغا كۆرۈش ئۈچۈن نېمىشقا كۈلدۈم؟!

1137 ئاژۇندا ئۆلۈمدىن قاتىغراق قايۇ،
توغۇغلى كىشى ئۆلدى مۇنداغ ئايۇ.

دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟
(ھەربىر) تۇغۇلغان كىشى شۇنداق دەپ ئۆلىدۇ!

1138 مۇڭار مەڭزەتۈ ئايدى شائىر سۆزى،
مۇنىڭ مەئنىسى ئۇقسا ئاچىلۇر كۆزى.

بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شائىر شۇ سۆزنى ئېيتتى.
بۇنىڭ مەنىسىنى ئۇقسا، (كىشىنىڭ) كۆزى ئېچىلىدۇ:

1139 «نەگۇ بار ئاژۇندا ئۆلۈمدىن قاتىغ، B94
ئۆلۈمۈگ ساقىنسا كەتەر مىڭ تاتىغ.
«دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟
ئۆلۈمنى ئويلىساڭ بارلىق لەززەت كېتىدۇ.
1140 ئۆلۈم بىر تەڭىز ئول ئۇچى يوق تۇپى،
باقا كۆرسە يەترۇ تۇپى يوق پاتىغ».
ئۆلۈم تۈۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر،
سىنچىلاپ قارىساڭ، تۈۋى يوق چوڭقۇرلۇقتۇر».
1141 ئۆلۈمنى بىلىگلى ئۇسانسا ئۆزۈن،
ئۆلۈم تۇتسا ئاسغى بولۇنماز سۆزۈن.
ئۆلۈمنى بىلگۈچى ئۆزى غەپلەتكە چۈشسە،
ئۆلۈم تۇتقاندا سۆز بىلەن بىرەر نەپ ئالالمايدۇ.
1142 ئەرەژلەرگە ئاۋنىپ ئۇسال بولغۇچى،
ئۆلۈم تۇتسا ئودلۇر، يەتىلمەز كۈچى.
ھالاۋەتكە بېرىلىپ غەپلەتكە چۈشكەنلەر
ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ ـ يۇ، (ئامال قىلىشقا) كۈچى يەتمەيدۇ.
1143 ئۆكۈش نەڭگە تودماز كۆزى سۇق كىشى،
ئەجەل تۇتسا ئۆكنۈر، ئەتۈمەز ئىشى.
نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا تويمىغان كۆزى ئاچ كىشى،
ئەجەل كەلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ، چارە قىلالمايدۇ.
1144 يايىغ قۇتقا ئاۋنىپ كۈۋەنۈر كۈر ئەر،
ياغىز يەر قاتىندا يۇرەكىن يەرەر.
مەغرۇر كىشى ئۆتكۈنچى دۆلەتكە شادلىنىپ مەغرۇرلىنىدۇ،
بوز يەر قېتىغا كىرگەندە، يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىدۇ.
1145 سەۋىنچلەرگە ئاۋنىپ ئۆكۈش كۈلگۈچى،
سىغىتقا ئانۇنغۇ، ئايا ئۆلگۈچى.
شادلىقلارغا ئاۋۇنۇپ كۈلگۈچىلەر
يىغلاشقىمۇ تەييارلانغۇلۇق، ئەي ئۆلگۈچى (ئىنسان!)
1146 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇق بىلىر،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتسا، كۆر، ئاسغى ئالىر.

ئوقۇمۇشلۇق ۋە بىلىملىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىنسا پايدىسى تېگىدۇ:

1147 «يارىنلىق ئورۇن ئەدگۇ قولسا ئۆزۈن،
ئەسىز قىلماسۇنى بۇ ئىككى ئاژۇن.

«ئاخىرەتتە ئۆزىگە ياخشى ئورۇن تىلىگۈچى
ھەر ئىككى دۇنيادا يامانلىق قىلمىسۇن.

1148 ئەسىز قىلماغىل سەن، ئاي قىلقى تۈزۈن،
بۇ كۈن ئەدگۈ قىلغىل قىلىنچىن، سۆزۈن».

ئەي خۇش پېئىل كىشى، يامانلىق قىلما،
بۈگۈن سۆزۈڭ ۋە ھەرىكىتىڭدە ياخشىلىق قىلغىن».

* * *

1149 بۇ ئايتولدى ئۆكنۈپ ئۆكۈش يىغلادى،
ئۆكۈنچى بۇ يەردە ئاسىغ قىلمادى.

بۇ ئايتولدى ئۆكۈنۈپ، كۆپ يىغلىدى،
ئۆكۈنۈشى بۇ يەردە پايدا بەرمىدى.

1150 چىغايغا ئۈلەدى، كۆر، ئالتۇن كۈمۈش،
قاداشلارقا قىلدى قۇمارۇ ئۆكۈش.

كەمبەغەللەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.
قېرىنداشلىرىغا كۆپ ۋەسىيەتلەر قىلدى.

1151 كۆزىن كۆككە تىكتى، ئايۇر: ئاي ئىدىم، A 49
سەنىڭدە ئادىن مەن ئىدى بىلمەدىم.

كۆزىنى كۆككە تىكىپ دېدىكى: ئەي ئىگەم،
مەن سەندىن باشقا بىر تەڭرىنى بىلمىدىم.

1152 تۆرۈتتۈڭ، ئىگىدتىڭ، بەدۈتتۈڭ مەنى، C 50
سەنىڭ فەزلىڭ ئەردى، بىلىرمەن مۇنى.

مېنى ياراتتىڭ، يېتىشتۈردۈڭ (ۋە) ئۆستۈردۈڭ،
(بۇ) سېنىڭ پەزلىڭ ئىدى، بۇنى چۈشىنىمەن.

1153 ساڭا تاپنۇر ئەردى مەنىڭ بۇ ئۆزۈم،
مۇنۇقى ئەجەل تۇتتى، كەستى سۆزۈم.

مەن ئۆزۈممۇ ساڭا سىغىنغانىدىم،
مانا بۇ ئەجەل كەلدى، سۆزۈمنى كەستى.

1154 قۇتۇلغۇ يەرىم يوق، يىتۈردۈم بىلىك، B95
سەنىڭ رەھمەتىڭ تۇتسۇ ئەمدى ئەلىگ.
قۇتۇلغۇدەك يېرىم يوق، ھوشۇمنى يوقاتتىم،
ئەمدى سېنىڭ رەھمىتىڭ ياردەمچى بولسۇن.

1155 ئۈتۈنلۈق بىلە قىلدىم ئەسىز ئۆكۈش،
تۈزۈنلۈك بىلە سەن كەچۈر، ئاي كۆسۈش.
نادانلىق بىلەن كۆپ يامانلىقلارنى قىلدىم،
ئەي ئەزىز (تەڭرى)، مېھىر ـ شەپقەت بىلەن مېنى كەچۈرگىن.

1156 ياۋالىقتا كەچتى تىرىگلىك، ئەسىز،
سۈرە ئىدتىم ئۆد ـ كۈن، بۇ بەگلىك، ئەسىز.
ئىسىت، ھاياتىم بىھۇدە ئۆتتى،
ئىسىت، پەيتلىرىمنى ۋە بەگلىكىمنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

* * *

1157 سۆزىن كەستى، ئانچا ساقىندى تۇرۇپ،
ئاقىتتى كۆزۈن ياش، كۆر، ئوغلىن كۆرۈپ.
سۆزىنى تۈگەتتى، بىر ئاز ئويلىنىپ تۇردى،
قارىغىنا، ئوغلىنى كۆرۈپ كۆزىدىن ياشلىرىنى ئېقىتتى.

21

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە پەند بەرمىشىن ئايۇر

ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە پەند ـ نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

1158 بىر ئۆك ئوغلى ئەردى بۇ ئايتولدىنىڭ،
كىچىگ ئەردى ياشى ئۈش ئول ئوغلىنىڭ.
ئايتولدىنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىدى،
بۇ ئوغلىنىڭ يېشى كىچىك ئىدى.

1159 ئاتى ئەردى ئۆگدۈلمىش، ئەسلى ئارىغ،
يۈزى كۆركلۈگ ئەردىمە قىلقى ئارىغ.
ئېتى ئۆگدۈلمىش، ئەسلى پاك ئىدى،
چىرايى كۆركەم، مىجەز ـ خۇلقى ياخشى ئىدى.

1160 ئوقۇدى بۇ ئوغلىن ئۆزىگە ياقىن،
تۇتۇپ قۇچتى، كۆزدە ئاقىتتى ئاقىن.
ئۇ، ئوغلىنى ئۆز يېنىغا چاقىردى،
تۇتۇپ قۇچاقلىدى، كۆزىدىن ياش ئېقىنلىرىنى تۆكتى.

1161 ئايۇر: ئەمدى ئوغلۇم بارىرمەن مۇنۇ،
ساڭا قالدى ئورنۇم، بارى نەڭ ئۇنۇ.
ئۇ دېدى: ئوغلۇم، مانا ئەمدى (ئۆلۈپ) كېتىمەن،
بۇ ئورنۇم ۋە بارلىق مال ـ مۈلكۈم ساڭا قالدى.

1162 سەن ئەردىڭ ماڭا كۆز يارۇقى تۇگەل،
بارىرمەن سەنىڭدىن، ئەسەن، ئەدگۈ قال.
كۆزۈمنىڭ نۇرى سەنلا ئىدىڭ،
(ئەمدى) سەندىن ئايرىلىۋاتىمەن، ئېسەن، ياخشى قال!

1163 يەمە ياقشى ئايمىش بۇ تۇرك بۇيرۇقى،
كۆرۈ كۆز يارۇقى ئوغۇل قىز ئوقى.

بۇ تۈرك ۋەزىرى قانداق ياخشى ئېيتقان ـ ھە:
ئوغۇل ـ قىزنى كۆرەر كۆزنىڭ نۇرى دەپ بىل.

1164 ئوغۇل قىز ساقىنچى — بۇ تۇپسۇز تەڭىز،
ئوغۇل قىز سارىغ قىلدى قىزغۇ مەڭىز.
ئوغۇل ـ قىزنىڭ غېمى تۈۋى يوق دېڭىزدۇر،
ئوغۇل ـ قىزنىڭ (غېمى) قىزىل يۈزلەرنى سارغايتىدۇ.

1165 كىمىڭ بولدى ئەرسە ئوغۇل ـ قىز، كىسى،
نەگۈتەك كەلىر ئول كىشىنىڭ ئۈسى.
كىمنىڭ ئوغۇل ـ قىزى ۋە خاتۇنى بولسا،
ئۇ كىشىنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟

1166 ئوغۇل قىزدا ئۆترۇ ئاتا يەر ئەتىن، C 51
ئوغۇل قىز ئاتاماز ئاتاسى ئاتىن.
ئوغۇل ـ قىز تۈپەيلىدىن ئاتا زەخمەت چېكىدۇ،
ئوغۇل ـ قىز (بولسا) ئاتىسىنىڭ ئېتىنىمۇ ئاتىمايدۇ.

1167 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئەشىت ئاي ئوغۇل، B 96
سۆزۈمنى ئۇنىتما، ماڭا تۇت كۆڭۈل.
ئايتولدى دېدى: ئەي ئوغلۇم، قۇلاق سال،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ماڭا كۆڭۈل قوي.

1168 مەنى كۆر، ئاتا ئەردىم ئەمدى ساڭا،
ئاتىم ئەردى ئايتولدى، باق كۆر ماڭا.
ماڭا قارا، مەن سېنىڭ ئاتاڭ ئىدىم،
ئېتىم ئايتولدى ئىدى، ئەمدى ماڭا قاراپ باق!

1169 تىرىگلىكى تولدى بۇ ئايتولدىنىڭ،
ئۆكۈنچۈن ئۆلىر، كۆر، ئاسىغ يوق ئانىڭ.
بۇ ئايتولدىنىڭ ئۆمرى توشتى،
ئۆكۈنۈش بىلەن ناله قىلىدۇ ـ يۇ، ئۇنىڭ پايدىسى يوق.

1170 سۈچىگ بۇ تىرىگلىك، ئاچىغ بۇ ئۆلۈم،
ئانۇندى قانى ئەمدى قاچغۇ يولۇم.
ھايات ـ شېرىن، ئۆلۈم بولسا ئاچچىقتۇر،
(ئۆلۈم ماڭا) تەييارلاندى، ئەمدى قاچار يولۇم قەيەردە؟

1171 ئاۋىندىم بۇ دۇنياقا كۆڭلۈم بەرىپ،
ۋەفا قىلمادى، كۆر، مەنىڭدىن ئەرىپ.
بۇ دۇنياغا كۆڭلۈمنى بېرىپ ئاۋۇندۇم،
قارا، ئۇ مەندىن بېزىپ، ۋاپا قىلمىدى.

1172 مەنى ئاردى دۇنيا، ئوقىدى سەۋە،
كۆڭۈل بەردىم ئەرسە، ئەرىكتى ئەۋە.
مېنى دۇنيا ئالدىدى — سۆيۈپ ئۆزىگە چاقىردى - يۇ،
كۆڭۈل بېرىۋىدىم، تېزلا يۈز ئۆرۈدى.

1173 جەفا قىلدى دۇنيا، قارىدى بۇ قۇت،
سەنى ئارماسۇنى، مۇنۇ سۆزگە پۇت.
دۇنيا جاپا قىلدى، بۇ بەخت قېرىدى،
سېنىمۇ ئالدىمىسۇن، بۇ سۆزگە ئىشەن.

1174 كەرەكلىگ ئىشىم بارچا يەردە قودۇپ،
كەرەكسىزنى قىلدىم هەۋاقا ئۇدۇپ.
زۆرۈر ئىشلىرىمنىڭ هەممىسىنى يەردە قويۇپ،
هەۋەسكە بېرىلىپ، كېرەكسىز ئىشلارنى قىلدىم.

1175 تۇپى يەل كەچەرتەك تىرىگلىك كەچىپ،
ئاسىغسىز ئۇلىرمەن ئۆزۈمگە ئاچىپ.
هايات خۇددى بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى،
ئەمدى ئۆزۈمگە ئېچىنىپ، پايدىسىز نالە قىلىۋاتىمەن.

1176 ئورۇنچۇن، يا مالىن ئەتىلمەز ئىشىم،
ئەلىگ تۇتتاچى يوق بۇ كۈن بىر كىشىم.
پارا ياكى مال (بېرىش) بىلەن ئىشىم ئوڭشالمايدۇ،
بۈگۈن قولۇمدىن تۇتۇپ (يول كۆرسەتكۈدەك) كىشىممۇ يوق.

1177 نەگۈ تەر ئەشتىكىل ئودۇلمىش كىشى،
ئۆلۈمۈگ ئۇقۇپ يەترۈ بىلمىش كىشى.
(غەپلەتتىن) ئويغانغان ۋە ئۆلۈمنى تولۇق چۈشىنىپ،
بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1178 بۆگۈ بىلكى كەتتى ئۆلۈمۈگ كۆرۈپ،
ئۇقۇشلۇغ ئۆگى يىتتى ئۆگسۈز بولۇپ.

ئۆلۈمنى كۆرۈپ، دانانىڭ بىلىمى كەتتى،
ئاقىلنىڭ ئەقلى يوقىلىپ، ئەقىلسىز بولدى.

1179 نە ياۋلاق نەڭ ئول بۇ ئۆلۈم تارماقى،
نە ياۋلاق ئەرۈر بۇ كىشىگ ئۈرماقى.
بۇ ئۆلۈمنىڭ تىرىنىقى نېمىدېگەن ياۋۇز نەرسە،
(ئۆلۈمنىڭ) كىشىنى يىقىتىمىقى نېمىدېگەن ئەشەددىي!

1180 ئەتىكلىك سارايىغ بۇزۇغلى ئۆلۈم،
قامۇغ يۇمغىلارىغ ساچىغلى ئۆلۈم.
ياسىداق سارايىنى بۇزغۇچى ئۆلۈمدۇر،
بارلىق يىغىلغانلارنى چاچقۇچى ئۆلۈمدۇر.

1181 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شىئىر ئايغۇچى،
ئوقىغىل مۇنى سەن، ئايا بىلگۈچى:
شېئىر توقۇغۇچى بۇنىڭغا تەقلىدەن بىر سۆزنى ئېيتتى،
ئەي بىلگۈچى، سەن بۇنى ئوقۇغىن:

1182 «نەگۇ بار ئاژۇندا ئاڭار ھىيلەسىز، B97 C52
نەگۇ ھىيلە بار كىم ئاڭار چارەسىز.
«دۇنيادا ھىيلە قىلغىلى بولمايدىغان نىمە بار،
چارە قىلغىلى بولمايدىغان قانداق ھىيلە بار؟

1183 قامۇغ نەڭگە ھىيلە، ئەتىك ـ چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمگە، ئۆلۈم ھىيلەسىز».
ھەرقانداق نەرسىگە بىر ھىيلە، چارە ـ تەدبىر بار،
پەقەت ئۆلۈمگە ھىيلە يوق، ئۆلۈم چارىسىزدۇر».

ئۆگدۈلمىش سۇئالى ئايتولدىقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1184 ئەشىتتى ئوغۇل، كۆر، ئاتاسى سۆزىن، A 50
تىل ئاچتى ئاتاقا، ئەۋۈردى يۈزىن.
ئوغۇل ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى،
ئاتىسىغا يۈزلىنىپ سۆز ئاچتى.

1185 ئايۇر: ئاي ئاتام، بىر سۆزۈم بار ساڭا،
ئانى ئايتايىن مەن، ئايۇ بەر ماڭا.
دېدى: ئەي ئاتا، ساڭا بىر سۆزۈم بار،
ئۇنى ئېيتاي، سەن ماڭا جاۋاب بەرگىن.

1186 بۇ دۇنيا ئىچىندە تىرىلدىڭ ئۆكۈش،
بىلىك بىلدىڭ، ئەردەم ئوقىدىڭ ئۇقۇش.
بۇ دۇنيادا كۆپ ياشىدىڭ،
بىلىم ئۆگەندىڭ، پەزىلەت ۋە ھۇنەر ئىگىلىدىڭ.

1187 ئايىتتىڭ، ئەشىتتىڭ يەمە ئۆگرەنۇ،
سىنايۇ تىرىلدىڭ قامۇغنى كۆرۈ.
سورىدىڭ، ئاڭلىدىڭ (ھەممە نەرسىنى) ئۆگەندىڭ،
كۆپنى كۆرۈپ، تەجرىبىلىك بولۇپ ياشىدىڭ.

1188 نەگۇ ئەرسە بارمۇ ئۆلۈمگە ئەتىك،
ئانى ئۇترۇ تۇتغىل، ئاي بىلگە تەتىك.
قانداق بولمىسۇن، ئۆلۈمگە بىرەر تەدبىر بارمۇ؟
ئەي زېرەك ئالىم، (ئەگەر بولسا) ئۇنى (ئۆزۈڭگە) ئىشلەت.

1189 ئەگەر ھىيلە ـ چارە يوق ئەرسە ئادىن،
قامۇغ نەڭ، خەزىنە ئۇلەگىل بارىن.
(ئەگەر) باشقا بىر ھىيلە، ئامال بولمىسا،
بارلىق خەزىنە ـ مېلىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇلەشتۇر.

1190 خەزىنە بۇ نەڭ بولسا باشقا يۇلۇش،
ئەسەن بول، يانا بولغا ئالتۇن ـ كۇمۇش.
خەزىنە ۋە مال بېشىڭغا بەدەل بولالىسا،
ئامان ـ ئېسەن بول، ئالتۇن ـ كۇمۇش يەنە تېپىلىدۇ.

1191 نەگۇ تەر ئەشىتگىل كۆزى توق كىشى،
تۇز ـ ئەتمەك ئىدىسى، ئاقى ئەر باشى.
كۆزى توق، باشقىلارغا نان ـ تۇز بېرىدىغان،
سېخىيلارنىڭ باشلامچىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1192 ئۇلە نەڭ كىشىگە، يەتۇر ھەم ئىچۇر،
سەنى نەڭ كەچۇرگەي، سەن ئانى كەچۇر.

مىلىڭنى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈر، يېگۈزگىن ۋە ئىچكۈزگىن،
مىلىڭ سېنى تۈگەتكۈچە، سەن مىلىڭنى تۈگەت.

1193 ئەسەنلىك كەرەك ئەرگە، نەڭ ئەكسۈمەز،
تىرىگلىك كەرەك قۇشقا، مەڭ ئەكسۈمەز.

كىشىگە ئېسەنلىك كېرەك، مال كېمىيىپ قالمايدۇ،
قۇش ئۈچۈن هايات كېرەك، دان كېمىيىپ قالمايدۇ.

1194 تىرىگ بولسا يالڭۇق تىلەكى ئانۇق،
ئەت ئۆز، باش ئەسەن بولسا ئارزۇ ياغۇق.

ئىنسانلار هاياتلا بولىدىكەن، ئارزۇ ـ تىلىكى بولىدۇ،
بەدەن ـ باش ئامان بولسا، ئارزۇ (غا يېتىش) يېقىندۇر.

ئايتولدى جەۋابى ئۈگدۈلمىشكە

ئايتولدىنىڭ ئۈگدۈلمىشكە جاۋابى

B 98 1195 يانۇت بەردى ئايتولدى: ئاي ئوغۇل،
ئەشىتگىل سۆزۈمنى، بۇ ئىشتىن تۆڭۈل.

ئايتولدى جاۋاب بېرىپ: ئەي ئوغۇل،
سۆزۈمنى ئاڭلا، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچ، دېدى.

C 53 1196 ئۆلۈمكە ئاسىغ قىلماز ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئۆلۈمۈگ تىدۇماز بىلىك يا ئۇقۇش.

ئۆلۈمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش پايدا بەرمەيدۇ،
ئۆلۈمنى بىلىم ياكى ئىدراك توسۇپ قالالمايدۇ.

1197 ئۆلۈمۈگ تىدار ئەرسە دۇنيا نەڭى،
بولۇپ ئۆلمەگەي ئەردى بەگلەر بەگى.

ئۆلۈمنى دۇنيا مېلى توسۇپ قالالىسا ئىدى،
بەگلەر بېگى ئۆلمىگەن، داۋاملىق ياشىغان بولاتتى.

1198 هەكىملەرگە هىكمەت ئاسىغ قىلمادى،
بۆگۈلەرگە بىلكى ئەلىگ تۇتمادى.

هېكىملەرگە هېكمەتلىرى پايدا قىلمىدى،
دانالارغا بىلىملىرى ياردەم بېرەلمىدى.

1199 ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلدى ئەرسە ئوت، ئەم،
ئوتاچى تۈرۈ قالغاي ئەردى ئۈلام.
ئۆلۈمگە دورا ۋە داۋا پايدا بىرەلىسە ئىدى،
تېۋىپلار ئەبەدىي هايات ياشىغان بولاتتى.

1200 ئۆلۈم يۈز قىلۇر ئەردى ئەرسە كۆرۈپ،
ئاغىر ساۋچىلار قالغاي ئەردى تۈرۈپ.
ئۆلۈم (كىشىگە) يۈز خاتىرە قىلسا ئىدى،
مۇبارەك پەيغەمبەلەر ئۆلمىگەن بولاتتى.

1201 تۈغۈغلى تىرىگلەر ئۆلۈمگە سانى،
ئۆلۈمگە تۈغۈغلى تىرىگ كىم قانى؟
تۇغۇلغان تىرىكلەرنى ئۆلىدۇ، دەپ ھېسابلا،
ئۆلۈم ئۈچۈن تۇغۇلغانلاردىن قېنى كىم تىرىك قالدى؟

1202 تۈشۈن ئول بۇ دۇنيا، كەلىگلى كەچەر،
يەگەن يەل بۆكەتەك يەر ئەركەن ئاچار.
بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭدۈركى، كەلگەنلەر كېتىدۇ،
يەپ تويماس ئەجدىھادەك يېگەنسېرى ئېچىرقايدۇ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئايتولدىقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1203 ئەشىتتى، كۆر، ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئاتا،
ئەدى كەد ئۇقۇلمىش ئۆلۈمۈگ يەتە.
ئۆگدۈلمىش ئاڭلىدى ۋە دېدى: ئەي ئاتا،
ئۆلۈمۈڭنى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەنىكەنسەن.

1204 نەگۈلۈگ ئۇساندىڭ تىرىگلىك ئىدىپ،
نەگۈگە ئىلەنۈر سەن ئەمدى ئۆلىپ؟
نېمە ئۈچۈن ھاياتىڭنى زايە قىلىپ غەپلەتتە ياشىدىڭ،
ئەمدى نېمە ئۈچۈن نالە قىلىپ پۇشايمان يەيسەن؟

1205 نەلۈك تەردىڭ ئەردى بۇ قالغۇ نەڭىڭ،
نەگۈگە ئۆلەمەدىڭ ئارتغۇ نەڭىڭ؟

قالىدىغان بۇ مال ـ دۇنيانى نېمە ئۈچۈن توپلىغانىدىڭ،
ئارتۇق ماللىرىڭنى نېمىشقا ئۈلەشتۇرمىدىڭ؟

1206 تىرىلسە ئۇسال بولسا يالڭۇق ئۆزۈن،
ئۆكۈنسۈ ئۆزىڭە، ئىلەنسۈ سۆزۈن.
ئىنسان ئۆزى غەپلەتتە ياشىغان بولسا،
ئۆزىگە ئۆكۈنسۇن، ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن،

1207 بۇ كۈن ئۆكۈنۈپ ئاسغى نەگۈ، ئاي ئاتا،
باشىن يەرگە چالسا ئۈلىپ مىڭ قاتا؟
ئەي ئاتا، بۈگۈن ئۆكۈنۈپ نالە قىلىپ،
مىڭ مەرتەم باشنى يەرگە ئۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

ئايتولدى جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1208 بۇ ئايتولدى ئايدى: ئاي ئوغلۇم ئەشىت، B99
مەنى كۆر، ئۇسانما، يارىنلىق ئىش ئەت.
ئايتولدى دېدى: ئەي ئوغلۇم، ئاڭلا،
مېنى كۆر، غەپلەتتە بولما، ئاخىرەت ئىشىنى تۇت.

1209 ئۇساللىق مەنى ئالقتى، ئۆكنۈر ئۆزۈم،
ئودۇنغىل، ئۇسال بولما، كۆركلۈگ يۈزۈم.
غاپىللىق مېنى خاراب قىلدى، ئۆكۈنمەكتىمەن،
هوشيار بول، غەپلەتتە يۈرمە، ئەي چىرايلىقىم.

1210 تۇغۇغلى نەچە تۇغدى ئۆلگۈ ئۈچۈن،
نەچە بارماسا ئەلتۈر ئاخىر كۈچۈن.
تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغاندۇر،
ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئاخىر (ئۆلۈم) مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدۇ.

1211 ئۆلۈگلى كىشى بارچا ئۆدكە تۇتۇغ، C54
يەتىلسە ئۆدى، كۆر، ماڭىتماز پۇتۇغ.
ئۆلگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنىدۇر،
ۋاقتى يەتكەندە، قارىغىنىكى، ئايىغىنى قىمىر قىلالمايدۇ.

1212 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر تىلى،
تۇگەل سۆز تۇرۇر بۇ ئۇقۇلسا قالى.
شائىر بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ (بىر سۆزنى) ئېيتقان،
ئەگەر چۈشەنسە، بۇ مۇكەممەل سۆزدۇر:

1213 «قامۇغ نەڭگە ۋەقت ئۇل كۈنى بەلگۈلۈگ،
نەفەس ـ تىن توقىرقا سانى بەلگۈلۈگ.
«ھەر نەرسىنىڭ بىر ۋاقتى بار، كۈنى بەلگىلىكتۇر،
نەپەس ئېلىپ، تىنىشنىڭمۇ سانى بەلگىلىكتۇر.

1214 يىل، ئاي، كۈن كەچەرتەك تىرىگلىك كەچەر،
كەچەر كۈن كەچۈرگەي سەنى بەلگۈلۈك».
يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتكىنىدەك ئۆمۈر ئۆتىدۇ،
ئېنىقكى، ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر سېنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ».

1215 يانا ئايدى ئايتولدى: كۆر، ئاي ئوغۇل، A 51
نە ھالىن بارىرمەن مەنى كۆر، ئودۇل.
ئايتولدى يەنە (شۇنداق) دېدى: ئەي ئوغۇل،
مەن قايسى ئەھۋالدا كېتىۋاتىمەن؟ ماڭا قاراپ ئويغان!

1216 سەنئۆك سەن ساقىنچىم، بارىر مەن مۇڭۇن،
كىچىگلىكتە مەنسىز قالىر سەن بۇ كۈن.
ئويلايدىغىنىم پەقەت سەنلا، غەم بىلەن كېتىۋاتىمەن،
بۈگۈن مەندىن كىچىك ئايرىلىپ قېلىۋاتىسەن.

1217 نەگۈتەك بولۇرسەن مەنىڭدە كەدىن،
مەنىڭ يوق ساقىنچىم مۇنىڭدا ئادىن.
مەندىن كېيىن قانداق (ئەھۋالدا) بولىسەن،
مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا غەم ـ ئەندىشەم يوق.

1218 ئاتا ئەمگەكى بولسا ئوغلى ئۆزە،
ئول ئوغلى بىلىر، ئۆترۈ قىلىق ـ ياڭ تۈزە.
بالىغا ئاتىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولسا،
ئوغلىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئوبدان بولۇپ يېتىشىدۇ.

1219 قىسا تۇتسا ئوغلىن، كۆر، ئەدگۈ بولۇر،
ئاتاسى، ئاناسى يارۇنغۇ بولۇر.

(ئاتا) ئوغلىغا قاتتىق قول بولسا، (ئوغلى) ياخشى بولىدۇ،
ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ.
1220 قالى قىستاچى بولماسا ئول ئوغۇل،
ياۋا بولدى، سەن ئول ئوغۇلدىن تۆڭۈل.
ئەگەر قاتتىق قول بولمىسا، ئۇ ھالدا ئوغۇل
زايە كېتىدۇ، ئۇنداق ئوغۇلدىن ۋاز كەچ.
1221 ئوغۇللۇغ ئاتا بولسا بىلگە ئەتىك، B100
قىسا تۇتغۇ تۇتچى ـ ئەمى بۇ ئەتىك.
ئوغلى بار ئاتا ئالىم، زېرەك بولسا،
(ئوغلىنى) دائىم قاتتىق تۇتۇشى كېرەك، ئىشنىڭ چارىسى مۇشۇ.
1222 نەگۇ تەر ئەشتىكىل ئوغۇللۇغ كىشى،
باشىندا كەچۈرمىش يەتىلمىش ياشى.
بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى كەچۈرگەن،
يېشى يەتكەن ئوغۇللۇق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
1223 كىمىڭ ئوغلاغۇ بولسا ئوغلى قىزى،
ئاڭار يىغلاغۇ بولدى مۇڭلۇغ ئۆزى.
كىمنىڭ ئوغۇل ـ قىزى ئەركە بولسا،
ئۇ يىغلايدۇ ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىك بولىدۇ.
1224 كىچىگدە ئاتا ئىدسا ئوغلىن ياۋا،
ئوغۇلدىن يازۇق يوق، ئاتادىن جەفا.
ئاتا بالىسىنى كىچىكىدىنلا بوش قويۇۋەتكەن بولسا،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئەيىب ئاتىدا.
1225 ئوغۇل ـ قىز ئەسىز بولسا قىلقى ـ ياڭى،
ئول ئەسىز ئاتا قىلدى ئىدتى ئوڭى.
ئوغۇل ـ قىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقى يامان بولسا،
ئۇنى يامان قىلغان، ئوڭلۇقلۇقىنى يوق قىلغان ئاتىسى بولىدۇ.
1226 قىسا تۇتسا ئوغلىن ئاتا ئۆگرەتۇ، C55
ئۇلۇغ بولسا سەۋنۇر ئوغۇل ـ قىز يەتۇ.
ئاتا ئوغلىغا قاتتىق قول بولۇپ، ئۇنى ئوقۇتسا،
ئوغۇل ـ قىزى يېتىلىپ چوڭ بولغاندا سۆيۈنىدۇ.

1227 ئوغۇلۇغ قىسا تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمەسۈنى كەدىن كەلگۈچى.
ئەي ئاتا بولغۇچى، ئوغلۇڭنى قاتتىق تۇت،
كېيىن كەلگەنلەر سەندىن كۈلمىسۇن.

1228 ئوغۇل ـ قىزقا ئۆگرەتگۈ ئەردەم بىلىك،
بۇ ئەردەم بىلە بولسۇ قىلقى سىلىگ.
ئوغۇل ـ قىزغا پەزىلەت، بىلىم ئۆگىتىش لازىمكى،
شۇ پەزىلەت بىلەن خۇي ـ پەيلى گۈزەل بولسۇن.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئايىتولدىقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايىتولدىغا جاۋابى

1229 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئاتا،
سەنىڭ قادغۇڭى يەپ كۆيەر مەن تۇتە.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەي ئاتا،
سېنىڭ قايغۇڭنى يەپ، كۆيۈپ ـ يانماقتىمەن.

1230 سەنىڭدە كەدىن مەن تىرىگ تۇرمايىن،
سەنىڭ قادغۇلارىڭ كۆزۈن كۆرمەيىن.
سېنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ياشىمىسام ئىدىم،
سېنىڭ قايغۇلىرىڭنى كۆزۈم كۆرمىسە ئىدى.

1231 سەنىڭ جانىڭى بىر باغىرساق ئىدى
ماڭا بەرسۇ، قادغۇن مەنى قودمادى.
مېھرىبان ئىگەم، سېنىڭ ئورنۇڭغا مېنىڭ جېنىمنى ئالسا،
ماڭا بۇ قايغۇلارنى كۆرسەتمىسە ئىدى!

1232 قالى بەرمەز ئەرسە يەتىلسە ئەجەل،
بىتىلمىش بولۇر بۇ ئەجەلگە ئەزەل.
ئەگەر ئۇنداق قىلماي (ساڭا) ئەجەل يەتسە،
(دېمەك)، بۇ ئەجەل ئەزەلدە شۇنداق پۈتۈلگەندۇر.

1233 نەرەك قادغۇرار سەن، نەرەك بۇ سىغىت؟
باياات ھۆكمى كەلدى، سىغىتنى ئاغىت.

نېمە ئۈچۈن قايغۇرىسەن، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟
خۇدادىن ھۆكۈم كەلدى، يىغلاشنى قوي!

1234 قالى دۇنيا دەۋلەت قالىرى ئۈچۈن
سىغىت قىلسا، قىلما، بۇ بولماز كۈچۈن.
ئەگەر، دۇنيا ـ دۆلەت قالىدىغانلىقى ئۈچۈن
يىغلىغان بولساڭ، يىغلىما، بۇنداق زارلىنىش بولمايدۇ.

1235 قالى بۇ تۇ نىئمەت قالىرقا يەمە،
ئۆزۈڭ يىغلار ئەرسە، يورى، يىغلاما.
ئەگەر بۇ نازۇ نېمەتلەر قالغىنى ئۈچۈن
يىغلىغان بولساڭ، قوي، يىغلىما!

1236 تەلىم دۇنيا يەگلى سەنىڭدە ئوزا، B101
قودۇپ باردى بارچا بۇ ئىنچىق ئۇزە.
سەندىن ئاۋۋال كۆپ دۇنيا يىغقانلار
پەرياد چەككەن ھالدا ئۇنى قويۇپ كەتتى.

1237 بىلىر ئەردىڭ ئەمدى جەفاچى ئاژۇن،
جەفا قىلغۇسىن سەن، ئۇساندىڭ ئۆزۈن.
بىلەتتىڭ بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ
جاپا قىلىشىنى، ئۆزۈڭ غەپلەتتە ئۆتتۈڭ.

1238 قامۇغ دۇنيا بولسا بىرەگۈگە تۇز،
قالىر دۇنيا، ئۇلگى تەگىر ئىككى بۆز.
بارچە مال ـ دۇنيا بىر كىشىگە جەم بولسىمۇ،
دۇنيا قالىدۇ، (ئۇنىڭ) ئۇلۇشىگە ئىككىلا بۆز تېگىدۇ.

1239 تىرىگلىك ئۈچۈن ئۆكنۈر ئەرسە ئۆزۈڭ،
ئۆكۈن، تۇتچى يىغلا، قۇرىتما كۆزۈڭ.
(ئەگەر) ھاياتىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنگەن بولساڭ،
ئۆكۈن، تىنماي يىغلا، كۆزۈڭنى (ياشتىن) قۇرۇتما!

1240 يانا يانغۇ ئەرمەز كەچۈرمىش كۈنۈڭ،
نەگۇ قىلدىڭ ئەرسە ئانۇندى تۈنۈڭ.
ئۆتكەن كۈنۈڭ يەنە يېنىپ كەلمەيدۇ،
نېمە بولساڭمۇ، ئەمدى تۈنۈڭ يېقىنلاشتى.

1241 ماڭا ئەرسە ئەمدى بۇ قادغۇ، ساقىنچ،
ساقىنچ قىلما، قىلغىل سەن ئەمدى سەۋىنچ.
بۇ قايغۇ ـ غەملىرىڭ مەن ئۈچۈن بولغان بولسا،
غەم قىلما، بەلكى خۇشال بول.

1242 تۆرۈتۈلمىش ئەردىڭ، تۆرۈگلى ئۆلۈر،
تۆرۈگلى ئۆلۈر ئول، تۆرۈتگەن قالۇر.
سەن يارىتىلغانىدىڭ، يارىتىلغانلار ئۆلىدۇ،
يارىتىلغان ئۆلىدۇ ـ يۇ، ياراتقان قالىدۇ.

1243 ئاتام ئەردىڭ ئارتۇق باغىرساق، ئاقى، C 56
سەنىڭدە باغىرساق تۆرۈتگەن تاقى.
ناھايىتى مېھرىبان، سېخىي ئاتام ئىدىڭ،
(ئەمما) ياراتقۇچى سېنىڭدىنمۇ مېھرىباندۇر.

1244 سەنى ئول تۆرۈتتى، ساڭا بەردى قۇت،
ماڭا بەرمەگەيمۇ؟ مۇنۇ سۆزگە پۇت.
سېنى ئۇ ياراتتى، ساڭا بەخت بەردى،
ماڭىمۇ بەرمەسمۇ؟ بۇ سۆزگە ئىشەن.

1245 ئۈچۈزقا ئاغىرلىق ئانىڭدىن تەگىر، A 52
كىچىگكە ئۇلۇغلۇق ئول ئىدسا كەلىر.
قەدىرسىزگە قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭدىن تېگىدۇ،
ئۇنىڭ خالىشى بىلەن كىچىككە ئۇلۇغلۇق كېلىدۇ.

1246 مۇڭار مەڭزەيۇر، كۆرسە، ئۆگلۈگ سۆزى،
بۇ ئۆگلۈگ سۆزى ئول، كۆر، ئۆگسۈز كۆزى.
سەپسالساڭ، ئەقىللىقنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ،
ئاقىلنىڭ بۇ سۆزى ئەقىلسىز ئۈچۈن كۆزدۇر:

1247 «ئەزىز ئول ئەزىز كىم ئەزىزلارقا ئىز،
ئانىڭدىن تەگىر ئىز ئەزىز ئەمدى قىز.
«ئەزىزلەرگە ئىززەت كۆرسەتكۈچىلەر ھەقىقىي ئەزىز بولىدۇ،
(شۇڭا) ئىززەت ۋە ئەزىزلىك قەدىرلىكتۇر.

1248 ئۈچۈزقا ئاغىر ئول، كىچىگكە ئۇلۇغ،
ياۋۇزقا يۆلەكى. بەدۈككە ئەدىز».

ئۇ قەدىرسىزگە قىممەت، كىچىككە ئۇلۇغلۇق،
يامانغا يۆلەنچۈك، چوڭغا يۈكسەكلىكتۇر».

*　　　*　　　*

1249 ئەشىتتى، كۆر، ئايتولدى ئوغلى سۆزىن،
كۆتۈردى ئەلىگ، كۆككە تىكتى كۆزىن.
ئايتولدى ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى ـ دە،
قولىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى كۆككە تىكتى.

1250 باياتقا شۈكۈر قىلدى ئارتۇق ئۆكۈش، B102
بايات بەرمىشقە ئوغۇلقا ئۇقۇش.
خۇدا ئوغلىغا ئەقىل ـ پاراسەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن،
خۇداغا كۆپ تەشەككۇر ۋە مەدھىيە ئېيتتى.

ئايتولدى جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1251 ئايۇر: ئوغلۇما، بولدى كۆڭلۈم پۈتۈن،
بايات فەزلى بىرلە تىرىلگىل قۇتۇن.
(ئايتولدى) دېدى: ئەي ئوغلۇم، ئەمدى كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى،
خۇدانىڭ پەزىلىتى بىلەن بەخت ئىچىدە ياشا.

1252 چىن ئايمىش ئۇقۇشلۇغ كۆرۈ بار بۇ سۆز،
ئانىڭ مەئنىسى بىل، يىتى قىل بۇ كۆز.
ئىدراكلىق كىشى توغرا ئېيتقانكى، بۇ سۆزگە دىققەت قىل،
ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن ۋە ياخشى زېھىن قوي:

1253 بايات كىمكە بەرسە ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك،
قامۇغ ئارزۇلارقا يەتىلدى ئەلىگ.
خۇدا كىمگە ئەقىل، ئىدراك، بىلىم بەرسە،
ئۇ پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا قول يەتكۈزەلەيدۇ.

1254 كىمىڭ قىلقى ئەدگۈ، قىلىنچى ئوڭاي،
تىلەك بۇلدى بارچا، يارۇتتى كۈن، ئاي.

كىمنىڭ قىلىقلىرى ياخشى، مىجەز ـ خۇلقى دۇرۇس بولسا،
ئۇ پۈتۈن تىلەكلىرىگە يېتىدۇ، ئاي، كۆنى پارلايدۇ.

1255 قامۇغ ئەدگۈگە مۇن بۇ ئەدگۈ قىلىنچ،
قىلىنچ ئەدگۈ بولسا بولۇر مىڭ سەۋىنچ.

ياخشى قىلىق نۇرغۇن ياخشىلىقلار ئۈچۈن سەرمايىدۇر،
مىجەز ـ خۇلقى ياخشى بولسا، مىڭ تۈرلۈك شادلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

*　　*　　*

1256 بۇ ئايتولدى ئەلگىن كۆتۈردى يانا،
باياتىغ ئۆكۈش ئۆگدى، قىلدى سەنا.

ئايتولدى يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ،
خۇداغا كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتتى.

1257 ئايۇر: ئاي ئىدىم، سەن تۆرۈتتۈڭ تۆزۈگ، C 57
يەمى بىرلە ئىگدۈرسەن سانسىز ئۆزۈگ.

دېدى: ئەي ئىگەم، سەن ھەممە نەرسىنى ياراتتىڭ،
سانسىز جانلىقلارنى رىزىق بىلەن پەرۋىش قىلدىڭ.

1258 تۆرۈتتۈڭ مەنى سەن، كۆتۈردۈڭ قۇتۇن،
يازۇقلۇغ قۇلۇڭ مەن، تاپۇغسۇز، ئۇتۇن.

مېنى ياراتتىڭ ۋە بەخت ئىچىدە يۈكسەلدۈردۈڭ،
مەن سېنىڭ گۇناھكار، تائەتسىز، پەس قۇلۇڭمەن.

1259 ئەدى ئەدگۈ تۇتتۇڭ بۇ ئۆدكە تەگى،
قامۇغ ئارزۇ بەردىڭ بۇ دۇنيا يەگى.

شۇ ۋاقىتقىچە (ماڭا) كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ،
كۆپ ئارزۇلىرىمغا يەتكۈزدۈڭ، مال ـ دۇنيا ۋە نېمەت بەردىڭ.

1260 تۆزۈ ئارزۇ ـ نىئمەت تۈگەل مەن يەدىم،
سەۋىنچلىگ مەن سەندىن، ئاي ئەدگۈ ئىدىم.

پۈتۈن ئارزۇ، نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتىم،
ئەي ياخشى ئىگەم، مەن سەندىن خۇشاللىق تاپتىم.

1261 ماڭا تەگدى ھۆكمۈڭ، بارۇرمەن مۇنۇ،
بىر ـ ئۆك ئوغلۇم ئەردى، قودۇرمەن ئۇنۇ.

ماڭا ھۆكمىڭ كەلدى، مانا كېتىۋاتىمەن،
بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇنى تاشلاپ (كېتىۋاتىمەن).

1262 ئاتا ئەردىم، ئەمدى، ئۆلۈر بۇ ئاتا،
ئىدىمسەن تىرىگسەن، ئاڭار بەر قۇتا.
ئاتا ئىدىم، ئەمدى بۇ ئاتا ئۆلىدۇ،
ئىگەم، ھاياتسەن، ئۇنىڭغا بەخت بەرگەيسەن.

1263 ئەرەژگە ياقىن تۇت، يىراق تۇت بەلا،
ئىكىگۈن ئاژۇندا مۇنى سەن يۇلا.
ئۇنى ھالاۋەتكە يېقىن، بالادىن يىراق تۇت،
ھەر ئىككى دۇنيادا ئۇنىڭغا يول كۆرسەت.

1264 ئەسىزدىن كۈدەزگىل، ئۇلا ئەدگۈگە،
مۇڭادتۇرماغىل سەن يەگۈ - كەدگۈگە.
ياماندىن ساقلاپ، ياخشىغا ئېرىشتۈر،
يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەككە موھتاج قىلمىغىن.

*　　*　　*

1265 كۆڭۈلدىن بەرۈ قىلدى ئەدگۈ دۇئا، B103
ئاي ئەدگۈ دۇئا، سەن بەلانى يىغا.
چىن كۆڭلىدىن بېرىلىپ ياخشى دۇئا قىلدى،
ئەي ياخشى دۇئا، سەن بالادىن قۇتۇلدۇر.

1266 نەگۇ تەر ئەشىتگىل ساقىنۇق كىشى،
ساقىنۇق كىشى ئول كىشىلەر باشى.
تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
تەقۋادار كىشى كىشىلەرنىڭ باشلامچىسىدۇر:

1267 بايات كىمگە قىلسا ئىنايەت باسۇت،
ئىكىگۇ ئاژۇندا بۇ ئەر بۇلدى قۇت.
خۇدا كىمگە ئىنايەت ۋە ياردەم بەرسە،
ئۇ كىشى ھەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ.

1268 قايۇ قۇلقا بولسا باياتتىن يۆلەك،
بۇ بۇلدى ئىكىگۈن ئاژۇندا تىلەك.

قايسى قۇلىغا خۇدا يار ـ يۆلەك بولسا،
ئۇ ئىككى دۇنيادا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،

1269 بايات فەزلى بولسا كىم ئەرسە ئۇزە،
قامۇغ ئارزۇ نىئمەتكە تەگدى تۇزە.

كىمگە بولمىسۇن، خۇدانىڭ پەزىلىتى نېسىپ بولسا،
ئۇ بارلىق ئارزۇسىغا يېتىپ، نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

1270 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى ئۆگلۈگ كىشى،
كىم ئۆگلۈگ سۆزى تۇتسا ئەتلۇر ئىشى.

ئەقىللىك كىشى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ (بىر سۆز) ئېيتقان،
كىم ئاقىلنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا ئىشى يۇرۇشىدۇ:

1271 «كۇدەزىلدى كىمنى كۇدەزسە ئېدى، A 53
تىلەك بۇلدى، نىئمەت تالۇسىن يەدى.

«تەڭرى كىمنى ئاسرىسا، ئۇ ئاسرىلىدۇ،
تىلىكىنى تاپىدۇ ۋە ياخشى نېمەتلەرگە يېتىشىدۇ.

1272 قايۇ قۇل باياتقا ئىنانسا تۇرۇپ،
بەلا، قادغۇ قاپغىن ئۆزىگە تۇدى».

قايسى قۇل خۇداغا ئىشەنسە،
ئۆزىگە كېلىدىغان بالا، قايغۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى تاقايدۇ».

*   *   *

1273 يانا ئايدى ئايتولدى: ئۇق، ئاي ئوغۇل، C 58
ئۆلۇمۇگ ئۇنىتما، ئۆيۇ تۇر ئودۇل.

ئايتولدى يەنە مۇنداق دېدى: ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىن:
ئۆلۈمۇڭنى ئۇنتۇما، ئويلان ۋە هوشيار بول!

1274 ئىنانما تىرىگلىككە، يەل تەگ كەچەر،
ئۇسانما بۇ دۇنيادىن ئۆز تەرك كۆچەر.

تىرىكلىككە ئىشەنمە، (ئۇ) شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ،
بىخۇد بولما، بۇ دۇنيادىن تېزلا كېتىسەن.

1275 باياتقا تۇتۇزدۇم سەنى مەن قاتىغ،
تىلەسە كۇدەزگەي، يەتۇرگەي تاتىغ.

مەن سېنى تامامەن خۇداغا تاپشۇردۇم،
ئۇ خالىسا ئاسرايدۇ، ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

1276 مۇنۇ ئادرىلۇرمەن سەنىڭدىن بۇ كۈن،
ئۆكۈنچۈن سىغىت بىرلە يىغلاپ ئۆگۈن.

ئۆكۈنۈش ئىچىدە ھۆڭرەپ يىغلاپ،
مانا بۈگۈن سېنىڭدىن ئايرىلىۋاتىمەن.

1277 مەنىڭدە كەدىن سەن نەگۇ قىلغۇڭى،
ئايايىن ئەشتگىل ئۇقۇلمىش تەڭى.

مەندىن كېيىن سەن نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى
بىلگىنىمچە ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلا.

22

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ئۆتلەمىشىن ئايۇر

ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەتى

1278 كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇت، باياتقا تاپىن، B104
ئۇسانما، يارىنلىق ئىشىڭنى ئەتىن.
كۆڭۈل، تىلىڭنى توغرا تۇت، خۇداغا سىغىن،
بىخۇد بولما، ئەتىكى ئىشىڭغا هازىرلان.

1279 قامۇغ ئەدگۇ ـ ئەسىز بايات هۇكمى بىل،
باياتقا ئىنانغىل، ئانىڭ تاپغى قىل.
بىلگىنكى، هەرقانداق ياخشىلىق ـ يامانلىق خۇدانىڭ هۆكمىدۇر،
خۇداغا ئىشەن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىل.

1280 نەگۇ كىم كەرەكىڭ ئانىڭدىن تىلە،
ئانىڭدا ئادىن يوق ساڭا كۈچ بىلە.
نېمە لازىم بولسا ئۇنىڭدىن تىلە،
بىلگىنكى، ساڭا (مەدەت بولىدىغان) ئۇنىڭدىن باشقا كۈچ يوق.

1281 ئاغىر تۇت نەگۇ ئەرسە يارلىغلارىن،
ئاغىر قىلغا تەڭرى بۇ كۈن هەم يارىن.
(ئۇنىڭ) ئەمرى قانداق بولسا، ئۇنى قەدىرلە،
تەڭرى سېنى بۈگۈن (ۋە) ئەتە ئەزىز قىلىدۇ.

1282 يورىقىڭ كۆنى تۇت، ياڭىلما ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىل كىچىگ تۇت، بەدۈتمە سۆزۈڭ.
يۈرۈش ـ تۇرۇشتا توغرا بول، خاتالىق سادىر قىلما،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت، چوڭ سۆزلىمە.

1283 تىرىلدىم بىر ئانچا، بارىرمەن، ساقىن،
نەگۇ قىلدى دۇنيا ماڭا كۆر، باقىن.

مەن بىرمۇنچە ياشىدىم، ئەمدى كېتىۋاتىمەن، ئويلان.
دۇنيا ماڭا نېمە قىلدى؟ بۇنىڭغا بىر باق.

1284 ئۆزۈڭ ئۇتقا ئاتما بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
كىشى نەڭىن ئالما، كۈچەمە كۈچۈن.
مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇتقا ئاتما،
باشقىلارنىڭ مېلىنى ئالما، زورلۇق قىلما!

1285 تەرە بىلدى بۇ ئۆز، يەيۈ بىلمەدى،
كۈنۈم كەچتى ئۆكنۈپ، ئاسىغ قىلمادى.
(مەن) توپلاشنى بىلدىمۇ، يېيىشنى بىلمىدىم،
كۈنۈم ئۆكۈنۈچ بىلەن ئۆتتى، (بۇنىڭ) پايدىسى بولمىدى.

1286 ساڭا قالدى مالىم، ماڭا بولدى يۈك،
ئەرەژ بىرلە يەپ يات، سەۋىنچ بىرلە بۈك.
مېلىم ساڭا قالدى، بۇ ماڭا بىر يۈك ئىدى،
راھەتتە ئۇنى يېتىپ يە، شادلىق بىلەن ھوزۇرلان.

1287 تۇتا بىلسە تاپ بۇ تەرىلمىش نەڭىڭ، C 59
ئىكىگۈن ئاژۇندا قىزارتغاي ئەڭىڭ.
توپلانغان مال ـ دۇنيالىرىڭنى تۇتۇشنى بىلسەڭ،
ئىككى دۇنيادا يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

1288 تۇتا بىلمەسە سەن ئادىن مۇنچا نەڭ،
ساڭا يەتمەگەي، كۆر، سارىغ قىلغا ئەڭ.
تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، بىرمۇنچە مال بولسىمۇ،
ساڭا يېتىشمەيدۇ، (ئاخىر) يۈزۈڭنى سارغايتىدۇ.

1289 كۆنى بول، پۈتۈنلۈك بىلە تۇت قىلىنچ،
كۆنىلىك ئىچىندە تۇرۇر بۇ سەۋىنچ.
توغرا مىجەزلىك دۇرۇس ھەرىكەت قىل،
شادلىق توغرىلىق ئىچىدە بولىدۇ.

1290 نەگۈ تەر ئەشىت بۇ كۆنى قىلقلىغ ئەر،
بۇ ئىككى ئاژۇنۇغ كۆنى قىلقلىغ يەر.
توغرا مىجەزلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
توغرا مىجەزلىك كىشى ھەر ئىككى دۇنياغا ئىگە بولىدۇ:

1291 ئەرەژلىگ تىلەسە كىشى ئۆز كۈنىن،
كۆنلىك ئىچىندە تىلەگۈ ئەمىن.
كىشى كۈنلىرىنىڭ هالاۋەتلىك ئۆتۈشىنى خالىسا،
بۈنىڭ ئامالىنى توغرىلىقتىن ئىزدىسۈن.
1292 ئۆزۈڭ باي بولايىن تەسە بەلگۈلۈگ،
كۆنلىكتە بۈلدى بۇ بايلار ئۈلۈگ.
سەن باي بولاي دېسەڭ، ئېنىقكى،
بايلار ئۆز ئۈلۈشىنى توغرىلىقتىن تاپقان.
B105 1293 بەدۈكلۈك تىلەسە بودۈنقا ئۈلۈغ،
ئۆزۈڭگە ئاچۇق تۇت كۆنىلىك يولۇغ.
بۈيۈكلۈكنى ۋە خەلققە باش بولۇشنى ئىستىسەڭ،
ئۆزۈڭ ئۈچۈن توغرىلىق يولىنى ئاچ.
1294 ئوڭاي بولسا يالڭۇق، قىلىنچى كۆنى،
ئىكىگۈن ئاژۇندا يارۇيۇر كۈنى.
ئىنسان خۇش مۇئامىلە، مىجەزى توغرا بولسا،
ئىككى دۇنيادا كۈنى يورۇيدۇ.
1295 يانا ئايدى ئايتولدى، ئوغلۇم ئەشىت،
ئۆزۈڭ ئەدگۈ بىرلە تامۇدىن كۆشىت.
ئايتولدى يەنە ئېيتتى: ئوغلۇم، ئاڭلا،
ياخشىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى دوزاختىن ساقلا.
1296 قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل، ئەسىزدىن يىرا،
قامۇغ ئەدگۈ كەلگەي سەن ئولدۇر، تۇرا.
دائىم ياخشىلىق قىل، يامانلىقتىن يىراق بول.
(شۇ چاغدا) مەيلى ئولتۇر، مەيلى تۇر، ساڭا ياخشىلىق كېلىدۇ.
A54 1297 ئەسىز ئىشكە ياقما، ساڭا قىلغا قور،
ئەسىزلىك يىلان ئول، سەنى تىككە، كۆر.
يامان يولداشقا يېقىنلاشما، ساڭا زەرەر كەلتۈرىدۇ،
يامانلىق يىلاندۇر، دىققەت قىل، سېنى چاقىدۇ.
1298 ئىكى يۈزلۈگ ئەرگە سۆزۈڭ سۆزلەمە،
يادىلغاي سۆزۈڭ، سىر ئاچىلغاي يەمە.

ئىككى يۈزلۈك كىشىگە گېپىڭنى ئېيتما،
سۆزۈڭ يېيىلىپ كېتىدۇ ھەم سىرىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.

1299 ئەۋىڭگە ياغۇتما ئۇشاقچى كىشىگ،
پۇتۇن ئەلگە يادغاي كۆرۈپ بىلمىشىگ.
غەيۋەتخور كىشىنى ئۆيۈڭگە يولاتما،
كۆرۈپ بىلگەنلىرىنى پۈتۈن ئەلگە يايىدۇ.

1300 سىنامىش، پۇتۇلمىش كىشىگ تۇت قاتىغ،
ساڭا تەگكەي ئاندىن تۇمەن مىڭ تاتىغ.
سىنىغان، ئىشەنگەن كىشىڭنى مەھكەم تۇت،
ئۇنىڭدىن ساڭا تۈمەنمىڭ لەززەت تېگىدۇ.

1301 سۆزۈگ بارچا تىڭلا، يەمە پۇتمە تەرك،
كۆڭۈل سىررى ئاچما، قاتىغ كىزلە بەرك.
ھەممە سۆزنى ئاڭلا، لېكىن تېزلا ئىشىنىپ كەتمە،
كۆڭۈلدىكى سىرىڭنى ئاچما، (ئۇنى) چىڭ ساقلا، يوشۇر.

1302 كىشىگ تەپسەمەگىل، يەمە، ئىچمە سوڭ، C 60
بۇ ئىككى قىلىنچلىغ بۇلۇر تۇتچى مۇڭ.
كىشىلەرگە ھەسەت قىلما، ئارتۇقچە يەپ ـ ئىچمە،
بۇ ئىككى ئىشنى قىلغۇچىلار داۋاملىق دەردكە قالىدۇ.

1303 تىشىگ بوشلاغ ئىدما، ياپا تۇت قاپۇغ،
تىشىدىن تەگىر ئەرگە تەڭسىز قامۇغ.
ئاياللارنى بوش قويما، ئىشىكىڭنى ئېتىپ يۇر،
ئەرگە ھەر تۈرلۈك كېلىشمەسلىك ئاياللاردىن كېلىدۇ.

1304 ياتىغ ئەۋگە ئىدما، چىقارما تىشىگ،
قاتىلمازدا ئاشنۇ سىناغىل كىشىگ.
ياتلارنى ئۆيگە يولاتما، ئاياللارنى (سىرتقا) چىقارما،
ئارىلىشىشتىن ئاۋۋال كىشىلەرنى سىنا.

1305 قىلىنچ ئەدگۇ تۇت، نەڭگە قادغۇرماغىل،
قىلىنچ ئەدگۇ بولسا كەلىر نەڭ تەگىل.
مىجەز ـ خۇلقۇڭنى خوش تۇت، مال ئۈچۈن قايغۇرما،
مىجەز ـ خۇلقۇڭ ياخشى بولسا، مال ـ دۇنيا ئۆزى كېلىدۇ، دەپ بىل.

B106 1306 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ سۆزنى ئەشىت،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئۆزۈڭگە ئەش ئەت.
ئەمدى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مۇنۇ سۆزنى ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل:
1307 «نەرەك نەڭ كىشىكە، كەرەك ئەدگۇ ياڭ،
كەرەك بولسا بۇلغاي قامۇغ ئەدگۇ نەڭ.
«كىشىگە مال ـ دۇنيا كېرەك ئەمەس، ياخشى خۇي ـ پېئىل كېرەك،
(شۇنداق كىشى) زۆرۈر بولغاندا، ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.
1308 ئەسىزگە نەگۈلۈك كەرەك نەڭ تاۋار،
نەچە كىرسە بولغاي چىغاي بىرلە تەڭ».
مال ـ تاۋار يامانىنىڭ نېمىسىگە يارايدۇ،
ئۇ قانچە (مال ـ دۇنيا) يىغسىمۇ، كەمبەغەل بىلەن بىردەكتۇر».
1309 ئۇۋۇتسۇز كىشىدىن يىراق تۇر تەزە،
مەنىڭدىن مىڭ ئالقىش ئۇۋۇتلۇغ ئۇزە.
ئۇياتسىز كىشىدىن قاچقىن، يىراق تۇر،
ئۇيات ـ ھايالىق كىشىلەرگە مەندىن مىڭلارچە ئالقىش.
1310 قامۇغ ئىشتە ئەۋمە، سەرىن، ئۆز بۇقا،
سەرىملىگ كىشىلەر تەگىر ئارزۇقا.
ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىما، سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇت،
سەۋرچان كىشىلەر ئارزۇسىغا يېتىدۇ.
1311 قايۇ ئىشتە بولسا يورىق ئۇترۇ تۇت،
يورىق ئۇترۇ تۇتسا ساڭا ئۆرگە قۇت.
ھەرقانداق ئىشتا بولمىسۇن ماھارەت ئىشلەت،
ماھارەت ئىشلەتسەڭ بەخت ساڭا يۈزلىنىدۇ.
1312 تىلىڭنى كۈدەزگىل، كۆزۈڭنى كۈدەز،
بوغۇزۇڭ كۈدەزگىل، ھەلال يەگىل ئاز.
تىلىڭغا ھېزى بول، كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل،
گېلىڭنى (پاك) ساقلا، ئاز ۋە ھالال يېگىن.
1313 بودۇن مۇنقا بولسا يىراق تۇر ساچا،
قارا بۇلغاقىڭا قاتىلما قاچا.

خەلق ئىتائەتسىز بولسا، ئۇنى بايقاپ، يىراق تۇر،
ئاۋامنىڭ توپىلىڭىدىن قېچىپ، (ئۇنىڭغا) قوشۇلما.

1314 تىلىڭدە يورىماسۇ بەگلەر سۆزى،
مەگەر ئەدگۈلۈكتە ئادىن، ئاي قوزى.
ئەي قوزام، ياخشىلىقتىن باشقا (مەقسەتتە)
بەگلەرنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ يۈرمە.

1315 كىشى ياسى قولما، ئۆزۈڭ قىلما ياس،
نەچە ئەدگۈلۈك قىل، ھەۋا ـ ئارزۇ باس.
كىشىگە زىيانلىق تىلىمە، ئۆزۈڭمۇ زىيان سالما،
پەقەت ياخشىلىق قىل، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن (ئۆزۈڭنى) باس.

1316 قايۇ ئىشكە كىرسە چىقىشىڭنى كۆر،
چىقىش كۆرمەسە ئىش بولۇر ئەرگە قور.
قانداق ئىشقا كىرىشسەڭ ئاقىۋىتىگە كۆز يەتكۈز،
ئاقىۋىتى كۆرۈنمىگەن ئىش كىشىگە زەخمەت بولىدۇ.

1317 قالى كەلسە ئۆۋكەڭ قاتىغلان، سەرىن،
سەرىملىگ كىشىنىڭ سەۋىنچى يارىن.
ئەگەر ئاچچىقىڭ كەلسە، ئۆزۈڭنى تۇت، سەۋر قىل،
سەۋرلىك كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شادلىق بولغۇسىدۇر.

1318 نەگۇ تەر ئەشىتكىل سەرىنگەن كىشى،
سەرىنسە ئەتەر ئەر بۇزۇلمىش ئىشى.
سەۋر قىلغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
سەۋر قىلسا كىشى بۇزۇلغان ئىشنى تۈزىتىدۇ.

1319 سەرىنسە كىشى ئۆز تىلەكىن تاپار، C 61
سەرىپ تۇرداچى ئەر ئۇرۇڭ قۇش تۇتار.
سەۋر قىلسا، كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ،
سەۋر بىلەن كۈتكەن ئوۋچى ئاق قۇ تۇتىدۇ.

1320 قالى تەگسە ئەمگەك، يا قادغۇ، ساقىنچ، B 107
سەرىنسە كەلىر ئۆترۇ قايرا سەۋىنچ.
ئەگەر مۇشەققەت، غەم ـ قايغۇ كەلگەندە،
كىشى سەۋر قىلسا، يەنە قايتا شادلىق كېلىدۇ.

1321 ئاپاڭ ئەرسە دەۋلەت، ياپۇلسا قاپۇغ،
سەرىنسە يانا ئىشى ئەتلۇر قامۇغ.
گەرچە دۆلەت بېزىپ، (ئۇنىڭ) ئىشىكلىرى يېپىلسىمۇ،
(كىشى) سەۋر قىلسا يەنە بارلىق ئىشلىرى ئوڭشىلىدۇ.
1322 سەرىنگىل، سەرىنمەك ئەرەن قىلقى ئول،
سەرىنسە بۇلۇر ئەر مەسەل كۆككە يول.
سەۋر قىلغىن، سەۋر قىلماق ئەرنىڭ ئادىتىدۇر،
كىشى سەۋر قىلسا، مىسالى كۆككە چىقىشقىمۇ يول تاپالايدۇ.
1323 ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما، ئانۇق تۇر، ساقىن،
ئۆزۈڭنى ئۇنىتما، تۇپۇڭگە باقىن.
ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، دائىم تەييار تۇر، ئويلان،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، ئەسلىڭگە نەزەر سال.
1324 قالىنقا قاتىلسا سەن بەكلە سۆزۈڭ،
كىشلەر ئەۋنىدە كۇدەزگىل كۆزۈڭ.
كۆپكە قېتىلساڭ سۆزۈڭگە مەھكەم بول،
باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل.
1325 كىرىشكە كۆرۈ سەن چىقىش قىل نەڭىڭ، A 55
سۆزۈڭ سۆزلەمەگىل مەگەر ئۆز تەڭىڭ.
كىرىمگە قاراپ مېلىڭنى چىقىم قىل،
ئۆزۈڭگە لايىق بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلىمىگىن.
1326 تىلىڭدە چىقارما بۇ يالغان سۆزۈگ،
بۇ يالغان سۆزۈن ئەر ئۇچۇزلار ئۆزۈگ.
تىلىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما،
ئەر يالغان سۆزى بىلەن ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىدۇ.
1327 قاداش، ياق ـ ياغۇقىا ياقىنلىق ئۇلا،
ئۇلۇغقا، كىچىگكە سەۋۇگ بول كۇلە.
قېرىنداش ۋە تۇغقانلارغا يېقىنلىق قىل،
چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ خۇش چىراي ئېچىپ، سۆيۈملۈك بول.
1328 تۇز ـ ئەتمەكنى كەڭ تۇت، كىشكە يەتۇر،
كىشى ئەيبى كۆرسە سەن ئاچما، يىتۇر.

كىشىلەرگەن نان ـ تۇزۇڭنى مول تۇت، يېگۈزۈپ ـ ئىچۈرگىن،
كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەڭ ئاچما، (ئۇنى) يوشۇرغىن.

1329 تاپۇغقا ئەرىگ بول، باياتقا تاپىن،
يازۇقتىن يىراق تۇر، ئۆزۇڭنى ساقىن.

ئىبادەتتە غەيرەتلىك بول، خۇداغا سىغىن،
گۇناھتىن يىراق تۇر، ئۆزۇڭنى ئويلا.

1330 بولۇ بەرسە دەۋلەت كۇۋەزلەنمەگىل،
ئۇسا ئەدگۇلۇك قىل، ئەسىز قىلماغىل.

دۆلەتكە ئېرىشسەڭ مەغرۇرلانمىغىن،
قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، يامانلىق قىلما.

1331 ئاۋىنما بۇ دۇنياقا، ئەرتەر، بارىر،
ئىنانما بۇ دەۋلەتقا، تەركىن قارىر.

مال ـ دۇنياغا گول بولما، (ئۇ) يۇز ئۆرۈيدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ.
بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، (ئۇ) تېزلا قېرىيدۇ،

1332 تايانما تىرىگلىككە، تۇشتەك كەچەر،
كۇۋەنمە قىۋى قۇتقا، قۇشتەك ئۇچار.

تىرىكلىككە ئۈمىد باغلىما، ئۇ چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ،
تۇراقسىز بەختكە مەغرۇرلانما، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ.

1333 تىرىگلىك ياۋۋا قىلما، ئەدگۇ قىلىن،
كەچەر كۇن ئىچىندە كەرەكىڭ ئالىن.

ھاياتىڭنى بوشقا ئۆتكۇزمە، ياخشى ئىشلارنى قىل،
ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە ئۆزۇڭگە كېرەكلىكىڭنى قىلىۋال.

1334 بور ئىچمە، فەسادقا قاتىلما، يىرا،
زىنا قىلما، فاسىق ئاتانما قارا.

مەي ئىچمە، پىتنە ـ پاساتتىن قېچىپ، ئۇنىڭغا قېتىلما،
زىنا قىلما، پاسىق، قارا يۈز ئاتىلىپ قالما.

1335 بۇ ئىككى قىلىقتىن ئىدۇق قۇت قاچار،
ئول ئەرگە چىغايلىق يولىنى ئاچار.

بۇ ئىككى قىلىقتىن مۇبارەك بەخت قاچىدۇ،
ئۇ كىشىگە كەمبەغەللىكنىڭ يولىنى ئاچىدۇ.

C62 1336 نەگۆ تەر ئەشتكىل سىنامىش كىشى،
سىنامىش كىشلەر بىلىر ئىش باشى.
تەجرىبىلىك كىشى نىمە دەيدۆ، ئاڭلا،
تەجرىبىلىك كىشلەر ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۆ:

1337 «بور ئىچمە، زىناقا قاتىلما، هەزەر،
بۆ ئىككى چىغايلىق تونىنى كەدەر.
«مەي ئىچمە، زىناغا يېقىنلاشما، هەزەر قىل،
بۆ ئىككىسى يوقسۆزلۆق تونىنى كىيگۆزىدۆ.

B108 1338 بۆ بوردىن قوپار مىڭ يازۆققا يۆرەك،
زىنادىن قاچار قۆت، يۆزۆڭگە سۆدار».
مەي تۆپەيلىدىن مىڭ تۆرلۆك گۆناهقا جۆرئەت قىلىسەن،
زىنادىن بەخت قاچىدۆ، يۆزۆڭنى چۆشۆرىدۆ».

1339 سۆزىن كەستى ئايتولدى، ئايدى، ئوغۆل،
ئۆنىتما، ساڭا سۆز كەرەكى بۆ ئول.
ئايتولدى سۆزىنى (بىردەم) توختاتتى، يەنە دېدىكى، ئوغلۆم،
ئۆنتۆما، بۆ ساڭا كېرەكلىك سۆزلەردۆر.

1340 تۆگەل سۆزلەدىم مەن مۆڭا پۆتسە سەن،
سەۋىنچ ئەكسۆمەگەي سۆزۆم تۆتسا سەن.
ئىشەنسەڭ، مەن هەممىنى تولۆق سۆزلىدىم،
سۆزۆمنى ئېسىڭدە تۆتساڭ دائىم خۆشال بولىسەن.

1341 ساڭا سۆزلەدىم سۆز، قۆمارۆ ئاتى،
ئۆنىتما بۆ سۆزلەر، كۆڭۆلكە بىتى.
ساڭا سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ئىسمى ۋەسىيەتتۆر،
بۆ سۆزلەرنى ئۆنتۆما، كۆڭلۆڭگە پۆتكىن.

23

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئەلىگكە قۇمارۇ بىتىك بىتمىشىن ئايۇر

ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگكە ۋەسىيەت خېتى يازغانلىقى ئېيتىلىدۇ

1342 بىتىگۈ بىلە قولدى قاغىد تەتىك،
باياات ئاتى بىرلە بىتىدى بىتىك.
زېرەك (ئايتولدى) قەغەز، قەلەم سورىدى،
خۇدا نامى بىلەن خېتىنى يازدى.

1343 باياات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادى،
تۆرۈتگەن، ئىگىدگەن، كەچۈرگەن ئىدى.
خۇدا نامى بىلەن سۆزىنى باشلاپ (دېدى):
ياراتقان، يېتىشتۇرگەن، كەچۈرگەن ئىگەم.

1344 تۆرۈتتى تۇمەن مىڭ بۇ سانسىز تىرىگ،
تىرىلگۈ بەرۈر، قودماز ئاچىن بىرىگ.
تۈمەنمىڭلىغان، سانسىز جانلىقلارنى ياراتتى،
ئۇلارغا رىزىق بېرىپ، بىرسىنىمۇ ئاچ قويمىدى.

1345 يورىتۇر قامۇغقا تىلەمىش تىلەك،
كەرەك بولماز ئاندا، كۆر، ئارقا يۆلەك.
ئۇ ئىستىگەن تىلىكىنى ھەممىگە يۈرگۈزىدۇكى،
ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئارقا يۆلەك ھاجەت ئەمەس.

1346 تىلەسە تۆرۈتۇر، بولۇر قولمىشى،
تىلەپ بولدى بارچا ئانىڭ قىلمىشى.
خالىسا يارىتىدۇ، ئۇنىڭ تىلىگىنى بولىدۇ،
ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى تىلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى.

1347 ئۆلۈمگە تۆرۈتتى بۇ سانسىز قونۇم،
تىرىگ بارچا ئۆلگۈ، ئاڭار يوق ئۆلۈم.

بۇ سانسىزلىغان مەخلۇقاتنى ئۇ ئۆلۈم ئۈچۈن ياراتتى،
بارچە تىرىك ئۆلگۈسىدۇر، (بىراق) ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق.

1348 سەۋۈگ ساۋچىقا مىڭ مەنىڭدىن سەلام،
تەگۈرسۈن باياتىم كەسۈكسۈز، ئۇلام.
تەڭرىم، سۆيۈملۈك پەيغەمبەرگە مەندىن
داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي مىڭلارچە سالام يەتكۈزگەي.

1349 تۆزۈ ئەشلەرىڭە يەمە ئۆك ئادىن،
تەگۈرسۈن سەلامىم ئىدىم كەسمەدىن.
ئۇنىڭدىن باشقا، بارلىق ساھابىلەرگىمۇ،
ئىگەم ئۈزۈكسىز سالىمىمنى يەتكۈزگەي.

C63 1350 ئۇزۇن كەچ ياشاغىل، ئاي ئەلىگ قۇتى،
ئۆكۈش ئەل ئاشاغىل بۇ بەگلىك ئاتى.
ئەي، بەختىيار ئەلىگ، ئۇزۇن ياشا،
بۇ بەگلىك نامىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىل.

B109 1351 ئاتىم ئەردى ئايتولدى، قىلقىم تولۇ،
ئەرىلدى تولۇلۇق، تۆگەر ئۆز ئۆلۈ.
ئىسمىم ئايتولدى ئىدى، مىجەز ـ خۇلقۇم تولۇن (ئايدەك) ئىدى.
بۇ تولۇنلۇق كېمەيدى، ئۈزۈم ئۆلۈپ تۈگەيدىغان بولدۇم.

A56 1351 ئۆلۈم تۇتغاقى كەلدى، تۇتتى قاتىغ،
قۇتۇلغۇ يەرىم يوق، كەتەردى تاتىغ.
ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى، مېنى مەھكەم ئىلكىگە ئالدى،
قۇتۇلغۇدەك يېرىم يوق، لەززىتىمنى كەتكۈزدى.

1353 مەنى ئەدگۈ تۇتتۇڭ، ئاچىندىڭ ئۆكۈش،
ساڭا تاپىنۇمادىن بارىر بۇ ئۆز ئۇش.
مېنى ئەزىزلىدىڭ، كۆپ مېھرىبانلىق قىلدىڭ،
مانا مەن ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭدىن كېتىدىغان بولدۇم.

1354 بۇ ئەدگۈ يانۇتى قۇمارۇ بىتىك
بىتىپ قۇدتۇم ئەمدى ساڭا، ئەي تەتىك.
ئەي زەكىي، بۇ ياخشىلىققا جاۋابەن ساڭا ۋەسىيەت خېتى
يېزىپ قويدۇم.

1355 بۇ دۇنيا ئىشىگە ئەش ئەردىم بىلە،
ئىشىڭنى يورىتتىم كۆنىلىك بىلە.
بۇ دۇنيالىق ئىشلىرىدا ساڭا ھەمراھ ئىدىم،
بىلسەڭ، ئىشىڭنى توغرىلىق بىلەن يۈرگۈزدۈم.

1356 مۇنۇ ئەمدى ئارتۇق باغىرساقلىقىن،
بىتىپ قودتۇم ئۆت، ساۋ قۇمارۇ، ئوقىن.
مانا ئەمدى ناھايىتى سادىقلىق بىلەن
مەسلىھەت سۆزۈمنى يېزىپ قويدۇم، (بۇ) ۋەسىيەتنى ئوقۇغىن.

1357 نەگۇ تەر ئەشىتكىل باغىرساق كىشى،
باغىرساقلىق ئول، كۆر، كىشىلىك باشى.
سادىق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
سادىقلىق — كىشىلىكنىڭ باشلىنىشى (دېمەكتۇر):

1358 باغىرساق كىشىنىڭ سۆزى تۇت، ساۋى،
بۇ سۆز - ساۋ ساڭا بولغا دەۋلەت ئاۋى.
سادىق كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى (ئېسىڭدە) تۇت،
بۇ گەپ - سۆزلەر سەن ئۈچۈن دۆلەت - سائادەتنى تورغا چۈشۈرىدۇ.

1359 باغىرساق كىشى ئول كىشىدە چىنى،
باغىرساق سۆزى تۇت، بەدۇتگەي سەنى.
سادىق كىشى كىشىلەرنىڭ راستچىلىدۇر،
سادىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇ سېنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

1360 ئاي ئەلىگ، مۇنۇ مەن باغىرساق ساڭا،
سۆزۈم ئىشكە تۇتغىل، ئاي ئەرسىگ توڭا.
ئەي ئەلىگ، مانا مەن ساڭا سادىق (ئادەممەن)،
ئەي جەسۇر قەھرىمان، مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەل قىل.

1361 ئۆلۈم ئۇترۇ كەلدى، ئۆكۈندى ئۆزۈم،
ئاسىغ قىلمادى بۇ ئۆكۈنچۈم، سۆزۈم.
ئۆلۈم ماڭا يۈزلەندى، ئۆزۈممۇ ئۆكۈندۈم،
لېكىن بۇ ئۆكۈنچىم ۋە سۆزلىرىم پايدا بەرمىدى.

1362 كەرەك بولدى ئەمدى بۇ قىلمىش تاپۇغ،
ئۆكۈنچ بولدى قىلمىش ئەسىزلىك قامۇغ.

ئەمدى ماڭا قىلغان ئىبادەتلىرىم لازىم بولدى،
قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىم بىر ئۆكۈنچ بولدى.

1363 ياتۇ قالدى تەرمىش بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ماڭا تەگدى ساقىش ئانىڭدىن ئۆلۈش.

يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر شۇ پېتىچە قالدى،
ئۇنىڭدىن ماڭا تەگكەن ئۆلۈش ھېساب بېرىشلا بولدى.

1364 ئۆلىرمەن ئۆكۈنۈپ، ئاسىغ يوق ئۆكۈنچ،
ئىدىم رەھمەتىندە ئادىن يوق ئۈمۈنچ.

ئۆكۈنۈپ نالە قىلىمەن، بىراق ئۆكۈنچتىن پايدا يوق،
ئىگەم رەھمىتىنى تىلەشتىن باشقا ئۈمىد يوق.

1365 بۇ كۈن مەن بارىرمەن مۇنۇ ئەركسىزىن، C 64
يارىن سەن كەلىرسەن ئۇدۇ شەكسىزىن.

مانا، بۈگۈن نائىلاج كېتىۋاتىمەن،
ئەتە سەنمۇ، شۈبھىسىز، ئىزىمدىن كېلىسەن.

1366 ئۆلۈم تۇتماز ئەركەن ئودۇن، ئاي ئەلىگ، B 110
ئىشىڭنى ئەتىنگىل، يەتۇرگىل بىلىك.

ئەي ئەلىگ، ئۆلۈم تېخى سېنى تۇتمىغانىكەن، ئويغانغىن،
ئىلمىڭنى ئىشقا سېلىپ، ئىشىڭغا تەييارلان.

1367 بەلا كۈچ يەرىندە سەن ئەدگۈ قىلىن،
بودۇنۇغ سەۋىندۈرگىل ئەلگىن، تىلىن.

بالا كەلتۈرۈش، زورلۇق قىلىش ئورنىغا سەن ياخشىلىق قىلغىن،
سۆز ۋە ئىشىڭ بىلەن خەلقنى سۆيۈندۈرگىن.

1368 ئەسەنلىك ئۆدىندە سەن ئەدگۈ تەتۇر،
تاۋار ـ نەڭ بارىندا ئۇلە ھەم يەتۇر.

ساغلام كۈنلىرىڭدە ياخشىلىق يەتكۈز،
تاۋار ـ مېلىڭ بارىدا ئۇنى ئۈلەشتۈر ۋە يېگۈز.

1369 نەگۈ تەر ئەشىتكىل كۆنى سۆزلۈگ ئەر،
كىچىگدە ئودۇنمىش يىتى كۆزلۈگ ئەر.

كىچىكىدىلا (غەپلەتتىن) ئويغانغان، ئۆتكۈر كۆزلۈك،
توغرا سۆزلۈك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1370 «ئۆلۈم كەلمەز ئەركەن ئۆلۈمكە ئەتىن،
تىرىگلىك ئۆدىندە تاپۇغ قىل، تاپىن.
«ئۆلۈم كەلمەستە، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ قوي،
هايات ۋاقتىڭدا تائەت ـ ئىبادەت قىل، (ئاللاغا) سىغىن.

1371 ئۆلۈم كەلسە تۇتسا، ئۆكۈنچ ئاسغى يوق،
نەچە ـ مە ئۇلىسا قارا يەر قاتىن».
ئۆلۈم كېلىپ تۇتقاندا، ئۆكۈنگەنىنىڭ پايدىسى يوق،
قارا يەر ئاستىدا قانچە نالە قىلساڭمۇ (بەرىبىر)».

1372 ئاي ئەلىگ، قاتىغلان مەنىڭدە كەدىن،
ياۋا قىلما ئۆد ـ كۈن تاپۇغدا ئادىن.
ئەي، ئەلىگ، مەندىن كېيىن قاتتىق تىرىشقىن،
ۋاقتىڭنى ئىبادەتتىن باشقىغا زايە قىلما.

1373 سەنى ئارماسۇن دۇنيا دەۋلەت بىلە،
قامۇغ ئىش ئىچىندە كۆنىلىك تىلە.
سېنى دۇنيا دۆلەت بىلەن ئازدۇرمىسۇن،
بارلىق ئىشلىرىڭدا توغرىلىق ئىستە.

1374 تۆرۈ تۈز يورىتغىل بودۇنقا كۆنى،
كۈنۈڭ ئەدگۈ بولغاي كۆنىلىك كۈنى.
خەلققە توغرا، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگىن،
ئاندىن ئادالەت كۈنىدە (قىيامەتتە) كۈنۈڭ ياخشى بولىدۇ.

1375 ئۆزۈڭ ئوتقا ئاتما بۇ دۇنيا ئۈچۈن،
هەۋا بوينى پىچگىل، ئەت ـ ئۆزگە ئۆچۈن.
بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئاتما،
ۋۇجۇدۇڭغا ئۆچ بول، هاۋايى ـ هەۋەسىنىڭ بوينىنى كەس.

1376 بۇ دۇنيا بەگى سەن، ئاڭا بولما قۇل،
سەنى قودماز ئەركەن، ئانى قودغۇ تۇل.
سەن دۇنيانىڭ بېگى، ئۇنىڭغا قۇل بولما،
(دۇنيا) سېنى تاشلىمىسا، ئۇنى تۇل (قىلىپ) تاشلاپ كەت.

1377 كۈۋەزلەنمە ئارتۇق، كۆتۈرمە كۆڭۈل،
ئىنانچ قىلغۇ ئەرمەز بۇ دۇنيا تۆڭۈل.

ئارتۇقچە مەغرۇرلانما، تەكەببۇرلۇق قىلما،
بۇ دۇنياغا ئىشەنمىگۈلۈك، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگىن،

1378 ياقىن تۇت ئۆزۈڭكە كىشى ئەدگۈسى،
ئەسىزدىن يىراق تۇر توقىغاي ياسى.
ياخشى كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت،
ياماندىن يىراق بول، زىيىنى تېگىدۇ.

1379 كىشى سۇقىڭا بەرمەگىل سەن ئىشىڭ،
ۋەفاسىز كىشىگە يەتۇرمە ئاشىڭ.
ئاچ كۆز كىشىلەرگە ئىشىڭنى تاپشۇرما،
ۋاپاسىز كىشىگە ئاش ـ نان بەرمىگىن.

1380 A57 C65 تاپۇغقا ئەرىگ بول، يازۇقتا تىدىن،
ساڭا تەگگۈ ئەرمەز تاپۇغدا ئادىن.
ئىبادەتتە غەيرەتلىك بول، گۇناھتىن ساقلان،
ساڭا تائەت ـ ئىبادەتتىن باشقىسىدىن (پايدا) تەگمەيدۇ.

1381 B111 ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما، ئاڭار يوق تولۇم،
يۇسۇغدىن چىقارتەك چىقار بۇ ئۆلۈم.
ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورال يوق،
ئۆلۈم (خۇددى) يىستىرمىدىن چىققاندەك چىقىپ كېلىدۇ.

1382 نەچە قاچسا ئاخىر ئۆلۈم تۇتغۇسى،
نەچە قالسا ئاخىر ئۆلۈم يەتگۈسى.
قانچە قىلساڭمۇ ئاخىر ئۆلۈم تۇتقۇسىدۇر،
قانچىلىك (رىتكى) قالساڭمۇ، ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسىدۇر.

1383 ئۆلۈمگە ئۇسانما، كۆڭۈل تۇت تىرىگ،
نەچە كەچ تىرىلسە تۆشەنگۈ يەرىگ.
ئۆلۈمگە غاپىللىق قىلما، كۆڭلۈڭنى سەگەك تۇت،
قانچە ئۇزۇن ياشىساڭمۇ، (ئاخىر) يەرنى تۆشەك قىلىسەن.

1384 قانى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قاچىپ،
قانى كىم ئاشۇندى ئۆدىندىن كەچىپ.
قېنى كىم ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىدى؟
قېنى كىم (ئەجەل) ۋاقتىدىن ئارتۇقچە ياشىدى؟

1385 ئەدى ياقشى سۆزلەر بىلىك ياڭزاتۇ،
بۇ ئۆد ـ كۈن، تىرىگلىكلەرىگ مەڭزەتۇ.
ئالىم بۇ زامان ۋە تىرىكلىككە تەقلىد قىلىپ،
ئوخشىتىش بىلەن ناھايىتى ياخشى سۆزلىگەن:

1386 ئابا ئوغلانى كۆرسە ئارقىش سانى،
ئۆرۈك تۇرغۇ بولماز، ئۆرۈكلەر قانى؟
ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشايدۇ،
قونالغۇدا (ئۇزۇن) تۇرالماس، ئۇنىڭ مەنزىلى قېنى؟

1387 ئاتا ئارقاسىندىن توغۇلسا ئوغۇل،
ئانا قارنى مەنزىل قاچ ئايلىق ئامۇل.
ئاتا پۇشتىدىن بالا تۆرەلسە،
ئانىنىڭ قارنى بىرنەچچە ئايلىق تىنچ ماكان بولىدۇ.

1388 ئاناسىندا توغسا ئاتانسا ئاتى،
مۇسافىر بولۇپ مىندى ئۆدلەك ئاتى.
ئانىدىن تۇغۇلۇپ، ئات قويۇلسا،
مۇساپىر بولۇپ زامان ئېتىنى مىنىدۇ.

1389 كۈنى بىر ماڭىم ئول، تۈنى بىر ماڭىم،
ئەلەتۇر ئۆلۈمگە، قۇرىتۇر ئەڭىم.
ئۇ كۈندۈزى بىر قەدەم، كېچىسى بىر قەدەم (مېڭىپ)
ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ، مەڭزىنى سولدۇرىدۇ.

1390 ئاژۇن بىر تۈشۈن ئول، گۈرۈڭ بىر تۈشۈن،
بۇ تۈشۈن قوپۇرسا، تۈشۈن ئول ئاژۇن.
بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، گۆرۈڭ بىر قونالغۇدۇر،
بۇ قونالغۇدىن قوزغالساڭ، ئۇ دۇنيا قونالغۇ بولىدۇ.

1391 كۈدەر ئول ئاژۇندا ساڭا ئىككى يول،
بۇ ئىككى يولۇڭدا قايۇ ئەركى يول.
ئۇ دۇنيادا سېنى ئىككى يول كۈتىدۇ،
بۇ ئىككى يولدىن قايسىسى سېنىڭ بولىدۇ؟

1392 يولۇڭ ئوڭچا كەلسە ئەتىلدى ئىشىڭ،
قالى سولچا كەلسە ئۇلىپ چال باشىڭ.

(ئەگەر) يولۇڭ ئوڭدىن كەلسە، ئىشىڭ ئوڭشىلىدۇ،
مۇبادا سولدىن كەلسە، نالە قىلىپ بېشىڭغا ئۇر.

1393 تارىغلاغ ئەرۇر دۇنيا، ئەلىگ قۇتى،
تارىسا ئورار ئەر تىرىلگۇ ئوتى.
ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، دۇنيا تېرىلغۇ يەردۇر،
ئۇنى تېرىسا، كىشى هايات ئوزۇقى ئورۇيدۇ.

1394 نەگۇ ئەكسە يەرگە يانا ئول ئۈنۇر،
نەگۇ بەرسە ئەۋرە ئانىئوق ئالۇر.
يەرگە نېمە تېرىساڭ، يەنە شۇ ئۇنىدۇ،
نېمە بەرگەن بولساڭ، قايتا شۇنىلا ئالىسەن.

1395 كىشى نەڭى ئالما، يەمە تۆكمە قان،
بۇ ئىككى يازۇققا ئۇلىر چىقسا جان.
باشقا كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئالما، يەنە قان تۆكمە،
بۇ ئىككى گۇناھ ئۈچۈن كىشى جان چىقاردا نالە قىلىدۇ.

1396 بۇ تۇشتەك تىرىگلىك كەچەر بەلگۇسۇز، B112 C66
كەرەك بەگ، كەرەك قۇل بارىر كەلگۇسۇز.
هايات چۈشكە ئوخشاش ئىزسىزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
مەيلى بەگ بولسۇن، مەيلى قۇل بولسۇن، كەلمەسكە كېتىدۇ.

1397 قانى تۇش سانى بولدى كەچمىش كۈنۈڭ؟
ئۆكۈنچتە ئادىن يوق بۇ قالمىش كۈنۈڭ.
ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭ چۈش كەبى بولدى، قېنى ئۇ؟
قالغان كۈنلىرىڭدە ئۆكۈنچتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

1398 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئودۇنمىش كىشى،
ئودۇنمىشتا كەدىن ئۆكۈنمىش كىشى.
ئويغانغان ۋە ئويغانغاندىن كېيىن ئۆكۈنگەن
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1399 «تۇشۇڭ ـ تەك كەچۈردۈڭ تىرىگلىك ئودۇغ،
قانى ئاسغى، كۆركىت ماڭا بىر بودۇغ.
«ئويغاق تۇرۇپ هاياتنى چۈشتەك ئۆتكۈزدۈڭ،
ئۇنىڭ پايدىسى قېنى؟ ماڭا بىر نىشان كۆرسەت.

1400 كۆنۈڭنى كەچۈردۈڭ تىلەك ئارزۇقا،
تىرىگلىك تۈگەدى، ئۆكۈنچ ئول يودۇغ».

ھەۋەس ۋە ئارزۇ يولىدا ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈڭ،
ھاياتىڭ تۈگىدى، ئۆكۈنچ ئەمدى پايدىسىز».

1401 ئۇسانما تىرىگلىككە ئارتۇق، ساقىن،
تىرىگلىك ئۆلۈمگە ئەدى ـ ئۆك ياقىن.

تىرىكلىككە ئارتۇقچە غاپىل بولما، ئويلان،
تىرىكلىك ئۆلۈمگە ناھايىتى يېقىن.

1402 ساران بولما ئەلىگ، ئاقى بول ئاقى،
قالىر مەڭۈ ئۆلمەز ئاقىلىق ئاتى.

ئەي ئەلىگ، بېخىل بولما، سېخىي بولغىن،
سېخىيلىق نامى ئۆلمەيدۇ، مەڭگۇ قالىدۇ.

1403 ئەر ـ ئات، سۈ، بۇ نەڭگە كۈۋەنمە ئۆكۈش،
ئاسىغ قىلماغاي سۇ، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش.

ئەسكەر، قوشۇن ۋە مال ـ دۇنياغا كۆپ مەغرۇرلانما،
بۇ قوشۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

1404 يۇلۇغ قىلما ئۆزنى ئادىنلار ئۈچۈن،
سۈيۈرقا ئۆزۈڭنى كۆيۈرمە كۈچۈن.

باشقىلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلما،
ئۆزۈڭنى ئايا، زورمۇزور كۆيمە.

1405 سەنىڭدە ئوزاقى ئاژۇن بەگلەرى،
ئاژۇن قودتى باردى، ياتۇر، كۆر، گۆرى.

سېنىڭدىن بۇرۇنقى دۇنيا بەگلىرى
دۇنيانى تاشلاپ كەتتى، قارا، گۆردە ياتىدۇ.

1406 ساڭا ـ ما ئانۇنمىش تۇرۇر بۇ ئۆلۈم،
ئۆدىڭە كۈدەر، ئاي يارۇمىش كۈنۈم.

بۇ ئۆلۈم ساڭىمۇ تەييارلاندى،
ئەي يورۇق كۈنۈم، (ئۆلۈم) ۋاقتى سېنى كۈتمەكتە.

1407 نەگۈ تەر ئەشىت دۇنيا ئەيبىن بىلىپ،
ساڭا سۆزلەگۈچى ئۇقۇشتىن ئالىپ.

دۇنيانىڭ ئەيىبىنى بىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراك (بابىدىن)
سۆزلىگۈچى ساڭا نىمە دەيدۇ ئاڭلا:

1408 ئاچىغ سۇۋ تەك ئول، كۆر، بۇ دۇنيا نەڭى،
نەچە ئىچسە قانماز، ئۆلمەز تىلى.

بۇ دۇنيا مىلى گويا تۇزلۇق سۇغا ئوخشاشتۇر،
قانچە ئىچسىمۇ (كىشى) قانمايدۇ، تىلىمۇ نەم بولمايدۇ.

1409 كۆلگەتەك ئول، كۆر، بۇ دۇنيا، توڭا،
ئەدەرسە قاچار، قاچسا ياپچۇر ساڭا.

ئەي قەھرىمان، سەپسال، بۇ دۇنيا كۆلەڭگىدەك نەرسە،
قوغلىساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ يېپىشىدۇ.

B113 1410 ساقىغ ئول كۆرۈ بارسا دۇنيا ئىشى،
تۇتايىن تەيۇ سۇنسا يىترۇر كىشى.

بىلسەڭ، بۇ دۇنيا ئىشلىرى بىر ئېزىتقۇ،
تۇتاي دەپ (قول) سۇنسا، كىشى ئۇنى يوقىتىپ قويىدۇ.

C67 1411 ئاي ئەلىگ، قاتىغلان، ئۆزۈڭ ئەدگۈ بول،
بەگى ئەدگۈ بولسا، بودۇن ئەدگۈ ئول.

ئەي ئەلىگ، تىرىشقىن، ئۆزۈڭ ياخشى بول،
خەلقنىڭ بېگى ياخشى بولسا، خەلقىمۇ ياخشى بولىدۇ.

A58 1412 بودۇن قوي سانى ئول، بەگى قويچىسى،
باغىرساق كەرەك قويقا قوي كۈتچىسى.

خەلق قويغا ئوخشايدۇ، بەگ ئۇنىڭ قويچىسى،
قوي باققۇچى قويغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك.

1413 قاپۇغدا تەرىلدى قالىن ئاچ بۆرى،
ئاي ئەلىگ، قويۇغ كەد كۈدەزىپ يورى.

كۆپ ئاچ بۆرە ئىشىككە يىغىلدى،
ئەي ئەلىگ، قويلارنى ئوبدان كۆزەت قىلىپ يۈر.

1414 پۇشى بولما ئىشتە، سەن ئۆۋكە يىغىن،
پۇشى بولسا بەگلەر بۇزار بەگلىكىن.

ئىش قىلىشتا غەزەپلەنمە، ئاچچىقىڭنى يىغ،
بەگلەر غەزەپلەنسە، بەگلىكنى بۇزىدۇ.

1415 ئىرىك سۆزلەمەگىل كىشىگە تىلىن،
ئىرىك تىل ئوت ئول، كۆر، كۆيەر ـ تەك يالىن.
كىشىگە تىلىڭدىن قوپال سۆزلەرنى چىقارما،
قوپال سۆز يېلىنجاپ كۆيگەن ئوتقا ئوخشايدۇ.

1416 ئۆرۈگ بول، ئامۇل بول، تۈزۈن بول سىلىگ،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە تەگۈرگىل ئەلىگ.
ياۋاش، مۇلايىم بول، ئېغىر ـ بېسىق، خۇش پېئىل بول،
بارلىق ياخشىلىقلارغا قول يەتكۈز.

1417 يۈز ئۈترۈ تۇرۇر بۇ ئۇزۇن يول سەفەر،
ئۇقۇشلۇغ بۇ يولقا ئازۇق كەد ئەتەر.
ئالدىڭدا بىر ئۇزۇن يول، سەپەر تۇرۇپتۇ،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق (كىشى) بۇ يولغا مول ئوزۇق تەييارلايدۇ.

1418 ساراي، قارشى ئەتمە، ئاي ئەلىگ قۇتى،
ئانۇندى ساڭا ئەۋ قارا يەر قاتى.
ئەي بەختىيار ئەلىگ، ساراي، قەسىر قۇرما،
ساڭا قارا يەر ئاستىدىن ئۆي تەييارلاندى.

1419 ئەدىز، كەڭ، بەدىزلىگ سارايىڭ قالىپ،
قاراڭقۇ يەر ئەۋدە ياتۇرسەن ئۇلىپ.
ئېگىز، كەڭ، ياسداق سارىيىڭ قالىدۇ،
قاراڭغۇ يەر تېگىدىكى ئۆيدە نالە قىلىپ ياتىسەن.

1420 نەرەڭ گەنچ ئۇرۇر سەن بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ساڭا تەگكۈسى ئول ئىكى بۆز ئۈلۈش.
نېمە ئۈچۈن بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن خەزىنە توپلايسەن؟
ساڭا تېگىدىغان ئۈلۈشۈڭ ئىككى پارچە بۆز.

1421 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر تىلى،
بۇ شائىر سۆزى، كۆر، ئاچار سۆز يولى.
بۇنىڭغا تەقلىدەن شائىر بىر سۆز ئېيتتىكى،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى سۆزنىڭ يولىنى ئاچىدۇ:

1422 «ئوسال يالڭۇق ئوغلى ئۆكۈش نەڭ تەرەر،
يەگۈگە تەگىرمۇ ساقىنماز بىرەر.

«غاپىل ئىنسان كۆپ نەرسە توپلايدۇ،
بېيىش ئېسىپ بولامدۇ ـ يوق، (بۇنى) ھېچ ئويلىمايدۇ.
1423 بايۇسا، تىلەكى بۇلۇنسا تۇگەل،
تۇگەتۇر تىرىگلىك، ئۇچۇپ جان يىرار».
كىشى بېيىسا، ئارزۇسىغا تولۇق ئېرىشسە،
ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، جېنى ئۇچۇپ كېتىدۇ».
1424 ئاۋىنما ئەرەژكە، كۆۋەنمە، ئاي بەگ،
ئاۋىنچىلىغ، كۆۋەنچىلىغ ئۇدىتغاي ئۆتەك.
ئەي بەگ، راھەت ـ پاراغەتكە ئاۋۇنما، مەغرۇرلانما،
ئاۋۇنچۇق، مەغرۇرلۇقۇڭ (غەپلەت) ئۇيقۇسىغا پاتۇرىدۇ.
1425 تىرىگلىك ياۋا قىلما دۇنيا ئۇچۇن، C68
كەچىگلى تۇرۇر، بولغا ئەمگەك كۆچۇن.
دۇنيا ئۈچۈن ھاياتىڭنى زايە قىلما،
(دۇنيا) ئۆتۈپ كېتىدۇ، مۇشەققەت چېكىشكە مەجبۇر بولىسەن.
1426 ئاغى- چۇز تۆشەنۇر ئۆزۈڭ ئوغلاغۇ، B114
قارا يەر تۆشەنگۇ تۇرۇر، ئاي بۆگۇ.
يىپەك ـ دۇردۇنغا ئورالغان سېنىڭ ئېسىل ۋۇجۇدۇڭ،
ئەي دانا، قارا يەرنى تۆشەك قىلغۇسىدۇر.
1427 ئاۋىنچۇ، سەۋۇگلەر بىلە ئاۋىنۇر ئۆز،
قارا يەر قاتىندا ياشىپ ياتغۇ تۇز.
كېنىزەك ۋە مەھبۇبلار بىلەن ئاۋۇنغان ۋۇجۇدۇڭ،
قارا يەر تېگىگە يوشۇرۇنۇپ، سوزۇلۇپ ياتقۇسىدۇر.
1428 يايىلماز يورىغا كەۋەلدىن تۇشۇپ،
ئەدىرسىز يىغاچ مىنگۇ مۇڭلۇغ بولۇپ.
تەۋرەنمەس يورغا ــ يۇگۇرۇك ئاتتىن چۈشۈپ،
مۇڭلىنىپ ئېگەرسىز ياغاچ (ئاتقا) مىنىسەن.
1429 بۇلارنى ساقىنغىل، ئۇلۇمگە ئەتىن،
ئۆكۈنمە يارىن بۇ قارا يەر قاتىن.
بۇلارنى ئويلاپ، ئۆلۈمگە تەييارلان،
كېيىن قارا يەر قېتىدا ئۆكۈنگۈچى بولما.

1430 قامۇغ ئىشكە تەۋفىق بایاتتىن تىلە،
بایات بەرگە شەكسىز ساڭا كۈچ بىلە.
ھەممە ئىشقا خۇدادىن ياردەم تىلە،
بىلگىنكى، خۇدا ساڭا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگۈسى.

1431 نەگۈ كەلسە تاپلا كۆر ئەدگۈ، ئەسىز،
بويۇن بەر قازاقا، كۆنى تۇت ئاغىز.
ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ (بېشىڭغا) نېمە كەلسە، رازى بول،
قازاغا تەن بەرگىن، توغرا سۆزلە.

1432 ئۆزۈك قولسا ئىككى ئاژۇن بەگلىكى،
بۇ بەش ئىشكە ياقما، بۇ ئول يەگلىكى.
ھەر ئىككى دۇنيا بەگلىكىنى تەلەپ قىلساڭ،
ياخشىسى، بۇ بەش ئىشقا يېقىنلاشما:

1433 هارامقا قاتىلما، يەمە قىلما كۈچ،
كىشى قانى تۆكمە، خەسىم قىلما ئۆچ.
هارامغا ئارىلاشما ۋە زوراۋانلىق قىلما،
كىشى قېنىنى تۆكمە، دۈشمەنلىك قىلما ۋە قىساس ئالما،

1434 بور ئىچمە، فەساددىن يىراق تۇر تەزە،
بۇ قاچ نەڭ يورىر تۇتچى بەگلىك بۇزا.
مەي ئىچمە، پىتنە ـ پاساتتىن قېچىپ، يىراق تۇر،
بۇ بىر قانچە نەرسە داۋاملىق بەگلىكنى بۇزۇپ كېلىۋاتىدۇ.

1435 ئۆزۈك مەڭۈ بەگلىك تىلەسە تۇچى،
تۆرۈ قىل، بودۇندىن كۆتۈرگىل كۈچى.
سەن داۋاملىق، مەڭگۈ بەگ بولۇشنى خالىساڭ،
قانۇن تۈزگىن، خەلق ئۈستىدىن زۇلۇمنى كۆتۈر.

1436 بودۇنقا باشى سەن، ئاي ئەلىگ بۇ كۈن،
بودۇنۇغ كۈدەزگىل، ئودۇغ تۇر ئۆگۈن.
ئەي ئەلىگ، بۈگۈن سەن خەلققە باشچىسەن،
خەلقنى ئاسرا، ئەقلىڭ بىلەن ئويغاق تۇر.

1437 ئۇلۇغ يۇك بويۇنقا يۇدۇردى ئەلىگ،
ئۇسال بولما، ساقلان، ئاي قىلقى سىلىگ.

ئەلىگ بوينىغا ئىغىر يۈك يۈكلەنگەن،
ئەي خۇش پېئىل، بىخۇد بولما، ئېھتىيات قىل.

1438 ئەت ئۆز ئارزۇ سۈرگەن ھەۋاقا بۇلۇن،
بۇلۇن بولما، بولسا ئۆزۈڭنى يۇلۇن.
ۋۇجۇدنىڭ ئارزۇسى ئىستىگەن ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەسىر بولىدۇ.
(سەن) ئەسىر بولما، بولغان بولساڭ ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر.

1439 كەچۈرمىش تىرىگلىك تۈپى بولدى يەل،
بۇ قالمىش تىرىگلىك نەچە بەرگە ئەل.
كەچۈرگەن ھاياتىڭ بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى،
قالغان تىرىكلىكىڭ قانچىلىك سەلتەنەت بېرەلەيدۇ؟

1440 ياۋا قىلما ئەمدى بۇ قالمىش كۈنۈڭ،
ئۆزۈڭدىن ئارىتغىل يازۇقۇڭ، مۇنۇڭ.
ئەمدى بۇ قالغان كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە،
ئۆزۈڭنى گۇناھ ۋە قۇسۇرلاردىن ئېرىغدا.

1441 ۋەفا قىلغۇ ئەرمەز بۇ دۇنيا، بىلىن،
كەچەر دۇنيادا ئۆز ئازۇقۇڭ ئالىن. B115 C69
بىلگىن، بۇ دۇنيا ۋاپا قىلمايدۇ،
بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا ئۆز ئوزۇقۇڭنى ئال.

1442 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ساقىنۇق كىشى،
ساقىنۇق كىشى ئول ئاژۇندا باشى.
تەقۋادار كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
تەقۋادار كىشى جاھاننىڭ سەرخىلىدۇر.

1443 بۇ ئاژۇن تۈشۈن ئول، سەن ئارقىش سانى،
تۈشۈندە نەچە بولغا ئارقىش كۈنى؟
بۇ دۇنيا قونالغۇ، سەن كارۋان ھېسابلىنىسەن،
كارۋاننىڭ قونالغۇدا تۇرىدىغان ۋاقتى قانچىلىك بولاتتى؟

1444 سەراي ئول ئاژۇن، كۆر، بۇ قازغانچ يەرى،
نەگۈ بۇلسا مۇندا، نارۇ ئىد يورى.
بۇ دۇنيا مال ـ مۈلۈك يىغىدىغان بىر ساراي،
بۇ يەردە نېمىگە ئېرىشكەن بولساڭ، ئۇ ياققا ئېلىپ كەت.

1445 ئۆزۈڭ كۆچگۈ مۇندىن، كۆچۈڭ ئاشنۇ ئىد،
كەرەكلىگنى ئالغىل، كەرەكسىزنى تىد.

ئۆزۈڭ بۇ يەردىن كۆچىسەن، كۆچۈڭنى ئاۋۋال ئەۋەت،
كېرەكلىكىنى ئالغىن، كېرەكسىزىنى تاشلا.

1446 مۇنۇ مەن بارۇرمەن، مەنى كۆر، ئودۇن،
قاتىغلان، ئۆزۈڭگە ئات ئەدگۈ قودۇن.

مانا مەن كېتىۋاتىمەن، مېنى كۆرۈپ ئويغان،
تىرىشقىن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى نام قالدۇر.

1447 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۆلۈگلى تىرىگ،
ئۆلۈرده بەرىپ باردى ئۆت ـ ساۋ ئەرىگ.

ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن، ئۆلەر ۋاقتىدا نەسىھەت قىلىپ كەتكەن
كىشىنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

A 59 1448 «ئۆلۈگلى تىرىگكە بەرۈر پەند تىلىن،
ئەشىتكىل ئانى سەن، كۆڭۈلگە ئالىن.

«ئۆلىدىغان (كىشى) تىرىككە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ،
سەن ئۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭدە ساقلا.

1449 ئايۇر :ئاي تىرىگ، سەن ئۇسانما، ئودۇن،
ئۇساندىم، ئۆكۈنچۈن ياتۇرمەن يىلىن ».

دەيدۇكى، تىرىك ئىكەنسەن، بىخۇدلۇق قىلما، ئويغان،
مەن غاپىللىق قىلىپ، يىللار بويى ئۆكۈنۈپ ياتماقتىمەن».

1450 ئاي ئەلىگ، بۇ بەگلىك ئۇزۇن قولسا سەن،
قاچ ئىش قىل، قاچ ئىش قود، قىلۇر ئەرسە سەن.

ئەي ئەلىگ، بۇ بەگلىكنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئىستىسەڭ،
قىلالىساڭ، بىرقانچە ئىشنى قىل، بىرقانچە ئىشنى قوي:

1451 تۆرۈ قىل، قاتىغلان، يۇلۇپ قىلما كۈچ،
تاپۇغ قىل باياتقا، ئانىڭ قاپغى قۇچ.

ئادىل ئىش قىل، (بۇنىڭغا) تىرىش، زۇلۇم ـ زورلۇق قىلما،
خۇداغا سىغىن، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قۇچاقلا.

1452 ئىكىنچى ئۇسال بولما، ساق تۇر ئودۇغ،
ساڭا تەگمەسۇن بىر مۇفاجا يودۇغ.

ئىككىنچى، بىخۇد بولما، ئېهتىياتچان، هوشيار تۇر،
ساڭا تاسادىپىەن بىر پالاكەت تەگمىسۇن.

1453 ئىكى ئۆدتە قىلما قايۇ ئەرسە ئىش،
ھەۋا، ئۆۋكە كەلسە سەرىپ قىسغۇ تىش.
بۇ ئىككى ۋاقىتتا ھەرقانداق ئىشنى قىلما:
ھەۋەس ۋە غەزىپىڭ كەلگەندە سەۋر قىلىپ، چىشىڭنى چىشلە.

1454 بۇ قاچ نەڭ كۇدەزگىل، كۇدەزىلدى ئەل،
ئۇزۇن تۇرغا بەگلىك، ساڭا بەرگە ئەل.
بۇ بىرقانچە نەرسىدىن ساقلانساڭ، ئەل (ئامان) ساقلىنىدۇ،
بەگلىكىڭ ئۇزۇن تۇرىدۇ، (بۇ) ساڭا سەلتەنەت بېرىدۇ.

1455 قامۇغ ئەدگۇلەرىگ ئاغىر تۇت، كۆتۇر، C70
ئەسىزلەرنى تۇتما، ئەلىڭدىن قوتۇر.
بارلىق ياخشى كىشىلەرنى قەدىرلە، يۇكسەلدۈر،
يامانلارنى (يېنىڭدا) تۇتما، ئېلىڭدىن قوغلا.

1456 ئەسىز ئۆڭدى ئۇرما، تۆرۈ ئەدگۇ ئۇر،
كۇنۇڭ ئەدگۇ بولغاي، قۇتۇڭ باغا قۇر.
يامان نىزام يۇرگۇزمە، ياخشى قانۇن يۇرگۇز،
كۇنۇڭ ياخشى بولىدۇ، بەخت كەمىرى يار بولىدۇ.

1457 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، ئاي بىلگە، كۇلۇگ،
بۇ سۆزدىن كۆتۇرگىل ئۆزۇڭگە ئۇلۇگ.
ئەي دانا، مەشھۇر (كىشىنىڭ) نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ۋە بۇ سۆزدىن ئۆز ئۇلۇشۇڭنى ئال:

1458 تۆرۈ ئەدگۇ ئۇر، ئاي تۆرۈ بەرگۇچى،
تۇرۇ ئۆلدى ئەسىز تۆرۈ ئۇرغۇچى.
ئەي قانۇن تۇزگۇچى، ياخشى قانۇن تۇز،
يامان قانۇن تۇزگۇچى ئۆرە يۇرسىمۇ ئۆلگەنگە ھېساب.

1459 ئەسىز ئۆڭدى ئۇرما، ئاي ئەلچى بۆگۇ،
ئەسىز بولسا بولماز ئاژۇنۇغ يەگۇ.
ئەي ئەلنىڭ بېشى دانا، يامان نىزام تۇزمە،
(ئۇ) يامان بولىدىكەن، جاھاننى ئىگىلىيەلمەيدۇ.

1460 ئەسىز ئۆڭدى ئۇرسا ئۆزى ئۆز ئۆدىن،
ئەسىز قودتى ئاتىن ئۆزىنده كەدىن.
(بىرەرسى) ئۆز زامانىسىدا يامان قانۇن تۇزسە،
ئۆزىدىن كېيىن يامان نام قالدۇرىدۇ.
1461 كىم ئەرسە ئۇرۇپ قودسا ئەدگۇ تۆرۇ، B116
ئانىن تىكتى ئاتىن ئاداقىن ئۆرۇ.
كىم بولمىسۇن، ياخشى بىر قانۇن تۇزۇپ قويسا،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىنى تىكلەيدۇ.
1462 ئۆزۇڭنى ياڭىلما، ئاي ئەلىگ، باقىن،
تۇپۇڭنى ئۇنىتما، ئۆيۇ تۇر، ساقىن.
ئەي ئەلىگ، دىققەت قىل، ئۆزۇڭنى يېڭىلدۇرما،
ئەسلىڭنى ئۇنتۇما، ئەسلەپ تۇر، ئويلان.
1463 ئەسىز قىلقى تۇتما، ئاي ئەلگى ئۇزۇن،
ئەسىز قىلق ئۇلىتۇر ئىكىگۇن ئاژۇن.
ئەي قولى ئۇزۇن (زات)، يامانلار قىلىقىنى ئۆزلەشتۇرمە،
يامان قىلىق ئىككى دۇنيادا ناله قىلدۇرىدۇ.
1464 ئۇزۇن بولدى ئەلگىڭ بودۇنقا ياقىن،
فۇسۇسۇن كەچەر بۇ تىرىگلىك باقىن.
قولۇڭ ئۇزۇن بولدى، خەلققە يېقىن بولدۇڭ،
دىققەت قىل، بۇ ئۆمۇر ئەپسۇس بىلەن ئۆتۇپ كەتمىسۇن.
1465 كەچىگلى تۇرۇر دۇنيا، كەچتى ساقىن،
كەلىگلى ئۆلۇم ئۇترۇ، كەلدى ساقىن.
دۇنيا ئۆتۇپ كېتىدۇ، ئۆتتى دەپ ھېسابلا،
ئۆلۇم كېلىدىغان نەرسىكى، ماڭا قارشى كەلدى دەپ ئويلا.
1466 مەنى كۆر، مەنىڭدىن كۆتۇر ئۆت ـ ئەرىگ،
ئۆكۇنمە يارىن سەن، بۇ كۇن سەن تىرىگ.
مېنى كۆرگىنىكى، مېنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئال،
بۇگۇن تىرىك ئىكەنسەن، ئەته ئۆكۇنۇپ يۇرمە.
1467 كىشى ئۆلسە ئاندىن قۇمارۇ قالىر،
مۇنۇقى قۇمارۇم ساڭا، ئاي بىلىر.

كىشى ئۆلسە، ئۇنىڭدىن ۋەسىيەت قالىدۇ،
ئەي بىلگۈچى، مانا بۇ مېنىڭ ساڭا ۋەسىيىتىم.

1468 سەۋەرىم سەن ئەردىڭ، ئاي ئەلىگ ماڭا،
ئاسىغلىغ قۇمارۇمنى قودتۇم ساڭا.
ئەي ئەلىگ، مەن ئۈچۈن سەن سۆيۈملۈك ئىدىڭ،
ساڭا پايدىلىق بىر ۋەسىيەت مىراس قالدۇردۇم.

1469 ئاسىغلىغ قۇمارۇ كىشىگە سۆز ئول،
قۇمارۇ سۆزۈڭ تۇتسا ئاسىغى يۈز ئول.
ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق مىراس سۆزدۇر،
مىراس سۆزگە ئەمەل قىلىشنىڭ يۈزلەرچە پايدىسى بولىدۇ.

1470 مۇنۇ سۆز بىتىپ قودتۇم ئەمدى چىنى، C 71
ئۇنىتما بۇ سۆزنى، ئۇنىتما مەنى.
ئەمدى، بۇ چىن سۆزلەرنى يېزىپ قالدۇردۇم،
بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇما، مېنىمۇ ئۇنتۇما.

1471 نەچە كەچ ياشاپ ئۆز تىرىگ تۇرسا سەن،
ئۆلۈم بولدى ئاخىر يانىش كۆرسە سەن.
سەن قانچە ئۇزۇن ياشاپ، تىرىك تۇرساڭمۇ،
سەپسالساڭ، ئاخىر كېلىدىغىنى ئۆلۈم بولىدۇ.

1472 سەزىكسىز ئۆلۈم بىر كۈن ئاخىر كەلىر،
تىرىلمىش بۇ جانلىغ جانىن ئالغالىر.
شۈبھىسىزكى، بىر كۈنى ئاخىر ئۆلۈم كېلىدۇ،
ياشاۋاتقان جانلىقلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

1473 ئوقىغچى كەلۈرگە ئانۇنغۇ كەرەك،
ئۇزۇن يول يورىرقا ئەتىنگۈ كەرەك.
چاقىرغۇچى (ئەزرائىل) نىڭ كېلىشىگە ھازىرلىنىش كېرەك،
ئۇزۇن يول يۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش لازىم.

1474 ئۆلۈمدىن قۇتۇلغۇ يارى يوق بىلىن،
ئۆلۈمگە ئەتىنگىل، كەرەكىڭ ئالىن.
بىلگىنكى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا يار ـ يۆلەك يوق.
ئۆلۈمگە تەييارلان، كېرەكلىكىڭنى ئال.

1475 نەگۇ تەر ئەشتىكىل ئۆگى يەتمىش ئەر،
ئۆلۈمۈگ ئۆلۈردە ئوزا ئۇقمىش ئەر.
ئەقلى يەتكەن ۋە ئۆلۈمنىڭ كېلىشىنى
ئاۋۋال بىلگەن ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1476 «كەزىكچە كەلىر بۇ ئۆلۈمنۈڭ قۇرى،
ئۆلۈمگە ئۆزۈڭ چىن ئانۇقلاپ يورى.
«ئۆلۈم پەيتى ساڭا نۆۋەت بىلەن كېلىدۇ،
ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە چىندىن ھازىرلاپ يۈر.

1477 كۈمۈش قۇر باغۇچى مۇنۇ مەن تەيۇ، B117
ئۆلۈم تۇتتى ئەرسە ئۇزۇلدى قۇرى».
كۈمۈش كەمەر باغلىغانلار مانا مەن دەيدۇ ـ يۇ،
ئۆلۈم تۇتقاندا، (ئۇنىڭ) كەمىرىمۇ ئۇزۇلىدۇ».

1478 ئاي ئەلىگ، مۇنۇ مەن ئۆتەدىم ھەقىڭ،
تۇگەل قىلدىم ئەمدى باغىرساقلىقىڭ.
ئەي ئەلىگ، مانا مەن سېنىڭ ھەققىڭنى ئۆتىدىم،
مېھرىبانلىقىڭغا جاۋابەن (بۇرچۇمنى) ئادا قىلدىم.

1479 بايات بەرسۇ تەۋفىق قامۇغ ئەدگۈگە،
قۇتادسۇ بۇ ئەدگۈ يەگۈ ـ كەدگۈگە.
خۇدا ساڭا كۆپ ياخشىلىقلار (قىلىش) ئۈچۈن تەۋپىق بەرسۇن،
بۇ ياخشىلىقلار مەئىشەتلىرىڭدە سېنى بەختلىك قىلسۇن.

1480 ئەسەنىن تىرىلگىل، ئۆكۈش يىل ياشا،
سەۋىنچىن، ئاۋىنچىن ئۆكۈش ئەل ئاشا.
ئامان ـ ئېسەن ھايات كەچۈر، كۆپ يىللار ياشا،
خۇشاللىق، ھالاۋەت بىلەن كۆپ ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىل.

1481 باغىرساقلىق ئەردى مەنىڭ بۇ سۆزۈم، A 60
ئەسەن قال سەلامەت، ئاي كۆركلۈگ يۈزۈم.
مېنىڭ بۇ سۆزۈم ساڭا سادىقلىقىمدۇر،
ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم، ئامان ـ ئېسەن قال.

1482 مۇنۇ مەن، بارىرمەن، ئاي ئەلىگ قۇتى،
تۇرۇ قالدى ئوغلۇم ـــ بۇ باغىرىم ئوتى.

ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، مانا مەن كېتىپ بارىمەن،
باغرىمنىڭ ئوتى ــ ئوغلۇم قېلىۋاتىدۇ.

1483 باياتقا تۇتۇزدۇم مۇنى يالۋارا،
تىلەسە كۇدەزگەي كۆيەر ئوت ئارا.
بۇنى خۇداغا يالۋۇرۇپ تاپشۇردۇم،
خالىسا، كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە ساقلىغاي.

1484 ساڭا هاجەتىم بۇ، كۆرۈ بەر مۇنى،
سۇرە ئىدما، بولغاي ياۋالار سانى.
ساڭا هاجىتىم شۇكى، ئوغلۇمغا قاراپ تۇر،
(ئۇنى) تاشلىۋەتمە، (بولمىسا) يارىماسلار قاتارىدا بولۇپ قالىدۇ.

1485 قامۇغ نەڭگە تەڭرى قىلۇر ئول سەبەب،
قامۇغ ئەدگۈ، ئەسىز ئاڭار ئۆز ئۇلەپ.
تەڭرى بارلىق نەرسىلەرگە سەۋەب يارىتىدۇ،
ھەممە ياخشى ۋە يامانلىق شۇنىڭغا باغلىنىدۇ.

1486 ئوغۇل ـ قىز سەبەبى ئاتا ئول ئانا،
قىلىنچ ئارتاسا، يا ئەتىلسە يانا.
ئوغۇل ـ قىزنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى
تۈزىلىشىنىڭ سەۋەبى ئاتا ۋە ئانىدۇر.

1487 مۇنۇ مەن ئاتاسى ئۆلۈرمەن بۇ كۈن، C72
كىچىگ قالدى ئوغلۇم يەتىم ـ ئۆگسۇزۇن.
مانا مەن (ئۇنىڭ) ئاتىسى، بۈگۈن ئۆلۈۋاتىمەن،
ئوغلۇم كىچىك، ئۆگسۇز ـ يېتىم قالدى.

1488 بار ئەرسە قالى بۇ تاپۇغچى هەقى،
سەبەب بول، مۇنى ئەدگۈ يولقا ئوقى.
ئەگەر خىزمەتچىنىڭ سەندە ھەققى بولسا،
سەۋەب بولۇپ، ئوغلۇمنى ياخشى يولغا دەۋەت قىل.

1489 كۆرۈ ئىدما، ئۆگرەتگىل ئەردەم، بىلىك،
بىلىك، ئەردەمىن بۇلسۇ ئەلكە ئەلىگ.
نەزىرىڭدىن يىراقلاشتۇرما، پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگەت،
بىلىم ۋە پەزىلەت بىلەن ئەلدە ئىناۋەتكە ئېرىشسۇن.

1490 ئەتىلسۇ قىلىنچى، تۇزۇلسۇ يورىق،
تۇسۇلسۇ تاپۇغقا، ئالىنسۇ ئالىق.
مىجەز ـ خۇلقى ياخشى بولۇپ، ئادىتى تۇزەلسۇن،
خىزمەتكە يارامىلىق بولسۇن، ياخشى مىجەز ئۆزلەشتۇرسۇن.

1491 ياۋا ئىدما بوشلاغ، يىغا تۇت قىسا،
يىغا تۇتسا ئوغلان بۇلۇر قۇت باسا.
بىكار، بوش قويۇۋەتمە، يىغىپ مەھكەم تۇت.
ئوغلاننى چىڭ تۇتسا، بەختكە ئېرىشىدۇ.

1492 نەگۇ تەر ئەشتكىل قارى كۆكلەمىش، B118
سىنامىش ئۇقۇپ ھەم بىلىپ سۆزلەمىش.
سىناپ كۆرگەن، ئوقۇپ ۋە بىلىپ سۆزلەيدىغان،
ياشانغان مويىسپىت نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1493 كىچىگ ئەركەن ئۆگرەت ئوغۇلقا بىلىك،
كىچىگدە بىلىك بىلسە كۆترۇر ئەلىگ.
ئوغۇل كىچىك ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگەت،
كىچىكلىكىدە بىلىم بىلسە، قولى ئۇستۇن بولىدۇ.

1494 ئاياما ئوغۇل قىزقا بەرگە يەتۇر،
ئوغۇل قىزقا بەرگە بىلىك ئۆگرەتۇر.
ئايىما، ئوغۇل ـ قىزغا قامچا تەگكۇز،
قامچا ئوغۇل ـ قىزغا بىلىم ئۆگىتىدۇ.

1495 كىچىگلىكتە بىلسە ئوغۇل ـ قىز نەنى،
قارىپ ئۆلمەگىنچە ئۇنىتماز ئانى.
ئوغۇل ـ قىز كىچىكلىكىدە نېمىنى بىلسە،
قېرىپ ئۆلگۇچە ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ.

*　　*　　*

1496 تۇگەتتى بىتىك، تۇردى، بادى تۇتۇپ،
ئالىپ ئوغلىڭا بەردى ئەلگىن سۇنۇپ.
ئايتولدى خەتنى تۇگەتتى، تۇرۇپ باغلىدى،
ئېلىپ، قول ئۇزارتىپ ئوغلىغا بەردى.

1497 ئايۇر: بۇ بىتىك تۇت، يىتۇرمە ئوغۇل،
ئەلىگكە تەگۇرگىل، قۇمارۇم بۇ ئول.
ئېيتتىكى، ئوغلۇم، بۇ خەتنى ئال، يىتتۇرمە،
ئەلىگكە يەتكۇزگىن، بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم.

1498 بىتىكىم ئوقىسۇن، سۆزۇم تۇتسۇنى،
ئۆلۇمگە ئانۇنسۇن، ئىشىن ئەتسۇنى.
خېتىمنى ئوقۇسۇن، سۆزۇمنى (ئېسىدە) تۇتسۇن،
ئۆلۇمگە هازىلانسۇن، ئىشىنى ئوڭشىسۇن.

* * *

1499 ئۆلۇغ تىندى، ئۆترۇ ئوغۇلقا باقا،
ئايۇر: سەن مۇنى ئۇق، كۆنىگە ياقا.
(ئۇ) ئۆلۇغ ـ كىچىك تىندى، كېيىن ئوغلىغا قاراپ:
سەن (دېگەنلىرىمنى) چۈشەن، توغرىلىققا يېقىنلاش، دېدى.

1500 يانا ئالدى ئوغلىن قونىڭا قۇچا،
ئۆپۇپ يىغلادى بۇرنۇ ياشىن ساچا.
يەنە ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى،
سۆيۇپ تۇرۇپ ياش تۆكۇپ يىغلىدى.

* * *

1501 ئايۇر :ئاي ئوغۇل كۆردۇڭ ئەمدى مەنى،
نە هالىن بارىرمەن ئۇنىتما مۇنى.
ئايتولدى دېدى :ئەي ئوغلۇم، ئەمدى مانا مېنى كۆردۇڭ،
نېمە هالدا كېتىۋاتىمەن، بۇنى ئۇنتۇما.

1502 ساڭا ما سەزىكسىز بۇ ئۆد كەلگۇ ئول،
ئۇسال بولما، ئاخىر ئۆزۇڭ ئۆلگۇ ئول.
ساڭىمۇ بۇنداق پەيت شۈبهىسىز كەلگۇسىدۇر،
غاپىل بولما، ئاخىر سەنمۇ ئۆلىسەن.

1503 کەرەکلىگ سۆزۈگ مەن تۈتۈزدۇم ساڭا،
سۆزۈمنى ئۈنىتما، دۇئا قىل ماڭا.
مەن ساڭا كېرەكلىك سۆزلەرنى ئېيتتىم.
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ماڭا دۇئا قىل.

1504 قالى ئەلىگ ئۆدلەپ تىلەسە سەنى، C
يورىق تۈز، تاپۇغ قىل، باسىنما ئانى.
ئەگەر ئەلىگ ۋاقىت يېتىپ، سېنى خالىسا،
مىجەز ـ خۇلقۇڭنى تۈزەپ خىزمەت قىل، ئۇنى كەمسىتمە.

1505 ياۋا بولما، بوشلاغ يۈگۈرمە ئۆزۈن،
كۆنى بول، سىلىگ بول قىلىنچىن، سۆزىن.
بىكارچى بولما، ئۆزۈڭچە بىھۇدە يۈگۈرمە،
سۆز ۋە ھەرىكىتىڭدە توغرا ۋە مۇلايىم بول.

1506 كەچە ياتسا كەچ يات، يانا ئەرتە تۇر،
ياتىپ ئەرتە قوپغان قۇتىن ئارتۇرۇر.
كېچىسى كەچ يات ۋە يەنە ئەتىگەن تۇر،
(كەچ) يېتىپ ئەتىگەن قوپۇش بەختنى ئاشۇرىدۇ.

1507 بايات يارلىغىن سەن ئاغىر تۇت ئاغىر،
ئەلىگكە تاپۇغ قىل، ئىسىنگىل باغىر.
تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى بەكمۇ قەدىرلە،
ئەلىگكە خىزمەت قىل، (بۇنىڭ بىلەن) قەلبىڭنى ئىسسىت.

1508 ئەسىزگە ياغۇما، يىراق تۇر تەزە، B119
يورى ئەدگۈلۈك قىل، يورىق يول تۈزە.
يامانغا يېقىنلاشما، قېچىپ يىراق تۇر،
دائىم ياخشىلىق قىل، مىجەز ۋە يولۇڭنى تۈزە.

1509 سۆزۈڭنى كۈدەزگىل، سەلامەت يورى،
ئۆزۈڭنى كۈدەزگىل، ئەسەنىن قارى.
بايقاپ سۆزلە، ئامان ياشىغىن،
ئۆزۈڭنى كۆزىتىپ، ساغلام قېرىغىن.

*　　*　　*

1510 سۆزىن كەستى، ئوغلىن قوچۇپ يىغلادى،
ئۆلىندى يانا ئول ئۆكۈنچلەر يەدى.
(ئايتولدى) سۆزىنى توختاتتى، ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى،
يەنە نالە قىلىپ، پۇشايمان يېدى.

*　　*　　*

1511 ئايۇر :ئاي ئىنانچسىز ئاژۇن بىۋەفا،
نەلۈك قىلدىڭ ئەمدى ماڭا سەن جەفا.
ئېيتتى :ئەي ئىشەنچسىز، بىۋاپا دۇنيا،
ئەمدى نېمىشقا ماڭا جاپا قىلدىڭ؟!
1512 تۈ نىئمەت بىلە بۇ ئىگىدمىش ئۆزۈم،
كىرۇر بۇ قارا يەرگە كۆركلۈگ يۈزۈم.
كۆپ نېمەتلەر بىلەن يېتىشتۈرگەن ۋۇجۇدۇم
ۋە كۆركەم يۈزۈم قارا يەرگە كىرىدۇ.
1513 ئانادىن نەتەك توغدۇم ئەرسە بۇ كۈن،
ئانىڭ ـ تەك بارىرمەن يالىڭىن مۇڭۇن.
ئانىدىن قانداق تۇغۇلغان بولسام، بۈگۈن
يەنە شۇنداق يالىڭاچ، مۇڭلۇق كېتىۋاتىمەن.
1514 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۆلۈگلى ئۆك ئەر،
ئۆلۈمگە ئۆكۈنۈپ ئۆلىغلى بەك ئەر. A 61
ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ۋە ئۆلۈمگە ئۆكۈنۈپ،
نالە قىلغان قۇۋۋەتلىك ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:
1515 «قارىندىن چىقاردىڭ قارىنقا كىرۇر،
شەكەردىن ئىگىتدىڭ يىلانقا بەرۇر.
«قېرىندىن چىققان (ۋۇجۇد) قېرىنغا كىرىسەن،
شېكەر بىلەن يېتىشتۈرگەن (ۋۇجۇدنى) يىلانغا بېرىسەن.
1516 ئەسىزىم يىگىتلىك، تىرىگلىك ئەسىز،
ئۆكۈنچۈن سىغىت بىرلە گۆرگە كىرۇر».

ئىسىت يىگىتلىك، ئىسىت تىرىكلىك،
ئۆكۈنچ بىلەن يىغلاپ گۆرگە كىرىسەن».

*   *   *

1517 سىغىت قودتى ئايتولدى يەتۇرۇپ ئۆگىن،
قۇمارۇ ئۇلەدى كىشىگە نەڭىن.
ئايتولدى ئەقلىنى توپلاپ، يىغلاشنى قويدى،
مال - دۇنياسىنى باشقىلارغا مىراس قىلىپ تارقاتتى.
1518 بەخىل قولدى بارچا قاداشلارقا ئول،
تىلەر بولدى جانى ياشىل كۆككە يول.
ئۇ بارلىق تۇغقانلىرى بىلەن خەيرلەشتى،
جېنى يېشىل كۆككە يول ئېلىشنى تىلىدى.
1519 كۆزىن كۆككە تىكتى، كۆتۇردى ئەلىگ،
شەھادەت بىلە كەستى تەپرەر تىلىگ.
كۆزىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۇردى،
شاھادەت بىلەن تىلى ھەرىكەتتىن توختىدى.
1520 يارۇق جان ئۇزۇلدى، تۇنەردى كۇنى،
بايات ئاتى بىرلە كەسىلدى تىنى.
يورۇق جېنى ئايرىلدى، كۇنى قاراڭغۇلاشتى،
خۇدا نامى بىلەن تىنىقى كېسىلدى.
1521 ئەدىزلىك تىلەدى سۇزۇك جان تۇرۇغ،
ئۇچۇپ باردى جان، قالدى كەلبۇد قۇرۇغ.
ساپ - پاكىز جېنى ئېگىزلىكتىن ئورۇن ئىستىدى،
جېنى ئۇچۇپ كەتتى، قۇرۇق ۋۇجۇدى قالدى.
1522 بولۇپ توغمادۇق - تەك يىتىپ باردى جان،
ئاژۇندا ئاتى قالدى بەلگۇ - نىشان.
جان يارالمىغان ۋە مەۋجۇت بولمىغاندەك يوقىلىپ كەتتى،
جاھاندا بەلگە - نىشان بولۇپ نامىلا قالدى.
1523 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى كۆڭلى كۇنى، B120
ئۇساللىق ئۇسىندىن ئودۇنمىش كۇنى.

ئەمدى، كۆڭلى توغرا (كىشىنىڭ) غەپلەت ئۇيقۇسىدىن
ئويغانغان كۈنى نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1524 ئەت ئۆزنۈڭ ئەۋى ئول بەدىزلىگ ئەۋلىڭ،
سۈزۈگ جان ئەۋى ئول بەدىزتەك تەنىڭ.

بېزەكلىك ئۆيۈڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئۆيىدۇر،
سۈرەتتەك تېنىڭ بولسا، تازا جانىڭ ئۆيىدۇر.

1525 قۇرۇغ قالدى كەلبۇد ئۇچۇپ بارسا جان،
بايات بىلدى قانچا بارىر ئەرسە جان.

جان ئۇچۇپ كەتسە ۋۇجۇد بوش قالىدۇ،
جاننىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى خۇدالا بىلىدۇ.

1526 ئەدىز بولدى ئورنى، ئاي قۇتلۇغ قۇتا،
تەڭىسە قودى ئىنسە بولدى يۇتا.

ئەي قۇتلۇق، (ئۇنىڭ) ئورنى ئېگىز بولسا، بۇ بەختتۇر،
تۆۋەنگە چۈشسە، جۇت ـ پالاكەت بولىدۇ.

1527 ئىكىدە بىرى بولدى شەكسىز ئۇلۇگ،
تىرىلدى ئۆلۈمسۈز، ئۇزۇن مەڭۇلۇگ.

شەكسىزكى، بۇ ئىككىدىن بىرسى نېسىپ بولىدۇ،
(جان) ئۇزۇن، مەڭگۈ، ئۆلۈمسىز ياشايدۇ.

1528 نە مۇڭلۇغ تۇرۇر كۆرسە يالڭۇق ئۆزى،
يورىردا يىتەر ئاتى، كەسلۇر سۆزى.

سەپسالساڭ، ئىنسان نېمىدېگەن ئاجىز ـ هە؟
ياشىسىمۇ نامى يوقىلىدۇ ۋە سۆزى كېسىلىدۇ.

1529 قايۇدىن كەلىر ئەركى، قانچا بارىر،
قايۇدا تۇرۇر ئەركى، قايدا يورىر؟

قەيەردىن كېلىدۇ ـ يۇ، قەيەرگە بارىدۇ،
قەيەردە تۇرىدۇ ـ يۇ، قەيەردە يۈرىدۇ؟!

1530 بىلىكلى بىلىرمۇ، نەگۇ تەر نەگۇ،
ئۇقۇغلى ئۇقارمۇ، نەگۇ تەر بۆگۇ؟

(بۇنى) بىلىملىك بىلەمدۇ، نېمىمۇ دېيەلەيدۇ،
ئەقىللىك ئۇقامدۇ، دانا نېمە دېيەلەيدۇ؟

1531 بىلىكلى بايات ئول، بىلىر بۇ ئىشىگ،
ئۇقۇغلى ئۇغان ئول، ئۇقار بۇ ئىشىگ.
بىلىدىغان خۇدادۇركى، ئۇ بۇ ئىشنى بىلىدۇ،
ئۇقۇقۇچى تەڭرى بۇ ئىشنى ئۇقىدۇ.

1532 ئارا بىر ئىچار، كۆر، يورىر بەلگۈسۈز،
ئارا كۆز كۆرۈدە بولۇر بەلگۈسۈز.
بەزەن بىردىن يوشۇرۇنۇپ بەلگىسىز يۈرىدۇ،
بەزەن كۆز ئۆڭۈڭدىن نام ـ نىشانسىز يوقىلىدۇ.

1533 ئەدى قىسغا ئۆزلۈگ بۇ يالڭۇق ئۆزى،
ساقىنچى ئۇزۇن هەم بەدۈك تىل سۆزى.
بۇ ئىنسان ئۆزى ناهايىتى قىسقا ئۆمۈر كەچۈرسىمۇ،
قايغۇسى ئۇزۇن، تىل ـ سۆزى يۇكسەكتۇر.

1534 كۆرۈ بارسا يالڭۇق بۇ ئەركسىزلىكىن،
نەلۈك مۇنچا ياۋلاق كۆتۈردى ئەگىن.
سەپسالساڭ، ئىنسان بۇنداق ئەركسىز تۇرۇپ،
نېمە ئۈچۈن بۇنچە يارىماس هالدا غادىيىدۇ؟

1535 ئىكى كۈنلۈك ئەرتەر ئازۇنۇغ بۇلۇپ،
نەلۈك كەردى كۆگسىن قايا تەك بولۇپ.
ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى دۇنياغا ئېرىشىپلا،
نېمىشقا قىيادەك كۆكسىنى كېرىدۇ؟!

1536 نەگۈ تەر ئەشتىكىل ئودۇنمىش كىشى،
ئۆلۈمۈگ ئۇقۇپ يولقا كۆنمىش كىشى.
ئويغانغان ۋە ئۆلۈمنى چۈشىنىپ توغرا يولغا
كىرگەن كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1537 نە تەڭسىز ئۆلۈم سەن، ئاي ياۋلاق ئۆلۈم،
تۇسۇلماز ساڭا ئەتسە تۈك مىڭ تولۇم.
ئەي يارىماس ئۆلۈم، نېمىدېگەن تەڭداشسىز ئۆلۈم،
ساڭا قارشى مىڭلىغان قورال تەييارلىسىمۇ پايدىسى يوق.

1538 تۆزۈگە تەگىر سەن قۇتۇلماز بىرى، B121
ئەسىز، ئەدگۈ نەڭگە سەن ـ ئۆك سەن تورى.

هەممىگە تېگىسەن، بىرىمۇ قۇتۇلمايدۇ،
ياخشى، يامان نەرسىلەرگە سەنلا تور ـ تۇزاق بولىسەن.

1539 كەرەك ئەردى بىلگە تىرىلسە قۇتۇن،
قامۇغ ئۆلسۇن ئەردى بىلىكسىز ئوتۇن.
ئالىملار بەختىيار هالدا ياشىشى كېرەك ئىدى،
بىلىمسىز جاھىللار تامام ئۆلمىكى لازىم ئىدى.

1540 ئەسىز، ئەدگۇ قالماز نەچە تۇز ئۆلۇر،
ئۇلۇغ، يا كىچىگ تۇت قارا يەر بولۇر.
ياخشىمۇ، يامانمۇ قالمايدۇ، هەممىسى ئوخشاشلا ئۆلىدۇ،
ئۇلۇغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولىدۇ.

1541 ئۆلۈمگە كەچىك يوق، تىرىگ بولداچى
نەچە كەچ تىرىلسە ئۆلۈم كەلدەچى.
ئۆلۈمگە كېچىك يوق، تىرىك ياشىغۇچىلار
قانچىلىك ئۇزۇن هايات كەچۈرسىمۇ، ئۆلۈم كەلگۈسىدۇر.

1542 نە ياقشى ئايۇر بۇ بودۇن باشلار ئەر،
بىلىكىن، ئۇقۇشۇن ئىشىن ئىشلەر ئەر.
بىلىم ۋە پاراسەت بىلەن ئىشنى بېجىرىپ،
خەلقنى باشلايدىغان ئەر نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان:

1543 نە ئەدگۇ ئىش ئەردى ئۆلۈم بولماسا،
نە كۆركلۈگ ئىش ئەردى كىشى ئۆلمەسە.
ئۆلۈم بولمىسا قانداق ياخشى ئىش بولاتتى،
كىشى ئۆلمىسە، قانچىلىك چىرايلىق ئىش بولاتتى!

1544 ئەرەژگە تەگۈردى مەنى بۇ ئۆلۈم، A 62
ئۆلۈم ئول بۇزۇغلى تۇپۇم هەم ئۇلۇم.
بۇ ئۆلۈم مېنى راھەتكە يەتكۈزدىكى،
ئۆلۈم (مېنىڭ) ئۇلۇم ۋە ئاساسىمنى بۇزدى.

1545 ئۆلۈمگە تاڭ ئەرمەز توغۇغلى ئۆلۇر،
توغۇغلى ئۆلۇر، كۆر، قارا يەر بولۇر.
ئۆلۈمگە تاڭ قالمىغۇلۇق، تۇغۇلغان ئۆلىدۇ،
تۇغۇلغان ئۆلىدۇ هەم قارا يەر بولىدۇ.

1546 كىشى ئەسىز ئەرمەز، كىشلىك ئەسىز،
ئەرەن ئەسىز ئەرمەز، كۆنلىك ئەسىز.
كىشىگە ئىسسىت دېمەيمەن، كىشلىككە ئىسسىت دەيمەن،
مەردكە ئىسسىت دېمەيمەن، توغرىلىققا ئىسسىت دەيمەن.

1547 بۇ قارتغا قىلىنچى بۇ ئول ئۆگدىسى،
كەرەك ئۆگدى تۇتغىل، كەرەك تۆگدىسى.
بۇ قېرى (دۇنيا) نىڭ خۇي ـ پەيلى، ئادىتى شۇدۇر،
خالىساڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىل، خالىساڭ بىقىنما.

24

كۆنتۇغدى ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئوقمىشىن ئايۇر

كۆنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى ئېيتىلىدۇ

1548 بۇ ئايتولدى ياسىن كەچۈردى ئەلىگ،
ئوقىپ ئوغلىڭا بەردى ئۆت ـ ساۋ ئەرىگ.
ئەلىگ ئايتولدىنىڭ ماتەمىنى ئۆتكۈزدى،
ئوغلىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت قىلدى.

1549 ئايۇر: ئاي ئوغۇل، قىلما ئارتۇق ساقىنچ،
ساقىنچ كەچسە ئاخىر تۆپىندە سەۋىنچ.
ئېيتتى: ئەي ئوغۇل، ئارتۇق غەم قىلما،
غەم ـ قايغۇ كەتسە، ئاخىرىدا شاد ـ خۇراملىق كېلىدۇ.

1550 ساڭا تەگمەدى بۇ ساقىنچ يالڭۇزۇن،
ماڭا تەگدى قادغۇ ساقىنچلار ئۇزۇن.
بۇ قايغۇ يالغۇز ساڭىلا كەلمىدى،
ماڭىمۇ چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت كەلدى.

1551 كۆڭۈلنى چۆكۈرمە، ئۆزۈڭنى ئاۋۇت، B122
باقا تۇر ماڭا ئۆز تاپۇغقا ئەۋىت.
روھىڭنى چۈشۈرمە، ئۆزۈڭنى ئاۋۇت،
ماڭا يېقىن بول ۋە خىزمىتىمنى قىل.

1552 ئاتاڭ ئۆلدى ئەرسە ئاتا مەن ساڭا،
ئاتالىق قىلايىن، ئوغۇل بول ماڭا.
ئاتاڭ ئۆلگەن بولسا، مەن ساڭا ئاتا،
مەن ئاتىدارچىلىق قىلاي، ماڭا ئوغۇل بول.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1553 يەر ئۆپتى، كۆر، ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
ئۇزۇن، كەچ ياشاغىل ئاشايۇ ئەلىگ.
ئۆگدۈلمىش يەر ئۆپتى ۋە ئېيتتى: ئەلىگ،
ئەل باشقۇرۇپ ئۇزۇن يىل ياشىغىن.

1554 مەن ئىگدىش قۇلۇڭمەن، تاپۇغچى سەنىڭ،
يۇلۇغ بولسۇ جانىم ئەلىگكە مەنىڭ.
مەن يېتىشتۈرگەن قۇلۇڭ ۋە سېنىڭ خىزمەتكارىڭ،
ئەلىگ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم پىدا بولسۇن.

1555 ئاتام جانى بولدى ئەلىگكە يۇلۇغ،
يۇلۇغ قىلسۇ تەڭرى ساڭا بۇ قۇلۇغ.
ئاتامنىڭ جېنىمۇ ئەلىگ ئۈچۈن پىدا بولدى،
تەڭرى بۇ قۇلنىمۇ ساڭا پىدا قىلسۇن.

*   *   *

1556 چىقاردى ئاتاسى بىتىكىن ئوغۇل،
ئەلىگكە ئۆتۈندى، كۆر، ئاقرۇ، ئامۇل.
ئوغۇل ئاتىسىنىڭ خېتىنى چىقاردى،
ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەلىگكە تەقدىم قىلدى.

1557 ئەلىگ ئالدى ئاچتى، ئوقىدى بىتىك،
سۆزىن ئۇقتى، ئايدى: ئەسىز ئاي تەتىك.
ئەلىگ خەتنى ئالدى ۋە ئېچىپ ئوقۇدى،
سۆزلىرىنى چۈشەندى ۋە ئەي ئىسست زېرەك، دېدى.

1558 ئايۇر: ئاي باغىرساق كىشىدە بۇرۇن،
قاپۇغۇم قۇرىتتىڭ، قور ئەتتىڭ ئورۇن.
ئېيتتىكى: ئەي مېھرىبان، كىشىلەرنىڭ ئالدى،
ئىشىكىمنى قۇرۇق، ئورۇننى بوش قويدۇڭ.

1559 تىرىگلە تاپىندىڭ، ئۆتەدىڭ ھەقىم،
ئۆلۈردە مۇڭادىپ يەدىڭ ھەم غەمىم.
تىرىكلىكىڭدە خىزمەت قىلىپ ھەققىمنى ئادا قىلدىڭ،
ئۆلەردىمۇ تەشۋىش قىلىپ، غېمىمنى يېدىڭ.

1560 ھەقىڭنى ئۆتەيۈمەدىم مەن سەنىڭ،
باياتئوق ئۆتەسۈن سەنىڭ ھەقلەرىڭ.
مەن سېنىڭ ھەققىڭنى ئادا قىلالمىدىم،
سېنىڭ ھەقلىرىڭنى خۇدالا ئادا قىلغاي.

1561 نەتەك كىم سەۋىنچلىگ مەن سەندىن بۇ كۈن،
بايات بەرسۈنى مىڭ سەۋىنچىڭ قۇتۇن.
مەن سەندىن بۈگۈن قانچىلىك سۆيۈنگەن بولسام،
ساڭىمۇ خۇدا مىڭلارچە سۆيۈنچ ـ بەخت ئاتا قىلسۇن.

* * *

1562 سۆزىن كەستى ئەلىگ كۆزى ياش ساچا،
تۇرۇپ چىقتى ئاندىن ساقىنچىغ قۇچا.
ئەلىگ كۆزىدىن ياش تۆكۈپ سۆزىنى توختاتتى،
(ئوغۇل) ئۇ يەردىن قايغۇ ـ ئەلەم قۇچۇپ (يېنىپ) چىقتى.

1563 ئەۋىگە كەلىپ كىردى كۆڭلى تۈشۈك، C73
قاپۇغ ياپتى قاچ كۈن ساقىنچىن تۈگۈك.
روھى چۈشكەن ھالدا كېلىپ ئۆيىگە كىردى،
ئىشىكنى تاقاپ، نادامەت بىلەن بىرقانچە كۈننى غەمكىن ئۆتكۈزدى.

* * *

1564 بۇ ئايتولدىنىڭ قىلدى ئوغلى يوغى،
چىغايقا ئۈلەدى كۈمۈش ھەم ئاغى.
ئايتولدىنىڭ ئوغلى نەزىر بەردى،
كەمبەغەللەرگە كۈمۈش ۋە تاۋار ـ دۇردۇن ئۈلەشتۈردى.

1565 كەچۇردى يەمە ئۆك ئاتا قادغۇسىن،
ياقىن قىلدى ئۆزگە كىشى ئەدگۇسىن.
ئاتىسىنىڭ قايغۇسىنى شۇنداق كەچۇردى،
ياخشى ئادەملەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

1566 ئاتا پەندى تۇتتى، يورىدى كۆنى، B123
قۇتى كۇندە ئارتتى، يارۇدى كۇنى.
ئاتىسىنىڭ پەندىنى تۇتتى، توغرا يولدا يۇردى،
بەختى كۇندىن ـ كۇنگە زىيادە بولۇپ، كۇنى پارلىدى.

1567 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى ئۆگلۇگ كىشى،
باشىندا كەچۇرمىش، بىلىر ئەل ئىشى.
ئەقىللىك، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، ئەل ئىشىنى بىلىدىغان
كىشى ئەمدى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1568 «ئاتا پەندىنى سەن قاتىغ تۇت قاتىغ،
قۇتادغاي كۇنۇڭ، بەرگە كۇندە تاتىغ.
«ئاتا پەندىنى سەن بەكمۇ چىڭ تۇت،
كۇنۇڭ قۇتلۇق بولغاي ۋە كۇنلىرىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتكەي.

1569 ئاتاڭنى، ئاناڭنى سەۋىندۇر، تاپىن،
يانۇت بەرگە تاپغۇڭ تۇمەن مىڭ ئاسىغ».
ئاتا ـ ئاناڭنى خۇش قىلىپ، (ئۇلارغا) خىزمەت قىل،
بۇ خىزمىتىڭنىڭ بەدىلىگە تۇمەنمىڭ پايدا كەلگەي».

* * *

1570 ئەلىگمە قاتىغلاندى ئاندا نارۇ،
كۇنىڭە ئۇرۇ باردى ئەدگۇ تۆرۇ.
ئەلىگمۇ شۇنىڭدىن بېرى غەيرەتكە كەلدى،
كۇندىن ـ كۇنگە توغرا قانۇنلارنى تۇزۇپ باردى.

1571 بايۇدى بودۇن ھەم ئەتىلدى ئەلى،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى بودنى تىلى.
خەلق بېيىدى ھەم ئەل ئىشى يۇرۇشتى،
ئەلىگكە خەلقى دۇئا قىلدى.

*　　*　　*

1572 ئەلىگ بىر كۈن ئولدۇردى يالگۇز ئۆزۈن،
كەمىشتى كىتاب، ئۆترۈ باقتى ئۆزۈن.
ئەلىگ بىر كۈنى يالغۇز ئۆزى ئولتۇراتتى،
قولىدىكى كىتابنى قويدى ۋە كۆزىنى ئۆزاققا تىكتى.

1573 تۈگۈلدى ئۆگى، كۆڭلى يەتلۈمەدى،
تىلەدى ئايىتغۇ، كىشى بۇلمادى.
ئەقلى چىگىلدى، كۆڭلى (ھېچنېمىنى) چۈشەنمىدى،
سورىماقچى بولدى، (لېكىن) ھېچكىم تېپىلمىدى.

1574 ساقىندى، كۆر، ئايتولدى ئەردەملەرى،
ئايۇر، ئاي دەرىغا، ئول ئەردە ئەرى.
قارا، ئايتولدىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئەسلىدى،
دەرىخا، ئۇ ئەرلەرنىڭ ئەرى ئىدى، دېدى.

1575 قاپۇغ كۆركى ئەردى ماڭا ئەدگۈ ئەش،
بودۇن ئاسغى ئەردى ئاڭار تەگسە ئىش.
ئۇ ئىشىكىمنىڭ كۆركى ئىدى، ماڭا ياخشى ھەمراھ ئىدى،
ئۇ بېجىرگەن ئىش خەلققە پايدىلىق ئىدى.

1576 قۇرۇغ قالدى ئورنى، ئەرىلدى ئەشىم،
ئەرۈكلەر پۈتۈرگۈ قانى بىر كىشىم.
ھەمراھىم يوقالدى، ئورنى بوش قالدى،
بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالايدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟

1577 يانا ساقنۇ ئالدى، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
ئايۇر: مەن ئۇنىتمىشمەن ئەدگۈ ئىشىگ.
يەنە ئويلىنىپ، ئۆگدۈلمىشنى (ئېسىگە) ئالدى
ۋە دېدىكى: مەن بىر ياخشى ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

1578 ئۆلۈردە ئول ئايتولدى ئوغلىن ماڭا C74
تۇتۇزدى، ئانى مەن ئۇنىتتىم تاڭا.
ئۇ ئايتولدى ئۆلەر ۋاقتىدا ئوغلىنى ماڭا
تاپشۇرغانىدى، مەن ئۇنى نېمىشقا ئۇنتۇدۇمكىنتاڭ!

1579 ئاتا ئۆلدى ئەرسە ئوغۇل بار تىرىگ،
بىرىسىن يىتۇردۇم، تۇتايىن بىرىگ.
ئاتىسى ئۆلگەن بولسا، ئوغلى ھايات بار،
بىرىنى يوقاتتىم، (ئەمدى) بىرىنى تۇتاي.

*   *   *

1580 كىشى ئىدتى تەركىن، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ A 63
ئوقىدى، ئۆزىڭە، بەكىتتى ئىشىگ.
دەرھال ئادەم ئەۋەتتى، ئۆگدۈلمىشنى
ئالدىغا چاقىرتتى ـ دە، ئىشنى ھەل قىلدى.

25

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئەلىگ تاپۇغىڭا گۆرۈغشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

B124 1581 يورىپ كىردى ئۆگدۈلمىش ئۇترۇ تۇرۇپ،
ئەلىگكە كۆرۈندى سەۋىنچلىگ بولۇپ.
ئۆگدۈلمىش كىرىپ كەلدى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ
خۇشال ھالدا ئەلىگكە كۆرۈندى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1582 ئەلىگ كۆردى تەركىن ئوقىدى ئانى،
ئايىتتى: نەگۈ قىلدى ئۆدلەك سەنى؟
ئەلىگ كۆرۈپ دەرھال ئۇنى چاقىردى،
زامان سېنى نېمە قىلدى؟ دەپ سورىدى.

1583 نەگۈتەك كەچەر بۇ كەچىگلى كۈنۈڭ،
كۆنىمۇ يورىرسەن، يا ئەگرى يولۇڭ؟
كەچۈرمىش كۈنلىرىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ،
توغرا يۈرۈۋاتامسەن ياكى ئەگرى يولدىمۇ؟

1584 نەگۈ قىلدى ئۆدلەك ئاتاڭدا كەدىن،
سەۋىنچمۇ بەرۈر، يا ساقىنچ قادغۇدىن؟
ئاتاڭدىن كېيىن زامان ساڭا نېمىلەرنى قىلدى،
خۇشاللىق بەخش قىلدىمۇ ياكى غەم ـ قايغۇمۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1585 ئۆتۈندى بۇ ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
ئۇزۇن كەچ تىرىلسۇ، يادىلسۇ ئاتى.
ئۆگدۈلمىش ئۆتۈنۈپ: (دېدى) دۆلەتلىك ئەلىگ،
ئۇزۇن ياشا، نامىڭ يېيىلسۇن.

1586 يىراق بولدۇم ئەلىگ تاپۇغىندا تاش،
ئەرىگلەندى ئۆدلەك ماڭا تۇگدى قاش.
ئەلىگدىن يىراقلىشىپ، خىزمىتىدىن سىرتتا قالدىم،
زامان (مەندىن) يۈز ئۆرۈپ، قوشۇمىسىنى تۈردى.

1587 يۇتە بولدى ئەلىگ يۇزىن كۆرمەدىم،
ساقىنچ، قادغۇ بىرلە يورىپ كۆلمەدىم.
ئۇزۇن بولدى ئەلىگ يۈزىنى كۆرمىدىم،
غەم ـ قايغۇ بىلەن يۈرۈپ كۈلمىدىم.

1588 بۇ كۈن ئەدلەپ ئەلىگ مەنى ئۈندەدى،
ئۈمىنچلىغقا دەۋلەت ماڭا قۇر بادى.
بۈگۈن ئەلىگ مېنى ئەسلەپ، (ئالدىغا) چاقىردى،
ماڭا ئۈمىد ۋە دۆلەت كەمىرى باغلاندى.

1589 ئەلىگ يارلىغىنى ئەشىتتى ئۆزۈم،
كۈنۈم ئەدگۈ بولدى، يارۇدى كۆزۈم.
مەن ئەلىگنىڭ يارلىقىنى ئاڭلىدىم،
كۈنۈم ياخشى بولدى، كۆزۈم نۇرلاندى.

* * *

1590 ئەلىگ تەگمە تۈرلۈگ ئايىتتى بىلىك،
ئۆتۈندى بۇ ئۆگدۈلمىش ئاچتى تىلىگ.
ئەلىگ ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى سورىدى،
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ سۆز ئاچتى.

26

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئەلىگ تاپۇغىڭا كىرمىشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

1591 ئەلىگ ئايدى: مۇندا نارۇ ئاي ئوغۇل،
ماڭا تاپنۇ تۇرغىل، چۆكۈرمە كۆڭۈل.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەي ئوغۇل، بۇنىڭدىن كېيىن
ماڭا خىزمەت قىلىپ تۇر، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما.

1592 ئاتاڭ تاپغى بار ئەردى ئارتۇق تەلىم، C 75
ئۆتەيۈمەدىم، باردى، قالدى بەرىم.
ئاتاڭنىڭ كۆرسەتكەن كۆپ خىزمەتلىرى بار ئىدى،
(ھەققىنى) ئۆتىيەلمىدىم، ئۇ كەتتى، مېنىڭ قەرزىم قالدى.

1593 ئۆتەگۈ كەرەك مەن بۇ ھەقلار ساڭا،
كىشىلەر تىلى بولماسا بەر ماڭا.
بۇ ھەقلەرنى ساڭا ئۆتىشىم كېرەك،
بولمىسا كىشىلەر سۆز ـ چۆچەك قىلىدۇ.

1594 نەگۈ تەر ئەشىتگىل ئۇچ ئوردۇ بەگى، B 125
بىلىپ سۆزلەمىش سۆزكە يەترۈپ ئۆگى.
بىلىپ سۆزگە ئەقىل يەتكۈزۈپ سۆزلىگۈچى
ئۇچ ئوردۇ① بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1595 كىشى ئەمگەك ئىدسا ساڭا بەلگۈلۈك،
ئۇنىتما ئول ئەمگەكنى بولما ئۆلۈگ.
بىرەرسى ساڭا مەلۇم ئەمگەك سىڭدۈرسە،
ئەمگىكىنى ئۇنتۇما، ئۆلۈكتەك بولۇپ (جاۋابسىز قالدۇرما).

1596 كىشىلىكنى قودما، ئاي ئەسلى كىشى،
كىشىلىك قىلۇ تۇر كىشىكە تۇشى.

---

① ئۇچ ئوردۇ — قارلۇق قەبىلىلىرىگە تەۋە بولغان بىر شەھەرنىڭ نامى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېزىشىچە، بۇ شەھەر سەمەرقەنت بىلەن ئەنجان ئوتتۇرىسىدا بولغان («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ تومدىن).

كىشىلىكنى تاشلىما، ئەي ئېسىل كىشى،
كىشىگە دائىم كىشىلىك قىلىپ تۇر.

1597 كىمىڭ ئەمگەكى كىرسە كىمكە بىرەر،
يانۇتىن ئۆكۇش قىل سەن ئۆترۇ ئاڭار.
ساڭا كىمنىڭ بىرئاز ئەمگىكى سىڭگەن بولسا،
كېيىن سەن ئۇنىڭغا كۆپرەك جاۋاب قايتۇر.

1598 كىشى ئەمگەكىنى بىلۇمەز كىشى،
تۇگەل ئۇد بولۇر بۇ، ئاي ئەلچى باشى.
كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمىگەن كىشى
بەئەينى ئۇيغا ئوخشايدۇ، ئەي ئەلنىڭ بېشى.

1599 يورى، ئۇد ئاتانما، كىشىلىك قىلا،
كىشىگە كىشى بول كىشىلىك بىلە.
ئۇي ئاتىلىپ قالما، يۇر، كىشىلىك قىل،
ئادەمگە كىشىلىك قىلىش بىلەن ئادەم بولغىن.

1600 كىشىلىك ئۇچۇن ئات ئۇرۇندى كىشى،
كىشىلىك بىلە ئات كۆتۇردى كىشى.
كىشىلىك قىلغانلىقى ئۇچۇن (ئادەمگە) كىشى دېگەن نام بېرىلگەن،
كىشىلەر كىشىلىك بىلەن نامىنى يۇكسەلدۇرگەن.

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1601 يەر ئۆپتى، كۆر، ئۆگدۇلمىش، ئايدى: ئەلىگ،
ئەلىگ كۆز يارۇتسا ماڭا بولدى ئىگ.
ئۆگدۇلمىش يەر ئۆپتى ۋە دېدى: ئەي ئەلىگ،
ئەلىگ نەزەر ـ ئېتىبارىنى بەرسە، ماڭا ياخشىلىق بولىدۇ.

1602 تاپۇغچى قۇلۇڭمەن، بەگىم سەن ئۇلۇغ،
ئۇلۇغ بەگ ئاغىرلار تاپۇغچى قۇلۇغ.
مەن خىزمەتكار قۇلۇڭ، سەن ئۇلۇغ بېگىم،
ئۇلۇغ بەگلەر خىزمەتكار قۇلىنى قەدىرلەيدۇ.

1603 تىلەسە ئاغىر تۇت، تىلەسە ئۇچۇز،
يۇلۇغ قىلدىم ئەمدى ساڭا مەن بۇ ئۆز.
خالىساڭ قەدىرلە، خالىساڭ خار قىل،
مەن ساڭا ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم.

* * *

1604 تۇرۇپ چىقتى ئاقرۇ قاپۇغقا كەلىپ،
بىر ئانچە يورىپ باردى ئەۋگە تەگىپ.
(ئۆگدۈلمىش) ئاستا تۇرۇپ، ئىشىككە كەلدى ۋە (سىرتقا) چىقتى،
خېلى يۈرۈپ، ئۆيىگە يېتىپ باردى.
1605 قۇرىن بادى ئۆگدۈلمىش ئاندا نارۇ،
قىيىقسىز تاپۇغ قىلدى ئەلدە تۇرۇ.
شۇنىڭدىن بېرى ئۆگدۈلمىش بېلىنى باغلىدى،
بوسۇغىدىن ئايرىلماي دادىل خىزمەت قىلدى.
1606 تاپىندى كەچە تاڭدا تەپرەمەدى،
تۈنىن ياتتى ياتغاق، ئاش ئاندا يەدى.
سەھەردىن ئاخشامغىچە خىزمەت قىلدى، تەۋرەنمىدى،
كېچىسى كۆزەتتە تۇرۇپ، شۇ يەردە ئاش يېدى.
1607 ئەلىگ كۆڭلىڭە سىغدى ئەرسە تاپۇغ، C 76
ئەلىگ بەردى دەۋلەت، ئاچىلدى قاپۇغ.
خىزمەت ئەلىگنىڭ كۆڭلىگە ياققانىكەن،
(ئۇنىڭغا) دۆلەت قول بەردى، (بەخت) ئىشىكى ئېچىلدى.
1608 نەگۈ تەر ئەشىت بۇ تاپۇغ قىلغۇچى،
تاپۇغ بىرلە دەۋلەت ئاتىن مىنگۈچى.
خىزمەت قىلغۇچى ۋە خىزمىتى بىلەن دۆلەت
ئېتىغا مىنگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
1609 ئاي بەگلەر سەۋىنچى تىلەگلى كىشى،
قامۇغ بەگ تىلەكى ئۇزە قىل ئىشى.
ئەي بەگلەرنىڭ شادلىقىنى تىلىگۈچى كىشى،
ھەممە ئىشنى بەگلەرنىڭ خاھىشى بويىچە قىل.

1610 بەگى تاپلاماز ئىشنى قىلسا قۇلى، B126
ئىلەنچ ئۆزگە قىلغۇ سەرىلسە قالى.
بېگى ماقۇل كۆرمىگەن ئىشنى قىلغان قۇل،
ئەگەر پالاكەتكە ئۇچرىسا ئۆزىگىلا تاپا قىلسۇن.

1611 قالى قىلسا بەگلەر تاپىسىز تاپۇغ،
ياۋا قىلدى تاپمىش تىرىگلىك قامۇغ.
ئەگەر ئۇ بەگلەرنىڭ خاھىشىسىز خىزمەت قىلسا،
خىزمەت قىلغان پۈتۈن هاياتى زايە بولىدۇ.

* * *

1612 ياقىن تۇتتى ئەلىگ، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
تۆرۈچە ئايۇ بەردى تەگمە ئىشىگ.
ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى،
بارلىق ئىشلارنى قائىدىسى بىلەن ئېيتىپ بەردى.

* * *

1613 يانا بىر كۈن ئولدرۇپ مۇڭادتى ئەلىگ،
ئايۇر: ئاي دەرىغا، يىتۇردۇم ئەرىگ.
ئەلىگ يەنە بىر كۈنى ئولتۇرۇپ قايغۇردى،
دېدىكى: ۋادەرىخا، (يارامىلىق) ئەرنى يىتتۈردۈم.

1614 قاپۇغدا قالىن بود تەرىلدى تولۇ،
قانى بىر ئىشىمگە ياراغلى تالۇ.
ئىشىككە بىر توپ كىشىلەر توپلاندى،
ئىشىمغا يارىغۇدەك بىرەر خىل كىشى قېنى؟

1615 ئىشىم بارچا سىندى، يوق ئول بىلدەچى،
قانى بىر باغىرساق ئىشىم قىلداچى.
بارچە ئىشىم بۇزۇلدى، ئىش بىلگۈچى يوق،
ئىشىمنى قىلغۇچى بىرەر مېھرىبان قېنى؟

1616 نەگۈ تەر ئەشتتگىل سىنامىش كىشى،
سىناپ ئەدگۈ، ئەسىزنى بىلمىش كىشى.
(تەجرىبىلىك) ۋە ياخشى ـ يامانىنى
سىناپ بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1617 تىلەسە بۇلۇر بارچا ئاززۇ كىشى،
تىلەكتەك كىشى بۇلماز ئەدگۈ باشى.
كىشى ئىستىسە بارچە ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ،
خالىغىنىدەك ياخشىلىقنىڭ باشلامچىسى بولغۇچى كىشىنى تاپالمايدۇ.

1618 بۇ بود ـ سىن يورىغلى قارا باش قالىن، A 64
كىشى تەپ ئىنانغۇ كىشى يوق بىلىن.
بۇي ـ قەددىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن خىزمەتكارلا تولا كۆپ،
بىلگىنكى، (ئۇلار ئىچىدە) ئىنسان دەپ ئىشەنگۈدەك كىشى يوق.

1619 كىشدە كەرەكى ياراغلىسى ئول،
ياراپ هەم تۇسۇلۇپ يورىغلىسى ئول.
ئېھتىياجلىق كىشىلەر ــ (كىشىلەرنىڭ) يارامىلىقى،
(ئىشقا) ياراپ، پايدا يەتكۈزۈپ يۈرگۈچىلەردۇر.

1620 نەگۈ تەر ئەشتىكىل بۇ شىئر ئايغۇچى،
سۆزۈگ مەئنى بىرلە تىزىپ قودغۇچى.
شېئىر ئېيتقۇچى ۋە مەنىلىك سۆزنى
تىزىپ قالدۇرغۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1621 «يورىغلى كۆرۈرمەن ياراغلىسى يوق،
ياراغلى بۇلۇنسا، يورىغلىسى يوق.
«(ئەتراپىمدا) يۈرگەنلەرنى كۆزىتىمەنكى، يارامىلىق يوق،
يارامىلىقتا ئېرىشسەڭ، (يېنىڭدا) داۋاملىق تۇرمايدۇ.

1622 قالىن بود قارا باش يورىغلى تەلىم، C 77
تەلىمدە تىلەسە تۇسۇغلىسى يوق».
خىزمەتكارلار تولىدا يۈرگەن (ئادەم) نۇرغۇن،
بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىزدىسەڭ، ئەسقاتىدىغىنى يوق».

1623 يانا ئايدى ئەلىگ مەسەلدە كەلىر،
ئۇرۇغلۇغ كىشى ئۆلسە ئۇرغى قالىر.

ئەلىگ يەنە ئېيتتى: مەسىلىدە كەلگىنىدەك،
ئۆرۈقلۇق كىشى ئۆلسە، ئۆرۈقى قالىدۇ.

1624 نەگۈ ئەكسە يەرگە يانا ئول ئۈنۈر،
ئوغۇل توغسا قىلقى ئاتاقا يانۇر.

يەرگە نېمە تېرىساڭ، قايتا شۇ نەرسە ئۈنىدۇ،
ئوغۇل تۇغۇلسا، (ئۇنىڭ) مىجەزى ئاتىغا تارتىدۇ.

1625 بۇ ئايتولدى ئوغلى ئاتا يۇرنى ئول،
ئاتا بارسا ئورنى ئوغۇل ئورنى ئول.

بۇ ئايتولدىنىڭ ئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ پۇشتى،
ئاتا ئۆلسە، ئورنى ئوغۇلنىڭ بولىدۇ.

1626 ئاتا باردى ئورنى قۇرۇغ ھەم قوقۇز، B127
قوقۇز تولغۇقا كۆردۈم ئوغلىن كەد ئۇز.

ئاتىسى كەتتى، ئورنى قۇرۇق ۋە بوش قالدى،
بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئوغلىنى بەك باب كۆردۈم.

1627 مۇنى ئەدلەيىن مەن، بۇ بولسۇن كىشى،
كىشى بولمىش ئاسغىن تۇسۇلغاي تۇشى.

مەن ئۇنى تەربىيەلەي، ئۇ ئادەم بولسۇن،
ئادەم بولغانىنىڭ داۋاملىق پايدىسى تېگىدۇ.

1628 بولۇغلۇغ كۆرۈرمەن ياراغۇ مۇنى،
كىچىگلىكتە تاشتىن ئادىن يوق مۇنى.

ئۇنى ياراملىق بولىدۇ دەپ مۆلچەرلەيمەن،
كىچىكلىكتىن باشقا ئۇنىڭ قۇسۇرى يوق.

1629 ئەدى ياقشى ئايمىش ئىلا ئاتلىغى،
بودۇندا بەدۇكى ـ كىشى قۇتلۇغى.

خەلقنىڭ ئۇلۇغى، كىشىلەرنىڭ قۇتلۇقى بولغان
ئىلىنىڭ داڭدار ئادىمى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:

1630 ئەلىگ ئۇرسا بەگلەر كىمى ئەدلەسە،
ياقۇر، باش بولۇر بۇ بەگىندە باسا.

بەگلەر قول سىلىپ، كىمنى تەربىيەلىسە،
(ئۇ بەگكە) يېقىنلىشىدۇ، بەگدىن كېيىن باشلىق بولىدۇ.

1631 كىمى تۇتسا بەگلەر ئۆزىگە ياقىن،
ياغۇدى تىلەكى، كەرەكى باقىن.
بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
ئۇنىڭ تىلىكى، ئېھتىياجى يېقىنلىشىدۇ (دەپ) قارا.

1632 كۆلە باقسا بەگلەر كىشىكە تۇرۇپ،
ئاڭا يىغلۇ تەرلۇر ئەر - ئات يۇز ئۇرۇپ.
بەگلەر بىرسىگە كۈلۈپ باقىدىكەن،
باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

1633 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى ماڭا چارە يوق،
مۇنى ئەدلەسە مەن كىشى بولغۇ ئوق.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى ماڭا باشقا چارە يوق،
بۇنى تەربىيەلىسەم، ئۇ يارامىلىق ئادەم بولىدۇ.

1634 ئۆتەمىش بولايىن ئاتاسى ھەقىن،
قىلايىن كىشىلىك باغىرساقلىقىن.
ئاتىسىنىڭ ھەققىنى ئۆتىگۈچى بولاي،
مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا كىشىلىك قىلاي.

1635 بۇ ئايتولدى تاپىغى تەلىم ئەردى كۆر،
كىشىلىك قىلايىن ئانىڭ يانغى كۆر.
بۇ ئايتولدىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى كۆپ ئىدى،
ئۇنىڭغا جاۋابەن مەردلىك ۋە ئادەمگەرچىلىك قىلاي.

1636 كىشىلىك تەدۇكۇم بولۇر ئەدگۈلۈك، C 78
بۇ ئەدگۈ بولۇر ئول يەگۇ - كەدگۈلۈك.
ئادەمگەرچىلىك دېگىنىم — ياخشىلىق دېگەنلىك بولىدۇ،
بۇ ياخشىلىق يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك (بەرگەنلىك) بولىدۇ.

1637 كىشى ئەسلى ئەدگۈگ ئۇنىتماز بولۇر،
كىشى ئۇرغى كۆڭلىن ئەمىتمەز بولۇر.
كىشىنىڭ ئېسىلى ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ،
(ياخشى) ئۇرۇقلۇق ئادەم ئالا كۆڭۈل بولمايدۇ.

1638 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئاۋىچغا سۆزى،
ئاۋىچغا سۆزىن تۇت، ئۇنىتما قوزى.

قېرىلار سۆزىنى ئاڭلا، نىمە دەيدۇ،
قېرىلار سۆزىنى (ئېسىڭدە) تۇت، ئۇنتۇما، قوزام:

1639 بۇ ئەدگۇ قىلۇ تۇر، ئاي ئەدگۇ كىشى،
قارىماز بولۇر ئەدگۇ، مەڭۇ ياشى.
ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىلىپ تۇر،
ياخشىلىق قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك.

1640 بۇ ئەدگۇ قارىماز، يەمە ئوپراماز،
ياشى كەد ئۇزۇن ئول، ئاتى ئارتاماز.
ياخشىلىق قېرىمايدۇ ھەم ئۇپرىمايدۇ،
يېشى بەكمۇ ئۇزۇن، نامى بۇزۇلماستۇر.

* * *

1641 ئاغىرلادى ئەلىگ، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
ئاڭار ئايدى ئەدگۇ، ئەسىز ئۆز ئىشىگ.
قارا، ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى قەدىرلىدى،
ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى ئېيتتى.

1642 ئاچىندى ئەلىگ، كۆر، كۆتۈردى ئۆرۈ،
بولۇ بەردى ئەۋرەن يۇمىتتى تۆرۈ.
ئەلىگ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، يۇقىرى كۆتۈردى،
بەختى ئوڭدىن كېلىپ، قانۇن - قائىدىلەر بىلەن تونۇشتى.

1643 ئوڭاردى تۆرۈ ھەم توقۇ، ئىچ تاپۇغ،
ئاچىلدى تاپۇغدىن تىلەمىش قاپۇغ.
قانۇن - نىزام، ئىچكى ئىشلارنى تۈزەتتى،
بۇ خىزمىتى يۈزىسىدىن تىلىگەن ئىشىكلەر ئېچىلدى.

1644 مۇنى بولدى ئەردەم، سۆزى بولدى سۆز، B128
ئەلىگ تۇردى ئەرسە ئاڭار ئاچتى كۆز.
قۇسۇرى پەزىلەت بولدى، سۆزى سۆز بولدى،
ئەلىگ ئويغىنىشى بىلەنلا ئۇ، كۆز ئوڭىدا بولاتتى.

*　　*　　*

1645 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى تىلەمىش ئىشىم،
تۆزۈ ئەتلۈ بارغاي ئىچىم ھەم تاشىم.
ئەلىگ ئېيتتى: ئارزۇ قىلغان ئىشىم
ماھىيەت ۋە قىياپەت جەھەتتىن يولغا قويۇلۇپ بارىدۇ.

1646 يۆلەكى بار ئەردى مۇنۇڭ بەلگۈلۈك،
ئانىن ئەدلەدىم، قىلدىم ئاچىغ ئۆلۈگ.
بۇنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار ئىدى،
شۇڭا (ئۇنى) تەربىيەلىدىم، غەمخورلۇق قىلدىم.

1647 مۇنۇ بولدى ئەمدى تىلەكتەك كىشى،
تاقى بولغۇسى بار يەتىلسە ياشى.
مانا ئەمدى مەن ئارزۇ قىلغاندەك بىر ئادەم بولدى،
يېشى يېتىلسە، يەنىمۇ كامال تاپىدۇ.

1648 ئۇلۇغ بولغۇ ئوغلان، نە ئەرسىگ توغان
كىچىگدە بولۇر بارچا بەلگۈ نىشان.
مەرد ـ جەسۇر بولۇپ يېتىشىدىغان ئوغلاننىڭ
كىچىك ۋاقتىدىلا بەلگە ـ نىشانى بولىدۇ.

1649 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيتىگ ئوقى،
ئۇقا بارسا مەئنى ئاچىلغاي تاقى.
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان بۇ بېيىتنى ئوقۇ،
چوڭقۇر چۈشەنسەڭ، مەنىسى تېخىمۇ ئېچىلىدۇ:

1650 «قامۇغ بولغۇ نەڭگە بولۇر بەلگۈ تەڭ،
كىچىگدە بەدۈگىنچە ئول بولغۇ تەڭ.
«بولىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ (ئۆزىگە) يارىشا بەلگىسى بولىدۇ.
(بۇ بەلگە) كىچىكىدىن چوڭايغىچە بىر ئۆلچەم بولۇپ قالىدۇ.

1651 يەمىش، يەگۈ ـ نىئمەت چەچەكىندە كۆر،
قامۇغ نەڭگە ياڭزاغ مۇنى بىلگۈ تەڭ».
مېۋە ـ چىۋىنىڭ بولۇشىنى چېچەكىدىن كۆرۈش لازىم،
ھەممە نەرسە بۇنىڭغا ئوخشاش، دەپ بىلىش لازىم».

*　　*　　*

1652 تاپىندى بۇ ئۆگدۈلمىش ئۇترۇ تۇرۇپ، C79
قىيىلمادى تاڭدا، كەچە ئۆد بولۇپ.
بۇ ئۆگدۈلمىش (ئەلىگنىڭ) ئالدىدا خىزمەت قىلدى،
تاڭ سەھەردىمۇ، كەچكى ۋاقىتلاردىمۇ (خىزمەتتىن) باش تارتمىدى.

1653 كەتەردى ئۆزىندىن ياراغسىز مۇھال،
تۇسۇلدى قامۇغ تۇرلۇگ ئىشكە تۇگەل.
ئۆزىنى بولمىغۇر، يارامسىز ھەرىكەتلەردىن خالاس قىلدى،
ھەرقانداق ئىشقا تامامەن يارامىلىق بولدى.

1654 قۇتۇلدى ئەلىگ، كەتتى ئەمگەكلەرى،
بودۇن ئاسغى ئارتتى يەنىپ يۈكلەرى.
ئەلىگنىڭ مۇشەققەتلىرى كېتىپ، قۇتۇلدى،
خەلقنىڭ يۈكى يەڭگىللەپ، پايدىسى كۆپەيدى.

*　　*　　*

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1655 ئەلىگ ئۇندەدى بىر كۈن ئۆگدۈلمىشىگ، A65
ئاڭار سۆزلەدى سۆز ئۇقۇپ بىلمىشىگ.
بىر كۈنى ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى،
ئۇققان ـ بىلگەنلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلىدى.

1656 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى ئەشىت، ئاي ئوغۇل،
سۆز ئايتۇر ئۆزۈم، سەن ماڭا تۇت كۆڭۈل.
ئەلىگ دېدى: ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئاڭلا،
ساڭا سۆزۈمنى ئېيتاي، ماڭا كۆڭۈل قوي.

1657 ئايۇ بەر كىشىگە تۇسۇلۇر قايۇ،
قايۇ ئول تۇسۇسى؟ ماڭا ئاي سايۇ؟

ئېيتىپ بەر، كىشىگە پايدىلىق نەرسىلەر نېمىلەر؟
ئۇنىڭ پايدىسى نېمە؟ ماڭا بىر ـ بىرلەپ بايان قىل.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1658 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: ئاي بەگ،
بىلىك ئوردۇسى، ئاي كىشىلەردە يەگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەي بەگ،
ئەي بىلىمنىڭ ئوردىسى، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

1659 كىشىگە تۇسۇلغۇ ئىكىگۈ ئاژۇن، B129
قىلىنچ ئەدگۇسى ئول، قىلقى تۇزۇن.
ئىككى جاھاندا كىشىگە پايدىلىق نەرسە
ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتتۇر، ئەي خۇش پېئىل (كىشى.)

1660 ئىكىنچى ئۇۋۇت ئول، ئۇچۇنچى كۆنى،
بۇ ئۇچ نەڭ بىلە ئەر بۇلۇر قۇت كۇنى.
ئىككىنچى ـ ئۇيات، ئۇچىنچى ـ توغرىلىق،
ئۇچ نەرسە بىلەن كىشى قۇتلۇق كۇنگە ئېرىشىدۇ.

1661 قىلىنچ ئەدگۇ بولسا، قامۇغ خەلق سەۋەر،
قىلىقى كۆنى بولسا، تۆرگە ئاغار.
ئىش ـ ھەرىكىتى ياخشى بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ،
مىجەزى توغرا بولسا، تۆرگە چىقىدۇ.

1662 ئۇۋۇت ئول تىدىغلى قامۇغ تەڭسىزىگ،
ئۇۋۇتسۇزلۇق ئەرگە ئەدى تەڭسىز ئىگ.
ھايا ـ ئۇيات بارلىق يارىماسلىقلارنى تىيگۇچىدۇر،
ئۇياتسىزلىق كىشى ئۇچۇن تەڭداشسىز بىر كېسەل.

1663 تاقى بىر سىلىگلىك، قىلىنچى كۆنى،
ئىكىگۇ ئاژۇندا قۇتادۇر كۇنى.
يەنە بىرسى مۇلايىم، توغرا مىجەزلىك (بولۇش)،
(بۇنداق كىشىنىڭ) ھەر ئىككى دۇنيادا كۇنى سائادەتلىك بولىدۇ.

1664 كۆنىلىك، ئۇۋۇت ھەم بۇ ئەدگۈ قىلىنچ،
ئۈچەگۈن بىرىكسە بۇ بولدى سەۋىنچ.
توغرىلىق، ھايا ۋە ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت،
بۇ ئۈچى (كىمدە) بىرلەشسە، ئۇ شادلىققا ئېرىشىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1665 يانا ئايدى ئەلىگ، ئەشىتتىم بۇ سۆز، C80
تۇسۇلماز قايۇ ئول كىشىگە ياۋۇز؟
ئەلىگ يەنە ئېيتتىكى، بۇ سۆزنى ئاڭلىدىم،
كىشى ئۈچۈن يامان ۋە پايدىسىز ئىشلار قايسى؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1666 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
بۆگۈلەپ بۇ سۆزگە يەتۇرسۇ بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەلىگ،
دانالىق بىلەن بۇ سۆزنىڭ (مەنىسىگە) يەتسۇن.
1667 كىشىگە تۇسۇلماز، تۇگەل ياس قىلۇر،
بۇ ئۈچ نەڭ تۇرۇر، كۆر، ئاي ئەلچى ئۇنۇر.
كىشى ئۈچۈن پايدىسىز، زىيان كەلتۈرگۈچى-
مۇنۇ ئۈچ نەرسىدۇر، ئەي قۇدرەتلىك ھاكىم:
1668 بىرى ئارقۇق ئەرسە بۇ قىلقى ياۋۇز،
تاقى بىر يالغان تۇزەر ئەرسە سۆز.
بىرى ـــ جاھىللىق، يامان مىجەز بولسا،
يەنە بىرى ـــ يالغاندىن سۆز توقۇش؛
1669 تاقى بىر ساران ئول كىشىدە ئەلى،
بۇ ئۈچ نەڭ ئۈچەگۈ بىلىكسىز تىلى.

يەنە بىرى كىشىنى پەسلەشتۈرگۈچى بېخىللىقتۇر،
بۇ ئۇچىنىڭ ھەممىسى نادانلارغا خاس.

1670 كىمىڭ بولسا ئارقۇق قىلىنچى ئوتۇن،
ئىشى بارچا تەترۇ بولۇر توغسا كۈن.
كىمنىڭ مىجەزى ئەسكى، جاھىل بولسا،
ھەرقاچان ئۇنىڭ ئىشى تەتۈر بولىدۇ.

1671 چاۋىقسا كىم ئەرسە بۇ يالغان تىلىن،
ساۋى باردى يالڭۇق ئارا سەن بىلىن.
كىمكى يالغانچىلىق بىلەن نام چىقارسا،
بىلگىنكى، خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى كېتىدۇ.

1672 سارانلىقتا ئىنغا نەگۇ بار ئادىن، B130
تەرەر نەڭ، يەيۇمەز، قالىر نەڭ كەدىن.
بېخىللىقتىن پەس يەنە نېمە بولسۇن،
(بېخىل) دۇنيا توپلايدۇ، يېمەيدۇ، كېيىن دۇنياسى قالىدۇ.

1673 نەگۇ تەر ئەشىتكىل سارانىغ بىلىك:
ئاي چىرغۇي، ئاي مۇڭلىغ، ئاي تۇگمىش ئەلىگ،
بىلىم بېخىللىق ھەققىدە نېمە دەيدۇ ئاڭلا:
ئەي بىچارە، ئەي ھەسەتخور، ئەي قولى يۇمۇق.

1674 تەرە بىلدىڭ ئالتۇن، يەيۇ بىلمەدىڭ،
بۇ ئالتۇن يىغىپ بىر نەلۈك بەرمەدىڭ.
ئالتۇن يىغىشنى بىلدىڭ ـ يۇ، يېيىشنى بىلمىدىڭ،
بۇ ئالتۇنلارنى يىغىپ، نېمىشقا بىرەر (كىشىگە) بەرمىدىڭ؟

1675 ئاي دۇنيا تەرىپ سەن يەيۇمەز كىشى،
يەگۈچى ئانۇندى، ئانۇق تۇت ئاشى.
ئەي دۇنيانى يىغىپ يېيەلمىگۈچى ئىنسان،
يېگۈچىلەر تەييارلاندى، ئەمدى ئاش ـ تاماق تەييارلا.

1676 ئول ئۇچ نەڭ كىمىڭ بولسا كەلدى قۇتى،
بۇ ئۇچ نەڭ كىمىڭ بولسا يىتتى ئاتى.
ئۇ ئۇچ نەرسە كىمدە بولسا بەختى كېلىدۇ،
بۇ ئۇچ نەرسە كىمدە بولسا نامى يوقىلىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

1677 يانا ئايدى ئەلىگ، ئەشىتتىم مۇنى،
تاقى بىر سۆزۇم بار، ئايۇ بەر ئانى.
ئەلىگ يەنە ئېيتتىكى، بۇنى ئاڭلىدىم،
يەنە بىر سوئالىم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەر،

1678 ئانادىنمۇ بىلگە تۇغار بۇ كىشى،
ئازۇ ئۆگرەنۇرمۇ يەتىلسە ياشى؟
ئادەم ئانىدىن بىلىملىك تۇغۇلامدۇ،
ياكى ياش يەتكەندە ئۆگىنەمدۇ؟

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1679 يانۇت بەردى ئۆگدۇلمىش: ئەلىگ قۇتى، C 81
بىلىك هەم ئۇقۇش ئول بۇ ئەردەم ئاتى.
ئۆگدۇلمىش جاۋاب بەردى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
پەزىلەتنىڭ نامى — بىلىم ۋە پاراسەتتۇر.

1680 بىلىكسىز تۇغار ئول تۇرۇ ئۆگرەنۇر،
بىلىك بىلسە ئۆترۇ قامۇغ ئىش ئۆنۇر.
(ئادەم) بىلىمسىز هالدا تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ.
بىلىم بىلگەندىن كېيىن بارلىق ئىشتا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

1681 ئانادىن تۇغۇغلى بىلىكسىز تۇغار،
بىلىك ئۆگرەنۇر ئۆترۇ تۆرگە ئاغار.
ئانىدىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ،
بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ.

1682 ئۇقۇش ئول ئانى يالڭۇق ئۆگرەنمەدى،
تادۇ بىرلە قاتلىپ تۆرۇتۇر ئىدى.

ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىنسانلار ئۆگەنمىگەن،
(ئۇنى) خۇدا ئەسلىي تەبىئىتىگە قوشۇپ يارىتىدۇ.

1683 ئۇقۇشتا ئادىن بارچا ئەردەملەرىگ،
كىشى ئۆگرەنۇر ئۆترۇ يەتلۇر بىلىك.

ئەقىل ـ ئىدراكتىن باشقا بارلىق پەزىلەتلەرنى
ئىنسان ئۆگىنىدۇ، ئاندىن بىلىمى يېتىلىدۇ.

*　　*　　*

1684 سەۋىندى ئەلىگ، كۆر، ئەشىتتى بۇ سۆز،
ئايۇر: ئۆز تىلەكىنى بۇلدى بۇ ئۆز.

ئەلىگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سۆيۈندى،
دېدىكى: مەن (ئەمدى) ئۆز تىلىكىمگە ئېرىشتىم.

1685 ئاتاسىن يىتۇردۇم، مۇنۇقى ئوغۇل
ئاتا ئورنى تۇتتى، بۇلۇپ ئەدگۇ يول.

ئاتىسىنى يوقاتتىم، (ئەمما) بۇ ئوغۇل
توغرا يولدا يۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىنى باستى.

1686 باياتقا شۇكۇر قىلغۇ ئەمدى ئۆكۈش، B131
بودۇنقا تۆرۇ قىلغۇ ئەدگۇ ئۇلۇش.

ئەمدى خۇداغا كۆپلەپ شۇكۇر قىلغۇلۇق،
خەلققە ياخشىلىق يەتكۈزۈپ، قانۇن يۈرگۈزگۈلۈك.

1687 باغىرساق كۆرۈرمەن بۇ ئۆگدۈلمىشىگ، A66
پۇتۇنلۇك بىلە قىلدى بارچا ئىشىگ.

بۇ ئۆگدۈلمىشنى ماڭا سادىق ھېسابلايمەن،
(ئۇ) ھەممە ئىشنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىدى.

1688 ئاڭارما بۇ كۈن قىلغۇ ئەدگۇ يانۇت،
ئول ئەدگۇ يانۇتىن بۇ بۇلسۇ ئانۇت.

ئۇنىڭغىمۇ بۈگۈن ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش لازىم،
ياخشىلىقلارنىڭ جاۋابىغا ئۇ ھازىر ئېرىشسۇن.

1689 نەگۇ تەر ئەشىتكىل كىشى ئۆدرۈمى،
كىشى ئۆدرۈمى ھەم بودۇن كۆدرۈمى.

خەلق ئىچىدىن تاللىنىپ چىققان
سەرخىل كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1690 «كىشىلىك قىلۇرقا كىشىلىك ئانۇت،
كىشىلىك تەڭىنچە تۆرۈ قىل يانۇت.
«كىشىلىك قىلغانغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب بەر،
كىشىلىككە لايىق ئادىل جاۋاب ياندۇر.

1691 ۋەفاقا ۋەفا ئول كىشىلىك ھەقى،
ۋەفا قىل، كىشى بول، ئاتىڭنى بەدۇت».
ۋاپاغا ۋاپا قىلىش كىشىلىكنىڭ بۇرچى،
ۋاپا قىلىپ ئادەم بول، نامىڭنى ئۇلغايت».

*　　*　　*

1692 كۇنگە ئاغىرلادى ئەلىگ ئانى، C82
قامۇغ ئەلگە تولدى، كۆر، ئاتى، ئۇنى.
ئەلىگ ئۇنى كۇندىن ـ كۇنگە قەدىرلىدى،
ئۇنىڭ نامى ۋە داڭقى پۈتۈن ئەلگە تارالدى.

1693 بودۇندا بەدۇك بولدى بەلگۈ ـ نىشان،
ئاژۇندا چاۋى باردى ئەدگۈ دۇئان.
نام ـ نىشانى خەلق ئىچىدە يۇقىرى بولدى،
ياخشى دۇئالار بىلەن جاھانغا داڭقى كەتتى.

1694 ئۇلۇغ بولدى ئەش ـ تۇش ئارا بەلگۈلۈگ،
بەدۇك بولدى بەگلەر ئارا بۇ كۇلۇگ.
دوست ـ بۇرادەرلىرى ئارىسىدا ئۇلۇغ بولدى،
بەگلەر ئارىسىدىمۇ شۆھرىتى كۆتۈرۈلدى.

1695 كۆڭۈل، تىل كىچىگ تۇتتى، قىلقى ئوڭاي،
ياراشتى قامۇغ بىرلە، كەچتى كۈن ئاي.
سۆز ـ ھەرىكەتتە كەمتەر، مىجەزى مۇلايىم بولدى،
ھەممە بىلەن ئەپ بولۇپ، كۈن ۋە ئايلار ئۆتتى.

1696 كۆڭۈل قودقى تۇتتى، تىلىن سۆز سۇچىگ،
بودۇنۇغ ئىستتى تاشىغ ھەم ئىچىگ.

ئۆزىنى كىچىك پېئىل تۇتتى، سۆزى شېرىن بولدى،
خەلقنىڭ ئىچ ـ تېشىنى ئىسسىتتى.

1697 ئاداش، قولداش، ئەردەش تۇتۇندى قالىن،
ئاداش، قولداش ئول ئەركە ئارقا بىلىن.

كۆپ دوست ـ بۇرادەر، ئاغىنە تۇتتى.
بىلگىنكى، دوست ـ بۇرادەر ئادەم ئۈچۈن يۆلەنچۈكتۇر.

1698 كىمنىڭ بولسا قولداش، ئاداشى تەلىم،
ئانىڭ ئارقاسى بەك قايا ئول يالىم.

كىمنىڭ دوست ـ بۇرادىرى، قولدىشى كۆپ بولسا،
ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى مۇستەھكەم، تىك قىيا (دەك) بولىدۇ.

1699 كىمنىڭ ئارقاسى بولسا كۈچلۈگ بولۇر،
بۇ كۈچلۈگ كىشى قۇتقا تۇپلۇگ بولۇر.

كىمنىڭ ئارقا تىرىكى بولسا، ئۇ كۈچلۈك بولىدۇ،
كۈچلۈك كىشى بەختكە ئاساس سالالايدۇ.

1700 نە ئەدگۇ بولۇر قۇتقا قودقى كۆڭۈل،
نە كۆركلۈگ بولۇر بىلگە بولسا ئامۇل.

مۇلايىم كەمتەر بولۇش بەخت ئۈچۈن قانداق ياخشى(نەرسە ـ هە)،
ئالىم مۇلايىم بولسا، نېمىدېگەن كۆركەم ئىش بولىدۇ!

1701 يەمە ياقشى ئايمىش بۇ ئۆگلۈگ كىشى،
كىم ئۆگلۈگ سۆزىن تۇتسا ئەتلۇر ئىشى.

ئەقىللىك كىشى بەكمۇ ياخشى ئېيتقان،
كىم ئەقىللىكنىڭ سۆزىنى (ئەستە) تۇتسا، ئىشى يۇرۇشىدۇ.

1702 كىمنىڭ بىرلە دەۋلەت ياراشسا كەلىپ، B132
كۆڭۈل قودقى تۇتغۇ كىچىگلىك قىلىپ.

دۆلەت كېلىپ كىم بىلەن ياراشسا،
كىچىك پېئىللىق بىلەن كۆڭلىنى كەمتەر تۇتسۇن.

1703 كەلىر ئەرسە دەۋلەت كىشىگە كۇلە،
تۇتۇپ بەركلەگۇسى كىچىگلىك بىلە.

دۆلەت كېلىپ كىشىگە كۈلۈپ باقسا،
(ئۇنى) كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇستەھكەملەش لازىم.

1704 كۆچۈتتەك بولۇر قۇت تۆپى ھەم تۆزى،
كۆڭۈل قودقىسى ئول ئانىڭ يىلدىزى.
بەخت ئەسلى تىگى ـ تەكتىدىن كۆچمەننىڭ ئىتىدەك نەرسە،
ئۇنى (تۇتۇپ تۇرغۇچى) يىلتىز كەمتەرلىكتۇر.
1705 نە ئەدگۈ بولۇر قودقى، ئالچاق كىشى،
نە كۆركلۈگ بولۇر كۇندە ئەتلۇر ئىشى.
كىچىك پېئىل، كەمتەر كىشى نېمىدېگەن ياخشى،
نېمىدېگەن گۈزەل بولىدۇ ـ ھە ئدائىم ئىشى يۇرۇشىدۇ.
1706 ئۇلۇغسىغ، كۇۋەز، كۇر كىشى ئول تۇرى،
كۇنىگە قودى ئول كۇۋەزلىك قۇرى.
تەكەببۇر، مەغرۇرلىنىدىغان، ماختانچاق كىشى تېتىقسىز بولىدۇ،
تەكەببۇر كىشىنىڭ ئېتىبارى كۇندىن ـ كۇنگە تۆۋەنلەيدۇ.
1707 قامۇغقا ياراشۇر بۇ قۇت ئۇرسا يۇز،
ئۇقۇشلۇغقا ئارتۇق ياراشۇر كەد ئۇز.
بەخت يۈزلەنسە، ھەممىگە يارىشىدۇ،
(ئەمما) ئەقىللىك كىشىگە بەكمۇ چىرايلىق يارىشىدۇ.
1708 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيتىگ ئوقى، C83
ئوقىغىل، ئۇقا بار، ئاي ئەلگى ئاقى:
بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بۇ بىر بېيىتنى ئوقۇ،
ئەي قولى ئوچۇق سېخىي، ئوقۇپ ياخشى چۈشەن:
1709 «بىلىكسىزگە دەۋلەت ياراشسا كەلىپ،
بىلىكلىگكە ئارتۇق ياراشۇر بىلىپ.
«دۆلەت بىلىمسىزگە كېلىپ ياراشقىنىكەن،
بىلىملىكنى تېخىمۇ ئوبدان كۆرۈپ بەكمۇ يارىشىدۇ.
1710 بىلىكسىز بىلە تۇرسا دەۋلەت قالى،
بىلىكلىگ بىلە تۇرغا تۇپلۇگ ئەرىپ».
دۆلەت بىلىمسىز بىلەن بىللە تۇرغىنىكەن،
بىلىملىككە تېخىمۇ مۇستەھكەم باغلىنىپ تۇرىدۇ».
1711 بىلىكسىز بەدۇك بولسا دەۋلەت بىلە،
بىلىكلىگ بەدۇكرەك كۇ ـ چاۋ، ئات بىلە.

بىلىمسىز دۆلەت بىلەن يۈكسەلگەن يەردە،
بىلىملىك نام ـ شۆھرىتى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەكرەك بولىدۇ.

1712 بىلىكسىزگە دەۋلەت كەلىر ئەرسە قۇت،
تۇرۇماز بۇ دەۋلەت ئانىڭ بىرلە، يۇت.
بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسىمۇ،
ئىشەنكى، بۇ دۆلەت ئۇنىڭ بىلەن تۇرالمايدۇ.

1713 مۇنۇقى بۇ سۆزگە تانۇق كەلدى سۆز،
ئۇقىغىل مۇنى سەن، ئايا كۆڭلى تۇز:
مانا بۇ سۆزگە شاھىت بولۇپ بىر سۆز كەلدى،
ئەي تۈز كۆڭۈل، بۇنى ئۇقۇغىن:

1714 «كەلىر قۇت كىشىگە ئاغىرلار ئانى،
سىڭەر ئول ئاغىرلىق يورىسا كۆنى.
«كىشىگە بەخت كېلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلىك قىلىدۇ،
توغرا ئىش ـ ھەرىكەت قىلسا، بۇ قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭغا سىڭىدۇ.

1715 بولۇمسۇزقا دەۋلەت كەلۇ بەرسە قۇت،
ئەتەر دەۋلەتىن ئول كەچۇرمەز كۇنى».
بولۇمسىزغا دۆلەت، بەخت كەلگەن بولسىمۇ،
ئۇ دۆلەتنى ئىتتىرىپ، بىر كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ».

*   *   *

1716 سىنادى كۆر ئەلىگ بۇ ئۆگدۈلمىشىگ،
كۆنىلىك ئۈزە بۇلدى بارچا ئىشىگ.
ئەلىگ بۇ ئۆگدۈلمىشنى سىنىدى،
بارلىق ئىشنى توغرىلىق بىلەن بېجىرگىنىنى كۆردى.

1717 ئاغىرلادى ئانچا كۆتۈردى ئۆرۈ، B133
ئۇچۇزلادى ئانچا ياۋۇزراق كۆرۈ.
(بەزىدە) قەدىرلىدى، يۇقىرى كۆتۈردى،
بەزىدە يامان مۇئامىلە بىلەن خورلىدى.

1718 ئاغىرلىق ئۆدىنىدە كىشىگ سەرمەدى،
ئۇچۇزلۇق ئۆدىنىدە تاپۇغ كەسمەدى.

قەدىرلەنگەن ۋاقتىدا، كىشىلەرنى رەنجىتمىدى،
خورلۇق كۆرگىنىدە، خىزمەتنى توختاتمىدى.

1719 ئەلىگكە يىشىغ بولدى كۆڭلى پۈتۈپ،
ئاغى قازناقى بەردى ئەدگۈ تۇتۇپ.
ئەلىگكە چىن كۆڭلىدىن باغلىنىپ، قالقان بولدى،
ئۇنىڭ خەزىنە - دۇنياسىنى ياخشى باشقۇردى.

1720 ئەمانەت يۇدۇردى بويۇنقا ئۇلۇغ،
ئەمانەت يۇدەر ئەرگە جانىم يۇلۇغ.
بويىنىغا ئېغىر بىر ئامانەت يۈكلىدى،
ئامانەتنى زىممىسىگە ئالغان كىشىگە جېنىم پىدا.

1721 ئىشىن سۇردى ئۆگدۈلمىش ئارتۇق كۆنى،
كۆنىگە ياقىن تۇتتى ئەلىگ ئانى.
ئۆگدۈلمىش ناھايىتى توغرىلىق بىلەن ئىش يۈرگۈزدى،
ئەلىگ ئۇنى كۆندىن - كۆنگە (ئۆزىگە) يېقىن تۇتتى.

1722 ئاچا - ئادرا تۇتتى قامۇغ ئىشلەرىن،
ساقىشلىغ بىتىپ قودتى بارچا بارىن.
ھەممە ئىشنى ئايرىم - ئوچۇق ئۆز ئورنىدا قىلدى،
بارلىقنىڭ ھېسابىنى قىلىپ يېزىپ باردى.

1723 كۆدەزدى نەڭىن كەد، ئۆزىن ساقلادى، A 67
تاپىندى، قايىرچا قىيىق قىلمادى.
مال - دۇنياسىنى كۆزەتتى، ئۆزىنى ھىمايە قىلدى،
خىزمەت قىلدى، (خىزمەتتىن) قىلچىلىك باش تارتمىدى.

1724 نەگۈ تەر ئەشتىكىل يەتىلمىش ياشى،
تىرىگلىكتە قىزراق پۇتۇن - چىن كىشى:
يېشى ئۇلغايغان، ھاياتتا كەم ئۇچرايدىغان،
توغرا، چىن ئىنساننىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1725 ئاغىر نەڭ كىشىگە بۇ ئالتۇن - كۈمۈش، C 84
ئۆزىن تۇتغۇچى ئەر كۈمۈشتە كۆسۈش.
كىشىلەر ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە،
ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز.

1726 كۇمۇشكە ئىلىنمەگلى يالڭۇق پۇتۇن،
تەگىر چىن، تۇگەل بۇ ئازۇنقا قۇتۇن.
كۇمۇشكە بېرىلمىگەن توغرا ئىنسان
بەختلىك هالدا چىن، هەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

1727 بىلىكلىگ بىلىك بەردى بىلكىن كۆرە،
كۆنى چىن كىشى بولسا كۆزگە سۇرە.
بىلىملىك ئۆز بىلىمى بىلەن (مۇنداق) تەلىم بېرىدۇ:
توغرا، چىن كىشى بولسا، (ئۇنى) كۆزۈڭگە سۈرتكىن.

1728 تاقى مۇندا يەگرەك ئايۇر، كۆر، ئۇقۇش:
باغىرساققا جان بەرسە ئەرمەز ئۆكۈش.
قارىغىن، ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئېيتىدۇ:
سادىق كىشى ئۈچۈن جان بەرسەڭ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

1729 كۆنى تەپ ئايۇرلار، قايۇ ئول كۆنى؟
كۆنىلىك قىلىغلى ئەمانەت كۇنى.
توغرىلىق دەپ ئېيتىشىدۇ، ئۇ توغرىلىق قايسى؟
(ئۇ) ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇچىدۇر.

1730 ئەرەندە قايۇ ئول تۇگەل ئەرتەگۇ،
كۆنى ئەرسە قىلقى ئانى ئەر تەگۇ.
كىشىلەر ئىچىدە كامىل ئەركەك كىم؟
مىجەزى توغرا بولسا، ئۇنى (كامىل) ئەر دېسە بولىدۇ.

1731 كىشىدە قايۇ ئول كىشى ئۆگگۇسى،
ئاقى ئۆگگۇسى ئول، ساران سۆككۇسى.
كىشىلەر ئىچىدە ماختاشقا لايىقلار كىم؟
مەرد ـ سېخىي ماختىلىدۇ، بېخىل سۆكۈلىدۇ.

1732 ئاپا ئوغلانىن كۆرسە مۇڭلۇغ تەگۇ،
پۇتۇن كۇن تەرەر نەڭ، بۇلۇماز يەگۇ.
ئادەم بالىسىنى بىچارە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ،
كۈنبويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ.

1733 قايۇ يۇگرۇ تىنماز ئازۇن تەزگىنۇر، B134
قايۇ جان يۇلۇغلار تەڭىزگە كىرۇر.

بەزىسى تىنماي يۈگرۈپ دۇنيا كېزىدۇ،
بەزىسى جېنىنى تىكىپ دېڭىزغا كىرىدۇ.

1734 قايۇ تاغ قازار كۆرسە تۇپلۇر قاياغ،
قايۇ يەر قۇلاچلايۇ يۈگرۈر ياداغ.

بەزىسى تاغ قېزىپ، قىيالار تۆۋىگە بارىدۇ،
بەزىلىرى يەر غۇلاچلاپ يالاڭ ئاياغ يۈگرەيدۇ.

1735 قايۇ ئارت ئاشار، كۆر، ئۆگۈزلەر كەچەر،
قايۇ يەر قازار، سۇۋ قۇدۇغدا ئىچەر.

بەزىسى داۋان ئېشىپ، دەريالار كېچىدۇ،
يەنە بەزىلىرى يەر قېزىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ.

1736 قايۇسى چەرىكدە قىلىچ، بالدۇ يەر،
قايۇسى تۇرادا يۇلۇغدا قارىر.

بەزىسى جەڭلەردە قىلىچ، پالتا يەپ (هالاك بولىدۇ).
بەزىسى قەلئە ـ تۇرا (لار) دا ئىشلەپ قېرىيدۇ.

1737 قايۇ ئوغرى، تەۋلىگ، قاراقچى، قۇنۇق،
قايۇسى باسىمچى، ئۆلۈتچى، قىرۇق.

بەزىسى ئوغرى، ئالدامچى، قاراقچى، هىيلىگەر،
بەزىسى باسمىچى، قاتىل، قىرغىنچى بولىدۇ.

1738 بۇ ئەمگەك نەچە بوغزى، ئەگنى ئۈچۈن،
تەرەر نەڭ، يەمەز، ئۆلسە ئەمگەر كۈچۈن.

بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ هەممىسى نەپسى، كىيىم ـ كېچەكى ئۈچۈندۇر،
مال ـ دۇنيا توپلايدۇ ـ يۇ، يېمەيدۇ، ئۆلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ.

1739 بۇ بارچا بىلىگسىز كىشى قىلقى ئول،
بىلىگسىز كىشىلەر تۈگەل يىلقى ئول.

بۇلار هەممىسى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر،
بىلىمسىز كىشىلەر تامامەن هايۋان(غا ئوخشايدۇ).

1740 باياتقا پۈتۈگلى بىلىكلىگ كىشى،
تەگۈرمىش ئۆدىندە تۈگەل يەر ئاشى.

خۇداغا ئىشەنگەن بىلىملىك كىشى
ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى يەپ ـ ئىچىدۇ (يىغمايدۇ).

1741 نەگۇ تەر ئەشتىكىل ئۇقۇشلۇغ ئامۇل، C85
يورىغلى، تىنىغلى كۇدەزچىسى ئول:
هايات ۋە جانلىقلارنى كۆزەتكەن
ئەقىللىك، ۋەزمىن كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1742 كەرەك يات، كەرەك دۇنيا تەزگىن، يۇگۇر،
نەگۇ ئەرسە قىسمەت ساڭا ئول تەگۇر.
مەيلى يات، مەيلى دۇنيا كىزىپ يۇگۇر،
قىسمىتىڭدە نىمە بولسا، ساڭا شۇ تىگىدۇ.

1743 كۇڭۇل، تىل كۆنى تۇت، ئاي بىلگە بۆگۇ،
ساڭا ئەكسۇمەگەي ئۆدنىندە يەگۇ.
ئەي ئالىم، دانا، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت،
سىنىڭ يىمەك ـ ئىچمىكىڭ هىچ ۋاقىتتا ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

1744 بۇ بايلىق تىلەسە ئاژۇن ئەدگۇسى،
كۆنىلىك بىلە ئول ئانىڭ بۇلغۇسى.
بايلىق ۋە دۇنيانىڭ ياخشى (نىمەتلىرىنى) تىلىسەڭ،
ئۇنىڭغا توغرىلىق بىلەن ئېرىشەلەيسەن.

1745 تاقى بىر ئاژۇنۇغ بۇلايىن تەسە،
كۆنىلىك، پۇتۇنلۇك بىلە قول ئۇسا.
يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دىسەڭ،
(ئۇنى) چىن ۋە توغرىلىق بىلەن قولغا كەلتۈر.

1746 يەمە ياقشى ئايمىش ئۆگى يەتمىش ئەر،
كۆنىلىك بىلە بۇ ئاژۇن تۇتمىش ئەر.
توغرىلىق بىلەن جاهان تۇتقان ۋە
ئەقلى يېتىلگەن كىشى ناهايىتى ياخشى ئېيتقان:

1747 «بۇ دۇنيادا بايلىق تىلەسە ئۆزۇڭ، B135
كۆنى بول، كۆنىلىك ئۇزە تۇت سۆزۇڭ.
«بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭگە بايلىق تىلىمەكچى بولساڭ،
توغرا (ئادەم) بول، سۆزۈڭنى توغرىلىق ئۈستىدە تۇت.

1748 تاقى بىر ئاژۇنۇغ تۇتايىن تەسە،
كۆنىلىك بىلە تۇت كۆڭۇل، تىل، ئۆزۇڭ».

يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ،
ئۆزۈڭنى، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرىلىق بىلەن تۇت».

1749 ئاي ئەلىگ، كۆرۈ بار، كىشىلەر كۆنى
نە كۆركلۈگ كەچەر ئول يورىسا كۆنى.

ئەي ئەلىگ، سەپسال، كىشىلەر توغرا ھەرىكەت قىلسا،
(ئۇلارنىڭ) كۈنى قانداق گۈزەل ئۆتىدۇ‑ ھە!

1750 كۆنىلىك، پۈتۈنلۈك بىلە قىل بۇ ئىش،
كىشىلىك بىلە قىل قامۇغ تۈرلۈگ ئىش.

توغرىلىق ۋە چىنلىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل،
ھەرقانداق ئىشنى ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئىشلە.

* * *

1751 قوپۇردى قۇتى كۈندە ئۆگدۈلمىشىگ،
ساۋ ئايدى بودۇنقا، ئەشىتتى كىشىگ.

بەخت ئۆگدۈلمىشنى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈردى،
خەلققە نەسىھەت قىلدى ۋە كىشىلەرنىڭ (سۆزىنىمۇ) ئاڭلىدى.

1752 ئەلىگمە سىنادى قامۇغ تۈرلۈگۈن،
پۈتۈنلۈك بىلە بۇلدى باقتى ئۆگۈن.

ئەلىگمۇ ئۇنى ھەر تۈرلۈك (ئىشلاردا) سىنىدى،
پاراسەت بىلەن كۆزەتتى ۋە توغرا ‑ دۇرۇس دەپ تونۇدى.

1753 پۈتۈن بۇلدى ئەلىگ، كۆر، ئۆگدۈلمىشى،
سەزىكسىز كۆنى تەپ نەگۈ قىلمىشى.

ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى سادىق ‑ سەمىمىي دەپ تونۇدى،
(ئۇنىڭ) بارلىق ئىشلىرىنى شۈبھىسىز توغرا دەپ بىلدى.

1754 نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى بىلگە ئۆگە، A 68
بىلىكسىز ئۇقۇپ ئەمدى بوينۇڭ ئەگە:

ئەمدى، ئالىم ‑ دانانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ئەي بىلىمسىز بۇنى ئوقۇپ، ئەمدى بويۇن ئەگ:

1755 كۆرۈ بارغۇ بەگلەر تاپۇغچى قۇلىن،
تاپىندۇرغۇ قۇلنى سىنايۇ ئۇلىن.

بەگلەر قۇللىرىنى كۆزىتىپ بېرىشى لازىم،
قۇلنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سىناپ خىزمەتكە سېلىش كېرەك.

1756 بەگىڭە ياراغلىغ كۆرۈنسە قۇلى،
ئاڭار ئۆترۈ ئاچغۇ ئاغىرلىق يولى.
(ئەگەر) قۇلى بەگكە يارامىلىق بولۇپ كۆرۈنسە،
ئاندىن ئۇنىڭغا قەدىر ـ قىممەت يولىنى ئېچىش كېرەك.

1757 تىلەكچە بولۇر ئىش تاپۇغچى بەدۇر، C86
تاپۇغچى بەدۇسە بەگ ئاتى بەدۇر.
ئىشى تىلىگەندەك بولسا، خىزمەتچى يۈكسىلىدۇ،
خىزمەتچى يۈكسەلسە، بەگنىڭ نامى ئۇلۇغ بولىدۇ.

1758 ئەدى ياقشى ئايمىش بۇ ياغما بەگى،
قامۇغ ئىشكە بىلگى يەتىلمىش ئۆگى:
بارلىق ئىشقا بىلىمى ۋە ئەقلى يېتىدىغان
ياغما بېگى بەكمۇ ياخشى ئېيتىدۇ:

1759 ئايا بەگ، ئىشىگ ئىش بىلىكلىگە بەر،
ياراغلىغ، كۆنى، تۇز يورىغلىقا بەر.
ئەي بەگ، ئىشىڭنى ئىش بىلىدىغانغا بەر،
يارامىلىق، توغرا، دۇرۇس يۈرگۈچىگە بەر.

1760 قايۇ بەگ ياراغسىزقا بەرسە ئىشى،
ياراغسىز ئۆزى قىلدى، قىلماز كىشى.
قايسى بەگ يارامسىزغا ئىش تۇتقۇزسا،
بۇ يارىماسلىقنى باشقىسى ئەمەس، ئۆزى قىلغان بولىدۇ.

1761 بايات كىمنى ئەرسە كۆتۈرسە قۇتۇن،
ئاڭار ئىشچى بەرۈر ياراغلىغ پۈتۈن.
خۇدا كىمگە بەخت بېرىپ يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولسا،
ئۇنىڭغا يارامىلىق، ئىشەنچلىك خىزمەتچى ئاتا قىلىدۇ.

1762 كۆتۈرمىشنى ئىلمەك تىلەسە يانا، B136
ئاڭار ئىشچى بەرۈر يارۇتماز كۈنە.
(ئەگەر) كۆتۈرگەننى يەنە چۈشۈرمەكچى بولسا،
ئۇنىڭغا (بىكار) كۈن ئۆتكۈزىدىغان خىزمەتچى بېرىدۇ.

1763 يەتەر ئول بىلىكسىز بارىر بۇ ئوتۇن.
ئىشى بارچا بۇزلۇر، قوپار كۆك تۇتۇن.
ئۇ بىلىمسىز (ئىش) يۈرگۈزسە، قوپاللىق بىلەن يۈرگۈزىدۇ،
ھەممە ئىشلار بۇزۇلۇپ، ئاسماننى تۇتۇن قاپلايدۇ.

* * *

1764 ئاغىرلادى ئەلىگ، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
ئىناندى، ئاۋار بەردى يۇمغى ئىشىگ.
ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى قەدىرلىدى،
ۋە ئۇنىڭغا ئىشەندى، بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.
1765 قامۇغ ئەلگە قىلدى، كۆر، ئەلگى ئۇزۇن،
ئۇزۇن بولدى ئەلگى، يورىق تىل سۆزۈن.
ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە ھاكىم قىلدى،
ئۇنىڭ قولى ئۇزۇن، سۆزى ئاقمىدىغان بولدى.
1766 ئاياغ بەردى تامغا، ئات، ئۇستەم، كەدۈت،
ئاغىرلادى ئاشرۇ تۈگەل بولدى قۇت.
(ئۇنىڭغا) ئۇنۋان بەردى، تامغا تۇتقۇزدى، ئات، (ياسداق) ئېگەر-
توقۇم، تون بەردى،
ئۇنى بەكمۇ قەدىرلىدى، زور بەختكە ئېرىشتى.
1767 ئۆكۈش ئەدگۈ يارلىغ، تۈمەن ئەدگۈ سۆز،
ئەلىگ يارلىقادى، ياقىن بولدى ئۆز.
نۇرغۇن ياخشى يوليورۇق ۋە ئوبدان سۆزلەر بىلەن،
ئەلىگ (ئۇنىڭغا) مەرھەمەت كۆرسەتتى، ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.
1768 قاپۇغداقى ئەر - ئات كىچىگ، يا ئۇلۇغ،
تاۋۇق تۇتتى بارچا قىلىپ جان يۇلۇغ.
ئوردىدىكى لەشكەر - مۇلازىملارنىڭ چوڭى - كىچىكى بولسۇن،
جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇردى.
1769 قامۇغ ئىشچى بارچا كۆرۈندى كەلىپ،
تاپۇغ توزغۇ بىرلە نەڭ ئارتۇت قىلىپ.

خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى (ئۇنىڭغا) كۆرۈنۈپ تۇردى،
خىزمەت كۆرسەتتى ۋە ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى.

1770 ئۇرۇ باردى ئۆگدۈلمىش ئەدگۈ تۆرۈ،
ئاغىرلادى تەگمە كىشىسىن كۆرۈ.
ئۆگدۈلمىش ياخشى قانۇنلارنى تۇرغۇزدى،
بارلىق ئادەملىرىنى ئۆزىگە يارىشا قەدىرلىدى.

1771 بودۇندىن كۆتۈردى قامۇغ كۈچ ـ باسىنچ،
ئۆزىندىن كەتەردى ياراغسىز قىلىنچ.
خەلق ئۈستىدىن بارلىق زۇلۇم ـ زورلۇقنى ئېلىپ تاشلىدى،
بولمىغۇر ئىشلاردىنمۇ ئۆزىنى خالىي قىلدى.

1772 تۈزۈلدى تۆرۈ ھەم ئەتىلدى ئەلى،
ئەلىگ ئىنچكە تەگدى بەكىپ ئەل ئۇلى.
قانۇنلار تۈزۈلدى، مەملىكەت ئوڭشالدى،
ئەلنىڭ ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، ئەلىگ پاراغەتكە يېتىشتى.

1773 سەۋىگلى تەلىم بولدى، سەۋمەز ياغى C87
ئەلىن قودتى، قاچتى، سۇزۇلدى توغى.
(ئۇنى) سۆيگۈچىلەر كۆپەيدى، ئۇنى سۆيمىگۈچى، دۈشمەنلەر،
ئەلنى تاشلاپ قاچتى، (ئۇلارنىڭ) توزىنى بېسىلدى.

1774 قۇتۇلدى ئەلىگ قىلدى ئىنچىن سەۋىنچ،
يەتىلدى تىرىگلىك، بۇ بۇلدى ئاۋىنچ.
ئەلىگ (تەشۋىشتىن) قۇتۇلدى، ئارام ۋە خۇشاللىققا يېتىشتى،
تۇرمۇشتا راھەتلىنىپ، لەززەتكە ئېرىشتى.

1775 بۇ ياڭلىغ ئاسغلار بىلىكدىن كەلىر،
ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ سىلىگدىن كەلىر.
بۇنداق پايدىلىق (ئىشلار) بىلىمدىن كېلىدۇ.
پاراسەت ۋە بىلىم ـ ياخشى خۇلقلۇقلاردىن كېلىدۇ.

1776 قالى ئۆگمەگۈ ئول ئۇقۇشلۇغ كىشىگ؟
نەتەك يەرمەگۈ بۇ ئۇقۇشسۇز ئىشىگ؟
پاراسەتلىك كىشىنى ماختىماي بولامدۇ؟
پاراسەتسىزنىڭ ئىشىنى سۆكمەي بولامدۇ؟

1777 ئۇقۇشلۇغ ئىشى بارچا ئۇلگۇلۇگ ئول، B137
بىلىكسىز ئىشى بارچا تەلگۇلۇگ ئول.
پاراسەتلىك كىشلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئۈلگىلىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر ھەممە ئىشنى كەلسە ـ كەلمەس قىلىدۇ.

1778 نە ئەدگۇ ياراشۇر ئۇقۇشلۇغقا قۇت،
يا ئەدگۇ قىلىنچلىغ، بىلىكلىگكە پۇت.
ئەقىل ـ پاراسەتلىك (كىشىگە) بەخت خوپ يارىشىدۇ،
ئەي ياخشى خۇلقلۇق، بىلىملىككە ئىشەن!

1779 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئىلا بەگ سۆزى،
سۆزى مەئنىسى ئول سۆزۈڭگە تۆزى:
ئىلى بېگى نېمە دەيدۇ، سۆزىنى ئاڭلا،
بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سۆزۈڭگە ئاساس بولىدۇ:

1780 «بىلىكسىزگە دەۋلەت كەلۇر ئەرسە قۇت،
بودۇن بارچا بۇزلۇر، بولۇر ئەلگە يۇت.
«بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسا،
بارچە خەلق بۇزۇلىدۇ، ئەلگە جۇت ـ ئاپەت كېلىدۇ.

1781 ئۇقۇشلۇغقا تەگسە ئادىن بەگلىكى،
ئەلىن ئىنچكە تەگرۇر، بۇ بىر سۆزگە پۇت.»
(ئەگەر) بەگلىك ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر كىشىگە تەگسە،
ئەل راھەت ـ پاراغەتكە يېتىشىدۇ، بۇ سۆزگە ئىشەن.»

* * *

1782 ئەلىگ ئىنچكە تەگدى، يارۇدى كۇنى،
باياتقا شۇكۇر قىلدى، ئۆگدى ئانى.
ئەلىگ ھۇزۇر تاپتى، كۇنى پارلىدى،
خۇداغا شۇكۇر قىلىپ، ھەمدۇسانا ئوقۇدى.

1783 كۆزىن كۆككە تىكتى، كۆتۇردى ئەلىگ،
ئايۇر ئاي ئىدىم، سەن بەرىگلى بىلىك.
كۆزىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۇردى
ۋە دېدى: ئەي ئىگەم، بىلىم بەرگۈچىسەن!

1784 بىلىك بەردىڭ، ئەلگە ئەلىگ بەردىڭ ئەرك،
كۆنىلىك ئۆزە تۇت، كۆڭۈل بولسۇ بەرك.
بىلىم بەردىڭ ۋە ئەلگە هاكىم قىلدىڭ،
ئادالەتتىن ئايرىما، كۆڭلۈمگە قۇۋۋەت بەر.

1785 سەنئۆك بەر ماڭا كۈچ قامۇغ ئەدگۈگە،
ئەلىگ ئاسراقىلار يۈكىن يۈدگۈگە.
يۇقرالىرىمنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈش
هەممە ياخشىلىقلارنى قىلىش ئۈچۈن سەنلا مەدەت بېرەلەيسەن.

*   *   *

A69 1786 چىغايقا ئۈلەدى ئۆكۈش نەڭ ـ تاۋار،
كۆڭۈل تۈزدى رەبقا قامۇغدىن سىڭار.
(ئەلىگ) كەمبەغەللەرگە كۆپ مال ـ دۇنيا تارقاتتى،
هەممە ئىشتا دىلىنى خۇداغا باغلىدى.

1787 تىرىلدى بۇ ياڭلىغ سەۋىنچىن كۈن، ئاي،
تۆزۈ ئەل قاراسى تۈگەل بولدى باي.
كۈنلەر، ئايلار مۇشۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتتى،
ئەلدىكى بارلىق ئاۋام (خەلق) تۈگەل باي بولدى.

C88 1788 كىشى ئۆدرۈمى كۆر بۇ ياڭلىغ بولۇر،
ئەسىزىم بۇ ياڭلىغ كىشىلەر ئۆلۈر.
قارا، سەرخىل كىشىلەر مۇشۇنداق بولىدۇ،
ئىسىت، بۇنداق كىشىلەرمۇ ئۆلىدۇ.

1789 مەڭىلىگ بودۇن كىم بۇ ياڭلىغ بەگى،
مەڭەلىگ بەگ ئول قولسا بودنى يەگى.
ئادىل ـ توغرا بەگكە ئىگە بولغان خەلق بەختلىكتۇر،
خەلقى بەختلىك بولغان بەگمۇ سائادەتلىكتۇر.

B138 1790 ئەسىز، ئەدگۈلەر ئۆلسە، توپراق بولۇر،
نەچە بولسا توپراق، كۆر، ئاتى قالۇر.
يامانلارمۇ، ياخشىلارمۇ ئۆلسە، تۇپراققا ئايلىنىدۇ،
(گەرچە) تۇپراققا ئايلانسىمۇ نامى قالىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1791 ئەلىگ بىر كۈن ئولدۇردى يالڭۇز ئۆزى
بۇ ئۆگدۈلمىشگ ئۈندەپ ئايدى سۆزى.
ئەلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى (ۋە) مۇنۇ سۆزلەرنى دېدى:

1792 ئايۇر: ئاي ئۆگدۈلمىش، باق ئەمدى ماڭا،
ئاتاڭ ئەمگەكى كىرمەدى بىر ساڭا.
ئېيتتىكى، ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەمدى ماڭا قارا،
ئاتاڭنىڭ ئەجرىنى سەن تېخى چۈشەنمىدىڭ.

1793 ئاتاڭ ئۆلدى، قالدىڭ سەن ئوغلان كىچىگ،
كىچىگكە بەدۈكتىن بولۇر يول كەچىك.
ئاتاڭ ئۆلگەندە سەن كىچىك ئوغۇل ئىدىڭ،
كىچىكلەرگە ماڭار يولىنى چوڭلار كۆرسىتىدۇ.

1794 ئاتاڭ ئۆگرەتۈمەدى ئەردەم، بىلىك،
تەگۈمەدى مەندىن يەمە ئۆك ـ ئەلىگ.
ئاتاڭ (ساڭا) بىلىم، پەزىلەت ئۆگىتەلمىدى،
مەندىنمۇ ھېچ ياردەم تەگمىدى.

1795 نەتەكمەت يۈمىتتى بۇ ئەردەم ساڭا؟
ئايۇ بەرگىل ئەمدى مۇنى سەن ماڭا.
بۇ پەزىلەتلەر ساڭا قانداق توپلاندى؟
قېنى سەن بۇنى ماڭا ئېيتىپ بەر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1796 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى، ئەلىگ،
ئۇزۇن ـ كەچ ياشاسۇ بۇ ئۈستەڭ ئەلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەلىگ ئۇزاق ياشىغاي،
قۇدرەت تېپىپ (ھۆكۈم سۈرگەي).

1797 بايات كىمگە بەرسە ئىنايەت ئۇلۇگ،
تىلەككە تەگىر بولدى ئاتلىغ كۇلۇگ.
خۇدا كىمگە ئىنايەت ئاتا قىلسا،
(ئۇ) تىلىكىگە يېتىپ، نام ـ شۆھرەتلىك بولىدۇ.

1798 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى تۇركچە مەسەل،
باشىندا كەچۇرمىش بۇ كۆكچىن ساقال:
بېشىدىن (كۆپ ئىشلار) كەچۇرگەن ئاقساقال
بۇنىڭغا تەقلىدەن تۇركچە بىر مەسەل ئېيتقان:

1799 بايات فەزلى بىرلە بەدۇر ئول كىشى،
تىلەكىن بۇلۇر كۇندە ئەتلۇر ئىشى.
كىشى خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن يۇكسىلىدۇ،
تىلىكىگە يېتىپ، كۇندىن ـ كۇنگە ئىشى يۇرۇشىدۇ.

1800 بايات بەرمىشىن خەلق تىدۇماز كۇچۇن،
ياغىز يەر، ياشىل كۆك تەرىلسە ئۆچۇن.
خۇدا بەرگەننى يەر بىلەن ئاسمان بىرلىشىپ ئۆچەكەشسىمۇ،
خەلق كۇچ چىقارسىمۇ تارتىۋالالمايدۇ.

1801 باياتتىن كەرەك بارچا ئىشكە يۆلەك، B139
ئانىن بۇلسا ئۆترۇ كىشى ئۆز تىلەك.
ھەممە ئىشقا خۇدا يار ـ يۆلەك بولسىلا،
كىشى ئاندىن ئۆز تىلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ.

1802 ياناما، ئاي ئەلىگ، ئاتا ئالقىشى
ئوغۇلقا تەگىر ئول سەۋىنچى تۇشى.
ئەي ئەلىگ، يەنە ئاتىنىڭ ئالقىشى
ئوغۇلغا تەگسە، ئۇنىڭغا شادلىق ھەمراھ بولىدۇ.

1803 ئاتام قىلدى ئەردى، كۆر، ئەدگۇ دۇئا، C89
دۇئا بىرلە تەگدىم بۇ يەرگە ئاغا.
ئاتام ياخشى دۇئا قىلغانىدى،
شۇ دۇئا بىلەن ئۆرلەپ، بۇ يەرگە يېتىشتىم.

1804 ئەلىگنى سەبەب قىلدى ئەركلىگ ئىدىم،
بۇ ئەردەم بىلىكدىن تۇرۇ قالمادىم.

قۇدرەتلىك ئىگەم ئەلىگنى سەۋەب قىلدى،
شۇڭا بىلىم ـ پەزىلەتتىن خالىي قالمىدىم.

1805 ئەلىگ ئۇردى ئەلىگ، مەنى ئەدلەدى،
بولۇ بەردى ئەۋرەن، ئۆزۈم يوقلادى.
ئەلىگ قول سىلىپ مېنى تەربىيەلىدى،
پەلەك ئوڭدىن كېلىپ، مېنى ئۆرلەتتى.

1806 كۇلە باقسا بەگلەر، كىمى ئەدلەسە،
ئاۋا يىغلۇر ئارزۇ كەرەك ئول يەسە.
بەگلەر كۇلۇپ قاراپ، كىمگە ئېتىبار بەرسە،
ئۇ تىلىگەن ئارزۇلىرىنىڭ ھەممىسى ھەل بولىدۇ.

1807 كىشى كۆڭلى باغ ئول، ياشارغۇ سۇۋى —
بۇ بەگلەر سۆزى بىرلە ئەدگۇ ساۋى.
كىشىنىڭ كۆڭلى باغ، ئۇنى ياشارتقۇچى سۇ —
بەگلەرنىڭ سۆزى بىلەن ياخشى نەسىھەتىدۇر.

1808 قايۇ باغقا تەگسە سۇۋ ئەكسۇمەدىن،
چەچەك يازلۇر ئاندا تۇمەن تۇ يىدىن.
قايسى باغقا ئۆكسۈمەي سۇ كىرىپ تۇرسا،
ئۇنىڭدا تۇمەنمىڭ خۇش پۇراقلىق گۈل ـ چېچەك ئېچىلىدۇ.

1809 بەگى يارلىقى بولسا ئەدگۇ سۆزە،
قۇلى كۆڭلى يۇكسەر، يازار قاش ـ كۆزە.
بەگنىڭ يارلىقى ۋە ياخشى سۆزلىرى بولسا،
قۇلنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ، چىرايى ئېچىلىدۇ.

1810 قالى بولماسا ئەدگۇ يارلىغ تىلىن،
ياشارمىش چەچەكلەر قۇرىر تەرك، بىلىن.
ئەگەر ياخشى سۆزى ۋە يارلىقى بولمىسا،
بىلگىنكى، ياشارغان چېچەكلەرمۇ تېزلا قۇرۇيدۇ.

1811 بايات فەزلى قولغۇ كەرەك قۇل قامۇغ،
بايات فەزلى بولسا ئاچىلدى قاپۇغ.
قۇل دائىم خۇدانىڭ رەھمىتىنى تىلىشى كېرەك،
خۇدانىڭ رەھمىتى بولسىلا، ئۇنىڭغا (دۆلەت) ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

A 70 1812 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ سۆز،
مۇنى ئۇقغىل ئەمدى، ئايا ئەدگۇ ئۆز:
بۇنىڭغا تەقلىدەن شائىر بۇ سۆزنى ئېيتتىكى،
ئەي ياخشى كىشى بۇنى چۈشەنگىن:
1813 «باياات فەزلى بىرلە ئاغىرلار قۇلۇغ،
بىلىك قاپغى ئاچلۇر، ئوڭارۇر يولۇغ.
«خۇدا رەھمىتى بىلەن قۇلىنى قەدىرلەيدۇ،
بىلىمنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يولىنى ئوڭشايدۇ.
1814 بىلىك بىلسە كۈندە قۇتادۇر كۈنى،
نەچەمە كىچىگ ئەرسە بولۇر ئۇلۇغ».
بىلىم بىلسە كۈندىن ـ كۈنگە كۈنى قۇتلۇق بولىدۇ،
قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ، ئۇلۇغلۇق (مەرتىۋىسىگە) ئېرىشىدۇ».

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

1815 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۇلمىشە،
بىلىك بىلگۈچىلەر نەتەك بىلمىشە؟
ئەلىگ يەنە ئېيتتى: ئەي ئۆگدۇلمىش،
بىلىم بىلگۈچىلەر (ئۇنىڭغا) قانداق ئېرىشىدۇ؟
1816 كىشى ئۆگرەنىپمۇ بولۇر ئول بۆگۇ؟
ئازۇ تادۇ بىرلە توغارمۇ تەگۇ؟
كىشى ئۆگىنىپ دانا بولامدۇ (ياكى)
تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ يارىلامدۇ؟

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

C 90 1817 يانۇت بەردى ئۆگدۇلمىش ئاچتى تىلىن،
ئايۇر: مەن ئۇرايىن بۇ سۆزگە ئۇلىن.

ئۆگدۈلمىش سۆز ئېچىپ جاۋاب بەردى،
دېدىكى: مەن بۇ سۆزگە ئاساس تاپاي.

1818 تۆرۈتۈردە بەرسە بايات ئۆگ، كۆڭۈل،
تۈگەل مايە بۇلدى بىلىككە ئوغۇل.

خۇدا يارىتىشتا (ئۇنىڭغا) ئەقىل ۋە قەلب بەرگەن بولسا،
ئوغلان بىلىم (ئۇچۇن) دەسمايىگە ئىگە بولىدۇ.

1819 كۈنىڭە تەڭەدۈر، تۈرۈ ئۆگلەنۈر، B140
نەگۈنى تىلەسە بىلۈر، ئۆگرەنۈر.

كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ ئەقلى توشىدۇ،
نېمىنى خالىسا، ئۆگىنىپ بىلىدۇ.

1820 بىلىككە تەگىر ئۆترۈ بىلگە بولۈر،
بۇ بىلكى بىلە ئاسغى ئەلگە تولۈر.

بىلىمگە يېتىشىپ كېيىن دانا بولىدۇ،
بۇ بىلىمى بىلەن ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ.

1821 تۆرۈتۈر ئۆدىندە كۆڭۈل بەرمەسە،
تىلەككە تەگۈمەز بۇ ئاندا باسا.

ياراتقان ۋاقتىدا ئىدراك (پاراسەت) بەرمىسە،
كېيىنمۇ (ئۇنداق كىشى) تىلەككە يېتەلمەيدۇ.

1822 تاقى بىر سەبەب ـ قولسا ئوغلان بىلىك،
كىچىگدە تەگۈرگۈ بىلىككە ئەلىگ.

يەنە بىر سەۋەب (شۇكى)، ئوغلان بىلىم تەلەپ قىلسا،
كىچىكىدىنلا بىلىمگە قول ئۇزارتىشى كېرەك.

1823 كىچىگ ئوغلان ئەركەن بىلىك ئۆگرەنۈر،
ئۇلۇغ بولسا ئۆترۈ تىلەككە تەگۈر.

ئوغلان كىچىك ۋاقتىدىلا بىلىم ئۆگەنسە،
چوڭ بولغاندىن كېيىن تىلىكىگە يېتەلەيدۇ.

1824 بىلىك، ئەردەم، ئەدگۈ قىلىنچ، يا قىلىق
كىشى ئۆگرەنۈر، ئۆترۈ تۈزلۈر يورىق.

بىلىم، پەزىلەت، ياخشى خۇلق ۋە قىلىقنى
كىشى ئۆگىنىپ، ئاندىن يۈرۈش ـ تۇرۇشى تۈزىلىدۇ.

1825 بىلىك تۇت، يا ئەردەم كىشى ئۆگرەنۈر،
مەگەر بۇ ئۇقۇش ئول تادۇدىن ئۆنۈر.
بىلىم ياكى ھۈنەر ـ پەزىلەتنى كىشى ئۆگىنىدۇ،
ئىدراك بولسا، ئەسلى تەبىئەتتىن بولىدۇ.

1826 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى تۈركچە مەسەل،
ئوقىغىل مۇنى سەن، ئاسىغ ئۆزگە ئال.
بۇنىڭغا تەقلىدەن تۈركچە بىر مەسەل بار،
ئۇنى سەن ئوقۇ، ئۆزۈڭگە پايدا ئال:

1827 «كىشى ئۆگرەنۈر، بىلكى ئارتار ئۆكۈش،
نەچە ئۆگرەنىپ ئۇقسا بولماز ئۇقۇش.
«كىشى ئۆگەنسە بىلىمى كۆپلەپ ئاشىدۇ،
قانچە ئۆگىنىپ چۈشەنگىنى بىلەن ئۇ ئىدراكلىق بولالمايدۇ.

1828 باياتتىن ئەرۈر بۇ ئۇقۇش بولغۇسى،
تادۇ بىرلە كىرسە بولۇر بەلگۈسى».
ئەقىل ـ ئىدراكنى خۇدا (يارىتىشتىن) بېرىدۇ،
تەبىئەتتىن كىرگەنلىك (ئۆزىگە يارىشا) بەلگىسى بولىدۇ».

1829 باياتتىن ئەتا ئول ئۇقۇش بەلگۈلۈگ،
ئۇقۇشتىن بۇلۇر ئەر مىڭ ئەدگۈ ئۈلۈگ.
ئېنىقكى، ئىدراك خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان،
ئىدراك بىلەن كىشى مىڭلارچە ياخشى نېسىۋىگە ئىگە بولىدۇ.

1830 كىشىدە ئۇلۇغراق ئۇقۇشلۇق كىشى،
ئۇقۇش بولدى ئەرگە مىڭ ئەردەم باشى.
ئىدراكلىق كىشى (ھەممە) كىشىدىن ئۇلۇغدۇر،
ئىدراك كىشى ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

1831 ئۇقۇشسۇز كىشىنى كىشى تەمەگۇ،
نەچە سۆزلەسە سۆز يەمە پۇتمەگۇ.
ئىدراكسىز كىشىنى ئادەم دېمەسلىك كېرەك،
(ئۇ) قانچىلىك سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1832 يانا ئايدى ئەلىگ: ئەشىتتىم بۇ سۆز، B141 C91
تاقى بىر سۆزۈم بار، ئايىتغۇ بۇ ئۆز.
يەنە ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم،
سورايدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار:

1833 ئۇقۇشۇغ ئادىرتىڭ بىلىكدە ئۆڭى
نەگۈتەك تۇرۇر ئاي سۆزۈڭنۈڭ ئوڭى.
ئىدراك بىلەن بىلىمنى باشقا ـ باشقا ئايرىدىڭ،
سۆزۈڭنىڭ مەنىسى قانداق، بۇنى ئېيتقىن.

1834 نەگۈ ئول ئۇقۇش، ئورنى قايدا تۇرۇر؟
قايۇدىن قوپار، قوپسا قايدا بارۇر؟
ئىدراك نىمە، ئۇنىڭ ئورنى قەيەردە،
ئۇ قەيەردىن چىقىپ، قەيەرگە بارىدۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1835 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: ئۇقۇش
ئاغىر نەڭ تۇرۇر ئول، كىشىگە كۆسۈش.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، دېدى:
ئىدراك كىشى ئۈچۈن ئەزىز (ۋە) قىممەتلىك نەرسىدۇر.

1836 ئۇقۇش ئورنى ئۇستۇن مەڭەدە تۇرۇر،
ئاغىر نەڭ ئۈچۈن ئورنى باشتا ئەرۇر.
ئىدراكنىڭ ئورنى ئۇستۇنكى مېڭىدە بولىدۇ،
(ئۇ) قەدىرلىك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئورنى باشتا بولىدۇ.

1837 كىشەن ئول كىشىگە ئۇقۇش بەلگۈلۈگ،
قىلىنچى كۆنى ئول ئىشى ئۇلگۈلۈگ.

ئىدراك كىشى ئۇچۇن بىر كىشەندۇركى،
ئادالەت ۋە توغرا ئىشتىن نېرى كەتكۈزمەيدۇ.

A 71

1838 باغىرساق بايات، كۆر، ئۆدۈرمىش قۇلىن،
كىشەدى ئۇقۇش بىرلە قىلقىن، تىلىن.

بىلگىنكى، مېھرىبان خۇدا (ئۆزى) تاللىغان بەندىسىنىڭ
قىلىقى بىلەن تىلىنى ئىدراك ئارقىلىق كىشەنلىدى.

1839 ئۇقۇشسۇز ئۆلۈگ ئول، ئۇقۇشلۇغ تىرىگ،
ئۇقۇش مۇنچا تەڭلىگ ئادىرتلار ئەرىگ،

ئىدراكسىز ئۆلۈكتۇر، ئىداركلىق تىرىك،
ئىدراك ئەرنى ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق ئايرىيدۇ.

1840 قارانقۇ ئەۋ ئول بۇ كىشى تۇن سانى،
ئۇقۇش بىر يۇلاتەك يارۇتۇر ئانى.

ئادەم گويا تۇندەك قاراڭغۇ ئۆي بولسا،
ئىدراك ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

1841 ئۇقۇشتىن كەلۇر، كۆر، قامۇغ ئەدگۈلۈك،
بىلىكىن بەدۇر ئەر بولۇر بەلگۈلۈك.

بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ،
بىلىم بىلەن ئەر يۈكسىلىپ مەشھۇر بولىدۇ.

1842 بۇ ئىككى بىلە بولدى يالڭۇق ئۇلۇغ،
بۇ ئىككىن ئوڭارۇر كۆنىلىك يولۇغ.

بۇ ئىككىسى بىلەن ئىنسان ئۇلۇغ بولىدۇ،
بۇ ئىككىسى ئادالەت يولىنى ئاچىدۇ.

1843 بىلىكىن سەچىلدى كىشى يىلقىدىن،
بىلىكدە بەدۈكرەك نەگۇ بار ئادىن.

كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ،
بىلىمدىنمۇ يۈكسەكرەك يەنە نېمە بار؟

1844 مۇڭار مەڭزەتۇ سۆزلەدى، كۆر، ئۇقۇش،
ئۇقۇش ئىشكە تۇتسا، كۆر، ئاسغى ئۆكۈش.

قارا، ئەقىل بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ سۆزلىدىكى،
ئىدراكنى ئىشلەتسە، پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر:

1845 «كىشى يىلقى بىرلە ئادىرتى بىلىك،
بىلىك بىرلە يالڭۇق كۆتۈردى ئەلىگ.
«ئادەم بىلەن ھايۋاننى بىلىم ئايرىدى،
بىلىم بىلەن ئىنساننىڭ قولى ئۇزۇن بولدى.

1846 يورى يىلقى بولما، بىلىك بىل ئۇقۇش، A 92
بىلىك بىرلە سۆزلە، يورىق تۇت تىلىگ ».
يۇر، ھايۋان بولما، بىلىم بىل،
بىلىم (ۋە) ئىدراك بىلەن سۆزۈڭنى راۋان قىل».

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1847 يانا ئايدى ئەلىگ: تاقى بىر سۆزۈم
ئەرۈر بۇ، ئايۇرمەن، ئاي كۆركلۈگ يۈزۈم.
ئەلىگ يەنە دېدى: يەنە بىر سۆزۈم شۇكى،
(بۇنى ساڭا) ئېيتاي، ئەي خۇش چىراي.

1848 ماڭا ئايغىل ئەمدى ئۇقۇش سۇرەتى، B 142
نەگۈتەك بولۇر ئول يۆرۈگى ـ ئاتى.
ماڭا ئەمدى ئىدراكنىڭ سۇرىتىنى تەسۋىرلەپ بەر،
ئۇنىڭ مەنىسى ۋە نامى قانداق بولىدۇ؟

1849 يۈزى، كۆركى، قىلقى، قىلىنچى نە ئول؟
ياشى، قۇرى، بود ـ سىن، ئاۋىنچى نە ئول؟
يۈزى، كۆركى، خۇي ـ پەيلى قانداق،
يېشى، دەرىجىسى، بوي ـ تۇرقى، شادلىقى نېمە؟

27

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئۇقۇش سۇرەتىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ تەرىپىنى ئېيتىدۇ

1850 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئۇقۇش
قىلىنچى كۆنى، كۆر، كۇۋەنچى ئۆكۇش.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئىدراكنىڭ
قىلمىشى توغرا، شادلىقى كۆپتۇر.

1851 يۇزى ـ كۆركى كۆركلۈگ، نە ياشى كىچىگ،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە ئانىڭدىن كەچىك.
هۆسنى ـ چىرايى كۆركەم ۋە يېشى كىچىك،
ئۇ بارلىق ياخشىلىققا ئۆتكەلدۇر.

1852 ئۆرۈگ هەم سىلىگ ئول نە قىلقى ئامۇل،
قامۇغ تەپرەنۇرگە باغىرساق كۆڭۈل.
ئۇ تەمكىن، خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم
جىمى جانلىقلارغا رەهىمدىلدۇر.

1853 قايۇقا ئەلىگ ئۇرسا ئەتلۇ بارىر،
قايۇقا سۆزى تەگسە يەتلۇ بارىر.
(ئۇ) قاياققا قول ئۇزارتسا (ئىش) راۋاج تاپىدۇ،
سۆزى قەيەرگە يەتسە ئېتىبارلىق بولىدۇ.

1854 ئىسىگ يۇزلۈگ ئول، كۆر، قامۇغقا سەۋۈگ،
كىشىلەرگە ئاندىن ئاسىغلار ئۆلۈگ.
قارا، ئۇنىڭ چىرايى ئىللىق، ھەممىگە يېقىملىق،
كىشىلەرگە ئۇنىڭدىن پايدا تېگىدۇ.

1855 يىتى كۆزلۈگ ئول، كۆر، باقىشى يىراق،
قايۇ ئىشكە تەگسە بەكىتۇر ئاداق.

كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەلەيدۇ،
ھەرقانداق ئىشنى پۇختا قەدەم بىلەن قىلىدۇ.

1856 نەچە بۇلغانۇق ئىشكە تەگسە سۇزەر،
نەچە تەرس تۇگۇن ئەرسە باقسا يازار.
ھەرقانداق بۇزۇلغان ئىشنى ئوڭشايدۇ.
ھەرقانداق چىگىچ تۇگۇننىمۇ يېشىدۇ.

1857 باقار سولدىن، ئوڭدىن ھەم ئۆڭدۈن، كەدىن،
قامۇغ ئىش ياراغىن بىلىر ھەم ئۆدىن.
(ھەر ئىشنى) سولدىن، ئوڭدىن، ئالدىدىن ۋە ئارقىدىن كۆزىتىدۇ.
ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتىنى (ۋە) چارىسىنى بىلىدۇ.

1858 قاچىغلىغ يەتەر ئول، ئۇچۇغلىغ تۇتار،
سىنۇقۇغ ساپار ئول، بۇزۇقلۇق ئەتەر.
قاچقانغا يېتىشىدۇ، ئۇچقاننى تۇتىدۇ،
سۇنغاننى ئۇلايدۇ، بۇزۇلغاننى تۇزەيدۇ.

1859 ئۇقۇشسۇز ئۆكۈندى، ئايۇر، ئاي ئۇقۇش،
سەنىڭسىز مۇڭادۇرمەن ئارتۇق ئۆكۈش.
ئەقىل ـ ئىدراكسىزلار ئۆكۈنۈپ دەيدۇكى: ئەي ئەقىل،
سەن بولمىساڭ ھەسرەت چېكىمەن، ئۆكۈنىمەن.

1860 ماڭا تەگمەدى بىر سەنىڭدىن ئۇلۇگ، C 93
سەنىڭسىز كىشى كۆڭلى بولدى ئۆلۈگ.
سەندىن ماڭا بىر ئۇلۇش تەگمىدى،
سېنىڭسىز كىشىنىڭ كۆڭلى (گويا) ئۆلۈكتۇر.

1861 يۇلا ئول ئۇقۇش، كۆر، قاراغۇقا كۆز، B143
ئۆلۈگ تەنگە جان ئول، ئاغىن تىلكە سۆز.
قارا، ئەقىل ـ ئىدراك بىر مەشئەل، قارىغۇغا كۆز،
ئۇ، ئۆلۈك تەنگە جان، كېكەچ تىلغا سۆزدۇر.

1862 ئۇقۇشلۇغ ئۇقۇشقا ئايار، ئاي ئەشىم،
نە ئەدگۇ ئەشىم سەن، ئەتىكلى ئىشىم.
ئەقىللىك ئەقىلگە دەيدۇكى، ئەي دوستۇم،
ئىشىمنى ئوڭشايدىغان بەك ياخشى دوست سەن.

1863 قىلىنچ ئۇكۇ تۇتار، ھېچ سولى يوق ئۇقۇش،
پۇتۇن ـ چىن تۇرۇر، ھېچ ئالى يوق ئۇقۇش.
ئىدراك (دامىئ) ئۇكۇ ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭ سولى يوق،
ئۇ چىن ۋە ئىشەنچلىك، ھېچبىر ھىيلىسى يوق.

1864 ئۇقۇش كىمدە بولسا بۇ ئول بەلگۇسى،
بۇ بەلگۇ بىلە ئول ئۇقۇش بىلگۇسى.
كىمدە ئىدراك بارلىقىنىڭ بەلگىسى ئەنە شۇ،
بۇ بەلگە بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكنى بىلگىلى بولىدۇ.

1865 ئۇقۇشنۇڭ ئەڭ ئاشنۇ قىلىقى ئوڭاي،
كۆنىلىك بىلە ئول يورىقى يىل ـ ئاي.
ھەممىدىن ئاۋۋال، ئىدراكنىڭ ھەرىكىتى مۇۋاپىق بولىدۇ،
ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا يولدىن تايمايدۇ.

1866 ئۇقۇشلۇغ كۆنى ھەم سىلىگ تىل ـ سۆزى،
پۇتۇنلۇك بىلە بولدى قىلقى تۆزى.
ئىدراكلىق توغرا، سۆزدە مۇلايىم بولىدۇ،
(ئۇنىڭ) ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىكتۇر.

1867 ئۆرۈگ ئول، ئامۇل، كەد سەرىملىگ ـ سەبۇر،
كۆرۈپ ئىشنى يەترۇ ئول ئاقرۇ تەگۇر.
ئۇ تەمكىن، مۇلايىم (ۋە) ناھايىتى سەۋرچاندۇر،
ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ، ئالدىرىماي ئىشلەيدۇ.

1868 قىلىنچى قارى كۆرسە، ياشى يىگىت،
ئاڭار مۇڭلۇغ ئارزۇن ئۆگە يا تەگىت.
قىلغان ئىشىغا قارىساڭ قېرى، يېشىغا قارىساڭ يىگىت،
دانىشمەنمۇ، بەگزادىلەرمۇ ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

1869 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ سۆزنى ئوقى،
ئۇقا تۇرسا مەئنى ئاچىلغاي تاقى:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان مۇنۇ سۆزنى ئوقۇغىن،
چۈشەنگەنسېرى مەنىسى تېخىمۇ ئېچىلىدۇ:

1870 «قىلىنچى قارى، ئوغلان ئۆزلۈگ ئۇقۇش،
ئۇقۇش قايدا بولسا ئاڭار بار، ياپۇش.

A 72

«ئەقىلنىڭ ھەرىكىتى قېرىدەك ئۆزى ياش ئوغلاندەك،
ئەقىل ـ ئىدراك قەيەردە بولسا، بېرىپ ئۇنىڭغا يېپىشقىن.

1871 كىچىگى سەۋىگلىگ، قارىسى ئامۇل،
ئۆزى تۇزۇن، ئالچاق، كۆر، ئاسغى ئۆكۈش».
ئۇنىڭ كىچىكلىكى ـــ ئوماق، قېرىلىقى ـــ تەمكىن،
ئۆزى كەمتەر، سالماق، (بېرىدىغان) پايدىسى كۆپ».

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

1872 بۇ سۆزلەر ئەشىتتى سەۋىندى ئەلىگ،
ئايۇر، ئاي ئودۇنمىش، سۆزى ئۆگ ـ بىلىك.
ئەلىگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سۆيۈندى،
ئېيتتىكى: ئەي سەگەك، سۆزۈڭ بىلىم ۋە ئەقىلدۇر.

1873 بايات بەردى بارچا تۇگەل ئەدگۈلۈك،
باياتتىن ئەتا سەن ماڭا بەلگۈلۈك.
خۇدا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارنى بەردى،
ئېنىقكى، سەنمۇ ماڭا خۇدانىڭ ئاتا قىلغىنى.

1874 بۇ ئەمگەك يۇك ئول بىر ئاغىر يۇدگۇگە،
ئانى يۇدسە ئۆترۈ تەگىر ئەدگۈگە.
(مېنىڭ ئىشىم) مۇشەققەتلىك ـ ئېغىر بىر يۇكتۇر،
(كىشى) بۇ يۈكنى كۆتۈرگەندىلا ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

1875 كىم ئەدگۈ تىلەسە ئاغىر يۇك يۇدەر، C94
ئاغىر يۇك يۇدۇگلى تىلەكىن كۇدەر.
كىمكى ياخشىلىق تىلىسە، ئېغىر يۈك كۆتۈرىدۇ،
ئېغىر يۈك كۆتۈرگەنلەر تىلىكىگە يېتىدۇ.

1876 يۇكۇمنى يۇدەرسەن، تىلەك ئىش يورىر،
مەنى تىندۇرۇرسەن، ساڭا يۇك تەگىر.
يۈكۈمنى يۈدۈگەنىكەنسەن تىلىكىم (ھەل بولىدۇ)، ئىشىم يورۇشىدۇ،
ماڭا ئارام بېرىسەنۇ، ئۆزۈڭگە ئېغىرچىلىق كېلىدۇ.

B144

1877 بايات بەرسۇ تەۋفىق، ماڭا ئەمدى كۈچ،
هەقىڭنى ئۆتەيىن يانۇت بىرگە ئۈچ.
خۇدا ماڭا ئەمدى ياردەم ۋە كۈچ بەرسۇن،
هەققىڭنى بىرگە ئۈچ (هەسسە) قىلىپ ياندۇراي.

1878 بىلىرمەن بۇ ياڭلىغ تاپۇغ قىلدۇقۇڭ،
باغىرساقلىق ئول بۇ مەنى قولدۇقۇڭ.
سېنىڭ ئەنە شۇنداق خىزمەت قىلىدىغىنىڭنى بىلىمەن،
مېنى ئارزۇ قىلغىنىڭ بۇ مېھرىبانلىقىڭدۇر.

1879 باغىرساق تاپۇغچى تۈگەل ئول بولۇر،
ئۆز ئاسغىن قودۇپ، كۆر، بەگ ئاسغىن قولۇر.
مېھرىبان ـ سادىق خىزمەتچى تامامەن شۇنداق بولىدۇكى،
ئۇ ئۆز پايدىسىنى قويۇپ، بېگىنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ.

1880 نەگۇ تەر ئەشىت بۇ تاپۇغچى تىلى،
بەگىن ئىنچكە تەگرۇر تاپۇغساق قۇلى.
خىزمەتچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
خىزمەتكە بېرىلگەن قۇل بېگىگە ئارام بېرىدۇ؛

1881 مەڭىلىگ بولۇر بەگ تۈگەل قۇت باشى،
باغىرساق قۇلى بولسا، قىلسا ئىشى.
ئۇنىڭ سادىق قۇلى بولسا (ۋە) ئىشلىرىنى قىلسا،
بەگ شادلىققا ۋە بەختكە ئېرىشىدۇ.

1882 تاپۇغچى بىلە بەگ كۆتۈردى ئەگىن،
تىلەكتەك تاپۇغ قىلسا تىندرۇر بەگىن.
بەگ خىزمەتكارى بىلەن قەددىنى رۇسلايدۇ،
بەگنىڭ خالىغىنىدەك خىزمەت قىلسا، بېگىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

1883 باش ئاغرىغ، يۈك ـ ئەمگەك كۆتۈرسە قۇلى،
بەگىگە ئاچا بەرسە ئارزۇ يولى.
(بەگنىڭ) قۇلى (بېگىنىڭ) باش ئاغرىقىنى، يۈك ـ مۇشەققەتلىرىنى
كۆتۈرۈشى، بېگىگە ئارزۇ قىلغان يولىنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك.

1884 قايۇ بەگ بۇلۇر ئەرسە مۇنداغ قۇلۇغ،
باياتتىن ئەتا ئول ئاڭار كەد ئۇلۇغ.

قايسى بەگ ئەنە شۇنداق قۇلغا ئېرىشسە،
بۇ ئۇنىڭغا خۇدانىڭ بەرگەن بۈيۈك ئېھسانىدۇر.
1885 ئاژۇن بەگلەرى ئۆلدى بىزدە ئۇزا،
ئۆكۈشرەكى باردى بۇ ئارزۇ ئۇزە.
بىزدىن (خېلى) بۇرۇن ئۆتكەن دۇنيا بەگلىرىنىڭ كۆپى
شۇ ئارزۇ بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتى.

* * *

1886 ئاژۇن بودنى تىندى ئاۋىنچىن، قۇتۇن،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى بودنى پۇتۇن.
دۇنيا خەلقى شادلىق ۋە بەخت (بىلەن) ئەمىن تاپتى،
پۈتۈن خەلقى ئەلىگكە دۇئا قىلدى.
1887 ئادىن ئەل كىشىسى ئەشتتى مۇنى،
يۈزىن كۆرگۈگە ئارزۇلادى ئانى.
باشقا ئەل كىشىلىرى بۇنى ئاڭلىدى،
ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشتى.
1888 كەچۈردى يىل، ئاي، كۈن بۇ ئارزۇ ئۈزە،
ئەلىن ئەتتى ئەدگۇ تۆرۈسىن تۈزە.
بۇ ئارزۇ بىلەن يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتتى،
(ئەلىگ) ياخشى قانۇن تۈزۈپ ئېلىنى باشقۇردى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

1889 ئەلىگ بىر كۈن ئۈندەدى ئۆگدۇلمىشىگ،
ئايۇر: ئايتايىن سۆز، سەن ئاي بىلمىشىگ.
ئەلىگ بىر كۈنى ئۆگدۇلمىشنى چاقىرتتى،
سەندىن بىر سۆز سوراي، بىلگىنىڭنى ئېيتىپ بەر، دېدى.
1890 B145 C95 ئەت ئۆز يەتتى ئەندامقا باقسا، كۆر، ئەر،
تاتىغ بۇلدى بارچا ئۆز ئۇلگىن تەرەر.

كىشى ۋۇجۇدىنىڭ يەتتە ئەزاسىغا قارىسا،
ھەرقايسىسى تېگىشلىك ئىشنى بېجىرگەنلىكىدىن لەززەتلىنىدۇ.

1891 كۆڭۈل تاتغى نە ئول، بۇ كۆز تاتغى نە؟
بۇ ئىككى تاتىغدىن ئۆزۈم ئۆلگى نە؟
كۆڭۈلنىڭ لەززىتى نېمە - يۇ، كۆزنىڭ لەززىتى نېمە؟
بۇ ئىككى لەززەتتىن ئۆزۈم قانداق بەھرىمەن بولىمەن؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1892 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: تاتىغ - A 73
كۆڭۈل ئارزۇ قولسا بەكۇرتسە قاتىغ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
كۆڭۈل ئارزۇ قىلغان، قاتتىق بېرىلگەن (نەرسە) لەززەتتۇر.

1893 سەۋتىمىش يۇزىن كۆرسە كۆزگە تاتىغ،
كۆڭۈل ئارزۇسىن بۇلسا ئۆزگە تاتىغ.
كۆزنىڭ لەززىتى — سۆيۈندۈرگۈچى يۈزنى كۆرۈش،
جاننىڭ لەززىتى كۆڭۈل ئارزۇسىغا ئېرىشىش.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1894 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۈلمىش ئاي،
سەۋىگلىگ نىشانى نەگۇ ئەرمىش ئاي.
ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش، ئېيتقىنچۇ،
سۆيۈملۈك (بولۇشنىڭ) نىشانىسى نېمىدۇر؟

1895 سەۋەرمەن تەيۇ بارچا دەئۋى قىلۇر،
بۇ دەئۋىقا مەئنى نەگۇتەك بولۇر؟
ھەركىم سۆيىمەن، دەپ دەۋا قىلىدۇ،
بۇ دەۋانىڭ مەنىسى قانداق بولىدۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1896 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بولۇر،
سەۋۈگ يۈزگە باقسا سەۋەرىن بىلۇر.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: خوپ، (ئېيتاي)،
(كىشى) سۆيۈملۈك يۈزگە قارىسا، سۆيگۈنىڭ ئېمىلىكىنى بىلىدۇ.

1897 قامۇغ نەڭگە ئۆرتۈگ بولۇر باقسا كۆز،
كۆڭۈلگە يوق ئۆرتۈگ، مۇنى بىلگۈ ئۆز.
كۆز ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى كۆرۈش توسالغۇسىز بولمايدۇ،
شۇنى بىلگىنكى، كۆڭۈل ئۈچۈن توسالغۇ يوقتۇر.

1898 سەۋەر، سەۋمەزىن ئۆز بىلەيىن تەسە،
كۆڭۈلگە باقا كۆرگۈ، بىلگەي باسا.
(كىشى) سۆيگەن ياكى سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسە،
كۆڭلىنىڭ رايىغا باقسۇن، ئاندىن چۈشىنىدۇ.

1899 سەۋۈگلەر يۈزىندە بولۇر بەلگۈ نەڭ،
كۆزىن كۆزگە تىكسە ئانى بىلگۈ تەڭ.
سۆيۈملۈكلەر يۈزىدە نىشان بولىدۇ،
كۆزىنى كۆزىگە تىكسە، بىر ـ بىرىنى بىلىدۇ.

1900 مۇڭار مەڭزەتۈ ئايدى شائىر سۆزى،
ئۇقۇپ تىڭلايۇ ئال كىشى ئەربۈزى:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، شائىر (شۇنداق) سۆز ئېيتقان،
بۇنى ئوقۇپ، قۇلاقتا تۇت، ئەي جەسۇر كىشى:

1901 سەۋىگلى كىشىنىڭ يۈزى بەلگۈلۈگ،
تىلى ئاچسا مەئنى سۆزى بەلگۈلۈگ.
«سۆيگەنلەرنىڭ يۈزىدىن مەلۇم بولىدۇ،
ئەگەر سۆزلىسە، سۆزىنىڭ مەنىسى بەلگە بېرىدۇ.

1902 «سەۋەر، سەۋمەزىن ئۆز بىلەيىن تەسە، C96
ساڭا تەترۇ باقسا كۆزى بەلگۈلۈگ».

«(بىرسىنىڭ) سۆيگەن ـ سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ،
ساڭا تىكىلىپ باققاندا كۆزى بەلگە بېرىدۇ».

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

B146 1903 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، ئەشىتتىم بۇ سۆز،
تاقى بىر سۆزۇم بار، ئانى ئايسۇ ئۆز.
ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۇم بار، بۇنىمۇ ماڭا سۆزلەپ بەرسەڭ.
1904 كەرەكلىگ سۆز ئايتۇرمەن ئەمدى ساڭا،
ئەدى كەد باقىپ سۆزلەيۇ بەر ماڭا.
ئەمدى سەندىن مۇھىم بىر سۆزنى سورايمەن،
ئوبدان ئويلىنىپ، ماڭا سۆزلەپ بەر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1905 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
بىلىك بىرلە بەگلەر بەدۇتتى ئاتى.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بەردى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
بەگلەر ئۆز نامىنى بىلىم بىلەن ئۇلۇغلىدى.
1906 بىلىك ئوردۇسى ئول بۇ بەگلەر ئۆزى،
بىلىكسىز بولۇر قۇل، نەرەك قۇل سۆزى.
بەگلەرنىڭ ئۆزى بىلىم ئوردىسىدۇر،
قۇل بىلىمسىزدۇر، قۇل سۆزىنىڭ نېمە (ئەھمىيىتى) بولسۇن؟
1907 ئايىتماق ئوڭاي، بولدى تەرسى جەۋاب،
جەۋابقا ئەلىگ بىلكى بولغاي سەۋاب.
سوراش ئوڭاي، قايتۇرۇپ جاۋاب بەرمەك قىيىندۇر،
بېرىدىغان جاۋابىمنى ئەلىگنىڭ بىلىمى توغرىلىغاي.

1908 ئوڭايىن ئەلىگ تۇتتى، تەرسى ماڭا،
كەمىشمەگىل ئەمدى، ئاي ئەرسىگ توڭا.
ئاسىنىنى ئەلىگ ئالدى، قىيىنىنى ماڭا
ئېتتىرىپ قويما، ئەي مەرد قەھرىمان.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

1909 ئەلىگ ئايدى: ئايىتغلى مۇڭلۇغ بولۇر،
ئۆزى بىلمەدۇكىن ئانىڭدىن قولۇر.
ئەلىگ ئېيتتى: سورىغۇچى ھاجەتمەندۇر،
ئۆزى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنى باشقىدىن سورايدۇ.
1910 قالى مۇنداغ ئەرسە سەۋىنگۇ كەرەك.
ئايىتمىش سۆزۇمنى سەن ئايغۇ كەرەك.
ئەگەر شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭدىن شادلىنىش كېرەك،
سورىغان سۆزۇمگە جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك.

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1911 يانۇت بەردى، ئايدى: ئاي ئەدگۇ تۆرۇ، B147
ئەشىتمەك كەد ئول سۆزلەمەكتە كۆرۇ.
(ئۆگدۇلمىش) جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ياخشى قانۇن،
ئاڭلىماق سۆزلىمەكتىن ياخشىراقتۇر.
1912 سۆزۇگ سۆزلەگۇچى بۇ جان ياۋرىتۇر،
ئەشىتگۇچى ئاۋنۇر، ئەت ئۆز سەمرىتۇر.
سۆزنى سۆزلىگۇچى جېنىنى ئۇپرىتىدۇ،
ئاڭلىغۇچى ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە ۋۇجۇدىنى سەمرىتىدۇ.
1913 نەگۇ تەر ئەشىتكىل سىنامىش بۆگۇ،
سۆزۇگ سۆزلەمەگۇ ئەشىتگۇ ئۆگۇ.

تەجرىبىلىك دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
سۆزنى (كۆپ) سۆزلىمەسلىك، ئاڭلاش (ۋە) ئويلاش كېرەك.

1914 ئەشتمەك بىلە بولدى بىلگە كىشى، C 97
بۇ سۆز سۆزلەمەكتىن بارىر ئەر باشى.
كىشى ئاڭلاش بىلەن ئالىم بولىدۇ،
كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشىنىڭ بېشى كېتىدۇ.

1915 ئەشتسە بولۇر ئول قۇلاققا تاتىغ،
تەلىم سۆزلەمىش سۆزدە بولماز ئاسىغ.
ئاڭلاش قۇلاق ئۈچۈن بىر لەززەتتۇر،
كۆپ سۆزلىگەن سۆزدە مەنپەئەت يوقتۇر.

1916 سۆزۈگ سۆزلەمەسە ساۋ ئالتۇن سانى،
باقىر بولدى تىلدىن چىقارسا ئانى.
سۆزلەنمىگەن سۆز ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ،
ئۇنى ئېغىزدىن چىقارساڭ، مىسقا ئايلىنىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1917 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى كۆنى سۆزلەدىڭ، A 74
سەن ئەمدى ئۆزۈڭگە قۇتۇن قۇر بادىڭ.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى توغرا سۆزلىدىڭ،
(بۇنىڭ بىلەن) ئۆزۈڭگە دۆلەت كەمىرىنى باغلىدىڭ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1918 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
ئۆزۈم يەگلەدۈكى بۇ قۇللۇق ئاتى.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
ماڭا لايىق بولغىنى قۇللۇق نامىدۇر.

1919 قۇلى جان سىزۇرغۇ ئاۋىنسا بەگى،
قالى يەتلۇر ئەرسە بۇ قۇلنۇڭ ئۆگى.

ئەگەر قۇلنىڭ ئەقلى يەتسە،
بېگىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ئايىماسلىقى كېرەك.

1920 ئەشتىسۇ ئايايىن ئۆزۇم بىلمىشىن،
ئەلىگمە كەچۇرسۇن خەتا بولمىشىن.

(ئەلىگ) ئاڭلىسۇن، مەن ئۆزۇمنىڭ بىلگىنىنى ئېيتاي،
ئەلىگمۇ خاتا يەرلىرىنى كەچۇرسۇن.

28

بەگلىككە سەزا بولغۇتەگ بەگ نەگۈ تەگ كەرەكىن ئايۇر

بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

1921 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى ئايىتغۇ سۆزۈم
بۇ ئەردى، مۇنۇ ئەمدى ئايتۇر ئۆزۈم.
ئەلىگ ئېيتتى: سورىماقچى بولغان سۆزۈم
مۇنۇ ئىدى، ئەمدى شۇلارنى سورايمەن:

1922 تۆرۈتتى ئاپا ئوغلانىن بىر بايات، B148
ئۇلۇغ بار، كىچىگ بار، ئەسىز، ئەدگۇ ئات.
ئادەم بالىسىنى بىرلا خۇدا ياراتتى،
(ئۇلارنىڭ) ئۇلۇغىمۇ، كىچىكىمۇ بار، ياخشى ناملىقىمۇ، يامان ناملىقىمۇ بار،

1923 بىلىكلىگ، بىلىكسىز، چىغاي بار، يا باي،
ئۇقۇشلۇغ، ئۇقۇشسۇز، ئوتۇن بار، كەد ئاي.
بىلىملىكى، بىلىمسىزى، كەمبەغەل ۋە بايلىرى بار،
ئەقىللىك، ئەقىلسىز، جاھىل (مۇ) بار، توغرىسىنى ئېيت،

1924 نەگۈتەك كەرەك بەگ مۇنى باشلاسا،
چاۋى بارسا ئاتى، ئىشىن ئىشلەسە.
بەگ قانداق بولۇشى كېرەككى، (ئەلنى توغرا يولغا) باشلىسا،
(تېگىشلىك) ئىشنى ئادا قىلىپ، نام ـ شۆھرەت قازانسا؛

1925 ئەتىلسە ئەلى ھەم بايۇسا بودۇن،
ئاتى ئەدگۈ بولسا ئول ئەرتەر ئۆدۈن.
ئېلى تۈزەلسە، خەلقى بېيىسا،
ئۇ، (دۇنيادىن) ئۆتەر ۋاقتىدىمۇ، ياخشى نام قالدۇرسا؛

1926 خەزىنە ئۇرۇنسا كۈمۈش ھەم ئاغى،
ياغى بوينى يەنچسە كەتەرسە چوغى.

كۈمۈش ۋە مال ـ دۇنيادىن خەزىنە توپلىسا،
ياۋ بويىنىنى ئەگدۈرۈپ، نىزانى تۈگەتسە؛
1927 يۇمىتسا ئەر ـ ئات، بولسا كۈچلۈگ ئەلىگ،
يورىتسا تۆرۈ تۈز، يەرۈتسە بىلىك.
قوشۇن توپلىسا، (ھاكىمىيىتى) قۇدرەتلىك بولسا،
توغرا قانۇن يۈرگۈزسە، بىلىمنى يېتىلدۈرسە؛
1928 چاۋىقسا ئاژۇندا يادىلسا ئاتى، C 98
بەدۈسە كۈنىڭە كۆتۈرسە قۇتى.
دۇنيادا شۆھرەت قازىنىپ، نامى يېيىلسا،
كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىپ، بەخت ـ دۆلىتى ئاشسا،
1929 ئەرەژىن ئاۋىنسا، يەسە ئەل ئۈزۈن،
پۈتۈن جان ئۈزۈلسە، يەسە ئۇل ئاژۇن.
راھەت ـ پاراغەتتە شادلىنىپ، ئەلنى ئۇزۇن (يىل) باشقۇرسا،
بارلىق جانلار ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، ئۇ جاھان سورىسا.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1930 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: ئەلىگ،
ئەدى تەرس ئايىتتى ماڭا بۇ بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
مەندىن ناھايىتى قىيىن بىلىمنى سورىدى.
1931 بۇ بەگلىك ئىشىن بارچا بەگلەر بىلىر،
تۆرۈ ئۆڭدى قىلىق ـ ياڭ ئولاردىن كەلىر.
بارچە بەگلىك ئىشىنى بەگلەر بىلىدۇ،
قانۇن ـ نىزام، ئۆرپ ـ ئادەت ئۇلاردىن كېلىدۇ.
1932 ئاناسىندا تۇغسا تۇغار بەگلىكىن،
كۆرۈ ئۆگرەنۈر ئىش، بىلۈر يەگلىكىن.
ئانىدىن تۇغۇلغاندا، بەگ (بولۇش ئۈچۈن) تۇغۇلىدۇ،
ياخشى ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ، بىلىدۇ.

1933 بايات كىمگە بەرسە بۇ بەگلىك ئىشى،
بەرۇر ئۆد ـ كۆڭۈل، كۆر، ئۇل ئىشكە تۇشى.
بۇ بەگلىك ئىشىنى خۇدا كىمگە بەرسە،
ئۇنىڭغا مۇناسىپ، ئەقىل ـ ئىدراكمۇ بېرىدۇ.

1934 كىمى بەگ تۆرۈتمەك تىلەسە بايات،
بەرۇر ئاشنۇ قىلىق ـ ياڭ، ئۇقۇش، يۇگ، قانات.
خۇدا كىمنى بەگ قىلىپ يارىتىشنى خالىسا،
ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يارىشا خۇلق ـ مىجەز، ئەقىل ـ پاراسەت
ۋە قول ـ قانات بېرىدۇ.

1935 بۇ بەگلىك ئىشى بولدى بەگلەر ئىشى، B149
بۇ بەگلەر ئىشىن بىلدى بەگلىك كىشى.
بەگلىك ئىشى بەگلەرگىلا خاس ئىشتۇر،
بەگلەرنىڭ ئىشىنى بەگ بولغۇچى كىشى بىلىدۇ.

1936 بۇ ئىشنى ئەلىگ مەندە يەگرەك بىلۇر،
ئاتاسى بەگ ئەردى، ئۆزى بەگ تۇرۇر.
بۇ ئىشنى ئەلىگ مەندىن ياخشىراق بىلىدۇ،
ئاتىسى بەگ ئىدى، ئۆزىمۇ بەگ بولدى.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1937 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، بۇ سۆز بارچا چىن،
كۆنى سۆزلەدىڭ سۆز، يىپار بۇردى كىن.
ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، بۇ سۆزنىڭ ھەممىسى راست،
توغرا سۆز قىلدىڭ، سۆزۈڭدىن ئىپار ھىدى كېلىدۇ.

1938 بۇ ئىش قىلغۇچى ئەر قىلۇر ئۆز ئىشى،
مۇن، ئەردەم بىلىكلى، كۆرۈگلى كىشى.
ئىش قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ،
(ئىشنىڭ) ياخشى ياكى يامانلىقىنى كۆزەتكەن كىشى بىلىدۇ.

1939 مەن ئىش قىلغۇچىمەن، سەن ئىش كۆرگۈچى،
ئىشىگ كۆرگۈچىدىن بىلۇر قىلغۇچى.

مەن ئىش قىلغۇچىمەن، سەن بولساڭ ئۇنى كۆرگۈچى،
ئىش قىلغۇچى (ئىشنىڭ قانداقلىقىنى) كۆرگۈچىدىن بىلىدۇ.

1940 بايات بەردى ئەمدى ساڭا ئۆگ، كۆڭۈل،
ئۇقۇش ھەم بىلىك بىرلە بولدۇڭ ئامۇل.
خۇدا ئەمدى ساڭا ئەقىل ۋە ئىدراك بەردى،
ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن خاتىرجەم (ئىشلەشكە) ئېرىشتىڭ.

1941 ماڭائوق تاپىندىڭ كىچىگدە بەرۇ،
كۆرۇ، ئۆگرەنۇ بىلدىڭ ئەدگۇ تۆرۇ.
كىچىكىڭدىن تارتىپ ماڭىلا خىزمەت قىلدىڭ،
كۆرۈپ ـ ئۆگىنىپ ياخشى قانۇنلارنى بىلدىڭ.

1942 قامۇغ ئىشنى ئۇقتۇڭما بىلدىڭ ئۆزۈن، C99
ماڭاما باغىرساقسەن قىلقىن سۆزۈن.
ھەممە ئىشلارنى ئۇقتۇڭ ۋە ماھىيىتىگە يەتتىڭ،
ھەرىكىتىڭ ۋە سۆزۈڭدە ماڭا كۆيۈمچان ـ سادىقسەن.

1943 باغىرساققا ئايتۇر كىشى ئۆز سۆزىن، A75
باغىرساق يۇلۇغلار كىشىگە ئۆزىن.
كىشى ئۆز سۆزىنى سادىق (كىشىلەر) گە ئېيتىدۇ،
كۆيۈمچانلار كىشىگە ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

1944 باغىرساق ئۇچۇن سەن پۇتەرمەن ساڭا،
باغىرساقلىقىن ئاي بۇ سۆزلەر ماڭا.
سەن سادىق بولغىنىڭ ئۇچۇن ساڭا ئىشىنىمەن،
سۆزلىرىمگە سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن جاۋاب بەر.

1945 نەگۇ تەر ئەشتىكىل باغىرساق كىشى،
باغىرساقلىق ئول، كۆر، كىشىلىك باشى:
كۆيۈمچان ـ سادىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كۆيۈمچانلىق ـ ساداقەت كىشىلىكنىڭ بېشىدۇر:

1946 «باغىرساقنى ئۆگدى ئۇقۇشلۇغ ئۆكۈش،
باغىرساق كىشىلەر كىشىگە كۆسۈش.
«كۆيۈمچان ـ سادىق كىشىنى ئەقىللىقلەر كۆپ ماختىدى،
سادىق كىشىلەر ئىنسان ئۇچۇن ئەزىزدۇر،

1947 باغىرساقنى بۇلسا باغىرقا ئۇرۇن،
ماڭا مۇنداغ ئايدى بىلىك ھەم ئۇقۇش».
سادىق كىشىگە ئېرىشسەڭ، باغرىڭغا باس،
بىلىم ۋە ئەقىل ماڭا شۇنداق دېدى».

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1948 يانۇت بەردى ئۆگدۇلمىش، ئايدى: ئەلىگ، B150
ئەسەن ئىنچ تىرىلگىل، ئاي ئۇستەڭ ئەلىگ.
ئۆگدۇلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
ئېسەن ـ ئامان، ھالاۋەتتە ياشىغىن، قولۇڭ ئۇستۇن بولسۇن.
1949 بۇ بەگلىككە ئاشنۇ تۇپ ئەسلى كەرەك،
ئاتىم، ئالپ، قاتىغ، قۇرچ يانا توڭ يۇرەك.
بەگلىك ئۇچۇن ھەممىدىن ئاۋۋال تېگى ئېسىل كىشى كېرەك،
بەگ باتۇر، قورقماس، جەسۇر ۋە قاتتىق قول بولۇشى كېرەك.
1950 ئاتاسى بەگ ئەرسە، ئوغۇل توغدى بەگ،
ئوغۇل توغسا بەگ ھەم ئاتالارىتەك.
ئاتىسى بەگ بولسا، ئوغلىمۇ بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ،
ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش بەگ بولىدۇ.
1951 ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىكلىگ كەرەك،
ئاقىلىق كەرەك ھەم سىلىگلىك كەرەك.
ئەقىللىك ھەم بىلىملىك بولۇشى كېرەك،
مەرد ـ سېخىي ھەم خۇش پېئىل بولۇشى لازىم.
1952 بىلىك بىرلە بەگلەر بودۇن باشلادى،
ئۇقۇش بىرلە ئەل ـ كۈن ئىشىن ئىشلەدى.
بەگلەر بىلىم بىلەن خەلققە (يول) باشلاپ كەلدى،
خەلقنىڭ ئىشىنى ئەقىل بىلەن بېجىردى.
1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىغ تۇرۇر،
بىلىك لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

«بەگ» دېگەن نام «بىلىگ» سۆزى بىلەن باغلىقتۇر،
«بىلىگ» دىن «لام» نى ئېلىۋەتسە، «بەگ» نامى قالىدۇ[1].

1954 كەد ئۆگلۈگ كەرەك هەم بىلىكلى، ئۇقۇش،
بىلىكلىگ كىشىنىڭ ياغىسى ئۆكۈش.

(بەگ) ناهايىتى پاراسەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىك بولۇشى كېرەك،
بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

1955 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بىلىك بىلمىش ئەر،
باشىندا كەچۈرمىش ئۆكۈش يەلمىش ئەر.

بىلىملىك، بېشىدىن (ئىش) ئۆتكەن
ۋە كۆپ (يەرلەرنى) كەزگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

C100 1956 «بىلىكلىگ كەرەك بەگ، ئۇقۇشلۇغ، ئودۇغ،
ئاڭار تەگمەسە بىر مۇفاجا يودۇغ.

«بەگ بىلىملىك، ئەقىللىك ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
ئۇنىڭغا كۇتۇلمىگەن پالاكەت تەگمىسۇن.

1957 قىلىنچ ئەدگۈ، ئەردەم كەرەك مىڭ تۈمەن،
ئاتى ئەدگۈ بولسا، تۇتۇنسا بودۇغ».

ياخشى خۇلق ـ مىجەز، مىڭ تۈرلۈك پەزىلەت بولۇشى كېرەككى،
(بۇنىڭ بىلەن) نامى ياخشى بولسۇن، داغ چۈشۈرمىسۇن».

1958 ئاپا ئوغلانى بارچا ئەسلى بەدۈك،
بىلىك بىرلە بولدى، كۆر، ئۆدرۈم كەد ئۆك.

ئىنسان بالىسىنىڭ هەممىسى ئەسلى بۈيۈكتۇر،
قارا، پەقەت بىلىم بىلەنلا سەرخىللىرى تاللىنىدۇ.

1959 ئۇرۇغ ئەدگۈ بولسا، ئەر ئەدگۈ توغار،
ئەر ئەدگۈ بولۇپ ئۆترۈ تۆرگە ئاغار.

ئۇرۇقى ياخشى بولسا، كىشى ياخشى بولۇپ تۇغۇلىدۇ،
كىشى ياخشى بولغاندىن كېيىن تۆرگە چىقىدۇ.

1960 ئىدۇق ئول بۇ بەگلىك، ئاغىغلىق تىلەر،
ئارىغلىق بىلە ئەلدە ساقلىق تىلەر.

① بۇ يەردە ئەرەب يېزىقىدىكى «بەگ» سۆزى بىلەن «بلگ» سۆزىنىڭ يېزىلىشى بىرلا «لام» (ل) ئارقىلىق پەرقلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

بۇ بەگلىك ــــ مۇقەددەس، ئۇ پاكلىقنى تىلەيدۇ،
ئەلدىنمۇ پاكلىق ۋە ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

1961 بودۇنقا تالۇسى كەرەك ئالپ، ئاتىم،
بەدۇك ئىشكە ئۆترۇ بۇ بولسا تەتىم.

خەلقنى باشلاش ئۈچۈن (بەگ) سەرخىل، قەھرىمان بولۇشى كېرەك،
(شۇنداق بولغاندىلا) بۈيۈك ئىشنى ئىشلەشكە يارايدۇ.

1962 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۆتۈكەن بەگى،
سىناپ سۆزلەمىش سۆزنى يەترۈپ ئۆگى:

ئۆتۈكەن[1] بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇ سۆزنى زېھىن قويۇپ، سىناپ سۆزلىگەن:

1963 بودۇنقا بەگى ئارتۇق ئۆدرۈم كەرەك، B151
كۆڭۈل، تىل كۆنى، قىلقى كۆدرۈم كەرەك.

خەلقنىڭ بېگى ناھايىتى سەرخىل بولۇشى،
دىلى ۋە تىلى توغرا، خۇلق ـ مىجەزى ئېسىل بولۇشى لازىم.

1964 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ، بودۇنقا تالۇ،
ئاقى ھەم كۆزى توق، نە كۆڭلى تولۇ.

بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى،
سېخىي ھەم كۆزى توق، ئالىيجاناب بولۇشى لازىم.

1965 قامۇغ ئەدگۈگە بولسا ئەلگى ئۇزۇن،
ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ ھەم قىلىنچى تۈزۈن.

قولىدىن كۆپ ياخشىلىقلار كېلىدىغان،
ھايالىق، خۇش پېئىل ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى توغرا بولۇشى لازىم.

1966 سەزا بەگ بولۇر بۇ بودۇنقا ئۇلۇغ،
مۇنىڭدىن كەلىر ئۆترۈ ئەدگۇ ئۇرۇغ.

مۇشۇنداق بەگ خەلق ئۈچۈن ئۇلۇغ بولىدۇ،
ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى ئەۋلاد قالىدۇ.

1967 بىلىك بىرلە باشلار كىشى ئىش باشىن،
ئۇقۇش بىرلە ئۇقسا ئوڭارۇر ئىشىن.

---

① ئۆتۈكەن ــــ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ياشىغان بىر ماكاننىڭ ئىسمى، شىمالىي موڭغۇل دالىلىرى دائىرىسىدە ئىكەن.

كىشى ئىشنىڭ بېشىنى بىلىم بىلەن باشلاپ،
ئىدراك قىلىپ چۈشەنسە، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

1968 بودۇنۇغ بىلىك بىرلە باستى بەگى،
بىلىك بولماسا ئىشكە ياقماز ئۆگى.

بەگلەر خەلقنى بىلىم بىلەن ئىگىلەيدۇ،
بىلىم بولمىسا، ئەقىل ئىشقا يارىمايدۇ.

1969 ياڭىلسا بۇ بەگلەر، ئاي ئەلىگ قۇتى،
ئانىن بەگلىكى ئىگلەر، ئەتگۈ ئوتى.

ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، بەگلەر (ئىشلىرىدا) يېڭىلسا،
بۇ بەگلىك كېسەل بولىدۇ، ئۇنى داۋالاش كېرەك.

1970 بۇ بەگلىك ئىگىڭە ئوتى ئۆگ، بىلىك،
ئۇقۇش بىرلە ئەمله، ئاي قىلقى سىلىگ.

بەگلىكنىڭ كېسىلىگە ئەقىل ۋە بىلىم داۋادۇر،
ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن داۋالا، ئەي خۇش پېئىل كىشى!

1971 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ كەرەك بەگ تەتىك،
ئانىن قىلسا ئۆترۈ ئىگىڭە ئەتىك.

بەگ بىلىملىك، ئەقىللىك ۋە زېرەك بولۇشى كېرەك،
ئاندىن كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

B101 1972 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ بۆگۈ ئەلچى بەگ،
ئىكىگۈن ئاژۇندا بولۇر ئورنى يەگ.

بىلىملىك، ئەقىللىك، دانا هۆكۈمدار (نىڭ)
هەر ئىككى دۇنيادا ئورنى ياخشى بولىدۇ.

A76 1973 ئىكىگۈن ئاژۇنۇغ بۇلۇغلى كىشى،
ئەدى قۇتلۇغ ئول، بۇ تۇگەل قۇت باشى.

ئىككىلا دۇنيالىقىغا ئېرىشەلىگەن كىشى
ناهايىتى قۇتلۇق، سائادەتمەن كىشى هېسابلىنىدۇ.

1974 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ سۆز،
كۆرۈ بارسا مەئنى بىلىكسىزگە كۆز.

بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شائىر مۇنداق بىر سۆز دېگەن،
سەپسالساڭ مەنىسى بىلىمسىزگە كۆز بولىدۇ:

1975 « مەڭىلىگ قايۇ ئول، ماڭا ئاي يورا.
كىشى قۇتلۇغى كىم كىشىلەر ئارا؟
«سائادەت نېمىدۇر، قېنى ماڭا تەرىپلىگىنچۇ،
كىشىلەر ئىچىدىكى قۇتلۇق كىشى كىم؟
1976 يەسە، بەرسە دۇنيا، تىرىلسە قۇتۇن،
تاقى بىر ئاژۇندا بۇ بۇلدى تۆرە».
مال ـ دۇنيادىن بەھرىمەن بولسا، (باشقىلارغا) بەرسە، بەختىيار ياشىسا،
يەنە بىر دۇنيادا ئۇ تۆرگە ئېرىشىدۇ.»
1977 قىلىنچى ئوڭاي بولسا، قىلقى كۆنى،
سەۋىنچىن كەچەر، كۆر، ئۇشئول بەگ كۇنى.
قىلمىشى، خۇلقى مۇلايىم، قىلىقى توغرا بولسا،
ئۇ بەگنىڭ كۈنلىرى شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.
1978 بايات كىمگە بەرسە بۇ ئەدگۇ قىلىق، B152
بۇ ئەدگۇ قىلىق بىرلە ئەدگۇ، يورىق.
خۇدا كىمگە ياخشى خۇلقنى بەرگەن بولسا،
بۇ ياخشى خۇلق بىلەن ياخشى ئەمەل ئاتا قىلسا،
1979 ئانىڭ بولدى دۇنيا تۇ نىئمەت بىلە،
تىلەسە ئۆزۈك يە، تىلەسە ئۇلە.
بۇ دۇنيا جىمى نېمەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ بولىدۇ،
خالىساڭ ئۆزۈڭ يېگىن، خالىساڭ باشقىلارغا ئۇلەشتۇر.
1980 بايات بەرسە فەزلى قۇلىڭا قۇتۇن،
بولۇر قىلقى ئەدگۇ، قىلىنچى پۇتۇن.
خۇدا رەھمەت قىلىپ قۇلىغا بەخت بەرسە،
ئۇنىڭ قىلىقلىرى ياخشى، ھەرىكەتلىرى دۇرۇس بولىدۇ.
1981 قىلىنچ ئەدگۇ، ئەردەم كەرەك مىڭ تۇمەن،
ئانىن تۇتسا ئەل ـ كەند، كۆتۈرسە تۇمان.
بەگدە ياخشى خۇلق ۋە مىڭ خىل ھۇنەر ـ پەزىلەت بولغاندىلا،
ئاندىن ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرۇپ، تۇماننى تارقىتالايدۇ.
1982 نە ئەدگۇ تۇرۇر بۇ قىلىنچ ئەدگۇسى،
قىلىنچ ئەدگۇ ئەرگە يەگۇ ـ كەدگۇسى.

بۇ ياخشى خۇي ـ پېئىل نېمىدېگەن گۈزەل !
ياخشى خۇي ـ پېئىل ئەر ئۈچۈن (تۈگىمەس) نېمەتتۇر.

1983 بايات كىمگە بەرسە قىلىنچ ئارقۇقى،
ئانى ئەمگەتۇر بۇ زەمانە ئوقى.
خۇدا كىمگە جاھىل خۇي بەرگەن بولسا،
زامان ئوقى ئۇنى رەنجىتىدۇ.

1984 قايۇ بەگدە بولسا بۇ ئارقۇق قىلىنچ،
ئىشى بارچا تەترۇ، سەۋىنچى ساقىنچ.
قايسى بەگدە بۇنداق جاھىل خۇي بولسا،
بارچە ئىشى تەتۈرىگە ماڭىدۇ، شادلىقى غەمگە ئايلىنىدۇ.

1985 ساقىنۇق كەرەك بەگ، نە قىلقى ئارىغ،
ئارىغلىق تىلەر تۇتچى ئۇرغى ئارىغ.
بەگ ــ ساپ دىل، مىجەزى ئالىيجاناب بولۇشى كېرەك،
ئۇرۇقى تازا بولغانلار دائىم پاكلىقنى خالايدۇ.

1986 ساقىنۇق كىشى كۆڭلى قورقلىق بولۇر، C102
كۆڭۈل قورقسا، بەگلەر ئىشىگ تۈز قىلۇر.
ساپ دىل ـ تەقۋادار كىشىنىڭ كۆڭلى قورققاق بولىدۇ،
كۆڭۈل قورقسا، بەگلەر ئىشنى توغرا قىلىدۇ.

1987 قالى بولماسا بەگ ساقىنۇق، سۈزۈگ،
ئارىغسىز بولۇر بارچا قىلقى ئۈزۈك.
ئەگەر بەگ ساپ دىل ـ تەقۋادار، سەمىمىي بولمىسا،
بارچە قىلمىشلىرى ناپاك، (ئىشلىرى) چالا بولىدۇ.

1988 ئۆرۈگلۈك، ئامۇللۇق بولۇر بەگكە كۆرك،
بۇ بەگلىك ئىشىڭە بۇ ئول باغۇ ـ ئۆرك.
سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك بەگ ئۈچۈن زىننەتتۇر،
بۇ بەگلىك ئىشىنىڭ تىزگىنى (ۋە) يۈگىنى بولىدۇ.

1989 كەد ئۆگلۈگ كەرەك بەگ ئوڭارسا ئىشىن،
بىلىپ باشلاسا ئۆترۈ ئىشلەر باشىن.
بەگ ئىشنى ئوڭشاش ئۈچۈن ناھايىتى ئەقىللىك بولۇشى كېرەك،
يەنە، ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى بىلىشى كېرەك.

1990 بۇ ئۆگلۈگ كىشلەر ئۇغارۇر ئىشىگ،
يىراق تۇتغۇ ئىشتە بۇ ئۆگسۈز كىشىگ.
ئەقىللىك كىشىلەر ئىشنى ئوڭشىيالايدۇ،
ئەقىلسىز كىشىلەرنى ئىشتىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم.

1991 كۆڭۈل بولماسا، ئەر كۆزى ئاسغى يوق،
ئۆگى بولماسا، ئەر كۆڭۈل ئوسغى يوق.
كىشىنىڭ كۆڭلى بولمىسا، كۆزىنىڭ پايدىسى يوق،
ئەقلى بولمىسا، كىشى كۆڭلى تەدبىرسىز قالىدۇ.

1992 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئاي ئەلچى باشى،
ئۆرۈگ كەد كۆڭۈللۈگ سىنامىش كىشى.
ئەي ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى، ئاڭلا، سەۋرچان،
يۈكسەك كۆڭۈللۈك، تەجرىبىلىك كىشى نىمە دەيدۇ:

B153 1993 «قايۇ ئەردە بولسا ئۇقۇش بىرلە ئۆگ،
ئانى ئەر ئاتاغىل، نەچە ئۆگسە ئۆگ.
«كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا،
ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا، قانچە ماختىساڭ، ماختا.

1994 ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك كىمدە بولسا تۈگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەد تە، كىچىگ ئەرسە ئۆگ».
كىمدە ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم جەم بولىدىكەن،
ئۇنى يامان بولسا ياخشى، كىچىك بولسا ئۇلۇغ، دەپ بىل».

1995 نە ئەدگۈ تۇرۇر بۇ كىشىگە ئۆگە،
ئۆگى بولسا ئۆترۈ ئاتاغۇ ئۆگە.
كىشى ئۈچۈن ئەقىل ـ ئىدراك نىمىدېگەن ياخشى،
ئەقىل ـ پاراستى بولغاندىلا، ئاندىن دانا دەپ ئاتاش كېرەك.

1996 ئەۋەكلىك، بەلىڭ ئول قامۇغقا ياۋۇز،
قالى بولسا بەگكە، يۈزى بولدى بوز.
ئالدىراقسانلىق، ۋەھىمە ھەممە ئۈچۈن يامان،
بۇ ئادەت ئەگەر بەگدە بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنى سارغايتىدۇ.

1997 ئەۋەك، قۇرغۇ قىلقى ـ قىلىنچى پۇشى،
بىلىكسىزگە بەلگۈ بولۇر بۇ ئىشى.

ئالدىراقسان، يەڭگىل كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلى غەزەپلىك كېلىدۇ،
بۇ ئادەت بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

1998 ئەۋە قىلمىش ئىشلەر نەچە يىگ بولۇر،
ئەۋە يەسە ئاش، سۇۋ نەچە ئىگ بولۇر.
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار خام بولىدۇ،
ئاش ـ تاماقنىمۇ ئالدىراپ يېسە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ.

1999 قامۇغ ئىش ئىچىندە ئامۇللۇق ئۇدۇر،
مەگەر تائەت ئەرسە ئەۋىنگىل، يۇگۇر.
ھەرقانداق ئىشتا تەمكىنلىكنى تاللا،
پەقەت تائەت ـ ئىبادەتكىلا ئالدىراپ يۇگۇر.

2000 كۆزى توق كەرەك ھەم ئۇۋۇتلۇغ تۇزۇن،
ئاچۇق ھەم يارۇق بولسا قىلقىن، سۆزۈن.
(بەگ) كۆزى توق، ھايالىق، دۇرۇس بولۇشى،
سۆزى ۋە ھەرىكىتىدە ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشى لازىم.

2001 تودۇمسۇز بولۇر ئول كۆزى سۇق كىشى، C103
كۆزى سۇقىا يەتمەز بۇ دۇنيا ئاشى.
كۆزى ئاچ كىشى تويماس كېلىدۇ،
كۆزى ئاچقا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېشىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

2002 بۇ سۇقلۇق ئىگ ئول بىر، ئوتى يوق ئەمى،
ئانى ئەملەيۇمەز بۇ دۇنيا قامى.
ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا ھېچ داۋا يوق،
ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ قاملىرىمۇ [1] داۋالىيالمايدۇ.

2003 قامۇغ ئاچ يەسە ـ ئىچسە ئاخىر تودۇر، A77
كۆزى ئاچ كىشى ئۆلسە ئاچلىق قودۇر.
ھەرقانداق ئاچ (كىشى) يېسە، ئىچسە ئاخىرى تويىدۇ،
كۆزى ئاچ كىشى ئۆلگەندىلا ئاچلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

2004 كۆزى سۇق كىشى نەڭگە بولماز بۇ باي،
قامۇغ دۇنيا بۇلسا ئاخىر سۇق ـ چىغاي.

[1] قام ـــ شامان مولللىسى.

كۆزى ئاچ كىشى مال ـ دۇنياغا (تويۇپ) باي بولمايدۇ،
نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، ئاچ، كەمبەغەل ئۆتىدۇ.
2005 ئۇۋۇتلۇغ كەرەك بەگ كىشىدە تالۇ،
ئۇۋۇتلۇغ قىلىنچى ئەرىلمەز تولۇ.
بەگ، هايالىق، ئىسىل كىشى بولۇشى كېرەك،
هايالىق (كىشىنىڭ) ئىشلىرى بۇزۇلمايدۇ، مۇكەممەل بولىدۇ.
2006 كىمىڭدە ئۇۋۇت بولسا قىلقى سىلىگ،
قامۇغ تەڭسىز ئىشكە تەگۇرمەز ئەلىگ.
كىمدە هايا بولسا، هەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ،
هەر خىل نامۇۋاپىق ئىشلارغا قول تەگكۈزمەيدۇ.
2007 بايات كىمگە بەرسە ئۇۋۇت، كۆز سۇۋى،
ئاڭار بەردى دەۋلەت، تۇگەل يۇز سۇۋى.
خۇدا كىمگە نومۇس، هايا بەرگەن بولسا،
ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە چوڭ ئىناۋەت بەرگەن بولىدۇ.
2008 قامۇغ تەڭسىز ئىشتىن يىغىغلى ئۇۋۇت، B154
قامۇغ ئەدگۇ ئىشكە ئۇلاغلى ئۇۋۇت.
بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى هايادۇر،
بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىمۇ هايادۇر.
2009 نە ئەدگۇ نەڭ ئول بۇ ئۇۋۇت، ئەرگە كۆرك،
قامۇغ ئەدگۇ ئىشكە ئۇۋۇت بولدى ئۆرك.
هايا نېمىدېگەن ياخشى نەرسە، ئۇ ـــ ئەرنىڭ كۆركى!
هايا كىشىنى نۇرغۇن ياخشىلىققا (يېتەكلىگۈچى) چۈلۋۇردۇر.
2010 تىلى چىن كەرەك، بولسا كۆڭلى كۆنى،
بودۇنقا ئاسىغ قىلسا، تۇغسا كۈنى.
(بەگنىڭ) سۆزى چىن، (دىلى) توغرا بولسۇنكى،
بۇنىڭ بىلەن خەلققە پايدا كەلتۈرىدۇ، كۈنى تۇغىدۇ.
2011 قالى بولسا بەگلەر خىيانەت كۆڭۈل،
بودۇنقا ئاسىغ بولماز، ئاندىن تۆڭۈل.
ئەگەر بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە خىيانەت بولسا،
خەلققە پايدىسى تەگمەس، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

2012 كۆڭۈل، تىل ئوڭاي بولماسا، كۆر، قىلىق،
ئول ئەلدىن قاچار قۇتقا بولماز يورىق.
(بەگنىڭ) كۆڭلى، تىلى ۋە قىلىقلىرى چىن ـ ئىشەنچلىك بولمىسا،
ئۇ ئەلدىن (بەخت) قاچىدۇ، (ئۇ يەردە) بەختكە ئورۇن بولمايدۇ.

2013 سۆزىن قىيغۇچى بەگكە تۇتما ئۇمۇنچ،
تىرىگلىك ياۋا بولغا، قىلغاي ئۆكۈنچ.
سۆزىدە تۇرمايدىغان بەگكە ئۈمىد باغلىما.
ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ ۋە ئۆكۈنىسەن.

2014 ئەدى ساق كەرەك بەگ، يانا كەد ئودۇغ،
ئۇسال بولسا بەگلەر توقىنۇر يودۇغ.
بەگ ناهايىتى هوشيار ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
بەگ بىخۇد بولسا، پالاكەت باسىدۇ.

A81 2015 ئىكى نەڭ تۇرۇر ئەلكە باغى بەكى،
بىرى ساقلىق ئول، بىر تۆرۈ ئەل كۆكى.
ئەلنىڭ نۇقتىسى ۋە قۇلۇپى ئىككى نەرسىدۇر،
بىرى: هوشيارلىق، يەنە بىرى: مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قانۇن.

2016 قايۇ بەگ ساق ئەرسە ئەلىن بەكلەدى،
ياغى بوينى يەنچتى ئۆزە ئۆركلەدى.
قايسى بەگ هوشيار بولسا، ئېلىنى مۇستەهكەملىيەلەيدۇ،
دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈرۈپ، ئۇنى يوگەنلىيەلەيدۇ.

C104 2017 قايۇ بەگ تۆرۈ بەرسە ئەلدە كۆنى،
ئەلىن ئەتتى ـ قودتى، يارۇتتى كۆنى.
قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يولغا قويسا،
ئېلىنى روناق تاپقۇزىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزىدۇ.

2018 بۇ بەگلىك باغى، كۆر، بۇ ئىككى بولۇر،
بۇ ئىككى تۈگەل بولسا بەگلىك قىلۇر.
قارا، بەگلىكنىڭ نۇقتىسى بۇ ئىككى (نەرسە) دۇر،
بۇ ئىككىسى تولۇق بولسا، بەگ بەگلىك قىلالايدۇ.

2019 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ياغىچى كۈر ئەر،
بۇ ساقلىق بىلە ئۆز ياغىسىن ئۈرار:

هوشيارلىق بىلەن ئۆز دۈشمىنىنى يەڭگەن،
جەڭگىۋار، جەسۇر ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

A82 2020 ئايا ئەلچى بەگلەر، ئەلىگ قولسا ساق،
بۇ ساقلىق بىلە سەن تۆزۈ ئەلكە باق.

ئەي باشقۇرغۇچى بەگ، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ،
ئېلىڭنىڭ ھەممە تەرىپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتكىن.

2021 بۇ ساقلىق بىلە ئارتتى بەگلەر ئەلى،
ئۇساللىق كۆرۈ بۇزدى بەگلىك ئۇلى.

ھوشيارلىق بىلەن بەگنىڭ ئېلى كۈچىيىدۇ،
بىخۇدلۇق ــ بەگلىكنىڭ ئۇلىنى بۇزىدۇ.

2022 بۇ ساقلىق بىلە سەن ياغى بوينى يەنچ،
بودۇنقا تۆرۈ قىل، تىرىل كەڭرۈ ـ ئىنچ

سەن ھوشيارلىق بىلەن دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈر،
خەلققە قانۇن يۈرگۈزۈپ، ھالاۋەتتە (ئازادە) ياشا.

B155 2023 ئىككى نەڭ بىلە ئەلچى بەگلىك بۇزار،
كىرۇر ئەگرى يولقا، كۆنىدىن ئازار.

ئىككى نەرسە بىلەن ئەل باشقۇرغۇچى بەگلىكىنى بۇزىدۇ،
ئەگرى يولغا كىرىپ، توغرىلىقتىن ئازىدۇ.

2024 بىرى كۈچ، بىرىسى ئۇساللىق قىلۇر،
بۇ ئىككى بىلە بەگ ئەلىن ئارتاتۇر.

بىرى ـ زۇلۇم، يەنە بىرى ــ بىخۇدلۇق قىلىش،
بۇ ئىككىسى بىلەن بەگ ئېلىنى خاراب قىلىدۇ.

2025 ياغى بوينى يەنچمەك تىلەر ئەرسە سەن،
قۇلاق، كۆز كەرەك ساق قىلىپ تۇرسا سەن.

سەن دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈرمەن دېسەڭ،
قۇلاق ۋە كۆزۈڭنى ھوشيار تۇتۇشۇڭ كېرەك.

2026 بۇ ساقلىق بىلە سانچتى بەگلەر ياغى،
ئۇساللىق بىلە بۇزدى بەگلىك باغى.

بەگلەر ھوشيارلىق بىلەن دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلغان،
بىخۇدلۇق بىلەن بەگلىكنىڭ بېغىنى ئۇزگەن.

2027 ئۇسال بولسا بەگلەر ئىشىن پۈترۈمەز،
ئۇسال بەگ، پۈتۈن، بىلگۈ، بەگلىك يەمەز.
بەگلەر بىخۇد بولسا، ئىشلىرىنى پۈتكۈزەلمەيدۇ،
ئىشىنىش، بىلىش كېرەككى، بىخۇد بەگ بەگلىك قىلالمايدۇ.

2028 ساق ئەر تۇتچى ئەتنىپ ئۇساللىغ پۇسار،
ئۇسال بولماغىنچا ياغىغ كىم باسار.
ھوشيار ئەر دائىم تەييار تۇرۇپ، بىخۇدلارنى قاپقانغا چۈشۈرىدۇ،
(ئەگەر) دۈشمەن بىخۇد بولمىسا، ئۇنى كىم يېڭەلەيدۇ؟

2029 ساق ئەرسە بەگى ئەلگە تەگمەز ئەلىگ،
قالى تەگسە يەترۈر ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك.
بەگ ھوشيار بولسا، ئەلگە (ھېچكىم) قول تەگكۈزەلمەيدۇ،
قول تەگكۈزسە، ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم (بىلەن تەدبىر كۆرىدۇ).

2030 بۇ كۈچكەي كىشى كەندۇ بەگلىك يەمەز،
بۇ كۈچكەي كۈچىنى بودۇن كۆترۈمەز.
زوراۋان ـ زالىم كىشى ئۆزىمۇ ئۇزۇن بەگلىك قىلالمايدۇ،
(چۈنكى) زالىمنىڭ زۇلمىنى خەلق كۆتۈرەلمەيدۇ.

2031 نەگۈ تەر ئەشىتگىل بىلىكلىگ سۆزۈن،
يەيۈمەدى كۈچكەي ئەلىن كەچ ئۇزۇن.
بىلىملىك (كىشى) نېمە دەيدۇ، سۆزىنى ئاڭلا:
زالىم ئۆز ئېلىنى ئۇزۇن مۇددەت سورىيالمايدۇ.

2032 كۆيەر ئوت تۇرۇر كۈچ، ياغۇسا كۆيەر، C105
تۆرۈ سۇۋ تۇرۇر، ئاقسا نىئمەت ئۈنەر.
زۇلۇم — زورلۇق كۆيەر ئوتتۇركى، يېقىنلاشسا، كۆيىدۇ،
قانۇن ـ بىر سۇدۇركى، ئۇ ئاقسا نېمەت ئۈنىدۇ.

2033 ئۇزۇن ئەل يەيەيىن تەسە، ئاي بۆگۈ،
تۆرۈ تۈز يورىتغۇ، بودۇنۇغ كۈگۈ.
ئەي دانا، ئۇزۇنراق ئەل سوراش ئۈچۈن،
توغرا قانۇن يۈرگۈزۈش، خەلقنى قوغداش كېرەك.

2034 ئەل ئارتار تۆرۈ بىرلە، ئەتلۈر ئاژۇن،
ئەل ئەكسۈر بۇ كۈچ بىرلە، بۇزلۇر ئاژۇن.

قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ،
زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

2035 تەلىم ئوردۇلار بۇزدى كۆچكەي كۆچىن،
تۆرۈ ئۆلدى ئاخىر بۇ كۆچكەي ئاچىن.

زالىملار زۇلۇم بىلەن تالاي ئوردىلارنى بۇزدى،
ۋە ئاخىر بۇ زالىملار ئاچلىقتىن ئۆلدى.

2036 كۆڭۈل تۈزسە بەگلەر، يورىتسا تۆرۈ،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماز، تۇرۇر كەچ ئۆرۈ.

بەگلەر كۆڭلىنى دۇرۇس تۇتۇپ، قانۇننى يولغا قويسا،
بۇ بەگلىك بۇزۇلمايدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئۆرە تۇرىدۇ.

B156 2037 قامۇغدا ياراغسىز، ئاي ئەلىگ قۇتى،
بۇ بەگلەر ئۇزە قوپسا يالغان ئاتى.

ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، ھەممىدىن يامىنى
بەگلەرنىڭ يالغانچى دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدۇر.

2038 سۆزى چىن كەرەك بەگ، نە قىلقى پۈتۈن،
ئىنانسا ئاڭار خەلق، تىرىلسە قۇتۇن.

بەگنىڭ سۆزى توغرا، قىلىقلىرى ئىشەنچلىك بولسۇنكى،
خەلق ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە بەختىيار ياشىسۇن.

2039 بۇ يالغان كىشىلەر ۋەفاسىز بولۇر،
ۋەفاسىز كىشى خەلققا تەڭسىز قىلۇر.

يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولىدۇ،
ۋاپاسىز كىشى خەلققە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

2040 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ۋەفالىغ كىشى،
ۋەفا ئول كىشىگە كىشىلىك باشى:

ۋاپادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ۋاپا كىشى ئۈچۈن ئادىمىيلىكنىڭ بېشىدۇر:

2041 «تىلى يالغان ئەرنىڭ جەفا قىلقى ئول،
جەفا كىمدە ئەرسە ئۇش ئول يىلقى ئول،

«سۆزى يالغاننىڭ قىلمىشى جاپادۇر،
كىم (بىراۋغا) جاپا قىلسا ئۇ ھايۋاندۇر.

2042 كىشى يالغانىندا تىلەمە ۋەفا،
بۇ بىر سۆز سىنانمىش ئۆكۈش يىلقى ئول».
يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە،
بۇ، كۆپ يىللار مابەينىدە سىنالغان سۆزدۇر».
2043 يۈرەكلىگ كەرەك بەگ يەمە ئالپ ئاتىم،
يۈرەك بىرلە بولدى ياغىقا تەتىم.
بەگ يۈرەكلىك ھەمدە قورقماس، باتۇر بولسۇن،
يۈرەك بىلەن دۈشمەنگە تېتىغلى بولىدۇ.
2044 سۇ باشلار ئەرەن، كۇر، يۈرەكلىگ كەرەك،
يۈرەكسىز ئەر ئات ئالسا ئاندىن يۈرەك.
ئەسكەر قوماندانى جەسۇر، يۈرەكلىك بولۇشى كېرەككى،
يۈرەكسىز ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن (جاسارەت) ئۆگەنسۇن.
2045 يۈرەكلىگ يۈرەكسىزگە بولسا باشى، C106
يۈرەكلىگ بولۇر ئۆترۈ تەگمە كىشى.
يۈرەكلىك كىشى يۈرەكسىزلەرگە باشلىق بولسا،
ئاندىن ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ.
2046 بۇ سۆزكە تانۇقى بۇ بەيتىگ ئوقى،
بۇ سۆزگە ئانۇق تۇت كۆڭۈل ئۆگ تاقى.
بۇ سۆزگە شاھىت بولغان شۇ بېيىتنى ئوقۇ،
بۇ سۆزنى دىلىڭ، ئەقلىڭ بىلەن (چۈشىنىشكە) تەييارلان:
2047 «كۆر، ئارسلان بولۇ بەرسە ئىتقا باشى،
بۇ ئىت بارچا ئارسلان بولۇر ئۆز تۇشى.
«قارا، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا،
بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ،
2048 قالى بولسا ئارسلانقا ئىت باشچىسى،
ئول ئارسلان بولۇر بارچا ئىت ساقىشى.»
ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا،
بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ».
2049 ئاقىلىق كەرەك بەگكە قودقى كۆڭۈل،
بۇ قودقى كۆڭۈل بىرلە قىلقى ئامۇل.

بەگ ئۇچۇن سىخىيلىق ۋە كەمتەرلىك كېرەك،
كەمتەرلىك بىلەن مىجەزى مۇلايىم (بولىدۇ).

A83 2050 ئاقى بولسا بەگلەر ئاتى چاۋلانۇر،
ئاتى چاۋى بىرلە ئاژۇن بەكلەنۇر.

بەگلەر سېخىي بولسا، نامى مەشھۇر بولىدۇ،
نام ـ شۆھرىتى بىلەن دۇنيانى ئىگىلەيدۇ.

2051 ئاۋا يىغلۇ ـ تەرلۇر ئەر، ئات سۇ بولۇر،
ئەر، ئات، سۇ بىلە ئەر تىلەكىن بۇلۇر.

تۇركۇملەپ ئەسكەر يىغىلىپ، قوشۇن تەشكىل بولىدۇ،
ئەسكەر ۋە قوشۇن بىلەن كىشى تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

2052 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئۇرۇپ يەگلى ئەر،
ئۇرۇپ ئال، ئاي ئالپ ئەر، يانا ئەرگە بەر.

يىغىپ ـ توپلاپ يېگۈچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەي قەھرىمان، يىغىپ ـ توپلا (ھەم) يىگىتلىرىڭگە بەر.

B157 2053 ئاقى بول، باغىشلا، ئىچۇر ھەم يەتۇر،
قالى ئەكسۇسە ئۇر يانا ئال، يەتۇر.

سېخىي بول، ئىنئام قىل، يېگۈز ھەم ئىچكۈز،
ئەگەر (مېلىڭ) ئۆكسۈپ قالسا، يەنە يىغىپ ـ توپلا، يېگۈز.

2054 ئازىغلىغ، كۇر ئەرگە بۇ نەڭ ئەكسۇمەز،
تۇتۇغلى ئۇرۇڭ قۇشقا مەڭ ئەكسۇمەز.

جەسۇر، باتۇر ئەرگە مال ئۆكسۈمەيدۇ،
ئالغۇر ئاق قۇش ئۇچۇن يەم ئۆكسۈمەيدۇ.

2055 قىلىچ، بالدۇ، ئوق يا، قەۋى، كۇچ يۇرەك،
بار ئەركەن، كەد ئەر نەڭگە قورقماز كەرەك.

قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۈچ ـ جاسارەت، ۋە يۈرەك بولىدىكەن،
يىگىت كىشى مال ئۇچۇن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك.

2056 ئاژۇنچى بۆگۈ بەگ نەلۈك گەنچ ئۇرۇر،
ئەر ـ ئات قايدا بولسا ئانۇق گەنچ ئالۇر.

جاھاننى ئىگىلىگەن دانا بەگ خەزىنىنى قانداق توپلىدى؟
قوشۇن قەيەرگە بارسا (شۇ يەردىن) تەييار خەزىنە ئالدى.

2057 بۇ ئەل تۇتغۇقا كۆپ ئەر ـ ئات، سۇ كەرەك،
ئەر ـ ئات تۇتغۇقا نەڭ، تاۋار تۇ كەرەك.
مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كېرەك،
قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن كۆپ مال ـ دۇنيا كېرەك.
2058 بۇ نەڭ ئالغۇقا بىر كەرەك باي بودۇن،
بودۇن بايلىقىڭا تۆرۈ تۇز قودۇن.
مال ـ دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك،
خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يولغا قويۇلسۇن.
2059 بۇلاردا بىرى قالسا، تۆرتى قالۇر،
بۇ تۆرتى يەمە قالسا، بەگلىك ئۇلۇر.
بۇلاردىن بىرسىلا بولمىسا، (قالغان) تۆتىمۇ بولمايدۇ،
بۇ تۆتىلىسى بولمىسا، بەگلىك بەربات بولىدۇ.
2060 ئادىنما بۇ بەش نەڭ يىراق تۇتغۇ بەگ،
ئاتى ئەدگۇ بولسا، كۇ ـ چاۋ بولغۇ تەگ.
ئۇنىڭدىن باشقا، بەگ بۇ بەش نەرسىدىن يىراق بولسۇن،
(نەتىجىدە) بەگ نامى ياخشى بولۇپ، شۆھرىتىمۇ يېيىلىدۇ:
2061 بىرىسى ـ ئەۋەكلىك، بىرىسى ساران،
ئۇچۇنچى پۇشىلىق؛ سەرىن، ئۆز تىرەن.
بىرسى — ئالدىراڭغۇلۇق، بىرسى — بېخىللىق،
ئۈچىنچىسى — قەھرلىنىش؛ سەۋرلىك بول، ئۆزۈڭنى تۇت.
2062 بۇ تۆرتۇنچ ـ ياۋۇز بەگكە ئارقۇق قىلىنچ،
بەشىنچى — ياراغسىز بۇ يالغان ئەرىنچ.
تۆتىنچىسى — جاھىللىق بەگ ئۈچۈن يامان ئادەتتۇر،
بەشىنچىسى — ئەلۋەتتە، يالغانچىلىق ياراشمايدۇ.
2063 بۇ قاچ نەڭدە بەگلەر يىراق تۇتغۇ ئۆز، C107
ئاتى ئارتاماسا، يورىق بولسا سۆز.
بۇ بىر قانچە نەرسىدىن بەگلەر ئۆزىنى يىراق تۇتسۇنكى،
نامى بۇلغانمىسۇن، سۆزىنىڭ ئېتىبارى بولسۇن.
2064 بۇلاردا ئەڭ ئىنغا بۇ ئارقۇق قىلىنچ،
بۇ ئارقۇق قىلىنچلىغ نە مۇڭلۇغ ئەرىنچ.

بۇلاردىن ئەڭ پەسكەش قىلىق جاھىللىقتۇر،
جاھىل مىجەز كىشى نىمىدىگەن بىچارە ۋە يىرگىنىشلىك بولىدۇ ـ ھە.

2065 مۇڭار مەخزەتۇ سۆزنى شائىر ئايۇر،
بۇ شائىر سۆزى تۇتسا سۆزگە بايۇر.
شائىر بۇنىڭغا تەقلىدەن بىر سۆز ئېيتقانكى، (كىشى)
شائىرنىڭ بۇ سۆزنى(ئېسىدە) تۇتسا، سۆزگە باي بولىدۇ:

2066 «ئاغىر يۇك كىشىگە قىلىنچ ئارقۇقى،
قىلىنچ ئارقۇق ئەرسە بۇلۇن، ئات ئوقى.
«جاھىللىق كىشى ئۈچۈن ئېغىر بىر يۈكتۇر،
جاھىل قىلىقتا ئەسىر بولغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوق ئات.

2067 ياغى قىلماغۇسىن قىلىنچى قىلۇر،
ياغى بۇ ياغىدا نەگۇ ئادرۇقى».
دۈشمەن قىلمىغاننى (ئۆزىنىڭ) خۇي ـ پەيلى قىلىدۇ،
ئۇ دۈشمەننىڭ بۇ دۈشمەندىن نىمە پەرقى بار؟»

2068 ئۆكۈش ئەل تۇتايىن تەسە، ئاي ئەلىگ، B158
ئۇچ ئىش قىلغۇ، ئۆترۈ يەتىلسە ئەلىگ.
ئەي، ئەلىگ، كۆپ ئەللەرنى باشقۇراي دېسەڭ،
قولۇڭدىن كەلسە، مۇنۇ ئۈچ ئىشنى قىلغىن:

2069 ئوڭ ئەلگىن قىلىچ تۇتسا، ئۇرسا سالىپ،
سول ئەلگى بىلە نەڭ ئۇلەسە ئالىپ.
ئوڭ قولۇڭدا قىلىچ تۇتۇپ، شىلتىپ ئۇرساڭ،
سول قولۇڭ بىلەن مال ـ دۇنيا ئۇلەشتۇر.

2070 تىلىن سۆزلەسە سۆز شەكەردە سۈچىگ،
بويۇن بەردى بەگ، قۇل، ئۇلۇغ، يا كىچىگ.
ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلەر شېكەردىنمۇ شېرىن بولسا،
بەگ، قۇل، ئۇلۇغ ۋە كىچىكنىڭ ھەممىسى ساڭا بويسۇنىدۇ.

2071 ئاي ئەلىگ، بۇ قاچ نەڭ كەرەك بەگكە كۆر،
بودۇنقا سەۋۇلسە، ئورۇن بولسا تۆر.
ئەي ئەلىگ، قارا، بەگكە بۇ بىرقانچە نەرسە كېرەككى،
(شۇ ئارقىلىق ئۇ) خەلققە سۆيۈملۈك بولۇپ، تۆردىن ئورۇن ئالسۇن:

2072 كۆلەر يۈز، سۆچىگ سۆز، سىلىگ ئۆز كەرەك،
قىلىنچى بۆلارقا تۆگەل تۆز كەرەك.
(ئۇ) خۇش چىراي، سۆزى شېرىن، ئۆزى مۇلايىم بولۇشى،
ئىش ـ ھەرىكىتىمۇ تامامەن شۇنىڭغا مۇناسىپ بولۇشى كېرەك.

2073 كۆڭۆل تۆتسا قودقى ھەم ئەلگى ئاقى،
بۆلارقا ياراشى باغىرساقلىقى.
كۆڭلىنى كەمتەر (تۇتسا) قولى ئوچۇق ـ سېخىي بولسا،
بۇلارغا يارىشا، سادىق ـ كۆيۈمچان بولسا،

2074 قامۆغ تۆرلۆگ ئەردەم بۆ بىلسە تۆگەل،
يىراق ئەرسە ئاندىن ياراغسىز مۆھال.
ھەر خىل پەزىلەتلەرنى تۈگەل بىلسە،
يارىماس ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرسا،

2075 كىشى ئۆدرۆمى بۆ بودۆندا تالۆ،
تالۆ، ئۆدرۆم ئول بۆ ئەرۆكسۆز تولۆ.
(بۇنداق كىشى)، خەلق ئىچىدىن تاللانغان سەرخىل كىشىدۇر،
تاللانغان سەرخىل كىشى كەمتۈكسىز تولۇن بولىدۇ.

2076 ئاژۆن بودنى بارچا ئاڭار قۆل بولۆر،
ئاژۆن يەر بۆ بەگلەر، تىلەكىن بۆلۆر.
ئۇنىڭغا جاھان خەلقىنىڭ ھەممىسى قول قويىدۇ،
بۇنداق بەگلەر جاھاننى سوراپ، تىلىكىگە يېتىدۇ.

2077 تۆگۆك يۆز، ئىرىك سۆز، كۆۋەز كۆر قىلىق،
كىشىگ يەرگۆرۆر، كۆندرۆ بىلمەز يورىق.
قاپىقى يامان، سۆزى قوپال، تەكەببۇر مىجەزلىك ئادەم
كىشىنى تەزدۇرىدۇ، يۇرۇش ـ تۇرۇشنى تۈزىتەلمەيدۇ.

2078 ئوتۆنلۆق، ئەۋەكلىك، يەنىك قۆرغۆلۆق، C108
قارا قىلقى ئول بۆ يىراق تۆرغۆلۆق.
قوپاللىق، ئالدىراڭغۇلۇق، يېنىكلىك ۋە شاللاقلىق
ئاۋامنىڭ قىلىقىدۇر، بۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

2079 قارا قىلقى بەگكە كەرەكسىز ياغۆق،
ياغۆق بولسا بەگكە ئۆچۆزلۆق ئانۆق.

ئاۋامنىڭ قىلىقى بەگكە يېقىنلاشمىسۇن،
يېقىنلىشىدىكەن، بەگ قەدىرسىز بولىدۇ.

2080 قارا ـــ قۇل قاراسى، بولۇر بەگ ئۇرۇڭ،
قارالى، ئۇرۇڭلى ئادىرتتى، كۆرۈڭ.
قارا ـــ قۇلنىڭ رەڭگىدۇر، بەگ بولسا ئاق،
بىلگىنكى، (خۇدا) قارا بىلەن ئاقنى پەرقلەندۇرگەن.

2081 تالۇ بەگ بولايىن تەسە بەلگۈلۈگ،
تالۇ تۇتغۇ ئەردەم، ئاي ئاتلىغ كۈلۈگ.
ئېسىل بىر بەگ بولاي دېسەڭ، ئېنىقكى،
ئەي شۆھرەتلىك زات، پەزىلىتىڭمۇ ئېسىل بولسۇن.

2082 ئاتى بەگ، بولۇر بولسا قىلقى قارا،
قارادا بۇ ئىنغا بولۇر خەلق ئارا.
نامدا بەگ بولۇپ، قىلىقى ئاۋامدەك بولسا،
ئۇ خەلق ئارىسىدا ئاۋامدىنمۇ پەس بولىدۇ.

2083 يۈزى، كۆركى كۆركلۈگ كەرەك بەگ يۈلۈگ، A84 B159
بودى ئورتۇ بولسا، نە چاۋلۇغ كۈلۈگ.
بەگ ھۆسنى ـ جامالى كۆركەم، چاچ ـ ساقىلى ياسالغان،
ئوتتۇرا بويلۇق ۋە نام ـ شۆھرەت قازانغان بولۇشى كېرەك.

2084 كۆرۈگلى يۈزىن كۆرسە، سەۋسە كۆرۈپ،
ئەلى، بودنى باقسا، كۈۋەنسە تۇرۇپ.
يۈزىگە باققانلار كۆرۈپلا ياقتۇرسا،
خەلقى ئۇنىڭغا قاراپ، مەغرۇرلانسا؛

2085 ياغىقا قاتىغ بولسا ئەرسىگلىكى،
كۆرۈر كۆزگە سۇۋ بەرسە كۆركلۈگلۈكى.
(ئۇ) جەسۇرلۇقتا ياۋغا (نىسبەتەن) قاتتىق (قول) بولسا،
ھۆسنى كۆرەر كۆزگە ھۇزۇر بەرسە.

2086 ئايى بود ئۇزۇن بولسا ئۆگمەس بىلىك،
ئايىما چۆكۈت بولسا بولماز سىلىگ.
بويىنىڭ ئېگىز بولۇشىنى بىلىم خوپ كۆرمەيدۇ،
بەك پاكار بولسىمۇ، چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.

2087 قالى مۇنداغ ئەرسە، بود ئورتۇ كەرەك،
بودى ئورتۇ بولسا بولۇر ئەدگۈرەك.
ۋاھالەنكى شۇنداق ئىكەن، ئوتتۇرا بوي بولۇشى كېرەك،
بويى ئوتتۇرا بولسا، ئەڭ ياخشى بولغىنى.

2088 نەگۈ تەر ئەشتكىل سىنامىش كىشى،
باشىندا كەچۈرمىش ياشامىش كىشى.
بېشىدىن (كۆپ ئىشلارنى) كەچۈرگەن، (ئۇزۇن) ياشىغان،
(ھەممىنى) سىنىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2089 «بودى قىسغا يۇنچىغ، قىلىنچى پۇشى،
پۇشى قايدا بولسا تۇتۇشكە باشى.
«بويى پاكارنىڭ تېنى ئاجىز، قىلىقى غەزەپلىك بولىدۇ،
قەيەردە غەزەپ بولسا، شۇ يەردە جاڭجال چىقىدۇ.

2090 بود ئورتۇ كەرەك ھەم تەنىڭچە ياراغ،
ئىشىڭ ئورتۇ تۇت، ئاي بىلىكلىگ كىشى».
بوي (ئۆزىگە) يارىشىملىق، ئوتتۇرا بولغىنى ياخشى،
ئەي بىلىملىك كىشى، (ھەر) ئىشتا ئوتتۇرا ھال بول».

2091 بور ئىچمەز كەرەك بەگ، فەساد قىلماسا،
بۇ ئىكى قىلىقتىن قاچار قۇت باسا.
بەگ مەي ئىچمەسلىكى، پىتنە ـ پاسات قىلماسلىقى كېرەك،
بۇ ئىككى قىلىقتىن ئاقىۋەت بەخت قاچىدۇ.

2092 سۇچىگكە سۇچىنسە ئاژۇن بەگلەرى،
ئاچىغ بولدى ئەل كۈن، بودۇن ئىگلەرى.
دۇنيا بەگلىرى شاراب تەمىگە بېرىلىپ كەتسە،
ئەل ۋە خەلقنىڭ دەرد ـ ئازابى (تېخىمۇ) ئاچچىق بولىدۇ.

2093 ئويۇنقا ئاۋىنسا ئاژۇن تۇتغۇچى، C109
ئەلىن بۇزدى، بولدى ئۆزى قولتغۇچى.
دۇنيا سورىغۇچى (بەگ) ئويۇنغا بېرىلسە،
ئېلىنى بۇزىدۇ (ۋە) ئۆزى موھتاجلىققا چۈشىدۇ.

2094 ئۆدىندە كەچۈرسە بۇ بەگلىك ئىشىن،
ئانى يەتسە بولماز، ئەدەرسە قۇشىن.

بەگلىك ئىشنى ۋاقتىدا بېجىرمىسە،
قۇش سېلىپ قوغلىسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ.

2095 نەگۈ تەر ئەشتىكىل بىلىك بەرگۈچى،
بىلىكسىزنى بوردىن سۆكۈپ تىدغۇچى:
بىلىم بەرگۈچى، بىلىمسىزنى مەيدىن تىيىپ
تەنبىھ بەرگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2096 «بور ئىچمە، ئايا بورچى، بوغزى قۇلى،
بور ئىچسە ئاچىلدى چىغايلىق يولى.
«ئەي بوغۇزىنىڭ قۇلى مەيخور، مەي ئىچمە!
مەي ئىچسەڭ، كەمبەغەللىك يولى ئېچىلىدۇ،

2097 قارا بورچى بولدى، نەڭى بولدى يەل،
بەگى بورچى بولسا، قاچان تۇرغا ئەل».
ئاۋام مەيخور بولسا، مال ـ دۇنياسى شامالدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ،
بەگ مەيخور بولسا، ئېلىنى قانداق تۇتۇپ تۇرالايدۇ؟»

2098 ياغى ئول بۇ بور تىمچى، ئەلتۇر كۈمۈش، B160
قىلىنچى تۇتۇش بولدى، قىلقى ئۇرۇش.
بۇ مەي ۋە مەي ساتقۇچى دۈشمەندۇر، كۈمۈش ئالىدۇ،
مىجەز ـ خۇلقى ئۇرۇشقاق، جاڭجالچى بولىدۇ.

2099 ئەسۇرسە كىشى تەلۋە، مۇندۇز بولۇر،
بۇ تەلۋە ئىشى، كۆر، قاچان تۈز بولۇر.
كىشى مەست بولسا، گالۋاڭ ۋە تەلۋە بولىدۇ،
تەلۋە كىشىلەر قاچانمۇ تۈزىلىدۇ؟

2100 نەگۈ تەر ئەشتكىل ساقىنۇق تىلى،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئاي بوغزى قۇلى.
ساپ دىل كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي گېلىنىڭ قۇلى، بۇ سۆزگە ئەمەل قىل:

2101 «نەچە قىلغۇ ئىشلەر بور ئىچسە قالۇر،
نەچە قىلماغۇ ئىش ئەسۇرسە كەلۇر.
«قىلىشقا تېگىشلىك نى ـ نى ئىشلار مەي ئىچسە (قىلىنماي) قالىدۇ،
قىلىشقا بولمايدىغان قانچىلىغان ئىشلار مەستلىكتىن كېلىدۇ.

2102 نەچە تەڭسىز ئىشلەر بور ئىچسە بولۇر،
نەچە ئەدگۈ ئىشلەر ئەسۈرسە قالۇر».
قانچىلىغان نالايىق ئىشلار مەي ئىچكەندە بولىدۇ،
كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار مەستلىكتىن قىلىنماي قالىدۇ».

2103 بور ئىچسە، ئويۇنقا ئاۋىنسا بەگى،
قاچان يەتگەي ئەل كۈن ئىشىگە ئۆگى.
بەگ مەي ئىچىپ، ئويۇن بىلەن ئاۋۇنسا،
خەلق ئىشىنى ئويلاشقا قانداقمۇ ۋاقتى يېتىدۇ؟

2104 فەساد قايدا بولسا، قاچار قۇت تەزە،
فەساد چىن يورىر تۇتچى بەگلىك بۇزا.
قەيەردە پىتنە ـ پاسات بولسا، (ئۇ يەردىن) بەخت تېزىپ كېتىدۇ،
پىتنە ـ پاسات ھەقىقەتەن، دائىم بەگلىكنى خاراب قىلىدۇ.

2105 ئارىغ ئول بۇ قۇت ـ قىۋ، ئارىغلىق تىلەر،
سۈزۈگ ئول بۇ دەۋلەت، سۈزۈگنى يۆلەر.
بەخت ـ ئىقبال پاك (نەرسە)، پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ،
دۆلەت ـ ساپ، تازا (نەرسە)، ئۇ ساپ ـ تازىلارنى يۆلەيدۇ.

2106 بەگى ئىچگۈچى بولسا مۇفسىد، ئوتۇن،
قامۇغ ئىچگۈچى بولدى بودنى پۈتۈن.
بەگ ئىچەرمەن، جېدەلچى، تەرسا بولسا،
پۈتۈن خەلقىمۇ تامامەن ئىچەرمەن بولىدۇ.

2107 قارا تەڭسىزىن بارچا بەگلەر ئەتەر،
بەگى قىلسا تەڭسىز، ئانى كىم يەتەر.
ئاۋامنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ،
بېگى نالايىق (ئىشنى) قىلسا، ئۇنى كىم يېتەكلەيدۇ؟

2108 ئارىغسىزنى يالغۇق سۇۋۇن يۇپ ـ ئارىر، C 110
قالى ئارتاسا سۇۋ نەگۈن يۇپ ـ ئارىر.
تازا بولمىغان (نەرسىنى) ئىنسان سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلايدۇ،
ئەگەر سۇ بۇلغانسا، نېمە بىلەن يۇيۇپ تازىلايدۇ؟

2109 كىشى ئىگلەسە، ئوت ئوتاچى بەرۈر،
ئوتاچى ئىگىگە ئوتىن كىم قىلۇر.

كىشى ئاغرىسا تېۋىپ دورا بېرىدۇ،
تېۋىپنىڭ ئاغرىقىغا كىممۇ داۋا تاپىدۇ؟

2110 ئارىغ تۇتغۇ بەگلەر كۆنى قىلىق، قىلىق،
بودۇن بەگ يولىنىدىن تۈزەر يول يورىق.

بەگلەرنىڭ مىجەزى توغرا، ئىش ـ ھەرىكىتى پاك بولۇشى كېرەككى،
خەلق بەگ (نىڭ) يولىغا قاراپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى تۈزىسۇن.

2111 نەتەك تۇتسا بەگلەر، كۆر ئۆڭدى ـ تۆرۈ،
بودۇن بولدى ئانداغ ئول ئۆڭدى كۆرۈ.

بەگلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى قانداق بولسا،
خەلقمۇ بۇ يوسۇننى كۆرۈپ، شۇنداق قىلىدۇ.

2112 بۇ سۆزگە تانۇقى مۇنۇ بۇ سۆز ئول،
سۆزىڭە باقا كۆرسە مەئنى تۈز ئول.

بۇ گەپلەرنىڭ شاھىتى مانا بۇ سۆزكى،
بۇ سۆزگە سەپسالساڭ، مەنىسى توغرا:

2113 بۇ بەگلەر نە يولچا يورىسا قالى، B161
ئۇشئول بەگ يورىقى بۇ قۇلنۇڭ يولى.

ئەگەر بۇ بەگلەر قانداق يولغا ماڭسا،
شۇ يول قۇلنىڭمۇ ماڭغان يولى بولىدۇ.

2114 بەگى ئەدگۈ بولسا، يورىقى كۆنى،
تاقى ئارتۇق ئەدگۈ يورىغاي قۇلى.

بەگ ياخشى، ئىش ـ ھەرىكىتى ئادىل بولسا،
(ئۇنىڭ) قۇلى تېخىمۇ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىدۇ.

2115 كۈۋەز، كۆر، كەرەكسىز نە كۆڭلى ئۇلۇغ،
كۈۋەزلىك ئازىتۇر كۆنىلىك يولۇغ.

مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق بەگكە لايىق ئەمەس،
مەغرۇرلۇق (كىشىنى) توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

2116 ئۇلۇغ بولدى بەگلەر قۇتۇن بەلگۈلۈگ،
كىچىگ تۇتغۇ كۆڭلىن كۆتۈرسە ئۇلۇگ.

ئېنىقكى، بەگلەر دۆلەت بىلەن ئۇلۇغ بولدى،
تېگىشلىكىنى ئېلىش ئۈچۈن كىچىك كۆڭۈل بولۇشى كېرەك.

2117 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئۇقۇشلۇق يەگ ئەر،
بودۇندا تالۇسى بىلىكلىگ بەگ ئەر:
خەلقتىن تاللانغان، بىلىملىك، ئەقىللىك
ياخشى بەگ نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2118 ئۇلۇغسىغ بەدۇك تۇتسا بەگلەر كۆڭۈل، A85
سەزىكسىز ئۇچۇزلۇق كۆرۈر، ئاي ئوغۇل.
بەگلەر ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسىتىپ چوڭچىلىق قىلسا،
ئەي ئوغۇل، شۈبھىسىزكى (ئۇ) خارلىق كۆرىدۇ.

2119 كۈۋەزلىك بىلە كۆككە ئاغماز كىشى،
قالى قودقى بولسا بۇزۇلماز ئىشى.
تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆككە ئۆرلىگىلى بولمايدۇ،
ئەگەر كەمتەر بولسا، ئىشى بۇزۇلمايدۇ.

2120 كۈۋەزلىك ئاسىغسىز، كۆڭۈل تۇملىتۇر،
كۆڭۈل قودقى بولسا كىشىگ يوقلاتۇر.
تەكەببۇرلۇق پايدىسىز، كۆڭۈلنى سوۋۇتىدۇ،
كەمتەرلىك كىشىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ.

2121 بەگ ئالچاق كەرەك، بولسا قودقى كۆڭۈل،
مۇنىتەگ يوق ئەرسە، سەن ئاندىن تۆڭۈل.
بەگ كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى كېرەك،
ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

2122 بەگ ئالچاق كەرەك، بولسا كۆڭلى ئاچۇق، C111
يازۇقلۇغ كىشىدىن كەچۇرسە يازۇق،
بەگ كەمتەر (ۋە) قورسىقى كەڭ بولۇپ،
خاتا قىلغانلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرسە،

2123 ئىسىنۇر ئەر ئات، تەرك باغىرساق بولۇر،
باغىرساق كىشىلەر تاپۇغساق بولۇر.
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن تېزلا مەمنۇن بولۇپ ساداقەت
كۆرسىتىدۇ، سادىق ـ سەمىمىي كىشىلەر ئەستايىدىل خىزمەت قىلىدۇ.

2124 بودۇن باشچى بەگكە بۇ ھىممەت كەرەك،
بۇ ھىممەت بىلە ھەم مۇرۇۋۋەت كەرەك.

خەلقنى باشلىغۇچى بەگ ئۇچۇن تىرىشچانلىق كېرەك،
تىرىشچانلىق بىلەن بىللە مەردلىكمۇ كېرەك.
2125 بۇ ھىممەت، مۇرۇۋۋەت بىلە بارسا چاۋ،
بولۇر بەگ تىلەكى، يورىر ئۆترۇ ئاۋ.
بۇنداق تىرىشچانلىق (ۋە) مەردلىك بىلەن داڭ چىقارسا،
تىلىكىگە يېتىدۇ (ۋە) ئولجىسى ئالدىدا بولىدۇ.
2126 كىمىڭ ھىممەتى بولماسا ئول ئۆلۇگ،
ئىكىگۇن ئازۇندا بۇ بۇلماز ئۇلۇگ.
كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۇكتۇر،
ھەر ئىككى دۇنيادا ئۆز ئۇلۇشىگە ئېرىشەلمەيدۇ.
2127 بۇ ھىممەت بىلە ھەم سىياسەت كەرەك،
سىياسەتقا بەگلىك رىياسەت كەرەك.
تىرىشچانلىق بىلەن بىللە سىياسەتمۇ كېرەك،
سىياسەتكە بەگ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.
2128 سىياسەت بىلە بەگ تۇزەر ئەل تۆرۇ، B162
قارا قىلقى ئەتلۇر سىياسەت كۆرۇ.
بەگ سىياسەت بىلەن قانۇن (ۋە) ئەلنى تۈزەيدۇ.
خەلق (ئۆز) قىلىقىنى سىياسەتكە قاراپ ئوڭشايدۇ.
2129 بۇ سۆزگە يانۇتى بۇ بەيت ئول تانۇق،
تانۇق قايدا بولسا بۇ ھۇججەت ئانۇق.
بۇ سۆزگە مۇنۇ بېيىت جاۋاب ۋە شاھىتتۇركى،
قەيەردە شاھىت بولسا، ئۇ ئېنىق ھۆججەتتۇر:
2130 «بۇ بەگلەر قاپۇغىن سىياسەت بەزەر،
سىياسەت بىلە بەگ ئەلىنى تۇزەر.
«بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بېزەيدۇ،
بەگ سىياسەت بىلەن ئېلىنى تۈزەيدۇ.
2131 ئەسىزگە سىياسەت يورىتغۇ كەرەك،
بودۇن بۇلغانۇقىن سىياسەت سۇزەر».
يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك،
خەلقنىڭ بۇلغىنىشلىرىنى سىياسەت سۈزىدۇ».

2132 بۇ ئەل تۇترۇقى ھەم تۈپى، بەكلىكى
ئىكى نەڭ تۇرۇر ئەسلى يىلدىز، كۆكى.
ئەلنىڭ تىرىكى، ئۇلى (ۋە) مۇستەھكەملىكى،
ئاساسى، نېگىز ـ يىلتىزى ئىككى نەرسىدۇر:

2133 بىرىسى بودۇنقا تۆرۈ ئول ئۇلۇش،
بىرىسى ئەر ئاتقا ئۇلەسە كۈمۈش.
بىرسى خەلقنىڭ ئۈلۈشى بولغان قانۇن،
(يەنە) بىرسى ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرگە كۈمۈش تارقىتىش.

2134 تۆرۈ بىرلە بودنى سەۋىنسە تۇرۇپ،
كۈمۈش بولسا ئەر ـ ئات يارۇنسا كۆرۈپ.
قانۇن بىلەن خەلقى خۇشال ياشىسا،
كۈمۈشنى كۆرۈپ، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنىڭ چىرايى ئېچىلىدۇ.

2135 بۇ ئىكى قۇتۇ بۇلسا بەگدىن سەۋىنچ،
ئەلى، قاپغى ئەتلۇر، بۇلۇر بەگ ئاۋىنچ.
بۇ ئىككى قاتلام بەگدىن سۆيۈنسە،
ئېلى، ئوردىسى تۈزىلىدۇ، بەگ ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ.

2136 قايۇ بەگ بودۇنقا تۆرۈ بەرمەسە،
كۈدەزمەسە بودنىن، يەگۈچى يەسە.
قايسىبىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە،
خەلقنى قوغدىمىسا، تالان ـ تاراج قىلسا،

2137 ئوت ئىدتى بودۇنقا، بۇزۇلدى ئەلى، C 112
يىقىلدى سەزىكسىز بۇ بەگلىك ئۇلى.
(ئۇ) خەلقنى ئوتقا تىققانلىق، ئېلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ،
بەگلىكنىڭ ئۇلىمۇ شۈبھىسىز يىقىلىدۇ.

2138 قايۇ بەگ ئەر ئاتنى سەۋىندۇرمەسە،
قىلىچ قىندا چىقماز ئانىڭدا باسا.
قايسىبىر بەگ ئەسكەر ـ خىزمەتچىلىرىنى سۆيۈندۇرمىسە،
شۇنىڭ بىلەن قىلىچلار قىنىدىن چىقمايدۇ.

2139 قىلىچ بىرلە بەگلەر ئۇزاتۇر ئەلىگ،
قىلىچسىز ئۇسال بەگ باسۇماز ئەلىگ.

بەگلەر قىلىچ بىلەنلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ،
قىلىچسىز بىخۇد بەگ ئېلىنى باشقۇرالمايدۇ.

2140 قىلىچ، بالدۇ بولدى بۇ ئەل ساقچىسى،
قىلىچىن ئالىر ئەل بودۇن باشچىسى.

قىلىچ، پالتا ــ ئەلنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر،
خەلق باشچىسى قىلىچ بىلەن ئەل ئالىدۇ.

2141 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئاژۇن تۇتغۇچى،
قىلىچ، بالدۇ بىرلە ياغىغ ئۇتغۇچى:

قىلىچ، پالتا بىلەن دۈشمەننى يېڭىپ،
دۇنيانى سورىغان ئەر نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2142 ئايا ئەل تۇتۇغلى، ئەلىگ ساقلاغۇ،
ئۇساللىق بىلە يەر يەگۇچى ئاغۇ.

ئەي، ئەل سورىغۇچى، ئەلنى قوغداش كېرەك،
ئۇغا يېگەنلەرمۇ بىخۇدلۇقتىن يەيدۇ.

2143 قىلىچ، بالدۇ ساقچى تۇتۇن ئاي ئۇنۇر، C163
قىلىچ ساقچى بولسا بەگ ئىنچلىك بولۇر.

ئەي قۇدرەتلىك، قىلىچ (ۋە) پالتىنى ئۆزۈڭگە ساقچى قىل،
قىلىچ ساقچى بولسا، بەگ ئامانلىق تاپىدۇ.

2144 قىلىچ تەپرەر ئەركەن ياغى تەپرەمەز،
قىلىچ قىنقا كىرسە بەگ ئىنچلىك يەمەز.

قىلىچ تەۋرەيدىكەن، دۈشمەن تەۋرىمەيدۇ،
قىلىچ قىنىغا كىرىدىكەن، بەگكە ئامانلىق بولمايدۇ.

2145 سەۋىنچلىگ تۇت، ئاي بەگ، قىلىچ ئۇرغۇچىغ،
سەۋىنچىن تىرىل، تۇتچى كۆرمە ئاچىغ.

ئەي بەگ، قىلىچ تۇتقۇچىلارنى سۆيۈندۈرگىن،
دائىم خۇشال ـ خۇرام ياشا، زەخمەت چەكمە.

* * *

2146 يانا ئايدى ئۆگدۈلمىش، ئەلىگ قۇتى،
بۇ ئەل ئىشلەرى تەرس، ئۇلۇغ كۆر ئاتى.

ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: (ئەي) دۆلەتمەن ئەلىگ،
بۇ ئەل ئىشلىرى قىيىن، (ئەمما) نامى ئۇلۇغدۇر.

2147 بەدۈك ئىش بودۇن باشلاماقى ئاغىر،
باش ئاغرىق بىلە تۇتچى ئەمگەك تەگىر.
خەلقنى باشلىماق — بۈيۈك (ۋە) ئېغىر ئىشتۇر،
دائىم باش ئاغرىقى، مۇشەققەت كەلتۈرىدۇ.

2148 سەۋىنچى ئاز ئول، كۆرسە قادغۇ ئۆكۈش،
ئاز ئول ئۆگكۈچىسى، تەلىمرەك سۆكۈش.
نەزەر سالساڭ، خۇشاللىقى ئاز، قايغۇسى كۆپ،
ماختىغۇچىسى ئاز، سۆكۈشلەر كۆپ.

2149 قايۇقا باقا كۆرسە قورقىنچ تۇرۇر،
سەۋىنچىن سورا كۆرسە ئازراق ئەرۇر.
قاياققىلا قارىساڭ قورقۇنچ بار،
(بۇنىڭ) شادلىقىنى سورىساڭ، تېخىمۇ ئاز.

2150 ئۆكۈش سەۋمەگۈچى، سەۋەرى ئاز ئول،
كەرىشى تەلىمرەك، ئەرەژى ئاز ئول.
ئۇنى سۆيمىگۈچىلەر كۆپ، سۆيىدىغانلار ئاز،
غوۋغاسى كۆپرەك، راھىتى ئاز.

2151 A86 پۇتۇنسۇز بولۇر تەگمە يەردە كۆڭۈل،
كۆڭۈل پۇتمەسە ئەرگە ئارتۇق مۇڭ ئول.
ھەممە يەردە كۆڭۈل خاتىرجەم بولمايدۇ،
كۆڭۈل خاتىرجەمسىزلىكى چوڭ ئازابتۇر.

2152 كۆرۈ بارسا تەگمە ئىشىندە خەتەر،
خەتەرلىغ ئىشىگ كۆرسە تاتىغ كەتەر.
نەزەر سالساڭ، ھەممە ئىشتا بىر خەتەر بار،
خەتەرلىك ئىش (كىشىنىڭ) لەززىتىنى قاچۇرىدۇ.

2153 A77 C113 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ سۆزى،
ئۇقۇشلۇغ سۆزى كۆرسە يىنچۈ تۆزى:
ئەقىل ـ ئىدراكلىق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق كىشىنىڭ سۆزى تامامەن ئۈنچىگە (ئوخشايدۇ):

2154 «ئەلىگ بوينى قىلچا، ئۇكەكچە باشى،
ئاڭار كەد ئىنانماز ئۇقۇشلۇغ كىشى.
«ئەلىگنىڭ بوينى (گويا) قىلدەك، بېشى گۇمبەزدەك.
ئەقىللىك كىشى ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.
2155 قىلىچ باش ئۇزەلە مەسەل بەگلىك ئول،
كۈنىڭە ئاڭار مىڭ خەتەرلىغ ئىشى».
بەگلىك مىسالى قىلىچ ئاستىدىكى باشتۇركى،
كۈندە ئۇنىڭغا مىڭلارچە خەتەر كېلىدۇ».
2156 بۇ ياڭلىغ تۇرۇر بارچا بەگلىك ئىشى،
قايۇسى ئەرەژ يەر، قايۇ ئۆز باشى.
بارچە بەگلەرنىڭ ئىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
بەزىسى ھالاۋەت كۆرىدۇ، بەزىسى بېشىنى يەيدۇ.
2157 ئۆزۈڭ دۇنيا ئۇقبى بۇلايىن تەسە،
بۇ قاچ ئىشنى قودما، قاتىغلان ئۇسا.
(بۇ) دۇنياغىمۇ، ئاخىرەتكىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ،
(مۇنۇ) بىرقانچە ئىشنى تاشلىما، ئىمكانقەدەر تىرىشقىن:
2158 كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇت، باياتقا سىغىن، B164
ئىدى يارلىغىن سەن ئاغىر تۇت، تاپىن.
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، خۇداغا سىغىن،
ئىگەم يارلىقىنى قەدىرلە، (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىل.
2159 نەگۇ كەلسە رەبدىن تاپى بول تاپى،
ئۆزۈڭ قۇللۇقى ئول تاپىلىق تاپى.
رەببىمدىن بېشىڭغا نېمە كەلسە تامامەن رازى بول،
قانائەت (قىلغىنىڭ) ۋە رازى (بولغىنىڭ) قۇللۇق قىلغىنىڭدۇر.
2160 تۆزۈ خەلققا كۆڭلۈن باغىرساق بولۇن،
تۇپى ئەدگۇلۇك قىل سەن، ئەدگۇ بۇلۇن.
پۈتۈن خەلققە (چىن) دىلىڭدىن كۆيۈمچان بول،
دائىم ياخشىلىق قىل، ئۆزۈڭمۇ ياخشىلىققا ئېرىش.
2161 بودۇنقا ئاسىغ قىل، بولۇپ قىلما ياس،
قىلىنچ ئەدگۇ تۇتغىل، ئەسىز ياسى باس.

خەلققە ياردەم بېرىپ، پايدا كەلتۈر، زىيان سالما،
ئىش ـ ھەرىكىتىڭ ياخشى بولسۇن، يامانلارنىڭ زىيىنىنى يوقات.

2162 سەنىڭ بولدى دۇنيا تىرىگلىك بىلە،
تىرىگلىك بۇلۇنسا ياتىپ يە كۈلە.
تىرىكلىك (ۋە) مال ـ دۇنيا سېنىڭ بولدى،
تىرىكلىككە ئېرىشكەنىكەنسەن، كۈلۈپ تۇرۇپ پايدىلان،

2163 پۇتۇن جان ئۇزۇلسە ئۇمۇنچ تۇت ئۇلۇغ،
بايات بەرگە ئەدگۈگە ئەدگۈ يولۇغ.
جېنىڭ چىقسىمۇ چوڭ ئۇمىدتە بول، ئىشەنگىنكى،
خۇدا ياخشىغا ياخشى يول نېسىپ قىلىدۇ.

* * *

2164 مۇنۇقى مەن ئايدىم ئەشىتتى ئەلىگ،
بۇ ياڭلىغ كەرەك بەگكە ئەردەم بىلىك.
بۇلارنى مەن ئېيتتىم، ئەلىگ ئاڭلىدى،
بەگ ئۈچۈن مۇشۇنداق پەزىلەت، بىلىملەر كېرەك.

2165 قايۇ ئەردە بولسا بۇ ئەردەم، تۆرۈ،
ئانى بەگ ئاتاپ، ئەلكە تىككۈ ئۆرۈ.
پەزىلەت، قائىدە ـ يوسۇن قانداق كىشىدە بولسا،
ئۇنى بەگ دەپ ئاتاپ، ئەلدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

2166 تۇگەل بەگ بولۇر بۇ بودۇنقا باشى،
ئانىڭدىن بۇلۇر تەگمە ئەدگۈ كىشى.
بۇنداقلار مۇكەممەل بەگ بولۇپ، خەلقنى باشلايدۇ،
كىشى ئۇنىڭدىن ھەممە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

2167 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بىلىكلىگ تەتىك،
بىلىكلىگ تەتىك بىلكى ئەلگە ئەتىك.
بىلىملىك، زېرەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىملىك، زېرەكنىڭ بىلىمى ئەل ئۈچۈن زىنىنەتتۇر:

2168 بىلىكلىگ كەرەك بەگ، ئۇقۇشلۇغ، كۆنى، C114
يۈرەكلىگ ھەم ئۆگلۈگ بەدۈسە ئۇنى.

بەگ ـــ بىلىملىك، ئىدراكلىق، توغرا بولۇشى،
يۇرەكلىك ۋە ئەقىللىك بولۇپ، شۆھرىتىنى يۇكسەلدۇرۇشى كېرەك.

2169 ئاقى، ھەم تۇزۇن، ھەم ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ،
باغىرساق بولۇپ كەد كۇدەزسە ئەلىگ.

سېخىي ھەم دۇرۇس، ھايالىق ۋە سىلىق،
كۆيۈمچان بولۇپ، ئېلىنى پۇختا قوغدىشى لازىم.

2170 كۆزى توق، سەرىملىگ، نە قودقى كۆڭۇل،
سۇيۇرقاپ كەچۇرگەن، نە قىلقى ئامۇل.

كۆزى توق، سەۋرچان ۋە كەمتەر،
شەپقەتلىك، ئەپۇچان ۋە مۇلايىم (بولۇشى) كېرەك.

2171 قامۇغ ئەردەمى بولسا ئەردە ئۆرۇ،
بودۇنقا بەرۇر بولسا ئەدگۇ تۆرۇ.

پۇتۇن پەزىلەتلەردە ھەركىمدىن ئۇستۇن تۇرۇشى،
خەلققە ياخشى قانۇن يۇرگۇزۇشى كېرەك.

2172 قايۇ ئەلگە بولسا بۇ ياڭلىغ بەگى، A 78
قۇتۇلدى ئول ئەل بودنى، كەتتى ئىگى.

قايسىبىر ئەلنىڭ مۇشۇنداق بېگى بولسا،
ئۇ ئەل خەلقى نىجات تاپىدۇ، دەردتىن خالاس بولىدۇ.

2173 تۇغار قۇت كۇنى، ئەلگە، ئىنچلىك بولۇر، B165
دەرىغا، بۇ ياڭلىغ كىشىلەر ئۆلۇر.

ئەلدە بەخت قۇياشى تۇغىدۇ، ئاسايىشلىق بولىدۇ،
كۆپ ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق كىشىلەرمۇ ئۆلىدۇ.

* * *

2174 بۇ ئەردى، ئاي ئەلىگ، مەنىڭ بىلمىشىم،
مۇنۇقى ئۆتۇندۇم ساڭا ئۇقمىشىم.

ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم مۇشۇ،
مانا، ئەقلىم يەتكەننى ساڭا تەۋسىيە قىلدىم.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2175 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، كۆنى سۆزلەدىڭ،
كەرەكى بۇ ئەردى، بىلىك يازمادىڭ.
ئەلىگ دېدى: چۈشەندىم، توغرا سۆزلىدىڭ،
ماڭا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى، بىلىمدە يېڭىلمىدىڭ.

2176 تاقى بىر ئايىتغۇ سۆزۈم بار ساڭا،
ئانىما ئاچۇقلۇغ ئايۇ بەر ماڭا.
سەندىن سورايدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئۇنىمۇ ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بەر.

2177 بۇ ياڭلىغ بەگى بولسا ئەردەم تولۇ،
ۋەزىرى نەگۈتەك كەرەك، ئاي تولۇ.
بېگى پەزىلەتتە ئەنە شۇنداق تولۇق بولسا،
ئەي كامىل، (ئۇنىڭ) ۋەزىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

2178 قالىن قازناق ئۇرسا بۇ ئالتۇن كۈمۈش،
ئەتىلسە ئەلى ئارتسا ئول كەند ئۇلۇش.
(ۋەزىر) ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن خەزىنىنى توشقۇزسا،
ئەل تۈزۈلۈپ شەھەر ـ كەنتلەر كۆپەيسە،

2179 ئەلىن ئەتسە، باسسا تۈز ئۆڭدى ئۇرۇپ،
ئىسىنسە ئەر ئات كۆڭلى ئەدگۈ بۇلۇپ.
توغرا قانۇن تۈزۈپ، ئەلنى ئوڭشاپ باشقۇرسا،
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر ياخشىلىقتا ئېرىشىپ مەمنۇن بولسا،

2180 بودۇن ئىنچكە تەگسە، ئەلىگ تەگمەسە،
بەگى ئاتى ئەدگۈن يادىلسا باسا.
خەلق ئاسايىشلىقتا ئېرىشسە (ئۇنىڭغا يات) قول تەگمىسە،
شۇنىڭ بىلەن بېگىنىڭ ياخشى نامى يېيىلسا.

29

ئۆگدۈلمىش بەگلەركە ۋەزىر بولغۇنەگۇتەك ئەر كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش بەگلەرگە ۋەزىر بولغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2181 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: ئەلىگ،
ۋەزىر بولدى بەگلەرگە سۇنغۇ ئەلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
ۋەزىر — بەگلەرنىڭ ئۇزىتار قولىدۇر.

2182 سەزىكسىز كەرەك بولدى بەگكە ۋەزىر، C115
ۋەزىر ئەدگۇ بولسا، بەگ ئىنچىن ئۇدىر.
شۈبھىسىزكى، بەگكە ۋەزىر كېرەك بولىدۇ،
ۋەزىرى ياخشى بولسا، بەگ خاتىرجەم ئۇخلايدۇ.

2183 ۋەزىر ئول يۇدۇگلى بۇ بەگلەر يۇكىن،
ۋەزىر ئول بەكۇتۇگلى بەگلىك كۆكىن.
ۋەزىر - بەگلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرگۈچىدۇر،
ۋەزىر بەگلىكنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىگۈچىدۇر.

2184 ئەدى ئارتۇق ئۆدرۈم، تالۇ ئەر كەرەك، B166
ئۆگى، كۆڭلى يەتسە، ئۇرۇنسا يۇرەك.
(ۋەزىرلىككە) بەكمۇ تاللانغان، ناھايىتى خىل ئەر كېرەككى،
ئۇ ئەقلى كامىل، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن بولسۇن.

2185 ئۇقۇشى ئۆكۈش بولسا، بىلكى تەڭىز،
قامۇغ ئىش پۈتۈرسە، قىزارتسا مەڭىز.
پاراسىتى ئۈستۈن، بىلىمى دېڭىزدەك بولۇپ،
بارلىق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن، (بەگنىڭ) يۈزىنى يورۇق قىلسۇن.

2186 ئۇرۇغلۇغ كەرەك ھەم ساقىنۇق كۆنى،
كۆنىلىك ئۇزە كەچسە ئۆترۈ كۈنى.

ئۆرۈقى تازا، ساپ دىل، توغرا بولۇشى كېرەككى،
توغرىلىق بىلەن كۈنى ئۆتسۇن.

2187 ئۇلۇغ ئىش، بۇ ئىشكە ئەر ئۆدرۈم كەرەك،
پۈتۈنلۈك بىلە قىلقى كۆدرۈم كەرەك.

بۇ ئۇلۇغ ئىش، بۇنىڭغا تاللانغان ئەر كېرەك،
راستچىل ۋە خۇلقى ئېسىل بولۇشى كېرەك.

2188 ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىكلىگ كەرەك،
تەتىكلىك كەرەك ھەم سىلىگلىك كەرەك.

(ئۇ) ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولۇشى،
زېرەك ھەم مۇلايىم، بولۇشى كېرەك.

2189 ئۇقۇشلۇغ كىشى ئۇرغى ئەدگۈ ئۇرۇغ،
قوپار قايدا بولسا، بۇ قالماز قۇرۇغ.

ئەقىل ـ ئىدراكلىق كىشىنىڭ ئۇرۇقى ياخشى بولىدۇ،
ئۇ قەيەردە بولسا يۈكسىلىدۇ، (شۆھرەتتىن) مەھرۇم قالمايدۇ.

2190 ساقىنۇق كەرەك، دىن ئىدىسى، ئارىغ،
ئەمىن بولسا ئەل بودنى ئاندىن ئارىغ.

ئىمانلىق، پاك ۋە تەقۋادار بولسۇنكى،
خەلق ھەر جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئەمىنلىك تاپسۇن.

2191 ساقىنۇق كىشى ئول كىشى ئۆدرۈمى،
مۇڭادمىشقا بارچا بۇ ئول ئوت ـ ئەمى.

سەمىمي ـ تەقۋادار كىشى — كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بولۇپ،
بارچە دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە داۋا بولىدۇ.

2192 ساقىنۇق كىشى ئىشتە ساقلىق قىلۇر،
ياراغسىزقا ياقماز، ئىش ئوغرىن بىلۇر.

سەمىمي ـ تەقۋادار كىشى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ،
يارامسىزلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ.

2193 بەگىندە باسا ئەلگە ئەلگى ئۇزۇن،
ۋەزىر ئول ئەلگكە قىلىنچىن، سۆزۈن.

بەگدىن قالسا، ئەلگ ئۇچۇن سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن
ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان (كىشى) ۋەزىردۇر.

2194 ئۇرۇغسۇز كىشىلەر ئارىغسىز بولۇر،
ئارىغسىز ۋەزىرقا ياراغسىز بولۇر.
ئۇرۇقى ساپ بولمىغان كىشى پاك بولمايدۇ.
ناپاك كىشى ۋەزىرلىككە يارىمايدۇ.

2195 ۋەفالىغ بولۇر بۇ ئۇرۇغلۇغ كىشى،
جەفاچى بولۇر ئول ئارىغسىز ئىشى.
ئۇرۇقى ساپ كىشىلەر ۋاپادار بولىدۇ،
ناپاك كىشىلەرنىڭ ئىشى جاپا كەلتۈرۈشتۇر.

2196 نەگۇ تەر ئەشىتكىل تۆرۈلۈگ كىشى،
تۆرۈلۈگ كىشى بولدى ئەل تۆر باشى.
قانۇن يۈرگۈزگۈچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئەلدە تۆرنىڭ بېشى بولىدۇ.

2197 C116 «ئۇرۇغلۇغ كىشىلەر قىلىنچى سىلىگ،
ۋەفا بىرلە خەلققە يادىغلى ئەلىگ.
«ئۇرۇقى ساپ كىشىلەر ئىش ـ ھەرىكەتتە مۇلايىم بولىدۇ،
ۋاپا بىلەن خەلققە قۇچاق قوينىنى ئاچىدۇ.

2198 ئارىغسىز قىلىنچى ۋەفاسىز جەفا،
نەچە مە يەتۈرسە شەكەر ھەم يىلىك».
ناپاك كىشىلەرگە دائىم شېكەر ۋە يىلىك يېگۈزسەڭمۇ،
(ئۇنىڭ) قىلمىشى (يەنىلا) ۋاپاسىزلىق، جاپا (بولىدۇ)».

2199 B167 ئۇۋۇتلۇق كەرەك ھەم كۆزى توق، پۈتۈن،
ئۇۋۇتسۇز كىشى ئول كىشىدە ئوتۇن.
(ۋەزىر) ھايالىق ھەم كۆزى توق، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك،
ھاياسىز كىشى كىشىلەرنىڭ يامىنىدۇر.

2200 كۆزى توق كەرەك، نەڭگە سۇقلانماسا،
كۆزى ئاچ تودۇماز بۇ دۇنيا يەسە.
كۆزى توق بولۇشى، مال ـ دۇنياغا ھېرىس بولماسلىقى كېرەك،
ئاچ كۆزلەر پۈتۈن دۇنيا مېلىغا ئىگە بولسىمۇ تويمايدۇ.

2201 A79 كىشىدە تالۇسى ئۇۋۇتلۇغ كىشى،
ئۇۋۇتلۇغ كىشى ئول كىشىدە باشى.

كىشىلەرنىڭ ئېسىلى هايالىق كىشىدۇر،
هايالىق كىشى كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر.

2202 ئۆۋۈت كىمدە بولسا قاموغ ئىشنى ئۇر،
ئۆۋۈت بىرلە يالڭۇق ئوتۇن قاپغى تۇر.
كىم هايالىق بولسا، ئۇنىڭغا هەرقانداق ئىشنى تاپشۇر،
ئىنسان هايا بىلەن يامانلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېتىدۇ.

2203 ئۆۋۈتسۈز كىشى ئول كىشىدە ئەلى،
كۆنى سۆزلەمەز سۆز ئۆۋۈتسۈز تىلى.
هاياسىز كىشى كىشىلەرنىڭ پەسكىشىدۇر،
هاياسىزنىڭ ئېغىزىدىن توغرا سۆز چىقمايدۇ.

2204 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۆۋۈتلۈغ تۈزۈن،
ساڭا ئۆتلەر ئەمدى باغىرساق ئۆزۈن.
هايالىق، مۇلايىم كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) ساڭا سەممىي سۆزلىرى بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ:

2205 ئۆۋۈتسۈز كىشىدە يىراق تۇر يىراق،
ئۆۋۈتسۈز بولۇر ئۈستەرىگلى قاراق.
هاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق!
هاياسىزلىق تەقىپ قىلىنغان كۆز دېمەكتۇر.

2206 ئۆۋۈتسۈز يۈزى كۆرسە ئەتسىز سۆڭۈك،
ئۆۋۈتسۈز ئۆزى كۆرسە يۈتمەز ئەرۈك.
هاياسىزنىڭ يۈزىگە قارىساڭ، ئەتسىز، سۆڭەكتۇر،
هاياسىزنىڭ ئۆزى يۈتمەس تۆشۈكتۇر.

2207 ئۆۋۈت بىرلە يالڭۇق يۈزى سۇۋلانۇر،
ئۆۋۈت بولسا ئۈترۈ كۆزى سۇۋلانۇر.
هايا بىلەن ئىنسان ئابرۇيلۇق بولىدۇ،
هايا بولغاندىلا (كىشىنىڭ) يۈزى يورۇق بولىدۇ.

2208 يۈزى، كۆركى كۆركلۈگ كەرەك هەم يۈلۈگ،
قىلىنچى كۆنى، تەگسە خەلققە ئۈلۈگ.
(ۋەزىرىنىڭ) هۆسنى ـ چىرايى كۆركەم، چاچ ـ ساقىلى ياسالغان،
ئىش ـ هەرىكىتى توغرا بولۇپ، خەلققە مەنپەئەت بەرسۇن.

2209 قىلىنچى كۆنى بولسا قىلقى ئوڭاي،
مۆنىڭدىن تەگىر خەلققە ئەدگۆ يىل ـ ئاي.
ئىش ـ ھەرىكىتى توغرا، مىجەزى مۆلايىم بولسا،
ئۇنىڭدىن خەلققە دائىم ياخشىلىق كېلىدۇ.

2210 كۆنى بولماسا ئىشتە ئىشچى باشى،
قامۇغ ئەگرى بولدى بۇ بەگلەر ئىشى.
ئىش باشلىغۇچى ئىشتا ئادىل بولمىسا،
بەگلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئەگرى بولىدۇ.

2211 كۆنىلىك، پۈتۈنلۈك كەرەك ئىشچىگە،
ئانىن پۈتسە بەگلەر ئىشىن بەرگۈگە.
ئىش بېجىرگۈچى ئۆچۈن توغرىلىق، چىنلىق كېرەك،
ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرۇشقا ئىشەنچ قىلىدۇ.

2212 بۇ كۆركلۈگ كىشى قىلقى كۆركلۈگ بولۇر،
قىلىنچ بولسا كۆركلۈگ، ئەل ئاسغى تولۇر.
چىرايلىقنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ،
ئىش ـ ھەرىكىتى چىرايلىق بولسا، ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ.

2213 كىمىڭ بولسا كۆركلۈگ يۈزى، تاش ئۆزى، C117
تاشتەك يەمە كۆركلۈگ ئول ئىچ يۈزى.
كىمنىڭ يۈزى ۋە تاشقى (قىياپىتى) چىرايلىق بولسا،
تېشىغا ئوخشاش، ئىچىمۇ چىرايلىق بولىدۇ.

2214 نەگۈ تەر ئەشىتكىل سىنامىش كىشى، B168
سىناپ ئەدگۈ، ئەسىزنى بىلمىش كىشى.
سىنالغان ۋە ياخشى ـ يامانىنى سىناپ بىلگەن
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2215 «كىشى كۆركىڭە ئىچ قىلىقى ئەش ئول،
يۈزى كۆركى بىرلە قىلىنچى تۈش ئول.
«كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچكى مىجەزى ھەمراھتۇر،
چىراي كۆركەملىكىگە ئىش ـ ھەرىكىتى ماس بولىدۇ.

2216 تاشى كۆرسە تاپ تۇت ئىچىڭە تانۇق،
تاشتەگ ئىچى ئول، ئىچتەگ تاش ئول».

تېشىنى كۆرۈپ ئىچىگە گۇۋاھلىق تاپساڭ، بەس،
تېشى ئىچىدەك، ئىچى تېشىدەك بولىدۇ».

2217 يۈلۈگ بولسا قاشىغ بولۇر ئول ۋەزىر،
ۋەزىر بولسا قاشىغ ئىشى كەد يورىر.

چاچ ـ ساقىلى ياسالغان ۋەزىر ھەيۋەتلىك بولىدۇ،
ۋەزىر ھەيۋەتلىك بولسا، ئىشى ئوبدان يۈرۈشىدۇ.

2218 ساقىشچى كەرەك، بولسا بىلگە تەتىك،
بىلىك بىرلە بىلسە بۇ تۈرلۈك بىتىك.

(ۋەزىر) ھېساب بىلىدىغان، ئالىم، زېرەك بولۇشى كېرەك،
بىلىم بىلەن تۈرلۈك خەت ـ يېزىقلارنى بىلىشى كېرەك.

2219 ۋەزىر ئىشى بارچا ساقىشلار بولۇر،
ساقىش بىلمەسە، ئىشچى ئىشى قالۇر.

ۋەزىرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولىدۇ.
ھېساب بىلمىسە، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشى ئورۇنلانمايدۇ.

2220 ساقىش بىرلە ساقلار كىشى ئىش كۈدۈك،
ساقىشىن سەچەر ئەر يىل، ئاي، كۈن ئۆدۈگ.

كىشى ئىش ـ كۈشلىرىنى ھېساب بىلەن بېجىرىدۇ،
يىل، ئاي، ۋاقىتنى ھېساب بىلەن ئايرىيدۇ.

2221 ساقىش ساقلىقىن بولدى ئاتى «ساقىش»،
كۆرۈ بارسا ساقىش ئەدى ئۆك ساق ئىش.

ھېساب ساق بولغانلىقتىن «ساقىش»[1] دەپ ئاتالغان،
سەپسالساڭ ھېساب بەك ساق ئىشتۇر.

2222 تەتىك بولماسا ئىش ئوڭارماز كىشى،
تەتىكلىك بىلە قىلدى يالڭۇق ئىشى.

كىشى زېرەك بولمىسا، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ،
ئىنسان ئۆز ئىشىنى زېرەكلىك بىلەن ئىشلەيدۇ.

2223 بىتىك بىرلە يالڭۇق بىتىر بىلمىشىن،
بىتىسە بىلۇر ئەر نەگۈ قىلمىشىن.

ئىنسان بىلگەنلىرىنى يېزىق بىلەن پۈتىدۇ،
پۈتۈپ قويسا نېمە قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

2224 تەتىكلىك نىشانى تۇرۇر بۇ بىتىك،
بىتىك بىلگۈچى ئەر بولۇر كەد تەتىك.
يېزىق زېرەكلىكنىڭ نىشانىسىدۇر،
يېزىق بىلگەن كىشى بەك زېرەك بولىدۇ.

2225 بىتىك بىلمەز ئەرسە ئاپا ئوغلانى،
نەگۇ بىلگەي ئەردى يىل، ئاي، كۈن سانى.
ئىنسان بالىسى يېزىق بىلمىگەن بولسا،
يىل، ئاي، كۈن سانىنى قانداق بىلگەن بولاتتى؟

2226 بىتىپ قودماسا ئەردى بىلگە بىتىك،
ساقىشقا نەگۇ ئەردى ئال ـ ياڭ ئەتىك.
دانالار كىتاب پۈتۈن قويمىغان بولسا،
ھېسابلاشنىڭ قانداقمۇ ئامال ـ چارىسى بولاتتى؟

2227 تۆرۈتمەزدە ئاشنۇ بايات بۇ ئالەم،
تۆرۈتتى، يورىتتى بۇ لەۋھۇ، قەلەم.
خۇدا بۇ ئالەمنى يارىتىشتىن ئاۋۋال،
لەۋھۇ ـ قەلەمنى[1] يارىتىپ ئىشلەتتى.

2228 فەرىشتە بىتىر قۇل نەگۇ قىلمىشىن، C118
ئىدى ئۆترۈ ئايدۇر يارىن ئول ئىشىن.
قۇلنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى پەرىشتە يازىدۇ،
خۇدا قىيامەتتە ئۇ ئىشنى سورايدۇ.

2229 كەرەك كۆڭلى قودقىما يۇمشاق تىلى،
بۇ ئول، كۆر، كىشىكە سەۋىتۈر يولى.
(ۋەزىر) كەمتەر، تىلى يۇمشاق بولۇشى كېرەككى،
كىشىنى سۆيۈندۈرۈشنىڭ يولى مانا شۇ.

2230 كۆڭۈل قودقى بولسا سەۋىتۈر كىشىگ، A80 B169
سەۋىتمىش كىشىلەر ئاۋىتۇر ئەشىگ.
دىلى كەمتەر بولسا، كىشىنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولىدۇ،
سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشى دوستلىرىنى خۇشال قىلىدۇ.

---

① لەۋھۇ قەلەم ــ ئىسلام رىۋايەتلىرىدە ئاللا ھەممىدىن ئاۋۋال تاختا بىلەن قەلەمنى يارىتىپ، بۇ تاختىغا ھەربىر بەندىنىڭ تەقدىرىنى يېزىپ قويغان، دېيىلىدۇ.

2231 نەگۇ تەر ئەشتىكىل كۆر، ئالچاق ئامۇل،
نە ئەدگۇ بولۇر ئەرگە قودقى كۆڭۈل.
مۇلايىم، كەمتەر (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كەمتەر كۆڭۈل كىشى ئۇچۇن نېمىدېگەن ياخشى!

2232 بودۇندا سەۋۈگ بولدى قودقى كىشى،
سەۋۈگسۈز بولۇر كۆڭلى قاتقى كىشى.
كەمتەر كىشى خەلق ئىچىدە سۆيۈملۈك بولىدۇ،
كۆڭلى قاتتىق كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولالمايدۇ.

2233 ئۇلۇغلۇق ئۈزۈن يەر كىشى قودقىسى،
بەدۇكلۇككە تەگمەز بودۇن قاتقىسى.
كەمتەر كىشى ئۆزۈن مۇددەت ئېتىبارلىق بولىدۇ،
تەكەببۇر كىشى بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ.

2234 ۋەزىرلىققا ئارتۇق يۇتۇن ئەر كەرەك،
ئوقىغلى، بىتىكلى كەد ئۆگلۈگ كەرەك.
ۋەزىرلىككە ناھايىتى ئىشەنچلىك ئەر كېرەك،
(ئۇ) ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، بەكمۇ ئەقىللىق بولۇشى لازىم.

2235 تىلى، كۆڭلى بىر ھەم قىلىنچى كۆنى،
ئۇۋۇتلۇغ، باغىرساق، بودۇندا چىنى.
دىلى بىلەن تىلى بىر، ئىش - ھەرىكىتى دۇرۇس،
ھايالىق، ساپ دىل، خەلق ئىچىدىكى چىن (كىشىلەردىن) بولۇشى كېرەك.

2236 كۆزى توق، ئودۇغ، ساق، بىلىگلى ئىشىگ،
ئادىرغان ياراغلىغ، ياراغسىز كىشىگ.
كۆزى توق، سەگەك، ھوشيار، ئىشنى بىلىدىغان،
يارامىلىق ۋە يارامسىز كىشىلەرنى ئايرىيدىغان،

2237 تاپۇغساق نە ئۆزكەي يەنە ئەيمەنۇك،
ئەمانەت بىلە بولسا كۆڭلى سۈزۈگ.
خىزمەتكە بېرىلگەن، سادىق (ۋە يامانلىقتىن) ئەيمىنىدىغان،
ئامانەتكە (خىيانەت قىلمايدىغان)، كۆڭلى پاك بولۇشى كېرەك.

2238 تۇگەل كىمدە بولسا بۇ ئەردەم، بىلىك،
ۋەزىرلىق ئاڭار بەرسە بولغاي ئەلىگ.

بۇ پەزىلەت ۋە بىلىملەر كىمدە تولۇق بولسا،
ۋەزىرلىكنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ بولىدۇ، ئەي ئەلىگ.

2239 بۇ ياڭلىغ كىشى بولسا بەگكە ۋەزىر،
بەگى بىرلە بودنى تۈز ئىنچكە تەگىر.
مۇشۇنداق كىشى بەگكە ۋەزىر بولسا،
بېگى ھەم خەلقى تەڭلا خاتىرجەملىك تاپىدۇ.

2240 تىلەكچە تۈگەل بولغا ئەلىگ ئىشى،
ئەتىلگەي ئەلى ھەم بايۇغاي كىشى.
ئەلىگنىڭ ئىشلىرى خالىغىنىدەك تولۇق ئورۇنلىنىدۇ،
ئېلى تۈزۈلىدۇ ھەم خەلقىمۇ باي بولىدۇ.

2241 ۋەزىر بولسا ئەلگە ياراغسىز ياۋۇز،
ئول ئەل بودنى بۇزلۇر چىغاي بايى تۈز.
يارامسىز، يامان كىشى ئەلگە ۋەزىر بولسا،
ئۇ ئەلنىڭ خەلقى ــ بايلىرىمۇ، كەمبەغەللىرىمۇ بىردەك خاراب بولىدۇ.

2242 ۋەزىر ئەدگۈ بولسا بودۇنقا ئاسىغ،
بودۇن ئاسغى بىرلە ئەلىگكە تاتىغ.
ۋەزىر ياخشى بولسا، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق،
خەلققە پايدىلىق بولغىنى ئەلىگكىمۇ لەززەت بېرىدۇ.

2243 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، ئاي بىلگى ئۆگۈز،
بىلىك بىرلە كۆڭلى يارۇنمىش كۆگۈز.
بىلىمى دەريا (دەك چوڭقۇر)، بىلىم بىلەن كۆڭلى-
كۆكسىنى يورۇتقان (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2244 بەگى ئەدگۈ بولسا نە كۆڭلى، تىلى، C119
تۈتار ئىشچىلەرى كۆنىلىك يولى.
بەگنىڭ كۆڭلى ۋە تىلى ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ توغرا يول تۇتىدۇ.

2245 قالى بولسا بەگلەر بۇ كۈچكەي، ئەسىز، B170
ئانىڭ ئىشچىلەرى بۇزار ئەدگۈ ئىز.
ئەگەر بەگلەر زالىم، يامان بولسا،
ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ياخشى يولدىن تايىدۇ.

2246 بەگى ئەدگۈ بولسا، ئانىڭ ئىشچىسى
بولۇر قىلقى ئەدگۈ، تەگۈرمەز ياسى.
بېگى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ
قىلىقى ياخشى بولىدۇ، زىيان سالمايدۇ.

2247 ئەسىز بولماغىنچا بۇ بەگلەر، باقىن،
ئەسىزىگ ياقۇرماز ئۆزىڭە ياقىن.
بىلگىنكى، بەگلەر (ئۆزى) يامان بولمىسا،
يامانلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ.

2248 ئەسىز قايدا بولسا ئەسىزلەر بىلە،
ئاي ئەدگۈ يورى سەن، ئەش ئەدگۈ تىلە.
يامان قەيەردە بولسا، يامانلار بىلەن بىللە (بولىدۇ)،
ئەي ياخشى، يۈر، ياخشى دوست ئىزدە!

2249 ئەسىز، ئەدگۈ بىرلە ياراشماز بولۇر،
كۆنى، ئەگرى بىرلە كۆرۈشمەز بولۇر.
يامان ياخشى بىلەن يارىشالمايدۇ،
تۈز (نەرسە) ئەگرى بىلەن ماسلىشالمايدۇ.

2250 قارا تۈن يارۇق كۈنگە ياقماز ياغۇق،
ياشىل سۇۋ قىزىل ئوتقا بولماز قونۇق.
قارا تۈن يورۇق كۈندۈزگە يېقىن كېلەلمەيدۇ،
يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا مېھمان بولالمايدۇ.

2251 بىلىشمەز كىشىگ سەن بىلەيىن تەسە،
بىلىشىن ئايىتغىل، ئۇقۇلغاي باسا.
بىلمەيدىغان كىشىنى سەن بىلەي دېسەڭ،
تونۇشلىرىنى سورا، ئاندىن بىلىنىدۇ.

2252 قامۇغ نەڭ قاتىلدى ئۆز ئۈگرى بىلە،
كۆنى تۈر، قاتىلما سەن ئەگرى بىلە.
ھەرقانداق نەرسە ئۆز تۈپىغا قوشۇلىدۇ،
سەن تۈز تۇرغىنكى، ئەگرى بىلەن قوشۇلما.

2253 بۇ سۆزگە تانۇقى بۇ بەيت ئول ئوقى،
بۇ بەيتىگ ئوقى سەن، كۆڭۈلگە توقى.

بۇ سۆزگە شاھىت بولغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، (مەنىسىنى) دىلىڭغا پۈك:

2254 «يورىغلى، ئۇچۇغلى قامۇغ نەڭنى كۆر،
تۇتار ئۆزگە ئەش تۇش ئۆزى تەڭنى كۆر.
«قارا، يۈرىدىغان، ئۇچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۆز تەڭتۇشىنى ئۆزىگە دوست ـ ھەمراھ تۇتىدۇ.

2255 ئەسىز ئەدگۈ بىرلە قاتىلماز، قاچار،
قامۇغ نەڭگە ياڭزاغ بۇ بىر ياڭنى كۆر».
يامان ياخشىغا قوشۇلمايدۇ، قاچىدۇ،
ھەممە نەرسىگە ماس كېلىدىغان بۇ قائىدىگە دىققەت قىل».

2256 ۋەزىر بەگكە تۇتچى كەڭەشچى بولۇر،
كەڭەشچى كىشىلەر تەڭەشچى بولۇر.
ۋەزىر بەگكە دائىم كېڭەشچى بولىدۇ،
كېڭەشچى كىشىلەر ھەر ئىشنى دەڭسەپ قىلىدۇ.

2257 ئەسىزگە قاتىلما، قارا ئەدگۈسى،
ئەسىز بولدى قىلقى، ئاغىر يۇدگۈسى.
ئەي ئاۋامنىڭ ياخشىسى، يامانغا قېتىلما،
(يامانىنىڭ) قىلىقى يامان، يۈكى ئېغىردۇر.

2258 بۇ بەگلەر ياقىن تۇتسا ئەدگۈ كىشى،
ئاتى ئەدگۈ قالدى ھەم ئەل كۈن ئىشى.
بەگلەر ياخشى كىشىنى يېقىن تۇتسا،
ياخشى نامى قالىدۇ، خەلق ئىشىمۇ ياخشى بولىدۇ.

2259 يانا بەگ ياقىن تۇتسا ئەسىز كىشى، C120
ئەسىز قىلدى ئاتىن ھەم ئەل ـ كۈن ئىشى.
ئەگەر بەگ يامان كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
(ئۆزىنىڭ) نامىمۇ، خەلق ئىشىمۇ يامان بولىدۇ.

2260 بۇ ياڭلىغ بولۇنسا، ئاي ئەلىگ، ۋەزىر،
بەگىن ئىنچكە تەگرۈر، قاراسى ئۇدىر.
ئەي ئەلىگ، ۋەزىر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا،
بېگىگە ئارام بېرىدۇ، خەلقى (خاتىرجەم) ئۇخلايدۇ.

2261 بولۇر بەگ تىلەكى ئانىڭدىن تۇگەل، B171
ئىشى بارچا ئەتلۇر قايۇ ئەرسە هال.
ئۇنىڭ بىلەن بەگ تىلىكى تامامەن ئورۇنلىنىدۇ،
ھەرقانداق ئەھۋالدا بارچە ئىشى روناق تاپىدۇ.

2262 بايۇر ئۆترۇ بودنى هەم ئەتلۇر ئەلى،
خەزىنە كۆپەدۇر، قۇتادۇر يىلى.
ئاندىن خەلقى بېيىيدۇ هەم ئېلى تەرتىپكە چۈشىدۇ،
خەزىنىسى كۆپىيىدۇ (ۋە) ئۆمرى دۆلەتتە ئۆتىدۇ.

2263 بولۇر ئاتى مەڭۇ قارىماز بولۇپ،
بولۇر ئورنى ئەدگۇ قارىسا ئۇلۇپ.
قېرىماي، نامى مەڭگۇ قالىدۇ،
قېرىپ قاقشال بولغاندىمۇ، ئورنى ياخشى بولىدۇ.

2264 يەدى بۇ ئاژۇنۇغ، يەگەي ئول ئاژۇن،
تىرىلگەي قۇتۇن تۇتچى مەڭۇ - ئۇزۇن.
بۇ دۇنيالىقىمۇ، ئۇ دۇنيالىقىمۇ بولىدۇ،
دائىم سائادەتتە، مەڭگۇ - ئۇزۇن ياشايدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

2265 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم بۇ سۆزلەر ئۆگۈن،
ئەدى ئەدگۇ سۆزلەر يورىدى بۇ كۈن.
ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى زېھنىن بىلەن چۈشەندىم،
بۈگۈن بەك ياخشى سۆزلەر قىلىندى.

2266 ماڭا ئايغىل ئەمدى سۇ باشلار كىشى،
نەگۈتەك كەرەك قىلسا بەگلەر ئىشى.
ئەمدى ماڭا ئېيتقىنچۇ، قوشۇن قوماندانى
بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشتا قانداق بولۇشى كېرەك؟

2267 سۇسىن باشلاسا هەم ئىشىن ئىشلەسە،
ئىشىن باشقا ئەلتسە، خەتا تۇشماسا.

(ئۇ) قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالايدىغان ھەم جەڭ ئىشىنى بىجىرەلەيدىغان،
ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان، خاتا قىلمايدىغان بولسۇن.

2268 ئايۇ بەر ماڭا سەن قايۇسى يارار،
چەرىكىن سۈكۈپ ئول ياغىسىن تارار؟

ماڭا ئېيتىپ بەرگىن (بۇ ئىشقا) كىم يارايدۇ؟
(ئۇ دۈشمەن) ئەسكىرىنى پارچىلاپ، ياۋنى تارمار قىلالايدىغان بولسۇن.

30

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە سۇ باشلار ئەر نەگۈتەك كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە قوشۇن قوماندانىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2269 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: ئەلىگ،
ياغىقا تۈچى بولسۇ ئۇستەڭ ئەلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:
دۈشمەنگە نىسبەتەن ھەرقاچان ئەلىگنىڭ قولى ئۈستۈن بولسۇن.

2270 سەزىكسىز كەرەك بەگكە سۇ باشچىسى،
ياراشماز ياغىدىن كۆتۈرسە ئۈسى.
شۈبھىسىز بەگكە (شۇنداق) بىر قوماندان كېرەككى،
(ئۇ) ياراشقىلى بولمايدىغان دۈشمەننىڭ ئۈيقۇسىنى ئاچسۇن.

2271 بۇ ئىشكە ئەدى قۇرچ، قاتىغ ئەر كەرەك،
باشىندا كەچۈرمىش تۈگەل تۇڭ يۈرەك.
بۇ ئىشقا بەك مۇستەھكەم ـ جەسۇر،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، قاتتىق قول ئەر كېرەك.

2272 ئەدى ئۆك ئۇلۇغ ئىش بۇ سۇ باشلاماق،
چەرىك تۈزمەكى ھەم ياغىنى سىماق.
قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، ئەسكەر سېپىنى تۈزۈش،
دۈشمەننى قىرىش ناھايىتى چوڭ ئىشتۇر.

2273 تالۇ ئەر كەرەك، ساق بۇ ئىشكە ئودۇغ، C121
ئاڭار تەگمەسە بىر ئۇسالىن يودۇغ.
بۇ ئىش ئۈچۈن تاللانغان، ئېھتىياتچان، سەگەك ئادەم كېرەككى،
ئۇنىڭغا بىخۇدلۇقتىن بىر پالاكەت كەلمىسۇن.

2274 ئاقى، ئالپ ئاتىم بولسا ئالچاق كۆڭۈل، B172
تۈزى، ئەتمەكى كەڭ نە قىلقى ئامۇل.

(قوماندان) سېخىي، باتۇر قەھرىمان، كەمتەر،
داستىخىنى كەڭ ۋە مۇلايىم بولۇشى كېرەك.

2275 ئاقى بولغۇ ئارتۇق سۇ باشلار كىشى،
تەرىلسە ئاڭار ئۆترۇ ئۆدرۇم باشى.

قوشۇن قوماندانى ناھايىتى سېخىي بولغاندىلا،
ئەتراپىغا ئەڭ خىللانغان كىشىلەرنى توپلىيالايدۇ.

2276 ئۇلەسە ئەر ـ ئاتقا قامۇغ بار مالىن،
ئاداش، قولداش، ئەردەش تۇتۇنسا قالىن.

ئۇ بارلىق مال ـ دۇنياسىنى ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان،
كۆپ دوست ـ بۇرادەر، ئەل ـ ئاغىنە تۇتىدىغان بولسۇن.

2277 ئۆزىگە بىر ئات، تون، تولۇم قودسا تاپ،
چاۋىقسا ئاڭۇندا ئاتىن يادسا تاپ.

ئۆزىگە بىر ئات، تون ۋە قورال ئايرىپ قويسىلا كۇپايە،
(شۇنىڭ بىلەن) داڭ چىقىرىپ، شۆھرىتىنى جاھانغا يايالايدۇ.

2278 ئوغۇل ـ قىز، كىشىم تەپ نەڭىن ئەركمەسە،
يا يەر ـ سۇۋ، باغىم تەپ كۈمۈش تەرمەسە.

ئۇ ئوغۇل ـ قىز ۋە خوتۇنۇم دەپ، مال ـ دۇنيا توپلىماسلىقى،
ياكى يەر ـ سۇ، باغىبارانڭ دەپ كۈمۈش يىغماسلىقى كېرەك.

2279 قىلىچىن تىلەسە قامۇغ ئارزۇسىن،
ئۇرۇپ ئالسا، بەرسە، بەدۇتسە كۇسىن.

ئۇ پۈتۈن ئارزۇسىغا قىلىچى بىلەن يەتمىكى،
جەڭ بىلەن ئېلىشى، (ئۈلەشتۈرۈپ) بېرىشى، شۆھرىتىنى
يۈكسەلدۈرۈشى لازىم.

2280 يەتۇرسە ـ ئىچۇرسە، كەدۇرسە كەدىم،
ئات، ئۇستەم، قىز ـ ئوغلان بۇ بەرسە تەلىم.

(سەپداشلىرىغا) يېگۈزۈشى، ئىچكۈزۈشى ۋە (ئۇلارنى) كىيىندۇرۇشى،
(ئۇلارغا) كۆپلەپ ئات، قورال ـ جابدۇق، قىز كېنىزەكلەرنى ھەدىيە
قىلىشى كېرەك.

2281 ئاڭار تەرلۇر ئۆترۇ، كۆر، ئەرسىگ ئەرەن،
سەۋۇگ جان يۇلۇغلاپ ياتۇر تاغ، قايان.

(شۇندىلا) ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەسۇر يىگىتلەر توپلىنىپ،
سۆيۈملۈك جېنىنى پىدا قىلىپ، (كەيىندىن) تاغ، قىيالاردا ياتىدۇ.

2282 يۈرەكلىگ كەرەك ئارتۇق ئۆگلۈگ كەرەك،
كۆگۈزلۈگ كەرەك هەم كۆڭۈللۈگ كەرەك.

(ئۇ) يۈرەكلىك، ناهايىتى ئەقىللىك بولۇشى،
باتۇر (ۋە) قىزغىن بولۇشى كېرەك.

2283 ياغىدا كەرەكسىز يۈرەكسىز كىشى،
يۈرەكسىز كىشى ئول تىشىلەر ئىشى.

ئۇرۇشتا يۈرەكسىزنىڭ لازىمى يوق،
يۈرەكسىزلىك ئاياللارغا خاس ئىشتۇر.

2284 يۈرەكسىز كىشىلەر چەرىك ئارتاتۇر،
چەرىك ئارتاسا ئەر ئەرىگ ئارتاتۇر.

يۈرەكسىز كىشىلەر قوشۇننى بۇزىدۇ،
قوشۇن بۇزۇلسا، ئەسكەرلەر تېزىپ كېتىدۇ.

2285 ياغىدا يۈرەكلىگ، سەرىنگۈ كەرەك،
ياغى ئات كەمىشسە، تەرىنگۈ كەرەك.

جەڭدە يۈرەكلىك بولۇش ۋە چىدام(كۆرسىتىش)كېرەك،
دۈشمەن ئات سالسا، زىچ توپلىنىش كېرەك.

2286 ئايىقلىغ تۇرۇر بۇ ئۆلۈم بەلگۈلۈك،
ئۆدى كەلمەگىنچە ئەر ئۆلمەز كۈلۈگ.

ئېنىقكى، ئۆلۈم ـ مۇقەررەر (نەرسە) دۇر،
(لېكىن) ۋاقتى كەلمىگۈچە ئەر يىگىتلەر ئۆلمەيدۇ.

2287 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئازىغلىغ، كۈر ئەر،
ئۆلۈمۈگ ئۇنىتسا، ياغىسىن ئۇرار.

جەسۇر ۋە باتۇر ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(كىشى) ئۆلۈمنى ئۇنتۇسا دۈشمىنىنى يېڭىدۇ:

2288 «كىشى ئۆدسۈز ئۆلمەز ئانادىن توغۇپ، B173C122
نەلۈك قورقار ئۆزۈڭ ياغىنى كۆرۈپ ؟

«ئانىدىن تۇغۇلغان ئادەم ئەجەلسىز ئۆلمەيدۇ،
دۈشمەننى كۆرۈپلا نېمىشقا قورقىسەن؟

2289 ياغىقا يالڭتەك، ئەرەنتەك ئۇرۇش،
ئەجەلسىز ئۆلۈم بولماز ئۆزگە بولۇپ».

دۈشمەنگە يالقۇندەك بول، (ئۇنىڭ بىلەن) ئەرلەرچە ئۇرۇش،
هايات ئادەمگە ئەجەلسىز ئۆلۈم كەلمەيدۇ».

2290 ئۇۋۇتلۇغ كەرەك ئەر، ئۇۋۇتى ئۇچۇن
ياغى بىرلە قارشۇر، قادىتماز ئۆچۈن.

ئەر نومۇسلۇق بولۇشى كېرەك، ئار - نومۇس ئۇچۇن
(ئۇ)، ئىنتىقام ئالماي ئارقىغا قايتمايدۇ.

2291 ئۇۋۇت بىرلە يالڭۇق ياغىسىن ساچار، A86
ياغىدا ئەڭ ئاشنۇ ئۇۋۇتسۇز قاچار.

ئار - نومۇس بىلەن ئىنسان دۈشمىنىنى بىتچىت قىلىدۇ،
جەڭدە ئەڭ ئاۋۋال نومۇسسىزلار قاچىدۇ.

2292 ئۇۋۇتقا بولۇپ قورقلىق ئالپلىق قىلۇر،
ئۆگۈنچكە بولۇپ ئەر ئۆزىن ئۆلدۈرۈر.

قورقۇنچاقلارمۇ نومۇسنى دەپ باتۇرلۇق قىلىدۇ،
ماختالماق ئۈچۈن كىشى ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ.

2293 يۈرەكلىگ تەگۈچى ئۇۋۇتلۇغ بولۇر،
ئۇۋۇتلۇغ كىشى ئۆلسە ئۇرشۇ ئۆلۈر.

يۈرەكلىك دېگىنىمىز ئار - نومۇسلۇق ئەردۇر،
نومۇسلۇق ئەر ئۆلسە، ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ.

2294 قىلىنچى ئوڭاي بولسا قودقى كۆڭۈل،
بودۇنقا سەۋىتۇر ئۆزىن بۇ ياڭ ئول.

(قوماندان) مۇلايىم ۋە كەمتەر بولسا،
خەلققە ئۆزىنى سۆيۈملۈك قىلالايدۇ.

2295 ئىستۇر كىشى كۆڭلىن ئالچاق كىشى،
يىراتۇر ئەرەنىگ تىلى ئەل پۈشى.

مۇلايىم كىشى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئىستەيدۇ،
تىلى قوپال، قەهرلىك كىشى ئادەملەرنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

2296 بەدۈك تۇتسا كۆڭلىن بۇ سۇ باشلار ئەر،
سەزىكسىز ياغىدىن بۇ ئەر بەرگە يەر.

قوشۇن قوماندانى ئۆزىنى تەكەببۇر تۇتسا،
شۈبھىسىزكى، بۇ ئەر دۈشمەندىن قامچا يەيدۇ.

2297 بۇ كۆڭلى بەدۇك ئەر ئۇساللىق قىلۇر،
ئۇسال ئەر يا بۇزلۇر، يا ئۆدسۇز ئۆلۇر.

ئۆزىنى چوڭ تۇتقان كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ،
بىخۇد كىشى نابۇت بولىدۇ ياكى ۋاقىتسىز ئۆلىدۇ.

2298 كۇر، ئەرسىگ كەرەك بولسا قاشىغ يۇلۇگ،
يادىلسا ئاتى، بولسا چاۋلۇغ ـ كۇلۇگ.

(قوماندان) جەسۇر ـ مەرد، ھەيۋەتلىك، چاچ ـ ساقىلى ياسالغان بولسا،
نامى يېيىلىپ، داڭقى چىقىدۇ.

2299 ئەسىزلەرگە قاشىغ كەرەك قورقسالار،
ياۋاشلارقا ئەدگۇ كەرەك سەۋسەلەر.

يامانلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھەيۋە قىلىش،
ياۋاشلارنى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش كېرەك.

2300 سىياسەت يورىتغۇ كەرەك سۇ باشى،
سىياسەتقە ئاشلىغ بولۇر سۇ ئىشى.

قوشۇن قوماندانى سىياسەت يۈرگۈزۈشى كېرەك،
(چۈنكى) قوشۇن ئىشى سىياسەتكە ئېھتىياجلىق.

2301 سىياسەت يورىتسا سۇ باشلىغ بولۇر،
سۇسى باشلىغ ئەرسە ئەر ئاشلىغ بولۇر.

سىياسەت يۈرگۈزسە قوشۇندا باش بولىدۇ،
قوشۇندا باشلىق بولسا، ئەسكەرلەر ياخشى تەمىن قىلىنىدۇ.

2302 قايۇ سۇ بولۇر بولسا باشسىز، بوشاڭ، C123
ئۇشئول سۇ بۇزۇلدى، ئەلىگ كەچ ياشاڭ.

قايسى قوشۇن باشسىز، بوشاڭ بولسا،
قوشۇن بۇزۇلىدۇ، ئەي ئەلىگ، ئۇزۇن ياشا.

2303 ئەسىزلەرگە ھەشمەت، سىياسەت كەرەك، B174
يانا ئەدگۇگە تۇتچى ھۇرمەت كەرەك.

يامانلارغا ھەيۋە، سىياسەت كېرەك،
ياخشىلارغا بولسا، دائىم ھۆرمەت كېرەك.

2304 تەگۈر ئەدگۈلەرگە تۈگەل ئەدگۈلۈك،
سەۋىنچىن تىلەگۈ، يۈدۈرمەگۈ يۈك.
ياخشىلارغا تامامەن ياخشىلىق يەتكۈز،
ئۇلارنىڭ شادلىقىنى تىلە، مۇشەققەتكە قويما.

2305 بۇ ئەدگۈگ تىلەر بارچا يالڭۇق تۈرۈپ،
كىشى قۇل بولۇر ئەرگە ئەدگۈ بۇلۇپ.
پۈتۈن ئىنسان ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ،
كىشى ياخشىلىقنى كۆرگەن ئادەمگە قۇل بولىدۇ.

2306 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئاي قىلقى تۈزۈن،
بۇ بەيتىگ ئوقىغىل، ئاۋىنغىل ئۆزۈن.
مىجەزى مۇلايىم، كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپ:

2307 «بوش ـ ئازاد كىشى بارچا ئەدگۈ قۇلى،
سەن ئەدگۈ قىلۇ ئاچ كۆڭۈلىك يولى.
«ئەركىن ـ ئازاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر،
سەن ياخشىلىق قىلىپ، توغرىلىقنىڭ يولىنى ئاچ.

2308 كىشىلىك قىلۇرقا كىشى بول تۈشى،
كىشى مۇنداغ ئۇردى كىشىلىك ئۇلى».
ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۇچۇن ئادەمي بولۇش كېرەك،
كىشى ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئۇلىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇپ چىققان».

2309 كەرەك سۇ باشىڭا بۇ بىر قاچ قىلىق،
ياغىقا يۈز ئۇرسا، بۇ تۈزسە يورىق.
دۈشمەنگە قارشى يۈزلىنىش ۋە (لەشكەرنىڭ) ھەرىكىتىنى
ئىدارە قىلىش ئۇچۇن،
قوشۇن قوماندانىدا مۇنۇ بىرقانچە سۈپەت (بولۇشى) كېرەك:

2310 ياغىدا كۆر، ئارسلان يۈرەكى كەرەك،
قارىشتۇقتا ئەسرى بىلەكى كەرەك.
جەڭ قىلغاندا ئارسلان (يۈرىكىدەك) يۈرەك كېرەك،
ئېلىشقاندا، قاپلان (بىلىكىدەك) بىلەك كېرەك.

2311 توڭۈزتەك تەتىملىگ، بۆرىتەك كۈچى،
ئادىغلايۇ ئازغىر، قۇتۇزتەك ئۆچى.
(قوماندان) تۈڭگۈزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك،
ئېيىقتەك قايتماس، قوتازدەك ئاداۋەتخور (بولۇشى)،

2312 يانا ئالچى بولسا قىزىل تىلكۈ تەگ،
تىتىر بۇغراستەك، كۆر، ئۆچ سۇرسە كەك.
يەنە، قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر،
بۇغرا تۆگىدەك قىساسچى بولۇشى لازىم.

2313 ساغىزغاندا ساقراق كەرەك تۇتسا ئۆز،
قايا قۇزغۇنتەك يىراق تۇتسا كۆز.
ئۆزىنى سېغىزخاندىنمۇ ھوشيارراق تۇتۇشى،
قىيا قۇزغۇندەك يىراقنى كۆرۈشى كېرەك.

2314 ئۇلۇغ تۇتسا ھەمىيەت، كۆر، ئارسلانلايۇ،
ئۇكتەك ئۇسۇز بولسا تۈنلە سايۇ.
ئارسلاندەك يۇكسەك چىدام كۆرسىتىشى،
تۈنلەرنى ھۇۋقۇشتەك ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

2315 بۇ ياڭلار بىلە ئەر ياغىچى بولۇر،
ياغىچى بولۇر ھەم ياراغچى بولۇر.
ئاشۇ سۈپەتلىرى بىلەن كىشى جەڭگىۋار بولالايدۇ،
جەڭگىۋار بولۇش بىلەن(ئىشقا)يارامىلىق بولىدۇ.

2316 ياغىچى، ياراغچى كىشى ئول تۇچى C124
ياغى سانچغۇچى ھەم يەتۇرگەن ئۇچى.
جەڭگىۋار، يارامىلىق (كىشى) دائىم
دۇشمەنگە زەربە بېرىپ، غەلىبە قازىنىدۇ.

2317 تۇزى ـ ئەتمەكى ھەم ئاشى كەڭ كەرەك،
ئاتى، تون، تولۇمى ئاڭار تەڭ كەرەك.
(ئۇنىڭ) نان ـ تۇزى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكى كەڭرى بولۇشى،
شۇنىڭغا مۇناسىپ كىيىم ـ كېچەكى ۋە ئات، قورالىمۇ بولۇشى لازىم.

2318 ئاش ـ ئىچگۇ تۇز ـ ئەتمەك يادار ئەر ئاتى، B175
ئاش ـ ئىچگۇ تۇرۇر بۇ تىرىگلىك ئۇتى.

ئاش ـ تاماق، نان ـ تۇز كىشىنىڭ نامىنى يايىدۇ،
تىرىكلىكنىڭ داۋاسى يېمەك ـ ئىچمەكتۇر.

2319 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئىلا ئاتلىغى،
تۇز ئەتمەك كەڭۇت، ئاي كىشى قۇتلۇغى.
ئېلىنىڭ مەشھۇر (ئادىمى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەي قۇتلۇق كىشى، نان ـ تۇزۇڭنى كەڭرى قىل،

2320 كۇ ـ چاۋ، ئات تىلەسە تۇز، ئەتمەك يەتۇر،
تىرىگلىك تىلەسە ئانىئوق يەتۇر.
داڭ ـ شۆھرەت خالىساڭ (باشقىلارغا) نان ـ تۇز بەر،
ياشاشنى خالىساڭ ئەنە شۇنى قىل.

2321 كىشلىك قىلىغلى ئىناچلىغ ئاقى، A87
تۇز ـ ئەتمەك هەقى تەپ ئۆتەر ئەر هەقى.
ئادەمگەرچىلىكى بار، سادىق، سېخىي (كىشى)
نان ـ تۇز هەققى، دەپ ئەسكەر هەققىنى ئۆتەيدۇ.

2322 ئۇلۇغلۇق تىلەسە ئاش ـ ئىچگۇ ئۇلە،
ئۇزۇن ياش تىلەسە بۇلۇر ئاش بىلە.
ئۇلۇغ بولۇشنى تىلىسەڭ، يېمەك ـ ئىچمەك ئۇلەشتۇر،
ئۇزۇن ياشاشنى تىلىسەڭ، (ئۇنىڭغا) ئاش ـ تائام بىلەن ئېرىشىسەن.

2323 كەرەك خەيل باشىغا بۇ بىر قاچ قىلىق،
ئەتىلسە ئىشى ئۆترۇ تۇزسە يورىق.
ئەسكەر باشلىقى ئۇچۇن بۇ بىر قانچە خىسلەت زۆرۈر،
(ئۇنىڭ بىلەن) ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، ئىش ـ هەرىكىتى توغرا بولىدۇ.

2324 سۆزى چىن كەرەك بولسا قەۋلى پۇتۇن،
ئۇلۇغ بولسا يالغان ئىناناماز بودۇن.
گەپ ـ سۆزلىرى چىن، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك،
ئۇلۇغ (كىشى) يالغانچى بولسا، خەلق ئىشەنمەيدۇ.

2325 ئىكىنچى ـ ئاقىلىق كەرەك بەرسە نەڭ،
سارانقا يۇمىتماز كىشى ئالغۇ ياڭ.
ئىككىنچى، سېخىي بولۇشى، نەرسە ـ كېرەك (ئېھسان) بېرىشى لازىم.
ئېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى بېخىلنىڭ يېنىغا توپلانمايدۇ.

2326 ئۇچۇنچى ـ يۇرەكلىگ كەرەك كۆگسى كۇر،
يۇرەكسىز ياغى كۆرسە ئىگلەپ ياتۇر.
ئۈچىنچىدىن، يۈرەكلىك، جەسۇر بولۇشى كېرەك،
يۈرەكسىزلەر دۈشمەننى كۆرگەندە، ئاغرىپ يېتىۋالىدۇ.

2327 بۇ تۆرتۇنچ ـ كەرەك ئالچى ھىيلە بىلىر،
بۇ ھىيلە بىلىر ئەركە ئارسلان ئۇلىر.
تۆتىنچىسى شۇكى: قۇۋ، ھىيلە بىلىدىغان بولۇشى كېرەك،
ھىيلە بىلگەن كىشىگە ئارسلانمۇ باش ئېگىدۇ.

2328 تەتىملىگ كەرەك ھەم توپۇلسا چەرىك،
يىتىلىك كەرەك ھەم قومىتسا ئەرىگ.
قوشۇن سېپىنى بۆسۈش ئۈچۈن قەيسەرلىك كېرەك،
(دۈشمەن) قوشۇننى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن چاققانلىق كېرەك.

2329 بۇ ئەردەم بىلە بولسا سۇ باشچىسى،
ياغى سانچغا، يادغا ياغىنىڭ كۇسى.
قوشۇن قوماندانى بۇ پەزىلەتلەرگە ئىگە بولسا،
دۈشمەننى يېڭىدۇ، دۈشمەننىڭ شۆھرىتىنى سۇندۇرىدۇ.

2330 بۇ ياڭلىغ سۇ باشچى بۇ سۇ باشلاسا،
ئەلىگ بۇلغا دۇشمەن ئۇزە ئىشلەسە.
مۇشۇنداق قوماندان قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ،
دۈشمەن بىلەن ئېلىشسا، قولى ئۈستۈن بولىدۇ.

2331 يۇز ئۇرسا ياغىقا بۇ سۇ باشچىسى، C125
ئۇدۇغ تۇرغۇ تۇن، كۇن، كەتەرسە ئۇسى.
قوشۇن قوماندانى دۈشمەنگە قارشى يۈزلىنىدىكەن،
ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئويغاق تۇرۇشى كېرەك.

2332 ئۆكۇش ئەر كەرەكسىز، ئەر ئۆدرۇم كەرەك،
ئەر ئۆدرۇم بولۇنسا، تولۇم تۇم كەرەك.
ئەسكەرنىڭ كۆپ بولۇشى ھاجەت ئەمەس، خىل بولۇشى كېرەك،
ئەسكەر خىل بولغىنىدەك، قورالمۇ تولۇق بولۇشى كېرەك.

2333 ئۆكۇش سۇ ـ چەرىك ئەرسە باشسىز بولۇر، B176
بۇ باشسىز چەرىك ـ سۇ يۇرەكسىز بولۇر.

قوشۇن، ئەسكەر كۆپ بولغاندا، باشقۇرۇشسىز قالىدۇ،
باشقۇرۇلمىغان قوشۇن يۇرەكسىز بولىدۇ.

2334 سىنامىش ياغىچى كىشى تەڭلەمىش،
ئون ئىكى مىڭ ئەر ـ سۇ ئۆكۈش سۇ تەمىش.
تەجرىبىلىك، جەڭگىۋار (كىشى) سىپىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ،
ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۆپلۈك قىلىدۇ، دېگەن.

2335 چەرىك سانچمىش ئالپ ئەر تۈتۈزمىش ئايۇ،
ماڭا تۆرت مىڭ ئەر ـ سۇ تۈگەل سۇ تەيۇ.
لەشكەرلەرنى مەغلۇپ قىلغان باتۇر ئەر:
مەن ئۈچۈن تۆت مىڭ ئەسكەر يېتەرلىك قوشۇندۇر، دېگەن.

2336 قالىن سۇ يايىلسا ئىچىن بۇلغاشۇر،
ئانى ئەتسە بولماز، ياراغسىز تۈشۈر.
كۆپ قوشۇن يېيىلسا ئىچى قالايمىقانلىشىدۇ،
ئۇنى تۈزىگىلى بولمايدۇ، يامان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ.

2337 چاۋىقمىش كۈر، ئالپ ئەر يەمە سۆزلەمىش،
ئەر ئۆدرۈم كەرەك، سۇ تولۇملۇغ تەمىش.
داڭلىق، باتۇر، جەسۇر ئەر يەنە: ئەسكەرلەر خىل،
قوشۇن (تولۇق) قوراللانغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى.

2338 نەگۈ تەر ئاتىقمىش ياغىچى ئەشىت،
بۇ سۆز ئەشتىپ ئۆترۈ ئۆزۈڭگە ئىش ئەت.
نام چىقارغان، جەڭگىۋار (كىشى) دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزنى ئاڭلا ۋە بۇنىڭغا ئەمەل قىل:

2339 «ئۆكۈش سۇ تىلەمە، ئەر ئۆدرۈم تىلە،
ئەر ئۆدرۈم تىلە ھەم تولۇم تۈم بىلە.
«كۆپ قوشۇن تەلەپ قىلما، خىل ئەسكەر تەلەپ قىل،
ئەسكەرنىڭ خىللانغان، قورالىنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ قىل.

2340 ئەتىكلىگ، ئاز ئەدگۈ ئۆكۈشتە كۆرۈ،
تەلىم تۈشتى ئارتاق ئۆكۈش سۇ بىلە».
كۆپ (ئەسكەر) گە قارىغاندا، تەرتىپلىك، ئاز (ئەسكەر) ياخشىراق،
نۇرغۇن (ئادەم) كۆپ قوشۇن بىلەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى».

2341 ياغىقا قالى يورتسا سۇ باشلار ئەر،
ياقىن تۇتغۇ ئۆزگە ياغىغ ئىشلەر ئەر.
ئەگەر قوماندان دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتسە،
دۈشمەنگە زەربە بەرگۈچىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇشى كېرەك.

2342 ئادىرغۇ، ئۆدۈرگۈ يەزەك تۇتغاقى،
يىراق تۇتغۇ ساقلاپ كۆزى، قۇلغاقى.
كۆزەتكۈچى (ۋە) چارلىغۇچىلارنى ئايرىپ تاللاپ چىقىش،
كۆز ـ قۇلاقنى سەگەك تۇتۇپ، يىراقنى كۆزىتىش كېرەك.

2343 يەزەك ھەم تەلىم يەتسە تۇتغاق كەتىپ،
ياغىغ باسغۇ بولسا، ئۇرۇنسا قايىپ.
چارلىغۇچىلار بېرىپ كۆپ جېسەكچىگە دۇچ كەلسە،
دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئايلىنىپ ھۇجۇم
قىلىش كېرەك.

2344 سۇسىن ئەتسە ـ ياپسا ما يورتۇغ تۈزۈپ، C126
كەدىن قالماسا ئەر يا ئۆڭدۈن ئوزۇپ.
ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، قوغدىغۇچى (ئەترەت) تۈزۈش كېرەك،
ھېچبىر ئەسكەر ئارقىدا قالمىسۇن، يا ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

2345 تۈشۈن بىلسە، يورتۇغ تۈزە بىلسە كەد،
ئەر ئات تۇتسا ساقچى، ئودۇغ تۇرسا كەد.
قارارگاھنى بىلىشى، قوغدىغۇچى (ئەترەت) نى ياخشى تۈزۈشى كېرەك،
قوشۇندا نۆۋەتچى تۇتۇپ، بەك ھوشيار تۇرۇش كېرەك.

2346 يورىقىن كۈدەزەسە ئەلەم باشلار ئەر،
ئۆڭى تۇرماسا بىر ياغىغ ئىشلەر ئەر.
ئەلەمدار (جەڭ) ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشى كېرەك،
زەربىدار ئەسكەرلەردىن ھېچكىم سىرتتا قالماسلىقى كېرەك.

2347 تۈشۈرسە تويۇغ كەد كۆرۈپ بەرك يەرىگ،
يىراق ئىدماسا، تىدسا، يىغسا ئەرىگ.
(قوشۇننى) چۈشۈرگەندە قارارگاھ (ئۇچۇن) پۇختا جاي تاللاش كېرەك،
ئەسكەرلەرنى توپلاپ، كۆزىتىپ، يىراققا ئەۋەتمەسلىك كېرەك.

B177
2348 ئۇسال بولماسا، بولسا ئارتۇق ئودۇغ،
ئۇسال بولسا تەگرۈر باسىمچى يودۇغ.
(قوماندان) بىخۇد بولماسلىقى، ناھايىتى سەگەك تۇرۇشى كېرەك،
بىخۇد بولسا، دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن تالاپەت كۆرىدۇ.

2349 ياغىقا ياغۇسا يەزەكىن ئالۇ،
تۇشۇرسە تويۇغ، كۆرسە ئوت ـ سۇۋ تالۇ.
چارلىغۇچىلارنى ئېلىپ، دۈشمەنگە يېقىنلىشىش كېرەك،
قارارگاھ قۇرۇشتا ئوت، سۇنى تاللاش كېرەك.

2350 سۇسىن كەد كۈدەزسە، تىل ئىچغىنماسا،
سۇسى ئاز، ئۆكۈشىن ياغى بىلمەسە.
قوشۇننى ياخشى كۆزىتىشى، «تىل» بېرىپ قويماسلىقى كېرەك.
قوشۇننىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى دۈشمەن بىلمىسۇن.

2351 قاتىغلانغۇ ئاشنۇ تىل ئالغۇ كەرەك،
بۇ تىلدىن ياغى قىلقى بىلگۈ كەرەك.
ئالدى بىلەن تىرىشىپ «تىل» تۇتۇش،
بۇ «تىل» ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

2352 ئاڭار تەڭلەسە، ئۆترۈ ئەتسە ئىشىن،
ياغى بوينى يەنچسە، كەتەرسە باشىن.
شۇ (مەلۇماتقا) قاراپ، كېيىنكى ئىشنى بەلگىلەش كېرەككى،
دۈشمەننىڭ بوينى كېسىلسۇن ۋە بېشى يانجىلسۇن.

A88
2353 بۇ ساقلىق بولۇر ھەم ئودۇغلۇق بولۇر،
ياغىدا قايۇسى ساق ئەرسە ئۇنۇر.
مانا بۇ ھوشيارلىق (ۋە) سەگەكلىك بولىدۇ،
جەڭدە كىم سەگەك بولسا، شۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ.

2354 ئودۇغ بەگ سۆزى، كۆر، بۆكە يولچىلىغ،
كۆر، ئارسلان مۇنۇگلى، قىلىچ قامچىلىغ.
سەگەك بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلا: (ئۇ)، ئارسلان مىنىپ
قىلىچىنى قامچە قىلغان ئەجدىھادەك يول باشلىسۇن.

2355 ياغى سانچغۇقا تۇتغۇ ئىككى تولۇم،
بۇ ئىكى تولۇمدىن ياغى يەر ئۆلۈم.

دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىككى قورال بولۇشى كېرەك،
بۇ ئىككى قورالدىن دۈشمەنگە ئۆلۈم يېتىدۇ:

2356 ئەڭ ئاشنۇ ياغىقا كەرەك ھىيلە ـ ئال،
بۇ ھىيلە بىلە قىل ياغى مەڭزى ئال.

ھەممىدىن ئاۋۋال دۈشمەنگە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش كېرەك،
بۇ ھىيلە بىلەن دۈشمەننىڭ يۈزىنى سارغايتىش كېرەك.

2357 ئىكىنچى ـ بۇ ساقلىق، ئودۇغلۇق تۇرۇر،
قايۇسى ساق ئەرسە، ئول ئۈستەڭ بولۇر.

ئىككىنچىسى، ھوشيارلىق ۋە سەگەكلىكتۇركى،
كىم ھوشيار بولسا، شۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

2358 قايۇسى ساق ئەرسە، ياغىدا ئودۇغ،
سەزىكسىز ياغىقا بۇ تەگرۇر يودۇغ.

جەڭدە كىم ھوشيار ۋە سەگەك بولسا،
شۈبھىسىزكى، ئۇ دۈشمەنگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

2359 ياغىڭ سۇ تەلىم، تۇتسا، ئازراق سەنىڭ، C127
توقىشقا ئەۋىنمە، ياراغ كۆر ئانىڭ.

دۈشمەننىڭ قوشۇنى كۆپ، سېنىڭ ئازراق بولسا،
ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىما، ئۇنىڭ تەدبىرىنى كۆر.

2360 ياراشغۇ ياراغى بار ئەرسە، ياراش،
يوق ئەرسە، يارىقلان، بىل، ئالىشىپ كۈرەش.

يارىشىش ئىمكانىيىتى بولسا (ئۇنىڭ بىلەن) ياراش،
بولمىسا ساۋۇت كىيىپ، جەڭ قىلىش لازىم، دەپ بىل.

2361 قاتىغلان، ئۇساندۇر، ئۇسا باس كەچە،
كەچە ئاز، ئۆكۈشۈگ نە بىلگەي ئاچا.

غەيرەت قىل، غەپلەتتە قوي، كېچىسى ئۇخلىغاندا ھۇجۇم قىل،
كېچىدە (ئەسكەرلىڭنىڭ) ئاز ـ كۆپلۈكىنى قانداق بىلەلىسۇن؟

2362 قالى باسغۇقا بۇلماسا سەن يارى،
يالاۋاچ ئىدىپ، سەن بار ـ ئەللەش يورى.

ئەگەر يېڭىشكە ئىمكانىيىتىڭ يار بەرمىسە،
ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تۈز، (ئەپ بولۇپ) يۈر.

B178

2363 تىلىن ئارسىق ئەل بول، كۇدەزگىل ئۆزۇڭ،
توقىشقا ئەۋىنمەگۇ، كەسكىل سۆزۇڭ.
سۆزۇڭ بىلەن ئالداپ ئەل بول، ئۆزۇڭنى قوغدا،
ئۇرۇشقا ئالدىرىماي، سۆزۇڭنى تاماملا.

2364 تاقى بولماز ئەرسە، ياغى ئوغراسا،
توقىشماق تىلەسە، كۆڭۇل بەرمەسە.
بۇنىڭ بىلەنمۇ بولمىسا، دۇشمەن ئەدەپ كەتسە،
ئۇرۇشۇشنى ئىستەپ، (سۇلھىگىمۇ) كۆنمىسە،

2365 ئۇزاتما ئىشىڭ سەن، چەرىك تەر، توقىش،
ئۇلە نەڭ، ئەرىگ ئۆگ، توقىش ئات ئوقىش.
سەن ئىشنى ئۇزارتماي، ئەسكەر توپلاپ سوقۇش،
مال ئۇلەشتۇر، ئەرلەرنى ماختا، نامىنى ئاتاپ ئۇرۇشقا چاقىر.

2366 توقىشىغ ئۇزاتسا، ياغى ئۆگلەنۇر،
ئۆكۇش كۆرسە، ئەرنىڭ كۆزى ئۆگرەنۇر.
ئۇرۇشنى ئۇزارتسا، دۇشمەن ئەقىل تېپىۋالىدۇ،
كۆپنى كۆرگەنسېرى، كىشىنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ.

2367 نەگۇ تەر ئەشتكىل ياغى سانچمىش ئەر،
باشىندا كۇچەرمىش، كۆزۇن كۆرمىش ئەر:
دۇشمەننى مەغلۇپ قىلغان، بېشىدىن ئىش كەچۈرگەن،
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2368 «كۆرۇشمەز ياغىنىڭ كۇسى كەد يىراق،
كۆرۇشسە، باسىنۇر كۆرۇگلى قاراق.
«ئۇچراشمىغان دۇشمەننىڭ داڭقى يىراقتىن بىلىنىدۇ،
ئۇچرىشىپ كۆز كۆرگەندە داڭقى كىچىكلەپ كېتىدۇ.

2369 ياغىقا يالىڭ تەگ، نەڭىڭ ئالماسۇ،
ئۇزاتسا باستىتىڭ، يىتى قىل ئاداق».
دۇشمەنگە يېلىڭ هۇجۇم قىل، مېلىڭنى ئالمىسۇن.
(ئۇرۇشنى) ئۇزارتساڭ مەغلۇپ بولىسەن، ئايىغىڭنى ئىتتىك قىل».

2370 چەرىكدە بىر ئازچا پۇسۇغقا كىگۇر،
ياداغ ئوقچى تۇشرۇپ سەن ئۆڭدۇن يۇگۇر.

ئەسكەرنىڭ بىر قىسمىنى پىستىرمىغا قوي،
پىيادە ئوقچىلارنى باشلاپ ئالدىدا يۇگۇر.

2371 ياغىچى، ئۇرۇڭ، قىرغىل ئەرسىگلەرىگ،
ياغىقا ئالىن قىل، كۆتۈرسۇ چەرىك.

مويسىپىت، جەڭگىۋار باتۇرلارنى تاللاپ چىقىپ،
سەپنىڭ ئالدىغا قوي، ئەسكەرلەرنى باشلاپ ماڭسۇن.

2372 ئۇرۇڭ، قىرغىل ئارتۇق ياغىچى بولۇر،
ياغىچى بولۇر ھەم ياراغچى بولۇر.

يېشى چوڭ، مويسىپىتلار ناھايىتى جەڭگىۋار بولىدۇ،
جەڭنى بىلىدۇ ھەم ياراملىق بولىدۇ.

2373 كىچىگ، قۇر يىگىتلەر بولۇر كەد يىتى، C128
قالى يۇز ئەۋۇرسە، ئۇدىتۇر ئوتى.

ياش ۋە ئاددىي يىگىتلەر ئىتتىكلىك قىلىدۇ،
ئەگەر يۈز ئۆرۈسە، قىزغىنلىقى ئۆچىدۇ.

2374 ئىنانۇر ئەرىگ قىلغىل ئۆڭدۇن، كەدىن،
ئوڭۇڭدىن، سولۇڭدىن بىر ئانچا ئادىن.

ئالدى ـ ئارقاڭغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قوي،
بىر قىسمىنى بولسا ئوڭ ـ سول تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتۇر.

2375 ياغۇسا چەرىككە، ئىلىشسە ئەرى،
تۇشىنچا تەگىشگۇ، كەمىشسە ئۇرى.

ئەسكەرلەر يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلەشكەندە،
ئۇچرىغىنىنى تۇتۇپ، چۇقان سېلىش كېرەك.

2376 ئەڭ ئاشنۇ يىراقتىن تەگىشگۇ ئوقۇن،
ياغۇسا سۇڭۇن تەگكۇ، بەرسە بويۇن.

ئالدى بىلەن يىراقتا تۇرۇپ، ئوق بىلەن سوقۇشۇش كېرەك،
يېقىنلاشقاندا، نەيزە بىلەن تېگىپ، بويسۇندۇرۇش كېرەك.

2377 قاتىلسا قىلىچ، بالدۇ بىرلە تەگىش،
تىشىن، تىرڭاقىن تەگ، ياقا تۇت ئىلىش.

ئارىلىشىپ كەتكەندە قىلىچ ـ پالتا بىلەن ئۇرۇشقىن،
چىشلەڭ بىلەن (چىشلە)، تىرنىقىڭ بىلەن تاتىلا، ياقىلاش.

B179

2378 تىرەن ئارقا بەرمە ياغىقا بولۇپ،
ياغىغ سانچ، يوق ئەرسە، ئۇرۇش، يات ئۆلۇپ.
تىركىشىپ، دۇشمەنگە ئارقا تەرىپىڭنى بېرىپ قويما،
دۇشمەننى يوقات، يا بولمىسا، ئۇرۇشۇپ ئۆل.

2379 نەگۇ تەر ئەشىتكىل قارىشغان كۇر ئەر:
سەرىنگىل، سەرىنگەن ياغىسىن ئۇرار.
(دۇشمەن بىلەن) ئېلىشقان، جەسۇر ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
«چىداملىق بول، چىداملىق بولغان (ئەر) دۇشمىنىنى يېڭەلەيدۇ.»

2380 «كەلىن، قىز سەۋىنچى كۇدەن تۇنلەرى،
كۇر، ئالىپ ئەر كۇۋەنچى چەرىك كۇنلەرى.
«كېلىن ـ قىزنىڭ شادلىقى توي تۇنىدە،
جەسۇر ئەرنىڭ شادلىقى جەڭ كۇنىدە بولىدۇ.

2381 كۇۋەز، ئالىپ سەكىرتىپ چەرىك سۇرسە پات،
لاچىن قۇش قوۋارتەك تۆكەر قانلارى».
مەغرۇر، قەھرىمان قوشۇننى تېز (ئالغا) سۇرىدۇ،
لاچىن قۇشنى قوغلىغاندەك (دۇشمەن) قېنىنى تۆكىدۇ».

2382 ياغى كۆرسە ئالىپ ئەر كۆپىرتۇر ئىزىگ،
بۇ قارشۇر، ئادىنلارقا تەگمەز كەزىك.
باتۇر جەڭچى دۇشمەننى كۆرۈش بىلەن چاڭ ـ توزان كۆتۈرىدۇ،
ئۇ (ئۆزى) ئۇرۇشۇپ، باشقىلارغا نۆۋەت بەرمەيدۇ.

2383 چەرىك كۆرسە ئالىپ ئەر، كۆر، ئارسلان بولۇر،
سەكىرتۇر، يا ئۆلدرۇر، يا ئۇرشۇ ئۆلۇر.
باتۇر ئەر جەڭ كۆرسە، ئارسلاندەك بولىدۇ،
(ئات) ئوينىتىپ دۇشمەننى ئۆلتۇرىدۇ يا ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ.

2384 ياغى كۆرسە ئالىپ ئەر، قىزارتۇر مەڭىز،
قارىشسا، بودۇلۇر قىزىل ھەم ياغىز.
باتۇر ئەر دۇشمەننى كۆرسە، چىرايى ئېچىلىدۇ،
تۇتۇشقاندا توپىغا مىلىنىپ، قىزىل قانغا بويىلىدۇ.

2385 ئات، ئۇستەم، يارىقلار بولۇر قىپ قىزىل،
قىزىل قىزغۇ ئەڭلەر بولۇر ياپ ياشىل.

ئات، ئېگەر ـ جابدۇقلار، ساۋۇتلار قىپقىزىل بولۇپ كېتىدۇ،
(قىپقىزىل) قىزارغان يۈزلەر كۆكىرىپ كېتىدۇ.

2386 ياغى ئات كەمىشسە، ساڭا ئۇغراسا،
سەرىن، ئارقا بەرمە، ساچىلسا باسا.

دۈشمەن ئات چاپتۇرۇپ، ئۈستۈڭگە بېسىپ كەلسە،
چىدام كۆرسەت، چېكىنمە، كېيىن (ئۆزلىرى) تارقاپ كېتىدۇ.

2387 ياغى تەپرەسە، سەن ئۇدۇ تەپرەگىل،
ئەتە ئۇد، ئاداقىن يورى، تۇرماغىل.

دۈشمەن ھەرىكەت قىلسا، ئىزىدىن سەنمۇ ھەرىكەت قىل،
تەييارلىنىپ ئىزىدىن قوغلا، (قاراپ) تۇرما.

A89 2388 قالى قاچسا سەندىن ياغى تۇرماسا،
ئەرىگ يەتگۈ، تۇتغۇ بولۇن، تۇتماسا،

ئەگەر دۈشمەن (قارشى) تۇرماي سەندىن قاچسا،
قوغلاپ بېرىپ (ئەسىر) تۇت، (ئەسىر) تۇتالمىساڭ،

C129 2389 ياغى سانچمىش ئەرسىگ ئەرەن بولنۇقۇپ،
يانا ئەۋرە سانچتى ياغىسىن ئۆلۈپ.

دۈشمەننى يەڭگەن جەسۇر جەڭچىلەر (نىڭ سېپى) قالايمىقان بولغاندا،
دۈشمەن قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ قىلىدۇ.

2390 ياغى قاچسا، تاپ قىل، ئەدەرمە يىراق،
قالى ياندرۇ يانسا، قاچۇماز ئاداق.

دۈشمەن قاچسا، بەس قىل، يىراقىقا قوغلاپ بارما،
ئەگەر دۈشمەن ئارقىغا يانسا، قاچالماي قالىسەن.

2391 مۇڭۇقسا ياغى يۈز ئۆلۈمكە ئۇرۇر،
ئۆلۈمكە يۈز ئۇرسا كىم ئۇترۇ تۇرۇر.

دۈشمەن ئۈمىدسىزلەنسە، ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ،
ئۆلۈمگە جان تىكىپ قويغانغا كىم قارشى تۇرالىسۇن؟

B180 2392 بۇ يەردە ئۆزۈڭنى كۈدەزگىل ئوغۇل،
كۈدەزگىل، يوق ئەرسە ئۆزۈڭدىن تۆڭۈل.

ئەي ئوغۇل، بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى قوغدا،
قوغدىيالمىساڭ، ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ.

2393 ئۇسال بولسا ئەر، كۆر، يوربردا ئۆلۇر،
ئۇسال بولماسا ئەر تىلەكىن بۇلۇر.
قارا، كىشى بىخۇد بولسا، كېتىۋېتىپمۇ ئۆلىدۇ،
كىشى بىخۇد بولمىسا، تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

2394 ماڭا مۇنداغ ئايدى سىنامىش كىشى،
سىنامىش كىشىلەر سۆزى سۆز باشى.
سىنىغان كىشى ماڭا مۇنداق دېدى،
سىنىغان كىشىلەرنىڭ سۆزى سۆزنىڭ بېشىدۇر:

2395 ياغى قاچسا تاپ قىل، ئەدەرمە ئۇدۇ،
ئەدەرتچى يەدى، كۆرسە بەرگە تودۇ.
دۈشمەن قاچسا، بەس قىل، ئىزىدىن قوغلىما،
بىلسەڭ، قوغلىغۇچى تويغۇچە قامچا يەيدۇ.

2396 ياغىغ بىر ساچىتسا، يانا تىرلۇمەز،
ئوتۇغ سۇۋ ئۇدىتسا، يانا تىرلۇمەز.
دۈشمەن بىر تارقىتىۋېتىلسە، قايتا توپلىنالمايدۇ،
ئوتنى سۇ ئۆچۈرسە، قايتا يانالمايدۇ.

2397 مۇڭۇقمىش كىشىلەر ئۆلۈمۈگ قولۇر،
ئۆلۈمۈگ قولۇغلى ئەر ئۆلدرۇ ئۆلۇر.
ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىلەر ئۆلۈشنى خالايدۇ،
ئۆلۈمنى خالىغان كىشى، (ئاۋۋال) ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆلىدۇ.

2398 كىم ئىش قىلسا، تەركىن ئاڭار بەرگۇ نەڭ،
ئۇش ئول نەڭ بىلە ئەر قىزىل قىلسا ئەڭ.
كىم (ئەرزىگۇدەك) ئىش قىلسا، دەرھال ئۇنىڭغا مال بېرىش
(مۇكاپاتلاش) كېرەك، شۇ مۇكاپات بىلەن ئۇ خۇشاللانسۇن.

2399 كىم ئەر تۇتسا، ئۆگگۇ، ئاچىنغۇ كەرەك،
ئول ئاچىغ بىلە ئەر ئۇرۇنسا يۇرەك.
كىم ئەسىر ئالسا، ئۇنى ماختاش، ئىنئام بېرىش كېرەككى،
شۇ ئىنئام نەتىجىسىدە ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلسۇن.

2400 ياۋۇز ئۆگدى بۇلسا ئەدى كەد بولۇر،
كەدىگ ئۆگسە كەندۇ قاچان كىن قالۇر.

يامان ماختاشقا ئېرىشسە، بەك ياخشى بولىدۇ،
ياخشىنى ماختىساڭ ئۇنىڭدىن كېيىن قالامدۇ؟

2401 ئەرىگ ئۆگسە ئەلگىن، كۆر، ئارسلان تۇتار،
ئاتىغ ئۆگسە يۇگرۇر، ئۇچارىغ يەتەر.
ئەرنى ماختىساڭ (قۇرۇق) قول بىلەن ئارسلان تۇتىدۇ،
ئاتنى ماختىساڭ يۇگۇرۇپ، ئۇچار قاناتلارغا يېتىدۇ.

2402 بالىقمىش بار ئەرسە سەن ئەملەت ـ كۆرۇ،
بولۇن بولمىش ئەرسە، يۇلۇپ ئول كىرۇ.
يارىلانغانلار بولسا، داۋالات، قارا،
ئەسىر چۈشكەنلەر بولسا، قۇتۇلدۇر، قايتۇرۇپ كەل.

2403 قالى ئۆلمىش ئەرسە، ئاغىرلاپ كۆتۈر،
ئوغۇل ـ قىز بار ئەرسە، ئاڭار ھەق يەتۈر.
ئەگەر ئۆلگەنلەر بولسا، قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈر،
ئوغۇل ـ قىزلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرگىن.

2404 ئەر ـ ئات كۆرسە، ئۆترۇ سەۋىنچلىگ بولۇر،
ياغى ئوغرى بولسا سەۋۈگ جان بەرۇر.
ئەسكەرلەر بۇنى كۆرسە، سۆيۈنىدۇ،
جەڭ پەيتىدە سۆيۈملۈك جېنىنى بېرىدۇ.

2405 ئىسىگ سۆز، كۆلەر يۈز بىلە بەرگۈ نەڭ،
بۇ ئۈچ نەڭ كىشىگە بولۇر ئەدگۇ ياڭ.
شېرىن سۆز، خۇش چىراي بىلەن (ئۇلارغا) مال بېرىش كېرەك،
بۇ ئۈچ نەرسە كىشى ئۈچۈن ياخشى ئادەتتۇر.

2406 بوش ـ ئازاد كىشىلەر مۇڭار قۇل بولۇر،
بۇ قۇل جان يۇلۇغلار، سەۋىنچىن قولۇر.
ئەركىن ـ ئازاد كىشىلەر (مۇ) بۇنىڭغا قۇل بولىدۇ،
ئۇ جېنىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە سېنى خۇشال قىلىدۇ.

2407 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ سۆز، ئاي بۆگۈ،
كۆرۇ بارسا يەترۇ، چىن ئايمىش تەگۈ:
ئەي دانا، مانا بۇ سۆز شۇنىڭغا ئوخشىتىلغانكى،
ياخشى دىققەت قىلساڭ، (ئۇنى) توغرا ئېيتىلغان دەيسەن:

2408 «كۆلەر يۈز، ئىسىگ سۆز ئۆلە نەڭ تاۋار،
بوش ـ ئازاد كىشىلەر بۆ ئۈچكە ئاۋار.
«خۇش چىراي، شېرىن سۆز (بولسا)، مال ـ دۇنيا بېرىلسە،
ئۇ ئۈچ نەرسە ئەتراپىغا ئەركىن كىشىلەرمۇ توپلىنىدۇ.
2409 سەن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىرلە ئالما قۇلۇغ،
بۆ ئۈچ نەڭ يۇلۇغ قىل، قامۇغنى ياۋار».
ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قۇل (سېتىپ) ئېلىشنىڭ هاجىتى يوق،
بۇ ئۈچ نەرسىنى قۇربان قىلساڭ، ھەممىنى جەلپ قىلىسەن».
2410 سۇ باشلار كىشى بولسا مۇنداغ كەرەك،
ئانىن باشلاسا سۇ بولۇر ئەدگۇرەك.
قوشۇن قوماندانى (ئەنە) شۇنداق بولۇشى كېرەك،
ئاندىن، قوشۇنغا باشچىلىق قىلسا، بەك ياخشى بولىدۇ.
2411 سەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئۆلەگىل نەڭىڭ،
يۇلۇغ قىلغا جانىن ساۋ ئالتۇن تەڭىڭ.
سەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنى، ماللىرىڭنى ئۈلەشتۈر،
ئالتۇنلىرىڭنىڭ بەدىلىگە، (ھەركىم) جېنىنى قۇربان قىلىدۇ.
2412 بۆ ئۈچ نەڭگە بولۇر تاپۇغچى قۇلى،
مۇنى تۇتسا بەگلەر قامۇغ نەڭ ئۇلى.
خىزمەتچى بۇ ئۈچ نەرسىگە قۇل بولىدۇ،
بەگلەر (شۇنداق يول) تۇتسا، ھەممە مال ـ دۇنيانىڭ ئۇلى بولىدۇ.
2413 بۆ ياڭلىغ سۇ باشچى بۇلۇر ئەرسە، بەگ
ئىشى باشقا بارغاي، كۆۋەنچ بولغۇتەك.
بەگ مۇشۇنداق قوشۇن قوماندانىغا ئىگە بولسا،
مەغرۇر ھالدا، ئىشىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ.
2414 بۆ ياڭلىغ بولۇر ئەرسە سۇ باشلار ئەر،
ئىشى بارچا ئەتلىپ كۆۋەنچكە تەگەر.
قوشۇن قوماندانى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا،
(بەگنىڭ) ئىشى روناق تېپىپ، شادلىققا يېتىدۇ.
2415 ياراغلىغ ۋەزىر قولسا ئانداغ كەرەك،
سۇ باشچى تىلەر ئەرسە مۇنداغ كەرەك.

يارامـلىق بىر ۋەزىرنى تەلەپ قىلساڭ، ئەنە شۇندىقى كېرەك،
قوشۇن قوماندانىنى خالىساڭ، مانا بۇندىقى كېرەك.

2416 ئاڭار ئۆترۇ بەگلەر ئىنانسا بولۇر،
تىلەمىش تىلەكىن بەگ ئاندىن بۇلۇر.

شۇنداق بولغاندىلا بەگلەر ئۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ،
ئاندىن بەگ تىلىگەن تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

*　　*　　*

2417 يانا ئايدى ئۆگدۈلمىش، ئەلىگ قۇتى، A 90
ئىكى ئىش بەدۈك ئىش - ئۇلۇغلۇق ئاتى.

ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
(بۇ) ئىككى ئىش بۈيۈك ئىشتۇر ۋە نامىمۇ ئۇلۇغدۇر.

2418 ۋەزىر بىر، ئىكىنچى - سۇ باشلار ئەلەم،
بىرى قىلىچ تۇتتى، بىرى قەلەم.

بىرى — ۋەزىر، ئىككىنچىسى — قوشۇن قوماندانى،
بىرى قىلىچ تۇتسا، بىرسى قەلەم تۇتىدۇ.

2419 بۇ ئەل باغى ئۆركى بۇ ئىككى تۇزەر،
بۇ ئىككى بىرىكسە ئانى كىم ئۇزەر.

ئەلنىڭ تىزگىنىنى بۇ ئىككىسى تۇتىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، ئۇنى كىم بۇزالايدۇ.

2420 ئەدى ئارتۇق ئۆدرۈم كەرەك بۇ كىشى،
قالى ئۆزنەسە بەگكە ئەلتۇر باشى.

بۇلار بەك خىللانغان كىشىلەر بولۇشى كېرەك،
ئەگەر بەگكە بويۇن تولغىسا، بېشى كېتىدۇ.

2421 تۇسۇلسا ئەدى ئۆك تۇسۇسى ئۆكۈش،
قالى ئۆزنەسە ياسى ئەل - كەند ئۇلۇش.

مەنپەئەت يەتكۈزسە، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.
ئەگەر بويۇن تولغىسا، ئەل - يۇرتقا زىيىنى تېگىدۇ.

2422 بەگى بولسا ئەدگۇ، كىشى ئۆدرۈمى،
بۇ ئىككى تاپۇغچى بودۇن كۆدرۈمى.
بەگ ياخشى، خىللانغان كىشى بولسا،
ئىككى خىزمەتكارىمۇ خەلقنىڭ سەرخىلى بولسا،
2423 بۇلاردىن بولۇر ئۆترۈ ئەلگە ئاسىغ، B182
بۇ ئاسىغى بىلە ئۆترۈ بەگكە تاتىغ.
شۇندىلا بۇلاردىن ئەلگە پايدا تېگىدۇ،
بۇ پايدا بىلەن ئاندىن بەگكىمۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كېلىدۇ.
2424 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، كۆر ئەلچى بۆگۈ،
بۆگۈ سۆزلەرىن بۇلسا ئاشتەك يەگۈ:
ئەل باشقۇرغان دانىشمەن نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دانىشمەن سۆزلىرىگە ئېرىشسەڭ، ئۇنى ئاش ـ تاماق دەپ بىل.
2425 قىلىچ بىرلە ئالدى، كۆر، ئەل ئالغۇچى،
قەلەم بىرلە باستى ئول ئەل باسغۇچى.
ئەلنى ئالغۇچىلار ئۇنى قىلىچ بىلەن ئالدى،
ئەلنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۇنى قەلەم بىلەن تۇتۇپ تۇردى.
2426 قىلىچ بىرلە ئالسا بولۇر تەرك ئەلىگ،
قەلەم بولماغىنچا باسۇماز ئەلىگ.
قىلىچ بىلەن ئەلنى تېز ئالغىلى بولىدۇ،
قەلەم بولمىسا، ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ.
2427 قىلىچ بىرلە ئالسا قايۇ ئەل كۈچۈن،
ئانى سۇرسە بولماز ئۆكۈش يىل ئۆچۈن.
ھەرقانداق بىر ئەل قىلىچ ۋە كۈچ بىلەن ئېلىنسىمۇ،
ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۇزۇن يىل سورىغىلى بولمايدۇ.
2428 قەلەم بىرلە تۇتسا قايۇ كەند ـ ئۇلۇش،
تىلەك تەگرۈر ئاندا تۆزۈكە ئۇلۇش.
قايسىبىر شەھەر ـ كەنت قەلەم بىلەن باشقۇرۇلسا،
ئۇ يەردە ھەركىم تىلىگەن ئۇلۇشنى تاپىدۇ.

*   *   *

2429 بۇ ئەردى، ئاي ئەلىگ، ئۆزۈم بىلمىشى،
مۇنۇقى ئۆتۈندۈم ئايىتمىش تۇشى.
ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇ ئىدى،
سورىغىنىڭغا يارىشا ئېيتىپ بەردىم.

ئەلىگ سوئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2430 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم مۇنى بەلگۈلۈگ،
تاقى بىر سۆزۈم بار ئانى ئاي كۈلۈگ.
ئەلىگ دېدى: بۇنى ئېنىق چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن، ئەي شۆھرەتلىك.

2431 ماڭا سۆزلە ئەمدى كۆرۈپ ئەدگۈرەك،
ئۇلۇغ ھاجىبىغ ئاي، نەتەك ئەر كەرەك.
ئەمدى ماڭا ياخشىراق (ئويلاپ)، سۆزلەپ بەرگىن،
ئۇلۇغ ھاجىپ قانداق ئادەم بولۇشى كېرەك؟

2432 ھاجىبلار ئۇزەلە بۇ بولسا ئۇلۇغ،
باغىرساقلىقىن قىلسا جانىن يۇلۇغ.
ئۇ ھاجىپلارنىڭ ئۇلۇغى بولسۇن،
ساداقەت بىلەن (بەگكە) جېنىنى پىدا قىلىدىغان بولسۇن.

2433 كۈۋەنسە بەگى ھەم ئۆزى ھەم ئەلى، C132
ئولارقا دۇئا قىلسا بودنى تىلى.
بېگىمۇ، ئېلىمۇ ھەم ئۆزىمۇ مەمنۇن بولسۇن،
ئۇلارغا خەلق دۇئا قىلىدىغان بولسۇن.

*   *   *

2434 ئەلىگ ئايدى سۆزلە يەمە بۇ سۆزۈگ،
مۇنىما ئايۇ بەر، يارۇت بۇ كۆزۈگ.
ئەلىگ ئېيتتى: بۇلارنىمۇ سۆزلىگىن،
بۇنىمۇ ئېيتىپ بەر، كۆزۈمنى روشەن قىل.

31

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئۇلۇغ ھاجىبلىقنا نەگۈتەك ئەر كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئۇلۇغ ھاجىپلىقنا قانداق ئادەم كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2435 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئاچتى تىلىن،
ئايۇر: ئىنچ تىرىلسۇ ئەلىگ مىڭ يىلىن.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز ئاچتى:
ئەلىگ ئۇزۇن يىل ھالاۋەتتە ياشىسۇن، دېدى.

2436 ئۇلۇغ ھاجىب ئارتۇق پۇتۇن، چىن كەرەك،
بۇ چىنلىق بىلە كەد پۇتۇن دىن كەرەك.
ئۇلۇغ ھاجىپ ئىنتايىن ئىشەنچلىك، چىن بولۇشى كېرەك،
چىنلىق بىلەن يەنە دىنى كامىل بولۇشى كېرەك.

2437 تۇپ ئەسلى كەرەك ئەدگۇ، قىلقى ئوڭاي، B183
تۇسۇلسا بودۇنقا، توغۇرسا كۇن ـ ئاي.
ئەسلى نەسەبى ياخشى ۋە مىجەزى مۇلايىم بولۇشى لازىمكى،
ئۇ خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، يورۇقلۇقتا چىقارسۇن.

2438 تۇپى ئەدگۇ بولسا ئەر ئەدگۇ بولۇر،
بۇ ئەدگۇ كىشى خەلققا ئەدگۇ قولۇر.
تېگى ـ تەكتى ياخشى بولسا، كىشى ياخشى بولىدۇ،
ياخشى ئادەم خەلققىمۇ ياخشىلىق تىلەيدۇ.

2439 كىشى ئەدگۇسىندىن كەلىر ئەدگۇلۇك،
يەگۇ، ئىچگۇ، مىنگۇ تاقى كەدگۇلۇك.
ياخشى كىشىدىن ياخشىلىق،
يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئات ـ ئۇلاغ كېلىدۇ.

2440 قىلىنچى ئوڭاي بولسا، تەڭلەر سۆزئۆك،
سۆزۇگ تەڭلەر ئەرنىڭ ئىشى كەد سۇزۇگ.

مىجەزى مۇلايىم بولسا، دەڭسەپ سۆزلەيدۇ،
دەڭسەپ سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ ئىشلىرى قۇسۇرسىز بولىدۇ.

2441 كۆزى توق كەرەك ھەم ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ،
تەتىكلىك كەرەك ھەم تۇمەن تۇ بىلىك.

(خاس ھاجىپ) كۆزى توق، ھايالىق ۋە خۇش پېئىل بولۇشى،
زېرەك ھەم ھەر خىل بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

2442 كۆزى توق كىشى ئىشتە ئالماز ئورۇنچ،
ئورۇنچ ئالسا ھاجىب، بولۇر بەگ كۇلۇنچ.

كۆزى توق كىشى ئىشتا پارا ئالمايدۇ،
ھاجىپ پارا ئالسا، بەگ كۇلكىگە قالىدۇ.

2443 ئورۇنچ ئول بۇزۇغلى ئوڭۇلمىش ئىشىگ،
ئورۇنچ يىگ قىلۇر ئول پۇتۇرمىش ئىشىگ.

پارا — ئوڭۇشلۇق ئىشنى بۇزىدۇ،
پارا — پىشقان ئىشنى خېمىغا ياندۇرىدۇ.

2444 ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ بولسا قىلقى تۇزۇن،
كەلىر ئاندىن ئەدگۇ قىلىنچىن، سۆزۇن.

ھايالىق، خۇش پېئىل ۋە مىجەزى توغرا بولسا،
ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۆزىدىن ياخشىلىقلار كېلىدۇ.

2445 ئۇۋۇتلۇغ كىشى قىلماز ئەسىز ئىشىگ، C133
ياراغسىزقا ياقماز، بۇ سەرمەز كىشىگ.

ھايالىق كىشى يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ،
يارىماسلارغا يېقىنلاشمايدۇ، كىشىگە قوپاللىق قىلمايدۇ.

2446 سىلىگ ئەرگە دەۋلەت سىڭىملىگ بولۇر، A91
سىلىگ بولسا قۇتقا تەگىملىگ بولۇر.

سىلىق ـ خۇش پېئىل كىشىگە دۆلەت يارىشىدۇ،
سىلىق بولسا، بەختكە لايىق بولىدۇ.

2447 تەتىك بولسا مالقا مۇڭادماز بولۇر،
بىلىك بىلسە ئىشتە ياڭىلماز بولۇر.

زېرەك بولسا، مالغا موھتاج (ھېرىس) بولمايدۇ،
بىلىم بىلسە، ئىشتا يېڭىلمەيدىغان بولىدۇ.

2448 يەمە ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بەدۈك،
بىلىكلىگكە تەگدى ئۆز ئۈلگى كەدئۆك.
بىلىملىك، بۈيۈك (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان:
بىلىملىك (كىشى) ئۆز نېسىۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالايدۇ.

2449 بىلىكلىگ كەرەك قىلسا بەگلەر ئىشى،
قامۇغقا ياراماز بىلىكسىز كىشى.
بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن بىلىملىك بولۇش كېرەك،
بىلىمسىز كىشى ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدۇ.

2450 بىلىك تەگمەسە كىمگە ئەرسە ئۈلۈگ،
تىرىگ تەسە بولماز، ئانى تۇت ئۆلۈگ.
كىمگە بىلىمدىن ئۈلۈش تەگمىگەن بولسا،
ئۇنى تىرىك دېمەي، ئۆلۈك ھېسابلا.

2451 بىلىك بىرلە يالڭۇق بەدۈپ - چاۋلانۇر،
كىشىلەردە ئۈستەر، قامۇغ ئىش ئۆنۇر.
ئىنسان بىلىم بىلەن يۈكسىلىپ، شۆھرەت تاپىدۇ،
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئورۇنلىيالايدۇ.

2452 بىلىكسىز كىشى ئول قۇرۇغ سىر - بەدىز، B184
بىلىكلىگ كىشى ئورنى كۆكتە ئەدىز.
بىلىمسىز كىشى قۇرۇق سۆلەت - رەسىمدۇر،
بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆكتىنمۇ ئېگىزدۇر.

2453 ئۇقۇشلۇغ كەرەك ئىشتە، ئارتۇق ئودۇغ،
ئودۇغلۇغ بىلە ئىشتە تۇتنۇر بودۇغ.
(ھاجىپ) ئىشتا ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
(كىشى) سەگەكلىك بىلەن ئىشقا رەڭ بېرەلەيدۇ.

2454 ئۇقۇش بولسا ئاسغى ئەدى ئۆك ئۆكۈش،
قامۇغ ئەدگۈلۈك ئۈلگى ئول بۇ ئۇقۇش.
ئەقىلنىڭ پايدىسى بەكمۇ كۆپ،
كۆپ ياخشىلىقلاردا ئەقىلنىڭ ئۈلۈشى بار.

2455 ئۇقۇشسۇز كىشى ئول يەمىشسىز يىغاچ،
يەمىشسىز يىغاچىغ نەگۇ قىلسۇن ئاچ.

ئەقىلسىز كىشى ئۇ مېۋىسىز دەرەختۇر،
ئاچ ئادەم مېۋىسىز دەرەخنى نېمە قىلسۇن!

2456 ئۇقۇشلۇغ يەسە يەر ئىكىگۈن ئاژۇن،
ئۇقۇشلۇغ ئاتانۇر ئاتانسا تۇزۇن.
ئەقىللىك كىشى ئېرىشمەن دېسە، ئىككىلا دۇنياغا ئېرىشەلەيدۇ،
ئېسىل ئاتالسا، ئەقىللىك ئادەم ئاتىلىدۇ.

2457 ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ كىشى ئول كىشى،
كىشىدە تالۇسى، بودۇندا باشى.
ئەقىللىك، بىلىملىك كىشى شۇنداق كىشىكى،
ئۇ كىشىلەرنىڭ سەرخىلى، خەلقنىڭ ئالدىدۇر.

2458 يۈزى كۆركى كۆركلۈگ كەرەك ھەم يۈلۈگ،
توغان ئەرسىگ ئۈنلۈگ، سۆزى بەلگۈلۈگ.
(ھاجىپنىڭ) ھۆسنى ـ چىرايى كۆركەم، چاچ ـ ساقىلى رەتلىك،
ئاۋازى يېقىملىق ۋە جاراڭلىق، سۆزلىرى ئېنىق بولۇشى كېرەك.

2459 سەۋىتۇر يۈزى كۆركى كۆركلۈگلۈكى،
ياراشۇر كىرىپ ـ چىقسا ئەرسىگلىكى.
چىراي ـ شەكلىنىڭ كۆركەملىكى (كىشىلەرنى) سۆيۈندۈرىدۇ،
كىرىپ ـ چىقسا مەردانىلىقى ئۆزىگە يارىشىدۇ.

2460 يۈلۈگ، ئەرسىگ ئەرنىڭ بولۇر ھەشمەتى، C134
بۇ ھەشمەت بىلە ئول كىشى ھۇرمەتى.
چاچ ـ ساقىلى ياسالغان، مەردانە كىشىنىڭ سالاپىتى بولىدۇ،
بۇ سالاپەت كىشى ئۈچۈن ھۆرمەتتۇر.

2461 ساقىنۇق كەرەك دىن ئىدىسى، ئارىغ،
ئارىغ بولسا قىلقى ـ قىلىنچى ئارىغ.
(ھاجىپ) تەقۋادار، دىندار، پاك بولۇشى كېرەك،
تەبىئىتى پاك بولسا، ھەرىكىتىمۇ پاك بولىدۇ.

2462 ساقىنۇق، ئارىغ، دىن ئىدىسى كىشى،
ئەرىنمەز، قىلۇر بارچا يالڭۇق ئىشى.
تەقۋادار، پاك دىندار كىشى،
كىشىلەرنىڭ بارچە ئىشىنى ئېرىنمەي قىلىدۇ.

2463 ساقىنۇق كىشى يەر كىشى قادغۇسى،
ساقىنۇق كىشى ئول كىشى ئەدگۈسى.
تەقۋادار كىشى باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى قىلىدۇ،
تەقۋادار كىشى كىشىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.

2464 يۇز ئۇترۇ بولۇر تۇتچى ھاجىب ئۆزى،
كۆرۈر كۆزگە كۆركلۈگ كەرەك ئول يۇزى.
ھاجىپ دائىم (باشقىلارنىڭ) كۆز ئالدىدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇنىڭ يۈزى كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈشى كېرەك.

2465 بۇ كۆركلۈگ يۇزۇگ كۆرسە يۇز سۇۋۋلانۇر،
كۆڭۈل ئاچلۇر، ئاندا بۇ جان يەملەنۇر.
بۇ كۆركەم يۈزنى كۆرسە، چىرايلار سۆيۈنىدۇ،
كۆڭۈل ئېچىلىدۇ، جان ئوزۇقلىنىدۇ.

2466 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايتۇر ئەمدى بىلىك،
بىلىكلىگ سۆزى تۇت، ئاي قىلقى سىلىگ.
بىلىملىك (كىشى) بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنداق دەيدۇ،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى تۇت، ئەي خۇش پېئىل (كىشى):

2467 «ئەدى ئەدگۇ نەڭ بۇ كىشى كۆركى يۇز، B185
بۇ يۇز كۆركىڭە سۇۋ ئىچەر ئىككى كۆز.
«كىشى چىرايىنىڭ كۆركەم بولۇشى بەك ياخشى بىر ھالدۇر،
چىرايىنىڭ كۆركەملىكىدىن ئىككى كۆز سۇ ئىچىدۇ.

2468 قۇپا كۆركلۈگۈگ كۆر، قىلىن ئۆزكە فال،
ئىشىڭ ئەدگۇ بولغاي، قامۇغ سۆزنى ئۇز».
بۇغداي ئۆڭ گۈزەلگە باق ۋە ئۇنى تەلەي دەپ بىل،
ئىشىڭ ياخشى بولىدۇ، كۆپ سۆزنى قوي».

2469 كۆڭۈللۈگ كەرەك ھەم كەد ئۆگلۈگ كەرەك،
ئامۇل بولسا قىلقى، تاقى ئەدگۈرەك.
(ھاجىپ) ئەس ـ ھوشلۇق، بەك ئەقىللىك بولۇشى كېرەك،
مىجەزى ئېغىر ـ بېسىق بولسا، تېخىمۇ ياخشى.

2470 كۆڭۈللۈگ كىشى سۆز ئۇنىتماز بولۇر،
كۆڭۈلسۈز سۆزۈگ كەد تۇتۇماز بولۇر.

ئەس ـ ھوشلۇق كىشى سۆزنى ئۇنتۇمايدۇ،
ئەس ـ ھوشى بولمىسا سۆزىدە تۇرالمايدۇ.

2471 كۆڭۈل بولماسا ئەر كۆرۈمەز ئىشىگ،
ئۆگى بولماسا ئەر ئەتۈمەز ئىشىگ.

ئەس ـ ھوشى بولمىسا، كىشى دوست تاللىيالمايدۇ،
ئەقلى بولمىسا، كىشى ئىشنى روناق تاپقۇزالمايدۇ.

2472 كۆڭۈلسۈز كىشىلەر قۇرۇغ كەپ بولۇر،
كۆڭۈل بىرلە يالڭۇق قامۇغ ئىش قىلۇر.

ئەس ـ ھوشى يوق كىشىلەر قۇرۇق جازىغا ئوخشايدۇ،
كۆڭۈل قويسا، ئىنسان كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

2473 ئۆگى كەد كەرەك، كۆڭلى ئالچاق، ئامۇل،
چىغاي تۇل يەتىمگە باغىرساق كۆڭۈل.

(ھاجىپ) بەك ئەقىللىك، كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى،
كەمبەغەل، تۇل، يېتىملارغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك.

2474 تەتىكلىك كەرەك ھەم تۆرۈ كەد بىلىر،
ئاژۇن كۆركى بارچا تەتىكدىن كەلىر.

زېرەك بولۇشى ۋە قانۇننى پۇختا بىلىشى كېرەك،
دۇنيانىڭ بارلىق زىننىتى زېرەكلىكتىن كېلىدۇ.

2475 كۆڭۈل قودقى بولسا، قامۇغقا كىچىگ،
تىلى بولسا يۇمشاق، شەكەردە سۈچىگ.

كۆڭلى كەمتەر بولسۇن، ھەممىگە كىچىك پېئىل بولسۇن،
تىلى يۇمشاق، شېكەردىن شېرىن بولسۇن.

2476 يارۇق تۇتسا يۈز، كۆز كىشىگە كۈلە، C135
قىلىنچ ئەدگۈ تۇتسا كىشىلىك بىلە.

كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ مۇئامىلە قىلسۇن،
ياخشى ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن ئادەمگەرچىلىكنى ئادا قىلسۇن.

2477 نەگۈ تەر ئەشىتكىل كىشى ئالچاقى: A92
كۆڭۈل، تىل كىچىگ تۇت، ئاي ئەر قىۋچاقى.

كەمتەر ئادەم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەي بەختىسىز، كۆڭلۈڭنى، تىلىڭنى كىچىك تۇت:

2478 كۆڭۈل قودقى تۇتسا، بۇلۇر قۇت ئەرىگ،
كۈلەر يۈز، ئىسىگ سۆزگە تىرلۇر تىرىگ.
كۆڭۈلنى كەمتەر تۇتسا، كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ،
كۈلگەن چىراي، شېرىن سۆز ـ ھەممە كىشىنى (ئەتراپىغا) توپلايدۇ.

2479 كۈلەر يۈز ئىسىگ سۆزگە يالڭۇق ئىسىر،
ئىسىنسا بۇ يالڭۇق بولۇر قۇل ـ ئەسىر.
خۇش چىراي، شېرىن سۆز بىلەن ئىنسان قەلبى ئىسسىيدۇ،
(ھەرقانداق) كىشى قەلبى ئىسسىنسا، ئىسسىتقۇچىغا ئەسىر بولىدۇ.

2480 سەرىملىگ كەرەك ھەم تۇتا بىلسە ئۆز،
كۆزىن كەد كۈدەزسە، تىلىن تىدسا سۆز.
(ھاجىپ) سەۋرچان ۋە ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولسۇن،
كۆزىگە ئېھتىيات بولۇپ، تىل ۋە سۆزىنى تىيسۇن.

2481 قۇلاقى ساق ئەرسە، ئۆگى بىلكى كەڭ،
يورىقى تۈز ئەرسە، تىلى كۆڭلى تەڭ.
قۇلىقى سەگەك، ئەقلى ۋە بىلىمى كەڭ،
قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى توغرا، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولسۇن.

2482 تۇگەل بىلسە ئەردەم، بىتىسە بىتىك، B186
قامۇغ ئىشكە بىلكىن بۇ قىلسا ئەتىك.
بارلىق ھۈنەر ـ پەزىلەتلەرنى تولۇق بىلىشى، خەت يازالىشى،
ھەممە ئىشقا بىلىمىنى ئىشلىتىشى لازىم.

2483 بۇ ئەردەم، بىلىك، كۆر، كەرەك بارچا تۈز،
ئۇلۇغ ھاجىب ئۆترۈ قىزىل قىلسا يۈز.
قارا، بۇ بىلىم، پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشى كېرەككى،
(بۇنىڭ بىلەن) ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ يۈزى يورۇق بولسۇن.

2484 تاپۇغلاردا ئارتۇق بۇ يىنچكە تاپۇغ
ھاجىبلىق تۇرۇر باقسا يەترۈ قامۇغ.
دىققەت قىلساڭ، خىزمەتلەر ئىچىدە
ئەڭ ئىنچىكە خىزمەت ھاجىپلىق خىزمىتىدۇر.

2485 بۇ قاچ نەڭ كەرەك كىم ئاتانسا ھاجىب،
كىشى باشلاسا يولقا ئۆگدۈن كەچىپ.

ھاجىپ مەرتىۋىسىنى ئالىدىغان كىشىدە مۇنداق بىرنەچچە شەرت بولۇشى كېرەك،
(شۇنىڭ بىلەن ئۇ) ئالدىغا ئۆتۈپ، كىشىلەرگە يول كۆرسىتەلەيدۇ.

2486 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ شائىر سۆزى،
بۇ شائىر سۆزى ئول بىلىكسىز كۆزى.
بىر شائىرنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى بىلىمسىز ئۇچۇن كۆزدۇر:

2487 «ھاجىبلىققا ئاشنۇ بۇ ئون نەڭ كەرەك،
يىتى كۆز، قۇلاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كەرەك.
«ھاجىپلىققا ئالدى بىلەن مۇنۇ ئون نەرسە كېرەك:
ئۆتكۈر كۆز، سەگەك قۇلاق، كەڭ قورساق،

2488 يۈزى، كۆركى، بود، تىل، ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك،
قىلىنچى بۇلارقا تۇگەل تەڭ كەرەك».
ھۆسن ـ چىراي، قەددى ـ قامەت، تىل، ئىدراك، ئەقىل ۋە بىلىم،
بۇلارغا يارىشا (ياخشى) خۇي ـ پېئىلمۇ بولۇشى كېرەك».

2489 ئۆزۈن، كەچ ياشاسۇنى ئەلىگ ئۆزى،
ئۇلۇغ ھاجىب ئول بەگكە كۆرگۈ كۆزى.
ئەلىگ قانچە ئۆزۈن يىل ياشىسۇن،
ئۇلۇغ ھاجىپ بەگنىڭ كۆرەر كۆزىدۇر.

2490 تۆرۈ ھەم توقۇ، ئۆڭدى يىنچكە تاپۇغ
ئۇلۇغ ھاجىب ئەتسە، ئاچار يول قاپۇغ.
قانۇن، نىزام ـ قائىدىلەر ئىنچىكە خىزمەتتۇر،
ئۇلۇغ ھاجىپ ئادا قىلسا، يول ۋە ئىشىكلەر ئېچىلىدۇ.

2491 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى بىلگە سۆزى، C136
ئەشىتسە كۆڭۈل بەرسۇ، ئالسۇ ئۆزى:
بۇنىڭغا تەقلىدەن بىر ئالىمنىڭ سۆزى ئېسىمگە كەلدى،
ئاڭلىغانلار كۆڭۈل قويسۇن ۋە ئۆزلەشتۈرسۇن:

2492 «ئۇلۇغ ئىش تۇرۇر بۇ ھاجىبلىق ئىشى،
مۇنى باشقا ئەلتمەز مەگەر كەد كىشى».
«بۇ ھاجىپلىق ئىشى ئۇلۇغ ئىشتۇر،
بۇنى كۈچلۈك كىشى بولمىسا، باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ».

2493 هاجىبلار ئىشى تۇت، يا بەگلەر ئىشى،
ئۇلۇغ يا كىچىگ تۇت ئۆتۈكچى كىشى.
هاجىپلىق قىلساڭمۇ، يا بەگلىك قىلساڭمۇ،
هال ئېيتقۇچى چوڭ ـ كىچىكلەرنى (قوبۇل) قىلىشىڭ كېرەك.

2494 ئاغىچى، بىتىكچى، يا ئىش تۇتغۇچى،
يا تونچى، ئەتۈكچى، ئامىل بولغۇچى.
(هاجىپ) خەزىنىچى، پۈتۈكچى ياكى ئىش بېجىرگۈچى،
تىككۈچى، موزدۇز، هۈنەرۋەن بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

2495 يا يات باز، يالاۋاچ كەلىش يا بارىش،
بوشۇغ بەرگۈ ئاچىغ ئولارقا تەگىش.
يەنە يات ئەلچىلەرنىڭ كېلىش ـ كېتىشلىرى،
ئۇلارغا تېگىشلىك سوۋغا ـ ئىنئام بېرىشمۇ (هاجىپنىڭ ئىشى).

2496 قونۇقلارى كۆرگۈ، يا بوغزى يەمى،
ئاچىغلىغ، ئاچىغسىزقا قىلسا ئەمى.
ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى، ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى،
ئېھتىياجى بار ياكى يوقلىرىغا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.

2497 يول ئاغزىندا ئەرسە كىشى باشلاغۇ، B187
تۆرۈسىن، توقۇسىن يازىم قىلماغۇ.
يول ئېغىزىدا تۇرغان كىشىگە باشلامچىلىق قىلىشى،
قائىدە ـ يوسۇندا خاتا قىلماسلىقى كېرەك.

2498 چىغاي، تۇل، يەتىم قىسسە بەرسە ئۆتۈك،
ئانى بارچا تىڭلاپ ئۆتۈنسە ئۆتۈك.
كەمبەغەل، تۇل، يېتىملەر هال ـ ئەھۋال ئېيتسا،
ئۇنىڭ بارىنى ئاڭلاپ، (بەگكە) ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

2499 مەزالىم ئۆدىندە ئۆتۈكچىلەرىگ
كۆرۈ ئالسا، يول قىلسا، بولسا ئەرىگ.
زۇلۇم كۆرۈپ، هال ـ ئەھۋال ئېيتقۇچىلارنى
قارشى ئېلىش (ۋە) يول كۆرسىتىشكە جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك.

2500 يانا كۆرسە ئىچ، تاش، ياراغسىزلارىغ،
ئايۇ بەرسە، تىدسا، كۆتۈرسە ئارىغ.

يەنە ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىكى نامۇۋاپىق ئىشلارنى كۆرگەندە،
تەنبىھ بېرىشى، توسۇشى ۋە تولۇق تۈگىتىشى كېرەك.

2501 بۇ ياڭلىغ تۇ ئىشلەر نەچە ئۆلگۈلۈگ،
ئۇلۇغ ھاجىب ئەلگى تەگىر بەلگۈلۈگ.

ئەنە شۇنداق نۇرغۇن رەسمىي ئىشلار باركى،
بۇلار ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ قولى بىلەن ھەل بولىدۇ.

2502 بۇ ئىشكە باسۇت بارچا ئاندىن كەلىر،
قالى ئارتاسا، قالسا ئاندىن قالىر.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭدىن ياردەم كېلىدۇ،
ئەگەر (ئىشلار) بۇزۇلسا (قىلىنماي قالسا) ھاجىپتىن بولىدۇ.

2503 ئاي ئەلىگ، ھاجىبلارقا ساقلانغۇ ئول،
بۇ قاچ يەردە ئارتۇق قاتىغلانغۇ ئول.

ئەي ئەلىگ، ھاجىپلار ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك،
ئۇ بىرنەچچە يەردە كۆپ غەيرەت قىلىشى كېرەك:

2504 بىرى، بەگ سۆزىنى قاتىغ تۇتسا بەرك،
ئىكىنچى، ھەۋاقا ئۇقۇش قىلسا ئۆرك.

بىرى، بەگنىڭ سۆزىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى،
ئىككىنچىسى، ئەقىل بىلەن ھاۋايى ـ ھەۋەسنى يوگەنلىشى كېرەك.

2505 ئۈچۈنچى، كۆرۈردە كۈدەزسە ئۆزىن، C 137
تىلىندە چىقارماسا تەگمە سۆزىن.

ئۈچىنچىسى، قوبۇل ۋاقتىدا ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇشى،
ھەممىلا سۆزىنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك.

2506 ئورۇنچ ئولماسا، قىلسا بارچا ئىشىگ،
ياغۇتسا بەگكە يىرامىش كىشىگ.

بارچە ئىشلارنى پارا ئالماستىن قىلىشى،
يىراقلاشقان كىشىلەرنى بەگكە يېقىنلاشتۇرۇشى كېرەك.

2507 ئىكى نەڭ كىشىدە بولۇنسا، ئەلىگ،
ئاڭار بەرمەگىل ئىش، ئۇزاتما ئەلىگ.

ئەي ئەلىگ، بىر ئادەمدە (بۇ) ئىككى ئادەت بولسا،
ئۇنىڭغا ئىش بەرمە، قولىنى ئۇزارتما:

2508 بىرى، تىلده يالغان چىقارسا سۆزىن،
بىرى، ئەگرىلىك ئول، سەكىرتسه ئۆزىن.
بىرى، يالغان سۆزنى (كۆپ) قىلسا،
(يەنه) بىرى، ئەگرىلىك قىلىپ، ئۆزىنى هەر كويغا سالسا،
2509 بۇ ئىكى قىلىنچ كىمده بولسا كۆزى،
ئۆزۇڭكه ياقۇرما، ئاي ئەلىگ ئانى.
بۇ ئىككى ئادەت كىمده تەڭ دەرىجىده بولسا،
ئەي ئەلىگ، ئۇنى ئۆزۇڭگه يېقىنلاشتۇرما.
2510 ئادىن ئۇچ ئىش ئول، كۆر، تاپۇغچى ئىشى، A 93
كۇدەزمەسه ئاندىن ئۆزى يەر باشى.
يەنه خىزمەتچىگه يولۇقىدىغان ئۇچ ئىش باركى،
ئۇنىڭدىن ساقلانمىسا، ئۆز بېشىنى يەيدۇ:
2511 بىرى، سۆز ئەشىتسه، قاتىغ تۇتسا بەرك،
بىرى، كۆرسه تەڭسىز، كۆزىن يۇمسا تەرك.
بىرى، ئاڭلىغان سۆزنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشى،
يەنه بىرى، ناچار (ئىشنى) كۆرگەنده، دەرهال كۆزىنى يۇمۇشى كېرەك.
2512 ئۇچۇنچى، ئۆزىن تۇتسا، تۇرسا كۆنى،
سەۋىنچىن كەچۇرگەي بۇ بۇلمىش كۇنى.
ئۇچىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇشى ۋە توغرا بولۇشى لازىم،
(شۇنداق قىلغاندىلا) كۇنلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۇزىدۇ.
2513 نەگۇ تەر ئەشىتكىل بۆگۇ ـ بىلگه بەگ، B 188
بۇ سۆز ئىشكه تۇتسا ساڭا بولغا يەگ:
بىلىملىك ۋە دانا بەگ نېمه دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگه ئەمەل قىلساڭ، سەن ئۇچۇن بەك ياخشى بولىدۇ:
2514 «باشىڭ قولسا، بەگلەر سۆزىن سۆزلەمه،
يانا ئەلگه يازما، باشىڭنى يەمه.
«بېشىڭنى دېسەڭ، بەگلەر سۆزىنى سۆزلىمه
ۋە ئېلىك ئالدىدا گۇناهكار بولۇپ، ئۆز بېشىڭنى يېمه.
2515 قارا ئەلكه يازسا، قۇرىتۇر باشىن،
تىلى سۆزده يازسا، ئۇشاتۇر تىشىن».

ئاۋاملار ئەلگە (قارشى) گۇناھ قىلسا، بېشىنى يوقىتىدۇ،
گەپ ـ سۆزدە خاتالاشسا، چىشىنى سۇندۇرىدۇ».

2516 تەلىم كۆرمىشىم بار تەگىمسىز كىشى،
تۇرۇپ ئەلگە يازدى، كەسىلدى باشى.
لاياقەتسىز ئادەملەرنى كۆپ كۆرگەنمەن،
ئەلگە (قارشى) گۇناھ قىلىپ، بېشى كېسىلدى.

2517 ئۆكۈشمە ئەشىتتىم، بۇ تىل سۆزلەمىش
كۆڭۈل سىررى ئاچىلىپ، ئەرىن باشلامىش.
كۆپ ئاڭلىدىمكى، تولا سۆزلىگەنلەرنىڭ
كۆڭۈل سىرى ئېچىلىپ، لېۋىنى (چىشلەپ) يارىلاندۇرغانىدى.

2518 يانا ئايدى، بىلگە، بۆگۈ سۆزلەدى
ئۆزىن تۇتنۇماز ئەر باشىن يەر، تەدى.
يەنە ئالىم، دانالار مۇنداق ئېيتىشقانىدىكى،
ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ.

2519 ھاجىبلارقا ئارتۇق كۇدەزگۇ ئۆزۈگ،
كۆرۈردە كۆزۈگ ھەم ئۆتۈكدە سۆزۈگ.
ھاجىپلار ئۆزىنى ئالاھىدە كۆزىتىشى لازىم،
قوبۇل ۋاقتىدا كۆزىگە، ئىلتىماس قىلغاندا سۆزىگە (ئېھتىيات
قىلىشى كېرەك).

2520 ئۆدى بولماغىنچا ئۆزى كىرمەسە،
ئايىتمازدا ئاشنۇ ئۆتۈك بەرمەسە.
ۋاقتى بولمىغۇچە (بەگ ئالدىغا) ئۆزى كىرمەسلىكى،
سورىماستىن ئاۋۋال (ئۆتۈنۈش) قىلماسلىقى كېرەك.

2521 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ تىلى، C138
ئۇقۇشلۇغ تىلى ئاچتى مەئنى يولى.
ئەقىللىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەقىللىكنىڭ سۆزى مەنە يولىنى ئاچىدۇ:

2522 «ئۆدى بولسا كۆركىت مەلىكلەرگە يۈز،
ئايىتتۇقتا سۆزلە تىلىن سۆزگە سۆز.

«ۋاقتى بولغاندا پادىشاھلارغا يۈز كۆرسەت،
سورىغاندا، بىر سۆزگە بىر سۆز بىلەن جاۋاب بەر.

2523 قامۇغ نەڭگە ۋەقت ئول ئۆدى بەلگۈلۈگ،
ئۆدى بولدى ئەرسە كۆرۈر ئىككى كۆز.»

ھەر نەرسىنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى ۋە پەيتى بولىدۇ،
پەيتى كەلگەندە بولسا بۇنى ئىككى كۆز كۆرىدۇ».

2524 بۇ ياڭلىغ كەرەك بارچا ئەردەم، بىلىك،
ئۇلۇغ ھاجىب ئۆترۈ ئۇزاتسا ئەلىگ.

ھاجىپنىڭ بارلىق پەزىلەت ۋە بىلىملىرى ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىم،
(ئاندىن) ئۇلۇغ ھاجىپلار (ئىشقا) قول ئۇزارتسا بولىدۇ.

*　　*　　*

2525 بۇ ئەردى ئاي ئەلىگ ئۆزۈم بىلمىشى،
مۇنۇقى ئۆتۈندۈم ئايىتمىش تۇشى.

ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇلار ئىدى،
سورالغانغا يارىشا بۇنى ئېيتىپ بەردىم.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2526 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، ئەشىتتىم بۇ سۆز،
تاقى بىر سۆز ئايتۇر سەنىڭدىن بۇ ئۆز.

ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، چۈشەندىم،
ئەمدى سەندىن يەنە بىر سۆز سورايمەن.

2527 ماڭا ئايغىل ئەمدى قاپۇغ باشلار ئەر
نەگۈتەك كەرەك، ئاي، بۇ ئىش ئىشلەر ئەر.

ئىشىكئاغىسى قانداق بولۇشى كېرەك،
بۇ ئىشنى قانداق ئادەم ئىشلىسە بولىدۇ؟

32

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە قاپۇغ باشلار ئەر نەگۈتەك كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئىشىكئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2528 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: ئەلىگ،
ئەسەن ئىنچ تىرىلگىل، ئاي قىلقى سىلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئەلىگ،
ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ئېسەن ياشا، ئەي خۇش پېئىل.

2529 قاپۇغ باشلار ئەر كەد باغىرساق كەرەك،
تەنى، جانى بىرلە تاپۇغساق كەرەك.
ئىشىكئاغىسى ناھايىتى سادىق بولۇشى،
جان ـ تېنى بىلەن خىزمەتكە بېرىلىشى كېرەك.

2530 قاپۇغدا يارۇتسا قاراڭقۇ تۈنۈگ،
قاپۇغدا پاتۇرسا يارۇمىش كۈنۈگ.
قاراڭغۇ تۈننى ئىشىكتە يورۇتۇشى،
يورۇق كۈننىمۇ ئىشىكتە پاتۇرۇشى كېرەك.

2531 تۆرۈ ھەم توقۇ بىلسە، قىلسا تاپۇغ،
ئوڭاي بولسا قىلقى، قىلىنچى قامۇغ.
قانۇن ـ قائىدىلەرنى بىلىپ خىزمەت قىلىشى،
پۈتۈن قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى مۇلايىم بولۇشى لازىم.

2532 تۈزى ئەتمەكى كەڭ، ئاقى بولسا كەد،
كۈمۈش بەرسە ئالتۇن، ئەر ئات تەرسە كەد.
نان ـ تۈزنى كەڭرى تۇتۇشى، ئۆزى بەك سېخىي بولۇشى،
كۈمۈش ۋە ئالتۇن بېرىپ، خىزمەتچىلەرنى توپلىشى لازىم.

2533 كەچە بولسا ياتغاق بۇ ياتسا بۇرۇن، C139
ئايۇ بەرسە تەگمە كىشىگە ئورۇن.

كېچىلىك قاراۋۇللۇق ۋاقتىدا، ئۆزى يېتىشتىن بۇرۇن
ھەممە كىشىنىڭ (نۆۋەتچىلىك) ئورنىنى كۆرستىپ بېرىشى كېرەك.

2534 ئازاق، يات ـ باز ئەرسە، ئايىتغۇ كەرەك،
ئودۇغراق كىم ئەرسە، ياغۇتغۇ كەرەك.

ناتونۇش، ياتلار بولسا، سوراش كېرەك،
كىم ھوشيارراق بولسا، يېنىغا تارتىشى كېرەك.

2535 كۆرۈ، بەكلەتىپ چىقسا قارشى قاپۇغ،
تۇگەل بولدى ئول كۇنكى بارچا تاپۇغ.

ئوردا ئىشىكنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بىكىتكەندىن كېيىن،
شۇ كۇننىڭ بارلىق ئىشلىرى تۈگىگەن بولىدۇ.

2536 يانا ئەرتە تۇرسا قاپۇغ باشلاسا،
كەچە تاڭدا تۇرغاقنى تەپرەتمەسە.

يەنە، ئەتىگەن تۇرۇپ ئوردا (ئىشىنى) باشلىشى،
كېچىدىمۇ، ئەتىگەندىمۇ نۆۋەتچىلەرنى تەۋرەتمەسلىكى كېرەك.

2537 قالى يول ئۆدى بولسا، باشلاپ كىرىپ
كۆرۇنسە، خىلىن بارچا يۇمغى تەرىپ.

قوبۇل ۋاقتى بولغاندا، (خىزمەتچىلەرنى) خىلى بويىچە توپلاپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۆزى ئەلىگ) ھۇزۇرىغا كىرىشى كېرەك.

2538 ئۆزى چىقسا كۆرنۇپ، ئۆكۇش تۇرماسا،
قاپۇغدا كىشى قودسا ئۆزدە باسا.

ئۆزى كۆرۇنۇپلا چىقىشى، كۆپ تۇرماسلىقى،
ئىشىكتە ئۆز ئورنىغا باشقا بىر ئادەمنى قويۇشى لازىم.

2539 ئەر ئات كىرسە خىلچە كۆرۇنسە تۆزۈ،
بۇ كۆرسە ياراغلىغ، ياراغسىز ئازۇ.

خىزمەتچىلەر ئۆز خىلى بويىچە كىرىپ، كۆرۇنۇش بەرگەندە،
يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش لازىم.

2540 قالى يول كەسىلسە قاپۇغ باشچىسى
يانا كىرگۇ، بولسا ئەر ئات سۆزچىسى.

ئەگەر (بەگ ھۇزۇرىغا كىرىشنىڭ) يولى ئېتىلسە، ئىشىكئاغىسى
خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كىرىشى كېرەك.

2541 ئۆتۈنسە ئەر ئات ئۆتكى، قولسا تىلەك، B190
مۇڭادمىش كىشىگە بۇ بولسا يۆلەك.
خىزمەتچىلەر ئىلتىماس قىلسا، تەلەپ قويسا،
ھاجەتمەن كىشىگە يار - يۆلەك بولۇشى كېرەك.

2542 ئالۇ بەرسە ئاچىغ، كۆر، ئالتۇن كۈمۈش،
قايۇقا ئات ئالسا، قايۇقا يۇمۇش.
ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىشى،
بەزىلىرىگە نام - ئۇنۋان، بەزىلىرىگە ۋەزىپە بېرىشى كېرەك.

2543 ئەرىگ تاپىنۇرى كىم باغىرساق، سەۋە،
تاپىنماز قايۇسى يورىغلى ياۋا.
تىرىشىپ، سۆيۈپ خىزمەت قىلىدىغان، سادىق ئەر كىم،
خىزمەت قىلماي، بىكار يۈرىدىغان كىم،

2544 ياراغلىغ قايۇ ئول، ئاسىغلىغ قايۇ،
بولۇغلىغ قايۇ ئول، تۇسۇلۇغ قايۇ.
يارايدىغىنى قايسى، پايدىلىقى قايسى،
بولىدىغىنى قايسى، قابىلىيەتلىكى قايسى،

2545 ئۆتۈنسە بەگىڭە بۇ تەگمە بىرىگ،
ئاچا - ئادرا بەرسە، كۆتۈرسە ئەرىگ.
ھەممىسىنى بېگىگە بىر - بىرلەپ خەۋەر قىلىشى،
ئېنىق ئايرىپ بېرىشى (ۋە ئۇلارنى) ئۆستۈرۈشى كېرەك.

2546 چىقىپ، ئەدگۈ يارلىغ تەگۈرسە تىلىن،
ئەر ئات كۆڭلى مۇنداغ ئىسىتسە ئالىن.
(بەگ ھۇزۇرىدىن) چىققاندا، ياخشى يارلىق يەتكۈزۈشى،
خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىنى شۇنداق ئىسسىتىشى كېرەك.

2547 قاپۇغدا ئەتە تۇرسا ئولدرۇغ، تۇرۇغ، A94
تۇزۇلسە ئورۇن، قالماسا بىر قۇرۇغ.
سارايدا ئولتۇرىدىغان، تۇرىدىغان يەرلەرنى تەييارلىشى،
(ھەممىگە) ئورۇن راسلىشى، بىرەرسىمۇ سىرتتا قالماسلىقى كېرەك.

2548 كۆرۈ ئالسا يات باز كەلىگلى كىشىگ، C140
ئاغىر تۇتسا قولداش قىلىنمىش ئىشىگ.

چەتتىن كەلگەن يات كىشىلەرنى قارشى ئېلىشى،
يولداش، دوست تۇتۇلغانلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك.

2549 لىۋ ئاش، تەرگى كىرسە، كۆرۈ ئىدسا كۆز،
ياراغسىزنى كۆرسە، ئانى تىدسا ئۆز.

داستىخان راسلىنىپ، ئاش ـ تاماق كىرسە، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈشى،
لايىق بولمىغانلىرىنى چەكلىشى كېرەك.

2550 شىرەنى چىقاردا كۆرۈپ ساقلاسا،
ئاڭار توغرۇ يولدا ئەلىگ تەگمەسە.

شىرنە چىقارغاندا، تەكشۈرۈپ ـ نازارەت قىلىشى،
يول بويى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەسلىكى كېرەك.

2551 قاپۇغدا چىقارسا لىۋ ئاش، تەرگىنى،
كۆرۈ تۇز ئۇلەتسە بەگى كۆركىنى.

سارايدىن ئاش ـ تائام ئېشىپ چىققاندا،
بەگنىڭ نەزىرى چۈشكەن (تائامنى) تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى لازىم.

2552 نەچەقا تەگۈرگۈ كەرەك بۇ ئاشىغ،
قۇرۇغ قودماسا بىر ئىچىگ ھەم تاشىغ.

تائاملارنى نەچچە (كىشىگە) بېرىش كېرەكلىكىنى (مۆلچەرلىشى)،
ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىكىلەرنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماسلىقى كېرەك.

2553 ئىكى نەڭ بەدۇتۇر بۇ بەگلەر چاۋى،
ئەلىندە تۇغى، كۆر، تۆرىندە لىۋى.

بەگلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئىككى نەرسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ:
ئىشىكىدە تۇغى، تۆرىدە داستىخىنى.

2554 ئادىنما ئىكى نەڭ قاپۇغ كۆركى ئول،
بەدۇتۇر بەگ ئاتىن، ئاچار قۇتقا يول.

(يەنە شۇ) ئىككى نەرسە سارايىنىڭ كۆركىدۇركى،
بۇلار بەگنىڭ نامىنى يۈكسەلدۈرۈپ، بەختكە يول ئاچىدۇ:

2555 ئۇلۇغ ھاجىبى بولسا ئازاد كىشى،
تاقى بىر ياراغلىغ قاپۇغ ئەل باشى.

(بىرى) ئەركىن كىشى بولغان ئۇلۇغ ھاجىپ بولسا،
يەنە بىرى ـــ يارامىلىق ئىشىكئاغىسى.

2556 بۇ ئىككى كىشى بىرلە ئەتلۇر قاپۇغ، B191
ئۇلۇغلۇق بىلە ئاتى يادلۇر قامۇغ.
بۇ ئىككى كىشى بىلەن ساراي روناق تاپىدۇ،
(بەگنىڭ) نامى ۋە ئۇلۇغلۇقى ئەتراپقا يېيىلىدۇ.

2557 ئىدىشچى، تۆشەكچى يەمە ئاشچىقا،
تۆزۈ كۆز كەمىشسە يەمە تۇغچىقا.
(ئىشىكئاغىسى) ساقىي، تۆشەكچى، ئاشپەزگە
ۋە تۇغچىلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشى لازىم.

2558 يەمە قۇشچى، كىشچى يەمە ئوق ياچى،
ئانۇق تۇتسا كۇندە قاپۇغدا تۇچى.
يەنە قۇشچى، ئوۋچى ۋە ئوقياچىنى
ھەر كۈنى سارايدا تەييار تۇتۇشى كېرەك.

2559 تۇرۇپ بارسا ئەۋگە، خىلىن قولداشىن
ئۆزى بىرلە ئەلتسە، يەتۇرسە ئاشىن.
ئۇ ئۆيىگە ماڭغاندا، چەۋەنداز ياردەمچىلىرىنى
ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، ئاش بېرىشى كېرەك.

2560 يەتۇرسە ـ ئىچۇرسە، تودۇرسا قارىن،
قۇرۇغ ئىدماسا، بەرسە ئۆزدە بارىن.
يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ قورسىقىنى تويغۇزۇشى،
قۇرۇق قايتۇرماسلىقى، ئۆزىدە بارىنى بېرىشى كېرەك.

2561 ئۆزىگە بىر ئات، تون، تولۇم قىلسا تاپ،
ئادىنىن ئۇلەسە، بىر ئاز قودسا تاپ.
ئۆزىگە بىر ئات، بىر تون ۋە قورال بولسا كۇپايە (دەپ بىلسە)،
قالغىنىنى ئۇلەشتۇرۇپ، (ئۆزى) ئازراق ئالسا، بەس.

2562 تاپۇغقا كەلىر ئەرسە يات ـ باز كىشى، C141
كۆرۈ ئالسا، ئەتسە ئوتاغى، ئىشى.
يات، مۇساپىر كىشى خىزمەتكە كەلگەن بولسا،
ئۇلارنى قارشى ئېلىشى، ياتاق ۋە ئىش بېرىشى كېرەك.

2563 تاپۇغقا كۆرۈنگىنچە كۆرسە ئانى،
ئاشى، بوغزى، ئورنى، ئاتى ھەم تونى.

ھۆزۇرغا كۆرۈنگۈچە، (ئاۋۋال) ئۆنىڭغا قارشى، يېمەك ـ ئىچمىكى،
ئورنى ئېتى ھەم تونىدىن (خەۋەر ئېلىشى) كېرەك.

2564 يەمە ئايتۇ تۇرسا ئەر ئات ھاللارىن،
ئاچى ھەم توقى، يا تونىن ئوپراقىن.
يەنە خىزمەتچىلەرنىڭ ھالىنى سوراپ تۇرۇشى،
ئاچ ـ توقلۇقى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىگە (كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك).

2565 مۇڭادىغلى بارمۇ ئەلىگ تارلىقىن،
مۇڭىڭا ياراسا، ئۆتەسە ھەقىن.
قولى قىسقىلىقتىن موھتاج بولغانلار بولسا،
ئېھتىياجىنى قامداپ، ھەققىنى بېرىش كېرەك.

2566 كىم ئەرسە قاپۇغقا بىرەر كەلمەسە،
ئايىتسا، تىلەسە، نە بولمىش، تەسە.
كىم بولمىسۇن بىرەرسى سارايغا كەلمىسە،
(نېمە بولغانلىقىنى) سوراپ، سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

2567 قالى ئىگلىگ ئەرسە، ئايىتغۇ كەرەك،
ياۋالىق قىلۇر ئەرسە تىدغۇ كەرەك.
ئەگەر ئاغرىق بولسا، ھال سوراش كېرەك،
بىكار تەلەپلىك قىلغان بولسا، تەنبىھ بېرىش كېرەك.

2568 بۇ بارچا بەگىڭە باغىرساقلىق ئول،
سەۋىنچىن تىلەپ بۇ تاپۇغساقلىق ئول.
بۇلارنىڭ ھەممىسى بەگكە سادىقلىقتۇر،
(بەگنىڭ) سۆيۈنچىنى تىلەپ قىلىنىدىغان ئىشچانلىقتۇر.

2569 نەگۈ تەر ئەشىتكىل تاپۇغ قىلمىش ئەر،
تاپۇغ بىرلە بەگدە ئاغىر بولمىش ئەر.
خىزمەت قىلغان ھەم خىزمىتى بىلەن بەگ (ئالدىدا)
قەدىرلىك بولغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2570 تاپۇغچى بەگىڭە باغىرساق كەرەك،
باغىرساق تەگۈچى تاپۇغساق كەرەك.
خىزمەتچى بېگىگە سادىق بولۇشى كېرەك،
سادىق دېيىلگۈچى ئىشچان بولۇشى كېرەك.

2571 تاپۇغساق، بىر ئۆزكەي، باغىرساق قۇلى B192
بەكۇتۇر يارى كۇندە بەگلىك ئۇلى.
ئىشچان، مېھرىبان، سادىق قۇلنىڭ خىزمىتى
بەگلىكنىڭ ئاساسىنى كۇندىن ـ كۇنگە مۇستەھكەملەيدۇ.

2572 ئۆز ئاسغى تىلەمەز باغىرساق بولۇپ،
بەگ ئاسغى تىلەر كۇندە ئەدگۇ قولۇپ.
(ئۇ) سادىق بولۇپ، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدۇ؛
ياخشىلىق تىلەپ ھەر كۇنى بەگ مەنپەئەتىنى ئىستەيدۇ.

2573 ئاسىغ قىلسا ئازغان، ئانىڭ مەن قۇلى،
چەچەك ياسلىغ ئەرسە، پىچەرمەن ئۇلى.
ئازغان پايدا يەتكۇزسە، مەن ئۇنىڭ قۇلىمەن،
گۇل ـ چېچەك زىيانلىق بولىدىكەن، يىلتىزىنى كېسىمەن.

2574 باغىرسىز، تۇسۇلماز ئوغۇلدا كۆرۇ،
باغىرساق تاپۇغچى تۇسۇسى ئۆرۇ.
كۆيۇمسىز، ئەسقاتماس ئوغۇلدىن كۆرە،
سادىق ـ كۆيۇمچان خىزمەتچىنىڭ پايدىسى ئەۋزەل.

2575 ئاسىغسىز، تۇسۇلماز قاداش ئەرسە قود،
تۇسۇلۇر ئاداش تۇت، ئاسىغ بىرلە تود.
پايدىسىز، نەپ بەرمەس قېرىنداشىڭ بولسا، ئۇنى تاشلا،
پايدىلىق ئاداش تۇت، پايدىسىنى (كۆرۇپ) توي.

2576 تىلى بىرلە يۇمشاق، سۇچىگ تۇتغۇ سۆز،
كۆڭۇل تۇتسا ئالچاق، يارۇق تۇتسا يۇز.
تىلنى يۇمشاق تۇتۇش، سۆزنى شېرىن (قىلىش) كېرەك،
ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇشى، ئوچۇق چىراي بولۇشى لازىم.

2577 تۇگۇك يۇز، ئاچىغ سۆز كىشىگ تۇملىتۇر، C142
تىرىگلىكتە كەتمەز، كۆڭۇلدە ياتۇر.
سۆرۇن چىراي، ئاچچىق سۆز كىشىنى سوۋۇتىدۇ،
(بۇنىڭ تەسىرى) ئۆمۇر بويى كەتمەيدۇ، كۆڭلىدە قالىدۇ.

2578 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيتىگ ئوقى،
سۆزى مەئنى بىرلە ئۇقۇلغاي تاقى:

بۇنىڭغا تەقلىد قىلغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
سۆزى بىلەن مەنىسىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ:

2579 «سۆزۈن سۆكسە يالغۇق، ئاچىتسا تىلىن،
سۆڭۈككە سىزىغ ئول، كۆڭۈلگە يالىن.
«ئىنسان سۆزى بىلەن سۆكۈپ، تىلى بىلەن ئازار بەرسە،
بۇ سۆڭەككە ئاغرىق، كۆڭۈلگە ئوت بولىدۇ.

2580 ئۇرۇپ بەرگە باشى پۈتەر، تەرك سۆنەر،
تىلىن سۆكسە، پۈتمەز ئاچىغى يىلىن».
ئۇرۇلغان قامچىنىڭ يارىسى ساقىيىدۇ، تېزلا پۈتۈپ كېتىدۇ،
تىل بىلەن سۆكسە، ئاغرىقى يىللار بويى قالىدۇ».

2581 قالى ئاتلانۇر بولسا بەگلەر سۈگە،
يا قۇشقا، چۆگەنگە، يا ئەل كۆرگۈگە،
ئەگەر بەگلەر جەڭگە ياكى قۇش (ئوۋى) غا،
چەۋگەن ئويناشقا ياكى ئەلنى كۆرۈشكە ئاتلانغان بولسا،

2582 ئەدى ساق كۈدەزگۈ بۇ يەردە بەگىن،
يودۇغ تەگمەسە ئاندا تەڭسىزلىكىن.
بۇ يەردە بەگنى بەكمۇ دىققەت بىلەن كۆزىتىش كېرەككى،
بارغان يېرىدە بېشىغا بىھۇدە پالاكەت كەلمىسۇن.

2583 قالى تۇشسا بەگلەرگە ياڭلۇق ـ خەتا،
تۇشار ئات ئۇزە قۇشتا، ئاۋدا، سۈدە.
ئەگەر بەگلەر پالاكەتكە، پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، دېيىلسە،
ئوۋدا، قۇش سېلىشتا، سەپەر ئۈستىدە ئۇچرايدۇ.

2584 پۈتۈنسۈز بار ئەرسە، يىراتغۇ ئانى،
سەزىكلىگ بار ئەرسە، ساقىنغۇ ئانى.
ئىشەنچسىزلەر بار بولسا، ئۇلارنى يىراقلاشتۇرۇش كېرەك،
گۇمانلىقلار بار بولسا، ئۇلاردىن ھوشيار بولۇش لازىم.

2585 پۈتۈن، چىن، سەۋىگلى، باغىرساق كىشى A 95
ياقىن يورتسا بەگكە، كۈدەزسۇ باشى.
ئىشەنچلىك، توغرا، مېھرىبان ۋە سادىق كىشىلەر
بەگكە يېقىن يۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى قوغدىشى لازىم.

B193 2586 سۇ باشچى تۈزە تۆرسا يورتۇغ قۇرىن،
ئىرىكلەرنى يىغسا، يەتۆرسە سوڭىن.
قوشۇن قوماندانى مۇھاپىزەتچى سەپلىرىنى تۈزىدىكەن،
ئەپچىللەرنى توپلاپ، ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشى لازىم.

2587 كىچىگ ـ قۇر ئۇلۇغلار ئارا كىرمەسە،
يىراق، تاش يورىغلى ياقىن يورتماسا.
كىچىك مەنسەپتىكىلەر چوڭلارنىڭ ئارىسىغا كىرمەسلىكى،
يىراقتا، سىرتتا يۈرگۈچىلەر يېقىن يولىماسلىقى لازىم.

2588 قاپۇغدا نەتەك ئەرسە ئولدرۇغ، تۆرۇغ،
بۇ يورتۇغدا ئانداغ كەرەك، ئاي ئۇلۇغ.
(ھەركىمنىڭ) سارايدىكى ئورنى قانداق بولسا،
سەپەردىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەي ئۇلۇغ.

2589 قاپۇغ باشلار ئەرنىڭ باغىرساقلىقى،
بۇ ياڭلىغ كەرەك، ئاي ئاژۇنچى ئاقى.
ئىشىكئاغىسىنىڭ سادىقلىقى
مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەي سېخىي ھۆكۈمدار.

2590 بۇ ياڭلىغ، كەرەك بۇ قاپۇغ باشلار ئەر،
بەگى ئەتمەكى يەپ، ئىشىن ئىشلەر ئەر.
بېگىنىڭ نېنىنى يەپ، ئىشىنى ئىشلەيدىغان
ئىشىكئاغىسى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك.

* * *

C143 2591 مۇنۇقى مەن ئايدىم ئەشىتتى ئەلىگ،
تالۇ ئەر تىلەسە، ئۆدۈرسۇ بىلىك.
بۇلارنى مەن سۆزلىدىم، ئەلىگ ئاڭلىدى،
ئەگەر كامىل كىشىنى تاللىساڭ، بىلىمنى ئىشقا سال.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

2592 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم مۇنى بەلگۇلۇگ،
تاقى بىر سۆزۇگ ئاي ماڭا ئۇلگۇلۇگ.
ئەلىگ ئېيتتى: بۇنى ئېنىق ئۇقتۇم،
ماڭا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر سۆزنى ئېيتىپ بەر.
2593 بىلىرسەن سەزىكسىز ئاژۇن بەگلەرى،
يالاۋاچ ئىدۇر ئەلدىن ئەلگە ئەرى.
بىلىسەن، شۇبھىسىزكى جاھان بەگلىرى
ئەلدىن ـ ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ.
2594 ئايۇ بەر ماڭا بىر بىلىك سۆز ئۇزى،
يالاۋاچ ئىدۇر ئەلدىن ئەلگە ئۆزى،
ماڭا بىر مۇھىم سۆزنى ئېيتىپ، يەنە بىر بىلىم بەر،
(بەگ) بىر ئەلدىن يەنە بىر ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىدىكەن،
2595 نەگۇتەك كەرەك بۇ يالاۋاچلىق ئەر،
ئاڭار پۇتسە بەگلەر، قارىلاتسا يەر؟
بەگلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەۋەتىش ئۇچۇن،
ئەلچى بولغۇچىنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟

33

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە يالاۋاچ ئىدىقۇت نەگۈتەك ئەر كەركىن ئايۇر
ئۆگدۈلمىش ئەلىككە ئەلچىلىككە ئەۋەتىش ئۈچۈن قانداق ئادەم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2596 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
بۇ ئىشكە ئەدى كەد يەتۈرسۇ بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) ئەلىگ،
بۇئىشقا ناھايىتى (كۆپ) بىلىم ئىشلىتىش كېرەك.

2597 قامۇغ ئەردە ئۆدرۈم يالاۋاچ كەرەك،
بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ، تالۇ، كەد يۇرەك.
ئەلچى ھەممە كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بولۇشى كېرەك،
بىلىملىك، ئىدراكلىق، ناھايىتى يۈرەكلىك بولۇشى كېرەك.

2598 بايات قۇللارىندا ئەڭ ئۆدرۈندۈسى،
يالاۋاچلار ئەردى كىشى ئەدگۈسى.
خۇدانىڭ قۇللىرى ئىچىدە ئەڭ تاللانغىنى،
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى (ئۇنىڭ) ئەلچىلىرى ئىدى.

2599 يالاۋاچتىن ئەتلۈر تەلىم تۈرلۈگ ئىش، B194
يالاۋاچتىن ئۆترۇ كەلۈر كۆركلۈگ ئىش.
ھەر تۈرلۈك ئىشلار ئەلچى بىلەن پۈتىدۇ،
كۆركەم ئىشلار ئەلچىلەر ۋاستىسى (بىلەن قولغا) كېلىدۇ.

2600 ئۇقۇشلۇغ كەرەك كەد يالاۋاچ ئۆرۈگ،
بىلىكلىگ كەرەك، سۆزگە بىلسە يۆرۈگ.
ئەلچى بەك ئىدراكلىق، ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى،
بىلىملىك بولۇشى، سۆزگە تەبىر بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

2601 يانا بىلسە سۆزنۈڭ ئىچى ھەم تاشى،
ئەتىلسە ئانىڭ ئۆترۇ تۈزمىش ئىشى.

يەنە سۆزنىڭ ئىچى، تېشىنى بىلىشى كېرەككى،
بۇنىڭ بىلەن زىممىسىگە ئالغان ئىشلارنى ئورۇنلىيالىسۇن.
2602 نەگۇ تەر ئەشتىكىل ئاژۇنچى بەگ ئەر،
بودۇن باشلاغۇچى بىلىكلىگ يەگ ئەر:
جاھان سورىغان، خەلققە باشچىلىق قىلغان بەگ
بىلىملىك ۋە ياخشى ئادەم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
2603 ئۆكۈشتە تالۇ ئەر، ئۇقۇشلۇغنى بىل، C144
بودۇندا بەدۇكى بىلىكلىگنى قىل.
(ئەي) كۆپنىڭ ئىچىدىن تاللانغان كىشى، ئەقىللىكنى بىل،
بىلىملىكلەرنى خەلقنىڭ چوڭى قىل.
2604 قايۇ ئىشتە ئاشنۇ ئاشۇنسا ئۇقۇش،
ئول ئىش باشقا باردى، سىنادىم ئۆكۈش.
قايسى ئىشتا ئىدراكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسا،
شۇ ئىش بىر باشقا چىقىدۇ، (بۇنى) كۆپ سىنىدىم.
2605 قايۇ ئىشكە بىلگە يەتۇردى بىلىك،
ئانى يەتتى، تۇتتى تەگۇردى ئەلىگ.
دانا قايسى ئىشقا بىلىم ئىشلەتسە،
شۇ ئىشقا ئېرىشىدۇ، (نەتىجىنى) قولغا كەلتۇرەلەيدۇ.
2606 ئۇقۇش ئىشكە تۇتسا، بىلىك باشلاسا،
ئۆكۈش ئىشلەر ئەتلۇر كىشى ئىشلەسە.
ئىدراك ئىشقا سىڭىنسا، بىلىم باشچىلىق قىلسا،
كىشى قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
2607 باغىرساق كەرەك ھەم كۆزى، كۆڭلى توق،
پۇتۇن، چىن قىلىقى، كۆنى بولسا ئوق.
(ئەلچى) كۆزى ـ كۆڭلى توق، سادىق بولۇشى،
ئىش ـ ھەرىكىتى ئىشەنچلىك، دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشى لازىم.
2608 باغىرساق تاپۇغچى بەگ ئاسغىن تىلەر،
بەگ ئاسغىن تىلەگلى بەگىن چىن سەۋەر.
سادىق خىزمەتچى بەگنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ،
بەگنىڭ پايدىسىنى تىلىگۇچى بېگىنى چىن (كۆڭۈلدىن) سۆيىدۇ.

2609 بەگكە ئاسىغچى باغىرساقنى بىل،
باغىرساقنى بۇلسا، ئۆزۈڭ باغرى قىل.
بېگىڭگە نەپ بېرىدىغان، سادىق (كىشىنى) بىل،
سادىق (كىشىگە) ئېرىشسەڭ، ئۇنى ئۆز باغرىڭ دەپ ھېسابلا.

2610 باغىرساق تاپۇغچى باغىر سانىتەك،
باغىردا ياقىنراق، يۈرەك قانىتەك.
سادىق خىزمەتچى جانجىگەرگە ئوخشايدۇ، (بەلكى)
جانجىگەردىنمۇ يېقىنراق، يۈرەك قېنىغا ئوخشايدۇ.

2611 كۆزى سۇق كىشى ئۆزگە ئەركسىز بولۇر،
بۇ سۇقلار يالاۋاچقا تەڭسىز بولۇر.
ئاچ كۆز ئادەم ئۆزىگە ھاكىم بولالمايدۇ،
ئاچ كۆز كىشىلەر ئەلچىلىككە يارىمايدۇ.

2612 كۆزى توق چىغاي ئەرسە بايقا سانۇر،
سەرىنسە كىشى تەگمە ئىشتە ئۇنۇر.
كۆزى توق ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ، باي ھېسابلىنىدۇ،
چىداملىق (قانائەتچان) كىشى ھەممە ئىشقا قادىر بولىدۇ.

2613 سۇق ئەر ئۇمدۇچى ئول، ياۋۇز ئۇمدۇچى،
كىشى ئۇمدۇچىسى ئاتى - قولتغۇچى.
ئاچ كۆز ئادەم تەمەخور كېلىدۇ، تەمەخورلۇق - يامان (ئادەت)،
تەمەخور ئادەملەرنىڭ نامى - تىلەمچى.

2614 نەگۈ تەر ئەشتكىل كۆزى توق كىشى، B195
كۆزى توق كىشى بولدى بايلار باشى:
كۆزى توق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كۆزى توق كىشىلەر ئەڭ باي كىشىلەردۇر:

2615 چىغاي قىلسا كىمنى كۆزى سۇقلۇقى،
بايۇتماز ئانى بۇ ئاژۇن توقلۇقى.
ئاچ كۆزلۈك كىمنى كەمبەغەل قىلغان بولسا،
بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمىتى ئۇنى بېيىتالمايدۇ.

2616 كىمى ئەرسە ئۇمدۇ قىلۇر ئەرسە قۇل،
ئانىڭ بوشلۇقى، كۆر، ئۆلۈم بىرلە ئول.

كىمنى تەمەخورلۇق قۇل قىلىۋالغان بولسا،
ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئازاد بولىدۇ.

C145 2617 تاقى ياقشى ئايمىش بىلىك بەرگۈچى،
كۆزى سۇقىقا ئۆت ـ ساۋ، ئەرىگ بەرگۈچى.
ئاچ كۆزلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلغۇچى ۋە
بىلىم بەرگۈچى (كىشى) تېخىمۇ ياخشى ئېيتقان:

2618 تۈگەل باي بولايىن تەسە بەلگۈلۈگ،
كۆڭۈل بايلىقى قول، ئاي ئەرسىگ كۈلۈگ.
ئېنىقكى، تولۇق باي بولاي دېسەڭ،
ئەي مەرد، شەۋكەتلىك، كۆڭۈل بايلىقىنى تىلىگىن.

2619 نەچەمە قۇل ئەرسە، كۆزى توق بەگ ئول،
سۇق ئۆز بەگلىكىندىن بۇ قۇللۇق يەگ ئول.
كۆزى توق قانچىلىك قۇل بولغان ھالەتتىمۇ بەگدۇر،
ئاچ كۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر.

2620 قايۇ بەگ سۇق ئەرسە، چىغاي ئول چىغاي،
قايۇ قۇل كۆزى توق بەگ ئول كۆڭلى باي.
قايسى بەگ ئاچ كۆز بولسا، ئۇ كەمبەغەلدۇر، گادايدۇر،
قايسى قۇلنىڭ كۆزى توق بولسا، ئۇ بەگدۇر، كۆڭلى بايدۇر.

2621 ئۇۋۇتلۇغ كەرەك كەد، ئامۇل ھەم سىلىگ،
سىلىگلىك بىلە بىلسە تۇرلۇگ بىلىك.
(ئەلچى) ھايالىق، ئېغىر ـ بېسىق ھەم خۇش پېئىل بولۇشى كېرەك،
خۇش پېئىللىق بىلەن تۈرلۈك بىلىملەرنى بىلىشى كېرەك.

2622 ئۇۋۇت بولماسا ئەر ئوتۇن، ئەل بولۇر،
ئۇۋۇت بىرلە يالڭۇق پۈتۈنلۈك قىلۇر.
ھايا بولمىسا، ئادەم قوپال، پەس بولىدۇ.
كىشىلەر ھايا بىلەن ئېشەنچلىك (ھەرىكەت) قىلالايدۇ.

A96 2623 ئامۇل بولسا ئۆترۈ ئاتانۇر تۇزۇن،
سىلىگ بولسا قىلقى سەۋىتۇر ئۆزۈن.
ئېغىر ـ بېسىق ئادەم مۇلايىم دەپ ئاتىلىدۇ،
خۇش پېئىل، سىلىق بولسا، سۆيگۈگە سازاۋەر بولىدۇ.

2624 تەتىكلىك بىلە بولسا ئەرگە بىلىك،
تۆزۈ ئىشكە تەگرۈر بۇ بىلكى ئەلىگ.
ئادەمدە زېرەكلىك بىلەن بىلىمۇ بولسا،
شۇ بىلىم (بىلەن) ھەممە ئىشقا قول ئۇزارتالايدۇ.

2625 بۇ بەيتىگ ئوقىغىل، نەگۇ تەر ئەشىت،
بىلىك بىرلە باشلاپ ئۆزۈڭگە ئەش ئەت:
بۇ بېيىتنى ئوقۇغىن (ۋە) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:
(ئىشنى) بىلىم بىلەن باشلا، (بىلىمنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل.

2626 «ئۇقۇش بىرلە ئۇق ئىش، بىلىك بىرلە بىل،
كۆنۈك بولسا قۇتلۇغ، قۇتادسۇنى يىل.
«(ھەر) ئىشنى ئىدراك بىلەن چۈشىنىپ، بىلىم بىلەن بىل،
كۆنۈك قۇتلۇق، يىللىرىڭ سائادەتلىك بولسۇن.

2627 تەتىكلىك بىلە ئەر تىلەككە تەگىر،
بىلىك بىل، ئۇقۇش ئۇق، ئىشىڭ ئۆترۈ قىل».
زېرەكلىك بىلەن كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ،
(ئالدى بىلەن) بىلىم ئۆگەن، ئەقىل تاپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشكىن».

2628 تەتىكلىك بىلە بىلسە تۇرلۇگ بىتىك،
بىتىك بىلسە ئۆترۈ بولۇر ئەر تەتىك.
(ئەلچى) زېرەكلىك بىلەن تۈرلۈك يېزىقلارنى بىلسۇن،
يېزىق بىلسە كىشى ئاندىن چېچەن بولىدۇ.

2629 بىتىسە، ئوقىسا، ئەشىتسە سۆزۈگ، B196
ئانىن ئۆترۈ بىلگە قىلۇر ئەر ئۆزۈگ.
يازالىسا، ئوقۇيالىسا، سۆزنى چۈشەنسە،
كىشى ئاندىن ئۆزىنى ئالىم قىلالايدۇ.

2630 قامۇغ تۇرلۇگ ئەردەم بۇ بىلسە تۇگەل، C146
بۇ ئەردەم بىلە ئەر مەڭىز قىلسا ئال.
(ئەلچى) ھەر خىل ھۈنەر ـ پەزىلەتلەرنى تولۇق بىلسە،
بۇ پەزىلەتلەر بىلەن كىشى يۈزىنى يورۇق قىلالايدۇ.

2631 كىتابلار ئوقىر ھەم بىلىر ئەرسە سۆز،
ئۇقار ئەرسە شىئىر ھەم قوشار ئەرسە ئۆز.

(ئەلچى) كىتابلارنى ئوقۇپ، سۆزلەرنى چۈشىنەلىسۇن،
شېئىرلارنى ئوقۇسۇن ۋە ئۆزىمۇ شېئىر يازسۇن.

2632 نۇجۇم بىلسە، تىب ھەم يورا بىلسە تۈش،
ئانىڭ يورمىشتەك سۆزى كەلسە تۈش.

نۇجۇم ئىلمىنى[1]، تىبب ئىلمىنى بىلسۇن، چۈش ئۆرۈيەلىسۇن،
چۈش ئۇنىڭ ئۆرۈگىنىدەك بولسۇن.

2633 بىلىر ئەرسە ساقىش يەمە ھەندەسە،
ئەدەد جەزرى قىلسا مىساھەت باسا.

ھېساب ۋە ھەندەسەنىمۇ[2] بىلسۇن،
ئەدەد جەزرەنى[3] ۋە مەيدان ئۆلچەشنى بىلسۇن.

2634 يانا نەردۇ شەترەنج بىلىر ئەرسە كەد،
ھەرىفلەرى ئاندىن ئۆلىر ئەرسە كەد.

يەنە دامكا ـ شاھمات ئويناشنى ياخشى بىلسۇن،
رەقىبلىرى ئۇنىڭدىن راسا مات بولسۇن.

2635 چۆگەنگە كەد ئەرسە، ئاتار ئەرسە ئوق،
يەمە قۇشچى، ئاۋچى ئاژۇندا ئوزۇق.

چەۋگەن ئويۇنىدا ماھىر بولسۇن، ئوقمۇ ئاتالىسۇن،
قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا بولسۇن.

2636 قامۇغ تىل بىلىر ئەرسە، ئاچسا تىلىگ،
قامۇغ خەتنى بىلسە، بىتىسە ئەلىگ.

ھەر خىل تىللارنى بىلسۇن، سۆزلىيەلىسۇن،
ھەر خىل خەتلەرنى بىلىپ، يازالىسۇن.

2637 بۇ ياڭلىغ كەرەك بارچا ئەردەم بىلىر،
بۇ ياڭلىغ يالاۋاچ تىلەككە تەگىر.

ئەنە شۇ بارچە بىلىم ـ پەزىلەتلەرنى بىلگەندىلا،
بۇنداق ئەلچى تىلەككە لايىق بولىدۇ.

2638 يالاۋاچ تەتىك بولسا بىلگە، ئودۇغ،
بەگ ئاسغى بولۇر ئاندا، تۈتنۈر بودۇغ.

① نۇجۇم ئىلمى ـــ ئاسترونومىيە. ② ھەندەسە ـــ گېئومېترىيە. ③ ئەدەد جەزرە ـــ يىلتىز تېپىش (ئالگېبرادا).

ئەلچى زىرەك، دانا ۋە ھوشيار بولسا،
ھەممە يەردە بەگكە پايدىلىق بولىدۇ، رەڭ، زىننەت بېرەلەيدۇ.

2639 يالاۋاچ ياۋۇز بولسا قىۋچاق، قوۋى،
سەزىكسىز تۆگەر ئاندا بەگلەر سۆۋى.

ئەلچى يامان، يارىماس، بوش بىر ئادەم بولسا،
شۈبھىسىزكى، ئۇ (بارغان) يەردە بەگنىڭ ئېتىبارى قالمايدۇ.

2640 يالاۋاچ بارىر ئەر ئەدى كەد كەرەك.
قامۇغ تۈرلۈگ ئىشكە بۇ تۇتسا يۈرەك.

ئەلچى (بولۇپ) بارغۇچى كىشى بەك ياخشى بولۇشى،
ھەر تۈلۈك ئىشتا يۈرەكلىك ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

2641 قايۇ تۈرلۈگ ئەردەم ئاڭار ساتسالار،
ئانى ئۇتسا، ئۆترۈ ئاغىر تۇتسالار.

ئۇنىڭغا نەچچە تۈرلۈك ھۈنەر ئىشلەتسىمۇ،
(رەقىبلىرىنى) ئۇتۇپ، ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

2642 قايۇ تۈرلۈگ ئەرمە سۆزىن سۆزلەسە،
ئانى ئۇقسا، بىلسە، يانا كىزلەسە.

قانداقلا بىر كىشى (ئۇنىڭغا) سۆزلىسە،
چۈشىنىپ بىلىشى، (لېكىن) مەخپىي تۇتۇشى لازىم.

2643 يالاۋاچ بىلىر بولسا ئەردەم قامۇغ،
بەدۈيۈر بەگى ئاتى ئەلدە ئۇلۇغ.

ئەلچى ھەر خىل ھۈنەر ـ پەزىلەتلەرنى بىلسە،
بېگىنىڭ نامى يۈكسىلىدۇ، ئەلدە ئۇلۇغ (بولىدۇ.)

2644 نەگۇ تەر ئەشىتكىل بىلىر كۆك ئايۇق، C197
بۇ سۆز ئۇقماسا ئەر ئانىڭ ئۆگى يوق.

بۇ ئىشلارنى بىلىدىغان مويسىپىت نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزنى چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ ئەقلى يوق.

2645 كىمىڭ ئەردەمى بولسا ئاتى يورىر،
قالى بولماسا ئەردەم ئاتسىز قارىر.

كىمنىڭ ھۈنەر ـ پەزىلىتى بولسا، ئۇنىڭ نامى چىقىدۇ،
ئەگەر ھۈنەر ـ پەزىلىتى بولمىسا، نامسىز قېرىيدۇ.

C147

2646 كىشى ئەردەمى بىرلە ئەردىن كەچەر،
ئۆكۈش بولسا ئەردەم ئەر ئۆرلەپ ئۇچار.
كىشى پەزىلەتى بىلەن ئۈستۈن تۇرىدۇ،
ھۈنەر ـ پەزىلىتى كۆپ بولسا، كىشى ئۇچقاندەك يۈكسىلىدۇ.

2647 ئەلىگ سۇنسا ئەردەم بىلە ئەر تەگىپ،
ئۇلۇغ تاغ باشىن يەرگە ئىلدرۇر ئەگىپ.
كىشى پەزىلىتى بىلەن قولىنى ئۇزارتسا،
ئېگىز تاغنىڭ بېشىنى ئېگىپ، يەرگە ئېگىشتۇرىدۇ.

2648 سۆز ئۇقغان كەرەك، بولسا ھازىر جەۋاب،
جەۋاب قىلسا بەرمىش سۆزىگە سەۋاب.
(ئەلچى) سۆز چۈشىنىدىغان، ھازىر جاۋاب بولۇشى كېرەككى،
سورالغان سۆزگە توغرا جاۋاب بېرەلىسۇن.

2649 بور ئىچمەز كەرەك، كەد ئۆزىن تۇتغۇچى،
ئۆزىن تۇتغۇچى ئەر بۇلۇر قۇت كۈچى.
(ئەلچى) مەي ئىچمەسلىكى، ئۆزىنى ئوبدان تۇتالىشى كېرەك،
ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى بەختىنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ.

2650 بىلىكلىگ بور ئىچسە بىلىكسىز بولۇر،
بىلىكسىز ئەسۇرسە ئادىن نە قالۇر.
بىلىملىك مەي ئىچسە بىلىمسىز بولىدۇ،
بىلىمسىز مەست بولسا، ئۇنىڭ نېمىسى قالىدۇ؟

2651 بور ئول بۇ بىلىككە، ئۇقۇشقا ياغى،
بور ئاتى، ھەقىقەت، تۇتۇش ئول چوغى.
مەي ــ بىلىمگە، ئەقىلگە دۈشمەندۇر،
مەينىڭ نامى، ھەقىقەتەن، جاڭجال ـ غوۋغادۇر.

2652 نەچەمە بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ كىشى
باشىن بورقا سوقسا، بۇزار ئۆز ئىشى.
قانچىلىك بىلىملىك، ئىدراكلىق ئادەم بولمىسۇن،
ئىچىملىككە بېرىلىدىكەن، ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ.

2653 نەچەمە ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ، قىلقى ئۇز،
بور ئىچسە ئوتۇنلۇق قىلۇر بارچا ئۆز.

قانچىلىك ھايالىق، سىلىق، قىلىقلىرى ئۇز كىشى بولمىسۇن،
مەي ئىچىدىكەن، بارلىق قوپاللىقلارنى قىلىدۇ.

2654 ئەسىزىم، ئۇۋۇت، يا ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك
ئارىغسىز بۇ بورقا بەرۇر ئاي سىلىگ.
ئەپسۇسكى، (كىشىلەر) ھايا، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە بىلىمنى
ئاشۇ ناپاك ئىچىملىككە بېرىۋېتىدۇ، ئەي گۈزەل.

2655 بور ئىچمە، بور ئىچسە، بارىر ئەر قۇتى،
بور ئىچسە، بولۇر تەلۋە ـ مۇندۇز ئاتى.
مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كىشىنىڭ بەختى كېتىدۇ،
مەي ئىچكۈچىنىڭ نامى ساراڭ ـ تەلۋە بولىدۇ.

2656 قارىنقا سۇچىگ كىرسە، چىقرۇر سۆزۈگ،
بۇ چىقمىش سۆزئۆك ياندرۇ ئۆرتەر ئۆزۈگ.
قېرىنغا ئىچىملىك كىرسە سۆزنى (سىرتقا) چىقىرىدۇ،
چىققان سۆز يېنىپ كېلىپ، ئۆزۈڭنى ئۆرتەيدۇ.

2657 نەگۈ تەر ئەشتكىل بۇ بەيت ئايغۇچى،
ئوقىغىل، ئاچىلغاي تاشى ھەم ئىچى:
بۇ بېيىت ئېيتقۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئوقۇغىن، ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشى ئېچىلىدۇ:

2658 «قالى ئىچتىڭ ئەرسە ئەسۇرگۇ سۇچىگ،
كۆڭۈل سىررى ئاچتى، چىقاردى ئىچىگ.
«ئەگەر مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنى ئىچىدىكەنسەن،
كۆڭۈل سىرىڭنى ئاچتىڭ ۋە ئىچىڭدىكىنى (سىرتقا) چىقاردىڭ.

2659 بىلىكلىگ بور ئىچسە بىلىكسىز بولۇر، B198
بىلىكسىز بور ئىچسە بولۇر كەنچ ـ كىچىگ».
بىلىملىك مەي ئىچسە بىلىمسىز بولىدۇ،
بىلىمسىز مەي ئىچسە گۆدەك بالىغا ئايلىنىدۇ».

2660 تىلى ئۇز كەرەك ھەم كۆڭۈللۈگ كەرەك، C148
سۆزى ئۇز كەرەك ھەم كەد ئۆگلۈگ كەرەك.
(ئەلچى) تىلى ئۇز، دىلى ئوچۇق بولۇشى كېرەك،
سۆزى ئۇز ھەم بەك ئەقىللىك بولۇشى كېرەك.

A 97

2661 سىڭىملىگ بولۇر ئول تىلى ئۇز كىشى،
سۆزى ئۇز يورىسا يارار ئەر ئىشى.
تىلى ئۇز كىشى سىڭىشلىك بولىدۇ،
سۆزى ئۇز كىشىنىڭ ئىشىمۇ يارامىلىق بولىدۇ.

2662 كۆڭۈللۈگ كەرەك كەد، ئۇنىتماسا سۆز،
نەگۇ سۆز ئەشىتسە، قاتىغ تۇتسا ئۆز.
ئۇ، ئەس ـ هوشلۇق بولۇشى، سۆزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى،
قانداق سۆزنى ئاڭلىسا، ئۇنى چىڭ ساقلىشى كېرەك.

2663 يۈزى، كۆركى كۆركلۈگ كەرەك هەم بودى،
يۇلۇگ بولسا، بود سىن كىشىدە كەدى.
هۆسنى ـ چىرايى كۆركەم، قامەتلىك بولۇشى،
چاچ ـ ساقىلى ياسالغان، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن بولۇشى كېرەك.

2664 ئۆزى ئەرسىگ ئەرسە، بەدۇك هىممەتى،
بۇ ئىككى بىلە ئول كىشى قىيمەتى.
ئۆزى مەردانە (ۋە) غەيرىتى چوڭ بولۇشى كېرەك،
كىشىنىڭ قىممىتى شۇ ئىككى نەرسە بىلەن بولىدۇ.

2665 سۆزى بولسا يۇمشاق، شەكەرتەك سۇچىگ،
سۇچىگ سۆزگە يۇمشار ئۇلۇغ هەم كىچىگ.
سۆزى يۇمشاق، شېكەردەك شېرىن بولسا،
شېرىن سۆزگە چوڭمۇ، كىچىكمۇ يۇمشايدۇ.

2666 يالاۋاچ ئىشى، كۆر، نەچە سۆز بولۇر،
سۆزى ياقشى بولسا تىلەكىن بۇلۇر.
قارا، ئەلچىنىڭ هەممە ئىشى سۆز بىلەن بولىدۇ،
سۆزى ياخشى بولسا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

2667 بۇ ياڭلىغ كىشى بۇلسا، ئەلىگ قۇتى،
ئاڭار بەرسە بولغاي يالاۋاچ ئاتى.
دۆلەتمەن ئەلىگ مۇشۇنداق بىر ئادەمگە ئېرىشسە،
ئۇنىڭغا ئەلچى دېگەن نامنى بەرسە بولىدۇ.

2668 ئانى ئىدسا بولغاي يالاۋاچلىقىن،
يىراق ئەرسە يات ـ باز، ئۆز ئەرسە ياقىن.

يىراق ـ يات، چەت (يەرلەر) گىمۇ، ياكى ئۆز ئىچىگىمۇ
ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتسە بولىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

2669 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم ئەشتتىم مۇنى،
تاقى بىر سۆزۇم بار ئايۇ بەر ئانى.
ئەلىگ ئېيتتى، بۇنى ئاڭلىدىم ۋە چۈشەندىم،
يەنە بىر سوئالىم بار، ئۇنى ئېيتىپ بەرگىن.

2670 سەنىڭدىن ئۆتەلسۇن ماڭا سۆز تاقى،
مەنىڭدىن ئۆتەلسۇن ساڭا سۆز ھەقى.
سەن مەندىن يەنە بىر سۆزنى ئايىما،
مەن ساڭا سۆزۇڭنىڭ ھەققىنى ئۆتەي.

2671 بىتىكچى نەگۈتەك كەرەك، ئاي تەتىك،
ئاڭار بەگ ئىنانىپ بىتىتسە بىتىك؟.
ئەي زېرەك، بەگ ئىشىنىپ، خەتلىرىنى يازدۇرۇش ئۈچۈن،
پۈتۈكچى ـ كاتىپ قانداق بولۇشى كېرەك؟

34

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە بىتىكچى ئىلمىغا نەگۈتەك كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2672 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ، B199
بۇ ئىشكە ئەدى كەد يەتۈرسۈ بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە چۈشىنىپ يەتكەي!

2673 ئۆتۈك بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى، ئاي بەگ،
يورايىن بۇ سۆزنى كۆڭۈلتەكى تەگ.
ئۆگدۈلمىش مۇراجىئەت قىلىپ دېدى: ئەي بەگ،
بۇ سۆزنى كۆڭۈلدىكىدەك يېشىپ بېرەي.

2674 نەچە مە بىلىك بىلسە بەگلەر ئۆزى، C149
بىتىكچى كەرەك ئول بىتىسە سۆزى.
بەگلەرنىڭ ئۆزى قانچىلىك بىلىملەرنى بىلمىسۇن،
سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن يەنىلا پۈتۈكچى كېرەك.

2675 بىتىكچىگە ئايغۇ كەرەك ئىچ سۆزىن،
كۈدەزسە بىتىكچى ئۆكۈش، يا ئازىن.
پۈتۈكچىگە كۆڭۈلدىكى سۆزنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ،
پۈتۈكچى مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، بۇ سۆزلەرنى مەخپىي تۇتۇشى لازىم.

2676 بۇ ئىچ سۆز تۇتۇغلى پۈتۈن، چىن كەرەك،
پۈتۈنلۈككە ئارتۇق پۈتۈن دىن كەرەك.
بۇ سىرلارنى مەخپىي تۇتقۇچى ئىشەنچلىك، دۇرۇس بولۇشى لازىم،
ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن دىنى كامىل بولۇشى كېرەك.

2677 قالى تۇتماسا بۇ بىتىكچى سۆزۈگ،
بەگى سىررى ئاچلۇر، بۇ ئۆرتەر ئۆزۈگ.

ئەگەر پۇتۇكچى سۆزنى (مەخپىي) تۇتمىسا،
بەگنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ، ئۆزنى ئۆرتەيدۇ.

2678 نەچەمە بۇ بەگلەر سۆزىن كىزلەسە،
بۇ ئىككى كىشىگە كەرەك سۆزلەسە.
بەگلەر سۆزلىرىنى قانچىلىك يوشۇرسىمۇ،
مۇنۇ ئىككى كىشىگە هامان سۆزلىشى كېرەك:

2679 بىرىسى، بىتىكچى، بىرىسى ۋەزىر،
بۇ ئىككى كىشىگە سۆز ئاچماق تەگىر.
بىرى پۇتۇكچى، بىرى ۋەزىر.
بۇ ئىككى كىشىگە سۆز ئېچىشقا تېگىشلىكتۇر.

2680 بۇ ئىككى كىشىگە سۆز ئاچغۇ كەرەك،
سۆز ئاچسا ئاۋاغلارى يۇدگۇ كەرەك.
بۇ ئىككى كىشىگە سۆز ئېچىش كېرەك،
سۆز ئاچقاندا (ئۇلارنىڭ) ئېزىقاشلىرىنى كۆتۈرۈش كېرەك.

2681 بۇ ئىككى كىشىدە بولۇر بارچا سۆز،
بۇ سۆز تۇتماسا، ئۆز ئىشىن بۇزدى ئۆز.
بارچە (مەخپىي) سۆز شۇ ئىككى كىشىدە بولىدۇ،
(ئۇلار) سۆزنى (مەخپىي) تۇتمىسا، ئۆز ئىشىنى ئۆزى بۇزغان بولىدۇ.

2682 ئەدى ياقشى ئايمىش ئۆتۈكەن بەگى،
تىلىن تۇتزۇ بەرمىش ساۋا سۆز يەگى:
ئۆتۈكەن بېگى ناهايىتى ياخشى ئېيتقان،
ئۇ تىلى ئارقىلىق سۆزنىڭ ياخشىسىنى ساۋا قالدۇرغان:

2683 ئاي بەگلەر ئىنانچى، سۆزۈڭ كىزلە بەرك،
سۆزۈڭ كىزلەمەسە، باشىڭ بارغا تەرك.
ئەي بەگلەرنىڭ ئىشەنچى، سۆزۈڭنى ناهايىتى مەخپىي تۇت،
سۆزۈڭنى مەخپىي تۇتمىساڭ، تېزلا بېشىڭ كېتىدۇ.

2684 بۇ ئاغزىڭ مىسالى ئۈڭۈر سانىتەك،
سۆزۈڭ چىقسا ئاندىن، سەهەر تانىتەك،
بۇ ئاغزىڭ مىسالى ئۆڭكۈرگە ئوخشاشتۇر،
سۆزۈڭ ئۇنىڭدىن چىقسا، سەهەر شامىلىدەك (تېز) تارايدۇ.

2685 يازىلدى ئاژۇنقا، ئانى تەرگۇسۇز،
ئەشىتتى تۆزۈ خەلق، ئانى ئۆرتگۇسۇز.
(سۆز) دۇنياغا تارالسا، يىغىۋالغىلى بولمايدۇ،
ئۇنى ھەممە خەلق ئاڭلايدۇ، توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.
2686 ئاغىزدىن ئارا ئوت، ئارا سۇۋ چىقار،
بىرىسى ئەتىكلى، بىرىسى يىقار.
ئېغىزدىن بەزىدە ئوت، بەزىدە سۇ چىقىدۇ،
(بۇلارنىڭ) بىرى تۈزەيدۇ، بىرى بۇزىدۇ.
2687 كۆيەر ئوتتەك ئول بۇ كەرەكسىز سۆزۈڭ،
ئاغىزدىن چىقارماغۇ كۆيگەي ئۆزۈڭ.
كېرەكسىز سۆزۈڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ،
ئۇنى ئېغىزدىن ھەرگىز چىقارما، ئۆزۈڭ كۆيىسەن.
2688 B200 C150 ئاقار سۇۋتەك ئول بۇ تىلىن ئەدگۇ سۆز،
قايۇقا بۇ ئاقسا، چەچەك ئۆندى تۇز.
ئېغىزدىن چىققان ياخشى سۆز ئاقار سۇغا ئوخشايدۇ،
ئۇ قاياققا ئاقسا، شۇ يەردىن گۈل ـ چېچەك ئېچىلىدۇ.
2689 ئايا ئەر ئاتانمىش بىلىكلىگ بۆگۇ،
كۆڭۈل سىررى ئارتۇق قاتىغ كىزلەگۇ.
ئەي مەرد ئاتالغان بىلىملىك دانا،
كۆڭۈل سىرىنى ناھايىتى چىڭ ساقلا!
2690 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، بۇ بەيتىگ ئوقى،
كۆڭۈل سىررى كىزلە، ئاي كۆڭلۈم توقى:
بۇ بېيىتنى ئوقۇ ۋە نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي كۆڭلۈمنىڭ توقى، كۆڭۈل سىرىڭنى يوشۇرۇن تۇت:
2691 «كۆڭۈل سىررى بەرك تۇت سەن ئايما تىلىن،
قالى ئايدىڭ ئەرسە ئۆكۈنچى يىلىن.
«كۆڭۈل سىرىڭنى چىڭ تۇت، ئۇنى سۆزلىمە،
ئەگەر سۆزلىسەڭ، يىللار بويى پۇشايمان يەيسەن.
2692 قىزىل تىل قارا باشقا ياۋلاق ياغى،
بۇ ياۋلاق ياغىغ بەكلە، ئىنچىن سالىن».

قىزىل تىل قارا باشنىڭ يامان دۈشمىنى،
بۇ يامان دۈشمەننى باغلا، ھۇزۇر ئىچىدە ياشا».

2693 بىتىكچى بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ كەرەك،
خەتى ئۈز، بەلاغەت تاقى ئەدگۈرەك.
پۈتۈكچى ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇشى كېرەك،
خېتى ئۈز، سۆز ماھارىتى تېخىمۇ ياخشىراق بولۇشى كېرەك.

2694 بىتىكدە خەت ئۈز بولسا، ئاچلۇر كۆڭۈل،
ئوقىغۇ كەلىر، باقسا ئاۋنۇر كۆڭۈل.
پۈتۈكتە خەت ئۈز بولسا، كۆڭۈل ئېچىلىدۇ،
ئۇنىڭغا قاراپ كىشىنىڭ ئوقۇغۇسى كېلىدۇ، كۆڭۈل ئاۋۇنىدۇ.

2695 بەلاغەت بىلە خەت تەڭەشسە قالى،
ئەدى ئەدگۈ ياڭ بۇ بىتىك سۆز تىلى.
ئەگەر خەت سۆز ماھارىتى بىلەن بىرلەشسە،
بۇ خەت ۋە تىلنىڭ ياخشى ئىپادىسى بولىدۇ.

2696 نەگۈ تەر ئەشتكىل ئىلا سىر تەڭى:
ئەدى ئەدگۈ ياڭ بۇ بىتىك سۆز ياڭى.
ئېلىنىڭ ھېكمەتلىك (پۈتۈكچىسى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
سۆز پۈتۈش قائىدىسى بەك ياخشى قائىدىدۇر.

2697 قامۇغ ئەدگۈ سۆزلەر بىتىكدە بولۇر،
بىتىنمىش ئۈچۈن سۆز ئۇنىتماز قالۇر.
كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە يېزىلىدۇ،
پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن سۆزلەر ئۇنتۇلمايدۇ.

2698 بىتىمەدى ئەرسە بىتىگلى بىتىك.
نەگۈ بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھىكمەت، بىلىك؟
پۈتۈكچىلەر پۈتۈك يازمىغان بولسا ئىدى،
بۇ ھېكمەت، بىلىملەرنى قانداق بىلگەن بولاتتىڭ؟

2699 بىتىپ قودماسا ئەردى بىلگە بۆگۈ، A 98
بىزىڭدە ئوزاقىغ كىم ئەردى تەگۈ؟
ئالىم ۋە دانالار پۈتۈك يېزىپ قويمىغان بولسا ئىدى،
بىزگە ئۆتكەن (ئىشلارنى) كىممۇ ئېيتىپ بېرەلەيتتى؟

2700 يوق ئەرسە بىتىك بۇ كىشىلەر ئارا،
تىلىن سۆزگە كىم پۈتگەي ئەردى كۆرە؟
كىشىلەر ئارىسىدا يېزىق بولمىغان بولسا،
ئېغىزدا سۆزلىگەنگە كىممۇ ئىشىنەتتى؟

2701 كىشى ئەلدىن ئەلگە سۆز ئىدغۇ بولۇر، B201 C151
بىتىك بولماسا سۆز نەچە سۆزلەيۇر؟
كىشىلەر ئەلدىن ـ ئەلگە سۆز ـ خەۋەر ئەۋەتىدۇ،
يېزىق بولمىسا، سۆزنى قانداق ئۇقتۇراتتى؟

2702 ئەدى كەد كەرەكلىگ تۇرۇر بۇ بىتىك،
بىتىك بىرلە بەگلەر ئەتەر ئەل ئەتىك.
يېزىق ناھايىتى كېرەكلىك بىرنەرسىدۇر،
بەگلەر ئەل ئىشىنى يېزىق بىلەن بېجىرىدۇ.

2703 بۇ بەگلەر ئىشىڭە تۇسۇلۇر كىشى،
بۇ ئۈچ تۇرلۇگ ئول، كۆر، ئاي ئەلچى باشى.
بەگلەرنىڭ ئىشىغا پايدىسى تېگىدىغان كىشى
ئۈچ تۇرلۇك بولىدۇ، ئەي ھۆكۈمدار:

2704 بىرىسى بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ بۆگۈ،
تاقى بىر بىتىكچى تۇرۇر سۆزلەگۈ.
بىرى ــ بىلىملىك ۋە ئىدراكلىق دانالار،
يەنە بىرى ــ سۆزلىگەننى (يازغۇچى) پۈتۈكچى.

2705 ئۈچۈنچى، كۈر، ئەرسىگ ئەر، ئول تولۇ يۈرەك.
ياغىقا، بۆرىگە بۇ ئەرسىگ كەرەك.
ئۈچىنچىسى ــ جەسۇر، مەرد ۋە يۈرەكلىك يىگىتلەركى،
دۈشمەنگە ۋە بۆرىگە بۇنداق باتۇرلار لازىم بولىدۇ.

2706 ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ، بۇ ئۆگلۈگ بۆگۈ،
كەڭەشكە تۇسۇلۇر، ئاڭار نە تەگۈ.
ئىدراكلىق، بىلىملىك ۋە ئەقىللىك دانالار
كېڭەشىشكە پايدىلىق بولىدۇ، بۇنىڭغا نىمە دېگۈلۈك.

2707 قامۇغ ئەل ئىشىن بارچا ئەتگەن بىتىك،
بىتىكىن تۇتار ئەل كىرىشىن تەتىك.

ئەل ئىشىنىڭ ھەممىسىنى تۈزىگەن پۈتۈكتۇر،
زىرەك كىشىلەر ئەل دارامىتىنى يېزىق بىلەن ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

2708 قىلىچ ئالسا ئەرسىگ ئەرەن ئىشلەسە،
ياغى بوينى يەنچسە، ئۆزە ئىگلەسە.
مەرد باتۇرلار قىلىچ ئېلىپ ئۇنى ئىشقا سالسا،
دۈشمەننىڭ بويىنىنى يانجىپ، چەيلەيدۇ.

2709 يۇمىتسا قايۇدا بۇ ئۈچ تۇرلۇگ ئەر،
تىلەكىن بۇلۇر ئەر تۈمەن ئارزۇ يەر.
بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى قەيەردە جەم بولسا،
كىشى تىلىكىگە ئېرىشىدۇ (ۋە) ھەممە ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ.

2710 بۇلاردا نارۇقى قالىن بۇ قۇتۇ
بۇ ئۈچكە ئۇدۇ بارداچى ئول بوتۇ.
بۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن گۇرۇھ ـ قاتلاملارنىڭ ھەممىسى
بۇ ئۈچىگە ئەگىشىپ بارغۇچى بوتىلاقتۇر.

2711 قىلىچ بىرلە تۇتلۇر، قالى تۇتسا ئەل،
قەلەم بىرلە باسلۇر، قالى باسسا ئەل.
ئەگەر ئەل ئېلىنسا، قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ.
ئەگەر ئەل ئىدارە قىلىنسا، قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ.

2712 بىلىكىن، ئۇقۇشۇن تەگىپ ئەل تۈزەر،
بۇ ئۈچ نەڭ بىلە ئەر ئاژۇنۇغ سۈزەر.
(كىشى) بىلىمى ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئەلنى تۈزەيدۇ،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن كىشى دۇنيانى تىنچلاندۇرىدۇ.

2713 بىلىك بىرلە باشلار بەگى ئەل تۆرۈ،
ئۇقۇش بىرلە ئىشلەر قامۇغ ئىش كۆرۈ.
بەگ بىلىم بىلەن ئەلنى باشلاپ، قانۇن يۈرگۈزىدۇ،
بارلىق ئىشلارنى ئىدراك بىلەن ئىشلەيدۇ.

2714 قىلىچ ئەل تۇتار ھەم بودۇن قازغانۇر،
قەلەم ئەل تۈزەر ھەم خەزىنە ئۇرۇر.
قىلىچ ئەل تۇتىدۇ ھەم خەلقنى قولغا كەلتۈرىدۇ،
قەلەم ئەل تۈزەيدۇ ھەم خەزىنە توپلايدۇ.

2715 قىلىچ قان تامۇزسا، بەگى ئەل ئالىر،
قەلەمدە قارا تامسا، ئالتۇن كەلىر.
قىلىچ قان تامغۇزسا، بەگ ئەل ئالىدۇ،
قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن كېلىدۇ.

2716 بۇ ئىككى تۇرۇر بۇ ئاژۇن تۇترۇقى،
ئۇزا كەچمىش ئىش ھەم كەلىر ئۇترۇقى.
مەيلى ئۆتكەن ئىشلاردا بولسۇن، ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن،
بۇ دۇنيانىڭ تايانچىسى مۇشۇ ئىككى نەرسىدۇر.

2717 ئايا بەگ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەردەم ئول، C152
بۆگۈ ئەلچى بەگلەر مۇنى تۇتغۇ يول.
ئەي بەگ، بۇ ئىككى (نەرسە) چوڭ پەزىلەتتۇر،
ئەل سورىغۇچى دانا بەگلەر بۇ يولنى تۇتۇشى كېرەك.

2718 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز، B202
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئايا ئەدگۈ ئۆز.
بۇنىڭغا تەقلىدەن بۇ سۆز كەلدىكى،
ئەي ياخشى كىشى، بۇنى سەن ئاڭلىغىن:

2719 «ئەدى ئەدگۈ ئەردەم بىلىك بىلسە ئەر،
تاقى ئارتۇق ئەردەم قىلىچ ئۇرسا ئەر.
«كىشىنىڭ بىلىم بىلىشى بەك ياخشى پەزىلەتتۇر،
ئۇ قىلىچ ئۇرالىسا، بۇ تېخىمۇ ئارتۇق خىسلەتتۇر.

2720 قىلىچ بىرلە تۇتلۇر تالۇ ئەدگۈ ئەل،
قەلەم بىرلە ئەتلۇر تىلەك ـ ئارزۇ يەر».
كۆپلىگەن ياخشى ئەللەر قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ،
قەلەم بىلەن تۈزىلىپ تىلەك ـ ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ».

2721 كۆزى توق كەرەك ھەم ئۆزى ئۇمدۇسۇز،
باغىرساق كەرەك چىن، ئۆزى قولتغۇسۇز.
(پۇتۇكچى) كۆزى توق بولۇشى، تەمەخور بولماسلىقى،
سەممىمي ـ سادىق، توغرا، موھتاجسىز بولۇشى كېرەك.

2722 كۆزى توق كىشى نەڭگە سۇقلانماز ئول،
كىشى نەڭ بىلە بولسا، ئارسىقماز ئول.

كۆزى توق كىشى مال ـ دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ،
كىشى مال ـ دۇنيا بىلەن (ئالدىماقچى) بولسا ئالدانمايدۇ.

2723 كىشى ئۈمدۈچى بولسا بولدى بۆلۈن،
سۆيۈرقا ئانى سەن، ئاي كۆركى تولۇن.

ئادەم تەمەخور بولسا، (نەپسىگە) قۇل بولىدۇ،
سەن ئۇنى كەچۈرگىن، ئەي تولۇن يۈزلۈكۈم.

2724 نەچەمە بەگ ئەرسە قۇل ئول ئۈمدۈچى،
كىشىدە ئەلى ئۈمدۈچى ئول تۈچى.

تەمەخور ھەرقانچە بەگ بولسىمۇ، ئۇ قۇلدۇر.
تەمەخور دائىم كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر.

2725 سۇق ئەرسە بىتىكچى بىلىك ئارتاتۇر،
بىتىر ئۈمدۈ بىرلە، بىتىك ئارتاتۇر.

پۈتۈكچى ئاچ كۆز بولسا بىلىمنى بۇزىدۇ،
تەمە بىلەن (كىتاب) يېزىپ، پۈتۈكنى بۇزىدۇ.

2726 كۈمۈش كۆرسە ئالتۇن ئاڭار ئارسىقار،
ئىدىسى باشىن يەر، يا باش ئالسىقار.

ئالتۇن ـ كۈمۈش كۆرسە ئۇنىڭغا ئالدىنىدۇ،
يا ئىگىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ، ياكى (ئۆز) بېشىنى يوقىتىدۇ.

2727 باغىرساق تاپۇغچى ئىشىك ياستانۇر،
تىلەدۈكتە تۈتچى قاپۇغدا تۇرۇر.

سادىق خىزمەتچى بوسۇغىنى ياستۇق قىلىپ ياتىدۇ،
خالىغان چاغدا، دائىم ئىشىكتە تۇرىدۇ.

2728 باغىرساق تاپۇغچى بەگ ئاسغىن تىلەر،
تەنى، جانى، مالىن بەگىڭە ئۈلار.

سادىق خىزمەتچى بەگنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ،
تېنى، جېنى ۋە ماللىرىنى بەگكە بېغىشلايدۇ.

2729 بور ئىچمەز كەرەك، بولسا قىلقى ئارىغ،
ياراغسىز قىلىنچىغ يىراتسا ئارىغ.

(پۈتۈكچى) ئىچىملىك ئىچمەسلىكى، قىلىقلىرى پاك بولۇشى،
يارىماس قىلىقلاردىن ئۆزىنى تامامەن يىراق تۇتۇشى لازىم.

2730 بىتىكچى بور ئىچسە بىلىكدىن تەزەر،
بىلىكدىن تەزىكلى بىتىكدىن ئازار.
پۈتۈكچى مەي ئىچسە بىلىمدىن يىراقلىشىدۇ،
بىلىمدىن تېزىپ كەتسە، خەتتىن ئازىدۇ.

2731 بىتىكچى كەچە ـ تاڭدا ئەلدە كەرەك،
نەچەدە كەرەك بولسا، ئاندا كەرەك.
پۈتۈكچى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشىكتە تۇرۇشى كېرەك،
قاچان كېرەك بولسا، شۇ چاغدا (تەييار بولۇشى) لازىم.

2732 كىشىدە تالۇلا بۇ ئىككى كىشىگ، C153
ئاڭار ئۆترۇ بەرگىل بۇ ئىككى ئىشىگ.
كىشىلەر ئىچىدىن بۇ ئىككى كىشىنى تاللاپ ئال،
ئاندىن ئۇلارغا شۇ ئىككى ئىشنى تاپشۇر:

2733 بىرىسى بىتىكچى ـ خەتى بەلگۈلۈگ، B203
بىرىسى يالاۋاچ ـ تىلى ئۇلگۈلۈگ.
بىرى ـــ خېتى ئېنىق بولغان پۈتۈكچى،
يەنە بىرى ـــ ئۆلچەملىك سۆزلەيدىغان ئەلچى.

2734 ياقىندا، ياغۇقتا، يا يات، باز ئارا
تۇشار ئەرسە ئۆۋكە، بۇلاردىن كۆرە.
يېقىن دوستلار ياكى يىراق ياتلار ئارىسىدا
خاپىلىق يۈز بەرسە، بۇلاردىن كۆرگىن.

2735 بۇ ئىككى كىشىدىن تۇشار تۇشسا ئىش،
بۇ ئىككى كىشىلەر ئەتەر ئەتسە ئىش.
ئىش چىقسا بۇ ئىككى كىشىدىن چىقىدۇ،
ئىشنى ئوڭشىسىمۇ بۇ ئىككى كىشى ئوڭشايدۇ.

2736 بىرىسى، بىتىكدە ياڭىلسا سۆزۈگ،
بىرىسى، تىلى بىرلە ئەتسە سۆزۈگ.
بىرسى پۈتكەندە سۆز خاتا بولسا،
بىرسى تىل بىلەن بۇ سۆزنى تۈزەتسۇن.

2737 بىتىكچى بۇ ياڭلىغ كەرەك، ئاي ئەلىگ،
ئىنانسا، ئاڭار بەرسە بولغاي ئەلىگ.

ئەي ئەلىگ، پۈتۈكچى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك،
(ئاندىن) ئۇنىڭغا ئىشەنسە، قول بەرسە بولىدۇ.

2738 بۇ ياڭلىغ كىشىگە ئىنانسا بولۇر،
كىشىلىك تىلەسە ئانىڭدىن كەلۈر.
مۇشۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولىدۇ،
كىشىلىك تىلىسەڭ، شۇلاردىن كېلىدۇ.

*　　*　　*

2739 بۇ ئەردى، ئاي ئەلىگ، مەنىڭ بىلمىشىم،
ئۆتۈندۈم ئەلىگكە، تۈگەندى ئىشىم.
ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇلار ئىدى،
بۇنى ئەلىگكە بايان قىلدىم، ئىشىم تۈگىدى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2740 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم مۇنىما ئۆگۈن،
تاقى بىر سۆزۈم بار، ئانى ئاي بۇ كۈن.
ئەلىگ ئېيتتى: بۇنىمۇ زېھىن بىلەن چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، بۈگۈن ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەر.

2741 ئاغىچى نەگۈتەك كەرەك، ئاي ماڭا،
ئاڭار پۈتسە بەگلەر يەتۈرسە نەڭە؟.
ماڭا ئېيتقىن، خەزىنىچى قانداق بولۇشى كېرەك،
(قانداق خەزىنىچىگە) بەگلەر ئىشىنىپ ماللىرىنى تاپشۇرسا بولىدۇ؟

2742 ئاغى قازناقى تۇتسا ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئول ئەر باشقا ئەلتسە بۇ ئايمىش يۇمۇش.
(چۈنكى ئۇ) خەزىنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ساقلىشى،
ئېيتىلغان ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقىشى لازىم ـ دە.

35

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئاغچى نەگۈتەك ئەر كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە خەزىنىچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2743 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
سەۋۈگ نەڭ بۇ ئالتۇن كۈمۈش — جان ئوتى.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى :ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش سۆيۈملۈك نەرسە، جاننىڭ دەرماندۇر.

2744 ئەدى چىن، پۈتۈن كەد كەرەك ئەر كۆنى،
كۆڭۈل يايماسا، ئۆترۈ تۇتسا مۇنى.
كۆڭۈلنى توختىتىپ، ئاندىن ئۇنى (ئىشقا) قويۇش ئۈچۈن
ناھايىتى چىن، ئىشەنچلىك، بەك توغرا بولۇشى كېرەك.

2745 نەگۈ تەر ئەشتىكىل بۇ سارتلار باشى،
ئاژۇن تەزگىنىپ نەڭگە تەگمىش كىشى.
دۇنيانى كېزىپ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان
سودىگەرلەر باشلىقى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2746 B204 C154 سەۋۈگ نەڭ بۇ جان، جاندا يەگرەك سەۋۈك
كۈمۈش ـ ئالتۇن ئول، جاندا كەدرەگ سەۋۈگ.
جان سۆيۈملۈك نەرسە، جاندىنمۇ ياخشىراقى
ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇ جاندىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر.

2747 ئەتىلمەز كۆڭۈلۈگ ئەتەر بۇ كۈمۈش،
ئەگىلمەز كىشىنى ئەگەر بۇ كۈمۈش.
كۈمۈش ئېچىلماس كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ،
كۈمۈش ئېگىلمەس كىشىنى (بوي) ئەگدۈرىدۇ.

2748 كۈمۈش كۆرسە يالڭۇق كۆڭۈل تۇتماسا،
ياراغاي ئانى چىن فەرىشتە تەسە.

ئىنسان كۈمۈشنى كۆرۈپ (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل بەرمىسە،
ئۇنى چىن پەرىشتە دېسىمۇ بولىدۇ.

2749 كۈر ئەر كۆردى ئالتۇن ئۆزى يۇمشادى،
ئىرىك سۆزلۈگ ئەرنىڭ سۆزى يۇمشادى.
ئالتۇننى كۆرۈش بىلەن جەسۇر ئەرمۇ بوشايدۇ،
قوپال سۆزلۈك كىشىنىڭ سۆزىمۇ يۇمشايدۇ.

2750 كۆزى توق كەرەك ھەم قىلىنچى پۈتۈن،
بارى ئارتا بارسا كۈنىگە قۇتۇن.
كۈندىن ـ كۈنگە دۆلىتى ئېشىش (ئۈچۈن)،
كۆزى توق، ئىش ـ ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك.

2751 ئۆكۈش نەڭ كۆرۈ تودمىش ئەرسە كۆزى،
يانا قورقار ئەرسە باياتقا ئۆزى.
كۆپ مال ـ دۇنيانى كۆرۈپ كۆزى تويغان بولۇشى،
يەنە ئۆزى خۇدادىن قورقىدىغان بولۇشى كېرەك.

2752 ھەلال ھەم ھەرام ئادرار ئەرسە ئاچا،
ياراغلىغ، ياراغسىزنى بىلسە سەچە.
ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق ئايرىيالىشى،
يارامىلىق بىلەن يارامسىزنى پەرقلەندۈرۈپ بىلىشى كېرەك.

2753 كۆزى توق كىشىلەر نەڭىڭ ئەدلەمەز،
پۈتۈن، چىن كىشىلەر ئۆزىن يەگلەمەز.
كۆزى توق كىشىلەر مېلىڭغا نەزەر سالمايدۇ،
ئادىل ۋە توغرا ئادەملەر ئۆزىنىلا كۆزلىمەيدۇ.

2754 كىچىگدە كۆرۈ قالسا ئالتۇن كۈمۈش،
ئانىڭ سۇقلۇقى بولماز ئانچا ئۆكۈش.
كىچىكىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش كۆرۈپ چوڭ بولسا،
ئۇنىڭ (مال ـ دۇنياغا) ئاچ كۆزلۈكى كۆپ بولمايدۇ.

2755 ئۆزى قورقار ئەرسە باياتقا قالى،
بۇ ئەر تۇتغا شەكسىز كۆنىلىك يولى.
ئەگەر ئۆزى خۇدادىن قورقسا،
بۇنداق كىشى، شۈبھىسىز، توغرىلىق يولىنى تۇتىدۇ.

2756 كۆنلىك مۇن ئول، بارچا ئەدگۇ ئاسىغ،
بۇ ئاسىغ بىلە بۇلدى مەڭۇ تاتىغ.
توغرىلىق بىر سەرمايە، بارچە ياخشىلىق پايدىدۇر،
بۇ پايدا بىلەن مەڭگۇ لەززەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2757 كۆنى بولسا يالڭۇق كۇنى ئەدگۇ ئول،
كۇنى ئەدگۇ بولسا قۇتى مەڭۇ ئول.
ئىنسان توغرا بولسا، كۇنى ياخشى ئۆتىدۇ،
كۇنى ياخشى ئۆتسە، بەخت ـ دۆلىتىمۇ مەڭگۇ بولىدۇ.

2758 نەگۇ تەر ئەشىتگىل باغىرساق سۆزى،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئاي ئاژۇن تۆزى.
سادىق ـ سەمىمىي كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي جاھان ئېسىلى، بۇ سۆزگە ئەمەل قىل!

2759 «كۆڭۇل، تىل كۆنى تۇت، قىلىنچىن پۇتۇن،
ساڭا كەلگە دەۋلەت بۇ دۇنيا پۇتۇن.
«دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، ئىش ـ ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسۇن.
ئىشەنكى، مال ـ دۇنيا، دۆلەت ساڭا كېلىدۇ.

2760 كۆنى بولدۇڭ ئەرسە قۇتادغاي كۇنۇڭ، C155
سالامەت تىرىلگىل سەۋىنچىن، قۇتۇن.»
توغرا بولساڭ، كۇنلىرىڭ سائادەتلىك بولىدۇ،
خۇشاللىق ۋە بەخت بىلەن سالامەت ياشا.»

2761 باغىرساق كەرەك ھەم ئودۇغ، ساق، ەتىك، B205
ەتىكلىك بىلە ئەر قىلۇر مىڭ ئەتىك.
(خىزمەتچى) سادىق، سەگەك، ھوشيار، زېرەك بولۇشى كېرەك،
زېرەكلىك بىلەن كىشى مىڭ (خىل ئىشلارنى) قىلالايدۇ.

2762 ئۇۋۇتلۇغ كەرەك ھەم يەمە ئۆگ ـ كۆڭۇل،
ئۇۋۇتسۇز كىشىدە يىراق تۇر تۆڭۇل.
ھايالىق ھەم ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولۇش كېرەك،
ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، (ئۇنىڭدىن) ۋاز كەچكىن.

2763 ئۇۋۇت ئول تىدىغلى ياراغسىز ئىشىگ،
ئۇۋۇت ئول ئەتەر قىلقى ئارتاق كىشىگ.

ھايا يارىماس ئىشلارنى چەكلىگۈچىدۇر،
قىلىقى بۇزۇق كىشىنى تۈزەيدىغانمۇ ھايادۇر.

2764 بور ئىچمەز كەرەك ھەم ئۆزىن تۇتغۇچى،
ئۆزىن تۇتغۇچى ئەر قۇتۇغ تاپغۇچى.
(خەزىنىچى) مەي ئىچمەسلىكى ھەم ئۆزىنى تۇتقان بولۇشى كېرەك.
ئۆزىنى تۇتقۇچى ئەر بەخت تاپقۇچى بولىدۇ.

2765 بور ئىچسە ئاقىلىق قىلۇر ئول نەڭىن،
كىشىگە ئۈلەر نەڭ، ئالۇماز تەڭىن.
مەي ئىچسە مال ـ دۇنياغا سېخىيلىق قىلىدۇ،
كىشىلەرگە مالنى ئۈلەشتۈرىدۇ، ھەققىنى ئالالمايدۇ.

2766 بۇ ئىشكە ئاغىچى ساران ئەدگۈرەك،
سارانلىق بىلە نەڭ كۈدەزگۈ كەرەك.
بۇ ئىشتا خەزىنىچى بېخىلراق (بولغىنى) ياخشى،
مال ـ دۇنيانى بېخىللىق بىلەن ساقلاش كېرەك.

2767 باغىرساق تاپۇغچى، كۆر، ئۆزكەي بولۇر،
بۇ ئۆزكەي تاپۇغچى بەگىن باي قىلۇر.
قارا، سادىق خىزمەتچى ۋاپادار بولىدۇ،
ۋاپادار خىزمەتچى بېگىنى باي قىلىدۇ.

2768 باغىرساق كىشى ئول كىشى ئۆدرۈمى،
باغىرساقنى بەك تۇت، ئاي ئەر كۆدرۈمى.
سادىق خىزمەتچى كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر،
سادىق خىزمەتچىنى چىڭ تۇت، ئەي ئېسىل كىشى.

2769 ئاغىچى ئودۇغ بولسا ئىش ئارتاماز،
ساقىنشىلىغ تۇتار نەڭ، ئۆزىن ئۆرتەمەز.
خەزىنىچى ھوشيار بولسا، ئىشلار بۇزۇلمايدۇ،
مالنى ھېسابلىق تۇتىدۇ ۋە ئۆزىنىمۇ ئۆرتىمەيدۇ.

2770 ئۆگى بولسا يالڭۇق ئۇنىتماز بولۇر،
سانۇ، ساقنۇ ئىشلەر، ياڭىلماز بولۇر.
ئەقلى بولسا ئىنسان ئۇنتۇماس بولىدۇ،
ساناپ، ھېسابلىق ئىشلەيدۇ، يېڭىلىشمايدۇ.

2771 ئۈنتغان بولۇر كۆرسە ئۆگسۈز كىشى،
بۇ ئۆگسۈز ئاغىچى بۇزار ئۆز ئىشى.
دىققەت قىلساڭ، ئەقىلسىز كىشىلەر ئۇنۇتقاق كېلىدۇ،
ئەقىلسىز خەزىنىچى ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ.

2772 تەتىكلىك كەرەك قىلسا تۇرلۇگ ساقىش،
تەتىك بولماغىنچا قالى ئادرار ئىش.
تۇرلۇك ھېسابنى قىلىشتا زېرەكلىك لازىم،
زېرەك بولمىسا ئىشنى قانداق ئېدىتلىق قىلالايدۇ؟

2773 بىتىكچى كەرەك ئۇز، قامۇغ خەت بىلىر،
ساقىشىغ بىتىكىن كۇدەزسە قالىر.
تۇرلۇك خەتنى بىلىدىغان بىر (ئۇز) پۈتۈكچىمۇ كېرەك.
ھېسابنى خەت بىلەن خاتىرىلىسە، (ئەستە) قالىدۇ.

2774 بىتىكچى كۇدەزگۇ كىرىش ھەم چىقىش، C156
بىتىكىن كۇدەزگۇ قامۇغ تۇرلۇگ ئىش.
پۈتۈكچى كىرىم ھەم چىقىمنى كۆزىتىشى لازىم،
ھەر تۇرلۇك ئىشنى يېزىپ ساقلىشى لازىم.

2775 يىل ـ ئاي، ئۆد بىتىسە كۇنى بەلگۇلۇگ،
ئاچۇقلۇغ، ئادىرتلىغ سانى بەلگۇلۇگ.
يىل، ئاي زامان خاتىرىلەنسە، كۇنلەر بەلگىلىك،
ئوچۇق، ئېدىتلىق، سانلار ئېنىق بولىدۇ.

2776 ساقىش ساقلىقى چىن بىتىك بىرلە ئول، B206
بىتىپ قودسا، ساقىش قاپۇغ ئاچتى يول.
ھېسابنىڭ ساقلىقى، ھەقىقەتەن يېزىق بىلەندۇر،
پۈتۈپ قويسا، ھېساب (نىڭ) ئىشىكى، يولى ئېچىلىدۇ.

2777 نەگۇ تەر ئەشىتكىل باغىرساق كىشى،
ساقىش بىرلە بەك تۇتغۇ ئىشچى ئىشى.
سادىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
خىزمەتچىلەر ئىشنى ھېساب بىلەن چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

2778 بىتىكسىز ئىشىگ بەك تۇتۇماز كۆڭۈل،
كۆڭۈلگە ئىشەنمە، بىتى ئاي ئوغۇل.

يېزىلمىغان ئىشنى كۆڭۈلدە چىڭ ساقلىغىلى بولمايدۇ،
كۆڭۈلگە ئىشەنمە، ئەي ئوغۇل يېزىپ قوي.

2779 بىتىسە قالىر سۆز، ئۇسانسا بارىر،
ئۇسال بولسا ئىشچى ساقىشتا ئۇلىر.

يېزىپ قويسا، سۆز ساقلىنىدۇ، بىخۇد بولسا يوقىلىدۇ.
خىزمەتچى بىخۇد بولسا، ھېساب (بېرىشتە) زارلايدۇ.

2780 بىلىر بولسا تەگمە بۇ تۈرلۈگ بىتىك،
ئانىن ساقلاسا ئۆترۈ قىلسا ئەتىك.

(خەزىنىچى) ھەر تۈرلۈك خەت، (ھېسابلارنى) بىلىدىغان بولسا،
ئۇنى ساق تۇتۇپ، ئاندىن ئىشلىرىنى قىلالايدۇ.

2781 ساقىشتا ئۇسانسا قايۇ ئىشچىلەر،
ساقىش بەردۈكىندە ئۇلىر، باش چالار.

قايسىبىر خىزمەتچى ھېساباتتا بىخۇدلۇق قىلسا،
ھېساب بېرىشتە زارلاپ، بېشىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

2782 ئەلىگ ساقىشىن بىلسە ئارتۇق، يەتە،
پىشۇرسا ئۆگى، كۆڭلى ساقىش تۇتا.

(خەزىنىچى) قول ھېسابىنى تولۇق، يېتەرلىك بىلىشى،
ئەقلى ۋە ھوشىنى ھېساباتتا پىشۇرۇشى لازىم.

2783 ئەلىگ ساقىشىندا كەچەر ئەرسە سەن،
كەرەك ھەندەسە ساقىشى تۇتسا سەن.

قول ھېسابىدا يېتىشكەن بولساڭ،
يەنە ھەندەسە ھېسابىنىمۇ ئىگىلىشىڭ كېرەك.

2784 كۆرۈ بارسا يىنچكە ساقىش ھەندەسە،
مۇنى بىرلە يەر ـ كۆك بولۇر ئول ساسا.

دىققەت قىلىنسا، ھەندەسە ئىنچىكە ھېسابتۇر،
بۇنىڭ بىلەن يەر ـ ئاسماننىڭ ھېسابىنى چىقارغىلى بولىدۇ.

2785 نەگۈ تەر ئەشتكىل ئاي بىلگە بۆگۈ،
بىلىكلىگ سۆزى بولسا ئاشتەك يەگۈ.

دانا ھەكىم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى غىزا دەپ يېيىش كېرەك:

2786 «ئەدىمە پاتىغ ھەندەسە ساقىشى،
ئانىن تەزگىنۇر، كۆر، ھەكىملەر باشى.
«ھەندەسە بەكمۇ چوڭقۇر ھېسابتۇر،
ئۇ (ھەتتا) ھەكىملەرنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ.
2787 ئەۋىنتەك يارىر بۇ يەتى قات كۆكۈگ،
ئادىرتتى سەچىمتەك يەر ئەرسە قاشى.»
ئۇ يەتتە قات ئاسماننى دانە ـ دانە قىلىپ يارىدۇ،
يەر ۋە تۆپىلىكلەرنى تىلىمدەك ئايرىيدۇ».
2788 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ كەرەك قىلقى تۈز،
ئۇقۇشلۇغ كىشىلەر ئىشى بارچا ئۆز.
(خەزىنىچى) ئىدراكلىق، خۇلق ـ مىجەزى توغرا بولۇشى لازىم.
ئىدراكلىق كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئۆز بولىدۇ.
2789 بىلىكلىگ كىشىلەر بولۇر چىن، كۆنى، C157
كۆنى قايدا بولسا يارۇيۇر كۆنى.
بىلىملىك كىشىلەر دۇرۇس ۋە توغرا كېلىدۇ،
توغرا ئادەم قەيەردە بولسا كۈنى يورۇق بولىدۇ.
2790 ئۇقۇش ئولماسا ئەر ئۆزىن تۇتنۇماز،
بىلىك بولماسا ئەر ئىشىن ئەتنۈمەز.
ئىدراك بولمىسا، ئادەم ئۆزىنى تۇتالمايدۇ،
بىلىم بولمىسا، ئادەم ئىشىنى يۈرگۈزەلمەيدۇ.
2791 بولۇر قارشى ئىچرە ئاغىچى ئىشى، B207
ئۆزىن كەد كۈدەزگۈ بۇ ياغلىغ كىشى.
خەزىنىچىنىڭ ئىشى ساراي ئىچىدە بولىدۇ،
بۇ خىل كىشى ئۆزىنى بەك كۆزىتىشى كېرەك.
2792 كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇتسا قىلقى پۈتۈن،
ئاڭار تەگمەسە ئوت يالىنى تۈتۈن.
دىلى بىلەن تىلىنى توغرا تۇتۇشى، ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىك بولۇشى لازىمكى،
ئۇنىڭغا ئوت يالقۇنى ۋە تۈتۈنى تەگمىسۇن.
2793 كۆزى كەد كۈدەزسە، تىلىن بەكلەسە،
ئۇقۇش بىرلە ئارزۇ، ھەۋاغ ئۆركلەسە.

كۆزگە بەك ئېھتىيات قىلسۇن، تىلىنى چىڭ تۇتسۇن،
ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ئىدراك بىلەن يوگەنلىسۇن.

2794 كۆزۈن كۆرسە، ئۆترۈ كۆڭۈل ئارزۇلار،
كۆڭۈل ئارزۇ قولسا، ئانى كىم يىغار.
كۆز كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدۇ،
كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا ئۇنى كىم يىغالايدۇ؟

2795 كۆڭۈل بەگ تۇرۇر يەتتى ئەندام ئۇزە،
بەگى باشلاسا بودنى يۈگرۈر تۇزە.
يەتتە ئەزا ئىچىدە كۆڭۈل بەگدۇر،
بېگى باشلىسا خەلقى تامامەن (ئەگىشىپ) يۈگۈرەيدۇ.

2796 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ سۆزۈگ،
ئاي ئەرسىگ كۈدەزگىل كۆڭۈلۈگ، كۆزۈگ:
بىلىملىك (كىشى) بۇ سۆزنى بەك ياخشى ئېيتقان،
ئەي يىگىت، كۆڭۈل ۋە كۆزۈڭگە ئېھتىيات بول:

2797 «ئەت ـ ئۆز، يەتتى ئەندام كۆڭۈلگە ئۇدار،
كۆڭۈل بىرلە يالڭۇق ئاغىر يۈك يۇدەر.
«ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە ئەگىشىدۇ،
ئىنسان كۆڭۈل بىلەن ئېغىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ.

2798 تۇگەل سىر ـ بەدىز ئول كۆڭۈلسۈز كىشى،
كۆڭۈلسۈز كىشى بىلگە ئاتىن يودار».
كۆڭۈل ـ تۈيغۇسىز كىشى تامامەن بىر سۈرەت ـ بېزەكتۇر.
كۆڭۈل ـ تۈيغۇسىز كىشى دانا دېگەن نامىنى يوقىتىدۇ».

2799 كەرەك ئەلگى بەرك، ساق، كەرەكسىز ئاقى،
ساچىلماسا ئۆترۈ ئاغى قازناقى.
(بۇ ئىشقا) قاتتىق قوللۇق، ساقلىق كېرەك، سېخىيلىقنىڭ ھاجىتى يوق.
شۇندىلا، خەزىنە، مال ـ دۇنيا چېچىلىپ كەتمەيدۇ.

2800 ئاقىلىق ئەدى كەد، ئانى قودماغۇ،
كىشى نەڭى بىرلە ئاقى بولماغۇ.
سېخىيلىق بەك ياخشى، ئۇنى تاشلىماسلىق كېرەك،
(لېكىن) بىراۋنىڭ مېلى بىلەن سېخىي بولماسلىق كېرەك.

2801 ساتىغچى كەرەك بىلسە تۈرلۈگ ساتىغ،
ساتىغ بىلمەسە ئەر قىلۇماز ئاسىغ.
تۈرلۈك سودىنى بىلىدىغان سودىگەر بولۇشى كېرەك،
سودىنى بىلمىسە، كىشى پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ.

C158 2802 قامۇغ نەڭ، تاۋارىغ بىلىكلى كەرەك،
ئاغىرىن، ئۇچۇزۇن ئۇقۇغلى كەرەك.
هەر خىل مال ــ تاۋارلارنى تونۇيدىغان،
قىممىتى ۋە ئەرزىنىنى بىلەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

2803 بىلىر بولسا قىيمەت، ئول ئارسىقماسا،
ساتىغدا ــ تاۋىغدا نەڭ ئالسىقماسا.
(مالنىڭ) باها ــ قىممىتىنى بىلىشى ۋە ئالدانماسلىقى،
ئېلىپ ــ سېتىشتا مالنى ئوغرىلاتماسلىقى كېرەك.

2804 ئالىمقا، بەرىمكە ئوڭاي بولسا ئۆز،
ئۇلۇغقا، كىچىگكە سۇچىگ تۇتسا سۆز.
ئېلىم ــ بېرىمدە مۇلايىم بولۇشى،
چوڭ ــ كىچىككە شېرىن سۆز قىلىشى كېرەك.

2805 نەگۇ ئۆتنۇ ئالسا، يانا بەرسە تەرك،
ئاڭار بەرگەلەر نەڭ قاچان قولسا تەرك.
نېمىنى ئۆتنە ئالسا، (ئۇنى) ۋاقتىدا قايتۇرسا،
ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسىنى دەرھال بېرىشىدۇ.

B208 2806 ساتىغقا ئوڭاي بولسا، قىلقى كۆنى،
ئاڭار ئەرسۇمەز نەڭ كەرەكلىگ كۆنى.
سودىدا مۇلايىم، قىلىقلىرى توغرا بولسا،
زۆرۈر بولغان كۈنى ئۇنىڭغا مال ئۆكسۈمەيدۇ.

2807 قالى بەرسە بەگلەر ئەر، ئاتقا ئاچىغ،
تەگۈرسە ئانى، بولماسا يۇزدە چىغ.
ئەگەر بەگلەر ئەسكەر ــ خىزمەتچىلەرگە ئىنئام قىلىدىغان بولسا،
ئۇنى چىرايىنى تۈرمەستىن بېرىشى كېرەك.

2808 ئاچىغ تىدسا، ئىشچى ئەر كۆڭلى سىر،
ئەر ــ ئات كۆڭلى سىنسا، ئالىر بەگكە كىر.

ئىنئامنى تۇتۇپ قالسا، خىزمەتچى، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى سۇنىدۇ،
ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى سۇنسا، بەگ نامىغا داغ چۈشىدۇ.

2809 نەگۈ تەر ئەشتىكىل ئاقىلار باشى،
كۆڭۈلگە ئالىنغىل، ئاي چىرغۇي كىشى:
سېخىيلار بېشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي پېقىر ئادەم، بۇنى ئېسىڭدە تۇت:

2810 «سەۋەرىگ سەۋۈگسۈز قىلايىن تەسە،
تىلىن ئايغۇ نەڭنى تىدىپ بەرمەسە.
«كىم ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ئۆزىگە ئۆچ قىلىمەن دېسە،
ۋەدە قىلغان نەرسىسىنى بەرمىسىلا كۇپايە.

2811 ئايىپ بەرمەگۈ نەڭ تىلىن ئايماغۇ،
تىلىن ئايدىڭ ئەرسە ئانى تىدماغۇ.»
ۋەدە قىلىپ بەرمەيدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلمىغۇلۇق،
ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئۇنى تۇتۇپ قالمىغۇلۇق».

2812 سۆزىن قىيسا بەگلەر ئۇمىنچ كۆترۇلۇر،
ئۇمىنچ كەتتى ئەرسە، نەڭىڭ قوترۇلۇر.
بەگلەر سۆزىدە تۇرمىسا، ئىشەنچ كۆتۈرۈلىدۇ،
ئىشەنچ يوقالسا، مالمۇ قولدىن كېتىدۇ.

2813 ئودۇغ، ساق كەرەك كەد، كەرەكسىز ئازاق،
ئازاق بولسا ئىشچى بولۇر ئىش ئۇزاق.
(خەزىنىچى) بەك ھوشيار، ئازمايدىغان بولۇشى كېرەك،
خىزمەتچى ئازغاق بولسا، ئىش سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

2814 بۇ بەگلەرگە تاپىنۇر تاپۇغچى قامۇغ،
مۇڭادىپ كەلىپ تۇتتى تاپغۇن قاپۇغ.
بەگلەرگە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق خىزمەتچىلەر،
موھتاجلىقتىن (بەگ) ئىشىكىگە كېلىپ خىزمەت قىلىدۇ.

2815 ماڭادسا تاپۇغچى ئەلىگ تارلىقىن،
بەگى ئەشتىپ ئىدسا ئاچىغ يارلىغىن،
خىزمەتچى قولى قىسقىلىقتىن ھاجەتمەن بولسا،
بېگى ئاڭلاپ ئېھسان قىلىش ھەققىدە يارلىق بېرىشى كېرەك.

2816 ئۆزاتسا ئاغىچى، بۇ نەڭ بەرمەسە،
مۇڭادمىش تاپۇغچى تۆڭۈلگەي باسا.
(خەزىنىچى) ئىشىنى ئۆزارتىپ (ئىھسان قىلىنغان) نەرسىنى بەرمىسە،
(نەتىجىدە) ھاجەتمەن خىزمەتچى يۈز ئۆرۈيدۇ.

2817 كەرەكىندە بۇلسا كىشى ئۆز مۇڭى، C159
يام ئەرسە ياڭانچا بولۇر ئول تەڭى.
كېرەك پەيتىدە كىشى ئۆزى ھاجەت بولغان نەرسىگە ئېرىشسە،
ئۇ خەس بولسىمۇ، پىلغا تەڭ بىلىنىدۇ.

2818 نەگۇ تەر ئەشتكىل بۇ كۆكچىن ساڭا،
مۇڭادمىش مۇڭىڭا يارا، ئاي توڭا:
مويسىپىت ساڭا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىگە يارا، ئەي قەھرىمان:

2819 « تىلەمىشتە بۇلسا تىلەگلى نەڭىن،
يانۇت قىلسا بولماز جانىندا ئوڭىن.
«(كىشى) ئىستىگەندە، تىلىگەن نەرسىگە ئېرىشسە،
ئۇنىڭ بەدىلىگە جېنىنىمۇ پىدا قىلىدۇ.

2820 كەرەك ئۆدتە بىر يام ياڭانچا بولۇر،
قامۇغ نەڭگە ياڭزاغ مۇنۇ بۇ تەڭىن».
كېرەك ۋاقتىدا بىر تال خەسمۇ پىلدەك بىلىنىدۇ،
بۇ تەقلىدنى ھەممە نەرسىگە ئوخشىتىش مۇمكىن».

2821 بۇ ياڭلىغ كىشى بۇلسا ئەمدى ئەلىگ، B209
ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ، ئۇۋۇتلۇغ، سىلىگ.
ئەلىگ مۇشۇنداق بىر ئەقىللىك،
بىلىملىك، ھايالىق ۋە مۆلايىم كىشىگە ئېرىشسە،

2822 ئاڭار بەرسە بولغاي ئاغى قازناقى،
ئىنانسا ياراغاي، كۇدەزسە ھەقى.
خەزىنىنى ۋە بايلىقنى شۇنىڭغا بەرسە بولىدۇ،
ئۇ ئىشەنچكە (ۋە) ھەق تۆلەشكە يارايدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

2823 ئەلىگ ئايدى ئۇقتۇم، يارۇتتۇڭ مەنى،
تاقى بىر سۆزۇم بار ئايۇ بەر ئانى.
ئەلىگ ئېيتتى: چۈشەندىم، كۆڭلۈمنى يورۇتتۇڭ،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن.

2824 ئاياق، تەرگى باشلار بۇ ئاش باشچىسى،
نەگۇتەك كەرەك، ئايغىل، ئاش ئىشچىسى.
ئېيتقىنچۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، داستىخان باشقۇرىدىغان ئاشپەز
خادىملار ۋە ئاشپەز باشلىقى قانداق بولۇشى كېرەك؟

2825 سەزىكسىز يەسە بەگ ئانىڭدىن ئاشىغ،
ئىنانسا ئاڭار بەگ، كۇدەزسە باشىغ.
(تاكى) بەگ ئۇنىڭ قولىدىن شۈبھىلەنمەي غىزا يېسۇن،
ئىشەنسۇن ۋە بېشىنى(ئامان)ساقلىسۇن.

2826 ئەدى تەرس تۇرۇر بۇ ئاش، ئىچكۇ، يەگۇ،
سەزىكلىگ كىشىدىن يەسە ئاي بۆگۇ.
ئەي دانا، ئەگەر غىزا شۈبھىلىك ئادەم قولىدىن يېيىلسە،
غىزالىنىش بەك خەۋپلىك بىر ئىشتۇر.

2827 مۇنىما ئايۇ بەرگىل ئەمدى ماڭا،
بىلەيىن، ئۇقايىن، ئاي ئەرسىگ توڭا.
ئەمدى ماڭا بۇنىمۇ سۆزلەپ بەرگىن،
بۇنىمۇ بىلىۋالاي، چۈشىنەي، ئەي مەرد قەھرىمان.

36

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئاش باشچى ــ خان سالار نەگۈتەك كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئاشپەز باشلىقى ــ داستىخان سالغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2828 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
بۇ ئىشكە پۇتۇن ئەر كەرەك كەد سىلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بەردى ۋە شۇنداق دېدى:
ئەلىگ، بۇ ئىشقا ئىشەنچلىك، خۇش پېئىل كىشى كېرەك.

2829 كىشىدە تالۇسى ـ كۆنى، چىن كىشى،
ئۆدۈرگۈ، ئاڭار بەرگۈ ئاش ـ سۇۋ ئىشى.
كىشىلەرنىڭ سەرخىلى ــ چىن، توغرا كىشىنى تاللاپ ئېلىپ،
ئاش ـ سۇ ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش كېرەك.

2830 بۇ ئىشكە ئەدى چىن، پۇتۇن ئەر تىلە، C160
باغىرساق، تاپۇغساق، ئۇۋۇتى بىلە.
بۇ ئىشقا ناھايىتى چىن، ئىشەنچلىك كىشىنى تاپ،
(ئۇ) سەمىمىي، ئىشچان، ئۇياتنى بىلىدىغان بولسۇن.

2831 باغىرساق تاپۇغچى پۇتۇن، چىن كىشى
بەگىگە يۇلۇغلار ئەت ئۆز، جان باشى.
سادىق خىزمەتچى، ئىشەنچلىك، چىن كىشى
بېگىگە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، جان ـ تېنىنى بېغىشلايدۇ.

2832 بوغۇزدىن بولۇر بارچا بەگكە خەتەر،
ئىشىن قىلسا ئاشچى، ئانى كىم يەتەر.
بەگكە بارچە خەتەر گالدىن كېلىدۇ،
ئاشپەز قىلىدىغىنىنى قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا كىم ئارا تۇرالايدۇ؟

2833 قامۇغ يەردە بەگلەر كۈدەزگۈ ئۆزىن،
يەگۈ ـ ئىچگۈدە ئاچغۇ ساقلىق كۆزىن.

بەگلەر ھەرقانداق يەردە ئۆزىنى كۆزىتىشى كېرەك.
(بولۇپمۇ) يېمەك ـ ئىچمەكتە ئېھتىيات كۆزىنى ئېچىشى لازىم.

2834 بۇدۇن باشلار ئەرگە بولۇر مىڭ ياغى، B 210
ياغى بولسا كىمگە يادىغلىغ ئاغى.
خەلقنى باشلىغۇچى كىشىنىڭ مىڭلاپ دۈشمىنى بولىدۇ،
كىمنىڭ دۈشمىنى بولسا، (ئۇنىڭغا) تۇزاق قۇرۇلغاندۇر.

2835 پۇتۇن، چىن، پىشىغ بولماسا بۇ كىشى،
خەتەرلىغ بولۇر ئاشتا بەگلەر ئىشى.
بۇ كىشى (ئاشپەز) ئىشەنچلىك، چىن ـ ھەققانىي بولمىسا،
يېمەك ـ ئىچمەكتە بەگلەرنىڭ ئىشى خەتەرلىك بولىدۇ.

2836 مۇڭار كەچكى، ئەسكى تاپۇغچى كەرەك،
ئاچىنۇ ـ سۇچىنۇ ئاشىن بەرسە تەرك.
بۇنىڭغا پىشقەدەم، كونا بىر خىزمەتچى كېرەك،
(بەگكە) كۆيۈنۈپ، تامىقىنى لەززەتلىك قىلىپ، ۋاقتىدا بەرسۇن.

2837 تەلىم تاپغى ئەرسە، ئۆكۈش ئەمگەكى،
ئاڭار پۇتسە بولغاي ئاچىنمىش بەگى.
(كۆرسەتكەن) خىزمەتلىرى، (سىڭدۈرگەن) ئەمگىكى كۆپ بولسا،
بەگ بۇنىڭغا ئىشىنىپ، كۆيۈنسە بولىدۇ.

2838 نەگۇ تەر ئەشتىكىل كىشى ئەدگۇسى،
قالى تەڭلەمىشتەك ئۇقۇش بەلگۇسى:
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ۋە (ئۆزىگە) مۇناسىپ
ئەقىل ئالامىتى بولغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2839 قايۇ نەڭگە ئەمگەك قاتىلسا ئۆكۈش،
سەۋۈگ بولدى ئول نەڭ، قامۇغدا كۆسۈش.
قايسى نەرسىگە كۆپرەك ئەمگەك سىڭدۈرگەن بولسا،
شۇ نەرسە ھەممىدىن ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك بولىدۇ.

2840 قايۇ نەڭگە ئىدسا تىرىگلىك كىشى،
سەۋۈگ بولدى ئول نەڭ، سەۋۈگ جان تۇشى.
ئادەم ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغان بولسا،
شۇ نەرسە ئەزىز جاندىن قەدىرلىك بولىدۇ.

2841 تىرىگلىك ئەسىز ئەرمەز، ئەمگەك ئەسىز،
بۇ ئەمگەككە بەرمەز تىرىگلىك ئەسىز.
ئەمگەككە بېرىلمىگەن ئۆمۈرگە ئېسىت (دەا)
هايات ئۆچۈن ئەپسۇسلانما، ئەمگەك ئۆچۈن ئەپسۇسلان.
2842 تىرىگلىك بارىر، ئەر ئاچىماز تىلىن،
ياۋا بولسا ئەمگەك، ئاچىر كەچ يىلىن.
ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىدۇ، كىشى ئېچىنىپ ئېغىز ئاچمايدۇ،
(لېكىن) ئەمگەك زايە بولۇپ كەتسە، بۇنىڭغا ئۇزۇن يىل ئېچىنىدۇ.
2843 كۆزى توق كەرەك كەد، يەمە كۆڭلى باي،
ئارىغلىق كەرەك هەم يۈزى ـ كۆركى ئاي.
(ئاشپەز) ناهايىتى كۆزى توق، كۆڭلى باي بولۇشى لازىم.
پاكىز ۋە هۆسن ـ چىرايى ئايدەك (كۆركەم) بولۇشى كېرەك.
2844 ساقىنۇق كەرەك، دىن ـ شەرىئەت بىلىر،
بۇ مۇنداغ كىشىدىن يۇتۇنلۇك كەلىر.
دىن، شەرىئەتنى بىلىدىغان، تەقۋادار بولۇشى كېرەك،
ئاشۇنداق كىشىدىن توغرىلىق كېلىدۇ.
2845 ئارىغ بولدى بەگلەر تادۇسى ئۆزى، C161
ئارىغ بولماسا ئاش قاچان يەر، قوزى؟
بەگلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۆزى تازا بولىدۇ،
يېمەك پاكىز بولمىسا، قانداق يېگىلى بولىدۇ، قوزام؟
2846 ئارىغ بولسا ئاشچى، ئارىغ ئاش بەرۇر،
ئارىغ بولسا ئاش سۇۋ سەۋە كەد يەلۇر.
ئاشپەز پاكىز بولسا، پاكىز تاماق بېرىدۇ،
غىزا ـ تاماق پاكىز بولسا، (كىشى) سۆيۈنۈپ يەيدۇ.
2847 كۆزى سۇق كىشى ئاشقا سۇقلۇق قىلۇر،
ئەلىگ تەگرۇر ئاشقا، ئاشىغ ئارتارۇر.
كۆزى ئاچ كىشى تاماققا ئاچلىق قىلىدۇ،
ئاشقا قول تەگكۈزۈپ، ئاشنى بۇلغايدۇ.
2848 كۆزى سۇق كىشىنىڭ قىلىنچى يىگ ئول،
قىلىنچ يىگلىكى ئەرگە تەڭسىز ئىگ ئول.

كۆزى ئاچ كىشىنىڭ قىلىقلىرى سەت بولىدۇ،
قىلىق سەتلىكى كىشى ئۈچۈن تەڭدىشى يوق كېسەلدۇر.

2849 نەچچە پۈتۈن، چىن ئەر ئەرسە كۆنى، B211
ئانىڭدا پۈتۈن، چىن ئۆزۈك، بىل مۇنى.

قانچىلىك ئىشەنچلىك، چىن ۋە توغرا ئادەم بولسۇن،
ئۇنىڭدىنمۇ چىن، ئىشەنچلىكى — ئۆزۈك، بۇنى بىل.

2850 پۈتۈن تۇتغۇ بارچا كىشىگ چىن ـ پىشىغ،
ئۆزۈگ كەد ساقىنغۇ ـ كۆدەزگۈ باشىغ.

چىن، پۈختا كىشىلەرگە ئىشەنچ قىلغۇلۇق،
بىراق (كىشى) ئۆزىگە ئېھتىياتتا بولۇپ، بېشىنى كۆزەتكۈلۈك.

2851 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
ئۇنىتما بۇ سۆزنى، ئايا ئەدگۈ ئۆز:

بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇ سۆزنى ئۇنتۇما، ئەي ياخشى كىشى:

2852 «قامۇغنى پۈتۈن تۇت، كۆدەزگىل ئۆزۈك،
ئۆزۈڭگە باغىرساق سەنىڭ ئۆز كۆزۈك.

«ھەممىگە ئىشەنگىن، (لېكىن) ئۆزۈڭ كۆزەتكىن،
ئۆز كۆزۈڭلا ئۆزۈڭگە سادىق بولالايدۇ.

2853 قامۇغدا ئەزىزرەك بۇ جانىڭ ئەزىز،
ئەزىز جاننى بەك تۇت، ئۇزاتما سۆزۈك».

ھەممە ئەزىزلەردىن ئەزىزرەكى سېنىڭ جېنىڭدۇر،
ئەزىز جېنىڭنى ئاسرىغىن، سۆزۈڭنى ئۇزارتما».

2854 يۈزى ـ كۆركى كۆركلۈگ كەرەك، قىلىقى ئۆز،
يۇلۇگ بولسا بودلۇغ، تىلى ـ كۆڭلى تۈز.

ئاشپەزنىڭ چىراي ـ شەكلى كۆركەم، قىلىقلىرى ئۆز بولۇشى،
چاچ ـ ساقىلى قىرىلغان، قامەتلىك، دىلى بىلەن تىلى بىردەك
بولۇشى كېرەك.

2855 بۇ كۆركلۈگ كىشى كۆزگە كۆرنۈر ئارىغ،
ئارىغ بولماسا ئاش بوغۇزقا قارىغ.

كۆركەم كىشىلەر كۆزگە پاكىز كۆرۈنىدۇ،
غىزا ـ تاماق پاكىز بولمىسا، بوغۇزغا تۇرۇپ قالىدۇ.

2856 ئارىغلىقنى سەۋەمىش تۇرۇر بىر بايات،
ئارىغلىق بىلە ئەر بۇلۇر ئەدگۇ ئات.
بىر خۇدا پاك ـ پاكىزلىقنى سۆيىدۇ،
پاكىزلىق بىلەن كىشى ياخشى نامغا ئېرىشىدۇ.

2857 ئارىغلىقنى بارچا كىشىلەر تىلەر،
ئارىغ بولسا ئاش سۇۋ كىشى ئارزۇلار.
پاكىزلىقنى ھەممە كىشى ئارزۇ قىلىدۇ،
ئاش پاكىز بولسا كىشى ئۇنى ئارزۇلاپ يەيدۇ.

2858 يىراق تۇتغۇ ئاشتا ئارىغسىز كىشى،
ئارىغسىز كىشىنىڭ ئارىغسىز ئىشى.
ناپاك كىشىنى تاماقتىن يىراق تۇتقۇلۇق،
ناپاك كىشىنىڭ ئىشىمۇ ناپاك بولىدۇ.

2859 كۆنىلىك كەرەك ھەم پۈتۈن، چىن قىلىق،
كۆنى بولماسا ئەر تۈزۈمەز يورىق.
(ئاشپەز) توغرا، دۇرۇس، قىلىقى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك،
توغرا بولمىغان كىشى خۇي ـ پەيلىنى تۈزىتەلمەيدۇ.

2860 قالى ئەگرى بولسا بۇ ئاش باشچىسى.
قامۇغ ئەگرى بولدى ئانىڭ ئىشچىسى.
ئەگەر ئاشپەز باشلىقى ئەگرى بولسا،
ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ھەممىسى ئەگرى بولىدۇ. C162

2861 يۇمىتسا قالىن يىگ بۇ ئاش ئوغرىسى،
قاچان كۆركى كەلگەي بەگى تەرگىسى؟
بوشاڭ ئادەملەر، يېمەك ئوغرىلىرى ئاشخانىغا توپلانسا،
بەگ داستىخىنىنىڭ قانداقمۇ كۆركى بولسۇن؟!

2862 كۆنىلىك كەرەك ئەرگە ئەدگۇ قىلىنچ،
ئانىن بۇلسا ئۆترۈ تىلەمىش سەۋىنچ.
كىشى توغرىلىق (بىلەن) ياخشى ھەرىكەت قىلىشى لازىم.
شۇنداق بولغاندىلا، ئارزۇ قىلغان سۆيۈنچىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2863 نەگۈ تەر ئەشتكىل كۆنى قىلقلىغ ئەر.
كۆنى قىلقى بولسا ئاژۇن پۈترۈ يەر.
قىلىقى توغرا كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
قىلىقى توغرا بولسا، دۇنيا (نېمەتلىرىگە) ئىگە بولالايدۇ.

2864 كۆنى قايدا بولسا قۇتادۇر كۈنى، B212
تۈنەرمەز كۈنى ئەر يورىسا كۆنى.
توغرا (ئادەم) قەيەردە بولسا، كۈنى قۇتلۇق بولىدۇ،
كىشى توغرا ھەرىكەت قىلسا، كۈنى قاراڭغۇلاشمايدۇ.

2865 خىيانەت قايۇ يەردە ئۇرسا ئاداق،
ئاسىغ بەرگۈ بارچا قاچار كەد يىراق.
خىيانەتچى قەيەرگە قەدەم قويسا،
پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يىراققا قاچىدۇ.

2866 خىيانەت كىشى قايدا سۇنسا ئەلىگ،
تەڭىز ئەرسە سوغلۇر، قۇرىتۇر يەرىگ.
خىيانەتچى كىشى قەيەرگە قول ئۇزارتسا،
دېڭىز بولسىمۇ سوغۇلىدۇ، يەرلەر قۇرۇيدۇ.

2867 باغىرساق كەرەك كەد بەگىنى سەۋەر،
ئۈۋۈتلۈغ كەرەك كەد ئۆزىنى يىغار.
(ئاشپەز باشلىقى) بەگنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان،
سادىق بولۇشى، ھايالىق، (ئۆزىنى) يىغالايدىغان بولۇشى كېرەك.

2868 ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىكلىگ كەرەك،
ئۆدى بولسا ئاشقا ئەرىگلىگ كەرەك.
ئىدراكلىق ھەم بىلىملىك بولۇشى،
تاماق ۋاقتى بولغاندا چەبدەس بولۇشى كېرەك.

2869 تۆرۈچە يورىسا، تاپۇغ قىلسا ئۆز،
كىرۈردە، چىقاردا كۆنى تۇتسا كۆز.
قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ھەرىكەت ۋە خىزمەت قىلىشى،
كىرىش ـ چىقىشتا ئۆزىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك.

2870 ئۇقۇش ئىشكە تۇتسا، كۈدەزسە ئۆزىن،
بىلىك ئىشكە تۇتسا، تىدۇسا كۆزىن.

ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى كۆزىتىشى،
بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، كۆزىنى تيىشى كېرەك.

2871 ۋەفا قىلسا بەگكە تىلەپ ئەدگۈ ئات،
ئول ئات بىرلە ئەدگۈ قالىر مەڭۈ ئات.
بەگنىڭ ياخشى نامىنى تىلەپ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى كېرەككى،
بۇ ياخشى نام بىلەن نامىمۇ مەڭگۈ بولۇپ قالسۇن.

2872 ئۇقۇشلۇغ كىشىلەر ئات ئەدگۈ قولۇر،
بىلىكلىگ كىشىلەر ئىناچلىغ بولۇر.
ئىدراكلىق كىشىلەر ياخشى نام تىلەيدۇ،
بىلىملىك كىشىلەر ئىشەنچلىك بولىدۇ.

2873 ئۇقۇشلۇغ كىشىدىن كىشىلىك كەلۇر،
بىلىكلىگ كىشىلەر كىشىسى بولۇر.
ئىدراكلىق كىشىلەردىن كىشىلىك كېلىدۇ،
بىلىملىك كىشىلەر ئادەمنىڭ ئادەمىدۇر،

2874 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ كىشى:
ئۇقۇشلۇغ كىشى ئول كىشىدە باشى.
ئىدراكلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئىدراكلىق كىشى ئادەملەرنىڭ سەرخىلىدۇر.

2875 «ئۇقۇشلۇغ ۋەفالىغ كىشى تۇزۇنى، C163
يۇلۇغلار كىشىگە قامۇغ ئۆزىنى.
«ئەقىل ـ ئىدراكلىق، ۋاپادار كىشى ئادەملەرنىڭ ئېسىلىدۇر،
ئۇ باشقىلار ئۇچۇن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

2876 ئارىغسىز، جەفالىغ، قۇلىنچى ئوتۇن
قالى ئايدى ئەرسە، قىيار سۆزىنى».
ناپاك، بىۋاپا، قىلىقلىرى پەس (ئادەم)
ۋەدە قىلسىمۇ، سۆزىدە تۇرمايدۇ».

*　　*　　*

2877 مۇنۇ ئايدىم ئەمدى، ئاي ئەلىگ كىشى،
بۇ ياڭلىغ كەرەك بولسا ئاشچى باشى.

ئەي ئەلىگ، مانا ھەممىنى سۆزلىدىم،
ئاشپەز باشلىقى ئەنە شۇنداق بولسا بولىدۇ.
B213 2878 كىرىپ ئۆترۇ تەرگى، ئاياق باشلاسا،
ئانىڭدىن بەگى ئاش سەزىكسىز يەسە.
داستىخانغا چۇشۇپ، تاۋاقلارنى قويغاندا،
بەگ ئۇنىڭدىن شۇبھىلەنمەي غىزالىنالايدۇ.

*   *   *

2879 بۇ ئەردى ئاي ئەلىگ ئۆزۈم بىلمىشىن،
ئايۇ بەردىم ئەمدى كۆڭۈل بۇلمىشىن.
ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇ ئىدى،
كۆڭلۈمدە بارىنى ئەمدى ئېيتىپ بەردىم.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

2880 ئەلىگ ئايدى، ئۇقتۇم، ئەشىتتىم مۇنى،
تاقى بىر سۆزۈم بار ئايۇ بەر ئانى.
ئەلىگ ئېيتتى، بۇنى ئاڭلىدىم ۋە چۇشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن.
2881 ماڭا ئايغىل ئەمدى ئىدىشچى باشى،
نەگۇتەك كەرەك قىلسا ئىچگۇ ئىشى.
ماڭا ئەمدى باش ئىدىشچىنى چۇشەندۇرگىن،
شاراب ئىشلىرىنى قانداق قىلىشى كېرەك؟
2882 ئىنانسا ئاڭار بەگ، نە كۆڭلى پۇتۇپ،
ئالىپ ئىچسە ئىچگۇ ئانى چىن تۇتۇپ.
بەگ ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە كۆڭلى پۇتۇپ،
ئۇنى توغرا دەپ بىلىپ، قولىدىن شاراب ئىچسۇن.

37

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئىدىشچى باش نەگۈتەك كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2883 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
مۇڭارما ئەدى كەد يەتۈرسۇ بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئەلىگ،
بۇنىڭغىمۇ بەك ياخشى بىلىم ئىشلىتىش كېرەك.

2884 ئۆز ئىگدىش كەرەك كەد سىنامىش يىلىن،
كۆڭۈل باسمىش ئەرسە، كۆنىتمىش يولىن.
(باش ئىدىشچى) ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن، ياكى ئۆزۈن يىل ياخشى سىنالغان، كۆڭلىنى توختاتقان ۋە توغرا يول تۇتقانلاردىن تاللىنىشى كېرەك.

2885 پۈتۈن، چىن، باغىرساق، كۆزى ـ كۆڭلى توق،
كۆنى بولسا قىلىقى مەسەل ئاتغۇ ئوق.
ئىشەنچلىك، سەمىمىي ـ سادىق، كۆزى ـ كۆڭلى توق،
قىلىقى مىسالى ئاتقان ئوقتەك توغرا بولۇشى كېرەك.

2886 ئانىن ئۆترۈ بولسا ئىدىش تۇتغۇچى،
ياراغاي بۇ ئىشكە، يەتىلگەي كۈچى.
شۇنداق بولغاندا، ئاندىن ئىدىش تۇتقۇچى بولۇپ،
بۇ ئىشقا يارايدۇ ۋە كۈچى يېتىدۇ.

2887 قامۇغ تۇرلۇگ ئوتلار ئىدىشچى تۇتار، C164
گۈۋارىش، يا مەئجۇن، يا چۇرنى قاتار.
ئىدىشچى ھەر تۈرلۈك دورىلارنى ساقلايدۇ،
(ئۇ) ئاشقا ھەزىم قىلدۇرغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى ياكى ئاجىزلاتقۇچى دورىلارنى قوشىدۇ.

2888 تەلىم تۇرلۇگ ئوتلار ئانىڭدا بولۇر،
يەگۈ، يالغاغۇ ئوت، يا ئىچگۈ قولۇر.

يەيدىغان، ئىچىدىغان، يالايدىغان دورىلارنى تەلەپ قىلساڭ،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك دورىلار ئۇنىڭدا بولىدۇ.

2889 قۇرۇغ، ئۆل يەمىش تۇت، يا ئىچگۇ سۇچىگ،
ئانىڭدىن بولۇر بۇ بوغۇزقا كەچىك.
قۇرۇق، ھۆل يېمىش ياكى ئىچىملىك شاراب
ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بوغۇزغا كىرىدۇ.

2890 بوغۇزدىن بولۇر بارچا بەگكە خەتەر،
بوغۇز تاتغى ئاشچى، ئىدىشچى تۇتار.
بەگلەرگە بارچە خەتەر بوغۇزدىن كېلىدۇ،
بوغۇزنىڭ لەززىتى ئاشپەز ۋە ئىدىشچىنىڭ قولىدا بولىدۇ.

2891 بۇ ئاشچى، ئىدىشچى پۈتۈن بولماسا، B 214
ئەدى سارپ بولۇر بەگكە ئىچسە ـ يەسە.
ئاشپەز بىلەن ئىدىشچى ئىشەنچلىك بولمىسا،
بەگنىڭ (خاتىرجەم) يەپ ـ ئىچىشى بەكمۇ قىيىن بولىدۇ.

2892 نەگۇ تەر ئەشىت، ئاي بىلىكلىگ بۆگۈ،
بوغۇز كەد كۈدەزگۈ، ئاش ئاقرۇ يەگۈ.
بىلىملىك دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
گالنى بەك كۆزەتكۈلۈك، تاماقنى ئېھتىيات بىلەن يېگۈلۈك.

2893 «بوغۇزۇغ كۈدەزسە، باشىڭا ئاسىغ،
ئاشىغ ئاز يەسە، بۇ ئاغىزقا تاتىغ».
«گېلىڭنى كۆزەتسەڭ، بېشىڭغا پايدىلىق،
ئاشنى ئاز يېسە، ئېغىزغا لەززەت بېرىدۇ».

2894 ئۆكۈش كۆردۈم ئەرنى ياۋا قىلدى باش،
كۈدەزمەدى بوغزىن، قوۋى قىلدى ياش.
بېشىنى بىھۇدە نابۇت قىلغان كىشىلەرنى كۆپ كۆردۈمكى،
(ئۇلار) گېلىنى كۆزەتمەي، ئۆمرىنى بىھۇدە زايە قىلدى.

2895 بوغۇزدىن، كىرۈر ئىگ كىشىگە كەمى،
بوغۇزدىن بولۇر ھەم ئاڭار ئوت ـ ئەمى.
ئادەمگە كېسەللىك ۋە بىئاراملىق گالدىن كېلىدۇ،
ئۇنىڭ دورىسى ـ داۋاسىمۇ گالدىن بولىدۇ.

2896 ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىك كەد بىلىر،
ئۇقۇشلۇغ كىشىدىن كىشىلىك كەلىر.
ئۇ ئىدراكلىق بولۇشى ۋە كۆپ بىلىم بىلىشى لازىم،
ئىدراكلىق كىشىدىن كىشىلىك كېلىدۇ.

2897 ئەسىزگە قاتىلماز ئۇقۇشلۇغ كىشى،
پۈتۈن ـ چىن بولۇر بۇ بىلىكلىگ ئىشى.
ئىدراكلىق ئادەم يامانلارغا ئارىلاشمايدۇ،
بىلىملىكنىڭ قىلغان ئىشى توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

2898 كۆنى ئەرمەسە كۆيگەي ئەردى ئۇلۇن،
كۆنى تۇرماسا، كۆر، بولۇر ئەر بۇلۇن.
باشسىز ئوق تۈز بولمىسا، ئۇ ئوتۇن بولىدۇ.
قارا، ئادەم توغرا بولمىسا، ئەسىر بولىدۇ.

2899 كۆنى بول، سەن ئىش قىل، ئاي ئەرسىگ بەگىم،
كۆنىلىكتە تاشتىن يوق ئەرمىش يەگىم.
ئەي قەھرىمان بېگىم، سەن توغرىلىق بىلەن ئىش قىل،
(مېنىڭچە) توغرىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ياخشى نەرسە يوق.

2900 ئىدىشچى باشى كەد قويۇغ ئەر كەرەك،
كۆنى تۇتسا ئۆترۈ كۆڭۈل، ئۆگ، يۈرەك.
باش ئىدىشچى ناھايىتى پۇختا ئادەم بولۇشى كېرەك،
ھەمدە نىيەت ـ ئەقلىنى ۋە دىلىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك.

2901 كۆنىلىك ئۇزە ئىشلەسە ئىش پۈتۈن،
ياقۇرماسا ئۆزگە ياراغسىز ئوتۇن.
باش ئىدىشچى بارلىق ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىسۇن،
يارىماس، پەسكەش كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىسۇن.

2902 ئۆز ئەلگى بىلە قاتسا ئىچگۈ كۆرۈپ، C165
ئۆزى بەكلەسە، قودسا تامغا ئۇرۇپ.
ئىچىملىكنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، كۆزەتسۇن،
تامغا ئۇرۇپ، ئۆزى ساقلىسۇن.

2903 يەگۈ ـ ئىچگۈ قاتمىش قامۇغ ئوتلارىغ،
ئۆز ئەلگى بىلە قاتسا، تۇتسا ئارىغ.

يېمەك ـ ئىچمەككە قوشۇلىدىغان بارلىق دورىلارنى
ئۆز قولى بىلەن ئارىلاشتۇرسۇن ۋە پاكىز تۇتسۇن.
2904 قۇرۇغ، ئۆل يەمىش يا جۇلەنگبىن، جۇلاب،
ئۆزى قاتغۇ، تۇتغۇ بۇ بارچا شەراب.
قۇرۇق ـ ھۆل يېمىش، ياكى شەربەت، گۇلابنى
(ۋە) ھەر خىل شارابلارنى ئۆزى ھازىرلاپ، ئۆزى ساقلىسۇن.
2905 ئاچىنۇ ـ سۇچىنۇ باغىرساقلىقىن،
ئىدىشىن كۇدەزسە ئۆتەسە ھەقىن.
سادىقلىق بىلەن كۆيۈپ ـ پىشىپ،
ئىچىملىكلەرنى كۆزەتسۇن ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسۇن.
2906 كىرۇر ئۆترۇ ئەمگەك بەگى تاپغىڭا، B 215
ئول ئەمگەك تۇسۇلۇر قۇلى ئاسغىڭا.
(شۇنداق قىلغاندىلا) ئاندىن بەگ خىزمىتىگە ئەمگىكى سىڭىدۇ.
بۇنداق ئەمگەك قۇل مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولىدۇ.
2907 قايۇ نەڭگە كىرسە كىشى ئەمگەكى،
ئۇشئول نەڭدە بولدى جانىنىڭ كۆكى.
قايسى نەرسىگە كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭسە،
جېنىنىڭ يىلتىزى شۇ نەرسىدە بولىدۇ.
2908 مۇڭار مەڭزەتۇ سۆزلەدى سۆز بىلىگ،
سىلىگلەر سۆزى كۆرسە بارچا بىلىك:
خۇش پېئىل (كىشى) بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ مۇنۇ سۆزنى دېگەن،
خۇش پېئىللار سۆزى، دىققەت قىلساڭ، تامامەن بىلىمدۇر:
2909 « قايۇ نەڭگە كىرسە كىشى ئەمگەكى،
سەۋۇگ بولدى ئول نەڭ، سەۋۇگ جان كۆكى.
« قايسى نەرسىگە كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭسە،
شۇ نەرسە سۆيۈملۈك، ئەزىز جانىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ.
2910 كىشى ئەمگەك ئىدسا تىرىگلىك ئىدىپ،
ئانى سەۋگۇ، يۇدگۇ يۇدۇرسە يۇكى».
كىشى ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئەمگەك سىڭدۇرسە،
ئۇنى سۆيۈشى، ئېغىر چۈشسىمۇ يۈكىنى كۆتۈرۈشى كېرەك».

2911 بۇ ياڭلىغ بۇلۇنسا ئىدىشچى باشى،
ئاڭار بەرسە بولغاي ئىدىشچى ئىشى.
باش ئىدىشچى ئەنە شۇنداق بولسا،
ئىدىشچىلىق ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسا بولىدۇ.

2912 بۇ ئىشكە مۇنىتەگ سىلىگ ئەر كەرەك،
مۇنىڭ تاپغى، كۆركى يارۇتسا يۇرەك.
بۇ ئىشقا ئەنە شۇنداق سىلىق ـ خۇش پېئىل كىشى كېرەككى،
ئۇنىڭ خىزمىتى، كۆركى دىلنى يورۇتسۇن.

2913 مۇنىڭدا باساقى بۇ بوشغۇتلارى،
ساقالسىز كەرەك بارچا كۆركى يارى.
بۇنىڭدىن كېيىنكىسى ـــ شاگىرتلار بولۇپ،
(ئۇلار) ساقالسىز، رەڭگىرويى كۆركەم بولۇشى كېرەك.

2914 يالىڭ يۇزلۇگ، ئوغلان تولۇنتەك يۇزى،
بودى تال، قارا ساچ، بەدىزتەك ئۆزى.
ساقال ـ بۇرۇتسىز، يۈزى تولۇن (ئاي) دەك،
بويى تالدەك، قارا چاچ، ئۆزى سۇرەتتەك بولسۇن.

2915 بەلى بولسا يىلمىق يانا يارنى كەڭ، C166
ئۇرۇڭ بولسا، قىرتىش قىزىل قىزغۇ ئەڭ.
بەللىرى ئىنچىكە ھەم يەلكىسى كەڭ،
بەدىنى ئاق، مەڭزى قىزىل بولسۇن.

2916 ياشىل، كۆك، سارىغ، ئال ئاغى تون كەدىپ،
ئاشاغۇ كۆتۇرسە ياراشۇر يورىپ.
يېشىل، كۆك، سېرىق، ھال يىپەك تون كىيىپ،
غىزا ـ تاماق كۆتۈرۈپ يۈرسە يارىشىدۇ.

2917 ساقالسىز كەرەك بۇ ئىدىشچى ئارىغ،
كۇدەزىلسە ئىچگۇدە قىل، تۇ، يامىغ.
ئىدىشچىلار پاكىز، ساقالسىز بولۇشى،
ئىچىملىككە قىل، تۈك، خەس چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

2918 ئىدىشتا تۇ بولسا ياراغسىز بولۇر،
تۇ ئاش، سۇۋقا تۇشسە تاتىغسىز بولۇر.

قەدەھتە تۈك بولسا، (ئىچىملىك) بولغىنىدۈ،
غىزا، سۈغا قىل چۈشسە، لەززىتى كېتىدۈ.

2919 مۈنىن ئايدى بولغاي بىلىك بەرگۈچى،
ساقالسىز كەرەك تەپ ئىدىش تۈتغۈچى.

شۈنىڭ ئۈچۈن، تەلىم بەرگۈچى: قەدەھ
سۈنغۈچىلار ساقالسىز بولۇشى كېرەك، دېگەن بولۇشى مۈمكىن.

2920 ئىدىشچى ئارىغ بولسا كۆركلۈگ يۈزى،
ئانىڭدىن سىڭەر ئىچسە ئىچگۈ، قوزى.

ئىدىشچى پاكىز ۋە يۈزى كۆركەم بولسا،
ئۈنىڭ (قولى) دىن ئىچىملىك ئىچسە ئۈ سىڭىدۈ، قوزام.

2921 نەگۈ تۈتسا كۆركلۈگ كىشى قىلقى ئۈز، B216
ياراشۈر، ئالىر، كۆر، بۈ جان، ئۈلكى كۆز.

چىرايلىق، خۈلقى ئۈز كىشى قانداقلا نېمىنى تۈتسا
يارىشىدۈ، جان (لەززەتلىنىدۈ)، كۆز (ئۆز) ئۈلۈشىنى ئالىدۈ.

2922 نەگۈ تەر ئەشتكىل بۈ بەيت ئايغۈچى،
ئەشتكىل مۈنى سەن، ئايا بىلگۈچى:

بۈ بېيىتنى ئېيتقۈچى نېمە دەيدۈ،
ئەي ھەممىنى بىلگۈچى، بۈنى سەن ئاڭلا:

2923 «يۈزى، كۆركى كۆركلۈگ كەرەك قىلقى ئۈز،
نەگۈ تۈتسا ئاندىن تامار بارچا تۈز.

«ھۆسن ـ چىرايى كۆركەم، قىلىقلىرى ئۈز بولۇشى كېرەككى،
ئۈ نېمىنى تۈتسا، ئۈنىڭدىن ھەممە (لەززەت) تامىدۈ.

2924 قارىن ئاچمىش ئەرگە يۈزى كۆرسە ئاش،
ئۈسۈپ سۈۋسامىشقا كۆرۈپ قانغۈسۈز».

قورسىقى ئاچ كىشىگە ئۈنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئوزۈقتۈر،
ئۈسساپ تەشنا بولغانلار ئۈنىڭغا قارىسىمۈ، تەشنالىقى قانىدۈ».

2925 ئىدىشچى باشى، كۆر، ئۈشئانداغ كەرەك،
ئىدىش تۈتغۈچىلار بۈ مۈنداغ كەرەك.

قارا، باش ئىدىشچى ئەنە شۈنداق بولۇشى كېرەك،
قەدەھ تۈتقۈچىلارمۈ شۈنداق بولۇشى كېرەك.

2926 ئىنانسا ئاڭار ئۆترۈ بەگلەر پۈتۈپ،
ياقىن تۇتسا بولغاي پۈتۈن ـ چىن تۇتۇپ.
ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا چىنپۈتۈپ ئىشەنسە ۋە
توغرا ـ چىن ئادەم ھېسابلاپ (ئۆزىگە) يېقىن تۇتسا بولىدۇ.

*　　*　　*

2927 ئاي ئەلىگ، قاچ ئىشكە ئەر ئۆدرۈم تىلە،
باغىرساق، كۆزى توق، ئۇۋۇتى بىلە.
ئەي ئەلىگ، (بۇ) بىرقانچە ئىشقا خىل كىشىلەرنى تاللا،
(ئۇلار) سادىق، كۆزى توق ۋە ھايانى بىلىدىغان(بولسۇن).

2928 بىرىسى يالاۋاچ، بىتىكچى بىرى،
تاقى بىر ئىدىشچى، كۆر، ئاشچى بىرى.
(بۇلارنىڭ) بىرى: ئەلچى، بىرى — پۈتۈكچى،
يەنە بىرى: ئىدىشچى، بىرى بولسا ئاشپەز.

2929 بۇلارىغ ئەدى كەد تالۇلا بىرىن،
قالى تۇشسا تەڭسىز، ئۆكۈنمە يارىن.
بۇلارنىڭ ھەربىرىنى ياخشى تاللا،
ئەگەر نامۇۋاپىق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، كېيىن ئۆكۈنمە.

2930 يالاۋاچ، بىتىكچى قالى بولسا يىگ، C167
ئانىڭ ياسى ئەلگە توقىر، ئاي تەتىك.
ئەلچى، پۈتۈكچى ئەگەر يارىماس ـ خام ئادەم بولسا،
بۇنىڭ زىيىنى ئەلگە يېتىدۇ، ئەي زېرەك.

2931 ئىدىشچى، يا ئاشچى يىگ ئەرسە قالى،
ئانىڭ ياسى جان، كۆر، تىرىگلىك ئۇلى.
ئەگەر ئىدىشچى، ياكى ئاشپەز يارىماس، خام بولسا،
ئۇنىڭ زىيىنى تىرىكلىكنىڭ ئۇلى بولغان جانغا تېگىدۇ.

2932 قاتىغلان ئاي ئەلىگ بۇ بىر قاچ كىشىگ،
تالۇلايۇ، ئۆدرۈ تۇتۇزغىل ئىشىگ.
ئەي ئەلىگ، بۇ بىر قانچە كىشىنى تاللاشقا قاتتىق تىرىشقىن،
خىللاپ ـ تاللىغاندىن كېيىن ئىشىڭنى ئۇلارغا تۇتقۇز.

*　　*　　*

2933 يانا ئايدى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
بەدۈك بولدى بەگلەر ئىشتەگ ئاتى.
ئۆگدۈلمىش يەنە ئېيتتى: ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ،
بەگلەرنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىشىغا ئوخشاش ئۇلۇغدۇر.

2934 بەدۈك ئىشتە تەڭسىز باش ئاغرىغ بولۇر،
باش ئاغرىغ كۆتۈرمەسە بەگلىك قالۇر.
ئۇلۇغ ئىشلاردا كۆپ باش ئاغرىقى بولىدۇ،
باش ئاغرىقى ھەل قىلىنمىسا، بەگلىك (قولدىن) كېتىدۇ.

2935 نەگۇ تەر ئەشتكىل كەڭەشچى ئۆگە،
كەڭەشتە تۆكەر بەگكە يۈنچۈ ئۆگە.
كېڭەشتە بەگكە ئۈنچە تۆكۈپ بېرىدىغان
كېڭەشچى دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2936 ئايا بەگ، ئەرەژ قولما، ئەمگەك كۆتۈر، B217
ئەرەژ بىرلە ئەمگەك ئاداقشۇ ياتۇر.
ئەي بەگ، راھەت ئىزدىمە، مۇشەققەت چەككىن،
راھەت بىلەن مۇشەققەت بىللە تۇرىدۇ.

2937 بەگ ئەمگەپ ئەل ئەتسە، بودۇن شۇك بايۇر،
بايۇسا بودۇن، بەگ تىلەكى بۇلۇر.
بەگ مۇشەققەت چېكىپ ئەل باشقۇرسا، خەلق تىنچ ـ ئامان بېيىيدۇ.
خەلق بېيىسا بەگ تىلىكىگە يېتىدۇ.

2938 سەۋىنمە كەد ـ ئارتۇق ئەرەژلىگ كىشى،
بولۇر ئاخىر ئەمگەك ئەرەژكە تۇشى.
ئەي راھەتلىك كىشى، بەكمۇ ئارتۇق سۆيۈنۈپ كەتمە،
راھەتكە يارىشا ئاخىر مۇشەققەتمۇ كېلىدۇ.

2939 نەچەمە بۇ ئاشچى، ئىدىشچى ساڭا،
پۈتۈن ئەرسە ئارتۇق، ئاي ئەرسىگ توڭا.
ئەي مەرد باتۇر، ئاشپەز ۋە ئىدىشچى ساڭا
قانچىلىك ئىشەنچلىك بولسا بولسۇن،

2940 ئولاردا باغىرساق ئۆزۈڭگە ئۆزۈك،
ئادىن بولماغايسەن، ئۆزاتما سۆزۈك.
ئۆزۈڭگە ئۆزۈك ئۇلاردىنمۇ سادىقراقسەن،
ئۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ، سۆزۈڭنى ئۇزارتما.

2941 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئۆگە بۇيرۇقى،
ئۇنتما مۇنى سەن بىتى هەم ئوقى:
ئاقىل مەسلىهەتچى نىمە دەپ خىتاب قىلىدۇ، ئاڭلا،
بۇنى سەن ئۇنتۇما، يازغىن هەم ئوقۇ:

2942 «سەۋۈگ جان ئۇزەلە ئەمىندە ئەمىن. C168
قولۇپ بولمادىم مەن ئۆزۈمدە ئۆڭىن.
«سۆيۈملۈك جان ئۇچۇن ئۆزۈمدىن باشقا
ئەڭ ئىشەنچلىك بىرەرسىنى تاپالمىدىم.

2943 قاتىغلان، كۇدەزگىل، قاتىغ تۇت ئانى،
قالى باردى ئەرسە تىلەمە ئەمىن».
غەيرەت قىل، كۆزەتكىن، ئۇنى چىڭ تۇت،
ئەگەر ئۇ كېتىپ قالسا، قايتا ئىزدىمە».

*   *   *

2944 ئايىتمىشنى ئايدىم، ئاي ئەلىگ قۇتى،
نەگۇتەك كەرەكىن ئەمى هەم ئوتى.
ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ، سورىغانلارنى ئېيتتىم،
قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئىلاجىسىنى ۋە داۋاسىنى سۆزلىدىم.

2945 بۇ ياڭلىغ كىشى بىرلە بەگلەر بەدۇر،
ياغى بوينى يەنچەر، كۇ - چاۋىن ئىدۇر.
ئەنە شۇنداق كىشىلەر بىلەن بەگلەر يۈكسىلىدۇ،
دۈشمەننىڭ بوينىنى يانجىپ، نام - شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2946 مۇنۇ سۆزلەدىم مەن ساڭا بەلگۈلۈگ،
تاقى بىر سۆزۈم بار ئادىن ئۇلگۈلۈگ.
بۇلارنىڭ (تەرىپىنى) مەن ساڭا ئېنىق سۆزلىدىم،
ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلگىلىكرەك يەنە بىر سۆزۈم بار.

*　*　*

2947 ئەلىگ تىڭلار ئەرسە ئانى سۆزلەيىن،
يوق ئەرسە بۇ سۆزنى ئۆزۈم كىزلەيىن.
ئەلىگ ئاڭلايمەن دىسە، ئۇنىمۇ سۆزلەي،
ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزنى ئۆزۈمدە يوشۇرۇپ قالاي.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2948 يانۇت بەردى ئەلىگ، ئايۇر، ئاي بۆگۈ،
نەگۇ ئول ماڭا ئاي سۆزۈڭ سۆزلەگۇ.
ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى :ئەي دانا،
ئېيتماقچى بولغان سۆزۈڭ نېمە ئىدى، ماڭا ئېيتقىن.

2949 سەنىڭدىن ئەشتگۇ كەرەك بارچا سۆز،
بىلىككە تەڭىزسەن، ئۇقۇشقا ئۆگۈز.
بارچە سۆزنى سەندىن ئاڭلاش كېرەك،
(چۈنكى) بىلىمگە دېڭىزسەن، ئىدراكقا دەريا.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

2950 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى، ئەلىگ،
ئەلىگدىن تەگىر ئەلگە تۇرلۇگ بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى، ئەي ئەلىگ،
ئەلىگدىن ئەلگە تۈرلۈك بىلىم كېلىدۇ.

2951 ئەلىگكە ئۆتۈنۈم تاپۇغچى يولى، B218
نەگۇتەك تاپىنغۇ بەگىگە قۇلى.
خىزمەتكارنىڭ يولىنى ۋە قۇلىنىڭ بېگىگە
قانداق خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەلىگكە سۆزلەپ بەردىم.

2952 يەمە بىلگۆ بەگلەر تاپۇغچى قۇلىن،
نەگۇتەك ئاچىنغۇ تاپىنسا يىلىن.
بەگلەرمۇ خىزمەتچى قۇللىرىنى بىلىشى،
ئۇزاق يىل خىزمەت قىلغانلارغا ئېھسان قىلىشى لازىم.

2953 نەچە بەگ ھەقى ئەرسە قۇللار ئۇزە،
يەمە قۇل ھەقى يوقمۇ بەگلەر ئۇزە.
بەگلەرنىڭ قۇللاردا قانچىلىك ھەققى بولسا،
قۇلنىڭ بەگلەردە ھەققى يوقمۇ؟

2954 قالى بەگ ھەقىن كۆرسە قۇللار تۇرۇپ،
كەرەك قۇل ھەقىن كۆرسە تاپغىن كۆرۈپ.
(خىزمەتتە) تۇرۇپ بەگنىڭ ھەققىنى ئۆتىسە،
(بەگلەرمۇ) خىزمىتىگە كۆرە قۇلنىڭ ھەققىنى بېرىشى كېرەك.

2955 تاپۇغچى تاپۇغ قىلسا دۇنيا ئۇچۇن،
قالى بۇلماسا دۇنيا ئەمگەر كۇچۇن.
خىزمەتچى دۇنيا ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىكەن،
ئەگەر دۇنياغا ئېرىشمىسە، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلغان بولىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2956 ئەلىگ ئايدى: كەلدۇر، ماڭا ئاي ئاچا،
نەگۇ ئول تاپۇغچى ھەقى ئاي سەچە.
ئەلىگ ئېيتتى: (سۆزۈڭنى) كەلتۈر، ماڭا ئوچۇق ئېيت،
خىزمەتچىنىڭ ھەققى نېمىلەردىن ئىبارەت، بۇنى چۈشەندۈر.

38

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە تاپۇغچىلار ھەقى بەگلەر ئۇزە نەگۈتەك ئەردۈكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى ھەققى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ

2957 بۇ ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ بەگلەر ئۇزە C169
تاپۇغچى ھەقى بار تاپۇغدا ئۇزا.
ئۆگدۈلمىش ئېيتتىكى، بەگلەر زىممىسىدە
خىزمەتچىنىڭ (قىلغان) خىزمىتىگە يارىشا ھەققى بولىدۇ.

2958 ئەڭ ئاشنۇ يەگۇ ـ ئىچگۇ بەرگۇ كەرەك،
تاپىنغۇ ئەتىكلەرىن ئەتگۇ كەرەك.
ئەڭ ئاۋۋال يېمەك ـ ئىچمىكىنى بېرىش كېرەك،
خىزمەت قىلىشتا لازىملىق ئەسۋابلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

2959 تاپۇغ قىلماق ئەمگەك قاتىغ ئىش بولۇر،
مۇنى بىلسە بەگلەر تاپۇغ يىش قىلۇر.
خىزمەت قىلىش مۇشەققەتلىك، ئېغىر بىر ئىشتۇر،
بەگلەر بۇنى بىلسە، (خىزمەتچى) خىزمەتتە غەيرەت قىلىدۇ.

2960 ئەت ئۆز، جان يۇلۇغلار تاپۇغ قىلغۇچى،
تىلەر بەگ سەۋىنچى بۇ قۇل بولغۇچى.
خىزمەت قىلغۇچى ۋۇجۇدىنى ـ جېنىنى پىدا قىلىدۇ،
قۇل بولغۇچى بەگنىڭ سۆيۈنچىنى تىلەيدۇ.

2961 ئىسىگ، تومىلغ، ئاچ ـ توق، ياداغ ھەم يالىڭ،
قىلىچ، بالدۇ، ئوق يەر، ئاي ئەلىگ بىلىڭ.
ئىسسىق ـ سوغۇق، ئاچ ـ توق، ياياق ھەم يېلىڭ (ھالدا)
قىلىچ، پالتا ۋە ئوق يەيدۇ، ئەي ئەلىگ، بۇنى بىل.

2962 كەدىن، ئۆڭدۈن، ئوڭ، سول بولۇر بۇ تۇرۇپ،
بەگىن ئىنچكە تەگرۇر بۇ ئەمگەك كۆرۈپ.

ئالدىغا، ئارقىغا، ئوڭ ـ سولغا بارىدۇ.
(ئۆزى) مۇشەققەت چېكىپ بەگنى راھەتكە يەتكۈزىدۇ.

2963 ياغىقا بۇ ئۆڭدۈن بولۇر بەك تولۇم،
تىرىگلىك تىلەر بەگكە، ئۆزگە ئۆلۈم.
ھەممىدىن ئاۋۋال دۈشمەنگە (قارشى) قورال بولىدۇ.
بېگىگە ھاياتلىقنى، ئۆزىگە ئۆلۈمنى تىلەيدۇ.

2964 بۇ ياڭلىغ بەگىنىڭ سەۋىنچىن تىلەپ، B219
ئۆزىن ئەمگەتۈر تۈننى كۈنگە ئۇلاپ.
مانا شۇ خىلدا بېگىنىڭ شادلىقىنى تىلەپ،
تۈننى كۈنگە ئۇلاپ ئۆزى جاپا ـ مۇشەققەت چېكىدۇ.

2965 بۇ تاپغى ئۈچۈن بەگ ئۆتەگۈ ھەقىن،
ئانى ئەدگۈ تۇتغۇ باغىرساقلىقىن.
بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بەگ ھەققىنى تۆلىشى كېرەك،
مېھرىبانلىق بىلەن (ئۇنىڭغا) ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

2966 نەگۈ تەر ئەشىتگىل ئۈچ ئوردۇ خانى،
بودۇندا تالۇسى، كىشىدە چىنى.
خەلق ئىچىدىن تاللانغان (ۋە) كىشىلەرنىڭ چىنى بولغان
ئۈچ ئوردۇ خانى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2967 ئايا بەگ بولۇغلى بودۇنقا ئۇلۇغ،
بەدۇت، ئەدگۈ تۇتغىل تاپۇغچى قۇلۇغ.
ئەي خەلقنىڭ ئۇلۇغى بولغان بەگ،
خىزمەتكار، قۇللىرىڭنى ئۆستۈر، ياخشى مۇئامىلە قىل!

2968 تاپۇغچى بىلە بەگلەر ئەلگى ئۇزار،
تاپۇغچى بىلە ئەركلىگ ئەل كەند تۈزەر.
خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق بەگنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ،
خىزمەتكارلىرى بىلەن قۇدرەتلىك (بولۇپ)، ئېلىنى تۈزەيدۇ.

2969 نەچە بەگ ئۇلۇغ بولسا ئەسلى بەدۈك،
تاپۇغچى بىلە بولدى ئاتى بەدۈك.
بەگ قانچىكى بۈيۈك، ئەسلى ئۇلۇغ بولغان بولسا،
ئۇنىڭ نامى (پەقەت) خىزمەتكارلىرى (بىلەنلا) بۈيۈك بولغان.

2970 ئاي ئەلىگ، كىشىلىك مۇرۇۋۋەت بولۇر،
مۇرۇۋۋەت، كىشىگە تەرىقەت بولۇر.
ئەي ئەلىگ، كىشىلىك مۇرۇۋۋەت قىلىش (دېمەكتۇر)،
مۇرۇۋۋەت كىشى ئۈچۈن تەرىقەتتۇر.

2971 مۇرۇۋۋەت تەرىقەت بۇ ئول بەلگۈلۈگ،
كىشى ئەمگەكى بىلسە، قىلسا ئۇلۇگ.
مۇرۇۋۋەت، تەرىقەت، روشەنكى،
كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلىش، ئۇلۇش بېرىش دېمەكتۇر.

2972 تاپۇغچى قاپۇغدا ئۇمىنچقا تۇرۇر، C170
ئۇمىنچ بەرمەسە بەگ مۇرۇۋۋەت بارۇر.
خىزمەتكار بوسۇغىدا ئۈمىد بىلەن تۇرىدۇ،
بەگ (ئۇنىڭغا) ئۈمىد بېغىشلىمىسا مۇرۇۋۋەتنى يوقايدۇ.

2973 كۆرۈ بارغۇ بەگلەر تاپۇغچى نەچە،
تۇسۇلۇر نەچە ئول، تۇسۇلماز نەچە.
خىزمەتچى قانچە ئىكەنلىكىنى بەگ كۆزىتىپ بېرىشى،
نەپ بېرىدىغىنى قانچە، بەرمەيدىغىنى قانچە (بىلىشى كېرەك).

2974 تۇسۇلار تەگىنچە ئاچىنغۇ كەرەك،
تاپىنمىش تەگى ھەق تەگۈرگۈ كەرەك.
نەپ بېرىشىگە قاراپ ئېھسان قىلىشى،
خىزمىتىگە قاراپ ھەققىنى تۆلىشى كېرەك.

2975 كىشى يىلقىدا ئىنغا ئەرمەز، ئاي بەگ،
مۇنى تەگلەسە ئىش بولۇر ئۇلگۇتەك.
ئەي بەگ، كىشى ھايۋاندىن تۆۋەن ئەمەس،
بۇنىڭ پەرقىگە يەتسە، ھەر ئىش ئۆز ئۆلچىمىدە بولىدۇ.

2976 بوغۇز تودرۇر ئاشىنۇ كىشى يىلقىنىڭ،
باسا ئاسغى كۆترۇر بۇ يالڭۇق ئانىڭ.
ئادەم ئالدى بىلەن ھايۋاننىڭ قورسىقىنى تويدۇرىدۇ،
ئاندىن ئۇنىڭ (كۈچى)دىن پايدىلىنىدۇ.

2977 ئاچىغ بەرسە بەگلەر، تىلىن ئەدگۈ سۆز،
تاپۇغچى يۇلۇغلار بەگىگە ئەت ئۆز.

بەگلەر ئېھسان قىلسا ۋە شېرىن سۆزلىسە،
خىزمەتكار ئۆز بېگىگە ۋۇجۇدىنى پىدا قىلىدۇ.

2978 ئىسىنۇر تاپۇغچى، باغىرساق بولۇر،
ئۆزىن ئەمگەتۇر بەگ سەۋىنچىن قولۇر.
خىزمەتكار (بەگكە) مېھىر قويىدۇ، سادىق بولىدۇ،
بەگنىڭ شادلىقى ئۈچۈن ئۆزى جاپا ـ مۇشەققەت چېكىدۇ.

2979 مۇڭار مەڭزەتۇ سۆزلەمىش سۆز تەتىك، B220
بىلىك بىرلە يالڭۇق ئۇزاتۇر ئەلىگ:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بىر زېرەك مۇنداق دېگەن،
ئىنسان بىلىمى بىلەن (ھەممىگە) قول ئۇزارتالايدۇ:

2980 كىشى ئەدگۈلۈگكە سەۋۈگ جان بەرۇر،
بىر ئەدگۈ يانۇتى ئون ئەدگۇ قىلۇر.
كىشى ياخشىلىق ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى بېرىدۇ،
بىر ياخشىلىققا جاۋابەن ئون ياخشىلىق قىلىدۇ.

2981 ئاسىغ بولسا يالڭۇق ئۆزىن قۇل قىلۇر،
ئاڭار قۇل بولۇر، ئۆزگە ئەمگەك ئۇرۇر.
پايدا بولسا، ئىنسان ئۆزىنى قۇل قىلىدۇ،
ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ، ئۆزى مۇشەققەت چېكىدۇ.

2982 تاپۇغقا كۆرۈ بەرگۇ ئەدگۇ ئاچىغ،
يالىڭنى پۇتۇرگۇ، تودۇرغۇ ئاچىغ.
خىزمەتكە قاراپ ياخشى ئېھسان بېرىش كېرەك،
يالاڭ ـ يوپۇننى كىيىندۇرۇش، ئاچنى تويغۇزۇش كېرەك.

2983 نەگۇ بەگ بولۇر ئول، ئاي ئەلىگ قۇتى،
كەتەرمەسە قۇلدىن چىغايلىق ئاتى.
ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، (بەگ) ئەگەر قۇلنىڭ كەمبەغەللىك نامىنى ئېلىپ تاشلىيالمىسا، ئۇ قانداق بەگ بولىدۇ؟

2984 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئاۋۇچغا سۆزى،
ئاۋۇچغا سۆزى ئول يىگىتلەر كۆزى.
قېرى ـ مويسىپىت نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
قېرىلارنىڭ سۆزى يىگىتلەرگە كۆزدۇر:

2985 كىشى ئەمگەك ئىدسا كىشى يۇرنىڭا،
يانۇتى كىشلىك قىلۇر ئورنىڭا.
كىشى بىرەر كىشى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا،
ئۇنىڭ ئورنىغا كىشىلىك بىلەن جاۋابياندۇر،

C171 2986 كىشى ئەمگەكى بىلمەگۈچى كىشى،
كىشى تەپ ئاتاماغۇ، يىلقى تۇشى.
كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنى
كىشى دەپ ھېسابلىما، (ئۇ) ھايۋانغا باراۋەردۇر.

2987 ئىكى تۇرلۇگ ئول بۇ تاپۇغ قىلغۇچى،
بىرى بوش، بىرى قۇل ـ ئۇمىنچ تۇتغۇچى.
خىزمەت قىلغۇچى ئىككى تۇرلۇك بولىدۇ:
بىرى ئەركىن كىشى، يەنە بىرى — ئۈمىد كۈتكۈچى قۇلدۇر.

2988 بۇ قۇل كەندۇ ئەركسىز تاپۇغچى بولۇر،
تاپۇغ قىلماسا بەگدە بەرگە بۇلۇر.
بۇ قۇل — ئۆزى ئەركسىز خىزمەتكاردۇر،
خىزمەت قىلمىسا بەگدىن قامچا يەيدۇ.

2989 بوشۇغ كۆر، بۇ تاپنۇر ئۆزىن قۇل قىلىپ،
مۇنىڭ ئەمگەكىن يۇلغۇ، تاپغىن بىلىپ.
ئەركىن (ئادەمگە) قارا، ئۆزىنى قۇل قىلىپ خىزمەت قىلىدۇ،
ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆرۈپ، ئەمگىكىنى تەقدىرلەش كېرەك.

2990 بوش ئازاد كىشى بارچا ئەدگۈ قۇلى،
بۇلارقا ئاچا بەرگۇ ئەدگۇ يولى.
ئەركىن ـ ئازاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر،
بۇلارغا ياخشىلىق يوللىرىنى ئېچىپ بېرىش كېرەك.

2991 بوشۇغ قۇل بىلە تۇتسا بولماز بۇ تۇز،
بوشۇغ بوش تەڭى تۇت، قۇلۇغ قۇلچا ئۇز.
ئەركىن (ئادەم) بىلەن قۇلنى تەڭ قويۇشقا بولمايدۇ،
ئەركىن (ئادەمنى) ئەركىنلىكىچە، قۇلنى قۇلچە تۇتۇش كېرەك.

2992 بۇ بەگلەر قاپۇغى ئەرەژ قاپغى ئول،
ئەرەژ قاپغى تۇتماق ئۆزۈك ئاسغى ئول.

بەگلەرنىڭ ئىشىكى راھەت ئىشىكىدۇر،
راھەت ئىشىكىگە ئىگە بولۇش ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىدۇر.

2993 تاپۇغچى بايۇسا بەگ ئاتى بۇلۇر،
بۇ ئاتى دۇئا بىرلە مەڭۇ قالۇر.
خىزمەتچى بېيىسا، بەگنىڭ نامى چىقىدۇ،
بۇ نامى دۇئا بىلەن مەڭگۇ ساقلىنىدۇ.

2994 ئاي ئەلىگ، تاپۇغچى بىلە بەگ مەسەل، B221
ساتىغچى ئوسۇغلۇغ بولۇر چىن تۇگەل.
ئەي ئەلىگ، خىزمەتچى بىلەن بەگ مىسالى
بەئەينى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىغا ئوخشايدۇ.

2995 ساتىغچى بەرۇر نەڭ، ئاڭار مۇن سانى،
ئالىغلى ئالىر، ئەلدە ئەۋرەر ئانى.
ساتقۇچى مال بېرىدۇ، ئۇ سەرمايە بولىدۇ،
ئالغۇچى (ئۇنى) ئېلىپ ئەل ئىچىدە ئايلاندۇرىدۇ.

2996 يىل، ئاي، كۈن تۈگەسە ئاسىغ يۈمدارۇر،
يۈز ئۈترۈ ئۇلاشۇر، ئۆز ئاسغى ئالۇر.
يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن پايدا توپلىنىدۇ،
يۈزمۇيۈز تەقسىملەپ، ئۆز پايدىسىنى ئالىدۇ.

2997 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى، تاپۇغچى كىشى
بەگى بىرلە ئورتۇق، ساقىشلىغ ئىشى.
دېمەك، خىزمەتچى كىشى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى،
(ئۇ) بېگى بىلەن ئورتاق، ئىشلىرى ھېسابلىقتۇر.

2998 بەگى نەڭ بەرۇر قۇلقا ئەدگۇ سۆزۈن،
تاپۇغچى ئەت ئۆز بىرلە تاپنۇر ئۆزۈن.
بېگى قۇلغا ياخشى سۆز بىلەن مال بېرىدۇ،
خىزمەتچى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت ئۆتەيدۇ.

2999 ئۇرۇر جان يۇلۇغلاپ تاپۇغچى قىلىچ،
ئانىڭ ئاسغى ئەل، كەند، ئۇلۇشلار ئەرىنچ.
خىزمەتچى جېنىنى پىدا قىلىپ، قىلىچ ئۇرىدۇ،
ئۇنىڭ پايدىسى ئەل، كەنت، قىشلاقلار بولىدۇ.

3000 ياغى بوينى يەنچەر، خەزىنە ئۇرۇر،
تىلەك، ئارزۇ، نىئمەت ئۇلاشۇ كەلۇر.
دۈشمەنىنىڭ بويىنىنى يانجىپ، خەزىنە توپلايدۇ،
ئارزۇ ـ تىلەكلەر (ئەمەلگە ئېشىپ) ئۈزۈكسىز نېمەت كېلىدۇ.

3001 بۇ بارچا ئاسىغ سانى بولدى تەگىم، C172
ئاسىغ قىلغۇچىغ ئەدگۇ تۇتغۇ، بەگىم.
بۇلارنىڭ ھەممىسى پايدا ھېسابىدا قولغا تېگىدۇ،
ئەي بېگىم، پايدا كەلتۈرگۈچىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

3002 نەگۇ تەر ئەشىتكىل بۇ سارتلار باشى،
ئۆز ئاسىغىن تىلەپ دۇنيا كەزگەن كىشى.
ئۆز پايدىسىنى دەپ دۇنيا كەزگەن
سودىگەرلەر باشلىقى نېمە دېگەن، ئاڭلا:

3003 ئاسىغلىغ قۇل ئەرسە ئوغۇلدا ياقىن،
ئاسىغسىز ئوغۇلنى ياغى بىل، ساقىن.
پايدىلىق قۇل ئوغۇلدىنمۇ يېقىندۇر،
پايدىسىز ئوغۇلنى دۈشمەن دەپ بىل، (ئۇنىڭدىن) ساقلان!

3004 قامۇغ تەپرەنىگلى ئاسىغقا يورىر،
ئاسىغ بولماسا ئاۋچى ئەۋدە قارىر.
بارلىق ھەرىكەت قىلغۇچىلار پايدىغا ماڭىدۇ،
پايدا بولمىغان بولسا ئوۋچى ئۆيىدە قېرىغان بولاتتى.

3005 ئەر ئات بولدى بەگلەر قاناتى، يۈگى،
قاناتسىز قۇش ئۇچماز، ئاي بەگلەر بەگى.
ئەسكەر، خىزمەتچىلەر بەگلەرنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىدۇر،
ئەي بەگلەر بېگى، قاناتسىز قۇش ئۇچالمايدۇ.

3006 ئەر ئات بىرلە بەگلەر كۈچىن بەلگۈرەر،
ئەر ئات بىرلە بەگلەر تۈگۈنلەر يۆرەر.
بەگلەرنىڭ كۈچى ئەسكەر، خىزمەتچى بىلەن نامايان بولىدۇ،
ئەسكەر، خىزمەتچى بىلەن بەگلەر چىگىشلەرنى يېشىدۇ.

3007 يۈمىتسا قايۇ بەگكە ئەرسىگ ئەرەن،
ئاژۇنقا بۇ بەگ بولدى ساھىب قىران.

قايسى بەگ (ئەتراپىغا) جەسۇر جەڭچىلەر توپلانسا،
بۇ بەگ دۇنياغا ساھىبقىران بولىدۇ.
3008 قايۇ بەگدە ئەردەم يۇمىتسا تۇگەل،
ئاڭار يىغلۇر ئارزۇ نە قولسا تۇگەل.
قايسى بەگدە ھەممە پەزىلەتلەر جەم بولسا،
ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى تۈگەل ئەتراپىغا يىغىلىدۇ.
3009 ئاژۇنچىقا ئەردەم كەرەك مىڭ تۇمەن، B222
بۇ ئەردەم بىلە يەر ئاژۇنچى جەھان.
دۇنيا ھاكىمى ئۈچۈن مىڭ تۈمەن پەزىلەت كېرەك،
بۇ پەزىلەتلەر بىلەن دۇنيا ھاكىمى جاھاننى سورىيالايدۇ.
3010 ئۆچۈز تۇتما ئەردەمنى، ئۆگرەن ئوغۇل،
بۇ ئەردەم يورىقى ئۈرۈڭ قۇشتەك ئول.
ئەي ئوغۇل، پەزىلەتلەرنى قەدىرسىز ھېسابلىما، ئۆگەن،
بۇ پەزىلەتلەر ئاق قۇشتەك راۋان يۈرىدۇ.
3011 ئۈرۈڭ قۇش قۇتىتەك بۇ ئەردەم قۇتى،
يورى، قۇش ئاتاغىل سەن ئەردەم ئاتى.
پەزىلەتلەرنىڭ ئىقبالى ئاق قۇشنىڭ ئىقبالىدەكتۇر،
كەل، سەن پەزىلەتنىڭ نامىنى قۇش دەپ ئاتىغىن.
3012 نەگۈ تەر ئەشىتگىل ئۈرۈڭ باشلىغ ئەر،
ئاژۇنۇغ قارىتمىش ئۈزۈن ياشلىغ ئەر:
دۇنيانى قېرىتقان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن،
ئاق باشلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
3013 «بىلىك، ئەردەم ئۆگرەن، ئاغىر تۇت ئانى،
ئاغىر قىلغاي ئاخىر ئول ئەردەم سەنى.
«بىلىم ـ پەزىلەت ئۆگەن، ئۇنى قەدىرلە،
ئۇ پەزىلەت ئاخىر سېنىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ.
3014 بىلىك بىل، ئۇقۇق ئۇق، يورىما ياۋا،
ئۆدى كەلسە ئەدگۇ بەرۈر ئول كۈنى».
بىلىم بىل، ئەقىل ئۆگەن، بىكار يۈرمىگىن،
ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ».

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3015 بۇ سۆزلەر ئەشىتتى، سەۋىندى ئەلىگ،
ئايۇر: ئاي ئۇقۇشلۇغ ئۇرۇغى سىلىگ.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ سۆيۈنۈپ،
(شۇنداق) دېدى: ئەي ئەقىللىك، ئۇرۇقى تازا.

C175 3016 ئەدى ياقشى ئۇردۇڭ كىشىلىك ئۇلى،
بۇ ئول چىن، ۋەفالىغ كىشىلەر يولى.
كىشىلىك ئۇلىنى بەك ياخشى قۇردۇڭ،
بۇ چىن ۋاپالىق كىشىلەر يولىدۇر.

3017 بودۇن ئەركى بولدى مەنىڭ بۇ ئۆزۈم،
ئۇزۇن بولدى ئەلگىم، يورىق تىل ـ سۆزۈم.
مەن ئۆزۈم خەلق ئۈستىگە ھاكىم بولدۇم،
قولۇم ئۇزۇن، سۆزۈم ئۆتىمدىغان بولدى.

3018 كۆۋەنمەزمەن ئەمدى بۇ بەگلىك بۇلۇپ،
ئۆز ئىنچلىك تىلەپمە تىرىگلىك بۇلۇپ.
ئەمدى بەگلىككە ئېرىشكىنىمگە،
ئۆز راھىتىمگە (ۋە) ھاياتىمغا مەغرۇرلانمايمەن.

3019 تىلەكىم بۇ ئول كىم، ئاڭا كەلگۈچى
بايۇسا مەنىڭدىن، بەدۇسە كۈچى.
تىلىكىم شۇكى، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگۈچىلەر
مېنىڭدىن بايلىق تاپسۇن، كۈچى ئۇلغايسۇن.

3020 بۇ بەگلەر سەۋىنچى يارىنقى ئاسىغ،
دۇئا تاپ ماڭا ئەدگۈ ئاتىن يانىغ.
بەگلەرنىڭ شادلىقى ئەتىكى پايدىدۇر،
ياخشى نام بەدىلى ئۇچۇن ماڭا دۇئا كۆپايە قىلىدۇ.

3021 بۇ بارى خەزىنە، بۇ ئالتۇن كۈمۈش،
ئەر ئاتقا ئۇلەگۈگە تەردىم ئۆكۈش.

بارلىق خەزىنە، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن توپلىدىم.

3022 كىشىگە بەرۈرمەن تىلەپ ئەدگۈ ئات،
دۇئا ئارتسۇ، ئاتىم يورىتسۇ بايات.
بۇلارنى ياخشى نام (قالدۇرۇش) ئۈچۈن كىشىلەرگە بېرىمەن،
دۇئا (قىلغۇچىلار) كۆپەيسۇن، خۇدا نامىمنى يايسۇن.

3023 تىلەكىم بۇ ئول كىم، ماڭا تاپغۇچى
بايۇپ قالسا مەندە كەدىن قالغۇچى.
تىلىكىم شۇ ئىدىكى، ماڭا خىزمەت قىلغۇچىلار،
(مەندىن) كېيىن قالغۇچىلار بېيىسۇن!

3024 ئۆزۈم كۆچسە، بارسا قالىر بۇ بودۇن، B223
دۇئا بىرلە تاپسا ماڭا ئول ئۆدۇن.
مەن (ئالەمدىن) كۆچۈپ كەتسەم، بۇ خەلق قالىدۇ،
شۇ چاغدا ماڭا دۇئا بىلەن خىزمەت قىلسۇن.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3025 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
يەتۈردى بۇ ئىشگە تۈكەل ئۆگ، بىلىك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
بۇ ئىشلارغا ئەقىل ۋە بىلىمىنى يەتكۈزدى.

3026 ئۆلۈگلى كىشىگە نەگۈ بار ئادىن،
مەگەر ئەدگۈ ئاتى يورىسا كەدىن.
ئۆلگۈچى كىشىگە ئۆزىدىن كېيىن
ياخشى نام قالدۇرۇشتىن باشقا يەنە نېمە بار؟

3027 بۇ دۇنيا تىلەسە ئۈلەگۈ كۈمۈش،
قالى ئۇقبى قولسا بۇ ئول ھەم يۇلۇش.
بۇ دۇنيانى دېسە كۈمۈش تارقىتىش كېرەك،
ئاخىرەتلىكنى تىلىسىمۇ، بۇ قۇتۇلۇش يولى.

3028 بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشۈگ ئۆلە، ئاي ئەلىگ،
قايۇ ئەل تىلەسە يەتىلگەي ئەلىگ.
ئەي ئەلىگ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنى ئۈلەشتۈر،
قايسى ئەلنى خالىساڭ، (ئۇنىڭغا) قولۇڭ يېتىدۇ.

3029 نەگۈ تەر ئەشىتگىل بۆگۈ بەگ تىلى،
بە بەگلىك ئىشىڭە ئۇل ئۆرمىش ئۇلى.
بەگلىك ئىشىغا ئۇل قۇرۇپ بەرگەن
دانا بەگ نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3030 ئۆلەگۈ نەڭ ئەر تۈتغۇ بەگلەر قالىن، C174
قاچان قولسا تۈتغاي ياغىسى ئەلىن.
بەگلەر كۆپ ئەسكەر ـ خىزمەتچى تۇتۇپ، مال ئۈلەشتۈرسە،
خالىغان چاغدا دۈشمىنىنىڭ ئېلىنى ئالالايدۇ.

3031 خەزىنە نەرەڭ كۆپ، ئەر، ئات چوق كەرەك،
بەگى باي كەرەكسىز، بودۇن توق كەرەك.
خەزىنىنى نېمە قىلىسەن؟ ئەسكەر ـ خىزمەتچى كۆپ بولۇشى كېرەك.
بەگنىڭ باي بولۇشى ھاجەت ئەمەس، خەلقى توق بولۇشى لازىم.

3032 ئەر ئات بولسا بەگلەر ئەلى ئەكسۈمەز،
ئەر ئات بولماسا بەگ ئەلىن كەچ يەمەز.
ئەسكەر، خىزمەتچى بولسا، بەگلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كەم بولمايدۇ،
ئەسكەر، خىزمەتچى بولمىسا، بەگ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

3033 ئەر ئات بولسا بەگدىن سەۋىنچلىگ يارۇق،
قايۇ ئەل تىلەسە بۇلۇر بەگ ئانۇق.
ئەسكەر، خىزمەتچىلەر بەگدىن مەمنۇن بولغاندىلا،
بەگ قايسى ئەلنى خالىسا، ئۇنى قولغا كىرگۈزەلەيدۇ.

3034 ئاقى بولسا ئەلگى ئاژۇن بەگلەرى،
ئىكىگۈ ئاژۇننۇڭ بۇ بۇلدى تۆرى.
دۇنيا بەگلىرىنىڭ قولى ئوچۇق بولسا،
ھەر ئىككى دۇنيانىڭ تۆرىگە ئىگە بولالايدۇ.

3035 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بىلىكلىگ تىلىن،
سارانلىق بىلە بەگ يەيۇمەز ئەلىن.

بىلىملىك ئادەم نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:
بەگ خەسىسلىك بىلەن ئەلگە ھاكىملىق قىلالمايدۇ.

3036 ئىكى نەڭ قارىشتى ياقىشماز قاچار،
سارانقا ياغۇماز، ئاقىغ بەرك قۇچار.

ئىككى نەرسە قارىمۇقارشى، يېقىنلاشماي قاچىدۇ:
خەسىسكە (ھېچكىم) يېقىنلاشمايدۇ، سېخىيغا بەك يېپىشىدۇ.

3037 ساراندىن قاچار بارچا ئەردەملىگ ئەر، B224
ئاقىقا يۇمىتۇر تىلەك ـ ئارزۇ يەر.

بارلىق پەزىلەتلىك كىشىلەر خەسىستىن قاچىدۇ،
سېخىينىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، تىلەك ـ ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ.

3038 سارانلىق بىلە بولدى بەگلىك ياغى،
سارانقا قوپار تەگمە يەردە چوغى.

خەسىسلىك بىلەن بەگلىك دۈشمەنلىك بولىدۇ،
خەسىسكە ھەممە يەردە نىزا پەيدا بولىدۇ.

3039 ئادىن ئىككى نەڭ ئول بۇ ئەل تۇترۇقى،
بىرىسى ساۋ ئالتۇن، قىلىچ بىر تاقى.

ئاندىن قالسا، ئەلنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىككى نەرسە بار:
بىرى ــ ساپ ئالتۇن، يەنە بىرى ــ قىلىچ.

3040 ئاقىلىق بىلە بەكلەگۈ ئول ئەلىگ،
ئاقىلىق بىلە بەگ بەدۇر، ئاي ئەلىگ.

مەملىكەتنى سېخىيلىق بىلەن مۇستەھكەملەش كېرەك،
ئەي ئەلىگ، بەگ سېخىيلىق بىلەن يۈكسىلىدۇ.

3041 كۇر ئالىپ ئەر كۆتۇرسە ياشىنتەك تەمۇر،
ئازىغلىغ ئەرەنلەردە تەشلۇر تامۇر.

جەسۇر، باتۇر ئەر چاقماقتەك قىلىچ ئويناتسا،
ھەيۋەتلىك باتۇرلارنىڭمۇ تومۇرى كېسىلىدۇ.

3042 ساۋ ئالتۇن بىلە بەرتسە بەگلەر ئەلىگ،
قىلىچسىز تىلى بىرلە ئەۋرەر ئەلىگ.

بەگلەر ساپ ئالتۇن تارقىتىش بىلەن قولىنى قاپارتسا،
قىلىچسىزلا، سۆز بىلەن ئەلنى سورايدۇ.

3043 بۇ ئىككى بىلە ئەتگۈ ئۆشبۇ ئەلىگ،
بۇ ئىككى بىلە ئەر بەدۈر، ئاي ئەلىگ.
بۇ ئىككى (نەرسە) بىلەن ئۆشبۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش كېرەك،
ئەي ئەلىگ، بۇ ئىككى (نەرسە) بىلەن ئەر يۈكسىلىدۇ.

3044 ساۋ ئالتۇن يازار ئول تۈگۈلمىش كىشىگ،
ساۋ ئالتۇن ئەتەر ئول بۇزۇلمىش ئىشىگ.
ساپ ئالتۇن تۈرۈلگەن چىرايلارنى ئاچىدۇ،
ساپ ئالتۇن بۇزۇلغان ئىشلارنى تۈزەيدۇ.

3045 قىلىچ قايدا ئەرسە كۈمۈش ئاندا ئول، C175
كۈمۈش قايدا ئەرسە قىلىچ تۇتتى يول.
قىلىچ نەدە بولسا، كۈمۈشمۇ شۇ يەردە بولىدۇ،
كۈمۈش نەدە بولسا، قىلىچ شۇ ياققا يول تۇتىدۇ.

3046 ئايا بەگ، كۈمۈش ساچ، تەرىلسۇ كەد ئەر،
كۈمۈش يىغسا ساچلۇر قىلىچلىغ قۇر ئەر.
ئەي ئەلىگ، كۈمۈش چاچقىن، يىگىتلەر توپلانسۇن،
كۈمۈشنى يىغساڭ، قىلىچ تۇتقان باتۇرلار تاراپ كېتىدۇ.

3047 قىلىچلىغ كۈر ئەر، كۆر، كۈمۈشكە تۇتۇغ،
يۇمىتمىش ساۋ ئالتۇن قىلىچقا يۇلۇغ.
قاراپ باق، قىلىچ تۇتقان جەسۇر ئەر كۈمۈشكە تۇتقۇندۇر،
توپلانغان ساپ ئالتۇن قىلىچ ئۈچۈن پىدا قىلىنسۇن.

3048 ساران بەگ تەرەر نەڭ، خەزىنە ئۇرۇر،
ئاقى بەگ قىلىچ بىرلە ئارتلاپ ئالۇر.
خەسىس بەگ دۇنيا توپلاپ، خەزىنە يىغىدۇ،
سېخىي بەگ قىلىچ بىلەن تارتىۋالىدۇ.

3049 بۇ ياڭلىغ تۇرۇر بۇ ئازۇن ئۆگدىسى،
سارانقا سۆكۈشى، ئاقى ئۆگدىسى.
دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىسى ئەنە شۇنداقتۇر،
خەسىس سۆكۈلىدۇ، سېخىي ماختىلىدۇ.

* * *

3050 سۆزىن كەستى ئۆگدۈلمىش، ئۆپتى يەرىگ،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى، ئۆگدى بىرىگ.
ئۆگدۈلمىش سۆزىنى توختىتىپ، يەر ئۆپتى،
(ۋە) ئەلىگكە دۇئا قىلىپ، بىر (ئالللا)نى مەدھىيەلىدى.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3051 بۇ سۆزلەر ئەشىتتى، سەۋىندى ئەلىگ،
دۇئا قىلدى رەبقا، كۆتۈردى ئەلىگ.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ سۆيۈندى،
قوللىرىنى كۆتۈرۈپ رەببىگە دۇئا قىلدى.
3052 ئايۇر: ئاي باغىرساق ئىنانغۇ ئىدىم، B225
قاتىغلىق يەرىندە سىغىنغۇ ئىدىم.
دېدىكى، ئەي مېھرىبان، ئىشەنگەن ئىگەم،
ئەي مۈشكۈللۈكۈمدە سىغىنىدىغان ئىگەم،
3053 سەنىڭدە ئادىن يوق يۆلەكىم ماڭا،
كۈۋەنچىم سەنئۆكسەن، ئۇمىنچىم ساڭا.
سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق،
غۇرۇرۇم سەن ئۆزۈڭ، ئۈمىدىم سەندە.
3054 قايۇ ئەدگۈ قالدى ماڭا قىلمادىڭ،
نەگۈ ئارزۇ قالدى ماڭا بەرمەدىڭ.
ماڭا قىلمىغان قايسى ياخشىلىقىڭ قالدى،
مېنى ئېرىشتۈرمىگەن (يەنە) قانداق ئارزۇلار قالدى؟
3055 نەتەك تاپنۇغايمەن، بۇ ئول چىن سۆزۈم،
ئايا مەڭۇ مۇڭسۇز، بۇ مۇڭلۇغ ئۆزۈم.
چىن سۆزۈم شۇكى، ساڭا قانداق ئىبادەت قىلىمەن؟
ئەي مەڭگۈ موھتاجسىز (ئىگەم)، ئۆزۈم ساڭا موھتاجمەن.
3056 سەنىڭدىن قولۇرمەن باسۇت كۈچ بىلە،
كۆنى يول ئۇزە تۇت، مەنى سەن يۆلە.

سەندىن مەدەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلەيمەن،
مېنى سەنلا يۆلەپ، توغرا يولغا سالغىن!

3057 قامۇغ ئەدگۈلۈكتە تاقى ئارتۇقى ـ
بۇ ئۆگدۈلمىش ئول، ئەمدى كۆڭلۈم توقى.
ھەممە ياخشىلىقلاردىنمۇ ئارتۇقى ـ
كۆڭلۈمنى توق قىلغان ــ مانا بۇ ئۆگدۈلمىشتۇر.

3058 مۇنى بەردىڭ ئەمدى ماڭا سەن ئەتا،
قىلۇرمەن مۇنىڭ شۈكرى يۈز مىڭ قاتا.
بۇنى سەن ماڭا ئاتا قىلىپ بەردىڭ،
بۇنىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ قېتىم شۈكۈر قىلىمەن!

3059 ئەت ئۆز، جان يۇلۇغلار مەنىڭ ئىشىمە،
دۇئا ئارتۇرۇر بۇ كەچەر ياشىما.
(ئۇ) مېنىڭ ئىشىمغا جېنى (ۋە) ۋۇجۇدىنى بېغىشلىدى،
ئۆتۈۋاتقان ئۆمرۈمدە ماڭا دۇئا ئاشۇردى.

3060 ماڭا كۈچ بەر، ئەمدى ئۆتەيىن ھەقىن، C176
سەۋىنسۇ، ماڭا بولسۇ كۆڭلى ياقىن.
ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگىن، (ئۇنىڭ) ھەققىنى ئادا قىلاي،
سۆيۈنسۇن، ماڭا كۆڭلى يېقىن بولسۇن.

* * *

3061 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۈلمىشە،
ئۇقۇشلۇغ، بىلىكلىگ سەنى ئۆگمىشە.
ئەلىگ يەنە شۇنداق دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ئەقىللىك، بىلىملىكلەر سېنى ماختىغانىدى.

3062 ئۇقۇشلۇغ تىلەسە ئۇقۇش سەن تۈگەل،
بىلىكلىگ تىلەسە بىلىك سەن كەمال.
ئەقىللىكنى تىلىگەندە، سەن ـ تامامەن ئەقىلسەن،
بىلىملىكنى تىلىگەندە، كامىل بىلىمسەن.

3063 ئىنانچلىغ، باغىرساق، پۈتۈن سەن سىلىگ،
كۆنىلىك بىلە سەن كۆتۈردۈڭ ئەلىگ.

ئىشەنچلىك، مېھرىبان، سەممىي، توغرا ۋە مۇلايىمسەن،
(ھەر ئىشقا) توغرىلىق بىلەن قول ئۇزارتتىڭ.

3064 تاپىندىڭ، ئاچىغدا ئاشۇندى تاپۇغ،
تاپۇغ قالمادى سەن يەتۇردۇك قامۇغ.

خىزمەت قىلدىڭ، خىزمەتلىرىڭ ئېھسانلىرىمدىن ئېشىپ چۈشتى،
سەن ئورۇنلىيالمىغان ھېچقانداق خىزمەت قالمىدى.

3065 مەنىڭدىن كەرەك ئەمدى ئەدگۇ يانۇت،
ساڭا ھەق ئۆتەيىن، تىرىگلىك ئانۇت.

ئەمدى مەندىن ياخشى بىر جاۋاب (ئېلىشىڭ) كېرەك،
ھەققىڭنى تۆلەي، شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرگىن.

3066 نەتەك كىم سەۋىندى سەنىڭدىن كۆڭۈل،
بايات بەرسۇ ئانداغ سەۋىنچ، ئاي ئوغۇل

كۆڭلۈم سەندىن قانداق سۆيۈنگەن بولسا،
خۇدا ساڭىمۇ شۇنداق سۆيۈنچە بەرسۇن، ئەي ئوغۇل!

* * *

3067 سۆزۈگ كەستى ئەلىگ، سەرىندى تۇرۇ، B226
يەر ئۆپتى تاپۇغچىسى، قوپتى ئۆرۈ.

ئەلىگ سۆزىنى توختاتتى (ۋە) بىردەم جىم تۇردى،
خىزمەتچىسى يەر ئۆپۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

3068 تۇرۇپ چىقتى ئاندىن سەۋىنچلىگ بولۇپ،
ئاتىن مىندى كەلدى ئەۋىڭە تۇرۇپ.

ئۇ يەردىن مەمنۇن بولۇپ (قايتىپ) چىقتى،
ئېتىنى مىنىپ، ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

3069 قىيىقسىز كەچە ـ تاڭدا قىلدى تاپۇغ،
يارادى تاپۇغ، ئاچتى دەۋلەت قاپۇغ.

كېچە ۋە كۈندۈز ئېغىشماي خىزمەت قىلدى،
خىزمىتى ياردى، بەخت ئىشىكى ئېچىلدى.

3070 تىرىلدى ئۆگى ھەم قويۇلدى بىلىك،
بولۇ بەردى ئەۋرەن، ئۇزادى ئەلىگ.
ئەقلى ياشىندى ھەم بىلىمى چوڭقۇرلاشتى،
پەلەك (يار) بولدى، قولى ئۇزاردى.

3071 نەگۇ تەر ئەشتكىل قۇتى بەلگۈلۈگ،
قاتى بىرلە ئەلدە چاۋىقمىش كۈلۈگ.
دۆلىتى بىلەن ئەلدە داڭ چىقارغان
(ۋە) بەلگىلىك بەختكە ئېرىشكەن مەشھۇر كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3072 كىمىڭ بىرلە دەۋلەت ياراشسا كەلىپ،
باشىن كۆككە تەگرۈر، يوقارۇ قىلىپ.
دۆلەت كېلىپ كىم بىلەن ياراشسا،
ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بېشىنى كۆككە يەتكۈزىدۇ.

3073 كەلۇ بەرسە دەۋلەت، يۇمىتسا بۇ نەڭ،
كىشى كۆڭلى تىرلۇر، بولۇر قىزغۇ ئەڭ.
دۆلەت كېلىپ، مال ـ دۇنيا يىغىلسا،
كىشىنىڭ كۆڭلى ياشنايدۇ، مەڭزى قىزىرىدۇ.

3074 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى كۆكچىن ساڭا، C177
بۇ سۆز ياقشى تىڭلا، ئاي ئەرسىگ توڭا:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، ئاقىباش كىشى ساڭا بىر سۆز دېدى،
بۇ سۆزنى ياخشى ئاڭلا، ئەي باتۇر يىگىت:

3075 «كىمىڭ بولسا دەۋلەت ئۇزادى ئەلىگ،
قامۇغ تەترۇسى ئوڭ، سۆزى ئۆگ، بىلىك.
«كىمنىڭ دۆلىتى بولسا، قولى ئۇزۇن بولىدۇ،
بارلىق تەتۇر (ئىشى) ئوڭ، سۆزى ـــ ئەقىل، بىلىم بولىدۇ.

3076 ئاژۇن فەيلەسۇفى نەڭى بولماسا،
نەچە تىلدام ئەرسە كىشەدى تىلىگ».
جاھان پەيلاسوپىنىڭ مال ـ دۇنياسى بولمىسا،
قانچىلىك سۆزمەن بولسىمۇ، تىلى كىشەنلىنىدۇ».

3077 بۇ ياڭلىغ تۇرۇر بۇ ئاژۇن ئۆڭدۇسى،
يايىغ دۇنيا، دەۋلەت چاۋىقار كۇسى.

بۇ دۇنيانىڭ قانۇنى ئەنە شۇنداقتۇر،
بۇۋاپا دۇنيا، دۆلەتنىڭ داڭقى (شۇنداق) شۆھرەت قازىنىدۇ.

3078 ياۋۇزقا يۈز ئۇرسا، يۈزى سۇۋۇلانۇر،
كىچىگكە كۆز ئاچسا، بەدۇكلۇك بۇلۇر.
(ئۇ) يامانغا يۈزلەنسە، يۈز (ئابرۇي) تاپىدۇ،
كىچىككە كۆز تىكسە، يۇكسەكلىككە ئېرىشىدۇ.

3079 تەگىر ئەرسە كىمگە بۇ دەۋلەت كەلىپ،
تۇزەر ئىچ ـ تاشىنى بۇ بارچا ئەتىپ.
بۇ دۆلەت كېلىپ كىمگە نېسىپ بولسا،
(ئۇنىڭ) ئىچى ـ تېشىنى كۆزىتىپ، پۈتۈنلەي بېزەيدۇ.

3080 قالى كەلسە كەلدرۇر قامۇغ ئارزۇلار،
ئاژۇندا چاۋىقار، ئاتى بەلگۇرەر.
ئەگەر دۆلەت كەلسە، ھەممە ئارزۇلار (بىللە) كېلىدۇ،
دۇنياغا داڭ چىقىرىپ، نامى مەشھۇر بولىدۇ.

3081 قالى بارسا ئەلتۇر بۇ كەلدۇرمىشىن،
ياغىز يەرگە ئىلدرۇر كۆتۈرمىش باشىن.
ئەگەر (ئامەت) كەتسە، كەلتۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ،
كۆتۈرۈلگەن بېشىنى قوڭۇر يەرگە ئەگدۈرىدۇ.

3082 ئايا ئۆگ كۆڭۈللۈگ، ئۇقۇشلۇغ، ئودۇغ، B227
ئايى سەۋمە دۇنيا، توقىغاي يودۇغ.
ئەي ئەقىللىك، ئەس ـ ھوشلۇق، سەگەك (كىشى)،
بۇ دۇنيانى بەك سۆيمىگىن، پالاكىتى تېگىدۇ.

3083 نەرەك بۇ قاراڭقۇ، تۇنەرىگ ئورۇن؟
سۇزۇگ، مەڭۇ ئەلگە ئاشۇنغىل بۇرۇن.
بۇ قاراڭغۇ، زۇلمەت (دۇنيا) نېمىگە كېرەك؟
سۈزۈك، مەڭگۈلۈك ئەلگە بۇرۇنراق تەييارلان.

3084 تۇنەك ئول بۇ دۇنيا، كۆتۈرگىل كۆڭۈل،
ئەدىز ئوردۇ ئەل قول سەن ئامرۇل ئامۇل.
بۇ دۇنيا بىر قونالغۇدۇر، كۆڭلۈڭنى ئۈز،
يۇكسەك ئوردا، ئەل تىلە، تىنچ، ئاسايىش بول.

3085 نەگۈ تەر ئەشتكىل، ئاي كۆڭلى سۈزۈگ،
قامۇغ ئىش ئىچىندە ئاي كۆڭلى تۈزۈگ:
ئەي دىلى پاك (كىشى)، ھەممە ئىشتا
كۆڭلى تۈزۈك (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3086 ئاي ھىممەت ئىدىسى، ئاژۇن قول تالۇ،
تالۇ قولداچى ئەر قۇتى توپ تولۇ.
ئەي ھىممەت ئىگىسى، تاللانغان (ھەقىقىي) دۇنيانى ئىزدە،
تاللانغان (دۇنيانى) ئىزدىگۈچىنىڭ بەختى تولۇق بولىدۇ.

3087 كەچەر دۇنيا قودغىل، تىلە ئۇقبىنى،
قودۇ بەرمەسە، دۇنيا قودغاي سەنى.
ئۆتكۈنچى دۇنيانى قوي، ئاخىرەتنى تىلە،
(بۇ) دۇنيانى (سەن) تاشلىمىساڭ، ئۇ سېنى تاشلايدۇ.

3088 جەفاچى بۇ دۇنيا، جەفا قىل ئاڭار،
جەفا قىلسا ئۆترۈ ياراشۇر ساڭار.
بۇ دۇنيا جاپا قىلغۇچىدۇر، (سەنمۇ) ئۇنىڭغا جاپا قىل،
جاپا قىلساڭ ئاندىن سەن بىلەن يارىشىدۇ.

3089 ئايا يولدا ئازمىش، باشى تەزگىنۈك،
ئايى سەۋمە دۇنياغ، تۈپى ئول ئۈيۈك.
ئەي يولدىن ئازغان، بېشى قايمۇققان (كىشى)،
بۇ دۇنياغا زادى ھېرىس بولما، ئۇنىڭ تۈۋى پاتقاقتۇر.

3090 ئۈيۈككە كىرىگلى ئۈيۈلدى قودى، C178
ئۆرۈ كەلمەدى ئول، سەۋىنچ بۇلمادى.
پاتقاققا كىرگەن ئادەم تۆۋەن چۆكىدۇ،
(ئۇ يەردىن) چىقالمايدۇ، شادلىق تاپالمايدۇ.

3091 ئۆرۈ تارتغىل ئۆزنى، ئۈيۈكتىن قۇتۇل،
ئۆزۈڭ قۇللۇقىن سەن تاپۇغ بىرلە يۇل.
ئۆزۈڭنى يۇقىرى (غا) تارت، پاتقاقتىن قۇتۇل،
ئۆز قۇللۇقۇڭنى ئىبادەت بىلەن ئادا قىل!

3092 يانا يانغىل، ئەمدى تىلەك بەرگە ئۆز،
تىلىڭ ئەۋرە ياندۇر، تۇرۇ قالدى سۆز.

ئەمدى (ئۇ تەرەپكە) يانغىن، تىلەكلىرىڭنى ئۇ بېرىدۇ،
تىلىڭنى ئارقىغا بۇرا، سۆز تۈگىدى.

*　　*　　*

3093 كۆڭۈل تۈزدى ئەلىگ، كۆر، ئاندا نارۇ،
بودۇنقا بەرۇ تۇردى ئەدگۈ تۆرۇ.
قارا، شۇنىڭدىن كېيىن ئەلىگ كۆڭلىنى تۈزەتتى،
خەلققە ياخشى قانۇن يۇرگۈزۈشكە باشلىدى.

3094 بودۇن ئىنچكە تەگدى، تۇرۇق سەمرىدى،
سەۋەرى بەدۇدى ياغى ياۋرىدى.
خەلق ھالاۋەتكە ئېرىشتى، ئورۇق سەمرىدى،
ئۇنى سۆيگەنلەر ئۇلغايدى، دۈشمەنلىرى زەئىپلەشتى.

3095 كەچۈردى كۈۋەنچىن، سەۋىنچىن كۈنى،
ئاژۇنقا يادىلدى ئاتى، چاۋ، ئۈنى.
قۇۋانچ ۋە شادلىق بىلەن كۈن كەچۈردى،
نامى، داڭقى ۋە شۆھرىتى ئالەمگە يېيىلدى.

3096 تىرىلدى بىر ئانچا، يورىدى بۇ ياڭ،
بۆرى توقلى بىرلە قوزى بولدى تەڭ.
(ئەلىگ) شۇ يوسۇندا خېلى ۋاقىت ياشىدى،
بۆرە بىلەن قوزا ئىناق ئۆتتى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3097 ئەلىگ بىر كۈن ئولدرۇپ، كۆر، ئۆگدۈلمىشگ B228
ئوقىدى، ئايىتتى: كەچەر كۈن ئىشىگ.
ئەلىگ بىر كۈنى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆگدۈلمىشنى
يېنىغا چاقىرتتى، ئۆتۈۋاتقان كۈننى، ئىشنى سورىدى:

3098 نەگۈتەك كەچەر كۈن، ئاي ئۆگدۈلمىش ئاي،
چىغايمۇ تەلىم بولدى ئەلدە يا باي.

ئەي ئۆگدۈلمىش، ئېيتقىنا، كۆڭۈلنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟
ئەلدە كەمبەغەللەر كۆپمۇ، ياكى بايلارمۇ؟

3099 ئەل ئىچرە نەگۈ بار يارىغسىز، ياۋۇز،
بودۇن ھالى ئاچغىل، ماڭا ئۆرتمە سۆز.

ئەل ئىچىدە قانداق يارىماس، يامانلىقلار بار؟
خەلق ئەھۋالىنى ماڭا چۈشەندۈر، ھېچ سۆزنى يوشۇرما.

3100 بودۇن تىللەرىندە نەگۈ سۆز يورىر،
سۆكۈشمۇ تەلىمرەك يا ئۆگدى كەلىر.

خەلق ئېغىزىدا قانداق سۆزلەر يۈرۈۋاتىدۇ،
سۆكۈش كۆپرەكمۇ ياكى ماختاشمۇ؟

3101 مۇنۇمۇ ئۆكۈشرەك، ئازۇ ئەردەمىم،
ئايۇ بەر ماڭا سەن، قىلايىن ئەمىم.

قۇسۇرۇم كۆپرەكمۇ ياكى پەزىلەتلىرىممۇ،
بۇنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، تەدبىرىنى كۆرەي.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3102 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
تىلەك كەلدى، تۇتتى، تەگۈردى ئەلىگ.

ئۆگۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
(ئەلدە ھەممە ئادەم) تىلىگەن نەرسىلىرىگە ئېرىشتى.

3103 ئەلىگ دەۋلەتىندە ئەتىلدى ئاژۇن،
ساقىنچ قىسغا بولدى، سەۋىنچلەر ئۇزۇن.

ئەلىگنىڭ دۆلىتىدىن دۇنيا تۈزەلدى،
قايغۇ قىسقا، خۇشاللىق ئۇزۇن بولدى.

3104 بايۇدى بودۇن، ئىنچكە تەگدى ياتۇر، C179
ئۇلۇش كەند بەزەندى، كۆڭۈل يەلكۈتۈر.

خەلق بېيىپ، ھالاۋەتتە تىنچ ياشاۋاتىدۇ،
شەھەر، كەنتلەر بېزەلدى، كۆڭۈللەرنى ھاياجانغا سالىدۇ.

3105 ئەرەژ بىرلە ئەرتەر بودۇن كۈنلەرى،
سەۋىنچىن كەچەر، كۆر، پۈتۈن تۈنلەرى.
خەلقنىڭ كۈنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ئۆتمەكتە،
تۈنلىرىمۇ شادلىق بىلەن كەچمەكتە.
3106 تىلىن سۆزلەدى بارچا ئەدگۈ سەنا،
دۇئا بىرلە تىنماز تىنىغلى تىنا.
ھەممە كىشى ئېغىزىدا مەدھىيە ئېيتماقتا،
نەپەس ئالغۇچىلار ساڭا تىنماي دۇئا قىلماقتا.
3107 تۆرۈ سۈۋتەك ئول، كۈچ، كۆر، ئوتتەك يودۇغ،
سۈزۈگ سۈۋتەك ئاقىتتىڭ، ئۈدىتتى ئوتۇغ.
قارا، قانۇن سۇغا ئوخشايدۇ، زۇلۇم ئوتتەك بالادۇر،
سۈزۈك سۇ ئېقىتتىڭ، ئۇ ئوتنى ئۆچۈردى.
3108 تۆرۈ تۈز يورىتتىڭ، ئەتىلدى ئاژۇن، B229
كىم ئەرسە كۈچەك ئەلدە كۆرمەز كۆزۈن.
ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈڭ، دۇنيا تۈزەلدى،
ئەلدە ئەمدى ھېچكىم زورلۇققا ئۇچرىمايدۇ.
3109 ئاي ئەلىگ، ئۈچ ئىشتىن تەگىر كۈچ ـ باسىنچ،
بىرى، بەگ ئۇسال بولسا تەگسە ئەرىنچ.
ئەي ئەلىگ، ئۈچ ئىشتىن زۇلۇم ـ زورلۇق يۈز بېرىدۇ:
بىرى ـــ بەختسىزلىك يۈز بەرگەندە، بەگ غاپىل بولسا،
3110 ئىكىنچى، باسىنچاق بودۇن باشلار ئەر،
ئۈچۈنچى، سۇق ئەرسە، بودۇن باغرى يەر.
ئىككىنچى: خەلقنى باشلىغۇچى بوشاڭ بولسا،
ئۈچىنچى: ئاچ كۆزلۈك، (بۇلار)خەلقنىڭ يۈرىكىنى يەيدۇ.
3111 سەنىڭدە يوق ئەمدى بۇ ئۈچتە بىرى،
قايۇدىن تەگىر ئەلگە كۈچكەي ئەرى؟
سەندە بۇ ئۈچىنىڭ بىرىمۇ يوق،
(ئەمدى) ئەلگە زوراۋان كىشىلەر قەيەردىن كېلىدۇ؟
3112 ئاي ئەدگۈ، تۆرۈلۈگ، ئارىغ، بەگ سىلىگ،
بايات بەردى ئەردەم ساڭا ئۆگ، بىلىك.

ئەي، ياخشى قانۇنلۇق، پاك، مۇلايىم بەگ،
خۇدا ساڭا پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم بەردى.

3113 ئۆزۈڭ بۇلدى تەۋفىق قامۇغ ئەدگۈگە،
بودۇن تودتى، يۇتتى يەگۈ كەدگۈگە.
ھەرقانداق ياخشىلىقلار ئۈچۈن تەۋپىقكە ئىگە بولدۇڭ،
خەلق يېمەك ـ ئىچمەككە تويدى، كىيىم ـ كېچەكى پۈتۈن بولدى.

3114 شۇكۇر قىل باياتقا، تاپۇغ قىل، سەۋىن،
ئەرەژ قىل بىر ئانچە، سەن ئىنچىن ئاۋىن.
خۇداغا شۈكۈر قىلىپ ئىبادەت قىل، سۆيۈن،
بىرقانچە (ۋاقىت) ھالاۋەت ئىچىدە، شاد ـ خۇرام ياشا.

3115 تاشىرتىن نەگۈ تۇشسا ياڭلۇق، يازۇق،
مۇنۇ مەن يۇگۇردەچى قۇلمەن ئانۇق.
سىرتتا قانداق خاتالىق، ئەيىب سادىر بولسا،
مانا مەن يۈگۈر ـ يېتىمىڭنى قىلغۇچى قۇلۇڭ تەييارا!

* * *

3116 شۇكۇر قىلدى ئارتۇق، سەۋىندى ئەلىگ،
سەنا قىلدى رەبقا، كۆتۈردى ئەلىگ.
ئەلىگ شۈكۈر قىلىپ، كۆپ سۆيۈندى،
رەببىگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، قولىنى كۆتۈردى:

3117 ئايۇر: ئاي باغىرساق ئىدىم سەن ئۇلۇغ،
ئاغىر قىلدىڭ ئەلدە بۇ يۇنچىغ قۇلۇغ.
دېدىكى، ئەي مېھرىبان ئىگەم، سەن ئۇلۇغ،
بۇ ئاجىز قۇلۇڭنى ئەلدە قەدىرلىك قىلدىڭ.

3118 تەگۈردۈڭ ماڭا سەن قامۇغ ئەدگۈلۈك،
مۇنىڭ شۇكرى بوينۇم ئۆزە بولدى يۈك.
سەن ماڭا ھەر خىل ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدىڭ،
بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش — بوينۇمدىكى قەرزدۇر!

3119 بۇ شۇكرۇغ قاچان قىلغا ئۆزۇم يەتە، C180
مۇنىڭ شۇكرى مەندىن ساڭا سەن ئۆتە.
مەن قانداقمۇ يېتەرلىك شۇكۇر قىلالايمەن؟
مەندىن بۇنىڭ شۇكۇرسىنى ساڭا ئۆتەشكە ئۆزۇڭ نېسىپ قىلغىن.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

3120 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۇلمىشىم،
باياﺕ فەزلى ئەردى سەنى بۇلمىشىم.
ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۇلمىش،
ساڭا ئېرىشكەنلىكىم ئاللانىڭ رەھمىتى ئىدى،
3121 سەبەب سەنسەن ئەمدى قامۇغ ئەگۇگە B230
كۇچۇگ تىدغۇقا ھەم تۆرۇ بەرگۇگە.
زۇلۇمنى توسۇشقا، ئادالەت ئورنىتىشقا
ۋە ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشقا سەن سەۋەب بولدۇڭ.
3122 باياﺕ بەردى ئەمدى قامۇغ ئەدگۇلۇگ،
سەنى بەردى ئارتۇق ئادىن ئون ئۇلۇگ.
خۇدا (ماڭا) كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى،
بۇلاردىنمۇ ئون ھەسسە ئارتۇق قىلىپ سېنى بەردى.
3123 نەچە بەگ قاتىغلانسا يالڭۇز ئۆزۇن،
بولۇ بەرمەسە قۇل ئەتۇمەز ئۆزۇن.
بەگ ئۆزى يالغۇز قانچىلىك غەيرەت قىلمىسۇن،
قۇلىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئىشى ئۆزۈنغا بارمايدۇ.
3124 بەگ ئىچتىن بولۇر، كۆرگۇ تاشتىن كۆزى
باغىرساق قۇلى ئول، كۆزى ھەم سۆزى.
بەگ ئىچكىرىنى كۆزىتىدۇ، سىرتتىكى كۆزى
سادىق قۇلىدۇر، ئۇ (بەگنىڭ) سۆزى ھەم كۆزىدۇر.
3125 كۆزۇمسەن، تىلىمسەن، ئەلىم سەن ماڭا،
ئانىن ئەدگۇ بولدى ئاتىم، ئاي توڭا.

سەن ماڭا ھەم كۆز، ھەم تىل، ھەم قول بولدۇڭ،
شۇڭا نامىم ياخشى بولدى، ئەي قەھرىمان.

3126 نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى خاقان تىلى،
ئاژۇن باشلامىش پۈترۈ باسمىش ئەلى.
دۇنيانى باشقۇرۇپ، ئەللەرنى ئىدارە قىلغان
خاقان نېمە دەيدۇ، ئەمدى ئاڭلا:

3127 باغىرساق قۇلۇغ بولسا بەگلەر تىلەپ،
ئانى تۇتغۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قالاپ.
بەگلەر سادىق بىر قۇلنى ئىزدەپ تاپسا،
ئۇنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوراپ تۇتۇشى كېرەك.

3128 كۆنى، چىن كىشى بولسا بەگلەر پۈتۈن،
ئۆزى ئىنچكە تەگدى، تىرىلدى قۇتۇن.
بەگلەر سەمىمىي، توغرا ۋە ئىشەنچلىك كىشىگە ئىگە بولسا،
ئۆزى راھەت ـ ھالاۋەتكە يېتىشىدۇ، بەختلىك ياشايدۇ.

3129 تاپۇغچى تالۇسى باغىرساق بولۇر،
باغىرساق تاپۇغچىغ تىلەپ كىم بولۇر.
خىزمەتچىنىڭ ئەڭ سەرخىلى سادىق بولىدۇ،
سادىق خىزمەتچىنى كىم ئىزدەپ تاپالايدۇ؟

3130 باغىرساق يوق ئەرسە ئاژۇندا تالۇ،
كىشىلىك قاچان تۇرغاي ئەردى تولۇ.
دۇنيادا سەرخىل، سادىقلار بولمىغان بولسا،
كىشىلىك قانداقمۇ كامالەتكە يېتەتتى؟

3131 ئەسىر كەرمەن ئەمدى، ئاي ئۆگدۈلمىشە،
بىر ئۆكسەن ئاتاڭدىن ماڭا قالمىشا.
ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەمدى ئاسرايمەن، (چۈنكى)،
ماڭا داداڭدىن بىرلا سەن قالدىڭ!

3132 تاقى بىر بار ئەرسە سەنتەك ئادىن،
ئۇدا بەرگەي ئەردى، كۆر، ئۆڭدۈن، كەدىن.
سېنىڭدەك ئادەمدىن يەنە بىرى بولسا ئىدى،
ئىلگىرى ـ كېيىن (بولسىمۇ) ئىز باسقان بولاتتى.

3133 بىرئۆكسەن ماڭا، كۆر، ئاي قىلقى كۆنى،
سەنى ئۆز يىتۇرسە ئادىن بىر قانى.
ئەي توغرا خۇلقلۇق، ئالدىمدا بىرلا سەن بار،
سېنىڭدىن ئايرىلسام، باشقا بىرسى قېنى؟
3134 بۇ يالڭۇزلۇقۇڭقا ئۆزۈم ئەيمەنۇر، C181
تاقى بىر ئەش ئەرسە ساڭا، ئاي ئۇنۇر.
سېنىڭ يالغۇزلۇقۇڭدىن ئەنسىرەيمەن،
ئەي قۇدرەتلىك، يەنە بىر ھەمراھىڭ بولسا ئىدى،
3135 ساڭا تەگمەگەي ئەردى ئەمگەك ئۆكۇش،
ماڭاما دۇئا تەگكەي ئەردى ئۇلۇش.
سەن كۆپ مۇشەققەت تارتمىغان بولاتتىڭ،
دۇئادىن ماڭىمۇ ئۇلۇش تەگكەن بولاتتى.
3136 تىلە، بارمۇ كۆرگىل، قاداشلار ئارا B231
ساڭا ئۇدغۇتەك بىر، ئايىتغىل كۆرە.
ئىزدەپ باق، قېرىنداشلىرىڭ ئىچىدە
ساڭا ئەگەشكۇدەك بىرسى بارمۇ، سوراپ كۆرا!

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3137 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى :ئەلىگ،
ئەسەن بولسۇ، ئىشكە يەتىلگەي ئەلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى، ئەلىگ
ئېسەن بولسا، (بۇ)ئىشقا قولى يېتىدۇ.
3138 ئەرەژلەنسۇ ئەلىگ، تۇچى ئىنچرۇنۇ،
تىلەك ئارزۇ كەلسۇ ئۆزى تىنچرۇنۇ.
ئەلىگ خاتىرجەم بولۇپ، ھۇزۇرلانسۇن،
تىنچلىنىپ بارلىق ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگە يەتسۇن.
3139 مەنىڭ ئەمگەرىمگە ئەلىگ ئالتۇنى،
ئاغىر قىلماسۇ، كۆڭلى تۇتسۇ كۆنى.

مېنىڭ مۇشەققەتلىرىمنى ئەلىگ ئالىيلىرى
قەدىرلەپ كەتمىسۇن، كۆڭلىنى ئەمىن تۇتسۇن.

3140 ماڭا تەگسە ئەمگەك ئەرەژمە تەگىر،
ئەرەژ بىرلە ئەمگەك ياناشۇ يورىر.
مەن مۇشەققەت چەكسەم، راھەتمۇ كۆرىمەن،
راھەت بىلەن مۇشەققەت ياندىشىپ ماڭىدۇ.

3141 قالى ئەل ئىشىڭە تۇسۇلغۇ كىشى
تىلەر ئەرسە ئەلىگ، بودۇن ئەل باشى،
ئەگەر ئەلىگ ئەل ئىشلىرىغا پايدىلىق،
خەلققە باش بولالىغۇدەك بىر كىشى ئىزدىسە،

3142 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، ئاي ئەلچى بۆگۈ،
بۆگۈلەپ قىلۇر ئەلچى كۈندە ئۆگۈ:
ئەي دانا ھاكىم، شۇنى ئاڭلىغىنكى، ھەر كۈنى
دانالىق بىلەن تەدبىر قىلىدىغان ھاكىم نېمە دەيدۇ:

3143 ئۆكۈش بولسا ئەلگە باسۇتچى تىلە،
ئەل ئەتلۇر، بەدۇك بەگ ياتىپ يەر كۈلە.
كۆپ بولسىمۇ ئەلگە ياردەمچى ئىزدە، (شۇنداق قىلساڭ)
ئەل راۋاج تاپىدۇ، ئۇلۇغ بەگ شاد ــ خۇرام يېتىپ يەيدۇ.

3144 تەلىم بولسا ئەلدە تۇسۇلۇر تەتىك،
بەگىگ ئىنچكە تەگرۇر، قىلۇر بۇ ئەتىك.
ئەلدە پايدىلىق، زېرەكلەر كۆپ بولسا،
بەگنى راھەتكە يەتكۈزىدۇ، (ئىشنى) ئۇلار ھەل قىلىدۇ.

3145 يوق ئەرمەس قاداشلار ئارا، بار مەنىڭ،
بۇ ياڭلىغ كىشى بىلكى ئارتۇق ئانىڭ.
بۇنداق بىلىمى كۆپ كىشىلەر
مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا يوق ئەمەس، بار.

3146 قامۇغ ئەردەمى بار، ساقىنۇق، ئۇدۇغ،
قايۇ ئىشكە تەگسە بودۇر تۇ بودۇغ.
ھەر خىل پەزىلىتى بار، تەقۋادار، ھوشيار،
قانداق ئىشقا كىرىشسە، زىننەت (بېرىدىغان)،

3147 قىلىنچى كۆنى، ئاتى ئودغۇرمىش ئول،
قاموغ ئەدگۈلۈككە ئەلىگ ئۆرمىش ئول.
ھەرىكىتى توغرا (بىر كىشى بار) ئىسمى — ئودغۇرمىش،
ئۇنىڭ قولىدىن ھەر خىل ياخشىلىقلار كېلىدۇ.

3148 ۋەلىكىن ئەۋۇردى بۇ دۇنيادا يۈز،
تۇرۇپ تاغقا كىردى، كۆڭۈل قىلدى تۈز.
ۋە لېكىن، (ئۇ) بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈگەن،
تاغقا چىقىپ كېتىپ، (دۇنيانى) كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن.

3149 B232 C182 بايات تاپىغى بىرلە ئۆزىن ئەمگەتۈر،
تاپۇغ بىرلە يازۇق، ئىگىن ئەملەتۈر.
خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، مۇشەققەت چەكمەكتە،
گۇناھكارلىق كېسىلىنى ئىبادەت بىلەن داۋالىماقتا.

3150 مەنىڭدە يۈز ئۇستەڭ ئانىڭ ئەردەمى،
بودۇندا تالۇسى، كىشى كۆدرۈمى.
ئۇنىڭ پەزىلىتى مەندىن يۈز (ھەسسە) ئۈستۈن،
ئۇ خەلقنىڭ ئالدى، ئادەملەرنىڭ سەرخىلى.

3151 مەنى بىرلە بولسا مەنىڭ ئول قاداش،
قاموغ ئىشكە بولغاي ئانىڭ بىلكى باش.
مېنىڭ ئۇ قېرىندىشىم مەن بىلەن (بىللە) بولسا،
ئۇنىڭ بىلىمى ھەممە ئىشقا باش بولىدۇ.

3152 ئەلىگ ئالتۇنى تىنغا كۆڭلى پۈتۈپ،
سەۋىنچىن تىرىلگەي ئاژۇنۇغ تۇتۇپ.
ئەلىگ ئالىيلىرى ئىشىنىپ كۆڭلى تىنىدۇ،
دۇنيانى باشقۇرۇپ، شادلىقتا ياشايدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3153 ئەلىگ ئايدى: ئارزۇم ـ تىلەكىم بۇ ئول،
ئانى بۇلسا ئۆترۈ تايانغاي كۆڭۈل.

ئەلىگ ئېيتتى: ئارزۇ ـ تىلىكىم شۇ ئىدى،
ئۇنىڭغا ئېرىشسەم، ئاندىن كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى.

3154 نەگۈتەك قىلۇر سەن بۇ ئىشكە ئەتىك؟
ماڭا ياقرۇ بەر سەن ئانى، ئاي تەتىك.
بۇ ئىشقا قانداق ئىلاج قىلىسەن؟
ئۇنى ماڭا يېقىنلاشتۇر، ئەي زېرەك.

3155 نەگۈتەك ئوقىلىم ئانى ئاي بەرۈ،
كىمى ئىدسا بولغاي ئوقىتچى نارۇ؟
ئېيتقىن، ئۇنى بۇ يەرگە قانداق چاقىرىمىز،
ئۇنى چاقىرتىش ئۈچۈن كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟

3156 بىتىكمۇ كەرەك، يا سۆز ئىدسا تىلىن،
ياراغى نەگۈتەك، سەن ئانداغ قىلىن.
خەت يېزىش كېرەكمۇ، ياكى سۆزۈمنى يەتكۈزۈش كېرەكمۇ؟
قانداق قىلىش لايىق بولسا، شۇنداق قىل.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3157 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئايىتمىشقا ئەلىگ جەۋاب قىلدى ئۆز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
(سوراققا) ئەلىگ ئۆزى جاۋاب بەردى.

3158 قاداشىم بارىنى ئۆتۈندى ئۆزۈم،
كەلىرمۇ، يا كەلمەز، ئاچىلماز سۆزۈم.
قېرىندىشىم بارلىقىنى ئۆزۈم ئېيتتىم،
(لېكىن) كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

3159 قالى كەلسە ئەدگۈ، ئاغىرلادى سۆز،
ئاپاڭ كەلمەسە بولغا يارلىغ ئۆچۈز.
ئەگەر كەلسە ياخشى، سۆزنى قەدىرلىگەن بولىدۇ،
ئەگەر كەلمىسە، يارلىقىڭىز قەدىرسىزلىنىدۇ.

3160 سىرىلغايمۇ ئەركى ئەلىگ ئالتۇنى،
ئىلەنگەيمۇ ئەركى ماڭا ئول كۆنى؟
ئەلىگ ئالىيلىرى رەنجىپ قالارمىكىن،
ئۇ توغرا ئادەم مېنى ئەيىبلەرمىكىن؟

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3161 ئەلىگ ئايدى: مەن سۆز ئايىتتىم ساڭا،
سەن ئۆز بىلمىشىڭ سۆزنى ئايدىڭ ماڭا.
ئەلىگ ئېيتتى: مەن سەندىن سۆز سورىدىم،
سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ بىلگەنلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەردىڭ.
3162 ئوقى كەلسە، كەلگەي قالى كەلمەسە. B233
نەگۈگە ئىلەنگۈ سۆزۈم تۇتماسا؟
چاقىرغىن، كەلسە كېلەر، ئەگەر كەلمىسە،
سۆزۈمنى ئالمىسا، نېمىشقا ئەيىبلەيمەن؟
3163 سەن ئۆگدۈڭ ئانىڭ تۇرلۇگ ئەردەملەرىن،
ئول ئەردەم ئۇچۇن مەن تىلەرمەن ئەرىن.
سەن ئۇنىڭ تۇرلۇك پەزىلەتلىرىنى ماختىدىڭ،
بۇ پەزىلەتلىرى ئۇچۇن مەن ئۇنى خالىدىم.
3164 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ تەدۈكۈڭ ئۇچۇن،
ئانى ئارزۇلادىم هەۋاقا ئۆچۈن.
بىلىملىك، ئىدراكلىق دېگەنلىكىڭ ۋە
هاۋايى ـ هەۋەسكە ئۆچ بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇنى ئارزۇ قىلدىم.
3165 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ كىشى ئول كىشى، C183
ئانىڭدا نارۇ بارچا يىلقى تۇشى.
بىلىملىك، ئىدراكلىق كىشى ــ (ھەقىقىي) كىشىدۇر.
ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ھايۋانغا باراۋەر!
3166 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ بىلىر بىلسە ئىش،
بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ قىلۇر قىلسا ئىش.

ئىش بىلسە بىلىملىك، ئىدراكلىق بىلىدۇ،
ئىش قىلسىمۇ بىلىملىك، ئىدراكلىق قىلالايدۇ.

3167 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ سۆز بەلگۈلۈگ:
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئاي ئەرسىگ كۈلۈگ.
مۇنۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغانكى،
بۇنى سەن ئاڭلا، ئەي مەرد قەھرىمان:

3168 «بىلىك بىرلە يازلۇر قامۇغ تەرس تۈگۈن،
بىلىك بىل، ئۇقۇش ئۇق، تىرىلگىل ئۆگۈن.
«بارلىق چىگىچ تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ،
بىلىم ئىگىلە، ئىدراكلىق بول، ئەقىل بىلەن ياشا.

3169 بىلىك ئىشكە تۇتغىل، تاقى تىل كۆنى،
تاقى ئۆگرەنۇ تۇر، ئۇسانما بۇ كۈن».
بىلىم بىلەن ئىش قىل، يەنە تىلىڭنى توغرا تۇت!
يەنىمۇ ئۆگەن، كۈنۈڭ بىخۇد ئۆتمىسۇن».

3170 ماڭا يالڭۇز ئەرمەز ئانىڭدىن ئاسىغ،
ساڭاما قاداشتىن ئاسىغ ھەم تاتىغ.
ئۇنىڭ پايدىسى يالغۇز ماڭىلا بولمايدۇ،
قېرىندىشىڭدىن ساڭىمۇ پايدا ـ مەنپەئەت تېگىدۇ.

3171 قاداشلىغ بولۇر سەن كەرەك بۇ قاداش،
قاداش بولماسا تۇتغۇ ئەرگە ئاداش.
قېرىنداشلىق بولۇشقا قېرىنداش كېرەك.
قېرىنداش بولمىسا، كىشىلەردىن دوست تۇتۇش كېرەك.

3172 ئەدى ياقشى ئايمىش، كۆر، ئەلچى باشى،
قامۇغدا كۈچى بەك قاداشلىغ كىشى.
ئەل باشچىلىرى ياخشى ئېيتقانىدى:
قېرىنداشلىق كىشى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

3173 قاداشلىغ كىشى كۈسى ـ چاۋى بەدۈك،
ئاداشلىغ كىشى ئاتى، ساۋى بەدۈك.
قېرىنداشلىق كىشىنىڭ داڭقى، شۆھرىتى بۈيۈكتۇر،
دوستلىرى بار كىشىنىڭ نامى، سۆزى بۈيۈكتۇر.

3174 قاداشىڭ يوق ئەرسە، يورى تۇت ئاداش،
ئاداش ئەدگۇ بولسا، بۇ بولدى قاداش.
قېرىندىشىڭ بولمىسا، يۈر، دوست تۇت،
دوستۇڭ ياخشى بولسا، شۇ قېرىنداشتۇر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3175 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئەلىگ قۇتى، B234
ئانى چىن تىلەسە ئەتەيىن ئوتى.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ (دېدى): بەختلىك ئەلىگ
ھەقىقەتەن ئۇنى خالىسا، ئامالىنى قىلاي.
3176 ئەلىگ يارلىقاسا بارايىن ئۆزۈم،
ئوقىيىن ئانى مەن، ئاچايىن سۆزۈم.
ئەلىگ يارلىق قىلسا، ئۆزۈم باراي،
ئۇنى چاقىراي، سۆزۈمنى ئاچاي.
3177 تىلىن سۆزلەيىن مەن تۇگەل تۇرلۇگۇن،
بىلىكدىن، ئۇقۇشتىن سۆز ئۆدرۈپ ئۆگۈن.
بىلىمدىن، ئىدراكتىن ئەقىل بىلەن سۆز تاللاپ
تۈرلۈك ـ تۈمەن سۆزلەرنى (ئۇنىڭغا) ئېيتاي.
3178 ئەلىگمە بىتىسۇ ئۆز ئەلگىن بىتىك،
ئوقىسۇ ئەلىگ يارلىغىن ئول تەتىك.
ئەلىگمۇ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ بەرسۇن،
ئۇ زېرەك ئەلىگ يارلىقىنى ئوقۇسۇن.
3179 ماڭا پۇتسۇ، مەندىن تەيۇ بىلمەسۇ، C184
يەمە يارلىغ ئەشتىپ كەتە تۇرماسۇ.
ماڭا ئىشەنسۇن، بۇ (ئىشلارنى) مەندىن كۆرمىسۇن،
يەنە، يارلىقنى ئاڭلاپلا كېتىپ قالمىسۇن،
3180 نەچەمە ئۆزۈم سۆزلەسە سۆز تىلىن،
ئەلىگ يارلىغى بۇ بىتىك سۆز ئادىن.

مەن ئۆز تىلىم بىلەن قانچىلىك سۆز قىلاي،
ئەلىگنىڭ يارلىقى بولغان خەت ـ سۆزى باشقا (گەپ).

3181 نەگۇ تەر ئەشتكىل، ئاي ئەسلى ئاغى
قارا كۆڭلىن ئاۋلار بەگى يارلىغى.
ئەي تېگى ئېسىل، (بۇ ھەقتە) نېمە دېيىلگەن، ئاڭلا:
بەگنىڭ يارلىقى ئاۋامنىڭ دىلىنى يورۇتىدۇ.

3182 تاقى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ ئۆزى:
تۇگۇلمىش كۆڭۈلنى يازار بەگ سۆزى.
بىلىملىك كىشى يەنە ياخشى ئېيتقان:
بەگنىڭ سۆزى چىگىچ كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ.

3183 ئىسىگ سۆزلەسە قۇلقا بەگلەر تىلىن،
ئۇنىتماز ئانى قۇل تىرىلسە يىلىن.
بەگلەر قۇللىرىغا ئىللىق سۆزلىسە،
قۇللار ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ.

3184 قالى بەگ تىلى يۇمشاق ئەرسە سۇچىگ،
ئانى سەۋدى بودنى ئۇلۇغ تۇت كىچىگ.
ئەگەر بەگنىڭ تىلى يۇمشاق، شېرىن بولسا،
ئۇنى ئۇلۇغ، كىچىك ـــ ھەممە خەلق ياخشى كۆرىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

3185 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى بۇ ئەرسە ياراغ،
بىتىيىن بىتىكىم، ئاڭار بولسۇ ئاغ.
ئەلىگ دېدى: ئەمدى ئىلاجىسى شۇ بولسا،
خەت يېزىپ بېرەي، خېتىم ئۇنىڭغا تور ـ تۇزاق بولسۇن.

3186 ساڭا بارغۇ ئەرسە، ئەتىنگىل ئەتىك،
مۇنۇ مەن ئۆزۈمدىن بىتىيىن بىتىك.
سېنىڭ بېرىشىڭ زۆرۈر بولسا، تەييارلانغىن،
يەنە مەن ئۆز نامىمدىن خەت يېزىپ بېرەي.

39

كۈنتۇغدى ئەلىگ ئودغۇرمىشقا بىتىك بىتىپ ئىدمىشىن ئايۇر

كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

B235

3187 دەۋات قولدى كاغىد بىتىلدى بىتىك،
بىتىك بىرلە ئەتتى ئىشىڭە ئەتىك.
(ئەلىگ) دۇۋەت، قەغەز سورىدى، خەت يازدى،
خەت بىلەن ئۆز ئىشىنىڭ ھازىرلىقىنى كۆردى.

3188 باياات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادى،
تۆرۈتگەن، ئىگىدگەن، كەچۈرگەن تەدى.
ياراتقان، تەربىيە قىلغان، كەچۈرگەن ئىگەم،
دەپ، خۇدا نامى بىلەن سۆز باشلىدى.

3189 ئايۇرمەن، بىتىدىم باياتىم ئاتى،
بۇ ئات ئول قامۇغ تۇرلۇگ ئىگكە ئوتى.
(ۋە) دېدى: مەن خۇدانىڭ نامىنى يازدىم،
بۇ نام ھەر تۇرلۇك كېسەلگە داۋادۇر.

3190 ئۆكۈش ئۆگدى، ئارتۇق، تەلىم مىڭ سەنا،
قىلۇرمەن باياتقا، ئاڭار يوق فەنا.
(خۇداغا) مىڭلارچە كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىمەنكى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن فەنالىق يوقتۇر.

3191 تىلەدى، تۆرۈتتى قامۇغ تەپرەنىگ،
تىرىلگۈ بەرۇر يەم، تۇتار ئول تىرىگ.
ئۇ بارلىق جانلىقلارنى خالىغىنىچە ياراتتى،
ئۇ ھاياتلىق (ئۈچۈن) رىزىق بېرىدۇ ۋە تىرىك تۇتىدۇ.

3192 ئوغان ئول كۆنى، چىن تۆرۈ بەرگۈچى،
تۆرۈمىش قامۇغ خەلققە يەترۇر كۈچى.

ئۇ ھەممىگە قادىر، ھەقىقەتنى (ۋە) قانۇننى ياراتقۇچىدۇر.
ياراتقان (ئىگەمنىڭ) ھەممە خەلققە كۈچى يېتىدۇ.

3193 ياشىل كۆك ياراتتى، يارۇتتى كۈن، ئاي،
قارا تۈن، يارۇق كۈن، ساقىشلىغ يىل - ئاي.
(ئۇ) كۆك ئاسماننى ياراتتى، كۈن ۋە ئاينى يورۇتتى،
قاراڭغۇ تۈن، يورۇق كۈن ۋە ساناقلىق يىل، ئايلارنى (ياراتتى).

3194 تۆرۈتتى بۇ ئەۋرەن تۈچى ئەۋرۈلۈر،
بايات ھۆكمى تەقدىر بىلە تەزگىنۈر.
بۇ پەلەكنى ياراتتى، تىنماي چۆرگۈلەيدۇ،
خۇدانىڭ ھۆكمى، تەقدىرى بىلەن ئايلىنىدۇ.

3195 تۆرۈتمەزدە ئاشنۇ يورىتتى قەزا،
قەزاقا تاپى بول، بويۇن ئەگ ئۇدا.
يارىتىشتىن ئاۋۋال تەقدىر - قازانى بەلگىلىدى،
قازاغا رازى بول، بويۇن ئەگ، (ئۇنىڭغا) ئەگەش.

3196 نەگۈ قولسا قىلدى، نە قولسا قىلۇر، C185
نەگۈ ئايسا بولدى، نە ئايسا بولۇر.
نېمىنى خالىسا، قىلدى، نېمىنى خالىسا قىلىدۇ،
نېمە دېسە، بولدى، نېمە دېسە، بولىدۇ.

3197 ئەلىگدىن سەلام كۆڭۈل ئايتۇ بىتىك،
بىتىدىم ئەسەنلىك ئۇزە ئاي تەتىك.
(ئەمدى) ئەلىگدىن (ساڭا) سالام، كۆڭۈلدىكىنى ئېيتىپ،
ئېسەنلىك ھەققىدە خەت يازدىم، ئەي زېرەك!

3198 ئەسەن بارمۇ ئەركى، ئەت - ئۆز ئىنچلىكىن،
نەگۈتەك يۇدەر ئەركى ئۆدلەك يۈكىن.
تېنىڭ ئامان - ئېسەنمۇ، تىنچلىقمۇ؟
زامان يۈكىنى قانداق كۆتۈرۈۋاتىسەن؟

3199 ئەشىتتىم سەنىڭ ئەدگۈ قىلىقىڭ - ياڭىڭ،
بۇ ئۆدتە يوق ئول تەپ ساڭا تۈش تەڭىڭ.
سېنىڭ ياخشى قىلىق - ئادەتلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
بۇ زاماندا سېنىڭ تەڭتۇشۇڭ يوقلۇقىنى (بىلدىم).

3200 بايات قىلمىش ئەمدى ساڭا ئەدگۈلۈگ،
بىلىك بەرمىش ئەردەم، ئۇقۇش، ئۆگ ئۇلۇگ.
خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىپتۇ،
بىلىم، پەزىلەت، ئىدراك ۋە ئەقىل ئۇلۇش قىپتۇ.
3201 بۇ ياڭلىغ قىلىنچلىڭ ئەشىتتى ئۆزۈم،
سەنى ئارزۇلادى، ئاي كۆركلۈگ يۈزۈم.
ئاشۇنداق خۇلق ـ مىجەزىڭنى مەن ئاڭلىدىم،
ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم، سېنى ئارزۇ قىلدىم.
3202 قاداشىڭنى ئىدتىم بۇ ئۆگدۈلمىشىگ، B236
سۆزۈمنى تەگۈرگەي ئۇقۇپ بىلمىشىگ.
قېرىندىشىڭ ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتتىم،
سۆزۈمنى (ۋە) چۈشىنىپ بىلگەنلىرىنى يەتكۈزىدۇ.
3203 ياقىن قا قاداشتىن يىتۈرمىشسەن ئۆز،
ئۇلۇش، كەند، بودۇندىن ئەۋۈرمىشسەن يۈز.
سەن يېقىن تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىڭدىن ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپسەن،
شەھەر، كەنت، خەلقتىن يۈز ئۆرۈپسەن.
3204 تۇرۇپ تاغقا كىرمىش ئۆزۈڭ يالڭۈزۈن،
تاپۇغ قىلغۇقا بۇ تاپۇغ كەد ئۈزۈن.
ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭ يالغۇز تاغقا چىقىپ كېتىپسەن،
تائەت ـ ئىبادىتىڭ بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ.
3205 نەگۈ قىلدى ئەردى قاداشلار ساڭا،
نەلۈك يۈز ئەۋۈردۈڭ ئاچا ئاي ماڭا.
قېرىنداشلار ساڭا نېمە قىلغانىدى،
نېمە ئۈچۈن يۈز ئۆرۈدۈڭ؟ ماڭا ئېچىپ ئېيت!
3206 قالى تەگدى ئەرسە ساڭا كۈچ، باسىنچ،
بەرۈ كەل، ماڭا ئاي بۇ قادغۇ ساقىنچ.
ئەگەر ساڭا زۇلۇم ـ زەخمەت يەتكەن بولسا،
بۇ يەرگە كەل، بۇ قايغۇ ـ ئەلەملىرىڭنى ماڭا ئېيتقىن.
3207 ساڭا مەن بەرەيىن تۆرۈ كۈچ بىلە،
بۇ يەردە تىرىلگىل سەۋىنچىن كۈلە.

مەن ساڭا كۆچ بىلەن ئادالەت بېرەي،
بۇ يەردە شاد ـ خۇرام كۈلۈپ ياشا!

3208 قاداشتىن قاداشقا ئاسىغلار بولۇر،
ئاسىغ بىرلە يالغۇق تاتىغلار بولۇر.

قېرىنداشتىن قېرىنداشقا مەنپەئەت يۇقىدۇ،
مەنپەئەت بىلەن ئىنسان لەززەت ئالىدۇ.

3209 بارىشغۇ كەرەك قا قاداشلار بىلە،
قاتىلغۇ كەرەك ئەش ئاداشلار بىلە.

قوۋم ـ قېرىنداشلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش كېرەك،
دوست ـ ئاداشلار بىلەن ئارىلىشىش كېرەك.

3210 قايۇدا ياراشىقلىق ئەرسە ياقىن،
ئول ئىشتە بولۇر ئاسىغى، كۆڭلۈن باقىن.

قەيەردە ئىناقلىق ـ يېقىنلىق بولسا،
شۇ ئىشتا مەنپەئەت بولىدۇ، (بۇنىڭغا) كۆڭۈل قوي.

3211 نەگۇ تەر ئەشىتكىل بۇ شىئىر ئايغۇچى،
ئىكىگۇ ياراشسا ئاسىغ يەر تۇچى.

شېئىر ئېيتقۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئىككى كىشى ياراشسا، هامان پايدا كۆرىدۇ.

3212 «ياغىز يەر ياشىل سۇ ياراشتى بىلە، C186
ئارا مىڭ چەچەكلەر يازىلدى كۆلە.

«قۇڭۇر يەر يېشىل سۇ بىلەن ياراشقانلىقتىن،
ئارىسىدىن مىڭ خىل گۈل ـ چېچەكلەر كۈلۈپ ئېچىلدى.

3213 ياراشىق يورىسا قاداش يا ئاداش،
ئولاردىن بولۇر قا قاداشقا بىلە».

قېرىنداش، ياكى دوستلار يارىشىپ ـ ئىناق يۈرسە،
بىلگىنكى، ئۇلاردىن (يەنە) قوۋم ـ قېرىنداشلار پەيدا بولىدۇ».

3214 قالى باردىڭ ئەرسە تاپۇغ قىلغالى،
تاپۇغ كەندتە قىلغىل، بۇ ئول دىن يولى.

ئەگەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا (ئۇ يەرگە) بارغان بولساڭ،
ئىبادەتنى شەھەردە قىل، بۇ ـــ دىنىنىڭ يولى.

3215 ئۆلۈش ـ كەندتە تائەت تەلىم بار ئىدۇق،
ئۆش ئۆل يەردە يەترۇ كۆرۈ بارسا يوق.
شەھەر ـ كەنتلەردە مۇقەددەس ئىبادەت يولى ناھايىتى كۆپتۇر،
نەزەر سالساڭ، بۇنچىلىك (پۇرسەت) ئۇ يەردە يوق.

3216 بىلىك ئۆگرەن ئاشنۇ تاپۇغقا ئۆكۈش،
بىلىكسىز تاپۇغ ئاسغى بولماز ئۆلۈش.
ئىبادەت ئۈچۈن، ئاۋۋال كۆپ بىلىم ئۆگەن،
بىلىمسىز (تۇرۇپ) قىلغان ئىبادەتتىن پايدا بولمايدۇ.

3217 كىشى ئىككى تۇرلۇگ كىشى ئاتانۇر، B237
بىرى ئۆگرەتىگلى، بىرى ئۆگرەنۇر.
ئىككى تۇرلۇك كىشى كىشى ئاتىلىدۇ:
بىرى: ئۆگەتكۈچى، بىرى: ئۆگەنگۈچى.

3218 ئىكىدە نارۇ بارچا يىلقى سانى،
تىلەسە مۇنى تۇت، تىلەسە ئانى.
بۇ ئىككىسىدىن باشقىسى ھايۋان قاتارىدىدۇر.
خالىساڭ ئۇنىڭغا تۇر، خالىساڭ بۇنىڭغا.

ئەلىگ پەندى ئودغۇرمىشقا

ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا نەسىھەتى

3219 سەن ئەمدى قايۇسەن، ماڭا ئاي ئاچا،
ئىكىدە بىرى بول، ئۇچۇنچتە قاچا.
سەن ئەمدى قايسىسىغا تۇرىسەن، ماڭا ئېچىپ ئېيت،
ئىككىنىڭ بىرى بول، ئۇچىنچىسىدىن قاچ.

3220 بىلىك بىلدىڭ ئەرسە تۇگەل ئۆگرەنىپ،
ئانى ئىشلەت ئەمدى، كۆر، ئەمگەك ئىدىپ.
ئۆگىنىپ تامامەن بىلىملىك بولغان بولساڭ،
ئەمدى ئەمگەك سىڭدۇرۇپ ئۇنى ئىشلەت.

3221 قالى بىلمەدىڭ ئەرسە ئۆگرەن بىلىك،
تاپۇغلارقا ئۆترۇ تەگۇرگىل ئەلىگ.

ئەگەر بىلمىگەن بولساڭ، بىلىم ئۆگەن،
ئاندىن ئىبادەتكە قول ئۇزارت.

3222 نەگۇ تەر ئەشتكىل بىلىك بەرگۈچى،
بىلىك بىرلە تائەت تاپۇغ قىلغۇچى.
بىلىم بەرگۈچى، بىلىم بىلەن تائەت ـ ئىبادەت
قىلغۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3223 بىلىك بىرلە ياقغىل بايات تاپغىڭا،
بىلىك تامغا بولۇر تامۇ قاپغىڭا.
خۇداغا قىلىنىدىغان ئىبادەتكە بىلىم بىلەن يېقىنلاشقىن،
بىلىم ـ دوزاخ ئىشىكىنى (پېچەتلەيدىغان) تامغا بولىدۇ.

3224 بىلىك بىرلە تائەت مۇيانى تۈمەن،
بىلىكسىز تاپۇغ قىلسا بولماز مۇيان.
بىلىم بىلەن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ،
بىلىمسىز ئىبادەت قىلسا، ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

3225 بىلىكسىز تاپۇغ قىلمىشىندا كۆرۈ،
بىلىكلىگ ئۇدىمىش مۇيانى ئۆرۈ.
بىلىمسىزنىڭ قىلغان ئىبادىتىگە قارىغاندا،
بىلىملىكنىڭ ئۇخلىغىنىنىڭ ساۋابى يۇقىرىدۇر.

3226 ئۇلۇش كەند ئىچىندە تاپۇغ بار تەلىم،
ئۇشئول يەردە قىلسا بولۇماز يارىم.
شەھەر ـ كەنتلەردە قىلىدىغان ئىبادەت كۆپتۇر،
ئۇ يەردە قىلغىنىڭ (بۇ يەردىكىنىڭ) يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ.

3227 سەنىڭ ئاندا تاپغۇڭ نەماز ئول بىرى،
تاقى بىرى رۇزە تۇتار سەن ئۆرى.
سېنىڭ ئۇ يەردىكى ئىبادىتىڭنىڭ بىرى — نامازدۇر،
يەنە بىرى — روزا تۇتارسەن، ئەي ئوغۇل.

3228 مۇنىڭدا ئادىن ئاندا تائەت قايۇ، C187
ماڭا كۆركىتۈ بەر تىلىن سۆزلەيۈ.
ئۇ يەردە بۇنىڭدىن باشقا (نېمە) ئىبادەت بار؟
تىلىڭ بىلەن سۆزلەپ ماڭا كۆرسىتىپ بەر.

3229 ئاتاندى ئۆزۈڭ ئەمدى زاھىد ئاتى،
بۇ ئاتىڭ ساڭا بولۇر تائەت يۈتى.
سەن ئەمدى زاھىت دەپ ئاتالدىڭ،
بۇ ئاتاق ساڭا بىر ئىبادەت بالاسى بولدى.
3230 مۇڭار ئارسىقار ئەرسە ئەمدى ئۆزۈڭ، B238
بۇ تائەت ياۋا بولدى، كەسگىل سۆزۈڭ.
بۇنىڭغا سەن ئالدانغان بولساڭ،
بۇ تائەتلىرىڭ بىكار بولدى، (باشقا) سۆزنى قوي!
3231 تاپۇغ قىلغۇ، خەلقتىن ئانى كىزلەگۇ،
ئۆكۈش تائەت ئەرسە ئانى ئازلاغۇ.
ئىبادەت قىلغۇلۇق، ئۇنى خەلقتىن يوشۇرغۇلۇق،
تائەت كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى ئاز دەپ بىلگۈلۈك.
3232 كىشى ئەدگۈسى قىلسا تائەت تاپۇغ،
ئانى خەلقتە كىزلەر، ياپار بۇ قاپۇغ.
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى تائەت ـ ئىبادەت قىلسا،
ئۇنى خەلقتىن يوشۇرىدۇ، ئىشىكنى ئېتىپ قىلىدۇ.
3233 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى مەئنى بۇ سۆز،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئايا ئەدگۇ ئۆز:
ئەمدى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي ياخشى كىشى:
3234 «ئەرەن ئەر قاتىندا ئۆزىن كىزلەدى،
تاپۇغ قىلدى يۈز يىل، ئانى ئازلادى.
«مەرد ئەر كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ،
يۈز يىل ئىبادەت قىلسىمۇ، ئۇنى ئاز دەپ بىلىدۇ.
3235 تاپۇغ كىزلەگۇ قىل، كىشى كۆرمەسۇ،
بۇ سۆز سىرىرىم ئەردى، ئۆزۈم سۆزلەدى ».
ئىبادەتنى يوشۇرۇن قىل، كىشى كۆرمىسۇن،
بۇ سۆز سىرىم ئىدى، ئۆزۈم سۆزلىدىم».
3236 بەرۇ كەل، ئۇلۇش، كەندتە قىلغىل تاپۇغ،
قامۇغ ئەدگۇلۇككە ئاچىلسۇ قاپۇغ.

بۇ ياققا كەل، شەھەر، كەنتتە ئىبادەت قىل،
ھەر خىل ياخشىلىققا ئىشىك ئېچىلسۇن.

3237 بودۇنقا تۇسۇلغىل، مۇڭڭغا يارا،
قاداشقا باغىر بەر، ياقىنلىق ئۇلا.
خەلققە پايدىلىق بول، ھاجىتىگە يارا،
قېرىنداشلارغا باغرىڭنى ئاچقىن، يېقىنلىق قىل.

3238 تەلىم ئۆگسۇزۇگ كۆر، يا تۇل تۇلساقىغ،
يا كۆزسۇز، يا ئولدرۇم يەمە ئاقساقىغ.
كۆپلىگەن يېتىم، ياكى تۇللارغا،
يا كۆزسىز، پالەچ، ئاقساق ـ چولاقلارغا نەزەر سال.

3239 جەمائەت بىلە قىل فەرىزە نەماز،
چىغايلار ھەجى قىل ئازىنە نەماز.
پەرھىز نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتە،
كەمبەغەللەرنىڭ ھەجى ـــ جۈمە نامىزىنى ئوقۇ.

3240 ھەلال دۇنيا قازغان، چىغايقا ئۇلە،
كىشى ئەلگى تۇتغىل، يانۇت قىل يۆلە.
ھالال دۇنيا تاپقىن، كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈر،
كىشىلەرنىڭ قولىنى تۇتقىن، ھازىر جاۋاب، يۆلەنچۈك بول.

3241 بۇ سامىش تاپۇغ بارچا تائەت تۇرۇر،
بۇ تائەت بىلە بارچا راھەت تۇرۇر.
بۇ سانالغان خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ـــ تائەتتۇر،
بۇ تائەت بىلەن ھەممە راھەتلىك بولىدۇ.

3242 مۇنى بارچا قودتى ئۆزۈك يالڭۇزۇن،
نەماز، رۇزە تۇتتى، ئاي قىلقى تۇزۇن.
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ئۆزۈك يالغۇز
ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتتۇڭ، ئەي خۇش پېئىل.

3243 نەماز، رۇزە بارچا ئۆز ئاسغىڭ تۇرۇر،
ئۆز ئاسغىن تىلەگلى باغىرسىز بولۇر.
ناماز، روزا ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىدۇر،
ئۆز پايدىسىنى تىلىگۈچى مېھرىسىز بولىدۇ.

3244 ئەدى ياقشى ئايمىش كىشى ئۆدرۈمى، C188
كىشگە باغىرساق كىشى كۆدرۈمى.
كىشىلەرنىڭ سەرخىلى، كىشىگە مېھرىبان،
كىشىلەرنىڭ تاللانغىنى ياخشى دېگەنىدى:

3245 كىشى ئەدگۈسى بۇ ئۆز ئاسغىن قودۇپ B239
كىشى ئاسغى قولسا، كۆر، ئەمگەك يۇدۇپ.
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۆز پايدىسىدىن كېچىپ،
مۇشەققەت چېكىپ باشقىلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدۇ.

3246 باغىرساق كەرەك ئەر، نە باغرى سۈچىپ،
تۆرۈ بەرسە ئەدگۈ ئەسىزگە ئاچىپ.
كىشى كۆيۈمچان بولۇشى، مېھرى بىلەن
يامانلارغا ئېچىنىپ، (ئۇلارغا) ياخشى يول كۆرسىتىشى كېرەك.

3247 تىرىگ يالڭۇق ئوغلى تۇسۇلغان كەرەك،
تۇسۇلماز كىشى تۇغسا ئۆلگەن كەرەك.
تىرىك ئىنسان ئوغلى پايدا يەتكۈزىدىغان بولۇشى كېرەك،
پايدا يەتكۈزمەيدىغان كىشى تۇغۇلۇپلا ئۆلگىنى ياخشى.

3248 كىشگە تۇسۇلۇر كىشى ئەدگۈسى،
بۇ ئەدگۈ كىشى ئول بودۇن تودغۇسى.
كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدا يەتكۈزىدۇ،
بۇنداق ياخشى كىشى — خەلقنىڭ نېمىتىدۇر.

3249 تاپۇغقا ئىنانىپ قايۇ ئەرسە قۇل،
بۇلۇمادى تەڭرى سەۋىنچىگە يول.
قايسى بەندە ئىبادەتكىلا ئىشەنگەن بولسا،
تەڭرىنى رازى قىلىش يولىغا ئېرىشەلمىدى.

3250 باياتىم سەۋىنچى تىلەسە ئۆزۈڭ،
مۇسۇلمان سەۋىنچى تىلە، كەس سۆزۈڭ.
سەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى تىلىسەڭ،
مۇسۇلمانلارنىڭ رازىلىقىنى تىلە، سۆزنى توختات.

3251 سەنىڭ تاپغىڭا مۇڭلۇغ ئەرمەز باياتى،
ئۆزۈڭ قۇللۇقى قىل، تىلە ئەدگۈ ئات.

خۇدا سېنىڭ ئىبادىتىڭگە موھتاج ئەمەس،
ئۆز قۇللۇقۇڭنى ئادا قىل، نامىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلە.

3252 كىمىڭ ئاتى قۇل بولسا قىلقى تاپۇغ،
تاپۇغسۇز قۇل ئاتى مەجاز ئول قامۇغ.

كىمنىڭ نامى قۇل بولسا، ئۇنىڭ قىلمىشى ئىبادەتتۇر،
ئىبادەت قىلمايدىغان قۇلنىڭ نامى تەقلىددىنلا ئىبارەت.

3253 تاپۇغ قىل، تاپۇغ تىنما، قۇللۇق بۇ ئول،
تاپۇغقا باقا كۆرمە بەكلە بۇ يول.

ئىبادەت قىل، ئىبادەتنى توختاتما، مانا بۇ — قۇللۇقتۇر،
تائەت ـ ئىبادەتكە كۆڭۈل قوي ۋە بۇ يولنى مەھكەم تۇت.

3254 ئەدى ياقشى ئايمىش بۆگۈ بىلكى كەڭ،
مۇنى ئىشكە تۇتغىل، ئايا ئەلگى كەڭ:

بىلىمى كەڭ دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
بۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئەي قولى ئوچۇق:

3255 «تاپۇغ تائەتىم تەپ كۇۋەنمە ئۆكۇش،
تاپۇغ قىل باياتقا، تاپۇغلۇغ كۆسۇش.

«تائەت ـ ئىبادەت (قىلدىم) دەپ كۆپ مەغرۇرلانما،
خۇداغا ئىبادەت قىل، ئىبادەتلىك (كىشى) ئەزىزدۇر.

3256 تاپۇغ قىل باياتقا بۇ ئول قۇللۇقۇڭ،
تاپىندىم تەيۇ سەن ئۇنىتما ئۇقۇش.»

خۇداغا ئىبادەت قىل، بۇ — سېنىڭ قۇللۇق قىلغىنىڭدۇر.
(لېكىن) ئىبادەت قىلدىم، دەپ ھوشۇڭنى يوقاتما!»

3257 ئاي ئودغۇرمىش، ئەمدى ئوقىرمەن سەنى،
ئۆز ئاسغى تىلەر تەپ ساقىنما مەنى.

ئەي ئودغۇرمىش، ئەمدى سېنى چاقىرتسام،
مېنى ئۆز پايدىسىنى كۆزلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما.

3258 قالى كەلسە ئاسغى، تۇسۇسى ساڭا، C189
يەمە كەلمەسە سەن ياسى يوق ماڭا.

ئەگەر كەلسەڭ، پايدىسى ـ مەنپەئەتى ساڭا بولىدۇ،
ئەگەر كەلمىسەڭ، ماڭا (ھېچقانداق) زىيىنى يوق.

3259 ئوقىرمەن سەنى خەلققە ئەدگۇ ئۇچۇن،
بۇ ئەدگۇ بودۇن ئاسغى، بۇزما كۇچۇن.
سىنى خەلققە ياخشىلىق (قىلىش) ئۇچۇن چاقىرىۋاتىمەن،
بۇ ياخشىلىق ـ خەلقنىڭ پايدىسى (ئۇچۇندۇر) بۇنى رەت قىلما.

3260 باقا كۆر مەن ئايمىش بۇ سۆزلەر تاپا، B240
چىن ئەرسە بەرۇ كەلگىل ئاندىن قوپا.
مەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرگە دىققەت قىل،
توغرا بولسا، ئۇ يەردىن قوپۇپ، بۇ يەرگە كەل.

3261 مەنى بىرلە تۇرغىل، ماڭا قىل باسۇت،
چىغايىغ يۆلەگىل، نەڭىن ئەدگۇ تۇت.
مېنىڭ بىلەن تۇرغىن، ماڭا ياردەم قىل،
كەمبەغەللەرنى مال ـ دۇنيا بىلەن يۆلەپ، ياخشىلىق قىل.

3262 ئۆزۇڭگە مۇيان ئول، ماڭا ئەدگۇ ئات،
ئىكىگۇ ئازۇن بەرگە ئەركلىگ بايات.
بۇ سەن ئۇچۇن ساۋابلىق، مەن ئۇچۇن ياخشى نامدۇر،
قادىر خۇدا ئىككىلا دۇنيالىقىڭنى بەرگۇسىدۇر.

3263 مەنى ئەدگۇگە يەت، ئۆزۇڭ ئەدگۇ بول،
كىشى ئەدگۇ ئەردىن تۇزەر ئەدگۇ يول.
مېنى ياخشىلىققا يېتەكلە، ئۆزۇڭمۇ ياخشى بول،
كىشى ياخشى ئەردىن ياخشى يول تاپىدۇ.

3264 سەبەب بولغىل ئەمدى ماڭا ئەدگۇگە،
بايات بەرگە ئەدگۇ ساڭا، ئاي بۆكە.
مېنىڭ ياخشىلىق (قىلىشىم ئۇچۇن) سەۋەب بول،
خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ، ئەي پالۋان.

3265 نەگۇ تەر ئەشتىكىل تەژىك بىلگەسى،
تەژىك بىلگەلەرى چاۋىقار كۇسى:
تاجىك دانىشمىنى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تاجىك ئالىملىرىنىڭ شۆھرىتى يېيىلغاندۇر:

3266 بەگى بولسا ئەدگۇ بودۇنقا پۇتۇن،
ئانىڭ ئاسغى بارچا بودۇن يەر قۇتۇن.

بېگى خەلققە ئىشەنچلىك، ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ پايدىسىدىن بارچە خەلق بەخت تاپىدۇ.

3267 ئۆزۈڭ ئەدگۇ قولما، بەگىڭ ئەدگۇ قول،
بەگى ئەدگۇ بولسا بودۇن ئاسغى ئول.
ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدىمە، بېگىڭنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
بېگى ياخشى بولسا، بۇ خەلق ئۈچۈن پايدىلىق.

3268 قارا ئەدگۇ بولسا بىر ئۆزگە بولۇر،
بەگى ئەدگۇ بولسا بودۇن كۇن كۆرۈر.
ئاۋام ياخشى بولسا، بىر ئۆزىگىلا بولىدۇ،
بېگى ياخشى بولسا، خەلق (ياخشى) كۈن كۆرىدۇ.

3269 كىشى تەپ ئايۇرلار، قايۇ ئول كىشى؟
كىشىگە ئاسىغ قىلسا، ئەتسە ئىشى.
«كىشى» دېيىشىدۇ، كىشى دېگەن كىم؟
(كىشى) ئۆز ئىشى بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت بەرگەنلەردۇر.

3270 تۆزۈ يالڭۇق ئوغلى سەۋەر ئەدگۈنى،
بۇ ئەدگۇ قايۇ ئول، ئۆگەيىن ئانى.
بارچە ئىنسان ئوغلى ياخشىلىقنى سۆيىدۇ،
قايسى (نەرسە) ياخشىلىق بولسا، شۇ ماختىلىدۇ.

3271 بۇ ئەدگۇ ئول ئول قىلسا خەلققە ئاسىغ،
بۇ ئاسىغى بىلە بۇلسا بودنى تاتىغ.
ياخشىلىق — خەلققە پايدا يەتكۈزۈش،
بۇ پايدا بىلەن خەلقنى ھالاۋەتلىك قىلىش دېمەكتۇر.

3272 باغىرساق بولۇر خەلققە ئەدگۇ كىشى،
باغىرساق بولۇن، بولدۇڭ ئەدگۇ كىشى.
ياخشى كىشى خەلققە مېھرىبان بولىدۇ،
مېھرىبان بول، ياخشى ئادەم بولغىنىڭ شۇ.

* * *

3273 مۇنۇ سۆزلەدىم سۆز بىتىكىن ئۇلام،
تۇكەتتىم سۆزۈمنى، قۇرىتتىم قەلەم.

خېتىم ئارقىلىق مانا بۇ سۆزلەرنى سۆزلىدىم،
سۆزۈمنى تۈگەتتىم ۋە قەلەمنى قۇرۇتتۇم.
تاقىما نەگۈ ئەردى ئەرسە سۆزۈم، 3274
قاداشىڭ تەگۈرگەي تىلىن، ئاي يۈزۈم.
(بۇنىڭدىن باشقا) يەنە قانداق سۆزۈم بولسا،
قېرىندىشىڭ ئۆز تىلى بىلەن يەتكۈزىدۇ، ئەي ئاي يۈزلۈكۈم.

*　　*　　*

بىتىك تۈردى، بادى ئۈزە تامغالاپ، 3275 B241 C190
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش ئالدى ئۇلاپ.
خەتنى تۈرۈپ باغلىدى ۋە ئۈستىگە تامغا بېسىپ،
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش دەرھال (قولىغا) ئالدى.

*　　*　　*

ئەلىگ ئايدى: بارغىل، تاقىما نەگۈ 3276
ياراغلىغ سۆز ئەرسە تەگۈر، ئاي بۆگۈ.
ئەلىگ ئېيتتى: بارغىن، يەنە قانداق
كېرەكلىك سۆز بولىدىكەن، (ئۇنىڭغا) يەتكۈز، ئەي دانا.
قاتىغلان، ئانى كەلدۈر ئەمدى ماڭا، 3277
قۇرۇغ كەلمە ئانسىز ماڭا، ئاي توڭا.
تىرىشقىن، ئۇنى مېنىڭ (ئالدىمغا) كەلتۈر،
ئۇنىڭسىز ئالدىمغا قۇرۇق كەلمە، ئەي باتۇر.
بىلىكلىگ نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۆزۈڭ: 3278
يالاۋاچ تەتىك ئىد، تۈتۈزما سۆزۈڭ.
بىلىملىك (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
زېرەك ئەلچىنى ئەۋەت، سۆزۈڭنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇر.
نەگۈ تۈتزايىن مەن ساڭا ئەمدى سۆز، 3279
قامۇغ سۆز سەنىڭدە، ئايا كۆڭلى تۈز.

ئەمدى ساڭا يەنە نىمە سۆز تاپشۇراي،
ھەممە سۆز ئۆزۈڭدە، ئەي كۆڭلى تۈز.

3280 نەگۈ سۆزلەگۈ ئەرسە سۆزلە تىلىن،
ياراغى نە ئەرسە سەن ئانداغ قىلىن.
نىمە دېيىش كېرەك بولسا، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزلە،
چارىسى نىمە بولسا، سەن شۇنى قىلغىن.

* * *

3281 ئىلەل تەپ تۇرۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىشە،
ئۇل ئەدگۈ قىلىنچ بىرلە ئىگدىلمىشە.
ئۆگدۈلمىش خوپ دەپ تۇرۇپ چىقتى،
ئۇ شۇنداق ياخشى خۇلق بىلەن تەربىيەلەنگەنىدى.

3282 ئاتىن مىندى، ئەۋگە يۈز ئۇردى تۇرۇپ،
كەلىپ تۈشتى، كىردى، ياقا قۇر يۆرۈپ.
ئېتىنى مىندى (ۋە) قوزغىلىپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدى،
كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشتى، (ئۆيىگە) كىردى، بەلبېغىنى يەشتى.

3283 ياشىق ياندى يەرگە ياقۇردى باشىن،
يارۇق دۇنيا مەڭزى قىزاردى ئىشىن.
قوياش قايرىلىپ يەرگە بېشىنى ئەگدى،
يورۇق دۇنيانىڭ مەڭزى گىرىمسەن بولۇپ قىزاردى.

3284 قودى ئىدتى كەسمە، يارۇق يۈز تۇدى،
سەۋۈگ زۇلفى تولدى يۇقارۇ قودى.
(ئاسمان) كوكۇلىسىنى تۆۋەن سېلىپ، يورۇق يۈزنى ياپتى،
چىرايلىق زۇلپى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە يېيىلدى.

3285 تۇرۇپ يۇندى، قىلدى بۇ ياتغۇ نەماز،
تۆشەك قولدى، ياتتى، ئۇدىپ باردى ئاز.
تۇرۇپ تاھارەت ئالدى، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى،
تۆشەك سالدى، ياتتى ۋە بىرئاز ئۇخلىدى.

3286 بەلىگلەر ئودۇندى، كۆتۇردى باشىن،
قارا زەنگى قىلمىش يۈزىنى ئىشىن.
چۆچۈپ ئويغاندى ۋە بېشىنى كۆتۈردى،
تۇمان ئاسمان يۈزىنى قارا زەڭگى (تۇسىگە) كىرگۈزدى.

3287 تۇرۇپ يۇندى، قىلدى يانا تاڭ نەماز،
دۇئا قىلدى، تەسبىھ يەمە كۈدتى ئاز.
ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئالدى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى.
دۇئا، تەسبىھ قىلىپ، بىرئاز كۈتتى.

3288 تۇما تورقۇ قالقان كۆتۈردى ئۈشۈن،
يارۇق يۈز كۆلەرتەك يارۇدى ئاژۇن.
(ئاق) يىپەكتەك دۇگىلەك (قۇياش)، يەلكىسىنى كۆتۈردى،
جاھان كۈلۈمسىرىگەن ئوچۇق يۈزدەك يورۇدى.

40

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش تاپا بارمىشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ

3289 ئەدەرلەدى تەركىن ئاتىنى تۇتۇپ،
قاداشى تاپا باردى ئەۋدىن تۇرۇپ.
ئۇ دەرھال ئېتىنى تۇتۇپ ئېگەرلىدى،
ئۆيدىن چىقىپ قېرىندىشى تەرەپكە ماڭدى.

3290 ياقىن تەگدى ئەرسە قاداشقا بارىپ، B242
ئاتىندىن قودى تۇشتى، تەگدى يورىپ.
قېرىندىشىغا يېقىنلاپ كەلگەندە،
ئېتىدىن چۈشۈپ، (پىيادە) يېتىپ باردى.

3291 تەگىپ ئاقرۇ ئەلگىن توقىدى قاپۇغ،
تۇرۇپ چىقتى ئودغۇرمىش ئىدتى تاپۇغ.
كېلىپ قولى بىلەن ئاستا ئىشكنى قاقتى،
ئودغۇرمىش ئىبادىتىنى توختىتىپ، (ئورنىدىن) تۇردى.

3292 قاپۇغ ئاچتى، چىقتى، قاداشىن كۆرۈپ، C191
قۇچۇشتى، ئەسەنلەشتى يۈز ـ كۆز ئۆپۈپ.
ئىشكنى ئېچىپ (تالاغا) چىقتى، قېرىندىشىنى كۆردى،
قۇچاقلىشىپ، يۈز ـ كۆزىنى سۆيۈپ، ئېسەنلەشتى.

3293 ئەلىگ ئالدى، ئەۋگە كىگۈردى پاتا،
ئورۇن بەردى، ئولدۇردى ئەلگىن تۇتا.
قولىدىن تۇتۇپ شۇ ئان ئۆيگە باشلىدى،
ئورۇن كۆرسەتتى، قولىدىن تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇردى.

3294 ئەدىئۆك سەۋىندى قاداشىن كۆرۈپ،
باياتقا شۇكۇر قىلدى ئارتۇق ئۆگۈپ.

ئۆزى قېرىندىشىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈندى،
كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىپ، خۇداغا شۈكۈر قىلدى.

3295 نە كۆركلۈگ سەۋىنچ ئول كىشى ئادرىلىپ،
سەلامەت قاۋۇشسا تىلەيۇ كەلىپ.
كىشى ئايرىلىپ، ئىستەپ كېلىپ، (يەنە) سالامەت كۆرۈشسە،
نېمىدېگەن ئاجايىپ شادلىق بۇ ـ ھە!

3296 نە ئەدگۈ بولۇر ئول قاداشتىن يىراپ،
بارىپ تەگسە، تۇشسا ياغۇقلۇق ئۇلاپ.
قېرىندىشىدىن يىراقلىشىپ، يەنە قايتىدىن
يېقىنلىشىش نېمىدېگەن ياخشى ئىش ـ ھە!

3297 نە كۆركلۈگ بولۇر، كۆر، باغىرساق قاداش
قاداشقا ياغۇقلۇق ئۇلاسا، ئاداش.
قارا، مېھرىبان قېرىنداش (ئۆز) قېرىندىشىغا
يېقىنلىق كۆرسەتسە، نېمىدېگەن چىرايلىق بولىدۇ ـ ھە، ئاداش!

3298 نە كۆركلۈگ بولۇر، كۆر، باغىرساقلىقىن،
قاداشقا قاداش كۆڭلى بولسا ياقىن.
قېرىنداشقا قېرىندىشىنىڭ كۆڭلى مېھرىبانلىق بىلەن
يېقىن بولسا نېمىدېگەن گۈزەل!

3299 نەگۇ تەر ئەشتىكىل باغىرساق قاداش،
ياقىنلىق ئۇلاغلى كۆڭۈلدەش ئاداش:
چىن كۆڭلىدىن يېقىنلىق قىلغۇچى،
مېھرىبان قېرىنداش نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3300 «قامۇغ غەيىب ئۆزلەر كۆرۈشسە كۆزۈن،
ساقىنچ بولدى قىسغا، سەۋىنچى ئۇزۇن.
«جۇدا بولغان كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشسە،
قايغۇسى قىسقا، خۇشاللىقى ئۇزۇن بولىدۇ،

3301 نە كۆركلۈگ بولۇر، كۆر، كىشى ئادرىلىپ،
سەلامەت قاۋۇشسا ئىكى ئۆز ئۆزۈن».
كىشى ئايرىلىپ، يەنە بىر ـ بىرى بىلەن
سالامەت كۆرۈشسە، نېمىدېگەن ياخشى».

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3302 ئايىتتى قاداشلارىن ئودغۇرمىشا،
ئەسەن تەپ خەبەر بەردى ئۆگدۈلمىشە.
ئودغۇرمىش قېرىنداشلىرىنى سورىدى،
ئۆگدۈلمىش (ئۇلارنىڭ) ئېسەن ـ ئامانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

3303 يانا ئايدى ئودغۇرمىش: ئايغىل ماڭا،
قالى كەلدىڭ، ئەمدى نە بولدى ساڭا.
ئودغۇرمىش يەنە سورىدى: ماڭا ئېيتقىن،
قانداقلارچە كەلدىڭ، ساڭا نېمە بولدى؟

3304 ئەشتتىم سەنى مەن ئەلىگ بىرلە تەپ،
بودۇنقا تۇسۇلۇر بىلىك بىرلە تەپ.
مەن سېنى ئەلىگ بىلەن بىللە (ئىكەن)،
بىلىم بىلەن خەلققە پايدا يەتكۈزۈۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

3305 نەلۈك كەلدىڭ ئەركى ئۇلارنى قودۇپ، B243
بودۇن يۈكلەرىن سەن بويۇنقا يۈدۈپ.
ئۇلارنى قويۇپ، خەلق يۈكىنى بوينۇڭغا يۈدۈپ،
بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3306 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئۆزۈم
سەنى ئارزۇلادى، ئاي كۆركلۈگ يۈزۈم.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
ئەي خۇش چىراي، مەن سېنى (كۆرۈشنى) ئارزۇ قىلدىم.

3307 تۇرۇپ كەلدىم ئەمدى كۆرەيىن تەيۇ،
ساقىنچ، قادغۇ باغىن يۆرەيىن تەيۇ.

سىنى كۆرەي، غەم ـ قايغۇ
تۈگۈننى يېشەي، دەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

C192 3308 كۇسەر ئەردىم ئارتۇق سەنى كۆرگۈگە،
بۇ كۈن بۇلدۇم ئىنچلىك ساڭا كەلگۈگە.
سىنى كۆرۈشكە بەك ئىنتىزار ئىدىم،
بۈگۈن ئالدىڭغا كېلىشكە پۇرسەت تاپتىم.

3309 پۇتە كەچتى ئۆدلەك سەنى كۆرمەدىم،
تىلەر ئەردىم ئارزۇن، ئۆدى بۇلمادىم.
ئۇزاق زاماندىن بۇيان سىنى كۆرمىدىم،
(كۆرۈشۈشنى) ئارزۇلاپ تىلەيتتىم، پەيتىگە ئېرىشەلمىدىم.

3310 ئۆدى ئەمدى ئەرمىش، مۇنۇقى ئۆزۈم
ساڭا تۇشتى، شۈكرىن قىلۇر تىل ـ سۆزۈم.
ئەمدى ۋاقتى كەلدى، مانا ئۆزۈم كېلىپ
سەن بىلەن ئۇچراشتىم، (بۇنىڭغا) شۈكۈر دەيمەن.

3311 ئەسەن بولسا ئەرمىش بۇ يالڭۇق ئۆزى،
تىلەككە تەگىر، ئاي باغىرساق قوزى.
ئىنسان ئۆزى ئېسەن ـ ئامان بولسىلا،
تىلىكىگە يېتىدىكەن، ئەي مېھرىبان قوزام.

3312 نەگۇ تەر ئەشىتكىل كۇسەمىش كىشى،
كەچەر ئۆدلەكىگ كەد سىنامىش كىشى:
ئايرىلىش پەيتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن،
سېغىنىشنى (ھېس) قىلغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3313 تىرىگ بولسا يالڭۇق تىلەكىن بۇلۇر،
تىلەك بۇلغۇقا مۇن تىرىگلىك بولۇر.
ئىنسان تىرىك بولسا، تىلىكىگە يېتىدۇ،
تىلەككە يېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق بىر سەرمايىدۇر.

3314 تىرىگ بولسا يالڭۇق تىلەپ تاپشۇرئوق،
ئەسەن بولسا بارمىش يانا قاۋشۇرئوق.
ئىنسان ھايات بولسىلا، تېپىشىدۇ،
ئېسەن بولسىلا، ئايرىلغانلار قوۋۇشالايدۇ.

3315 تىرىگلىك تىلەگىل، تىلەمە تىلەك،
تىلەك بولغۇقا بۇ تىرىگلىك يۆلەك.
ھاياتلىقنى تىلە، ئارزۇنى تىلىمە،
ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق يۆلەكتۇر.

3316 بايات بەردى ئاخىر تىلەكىم ماڭا،
ئەسەنلىك بىلە مەن قاۋۇشتۇم ساڭا.
خۇدا ئاخىر ماڭا تىلىكىمنى بەردى،
ئېسەن ـ ئامان ساڭا قوۋۇشتۇم.

3317 ئادىنما سۆزۈم بار بۇ سۆزدە باسا،
ئانىما ئايايىن ئۆزۈڭ تىڭلاسا.
بۇ سۆزدىن كېيىن يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئاڭلاشنى خالىساڭ، بۇنىمۇ ئېيتاي.

41

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىش بىرلە مۇنازەرە قىلمىشىن ئايۇر
ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

3318 يانۇت بەردى ئۇدغۇرمىش ئايدى: سۆزۈڭ
ئەشىتتىم، سۆزۈمنى ئەشىتكىل ئۆزۈڭ.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
سەنمۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىن.

3319 ياقىنلىق ئۇلامىش ئۇچۇن بىر بايات،
مۇيان بەرسۇ مىڭ، مىڭ، تۇمەن ئەدگۇ ئات.
يېقىنلىقنى داۋاملاشتۇرغىنىڭ ئۇچۇن، بىر خۇدا
(ساڭا) مىڭلارچە ساۋاب، تۇمەنلىگەن ياخشى نام ئاتا قىلسۇن.

3320 تاقى بىر سۆزۈگ ئاي، نە ئەركى ئادىن،
ئانىما ماڭا سۆزلە، قودما كەدىن.
يەنە بىر سۆزۈڭ نېمە ئىدى، ئۇنىمۇ ئېيت،
ئۇنىمۇ ماڭا سۆزلە، كېيىنگە قالدۇرما.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3321 جەۋاب قىلدى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: بۇ سۆز، C193
سەنى كۆردى ئەرسە يارۇق بولدى كۆز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
سېنى كۆرۈش بىلەن كۆزۈم روشەنلەشتى.

3322 كىشى ئۆز تىلەكىن يورىسا يولۇغ،
ئاڭار تەگمەز ئەمگەك، ئاي بىلكى ئۇلۇغ.
كىشى ئۆز تىلىكى بىلەن يول ماڭسا،
ئۇنىڭغا مۇشەققەت تەگمەيدۇ، ئەي بىلىمى ئۇلۇغ.

3323 نەگۇ تەر ئەشتكىل سىنامىش سۆزى،
ئانىڭ مەئنىسى ئۇق، ئاي كۆڭلى يازى:
سىنىغان (تەجرىبىلىك) كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي كۆڭلى كەڭ:

3324 «قايۇ ئىشكە ئارزۇ يورىسا تىلەك،
ئاداق ئۇرسا بۇلدى ئول ئارزۇ يۆلەك.
«قايسى ئىشقا ئارزۇ ـ تىلەك (بىلەن) ماڭسا،
ئاياغ باسقاندىلا ئارزۇسى يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

3325 تىلەك بىرلە ماڭسا يىراق يەر ياقىن،
قاچان كۆرسە يۈزىن بۇلۇر جان ئىلەك».
تىلەك بىلەن ماڭسا، يىراق يەر يېقىنلىشىدۇ،
(ئارزۇ قىلغانىنىڭ) يۈزىنى كۆرگەندە، جان ئېگىسىنى تاپىدۇ».

3326 يانا ئايدى ئۆگدۈلمىش، ئۇشبۇ ئۆزۈم
ساڭا قادغۇرا، تىلدە كەسمەز سۆزۈم.
ئۆگدۈلمىش يەنە شۇنداق دېدى: مانا مەن
ساڭا قايغۇرۇپ، (سېنى دائىم) تىلىمدىن چۈشۈرمەيمەن.

3327 ئۈلۈش كەندنى قودتۇڭ ياقىن قا قاداش،
كىشىدە يىرادىڭ، بىلىش يوق ئاداش.
شەھەر ـ كەنتنى، يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشلارنى تاشلاپ كەتتىڭ،
كىشىلەردىن يىراقلاشتىڭ، (بۇ يەردە) دوست، بىلىشلەر يوق.

3328 ئاغىر يۈك يۈدۈپ بۇ ئۆزۈڭ يالڭۇزۇن،
يالىڭ، ئاچ يورىرسەن، نە يۇنچىغ ئۆزۈن.
ئۆزۈڭ يالغۇزلۇقتا ئېغىر يۈك يۈدۈپ،
يېلىڭ ـ ئاچ يۈرۈپسەن، ئاجىزلاپ كېتىپسەن.

3329 قاداش كۆڭلى بارچا ساڭا قادغۇرار،
كۆرۈ ئىدسا بۇلماز، كۆڭۈل يەلگۈرەر.
قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى دىلىدا ساڭا قايغۇرىدۇ،
كۆرۈشنى خالىغاندا (سېنى) تاپالمايدۇ، كۆڭلى بىئارام بولىدۇ.

3330 ئاپا ئوغلانى بارچا يالڭۇز ئۇماز،
ئۆزۈڭ مۇندا يالڭۇز قالى ئىگلەمەز.

ئادەم بالىسىنىڭ ھەممىسى يالغۇز ئۆتەلمەيدۇ،
سەن بۇ يەردە يالغۇز، ئاغرىپمۇ قالارسەن.

بۇ قادغۇ مەنى ئەۋدە ياتغۇرمادى، 3331
ساقىنچ، قادغۇ بىرلە ئۆزۈم ئۇمادى.
بۇ قايغۇ مېنى ئۆيدە ياتقۇزمىدى،
ئەلەم ـ قايغۇ بىلەن بىئارام بولدۇم.

ساڭائوق تۆرۈتمەدى تەڭرى تامۇغ، 3332
ساڭا ئايمادى بۇ ئەزابىغ قامۇغ.
تەڭرى دوزاخنى سەن ئۈچۈنلا ياراتمىغان،
بارلىق ئازابنى پەقەت ساڭىلا ئاتىمىغان.

نەگۇ ئول نەلۈك مۇنچا ئەمگەر ئۆزۈڭ، 3333 B245
ماڭا بەلگۈلۈگ ئاي، بىلەيىن سۆزۈڭ.
ئۆزۈڭنى نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قىينايسەن؟
ماڭا ئېنىق ئېيت، سۆزلىرىڭنى بىلەي.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى، بۇ سۆز 3334
ئەشىتتىم، ئەشىتكىل جەۋاب بەرسۇ ئۆز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
(سۆزلىرىڭنى) ئاڭلىدىم، مەنمۇ جاۋاب بېرەي، ئاڭلا.

بۇ سۆز كىم سەن ئايدىڭ باغىرساقلىق ئول، 3335 C194
قاداش بەلگۈسى ھەم ياغۇق ياقلىق ئول.
سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەر ـــ مېھرىبانلىقتۇر.
بۇ قېرىنداشلىق ھەمدە يېقىنلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

قاداش قادغۇلارىن قاداش يەمەسە، 3336
ئادىن يات قاچان يەر قاداش بولماسا.
قېرىنداش غېمىنى قېرىنداش يېمىسە،
قېرىنداش بولمىغان ياتلار يەمدۇ؟

3337 ئۆزۈم قا قاداشتىن نەچە ئادرىلىپ،
نەلۈك تۇرغاي ئەردىم بۇ يەرگە كەلىپ.
مەنمۇ قوۋم ـ قېرىنداشلاردىن ئايرىلىپ،
قانداقمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرالايتتىم؟

3338 باقا كۆردۈم ئەمدى دىنىم يەگلىكى،
بۇ يەردە كۆرۈندى ئۆزۈم يەگلىكى.
نەزەر سېلىپ، دىنىمنىڭ ياخشىلىقىنى كۆردۈم،
بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى كۆرۈندى.

3339 ئانىن كەلدىم ئەمدى بۇ يەرگە تۇرۇپ،
بايات تاپىغى قىلسا مەن يالگۇز بولۇپ.
شۇڭا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كېلىپ،
ئۆزۈم يالغۇز خۇداغا ئىبادەت قىلاي (دېدىم).

3340 بۇ دۇنيا ئىشىگە قاتىلمىش كىشى
قىلۇماز تاپۇغ بىرلە ئۇقبى ئىشى.
بۇ دۇنيانىڭ ئىشىغا ئارىلاشقان كىشى،
ئىبادەت بىلەن ئاخىرەت ئىشىنى قىلالمايدۇ.

3341 بۇ خەلققە تۆزۈ ياپماغىنچا قاپۇغ،
تۆرۈتۈگلى رەبقە قىلۇماز تاپۇغ.
خەلققە پۈتۈنلەي ئىشىك ياپمىغۇچە،
ياراتقۇچى رەببىگە ئىبادەت قىلغىلى بولمايدۇ.

3342 هەۋا، نەفس بويۇنىن سىغۇ كەد قاتىغ،
ئۆزۈڭ ئۆترۈ بۇلسا تاپۇغدا تاتىغ.
هاۋايى ـ هەۋەس، نەپسىنىڭ بوينىنى قاتتىق سىقىش كېرەك،
ئاندىن ئۆزۈڭ تائەت ـ ئىبادەت لەززىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

3343 نەگۈ تەر ئەشتكىل ساقىنۇق كىشى:
هەۋا بىرلە بولماز پۈتۈن دىن ئىشى.
تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
دىن ئىشى هاۋايى ـ هەۋەس بىلەن (بىللە) بولالمايدۇ.

3344 هەۋا، نەفس بىلە، كۆر، ياغى ئول ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى ئازىتۇر تاپۇغچى قۇلۇغ.

قارا، هاۋايى ـ هەۋەس بىلەن نەپس چوڭ دۈشمەندۇر،
بۇ ئىككىسى ئىبادەت قىلغۇچى قۇلنى (يولدىن) ئازدۇرىدۇ.

3345 هەۋاقا بولۇ بەرسە تۈتغۇن بولۇر،
ئەت، ئۆز ئارزۇ بۇلسا مەنى قۇل قىلۇر.
هاۋايى ـ هەۋەسكە يول قويسا، كىشى تۇتقۇن بولىدۇ،
ۋۇجۇدۇم ئارزۇسىغا يەتسە، ئۇ مېنى قۇل قىلىدۇ.

3346 هەۋاقا باسىقما، ئۇقۇش بىرلە كەس، B246
ئەت ـ ئۆز باش كۆتۈرسە بىلىك بىرلە باس.
هاۋايى ـ هەۋەسكە بېرىلمە، (ئۇنى) ئەقىل بىلەن رەت قىل،
ۋۇجۇدۇڭ باش كۆتۈرۈپ چىقسا، بىلىم بىلەن باس.

3347 بۇ ياڭلىغ ئۈچۈن مەن ئۈلۈش كەند قودۇپ،
بۇ يەرگە سىغىندىم ئاغىر يۈك يۈدۈپ.
شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مەن شەھەر ـ كەنتنى تاشلاپ،
ئېغىر مۇشەققەت چەكسەممۇ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتىم.

3348 كىشىدە ئۆڭىن بولدۇم ئەرسە قالى،
قۇرۇغ سۆزلەمەزمەن، نە ئەيبەت تىلى.
ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدىن چەتلەشكەن بولسام،
قۇرۇق سۆزلەۋاتقىنىم ياكى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق.

3349 بۇ يالڭۇز تۇرۇرسەن تەدىڭ، ئاي قاداش،
بايات يادى ئەش تاپ ماڭا، ئاي ئاداش.
ئەي قېرىنداش، نېمىشقا يالغۇز تۇرىسەن، دېدىڭ،
ئەي دوستۇم، خۇدانىڭ يادى مەن ئۈچۈن هەمراھ.

3350 ياقىن، قا قاداشتىن يىراق بولدۇقۇم،
ئولارقا تودۇرمادىم ئاچىم، توقۇم.
يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمدىن يىراق بولغىنىمنىڭ (سەۋەبى)
ئۇلارغا ئاچ ـ توقۇمنى يۈكلىمەسلىك (ئىدى).

3351 بودۇن كۆڭلى يۈۋقا، كۈدەزمەكى سارپ،
كۆڭۈل سىنسا، خەسمى بايات ئەدلى تاپ.
خەلقنىڭ كۆڭلى نازۇك، (ئۇنى) ئاسىراش قىيىن،
كۆڭلى سۇنسا، ئۇنىڭغا قارشى خۇدانىڭ ئەدلى كۇپايە.

C195

3352 نەچە بولماسا خەلققە مەندىن ئاسىغ،
يەمە كۆرمەگەيلەر مەنىڭدىن ياسىغ.
مەندىن خەلققە ھېچ پايدا يەتمىگەن بولسىمۇ،
مەندىن زىيانمۇ كۆرمەيدۇ.

3353 ئاسىغ، ياس، نە ئەدگۈ، نە ئەسىز بارى
باياتتىن تۇرۇر، كۆر، ئانىڭ تەقدىرى.
پايدا ـ زىيان، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ــ ھەممىسى
خۇدادىن بولىدۇ، بۇ (ئاللانىڭ) تەقدىرىدۇر.

3354 بۇ ئەرشتا قودى، كۆر، سىراقا تەگى،
تۆزۈ بارچا بىرتەك باياتقا مۇڭى.
قارا، ئەرشتىن تارتىپ، تۆۋەن تەھتىساراغىچە،
ھەممىسى بىردەك خۇداغا موھتاجدۇر.

3355 نەگۈ بار كىشىلەر ئارا، ئاي كۆلۈگ،
ئاسىغ تۇت، يا قور ياس ساڭا بەلگۈلۈگ.
ئەي مەشھۇر (كىشى)، كىشىلەر ئارىسىدا نېمىلەر بار؟
پايدىمۇ، زىيان ـ زەرەرمۇ، ھەممىسى ساڭا ئايان.

3356 نەگۈ ئاسىغى بار تەپ ئايۇرسەن تاپۇغ،
تاپۇغ قۇللۇق ئول، قۇلقا ئاچتى قاپۇغ.
ئىبادەتنىڭ نېمە پايدىسى بار، دەپ سورايسەن،
ئىبادەت ــ قۇللۇق قىلماقتۇر، ئۇ قۇلغا ئىشىك ئاچىدۇ.

3357 قۇل ئاتى ئانىن بولدى قۇلقا ئاتاغ،
تاپۇغ قىلسا تۇن، كۈن ئۇلانۇلسا تاغ.
قۇل دېگەن ئات شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇلغا ئاتاق بولدىكى،
ئۇ كېچە ـ كۈندۈز تاغلارغا چىقىپ ئىبادەت قىلىدۇ.

3358 ياراتسا، ياراتماسا ئەركلىگ بايات،
تاپۇغ ئاتى تىلدە ئاتاماسا ئات.
قادىر خۇدا خۇش كۆرسىمۇ، خۇش كۆرمىسىمۇ،
ئىبادەت دېگەن سۆز تىلدىن چۈشمەسلىكى كېرەك.

3359 بۇ يالڭۇزلۇقۇمدىن ماڭا ياسى يوق،
ئەت ئۆز، دىن ئەسەنىن مۇنىن بولدۇمئوق.

بۇ يالغۇزلۇقۇمنىڭ ماڭا زىيىنى يوق،
ۋۇجۇدۇم ۋە دىنىمنىڭ ئىبسەنلىكىنى شۇ يەردىلا تاپتىم.
3360 نەگۇ تەر ئەشتكىل بۇ بەيت ئايغۇچى،
تاشى كۆرمە مەئنى باقا كۆر ئىچى:
بۇ بېيىت ئېيتقۇچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا.
سىرتىغا قارىماي، ئىچىدىكى مەنىسىگە نەزەر سال:
3361 «يورى يالڭۇز، ئەشسىز، ئاي يالڭۇق ئۇزى،
تۇتى قىلدى يالڭۇز تىلى، كۆر سۆزى.
«ئەي ماھىر ئىنسان، يالغۇز، يولداشسىز يۇرگىن،
تۇتىمۇ يالغۇز (يۇرۇپ)، تىل ۋە سۆزنى ئۆگەندى.
3362 تاپۇغچى تاپىنسا بۇ يالڭۇز ئۆزۇن،
نەگۇ قور قىلۇر كۇنگە يالڭۇز ئۆزى».
ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزى يالغۇز ئىبادەت قىلسا،
يالغۇز ئۆزى (خەلققە) قانداقمۇ زىيان كەلتۇرسۇن؟»
3363 B247 كىشىگە قاتىلماقنى ئۆگدۇڭ قاداش،
نەگۇتەك قاتىلغۇ، يا بولسا ئاداش.
قېرىندىشىم، كىشىلەرگە ئارىلىشىنى ماختىدىڭ،
قانداق ئارىلىشىش، دوست تۇتۇش كېرەك؟
3364 ماڭا كەلمىشڭدە بەرۇمەن بۇ كۇن،
تاپۇغدىن كەسىلدىم، باقا كۆر ئۆگۇن.
مانا، بۇگۇن سەن كەلگەندىن بۇيان
تائەت ـ ئىبادەتتىن قالدىم، ئەقلىڭ بىلەن نەزەر سال.
3365 تەكئۆك بىر ساڭا ئۆز قاتىلمىش ئۇچۇن،
ياسى مۇنچا ئەرسە كۇچەمە كۇچۇن.
پەقەت يالغۇز سەن بىلەنلا ئارىلاشقىنىم ئۇچۇن،
زىيىنى شۇنچىلىك بولدى، (ئەمدى) ئارتۇق زورلىما.
3366 ئۆزۇم كىرسە ئەمدى كىشىلەر ئارا،
قاچان تەگكە ئەلگىم تاپۇغقا كۆرە.
مەن ئەمدى كىشىلەر ئارىسىغا كىرسەم،
تائەت ـ ئىبادەتكە قاچان قولۇم تېگىدۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3367 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: سۆزۈڭ C196
ئەشىتتىم، ئەشىت سەن، ئەۋۈرمە يۈزۈڭ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: سۆزۈڭنى
ئاڭلىدىم، سەنمۇ (مېنىڭ سۆزۈمنى) ئاڭلا، يۈز ئۆرۈمە.

3368 سەن ئايمىش بۇ سۆز بارچا ئانداغ تۇرۇر،
ھەقىقەت كۆرۈ بارسا تىلداغ تۇرۇر.
سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق،
(لېكىن) ھەقىقەتلەپ قارىسا، بۇ ـــ بىر باھانىدۇر.

3369 كىشىگە تۇسۇلغۇ كەرەك بۇ تىرىگ،
تىرىگ تۇتسا ئاتىن قوپۇرسا ئەرىگ.
تىرىك (كىشى) كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرۈشى كېرەك،
تىرىك (دېگەن) نامغا (يارىشا) كىشىلەرنى ئۇلۇغلاش كېرەك.

3370 تىرىگلىك نىشانى، نە ئول بەلگۈسى،
كىشى كۆرمەسە بىر ئانىڭ ئەدگۈسى.
تىرىكلىكنىڭ نىشانى، ئۇنىڭ بەلگىسى نېمە،
كىشىلەر ئۇنىڭ (بىرەر) ياخشىلىقىنى كۆرمىسە؟

3371 كىشى ئالغۇ، توغسا ئوغۇل ـ قىز ئۆكۈش،
ئوغۇلسۇز تەسە ئەرگە كۆركسۇز سۆكۈش.
خوتۇن ئېلىش كېرەك، كۆپ ئوغۇل، قىز تۇغۇلۇشى لازىم،
ئوغلى يوق دېسە، بۇ ئەرگە سەت، ھاقارەتتۇر.

3372 نەگۇ تەر ئەشىتكىل كىشى ئۆدرۈمى،
ئۈرۈغ كەسمەگۈگە كىسى ئول ئەمى.
ئادەملەرنىڭ سەرخىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇرۇقنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنىڭ چارىسى ـــ خوتۇن (ئېلىش) دۇر.

3373 ئوغۇلسۇز ئۆلۈرده ئۆكۈندى تىلىن،
ئايا كىن كەلىگلى ئوغۇل قىز قىلىن.

ئوغۇلسىز ئادەم ئۆلەر ۋاقتىدا ئۆكۈنۈپ:
«ئەي كېيىنكىلەر، ئوغۇل ـ قىزلىق بولۇڭلار» دېگەن.
3374 كىمنىڭ ئوغلى قالسا ئاتادا كەدىن،
ئاتاما ئانى سەن تىرىگدە ئادىن.
ئاتىدىن كېيىن كىمنىڭ ئوغلى قالغان بولسا،
بۇ ئاتىنى «تىرىك» دېگەندىن باشقا نام بىلەن ئاتىما.
3375 ئوغۇلسۇز كىشى ئۆلسە كەستى ئۇرۇغ،
ئاۋۇندا ئاتى يىتتى، ئورنى قۇرۇغ.
ئوغۇلسىز كىشى ئۆلسە، ئۇرۇقى ئۈزۈلىدۇ،
دۇنيادا نامى ئۆچىدۇ، ئورنى بوش قالىدۇ.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3376 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: بۇ چىن، B248
مۇنىڭدا ئادىنسىغ يەمە بار ئادىن.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى: بۇ راست،
بۇنىڭدىن باشقىچىرەك يەنە بىر خىلى بار.
3377 قالى ئەدگۈ بولسا ئوغۇل ـ قىز سىلىگ،
ئانىتەك بولۇركىم يورىتتىڭ تىلىگ.
ئەگەر ئوغۇل ـ قىز ياخشى ۋە ئەدەپلىك بولسا،
ئۇ خۇددى سەن تەرىپلىگەندەك بولىدۇ.
3378 قالى بولسا ئەسىز ئۆلىتغاي سەنى،
ئۆزۈڭ ئۆلسە تەركىن ئۈنىتغاي سەنى.
ئەگەر يامان بولسا سېنى زارلىتىدۇ،
سەن ئۆلسەڭ، تېزلا سېنى ئۇنتۇيدۇ.
3379 ئەسىز قىلغا ئاتىڭ ئۇزە قارغىشىن،
سەنى سۆكگە يات، باز، ئۇلۇغلار باشىن.
نامىڭنى قارغىش بىلەن يامان قىلىدۇ،
ياتلار سېنى سۆكىدۇ، ئۆچمەنلىكى ئۇلغىيىدۇ.

3380 ئوغۇل قىز ياغى ئول، ياغى نە كەرەك،
ياغىسىز تىرىگلىك تاقى ئەدگۈرەك.
ئوغۇل ـ قىز دۈشمەندۇر، دۈشمەنىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟
دۈشمەنسىز ياشاش — تېخىمۇ ياخشىراقتۇر.

3381 ياغىدىن نەگۈتەك يارۇقلۇق بولۇر،
ياغى ئاتى ياسقا تانۇقلۇق بەرۈر.
دۈشمەندىن قانداقمۇ يورۇقلۇق (كۈتكىلى) بولىدۇ؟
دۈشمەنىنىڭ نامى زەرەردىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

3382 نە ئەدگۈ بىلىك بەردى بىلگى قويۇغ،
ئوغۇل قىز ئاتى ئەرگە كەتمەز ئويۇغ.
بىلىمى مول (ئالىملار) نەقەدەر ياخشى بىلىم بەرگەن:
بالىچاقىنىڭ نامى ئەر ئۈچۈن يوقالماس كۆلەڭگىدۇر.

3383 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بىلىكلىگ سۆزى، C197
كۆنى سۆزلەمىش كۆرسە كۆڭلى يازى:
بىلىملىكنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېلىدۇ،
نەزەر سالساڭ، ئوچۇق كۆڭۈل بىلەن توغرا سۆزلەپتۇ:

3384 «ئۆزۈڭ سىزغۇرۇرسەن ئوغۇل قىز تەيۇ،
بۇ ئەمگەك بىلىكلى ئوغۇل قىز قايۇ.
«ئوغۇل ـ قىز دەپ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرىسەن،
بۇ ئەمگەكلىرىڭنى بىلىدىغان ئوغۇل ـ قىز نەدە بار؟

3385 تەرەرسەن ھەرامىغ، بارىر سەن، قالىر،
سەن ئىنچىق يەيۇ بار، ئول ئارزۇ يەيۇ».
هارام (دۇنيا)نى توپلايسەن، (ئۆزۈڭ) كېتىسەن، (ئۇلار) قالىدۇ،
سەن مۇشەققەت چېكىپ ئۆتىسەن، ئۇ ئارزۇغا يېتىدۇ».

3386 كەمە مىندى ساقىن كىسى ئالغۇچى،
تەڭىز ئوترا كىردى كەمە مىنگۈچى.
خوتۇن ئالغۇچىنى كېمىگە چۈشتى دەپ پەرەز قىل،
كېمىگە چۈشكۈچى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىدۇ.

3387 ئوغۇل قىز تۆرۈسە كەمەسى سىنۇر،
كەمە سىنسا سۇۋدا تىرىگ كىم قالۇر.

ئوغۇل ـ قىز تۇرەلسە، كېيىنسى سۇنىدۇ،
كېيە سۇنسا، كىم سۇدا تىرىك قالىدۇ؟

3388 ئوغۇل قىز ئاتاسىن سۇيۇرقاغۇ ئول،
ئوغۇل قىز ئاتاسى يەمى ئاغۇ ئول.
ئوغۇل ـ قىزغا ئاتا بولغۇچىغا رەھىم قىلىش كېرەك،
(چۈنكى) ئوغۇل ـ قىزغا ئاتا بولغاننىڭ يېگىنى ئوغا بولىدۇ.

3389 ئوغۇل قىز ئەسىزى ئاتادا كەدىن، B249
ئاتاماز ئاتاسىن، ئاناسىن ئادىن.
ئوغۇل ـ قىزنىڭ يامىنى ئاتىسىدىن كېيىن
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قويمايدۇ.

3390 بۇ ياڭلىغ ئىيالدىن قاچار بار ۋەفا،
قىلىقى ياۋۇز ئول، قىلىنچى جەفا.
بۇنىڭغا ئوخشاش بالىچاقىدىن ۋاپا كېلەمدۇ،
قىلىقلىرى ياۋۇز، قىلمىشى جاپا (تۇرسا)؟

3391 ئوغۇل قىز ئاتاسى تۇ ئەمگەك كۆرەر،
بەلا، مىھنەت ئەرسە ياڭانتەك يۇدەر.
ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئاتىسى ھەر خىل جاپا چېكىدۇ،
بالا ـ قازا، مۇشەققەتلەرنى پىلدەك يۇرىدۇ.

3392 ئاداش، قولداش، ئەردەش تۇتۇنغۇ تەدىڭ،
بۇ ئەدگۇ، ئەدى تەرس يۇكى يۇدمەكىڭ.
دوست، يولداش، ئۇلپەت تۇتۇش كېرەك، دېدىڭ،
بۇغۇ ياخشى، (لېكىن) يۇكىنى كۆتۈرمىكىڭ تەس.

3393 يەمە ياقشى ئايمىش بۆگۈ بىلكى يارپ،
كىشى كۆڭلى يۇۋقا، كۇدەزمەكى سارپ.
بىلىملىك، پۇختا دانىشمەن يەنە ياخشى ئېيتقان:
كىشىنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئۇنى ئاسراش قىيىن.

3394 سىرىنچغا ساقىشى تۇرۇر بۇ كۆڭۈل،
ئەدى كەد كۇدەز سىنماسۇ، ئاي ئوغۇل.
كۆڭۈل (گويا) شىشە دەپ سانىلىدۇ،
ئەي ئوغلان، ئۇنى بەك ئاسرا، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

3395 كۆڭۈل ئوغلاغۇ ئول، سىناغى مۇڭار،
ئىسىگكە ئەرىر تەرك، سوغۇققا توڭار.
كۆڭۈل نازۇك بولىدۇ، بۇ سىنالغان،
(ئۇ) ئىسسىقتا تېز ئېرىيدۇ، سوغۇقتا توڭلايدۇ.

3396 ئاداش كۆڭلى سىنسا، بولۇر قىر ياغى،
ياغى قايدا بولسا بولۇر مىڭ چوغى.
دوستنىڭ كۆڭلى سۇنسا، (ئۇ) ئەشەددىي دۈشمەن بولىدۇ،
دۈشمەن بار يەردە مىڭ (خىل) ئاداۋەت ساقلىنىدۇ.

3397 ياغىدىن تىرىگلىك تاتىغسىز بولۇر،
ياغى قايدا ئەرسە، ياراغسىز بولۇر.
دۈشمەندىن ھاياتقا كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلىدۇ،
دۈشمەن قەيەردە بولسا، يارىماس ئىشلار بولىدۇ.

3398 نەچەمە كىچىگ ئەرسە دۈشمەن ساڭا،
ئانى سەن ئۇلۇغ تۇت، ئاي ئەرسىگ توڭا.
سېنىڭ دۈشمىنىڭ قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ،
ئۇنى سەن چوڭ دەپ بىل، ئەي مەرد باتۇر.

3399 چىبۇن بولدى دۈشمەن ياڭانقا بەدۈك، C198
ئىسىرسا ياڭانىغ سۈچىتۈر كەد ئۆك.
چىۋىن پىلغا چوڭ دۈشمەن بولدى،
بىرلا چاقسا، پىلنى تېپىرلىتىدۇ.

3400 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ياغىلىغ كىشى،
ياغى بىرغا ئۇرشۇ تۈگەمىش ياشى:
ئۆمرى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆتكەن،
دۈشمەنلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3401 «كىچىگ دۈشمەنىم تەپ ئۇسانما ئۆزۈن،
نەلۈك قورقايىن تەپ كۈۋەنمە سۆزۈن.
«دۈشمىنىم كىچىك دەپ بىخۇد بولما،
ئۇنىڭدىن نېمىشقا قورقىمەن، دەپ چوڭ سۆزلىمە.

3402 ياغىڭ بولدى ئەرسە، ئۇسال بولماغىل،
ياغىقا ياغى بول، تۈزۈنكە تۈزۈن».

دۇشمىنىڭ بولىدىغان بولسا، بىخۇد بولما،
دۇشمەنگە دۇشمەن بول، ياخشىغا ياخشى».

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3403 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئاچتى تىلىن، B250
ئايۇر سۆز ئەشتكىل، كۆڭۈلگە ئالىن.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز باشلىدى:
ئېيتقان سۆزۈمنى ئاڭلا، كۆڭلۈڭدە تۇت.

3404 تۆرۈتتى بايات بۇ ئاژۇنۇغ بىلىپ،
يەگۈ ـ ئىچگۈ ئىدتى ھەلالدىن قىلىپ.
خۇدا بۇ دۇنيانى بىلىپ ياراتتى،
ھالال يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەرنى ئاتا قىلدى.

3405 قاتىلسا، قارىلسا تۇتۇپ ئەدگۈ ئەش،
ئەشى ئەدگۈ بولسا، قىلۇر ئەدگۈ ئىش.
ياخشى دوست تۇتۇپ، ئارىلىشىپ، قېتىلىپ يۈرۈش كېرەك،
دوستلىرى ياخشى بولسا، ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ.

3406 كىشى ئاسغى بولسا كىشىگە قاتىل،
كىشىگە تۇسۇلماق كىشى ئاسغى بىل.
بىراۋنىڭ پايدىسى بولسا، ئۇنىڭغا ئارىلاش،
كىشىلەرگە نەپ كەلتۈرۈش ــ كىشىنىڭ پايدىسى دەپ بىل.

3407 بۇ يالڭۇز يورىغلى كىشى قىۋچاقى،
كىشىگە تۇسۇلماز بولۇر، ئاي ئاقى.
يالغۇز يۈرگۈچى كىشى بىر ناداندۇركى،
(ئۇنىڭ) باشقىلارغا پايدىسى تەگمەيدۇ، ئەي سېخىي.

3408 كىشىگە تۇسۇلماز كىشى ئول ئۆلۈگ،
تۇسۇلغىل، ئۆلۈگ بولما، ئەرسىگ كۇلۇگ.
كىشىگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەم ئۆلۈكتۇر.
(سەن) پايدىلىق بول، ئۆلۈك بولما، ئەي مەرد يىگىت.

3409 تەلىم بولسا ئەرگە ئاداش، قولداشى،
يادىلدى ئاتى ئەلگە، ئەتتى ئىشى.
كىشىنىڭ دوست ـ يولداشلىرى كۆپ بولسا،
نامى ئەلگە يېيىلىدۇ، ئىشى يۇرۇشىدۇ.

3410 بۇ دۇنيا ئىچىندە بۇلۇر بۇ تىلەك،
قالى ئۇقبى قولسا بۇ ئول ھەم يۆلەك.
بۇ دۇنيادا ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،
ئەگەر ئاخىرەتلىكىنى ئىزدىسىمۇ، ئاشۇ مەدەت بولىدۇ.

3411 ساقىنچ، قادغۇ بولسا يۇلۇغلار ئۆزۈگ،
سەۋىنچ بولسا سەۋىنۈر، يارۇتۇر كۆزۈگ.
ئەلەم، قايغۇ (يولۇققاندا) ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ،
شادلىققا شادلىنىپ، كۆزىنى ئاچىدۇ.

3412 يادار ئەردەمىن، بارچا خەلققە ئايۇر،
مۇنىن كۆرسە كىزلەر، تىل ئاچماز تۇيۇر.
پەزىلەتلىرىنى يېيىپ، بارچە خەلققە سۆزلەيدۇ،
نۇقسانلىرىنى كۆرسە يوشۇرىدۇ، ھەرگىز ئېغىز ئاچمايدۇ.

3413 ياغى ئول ئەرىگ ياتسا ئودغۇرغۇچى،
مۇنىن، ئەردەمىن ئەلگە بىلدۇرگۇچى.
دۈشمەن (ئۇخلاپ ياتقان) باتۇرنى ئويغاتقۇچىدۇر،
نۇقسان ۋە پەزىلەتلىرىنى ئەلگە مەلۇم قىلغۇچىدۇر.

3414 ياغى بولماغىنچا ئەر ئەرسىگلىكى، C199
قاچان بەلگۈرەر ئەلدە ئاتى، كۆكى.
دۈشمىنى بولمىغۇچە ئەرنىڭ مەردلىكى،
نامى ۋە جاسارىتى ئايان بولاتتىمۇ؟

3415 ئۆكۈش بولسا ئەمدى بۇ ئەردەم كىمىڭ، B251
ئۆكۈش بولدى تەڭسىز ياغىسى ئانىڭ.
كىمنىڭ ئاشۇنداق پەزىلىتى كۆپ بولسا،
ئۇنىڭ دۈشمىنىمۇ ھېسابسىز كۆپ بولىدۇ.

3416 كىمىڭ ئەردەمى بولسا ئەسلى، ئاغى،
يەتىز ئەل كىشىسى ئول ئەرگە ياغى.

كىمنىڭ پەزىلىتى ئېسىل، پاك بولسا،
پۈتۈن ئەل كىشىلىرى ئۇنىڭغا دۈشمەن (بولىدۇ).

3417 كەد ئەرگە بولۇر، كۆر، ياغى بەلگۈلۈگ،
ياۋۇزقا ياغى يوق، ياۋۇز ئەر ئۆلۈگ.
قارا، ياخشى كىشىنىڭ دۈشمەنلىك بولۇشى ئېنىق،
يامانغا دۈشمەن يوق، (چۈنكى) ياۋۇز كىشى ــــ ئۆلۈكتۇر.

3418 قايۇ ئەرگە دۈشمەن يۈمىتسا قالىن،
ئول ئەر ئەردەمى ئەردە ئارتۇق بىلىن.
قايسى ئەرگە (قارشى) كۆپ دۈشمەن يىغىلسا،
ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتىنى باشقىلاردىن ئارتۇق بىل.

3419 ياغى بىرلە تەگشىپ ئەر ئاتى بەدۈر،
ياغىسىز كىشى ئاتى قوپماز ياتۇر.
دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان ئەرنىڭ نامى بۈيۈك بولىدۇ،
دۈشمەنسىز كىشىنىڭ نامى چىقمايدۇ، (يەردە) ياتىدۇ.

3420 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، كۆر، ئەردەملىگ ئەر،
بۇ ئەردەم بىلە ئەر تىلەك ـ ئارزۇ يەر.
پەزىلەتلىك كىشى نېمە دېگەن، ئاڭلا،
بۇ پەزىلەتلەر بىلەن ئەر تىلەك ـ ئارزۇسىغا يېتىدۇ:

3421 «نەگۈ ئەر بولۇر، كۆر، مىڭ ئەر دۈشمەنى،
مىڭەر سۆزلەمەسە كۈنىڭە ئانى.
«ئەرنىڭ مىڭلارچە دۈشمىنى بولمىسا، كۈنىگە مىڭ قېتىم
ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسا، ئۇ قانداق ئەر بولىدۇ.

3422 بۆرىمۇ بولۇر، كۆرگىل، ئىتتا قايار،
ئۇدۇلا ئەشىتسە مىڭ ئىتلار ئۈنى».
قارا، مىڭ ئىتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ
قېچىپ كەتكەن بۆرە بۆرە بولامدۇ؟»

3423 كىشىگ سوڭدامازمەن تەدىڭ يالڭۇزۇن،
قۇرۇغ سۆزلەمەزمەن تەدىڭ تىل سۆزۈڭ.
يالغۇزلۇقتا كىشىلەرنىڭ پېيىغا چۈشمەيمەن، دېدىڭ،
ئېغىزىمدىن كېرەكسىز سۆز چىقارمايمەن، دېدىڭ.

3424 كىمى سۆزلەگەيسەن كىشى بولماسا،
كىشىلەر ئارالا ئۆزۈڭ تۇرماسا.
ئۆزۈڭ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرمىساڭ،
(ئەتراپىڭدا) كىشى بولمىسا، كىمگە سۆزلەيسەن؟
3425 ئەر ئول ئەر تۇرۇر، كۆر، كىشىلەر ئارا
يورىپ، تىل كۈدەزسە، بۇ بۇلسا تۆرە.
قارا، كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، تىلىنى كۆزىتەلىگەن،
تۆردىن ئورۇن ئالغان ئەر (ھەقىقىي) ئەردۇر.
3426 ئىرىك سۆزگە يۇمشاق يانۇت قىلسا ئۆز،
ئاچىغ سۆزلەسەلەر سۇچىگ تۇتسا سۆز.
(ھەقىقىي ئادەم) يىرىك سۆزلەرگە يۇمشاق جاۋاب بېرىشى،
ئاچچىق سۆزلەرگە شېرىن سۆز قايتۇرۇشى كېرەك.
3427 كىشى يۈكى يۈدسە، يۈدۈرمەسە يۈك،
جەفا قىلسالار بۇ ۋەفا قىلسا شۇك.
باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى، باشقىلارغا يۈك بولماسلىقى،
(باشقىلار) جاپا قىلسىمۇ، ئۈندىمەي، ۋاپا قىلىشى كېرەك.
3428 كۆڭۈلدە كەتەرسە، كۆر، ئۆچ، كەكلەرىن،
تىلىندە يورىتسا كۆڭىلدە بارىن.
ئۆچ ـ ئاداۋەتلەرنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىشى،
دىلىدا بارىنى تىلى بىلەن ئىزھار قىلىشى لازىم.
3429 نەگۈ تەر ئەشىتكىل كىشى ئەدگۈسى،
بۇ ئەدگۈ بىلە يادمىش ئاتى كۈسى.
ياخشىلىق بىلەن نام، شۆھرەت قازانغان
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
3430 ئىرىك سۆزلەمەگىل كىشىگە تىلىن، C200
ئىرىك سۆزگە ئاغرىر كۆڭۈل كەچ يىلىن.
كىشىلەرگە (ھەرگىز) قوپاللىق قىلما،
قوپال سۆز ئۈزۈن يىل دىلنى رەنجىتىدۇ.
3431 سەنى كىم سۆكەر ئەرسە، ئۆگكىل ئانى، B252
ئوتۇن ئول بولۇر، سەن تۇزۇنلەر سانى.

سىنى كىم سۆكسە، سەن ئۇنى ماختا،
(شۇنداق قىلساڭ) ئۇ ئوسال بولۇپ، سەن ئىسىل سانىلىسەن.

3432 جەفا قىلغۇچىقا قىلغۇ تۇر ۋەفا،
ۋەفا ئەر قىلۇر ئول، ئەسىزلەر جەفا.
جاپا قىلغۇچىغا ۋاپا قىلىشۇەرگىن،
مەرد كىشى ۋاپا قىلىدۇ، يامانلار جاپا (قىلىدۇ).

3433 كەسىلسە سەنىڭدىن ياقىن، قا قاداش،
ياقىنلىق ئۇلا سەن ئاڭا، ئاي ئاداش.
يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشلار سەندىن (ئالاقىنى) ئۈزسە،
سەن ئۇلارغا يېقىنلىق قىلغىن، ئەي دوستۇم.

3434 ساڭا كۈچ قىلۇر ئەرسە كۆچكەي قالى،
كەچۈرگىل ئانى سەن، بۇ ئول دىن يولى.
ئەگەر ساڭا زالىم زۇلۇم قىلسا،
سەن ئۇنى كەچۈرگىن، بۇ ـــ دىن يولىدۇر.

3435 يازۇق قىلسا قۇل كۆڭ، كەچۈر ئول يازۇق،
بۇ يازۇق كەچۈرمىش مۇيان قىل ئازۇق.
قۇل، چۆرىلەر گۇناھ قىلسا، گۇناھىنى كەچۈرگىن،
گۇناھىنى كەچۈرگىنىڭ ساۋابتۇر، ئۇنى ئوزۇق قىل.

3436 بۇ ئول ئەرلىك ئانىن ئەرەن يۈك يۈدۈپ،
يورىر سەبرى بىرلە ئۆلۈمۈگ كۈدۈپ.
مەرد شۇنىڭ ئۈچۈن مەردكى، ئۇ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ،
ئۆلۈمىنى يوشۇرۇپ سەۋر بىلەن يۈرىدۇ.

3437 بۇ كۈن سەن، بىر ئەۋگە كىرىپ يالڭۇزۇن،
نە ئەدگۇ بۇلۇرسەن، ئاي قىلقى تۈزۈن.
بۈگۈن سەن يالغۇز بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ،
نېمە ياخشىلىققا ئېرىشەلەيسەن، ئەي خۇش پېئىل؟

3438 ئەرەژ، ئارزۇ، نئمەت كۆزىن كۆرمەدىڭ،
كۈمۈش، گەۋھەر، ئالتۇن، باقىر بۇلمادىڭ.
راھەت، ئارزۇ، نېمەتلەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىدىڭ،
كۈمۈش، گۆھەر، ئالتۇن، مىسقا ئېرىشەلمىدىڭ.

3439 ساراي، قارشى، يەر ـ سۈۋ سەنى بىرلە يوق،
ئات، ئۆستەم، قىز، ئوغلان قانى بىرلە يوق.
ساراي، قەسىر، يەر ـ سۇ سېنىڭدە يوق،
ئات ـ ئۇلاق، ئوغۇل ـ قىز (لىرىڭ) قېنى؟ ئۇلارمۇ سېنىڭدە يوق.

3440 كىشلەر ئۆزە يوق ساڭا ئەرك ئەلىگ،
ئۆزۈڭ يىغسا، سەن بولسا ئاتىڭ سىلىگ.
كىشىلەرگە ئۆزىڭتالايدىغان ئەركىن قول يوق،
ئۆزۈڭنى تۇتۇپ، ياخشى نامىڭ چىقسىلا (بولامدۇ؟)

3441 قايۇ نەڭ بۇلۇپ، قودتۇڭ ئەمدى ئانى،
قايۇ تەلۋە، زاھىد ئاتادى سەنى.
قانداق نەرسىلەرگە ئېرىشەلىدىڭ؟
مانا، بەزىلەر سېنى تەلۋە زاھىت، دەپ ئاتاشماقتا.

3442 ئۆكۈشۈگ قودۇپ ئەر، ئازىغ تاپلاسا،
بۇ ئەر ئۆترۇ زاھىد بولۇر قۇر باسا.
كىشى كۆپ (نەرسىدىن) ۋاز كېچىپ، ئاز (نەرسە)گە ئىنتىلسە،
بۇنداق كىشى بېلىنى باغلاپ، ئاخىر زاھىت بولىدۇ.

3443 تىلەپ بۇلماسا بارچا زاھىد بولۇر،
سەبىردا ئادىن ھىلە بۇلماز تۇرۇر.
تىلىكىگە ئېرىشەلمىسە، ھەركىم زاھىت بولىدۇ،
سەۋر (قىلىشتىن) باشقا ھىيلىنى تاپالمايدۇ.

3444 ئەر ئول ئەر بولۇر، كۆر، مىڭ ئارزۇ بۇلۇپ،
ئاڭار يۇز ئەۋۇرسە، ئەرەنتەك بولۇپ.
قارا، شۇنداق كىشى ئەر بولىدۇكى، مىڭ (خىل) ئارزۇغا ئېرىشىپ،
ئۇنىڭدىن يەنە مەردلەرچە يۈز ئۆرۈيەلىسە.

3445 يەتۇرسە، ئىچۇرسە چىغايقا ئۇلەپ،
باياتقا تاپۇغ قىلسا كۆڭلىن ئۇلاپ.
كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ، يېدۈرسە، ئىچكۈزسە،
(ئاندىن) خاتىرجەم بولۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلسا،

3446 B 253 C 201 كەلىر بولسا دۇنيا، كۆڭۈل باماسا،
بارىر ئەرسە ئاغرىپ، قاشىن تۇگمەسە.

(ئالدىغا) كەلگەن مال ـ دۇنياغا كۆڭۈل باغلىمىسا،
قولدىن كەتكەنگىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ، قوشۇمىسىنى تۈرمىسە؛

3447 قالى ئۇستەسە ئەلگى ئارزۇ ئۇزە،
ئۆزىنى تۇتۇنسا كۆڭۈل، تىل تۇزە.
ئەگەر، ئارزۇلىرى قولىغا كەلگەندىمۇ،
دىلىنى ۋە تىلىنى تۈزەپ، ئۆزىنى تۇتالىسا.

3448 بۇ سۆزگە ياقار كۆرسە مەئنى بۇ سۆز،
ئەشىت، ئىشكە تۇتغىل، ئايا قىلقى تۈز:
دىققەت قىلساڭ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى (يۇقىرىقى سۆزلەرگە)
يېقىن كېلىدۇ، (بۇنى) ئاڭلا، ئەمەل قىل، ئەي خۇش پېئىل:

3449 «ئەرەندە ئەرى ئول قامۇغ نەڭگە ئەرك
بۇلۇپ، قىلغۇ يەردە ئۆزىن تۇتسا بەرك.
«ئەرنىڭ مەردى شۇكى، ھەممە نەرسىگە قۇدرىتى يېتىپ،
ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە، ئۆزىنى مەھكەم تۇتالىسۇن!

3450 تاقى ئەردە يەگرەك ئەرەن ئول تۇرۇر
مىڭ ئارزۇ بۇلۇپ، بۇ ئۆزىن تىدسا تەرك».
يەنە ئەرنىڭ ئەڭ مەردى شۇكى،
مىڭ (خىل) ئارزۇغا يەتكەندىمۇ، ئۆزىنى تېز تۇتالىسۇن!»

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3451 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى، چىن ئاي،
نەگۇ ئول تىلەكىڭ، ئايا كۆركى ئاي.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: راستىنى ئېيت،
تىلىكىڭ نېمە ئىدى، ئەي ئاي يۈزلۈكۈم؟

3452 نەگۇ سۆزلەسە مەن سۆزۈمنى يىرىپ،
جەۋابىن قىلۇرسەن ئۆزۈمنى سەرىپ.
مەن نېمىنى سۆزلىسەم، سۆزۈمنى يېرىپ،
مېنى چەكلەپ، جاۋاب قايتۇرۇۋاتىسەن.

3453 ئاچۇقلۇغ ماڭا ئاي تىلەكىمىڭ نە ئول،
نەگۇ قولغۇ ئەرسە، ئاچا سۆزلە، قول.
تىلىكىڭ نېمە، ماڭا ئوچۇق ئېيتقىن،
نېمىنى سورىماقچى بولساڭ، ئوچۇق سۆزلە، سورا.

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3454 يانۇت بەردى ئۆگدۇلمىش ئايدى: ئۆزۇم
تىلەك بىرلە كەلدى، ئاچايىن سۆزۇم.
ئۆگدۇلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: مەن
(بىر) تىلەك بىلەن كەلدىم، ئوچۇق سۆزلەي.
3455 بۇ كۇنتۇغدى ئەلىگ ئەشىتتى سەنى،
ئۆزىڭە كەرەكلەپ، كۆر، ئىدتى مەنى.
كۇنتۇغدى ئەلىگ سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئاڭلىدى،
قارا، ساڭا ئېھتىياجى چۈشۈپ، مېنى ئەۋەتتى.
3456 قاتىغ ئارزۇلادى سەنى كۆرگۇگە،
مەنى سۆزچى ئىدتى ئوقىپ ئەلتگۇگە.
سېنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلدى،
سېنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.
3457 نەچەمە ئاغىر كەلسە بارغۇ كەرەك، B254
ئەلىگكە تەگىپ بىر كۆرۈنگۇ كەرەك.
قانچىلىك ئېغىر كەلسىمۇ بېرىش كېرەك،
ئەلىگ (ھۇزۇرىغا) بېرىپ، بىر كۆرۈنۈش كېرەك.
3458 ئەلىگمە ئەدى ئەدگۇ سۇلتان تۇرۇر،
بودۇنقا باغىرساق، سەۋۇگ جان تۇرۇر.
ئەلىگمۇ ناھايىتى ياخشى بىر سۇلتاندۇر،
خەلققە مېھرىبان، جان كۆيەردۇر.
3459 كىم ئەلىگ يۇزىن كۆرسە قۇتلۇغ بولۇر،
ئىكىگۇن ئاژۇندا تۇگەل قۇت بۇلۇر.

كىم ئەلىگنىڭ يۈزىنى كۆرسە قۇتلۇق بولىدۇ،
ھەر ئىككى دۇنيادا بەختكە ئېرىشىدۇ.

3460 نەگۈ تەر ئەشتىگىل بۇ ئەل ـ كەند بەگى، C202
ئاژۇن باشلاپ ئەلگە يەتىلمىش ئۆگى.

خەلققە باشچىلىق قىلىپ، پاراسەت بىلەن ئەل باشقۇرغۇچى
بۇ ئەل ـ يۇرت بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3461 «تۆرۈلۈگ، كۆنى بەگ ـ قۇت ئول بەلگۈلۈگ ،
قۇتى بىرلە تەگرۈر تۆزۈگە ئۇلۇگ».

«ئادالەتلىك، توغرا بەگ ـــ ئېنىق سائادەتتۇر،
سائادىتى ئارقىلىق ھەممىگە (ئۆز) ئۇلۇشىنى بېرەلەيدۇ».

3462 قايۇدا چاۋىقسا كۆنى بەگ ئاتى،
ئاڭار بارغۇ، ئاندىن بۇلۇر ئەر قۇتى.

توغرا بەگنىڭ نامى قەيەردە شۆھرەت تاپسا،
ئۇنىڭ (ئالدىغا) بارغۇلۇق، ئۇنىڭدىن كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.

3463 بۇ كۆك تىرگۈكى ئول كۆنىلىك، تۆرۈ،
تۆرۈ ئارتاسا كۆك تۇرۇماز ئۆرۈ.

ئادالەت ۋە قانۇن ـ ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدۇر،
تۈۋرۈك قىڭغايسا ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

3464 تۆرۈلۈگ بۇ بەگلەر يوق ئەرسە تىرىگ،
بايات بۇزغاي ئەردى يەتى قات يەرىگ.

ئادالەتلىك (قانۇنلۇق) بەگلەر تىرىك بولمىغاندا ئىدى،
خۇدا يەتتە قات يەرنى بۇزغان بولاتتى.

3465 كۆنى بەگ يۈزى كۆرسە، قۇتلۇغ بولۇر،
مۇيانقا تەگىر ھەم يازۇقى يۇلۇر.

ئادالەتلىك بەگنىڭ يۈزىنى كۆرسە قۇتلۇق بولىدۇ،
ساۋاب تاپىدۇ ۋە گۇناھتىن خالاس بولىدۇ.

3466 بىلىرسەن، بۇ كۈن مەن كىشى بولدۇقۇم،
سەبەب ئەلىگ ئەردى يۆلەكىم، توقۇم.

ساڭا مەلۇم، بۈگۈن مېنىڭ ئادەم بولۇشۇمدا،
ئەلىگنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى سەۋەب بولدى.

3467 بايات بەردى ئەردى ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك،
تۆزۈ ئەدگۈلۈككە تەگۈردۈم ئەلىگ.
خۇدا ئەقىل ـ ئىدراك ۋە بىلىم بەرگەنىدى،
بارچە ياخشىلىقلارغا قول يەتكۈزەلىدىم.

3468 بايات بەردى تەۋفىق قامۇغ ئەدگۈگە،
بودۇن ئاسىغىڭا ھەم يۇكى يۇدگۈگە.
خۇدا كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا،
خەلقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىشكە تەۋپىق بەردى.

3469 سەنىمە تىلەر ئەمدى ئەلىگ بۇ كۈن،
ئەلىگ بىر قىلىپ يازسا بەگلىك تۈگۈن.
قولغا قول تۇتۇشۇپ، بەگلىك تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن
بۈگۈن ئەلىگ سېنىمۇ ئارزۇ قىلدى.

3470 ئوقىتچى مەنى ئىدتى ئەمدى ساڭا،
مەنى يالڭۇز ئىدما، ئاي ئەرسىگ توڭا.
چاقىرغۇچى سۈپىتىدە مېنى ئەۋەتتى،
مېنى يالغۇز قايتۇرۇۋەتمە، ئەي مەرد يىگىت.

3471 بىتىك ئىدتى ئەلىگ ئۆز ئەلگىن بىتىپ،
نەگۈ سۆزلەدى ئەرسە كۆرگىل ئوقىپ.
ئەلىگ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتتى،
(خەتتە) نېمە دېدى، ئۆزۈڭ ئوقۇپ كۆرگىن.

* * *

3472 چىقاردى بىتىك بەردى ئەلگىن سۇنۇپ، B225
بىتىك ئالدى ئودغۇرمىش ئاچتى تۇنۇپ.
(خەتنى) چىقىرىپ، قولىغا ئېلىپ، (ئۇنىڭغا) سۇندى،
ئودغۇرمىش خەتنى ئېلىپ، سولغۇن (ھالدا) ئۇنى ئاچتى.

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3473 ئوقىدى، بىتىك، كەچ ساقىندى ئۇزۇن،
ئايۇر: كەد بىلىك بەرمىش ئەلىگ سۆزۈن.
مەكتۇپنى ئوقۇدى، ئۇزاق ئويلاندى،
(ۋە) دېدى: ئەلىگ سۆزى (ئارقىلىق) كۆپ بىلىم بېرىپتۇ.

3474 ئوقىمىش ئەلىگ ئەمدى كەلگىل تەيۈ، A 99
قامۇغ ئەدگۈلۈكنى ئاتامىش سايۇ.
ئەلىگ (مېنى) كەلگىن، دەپ چاقىرىپتۇ،
ھەممە ياخشىلىقلارنى ئىزھار قىپتۇ.

3475 بەدۈك ئىش تۇرۇر، كۆر، بۇ ئىشلەر ماڭا،
نەتەك قىلغۇ، ئايغىل، كەڭەش بەر مۇڭا.
قارا، بۇ ئىشلار مەن (ئۈچۈن) بۈيۈك ئىشلاردۇر،
نېمە قىلىشىم كېرەك، ئېيت، ماڭا كېڭەش بەرگىن.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3476 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ C 203
سەنى سۆزلەيۈ، شۇك قۇرىتماز تىلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ سېنى
سۆزلەيدۇ، بىردەممۇ تىلىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

3477 تىلى تەپرەسە سۆزدە ئاتىڭ چىقار،
سەنى كۆرگۈگە ئول كۆز ئاچتى باقار.
ئېغىزى ئېچىلسىلا نامىڭنى تىلغا ئالىدۇ،
ئۇ سېنى كۆرۈشكە ئىنتىزار، نەزىرى سەندە.

3478 كىمى سەۋسە ئەرمىش كۆڭۈل ئارزۇلاپ،
تىلىن سۆزدە ئاتى يورىر سۆز ئۇلاپ.
كىمنى ياخشى كۆرسە، كۆڭۈل شۇنى ئارزۇ قىلىپ،
تىلى (شۇنىلا) سۆزلەيدۇ، نامى ئېغىزدىن چۈشمەيدۇ.

3479 سەۋىتمىش نەگۇ تەر بۇ بەيتىگ ئوقى:
سەۋۇگلۇگ يۇزى ئول كۆڭۇل توقلۇقى.
سۆيگۇچى (ئاشىق) نېمە دېگەن، بۇ بېيىتنى ئوقۇ:
سۆيۇملۇكنىڭ يۇزى كۆڭۇلنىڭ ئوزۇقىدۇر.
3480 «كۆڭۇل كىمنى سەۋسە، كۆرۇر كۆزدە ئول،
كۆزۇن قانچا باقسا ئۇچار يۇزدە ئول.
«كۆڭۇل كىمنى سۆيسە، شۇ كۆز ئالدىدا بولىدۇ،
كۆز قەيەرگە تىكىلسە، شۇ يەردە (ئۇنىڭ قىياپىتى) ئۇچۇپ يۇرىدۇ.
3481 كۆڭۇلدە نەگۇ ئەرسە ئارزۇ تىلەك،
ئاغىز ئاچسا بارچا تىلىن سۆزدە ئول».
كۆڭۇلدىكى ئارزۇ ـ تىلەك نېمە بولسا،
ئېغىز ئېچىش بىلەنلا شۇ ھەقتە سۆزلەيدۇ».

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

3482 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: ماڭا
كەڭەش بەر، ياراغى نە ئول، ئاي توڭا.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ماڭا
كېڭەش بەرگىن (بۇنىڭ) ئامالى نېمە، ئەي يىگىت.
3483 باغىرساق قاداشىم سەنئۆكسەن ياقىن،
كەڭەش بەر، ئۆتەگىل قاداشلىق ھەقىن.
سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن، مېھرىبان قېرىندىشىم سەن،
كېڭەش بەرگىن، قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىل.
3484 سەنىڭدىن قولۇرمەن بۇ ئىشكە كەڭەش،
بىلىك بىرلە سەن بۇ كەڭەشكە تەڭەش.
بۇ ئىشقا (پەقەت) سېنىڭدىن كېڭەش سورايمەن،
بىلىمىڭ بىلەن سەن كېڭەش بېرىشكە لايىقسەن.
3485 قاداشسەن تىلەسە، يەمە تۇت ئاداش، B256
ئاداشلى، قاداشلى ئىكىگۇن تۇداش.

خالىسام قېرىندىشىمسەن، خالىسام دوستۇمسەن،
قېرىنداشلىق بىلەن دوستلۇق ئىككىسى ئوخشاشتۇر.

3486 باغىرساق سەنئۆكسەن بۇ كۈن چىن ماڭا،
نەگۈ قىلغۇ ئايغىل، پۈتەرمەن ساڭا.
بۈگۈن سەنلا ماڭا چىن مېھرىبانسەن،
نېمە قىلىشىمنى ئېيتقىن، ساڭا ئىشىنىمەن.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3487 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئايىتما ماڭا سەن، ئايا قۇتلۇغ ئۆز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، دېدى: بۇ سۆزلەرنى
مەندىن سورىما، ئەي قۇتلۇق چىراي.

3488 مەنى ئىدتى ئەلىگ ئوقىتچى ساڭا،
نەگۈتەك كەڭەشۇ سەن ئەمدى ماڭا.
ئەلىگ مېنى چاقىرغۇچى (سۈيىتىدە) ساڭا ئەۋەتتى،
ئەمدى مەندىن نېمە دەپ كېڭەش سورايسەن؟

3489 «بارالىم» تەمەكتە ئادىن يوق سۆزۈم،
نەتەك ئايغا بارما تەيۇ بۇ ئۆزۈم.
«بارايلى» دېمەكتىن باشقا سۆزۈم يوق،
مەن قانداقمۇ «بارما» دېيەلەيمەن؟

3490 سەنى بىرلە بولسا، كۆر ئاسغى ئوكۈش،
ئۆز ئاسغىن تىلەرگە كەڭەشمەز ئۇقۇش.
سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇش كۆپ پايدىلىقتۇر،
ئۆز پايدىسىنى تىلىگۈچى بىلەن ئەقىل كېڭەشمەيدۇ.

3491 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بىلىكلىگ چىگىل، C 204
بىلىكسىز ئەشىتگىل، بويۇن بەر، ئەگىل:

بىلىملىك چىگىل[1] نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئەي) بىلىمسىز، بۇنى ئاڭلا ۋە بويىنۇڭنى ئەگ:

3492 ئۆز ئاسىغى تىلەرگە كەڭەشمەگۇ سۆز،
ساڭا ئاسىغى بولماز، ئايا قۇتلۇغ ئۆز.
ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچىلەردىن كېڭەش سورىما،
(چۈنكى) ساڭا پايدىسى بولمايدۇ، ئەي قۇتلۇق چىراي.

3493 كەڭەش ئول كىشىگە، كەڭەش ئاي قاداش،
ئول ئەر قولماز ئەرسە ئۆز ئاسىغىن، ئاداش.
ئەي قېرىنداش، كېڭەشنى شۇنداق كىشى بىلەن كېڭەشكىنكى،
ئۇ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان كىشى بولسۇن.

3494 ئۆز ئاسىغىن تىلەگىل ئۆز ئۆلگى ئۈچۈن،
ياراغلىغنى تەڭسىز تۇرۇر تەر كۈچۈن.
ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچى ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ،
لايىقنىمۇ نالايىق دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

3495 نەچە ئىش كىشىگە كەڭەشكۇ كەرەك،
كۆڭۈل تاپلامىش ئىشنى قىلغۇ كەرەك.
ھەرقانداق ئىشتا كىشىلەر بىلەن كېڭىشىش كېرەك،
(لېكىن) كۆڭۈل تارتقان ئىشنى قىلىۋېرىش كېرەك.

3496 ئۆزۈڭگە باغىرساق سەنىڭ ئول ئۆزۈڭ،
كىشىگە ئىنانما، كەسىلدى سۆزۈڭ.
ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئەڭ سادىقسەن،
(باشقا) كىشىگە ئىشەنمە، سۆز تامام.

3497 سەنىڭۈك بىل نەگۇ قىلغۇ ئەرسە كەڭەش،
تىلەمە مەنىڭدىن بۇ ئىشكە كەڭەش.
پەقەت شۇنى بىلگىنكى، نېمە قىلىش كېرەك بولسا، كېڭەشنى
ئۆزۈڭگە سال، بۇ ئىشتا مېنىڭدىن كېڭەش سورىما.

3498 سەنى ئالغالى كەلدىم ئاندىن تۇرۇپ، B257
كەڭەش بۇ يورى، بارغىل ئەمدى قوپۇپ.

---

① بۇ يەردە «چىگىل» سۆزى چىگىل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ئېلىنغان. چىگىل قەبىلىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ يەردىن بۇ يەرگە سىنى ئالغىلى كەلدىم،
كىڭەش شوكى، يۇر، ئەمدى (ئۇ يەرگە) بارغىن.

3499 كىشلەر ئاراقى مۇيان ئەدگۇلۇك
بۇ يەردە بۇلۇنماز، مۇنۇ بەلگۇلۇك.
كىشلەر ئارىسىدىكى ساۋاب، ياخشىلىقلارغا
بۇ يەردە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك.

3500 ئۇلۇش، كەند ئىچىندەكى ئەدگۇ نەچە،
ساڭا سۆزلەدىم ئەمدى ئادرا سەچە.
شەھەر ـ كەنتلەردىكى ھەر خىل ياخشىلىقلارنى
ساڭا بىرمۇبىر ئايرىپ ئېنىق سۆزلەپ بەردىم.

3501 A100 بىلىرسەن بۇ سۆزلەر كۆنى سۆزلەدىم،
ساڭا ئەدگۇ قولدۇم، بىلىر بىر ئىدىم.
بىلىسەن، بۇ سۆزلەرنى توغرا سۆزلىدىم،
ساڭا ياخشىلىق تىلىگەنلىكىمنى بىر ئىگەم (ئۆزى) بىلىدۇ.

3502 كىشدىن قاچارسەن، نە قىلدى كىشى؟
كىشگە قاتىل، ئەت كىشلەر ئىشى.
كىشلەردىن قاچىسەن، كىشلەر (ساڭا) نېمە قىلدى؟
كىشلەرگە ئارىلاشقىن، كىشلەرنىڭ ئىشىنى قىل.

3503 مۇسۇلمان ئىشىن ئەت، مۇڭىڭا يارا،
بايات بەرگە ئۇچماق، كۆر، ئورنۇڭ تۆرە.
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى قىل، ھاجىتىگە يارىغىن،
خۇدا جەننەت ئاتا قىلىپ، تۆردىن ئورۇن بەرسۇن.

3504 كۆڭۇل، تىل كۆنى تۇت، قىلىنچىڭ پۇتۇن،
قايۇدا تىلەسە تىرىلگىل قۇتۇن.
دىلىڭ ۋە تىلىڭ توغرا، ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسا،
قەيەرنى خالىساڭ، شۇ يەردە بەختلىك ياشايسەن.

3505 كىشسىز تىرىلمە، كىشلەر ئارا
كىشى ئەيبى كۆرمە، ئۆزۇڭنى كۆرە.
كىشلەرسىز ياشىما، كىشلەرگە ئارىلاشقىن،
باشقىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمە، ئۆزۇڭنىڭكىگە قارا.

3506 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيت، ئاي بۆگۈ،
ئۇقغۇ مۇنى ئۆترۈ ئىشكە باغۇ:
بۇ بېيىت بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان، ئەي دانا،
بۇنى ئۇقۇغىن، ئاندىن ئىشقا تەتبىقلىغىن:

3507 «قايۇدا تىلەسە يورى، ئەدگۇ بول، C 205
تۇپى ئەسلى قولما، ئۆزۈڭ ئەدگۇ قول.
«قەيەرنى خالىساڭ (شۇ يەردە) يۈر، ياخشى بول،
ئېسىل نەسەبنى ئىزدىمە، ئۆزۈڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلە.

3508 كىشى ئەدگۈسى، كۆر، ئۇنىتماز ئۆزىن،
قايۇدا يورىسا تىلەر ئەدگۇ يول».
قارا، ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئۇنتۇمايدۇ،
قەيەردە يۈرسە، ياخشى يولدا يۈرۈشنى خالايدۇ».

3509 ئەر ئەدگۇ كەرەك، تۇتسا ئەدگۇ قىلىنچ،
قايۇدا تىلەسە، بۇلۇر مىڭ سەۋىنچ.
ئادەم ياخشى بولۇشى، ياخشى خۇلقلۇق بولۇشى كېرەك،
قەيەرنى خالىسا، شۇ يەردە مىڭ (خىل) شادلىققا ئېرىشىدۇ.

3510 بۇ ئەدگۇ قامۇغ يەردە ئەدگۇ بولۇر،
ئول ئەدگۇ يانۇتى هەم ئەدگۇ بۇلۇر.
ياخشى (كىشى) هەرقانداق يەردە ياخشى بولىدۇ،
ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ياخشىلىق يانىدۇ.

3511 سەن ئەدگۇ قىلىنچ تۇت، ئەسىز بولماغىل،
قايۇدا تىلەسە يورى، قورقماغىل.
سەن ياخشى هەرىكەت قىل، يامانلىق قىلما،
قەيەرنى خالىساڭ شۇ يەردە قورقماي يۈرەلەيسەن.

42

B 258 ## ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ ئەيىبلارىن ئايۇر

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى سۆزلەيدۇ

3512 يانۇت بەردى ئۇدغۇرمىش ئايدى: ئۆزۈم
سۆزۈڭنى ئەشىتتى، ئەشىتكىل سۆزۈم.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، دېدى: مەن
سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا.

3513 بۇ دۇنيا ئۆزىن كەد سەۋتمىش ساڭا،
قامۇغ ئەيبى ئەردەم كۆرۈنمىش ساڭا.
بۇ دۇنيا ئۆزىنى ساڭا بەكمۇ سۆيۈملۈك كۆرسىتىپتۇ،
ھەممە ئەيىبلىرى ساڭا پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

3514 تاڭ ئەرمەز سەنىڭدىن، مەسەلدە كەلىر
قايۇ نەڭ سەۋۈگ بولسا ئەيبى بارىر.
ساڭا ھەيران بولمايمەن، مەسەلدە باركى،
قايسى نەرسە سۆيۈملۈك بولسا، ئەيىبى كۆرۈنمەيدۇ.

3515 سەۋتمىش ئۈچۈن دۇنيا ئەيبى قامۇغ،
ساڭا بولمىش ئەردەم، ئاي ئەلدە ئۇلۇغ.
ئەي ئەلنىڭ چوڭى (دۇنيا) ئۆزىنى سۆيدۈرگىنى ئۈچۈن (ئۇنىڭ) ھەممە ئەيىبلىرى ساڭا پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنگەن.

3516 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بۇ سەۋمىش كىشى:
سەۋۈگكە سەۋۈگ ئەيبى ئەردەم باشى.
سۆيگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
سۆيگۈچىگە سۆيگىنىنىڭ ئەيىبلىرى چوڭ پەزىلەتتۇر.

3517 سەۋۈگلۈگ نىشانى بۇ ئۇل بەلگۈلۈگ،
سەۋۈگ ئەيبى ئەردەم بولۇر، ئاي كۆلۈگ.

ئەي شۆھرەتلىك (كىشى)، سۆيگەنلىكىنىڭ نىشانىسى شۇكى،
سۆيگىنىنىڭ ئەيىبى پەزىلەت بولىدۇ.

3518 ئۆزۈڭ دۇنيا سەۋمىش نىشانى بۇ ئول،
قامۇغ ئەيبىن ئەردەمگە تۇتمىش كۆڭۈل.

سېنىڭ دۇنيانى سۆيگەنلىكىڭنىڭ ئالامىتى ئەنە شۇدۇر،
(ئۇنىڭ) نۇرغۇن ئەيىبلىرىنى كۆڭلۈڭ پەزىلەت دەپ قوبۇل قىلدى.

3519 نەگۇ تەگ، ئۆگەرسەن بۇ دۇنيا ماڭا،
ئانىڭ ئەيبىنى مەن ئايايىن ساڭا.

ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نېمىسىنى ماختايسەن؟
ئۇنىڭ ئەيىبىنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي.

3520 ئابا يازدى ئەرسە، بايات قىنادى،
بۇ دۇنيا تۇنەك قىلدى ئەركلىگ ئىدى.

ئادەم[1] گۇناھ قىلغاندا، خۇدا (ئۇنى) ئازابلىدى،
قادىر ئىگەم بۇ دۇنيانى ئۇنىڭغا زىندان قىلدى.

3521 تۇنەكتە نە ئاززۇ تىلەرسەن تىلەك، C206
تىلەك ئۇچماق ئىچرە بولۇر قۇت، يۆلەك.

زىنداندا نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن، نېمىنى تىلەيسەن؟
تىلەك، بەخت، نىجات جەننەت ئىچىدە بولىدۇ.

3522 ئابا ئۇچماق ئىچرە يەدى، كۆر، ئەۋىن،
ئارىنغۇ قىلىندى بۇ دۇنيا ئەۋىن.

قارا، ئادەم جەننەتتە بۇغداي يېۋىدى،
بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تازىلىنىش ئۆيى قىلىندى.

3523 بايات يەرمىشى ئول بۇ يەك سەۋمىشى،
تاقى ئارتۇقى ئول سەۋۈپ سالمىشى.

خۇدانىڭ يامان كۆرگىنى شەيتانىنىڭ ياخشى كۆرگىنىدۇر.
خۇدا قوغلىغاننى شەيتان تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

3524 ئۆدۇرسە بايات بىر تىلەمىش قۇلىن،
ئاڭار دۇنيا بەرمەز، ئارىتۇر يولىن.

---

[1] ئادەم ـــ ئادەمئاتا.

خۇدا خالىغان بىر بەندىسىنى تاللىسا،
ئۇنىڭغا دۇنيا بەرمەيدۇ، يولىنى پاك قىلىدۇ.

3525 ئايى ئەدگۇ ئەرمەز بۇ دۇنيا قۇتى،
باياتتىن يىراتۇر، بۇ ئول دىن يۇتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ بەختى ياخشى ئەمەس،
(ئۇ) خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدىغان دىن ئاپىتىدۇر.

3526 B259 «بايات مەن» تەگۈچى كىشىدە خەشى،
ئاژۇن قولدى، باردى، ئول ئىت ساقىشى.
«خۇدا مەن» دەپ مەغرۇرلانغۇچى كىشى[1]
دۇنياغا ھاكىم بولۇشنى خالىدى (ۋە) ئىت قاتارىدا سانالدى.

3527 بايۇسا بولۇر ئول بودۇن كۆتكىسى،
چىغايلىق بىلە ئول كۆڭۈل قودقىسى.
(كىشى) بېيىسا، خەلقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ،
كەمبەغەل ياشىسا، كەمتەر، مۆلايىم بولىدۇ.

3528 يالىڭ تۇغمىش ئەر، كۆر، يالىڭ بارغۇ ئول،
نەلۈك دۇنيا تەرمەك، يانا قودغۇ ئول.
قارا، ئادەم يالىڭاچ تۇغۇلغان، ئۇ يالىڭاچ كېتىدۇ.
دۇنيا توپلاشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇ يەنە قالىدۇ.

3529 نەلۈك ئارسىقارسەن، ئايا ئۆلدەچى،
ئۆزۈڭ ئىككى كۈنلۈك قونۇق بولداچى.
نېمىگە ئالدىنىسەن، ئەي ئۆلگۈچى،
سەن ئىككى كۈنلۈك قونغۇچى ئەمەسمۇ؟

3530 بىلىرسەن، تىرىگلىك ئۆلۈمكە تۇرۇر،
ئانۇندى ئۆلۈم ئۈشئۆدىڭە كۇدۇر.
بىلىسەن، تىرىكلىك ئۆلۈمگە تۇتىشىدۇ،
تەييار تۇرغان ئۆلۈم ۋاقىت ـ سائەتنىلا كۈتىدۇ.

3531 قاپۇغ ئاچتى دۇنيا، تاقى بىر قاپۇغ ـ
ئۆلۈم قاپغى ئاچلۇر، كىرۇر خەلق قامۇغ.

---

[1] بۇ يەردە نەمرۇت كۆزدە تۇتۇلغان. ئىسلام مىفلىرىدا نەمرۇت خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، ئاسمانغا چىققان، دېيىلىدۇ.

دۇنيا ئىشىك ئاچتى، يەنە بىر ئىشىك —
ئۆلۈم ئىشىكى (ئېچىلىدۇ)، ھەممە خەلق ئۇنىڭغا كىرىدۇ.

3532 ئۆزۈڭ ئىككى كۈنلۈك ئارىنغۇ ئۈچۈن،
كۆرۈردە كۆيۈرمە ئۆزۈڭنى كۈچۈن.
سەن ئىككى كۈنلۈك خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن،
ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئوتقا تاشلىما.

3533 يايىغ دۇنيا ئەرسەل، قۇتى ئەۋرۈلۈر،
نەگۈ بەردى ئەرسە، يانا تەرك ئالۇر.
بىۋاپا دۇنيا تۇراقسىزدۇر، بەخت چۆرگۈلەپ تۇرىدۇ،
نېمە بەرگەن بولسا، ئۇنى يەنە قايتۇرۇۋالىدۇ.

3534 ئادىرماز كىشىسىن ـ قۇلۇغ، يا بەگىگ،
ئۆدۈرمەز تالۇسىن ياۋۇزما يەگىگ.
كىشىلەرنى قۇل ياكى بەگ دەپ ئايرىمايدۇ،
ياخشى ـ يامانىنى، ياۋۇزنى تاللىمايدۇ.

3535 بىرىگ بەگلەنۈر، كۆر، تاقى بىر بەگىن
ئوقىيۇ تۇرۇر، تەگمە كۈندە ئۆڭىن.
قارا، بىرىنى بەگ قىلىدۇ ـ يۇ، يەنە بىر بەگنى
چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كويىدا بولىدۇ.

3536 كۆرۈ بارسا دۇنيا كۆلىگە سانى، A101
ئەدەرسە قاچار، قاچسا ئەدرەر سەنى.
دىققەت قىلساڭ، دۇنيا كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ،
ئىزىدىن ماڭساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ ئىزىڭغا چۈشىدۇ.

3537 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى كۆرۈ بار بۇ سۆز،
مۇنىڭ مەئنىسى ئۇق، ئايا كۆڭلى تۈز:
قاراپ باق، بۇ سۆز شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ (ئېيتىلغان)،
بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي كۆڭلى تۈز:

3538 «بۇ دۇنيا قاچار كىم ئەدەرسە ئانى،
قالى قاچسا ئاندىن ئەدەرۈر سەنى.
«كىم (دۇنيانىڭ) ئىزىغا چۈشسە، بۇ دۇنيا قاچىدۇ،
ئەگەر ئۇنىڭدىن قاچساڭ، سېنى قوغلايدۇ.

C207 3539 يانا دىنقا ئۆچلۈگ بۇ دۇنيا نەڭى،
يەسە دۇنيا دىن يەر، باقا كۆر مۇنى».
بۇ دۇنيانىڭ مېلى دىنغا ئۆچمەنلىك (قىلىدۇ)،
نەزەر سالساڭ، مال ـ دۇنيا يەنە دىننى يالماپ يۇتىدۇ».

3540 بەزەنىپ بۇ دۇنيا ئۆزىن كۆركىتۇر،
ئەتىنمىش كەلىنتەك كۆڭۈل يەلكىتۇر.
بۇ دۇنيا ياسىنىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ،
ياسانچۇق (نازىنىن) كېلىنندەك كۆڭۈلنى هاياجانلاندۇرىدۇ.

3541 كۆڭۈل بەرسە قۇرتغا بولۇر بىر تۇرى،
ياقا يەڭ تۇتار كۇندە، كەسمەز ئۇرى.
(ئۇنىڭغا) كۆڭۈل بەرسەڭ، خۇنۇك بىر قىېرىغا ئايلىنىدۇ،
هەر كۈنى ياقاڭدىن تۇتىدۇ، سېنى دائىم ئاۋارە قىلىدۇ.

3542 يانا قىلقى ئەرسەل، قىلىنچى يايىغ،
بەگى بىرلە تۇرماز تۇگەل ئۈچ ئايىغ.
يەنە قىلىقلىرى ــ تۇراقسىز، قىلمىشى ــ بىۋاپا،
بېگى بىلەن تولۇق ئۈچ ئايمۇ تۇرمايدۇ.

B260 3543 كىم ئەرسە كۆڭۈل بادى ئەرسە ئاڭار،
ياۋا قىلدى، ئەسىز، تىرىگلىك مۇڭار.
كىمدىكىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىسا،
هاياتىنى بىهۇدە سەرپ قىلغان بولىدۇ.

3544 ئەدى قىز ئەرۇر بۇ تىرىگلىك كۈنى،
ياۋا ئىشكە ئىشلەتسە بولماز مۇنى.
تىرىكلىكنىڭ هەربىر كۈنى بەكمۇ قىممەتلىكتۇر،
بۇنى بىهۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلسا بولمايدۇ.

3545 تىرىگلىك مۇن ئول، كۆر، قامۇغ ئەدگۈگە،
ياۋا قىلماغىل سەن ئانى، ئاي بۆكە.
قارا، تىرىكلىك كۆپ ياخشىلىقلار ئۈچۈن دەسمايىدۇر،
ئۇنى سەن بىهۇدە (ئىسراپ) قىلما، ئەي دانا!

3546 بۇ ئۈچتە ئادىن يوق بۇ دۇنيا نەڭى،
هەلال ئول يا شۇبهە، هەرام ئول ئۆڭى.

بۇ دۇنيانىڭ نەرسىسى ئۈچ (نەرسىدىن) باشقا ئەمەس:
ئۇ، يا ھالال، يا مەكرۇ، ياكى ھارامدۇر.

3547 ھەلالقا ساقىش ئول، ھەرامقاما قىن،
قالى شۇبھە ئەرسە، يەمە كەد ساقىن.
ھالالغا ـــ ھېساب، ھارام ئۈچۈن ئازاب بار،
ئەگەر شۇبھىلىك (مەكرۇ) بولسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم ساقلان.

3548 سەۋىتسە كىمى دۇنيا، ئاخىر سۇرەر،
ئاۋىتسا ئەرەژ بىرلە تەركىن ئەرەر.
دۇنيا كىمنى سۆيدۇرسە، (ئۇنى) ئاخىر قوغلايدۇ،
ھالاۋەت بىلەن خۇشال قىلسا، (يەنە) تېز يۈز ئۆرۈيدۇ.

3549 سەۋىنچ بىرلە ئىگدىپ، تۇگەل سەمرىتۇر،
ساقىنچ، قادغۇ بىرلە يانا ياۋرىتۇر.
شادلىق بىلەن پەرۋىش قىلىپ، راسا سەمرىتىدۇ،
غەم ـ قايغۇ بىلەن يەنە جۇدىتىدۇ.

3550 سەۋىنچىن كۆرۈ بارسا ئاخىر ساقىنچ،
ساقىنچىن تىرىلسە بولۇركىن سەۋىنچ.
شادلىققا نەزەر سالساڭ، ئاخىرى غەم ـ قايغۇدۇر،
غەم بىلەن ياشىسا، ئاخىرى شادلىق بولىدۇ.

3551 ئۈچى نىئمەت ئەرسە، تۈپى مىھنەت ئول،
باشى مىھنەت ئەرسە سوڭى نىئمەت ئول.
(بۇ دۇنيانىڭ) ئۈستى نېمەت بولسا، تېگى مۇشەققەتتۇر،
بېشى مۇشەققەت بولسا، ئاخىرى نېمەت، مەئىشەتتۇر.

3552 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ساقىنۇق ئودۇغ،
يىراق تۇر، بۇ دۇنيا تەگۇرگەي يودۇغ.
تەقۋادار، سەگەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
يىراق تۇر، بۇ دۇنيا كۈلپەت يەتكۈزىدۇ.

3553 سەنىڭ بايلىقىڭ، كۆر، چىغايلىق تۇرۇر،
ساڭا كىم چىغاي ئەرسە بايلىق تۇرۇر.
قارا، سېنىڭ بايلىقىڭ ـــ گادايلىقتۇر،
ساڭا (قارىغاندا) كىم گاداي بولسا، (شۇ) بايدۇر.

3554 سەنى كىم يەسە، يەرسەن ئاخىر ئەتىن،
ئۆچۇڭنى ئالىرسەن قارا يەر قاتىن.
سېنى كىم يېگەن بولسا، (سەنمۇ) ئاخىر ئۇنىڭ گۆشىنى يەيسەن،
قارا يەر قېتىغا (كىرگەندە) ئۆچۇڭنى ئالىسەن.

3555 بۇزۇلغۇ تۇرۇر بۇ ئەتىلمىشلەرىڭ،
ساچىلغۇ تۇرۇر بۇ يۇمىتمىشلارىڭ.
بۇ ياسىغانلىرىڭ بۇزۇلغۇسى،
توپلىغان (مال ـ دۇنيا)لىرىڭ چېچىلغۇسى.

3556 بارىغلى تۇرۇر بۇ ئاژۇن تەرك ئۆدۇن، C208
كەلىگلى تۇرۇر ئول ئاژۇن، كەد ئودۇن.
بۇ دۇنيا تېز ئۆتۇپ كېتىدىغان بىر پەيتتۇر،
ئۇ دۇنيا تېز كېلىدۇ، بەك سەگەك بول.

3557 بارىغلى بارۇر، كۇندە سەندىن يىرار،
كەلىگلى كەلىر، تەرك ساڭا ئۆز ئۇلار.
كېتىدىغىنى كېتىۋېرىدۇ، هەر كۈنى سەندىن يىراقلىشىدۇ،
كېلىدىغىنى كېلىۋېرىدۇ، هامان ساڭا يېقىنلىشىدۇ.

3558 بارىغلىقا بەرمەز بىلىكلىگ كۆڭۇل، B261
كەلىگلىگە ئەتنۇر ئۇقۇشلۇغ ئامۇل.
كېتىدىغانلارغا بىلىملىك (كىشى) كۆڭۇل بەرمەيدۇ،
ئىدراكلىق، ئېغىر ـ بېسىق (كىشى) كېلىدىغانغا تەييارلىنىدۇ.

3559 ئۆلۇمۇگ بىلىكلى سەۋىنمەز ئۇزۇن،
ئۆلۇرۇگ كۆرۇگلى ئاۋىنماز ئۇزۇن.
ئۆلۇمنى بىلىدىغان (كىشى) ئۆزىگە تەمەننا قويمايدۇ،
ئۆلۇمنى كۆرگەن (كىشى) ئۆزىنى ئۇزۇن (ۋاقىت) ئالدىمايدۇ.

3560 يورىغلى كىشى يولدا ئەتمەز ئەۋىن،
كۆچۇگلى كىشى ئەۋدە قودماز نەڭىن.
يولۇچى كىشى يولدا ئۆي ياسىمايدۇ،
كۆچىدىغان كىشى نەرسىلىرىنى ئۆيدە قالدۇرمايدۇ.

3561 قونۇقشەن، بۇ دۇنيا ساڭا بىر تۇشۇن،
تۇشۇندە ساقىنچ تۇتما ئارتۇق ـ ئۇزۇن.

مېھمانسەن، بۇ دۇنيا ساڭا بىر قونالغۇدۇر،
قونالغۇدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرىمەن دەپ ئويلىما.

3562 ئايى ئەدگۇ ئەرمەز بۇ دۇنيا نەڭى،
كىمىڭ بولسا ئەۋرەر قىلىنچى، ياڭى.

بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى زادى ياخشى ئەمەس،
ئۇ كىمدە بولسا، خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

3563 بەدەل قىلدى ئەبدال نەڭىن ھەم مالىن،
باقىپ قودتى زاھىد بۇ دۇنيا ئۇلىن.

دەرۋىشلەر مال ـ مۈلكىنى بەدەل قىلدى،
زاھىتلار بۇ دۇنيانىڭ تۈپ ـ ئاساسىنى بىلىپ، تاشلاپ كەتتى.

3564 كۆرۈنمەزتەك ئول بۇ تۇزاقچى ساڭا،
بۇ دۇنيا نەڭى ئول ساچىلمىش مەڭە.

بۇ (دۇنيا) ساڭا كۆرۈنمەيدىغان تۇزاقتۇر،
بۇ دۇنيانىڭ ماللىرى چېچىلغان داندۇر.

3565 ئۇسايۇق بۇ يالڭۇق، ئەدى سۇق كۆزى،
قالى تورقا كىرمەز بۇ يالڭۇق ئۆزى؟

ئادەم غاپىل (ۋە) ناھايىتى ئاچ كۆز كېلىدۇ،
مۇنداقتا، ئادەم تورغا چۈشمەي قالامدۇ؟

3566 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ساقىنۇق باشى،
بۇ دۇنيا ئىشىندىن ساقىنمىش كىشى.

بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ئېھتىيات (قىلىپ) ئۆتكەن
تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3567 «تۇزاقچى كۆرىنمەز، مەڭىن كۆركىتۇر،
بەزەنمىش كەلىنتەك كۆڭۈل يەلكىتۇر.

«تۇزاقچى (ئۆزى) كۆرۈنمەي، دېنىنى كۆرسىتىدۇ،
ياسانچۇق كېلىندەك (جىلۋە قىلىپ) كۆڭۈلنى تارتىدۇ.

3568 كۆزى سۇق، سەرىمسىز، ئۇسايۇق ئۆزۈڭ،
مەڭىن تاتتىڭ ئەرسە، ئاداق بەركىتۇر.»

ئاچ كۆز، تاقەتسىز (ۋە) غاپىل بولساڭ،
داننى تېتىپ باقسەن (دە)، ئايىغىڭدىن ئىلىنىسەن».

3569 قامۇغ دۇنيا بىرگە يۇمىتسا پۈتۈن،
ئەرەژ بىرلە مىڭ يىل تىرىلسە قۇتۇن.
پۈتۈن دۇنيا (نازۇ ـ نېمەتلىرى) بىللە جەملەنسە،
هالاۋەت بىلەن مىڭ يىل بەختلىك ياشىسا.

3570 نەگۈ ئاسغى؟ ئاخىر قارا يەر قويى،
ئانىڭ تۈشنەكى ئول ياغىز يەر ئويى.
نېمە پايدىسى بار؟ ئاخىر قارا يەر قوينىغا (كىرىدۇ)،
ئۇنىڭ هۇجرىسى قارا يەرنىڭ تېگى (بولىدۇ).

3571 كەچۈرمىش تىرىگلىك ساڭا بولغا تۈش،
نەگۈ قىلدىڭ ئەرسە، يانۇت كەلگە تۈش.
ئۆتكۈزگەن هاياتىڭ ساڭا بىر چۈش بولۇپ (قالىدۇ)،
نېمە قىلغان بولساڭ، شۇنىڭغا (يارىشا) جاۋاب ئالىسەن.

C209 3572 ئۇشئول كۈن ئۆكۈنسە، ئۆكۈنچ ئاسغى يوق،
نەگۈ قىلدىڭ ئەرسە يىل، ئاي، كۈن تانۇق.
ئۇ چاغدا ئۆكۈنسەڭ، ئۆكۈنۈشۈڭدىن پايدا يوق،
نېمە قىلغان بولساڭ، يىل، ئاي، (كۈنلەر) گۇۋاھ.

3573 ئاژۇن تاتغى بارچا بۇ ئۈچ نەڭ تۇرۇر،
ئۈچەگۈ تاتىغلارى تۈز ـ تەڭ تۇرۇر.
دۇنيانىڭ لەززىتى مۇنۇ ئۈچ نەرسىدۇركى،
ئۈچىلىسىنىڭ لەززىتى (بىر ـ بىرىگە) باراۋەر:

A102 3574 يەمەك، ئىچمەك ئول، كۆر، بۇ ئۈچتە بىرى،
تاقى بىر تىشى ئول ئاۋىتسا ئەرى.
قارا، بۇ ئۈچىنىڭ بىرى، يېمەك ـ ئىچمەكتۇر،
يەنە بىرى ئېرىنى خۇشال قىلىدىغان خوتۇندۇر.

3575 ئۈچۈنچى، ئەسەنىن تىرىگلىك تۇرۇر،
بۇ ئۈچتە بۇ بىر كەد كەرەكلىگ تۇرۇر.
ئۈچىنچىسى ـــ سالامەت ياشاش.
ئۇ ئۈچىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇهىمى مۇشۇدۇر.

3576 بۇ ئۈچ نەڭ سەۋىنچى، تاتىغى قامۇغ،
ئادىن ئۈچكە تەگمەز، ئاي ئەلدە ئۇلۇغ.

بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ شادلىقى، لەززىتى كۆپتۇر،
(بۇنىڭدىن) باشقىلىرى ئۈچ (نەرسىگە) يەتمەيدۇ، ئەي ئەل چوڭى.

3577 يەمەك ـ ئىچمەك ئول بىر تاتىغ، ئاي قاداش،
يانۇتى چىقاردا ياۋۇز، ئاي ئاداش.
ئەي قېرىنداش، لەززەتنىڭ بىرى، يېمەك ـ ئىچمەكتۇر.
ئۇ يىنىپ چىقار ۋاقتىدا ياماندۇر، ئەي ئاداش.

3578 بۇ تاتغىڭ ئۈچ ئەرنەك بوغۇزقا تۇرۇر،
ئانىڭدا بارۇ بارسا قارنىڭ تولۇر.
ئۇنىڭ لەززىتى (پەقەت) ئۈچ ئىلىك گالدىلا (بىلىنىدۇ)،
ئۇنىڭدىن نېرى بارسا قارنىڭنى تولدۇرىدۇ.

3579 قالى سىڭمەسە ئاش، تادۇ ئارتاتۇر،
تادۇ ئارتاسا ئەر، كۆر، ئىگلەپ ياتۇر.
ئەگەر ئاش سىڭمىسە، مىجەز ـ تەبىئەتنى بۇزىدۇ.
تەبىئەت بۇزۇلسا، كىشى ئاغرىپ قالىدۇ.

3580 ئىگ ئول ئاشنۇ ئەرگە ئۆلۈم تۇتغاقى، B262
ئۆلۈمدە تاتىغ يوق، ئايا ئەر ساقى.
كېسەل ئالدى بىلەن كىشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچىدۇر،
ئۆلۈمدە لەززەت يوق، ئەي سالامەت كىشى!

3581 تاقى بىر تاتىغ بۇ تىشى تاتغى ئول،
سوغۇق سۇۋقا يۇنماق ئانىڭ يانغى ئول.
يەنە بىر لەززەت خوتۇن لەززىتىدۇر،
ئۇنىڭغا جاۋابەن، سوغۇق سۇدا يۇيۇنماققا توغرا كېلىدۇ.

3582 ئانىڭدا باسا، كۆر، ئوغۇل ـ قىز تۇرۇر،
ئوغۇل ـ قىز يۈكىن يۇدمەك ئەمگەك ئەرۇر.
ئۇنىڭدىن قالسا، قارا، ئوغۇل ـ قىز (لەززىتى) بولۇپ،
ئوغۇل ـ قىزنىڭ يۈكىنى كۆتۈرمەك مۇشەققەتتۇر.

3583 نەگۇ تەر ئەشىتكىل بۇ بەيت ئايغۇچى:
تىشى هەم ئوغۇل ـ قىز ئۈزەر ئەر كۈچى.
بۇ بېيىتنى ئېيتقۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
خوتۇن ۋە ئوغۇل ـ قىز كىشىنىڭ كۈچىنى يوقىتىدۇ.

3584 «تىشى بىرلە سۇھبەت ئەدى كەد تاتىغ،
سوغۇق سۇۋقا يۇنماق يانۇتى قاتىغ.
«ئايال بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق بەك لەززەتلىك ئىشتۇر،
(لېكىن) بۇنىڭغا جاۋابەن، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش قىيىن.

3585 تاتىغ قايدا ئەرسە تاتىغسىز بىلە،
سۇچىگ قايدا ئەرسە سوڭىندا ئاچىغ».
لەززەت بار يەردە، تەمسىزلىكمۇ بولىدۇ،
تاتلىق نەدە بولسا ئاخىرىدا ئاچچىقمۇ بولىدۇ».

3586 تىرىگلىك تاتىغى بۇ ئەرسە قالى،
تاتىغسىز تۇرۇر دۇنيا، مىھنەت يولى.
ئەگەر ياشاشنىڭ لەززىتى شۇ بولىدىغان بولسا،
(بۇ) دۇنيا لەززەتسىزدۇر (ۋە) مۇشەققەت (چېكىش) يولىدۇر.

3587 سۇچىگ بۇ تاتىغلىغ تىرىگلىك كۈنۈم،
تاتىغسىز قىلۇر ئاخىر ئاچىغ ئۆلۈم.
بۇ لەززەتلىك ۋە تاتلىق تىرىكلىك كۈنۈمنى
ئاچچىق ئۆلۈم ئاخىر لەززەتسىز قىلىدۇ.

3588 بۇ ئۈچ نەڭ تۇرۇر دۇنيا تاتىغى پۈتۈن، C210
يانۇتى ئەشىتتىڭ، ئاي قىلقى تۈزۈن.
دۇنيانىڭ پۈتۈن لەززىتى ئاشۇ ئۈچ نەرسىدۇركى،
بۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىدىڭ، ئەي خۇش پېئىل.

3589 بۇ دۇنيا ياغى ئول، ئەت ئۆز بىر ياغى،
بۇ ئىككى ياغىنىڭ ئادىغلىغ ئاغى.
بۇ دۇنيا بىر دۈشمەن، جانۇتەنمۇ بىر دۈشمەن،
بۇ ئىككى دۈشمەننىڭ تۇزىقى (ھامان) قورۇقلۇق.

3590 ئۈچۈنچى ياغى يەك بۇ دىن ئوغرىسى،
تەگۈرمەسۇ تەڭرى بۇلارنىڭ ياسى.
ئۈچىنچى دۈشمەن — دىن ئوغرىسى شەيتاندۇر،
تەڭرىم بۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسۇن.

3591 بۇلاردا ئەدى سەرپ بۇ ياۋلاق ياغى
ئەت ئۆزدىن تەگىر، ئول ئۆكۈشرەك چوغى.

بۇلارنىڭ (ئىچىدە) ئەڭ ياۋۇز دۇشمەن
جانۇتەن (بولۇپ)، ئۇنىڭدىن كۆپ ماجىرا پەيدا بولىدۇ.

3592 بايات ئاتى ئايسا تەزەر يەك بارىر،
قودۇ بارسا دۇنيا، سەنىڭدىن قالىر.
خۇدانىڭ نامى ئاتالسا، شەيتان قاچىدۇ،
دۇنيانى تاشلىۋەتسەڭ، (ئۇ) سەندىن يىراقلىشىدۇ.

3593 ئەت ئۆزنى نەگۇتەك كەتەرگۇ بولۇر،
مەگەر كىم ئۆلۇم تۇتسا، قالسا قالۇر.
(لېكىن) جانۇتەننى قانداقمۇ قاچۇرغىلى بولىدۇ؟
ئەگەر كىم ئۆلسە، ئۇ قۇتۇلالايدۇ.

3594 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بۆگۇ،
بىلىكلىگ بۆگۇلەر سۆزىن تىڭلاغۇ:
بىلىملىك دانا ياخشى ئېيتقانىدى،
بىلىملىك دانالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك:

3595 مەنى مۇڭقا تەگرۇر ئەت ئۆز ئەمگەتۇر،
ئارا كۇلدۇرۇر، كۆر، ئارا يىغلاتۇر.
جانۇتەن مېنى موھتاجلىق، قىيىنچىلىققا سالىدۇ،
بەزىدە كۇلدۇرىدۇ ــ يۇ، بەزىدە يىغلىتىدۇ.

3596 ئاژۇن تەزگىنۇرمەن، تىلەكىن ئۇدۇ، B263
ئارا ئاچ ياتۇرمەن ئارالا تودۇ.
(ئۇنىڭ) تەلىپىگە ئەگىشىپ دۇنيانى كېزىمەن،
بەزىدە ئاچ قالىمەن، بەزىدە توق (يۇرىمەن).

3597 بىر ئارزۇ يەتۇرسە، تاقى بىر قولۇر،
تاقى بىرنى بۇلسا، تۇگەل بەگ بولۇر.
بىر ئارزۇسىنى قاندۇرسا، يەنە بىرىنى خالايدۇ،
يەنە بىرىگىمۇ يەتكەندە، (كىشىگە) تامامەن ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ.

3598 باسۇماز ئۆزۇم بۇ ئەت ئۆزنى ئۇتۇپ،
باسا بەر، باغىرساق ئىدىم، سەن تۇتۇپ.
ئۆزۇم بۇ جانۇتەننى يېڭىپ، ئۇنى باسالمايمەن،
ئەي مېھرىبان ئىگەم، ئۇنى ئۆزۇڭ تۇتۇپ بېسىپ بەرگەيسەن.

3599 بۇ ياۋلاغ ئوسۇغلۇغ تۇرۇر بۇ ئەت ـ ئۆز،
سەمىز تۇتسا ئارتۇق بولۇر بۇ ياۋۇز.
بۇ جانۇتەن ياۋۇز ھىيلىگەردۇركى،
سېمىز تۇتساڭ تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىدۇ.

3600 بۇلاق سەمرىسە، كۆر، مۇنار ھەم ئازار،
ئىدىسىن چالار يەرگە، ئاندىن تەزەر.
قارا، توسۇن ئات سەمرىسە قۇترايدۇ، شاش بولىدۇ،
ئىگىسىنى يەرگە ئېتىپ، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

3601 تۇگەل ئاۋچى ئىتتەك ئەت، ئۆزگە باقىن،
سەمىز بولسا بىلمەز ئىدىسى ھەقىن.
نەزەر سالساڭ، جانۇتەن خۇددى ئوۋچى ئىتقا ئوخشايدۇ،
سەمرىسە ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇيدۇ.

3602 قارىن تودسا ئاۋقا يۇگۇرمەز بولۇر،
ئىدىسى تىلەكىنچە بارماز تۇرۇر.
قارنى تويسا ئوۋغا يۇگۇرمەيدىغان بولىدۇ،
ئىگىسىنىڭ خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلمايدۇ.

3603 كىچىگ ئوغلان ئۆزلۇگ ئەت ئۆز مەڭزەگى،
بوغۇز تودسا يۇگرۇر، تىلەر ئۆز تەڭى.
جانۇتەن گوياكى كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ،
قورسىقى تويسا يۇگۇرۇپ، تەڭتۇشلىرىنى ئىزدەيدۇ.

3604 قارىن تودسا ئەت ئۆز بولۇر ئەرمەگۇ،
تىلەكچە تىلەسە، تىلەك بەرمەگۇ.
قورساق تويسا جانۇتەن ھۇرۇنلىشىدۇ،
(ئۇنىڭ) تىلىگەن تىلىكىنى بەرمەسلىك كېرەك.

3605 تىرىگلىك تۇگەلى تۇگەل ئۇچ كۇن ئول، C 211
ئانىڭدا نارۇسى نەچە تۇش، تۇن ئول.
تىرىكلىكنىڭ بار ـ يوقى ئۇچ كۇنلۇكتۇر،
ئۇنىڭ نېرىسى بىرنەچچە كېچىلىك (شېرىن) چۇشتۇر.

3606 بىرىسى يارىن ئول، بىرى كەچتى تۇن،
يارىنقا تەگىرمۇ تىرىگلىك بۇ كۇن؟

(بۇ ئۈچ كۈننىڭ) بىرى ـ ئەتە، بىرى ـــ ئۆتكەن كۈن،
بۈگۈنكى تىرىكلىك ئەتىگە ئۇلىشالارمۇ؟

3607 ئانىڭدا نارۇقى تىرىگلىك نەچە،
تىرىگلىككە تۇتما، سۆز ئايدىم ئاچا.
ئۇنىڭدىن نېرىقى تىرىكلىكنى ھەرقانچە بولسىمۇ
تىرىكلىك ھېسابلىما، سۆزنى ئېچىپ ئېيتتىم.

3608 تىشى سۇھبەتمە بۇ ئەرلىك ئوتىن A103
ئۆچۈرمەك ئۈچۈن ئول، بىرەر سائەتىن.
خوتۇن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئەرنىڭ
(ھەۋەس) ئوتىنى بىرەر سائەت ئۆچۈرۈش ئۈچۈندۇر.

3609 بۇ ئوتۇغ نەگۈتەك ئۆچۈرسە ئۆچەر،
كەرەك ئەرسە كۆركلۈگ، يا كۆركسۈز قۇچار.
بۇ ئوتنى قانداق ئۆچۈرسە ئۆچىدۇ،
كېرەك بولسا چىرايلىق ياكى سەتنى قۇچاقلىسا بولىدۇ.

3610 بوغۇز تاتغى بارچا قارىن تودماق ئول،
قارىن تودسا، ئارتۇق ئاسىغ قودماق ئول.
گال لەززىتىنىڭ ھەممىسى قورساق تويغۇزۇش (ئۈچۈندۇر)،
قورساق تويسىلا، ئارتۇق پايدىنى تاشلاش كېرەك.

3611 قارىن تودسا، ئارپا، يا ھەلۋا بىر ئول،
قالۇر بارچا ئارتىپ، تولۇر كىرگۈ يول.
قورساق تويغاندا ئارپا بىلەن ھالۋا بەرىبىر،
ھەممىسى ئېشىپ قالىدۇ، كىرىدىغان يولىمۇ توشۇپ قالىدۇ.

3612 شەكەر ـ ھەلۋا يەگلى، يا ئارپا ئۈيۈر، B264
تودۇپ ياتسا تاڭدا يانا ئاچ تۇرۇر.
شېكەر، ھالۋا يېگەن ياكى ئارپا يېگەنمۇ
تويۇپ ياتسا، ئەتىسى يەنە ئاچ قوپىدۇ.

3613 نەگۈ تەر ئەشتكىل ساقىنۇق چىغاي،
چىغاي ئەرسە نەڭگە كۆزى، كۆڭلى باي:
كەمبەغەل بولسىمۇ، مال ـ دۇنياغا كۆز ـ كۆڭلى باي،
تەقۋادار كەمبەغەل نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3614 «شەكەرلىگ يەدىڭ سەن ئاژۇن نىئمەتى،
قاۋۇق، يۇر يەدىم مەن ئۆزۈم تاقەتى.
«سەن دۇنيانىڭ شېكەرلىك نېمەتلىرىنى يېدىڭ،
مەن كېپەك، تېرىق يېدىم، ئۆزۈم قانائەت قىلدىم،

3615 ئىكىگۈن تودۇپ تەڭ كەچە ياتتىمىز،
كەچىپ باردى كەلمىش كۈنۈم سائەتى».
ئىككىمىز تەڭ تويۇپ كېچىسى ياتتۇق،
شۇ كەلمىش كۈنىنىڭ سائىتى ئۆتىۋەردى».

3616 ئاژۇنۇغ نەچە تەرسە ئۆز ئۆلگۈلۈگ،
ئىكى بۆز تەگىر ئول ساڠا بەلگۈلۈگ.
دۇنيانى قانچە تولىساڭمۇ ئۆزۈڭ ئۆلىسەن،
ساڭا ئىككىلا بۆز تېگىشلىك بولىدۇ، خالاس.

3617 چىغاي، باي ئىكىگۈن ئۆلۈمدە كەدىن
يانا تۇز بولۇرلار، قارا يەر قاتىن.
كەمبەغەلمۇ، بايمۇ ھەر ئىككىسى ئۆلگەندىن كېيىن،
قارا يەر قېتىدا يەنە باراۋەر بولىدۇ.

3618 ئىكى كۈنكى ئەرتەر ئەرەژگە بولۇپ،
نەلۈك ئارسىقارسەن تىرىگلىك بۇلۇپ؟
ئىككى كۈنلا داۋاملىشىدىغان ھالاۋەتنى دەپ
ھاياتقا ئېرىشمەككە نېمانچە ئىنتىلىسەن؟

3619 ئۆزۈڭ سۇقلانۇرسەن ئاژۇن تەرگەلى،
ئۆلۈم ساقلانۇر، كۆر، سەنى تۇتغالى.
سەن دۇنيا توپلاشقا ھېرىسمەن،
ئۆلۈم بولسا سېنى تۇتقىلى كۈتۈۋاتىدۇ.

3620 تىرىگلىك بارىر كۈندە سەندىن قاچار،
ياۋۇز بۇ ئۆلۈم، كۆر، ئۆلۈڭنى پىچار.
ھاياتلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەر كۈنى سەندىن يىراقلىشىدۇ،
قارا، بۇ ياۋۇز ئۆلۈم ئۆلۈڭنى كولايدۇ.

3621 سەزىكسىز ئۆلۈر، كۆر، تىرىگ بولداچى، C 212
قايۇ كۈن ئۆلۈرۈگ يوق ئول بىلدەچى.

قارا، ھايات ياشىغانلار شۈبھىسىز ئۆلىدۇ،
قايسى كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار يوق.

3622 كىچىك ئەرسە ئۈمىنۈر ساقال ئۈنگۈكە،
ساقال ئۈنسە ئۈمىنۈر ئۈرۈڭ بولغۇقا.
(ئادەم) كىچىك (ۋاقتىدا) ساقال چىقىشىنى كۈتىدۇ،
ساقال چىقسا ئاقىرىشىنى كۈتىدۇ.

3623 ساقالىڭ ئۈرۈڭ بولسا كەلدى ئۆلۈم،
ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلماز ئوق يا تولۇم.
ساقىلىڭ ئاقارسا، ئۆلۈم كەلگىنى شۇ،
ئۆلۈمگە ئوقمۇ ياكى قورالمۇ ئارا تۇرالمايدۇ.

3624 كۆرۈردە كۆيۈرمە ئۆزۈڭنى كۈچۈن،
ئۆزۈڭ ئوتقا ئاتما بۇ دۇنيا ئۈچۈن.
قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئوتتا كۆيدۈرمە،
بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما.

3625 ئاچىغ سۈۋتەك ئول، كۆر، بۇ دۇنيا نەڭى،
نەچە ئىچسە قانماز، ئۆلىمەز ئەڭى.
قارا، بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى شور سۇغا ئوخشايدۇ،
قانچە ئىچسىمۇ قانمايدۇ، تامىقى نەم بولمايدۇ.

3626 قۇرۇغ قۇمقا ئوقشار بۇ يالڭۇق ئۆزى،
ئۆگۈز كىرسە تودماز بۇ سۇقلۇق كۆزى.
ئىنسان ئۆزى قۇرۇق قۇمغا ئوخشاشتۇر،
دەريا كىرسىمۇ ئۇنىڭ ئاچ كۆزى تويمايدۇ.

3627 ساقىغ ئول بۇ دۇنيا، كۆزۈڭدە ئۈچار، B265
نەچە ئۆز ئەدەرسە، ئول ئانچا قاچار.
بۇ دۇنيا (خۇددى) سەراپتەك كۆز ئالدىڭدا كۆرۈنىدۇ،
(ئۇنىڭغا) قانچە ئەگەشسەڭ، شۇنچە قاچىدۇ.

3628 ئەت ئۆز ئارزۇ سۇرگەن تاپۇغقا تەزىك،
كۆرۈنمەز ياغىقا بۇ بەرمەز كەزىك.
جان ـ تەنىنىڭ ئارزۇسىنى ھەيدىگەن (كىشى) ئىبادەتكە بېرىلىدۇ،
كۆرۈنمەيدىغان دۇشمەنگە پۇرسەت بەرمەيدۇ.

3629 ئەت، ئۆزگە ئالىق بەرمە، ئەگمە بويۇن،
ئاۋىنچى ساقىنچ ئول، تىلەكى ئويۇن.
جان تەنگە يول قويما، بويۇن ئەگمە،
(ئۇنىڭ) شادلىقى — قايغۇ، ئارزۇلىرى — ئويۇندۇر.

3630 كەچۈرمىش تىرىگلىك بارىر كەلگۈسۈز،
نەچە ئول بۇ قالمىش يەمە بەلگۈسۈز.
ئۆتكەن ھايات قايتىپ كەلمەس بولۇپ كېتىدۇ،
ئۇنىڭ قالغىنى قانچىلىك؟ ئۇمۇ نامەلۇم.

3631 بۇ بولمىش كۈنۈڭ بارى قىلما ياۋا،
ئۆلۈمگە ئەتىنگىل، تاپۇغ قىل ئەۋە.
ئېرىشكەن كۈنلىرىڭنىڭ بارىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە،
ئۆلۈمگە تەييارلان، ئالدىراپ ئىبادەت قىل.

3632 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئودۇنمىش كىشى،
قامۇغ بۇلغانۇقتىن سۇزۇلمىش كىشى:
ئويغانغان ۋە بارلىق ناپاكلىقتىن تازىلانغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3633 «كەچۈردۈك كەچىگلى بۇ تۈنكى تۈنۈك،
كەچەرمۇ سەزىكلىگ كەلىگلى كۈنۈك.
«ئۆتىدىغان بۇگۈنكى تۈنۈگنى ئۆتكۈزدۇك،
كەلگۈسى كۈنۈك (مۇشۇنداق) ئۆتەرمۇ، بۇ شۈبھىلىك.

3634 كەچۈرمىش كەچۈرگۈ ئارا بىر تۈشۈن،
تىرىگلىككە مۇنچا بەدۈتمە ئۇنۇك».
ئۆتكەن كۈنۈك بىلەن كەلگۈسى كۈنۈگنىڭ ئارىلىقى بىر قونالغۇدۇر،
(شۇنچىلىك) تىرىكلىك ئۈچۈن ئارتۇق داۋراڭ قىلما».

3635 يۈتە بولدى مۇندا تىرىگلىك يەدىم،
ئۆد ئۆدلەك ئىدىپ نەفس يۈتىنى سىدىم.
خېلى بولدى، بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلدىم،
زامانلارنى ئۆتكۈزۈپ نەپسىمنىڭ يۈتىنى سۇندۇردۇم.

3636 بۇ كۈن كەند ئۆلۈشقا ئوقىرسەن مەنى، C213
بۇلۇن قىلسا نەفسىم، يۇلۇغلى قانى.

بۈگۈن مېنى شەھەر ـ كەنتكە چاقىرتىۋاتسەن،
نەپسىم (مېنى) ئىگىلىسە، قۇتۇلدۇرغۇچى قېنى؟

3637 ئەت ئۆز بىر ياغى ئول، ئەدى سارپ ياغى، A 104
قامۇغ يەردە يادمىش تۇزاقى ئاغى.
جانۇتەن دۈشمەن بولغاندىمۇ، تازا دۈشمەندۇر،
ھەممە يەرگە تۇزاق ـ قاپقانلىرى كەڭ يېيىلغان.

3638 تىلەكىنچە ئىدما قاتىغلان تىرەن،
ئەت ئۆز ئۆلگى بەرمەز ئۇقۇشلۇغ ئەرەن.
ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرمە، چىڭ تۇر، (ئۆزۈڭنى) تۇتۇۋال،
ئەقىللىك كىشى جان ـ تېنىگە نېسىۋە بەرمەيدۇ.

3639 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئۆزىن باسمىش ئەر،
ھەۋا بوينى يەنچىپ، ئۆزىن تۇتمىش ئەر.
ئۆزىنى تۇتقان، ھاۋايى ـ ھەۋەس بوينىنى يانجىپ
ئۆزىنى باسالىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3640 ئەت ئۆزگە بۇلۇن بولما، بىلكى ئۇلۇغ،
ئەت ئۆز بۇلناسا، كۆر، قولۇر دىن يۇلۇغ.
جان ـ تېنىڭگە قۇل بولما، ئەي بىلىمى ئۇلۇغ،
جان ـ تەنگە قۇل بولساڭ، دىنىڭنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3641 بىلىكلىگ تەسە بولماغاي ئول كىشىگ،
ھەۋاسى ئۇدۇ قىلسا بارچا ئىشىگ.
ھەممە ئىشنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىپ قىلغان
كىشىنى بىلىملىك دېيىشكە بولمايدۇ.

3642 ئۇقۇشلۇغ تەسە بولماغاي ئول ئەرىگ،
ئەت ئۆز بۇلنى بولسا، ئاي كۆڭلى تىرىگ.
ئەي كۆڭلى تىرىك (كىشى)، جان ـ تەنىنىڭ قۇلى
بولۇپ قالغان ئەرنى ئەقىللىك دېيىشكە بولمايدۇ.

3643 بىلىكسىز كىشى ئول بولۇر بەلگۇلۇگ، B 266
ئەت ئۆزگە بەرۇر بولسا تۇتچى ئۇلۇگ.
جان ـ تېنىگە دائىم نېسىۋە بېرىۋېرىدىغان بولسا،
ئۇ ئېنىق بىلىمسىز كىشى بولىدۇ.

3644 ئۇقۇشسۇز كىشىلەر ئول ئول، ئاي قاداش،
ھەۋا، ئارزۇلارقا ئۆزىن قىلسا باش.
ئەي قېرىنداش، ئىدراكسىز كىشىلەر شۇنداق كىشىلەركى،
(ئۇلار) ھاۋايى ـ ھەۋەسكە باش قويىدۇ.

* * *

3645 مۇنۇقى بۇ ياغلىغ تۇرۇر بۇ ئاژۇن،
مۇنىن بارچا ئايدىم، سەن ئۇقغىل ئۆزۈن.
بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ھەممە نۇقسانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئۆزۈڭ ئويلاپ چۈشىنىۋال.

43

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا دۇنيا بىرلە ئۇقبى قازغانغۇسىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا (بۇ) دۇنيا (ئىشلىرى) بىلەن ئاخىرەتلىكنى تېپىشنى ئېيتىدۇ

3646 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئەشىتتىم، سەن ئايدىڭ، ئايا قۇتلۇغ ئۆز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدىم، ئەي قۇتلۇق كىشى.

3647 مۇنى ما ئەشىتكىل تاقى بەلگۈلۈگ،
بىلىككە، ئۇقۇشقا بۇ سۆز ئۈلگۈلۈگ.
يەنە شۇنىمۇ ئېنىقراق ئاڭلىغىنكى،
بۇ سۆز بىلىم ۋە ئەقىلگە ئۈلگىدۇر.

3648 نەچە ئانداغ ئەرسە بۇ دۇنيا هالى،
ئاچىغ قىلما ئۆزگە تىرىگلىك يولى.
بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالى ئاشۇنداق بولسىمۇ،
تىرىكلىك يولىنى ئۆزۈڭگە ئاچچىق قىلما.

3649 بۇ كەڭ دۇنيا ئۆزگە كۈچۈن قىلما تار،
يازۇقلۇغ قۇلىڭا بايات فەزلى بار.
بۇ كەڭ دۇنيانى زورمۇزور ئۆزۈڭگە تارلاشتۇرما،
گۇناھكار قۇلىغا خۇدانىڭ ياخشىلىقىمۇ بار.

3650 ئەزابى تەلىم ئەرسە، رەھمەت ئۆكۈش، C 214
يازۇقلۇغ ئۈچۈن بولدى رەھمەت كۆسۈش.
ئازابى كۆپ بولسا، رەھمىتىمۇ كۆپ،
گۇناھكار ئۈچۈن (بۇ) رەھمەت ئەزىزدۇر.

3651 ئەزابقا قاتىغ قورق، ئۈمىن رەھمەتىن،
تاپۇغ قىل، يەتۈرگىل بۇ قۇللۇق ئاتىن.

ئازابتىن قاتتىق قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈت،
ئىبادەت قىلىپ، بەندىلىك نامىڭنى ئادا قىل.

3652 ئاژۇن بودنى بارچا ئۆلۈش كەند قودۇپ،
تۇرۇپ تاغقا كىرسە، ئۆلۈغ يۈك يۇدۇپ.

دۇنيا خەلقى ھەممىسى شەھەر ـ كەنتىنى تاشلاپ،
رىيازەت چېكىپ تاغقا چىقىپ كەتسە،

3653 بۇزۇلغاي ئاژۇن، بارچا قالغاي قۇرۇغ،
ئانا ئوغلانى بارچا كەسگەي ئۇرۇغ.

دۇنيا بۇزۇلۇپ، ھەممە (يەر) قۇرۇق قېلىپ،
ئىنسان بالىسىنىڭ نەسلى تۈگىگەن بولاتتى.

3654 ئىكى ئەۋ ياراتتى بۇ خەلققە قامۇغ،
بىرى ئاتى ئۇچماق، بىرىنىڭ تامۇغ.

(خۇدا) ھەممە خەلق ئۈچۈن ئىككى ئۆي ياراتتى،
بىرىنىڭ نامى ـــ جەننەت، يەنە بىرىنىڭ ـــ دوزاخ.

3655 يانا بارچا يالڭۇق بۇ دۇنيا تىلەپ،
يۈگۈرسە تۈنى بارچا كۈنكە ئۆلاپ،

شۇنداقتىمۇ ھەممە ئىنسان دۇنيا ئۈچۈن
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يۈگۈرۈپ يۈرسە،

3656 تاپۇغ قودسا، دۇنيا تىلەسە تامۇغ،
يەمە قالماغاي ئەردى بۇ ئۇچماق قۇرۇغ.

ئىبادەتنى تاشلاپ، مال ـ دۇنيا تىلەپ، دوزاخقا كىرسە،
يەنە جەننەتمۇ قۇرۇق قالمايدۇ.

3657 بايات بەردى قۇلقا ئىكى كۆز، قۇلاق، B267
بىرى دۇنيا باقسا، بىرى ئۇقبى باق.

خۇدا بەندىسىگە ئىككى كۆز، قۇلاق بەردى،
بىرى بىلەن دۇنياغا باقساڭ، بىرى بىلەن ئاخىرەتكە باق.

3658 ئەلىگ بەردى ئىككى سۇنۇپ تۇتغۇقا،
بىرى دۇنياقا تۇت، بىرى ئۇقبىقا.

ئۆزىتىپ تۇتۇش ئۈچۈن ئىككى قول بەردى،
بىرى بىلەن (بۇ) دۇنيانى تۇت، يەنە بىرى بىلەن ئاخىرەتنى.

3659 ئاداق بەردى ئىكى يورىغۇ ئۇچۇن،
بەرۇ ماڭسا بىرى، نارۇ ماڭ كۈچۈن.
مېڭىش ئۈچۈن ئىككى ئاياغ بەردى،
بىرى (بۇ ياققا) چامدىسا، بىرى (ئۇ دۇنيا ئۈچۈن) چامدىشى كېرەك.

3660 يەمە ياقشى ئايمىش بۆگۈ بىلكى كەڭ،
ئاژۇندا چاۋىقمىش ئاقى ئەلگى كەڭ.
دۇنياغا مەشھۇر، قولى كەڭ سېخىي،
بىلىمى چوڭقۇر دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقانىدى:

3661 ئايا قۇل بولۇغلى ئۇقۇشلۇغ ئودۇغ،
ئۇسال بولما، ساقلان، توقىغاي يودۇغ.
ئەي ئەقىللىك، هوشيار بەندە بولغۇچى،
بىخۇد بولما، سەگەك تۇر، بالا كەلمىسۇن.

3662 تۆرۈتتى بايات بۇ ئىكىگۈن ئاژۇن،
مۇنى بۇلسا، تاۋرات ئانى قول ئۆزۈن.
خۇدا بۇ ئىككى دۇنيانى ياراتتى،
بۇ (دۇنيا نېمىتىگە) ئېرىشسەڭ، دەرهال ئۇ (دۇنيا)لىقنىمۇ ئىزدە.

3663 ئابا ئوغلانىن بارچا ئەركلىگ بايات،
ئاچىغلى، تودۇغلى تۆرۈتتى بۇ ئات.
قادىر ئىگەم ئادەم بالىسىنىڭ هەممىسىنى (قورسىقى) ئاچىدىغان
ۋە تويىدىغان قىلىپ ياراتتى (ۋە شۇنداق) نام بەردى.

3664 ئەگىنگە كەدىم يا بۇغۇزقا يەمى
كەرەك، ئاي قاداش، بۇ تىرىگلىك ئەمى.
ئەگىنگە كىيىم ۋە قورسىقىغا تاماق كېرەك،
ئەي قېرىنداش، بۇ تىرىكلىكنىڭ ئامالىدۇر.

3665 تىرىگكە بۇ نەڭدىن كەچىش يوق، قاداش،
ئەگىن پۈتگۈ تون هەم قارىن تودغۇ ئاش.
ئەي قېرىنداش، تىرىكلىكتە بۇ نەرسىلەردىن كەچكىلى بولمايدۇ،
بەدەننى يېپىشقا ئېگىن، قارىننى تويغۇزۇشقا ئاش كېرەك.

3666 هەلال دۇنيا بۇلسا، يەسە قازغانىپ،
چىغايقا ئۇلەسە ئانىڭدىن ئالىپ.

ھالال دۇنيا تېپىپ، يەپ بەھرىمەن بولسا،
ئۇنىڭدىن مەلۇم قىسمىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈش كېرەك.

3667 كىشى ئاغرۇقى بولماسا بۇ بوغۇز، A105 C215
كىشى ئۇنمەزى ئول بۇ ئاغرۇق بوغۇز.
كىشىلەرنىڭ گال غېمى بولمىسا ئىدى كاشكى،
(لېكىن) گال غېمى ئىنسان ۋاز كېچەلمەيدىغان نەرسىدۇر.

3668 بايات ئەدلىگە تۇتچى قورقۇ يورى،
ئۇمىن فەزلىگا، تۇتچى تەگنۇ يورى.
دائىم خۇدانىڭ ئەدلىدىن قورق،
مەرھەمىتىگە ئۈمىد باغلا، دائىم ئۇنىڭغا يېتىشكىن.

3669 بۇ ئىككى ئارا بولدى قۇللۇق بىلىن،
بۇ ئول يول، ياڭىلما بۇ قۇللۇق يولىن.
بىلگىنكى، بەندىلىك بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ،
يول شۇدۇر، بۇ بەندىلىك يولىدىن ئاداشما.

3670 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىك بەرگۈچى،
بىلىكسىزگە ئۆت ساۋ، ئەرىگ بەرگۈچى:
بىلىمسىزگە بىلىم، پەند ـ نەسىھەت بەرگۈچى
(كىشى) ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:

3671 «رىجا بىرلە خەۋفنى قانات سەن قىلىن،
بۇ ئىككى ئاراقى يولۇغ سەن ئالىن.
«مەقسەت بىلەن ۋەھىمە (ئىككى) قانىتىڭ بولسۇن،
بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۇت.

3672 بايات يارلىغىن قىل، ئۆزۈڭ قۇللۇقى،
ئۇچۇپ كىر سارايقا، ئەرەژىن سالىن».
خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى (ئىجرا) قىل، ئۆز بەندىلىكىڭنى (ئۆتە)،
سارايغا ئۇچۇپ كىرىپ، راھىتىنى كۆر».

3673 رىجا خەۋف بۇ ئىككى قانات سانى ئول، B268
بۇ ئىككىن ئۇچۇغلى بۇلۇر كۆككە يول.
مەقسەت بىلەن ۋەھىمە ئىككى قانات ھېسابلىنىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىلەن ئۇچقان كۆككە يول تاپىدۇ.

3674 يازۇقۇم ئۆكۈش تەپ، ئۇمىنچ كەسمەگۈ،
تاپۇغقا ئىنانىپ، تاپۇغ ياسماغۇ.
گۇناھىم كۆپ دەپ ئۇمىد ئۈزمەسلىك كېرەك،
تائەت ـ ئىبادەتكە ئىشىنىپ، خىزمەت قىلماي يۈرمەسلىك كېرەك.

3675 تاپۇغ قىل، تاپۇغ بولدى قۇللۇق قامۇغ،
كىمىڭ ئاتى قۇل بولسا، قىلقى تاپۇغ.
تائەت ـ ئىبادەت قىل، تائەت ـ ئىبادەت پۈتۈنلەي قۇللۇق قىلماقتۇر،
كىمنىڭ نامى قۇل بولسا، قىلمىشى ئىبادەت بولىدۇ.

3676 ئاغىر تۇتغۇ يارلىغ، ئۇچۇز قىلسا ئۆز،
ئۇچۇزلۇقتىن ئۆترۈ ئاغىر بولسا ئۆز.
يارلىقنى ئەزىز تۇتۇپ، ئۆزىنى پەس تۇتۇش كېرەك،
ئۆزىنى پەس تۇتسا، ئاندىن ئۆزى ئەزىز بولىدۇ.

3677 تاپۇغقا ئۆزۈڭنى چىغاي بىل چىغاي،
تاپۇغقا چىغاي بىل، يازۇقلارقا باي.
ئىبادەتكە ئۆزۈڭنى كەمبەغەل گاداي دەپ بىل،
ئىبادەت قىلىشتا كەمبەغەل، گۇناھلارغا باي دەپ بىل.

3678 كىشىدە ياۋۇزى ئۆزۈڭ بىل ئۆزۈڭ،
مەگەر ئەدگۈ بولسا ئۆزۈڭ ھەم سۆزۈڭ.
گەرچە ھەم ئۆزۈڭ، ھەم سۆزۈڭ ياخشى بولسىمۇ،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى كىشىلەرنىڭ يامىنى دەپ بىل.

* * *

3679 مۇنۇ بىلمىشىمنى ئايۇ بەردىم ئۇش،
سۆزۈم ئىشكە تۇتغىل، يارىن كەلگە تۇش.
مانا، بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېيتتىم،
سۆزۈمگە ئەمەل قىلغىن، بەدىلى كېلىدۇ.

3680 قالى تۇتماسا سەن بۇ ئايمىشلارىم،
جەۋاب قىل يانايىن، ئاي ئەرسىگ ئەرىم.
ئەگەر بۇ ئېيتقانلىرىمنى قوبۇل قىلمىساڭ،
جاۋاب بەرگىن، يېنىپ كېتەي، ئەي مەرد يىگىت.

3681 ئۇزۇن بولدى سۆزلەر نەڭى ئاسغى يوق،
تاقى ما ئۇزاتىپ ئادىن تۇسغى يوق.
ئۇزۇن قىلىنغان سۆزلەرنىڭ پايدىسى يوق،
(سۆز) تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتسە، ئۇنىڭ تەمى قالمايدۇ.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

3682 ئېلىگ باشقا ئۇردى بۇ ئودغۇرمىشا، C 216
ساقىندى ئۇزۇن، كەچ، كۆتۇردى باشا.
ئودغۇرمىش قولى (بىلەن) بېشىنى تۇتۇپ،
ئۇزۇن ئويلاندى، كېيىن بېشىنى كۆتۇردى.
3683 ئايۇر: ئاي قاداش، تەگدى ئەمگەك ساڭا،
قاداشلىق قىلىپ سۆزلەدىڭ سەن ماڭا.
(ۋە) دېدى: ئەي قېرىنداش، سەن جاپا چەكتىڭ،
سەن ماڭا قېرىنداشلىق قىلىپ بۇ سۆزلەرنى قىلدىڭ.
3684 ماڭا ئەدگۇ ساقىنىپ بۇ سۆز سۆزلەدىڭ،
مۇيان بەرسۇ تەڭرى، ساقىنچىم يەدىڭ.
ماڭا ياخشىلىق تىلەپ بۇ سۆزلەرنى سۆزلىدىڭ،
غېمىمنى يېدىڭ، تەڭرى ساڭا ساۋاب ئاتا قىلسۇن.
3685 باقا كۆردۇم، ئەمدى بۇ ئىشتە ماڭا
سەلاهى كۆرۇنمەز، ئاي ئەرسىگ توڭا.
قاراپ كۆردۇم، ئەمدى بۇ ئىشلار (ئۇچۇن)
مەندە سالاهىيەت كۆرۇنمەيدۇ، ئەي مەرد يىگىت.
3686 كۆڭۇل تاپلامادى، بۇ ئىشتىن قاچار،
كۆڭۇل تاپلاماز ئىشكە ياقسا خەتەر.
كۆڭۇل خالىمىدى، بۇ ئىشتىن قېچىۋاتىدۇ،
كۆڭۇل خالىمىغان ئىشنى قىلىش خەتەرلىك.
3687 نە ئەدگۇ بىلىك بەردى بىلىكى بەدۇك، B 269
سەۋىتمىش سەۋۇگلەرگە كۆڭلى سۇزۇگ:

سۆيگەن ۋە سۆيگەنلەرگە دىلى پاك (بولغان)
بىلىمى يۇقىرى (كىشى) ئاجايىپ ياخشى بىلىم بەرگەن:

3688 قايۇ ئىشنى قىلماق تىلەسە ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل بىرلە ئاشنۇ كەڭەشگىل سۆزۈڭ.

ئۆزۈڭ قايسى ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ،
ئاۋۋال كۆڭلۈڭ بىلەن كېڭەش قىلغىن.

3689 كىشىگە كەڭەشگىل، ئايىت بارچا سۆز،
كۆڭۈل تاپلاماسا يىراق تۇتغىل ئۆز.

ھەممە سۆزۈڭنى ئېيتىپ كىشىلەر بىلەن كېڭەشكىن،
كۆڭلۈڭ خالىمىسا، ئۆزۈڭنى يىراق تۇت.

3690 قامۇغدا باغىرساق ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل تاپلاماز ئىشنى قود، كەس سۆزۈڭ.

ھەممىدىن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ سادىقسەن،
كۆڭۈل خالىمىغان ئىشنى قوي، سۆزۈڭنى تۈگەت.

3691 كۆڭۈل تاپلاماسا قايۇ ئىشلەرىگ،
ئاسىغ بولماز ئاندا، ئاي كۆڭلى تىرىگ.

قايسى ئىشنى كۆڭۈل خالىمىسا،
ئۇنىڭدىن پايدا بولمايدۇ، ئەي دىلى روشەن.

3692 كۆڭۈل تاپلامادى بۇ ئىشنى سەۋە،
ئۆزۈم ياندى ئەمدى بۇ سۆزدىن ئەۋە.

بۇ ئىشنى كۆڭلۈم سۆيۈپ خالىمىدى،
ئەمدى بۇ سۆزدىن دەرھال يانىمەن.

3693 سەنىڭدىن قولۇرمەن مۇنۇ ئۆزرۈمى،
قودۇ بەر مەنى، ئاي كىشى كۆدرۈمى.

سېنىڭدىن مۇنۇ ئۆزرەمنى سورايمەن،
مېنى يالغۇز قويغىن، ئەي كىشىلەر سەرخىلى.

3694 ئەلىگكە تۇسۇلغۇ يوق ئەردەملەرىم،
نە قىلقىم، قىلىنچىم، ساۋىم ـ سۆزلەرىم.

ئەلىگكە پايدا يەتكۈزگۈدەك پەزىلەتلىرىم يوق،
قىلىقلىرىمۇ، مىجەزىممۇ، سۆز ـ نەسىھەتلىرىممۇ (بىھۇدە).

3695 ئۆزۈم دۇنيادىن قاچتى، كەلدى بەرۇ،
يانا مەن نەگۇتەك بارايىن نارۇ.
مەن دۇنيادىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەن،
يەنە نېمە دەپ ئۇ يەرگە بارىمەن؟
3696 بايات تاپغىڭا بۇ ئۇلانمىش ئۆزۈم، A106
كىشى تاپغى قىلماق يارارمۇ، تۇزۇم.
مەن خۇدانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە باغلاندىم،
(ئەمدى) كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يارىشامدۇ، كۆڭلى تۈز.
3697 قودۇ بەرگىل ئەمدى مەنى تەڭرىگە،
دۇئاچى بولايىن ساڭا ئەدگۇگە.
ئەمدى مېنى تەڭرى (ئىختىيارى)غا قويۇۋەت،
سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن دۇئاگۇي بولاي.
3698 ئىككى ئۆز كۆرۈشمەك تىلەسە كۆسەپ،
ماڭار كەلمە سەن، مەن بارايىن تىلەپ.
ئىككىمىز سېغىنىشىپ، كۆرۈشۈشنى خالىساق،
سەن مېنىڭ قېشىمغا كەلمە، مەن (سېنى) ئىزدەپ باراي.
3699 ماڭا تەگسۇ ئەمگەك، سەن ئىنچىن تىرىل، C217
ئەلىگ تاپغى بىرلە بودۇن ئاسغى قىل.
جاپانى مەنلا تارتاي، سەن راھەتتە ياشا،
ئەلىگنىڭ خىزمىتى بىلەن خەلققە پايدىلىق (ئىش) قىل.
3700 نەگۇ تەر ئەشىتكىل باغىرساق كىشى،
ياقىنلىق ئۇلاغلى تاپۇغساق كىشى:
يېقىنلىق كۆرسەتكۈچى، سادىق خىزمەت قىلغۇچى
مېھرىبان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
3701 قومىتسا كۆڭۈل، كۆر، يورىتسا كىشىگ،
ياقىن بولدى ساقىن تىلەمىش ئىشىگ.
كۆڭۈل ھاياجانلىنىپ، باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرسە،
تىلىگەن ئىشى يېقىن بولىدۇ دەپ ھېسابلا.
3702 تىلەك بىرلە ماڭسا كىشى ئارزۇلاپ،
ئارىپ يولدا قالماز تىلەكىن، ئۇلاپ.

كىشى ئارزۇ ـ تىلەك بىلەن ماڭسا،
ھېرىپ يولدا قالمايدۇ، تىلىكىگە يېتىدۇ.

B270 3703 تىلەككە بارۇر ئەرسە يالڭۇق يورىپ،
بۇلۇر ئول تىلەكىن، بۇ قالماز ئارىپ.
ئىنسان تىلىكى بويىچە يولغا چىقسا،
ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ، (يېرىم يولدا) ھېرىپ قالمايدۇ.

3704 ئەدى ياقشى ئايمىش سەۋتىمىش كىشى،
ۋەفاقا چاۋىقمىش سەۋۇگلەر باشى.
ۋاپا بىلەن داڭ چىقارغان، سۆيۈندۈرگەن،
ئاشىقلار بېشى بەك ياخشى ئېيتقانىدى:

3705 «ياقىن بولسا كۆڭلۈن، يىراق يەر ياقىن،
ياقىنلىق ۋەفاسىن كۆڭۈلگە باقىن.
«كۆڭۈل يېقىن بولسا، يىراق يەرمۇ يېقىن (بولىدۇ)،
يېقىنلىق ۋاپاسىنى (كۆرۈش ئۈچۈن) كۆڭۈلگە قارا.

3706 تۇغاردىن پاتارقا بىر ئۆرلەم يەر ئول،
ۋەفا بىرلە بىلسە ياقىنلىق ھەقىن».
ئەگەر يېقىنلىق بەدىلىگە ۋاپا بىلەن قارالسا،
شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىق بىرلا داۋاندۇر».

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3707 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: سۆزۈم
ئەشىتگىل، ئەشىتتى سۆزۈڭنى ئۆزۈم.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
سۆزۈمنى ئاڭلا، مەن سېنىڭ سۆزۈڭنىمۇ ئاڭلىدىم.

3708 تىلەكىڭ بۇ ئەرسە سەنىڭ، ئاي قاداش،
كۆچەمەزمەن ئەمدى، كۆڭۈل قىلما باش.
ئەي قېرىنداش، سېنىڭ تىلىكىڭ شۇ بولسا،
ئەمدى كۆچمەيمەن، كۆڭلۈڭنى زېدە قىلما.

3709 كەسلدى سۆزۈم، سەن ئەسەن، ئەدگۈ قال،
ئەلگكە بتك بەر، يۈزۈم قلما ئال.
سۆزۈم تۈگىدى، ئېسەن ـ ياخشى قال،
(لېكىن) ئەلىگكە خەت يېزىپ بەر، يۈزۈمنى قىزارتما.

3710 بتك ئدتى ئەلگ ئۆز ئەلگن بتپ،
ئۆزۈڭ بارماسا سەن، بتك بەر ئەتپ.
ئەلىگ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتتى،
سەن ئۆزۈڭ بارمىساڭمۇ، خەت يېزىپ ئەۋەت.

3711 تۈتاين مەن ئەمدى ماڭا بەر جەۋاب،
سۆزۈڭ سۆزلەيۈك ئۆز تلن ئۈلگۈلەپ.
ئەمدى ماڭا جاۋاب بەر، (ئۈنى ئەستە) تۈتاي،
ئۆز تىلىڭ بىلەن ئۆلچەپ، قىلىدىغان سۆزۈڭنى قىل.

3712 تلن سۆزلەگل هەم بتگل بتك،
ئەلگكە ياناين، ئاي بلگە تەتك.
ئېغىزىڭدىمۇ سۆزلە، خەتنىمۇ يازغىن،
ئەلىگ قېشىغا باراي، ئەي چېچەن ئالىم.

44

ئودغۇرمىش ئەلىگكە بىتىك بىتىپ ئىدمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3713 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: بىتىك
بىتيىن، كۆر ئانچا، ئاي بىلگە تەتىك.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: مەكتۇپنى
يېزىپ بېرەي، بىرئاز كۈتۈپ تۇر، ئەي زېرەك ئالىم.

* * *

3714 دەۋات قولدى كاغەز، كۆتۈردى قەلەم،
ئەلىگكە بىتىك باشلادى سۆز ئۇلام.
دۇۋەت، قەغەز سورىدى، قەلەمنى (قولىغا) ئالدى،
سۆزلىرىنى تىزىپ، ئەلىگكە خەت يېزىشقا كىرىشتى.
3715 بايات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادى، C 218
تۆرۈتكەن، ئىگىدگەن، كەچۈرگەن تەدى.
خۇدا نامى بىلەن سۆزىنى باشلىدى،
(ئەي) ياراتقان، پەرۋىش قىلغان، كەچۈرگۈچى ئىگەم، دېدى.

* * *

3716 ئۆكۈش ئۆگدى، سانسىز سەنا بۇ تىلىن
قىلۇرمەن، باياتقا، ئايىن هەم يىلىن.
ئايلار، يىللار، توختىماستىن
خۇداغا كۆپ ۋە سانسىز هەمدۇسانا ئېيتىمەن.
3717 ياغىز يەر، ياشىل كۆك ياراتتى كۈن، ئاي،
قاراڭقۇ، يارۇقلۇق، چىغاي تۇت، يا باي.

(خۇدا) قارا تۇپراقنى، كۆك ئاسماننى، ئاي ۋە كۈننى،
قاراڭغۇنى، يورۇقلۇقنى ھەمدە كەمبەغەل، بايلارنى ياراتتى.

3718 تۆرۈتتى قالىن بود، بۇ سانسىز تىرىگ،
تىرىلگۈ بەرۈر، قودماز ئاچىن بىرىگ.
تۈگىمەس مەۋجۇداتلارنى، سانسىز جانلىقلارنى ياراتتى،
ھېچبىرىنى ئاچ قويمىدى، رىزىق بەردى.

3719 بىر ئول، بىر ئىدىكىم، تۆرۈتتى ئىكى، B271
ساقىشقا قاتىلماز ئانىڭ بىرلىكى.
ئۇ يەككە ـ يېگانە بىر ئىگەمدۇر، ئىككى (ئالەم) نى ياراتتى،
ئۇنىڭ بىرلىكى ھېسابقا قېتىلمايدۇ.

3720 بىر ئول بار سەزىكسىز، قالى ـ قانچاسىز،
كۆڭۈلدە يىراق تۇتغۇ ئوقشاغ، مەڭىز.
ئۇ شۈبھىسىز يەككىدۇر ۋە باردۇر، قانداق، قانچە دېيىشكە بولمايدۇ.
ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەقلىدنى كۆڭۈلدىن يىراق تۇتۇش كېرەك.

3721 ئۇلۇغلۇق ئاڭار ئول، بەدۈكلۈك ئاڭار،
ئۇغان ئەركلىگ ئول بىر قامۇغدىن سىڭار.
ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭغا (خاستۇر)، بۈيۈكلۈكمۇ ئۇنىڭغا (خاس).
ئۇ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىگە ھاكىمدۇر.

3722 ياراتتى قالىن، بارچا سانسىز قۇلۇغ،
تىلەمىشە بەردى ئاغىرلىق قامۇغ.
ئۇ بارچە كەڭ ۋە سانسىز قۇللارنى ياراتتى،
تىلىگەنلەرگە ھەممە قەدىر ـ قىممەتنى ئاتا قىلدى.

3723 قاراڭقۇ تىتىكسىگ بۇ بۆرك ئەۋ ئىچى،
يارۇتتى ياشىق بىرلە ئەركلىگ كۈچى.
بۇ قاراڭغۇ ۋە زەي گۈمبەز ئۆي ئىچىنى
قۇدرىتى ئارقىلىق قۇياش بىلەن يورۇتتى.

3724 ياشىل كۆك تۆرۈتتى، كۆتۈردى ئەدىز،
كۈن ئاي بىرلە يۇلدۇز بەزەدى بەدىز.
كۆك ئاسماننى ياراتتى، (ئۇنى ھەممىدىن) ئېگىز كۆتۈردى،
كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بىلەن ئۇنى بېزىدى.

3725 قودىسى ياغىز يەر، ياشىل سۆۋ بىلە،
ئۆرۈسى سۈزۈگ يەل ئۈزە ئوت ئۆلا.
تېگى بوز يەر، يېشىل سۇدىن ئىبارەت بولسا،
يۇقىرىسى ساپ هاۋا بىلەن ئوتتىن ئىبارەت.

3726 ئىسىگ، تومىلىغ هەم قۇرۇغ، يا ئۆلۈگ
ياراشتۇردى، خەلققە تەگۈردى ئۈلۈگ.
ئىسسىق بىلەن سوغۇقنى، قۇرۇق بىلەن هۆلنى
ماسلاشتۇرۇپ، خەلققە تېگىشلىك نېسىۋە ئاتا قىلدى.

3727 تۆرۈتتى تىلەكتەك تىلەمىش تىلەك،
كەرەك بولمادى ئاندا ئارقا يۆلەك.
تىلىگەنلىرىنى خالىغىنىدەك ياراتتى،
ئۇنىڭغا ئارقا يۆلەك كېرەك بولمىدى.

A107 3728 تىلەسە ئاغىرلار تاپۇغسۇز قۇلۇغ،
تىلەسە ئۈچۈزلار تۇسۇلماز تاپۇغ.
خالىسا، ئىبادەت قىلمىغان بەندىسىنى ئەزىزلەيدۇ،
خالىسا، پايدىسىز ئىبادەتنى خار قىلىدۇ.

3729 تىلەمىش تىلەكى بولۇر، بول تەسە،
يورىتۇر قەزاسىن نە ئەرسە كەسە.
بول، دېسە خالىغان تىلىكى بولىدۇ،
هەرنېمىگە كەسكىن (هالدا) ئۆز قازاسىنى يۈرگۈزىدۇ.

3730 ئۆكۈش مىڭ سەلامىم سەۋۈگ ساۋچىقا،
ئول ئەدگۈ قۇلاۋۇز كۆنى يولچىقا.
سۆيۈملۈك پەيغەمبەرگە تۈمەنمىڭ سالام (بولسۇن)،
ئۇ ياخشى يول كۆرسەتكۈچى، توغرا رەهبەردۇر.

3731 ئەلىگكە دۇئاچى بىتىدىم بىتىك،
سەلامىن ئەسەنلىك ئۆزە، ئاي تەتىك.
ئەلىگكە دۇئاگۈي بولۇپ مەكتۇپ يازدىم،
ئېسەنلىكىم بىلەن سالىمىمنى بايان قىلدىم، ئەي زېرەك.

C219 3732 ئەلىگ يارلىقامىش بىتىك بىرلە سۆز،
ئوقىدىم بىتىكىن، يارۇق بولدى كۆز.

ئەلىگ مەكتۇپ بىلەن سۆز ئارقىلىق يارلىق بېرىپتۇ.
مەكتۇپىنى ئوقۇپ، كۆزۈم روشەن بولدى.

3733 ئۆكۈش ئەدگۈ يارلىغ، تۈمەن ئۆت ئەرىگ
ماڭا يارلىقامىش قامۇغ سۆزلەرىگ.

كۆپ ياخشى يارلىقلار، نۇرغۇن نەسىھەتلەر
(ۋە) بارچە سۆزلەر بىلەن ماڭا مەرھەمەت قىپتۇ.

3734 يەمە ۋەئدە قىلمىش ئۆكۈش ئەدگۈلۈك،
ئاغىرلىق، ئاچىغلار يەگۈ ـ كەدگۈلۈك.

يەنە، كۆپ ياخشىلىقلارنى، قەدىر ـ قىممەت،
ئېھسان، يېمەك (ئىچمەك)، كىيىم ـ كېچەكنى ۋەدە قىپتۇ.

3735 يورىغلى بۇ يالڭۇق بۇ ئارزۇ ئۇزە،
يورىرلار تىلەيۇ ئاژۇنۇغ كەزە.

هايات ئىنسانلار بۇ (نەرسىلەرنى) ئارزۇ قىلىپ،
جاھاننى كېزىپ يۈرمەكتە.

3736 تاپۇغسۇز ئۆزۈم بۇلسا ئەدگۈ ئاچىغ، B272
قالى تاپلامازمەن بۇ دەۋلەت ياشىغ.

مەن خىزمەت قىلماي تۇرۇپ، ياخشى ئىززەتكە ئىگە بولدۇم،
(شۇنداق ئىكەن) بۇ دۆلەت قوياشىنى قانداقمۇ قەدىرلىمەي (تۇرالايمەن؟)

3737 ۋەلىكىن بۇ بىر قاچ مۇنى بار ئادىن،
ئۆزىم بارسا ياسىما كەلگەي كەدىن.

ۋە لېكىن بۇنىڭدىن باشقا بىرنەچچە نۇقسانمۇ بار،
مەن بارسام زىيانمۇ ئەگىشىپ بارىدۇ.

3738 ئۇلاردا بىرى، بۇ تاپۇغ بىلمەز ئۆز،
بارىپ تاپىنۇماسا يارۇماغا يۇز.

بۇلاردىن بىرى، مەن خىزمەت قىلىشنى بىلمەيمەن،
بېرىپ خىزمەت قىلالمىسام، يۈزۈم يورۇق بولمايدۇ.

3739 تۆرۈ يوق، توقۇ يوق يەمە قىلق، قىلىنچ،
تۆرۈسۇز تاپۇغچى يارامىاز ئەرىنچ.

(مېنىڭدە) قائىدە ـ يوسۇن ھەمدە (ياخشى) خۇي ـ پېئىل يوق،
بىلگىنكى، قائىدە ـ يوسۇنسىز خىزمەتچى (ھېچ ئىشقا) يارىمايدۇ.

3740 ئىكىنچى، جەفاچى بۇ دۇنياغ بىلىپ،
جەفا قىلدىم، ئاشنۇ جەفا قىلغا تەپ.
ئىككىنچى، بۇ جاپاكەش دۇنيانى چۇشىنىپ،
جاپا قىلدۇ، دەپ مەنمۇ ئالدى بىلەن جاپا قىلدىم.

3741 باياتقا سىغىندىم، ئۆزۇگ بەكلەدىم،
بۇ دىن بىرلە ئىمان كۇدەزسۇ ئىدىم.
خۇداغا سىغىندىم، ئۆزۇمنى يوشۇردۇم،
دىنىم ۋە ئىمانىمنى ئىگەم (ئۆزى) ساقلىسۇن.

3742 بوغۇزقا، ئەگىنگە بارىم يەتگەيئۆك،
نەرەك ئاندا نارۇ، ماڭا بولغا يۇك.
گېلىمغا، ئەگنىمگە بار (نەرسىلىرىم) يېتىدۇ،
ئۇنىڭدىن باشقىسى نېمە كېرەك؟ ئۇ ماڭا يۇكتۇر.

3743 بوغۇزقا يەيىم ھەم ئەگىنگە كەدىم،
ماڭا قىلماز ئەكسۇك تۆرۇتگەن ئىدىم.
گېلىمغا يەيدىغىنىمنى ۋە ئەگنىمگە كىيىدىغىنىمنى
ياراتقان ئىگەم (مەن ئۇچۇن) كەم قىلمايدۇ.

3744 تۆرۇتتى، ئىگىدتى بۇ ئۆدگە تەگى،
تاقىما ئىگىدگەي، ئاي دۇنيا بەگى.
(مېنى) ياراتتى، ھازىرغا قەدەر رىزقىمنى بېرىپ كەلدى،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ رىزقىمنى بېرىدۇ، ئەي دۇنيا بېگى.

3745 ساڭا بەردى دۇنيا، ئەسىركەمەدى،
ماڭا بەرمەگەيمۇ بەرىگلى ئىدى.
ساڭا دۇنيا بەردى، ئايىمىدى،
سېخىي ئىگەم ماڭىمۇ (دۇنيا) بەرمەسمۇ؟

3746 قامۇغ ئەدگۇ ـ ئەسىز، چىغاي ـ بايلىقىم،
باياتتىن كۆرۇرمەن ئاي ئەرسىگ ئاقىم.
بارلىق ياخشى ـ يامانلىقىم، كەمبەغەل ـ بايلىقىمنى
خۇدادىن كۆرىمەن، ئەي مەرد باتۇر.

3747 بايات قاپغى تۇتتۇم، قىلۇرمەن تاپۇغ،
قامۇغ خەلق يۇمىتغۇ بۇ ئول چىن قاپۇغ.

خۇدانىڭ دەرگاھىنى تۇتتۇم، ئىبادەت قىلىمەن،
ھەممە خەلق جەم بولىدىغان ھەقىقىي دەرگاھ ئەنە شۇدۇر.

3748 ساڭا ئاي سەنىڭ قاپىغىڭا مەن بارىپ،
نەگۈنى تىلەيىن تىرىگلىك ئىدىپ.
مەن ساڭا ياكى سېنىڭ دەرگاھىڭغا بېرىپ،
تىرىكچىلىك قىلسام، نېمىلەرنى تىلىشىم مۇمكىن.

3749 C220 ئىكىگۈ بايات قۇللارىمىز بىزئۆك،
بۇ قۇللۇق ئىچىندە قۇرۇمىز تۈزئۆك.
ھەر ئىككىمىز پەقەت خۇدانىڭ قۇللىرى،
قۇللۇق جەھەتتە(ھەر ئىككىمىز)تەڭ ـ باراۋەر.

3750 بۇ قۇل قۇلقا قۇللۇق ياراغسىز بولۇر،
تاپۇغچىقا تاپسا ئۇچۇزلۇق بۇلۇر.
قۇلغا قۇللۇق قىلىش يارىماس ئىشتۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قىلىش قەدىرسىزلىكتۇر.

3751 كىشى ھىممەتى بولسا مۇنداغ كەرەك
بايات تاپغى قىلسا، ئۇرۇنسا يۇرەك.
كىشىنىڭ ھىممىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى،
كۆڭۈل قويۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلسۇن!

3752 ئەدى ياقشى ئايمىش سۆزۈلمىش كۆڭۈل،
ئەشىتكىل، ئاي بىلگە ئۇقۇشلۇغ ئامۇل:
دىلى سۆزۈك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئالىم
بەك ياخشى ئېيتقان، بۇنى ئاڭلا، ئەي دانا:

3753 B273 «ئاچىغلى، تودۇغلىقا قىلما تاپۇغ،
نەگۈگە قىلۇرسەن تاپۇغقا بۇتۇغ.
«(قورسىقى) ئاچىدىغان ۋە تويىدىغان (كىشىگە) خىزمەت قىلما،
نېمىشقا تىۋىنماققا بىر بۇت ياسايسەن؟

3754 تاپىن بىر باياتقا تۇشى تىنمادىن،
تۇنۇن، كۈندۈزۈن بۇل ئاچىغلىغ قاپۇغ».
بىردەممۇ تىنماي، بىر خۇداغا سىغىن،
كېچە ـ كۈندۈز ئوچۇق بۇ ئىشىكنى تىلە».

3755 ئاي ئەلىگ، بۇ تۆرت ھاجەتىم قىل رەۋا،
ساڭا تاپنايىن مەن ئەلىگ، يۈز ئوۋا.
ئەي ئەلىگ، مۇنۇ تۆت ھاجىتىمنى راۋا قىلغىن،
مەنمۇ قۇلۇڭ، يۈزۈڭنى سۆيۈپ ساڭا خىزمەت قىلاي:

3756 تىرىگلىك قولۇرمەن ئۆزۈم ئۆلگۈسۈز،
يىگىتلىك تىلەرمەن قارى بولغۇسۇز.
مەن ئۆلمەي ياشاشنى خالايمەن،
قېرىماس يىگىتلىكنى تىلەيمەن.

3757 ئەسەن تۇت مەنى سەن تۇچى ئىگسىزىن،
بايۇتغىل، چىغاي قىلماغىل نەڭسىزىن.
سەن مېنى دائىم كېسەلسىز ئېسەن تۇت،
بېيىتقىن، مالسىز كەمبەغەل قىلىپ قويما.

3758 بۇ تۆرت نەڭ ماڭا بەر، ساڭا تاپنايىن،
سەۋۈگ جان يۇلۇغلاپ ئۆزۈم ئەتنەيىن.
بۇ تۆت نەرسىنى ماڭا بەرسەڭ، ساڭا خىزمەت قىلاي،
سۆيۈملۈك جېنىمنى پىدا قىلىپ، ئۆزۈمنى بېغىشلاي.

3759 بۇ نەڭلەر ماڭا بەرسە سەن، ئاي ئەلىگ،
ئۆزۈم قۇل قىلايىن، بىرەيىن ئەلىگ.
ئەي ئەلىگ، بۇ نەرسىلەرنى ماڭا بېرەلىسەڭ،
مەنمۇ (ساڭا) قول بېرىپ، ئۆزۈمنى قۇل قىلاي.

3760 مۇنى بەرگۈگە بەر، كۈچۈڭ يەتمەسە،
نە ئارتۇقلۇقۇڭ بار، ماڭا ئاي كەسە.
بۇلارنى بېرىشكە كۈچۈڭ يەتمىسە،
مەندىن قانداق ئارتۇقچىلىقىڭ بار، كېسىپ ئېيت!

3761 يەگۈ ـ كەدگۈ ئەرسە يەگۈم بار كەدىم،
تاقىما كەرەك بولسا بەرگەي ئىدىم.
يېمەك، كىيمەك (كېرەك) بولسا، يېمىكىم، كىيىمىم بار،
يەنە كېرەك بولسا، ئىگەم (ئۆزى) بېرىدۇ.

3762 ئاغىرلىق، ئۈچۈزلۈق باياتتىن تۇرۇر،
ئۆلۈم يا تىرىگلىك ھەم ئاندىن ئەرۇر.

قەدىر ـ قىممەت، خارلىق خۇدادىن بولىدۇ،
ئۆلۇش ۋە تىرىلىشمۇ ئۇنىڭ (ئەمرى) بىلەندۇر.

3763 مۇنى چىن بىلىكلى ئۇقۇشلۇغ كىشى،
ئادىنسىغ بولۇرمۇ، ئاي ئەلچى باشى؟
بۇنى ھەقىقىي بىلىدىغان ئىدراكلىق كىشى
باشقىچە (ھەرىكەتتە) بولامدۇ، ئەي ھاكىم؟

3764 مەنى بىر باياتىم كۈدەزمىشتەك،
كۈدەزۈمەگەيسەن، ئايا ئەسلى بەگ.
مېنى بىر خۇدايىم ئاسرىغىنىدەك
سەن ئاسرىيالمايسەن، ئەي ئېسىل بەگ!

3765 A108 C221 سەنى مەن كۈدەزگۈ كەرەك مەن كەچە،
مەنى ئول كۈدەزۈر، سۆز ئايدىم ئاچا.
مەن (داۋاملىق) سېنى ئاسرىشىم كېرەك،
مېنى (بولسا) ئۇ (خۇدا) ئاسرايدۇ، ئوچۇق سۆزۈم شۇ.

3766 ئۆزۈڭ تودماغىنچا ماڭا تەگمەز ئاش،
مەنى تودرۇر ئۆڭدۈن، ئۆزى يەمەز ئاش.
ئۆزۈڭ تويمىغۇچە ماڭا ئاش تەگمەيدۇ،
خۇدا بولسا، ئاۋۋال مېنى تويغۇزىدۇ، ئۆزى ئاش يېمەيدۇ.

3767 ئۆتۈكچى كەرەكسىز مۇڭادسا ئۆزۈم،
تىلىم تەپرەمەدىن ئەشىتۈر سۆزۈم.
موھتاجلىقتا قالسام، تەسەللى بەرگۈچى ھاجەت ئەمەس،
تىلىمنى تەۋرەتمەستىلا، سۆزۈمنى ئاڭلايدۇ.

3768 B274 قاپۇغچى تىدۇماز، يا يول قىلغۇچى،
تەگۈرمەز ماڭا بىر كۈۋەز، كۈر كۈچى.
دەرۋازىۋەن ياكى يول كۆرسەتكۈچى توسۇۋالالمايدۇ،
بىرەر مەنمەنچى ـ تەكەببۇر (ماڭا) زورلۇق قىلالمايدۇ.

3769 ساڭا يازسا مەن، سەن كەچۈرمەگەسەن،
كەچۈرگەي ئىدىم مىڭ يازۇق قىلسا مەن.
ساڭا گۇناھ قىلسام مېنى كەچۈرمەيسەن،
مىڭ گۇناھ قىلساممۇ، ئىگەم مېنى كەچۈرىدۇ.

3770 نەگۇ تەر ئەشتكىل يازۇقلۇغ قۇلى،
كۆڭۈل سىررى ئاچتى، كۆر، ئۆتنۈر تىلى:
گۇناھكار قۇل نېمە دەيدۇ ئاڭلا،
قارىغىنا، كۆڭۈل سىرىنى ئېچىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى:
3771 ئايا چىن ۋەفالىغ باغىرساق ئىدىم،
سەنىڭدە باغىرساق ئادىن بۇلمادىم.
ئەي چىن ۋاپادار، مېھرىبان ئىگەم،
سەندىن ۋاپالىقراق باشقىسىنى تاپالمىدىم.
3772 مۇڭادمىش ئۆزۈمگە بەرۇرسەن تىلەك،
ياۋۇز ئارقاسىزقا سەن ئارقا يۆلەك.
ھاجەتمەن بولۇپ قالغىنىمدا تىلىكىمنى بېرىسەن،
ھېچقانداق يۆلەكچىسى يوقلارغا ئارقا تىرەكسەن.
3773 ئىگىمگە شىفاسەن، ساقىنچقا سەۋىنچ،
مۇڭۇمقا تايانچىم، ئەرىكسە ئاۋىنچ.
دەردىمگە شىپاسەن، غەملىرىمگە سۆيۈنچ،
مۇڭۇمغا تايانچسەن، زېرىكىشىمگە ئەرمەك.
3774 كۇۋەنچىم، ئاۋىنچىم، سەۋىنچىم قامۇغ،
سەۋىنچىڭ ئىچىندە تۇرۇر، ئاي ئۇلۇغ.
شادلىقىم، ئاۋۇنچۇم، سۆيۈنچۈم
ھەممىسى (سېنىڭ) سۆيۈنچىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئەي ئۇلۇغ.
3775 ئۆكۈش قىلدىم ئەمدى ساڭا مەن يازۇق،
سەنىڭ رەھمەتىڭدە بۇ يازۇق ئازئوق.
مەن ساڭا كۆپ گۇناھ قىلدىم،
سېنىڭ رەھمىتىڭ (بولغاچقا) بۇ گۇناھلىرىم ئاز ھېسابلىنىدۇ.
3776 كەچۈرگىل يازۇقۇم، ساڭا ياسى يوق،
قىناما مەنى سەن، ساڭا ئاسغى يوق.
گۇناھلىرىم كەچۈرگىن، ساڭا بۇنىڭ زىيىنى يوق،
مېنى قىينىما، (قىيناشنىڭ) ساڭا پايدىسى يوق.
3777 يازۇقۇم تەلىم ئەرسە رەھمەتمە بار،
ئانى قىل مەنىڭ بىرلە، سەندىن يارار.

گۇناھىم كۆپ بولسا، رەھمىتىڭمۇ بار،
شۇ (رەھمىتىڭ)نى ماڭا ھەمراھ قىل، بۇ ساڭا يارىشىدۇ.

3778 ئەگەر قىناسا سەن، ياراغلىغمامەن،
كەچۈرسە كەچۈر سەن، ياراغلىغماسەن.
ئەگەر قىينايمەن دېسەڭ، (بۇنىڭغىمۇ) لايىقمەن،
كەچۈرىدىغان بولساڭ، كەچۈر، كەچۈرۈشكە لاياقەتلىكسەن.

3779 بىلىرسەن، بىلىرمەن، سەنى بىر ئىدىم،
بىلىرمەن، بىلىرسەن، سەنى بىر تەدىم.
سېنى بىر ئىگەم دەپ بىلىدىغانلىقىمنى بىلىسەن،
بىلىمەنكى، سېنى (پەقەت) بىرلا، تونۇغىنىمنى بىلىسەن.

3780 ئوتۇنمەن، ئوتۇنلۇق بىلە ئۆز ئۇلىر،
تۇزۇنسەن، تۇزۇنلۇكمە سەندىن كەلىر.
مەن ئەدەپسىزمەن، ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن نالە قىلىمەن،
سەن مۇلايىمسەن، مۇلايىملىق سەندىن كېلىدۇ.

3781 ئورۇنچاق تۇرۇر بۇ سەۋۈگ جان رەۋان،
ئورۇنچاق يانا بەر، كۆتۈرمەز بۇ جان.
بۇ سۆيۈملۈك جان راۋان (بولۇش ئۈچۈن) ئامانەتتۇر،
(بۇ ئامانەت جاننى) يەنە (باشقىغا) ئامانەت بېرىشكە بولمايدۇ.

3782 ئاي ئەلىگ، بۇ دۇنيا كەچىملىگ تۇرۇر، C222
تىرىگلىك كۇنىڭە تۇگەر، ئالقىنۇر.
ئەي ئەلىگ، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر،
ياشىغان كۈنلىرىڭ (ئاستا ـ ئاستا) ئۈپراپ تۈگەيدۇ.

3783 نەگۈگە ئىنانىپ ساقىنغۇ ئۇزۇن،
نەگۈگە سۇچىنىپ ئاۋىنغۇ ئۆزۈن.
نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇزاق سېغىنىسەن؟
نېمىشقا ئۇنىڭغا شادلىنىپ ئۆزۈڭنى ئالدايسەن؟

3784 ئاتا باردى ئەش، تۇش، ئەچى، يا ئىنى،
ئانا باردى، ئوغلۇڭ، قىزىڭ، كۆر، قانى.
ئاتاڭ، يار ـ بۇرادەرلىرىڭ، ئاكا ـ ئىنىلىرىڭ كەتتى،
ئاناڭ كەتتى، قارىغىنا، ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ قېنى؟

3785 ئۆلۈگلىگ كۆرۈرسەن، ئۆلۈگسەن تىرىگ،
سەزىك تۇتما، بىر كۈن ئەشۈنگەي يەرىگ.
ئۆلگەنلەرنىلا كۆرىسەن، ئۆلۈم (ئۈچۈنلا) تىرىكسەن.
شۈبھە قىلمىغىنكى، بىر كۈن يېرىڭگە كۆمۈلىسەن.

3786 ئۇسانما، ئاي ئەلىگ، ئۇدىما ئودۇن،
ئۆزۈڭدە كەدىن ئەدگۈ ئاتىڭ قودۇن.
ئەي ئەلىگ، بىخۇد بولما، ئۇيقۇدىن ئويغان!
ئۆزۈڭدىن كېيىن ياخشى نام قالدۇرۇپ كەت.

3787 ياۋا قىلدىڭ ئەرسە كەچۈرمىش كۈنۈڭ،
ياۋا قىلما ئەمدى كەلىگلى تۈنۈڭ.
ئۆتكەن كۈنلىرىڭنى بىھۇدە (ئۆتكۈزگەن) بولساڭ،
ئەمدى كەلگۈسى تۈنلىرىڭنى زايە قىلما.

3788 كەچەر كۈن ئىچىندە كەرەكىڭ ئالىن،
كۆچۈتچى كەلىرگە ئەتىكىن قىلىن.
ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىڭنىڭ ئىچىدىن كېرەكلىكىنى ئال،
(سېنى) ئېلىپ كېتىدىغان، كەلگۈسى (كۈنلەر ئۈچۈن) ھازىرلىق
قىلىپ قوي.

3789 بۇ ھالىغ كۆرۈردە مەنىڭ بۇ كۆزۈم،
نەگۈتەك بارۇغاي ساڭا بۇ ئۆزۈم.
مەن بۇ ھالىڭنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتسام،
يەنە سېنىڭ ئالدىڭغا نېمە دەپ بارىمەن؟

3790 جەفالىغ ئاژۇندىن كۆتۈردۈم كۆڭۈل،
ۋەفالىغ ئىدىمگە سىغىنىدىم ئامۇل.
(بۇ) جاپاكەش دۇنيادىن كۆڭلۈمنى ئۈزدۈم،
ۋاپادار ئىگەمگە ياۋاشلىق بىلەن سىغىندىم.

3791 قودۇ بەر، ئاي ئەلىگ، مەنى سەن ماڭا،
دۇئاچى بولايىن بۇ يەردە ساڭا.
ئەي ئەلىگ، مېنى ئۆز (ئەھۋالىمغا) قويۇپ بەر،
بۇ يەردە (تۇرۇپ) ساڭا دۇئاگۇي بولاي.

3792 نەگۆگە تۇسۇلغاي ساڭا بۇ ئۆزۆم،
ئۆزۆڭگە ئۆزۆڭئۆك تۇسۇل، تۇت سۆزۆم.
مەن ساڭا قانداق نەپ كەلتۇرەلەيمەن؟
ئۆزۆڭگە ئۆزۆڭلا پايدا يەتكۇز، سۆزۆمنى ئال.
3793 کىشىدىن تۆڭۇلدۇم، تۆڭۇل سەن يەمە،
کىشىدىن ئاسىغ يوق ساڭا يا ماڭا.
مەن کىشىلەردىن ۋاز كەچكەن، سەنمۇ ۋاز كەچكىن،
کىشىلەردىن ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدا يوق.
3794 مەن ئەمدى بۇ قالمىش تىرىگلىك ئىدىپ، B275
باياتىم سەۋىنچىن تىلەرمەن تاپىپ.
مەن ئەمدى قالغان تىرىكچىلىكىمنى سەرپ قىلىپ
ئىبادەت بىلەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى تىلەيمەن.
3795 بارى تاپ، كەرەكسىز ئادىن ئارتۇقۇم،
بۇ دۇنيا تۇپى كەد ئۇيۇك، ئول سۇقۇم.
بارى كۇپايە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى هاجەت ئەمەس،
بۇ دۇنيا تۇۋى يوق پاتقاقلىقتۇر، ئەي تەمەگەر.
3796 تۇپى يەل كەچەرتەگ تىرىگلىك كەچىپ،
ئودۇندۇم مەن ئەمدى، كۆيەرمەن ئاچىپ.
تىرىكلىك شامالدەك ئۆتۇپ كەتكەندە
مەن ئەمدى ئويغاندىم، شۇڭا ئىچىنىپ ئۆرتىنىمەن.
3797 ئەگىن پۇتتى، بوغزۇم يەمە بولدى توق، A109
تۆبۇن بارسۇ دۇنيا، ئادىن ئاسغى يوق.
ئەگنىم پۇتۇن هەمدە گېلىم توق بولدى،
(ئەمدى) دۇنيا ئۆڭتۇرۇلسىمۇ، باشقا پايدىسى يوق.
3798 نەگۇ تەر ئەشىت بوغزى ـ ئەگنى پۇتۇن،
بارىم تاپ تەسە ئەر، بولۇر بەگ قۇتۇن.
گېلى(توق)، ئەگنى پۇتۇن (كىشى) نىمە دېگەن، ئاڭلا:
«بارى ـ كۇپايە» دېگەن ئادەم بەختلىك بەگ بولالايدۇ.
3799 ئەدى ياقشى ئايمىش تاپى بولمىش ئەر، C223
تاپىلىق ئىچىندە قۇتى تولمىش ئەر:

(بارىغا) قانائەت قىلغان، قانائەتلىك بىلەن
بەختكە ئېرىشكەن كىشى بەك ياخشى ئېيتقانىكەن:

3800 «بوغۇزقا يەيىمچە ئازۇندا يەدىم تاپ،
ئەگىنگە كەدىمچە ئەگىندە كەدىم تاپ.
«دۇنيادا گېلىمغا يېگۈدەك رىزىق بولغىنى،
ئەگنىمگە كىيگۈدەك كىيىم بولغىنى كۇپايە.

3801 تىرىگلىك بولۇرچا يەگۈمنى بۇلۇر مەن،
كەرەك بولسا بەرگەي، ماڭا بىر ئىدىم تاپ».
تىرىكچىلىك قىلالىغۇدەك يېمەككە ئېرىشەلەيمەن،
كېرەك بولسا بېرىدىغان ئىگەمنىڭ بولغىنى كۇپايە».

3802 تۇسۇلماق ئۇچۇن ئۇندەر ئەرسە ئەلىگ،
مەنىڭدە تۇسۇلغۇ ئۇقۇش يوق، بىلىك.
ئەلىگ (مېنى) پايدىلىنىش ئۈچۈن چاقىرغان بولسا،
مەندە پايدىلانغۇدەك ئەقىل ۋە بىلىم يوق.

3803 قالى ئەل ئىشىڭە تۇسۇلسۇ تەسە،
تۇسۇلغۇ يەرى يوق، سۆز ئايدىم كەسە.
ئەگەر ئەل ئىشىغا پايدىلىق بولسۇن دېسە،
پايدىلىق بولغۇدەك يېرىم يوق، سۆزۈمنى كېسىپ ئېيتتىم.

3804 قالى ئىش، كۇدۇكدىن تەر ئەرسە ماڭا،
مىڭ ئەر ئىشى قىلغاي قاداشىم ساڭا.
ئەگەر ئىشىمغا كۈچ قوشىدۇ دېسە،
قېرىندىشىم ساڭا مىڭ ئەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەلەيدۇ.

3805 ئاپاڭ ئەدگۇ تەر ئەرسە ئەلىگ مەنى،
ئۆدۇڭ ئەدگۇ بولسۇ، يارۇتغاي سەنى.
ئەگەر ئەلىگ مېنى ياخشى ئادەم دېگەن بولسا،
ۋاقتىڭ ياخشى ئۆتسۇن، (بۇ ياخشىلىق) سېنى خۇشال قىلىدۇ.

3806 مىڭ ئەدگۈگ ئاداقىنى تۇتغىنچا سەن،
ياقاڭنى بىر ئۆك يولى تۇتغىل ئەسەن.
سەن مىڭ ياخشىنىڭ ئايىغىنى تۇتقاندىن كۆرە،
ئېسەن(لىكىڭدە) ئۆزۈڭنىڭ ياقاڭنىلا تۇت.

3807 ئاژۇندا چاۋىقمىش نە تۇرلۇگ ئەرەن،
ئەلىگكە يۇمىتمىش تۇرۇر مىلڭ تۇمەن.
دۇنياغا مەشھۇر بولغان ھەر خىل كىشىلەر
مىڭلاپ ـ تۇمەنلەپ ئەلىگ ئەتراپىغا توپلانغان.

3808 نەگۇ بولغا مەندىن ئەلىگكە ئاسىغ،
ئاسىغسىز ئىشىگ قىلسا بولماز تاتىغ.
مەندىن ئەلىگكە نېمە پايدا تېگىدۇ؟
پايدىسىز ئىشنى قىلسا تاتلىقى بولمايدۇ.

3809 ئۆزۈم ئۇزرى قولدۇم مەن ئەمدى ساڭا،
قودۇ بەر مەنى سەن، سارىلما ماڭا.
مانا مەن ساڭا ئۆز ئۆزرەمنى قويدۇم،
مېنى (ئۆز مەيلىمگە) قويۇۋەت، ماڭا ئېسىلما.

3810 تاقىما نەگۇ سۆز يورىمىش ئالىن،
قاداشىم ئەشىتتى، ئۆتۈنگەي تىلىن.
يەنە قانداق سۆزلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى
قېرىندىشىم ئاڭلىدى، (ئۆز) تىلى بىلەن يەتكۈزىدۇ.

* * *

3811 تۇگەتتى سۆزىن، تۇردى، بادى بىتىك،
سۇنۇپ بەردى، ئالدى قاداشى تەتىك.
(ئودغۇرمىش) سۆزىنى تۇگەتتى، خەتنى تۇرۇپ باغلىدى،
(ئۇنىڭغا) ئۇزاتتى، قېرىندىشى دەرھال (خەتنى) ئالدى.

* * *

3812 ئايۇر: مەن بىتىدىم تىلەكىم سۆزۈم، B 276
تىلىم سۆزلەمىش سۆز ئەشىتتىڭ، تۇزۇم.
(ئۇ) دېدى: مەن تىلىكىمنى، سۆزۈمنى يازدىم،
ئېغىزىم بىلەن ئېيتقانلىرىمنى ئۆزۈڭ ئاڭلىدىڭ،

3813 تىلىنمە ئۆتۈنگىل، ئەشىتسۇن ئەلىگ،
قودۇ بەرسۇ، مەندىن كۆتۈرسۇ ئەلىگ.

(ئۆز) تىلىڭ بىلەنمۇ يەتكۈزگىن، ئەلىگ ئاڭلىسۇن،
مېنى قويۇۋەتسۇن، مەندىن قولىنى ئۈزسۇن.

3814 يالاۋاچ سۆز ئەلتۈر، يانۇتى قولۇر،
يانۇت سۆز ئەشىتتىڭ، تەگۈر ئاي ئۇنۇر.
ئەلچى سۆزنى يەتكۈزىدۇ ۋە جاۋابىنى سورايدۇ،
جاۋاب سۆزنى ئاڭلىدىڭ، بۇنى يەتكۈز، ئەي قۇدرەتلىك.

3815 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۈچ ئوردۇ خانى،
تۆزۈ ئەلگە ياڭزاپ سۆز ئايمىش كۆنى:
ئۈچ ئوردۇ خانى نېمە دېگەن ئاڭلا،
(ئۇ) پۈتۈن ئەلگە تەقلىد قىلىپ، توغرا سۆزلىگەن:

3816 «يالاۋاچقا مۇن يوق سۆزىن قىيماسا، C224
تۇتۇزمىش سۆزۈگ چىن تۈگەل سۆزلەسە».
«سۆزگە خىلاپلىق قىلمىسا، تاپشۇرۇلغان سۆزنى
توغرا، تولۇق يەتكۈزسە، ئەلچىگە ئەيىب يوق».

3817 تاقى مۇندا يەگرەك ئايۇر تۈرك خانى:
«قىناما يالاۋاچ سۆز ئايسا كۆنى.
تۈرك خانى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق (سۆز) ئېيتقان:
«ئەلچى توغرا سۆزنى ئېيتسا، ئۇنى قىينىما.

3818 يالاۋاچقا بولماز ئۆلۈم يا قىيىن،
ئەشىتمىش سۆزىن چىن تەگۈرسە تىلىن.»
ئاڭلىغان سۆزىنى تىلى بىلەن توغرا يەتكۈزسە،
ئەلچىگە ئۆلۈم ياكى ئازاب بولمايدۇ».

3819 يالاۋاچ تەدۇكۈم بۇ ئەلچى تۈرۈر،
بۇ ئەلچى سۆزىن ئايسا ئۆلمەز قالۇر.
ئەلچى دېگىنىم سۆز يەتكۈزگۈچىدۇر،
ئەلچى سۆزنى يەتكۈزسە ئۆلمەيدۇ.

3820 يالاۋاچ تۇتۇزمىش سۆزىن سۆزلەسە،
ئاچىغ بەر، تىلىن ئۆگ، سۆز ئايدىم كەسە.
ئەلچى ئامانەت سۆزنى سۆزلىسە،
ئىنئام بەر، ئۇنى ماختا، سۆزۈم كېسىلدى.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3821 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: سۆزۈڭ
ئەشىتتىم، نەگۈ سۆزلەدى سۆز ئۆزۈڭ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ (شۇنداق) دېدى:
سەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

3822 بىتىدىڭ بىتىككە يانۇتى بىتىك،
ماڭا بەر، بەرەيىن، ئاي بىلگە تەتىك.
خەتكە جاۋابەن خەت يازدىڭ،
ماڭا بەر، (يەتكۈزۈپ) بېرەي، ئەي زېرەك!

3823 ۋەلىكىن سەزىكىم بۇ ئول، ئاي قاداش،
ئەلىگ قىلماغاي، كۆر، سەنى ئۆزدە تاش.
ۋە لېكىن مېنىڭ شۇبھەم شۇكى، ئەي قېرىنداش،
ئەلىگ سېنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرالمايدۇ.

3824 يانامۇ مەنى ئىدغاي ئەركى ئەلىگ،
ئوقىغالى ياندرۇ، ئاي قىلقى سىلىگ.
ھۆكۈمدار ئەلىگ مېنى يەنە ئەۋەتىپ،
سېنى قايتا چاقىرتىشى (مۇمكىن)، ئەي خۇش پېئىل،

3825 يانا ياندرۇ، تەركىن مەنى ئىدغا ئول،
ئەگەر بارماسا سەن، كۆڭۈل قودغا ئول.
ئۇزۇن ئۆتمەي مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىدۇ،
ئەگەر بارمىساڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى قالىدۇ.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3826 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: قاداش، B277
بۇ سۆز سۆزلەمەگىل، كۆڭۈل بولغا باش.

ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) قېرىنداش،
بۇنداق سۆزنى قىلما، كۆڭۈل زېدە بولىدۇ.

3827 ئۆزۈم بارغۇ ئەرمەز بۇ يەردىن نارۇ،
ئۆزۈڭ ئەمگەتىپ كەلمە ياندرۇ بەرۇ.

مەن بۇ يەردىن نېرى كەتمەكچى ئەمەسمەن،
ئۆزۈڭنى قىيناپ بۇ يەرگە يەنە كېلىپ يۈرمە.

3828 تىلەپ بۇلماغۇ نەڭ تىلەسە ياۋۇز،
يورىماغۇ سۆز سۆزلەسە سەن ئۇچۇز.

تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى تىلەش — يامان،
ئۆتمەيدىغان سۆزنى قىلىش — قەدىرسىزلىكتۇر.

3829 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى بىلكى قويۇغ،
سىناپ بىلگۈچى ئەدگۇ، ئەسىز قامۇغ:

ياخشى - يامانىڭ ھەممىسىنى سىناپ بىلگەن،
بىلىمى تولۇق (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3830 «قولۇپ بەرمەگۇ نەڭنى قولما كۇچۇن، C 225
تىلەپ بۇلماغۇ نەڭ تىلەمە كۇچۇن.

«ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىنى زورمۇزور ئىزدىمە،
تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى زورمۇزور تىلىمە.

3831 يورىپ تەگمەگۇ يەرگە بارما ياداغ،
قالى باردىڭ ئەرسە، ئۆز ئەمگەر كۇچۇن».

مېڭىپ يەتكىلى بولمايدىغان يەرگە پىيادە بارما،
ئەگەر بارساڭ، ئۆزۈڭنى قىيناپ قويىسەن».

* * *

3832 يانا ئايدى ئودغۇرمىش، ئەمدى يورى،
يانا ئەرسە كەلمە، ئاي ئەرسىگ ئۇرى.

ئودغۇرمىش يەنە دېدى: ئەمدى كەت،
يەنە قايتىپ كەلمە، ئەي مەرد پالۋان.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3833 ئۆرۈ تۇردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى: سۆزۈم
كەسلدى سەنىڭدىن، بارايىن ئۆزۈم.
ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن قوپتى (ۋە) دېدى:
ساڭا دەيدىغان سۆزۈم تۈگىدى، ئەمدى مەن كېتەي.

* * *

3834 قاداشى ئۇزاتتى، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
تۇتۇزدى تاقى سۆز ئۆمىش، بىلمىشىگ.
(شۇنداق قىلىپ) قېرىندىشى ئۆگدۈلمىشنى ئۇزىتىپ قويدى،
چۈشەنگەن، بىلگەن سۆزلىرىنىمۇ ئامانەت قىلدى.

3835 ئاتىن مىندى ئۆگدۈلمىش، ئەۋرە يانىپ، A 110
ئەۋىڭە كەلىپ تۈشتى، ياتتى تىنىپ.
ئۆگدۈلمىش ئېتىنى مىندى، ئارقىسىغا ياندى،
ئۆيىگە كېلىپ (ئاتتىن) چۈشتى، يېتىپ دەم ئالدى.

3836 ياشىق يەرگە ياندى، يۈزىن كىزلەدى،
قالىق مەڭزى كىستەك بولۇپ ئۆرلەدى.
قۇياش (ئۆز) يېرىگە قايتتى، يۈزىنى يوشۇردى،
ئاسمان يۈزىنى قامىدەك (قاراڭغۇلۇق) باستى.

3837 ئازۇن تۇرتتى يۈزگە كۆمۈرتەك بودۇغ،
كۆرۈر كۆز يۇمۇلدى، ئۇدىدى ئودۇغ.
دۇنيا يۈزىگە كۆمۈردەك قارا رەڭ سۈرتتى،
كۆرەر كۆزلەر يۇمۇلدى، ئويغاقلار ئۇخلىدى.

3838 تۆشەك قولدى، ياتتى، كۆر، ئۆگدۈلمىشە،
ئۇدىپ باردى ئانچا، كۆتۈردى باشا.
ئۆگدۈلمىش ئورۇن سالدۇرۇپ ياتتى،
بىرئاز ئۇخلىدى، (يەنە) بېشىنى كۆتۈردى.

نەسرى يەشمىسى

3839 تۇغاردىن پۇتىقلاندى ئوتتەك يالىن،
يارۇدى ياغى يۇز ئاچارتەك كەلىن.
شەرقتىن ئوتتەك يالقۇن چاقنىدى،
(يەر) يۈزىنى ئاچقان يېڭى كېلىندەك يورۇدى.

3840 قوپا كەلدى ئۆرلەپ ستا قالقانى،
ئاژۇن مەڭزى بولدى ئورۇڭ ئەردىنى.
(نۇر) نەيزىسى بىلەن (قۇياش) قالقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى،
دۇنيا يۈزى ئاق مەرۋايىتتەك (يورۇپ) كەتتى.

*　　*　　*

3841 چىقىپ قارشىقا باردى ئەۋدىن تۇرۇپ، B278
ئەلىگكە كۆرۈندى ئۆزى يول قولۇپ.
(ئۆگدۈلمىش) ئۆيدىن چىقىپ سارايغا ماڭدى،
رۇخسەت سوراپ، ئەلىگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3842 ئايىتتى ئەلىگ ئاشنۇ ئودغۇرمىشىغ،
ئايۇر: سۆزلە، كەلتۇر سۆزۈڭنى، پىشىغ.
ئەلىگ ئاۋۋال ئودغۇرمىشنى سورىدى،
ئېيتتى: سۆزلە، سۆزلىرىڭنى بايان قىل، ئەي پۇختا.

3843 نەگۇ سۆز يورىدى، نە بولدى ئىشىڭ،
تىلەكىڭ نە بولدى، كەلۇرمۇ ئەشىڭ؟
نېمە سۆزلەر ئېيتىلدى، ئىشىڭ قانداق بولدى،
نېمىنى تىلىدىڭ، دوستۇڭ كېلەمدۇ؟

*　　*　　*

3844 بىتىك بەردى ئۆگدۈلمىش ئاشنۇ تۇرۇپ،
ئەلىگ ئالدى، ئاچتى، ئوقىدى قورۇپ.

ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال مەكتۇپنى بەردى،
ئەلىگ (مەكتۇپنى) ئالدى، (ئۇنى) ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

3845 يۈزى قىزدى، ئۆڭدى، يانا كۈلچىرىپ،
ساقىندى بىر ئانچا ئۇزۇن كەچ ئەرىپ.
يۈزى قىزاردى، (رەڭگى) ئۆڭدى، كۈلۈمسىرىدى،
بىر ئاز ئويلاندى (ۋە) خىيالغا چۆمدى.

*　　*　　*

3846 ئايۇر: بۇ قاداشىڭ ئىرىك سۆزلەمىش،
ئاڭار تورقۇ ئىدتىم، تىكەن چىكنەمىش.
(ئاندىن شۇنداق) دېدى: قېرىندىشىڭ قوپال سۆزلەپتۇ،
ئۇنىڭغا (يىپەك) تاۋار ئەۋەتكەنىدىم، تىكەن (گۈل) چېكىپتۇ.

3847 مۇنى يوق بۇ سۆزگە، كۆنى سۆزلەمىش، C226
كۆنى سۆز ئىرىك ئول، ئىرىك چوغلامىش.
بۇ سۆزنىڭ زىيىنى يوق، توغرا سۆزلەپتۇ،
توغرا سۆز قوپال بولىدۇ، (ئۇمۇ) قوپال خىتاب قىپتۇ.

3848 نەگۇ ئەردى سۆزلەر تىلىن سۆزلەمىش،
ماڭا ئايغىل ئەمدى ئەشىتمىش، ئۆمىش.
ئېغىزى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى قانداق ئىدى؟
ئاڭلىغان، چۈشەنگەنلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3849 ئۆتۈندى ئەلىگكە ئەشىتمىش سۆزىن،
نە ياڭلىغ يورىتمىش سۆزىن تۈپ تۆزىن.
(ئۆگدۈلمىش) ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئەلىگكە يەتكۈزدى،
قانداق سۆزلەر بولغانلىقىنى توپتوغرا سۆزلىدى.

3850 ئايۇر: سۆز يورىدى نەچە تۈرلۈگۈن،
ئول ئايدى، مەن ئايدىم، ئوقۇشۇن ئۆگۈن.

دېدىكى، ھەر خىل سۆزلەر بولدى،
ئۇمۇ ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن سۆزلىدى، مەنمۇ سۆزلىدىم.

3851 مەنىڭ سۆزچە بارچا يانۇت قىلدى سۆز،
تاقى تۇتتۇم ئەرسە، قاتىغ يۇمدى كۆز.
مېنىڭ سۆزۈمگە (قاراپ)، ھەممىسىگە جاۋاب بەردى،
(سۆزىدىن) تۇتۇۋالسام، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

3852 نەگۇ قىلدىم ئەرسە، بەرۇ كەلمەدى،
كەسە سۆزلەدى سۆز، كۆڭۈل بەرمەدى.
شۇنچە قىلساممۇ، بۇ يەرگە كەلمىدى،
سۆزنى كېسىپ ئېيتىپ، كۆڭلى ئۇنىمىدى.

* * *

3853 ئەشىتتى ئانىڭ سۆزلەرىن، كۆر، ئەلىگ،
سۆزى ئەردى بارچا ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك.
مانا، ئەلىگ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى،
سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئەقىل، پاراسەت ۋە بىلىم ئىدى.

3854 تاقى ئارزۇلادى، قومىدى كۆڭۈل،
قومىسا كۆڭۈل، كۆر، كىشىگە مۇڭ ئول.
(ئۇنى) تېخىمۇ ئارزۇ قىلدى، كۆڭلى ھاياجانلاندى،
كۆڭلى ھاياجانلانسا، كىشىگە دەرد بولىدۇ.

3855 كۆرۇ بارسا ياقشى ئايۇر ئەر باشى،
كۆڭۈل بۇلناسا بولدى ئەركسىز كىشى،ئۇ
قاراپ باقسا، مويسىپىت ياخشى ئېيتقان:
(ئادەم) كۆڭۈلگە بېرىلسە، (ئۇنىڭ) قۇلى بولۇپ قالىدۇ.

3856 بەگ ئول بۇ كۆڭۈل، كۆر، قامۇغ ئۆز قۇلى، B279
بەگى قانچا بارسا، ئۇدۇ قۇل يولى.
قارا، كۆڭۈل بىر بەگ، باشقىلار ئۇنىڭ قۇلىدۇر،
بەگ نەگە باشلىسا، قۇل ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

3857 قومىسا كۆڭۈل، كۆر، تىلەسە تىلەك،
تىلەك بولماغىنچا بۇ بۇلماز يۆلەك.

كۆڭۈل هاياجانلىنىپ بىرەر ئارزۇنى تىلىسە،
تىلىكىگە يەتمىگۈچە ئىجاتلىق تاپالمايدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3858 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۈلمىشە،
قاداشىڭ تۈگەل ئۆك كىشى ئەرمىشە.
ئەلىگ يەنە ئېيتتى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
قېرىنداشىڭ تولۇق (يېتىلگەن) كىشى ئىكەن.
3859 ئەشىتمەگۈم ئەردى ئانىڭ سۆزلەرىن،
نە قىلقى ـ قىلىنچى، نە بىلكى، بارىن،
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسام،
مىجەز ـ خۇلقى ۋە بىلىمىنى تولۇق (بىلمىگەن) بولسام ئىدىم، كاشكى.
3860 ئەشىتتىم، كۆڭۈلگە سىغۇردۇم ئانى،
قاتىغلان، تىلەككە تەگۈرگىل مەنى.
(لېكىن) ئاڭلىدىم، ئۇنى كۆڭلۈمگە سىغدۇردۇم،
غەيرەت قىلىپ، مېنى (بۇ) تىلىكىمگە يەتكۈزگىن.
3861 مەنىڭ ئۆز ئەلىمدە تىلەكىم بولۇپ،
ياراغسىز بولۇر بۇلماسا مەن قولۇپ.
مەن ئۆز ئېلىمدە (بىرنەرسىنى) ئارزۇ قىلىپ،
ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسەم، ياراشمىغان ئىش بولىدۇ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3862 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
بودۇندا تالۇ بەگ، ئاي قىلقى سىلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئەلىگ،
دۇنيادا تاللانغان بەگسەن، ئەي مۇلايىم.

3863 يانار دا قاداشىمقا ئايدىم بۇ سۆز،
يانا ئىدغاي ئەلىگ، ساڭا كەلگەي ئۆز.
يانار ۋاقتىمدا قېرىندىشىمغا: ئەلىگ يەنە ئەۋەتىدۇ،
مەن سېنىڭ ئالدىڭغا يەنە كېلىمەن، دېگەنىدىم.
3864 قودۇ بەرمەگەي ئاخىر ئەلتگەي سەنى، C227
بۇ كۈن بار تەدىم مەن ئاغىرلاپ ئانى.
سېنى قويۇۋەتمەيدۇ، ئاخىر سېنى ئاپىرىدۇ،
ئۇنى قەدىرلەپ، بۈگۈنلا بارغىن، دېدىم.
3865 تۆڭۈلدۈردى، ئايدى «ايان كەلمە» تەپ،
«ئۆزۈم بارغۇ ئەرمەز، كۆچۈن قولما» تەپ.
(مېنى ئۇ) سوۋۇتۇپ: يەنە كەلمە،
مەن بارماقچى ئەمەسمەن، زورلىما، دېدى.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3866 ئەلىگ ئايدى: ئۇقتۇم، ئەشىتتىم سۆزۈڭ،
بۇ سۆز ئىشكە كىرمەز، يوباتما ئۆزۈڭ.
ئەلىگ ئېيتتى: سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، چۈشەندىم،
بۇ سۆز ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئالدىما.
3867 نەگۈ بەگ بولۇر ئول تىلەكىن تىلەپ،
ئانى بۇلماسا ئول تۈچى ئارزۇلاپ.
ئۇ قانداق بەگ بولىدۇكى، ئارزۇسىنى تىلەپ،
ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسە، ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشمىسە!
3868 نە ئەركلىگ بولۇر ئول بودۇنقا ئۇلۇغ،
يورىتماسا ئەلدە بۇ يارلىغ قامۇغ.
ئۇ قانداقمۇ خەلققە باش بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ،
ئۇنىڭ ھەممە يارلىقى ئەل ئىچىدە ئاقمىسا؟
3869 بەدۈكلۈك نىشانى بۇ ئول بەلگۈلۈگ، B280
تىلەمىش تىلەكتىن بۇ بۇلسا ئۇلۇگ.

بۈيۈكلۈكنىڭ نىشانى شۈبھىسىز شۇكى،
تىلىگەن ئارزۇسىغا ئېرىشىپ (ئۇنىڭدىن) بەھرىمەن بولۇش.

3870 كۆڭۈل ئارزۇ قولسا نەگۈ ئەرسەنى،
ئەمى ئول تىلەككە تەگۈرسە ئانى.
كۆڭۈل ھەرقانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلسا،
بۇنىڭ داۋاسى ئۇنى ئارزۇ قىلغىنىغا يەتكۈزۈشتۇر.

3871 يانا ما بۇ ئارزۇ ماڭا بولدى ئىگ،
مۇنى ئەملەمەسە، ئۆزۈم بارغۇ يەگ.
يەنە، بۇ ئارزۇ ماڭا بىر دەرد بولدى،
بۇنى داۋالىمىسا، ئۆزۈمنىڭ بارغىنى ياخشى.

3872 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بۇ بەيتىگ ئوقى،
ئانىڭ مەئنىسى ئۇق، ئاي كۆڭلۈم توقى:
بۇ بېيىتنى ئوقۇ، نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي كۆڭلۈمنىڭ توقى:

3873 «قامۇغ ئىگكە ئوت ئول ئەمى بەلگۈلۈگ، A111
ئول ئىگ ئەملەگۈچى قامى بەلگۈلۈگ.
«ھەرقانداق كېسەلنىڭ داۋاسى ۋە شىپاسى ئېنىق،
ئۇ دەردنى داۋالىغۇچى ھۆكۈمامۇ باردۇر.

3874 كۆڭۈل ئارزۇ بىرلە قالى ئىگلەسە،
تىلەك بۇلسا ئوڭلۇر، كەمى بەلگۈلۈگ».
ئەگەر كۆڭۈل بىر ئارزۇ (سەۋەبىدىن) ئاغرىسا،
تىلىكىگە ئېرىشسە ئوڭشىلىدۇ، شىپاسى شۇ».

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3875 يانا ئايدى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
ئاژۇندا نەگۈ بار ئاڭا يوق ئوتى؟
ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: (ئەي) دۆلەتلىك ئەلىگ،
دۇنيادا داۋاسى بولمايدىغان نېمە بار؟

3876 ئەلىگ ئىنچ، ئەسەنىن تىرىلسۇن ئۇزۇن،
ساڭا مەن بولايىن يۇلۇغ بۇ ئۆزۈن.
ئەلىگ تىنچ، ئامان ـ ئېسەن، ئۇزۇن ياشىسۇن،
مەن ساڭا ئۆزۈمنى پىدا قىلاي!

3877 بۇ سۆز مەن ئۆتۈندۈم ئەلىگكە تىلىن،
ئاسىغ يوق بۇ كۈن ئۆز ئۆكۈنسە يىلىن.
بۇ سۆزلەرنى مەن ئۆز تىلىم بىلەن ئەلىگكە بايان قىلغانىدىم،
(ئەمدى) بۈگۈن كۆپ پۇشايمان قىلىشنىڭ پايدىسى يوق.

3878 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ ساڭا،
سۆزۈگ ساقنۇ سۆزلە، ئاي ئەرسىگ توڭا:
ئىدراكلىق (كىشى) ساڭا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
سۆزنى ئويلاپ قىل، ئەي مەرد يىگىت:

3879 تىلىن سۆزلەمەسە سۆز ئاسغى تەلىم، C228
ئۆكۈندۈردى سۆزلەپ مەنى بۇ تىلىم.
تىل بىلەن سۆزلىمىسە، سۆزنىڭ پايدىسى كۆپ،
سۆزلەپ (قويۇۋېدىم)، تىلىم مېنى پۇشايمان قىلدۇردى.

3880 سۆزۈگ سۆزلەمەسە، ساڭا قۇل بولۇر،
قالى سۆزلەسە سەن، سەنى قۇل قىلۇر.
سۆزنى سۆزلىمىسەڭ، (ئۇ) ساڭا قۇل بولىدۇ،
ئەگەر سۆزلەپ قويساڭ، (ئۇ) سېنى قۇل قىلىدۇ.

3881 سۆزۈگ ساقنۇ سۆزلە، سەن ئەۋمە، سەرىن،
ئەۋە سۆزلەمىش سۆز ئۆكۈنچى يارىن.
سۆزنى ھېسابىدا سۆزلە، ئالدىراپ ـ ھودۇقۇپ كەتمە،
ئالدىراپ قىلىنغان سۆز كېيىن پۇشايمان بولىدۇ.

3882 سەزىنمەدىم ئەردى، كۆر، ئودغۇرمىشىغ،
ئوقىپ كەلمەگۈسىن ئەر ئەردى پىشىغ.
ئودغۇرمىش يېتىلگەن كىشى ئىدى،
چاقىرسام كەلمەيدىغانلىقىغا شۈبھىلەنمىگەنىدىم.

3883 ئەلىگ بىر تىلەسە، ئۆزۈم مىڭ تىلەر،
تۇسۇلغاي ماڭا تەگمە كۈندە ئونار.

ئەلىگ بىر ئارزۇ قىلسا، مەن مىڭ ئارزۇ قىلاتتىم،
ئۇ يېتىلگەن (كىشى) ماڭا ھەر كۈنى پايدىلىق بولاتتى.

3884 تىلەكىم بۇئۇق مەن بىلە بولسا مەن،
ئەلىگ بىر قىلىپ كەد تاپۇغ قىلسا مەن.

تىلىكىم شۇ ئىدىكى، ئۇ مەن بىلەن بىللە بولسا،
قولمۇقول تۇتۇشۇپ ئەلىگكە خىزمەت قىلساق.

3885 نەچە تۇتتۇم ئەرسە ئانى مەن قاتىغ، B 281
ئول ئانچا تىرەندى، ئەلەتتى تاتىغ.

مەن ئۇنى شۇنچە قاتتىق زورلىسامۇ،
ئۇ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى، تاۋىمنى قاچۇردى.

3886 يانا بارغۇ ئەرسە، بارايىن ئۆزۈم،
نەگۇ ئايغۇ ئەرسە، ئايايىن سۆزۈم.

يەنە بېرىش (كېرەك) بولسا، ئۆزۈم باراي،
نېمە دېيىش (كېرەك) بولسا، ئۆزۈم ئېيتاي.

3887 ئەلىگمە يانا بىر بىتىك بەرسۇنى،
ئوقىسۇن بىتىك ئول، ماڭا پۇتسۇنى.

ئەلىگ يەنە بىر خەت يېزىپ بەرسۇن،
ئۇ خەتنى ئوقۇپ، ماڭا ئىشەنسۇن.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3888 ئەلىگ ئايدى: ئىدتىم بىتىك بىر يولى،
بىتىككە يانۇت قىلدى تاشتەك تولى.

ئەلىگ ئېيتتى: بىر قېتىم خەت ئەۋەتتىم،
خېتىمگە تاشتەك قاتتىق جاۋاب بەردى.

3889 يانائۇق نەگۇتەك بىتىيىن بىتىك،
بىتىك ئورنىڭا سەن بىتىكسەن تەتىك.

(شۇنداق ئىكەن) يەنە نېمىدەپ (ئۇنىڭغا) خەت يازىمەن؟
خەت ئورنىغا سەن ئۆزۈڭ خەتسەن، ئەي زېرەك.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3890 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
نەچە ئانداغ ئەرسە بىتىكمە بىتى.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەختلىك ئەلىگ،
شۇنداق بولسىمۇ خەت يېزىپ بەرگىن.
3891 يالاۋاچ نەچە چىن كەد ئەرسە ئامۇل،
بىتىك بولماسا سۆزگە پۇتمەز كۆڭۈل.
ئەلچى قانچىلىك پۇختا ۋە ماھىر بولسىمۇ،
مەكتۇپ بولمىسا، سۆزىگە كۆڭۈل ئىشەنمەيدۇ.
3892 تانىغلى كىشىكە تانۇق ئول بىتىك،
تانۇق بولسا ھىيلە يورىماز ئەتىك.
تونۇش كىشى ئۈچۈن مەكتۇپ بىر گۇۋاھچىدۇر،
گۇۋاھچى بولسا، ھىيلە ئىشلىتىش(ھاجەت بولمايدۇ).

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3893 ئەلىگ ئايدى: ئارزۇڭ بۇ ئەرسە قالى،
بىتىكمە بىتىيىن ئاچىپ سۆز يولى.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەگەر ئارزۇيۇڭ شۇ بولسا،
مەكتۇپ يېزىپ، سۆزۈڭگە يول ئېچىپ بېرەي.
3894 بىتىكمە بىتىيىن مۇنۇقى سۆزۈن،
بىتىككە ئىشەنمە، قاتىغلان ئۆزۈن.
مەكتۇپنىمۇ يازاي، (ئەمما) سۆزۈم شۇكى،
مەكتۇپقا ئىشىنىپ كەتمە، ئۆزۈڭ چىڭ تۇر.
3895 نەگۇ سۆزلەگۇ ئەرسە، سۆزلە تىلىن، C229
ئانى ئۇندەگىل سەن ماڭا بەر ئالىن.
نېمە دېيىش كېرەك بولسا، (ئۆز) ئاغزىڭ بىلەن سۆزلە،
پۇتۇن چارىلەر بىلەن ئۇنى ئالدىمغا كېلىشكە ئۈندىگىن.

45

كۆنتۆغدى ئەلىگكە ئودغۇرمىشقا ئىكىنچ بىتىك ئىدمىشىن ئايۇر

كۆنتۆغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3896 دەۋات قولدى كاغەز يانا ئوق ئەلىگ، B282
قەلەم ئالدى، ئەلگىن بىتىدى بىتىك.
ئەلىگ يەنە دۇۋەت، قەغەز بېرىشنى سورىدى،
قولىغا قەلەم ئېلىپ، مەكتۇپ يازدى.

3897 بايات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادى،
تۆرۈتگەن، ئىگىدگەن، كەچۈرگەن، تەدى.
خۇدانىڭ نامى بىلەن سۆزىنى باشلاپ،
ئەي ياراتقان، پەرۋىش قىلغان، كەچۈرگەن (ئىگەم) دېدى.

3898 ئايۇر مىڭ سەنا ئول ئوغان تەڭرىگە،
ئەزەل ھۆكمى تەگرۈر كۆنى، ئەگرىگە.
ئۇ قادىر تەڭرىگە مىڭ ھەمدۇسانا ئېيتتى،
ئۇ توغرىغىمۇ، ئەگرىگىمۇ ئۆز ھۆكمى ئەزەلىنى يەتكۈزىدۇ.

3899 بىر ئول بىر قاتىقسىز، قارىقسىز ئارىغ،
يوقۇغ بار قىلۇر ئول، قىلۇر يوق بارىغ.
(خۇدا) يەككە ـ يېگانە، ساپ ۋە پاكتۇر،
ئۇ يوقنى بار قىلالايدۇ (ۋە) بارنى يوق قىلالايدۇ.

3900 بىرئۆك بىل، تىلىن ئۆگ، پۈتۈرگىل كۆڭۈل،
تاپۇغ قىل، كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇت ئامۇل.
ئۇنى بىرلا دەپ بىل، تىلىڭ بىلەن ماختا، دىلىڭ بىلەن ئىشەن،
ئىبادەت قىل، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت.

3901 نەگۇ قولسا قولمىش تىلەكىن بۇلۇر،
نەگۇ بول تەسە ئول تىلەمىش بولۇر.

نىمىنى خالىسا (شۇنى) قىلىدۇ، تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،
نىمىنى بول دېسە، ئۇ خالىغىنىدەك بولىدۇ.

3902 تۇزۇ تەپرەنۈرگە تىرىلگۈ بەرۈر،
تىرىگلىك تۇشى بۇ ئۆلۈم ئول ئىدۇر.
پۈتۈن قىمىرلىغۇچىلارغا رىزىق بېرىدۇ،
تىرىكلىك بىلەن بىر قاتاردا ئۆلۈمنىمۇ ئەۋەتىدۇ.

3903 ئاغىرلىق، ئۇچۇزلۇق ئانىڭ ھۆكمى ئول،
ئۇلۇغقا، كىچىگكە يەمە ئاچسا يول.
قەدىرلىك، ياخار (بولۇش) ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن (بولىدۇ).
يەنە ئۇلۇغقىمۇ، كىچىككىمۇ يول ئاچىدۇ.

3904 تىلەمىش تىلەكىن بىلىكلىسى يوق،
يورىتۇر قەزاسىن تىدىغلىسى يوق.
ئۇنىڭ خالىغىنىنى بىلگۈچى يوقتۇر،
ئەۋەتكەن قازاسىنى توسۇۋالغۇچى يوقتۇر.

3905 تۈمەن مىڭ سەلامىم سەۋۈگ ساۋچىقا، A112
تەگۈرسۈن باياتىم كۆنى يولچىقا.
سۆيۈملۈك پەيغەمبەرگە تۈمەنمىڭ سالام بولغاي،
(بۇ سالىمىمنى) خۇدا ئادىل يول باشلىغۇچىغا يەتكۈزگەي.

3906 تۆزۈ ئەشلەرىگە يەمە ئۆك سەلام،
تەگۈرسۈن باياتىم كەسۈكسۈز ئۇلام.
(پەيغەمبەرنىڭ) پۈتۈن ساھابىلىرىغىمۇ سالام،
خۇدايىم (بۇ سالىمىمنى) داۋاملىق يەتكۈزگەي.

3907 ئەلىگدىن ئۆكۈش ئۆگدى ئايىتىغ سەلام،
ئىدۇرمەن ساڭا، ئاي ئۇقۇشى تەمام.
ئەلىگدىن (ساڭا) كۆپ مەدھىيە ۋە سالام،
(ھالىڭنى سورايمەن) ئەي يېتىلگەن، ئەقىللىك.

3908 كۆڭۈل ئايتۇ ئىدتىم، بىتىدىم بىتىك،
نەگۈ تەر ئەرۈرسەن، ئاي بىلگە تەتىك.
كۆڭۈل سوراپ مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتىم،
ئەھۋالىڭ قانداق، ئەي زېرەك دانىشمەن؟

3909 ساڭا ئىدتىم ئەردى قاداشىڭنى مەن،
تىلەكىم ئول ئەردى ماڭا كەلسە سەن.
ساڭا قېرىندىشىڭنى ئەۋەتكەنىدىم،
تىلىكىم شۇ ئىدىكى، سەن مېنىڭ (قېشىمغا) كەلسەڭ!
3910 ئۆزۈڭ تاپلامادۇق بەرۈ كەلمەكىڭ، C230
ماڭا تۈشماقىڭ هەم يۈزۈم كۆرمەكىڭ.
بۇ ياققا كېلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا بولۇشنى
(ۋە) دىدار كۆرۈشۈشنى سەن خالىماپسەن.
3911 بىتىككە يانۇت سۆز بىتىمىش ئۆزۈڭ، B283
تىلىنمە قاداشىڭ تەگۈردى سۆزۈڭ.
مەكتۇپۇمغا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپسەن،
سۆزلىرىڭنىمۇ قېرىندىشىڭ ئېغىزى بىلەن يەتكۈزدى.
3912 ئوقىدىم بىتىكىڭ، ئۇقۇلدى بۇ سۆز،
سۆزۈمنى ئەشىتكىل، قاچۇرماغىل ئۆز.
مەكتۇپىڭنى ئوقۇدۇم، سۆزۈڭ چۈشىنىلدى،
سۆزۈمنى ئاڭلا، ئۆزۈڭنى قاچۇرما.
3913 شەكەردە سۈچىگرەك سۆز ئىدتىم ساڭا،
ئاغۇدا ئاچىغ كەلدى يانغى ماڭا.
ساڭا شېكەردىن تاتلىقراق سۆزلەرنى ئەۋەتكەنىدىم،
ماڭا يېنىپ كەلگىنى ئوغىدىنمۇ ئاچچىق بولدى.
3914 ئەشىتكىل يانا بۇ مەنىڭ سۆزلەرىم،
كۆڭۈلگە ئالىن، ئاي باغىرساق ئەرىم.
يەنە، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىن،
كۆڭلۈڭدە تۇتقىن، ئەي مېھرىبان دوستۇم.
3915 ئۆزۈڭ قولدى ئەرسە بۇ زاهىد ئاتىن،
ئاتىڭ بولدى زاهىد، ئۆزۈڭ تاغ قاتىن.
ئۆزۈڭگە زاهىت نامىنى راۋا كۆرۈپسەن،
ئېتىڭ زاهىت بوپتۇ، تاغ ئىچىدە (ياشاپسەن).
3916 بۇ چاۋ بىرلە ئاتىڭ يادىلدى كۆرە،
بەدۈك بەلگۈ بولدى كىشىلەر ئارا.

بۇ نامىڭ بىلەن داڭ ـ شۆھرىتىڭ چىقتى،
كىشىلەر ئارىسىدا بۈيۈك، مەشھۇر بولدۇڭ.

3917 تاپۇغ قىلمىشىڭ بارچا ئاتىڭ ئۈچۈن،
ياۋا قىلماغىل سەن ئۆز ئۈلگۈڭ كۈچۈن.
تائەت ـ ئىبادىتىڭنىڭ ھەممىسى نامىڭ ئۈچۈندۇر،
ئۆز ئۈلۈشۈڭنى زورمۇزور نابۇت قىلما.

3918 بودۇن كۆزى تەگسە تاپۇغقا قالى،
بۇزۇلدى بۇ تاپغۇڭ، يىقىلدى ئۇلى.
ئەگەر تائەت ـ ئىبادىتىڭگە خەلقنىڭ كۆزى چۈشسە،
ئىبادىتىڭ بۇزۇلىدۇ، ئاساسى يىقىلىدۇ.

3919 بايات تاپغى بارچا كەرەك ئۆرتۈگۈن،
ئاچىلماسا خەلققە بۇ ئۆرتۈ بۇ كۈن.
خۇداغا (قىلىنغان) ئىبادەت ھەممىسى مەخپىي بولۇشى كېرەك.
بۇ مەخپىيەت بۈگۈن خەلققە ئېچىلماسلىقى كېرەك.

3920 بايات كىزلەدى، كۆر، سەۋۈگرەك قۇلىن،
بۇ قۇللار ئارا خەلق تانۇماز تىلىن.
قارا، خۇدا سۆيۈملۈك بەندىسىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ،
بۇنداق بەندىلەرنى خەلق تىلغا ئالمايدۇ، تونۇمايدۇ.

3921 ئۆز ئۆزىنىمە ئول قۇل بىلۇمەز باقىن.
ياغىمۇ باياتقا بىلەمۇ ياقىن.
(ئۇ)خۇداغا دۈشمەنمۇ ياكى يېقىنمۇ،
بىلگىنكى، ئۇ بەندە ئۆزىنى ئۆزى بىلمەيدۇ.

3922 بەرۇ كەل، ئۇلۇش كەند ئىچىندە تىرىل،
سەنى بىلمەسۇ خەلق، قاتىلغىل، قارىل.
بۇياققا كەل، شەھەر ـ كەنت ئىچىدە ياشا،
(كۆپكە) قېتىلغىن ـ ئارىلاشقىن، خەلق سېنىڭ تەكتىڭنى بىلمىسۇن.

3923 ھەلال دۇنيا قازغان، ئۆزۈڭنى يەتۈر،
تودۇر ئاچ يالىڭنى ھەم ئوپراق پۈتۈر.
ھالال دۇنياغا ئىگە بول، ئۆزۈڭنى تەمىنلە،
ئاچ ـ يالىڭاچنى تويغۇز، يىرتىلغاننى پۈتۈنلە.

3924 هەلال دۇنيا بۇلسا كىشى ئەدگۇسى،
بۇلۇر ئىككى ئاژۇن يەگۇ، كەدگۇسى.
كىشىنىڭ ياخشىسى هالال دۇنياغا ئىگە بولسا،
ئىككى دۇنيالىقتا يېمەك ـ ئىچمەككە ئېرىشىدۇ.
3925 بۇ سۆزىن ئەشىت، ئاي ماڭا كەلمەدۇك،
نەگۇ تەر ئارىغ بىلگە، باغى بەدۇك:
ئەي ماڭا كەلمىگۇچى، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلا،
ئەسلى ئۇلۇغ، پاك دانىشمەن نېمە دەيدۇ:
3926 «تۇشار ئەرسە دۇنيا قالى ئەدگۇگە،
ئارار ئىككى ئاژۇن يەگۇ ـ كەدگۇگە.
«ئەگەر مال ـ دۇنيا ياخشى بىر ئادەمگە چۇشسە،
ئىككى ئالەم يەپ ـ ئىچىشكە يارايدۇ.
3927 بولۇپ دۇنيا مالىن يەيۇ بىلمەسە، C231
ساقىش تەگدى، ئۇلگى ئاغىر يۇدگۇگە».
مال ـ دۇنياغا ئېرىشىپ، مەئىشەت قىلىشنى بىلمىسە،
ئۇنىڭ هېسابى كېلىدۇ، ئېغىر يۇك بولىدۇ».
3928 بايات قۇللارىڭا تۇسال، ئاي بۆگۇ، B284
كىشىگە تۇسۇلۇر ئەرىگ ئەر تەگۇ.
ئەي دانا، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە پايدىلىق بول،
مەرد ئەر دېگەن كىشىلەرگە نەپ بېرىشى كېرەك.
3929 سەنى مەن مۇسۇلمان تۇسۇسى ئۇچۇن،
ئوقىرمەن بۇ يەركە، ئاي زاهىد، كۇچۇن.
سېنى مەن مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۇچۇن
بۇ يەرگە چاقىرتۋاتىمەن، ئەي زاهىت!
3930 بەرۇ كەل، تۇسۇلغىل، كىشىگە يارا،
تۇسۇلماز ئۆلۇگ ئول تىرىگلەر ئارا.
بۇ ياققا كەل، كىشىلەرگە پايدىلىق بول (هاجىتىگە) يارا،
پايدىلىق بولمىغان (كىشى) تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۇكتۇر.
3931 ئۆز ئاسغىن تىلەگلى كىشىمۇ بولۇر،
كىشى ئول بولۇر، كۆر، ئەل ئاسغىن قولۇر.

ئۆز پايدىسىنى تىلەيدىغانلار ئادەم بولامدۇ؟
ئەل پايدىسىنى كۆزلىگەنلەر (ھەقىقىي) ئادەمدۇر.

3932 ئاقىلىق ئول ئەرمەز ئۇلەسە نەڭىن،
ئاقى ئول يۇلۇغ قىلسا جانىن، تەنىن.
مالىلىرىنى ئۈلەشتۈرسىلا سېخىيلىق بولمايدۇ،
جان ـ تېنىنى (خەلققە) پىدا قىلغانلىق (ھەقىقىي) سېخىيلىقتۇر.

3933 باغىرساق ئول ئەرمەز ئۆزىن بەكلەسە،
باغىرساق ئول ئول، كۆر، كىشىگ ئەدلەسە.
ئۆزىنى قوغدىغانلىق مېھرىبانلىق ئەمەس،
كىشىلەرنى ئىزدىگەنلىك (ھەقىقىي) مېھرىبانلىقتۇر.

3934 كىشى ئەدگۈ تەرلەر، بۇ ئەدگۈ قايۇ؟
ماڭا ئايۇ بەرگىل، ئاي بىلگە بۆگۈ.
كىشىلەر ياخشىلىق، دېيىشىدۇ، بۇ ياخشىلىق قانداق،
ماڭا ئېيتىپ باققىنا، ئەي بىلىملىك دانا؟

3935 كىشى ئەدگۈ تەرلەر، بۇ ئەدگۈ كىم ئول؟
بۇ ئەدگۈ كىشى مۇڭدا ئەرگە ئەم ئول.
كىشىلەر، ياخشى دېيىشىدۇ، بۇ ياخشى كىم؟
كىشىنىڭ دەردىگە داۋا بولسا، مانا بۇ ياخشى كىشىدۇر.

3936 ئاي كۆڭلى سۇزۇگ ئەر، ئاي بىلكى ئۆكۈش،
باقا كۆر بۇ سۆزگە، يەتۇرگىل ئۇقۇش.
ئەي دىلى روشەن، بىلىمى چەكسىز(كىشى)،
بۇ سۆزلەرگە قاراپ باق، ئەقلىڭنى يەتكۈز.

3937 بۇ ئايمىش سۆزۇم چىن ئەرۇرمۇ كۆرە،
چىن ئەرسە ھەۋا باس، بەرۇ كەل تۇرا.
نەزەر سال، بۇ سۆزلىرىم چىن سۆزلەرمۇ؟
چىن بولسا، ھەۋەسنى قوي، تۇر، بۇ ياققا كەل.

3938 ئۇزۇن سۆزلەسە سۆز ئەرىنچىگ بولۇر،
ئۇقۇشلۇغ كىشىلەر سۆزۇگ ئاز قىلۇر.
ئۇزۇن سۆزلىگەن سۆز زېرىكىشلىك بولىدۇ،
ئەقىللىك كىشىلەر سۆزنى ئاز قىلىدۇ.

3939 بۇ سۆز تاپ قىل ئەمدى، ئادىن سۆزلەمە،
ئۇقۇشقا، بىلىككە تىلىن ئۆزنەمە.
شۇ سۆزلەر بىلەن بەس قىل، ئارتۇق سۆزلىمە،
ئەقىل ۋە بىلىمگە قارشى تىلىڭنى ئۇزارتما.

3940 تاقىما نەگۇ ئەرسە قالمىش سۆزۈم،
قاداشىڭ تەگۈرگەي تۇتۇزدى ئۆزۈم.
بۇنىڭدىن باشقا قېپقالغان سۆزۈم بولسا،
قېرىنداشىڭ يەتكۈزگەي، ئۇنىڭغا ئامانەت قىلدىم.

*   *   *

3941 تۇگەتتى بىتىك، تۇردى، بادى قاتىغ،
قالىق تانى ئەستى، قۇرىتتى خەتىغ.
(ئەلىگ) مەكتۇپنى تۇگەتتى، تۇرۇپ قاتتىق باغلىدى،
ئىللىق شامال چىقىپ، خەتنى قۇرۇتتى.

3942 كۆتۇردى بىلىك، كۆر، ئۇزە تامغالاپ،
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش ئالدى ئۇلاپ.
ئۇستىگە مۆھۈرنى بېسىپ خەتنى قولىغا ئالدى،
ئۆگدۈلمىشكە سۇندى، (ئۇ) دەرھال (قولىغا) ئالدى.

*   *   *

3943 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۈلمىشە، B285
بىتىك بەر، يەمە ئاي تىلىن بىلمىشە.
ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
مەكتۇپنى بەرگىن. يەنە بىلگەنلىرىڭنى ئېغىزىڭ بىلەن ئېيت.

3944 قاتىغلان ياراغى نە ئەرسە تاقى،
ئانى قىل، ئانى كەند ئۇلۇشقا ئوقى.
نېمە (دېيىش) زۆرۈر بولسا (دېگىن)، يەنە قاتتىق تۇر،
ئۇنى (قايىل) قىل، شەھەر ـ كەنتكە چاقىر.

3945 تىلەكى نە ئەرسە بۇ يەرگە كەلىپ، C232
ئانى مەن بەرەيىن ئەتىكىن قىلىپ.

تىلىكى نېمە بولسا، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن
ئۇنى مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن.

* * *

3946 ئىلەل، تەپ تۇرۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىشە، A113
يورىپ كەلدى ئەۋگە ئول ئەدگۈ ئەشە.
ئۆگدۈلمىش خوپ دەپ ئورنىدىن قوپتى ۋە (تاشقىرىغا) چىقتى،
بۇ ياخشى دوست ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.
3947 تەگىپ تۈشتى، ئولدۇردى ئەۋگە كىرىپ،
يەدى، ئىچتى، تىندى بىر ئانچا سەرىپ.
ئۆيىگە كېلىپ ئىچكىرىگە كىردى،
يەپ ـ ئىچىپ، بىرئاز ئارام ئالدى.
3948 يۈزىن كىزلەدى يەرگە رۇمىي قىزى،
ئاژۇن قىرتىشى بولدى زەنگى يۈزى.
رۇملۇقنىڭ قىزى (قۇياش) يۈزىنى يەرگە يوشۇردى.
ئالەم تۇسى زەڭگىنىڭ يۈزىدەك بولدى.
3949 قالىق پۈترۈ تۇتتى قارا قۇش ئۆڭى،
ئاژۇن بارچا تولدى قارا قۇش يۈڭى.
ئاسمان پۈتۈنلەي قاراقۇش تۈسىگە كىردى،
دۇنيا پۈتۈنلەي قاراقۇش پېيىنى يېپىندى.
3950 تۆشەك قولدى، ياتتى، ساقىندى ئۆزۈن،
نەگۈ سۆزلەگۈسى قاداشى كۆزۈن.
ئورۇن سېلىپ ياتتى، ئۆزۈن خىيال سۈردى؛
قېرىندىشى بىلەن يۈزتۇرا نېمە دەپ سۆزلىشىشى كېرەك؟
3951 ئودۇپ باردى ئازراق ئودۇندى يانا،
ئۆچۈكمىش كۆمۈرتەك قاراڭقۇ تۈنە.
ئازراق ئۇخلاپ، يەنە ئويغاندى،
تۈن (كۆيۈپ) ئۆچكەن كۆمۈردەك قاراڭغۇ ئىدى.
3952 ئۇسى ئۈچتى، قوپتى ئاداقىن ئۆرۈ،
قارا تۈن كۆتۈرمىش ئەتەكىن ئۆرۈ.

ئۆيقۇسى قاچتى، (قوپۇپ) ئۆرە تۇردى،
قاراڭغۇ تۈن ئۆتكىنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندى.

3953 ياشىق قوپتى يەردىن، كۆتۈردى باشىن،
ياروۇق يۈز كۆلەرتەك يىرىشتى تىشىن.
قۇياش يەردىن قوپۇپ، بېشىنى كۆتۈردى،
يورۇق يۈز كۈلگەندەك چىشىنى كۆرسەتتى.

3954 قوپۇپ يۇندى، قىلدى يانا تاڭ نەماز،
يەمە تۇردى ئانچا، دۇئا قىلدى ئاز.
قوپۇپ تاھارەت ئالدى (ۋە) بامدات نامىزىنى ئوقۇدى،
كېيىن بىرئاز ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى.

3955 ئاتىن تۇتتى تەركىن بىر ئوغلان بىلە،
تۇرۇپ چىقتى ئەۋدىن سەۋىنچىن كۆلە.
ئاندىن بىر ئوغۇلنىڭ ياردىمى بىلەن ئېتىنى تۇتتى،
خۇشاللىق (ئىچىدە) كۈلۈمسىرەپ ئۆيدىن چىقتى.

3956 بارىپ تەگدى ئەرسە قاداشقا ياقىن،
يىراق تۇشتى ئاتتىن، كۆدەزدى ھەقىن.
قېرىنداشىغا يېقىنلاشقاندا، (قېرىنداشلىق) ھەققىنى قوغداپ،
(خېلى) يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشتى.

* * *

3957 يورىپ باردى ئاقرۇ، توقىدى قاپۇغ،
قاداشى ئۆرۈ تۇردى، قودتى تاپۇغ.
ئاستا بېرىپ، ئىشىكنى قاقتى،
قېرىندىشى ئىبادىتىنى قويۇپ، ئورنىدىن قوپتى.

3958 قاپۇغ ئاچتى تەركىن ئول ئۇترۇ چىقىپ، B286
سەلام قىلدى، تۇتتى، كۆر، ئەلگىن ئالىپ.
دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى،
سالام قىلدى ـ دە، قولىنى تۇتتى.

3959 يانا كىردى ئودغۇرمىش ئەلگىن تۇتۇپ،
ئورۇن قىلدى تۆردە ئاغىرلاپ ئۆپۈپ.

ئودغۇرمىش قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە (باشلاپ) كىردى.
(ئۇنى) ھۆرمەتلەپ، سۆيۈپ، تۆرگە باشلىدى.

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە
ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3960 ئايۇر: ئاي قاداشىم، نەلۈك ئەمگەدىڭ؟
يانائوق ماڭا سەن تەكىن كەلمەدىڭ.
دېدى: ئەي قېرىندىشىم، نېمىگە جاپا چېكىپ (يۈرسەن؟)
بۇ قېتىممۇ سەن ئالدىمغا بىكارغا كەلمىدىڭ!

3961 كەسە سۆزلەدىم سۆز، ئەشىتتىڭ ئانى،
نەلۈك ئەمگەتۈرسەن كۈچەيۈ مەنى.
سۆزنى كېسىپ ئېيتقانىدىم، ئۇنى (ئاڭلىغان) ئىدىڭ،
مېنى زورلاپ نېمىشقىمۇ جاپا تارتىدىغانسەن؟

3962 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بىلىك بەرگۈچى، C233
سىناپ ئەدگۈ، ئەسىز كىشىگ بىلگۈچى:
بىلىم بەرگۈچى، ياخشى، يامان كىشىنى سىناپ بىلگۈچى
نېمە دېگەن، ئاڭلا:

3963 «كىشىگە سىناغى بىر ئۆك كۆرسە تاپ،
تىلەك بىلگۈگە بىر تىلىن يۆرسە تاپ.
«كىشىنى سىناشتا بىر قاراشلا كۇپايە،
تىلەكنى بىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز سۆزىلا كۇپايە.

3964 باقىر ئالتۇنۇغ ئەر كۆرۈپ بىلمەسە،
ئالىپ ئازقىنا بىر تاشىغ سۇرسە تاپ».
كىشى ئالتۇن بىلەن مىسنى پەرق ئېتەلمىسە،
بىر تاشقا ئازراقلا سۈرۈپ كۆرسە كۇپايە».

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3965 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: قاداش،
ماڭا پۇشماغىل سەن، كۆڭۈل قىلما باش.

ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي قېرىنداش،
سەن ماڭا ئاچچىقلانما، دىلىڭنى بىئارام قىلما.

3966 تاپۇغچى كۆز ئاچسا بەگىنى كۆرۈر،
نەگۈ ئايسا بەگلەر ئانىئوق قىلۇر.
خىزمەتچى كۆزىنى ئاچسا بېگىنى كۆرىدۇ،
بەگلەر نېمىنى بۇيرۇسا، شۇنىلا قىلىدۇ.

3967 ئەلىگكە بىتىكىن تەگۇردۇم سۆزۈڭ،
تىلىنمە نەگۈ ئايدى ئەرسە ئۆزۈڭ.
ئەلىگكە مەكتۇپىڭ بىلەن سۆزۈڭنى يەتكۈزدۇم،
ئېغىزىڭ بىلەن نېمە دېگەن بولساڭ، شۇنى(دېدىم).

3968 سۆزۈڭگە يانۇت قىلدى ئىدتى بىتىك،
چىقاردى، بىتىك بەردى ئەلگىن تەتىك.
سۆزۈڭگە جاۋاب بېرىپ، مەكتۇپ ئەۋەتتى،(دەپ)
خەتنى ئېلىپ، (ئۇنىڭ) قولىغا ئۇزاتتى.

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3969 بىتىك ئالدى ئودغۇرمىش، ئاچتى تۇرۇپ،
ئوقىدى بىتىكىن، ساقىندى كۆرۈپ.
ئودغۇرمىش مەكتۇپنى ئالدى ۋە ئاچتى،
خەتنى ئوقۇدى ۋە خىيالغا چۆكتى.

3970 ئايۇر، ئاي قاداشىم، نە ئەركى ئىگىڭ،
مەنى مۇنچا ياۋلاق ئەدەردى بەگىڭ؟
(ۋە) دېدى: ئەي قېرىندىشىم، سېنىڭ نېمە دەردىڭ باركى،
بېگىڭ مېنى شۇنچىۋالا زورلاپ چاقىرىپتۇ؟

46

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش بىرلە ئىكىنچ قاتا مۇنازەرە قىلمىشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3971 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئاچتى تىلىن،
ئايۇر، ئاي قاداشىم، ئەشىت سۆز بىلىن.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز ئاچتى:
ئەي قېرىندىشىم، سۆزۈمنى ئاڭلا، چۈشەن، دېدى.

3972 ئەلىگنىڭ تىلەكى ساڭا ئەدگۈ ئول، B287
بۇ ئەدگۈ ئىچىندە تىلەر ئەدگۈ يول.
ئەلىگنىڭ ساڭا (نىسبەتەن) تىلىكى ياخشى،
ياخشى تىلىكى بىلەن ساڭا ياخشى يول ئېچىپ بېرىدۇ.

3973 بىلۇرسەن، بۇ يەردە بۇ تائەت ـ تاپۇغ
قىلۇرۇڭ نەچە ئەدگۈ ئاچغاي قاپۇغ.
بىلىسەن، بۇ يەردە قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىڭ
(ساڭا) كۆپ ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگۈسى.

3974 يانا كەند ئۇلۇشتا مەن ئايمىشلارىم،
نەچە تۇرلۇگ ئەدگۈ تۇرۇر، ئاي ئەرىم.
يەنە مېنىڭ دېگىنىمدەك، شەھەر ـ كەنتلەردىمۇ
قانچىلىغان ياخشىلىقلار بار، ئەي يىگىت.

3975 ياۋۇز ئەرمەز ئەمدى بۇ دۇنيا قۇتىن
بۇلۇپ تىرلۇ بىلسە، قوپۇرسا ئاتىن.
بۇ دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىپ،
ياشاشنى بىلىش، نام چىقىرىش يامان (ئىش) ئەمەس.

3976 ئۆزۈڭ ئۇقبى قولسا، ئاي زاهىد بۇلۇر، A14 C234
مۇيان، ئەدگۈ مۇندىن ئەلەتسە بولۇر.

ئەي، زاھىتلىقتا ئېرىشكۈچى، سەن ئاخىرەتلىكنى ئىزدىسەڭ.
ساۋابلىق، ياخشىلىقنى بۇ (دۇنيا)دىن ئېلىپ كېتىشىڭ كېرەك.

3977 ياۋۇز تەسە بولماز بۇ دۇنيا نەڭىن،
يەسە، بەرسە خەلققە، قىزارتسا ئەڭىن.

بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنى يامان دېيىشكە بولمايدۇ،
يەپ ـ ئىچسە، خەلققە بېرىپ، يۈزىنى يورۇق قىلسا (بولىدۇ).

3978 يەمە ياقشى ئايمىش ئاقىلار باشى،
ئەشىتگىل مۇنى سەن، ئاي ئەدگۈ كىشى:

سېخىيلار باشلىقى بەك ياخشى ئېيتقان،
بۇنى ئاڭلىغىن، ئەي ياخشى كىشى:

3979 قامۇغ ئەدگۈلۈككە نەڭ ئول يولچىسى،
قامۇغ ئىگ ــ توغاقا نەڭ ئول ئەمچىسى.

كۆپ ياخشىلىقلارغا يول ئاچقۇچى نەرسە ــ بايلىقتۇر.
ھەر خىل كېسەللەرنىڭ داۋاسى (مۇ) بايلىقتۇر.

3980 نەڭى بولسا يالڭۇق بۆلۈر ئۆگ، بىلىك،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە ئۈزاتۇر ئەلىگ.

كىشىنىڭ دۇنياسى بولسا، بىلىم ئەقىلگە ئىگە بولىدۇ،
ھەر خىل ياخشىلىقلارغا قول ئۇزارتالايدۇ

3981 بۇ نەڭ بىرلە يالڭۇق تىلەسە تىلەك،
ياشىل كۆككە يوقلار، نەڭ ئول كەد يۆلەك.

مال ـ دۇنيا بىلەن ئىنسان (خالىغان) ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ،
كۆك ئاسمانغا چىقىمەن دېسە، مال ـ دۇنيا يۆلەك بولىدۇ.

3982 ھەج ئەرسە تىلەكىڭ، كەرەك نەڭ تاۋار،
غازىلىق تىلەسە يەمە بۇ يارار.

تىلىكىڭ ھەج قىلىش بولسا، (بۇنىڭغىمۇ) مال ـ تاۋار كېرەك.
غازىلىق نامىنى تىلىسەڭ، بۇنىڭغىمۇ يارايدۇ.

3983 نەڭى بولماسا ئەر ئالىپ بەرگۈگە،
ئەلىگ قىسغا بولدى قامۇغ ئەدگۈگە.

كىشىنىڭ ئېلىپ ـ بېرىدىغان مال ـ دۇنياسى بولمىسا،
ھەر خىل ياخشىلىقلارنى (قىلىشتا) قولى قىسقا بولىدۇ.

3984 نەگۈلۈك قودۇرسەن بۇ ئەدگۈلەرىگ،
نەلۈك تاپلامازسەن بۇ ئۆت، ساۋ، ئەرىگ.
بۇ ياخشىلىقلارنى نېمە ئۈچۈن تاشلىۋېتىسەن؟
بۇ پەند ـ نەسىھەتلەرنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلمايسەن؟

3985 تاپۇغقا نەگۈتەك ئىنانسا بولۇر،
تاپىندىم تەيۇ بىلسە مۇفلىس قالۇر.
ئىبادەتكە قانداق ئىشەنسە بولىدۇ،
«ئىبادەت قىلدىمغۇ» دەپ بىلسە، (ھەممىدىن مەھرۇم) بولىدۇ.

3986 باياتىغ تاپۇغ بىرلە بۇلماز قۇلى،
ئەدى يىنچكە يول بۇ تاپۇغچى يولى.
بەندە خۇدانى ئىبادەت بىلەنلا تاپالمايدۇ،
تائەت ـ ئىبادەت يولى بەك نازۇك يولدۇر.

3987 نەچە مىڭ تاپۇغچى تاپىندى يىلىن،
چىقار جان ئۆدىندە يىتۇردى يولىن.
نەچچە مىڭلىغان ئىبادەتچىلەر يىل بويى ئىبادەت قىلدى،
جان چىقار ۋاقتىدا يولدىن ئاداشتى.

3988 نەچە مىڭ تاپۇغسۇز يازۇقلۇق قۇلى،
ئاخىر تىن كەسەردە ئوڭاردى يولى.
نەچچە مىڭلىغان گۇناھكار، ئىبادەت قىلمىغان بەندىلەر،
ئاخىر نەپەس ئۈزۈلىدىغاندا يولىنى تاپتى.

3989 بىلىر مەن باياتىم سەۋىنچى قامۇغ، B288
تاپۇغ ـ تائەت ئىچرە تۇرۇر، ئاي ئۇلۇغ.
بىلىمەن، خۇدايىمنىڭ ھەممە رازىلىقى
تائەت ـ ئىبادەت ئارقىلىق بولىدۇ، ئەي ئۇلۇغ.

3990 بىلۇمەسە ئەمدى بۇ تائەت چىنى،
قايۇ تائەت ئەركى ئۇقۇماز مۇنى.
ھەقىقىي تائەت ـ ئىبادەتنى بىلمىسە،
قايسى تائەت ـ ئىبادەت بولىدۇ، بۇنى بىلەلمەيدۇ.

3991 قالى مۇنداغ ئەرسە، قامۇغ تائەتىغ
تۇگەل قىلغۇ بۇلسا، بۇ ئايمىش تاتىغ.

ئەگەر شۇنداق ئىكەن، ھەممە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى
تەلتۆكۈس قىلىشقا ئىرىشسە، بۇنى لەززەت دېيىش كېرەك.
3992 باقا كۆر، بۇ سۆزلەركىم ئايدىم ساڭا،
بۇ ياڭلىغ ئەرۈرمۇ، ئايۇ بەر ماڭا؟
قاراپ باق، ساڭا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىم
شۇنداق بولامدۇ، ماڭا جاۋاب بەر.
3993 قالى مۇنداغ ئەرسەكىم ئايدىم بۇ سۆز
تىلىن كۆن، سۆزۈم تۇت، ئايا كۆڭلى تۈز.
ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمگە
ئېغىزىڭ بىلەن كۆنگىن، سۆزۈمنى ئاڭلا، ئەي كۆڭلى تۈز.
3994 ھەۋاقا بۈلۈن بولما، كۆندۈر كۆڭۈل، C235
كىشگە قاتىلغىل، يورىغىل ئامۇل.
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە مەپتۇن بولما، دىلىڭنى توغرىلا،
كىشىلەرگە قېتىلغىن، خاتىرجەم يۈرگىن.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3995 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: قاداش،
مۇڭادتۇردۇڭ ئەمدى ئاغۇ قىلدىڭ ئاش.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: قېرىنداش،
(مېنى) غەمگە سالدىڭ، ئېشىمنى زەھەر قىلدىڭ.
3996 تۇتايىن سەن ئايمىش سۆزۈگ تىڭلادىم،
ئەلىگكە بارىپ مەن تاپۇغ باشلادىم.
سەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئېتىبارغا ئالغانمۇ بولاي،
ئەلىگكە بېرىپ خىزمەتمۇ قىلاي،
3997 تاپۇغقا ئەڭ ئاشنۇ تۆرۈ بىلگۈ ئۆز،
يەمە قىلىق، قىلىنچى، سۆزى سۆزگە تۈز.
خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىلىشى،
قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، ئۆيغۇن بولۇشى كېرەك.

3998 كىرۇ ھەم چىقا بىلسە، ئولدرۇغ، تۇرۇغ،
تاپۇغ بىلمەسە ئەر تەك ئەمگەر قۇرۇغ.
كىرىپ ـ چىقىشنى، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشنى بىلىش كېرەك،
كىشى خىزمەت قىلىشنى بىلمىسە، بىكاردىن ـ بىكار جاپا چېكىدۇ.

3999 نەگۇ تەر ئەشىتكىل تاپۇغ بىلگۈچى،
سىناپ بىلمىشىن ئايدى ئازراق ئۈچى:
خىزمەت (قىلىشنى) بىلگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ)، سىناپ بىلگەن ئۈچ (نەرسىنى) ئازراق سۆزلىگەن:

4000 «بۇ بەگلەرگە تاپماق تىلەسە ئۆزۈك،
كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇت، كۆدەزگىل سۆزۈك.
«سەن بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنى خالىساڭ،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا تۇت، سۆزۈڭنى بايقا.

4001 تۆرۈ ھەم توقۇ بىرلە ئۆگرەن تاپۇغ،
تاپۇغ بىلدىڭ ئەرسە، يارۇدى يۈزۈڭ».
قائىدە ـ يوسۇنلار بويىچە خىزمەت قىلىشنى ئۆگەن،
خىزمەت (قىلىشنى) بىلسەڭ، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ».

4002 كىشىدە يىرامىش تۇرۇر بۇ ئۆزۈم،
تۆرۈ يوق، توقۇ يوق نە قىلقىم، سۆزۈم.
مەن كىشىلەردىن يىراق تۇردۇم،
سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمدە ئەدەپ ـ قائىدە يوق.

4003 نەگۈتەك قىلۇرمەن بەگىڭكە تاپۇغ،
ياپىلمىش تۇرۇر، كۆر، ماڭا بۇ قاپۇغ.
بېگىڭگە قانداقمۇ خىزمەت قىلالايمەن،
قارا، مەن ئۈچۈن بۇ ئىشىك يېپىلغان.

4004 نەگۈگە كۈچەرسەن مەنى بەرك تۇتۇپ، B289
ئەلىگكە تاپىن تەپ سۆزۈمنى ئۇتۇپ.
مېنى چىڭ تۇتۇپ نېمانچە زورلايسەن،
ئەلىگكە خىزمەت قىل، دەپ سۆزۈمنى رەت قىلىسەن؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4005 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى :بۇ سۆز A115
يەمە ئەدگۈ ئەرمەز، ئايا كۆڭلى تۈز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
بۇ سۆزۈڭ ياخشى ئەمەس، ئەي كۆڭلى تۈز.
4006 سەنىڭدىن كۆتۈرگەي ئەلىگ بۇ تۆرۈ،
كەرەك ئەرسە ئۇلدۇر، كەرەك تۇر ئۆرۈ.
ئەلىگ سېنىڭدىن ئەدەپ ـ قائىدىگە (بويسۇنۇش)نى تەلەپ قىلمايدۇ،
خالىساڭ ئولتۇرسەن، خالىساڭ ئۆرە تۇرىسەن.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4007 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: بۇ سۆز C236
ئەدى ياقشى ئەرمەز، ئايا قىلقى تۈز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
بۇ سۆزۈڭ تازا جايىدا بولمىدى، ئەي خۇش پېئىل.
4008 نەگۈتەك ياراشۇر ساڭا يا ماڭا،
تۆرۈ بىلمەسە ئۆز يورىسا ئاڭا.
ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ يۈرۈش
سەن بىلەن ماڭا قانداق يارىشىدۇ؟
4009 بۇ ئەل ئەتگۈ، تۈتغۇ، بودۇن تۈزگۈگە،
بۇ بەگلەر تىكىلدى ئاژۇن سۈزگۈگە.
بەگلەر ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش، باشقۇرۇش، خەلقنى تۈزەش،
دۇنيانى تازا تۇتۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن.
4010 بۇ ئەل كۈن ئەتىكى ـ بۇ بەگلەر ئىشى،
تۆرۈ ھەم توقۇ بىرلە ئەتتى كىشى.
ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش بەگلەرنىڭ ئىشىدۇر،
كىشى ئۇنى قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

4011 ئانىن ئۆترۈ بەگلەر ئۇزاتتى ئەلىگ،
ئۇقۇش ئۆترۈ تۇتتى، يورىتتى تىلىگ.
شۇنىڭغا يارىشا، بەگلەر قول ئۇزارتىپ،
ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سالدى، ئەمر ـ پەرمان يۈرگۈزدى.

4012 ئەدى ياقشى ئايمىش ئاژۇن ئەلچىسى،
بىلىگلىگ، ئۇقۇشلۇغ بودۇن باشچىسى:
بىلىملىك، ئەقىللىق خەلق باشچىسى،
دۇنيا ھاكىمى ناھايىتى ياخشى ئېيتقانىدى:

4013 ئاژۇن تۇتغۇچى ئەر ئۇقۇشلۇغ كەرەك،
بودۇن باسغۇچىقا كەرەك كەد يۈرەك.
دۇنيانى تۇتقۇچى كىشى ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك،
خەلقنى ئىدارە قىلغۇچى ئۈچۈن يۈرەك كېرەك.

4014 بۇ ئىككى بولۇنسا، باسا تاپغۇچى
تۆرۈلۈگ، توقۇلۇغ كەرەك بىلگۈچى.
بۇ ئىككىسى بولغاندىن باشقا، خىزمەتچى
قائىدە ـ يوسۇنلۇق، قانۇننى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

4015 ئانىن ئۆترۈ بەگلەر بەدۈتۈر كۈچىن،
ياغى بوينى يەنچەر، ئالىر ئۆز ئۆچىن.
شۇنداق بولغاندا، بەگلەر كۈچىنى يۈكسەلدۈرۈپ،
دۈشمەن بويىنىنى يانجىپ ئۆچىنى ئالالايدۇ.

4016 بىز ئەمدى بۇ ئۆڭدى تۆرۈ ئۇرسامىز،
نەگۈتەك يارۇشۇر تۆرۈ بۇزسامىز.
بىز قانۇن، ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ تەرەپدارى تۇرساق،
بۇ قانۇنلارنى بۇزۇش بىزگە قانداق يارىشىدۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4017 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى قاداش، B290
ئەدى تەرس ئىش ئەرمەز، پاتار قىلسا ئاش.

ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: قېرىندىشىم،
بۇ بەك قىيىن ئىش ئەمەس، ئاش يېيىلسە ھەزىم بولىدۇ.

4018 مۇنۇ مەن بىلىرمەن بۇ ئۆڭدى، تۆرۈ،
ئايايىن مەن ئەمدى، سەن ئۆگرەن كۆرۈ.
مانا مەن بۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى بىلىمەن،
(ساڭا) سۆزلەپ بېرەي، كۆرۈپ ئۆگىنىۋال.

4019 كىشى بىلمەسە ئۆگرەنۈر، كۆر، بىلىر،
بىلىپ ئۆترۈ يالڭۇق تىلەككە تەگىر.
قارا، كىشى بىلمىسە، كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ،
بىلگەندىن كېيىن ئادەم تىلىكىگە يېتىدۇ.

4020 مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى بىلكى ئاچۇق،
بۇ سۆز تۇتماز ئەرنىڭ بىلىكى پىچۇق.
بۇنىڭغا تەقلىدەن دانىشمەن ئوچۇق ئېيتقان (ئىدىكى)،
بۇ سۆزنى چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ بىلىمى يېرىم ـ يارتا:

4021 «تۇغا بىلگە تۇغماز، كىشى ئۆگرەنۈر،
تۇغا سۆزلەمەز تىل، تۇرۇ سۆزلەنۈر.
«كىشى تۇغۇلۇشىدا دانا تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىدۇ،
تىلمۇ تۇغۇلۇپلا سۆزلىمەيدۇ، كېيىن سۆزلەيدۇ.

4022 كىشى ئۆگرەنىپ ئۆترۈ بىلگە بولۇر، C237
بىلىك بىلسە ئۆترۈ قامۇغ ئىش ئۆنۈر».
كىشى ئۆگىنىپ، ئاندىن دانا بولىدۇ،
بىلىمنى بىلسە، ئاندىن ھەممە ئىش ئۇنۇملۇك بولىدۇ».

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4023 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: سەنىڭ
تىلەكىڭ بۇ ئەرسە، تىلەك يوق مەنىڭ.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: سېنىڭ
تىلىكىڭ شۇ بولسا، مەندە (باشقا) تەلەپ يوق.

4024 ئايى مۇڭقارۇرسەن بۇ كۈن سەن مەنى،
نەگۈتەك بولۇر ئاي بۇ تاپغۇق قانى.
بۈگۈن سەن مېنى بەك قىستاۋاتىسەن،
قېنى ئېيتقىنچۇ، بۇ خىزمەت قانداق بولىدۇ؟

4025 كۆڭۈلگە كىرۇرمۇ سۆزۈك تىڭلايىن،
ئۆزۈم ئۆگرەنۈرمۇ ئانى ئاڭلايىن.
سۆزۈڭ كۆڭلۈمگە سىغامدۇ، بىر ئاڭلاپ باقاي،
ئۆزۈم ئۆگىنەلەيمەنمۇ، بۇنىمۇ ئۇقاي.

4026 ماڭا ئايغىل ئەمدى تۆرۈنى نەچە،
توقۇلارنى سايۇ، ئاتايۇ يىچە.
قانۇن ـ قائىدىلەر نەچچە، ئەدەپ ـ يوسۇنلار
قايسى، نامىنى ئاتاپ ماڭا بىر ئاز سۆزلەپ بەر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4027 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: تۈگەل،
كۆنى سۆزلەدىڭ سۆز، ئايا ئەدگۈ فال.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ياخشى دانىشمەن،
سۆزنى تامامەن توغرا سۆزلىدىڭ.

4028 ئۇقۇشقا يىراق ئەردى ئاشنۇ يولۇڭ، B291
كۆنىلىككە ئۇردۇڭ سەن ئەمدى ئۇلۇڭ.
بۇرۇن تۇتقان يولۇڭ ئەقىلدىن يىراق ئىدى،
ئەمدى ئۆز ئاساسىڭنى توغرىلىق (ئۇستىگە) قۇردۇڭ.

4029 مەن ئەمدى ئايايىن ئەشىتكىل ئۆگۈن،
سەن ئۆگرەن، يازىلسۇ ساڭا بۇ تۈگۈن.
ئەمدى مەن سۆزلەي، سەن ئاڭلىغىن، چۈشەنگىن،
ئۆگەنگىن، سەن ئۈچۈن بۇ تۈگۈن يېشىلسۇن.

4030 قالى ئۆگرەنۈر ئەرسە ئەمدى ئۆزۈڭ،
تىلىن تىلداما ئەمدى، كەسكىل سۆزۈڭ.
ئەگەر سەن ئۆگىنىدىغان بولساڭ،
گەپنى ئەگىتمە، سۆزۈڭنى توختات.

47

ئۆگدۇلمىش ئودغۇرمىشقا بەگلەرگە تاپىنماق تۆرۇسىن ـ توقۇسىن ئايۇر

ئۆگدۇلمىش ئودغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدا ئېيتىدۇ

4031 ئىكى تۇرلۇگ ئول بۇ تاپۇغچى كىشى،
تاپۇغ قىلسا ئەتلۇر كۇنىڭە ئىشى.
خىزمەت قىلغۇچى كىشى ئىككى خىل بولىدۇ،
خىزمەت قىلسا ئىشلىرى ھەر كۇنى يۇرۇشىدۇ.

4032 بىرى، ئوغلان ئەركەن تاپۇغقا كىرۇر،
تاقى بىر، بەدۇك بولسا ئۆترۇ قىلۇر.
بىرى، ياش ۋاقتىدىلا خىزمەتكە كىرىدۇ،
يەنە بىرى، چوڭ بولغاندىن كېيىن (خىزمەت) قىلىدۇ.

4033 ئىكىدە تالۇ ئەدگۇرەكى ئول ئول،
كىچىگدە تاپۇغ قىلسا، باسسا كۆڭۇل.
بۇ ئىككىسىدىن تېخىمۇ ياخشىراقى شۇكى،
كىچىكىدىنلا خىزمەت قىلسۇن، كۆڭلىنى توختاتسۇن.

4034 نەچەمە بۇ كۇن سۆز ساڭا ئايسا ئۆز،
كىچىگلەرگە باشلاپ ئايايىن بۇ سۆز.
بۇگۇن (مەن) ساڭا قانچىلىك سۆز قىلسامۇ،
بۇ سۆزۇمنى كىچىكلەردىن باشلاپ سۆزلەي:

4035 سۆزۇگ ئۆرتە تۇتسا، سوڭى يىگ بولۇر،
قايۇ نەڭ يىگ ئەرسە، تۇپى ئىگ بولۇر.
سۆزنى ياپتا قىلسا، ئاخىر خام بولىدۇ،
قايسى نەرسە خام بولسا، تېگى دەرد بولىدۇ.

4036 پىشغلىغ تىلەسە، پىشۇرغۇ سۆزۇگ،
پۇتۇنلۇك تىلەسە، پۇتۇرگۇ ئۆزۇگ.

پىششىق (بولۇشنى) خالىسا، سۆزنى پىشۇرۇش كېرەك،
ئىشەنچلىك بولۇشنى خالىسا، ئۆزنى ئىشەنچلىك (تۇتۇش) كېرەك.

تاپۇغقا ئاچايىن تەسە ئەر قاپۇغ، 4037 C238
كىچىگ ئوغلان ئەركەن قىلىنغۇ تاپۇغ.
كىشى خىزمەتكە ئىشىك ئاچاي دېسە،
كىچىك ۋاقتىدىلا خىزمەت قىلىشى كېرەك.

تۆرۈ هەم توقۇ بىلسە، تۇزسە يورىق، 4038
كىرۈ هەم چىقا بىلسە، ئەتسە قىلىق.
قانۇن، قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىلسۇن، يول تاپسۇن،
كىرىپ ـ چىقىش (يوسۇنلىرىنى) ئۆگەنسۇن، هەرىكىتىنى تۈزىسۇن.

تاپۇغقا ئەرىك بولسا ئەرتە تۇرۇپ، 4039
كۆڭۈل، تىل كىچىگ تۇتسا قودقى بولۇپ.
ئەتىگەن تۇرۇپ، خىزمەتكە چەبدەس بولسۇن،
كەمتەر بولۇپ، كۆڭلىنى، تىلىنى كىچىك تۇتسۇن.

يۇمۇشقا ئەرىك بولسا يۈگرۈ تۇرۇ، 4040
قۇلاق، كۆز يىتى تۇتسا، ئاشرۇ كۆرۈ.
ئىشقا تىرىشچان، ئايىغى چاققان بولسۇن،
ئاڭلاشتا، كۆرۈشتە قۇلاق ـ كۆزنى ئىتتىك تۇتسۇن.

ئۆزىندە ئۇلۇغقا تاپۇغ قىلسا ئۆز، 4041
تىلىن بەكلەسە كەد، قاتىغ تۇتسا سۆز.
ئۆزىدىن چوڭغا خىزمەت قىلغاندا،
تىلىنى مەهكەم تۇتۇپ، سۆزنى چىڭ ساقلىسۇن!

تاپۇغۇغ ئوڭارسا بۇ ياڭلىغ كىچىگ، 4042 B292
بەگىڭە ياغۇدى، ئوڭاردى كەچىك.
بۇنداق كىچىكلەر خىزمىتىنى ئوڭشاپ كېتەلىسە،
بېگىگە يېقىنلىشىپ، (خىزمەت) يولىنى ئوڭشايدۇ.

كىرۈر هەم چىقار بولسا ئاندا نارۇ، 4043
ئۆتۈنسە ئۆتۈك، ساۋ تۆرۈچە كۆرۈ.
ئۇنىڭدىن باشقا، كىرىپ ـ چىقىشتا،
تىلەك ـ مەقسەتلىرىنى ئىزهار قىلىشتا، قائىدە بويىچە قىلىشى كېرەك.

4044 كىچىگ قۇر بۇ يەرگە تەگە تۇرچىسە،
نەگۈگە يارارىن سەچەر بەگ باسا.
كىچىك ئەمەلدارلار بۇ (دەرىجىگە) يېتەلىسە،
بەگ ئاندىن نېمىگە يارايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

4045 تاپۇغچى تەتىك ئەرسە، قىلقى پۇتۇن،
ئۆتۈككە يارار بۇ، قوپار تەرك قۇتۇن.
خىزمەتچى زېرەك، ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولسا،
تەلەپكە يارايدۇ ۋە ئۆسىدۇ، دۆلەتلىك بولىدۇ.

4046 ئاتىم، ئەرسىگ ئەرسە بولۇر ئوق ياچى،
كۆنى ئەرسە قىلقى بولۇر تامغاچى.
ئېتىشتا مەرگەن، باتۇر بولسا، ئوقياچى بولىدۇ،
قىلىقلىرى توغرا بولسا، تامغىچى (مۆھۈردار) بولىدۇ.

4047 قىلىنچى ئارىغ ئەرسە، كۆركلۈگ يۈزى،
ئىدىشچى قىلۇر بەگ، ئاي كۆڭلى يازى.
تەبىئىتى پاك، چىراي ـ شەكلى كۆركەم بولسا،
(ئۇنى) بەگ ئىدىشچى قىلىدۇ، ئەي دىلى ئوچۇق.

4048 بىتىك بىلسە ساقىش ئاغىچى بولۇر،
ئۇقۇش، ئۆگ كەد ئەرسە بىتىكچى بولۇر.
خەت، ھېساب بىلسە خەزىنىچى بولىدۇ،
ئەقىل ـ ئىدراكى ياخشى بولسا، كاتىپ بولىدۇ.

4049 بۇلاردا قايۇقا ئۇلانسا بۇ ئۆز،
ئەدى قورقۇ، ئاينۇ تاپۇغ قىلغۇ ئۇز.
بۇلارنىڭ قايسىسىغا مۇيەسسەر بولسا،
ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئەيمىنىپ چىرايلىق خىزمەت قىلىش كېرەك.

4050 نەگۇ تەر ئەشتكىل تاپۇغ قىلغۇچى،
تاپۇغ يەترۇپ ئۆترۇ تىلەك بۇلغۇچى:
خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاندىن تىلىكىگە ئېرىشكەن،
خىزمەت قىلغۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4051 «يۇز ئۇترۇ تۇرۇر بولسا بەگكە ئۆزۈڭ،
ئەدى قورقۇ تۇرغىل، كۇدەزگىل كۆزۈڭ.

«يۈزۈڭ بەگكە يۈزمۈيۈز تۈرىدىغان بولسا،
بەك قورقۇپ تۈرغىن، كۆزۈڭنى بايقا.

4052 قىلىنچ ئەت، يورىق تۈز، ئۆزۈڭنى كۈدەز،
كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇت، قىسۇرغىل سۆزۈڭ».

خۇلقۇڭنى توغرىلا، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭنى تۈزەت، ئۆزۈڭنى كۆزەت،
دىلىڭنى ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، سۆزۈڭنى قىسقارت».

4053 تاپۇغ بىرلە ئەتلۈر قامۇغ تۇرلۇگ ئىش، C239
تاپۇغ بىرلە قاۋشۇر ساڭا ئەدگۇ ئەش.

هەر تۈرلۈك ئىشلار خىزمەت ئارقىلىق يۈرۈشىدۇ،
خىزمەت ئارقىلىق ياخشى دوستلارغىمۇ يېتىشىسەن.

4054 نەگۇ ئەدگۇ قولسا ساڭا بۇ ئۆزۈڭ،
تاپۇغ قىل، تاپۇغۇڭ ياروتغاي يۈزۈڭ.

ئۆزۈڭ هەرقانداق بىر ياخشىلىقنى خالىساڭ،
خىزمەت قىل، خىزمىتىڭ يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

4055 قالى بەگكە ئۇترۇ تۇرۇر ئەرسە سەن،
كۆزۈڭ يەردە تۇتغىل، قۇلاق تۆردە سەن.

ئەگەر بەگكە يۈزمۈيۈز تۇرىدىغان بولساڭ،
كۆزۈڭنى يەرگە تىك، قۇلىقىڭنى تۆرگە توغرىلا.

4056 ئەلىگ قاۋشۇرۇ تۇت، ئاداقىن تۈزە،
بۇ ئوڭ ئەلگىڭ ئۇرغىل سول ئەلگىڭ ئۆزە.

قولۇڭنى قوۋۇشتۇرۇپ ئايىغىڭنى تۈزەپ (تۇر)،
ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قوي.

4057 قاپۇغدا كىرۈردە ئوڭۇڭ ئاشنۇ ماڭ،
تىلىن يارلىقاردا ئۆگۈڭ بىرلە ئاڭ.

ئىشىكتىن كىرىشتە ئوڭ (ئايىغىڭنى) ئالدىن بېسىپ ماڭ،
ئېغىزچە يارلىق بەرگەندە ئەقىل بىلەن ئاڭلا.

4058 ئۆتۈك ئۆتنۈر ئەركەن، كۆنى تۇت ئەلىگ،
ئىكى تىز بىلە سۆك، تۈزۈن بول سىلىگ.

ئۆتۈنۈش قىلغىنىڭدا قولۇڭنى تۈز تۇت،
تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەدەپلىك ۋە سىلىق بول.

4059 قىيا باقما ئاندا سولۇن، يا ئوڭۇن،
ئۆزۈڭ ئەيمەنۈ تۇر، ئەشىت سۆز ئۆگۈن.
بۇنداق چاغدا ئوڭ ـ سولۇڭغا قىيا قارىما،
ئۆزۈڭ ئەيمىنىپ تۇرۇپ، سۆز ـ نەسىھەتنى ئاڭلا.

4060 ساڭا سۆز ئايىتسا، ئۆتۈن سۆز چىنى، B293
جەۋاپ بەرسە يارلىغ، تەگۇرگىل كۆنى.
سەندىن سۆز سورىسا، توغرا جاۋاب بەر،
جاۋابەن يارلىق بەرسە، توغرا ئىجرا قىل.

4061 سۈچىگ ئىچمە، بوشلاغ يورىما ياۋا،
يارىغسىز، ياۋۇز ئىشتە قاچغىل ئەۋە.
ئىچىملىك ئىچمە، بىكار لاغايلاپ يۈرمە،
يارىماس، يامان ئىشلاردىن نېرى قاچ.

4062 ئەشىتمىش سۆزۈگ سەن ئەشۈتمەدۈك ئەت،
كۆزۈڭ كۆرمىشىن سەن كۆرۈمەدۈك ئەت.
ئاڭلىغان سۆزلىرىڭنى ئاڭلىماسقا سال،
كۆزۈڭ كۆرگەن (ئىشلارنى) كۆرمەسكە سال.

4063 بۇ ياڭلىغ تاپىنسا، يارانسا كىشى،
قۇتى كۈندە ئارتار، كۆر، ئەتلۇر ئىشى.
كىشى مۇشۇنداق خىزمىتى بىلەن ياراپ قالسا،
بەخت كۈنسايىن ئاشىدۇ، ئىشى روناق تاپىدۇ.

4064 قايۇسى ئالۇر خىل، بولۇر خىل باشى،
قايۇسى ئات ـئادغىر ئۈزە ئەل باشى.
(بۇنداقلارنىڭ) بەزىسى خىللىنىپ، قوشۇن باشلىقى بولىدۇ،
بەزىسى ئات، ئايغىر مىنىپ، ئەل بېشى بولىدۇ.

4065 قايۇسى سۈ باشى، قايۇسى ھاجىب،
قايۇسى ئىلىمغا بولۇر سۆز ئاچىپ.
بەزىسى قوماندان، بەزىسى ھاجىپ بولىدۇ،
بەزىسى سۆز (مەنىسىنى) ئېچىپ (بېرىدىغان) كاتىپ بولىدۇ.

4066 بۇ قۇرقا تەگىپ ئۈز تاپىنسا بۇ ئەر، A117
ئۈلۈغلۇقىا يەتلۇر، تۈكەل ئارزۇ يەر.

كىشى بۇ دەرىجىگە يېتىپ، چىرايلىق خىزمەت قىلسا،
ئۇلۇغلۇق (مەرتىۋىسىگە) ئېرىشىپ، پۈتۈن ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

4067 قايۇقا ئۆگەلىك تەگىر، ئۆگ بولۇر،
قايۇ كۆك ئايۇقلۇق ئۇزە ئات ئالۇر.

بەزىلىرىگە دانىشمەنلىك تېگىپ، ئەقىلدار بولىدۇ،
بەزىلىرى ئاقساقال دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ.

4068 قايۇسى ئىنانچ بەگ، قايۇ چاغرى بەگ،
قايۇسى تەگىن بەگ، قايۇ چاۋلى بەگ.

بەزىسى ئىنانچ بەگ بولسا، بەزىسى چاغرى بەگ بولىدۇ،
بەزىسى نېگىن بەگ بولسا، بەزىسى چاۋلى بەگ بولىدۇ.

4069 قايۇ ياۋغۇ يۇغرۇش، بولۇر ئەل بەگى
قايۇ ئاتى تەڭسىز بولۇر ئەر ئۆگى.

بەزىسى يابغۇ ، يۇغرۇش ياكى ئەلبەگ بولسا،
بەزىلىرىنىڭ نامى تەڭداشسىز بولۇپ، پاراسەتلىك كىشى بولىدۇ.

4070 بۇ يەرگە تەگى ئول تاپۇغچى قۇرى، C240
مۇنۇڭدا نارۇ يوق ئاغىرلىق قۇرى.

خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسى شۇ يەرگىچە بولىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقا ھۆرمەت دەرىجىسى يوق.

4071 بۇ قۇرقا تەگۇرسە تاپۇغچىغ بۇ بەگ،
ئۆتەدى تاپۇغچى ھەقىن ئۆگكۇتەك.

بەگ خىزمەتكارنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزسە،
خىزمەتچى ھەققىنى ماختىغۇدەك ئادا قىلىدۇ.

4072 بۇ قۇرقا تەگىپ ئەر تاپىنسا بىرەر،
ئەدى كەد تۇسۇلۇر، بەگى ئارزۇ يەر.

كىشى بۇ دەرىجىگە يېتىپ بىرەر خىزمەت قىلسا،
ناھايىتى پايدىلىق بولىدۇ، بېگى (ئۇنىڭ) ئارزۇسىنى قىلىدۇ.

4073 قالى ئورناسا بۇ ئوتۇن ئەر ئەلى،
ئەدىئۆك ئۇلۇغ ياس قىلۇر بۇ قۇلى.

ئەگەر بۇ (ئورۇنغا) يامان كىشى ئورۇنلاشسا،
بۇنداق قۇل (بەگكە) چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ.

4074 ئەدى ياقشى ئايمش ئۇقۇشلۇغ بۆگۈ:
تەگمسز كشگە بۇ قۇر بەرمەگۇ.
ئەقىللىك دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقاندى:
لاياقەتسىز كىشىگە بۇ دەرىجىنى بەرمەسلىك كېرەك.

4075 تاقى مۇندا يەگرەك ئايۇر بۇ بلك،
بلكسزگە بەرمە، ئايا بەگ، ئەلگ.
بىلىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئېيتىدۇكى،
ئەي بەگ، بىلىمسىزگە قول بەرمە.

4076 ئۇقۇشسۇز كشلەر بلك ئارتاتۇر،
بلكسز كشلەر بودۇن ياۋرتۇر.
ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزىدۇ،
بىلىمسىز كىشىلەر خەلقنى قاقشىتىدۇ.

4077 بلكسزگە بەرسە بەگى قۇر ئورۇن،
بەگگە يازغلى، مۇنى بل بۇرۇن.
بەگ بىلىمسىزگە ئورۇن، دەرىجە بەرسە،
بەگكە زىيانلىق بولىدۇ، بۇنى بۇرۇنراق بىلىپ قوي.

4078 ئۇلۇغلۇقفا تەگسە ئۇقۇشسۇز كشى، B294
ئدسى باشن يەر، ئاي ئەلچى باشى.
ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشى ئۇلۇغ (مەرتىۋىگە) يەتسە،
غوجىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ، ئەي ئەلبېشى.

4079 كەرەك ئەمدى بەگلەر تاپۇغچى قۇلن
بلكى تەڭنچە بەدۇتسە ئۇلن.
(دېمەك) بەگلەر خىزمەتچى قۇلىنىڭ ئورنىنى
بىلىمى ـ دەرىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈشى لازىم.

4080 قۇلۇغ كەد سناغۇ، قلنچى، ياڭى،
ئۇقۇشى تەڭنچە تەگۈرگۇ ئۆڭى.
(خىزمەتچى) قۇلنىڭ خۇي ـ پەيلىنى سىناش كېرەك،
ئەقىل، ئىدراكىغا يارىشا ئورۇن بېرىش كېرەك.

4081 باغرساق كەرەك قۇل بەگگە ئاچر،
ئانى ئۆترۈ بەگلەر ئاچنسا تەگر.

قۇل بېگىگە مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇشى كېرەك،
ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا ئېھسان قىلسا ئەرزىيدۇ.

4082 نەگۇ تەر ئەشتىكىل تۆرۈ بەرگۈچى،
تۆرۈ بىرلە بەگلىك ئىشىن ئەتگۈچى.
قانۇن ئۆگەتكۈچى، بەگلىكنىڭ ئىشىنى قانۇن بىلەن
يۈرگۈزگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4083 نەچە قۇل بەدۇسە، قۇل ئاتى قۇل ئوق،
بەدۇتمىش بەگىڭە تاپۇغچى ئول ئوق.
قانچىلىك يۈكسەك (مەرتىۋىگە) يەتسىمۇ، قۇلنىڭ نامى قۇلدۇر،
ئۇ يۈكسەك (مەرتىۋىگە) يەتكۈزگەن بېگىگە خىزمەتكار (خالاس).

4084 نەچە بەگ كىچىگ ئەرسە ئاتى بەگئۆك،
تاپۇغچى ئاتىندا بەگ ئاتى يەگئۆك.
بەگ قانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى بەگدۇر،
خىزمەتكار نامىدىن بەگنىڭ نامى ئەۋزەلدۇر.

4085 ئاي بەگلەر ئاغىرلاپ بەدۇك بولمىش ئەر،
باسىنما بەگىڭنى، بەدۇك تۇت ئاغىر.
ئەي، بەگلەر قەدىرلەپ، يۈكسەك (مەرتىۋىگە) يەتكەن كىشى،
بېگىڭگە قارشى تۇرما، ئۇنى بۈيۈك دەپ ھۆرمەت قىل.

4086 ئۆچەشمە بۇ بەگلەر بىلە سەن بولۇپ،
سۆزىن سۆزلەمەگىل، مەگەر كەد كۆرۈپ.
سەن بۇ بەگلەر بىلەن زادى ئۆچەكەشمە،
(ئۇششاق) سۆزىنى قىلما، ياخشى كۆرگەن (سۆزىنى قىل).

4087 ئولار قۇت تۇرۇرلار، قۇت ئەلگى ئۇزۇن، C241
كۆيەر ئوت تۇرۇرلار، كۆيۈرگەي ئۆزۇن.
ئۇلار بەختتۇر، بەختنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ،
(ئۇلار) يانغان ئوتتۇر، سېنى كۆيدۈرىدۇ.

4088 زەمانە تۇرۇرلار، زەمانە بىلە
ياراشىق كەرەك، ئەر سەۋىنسە كۈلە.
ئۇلار زاماندۇر كىشى شادلىنىپ، كۈلۈشى ئۈچۈن
زامان بىلەن ماسلىششى كېرەك.

4089 تاقى ياقشى ئايمىش سىناپ بىلمىش ئەر،
تاپۇغ بىرلە قوپمىش، تىلەك بۇلمىش ئەر:

تەجرىبىلىك، بىلىملىك ۋە خىزمەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ
ھەممىگە ئېرىشكەن كىشى تېخىمۇ ياخشى ئېيتقانىدى:

4090 «كۆلە باقسا بەگلەر ساڭا ئۆز كۆزۈن،
سەۋىنمە ئاڭار سەن، كۆۋەنمە ئۆزۈن.

«ساڭا بەگلەر كۈلۈپ تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن قارىسا،
ئۇنىڭغا خۇشال بولۇپ، مەغرۇرلانما.

4091 تاپۇغقا تايانما، كۆتۈرمە كۆڭۈل،
ساڭا تۈگكە بەگلەر ياڭىلسا يۈزۈن».

خىزمىتىڭگە تايىنىپ، كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما،
يېڭىلساڭ (خاتالاشساڭ)، بەگلەر ساڭا قاپىقىنى تۈرىدۇ».

4092 كىچىگ يا ئۇلۇغ تۇت، نە چاۋلۇغ، كۈلۈگ، B295
تاپۇغچى تاپۇغچى تۇرۇر بەلگۈلۈگ.

مەيلى كىچىك بول، چوڭ بول، ياكى مەشھۇر باتۇر بول،
خىزمەتچى ھامان خىزمەتچىدۇر، بۇ ئېنىق.

4093 قاتىغلانغۇ بەگكە تاپۇغ يازماسا،
تاپۇغچى يولىندا ئوڭىن ئازماسا.

بەگكە خاتا خىزمەت قىلماسلىققا غەيرەت قىلىش كېرەك،
خىزمەت داۋامىدا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىك كېرەك.

4094 نەچەمە ياقىن تۇتسا بەگلەر سەنى،
ئۆزۈڭنى ئۇنىتما، يورىغىل كۆنى.

بەگلەر سېنى قانچىلىك يېقىن تۇتسىمۇ،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇماي، توغرا (يولدا) يۈرگىن.

4095 نەچە ئەدگۈ تۇتسا، ئۆزۈڭ قورقۇ تۇر،
ئەشىمسىنمەگىل سەن، قىيا باقنۇ تۇر.

قانچىلىك ياخشى (مۇئامىلە) قىلسىمۇ، ئەيمىنىپ تۇرغىن،
دوستلاشمىغىن، بىر چەتتە قاراپ تۇر.

4096 ئارا ئوت، بولۇر، كۆر، ئارا سۇۋ بولۇر،
ئارا كۈلدۈرۈر، كۆر، ئارا يىغلاتۇر.

قارا، (بەگلەر) بەزىدە ئوت بولىدۇ، بەزىدە سۇ بولىدۇ،
بەزىدە كۇلدۇرسە، بەزىدە يىغلىتىدۇ.

4097 بۇ ئۇچ نەڭگە بولما ياقىن قوشنىسى،
كۆيەر ئوت، ئاقار سۇ، بۇ بەگلەر كۇسى.
مۇنۇ ئۇچ نەرسىگە يېقىن ـ قوشنا بولما:
كۆيەر ئوت، ئاقار سۇ، بەگلەر شۆھرىتى.

4098 كۇر ئارسلانقا ئوقشار كۆرۇ تۇرسا بەگ،
ئۆگە تۇرسا يۇمشار، بولۇر تورقۇتەك.
سىنچىلاپ قارىساڭ، بەگلەر جەسۇر ئارسلانغا ئوخشايدۇ،
ماختاپ يېقىنلاشساڭ، يۇمشاپ يىپەكتەك بولىدۇ.

4099 قالى باسنۇ تەگسە پۇشار، باش كەسەر،
تامۇرىن تەشەر، كۆر، سوروُپ قان ئىچەر.
ئەگەر قوپاللىق بىلەن يېقىنلاشساڭ، غەزەپلىنىپ، باش كېسىدۇ،
تومۇرۇڭنى تېشىپ، قېنىڭنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ.

4100 پۇشار ئۆدتە بارما بەگىڭگە ياغۇق، A 118
قالى باردىڭ ئەرسە ئۇچۇزلۇق ئانۇق.
غەزەپلەنگەن پەيتىدە بەگكە يېقىن بارما،
ئەگەر (يېقىن) بارساڭ، خورلىنىشىڭ مۇقەررەر.

4101 ئايىتتۇقتا سۆزلە، ئوقىدۇقتا كىر،
سەلامەت تىرىلگىل، تۇچى بول ئاغىر.
سورىغاندا جاۋاب بەر، چاقىرغاندا كىر،
سالامەت ياشىغىن، دائىم قەدىرلىك بول.

4102 تەلىم سۆزنى ئەشتىپ ئەشتمەز ئەتىن،
كۆزۇن كۆرمىشىڭنى يەتۇرگىن قاتىن.
ھەر خىل سۆزلەرنى ئاڭلىساڭمۇ، ئاڭلىماسلىققا سال،
كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنلىرىڭنى ئىچىڭگە يوشۇرغىن.

4103 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئۆزىن تۇتنۇر ئەر، C 224
ئۆدىندە كىرىپ، كۆر، ئۆتۇك ئۆتنۇر ئەر:
ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئۆز پەيتىدە كىرىپ،
ئەرز بايان قىلغان كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4104 « ‹كىرۇ تۇر› تەسەلەر ئاغىرلىق ئۆكۇش،
‹چىقا تۇر› تەسە، كۆر، يۇزۇڭكە سۆكۇش.
« ‹كىر› دېسە، بۇ چوڭ قەدىر ـ قىممەتتۇر،
‹چىق› دېسە، بۇ يۇزۇڭگە ھاقارەتتۇر.

4105 كۆزۇڭنى كۇدەزگىل، ئۆزۇڭنى تۇتۇن،
ئۆزىن تۇتغۇچى ئەر ئاژۇندا كۆسۇش».
كۆزۇڭنى بايقا، ئۆزۇڭنى تۇت،
ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى دۇنيادا ئەزىز بولىدۇ».

4106 ئۇچ ئىشتە يىراق تۇر، قاتىغلان ئۇسا،
بىرى، قىلما بەگلىك، سۆز ئايدىم كەسە.
غەيرەت قىلىپ تىرىشىپ ئۇچ ئىشتىن يىراق تۇر:
بىرى، بەگلىك قىلما، بۇ سۆزنى كېسىپ ئېيتتىم.

4107 تاقى بىرى يالغان، بىرى سۇقلۇق ئول،
بۇ ئۇچ ئىش ئۇچەگۇ تۇپى يوقلۇق ئول.
يەنە بىرى، يالغانچىلىق، بىرى، ئاچ كۆزلۇك،
بۇ ئۇچ ئىشنىڭ ھەر ئۇچىلىسىنىڭ تۇۋى يوقلۇقتۇر.

4108 يوڭاما كىشىگ سەن، ئۇشاق سۆزلەمە،
كۆنى سۆزلەگىل سۆز، بارىن كىزلەمە.
كىشىلەردىن يامانلىما، ئۇششاق سۆزلىمە،
توغرا سۆزلىگىن، بار (سۆزنى) يوشۇرما.

4109 ئۆزۇڭنى ئارىغ تۇت قامۇغدىن سىڭار، B296
ئارىغ ئول بۇ بەگلەر، ئارىغ نەڭ سەۋەر.
ھەر جەھەتتە ئۆزۇڭنى پاك تۇت،
(چۇنكى) بەگلەر پاكتۇر، پاك نەرسىنى سۆيىدۇ.

4110 ئۆزۇڭ قارشىقا كىرسە باقنۇ يورى،
سەنى كىم ئاغىرلار، ئاغىرلا ئانى.
ئوردىغا كىرسەڭ دىققەت بىلەن ماڭ،
سېنى كىم قەدىرلىسە، (سەنمۇ) ئۇنى قەدىرلە.

4111 كۇۋەزلەنمە، ئەلگىڭ سالا كىرمەگىل،
ئەلىگ ئالشۇ ـ تۇتشۇ، يەمە تۇرماغىل.

كۆرەڭلمە، قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ كىرمە،
قول ئىلىپ سالاملاش، (نامۇۋاپىق) ھەركەت قىلمىغىن.

4112 ئۆزۈڭ ئولدۇرۇر ئەرسە ئورنۇڭ بىلىن،
كىشىگ ساتغاماغىل، سىلىگلىك قىلىن.
ئولتۇرماقچى بولساڭ، ئورنۇڭنى بىلىپ (ئولتۇر)،
كىشىلەرنى رەنجىتمە، مۇلايىم بول.

4113 قاقىرما سەن ئاندا، يا سۇدما قاتىغ،
ئوتۇنلۇق بولۇر بۇ، كەتەرۇر تاتىغ.
ئۇ يەردە كېكىردەك قىرما، تۇكۇرمە،
بۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، (كىشىنىڭ) تاۋىنى بۇزىدۇ.

4114 يانا باغداش ئىلمە، يانىن ياتماغىل،
ئۇنۇن قاتغۇرا سەن قاتىغ كۈلمەگىل.
يەنە چازا قۇرۇپ ئولتۇرما، يانپاشلاپ ياتما،
ئۈنلۈك قاقاھلاپ، قاتتىق كۈلمە.

4115 يانا ئالما تىرڭاق، ئادىشما پۇتۇڭ،
ئۇچۇزلۇق تەگۇرگەي، ئەلەتگەي قۇتۇڭ.
ۋە تىرناق ئالما، پۇتۇڭنى ئالماپ (ئولتۇرما)،
بۇ كىشىگە خارلىق كەلتۈرىدۇ، بەختىنى قاچۇرىدۇ.

4116 سەنىڭدە ئۇلۇغراق سۆزىن سۆزلەسە،
سۆزۈگ بارچا قودغۇ، ئانى تىڭلاسا.
سەندىن چوڭراقلار سۆز قىلسا،
سەن ھەممە سۆزۈڭنى قويۇپ، ئۇنى ئاڭلا.

4117 كۆنى سۆزلە سۆزنى، قىزارتغاي ئەڭىڭ،
سۆزۈگ سۆزلەمەگىل مەگەر ئۆز تەڭىڭ.
سۆزنى توغرا سۆزلىگىن، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ،
ئۆزۈڭگە لايىق بولمىغان سۆزنى سۆزلىمىگىن.

4118 ئىچىپ قارشىقا كىرمە، ئۆزنى تۇتۇن،
ياراغسىز بولۇر ئول ئىچگلى ئوتۇن.
ئوردىغا ئىچىپ مەست ھالەتتە كىرمە، ئۆزۈڭنى تۇت،
مەست ئادەم يارىماس، ئەدەپسىز بولىدۇ.

C243

4119 بۇ ئۈچ نەڭ تۇرۇر ئەر كۈدەزمەسە ئۆز،
باشىن ئالسىقار تەرك، ئەشىت ئۈشبۇ سۆز.

ئادەم ئۆزىنى بايقىمىسا، بۇ ئۈچ نەرسە
هامان بېشىنى يەيدۇ، بۇ سۆزنى ئاڭلا:

4120 بىرىسى، بۇ بەگلەر سۆزىن تۇتغۇ بەگ،
كۈدەزگۈ ئانى ئۆز سەۋۈگ جانىتەك.

بىرى، بەگلەر سۆزىنى بەكمۇ چىڭ تۇتۇش،
ئۇنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك جېنىدەك ساقلاش كېرەك.

4121 ئىكىنچ، يازماسا ئەلگە، تۇرسا كۆنى،
ئۆزىن كەد كۈدەزسە بۇ بولغاق كۈنى.

ئىككىنچىسى ــ ئەلگە سادىق بولۇش، توغرا (مەيداندا) تۇرۇش؛
قالايمىقان كۈنلەردە ئۆزىنى بەكمۇ كۆزىتىش.

4122 ئۈچۈنچ، قارشى ئىچرە كۆنى تۇتسا ئۆز،
يىراق تۇتسا تەڭسىز، ياراغسىزدا كۆز.

ئۈچىنچىسى، ئوردىدا ئۆزىنى توغرا تۇتۇش؛
لاياقەتسىز، يارىماس (نەرسىلەر)دىن كۆزنى يىراق قىلىش.

4123 بۇ ئۈچتە بىرىسىن قىلىغلى كىشى،
نەچەمە بەدۈك ئەرسە كەسلۈر باشى.

بۇ ئۈچىنىڭ بىرىنى قىلغان كىشى
قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، بېشى كېسىلىدۇ.

4124 ئاداقىن يورىغلى، ئاي قىلىقى تۈزۈن،
ئۆدى بولماغىنچا كۆرۈنمە ئۆزۈن.

(سارايدا) يۈرگۈچى ئەي خۇش پېئىل،
ۋاقتى كەلمىگۈچە، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمە!

4125 قالى ئولدۇرۇر ئەرسە ئۆز قۇر بولۇپ،
ئوقىپ باشلاسا ئۆترۈ كىرگىل تۇرۇپ.

ئەگەر ئۆز تەڭتۈشلىرىڭ بىلەن ئولتۇرغان بولساڭ،
چاقىرغان هامان ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئالدىغا كىرگىن.

4126 قاچان سۆز سورار ئەرسە بەگلەر ساڭا،
ئۇزاتما سۆزۈڭنى، ئاي ئەرسىگ توڭا.

بەگلەر سەندىن قاچان سۆز سورىسا،
سۆزۈڭنى ئۇزارتماي (جاۋاب بەر)، ئەي مەرد باتۇر.

4127 ئايىتسا، ئۆتۈنگىل بىلىرىن ئۆزۈڭ،
سۆزىن كەسسە، قودغىل، ئۇزاتما سۆزۈڭ.

سورىسا، ئۆزۈڭ بىلىدىغاننى ئېيتىپ بەر،
سۆزىنى تۈگەتسە، توختا، سۆزۈڭنى ئۇزارتما.

4128 قالى ئاشقا بەگلەر ئوقىسا سەنى،
ئەدەپ بىرلە ئاش يە، كەد ئۆگرەن مۇنى.

ئەگەر بەگلەر سېنى زىياپەتكە چاقىرسا،
ئەدەپ بىلەن تاماق يە، بۇنى ياخشى ئۆگەن.

4129 ئوڭ ئەلگىڭ بىلە سەن كۆتۈرگىل يەگۈ،
بايات ئاتى ئاشنۇ ئايىت، ئاي بۆگۈ.

يېمەكنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئال،
بىسمىللا دەپ (يېگىن)، ئەي دانا.

4130 كىشى ئۇترۇقى ئاشقا سۇنما ئېلىگ،
ئۆزۈڭ ئۇترۇقى ئاش يەگىل، ئاي سىلىگ.

كىشىلەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تائامغا قول سوزما،
ئۆزۈڭنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشنى يېگىن، ئەي مۇلايىم.

4131 پىچەك تارتما ئاندا، سۆڭۈك كەمدىمە،
ئاشىغ تارتماغىل سەن كىشىگ ئۇندەمە.

ئۇ يەردە پىچاق ئىشلەتمە، سۆڭەك غاجىلىما،
ئاشنى ئۇزاتما، باشقىلارنى ئۇندىمە.

4132 تەشتەك يەمەگىل، يەمە تاۋراقىن،
سىلىگ بولما ئارتۇق تىشتەك ساقىن.

ئاچ كۆزدەك يېمىگىن ھەمدە ئالدىراپ كەتمىگىن،
ئاياللارغا ئوخشاش ئارتۇقچە نازلىنىپ ـ تارتىنىپمۇ ئولتۇرمىغىن.

4133 نەچەمە توق ئەرسە يەگۈ بەگ ئاشى،
بۇ بەگلەر ئاشى ئول ئاغىرلىق باشى.

قانچە توق بولغاندىمۇ بەگنىڭ تائامىنى يېيىش كېرەك،
بەگلەرنىڭ تائامى قەدىر ـ قىممەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

A119 4134 نە تۈرلۈگ بۇ ئىشكە تەگىر ئەرسە ئۆز،
باغىرساقلىقىن تەگ، يارۇق قىلغا كۆز.
سەن ھەرقانداق بىر ئىشقا بۇيرۇلساڭ،
ئۇنى سەممىي ئادا قىل، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ.

4135 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ كىشى،
بۇ سۆز تۇتسا ئاسغى ساۋ ئالتۇن تۇشى:
بىلىملىك كىشى بەك ياخشى ئېيتقانىدى،
بۇ سۆزنى تۇتسا، ساپ ئالتۇندەك پايدىلىقتۇر:

C244 4136 قالى تەگسە بەگلىك ساۋا بەلگۈلۈگ،
بىلىك بىرلە ئىشلەت ئىشىگ، ئاي كۈلۈگ.
ئەگەر ساۋا ھەقىقەتەن بەگلىك نېسىپ بولسا،
ئىشىڭنى بىلىم بىلەن ئىشلىگىن، ئەي مەشھۇر زات.

4137 قالى ياۋغۇ تەگسىز بولۇر ئەرسە سەن،
ۋەفا قىل، نەچە كۈچ بۇلۇر ئەرسە سەن.
ئەگەر سەن تەڭداشسىز يابغۇ بولساڭ،
ھەرقانچە كۈچكە ئىگە بولساڭمۇ، ۋاپادار بول.

4138 ئاباڭ تەگسە ئەمدى سۇ ئەركى ساۋا،
ئاقى بول، ئۇدۇغ تۇر، ئاي ئەرسىگ توۋا.
ئەگەر ساۋا قوشۇن ھۆكۈمرانى بولۇش نېسىپ بولسا،
سېخىي بول، ھوشيار تۇر، ئەي مەرد باتۇر.

4139 تەگىر ئەرسە خىل يا ساۋا ئۇن ئوتاغ،
ئەلىگ تارغۇ مالىن، قىلىچ تۇتغۇ ياغ.
ئەگەر ساۋا چەۋەندازلىق، ئون ئوتاغ[1] (مەنسىپى) تېگىپ قالسا،
مال ــ دۇنيا تارقىتىپ، قىلىچ ــ ئوقيانى قولغا ئېلىشىڭ كېرەك.

B298 4140 ۋەزىرلىق تەگىپ بولسا ئەلگىڭ ئۇزۇن،
تۆرۈ ئۇرما ئەسىز، سىلىگ بول تۈزۈن.
ۋەزىرلىك تېگىپ، قولۇڭ ئۇزۇن بولسا،
يامان قانۇن ــ نىزام تۈزمە، سىلىق، مۇلايىم بول.

---

① تەخمىنەن تۈۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ۋەزىپە.

4141 ئۆگەلىك تەگسە ئەرسە، ئۆگلەنگۈ ئول،
ياڭىلسا بەگى بۇ ئايۇ بەرسە يول.
مەسلىھەتچىلىك تېگىپ قالسا، مەسلىھەتلىك بولۇش كېرەك،
بەگ يېڭىلىپ قالسا، يول كۆرسىتىش كېرەك.

4142 قالى كۆك ئايۇقلۇق تەگسە ئەرسە كۆر،
ئۆزىن كەد كۈدەزگۈ، قۇتى بادى قۇر.
ئەگەر ئاقساقاللىق (مەنسىپى) تېگىپ قالسا،
ئۆزىگە بەك ئېھتىيات بولغۇلۇق، بۇ بەخت كەمرىنى باغلىغانلىقتۇر.

4143 سۇ باشى، يا ئەل باشى بولسا ئۆزۈڭ،
كۆنى بول، يىتى تۇت قۇلاقىڭ كۆزۈڭ.
قوماندان ياكى ئەل ھاكىمى بولۇپ قالساڭ،
توغرا بول، كۆز ـ قۇلىقىڭنى ئىتتىك قىل.

4144 ئۆزۈڭ بولسا ھاجىب ئورۇنچ ئالماغۇ،
چىغاي، تۇل، يەتىملەر سۆزىن تىڭلاغۇ.
ئەگەر ھاجىپ بولۇپ قالساڭ، پارا ئالماسلىقىڭ كېرەك،
كەمبەغەل، تۇل ـ يېتىملەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك.

4145 ئاغىلىققا قىلسا ئاغىچى سەنى،
پۇتۇن، چىن بولۇپ سەن يورىغىل كۆنى.
سېنى خەزىنىگە خەزىنىچى قىلىپ تەيىنلىسە،
ئىشەنچلىك ـ دۇرۇس بولۇپ، توغرا ماڭغىن.

4146 بىتىكچى ئىلىمغا بولۇنسا ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل سىررى بەك تۇت، چىقارما سۆزۈڭ.
پۈتۈكچىلىك، باش كاتىپلىققا ئېرىشسەڭ،
كۆڭۈل سىرىنى چىڭ تۇت، سۆزنى (سىرتقا) چىقارما.

4147 بۇ ئول ئاتقا تەگمىش تاپۇغ قىلغۇچى،
مۇنىڭدا ناروسى ئۇدا بەرگۈچى.
خىزمەتچىلەرنىڭ نام ـ ئۇنۋانى ئەنە شۇلاردۇر،
بۇلاردىن باشقىسى شۇلارغا ئەگىشىدۇ.

4148 بىر ئانچا يەمە بار تاقى ئىشچىلەر،
تۆشەكچى، يا قۇشچى، يەمە ئاشچىلار.

يەنە بەزى ئىشچىلارمۇ بار،
(بۇلار) تۆشەكچى، قۇشچى ۋە ئاشپەزلەردۇر.

4149 بۇ ياڭلىغ تاپۇغدا يىراق تۇر ساڭا،
ئەرەژى بىرەر ئول، كۆر، ئەمگەك مىڭە.

بۇ خىل خىزمەتلەردىن سەن يىراق تۇر،
بۇ ئىشلارنىڭ راھىتى بىر بولسا، مۇشەققىتى مىڭدۇر.

4150 ئاغىرلىق تىلەسە ئۆزۈڭگە تۇچى،
ئاغىرلا كىشىگ سەن، ئايا قوپتاچى.

ئۆزۈڭ دائىم قەدىر ـ قىممەتلىك بولۇشنى تىلىسەڭ،
باشقىلارغا ھۆرمەت قىل، ئەي يۈكسەلگۈچى.

4151 ئۇلۇغۇغ ئۇلۇغلا، كۆدەز ھۇرمەتى،
ساڭا كەلگە دەۋلەت، ئۇلۇغلۇق قۇتى.

ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمىتىنى قوغدا،
ساڭا دۆلەت ۋە ئۇلۇغلۇق بەختى كېلىدۇ.

4152 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئاۋۇچغا سۆزى،
ئاۋۇچغا سۆزى تۇتسا ئاچلۇر كۆزى:

قېرى بوۋايلار نېمە دېگەن، ئاڭلا،
بوۋايلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، كۆز ئېچىلىدۇ:

4153 «ئۇلۇغ ھۇرمەتى بار ئاژۇندا تۆرۈ، C245
ئۇلۇغ كەلسە قوپغىل ئاداقىن ئۆرۈ.

«دۇنيادا ئۇلۇغلۇققا ھۆرمەت قىلىش يوسۇنى بار،
ئۇلۇغ كەلسە، ئورنۇڭدىن ئۆرە قوپ.

4154 ياراشۇر ئۇلۇغقا كىچىگ ھۇرمەتى،
ئۇلۇغما كىچىگكە قىلۇر ئوق كۆرۈ».

ئۇلۇغقا كىچىكنىڭ ھۆرمىتى بەك يارىشىدۇ،
ئۇلۇغمۇ (بۇنى كۆرۈپ) كىچىككە ھۆرمەت قىلىدۇ».

*   *   *

4155 سۆزىن كەستى ئۆگدۈلمىش ئايدى، مۇنۇ B229
بۇ ياڭلىغ بولۇر بەگ تاپۇغچى ئۇنۇ.

ئۆگدۈلمىش سۆزىنى ئۇزدى، (يەنە) مۇنداق دېدى:
بەگ خىزمىتىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

4156 مەن ئايدىم، ئەشىتتىڭ سەن، ئۆگرەندىڭ ئول،
نەگۇتەك تاپىنغۇ، تۇگەل بىلدىڭ ئول.
مەن ئېيتتىم، سەن ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۆگەندىڭ،
قانداق خىزمەت قىلىشنى تۇگەل بىلدىڭ.

4157 بۇ ياڭلىغ تۇرۇر بەگكە قىلغۇ تاپۇغ،
تاپۇغ سىڭسە ئۆترۇ ئاچار قۇت قاپۇغ.
بەگكە خىزمەت قىلىش ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
خىزمەت سىڭدۈرگەندىن كېيىن، بەخت ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

4158 تۇسۇلغۇ تاپۇغ بۇ مۇنۇ بىلگۇ تاپ،
قالى بىلدىڭ ئەرسە ئۆزۈڭ بەگكە ساپ.
پايدىلىق خىزمەت ئەنە شۇ، بۇنى بىلسەڭلا كۇپايە،
ئەگەر بىلگەنلا بولساڭ، سەن بەگكە يارايسەن.

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4159 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى :بۇ سۆز
ئەشىتتىم مەن ئەمدى، ئايا ئەدگۇ ئۆز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
ئەي خۇش چىراي، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

4160 تاقى بىر سۆزۈم بار ئايىتغۇ ساڭا،
ئانىما ئايۇ بەرگىل ئەمدى ماڭا.
سەندىن سورايدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئەمدى ئۇنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.

4161 ئۆزۈم كەندكە كىرسە ئەلىگ تاپىغىڭا،
بارۇ تۇرغۇ كۇندە ئانىڭ قاپىغىڭا.
ئەلىگكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە بارسام،
كۇندە ئۇنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ تۇرۇشۇم كېرەك.

4162 نەگۈتەك يورىقىن بىلىنگۈ ئاداش،
تىرىگلىك ئولاردىن تۇرۇر، ئاي قاداش.

ئەي قېرىنداش، قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىشىم كېرەك،
(چۈنكى) تىرىكچىلىك شۇلار بىلەن ئۆتىدۇ.

4163 ئەر ـ ئات بىرلە شەكسىز قاتىلغۇ كەرەك،
ئولارقا ياراشى تىرىلگۈ كەرەك.

خىزمەتچىلەر بىلەن شەكسىز ئارىلىشىش كېرەك،
ئۇلارغا يارىشا ياشاشقا توغرا كېلىدۇ.

4164 مۇنىما ئايۇ بەر ماڭا سەن بۇ كۈن،
نەگۈتەك قاتىلغۇ، ئۇقايىن ئۆگۈن.

سەن بۈگۈن بۇ توغرىدىمۇ ماڭا سۆزلەپ بەر،
قانداق ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى زېھىن بىلەن چۈشىنەي.

48

ئۆگدۈلمىش قاپۇغداقى ئەر ئات بىرلە نەگۈتەك تىرىلگۈسىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئوردىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

4165 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇما
كەرەكلىگ تۆرۈر، ئاي قاداش، ئايساما.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
ئەي قېرىنداش، بۇمۇ زۆرۈر (ئىش)، ئېيتسام ئېيتاي.

4166 B330 C246 مۇنىما ساڭا ئەمدى ئۆگرەتگۈ ئول،
نەگۈتەك يورىغۇ، ئانى بىلگۈ ئول.
ئەمدى بۇنىمۇ ساڭا ئۆگىتىپ قوياي،
قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىش كېرەك.

4167 A120 تىرىگلىك ئولارنىڭ بىلە ئول، قاداش،
قايۇسىن قاداش، تۇت قايۇسىن ئاداش.
ئەي قېرىنداش، تىرىكچىلىك شۇلار بىلەن ئۆتىدۇ،
بەزىلىرىنى بۇرادەر، بەزىلىرىنى دوست تۇتۇشۇڭ كېرەك.

4168 قاپۇغداقى بىرلە ياراشغۇ كەرەك،
قاتىلغۇ كەلىشگۈ، بارىشغۇ كەرەك.
ئوردىدىكىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشۈڭ كېرەك،
ئارىلىشىپ، كېلىشىپ، بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

4169 قاپۇغداقى بىرلە ياراشماسا ئۇز،
تىرىگلىك تاتىماز، ئايا ئەدگۈ ئۆز.
ئوردىدىكىلەر بىلەن چىرايلىق يارىشىپ ئۆتمىسەڭ،
تىرىكلىكىنىڭ لەززىتى بولمايدۇ، ئەي خۇش چىراي.

4170 نەگۈ تەر ئەشىتكىل تاپۇغ قىلغۇچى،
تۆرۈ بىرلە باشلاپ قاپۇغ تۇزگۈچى:

قانۇن ـ قائىدە بويىچە ئىش تۇتۇپ خىزمەت قىلغۇچى،
ئورنىنى رەتكە سالغۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4171 ياقىنلىق تىلەسە ئۆزۈڭ بەگ بىلە،
قاپۇغداقى بىرلە ياقىنلىق تىلە.
بەگ بىلەن يېقىن بولۇشنى خالىساڭ،
ئوردىدىكىلەر بىلەن يېقىن (مۇناسىۋەتتە) بول.

4172 ئۇلۇغلۇق تاپايىن تەسە سەن ئۆزۈن،
ئەر ئات بىرلە ياقشى يورى، ئاي تۇزۇن.
ئۇلۇغلۇق (مەرتىۋە) تاپاي دېسەڭ،
خىزمەتچىلەر بىلەن ياخشى ـ خوپ بولۇپ يۈر، ئەي خۇش پېئىل.

4173 نەچەمە ياقىن تۇتسا بەگلەر سەنى،
ياراشغىل ئەر ئات بىرلە، تۇرغىل كۆنى.
بەگلەر سېنى قانچىلىك يېقىن تۇتسىمۇ،
خىزمەتچىلەر بىلەن ئىناق ئۆت، توغرا (مەيداندا) تۇر.

4174 تۇگەل ئۇچ قۇتۇ ئول قاپۇغدا كىشى،
بۇلارنىڭ بىلە ئول تىرىگلىك ئىشى.
ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچ تەبىقىدۇر،
تىرىكچىلىك ئىشلىرى شۇلار بىلەن ماڭىدۇ.

4175 بۇلاردا بىرى، ئۆزدە ئۇلغۇڭ تۇرۇر،
ئۇلۇغقا تاپىنسا ئۆزۈڭ قۇت بۇلۇر.
بۇلارنىڭ بىرى ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلاردۇر،
ئۇلۇغلارغا خىزمەت قىلساڭ، بەختكە ئېرىشىسەن.

4176 ئۇلۇغلا ئولارنى، ئاغىرلا سۆزىن،
سەنى ئەدگۇ تۇتغاي، يارۇتغاي يۈزىن.
ئۇلارنى ئۇلۇغلا، سۆزلىرىنى قىممەتلىك بىل،
ئۇلارمۇ سېنى ياخشى تۇتىدۇ، ئوچۇق چىراي كۆرسىتىدۇ.

4177 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بۆگۈ،
بۆگۈلەر سۆزىنى ئۇچۇز تۇتماغۇ:
بىلىملىك دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
دانالار سۆزىنى ئېتىبارسىز قالدۇرماسلىق كېرەك:

4178 «كىچىگكە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغدىن كەلىر،
ئۇلۇغقا تاپىنسا كىچىگ قۇت ئالىر.
«كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغدىن كېلىدۇ،
ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا، كىچىكلەر بەخت تاپىدۇ.

4179 ئۇلۇغلار سۆزىن تۇت، يۇمۇش قىل يۇگۇر،
ئۇلۇغ سۆزى تۇتسا تىلەككە تەگىر».
يۈر، ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى (زېھنىڭدە) تۇت، يۈگۈرۈپ ئىش قىل،
ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى (زېھنىڭدە) تۇتساڭ، تىلىكىڭگە يېتىسەن».

4180 ئۇلۇغلار قۇت ئول، كۆر، تىلەسە قۇتۇغ،
تاپىنغىل، تاپۇغقا تۇرۇر قۇت تۇتۇغ.
قارا، ئۇلۇغلار دۆلەتتۇر، دۆلەتنى خالىساڭ،
(ئۇلارغا) خىزمەت قىل، خىزمىتىڭ بەخت ئۈچۈن گۆرۈ بولىدۇ.

4181 تاقى بىر، ساڭا تەڭ تۇش ئول، ئاي قاداش، B301
يىراتسا ياغى ئول، ياغۇتسا ئاداش.
ئەي قېرىنداش، يەنە بىرى ـــ ساڭا تەڭتۇشلار بولۇپ،
يىراقلاشسا دۈشمەن، يېقىنلاشسا دوست بولىدۇ.

4182 ئەشىڭ هەم تۇشۇڭ بۇ قاتىلغۇ كىشى،
يانۇتقا يانۇت قىل ئەشىڭە تۇشى.
سەن قېتىلغان كىشىلەر دوستلىرىڭ هەم تەڭتۇشلىرىڭدۇر،
ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىگە لايىق جاۋاب قايتۇر.

4183 تاقى بىر، سەنىڭدە باسا ئول كىچىگ، C247
بۇلارنىڭ بىلە ئول ئاچىغ، يا سۇچىگ.
يەنە بىرى، سېنىڭدىن كېيىنكى كىچىكلەر(بولۇپ)،
(هاياتنىڭ) ئاچچىق ـ چۈچۈكى شۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

4184 باستىما، قاتىغلان كىچىگكە ئۆزۈڭ،
تىلىن ئوينىماغىل، تىدا تۇت سۆزۈڭ.
كىچىككە بېسىنچۇق بولما، قاتتىق تۇر،
ئۇلارغا چاقچاق قىلما، تىلىڭنى يىغقىن.

4185 تاپۇغ قىلسا بەر نەڭ، يازۇق قىلسا ئۇر،
ياۋا ئىدما بوشلاغ، ئىشىن ئايتۇ تۇر.

خىزمەت قىلسا نەرسە بەر، گۇناھ قىلسا ئۇر،
بىكار، بوش تۇتما، ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇر.

4186 ئاداش، قولداش، ئەرداش قالىن تۇت، قاتىل،
قالىن بولسا قولداش ئۆگەر تەگمە تىل.

دوست، يولداش، يار ـ بۇرادەرنى كۆپ تۇت، (ئۇلارغا) قوشۇلغىن،
يار ـ بۇرادەرلىرىڭ كۆپ بولسا، ھەممە كىشى ماختايدۇ.

4187 ياغى قىلما ئۆزگە كىشىگ بىلمەدى،
ياغىلىغ كىشىلەر سەۋىنچ بۇلمادى.

كىشىنى چۈشەنمەي، ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلما،
دۈشمىنى بولغان كىشىلەر شادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

4188 نەچە ئاز ياغى ئەرسە ياسى تەلىم،
ياغىدا ئاسىغ بار تەپ ئايماز تىلىم.

دۈشمەن ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، زىيىنى كۆپ،
دۈشمەندىن پايدا كېلىدۇ، دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

4189 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، ئاي كۆڭلى ئودۇغ،
ياغى ياسى تەگرۈپ توقىمىش يودۇغ:

ئەي دىلى سەگەك، دۈشمىنىدىن زىيان كۆرۈپ،
مۇشەققەت چەككەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4190 «بىر ئۆك ئەرسە دۈشمەن مىڭ ئول ياسلىقى،
مىڭىن دوستۇڭ ئەرسە بىر ئول ئازلىقى.

«دۈشمەن بىر بولسىمۇ، زىيىنى مىڭدۇر،
مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، يەنە بىرى كەمدۇر.

4191 كىشى دۈشمەنىڭدىن ئاسىغ قىلمادى،
قالى قىلدى ئەرسە، ئۆزى ئۇزلۇقى».

كىشى دۈشمىنىدىن پايدا كۆرمىدى،
ئەگەر كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئەپچىللىكىدىن (كۆردى)».

4192 نەگۇتەك قىلىنسا ساڭا قولداشىڭ،
سەن ئانداغ قىلىنغىل، سەۋىنسۇ ئەشىڭ.

يولدىشىڭ ساڭا قانداق (مۇئامىلە) قىلغان بولسا،
سەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق (مۇئامىلە) قىل، دوستۇڭ سۆيۈنسۇن.

4193 ئۆزۈڭگە تەڭەشى تۇتۇنغىل ئاداش،
تەڭەشلىگ تەڭەشى بىلە ئول تۇداش.
ئۆزۈڭگە تەڭتۇشلارنى ئاداش تۇت،
(كىشى) ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەنلا ھەمنەپەس بولالايدۇ.

4194 ئەسىز ئەش تۇتۇنما، يىراق تۇر تەزە،
ئەسىز ئەش ئازىتۇر سەنى يول ئۇزە.
يامان بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭدىن (ئۆزۈڭنى) يىراق تۇت،
يامان دوست سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ.

4195 ئۆزۈڭ ئەدگۈ ئاتلىغ بولايىن تەسە،
ئەسىزگە قاتىلما، قاتىغلان ئۇسا.
ئۆزۈڭ ياخشى نام ئالاي دېسەڭ،
يامانغا قېتىلما، تىرىش، سەگەك بول!

4196 قامۇغ نەڭنى كۆردۇم، ئۆز ئۆگرۈن يورىر، B302
كىشى، يىلقى، قۇش، قۇرت ئۆز ئۆگرىن بىلىر.
كۆپ نەرسىلەرنى كۆردۈمكى، (ئۇلار) ئۆز خىلى بىلەن يۈرىدۇ،
ئادەم، ھايۋان، قۇش، قۇرتلارمۇ ئۆز خىلىنى بىلىدۇ.

4197 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، ئاي ئەلچى باشى،
سىناپ ئەدگۈ، ئەسىز كەچۈرمىش ياشى:
ياخشى ـ يامانلى سىناپ، كۆپ ياشىغان
پېشقەدەم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي ھاكىم:

4198 سىغىرچۇقنى كۆردۇم، ئۇچار قاق ئارا،
تەڭىن باقتىم ئەرسە ئىكىگۈ قارا.
غازلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قارىغوجىلارنى كۆردۈم،
جۈپتىگە قارىسام، ھەر ئىككىلىسى قاپقارا ئىكەن.

4199 قۇغۇقا قاتىلماز، كۆرۈ تۇر، يۇغاق،
قارا قۇش ئۆرۈڭ قۇش بىلە كەد يىراق.
قارىغىنا، ئاق قۇ ياۋا ئۆردەككە قوشۇلمايدۇ،
قارا قۇش بىلەن ئاق قۇش بىر ـ بىرىدىن بەك يىراق ياشايدۇ.

4200 ئۇچار قۇش ئەشىن بىلدى، تۇتتى ئۇگۇر،
كىشى سەن قاتىلغۇ كىشىڭنى ئۆدۈر.

ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆز ھەمراھىنى بىلىدۇ، تويىنى تاپىدۇ،
سەن ئادەم، ئارىلىشىدىغان كىشىڭنى تاللا.

4201 A121 C248 ئىكى تۈرلۈگ ئول بۇ ياقىنلىق ئىشى،
بۇ ئىككى ئۈچۈن دوست تۇتار ئول كىشى.
يېقىنلىق ئىشلىرى ئىككى خىل بولىدۇ،
كىشى ئاشۇ ئىككى (ئىش) ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ.

4202 بىرەگۈ تۇتار ئەش كىشىگ تەڭرىلىگ،
بۇ ئەشلىك ئىچىندە يوق ئول ئەگرىلىك.
بىرى، خۇدا يولىدا كىشىنى دوست تۇتۇش،
بۇنداق دوستلۇق ئارىسىدا ئەگرىلىك بولمايدۇ.

4203 تاقى بىر تۇتار ئەش ئۆز ئاسغى ئۈچۈن،
بۇ ئەشلىك تۇپۇكمەز، بولۇر ئول كۈچۈن.
يەنە بىرى، (بەزىلەر) ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ،
بۇنداق دوستلۇق پۇختا بولمايدۇ، غەرەزلىك بولىدۇ.

4204 قالى تەڭرىلىك ئەش تۇتۇنسا ئۆزۈڭ،
يۈكىن يۇد، ئاچىغ قىلما، تۇگمە يۈزۈڭ.
ئەگەر سەن خۇدا يولىدا دوست تۇتماقچى بولساڭ،
ئېغىرىنى كۆتۈر، ئاچچىق قىلما، چىرايىڭنى تۈرمە.

4205 مۇنىڭ ئاسغى مۇندا تىلەمە، سەرىن،
بۇ ئاسغىڭ بايات بەرگە ئاندا يارىن.
بۇ (وستلۇق)نىڭ پايدىسىنى بۇ (دۇنيا)دىن ئىزدىمە،
خۇدا ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۇ (دۇنيا)دا بېرىدۇ.

4206 ئاباڭ دۇنيا ئاسغى ئۈچۈن ئەرسە ئەش،
بۇ ئىشكە قاتىلما، قاتىلسا سەشىش.
ئەگەر دوست دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بولسا،
بۇنداق دوستقا قېتىلما، قېتىلساڭ ئايرىلىپ كەت.

4207 نەگۈ تەر ئەشتىكىل ئاداش تۇتمىش ئەر،
ئاداش ئاسغى، ياسى سىناپ بىلمىش ئەر.
دوست ـ ئاداش تۇتقان، دوستنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى
سىناپ بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4208 ئاداشىغ ئاسىغ، ياس ئىچىندە سىنا،
بۇ يەردە ئاداق تىكسە، بەك تۇت سەنە.
دوستۇڭنى پايدا ـ زىيان ئىچىدە سىنا،
مۇشۇ ساھەدە چىڭ تۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يېپىش.

4209 ئاداش كۆڭلى بىلمەك تىلەسە ئۆزۈڭ،
پىشۇرغىل سۆزۈن سەن، يەمە تۇگ يۈزۈڭ.
دوستنىڭ كۆڭلىنى بىلىشنى خالىساڭ،
سۆز بىلەن غەزىپىنى كەلتۈرگىن، قاپىقىڭنى تۈرۈپ باق.

4210 سەۋەر، سەۋمەزىن سەن بىلەيىن تەسە،
سەۋۆگرەك نەڭىن قول، ئۇقۇلغاي باسا.
ياخشى كۆرىدىغان، كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەي دېسەڭ،
ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى سوراپ باق، ئاندىن مەلۇم بولىدۇ.

4211 قاشىن تۇگمەسە ئول بۇ ئىكى يەرىگ، B303
بۇ جان بىرلە تۈز تۇتغۇ ئۆش بۇ ئەرىگ.
بۇ ئىككى يىرىكلىكىڭگە قاپىقىڭنى تۈرمىسە،
بۇ ئادەمنى جېنىڭغا ئوخشاش (دوست) تۇت.

4212 ئوزۇنچى كىشىكە قاتىلما، يىرا،
ئوزۇنچى تىلىندە كۆيەر ئوت، كۆرە.
غەيۋەتخور كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر،
غەيۋەتخورنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ.

4213 ئوزۇندىن قوپار ئول ئاژۇن بۇلغاقى،
ئوزۇنچى باشىن كەس، ئاي ئەرسىگ ئاقى.
دۇنيانىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى غەيۋەتخوردىن چىقىدۇ،
غەيۋەتخورنىڭ بېشىنى كەس، ئەي مەرد سېخىي.

4214 يانا ئۇمدۇچى بىرلە بولما ياغۇق،
سەزىكسىز ساڭا بۇ ياغى بولغايئوق.
يەنە تەمەخورلارغا يېقىن بولما،
شۈبھىسىزكى، ئۇ ساڭا دۈشمەن بولىدۇ.

4215 قالى ئۇمدۇسىن بۇلسا ئول ئۇمدۇچى،
ئاتاغاي سەنى ئول ئىنى، يا ئەچى.

ئەگەر ئۇ تەمەخور تەمە قىلغىنىغا ئېرىشسە،
ئۇ سېنى ئاكام ۋە ئۇكام دەپ ئاتايدۇ.

4216 قالى بۇلماسا ئول ئەۋۇرگەي يۇزىن،
تۇغۇپ كۆرمەدۇكتەك يىراتغاي ئۆزىن.
ئەگەر ئېرىشەلمىسە، يۇزىنى ئۆرۈيدۇ،
تۇغۇلۇپ (سېنى) كۆرمىگەندەك ئۆزىنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

4217 ئاداش، قولداش، ئەردەش تۇتۇن ئۇمدۇسۇز،
ئىنانغىل ئاڭار سەن، تىرىل قادغۇسۇز.
تەمەسىز يار ـ بۇرادەر ۋە دوست تۇتقىن،
ئۇلارغا ئىشەنگىن ۋە قايغۇسىز ياشا.

4218 ئاداش، قولداش، ئەردەش سەۋىنچ، قادغۇدا C249
تۇسۇلۇر كىشىگە ئەسىز، ئەدگۇدە.
دوست، يار ـ بۇرادەر خۇشاللىق ۋە قايغۇدا،
ياخشىلىق ـ يامانلىقتا كىشىگە ھەمدەم بولىدۇ.

4219 سەۋىگلى ئۆكۇشرەك تىلەسە ئۆزۈڭ،
تۇز ـ ئەتمەك يەتۇرگىل، ئاچۇق تۇت يۇزۇڭ.
كۆپ خۇشاللىقنى خالايدىغان بولساڭ،
نان ـ تۇز يېگۈزگىن، ئوچۇق چىراي بول.

4220 بۇ ئىككى قىلىقلا ئىسىنۇر كىشى،
ئەسىز، ئەدگۇدە بۇ قىلۇر ئۆز ئىشى.
بۇ ئىككى ئادەت كىشىلەرنى ئىللىتىدۇ،
ياخشى ـ يامان (كۈنلەر)دە ئۆز ئىشىنى كۆرسىتىدۇ.

4221 مۇڭار مەڭزەتۇ سۆزلەمىش سۆز بىلىك،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئاي قىلقى سىلىگ:
بىلىمدە بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سۆز ئېيتىلغان،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي خۇش پېئىل:

4222 «تۇز ـ ئەتمەك يەتۇرگىل كىشىگە كۇلە،
يۇزۇڭنى يارۇق تۇت، سۇچىگ سۆز بىلە.
«كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن نان ـ تۇز بەرگىن،
شېرىن سۆزلەر بىلەن يۇزۇڭنى يوروق تۇت.

4223 كىشىگ قۇل قىلىغلى بۇ ئىككى قىلىنچ،
ئادىن بۇلمادىم مەن، بۇلۇنسا تىلە».
كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان مۇشۇ ئىككى ئادەتتۇر،
بۇنىڭدىن باشقىسىنى تاپالمىدىم، تاپالىساڭ، شۇنى قىل».

4224 ئىكى تۇرلۇگ ئول، كۆر، يەمە ئول ياغى،
ياغى بولسا ئەرگە يادىلدى ئاغى.
قارا، دۇشمەنمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، (كىشىنىڭ)
دۇشمىنى بولسا، (ئۇنىڭغا) تۇزاق قۇرۇلدى، دېگەن سۆز.

4225 بىرى، تەڭرىلىك ئول ياغى بولداچى،
بۇ كافىر ياغىلار، ياغى ئول تۇچى.
دۇشمەن بولغۇچىنىڭ بىرى — خۇدالىق دۇشمەن بولۇپ،
بۇلار كاپىر دۇشمەنلەردۇر، بۇ هامان دۇشمەندۇر.

4226 تاقى بىر ياغىلىق ئاسىغ، ياس ئۇچۇن B 304
بولۇر، بۇ ياغىلىق قىلۇر ئەر ئۆچۈن.
دۇشمەنلىكنىڭ يەنە بىرى: پايدا ـ زىيان ئۈچۈن
دۇشمەن بولۇپ، كىشىدىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

4227 ياغىلاغۇ كافىر ياغىسىن قاتىغ،
يۇلۇغلا بۇ ئىشكە ئەت ئۆز، قىل ساتىغ.
كاپىر دۇشمەنگە قارشى قاتتىق جەڭ قىلىش كېرەك،
بۇ ئىشقا پىدائىي بولۇپ، جان ـ تەننى سەدىقە قىلىش لازىم.

4228 ئاسىغ، ياس ئۇچۇن بولسا ئەمدى ياغى،
ئاڭار قود ئول ئاسىغىڭ، ياراش، ئاي ئاغى.
دۇشمەن پايدا ـ زىيان ئۇچۇنلا بولغان بولسا،
پايداڭنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياراشقىن، ئەي سېخىي.

4229 ياغىقا ئاسىغ قىلسا بولدى ياغۇق،
ياغى ياسى كەتگەي، كۆر، ئاسىغى ئانۇق.
دۇشمەنگە پايدا يەتكۈزسەڭ، ئۇ، يېقىنلىشىدۇ،
دۇشمەنلىك زىيىنى ئورنىغا، پايدىسى تېگىدۇ، بۇ ئېنىق.

4230 قاتىغلان، ياغىڭنى ياقىن قىل، باراش،
سەلامەت تىرىلگىل، ئەسەن بولغا باش.

تىرىشىپ، دۈشمىنىڭنى يېقىن قىل، ياراشقىن،
(شۈنداق قىلساڭ) سالامەت ياشايسەن، بېشىڭ ئامان بولىدۈ.

4231 ياغىدا ئاسىغ يوق، يەتۈرگىل بىلىك،
ئاسىغ بولماز ئىشكە تەگۈرمە ئېلىگ.

دۈشمەنلىكتىن پايدا يوق، بۈنى ياخشى بىل،
پايدىسى يوق ئىشقا قول تەگكۈزمە.

4232 تاپۇغ ئۆز قىلىن، قىلما ئۆزگە ياغى، C250
ياغىلىغ كىشىگە قوپار مىڭ چوغى.

ئۆز خىزمىتىڭنى (ياخشى) ئۆتە، ئۆزۈڭگە دۈشمەن تېپىۋالما،
دۈشمەنلىك كىشىنى مىڭ خىل دەردكە مۈپتىلا قىلىدۈ.

4233 ئاداش تۈت كىشىدە تالۈسىن كەدىن،
ياۋۈز بولسا ئەش تۈش ئۆكۈنچ يەر كەدىن.

كىشىلەرنىڭ سەرخىلىنى تاللاپ دوست تۈت،
دوست ـ بۈرادىرىڭ ياۋۈز بولسا، كېيىن پۈشايمان قىلىسەن.

4234 تالۈ ئەر تىلەسە ياقىن تۈتغۈقا،
ئىكى تۈرلۈگ ئول بۈ تىلەك بۈلغۈقا.

يېقىنلىشىش ئۈچۈن سەرخىل كىشىنى تاللىساڭ،
بۈ تىلىكىڭگە ئىككى خىل ئادەم بىلەن يېتىسەن.

4235 بىرى، ئەسلى ئەدگۈ كىشى ئۆدرۈمى،
بولۈنسا ئاداش تۈت، ئاي ئەر كۆدرۈمى.

بىرى، ئەسلىي (تەبىئىتى) ياخشى، سەرخىل كىشى بولسا،
مۈشۈنداقلارنى دوست تۈت، ئەي تاللانغان (كىشى).

4236 تاقى بىر ساقىنۇق، باياتىغ بىلىر
كىشى ئول، كىشىلىك مۈنىڭدىن كەلىر.

يەنە بىرى، تەقۋادار، خۈدانى بىلىدىغان ئادەمدۈر،
بۈنداقلار (ھەقىقىي) كىشى بولۈپ، ئادەمگەرچىلىك قىلىدۈ.

4237 ياقىنلىق بۈ ئىككى كىشى بىرلە تۈت، A122
بۈلاردىن ساڭا تەگگەي ئەدگۈ يانۈت.

ئەنە شۈ ئىككى (خىل) كىشى بىلەن يېقىنلىق قىل،
بۈلاردىن ساڭا ياخشى جاۋاب قايتىدۈ.

4238 ئەسىزگە چاۋۇقمىش كىشىدىن يىرا،
بۇ ياڭىلىغ كىشىلەر قىلىنچى قارا.
يامانلىق بىلەن داڭ چىقارغان كىشىدىن يىراق تۇر،
بۇ خىل كىشىلەرنىڭ خۇي ـ پەيلى نادان كېلىدۇ.
4239 قاراقا ياغۇما، ئاي قىلقى ئۇرۇڭ،
ئۇرۇڭكە قارا تەرك يۇقار ئول كۆرۈڭ.
نادانغا يېقىنلاشما، ئەي ئاق كۆڭۈل،
دىققەت قىلغىنكى، ئاق (نەرسىگە) قارا تېز يۇقىدۇ.
4240 نە ئەدگۇ بىلىك بەردى بىلگە ئۆگە،
بىلىكلىگ ئوقىسا ساقىنغا ئۆگە.
ئالىم دانا ناھايىتى ياخشى تەلىم بەرگەن،
بىلىملىك (بۇنى) ئوقۇسا چۈشىنىدۇ ۋە ئاڭ ـ پىكرى (ئېچىلىدۇ):
4241 ئەسىزكە قاتىلما، ئاي ئەدگۇ كىشى، B 305
ئەسىز بولغا قىلقىڭ ئول ئەسىز تۇشى.
ئەي ياخشى كىشى، يامانغا قېتىلما،
قىلىقىڭ ئاشۇ يامانغا ئوخشاش يامان بولۇپ قالىدۇ.
4242 ياۋۇزقا ياغۇما، ئاي ئۆدرۇم تالۇ،
ياۋۇز بولغا ئاتىڭ، ئەرىلگەي تولۇ.
ئەي يېتىلگەن، سەرخىل(كىشى)، ياۋۇزغا يېقىنلاشما،
نامىڭ ياۋۇز بولۇپ قالىدۇ، پۈتۈنلۈكۈڭ بۇزۇلىدۇ.
4243 ياراغسىز كىشىگە يورىما ياقا،
ياراغسىز ساڭا كەلگە، تۇتغا ياقا.
يارىماس كىشىگە يېقىن يولىما،
يارىماسلىق ساڭا چاپلىشىپ، ياقاڭدىن ئالىدۇ.
4244 ئۆكۈش كۆردۈم ئەدگۇ ئاتانمىش كىشى،
ئەسىزگە قاتىلدى بۇزۇلدى ئىشى.
ياخشى دەپ ئاتالغان كىشىلەرنى كۆپ كۆردۈم،
يامانغا ئارىلاشتى، ئىشلىرى بۇزۇلدى.
4245 تەلىم كۆردۈم ئەدگۈگ، ئەسىز ئەش ئۈچۈن
يودۇغقا ئىلىندى، يوقادتى كۈچۈن.

كۆپلىگەن ياخشىلارنى كۆردۈم، (ئۇلار) يامان دوست ئۈچۈن
تۆھمەتكە يولۇقۇپ، (ئۆزىنى) زورمۇزور يوقاتتى.

4246 بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر.

بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ نامى «قارشى»[1] دەپ ئاتىلىدۇ،
(چۈنكى) قارشىنىڭ ئىچىدىكىلەر بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر.

4247 تەپىزلىك بولۇر بۇ قاپۇغدا ئۆكۈش،
تەپىز قايدا ئەرسە تۇتۇش ئول، ئۇرۇش.

ئوردىدا كۆرەلمەسلىكلەر كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ،
قەيەردە كۆرەلمەسلىك بولسا، شۇ يەردە ئۇرۇش ـ غوۋغا قوزغىلىدۇ.

4248 سەنىڭدە ئۇلۇغۇڭ سەنى تەپسەگەي،
ئۇچۇز بولغا ئۆزۈڭ، ئۆكۈنچلەر يەگەي.

سىنىڭدىن ئۇلۇغلار سىنى كۆرەلمەيدۇ، (كەمسىتىدۇ)،
سەن ئېتىباردىن چۈشۈپ پۇشايمان يەيسەن.

4249 يەمە تەپسەگەي، كۆر، ساڭا تەڭ تۇشۇڭ، C 251
كۆرۈلمەگە ئەدگۈڭ، تۇنەرگەي كۈنۈڭ.

قارا، تەڭتۇشلىرىڭمۇ سىنى كۆرەلمەيدۇ،
ياخشى (تەرەپلىرىڭ) كۆرۈنمەيدۇ، كۈندۈزۈڭ كېچە (بولۇپ) كۆرۈنىدۇ.

4250 سەنىڭدە كىچىگىڭ ساڭا تاپسۇلا،
تىلەمەگەي ئەدگۈڭ تەپىزلىك بىلە.

سەندىن كىچىك (بولغانلار) ساڭا ھەسەت قىلىدۇ،
كۆرەلمەسلىك بىلەن ياخشىلىقىڭنى تىلىمەيدۇ.

4251 بۇ ياڭلىغ ئۈچۈن قارشى قارشى بولۇر،
ئىكىگۈن قارىشسا بىرىسى ئۆلۈر.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردا «قارشى» دەپ ئاتىلىدۇ،
ئىككىسى قارشىلاشسا، بىرى ئۆلىدۇ.

4252 قاتىغلان سەن ئەمدى، ئاي كۆڭلۈم كۈنى،
كىشىگ تەپسەمەگىل، يورىغىل كۆنى.

---

① قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوردا «قارشى» دەپ ئاتىلاتتى.

ئەي دىلىمنىڭ قۇياشى، سەن ئەمدى غەيرەت قىل،
كىشىلەرگە ھەسەت قىلما، توغرا يۈرگىن.

4253 تەپىزلىك ئىگ ئول بىر، ئوتاتغۇ ئۆزۈن،
يەمىشى ئانى يەر، سىزار بۇ ئۆزۈن.
ھەسەتخورلۇق بىر كېسەلدۇركى، ئۇنى داۋالاشقا ئۆزۈن
(ۋاقىت كېتىدۇ) ئۇ ئۆزىنى يەيدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى خورىتىدۇ.

4254 بايات ھۆكمى ئول بارچا ئەدگۇ، ئەسىز،
بايات بەرسە تەپسەپ تىدۇماز تەپىز.
ياخشى ـ يامانلىقنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ھۆكمىدۇر،
خۇدا بەرگەننى ھەسەتخور ھەسەت قىلىپ تىيالماس.

4255 نەگۇ ئاسغى ئۆترۈ كىشىگ تەپسەمەك؟
كىشىگ تەپسەگۈچى سوڭى ئىگلەمەك.
كىشىنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئاقىۋەت پايدىسى نېمە؟
كىشىنى كۆرەلمىگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى كېسەل قىلىشتۇر.

4256 ئۇغىنچا قامۇغقا ئۆزۈڭ ئەدگۇ قىل،
ساڭا ئەدگۇ بولغاي، سەزىك تۇتماغىل.
ھەممە كىشىگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل،
ساڭىمۇ ياخشىلىق كېلىدۇ، شۇبھىلەنمە!

4257 سەۋىنچ بولسا كىمگە، ئۆزۈڭ سەۋىنۇ بەر، B306
ساقىنچ، قادغۇ تەگسە، يەمە ساقىنۇ بەر.
بىراۋغا خۇشاللىق بولسا، سەنمۇ خۇشال بول،
قايغۇ ـ ئەلەمگە يولۇقسا، سەنمۇ قايغۇرغىن.

4258 ئاتىڭ ئەدگۇ بولغاي، سەنى سەۋگەلەر،
ساڭا قاتلايىن تەپ تۆزۈ ئەۋگەلەر.
(شۇنداق قىلساڭ) ياخشى نامىڭ چىقىدۇ، سېنى ياخشى كۆرۈشىدۇ،
ھەممە (كىشى) سەن بىلەن ئارىلىشىشقا ئالدىرايدۇ.

4259 ياغى قىلما ئۆزگە، قاتىغلان قاداش،
نەچە تۇتغىل ئەمدى قاداش، يا ئاداش.
قېرىنداش، ئۆزۈڭگە دۈشمەننى كۆپەيتمەسلىككە تىرىشقىن،
قېرىنداش ـ دوستلارنى كۆپرەك تۇت.

4260 قالى بولسا ئەمدى ساڭا بىر ياغى،
ئۇسال بولماغىل سەن، ئانۇق تۇت ئاغى.
ئەگەر ساڭا (بىرى) دۇشمەن بولسا،
بىخۇد بولما، تۇزىقىڭنى تەييار تۇت.

4261 نەگۇ تەر ئەشتكىل ياغىلامىش ئەر،
ياغىسى ئۆزەلە ئەلىگ بۇلمىش ئەر:
دۇشمەنلىك بولۇپ، دۇشمىنى ئۇستىدىن
غالىب كەلگەن كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4262 «ئۇسانما، ياغىقا ياقىن تۇرما، كەت،
ياغىغ سەن ئۇساندۇر، ئانى تورقا يەت.
«دۇشمەنگە بىخۇد بولما، (ئۇنىڭغا) يېقىنلاشما، نېرى تۇر،
دۇشمەننى سەن بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇنى تورغا چۈشۇر.

4263 سىناما ياغىغ سەن، بەدۇك بىل ئۇلۇغ،
تاياقلىق ياغىقا تەمۇر قالقان ئەت».
دۇشمەننى سىناپ كۆرمەن دېمە، (ئۇنى) زور، هەيۋەتلىك بىل،
تاياق تۇتقان دۇشمەنگە تۆمۇر قالقان ئىشلەت».

4264 بۇ ئەش تۇش يۇكىن يۇد، سىما كۆڭلىنى،
سۆزۇمنى ئۇنىتما، كۇدەزگىل مۇنى.
دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئېغىرىنى كۆتۇر، كۆڭلىنى ئايا،
سۆزۇمنى ئۇنتۇما، بۇنى دائىم كۆز ئالدىڭدا تۇت.

4265 ياغى بولسا ئەشىڭ ئۆڭەر جانىڭا، C252
يا تەرمىش يۇمىتمىش ئانۇق مالىڭا.
دوستۇڭ دۇشمەن بولۇپ قالسا، جېنىڭغا قەست قىلىدۇ،
ياكى تېرىپ ـ توپلىغان مال ـ دۇنيالىرىڭغا (قەست قىلىدۇ).

4266 ئىچىڭنى، تاشىڭنى ئاداشىڭ بىلىر،
بۇ ئىچ، تاش بىلىكلى كىشى نەڭ ئالىر.
(چۈنكى) دوستۇڭ ئىچ ـ تېشىڭنى بىلىدۇ،
ئىچ ـ تېشىڭنى بىلگەن كىشى نەرسەڭنى ئالىدۇ.

4267 تىلەسە نەڭىڭگە تەگۇرگەي ئەلىگ،
تىلەسە جانىڭقا يەتۇرگەي يىلىك.

خالىسا، مال ـ دۇنيالىرىڭغا قول تەگكۈزىدۇ،
خالىسا، جېنىڭغا (خەۋپ) يەتكۈزىدۇ، يىلىكىڭنى (شورايدۇ).

4268 ئۆزۈڭنى نەگۈتەك كۈدەزسە ئۆزۈڭ،
ئەشىڭنى ئانىتەك كۈدەز، كەس سۆزۈڭ.
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قانچىلىك قوغدىساڭ،
دوستۇڭ (نىمۇ) شۇنداق قوغدا، سۆز تامام.

4269 ئاداش تۇتماق ئاسان، كۈدەزمەكى سارپ،
ياغى بولماق ئاسان، ياراشماقى سارپ.
دوست تۇتۇش ئاسان، قوغداش قىيىن،
دوست بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

4270 ياغىڭ بولدى ئەرسە ئەت ئۆز جان، كۈدەز،
ياغىلىغ كىشىلەر قۇتۇلماقى ئاز.
دۈشمىنىڭ بار ئىكەن، تەن ـ جېنىڭنى قوغدا،
دۈشمەنلىك كىشىلەرنىڭ قۇتۇلمىقى ئازدۇر.

4271 ئىكى تۇرلۇگ ئەرگە قاتىلما، يىرا،
قاتىلدىڭمۇ، بۇلغاق قوپۇرغاي كۆرە.
ئىككى تۈرلۈك كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر،
قېتىلدىڭمۇ، قاراپ تۇرۇپ ماجىرا تۇغدۇرىدۇ.

4272 بىرىسى، ئوزۇنچى، يوڭاغ قىلغۇچى، B307
بىرى، ئىككى يۈزلۈگ كىشى، ئۇمدۇچى.
بىرى تۆھمەتخور، چېقىمچىلىق قىلغۇچى،
يەنە بىرى ئىككى يۈزلىمىچى، تەمەخور.

4273 يەمە تۇتما بورچى كىشى سەن ئاداش،
ۋەفا قىلماغاي ئول، كۆڭۈل قىلغا باش.
يەنە، مەيخورنى دوست تۇتما،
ئۇ ۋاپا قىلمايدۇ، كۆڭلۈڭنى زېدە قىلىدۇ.

4274 ئۆز ئاسغى تىلەر دوستقا بەرمە كۆڭۈل،
ئاسىغ بۇلماسا بولدى دۈشمەن، تۆڭۈل.
ئۆز پايدىسىنىلا تىلەيدىغان دوستقا كۆڭۈل بەرمە،
پايداڭ تەگمىسە دۈشمەن بولىدۇ، (ئۇنىڭدىن) ۋاز كەچ.

A123 4275 ياقىنلىق قىلىۋ تۇرسۇ تەسە ئۆزۈن،
بولۇپ قولتغۇ قولما، بولۇ بەر سۆزۈن.
(كىشىلەر) ساڭا يېقىنلىق قىلىپ تۇرسۇن دېسەڭ،
سورالغۇچى بولغىن، سەن (ئۇلاردىن) سورىما، سۆزىنى ئورۇنلا.

4276 سەۋىنچىن تىرىگلىك بۇلايىن تەسە،
كىشىگ تەپسەمەگىل، قاتىغلان ئۇسا.
خۇشال هاياتقا ئېرىشەي دېسەڭ،
كىشىگە ھەسەت قىلماسلىققا غەيرەت قىل، ھوشيار بول.

4277 ياغىغ قۇل قىلايىن تەسە سەن تۇگەل،
تۆكۈپ، ئىد ساۋ ئالتۇن، سۇنۇپ تۇت ساقال.
دۈشمەنلىرىڭنى تامامەن (ئۆزۈڭگە) قۇل قىلىمەن دېسەڭ،
ساپ ئالتۇنلىرىڭنى تۆكۈپ سەرپ قىل، ساقىلىدىن تۇت.

4278 ياقىنىغ يىراتماق تىلەسە ئۆزۈك،
نەگۇ قولسا بەرمە، ئىرىك تۇت سۆزۈك.
يېقىنلىرىڭنى يىراقلاشتۇرۇشنى خالىساڭ،
نېمە سورىسا بەرمە، قوپال سۆزلە.

4279 تىرىگلىك ئۇزۇنىن تىلەر ئەرسە سەن،
ئاقى بول، تۇز ئەتمەك يەتۇر ئۇسا سەن.
ئۇزۇنراق ياشاشنى خالايدىغان بولساڭ،
سېخىي بول، (باشقىلاردىن) تۇز ـ تائامىڭنى ئايىما.

4280 قامۇغقا سەۋىتمەك تىلەسە ئۆزۈك،
كۆڭۇل، تىل بىرىكتۇر، سۇچىگ تۇت سۆزۈك.
كۆپچىلىككە ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسىتىشنى خالىساڭ،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى بىرلەشتۇر، شېرىن سۆز قىل.

4281 ئاغىرلىق بۇلايىن تەسە سەن ئۆزۈك،
ئاغىرلا كىشىگ سەن، ئاي قىلقى تۇزۈن.
ئۆزۈڭ قەدىرلىك بولاي دېسەڭ،
باشقىلارنىمۇ قەدىرلە، ئەي خۇش پېئىل.

C253 4282 تۇگەل باي بولايىن تەسە بەلگۇلۇگ،
بارىڭا تاپى بول، كۆتۇردۇڭ ئۇلۇگ.

تامامەن باي بولاي دېسەڭ، روشەنكى،
بارىغا قانائەتچان بول، (ئۆز) ئۇلۇشۇڭغا ئىگە بولىسەن.

4283 كىشى تۇتچى ئۆگمەك تىلەسە ئۆزۈك،
قىلىنچ ئەدگۈ تۇتغىل، ياروق تۇت يۈزۈك.
دائىم كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى خالىساڭ،
ياخشى قىلىقلارنى قىل، يۈزۈڭنى يوروق تۇت.

4284 بۇ ياڭلىغ بولۇر ئول كىشى ئەسلىسى،
كىشىگە كىشىلىك كىشى بەلگۈسى.
ئېسىل كىشىلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

4285 كىشى ئەسلى بىلمەك تىلەسە ئۆزۈك،
قىلىنچىندا كۆرگىل، ئاچىلغاي سۆزۈك.
كىشىلەرنىڭ ئەسلىنى بىلمەكنى خالىساڭ،
(ئۇنىڭ) ھەرىكىتىگە قارىغىن، شۇ زامان مەلۇم بولىدۇ.

4286 ئەدى ياقشى ئايمىش بۇ بەيت ئايغۇچى،
سۆزىن مەئنى بىرلە تانۇق قىلغۇچى:
سۆزىنى مەنىسى بىلەن شاھىت قىلغۇچى
شائىر بۇ بېيىتنى بەك ياخشى ئېيتقان:

4287 «كىشى ئەسلى بىلمەك تىلەسە ئاچۇق، B308
كۆڭۈل، تىل، قىلىنچى بۇ ئىشكە تانۇق.
«كىشىنىڭ ئەسلىنى ئوچۇق بىلمەكچى بولساڭ،
(ئۇنىڭ) دىلى، تىلى ۋە ھەرىكىتى بۇ ئىشقا دەلىل بولىدۇ.

4288 قىلىنچ ئەدگۈ بولسا، كۆڭۈل، تىل كۆنى،
تۈپى ئەسلىگا بۇ تانۇق ئول ئانۇق».
قىلىقلىرى ياخشى بولسا، دىلى (ۋە) تىلى توغرىدۇر،
روشەنكى، بۇ، ئۇنىڭ ئەسلى ـ زاتىغا گۇۋاھچىدۇر».

4289 ئوتۇنقا قاتىلما، ئاي ئەسلى ئارىغ،
يۈزۈڭنۈڭ سۇۋىن ئەلتگە سەندىن ئارىغ.
ئەي ئەسلى پاك، ئەدەپسىزلەرگە قېتىلما،
يۈز ـ ئابرۇيۇڭنى پۈتۈنلەي تۆكىدۇ.

4290 نەگۈ تەر ئەشتكىل تۆرۈلۈگ كىشى،
ئوتۇندىن يىرامىش ئۇقۇشلۇغ باشى:
ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئەدەپسىزلەردىن يىراق تۇرغان،
ئەقىللىك كىشى نىمە دېگەن، ئاڭلا:

4291 ئوتۇنقا قاتىلما، سىلىگ بول ئامۇل،
تۇتۇش ئەسلى بارچا ئوتۇندىن، ئوغۇل.
بىئەدەپكە قېتىلما، مۇلايىم، سىلىق بول،
ئەي ئوغلان، بارچە جاڭجال ئەدەپسىزلەردىن كېلىدۇ.

4292 پۇشى بىرلە بولما يەمە كەد ياقىن،
قالى پۇشسا بۇزغاي ياقىنلىق ھەقىن.
يەنە جاھىل ـ تەرسالار بىلەن بەك يېقىن بولما،
ئەگەر جەھلى تۇتۇپ قالسا، يېقىنلىق ھۆرمىتىنى بۇزىدۇ.

4293 كۆڭۈل سىررى ئاچما، سۆزۈڭ تەگمەگە،
قالى ئاچتىڭ ئەرسە ئۆزۈڭ ئەمگەكە.
كۆڭۈل سىرىڭنى، سۆزلىرىڭنى ھەركىمگە ئېچىۋەرمە،
ئەگەر ئاچساڭ، ئۆزۈڭ مۇشەققەت چېكىسەن.

4294 ياقىنلىق تىلەسە تۇچى ئۇستىگۇ،
كۆتۇرگىل تەمەئنى، تىرىلگىل بۆگۇ.
يېقىنلىقنىڭ بارغانسېرى ئۇستۇن بولۇشىنى خالىساڭ،
تەمەگەرلىكتىن خالىي بولۇپ ياشا، ئەي دانا.

4295 قالى قولسا سەن تۇتچى مەڭزىڭ قىزىل،
كۆنى بول، قۇتۇلدۇڭ سەن، ئىنچىن تىرىل.
ئەگەر دائىم يۈزۈڭ يورۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ،
توغرا بول، (ئاندىن) بەختلىك بولۇپ، ھۇزۇر ئىچىدە ياشايسەن.

4296 ئۇزۇنلۇق تىلەسە ئۆزۈڭ ھەم سۆزۈڭ، C254
ئەلىگ قىسغا تۇتغىل، قۇتۇلدى ئۆزۈڭ.
ئۆزۈڭنىڭ ھەم سۆزۈڭنىڭ ئۇزاق (ئىناۋىتىنى) خالىساڭ،
قولۇڭنى قىسقا تۇت، ھەر ئىشقا ئارىلاشما ئۆزۈڭ ئامان بولىسەن.

4297 يۈزۈڭ تۇتچى سۇۋلۇغ تۇتايىن تەسە،
تىلىن سۆزلەمە سۆزنى يالغان ئۇسا.

دائىم ئابرۇيلۇق بولاي دېسەڭ،
ھەرقاچان ئېغىزىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما.

4298 قايۇ يەردە دەۋلەت كۆتۈرسە باشى،
بولۇ بەر ئاڭار سەن، ئاي ئەدگۈ كىشى.
دۆلەت قەيەردە باش كۆتۈرسە،
سەن ئۇنىڭغا ماسلاشقىن، ئەي ياخشى كىشى.

4299 ئۆچەشمە بۇ دەۋلەت بىلە، سەن ياراش،
ياراشمازسا، دەۋلەت ئاغۇ قىلغا ئاش.
دۆلەت بىلەن ئۆچەكەشمە، يارىشىپ ئۆت،
ياراشمىساڭ، دۆلەت ئېشىڭنى ئوغا قىلىدۇ.

4300 قالى قولسا سەن سۆز، يورىق بولغۇسىن،
ئايىتتۇقتا سۆزلە، كۆنى بولسۇ چىن.
ئەگەر سۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىنى خالىساڭ،
سورىغاندا جاۋاب بەر، (سۆزۈڭ) توغرا، چىن بولسۇن.

4301 قۇرۇغ سۆزلەمە سەن، كىشىگ سوڭداما،
ئۇشاق سۆز ئەدەرمە، يەمە كەكنەمە.
قۇرۇق سۆزنى قىلما، كىشىنى (كىشىگە) چاقما،
ئۇششاق سۆز تاراتما (ۋە) ئاداۋەت ساقلىما.

4302 تۇپى يەل تۇرۇر سۆز، كۆڭۈل ئاغرىتۇر، B309
كۆڭۈل ئاغرىسا، ئەر سەنى ياۋرىتۇر.
سۆز (شىددەتلىك) بورانغا ئوخشايدۇ، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدۇ،
كىشىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا، ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

4303 ئۆزۈڭدە ئۇلۇغقا تىلىن ئۆزنەمە،
جەۋاب قىلغۇ يەردە ئىرىك سۆزلەمە.
ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلما،
جاۋاب بېرىدىغان يەردە قوپال سۆزلىمە.

4304 ئۇلۇغۇغ ئاغىرلا، كۈدەز ھۇرمەتى،
ئۇلۇغلۇق ساڭا كەلگەي، يۇقغاي قۇتى.
ئۇلۇغلارنى قەدىرلە، ھۆرمىتىنى ساقلا،
ساڭىمۇ ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولىدۇ، بەخت يۇقىدۇ.

4305 ساڭا تەك تۇشۇك بىرلە ئەلتىش، بارىش،
قاتىلغىل، قارىلغىل، ئالىش ھەم بەرىش.
ساڭا تەڭتۇش بولغانلار بىلەن ئارىلىشىپ، بېرىش ـ كېلىش قىل،
قېتىلىپ ـ قوشۇلۇپ، ئېلىم ـ بېرىم قىلىپ تۇر.

4306 ئاغىرلا سەنى ئول ئاغىرلاسا چىن،
ئۇچۇزلا ئۇچۇزلاسا، بارما ياقىن.
باشقىلار سېنى ھەقىقىي قەدىرلىسە، سەنمۇ قەدىرلە،
خورلىسا، (سەنمۇ) خورلا، يېقىن بارما.

4307 نەگۇتەك قىلىنسا، سەن ئانداغ قىلىن،
سۈچىگ سۆزلەسە سۆز، سۈچىگ بول تىلىن.
قانداق قىلسا، سەنمۇ شۇنداق قىل،
(ساڭا) شېرىن سۆزلىسە، شېرىن سۆزلە.

4308 قامۇغ ئەدگۇگە بول سەن ئەدگۇ كىشى،
ئەسىزگە ئەسىز بول ئول ئەسىز تۇشى.
ھەممە ياخشىلىقلارغا (نىسبەتەن) سەنمۇ ياخشى ئادەم بول،
يامانغا يامان بول، يامانىنىڭ خىلى ـــ يامانلىقتۇر.

4309 ئەدى ياقشى ئايمىش تۆرۈ بىلمىش ئەر،
تۆرۈ ئۆڭدى بىرلە بودۇن تۇزمىش ئەر:
قانۇن ـ قائىدىلەرنى بىلگەن، قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن
خەلقنى ئىدارە قىلغان كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

4310 «سەنى سىز تەسەلەر ئانى سىز تەگىل،
تاقى ئاندا يەگرەك يانۇت سۆزلەگىل.
«سېنى ‹سىز› دېسە، (سەنمۇ) ئۇنى ‹سىز› دېگىن،
جاۋاب بەرگەندە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلە.

4311 قايا ياڭقۇسىندىن قودى بولماغىل،
سەنى سەن تەسەلەر، ئانى سەنلەگىل».
تاغ چوققىسىنىڭ ئەكس ساداسىدىن قېلىشمىغىن،
سېنى ‹سەن› دېسە، ئۇنى ‹سەن› دېگىن».

*　　*　　*

4312 بۇ ياخشىلىغ بولۇر، كۆر، ئەر، ئات سۈھبەتى،
قاتىلماق تىلەسە ئەمى بۇ ئۇتى.
قارا، ئەسكەر ـ خادىملار بىلەن بولىدىغان سۆھبەت شۇنداق بولىدۇ،
ئارىلىشىشنى خالىساڭ، ئامال ـ چارىسى شۇدۇر.

4313 ئايۇ بەردىم ئەمدى، ئەشىتتى ئۆزۈڭ، C 255
كۆڭۈلگە ئالىنغىل، ئۇزاتما سۆزۈڭ.
مانا مەن سۆزلەپ بەردىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
(بۇنى) كۆڭلۈڭدە تۇت، سۆزۈڭنى ئۇزارتما.

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4314 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئەشىتتىم مەن ئەمدى، ئايا كۆڭلى تۈز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
(ئېيتقانلىرىڭنى) مەن ئاڭلىدىم، ئەي كۆڭلى تۈز.

4315 مۇنىڭدا ئادىنما تاقى بار سۆزۈم، B 310
ئانىما ئايۇ بەر، ئاي كۆركلۈگ يۈزۈم.
بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەر، ئەي كۆركەم يۈزلۈكۈم.

4316 بۇ كۈن بۇ ئۆزۈم كەند ئۇلۇشقا كىرىپ، A 124
قاتىلغۇ قارىلغۇ بودۇنقا يورىپ.
بۈگۈن مەن شەھەر ـ كەنتكە كىرىپ،
خەلققە ئارىلىشىپ، قېتىلىپ يۈرۈشۈم كېرەك.

4317 نەگۈتەك يورىغۇ ئۇلارنىڭ بىلە؟
مۇنىما ئايۇ بەر ماڭا سۆز ئۇلا.
ئۇلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك،
سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇنىمۇ سۆزلەپ بەر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4318 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ سۆز
كەرەكلىگ ئەرۈر چىن، ئايا قىلقى تۈز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
بۇ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر، ئەي خۇلقى گۈزەل.

4319 كەرەك بولغۇ سۆزنى ئايىتتىڭ ماڭا،
ئايايىن ئەشىتگىل مۇنى مەن ساڭا.
مەندىن زۆرۈر سۆزنى سورىدىڭ،
بۇنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلا.

49

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا قارائام بودۇن بىرلە نەتەك قاتىلغۇ كەرەكىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

4320 قارا ئام بودۇن بارچا قىلقى ئۆڭى،
بىلىكى، ئۇقۇشى، قىلىنچى تەڭى.
ئاۋام خەلقنىڭ خۇي ـ پەيلى تامامەن باشقىچە بولىدۇ،
بىلىمى، ئەقىل ـ پاراستى خۇي ـ پەيلىگە يارىشا بولىدۇ.

4321 قىلىقسىز بولۇرلار قارا ئام بودۇن،
تۆرۈ يوق، توقۇ يوق، قاتىلمىش ئۆدۈن.
ئاۋام خەلق ئۆرپ ـ ئادەتكە رىئايە قىلمايدۇ،
مۇناسىۋەتتە ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدۇ.

4322 ۋەلىكىن بۇلارسىز يەمە بولماز ئىش،
تىلىن ئەدگۈ سۆزلە، ئاغار بولما ئەش.
ۋەلېكىن بۇلارسىز ھېچقانداق ئىش پۈتمەيدۇ،
تىلىڭ بىلەن ياخشى سۆز قىلغىن، لېكىن (ئۇلار بىلەن) دوست بولما.

4323 قارا قىلقى بارچا بولۇر قاپ قارا،
قارا قىلما ئۆزنى، كۈدەزۈ تۇرا.
ئاۋامنىڭ قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى قاپقارا بولىدۇ،
سەن ئۆزۈڭنى قارا قىلما، (ئۆزۈڭنى) ئايا.

4324 قارا قىلقى باشسىز، قىلىنچى ساشى،
ئىشى ـ كۈدكى بارچا قىلىنچى تۇشى.
ئاۋام خەلق باشباشتاق، ھەرىكىتى ئۈركۈگەك بولىدۇ،
(قىلغان) ھەممە ئىشمۇ ھەرىكىتىدەك بولىدۇ.

4325 يەمەكىگ بىلىرلەر، قارىن تودغۇسى،
بوغۇزدا ئادىن يوق ئولار قادغۇسى.

يېپىشىنىلا بىلىدۇ، قورسىقى تويسىلا بولىدۇ،
ئۇلارنىڭ گالدىن باشقا قايغۇسى يوق.
B311 C256 4326 نەگۇ تەر ئەشتىكىل قارا قىلقىنى،
سىناپ سۆزلەگۈچى كىشى بارقىنى:
ئاۋام خەلقىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى سىناپ سۆزلىگەن،
يولۇچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
4327 قارا قادغۇسى بارچا قارنى ئۈچۈن،
بودۇن تەۋشىگى بارچا بوغزى ئۈچۈن
ئاۋامنىڭ ھەممە قايغۇسى قورساق ئۈچۈندۇر،
خەلقنىڭ ھەممە ئاۋارىچىلىكى گال ئۈچۈندۇر.
4328 تەلىم خەلقلەر ئۆلدى بۇ بوغزى ئۈچۈن،
قارا يەر قاتىندا يەيۈر ئوت ئۆچۈن.
گال ئۈچۈن نۇرغۇن خەلق ئۆلگەن،
(ئۇلار) قارا يەر تېگىدە ئۆچمەنلىك ئوتى (ئىچىدە) كۆيۈپ ياتماقتا.
4329 قارا قارنى تودسا، تىلى باشسىرار،
باسا تۇتماسا بەك، ئۆزى ئەرك سۈرەر.
ئاۋامنىڭ قورسىقى تويسا، تىلى ئۇزىرايدۇ،
بېسىپ، قاتتىق باشقۇرمىسا، ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ.
4330 ئولارقا يەمە ئۆك قاتىل، ئاي قاداش،
بەرۇ تۇر ئولارقا يەگۇ، ئىچگۇ، ئاش.
ئەي قېرىنداش، ئۇلارغىمۇ ئارىلاشقىن،
ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، ئاش ـ تائام بېرىپ تۇر.
4331 تىلىن سۆزلە يۇمشاق، نەگۇ قولسا بەر،
بەرىگلى ئالىر، كۆر، ئانىڭ ئاسغى يەر.
تىلىڭ بىلەن يۇمشاق سۆزلە، نېمە سورىسا بەر،
بەرگەن ئالىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.
4332 ئۆكۇش سۆزلەمە سۆز، سەرىن تىل كۈدەز،
ئۆكۇش سۆزلەمىش سۆز سۇۋى قالدى ئاز.
كۆپ سۆزلىمە، سەۋرچان بول، تىلىڭنى بايقا،
كۆپ سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئىناۋىتى ئاز بولىدۇ.

4333 نەگۈ تەر ئەشتكىل ئۆزىن تۇتمىش ئەر،
تىلىن بەك تۇتۇغلى بىلىك بىلمىش ئەر:
تىلنى چىڭ تۇتقان، ئۆزىنى بېسىۋالغان
بىلىملىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4334 «سۆزۈگ بارچا سۆز تەپ چىقارما تىلىن،
ئۆيۇ ساقنۇ سۆزلە، كەرەكىن بىلىن.
«ھەممە سۆزنى سۆز دەپ تىلىڭدىن چىقارما،
كېرەكلىكىنى بىلىپ، ئويلىنىپ، ئېھتىيات بىلەن سۆزلە.

4335 ئۇقۇشلۇغنى كۆردۇم كۆر ئاز سۆزلەدى،
ئۆكۈش سۆزلەدىم تەپ ئۆكۈندى يىلىن».
ئەقىل ـ پاراسەتلىكلەرنى كۆردۇمكى، (ئۇلار) ئاز سۆزلىدى،
(شۇنداقتىمۇ) كۆپ سۆزلىدىم، دەپ يىللار بويى پۇشايمان قىلدى».

50

ئەلەۋىلەر بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

پەيغەمبەر ئەۋلادى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4336 ئەر- ئاتتا ئۆڭىن، بەگ كىشىسىندە تاش،
قاتىلغۇ كىشىلەر بۇ ئول، ئاي قاداش.

ئەسكەر - خىزمەتچىلەردىن باشقا ۋە بەگ خادىملىرىدىن تاشقىرى
مۇناسىۋەت قىلىدىغان كىشىلەر مۇنۇلاردۇر، ئەي قېرىنداش:

4337 ئولاردا بىرى ساۋچى ئۇرغى تۇرۇر،
بۇلارنى ئاغىر تۇتسا قۇت- قىۋ بولۇر.

بۇلاردىن بىرى — پەيغەمبەر ئەۋلادى بولۇپ،
بۇلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، بەخت - سائادەت تاپىسەن.

4338 بۇلارنى قاتىغ سەۋ كۆڭۈلدە بەرۇ،
نەڭىن ئەدگۈلۈك قىل، باقا تۇر كۆرۇ.

بۇلارنى چىن كۆڭلۈڭدىن بېرىلىپ، تازا ياخشى كۆرگىن،
ئۇلارغا (ماددىي) نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، يوقلاپ تۇر.

4339 B 312 C 257 بۇلار ئەھلى بەيت، ئول ھەبىبقە قاداش،
ھەبىب ساۋچى ھەققى ئۇچۇن سەۋ، ئاداش.

بۇلار ئەھلى بەيت ①، پەيغەمبەرنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر،
ئەي قېرىنداش، سەنمۇ ئۇنى پەيغەمبەر ھەققى ئۇچۇن ياخشى كۆرگىن.

4340 ئىچىن ئىرتەمەگىل، يا قىلقىن- تۆزىن،
مەگەر تىلدە تەڭسىز يورىتسا سۆزىن.

ئېغىزىدىن قاملاشمىغان سۆز چىقمىسىلا،
ئۇلارنىڭ ئىچى - تېشى، ئىش - ھەرىكىتىنى سۈرۈشتۈرمە.

---

① بەيتۇللادىن كەلگەنلەر ئەۋلادى دېگەن مەنىدە.

51

بىلىگ ئالىملار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

دانا، ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4341 تاقى بىر قۇتۇ بىلگە ئالىملار ئول،
ئولار ئىلمى خەلققە يارۇتتاچى يول.
يەنە بىر تەبىقە ـ دانالار (ۋە) ئالىملاردۇر،
ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ.

4342 ئولارنى قاتىغ سەۋ، ئاغىرلا سۆزىن،
بىلىكلەرىن ئۆگرەن ئۆكۈش، يا ئازىن.
ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ، سۆزىنى قەدىرلە،
ئاز ـ كۆپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن.

4343 بۇلار ئول يارار، يا يارامازلارىغ
سەچىپ، ئادرا تۇتغان كۆنى يول ئارىغ.
ئۇلار يارايدىغان ۋە يارىمايدىغان (ئىشلار)نى ئايرىپ،
چۈشىنىپ، توغرا يول تۇتىدىغان پاك كىشىلەردۇر.

4344 ئۇسا ئىلمى ئۆگرەن بىلىكلەرى بىل،
نەڭىن ئەدگۈلۈك قىل، كۈدەز، بەكرۇ تىل.
زېھىن قويۇپ ئىلىملىرىنى ئۆگەن، بىلگەنلىرىنى بىلىۋال،
(ماددىي) نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، قوغدا، تىل تەگكۈزمە.

4345 بۇلار ئول ھەقىقەت بۇ دىن تىرگۈكى،
ئولار بىلكى ئول چىن شەرىئەت كۆكى.
بۇلار ھەقىقەت، دىنىنىڭ تايانچىدۇر،
ئۇلارنىڭ بىلىمى چىن شەرىئەتنىڭ ئاساسىدۇر.

4346 يوق ئەرسە ئاژۇندا بۇ ئالىم بۆگۈ،
تىكىپ ئۆنمەگەي ئەردى يەردە يەگۈ.

دۇنيادا ئالىم ـ دانالار بولمىغان بولسا،
يەردە زىرائەت تىكىلىپ، ئۈنمىگەن بولار ئىدى.

4347 ئۇلار ئىلمى بولدى بودۇنقا يۇلا،
يارۇسا يۇلا تۇنلە ئازماز يولا.
ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولدى،
كېچىدە مەشئەل يورۇسا، يولۇچى ئازمايدۇ.

4348 نەڭىڭدە ئۇلۇگ قىل، سۇچىگ سۆز بىلە،
ئاش ئىچگۇ يەتۇرگىل، تاپۇغ قىل كۇلە.
ماللىرىڭدىن بەھرىمەن قىل، شېرىن سۆزلە،
ئاش ـ تائام يېگۈزگىن، كۈلۈپ خىزمىتىنى قىل.

4349 تىلىن سەرمە، ئەرمە، بولۇن ئەيمەنۈك،
ئاغۇ ئول ئولارنىڭ ئەتى بىرتەم ئۆك.
قوپال سۆز قىلما، كايىما، ئەيمىنىپ (مۇئامىلە قىل)،
(قوپال سۆز) ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى زەھەرلىگۈچى ئوغىدۇر.

4350 تىلىن ئەرمە، سەرمە، تۇز ئەتمەك يەتۇر،
ئاغىر تۇت ئولارىغ ئاغىرلا كۆتۇر.
تىلىڭ (بىلەن) قوپاللىق قىلما، كايىما، تۇز ـ تائام يېگۈز،
ئۇلارنى قەدىرلە، ئىززەت قىل، كۆتۈر.

4351 ئەشىت ئىلمى، ئىشلەت، تىلىن سوڭداما،
يا قىلقىن، قىلىنچىن ياۋۇز تەپ تەمە.
ئىلىملىرىنى ئاڭلا، (ئەمەلدە) ئىشلەت، غەيۋەت قىلما،
مىجەز ـ خۇلقىنى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى يامان دېمە.

4352 ئولاردىن كەرەكى ساڭا ئىلمى ئول، B 313
كۆنىلىككە يەتسە ئايۇ بەرسە يول.
ئۇلاردىن ساڭا كېرەك بولىدىغىنى ئىلىمدۇر،
(ئۇلار) ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

4353 بۇلار ئول سۇرۇك قويقا ئەركەچ سانى،
قويۇغ باشلاسا، سۇرسە يولچا كۆنى.
بۇلارنى (گويا) قوي پادىسىنىڭ سەركىسى، دەپ ھېسابلا،
(سەركە) قوي پادىسىنى باشلاپ، توغرا يول بىلەن ماڭىدۇ.

C258 4354 قاتىلغىل بۇلارنىڭ بىلە ئەدگۈلەش،
قۇتادغاي ساڭا ئىككى ئازۇن ئۇلاش.
بۇلار بىلەن ئارىلاشقىن، ياخشى ئۆت،
ئىككى دۇنيالىقتا ساڭا بەخت يار بولىدۇ.

52

ئوتاچىلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

تېۋىپلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

A125

4355 بۆلاردا باسا قاچ قۇتۇ بار ئادىن،
باقا كۆرسە، بىلكى بىلىكدە ئۆڭىن.
بۆلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە تەبىقە بار،
دىققەت قىلىنسا، بىلىمدە (بىر ـ بىرىدىن) پەرق قىلىدۇ.

4356 ئۆلاردا بىرىسى — ئوتاچى تۇرۇر،
قامۇغ ئىگ — توغاقا بۇ ئەمچى ئەرۇر.
ئۆلاردىن بىرى تېۋىپلاردۇر،
بارلىق ئاغرىق ـ سىزلاقلارغا ئۇ شىپاگەردۇر.

4357 يەمەئۆك كەرەكلىگ ساڭا بۇ كىشى،
ئانىڭسىز ئوڭۇلماز تىرىگلىك ئىشى.
بۇ كىشىلەرمۇ ساڭا بەك كېرەكلىك (كىشىلەر)،
ئۇلارسىز ھايات ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

4358 تىرىگ بولسا يالڭۇق يەمە ئىگلەرئۆك،
ئىگىن ئەمچى كۆرسە، ئوتۇن ئەملەرئۆك.
ئادەم ياشايدىكەن، ئاغرىپمۇ قالىدۇ،
كېسەلنى تېۋىپ كۆرسە دورا بىلەن داۋالايدۇ.

4359 ئىگ ئول، كۆر، كىشىگە ئۆلۈم قولداشى،
ئۆلۈم ئول كىشىگە تىرىگلىك تۇشى.
قارا، كېسەللىك ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ قولدىشىدۇر،
ئۆلۈم كىشىگە ھاياتلىققا ئوخشاشلا خاستۇر.

4360 بۆلارنى يەمە ئەدگۇ تۇتغىل ياقىن،
كەرەكلىگ كىشى بۇ، كۇدەزگىل ھەقىن.

بۇلارنىمۇ (ئۆزۈڭگە) يېقىن تۇت، ياخشى (كۆر)،
بۇلار كېرەكلىك كىشىلەردۇر، ھەققىنى قوغدا.

53

مۇئەززىملەر بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

ئەپسۇنچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4361 بۇلاردا باسا كەلدى ئەفسۇنچىلار،
بۇ يەل، يەكلىگ ئىگكە بۇ ئول ئەمچىلەر.
بۇلاردىن كېيىن ئەپسۇنچىلار تۇرىدۇ،
شامال دارىغان، جىن تەگكەن كېسەللەرنى ئۇلار داۋالايدۇ.

4362 بۇلارقا يەمەئۆك قاتىلغۇ كەرەك،
بۇ يەل، يەكلىگ ئىگكە ئوقىغۇ كەرەك.
بۇلارغىمۇ ئارىلىشىش كېرەك، شامال دارىغان،
جىن تەگكەن كېسەللەر ئۈچۈن (ئۇلارنى) چاقىرىش كېرەك.

4363 قالى ئاسغى تەگسۇن تەسە سەن ساڭا، B314
يەمە ئەدگۈ تۇتغىل، ئاي ئەرسىگ توڭا.
ئەگەر ساڭا (ئۇلارنىڭ) پايدىسى تەگسۇن دېسەڭ،
ئۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل، ئەي مەرد يىگىت.

4364 ئوتاچى ئۇناماز مۇئەززىم سۆزىن،
مۇئەززىم ئوتاچىقا ئەۋرەر يۈزىن.
تېۋىپلار ئەپسۇنچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ،
ئەپسۇنچىلار(مۇ) تېۋىپلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

4365 ئول ئايمىش ئوتۇغ يەسە ئىگكە يارار،
بۇ ئايمىش بىتىك تۇتسا يەكلەر يىرار.
ئۇ (تېۋىپ) دەيدۇ: دورىنى يېسە، كېسەل شىپا تاپىدۇ،
بۇ (ئەپسۇنچى) دەيدۇ: تۇمار ئاسسا، جىنلار قاچىدۇ.

54

تۇش يورغۇچىلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

چۈش ئۆرۈگۈچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەققىدە

4366 تاقى بىر بىلىك، كۆر، بۇ تۇش ئىلمى ئول، C 259
تۇشەسە يورۇغلى ئاچار ئەدگۇ يول.
يەنە بىر بىلىم — چۈش (ئۆرۈش) ئىلمىدۇر،
چۈش كۆرۈلسە ئۆرۈگۈچى ياخشى يول ئاچىدۇ.

4367 ئۇدسا بۇ يالڭۇق تۇشەرئۆك بۇ تۇش،
يورا بىلسە، تەركىن كەلىر ئاغزى تۇش.
ئادەم ئۇخلىسا، چۈش كۆرىدۇ، بۇ چۈشنى
ئۆرۈشنى بىلسە، دېگىنى دەرھال بولىدۇ.

4368 تۇشۇگ ئەدگۇ يورسا بۇ تۇش يورغۇچى،
ئول ئەدگۇ كەلىر، كۆر، بۇ سەۋنۇر تۇچى.
چۈش ئۆرۈگۈچى چۈشنى ياخشىلىققا ئۆرۈسە،
چۈشى ياخشى بولۇپ چىقىدۇ، ئاقىۋىتى خۇشاللىق بولىدۇ.

4369 قالى تەڭسىز ئەرسە تۇشى كەد ياۋۇز،
چىغايقا بەرىپ نەڭ، كۇدەزگۇ ئەت ئۆز.
ئەگەر چۈشى مەنىسىز ۋە بەك يامان بولسا،
كەمبەغەلگە سەدىقە بېرىپ، جان ـ تەننى ساقلاش كېرەك.

4370 بۇ تۇش ئىلمى، كۆرگىل، باغىرساق بايات
قۇلى ئەدگۇسىن قولدى، بەردى ئايات.
قارا، چۈش ئىلمى جەھەتتە مېھرىبان خۇدا
بەندىلىرىگە ياخشىلىق كۆزلەپ، ئايەتلەر ئاتا قىلدى.

4371 تۇشى ئەدگۇ بولسا، سەۋىنسە كۆرۈپ،
ئەسىز كۆرسە، رەبقا سىغىنسا تۇرۇپ.

(كىشىنىڭ) چۈشى ياخشى بولسا، خۇشال بولۇش،
يامان بولسا، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللاغا سىغىنىش كېرەك.

4372 چىغايقا ئۆلەسە كۈمۈش، نەڭ، تاۋار،
بايات قولسا ئاندىن بەلانى يىغار.

كەمبەغەلگە پۇل، نەرسە ـ كېرەك سەدىقە قىلسا،
خۇدا ئاندىن بالا ـ قازانى توسايدۇ.

4373 يۆرۈگكە بارىر تۈش، تۈشۈگ ياقشى يۆر،
ئايا تۈش يۆرۈگلى، تۈشۈگ يىنچكە كۆر.

چۈش ئۆرۈگەندەك بولىدۇ، چۈشنى ياخشى ئۆرۈش كېرەك،
ئەي چۈش ئۆرۈگۈچى، چۈشنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىل.

4374 بۇ ياڭلىغ تۈشۈگ ئۆز يۆرۈگلى بۇلار،
بىلىكلىگ، باغىرساق بولۇپ ئەدگۈلەر.

شۇنداق قىلغاندا، چۈش ياخشى ئۆرۈلگەن بولىدۇ،
بىلىملىك، مېھرىبان (كىشىلەرلا) ياخشىلىقتا (ئۆرۈيدۇ).

4375 بۇلارىغ يەمە ئەدگۈ تۇتغىل، قاداش،
تىلەسە قاداش تۇت، تىلەسە ئاداش.

ئەي قېرىنداش، بۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغىن،
ئۇلارنى خالىساڭ قېرىنداش قىل، خالىساڭ دوست تۇت.

55

يۇلدۇزچىلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

مۇنەججىملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4376 مۇنىڭدا باسا ئەمدى يۇلدۇزچى ئول، B 315
باقا كۆرسە يەترۇ ئەدى يىنچكە يول.
بۇنىڭدىن كېيىنكىسى — مۇنەججىملەردۇر،
دىققەت قىلىنسا، بۇ بەك نازۇك يولدۇر.

4377 يىل، ئاي، كۇن ساقىشى بۇلاردا بولۇر،
كەرەكلىگ تۇرۇر بۇ ساقىش، ئاي ئۇنۇر.
يىل، ئاي، كۇنلەرنىڭ ھېسابىنى شۇلار قىلىدۇ،
ئەي قۇدرەتلىك، بۇ ھېساب (ئىشلىرى) بەكمۇ زۆرۇر.

4378 بىلەيىن تەسە سەن ئوقى ھەندەسە،
ئاچىلغاي ساقىش قاپغى مۇندا باسا.
(ئۇنى) بىلەي دېسەڭ، ھەندەسەنى ئۆگەن،
شۇنىڭدىن كېيىن (ساڭا) ھېساب ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

4379 ئوقى زەربۇ قىسمەت، تۇگەل بىل كۇسۇر،
تۇگەلگە تۇگەل ئىمتىھان ئول يەتۇر.
كۆپەيتىش ۋە بۆلۇشنى ئوقۇغىن، كەسىرنى پۇتۇن بىل،
بۇ كامالەتكە يەتكەنلەر ئۇچۇن بىر ئىمتىھان ھېسابلىنىدۇ.

4380 يا تەزئىف، يا تەنسىف ئۆزۇڭ يەترۇ بىل،
قالى بىلدىڭ ئەرسە ئەدەت جەزرى قىل.
مەيلى قوشۇش بولسۇن، مەيلى ئېلىش بولسۇن، تولۇق بىلسەڭ،
ئاندىن يىلتىزدىن چىقىرىشنى باشلىيالايسەن.

4381 يانا جەمئۇ تەفرىق، مىساھەتقە ئۆت، C 260
يەتى قات فەلەكنى ياتۇر يامچا تۇت.

يەنە قوشۇش، ئېلىشنى، مۇساھەتنى[1] ئۆگەن،
يەتتە قەۋەت پەلەكنى بىر تال چۆپتەك ئالىقىنىڭدا تۇتالايسەن.

4382 تاقى قولسا جەبرۇ مۇقابەل ئوقى،
يەمە ئوقلىدىس قاپغى يەترۇ توقى.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئەلجەبر[2] ئوقۇغىن،
ئاندىن ئوقلىدىس[3] ئىشىكىنى چۇشىنىپ قاق.

4383 كەرەك دۇنيا ئىشى، كەرەك ئۇقبى تۇت،
ساقىش بىرلە ئادرا تۇتار بىلگە، پۇت.

مەيلى بۇ دۇنيانىڭ ياكى ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى بولسۇن،
دانالار ھېساب بىلەن پەرقلەندۇرۇپ قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەن.

4384 ساقىش ئارتاسا دۇنيا، ئۇقبى ئىشى
نەچە بىرلە ئارتار، ئاي ئەدگۇ كىشى.

ھېساب بۇزۇلسا، بۇ دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشىمۇ
ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇزۇلىدۇ، ئەي ياخشى كىشى.

4385 قىلايىن تەسە سەن ئۆزۈڭ ئىش ـ كۈدۈك،
ئايىتغۇ كەرەك ئەدگۈ، ئەسىز ئۆدۈگ.

ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ،
ياخشى ۋە يامان پەيتنى سوراش كېرەك.

4386 كۈن، ئاي قۇتلۇغى بار، يەمە قۇتسۇزى،
ئايىت، قۇتلۇغىن تۇت، ئاي يالڭۇق تۇزى.

كۈن، ئاينىڭ قۇتلۇقى ۋە قۇتسىزى بار،
(ئۇنى) سورا، قۇتلۇقىنى تۇت، ئەي ئادەملەر ياخشىسى.

4387 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ قارى،
بىلىكلىگكە ئايتىپ ئىشىڭ قىل يورى.

بىلىملىك مويسىپىت بەك ياخشى ئېيتقان،
يۇر، ئىشىڭنى بىلىملىكتىن سوراپ قىل.

4388 بىلىك بىرلە يالڭۇق ئىشىن باشلاسا،
تىلەك بولدى ساقىن، نەگۇ ئىشلەسە.

---

① مۇساھەت ــ تىرىگنومېترىيە.
② ئەلجەبر ــ ئالگېبرا.
③ ئوقلىدىس ــ قەدىمكى يۇنان ماتېماتىكى، ئاسترونوم، پەيلاسوپ.

ئادەم ئىشنى بىلىم بىلەن باشلىسا،
ھەممە ئىشىدا تىلىكىگە يېتىدۇ، دەپ ھېسابلا.

4389 تۇگەل ئىشتە ئاشنۇ تۇسۇلۇر بىلىك، B316
كىنىلسە بىلىك ئىشكە يەتمەز ئەلىگ.

ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن بىلىم پايدا كەلتۇرىدۇ،
بىلىمدە كەينىدە قالسا، ئىشقا قول قىسقىلىق قىلىدۇ.

4390 ئايىت سۆز ئۇلارقا، يەمە پۇتمە تەرك،
بىلىگلى بايات ئول، مۇنى تۇتغۇ بەرك.

سۆزنى (مۇنەججىمدىن) سورا، لېكىن دەرھال ئىشىنىپ كەتمە،
بىلگۈچى خۇدادۇر، بۇنى (ئېسىڭدە) چىڭ تۇت.

4391 بۇلارىغ يەمە ئەدگۇ تۇتغىل ياراش،
تىلىن سەرمە ئەرمە، كۆڭۇل قىلما باش.

بۇلار بىلەنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل، چىقىشىپ ئۆت،
سۆزىنى رەت قىلما، دىلىنى رەنجىتمە.

56

شائىرلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4392 باسا كەلدى شائىر بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىگ ئۆگكۈچىلەر، يەمە يەرگۈچى.
ئۇنىڭدىن كېيىن شائىرلار ــــ سۆز تىزغۇچىلارمۇ بار،
(ئۇلار) كىشىلەرنى ماختىغۇچى ۋە سۆككۈچىلەردۇر.
4393 قىلىچتا يىتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى،
يانا قىلدا يىنچكە بۇ خاتىر يولى.
بۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈررەك،
تەپەككۇر قىلىش يولى قىلدىنمۇ نازۇكراقتۇر.
4394 پاتىغ، يىنچكە سۆزلەر ئۇقايىن تەسە، A126
بۇلاردىن ئەشىت سۆز، ئۇقۇلغاي باسا.
چوڭقۇر ۋە نازۇك (مەنىلىك) سۆزلەرنى چۈشىنەي دېسەڭ،
سۆزنى ئۇلاردىن ئاڭلا، ئاندىن چۈشىنىسەن.
4395 تەڭىزگە كىرۇر كۆرسە، كۆڭلۈن تۈگەل،
گۈھەر، يىنچۇ، ياقۇت چىقارۇر مەسەل.
كۆڭۈل قويۇپ قارىساڭ، ئۇلار دېڭىزغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
گۆھەر، ئۈنچە ـ ياقۇت تېرىپ چىققۇچىلارغا ئوخشايدۇ.
4396 ئۇلار ئۆگسەلەر ئۆگدى ئەلگە بارىر، C261
قالى سۆكسەلەر ئاتى ئارتاپ قالىر.
ئۇلار ماختىسا، ماختىشى (دەرھال) ئەلگە يېيىلىدۇ،
ئەگەر سۆكسە، كىشىنىڭ نامى يامان بولۇپ قالىدۇ.
4397 ئۇسا ئەدگۈ تۇتغىل بۇلارنى، قاداش،
بۇلارنىڭ تىلىڭە ئىلىنمە، ئاداش.

ئەي قېرىنداش، بۇلارغا ئېھتىيات بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىل،
بۇلارنىڭ تىلىغا ئېلىنما، دوستۇم!

4398 قالى ئەدگۈ ئۆگدى تىلەسە ئۆزۈڭ،
بۇلارنى سەۋىندۈر، كەسىلدى سۆزۈڭ.

ئەگەر سەن ياخشى مەدھىيەنى خالىساڭ،
بۇلارنى خۇشال قىل، سۆز تامام.

4399 نەگۈ قولسا بەرگىل بۇلارقا تۇگەل،
بۇلارنىڭ تىلىندىن ئۆزۈڭ ساتغىن ئال.

نېمە سورىسا، ئۇلارغا ھەممىنى بەر،
بۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزۈڭنى سېتىۋال.

57

تارىغچىلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4400 تارىغچى تۇرۇر، كۆر، تاقى بىر قۇتۇ، B 317
كەرەكلىگ كىشىلەر تۇرۇر بۇ بوتۇ.
قارا، تېرىقچىلار (دېھقانلار)مۇ بىر تەبىقىدۇر،
بۇلار ئىنتايىن كېرەكلىك كىشىلەردۇر.

4401 بۇلارنىڭ بىلە سەن قاتىل ھەم قارىل،
بوغۇزدىن سىڭارسەن، ساقىنچسىز تىرىل.
بۇلار بىلەنمۇ ئارىلاشقىن، مۇناسىۋەت قىلغىن،
تاماق جەھەتتە غەمسىز ياشا.

4402 قامۇغ تەپرەنۇرگە بۇلاردىن ئاسىغ،
تۆزۈگە تەگىر يەم، ئىچىمدىن تاتىغ.
ھەربىر قىمىرلىغان (جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ،
ھەممىسىگە يېمەك ـ ئىچمەكتىن ھالاۋەت يېتىدۇ.

4403 تۆزۈ تىن ـ توقىغلى، ئاچىپ تودغۇچى،
مۇڭار بولدى مۇڭلۇغ تىرىگ بولغۇچى.
بارلىق نەپەس ئالغۇچىلار، ئاچلار ۋە توقلار
تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسى بۇلارغا موھتاجدۇر.

4404 ساڭاما سەزىكسىز كەرەك بۇ كىشى،
ئەتىلسە ئانىن ئۆترۈ بوغزۇڭ ئىشى.
شۈبھىسىزكى، بۇ كىشىلەر ساڭمۇ كېرەك،
شۇلار ئارقىلىق گال ئىشلىرى ھەل بولىدۇ.

4405 بۇلارنىڭ بىلەمە قاتىل، ئاي قاداش،
ئارىغ بولغا بوغزۇڭ، ھەلال بولغا ئاش.

ئەي قېرىنداش، بۇلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىل،
تامىقىڭ پاك، ئېشىڭ ھالال بولسۇن.

4406 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ساقىنۇق باشى،
قامۇغ تۇرلۇگ ئىشتىن ساقىنمىش كىشى.
ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتلىق ـ تەدبىرلىك بولغان،
تەقۋادار كىشىلەرنىڭ سەرخىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4407 كۆنى يول تۇتايىن تەسە يىنچكەلىگ،
بوغۇزۇغ ئارىتغۇ، ئاي قىلقى سىلىگ.
ئەستايىدىل توغرا يول تۇتۇشنى خالىساڭ،
گېلىڭنى پاك تۇت، ئەي خۇش پېئىل.

4408 ساقىنۇق بولايىن تەسە بەلگۇلۇگ،
بوغۇزقا، ئەگىنگە ھەلال بەر ئۇلۇگ.
ھەقىقىي بىر تەقۋادار بولاي دېسەڭ،
يېمەك ـ ئىچمىكىڭ ۋە كىيىم ـ كېچىكىڭ ھالالدىن پۈتسۇن.

4409 چىغاي بولمايىن، باي بولايىن تەسە،
زىنا قىلما ھەرگىز، قاتىغلان ئۇسا.
كەمبەغەل بولماي، باي بولاي دېسەڭ،
ھەرگىز زىنا قىلما، ئۆزۈڭنى قاتتىق تۇت!

4410 ئاغىرلىغ بۇلايىن تەسە سەن ئۆزۈن،
فەسادقا قاتىلما، ئاي قىلقى تۈزۈن.
(دائىم) قەدىر ـ قىممەتلىك بولاي دېسەڭ،
پىتنە ـ پاساتلارغا قوشۇلما، ئەي خۇشخۇي.

4411 فەساد ئول بۇزۇغلى تۇپۇگ يىلدىزىغ، C 262
فەساد ئول بۇزۇغلى بۇ ئەدگۇ ئىزىغ.
پىتنە ـ پاسات (ھەر ئىشنىڭ) نېگىزىنى بۇزىدۇ،
پىتنە ـ پاسات ياخشى (ئىشلارنى) ئىزدىن چىقىرىدۇ.

4412 فەساددىن كۇرەر ئول بۇلۇنمىش قۇتۇغ،
فەساد تامدۇرۇر ئول ئۇدۇنمىش ئوتۇغ.
پىتنە ـ پاسات يېتىشكەن بەختنى قاچۇرىدۇ،
پىتنە ـ پاسات ئۆچكەن ئوتنى تۇتاشتۇرىدۇ.

4413 ئەدی یاقشی ئایمش قىلىنچى سىلىگ،
بىلىك بىرلە ئىشكە يەتۆرمىش ئەلىگ:
(هەر) ئىشقا بىلىم بىلەن قول يەتكۆزگەن،
قىلىقلىرى گۆزەل (كىشى) ناھايىتى ياخشى ئېيتىپتۆ:

4414 «فەساد تەگرە تۆرما، يورىما ياغۆق، B318
فەساد قايدا بولسا ئۆچۆزلۆق ئانۆق.
«پىتنە ـ پاساتنىڭ ئەتراپىدا يۆرمىگىن، ئۆنىڭغا يېقىنلاشما،
پىتنە ـ پاسات قەيەردە بولسا، شۆ يەردە خارلىق بولىدۆ.

4415 فەساد بىرلە دەۋلەت تۆرۆماز، قاچار،
قالى تۆرسا، تاڭ يوق، تۆنەرچە قونۆق».
پىتنە ـ پاسات (بار يەردە) دۆلەت تۆرمايدۆ، قاچىدۆ،
ئەگەر تۆرسا، ھەيران قالما، ئۆ بىر كېچىلىك مېھمان (خالاس)».

4416 تارىغچى كىشىلەر بولۆر ئەلگى كەڭ،
بايات بەرمىشىندىن تۆتار كۆڭلى كەڭ.
تېرىقچى كىشىلەرنىڭ قولى كەڭ كېلىدۆ،
خۆدا بەرگەنلىكتىن كۆڭلىنى كەڭ تۆتىدۆ.

4417 قامۆغ تەپرەنىگلى، تۆزۆ يەر ئۆڭى،
يورىغلى ئاشى ئول، ئۆچۆغلى مەڭى.
ھەممە قىمىرلىغۆچىلار يەر يۆزىدىن رىزقىنى تاپىدۆ،
يۆرگۆچىلەر ئاش ـ بوغۆز، ئۆچار قاناتلار دان.

4418 بۆلارقا قاتىلغىل، قارىلغىل ئۆزۆڭ،
تىلىن ياقشى سۆزلە، ئاچۆق تۆت يۆزۆڭ.
سەن بۆلارغا قوشۆلۆپ، ئارىلىشىپ يۆرگىن،
ياخشى سۆز قىل، يۆزۆڭنى ئۆچۆق تۆت.

58

ساتىغچىلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4419 مۇنىڭدا باساسى ساتىغچى تۇرۇر،
ساتىغ بىرلە تىنماز ئاسىغچى تۇرۇر.
بۇلاردىن كېيىنكىسى سودىگەرلەردۇر،
(ئۇلار) سودا بىلەن تىنمايدىغان تاپاۋەتچىلەردۇر.

4420 ئاژۇن تەزگىنۈرلەر تىرىلگۈ تىلەپ،
ئۆگى، كۆڭلى پۈترۈ باياتقا ئۇلاپ.
ئەقلى ۋە دىلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ،
ياشاش ئۈچۈن دۇنيا كېزىپ يۈرىدۇ.

4421 ئولارقا قاتىلغىل، كەلىش ھەم بارىش،
نەگۈ قولسا بەرگىل، ئالىش ھەم بەرىش.
ئۇلارغا ئارىلاشقىن، بېرىش ـ كېلىش قىلغىن،
نېمە سورىسا بەرگىن، ئېلىم ـ بېرىم قىلغىن.

4422 ئولاردا بولۇر بۇ ئاژۇن ئارزۇسى،
بودۇن كۆركى، ئۆدرۇم تالۇ ئەدگۈسى.
دۇنيا (دا) ئارزۇ قىلىدىغان (نەرسىلەر) ـــ
خەلق گۈزەللىكى (زىبۇ ـ زىننەتلىرى)، تاللانغان ياخشى
نەرسىلەر ئۇلاردا بار.

4423 توغاردىن پاتارقا يورىپ تەزگىنۈر،
تىلەمىش تىلەكىڭ ساڭا كەلدۈرۈر.
شەرقتىن غەربكىچە كېزىپ يۈرۈپ،
سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

4424 تۈمەن تۈ ئاغىلار، ئاژۇن تاڭسۇقى،
ئولاردا بولۇر، ئاي بىلىكلىگ ئاقى.

مىڭ تۈرلۈك تاۋار ـ دۇردۇن، دۇنيانىڭ قىممەت (نەرسىلىرى)
شۇلاردا بولىدۇ، ئەي بىلىملىك سېخىي.

C263 4425 ساتىغچى يوق ئەرسە ئاژۇن كەزگۈچى،
قاچان كەدگەي ئەردىڭ قارا كىش ئىچى.
جاھان كەزگۈچى سودىگەر بولمىغان بولسا،
قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ؟

4426 خىتاي ئارقىشى كەسسە ئارقىش توغى،
قايۇن كەلگەي ئەردى تۈمەن تۈ ئاغى.
قىتان كارۋىنى (يوللاردا) كارۋان چېگىنى توزۇتمىغان بولسا،
تۈمەن خىل تاۋارلار قاياقتىن كېلەتتى؟

4427 ساتىغچى يورىمادى ئەرسە كەزىپ،
كۆزۈن كىم كۆرۈر ئەردى يىنچۈ تىزىپ.
سودىگەر (جاھان) كېزىپ يۈرمىگەن بولسا،
ئۈنچە ـ مارجان تىزىقلىرىنى كىممۇ كۆرەلەيتتى؟

4428 ساقا بارسا مۇنداغ بۇ ياڭلىغ تەلىم،
ئۈزۈن بولغا سۆز تەپ تىرەلدى تىلىم.
ساناۋەرسە، بۇنداق (ئىشلار) بەك كۆپ،
سۆز ئۇزۇن بولمىسۇن، دەپ تىلىمنى يىغدىم.

4429 بۇ ياڭلىغ بولۇر بۇ ساتىغچى قامۇغ،
قاتىلغىل ئولارقا، ئاچۇق تۇت قاپۇغ.
سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ئۇلارغا ئارىلىشىپ، ئىشىكىڭنى ئوچۇق تۇت.

4430 قاتىغلان، ئولارىغ ئەدى ئەدگۈ تۇت،
سانىڭ، ئاتىڭ، ئەدگۈڭ يىراق بارغا، پۇت.
ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن،
ئىشەنگىنكى، ياخشى نامىڭ يىراقلارغا كېتىدۇ.

4431 بۇلار ئول ئاژۇندا، كۆر، ئات ئەلتگۈچى،
ئەسىز، ئەدگۈ ئەرسە ئانى يادغۇچى.
قارا، دۇنيادا نام تاراتقۇچىلار ئاشۇلاردۇر،
يامان، ياخشىنى دۇنياغا يايغۇچىلار (مۇشۇلاردۇر).

4432 ساڭا ئاز، ئۆكۈش نەڭ تۆرۈ قىلسالار،
يانۇت قىلغۇ ئۆترۈ سەۋىنچ بۇلسالار.
ساڭا ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەرسىلەرنى سوۋغا قىلسا،
جاۋابەن (بەدەل) قايتۇرۇپ، كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىڭ كېرەك.

4433 ئاسىغ، ياستا يىنچكە بولۇر قىلقلارى،
قاتىلسا مۇنى كەد كۈدەزىپ يورى.
پايدا ـ زىيان (مەسىلىسىدە) ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەك ئىنچىكە
بولىدۇ، ئارىلاشقىنىڭدا بۇ (نۇقتىغا) بەكمۇ دىققەت قىل.

4434 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئاژۇن كەزمىش ئەر،
باشىندا كەچۈرمىش تەلىم كۆرمىش ئەر.
بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن،
جاھان كەزگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4435 ئاژۇندا ئاتىڭنى يادايىن تەسە،
ئۇمەگ ئەدگۇ تۇتغىل، قاتىغلان ئۇسا.
دۇنيادا نامىڭنى چىقىراي دېسەڭ،
ئىمكانقەدەر مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن.

4436 چاۋىقماق تىلەسە ئۆزۈڭ بەلگۈلۈگ،
ساتىغچىقا ئەدگۇ يانۇت قىل ئۈلۈگ.
سەن ھەقىقىي مەشھۇر بولۇشنى خالىساڭ،
سودىگەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، ھەققىنى بەر.

4437 ئات ئەدگۇ تىلەسە ئۆزۈڭ، ئاي ئۇرى، A127
ئۇمەگ، ئارقىشىغ ئەدگۇ تۇتغىل يورى.
ئەي يىگىت، ياخشى نام قازانماقنى خالىساڭ،
يۈر، مۇساپىرلار ۋە كارۋانلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قىل.

4438 بۇ ياڭلىغ قاتىلغىل ساتىغچى بىلە،
تىرىل ئەدگۇ ئاتىن، سەۋىنچىن كۈلە.
سودىگەرلەرگە ئەنە شۇنداق ئارىلاشقىن،
خۇشال ـ خۇرام كۈلۈپ، ياخشى نام بىلەن ياشا.

59

ئىگدىشچىلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4439 مۇنىڭدا باسا ئول بۇ ئىگدىشچىلەر،
قامۇغ يىلقىلارقا بۇلار باشچىلار.
ئۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلار تۇرىدۇ،
ھەر خىل ھايۋانلارنى ئۇلار باشقۇرىدۇ.

4440 B 320 C 264 پۇتۇن، چىن بولۇرلار، قاتى يوق بۇكى،
كىشىلەرگە تەگمەز بۇلارنىڭ يۇكى.
(بۇلار) ئىشەنچلىك، چىن (كىشىلەر بولۇپ) يوشۇرۇن تەرەپلىرى يوق،
بۇلارنىڭ كىشىلەرگە ئېغىرى چۈشمەيدۇ.

4441 يەگۇ، كەدگۇ، مىنگۇ، ئات- ئادغىر، سۇلۇك
بۇلاردىن چىقار ھەم يۇدۇرگۇ كۆلۈك.
يېمەك، كىيىم - كېچەك، مىنىدىغان ئات، ئوردا ئايغىرى
ھەمدە يۈك توشۇيدىغان مال - مۈلۈكلەرنى بۇلار يېتىشتۈرىدۇ.

4442 قېمىز، سۇت، يا يۇڭ، ياغ، يا يوغرۇت- قۇرۇت،
يادىم، يا كىدىز ھەم ئەرەژ ئەۋگە تۇت.
قېمىز، سۈت ياكى يۇڭ، ماي ۋە قېتىق، قۇرۇت،
كىگىز - كېچەك (قاتارلىق) ئۆي بىساتىغا ئىگە بول.

4443 ئاسىغلىغ كىشىلەر بولۇر بۇ قۇتۇ،
بۇلارىغ يەمە ئەدگۇ تۇت، ئاي بوتۇ.
بۇ تەبىقە پايدىلىق كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ،
بۇلار بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت قىل، ئەي بوتام.

4444 قاتىلغىل، قارىلغىل، يەتۇر ھەم ئىچۇر،
كۆنىلىك ئۆزەلە تىرىگلىك كەچۇر.

(بۇلارغا) قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ يۈرگىن، يېگۈز، ئىچكۈز،
توغرىلىق بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگىن.

4445 نەگۈ قولسا بەرگىل، كەرەك بولسا ئال،
كۆنى، كۆردۈم ئۆشبۈ قۇتۇ، بىلمەز ئال.

نېمە سورىسا، بەرگىن، كېرەك بولسا ئال،
بۇ تەبىقىنىڭ توغرىلىقىنى كۆردۈمكى، (ئۇلار) ھىيلە بىلمەيدۇ.

4446 بۇلاردا تىلەمە تۆرۈ يا بىلىك،
يورىقلارى كەڭرۈ بولۇر، ئاي سىلىگ.

بۇلاردىن قائىدە ـ يوسۇن ياكى بىلىم تىلىمە،
ئەي مۇلايىم، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەركىن بولىدۇ.

4447 بۇلارقا قاتىلسا، ئۆزۈڭنى تۇتۇن،
تۆرۈسۈز، توقۇسۇز بولۇرلار ئوتۇن.

بۇلارغا ئارىلاشقاندا، ئۆزۈڭنى تۇت،
(چۈنكى ئۇلار) ئەدەپ ـ قائىدىسىز، قوپال كېلىدۇ.

4448 تىلىن ئەدگۈ سۆزلە، ئەشىمسىنمەگىل،
باسىنغان بولۇرلار بىلىكسىز، چىگىل.

ياخشى سۆز قىلغىن، (ئەمما) دوستلاشمىغىن،
(چۈنكى) بىلىمسىز، نادانلار ساددا بولىدۇ.

4449 ئەدى ياقشى ئايمىش تۆرۈ بەرگۈچى،
بودۇن بىرلە قاتلىپ سىناپ بىلگۈچى:

خەلققە ئارىلىشىپ (ھەممىنى) سىناپ، بىلگەن
قانۇن تۈزگۈچىلەر ياخشى ئېيتقانىدى:

4450 بىلىكسىزنى ئارتۇق ياقىن تۇتماغۇ،
ياقىن تۇتسا شەكسىز قىلۇر قىلماغۇ.

بىلىمسىزنى ئارتۇق يېقىن تۇتماسلىق كېرەك،
يېقىن تۇتساڭ، شۈبھىسىزكى، قىلمايدىغان (ئىشنى) قىلىدۇ.

4451 تاقى مۇندا ياقشى ئايۇر، كۆر، بىلىك،
بىلىك بىرلە ئىشكە تەگۈرگۈ ئەلىگ.

قارا، بىلىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق (بىر سۆزنى) ئېيتىدۇ،
(ھەرقانداق) ئىشقا بىلىم بىلەن قول سېلىش كېرەك:

4452 بىلىكسىزگە ياقما، ئۆزۈڭنى تۇتۇن،
ئۆزىن تۇتغۇچى ئەر تىرىلدى قۇتۇن.
بىلىمسىزگە يېقىنلاشما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال،
ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى بەختلىك ياشايدۇ.

4453 بىلىكسىز كىشىدىن يىراق تۇز، تەزە،
بىلىكسىز سۆزى، قىلقى بارچا ئوتۇن.
بىلىمسىز كىشىدىن يىراق تۇر، (ئۇلاردىن) قاچ،
(چۈنكى) بىلىمسىزنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى تامامەن قوپالدۇر.

4454 بۇ ياڭلىغ بولۇر ئەمدى ئىگدىشچىلەر،
قاتىلماق تىلەسە، سۆزۈم يولچىلار.
مانا، چارۋىچىلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ئارىلىشىشنى خالىساڭ، سۆزۈم ساڭا يولچى بولىدۇ.

4455 ئايۇ بەردىم ئەمدى ساڭا بەلگۈلۈگ، B 321
نەگۈتەك تىرىلگۈ، ئالىنغۇ ئۈلۈگ.
قانداق ياشاش (ۋە) ئۆز ئۈلۈشۈڭنى قانداق ئېلىش
كېرەكلىكىنى ساڭا روشەن سۆزلەپ بەردىم.

60

ئۆزلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

ھۈنەرۋەنلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدە

4456 تاقى بىر قۇتۇسى بۇ ئۇزلار تۇرۇر، C265
تىرىلگۇ تىلەپ ئۆزگە ئۇزلۇق قىلۇر.
يەنە بىر تەبىقە ھۈنەرۋەنلەردۇر،
ئۆزىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ھۈنەر قىلىدۇ.

4457 كەرەكلىگ كىشىلەر يەمە بۇ ساڭا،
ياقىن تۇت بۇلارىغ، تۇسۇلغاي توڭا.
بۇلارمۇ ساڭا كېرەكلىك كىشىلەردۇر،
بۇلارنىمۇ يېقىن تۇت، پايدىسى تېگىدۇ، ئەي باتۇر.

4458 تەمۇرچى، ئەتۈكچى، يانا قىرماچى،
يا سىرچى، بەدىزچى، يا ئوقچى، ياچى.
تۆمۈرچى، موزدوز ۋە نەققاش، قىرمىچى،
ياكى سىرچى، بېزەكچى، ئوقچى ۋە ياچى،

4459 بۇ دۇنيا ئەتىكى بۇلاردىن تۇرۇر،
ئاژۇندا تاڭ ئىشلەر بۇلاردىن تۆرۈر.
بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ،
جاھاندا ھەيران قالارلىق ئىشلارنى شۇلار قىلىدۇ.

4460 تەلىم بار بۇ ياڭلىغ ساسا سۆز ئۇزار،
ئۆزۈڭ سەن ئۇقا بار، ئۆزۈم سۆز ئۇزەر.
بۇنداقلار ناھايىتى كۆپ، سانىسا، سۆز ئۇزىرايدۇ.
قالغانلىرىنى ئۆزۈڭ تەسەۋۋۇر قىل، مەن سۆزۈمنى ئۇزەي.

4461 بۇلارنى بىلەمە قاتىل ھەم قارىل،
سەۋىندۇر ئولارىغ، سەۋىنچىن تىرىل.

بۇلار بىلەنمۇ قېتىلىپ، ئارىلىشىپ يۈر،
ئۇلارنى خۇشال قىل، (ئۆزۈڭمۇ) خۇشال ياشا.

4462 ئىشىڭ قىلسالار، تەرك تەرىن تەگرۈ بەر،
يەتۈرگىل، ئىچۈرگىل، ئاشىن كەڭرۈ بەر.
ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرگىن،
يېگۈزگىن، ئىچكۈزگىن، ئاش ـ تامىقىنى كەڭ قىل.

4463 ئايىڭلاماسۇنلار سەنى خەلق ئارا،
ئاتىڭ ئارتاماسۇن، مۇنى كەد كۆرە.
خەلق ئارىسىدا سېنى يامان ئاتلىق قىلمىسۇن،
نامىڭنى بۇلغىمىسۇن، بۇنىڭغا بەك دىققەت قىل.

4464 يەمە ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ سۈزۈگ،
بودۇنقا باغىرساق نە كۆڭلى تۈزۈك.
بىلىملىك، پاك، خەلققە مېھرىبان،
كۆڭلى تۈز كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

4465 تىرىگلىك تىلەمە، ئات ئەدگۈ تىلە،
ئات ئەدگۈ كەرەك بۇ تىرىگلىك بىلە.
ياشاشنىلا ئارزۇ قىلما، ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىل،
ئۆمۈردە ياخشى نام قالدۇرۇش كېرەك، بۇنى بىل.

4466 ئۆزۈڭ ئۆلگۈ ئاخىر، بۇ ئاتىڭ قالىر،
ئاتىڭ ئەدگۈ بولسا تىرىگلىك تاتىر.
سەن ئاخىر ئۆلىسەن، نامىڭ قالىدۇ،
نامىڭ ياخشى بولسا، ئۆمرۈڭ شېرىن بولىدۇ.

4467 كىمىڭ ئاتى ئەسىز بولۇپ ئارتاسا،
ئاڭار يەگرەكى ئول تىرىگ تۇرماسا.
كىمنىڭ نامى يامانلىق بىلەن بۇزۇلسا،
ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك تۇرمىغان ياخشىراق.

4468 مۇن ئول بۇ تىرىگلىك، تىلە ئەدگۈ ئات، B 322
ئەسىز قىلما، ئەدگۈن قىلىن مەڭگۈ ئات.
تىرىكلىك (سەن ئۈچۈن) سەرمايىدۇر، ياخشى نام (چىقىرىشنى) تىلە،
نامىڭنى يامان قىلما، مەڭگۈ ياخشى قىل.

61

چىغايلار بىرلە قاتىلماقنى ئايۇر

كەمبەغەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4469 بۇلاردا باساسى چىغايلار تۇرۇر،
نەڭىن ئەدگۈلۈك قىل، ئىچۈر ھەم يەتۇر.
بۇلاردىن كېيىنكىسى كەمبەغەللەردۇر،
(ئۇلارغا) ماددىي نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، يېگۈز، ئىچكۈز.

4470 دۇئاچى تۇرۇرلار ساڭا، ئاي قاداش،
ئەدى ئەدگۈ نەڭ بۇ دۇئا، ئاي ئاداش.
ئەي قېرىنداش، (ئۇلار) ساڭا دۇئا قىلغۇچىلاردۇر،
دۇئا بەك ياخشى نەرسىدۇر، ئەي دوست.

4471 ئولاردىن تىلەمە تاۋارىن يانۇت، C266
يانۇتى بايات بەرگە ئەدگۈ قونۇت.
(ياخشىلىقىڭ) بەدىلىگە ئۇلاردىن مال تىلىمە،
ئۇنىڭ بەدىلىگە خۇدا ساڭا ياخشى قونالغۇ ـــ جەننەت ئاتا قىلىدۇ.

* * *

4472 بۇ ئول ئەلدە تۇرلۇگ قاتىلغى كىشى،
ساڭا تۇشسە ئىش يا ئۇلارقا ئىشى.
ئەلدە ئارىلىشىدىغان تۇرلۇك كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر،
ئۇلارنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشىدۇ ياكى سېنىڭ ئۇلارغا.

4473 تۆرۈ بەر ئىشىدە باغىرساقلىقىن،
ساڭا بولغا بارچا كىشىلەر ياقىن.
ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ئادىل، مېھرىبان بول،
(شۇنداق قىلساڭ) بارچە كىشىلەر ساڭا يېقىن بولىدۇ.

4474 ئۆزۈڭ بۈلغا ئىكى ئاژۈن ئەدگۈسى،
ئاتىڭ ئەدگۈ بولغاي، يادىلغاي كۈسى.
ئۆزۈڭ ئىككىلا دۈنيانىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشسەڭ،
نامىڭ ياخشى بولىدۇ، شۆھرىتىڭ (ئالەمگە) تارىلىدۇ.

62

ئەۋلىك نەگۈتەك ئالماقنى ئايۇر

قانداق ئايالغا ئۆيلىنىش كېرەكلىكى هەققىدە

4475 قالى ئەۋلىك ئالماق تىلەسە ئۆزۈڭ،
تالۇسىن تىلە، كەد يىتى قىل كۆزۈڭ.
ئەگەر سەن خوتۇن ئېلىشنى خالىساڭ،
(ئەڭ) سەرخىلىنى ئىزدە، كۆزۈڭنى بەك ئىتتىك تۇت.
4476 كۆكى ئەدگۈ بولسۇن، ئۇرۇغ هەم تارىغ،
ئۇۋۇتلۇغ، ساقىنۇق تىلەگىل ئارىغ.
تېگى ياخشى، ئۇرۇق ـ زاتى (پاك) بولسۇن،
ئۇياتلىق، تەقۋادار، پاكىز بولۇشىنى تىلە.
4477 ئۇسا ئەۋ قىزى ئال ئەلىگ تەگمەدۈك، A 128
سەنىڭدە ئادىن ئەر يۈزىن كۆرمەدۈك.
قول تەگمىگەن، ئوبدان ئۆي قىزىنى ئال،
سەندىن باشقا ئەرنىڭ يۈزىنى كۆرمىگەن (بولسۇن).
4478 سەنى سەۋگە، سەندىن ئادىن بىلمەگەي،
ياراغسىز، يا تەڭسىز قىلىق كەلمەگەي.
(بۇنداقلار پەقەت) سېنىلا سۆيىدۇ، سەندىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ،
يارىماس ياكى نامۇۋاپىق قىلىقلارنى قىلمايدۇ.
4479 ئۆزۈڭدە قودى ئال، كىسى ئالسا سەن، B 323
بەدۈك تۇپكە ياقما، بۇلۇن بولغا سەن.
خوتۇن ئالساڭ، ئۆزۈڭدىن تۆۋەننى ئال،
يۇقىرى تەبىقىگە يېقىنلاشما، تۇتقۇن بولۇپ قالىسەن.
4480 نەگۈ تەر ئەشتىكىل سىنامىش كىشى،
سىنامىش كىشىنىڭ پىشىغ ئول ئىشى:

تەجرىبىلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تەجرىبىلىك كىشىنىڭ ئىشى پىششىق بولىدۇ:

4481 «كىسى ئالسا ئۆزدە قودى ئال كۆنى،
سەۋىنچىن كەچۈرگەي سەن ئۆدلەك كۈنى.

«خوتۇن ئالساڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن، (خۇلقى) توغرىسىنى ئال،
شۇ چاغدا كۈنلىرىڭ شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

4482 يۈزى كۆركى قولما، قىلىنچ ئەدگۈ قول،
قىلىنچ ئەدگۈ بولسا يارۇتغاي سەنى».

چىرايىنىڭ كۆركەملىكىنى ئىزدىمە، قىلىقىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
خۇي ـ پەيلى ياخشى بولسا، سېنى روناق تاپقۇزىدۇ».

4483 كىسى ئالما، ئالسا سۆزۈڭگە قۇرى،
سەن ئالغىل ساقىنۇق، ئەرەنلەر ئەرى.

خوتۇن ئالما، ئالساڭ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ بولغىنىنى ئال،
تەقۋادارنى ئال، ئەي ئەرلەرنىڭ مەردى.

4484 يۈزى كۆركى قولما، قىلىنچ ئەدگۈ قول،
قىلىنچ ئەدگۈ بولسا تۈگەل بولغا ئول.

چىرايىنىڭ كۆركەملىكىنى ئىزدىمە، قىلىقىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
قىلىقلىرى ياخشى بولسا، توشقان (ئايال) بولىدۇ.

4485 ئاي كۆركلۈگ قولۇغلى، مۇنى قولماغىل، C267
قىزىل مەڭزىڭى سەن سارىغ قىلماغىل.

ئەي كۆركەملىكىنى ئىزدىگۈچى، بۇنى ئىزدىمە،
قىزىل مەڭزىڭنى سارغايتمىغىن.

4486 كىم ئەۋلىك ئالايىن تەسە تۆرتتە تاش،
ئادىن ئالماز ئەۋلىك، ئايا ئەردە باش.

كىم ئۆيلەنمەكچى بولسا، (مۇنۇ) تۆت (خىل) دىن باشقا
ئايالغا ئۆيلەنمەيدۇ، ئەي ئەلبېشى:

4487 بىرەگۈ باي ئەۋلىك تىلەر ئۇستىكىپ،
تاقى بىرى كۆركلۈگ تىلەر كۆز تىكىپ.

بەزىلەر، باي ئايالغا ئۆيلىنىشكە زوقلىنىدۇ،
بەزىلەر چىرايلىقلارغا كۆز تىكىدۇ، (ئۇنى) خالايدۇ.

4488 تاقى بىر ئۇرۇغلۇغ تۇپ ئەسلى قولۇر،
ئۇلۇغلۇق ئاتىڭا كۇۋەنۇر بولۇر.
يەنە بەزىلەر تېگى ئېسىل، ئۇرۇقى (پاك) بولۇشنى خالايدۇ،
بۇ ئۇلۇغلۇق نامى بىلەن پەخىرلەنگۇسى كېلىدۇ.
4489 تاقى بىرى يىنچكە، ساقىنۇق تىلەر،
ئانى بۇلسا تەركىن ئاڭار ئۆز ئۇلار.
يەنە بەزىلەر نازۇك، تەقۋادارلارنى خالايدۇ،
ئۇنداقلارغا ئېرىشسە، دەرھال ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.
4490 بۇلاردا تالۇسىن ئايايىن ساڭا،
كىسى ئالغۇ ئەرسە، قۇلاق تۇت ماڭا.
بۇلاردىن ئەڭ ئەۋزىلىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي،
خوتۇن ئېلىش توغرا كەلسە، بۇنى قۇلىقىڭدا تۇت:
4491 ئايا باي تىلەگلى سەن ئەۋلىك تالۇ،
بۇلۇن بولماغىل سەن، ئاي بىلكى تولۇ.
ئەي خوتۇن تاللاشتا باينى خالىغۇچى،
سەن ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ قالمىغىن، ئەي بىلىملىك (ئىنسان).
4492 بەدۇتگەي تىلىن كۆڭلى نەڭگە بولۇپ،
كۆتۈرگۈ كەرەك نەڭ تىلەسە قولۇپ.
كۆڭلى بايلىققا (مەپتۇن) بولۇپ، تىلىنى ئۇزارتىدۇ،
(ئۇنىڭ) خالىغان نەرسىسىنى ئېلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.
4493 ئايا كۆرك تىلەگلى كىشى ئەدگۇسى،
كىسى كۆركى قولما، بودۇن كۇلگۇسى.
ئەي، چىرايلىقنى خالىغۇچى ياخشى كىشى،
خوتۇنىڭ چىرايلىقنى ئىزدىمە، خەلققە مەسخىرە بولىسەن.
4494 تۆزۈ خەلق سەۋەر ئول كىسى كۆركىنى، B 324
مەگەر تەڭرى فەزلى كۇدەزسە ئانى.
ئايالنىڭ چىرايلىقنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ،
ئۇنى خۇدانىڭ پەزىلىتىلا قوغداپ قالالايدۇ.
4495 ئايا تۇپ تىلەگلى بەدۇكلۇك بىلە،
ئۇچۇز قىلماغۇ ئۆز بەدۇك تۇپ بىلە.

ئەي نەسلى ئۇلۇغ خوتۇننى ئىزدىگۈچى،
ئۇلۇغ نەسىل ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما.

4496 ئۇرۇغلۇغ، تارىغلىغ بەدۈكلەر تىلى
بەدۈكرەك بولۇر، بولما ئەۋچى قۇلى.
ئەسلىي نەسەبى ئۇلۇغلارنىڭ تىلى ئۇزۇنراق بولىدۇ،
(بۇنداق) خوتۇنغا قۇل بولۇپ قالما!

4497 ئاي يىنچكە، ساقىنۇق تىلەگلى ئىنال،
مۇنى بۇلسا بۇلدۇڭ بۇ تۆرت نەڭ تۇگەل.
ئەي، نازۇك، تەقۋادار خوتۇننى ئىزدىگۈچى بەگزادە،
بۇنداقلارغا ئېرىشسەڭ ئاشۇ تۆت نەرسىگە تۇگەل ئېرىشكەن بولىسەن.

4498 قالى بۇلسا ئەدگۈ ساقىنۇق تىشى،
ياۋۇ قىلما، ئالغىل، ئاي ئەدگۈ كىشى.
ئەگەر ياخشى، تەقۋادار خوتۇنغا ئېرىشسەڭ،
(پەيتنى) قولدىن بەرمەي (ئۇنى) ئال، ئەي ياخشى كىشى.

4499 تىلەك بايلىق ئەرسە، تەرە بەرگە نەڭ،
بايۇتغاي سەنى ئول، قىزىل بولغا ئەڭ.
باي بولۇشنى خالىساڭ، ئۇ مال ـ دۇنيانى يىغىپ بېرىدۇ،
سېنى بېيىتىدۇ، يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

4500 قىلىنچى كۆنى ئەرسە، كۆركى كەلىر،
تىشى كۆركى قىلىق ئول، بىلىكلى بىلىر.
قىلىقلىرى توغرا بولسا گۈزەل كۆرۈنىدۇ،
ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ قىلىقلىرىدۇر، بۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ.

4501 ساقىنۇق، ئارىغ بولسا ئەسلى بولۇر،
ئول ئۈچ نەڭ بۇ يەردە بولۇر، ئاي ئۇنۇر.
(ئايال) تەقۋادار، پاك بولسا، ئېسىل بولىدۇ،
ھېلىقى ئۈچ نەرسە(مۇ) ئۇنىڭدا جەم بولغان بولىدۇ، ئەي قۇدرەتلىك.

4502 ساقىنۇق تىلە سەن كىسى، ئاي بۆگۈ، C268
ساقىنۇق بولۇنسا بولۇر تۆرتەگۈ.
ئەي دانا، سەن تەقۋادار ئايالنى ئىزدە،
تەقۋادار بولسا، تۆت نەرسە ئۇنىڭدا جەم بولىدۇ.

4503 مۇنىتەك بۇلۇر ئەرسە سەن بىر تىشى،
قاتىغلان، ياۋا ئىدما، ئەرسىگ كىشى.
سەن ئاشۇنداق بىر خوتۇنغا ئېرىشىش (ئۈچۈن)،
غەيرەت قىل، (پۇرسەتنى) بىكار ئۆتكۈزمە، ئەي مەرد يىگىت.



63

ئوغۇل ـ قىز تۇغسا نەتەك ئىگىد گۇسىن ئايۇر

ئوغۇل ـ قىز تۇغۇلسا، قانداق تەربىيەلەش ھەققىدە

4504 ئوغۇل ـ قىز تۆرۈسە سەنىڭ ئاي تەڭىن،
ئەۋىڭدە ئىگىدگىل، ئىگىدمە ئۆڭىن.
سېنىڭ ئايدەك ئوغۇل ـ قىزىڭ تۇغۇلسا،
ئۆيۈڭدە تەربىيەلىگىن، باشقىلارغا تاشلاپ قويما.

4505 ئاۋۇرتاسى ئەدگۇ كىشى تۇت ئارىغ،
ئوغۇل ـ قىز ئارىغ قوپغا، تۇرغاي قارىغ.
ئېمىكئانىغا ياخشى ۋە پاك ئايالنى تاپ،
ئوغۇل ـ قىزىڭ پاك ئۆسىدۇ، قېرىغۇچە ياشايدۇ.

4506 ئوغۇل ـ قىزقا ئۆگرەت بىلىك ھەم ئەدەب،
ئاڭار ئىككى ئازۇن ئانىڭ ئاسغى تاپ.
ئوغۇل ـ قىزىڭغا بىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەتكىن،
ھەر ئىككى دۇنيا ئۇلار ئۇچۇن پايدىلىق بولىدۇ.

4507 ئوغۇلقا كىسى ئال، قىزىغ ئەرگە بەر، B 325
ساقىنچسىز تىرىلگىل، ئايا قۇتلۇغ ئەر.
ئوغلۇڭنى ئۆيلە، قىزىڭنى ياتلىق قىل،
ئۆمرۇڭنى غەمسىز ئۆتكۈزگىن، ئەي قۇتلۇق كىشى.

4508 قامۇغ ئەردەم ئۆگرەت ئوغۇلقا تۇگەل،
ئول ئەردەم بىلە بۇ تەرە بەرگە مال.
ئوغۇلغا ھەر خىل ھۇنەر ـ پەزىلەتلەرنى ئۆگەت،
بۇ ھۇنەر ـ سەنئەت بىلەن ئۇ مال ـ دۇنيا يىغالايدۇ.

4509 سۇرە، ئىدما بوشلاغ، ئوغۇلۇغ ياۋا،
ياۋا بولغا بوشلاغ، يۇگۇرگەي ئەۋە.

ئوغلۇڭنى سۇرۇشتە قىلىپ تۇر، بىكار يۇرۇشكە،
ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە، بىكار يۇرگەن بالا ئۆز بېشىمچى، ئالدىراڭغۇ بولىدۇ.

4510 قىزىغ تۇتما ئەۋدە ئۇزۇن بەگسىزىن،
ئۆكۈنچ بىرلە ئۆلگەي ئۆزۈڭ ئىگسىزىن.
قىزىڭنى ئۆيدە ئۇزۇن (ۋاقىت) ئەرسىز ساقلىما،
ئاغرىماي، پۇشايمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىسەن.

4511 ئايا قولداش، ئەردەش، سۆز ئايدىم كەسە،
بۇ قىز توغماسا يەگ، تىرىگ تۇرماسا.
ئەي دوست، قېرىنداش، سۆزنى كەسكىن ئېيتتىم،
قىز دېگەن تۇغۇلمىسا، (تۇغۇلسىمۇ) تىرىك تۇرمىسا (ياخشى)

4512 قالى توغسا يەگرەك ئاڭا يەر قويى،
ئەۋى بولسا قوشنى ئۆلۈگلەر تويى.
ئەگەر تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا يەر قوينى ياخشىراق،
(ئۇنىڭ) ئۆيى ئۆلۈكلەر جايىغا (قەبرىستانلىققا) قوشنا
بولسا (ياخشىراق.)

4513 تىشىلەرنى ئەۋدە كۇدەزگىل تۇچى،
تىشىنىڭ تاشتەك بولۇماز ئىچى.
خوتۇنلارنى دائىم ئۆيدە ساقلىغىن،
(چۈنكى) خوتۇنلارنىڭ ئىچى تېشىدەك بولمايدۇ.

4514 ياتىغ ئەۋگە ئىدما، چىقارما تىشىگ،
كۆرۈپ يولدا ئالغان كۆز ئول بۇ كىشىگ.
ياتلارنى ئۆيگە يولاتما، خوتۇننى(سىرتقا)چىقارما،
كوچىدا كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، يولدىن ئازدۇرىدۇ.

4515 كۆزۈن كۆرمەسە ئارزۇ قولماز كۆڭۈل،
كۆزۈڭ كۆرسە كۆڭلۈڭ قولۇر، ئاي ئوغۇل.
كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل ئارزۇ قىلمايدۇ،
ئەي ئوغلان، كۆزۈڭ كۆرگەندە كۆڭلۈڭ خالايدۇ.

4516 كۆزۈڭنى كۇدەزگىل، كۆڭۈل قولماغاي،
كۆڭۈل قولماسا ئۆز بۇلۇن بولماغاي.

كۆزۈڭنى باشقۇرغىن، كۆڭلۈك خالىمايدۇ،
كۆڭۈل ئارزۇ قىلمىسا، كىشى مەپتۇن بولمايدۇ.

C269 4517 تىشىگ قاتما ئەرگە يەگۇ ـ ئىچگۇدە،
قالى قاتتىك ئەرسە، كەچەر كەچگۇدە.

يېمەك ـ ئىچمەكتە ئايالنى ئەرلەرگە قوشما،
ئەگەر قوشۇپ قويساڭ، بولىدىغىنى بولىدۇ.

4518 تىشىگ ئىدما ئەۋدە ئۆڭىن چىقغالى،
قالى چىقسا يىترۇر كۆنىلىك يولى.

ئايالنى ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى (ئىشقا) بۇيرۇما،
ئەگەر (سىرتقا) چىقسا، توغرا يولدىن ئازىدۇ.

A129 4519 تىشى ئەسلى ئەت ئول، كۈدەزگۇ ئەتىگ،
يىدىر ئەت كۈدەزمەسە، بولماز ئەتىك.

خوتۇن ئەسلىي (بىر) گۆشتۇر، گۆشنى ساقلاش كېرەك،
گۆشنى (ئوبدان) ساقلىمىسا، پۇراپ قالىدۇ، ئىلاج بولمايدۇ.

4520 ئاغىر تۇت تىشىگ سەن نەگۇ، قولسا بەر،
ئەۋلىك قاپغى بەكلە، يىراق تۇتغىل ئەر.

خوتۇننى قەدىرلە، نېمە سورىسا، بەرگىن،
ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكىنى بېكىتىپ، ئەر كىشىنى يېقىن يولاتما.

4521 ۋەفا يوق بۇلاردا ئوزادىن بەرۇ،
كۆزى قانچا باقسا، بۇ كۆڭلى نارۇ.

ئەزەلدىن بۇلاردا ۋاپا يوق،
كۆزى قاياققا باقسا، كۆڭلى شۇ ياققا كېتىدۇ.

B326 4522 جەفا بىرلە ئۆنمىش، ئىگىدمىش يىغاچ،
يەمىشى ئاغۇ ئول، ئاڭار بولما ئاچ.

(ئۇ) جاپا بىلەن ئۆستۈرگەن، پەرۋىش قىلىنغان دەرەخ(كە ئوخشايدۇ)،
(ئۇنىڭ) مېۋىسى ئوغىدۇر، ئۇنىڭغا ھېرىس بولما.

4523 نەچە مىڭ ئازىغلىغ ئەرەن ئەركەكى،
تىشىلەردە ئۆترۇ ئۇزۇلدى كۆكى.

نەچچە مىڭلىغان ئەرلەرنىڭ ئەرى (يولدىن) ئېزىپ،
خوتۇنلار (سەۋەبىدىن) پەيلىرى ئۇزۇلگەن.

4524 نەچە قىزغۇ ئەڭلىگ، يۈزى سۇۋلۇغ ئەر،
تىشلەردە ئۆترۈ ئۆزى بولدى يەر.
قانچىلىغان يۈزى يورۇق، ئابرۇيلۇق كىشىلەر
خوتۇنلار (سەۋەبىدىن) ئاخىر يەر بىلەن (تەڭ) بولدى.

4525 تۇمەن مىڭ كۆلۈگ، چاۋلىغ ئەرسىگلەرىگ،
تىشلەر ئانى يەرگە كۆمدى تىرىگ.
تۇمەنمىڭ مەشھۇر، مەرد باتۇرلارنى
خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمگەن.

4526 نەگۈتەك كۈدەزگۈ ئولارىغ تۇتۇپ،
كۈدەزىگلى تەڭرى كۈدەزسۇ ئۇتۇپ.
ئۇلارنى قانداق تۇتۇش (ۋە قانداق) ساقلاش كېرەك؟
(پەقەت) ساقلىغۇچى تەڭرى ئۆزى ساقلىيالايدۇ.

64

ئەلىگكە ئاسرا قىلارىغ نەگۈتەك تۈتغۇسىن ئايۇر

قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى ھەققىدە

4527 يەمە ئەدگۈ تۈتغىل ئېلىگ ئاسراقىغ،
يەگۈ، ئىچگۈ بەرگىل، پۈتۈر ئوپراقىغ.
قول ئاستىڭدىكىلەرنىمۇ ياخشى تۇتقىن،
يېمەك ـ ئىچمەك بەرگىن، يىرتىقىنى ياما.

4528 كۈچىگە تەڭەشى يۈدۈرگىل يۈكىن،
ئايىتغاي سەنىڭدىن بايات ئەركلىگىن.
كۈچىگە يارىشا يۈك ئارتقىن،
قادىر خۇدا سەندىن ھېساب ئالىدۇ.

4529 ئايى ئارتۇق ئەمگەك تەگۈرمە ئاڭار،
بايات ئول ساڭا خەسمى ئاندىن سىڭار.
ئۇلارغا ئارتۇقچە مۇشەققەت يەتكۈزمە،
(شۇنداق قىلغاندا) خۇدا ئۇچۇن ئەجىر قىلغان بولىسەن.

4530 ئولارما بايات قۇللارى ئول قامۇغ،
ئاڭار كۈچ قىلىپ ئۆزگە ئالما تامۇغ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ خۇدانىڭ قۇللىرىدۇر،
ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئۆزۈڭگە دوزاخنى ئالما.

4531 ئۇلۇغ سەن، ئولار بولدى سەندە كىچىگ،
كىچىگكە ئۇلۇغ بولدى ئاچىغ، سۈچىگ.
سەن ئۇلۇغ (مەرتىۋىلىك)، ئۇلار بولسا، سەندىن كىچىك،
ئۇلۇغلار كىچىككە شەپقەتلىك ۋە خۇش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

4532 ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە، كىچىگ تۈت كۆڭۈل،
ئۇلۇغقا كىچىگلىك ياراشۇر، ئوغۇل.

ئۇلۇغ (مەرتىۋىلىك) بولغاندا، كۆڭلۈڭنى كىچىك تۇت،
ئەي ئوغۇل، ئۇلۇغقا كىچىكلىك يارىشىدۇ.

4533 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ ساڭا،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئاي بىلكى كەڭە:
ئەقىل - پاراسەتلىكلەر ساڭا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا.
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي بىلىمى كەڭ:

4534 B327 B270 «قالى بولسا سەن بەگ بودۇنقا ئۇلۇغ،
كۆڭۈل تىل كىچىگ تۇت، ئۆزۈڭگە يۇلۇغ.
«ئەگەر سەن خەلققە ئۇلۇغ بەگ بولساڭ،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت، ئۆزۈڭگە پايدىلىق.

4535 ئۆزۈڭنى ئۇنىتما، ياڭىلما يورىق،
كەلىر قۇتقا ياپما سەلامەت يولۇغ».
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، يولۇڭدىن يېڭىلىپ قالما،
بەخت ۋە سالامەتلىك يولىنى ئېتىپ قويما».

4536 ئەۋلىڭ - بارقىڭى كەد ئارىغ تۇت سىلىگ،
ساڭا كەلگە دەۋلەت، ئاقى كەڭ ئەلىگ.
ئۆي - جايىڭنى بەك پاكىز، ئازادە تۇت،
(ئەي) قولى كەڭ، سېخىي، ساڭا بەخت - دۆلەت كېلىدۇ.

4537 ئاش - ئىچگۇ، تۇز ئەتمەك يەمە كەڭرۇ تۇت،
ئاتىڭ ئەدگۇ بولغاي، كەلۇ بەرگە قۇت.
ئاش - تائام، نان - تۇزۇڭنىمۇ كەڭ قىل،
ياخشى نام قازىنىسەن، بەخت ساڭا يار بولىدۇ.

4538 كىرىشكە ياراشى چىقىش قىل ياقىن،
چىقىش بولسا تەركىن كىرىشكە باقىن.
كىرىمىڭگە يارىشا چىقىم قىل،
چىقىم بولسا، دەرھال كىرىمگە نەزەر سال.

4539 ئالىمقا، بەرىمكە ئوڭاي ئەدگۇ بول،
قايۇ ئۆدتە قىلسا، ئاچۇق بولغا يول.
ئېلىم - بېرىمگە ئەپچىل، ياخشى بول،
ھەرقانداق ۋاقىتتا، يولۇڭ ئوچۇق بولىدۇ.

4540 ئەلىگ تارلىقى تەگسە ئەمدى ساڭا،
كىشىگە مۆڭادما، ئاي ئەرسىگ توڭا.
بەزىدە قولۇڭ قىسقىلىق قىلسا،
كىشىگە زارلانما، ئەي، مەرد باتۇر!

4541 سەۋەرىڭ ئەشىتگەي، ئەلىگ تۇتماغاي،
سەنى سەۋمەگۈچى كۆلە تىنماغاي.
(سېنى) ياخشى كۆرگۈچىلەر ئاڭلايدۇ ـ يۇ، ياردەم قىلالمايدۇ،
(سېنى) ياخشى كۆرمەيدىغانلار تىنماي كۈلىدۇ.

4542 ئۇچۇز تۇتغا قولداش، ئاداش، يا قاداش،
ئانىڭ ئاغرىغىندا كۆڭۈل بولغا باش.
يولداش، دوست، قېرىنداشلار ئالدىدا ئېتىبارىڭ قالمايدۇ،
بۇنىڭ ئەلىمىدىن كۆڭلۈڭ زېدە بولىدۇ.

4543 كىشى ئەدگۈسىڭە قاتىلغىل، قارىل،
كىشى بول، كىشىلەر ئارالا تىرىل.
ئادەملەرنىڭ ياخشىسىغا ئارىلىشىپ، مۇناسىۋەت قىل،
ئادەم بول ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ياشا.

4544 ئۇلۇشلەردە تۇرما، يا تۇتما نەڭىڭ،
ئۆكۈنچۈن سارىغ بولغا قىزغۇ ئەڭىڭ.
شېرىك (ئىشلار)غا ئارىلاشما، مېلىڭنى قوشما،
پۇشايماندىن قىزىل مەڭزىڭ سارغىيىدۇ.

4545 ئۇلۇغ يولقا تۇتما سەن ئەۋ- بارق ياقىن،
توقىغاي يودۇغ، سەن مۇنى كەد ساقىن.
چوڭ يولغا يېقىن يەرگە ئۆي ـ جاي سالما،
زىيىنى تېگىدۇ، بۇنى ياخشى ھېسابقا ئال.

4546 بەگىگ قوشنى قىلما، يا يادغۇن ئۆگۈز،
ھىسارقا ياقىن تۇرما، ئاي كۆڭلى تۇز.
بەگكە ۋە تاشقىن دەرياغا قوشنا بولما،
ساراي قورغىنىغا يېقىن تۇرما، ئەي كۆڭلى تۇز.

4547 بۇ ئۈچ قوشنىلىقتىن ساڭا ئاسغى يوق،
ئانىڭ ياسى تەگسە، ئاڭار ئوسغى يوق.

بۇ ئۈچ قوشنىچىلىقتىن ساڭا پايدا تەگمەيدۇ،
ئۇنىڭ زىيىنى تەگسە، ئامال بولمايدۇ.

4548 ئەۋ ئالماق تىلەسە ئايىت قوشنىسىن،
يەر ئالماق تىلەسە ئايىتغىل سۇۋىن.
ئۆي ئالماقچى بولساڭ، قوشنىسىنى سورا،
يەر ئالماقچى بولساڭ، سۈيىنى سورا.

4549 ئەسىزگە قاتىلما، سەلامەت يورى، B328
قىلىنچىڭ كۆنى تۇت، كەۋەلتەك كۈرى.
يامانغا قوشۇلما، ساق ـ سالامەت بول،
خۇي ـ پەيلىڭنى توغرا تۇت، تۇلپاردەك جەۋلان قىل.

4550 بارىغ تاپ قىل ئەمدى، بەگ ئاتىن ئالىن، C271
ساقىنچ قىسغا تۇتغىل، سەۋىنچىن سالىن.
بارىڭغا قانائەت قىل، بەگ نامىنى ئال،
(غەم) قايغۇنى قىسقا قىل، شادلىققا يۈزلەن.

4551 ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما، ئودۇلغاي ئۆزۈڭ، 130
ئىدىڭنى ئۇنىتما، ئاچىلغاي كۆزۈڭ.
ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، سەگەك بولىسەن،
ئىگەڭنى ئۇنتۇما، كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ.

4552 سۆزۈڭ ساقىنۇ سۆزلە، ساقىنچ كەلمەگەي،
ياۋا قىلما ئۆد، كۈن، ئۆكۈنچ بولماغاي.
ئېھتىيات بىلەن سۆزلە، قايغۇ كۆرمەيسەن،
كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، پۇشايمان قىلمايسەن.

4553 كۈۋەزلەنمە ئارتۇق، تۇرى بولغا سەن،
ساران بولما ئارتۇق، سۆكۈش بۇلغا سەن.
ئارتۇق تەكەببۇر بولما، تېتىقسىز بولىسەن،
ئارتۇقچە پىخسىق بولما، نەپرەتكە قالىسەن.

4544 نەگۈ تەر ئەشىت كۆڭلى ئالچاق كىشى،
كىشىلىك قىلىغلى كىشىلىك تۇشى.
ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان،
كۆڭلى كەمتەر كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4555 ئۆزۈڭ ئەدگۈ ئاتلىغ بولايىن تەسە،
ئاقى بولغىل، ئارتۇق قاتىغلان ئۇسا.
ياخشى نامغا ئىگە بولاي دېسەڭ،
سېخىي بولۇشقا بەك دىققەت قىل.

4556 بوشۇغ قۇل قىلايىن تەسە بەلگۈلۈگ،
ئاقى بول، ئۈلە نەڭ، كۆتۈردۈڭ ئۈلۈگ.
ئەركىن (ئادەمنى) قۇل قىلاي دېسەڭ،
روشەنكى، سېخىي بول، مال تارقىتىپ بەر، ئۈلۈشۈڭنى ئادا قىل.

4557 باشىم كۆككە تەگسۈن تەسە سەن تۇرۇپ،
بىلىك بىرلە ئىشلە قامۇغ ئىش كۆرۈپ.
(كۆڭلەرنىڭ بىرىدە) يۈكسىلىپ بېشىم كۆككە يەتسۇن دېسەڭ،
ھەممە ئىشنى كۆزىتىپ، بىلىم بىلەن ئىشلە.

4558 ئاژۇنقا يادىلماق تىلەسە ئاتىڭ،
ئۇمەگ ئەدگۈ تۇتغىل، يۈگۈردى ئاتىڭ.
نامىڭنىڭ دۇنياغا تارىلىشىنى خالىساڭ،
مۇساپىرلارغا ياخشى قارا، نامىڭ تارقىلىدۇ.

4559 ئەرەژلىگ بولايىن تەسە سەن ئۆزۈن،
ئۇساللىقنى قودغىل، ئاي قىلقى تۈزۈن.
راھەت - پاراغەتتە ئۆتەي دېسەڭ،
غەپلەتنى تاشلا، ئەي خۇش پېئىل.

4560 قىلايىن تەسە سەن باياتقا تاپۇغ،
ئەت ئۆزگە ئۈمىش بەرمە، ياپغىل قاپۇغ.
خۇداغا ئىبادەت قىلاي دېسەڭ،
ۋۇجۇدۇڭغا بويسۇنما، بۇنىڭ ئىشىكىنى ئەت.

4561 قامۇغ ئەدگۈلۈككە تەگەيىن تەسە،
ئەت ئۆزنى قىسا تۇت، ھەۋانى باسا.
جىمى ياخشىلىققا يېتىشەي دېسەڭ،
ۋۇجۇدۇڭنى قىسىپ تۇت، ھاۋايى - ھەۋەسنى باس.

4562 ئەدى ياقشى ئايمىش ساقىنۇق كىشى،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئاي قىلقى ساشى:

تەقۋادار كىشى بەك ياخشى ئېيتقان،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي شاش يىگىت:

4563 «بۇ ئەت ئۆزگە بەرمە تىلەك ئارزۇسىن، B329
تىلەك بۇلسا يەيۇر ئىدىسى باشىن.
«ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى قاندۇرما،
(ۋۇجۇد) ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتسە، ئىگىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

4564 مۇڭار ئەدگۇ قىلسا، بۇ ئەسىز قىلۇر،
ئەسىز قىلسا بوينىن ئەگەر ئەركسىزىن.»
ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ،
ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغاندىلا، ئىلاجسىز بويىنىنى ئېگىدۇ.»

* * *

4565 سۆزىن كەستى ئۆگدۈلمىش ئايدى: قاداش،
بۇ ياڭلىغ تۇرۇر ئام يورىقى، ئاداش.
ئۆگدۈلمىش سۆزىنى تۈگەتتى ۋە دېدى: ئەي قېرىنداش،
ئاۋامنىڭ يوسۇنى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

4566 ئايۇ بەردىم ئەمدى، ئەشىتتى ئۆزۈڭ، C272
مۇنى ئۇقتۇڭ ئەرسە، كەسىلدى سۆزۈڭ.
(بۇلارنى) سۆزلەپ بەردىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
بۇنى چۈشەنگەن بولساڭ، ئەمدى سورايدىغىنىڭ قالمىغاندۇ؟

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4567 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئەشىتتىم تۈگەل مەن، ئايا قىلقى تۈز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
ئەي تۈز كۆڭۈل، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم.

4568 تاقى بىر سۆزۈم بار ئايىتغۇ ساڭا،
ئانى ما ئايۇ بەر ئاچا سەن ماڭا.

سەندىن سورايدىغان يەنە بىر سوئالىم بار،
ئۇنىمۇ ماڭا ئېچىپ، ئېيتىپ بەرگىن.

قاتىلسا ئۆزۈم مەن كىشىلەر بىلە، 4569
بارىشىغۇ ـ كەلىشىگۇ كەرەك مەن كۇلە.

مەن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسام،
(ئۇلار بىلەن) خۇشال ـ خۇرام بېرىش ـ كېلىش قىلىشىم كېرەك.

سەزىكسىز مەنى ئاشقا ئۇندەگەلەر، 4570
مەن ئۇندەپ، ئولارما ماڭا كەلگەلەر.

شۇبھىسىزكى، مېنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشىدۇ،
مەنمۇ ئۇلارنى تەكلىپ قىلىشىم كېرەك.

نەتەك بارغۇ ئاشقا، نەتەك يەگۇ ئاش، 4571
ئوقىسا نەگۇتەك ئوقىغۇ ئاداش.

زىياپەتكە قانداق بېرىش ۋە قانداق يېيىش كېرەك،
تەكلىپ قىلسا، قانداق چاقىرىش كېرەك، ئەي دوست؟

مۇنىما ئايۇ بەر ماڭا بەلگۇلۇگ، 4572
بۇ ئىشتىن يەمەئۆك ئالايىن ئۇلۇگ.

بۇنىمۇ ماڭا ئوچۇق ئېيتىپ بەرسەڭ،
بۇ ئىشتىنمۇ بەھرىمەن بولاي.

65

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا ئاشقا بارماق تۆرۈسىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە بېرىش قائىدىسىنى ئېيتىدۇ

4573 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى بۇما،
كەرەكلىگ تۇرۇر بۇ قاداش ئايساما.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
ئەي قېرىنداش، بۇمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

4574 ئۆكۈش تۇرلۇگ ئول بۇ ئوقىغۇ كىشى، B330
تەلىم تۇرلۇگ ئول بۇ قونۇقلۇق ئاشى.
تەكلىپ قىلىدىغان كىشىلەر ھەر خىلدۇر،
زىياپەتمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

4575 ئولاردا بىرىسى كۆدەنكە ئاش ئول،
يا سۈننەت ئاشى يا توغۇرسا ئوغۇل.
بۇلاردىن بىرى نىكاھ زىياپىتىدۇر،
(يەنە بىرى) ئوغۇل تۇغۇلسا بېرىلىدىغان سۈننەت زىياپىتىدۇر.

4576 يا ئەش تۇش ئوقىغاي يا قولداش ئاداش،
ئۇلۇغ يا كىچىگ تۇت ياقىن يا قاداش.
(بەزىدە) دوست، بۇرادەر، ئەل ـ ئاغىنىلەر چاقىرىلىدۇ،
چوڭ ـ كىچىك، قوۋم ـ قېرىنداشلار تەكلىپ قىلىنىدۇ.

4577 يوغ ئاشى بولۇر يا ئۆلۈگ ئاتىڭا،
يا ئول ئات بۇلۇپ ئاش بەرۇر ياتىڭا.
ياكى ئۆلۈم نامىغا ئاتالغان ھازا ئېشى بېرىلىدۇ،
ياكى نام ـ ئاتاقتا ئىگە بولغاندا، زىياپەت بېرىلىدۇ.

4578 بۇلاردا قايۇ ئەرسە ئاش سۇۋ يەگۇ،
ئانى تەڭلە بارغۇ ئازۇ بارماغۇ.

ئاش ـ سۇ بېرىلىدىغان (زىياپەت)نىڭ قايسىسى بولمىسۇن،
ئۇنىڭغا بېرىش ـ بارماسلىقنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

4579 ئاداش، قولداش، ئەردەش، قاداش ئاشلارى C -
بولۇر ئەرسە، كۆرگۈ بارىپ ئىشلەرى.
دوست، يولداش، يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ زىياپىتى
بولۇپ قالسا، بېرىپ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىش كېرەك.

4580 تۇرۇ بەرگۈ ئاشتا كۆرۈپ يات بازىغ،
ئاش ئىچگۈ تەگىرى ئۆكۈش، يا ئازىغ.
زىياپەتتە بولۇپ، يات كىشىلەرگە قارىشىش كېرەك،
زىياپەت تائامىلىرى يېتەرلىكمۇ، ئازمۇ، بۇنى ئېيتىپ تۇرۇش كېرەك.

4581 ياقىن قوشنى، ئاشنى ئاش ئەتسە ساڭا،
ئازۇ تەڭرىلىك ئەش ئوقىسا توڭا،
يېقىن قوشنا ساڭا زىياپەت بەرسە،
ياكى خۇدايى دوستلار سېنى تەكلىپ قىلسا،

4582 ئولارقا يەمە بار، كۇدەزگىل كۆڭۈل،
سەۋىندۇر ئولارنى، سەۋىن، ئاي ئوغۇل.
ئۇلار(نىڭ زىياپىتى)گە ئەلۋەتتە بارغىن، كۆڭلىنى ئايا،
ئۇلارنى خۇشال قىل، (سەنمۇ) خۇشال بول، ئەي يىگىت.

4583 قالى ئەتسەلەر ئاش ساڭا ئوغرايۇ،
ئول ئاشقا يەمە بار، سەۋىندۇر يەيۇ.
ئەگەر ساڭا ئاتاپ ئەتەي زىياپەت بەرسە،
ئۇنداق زىياپەتكە دەرھال بارغىن، تائامىنى يەپ، رازى قىل.

4584 ئاباڭ مۇندا تاشتىن بولۇر ئەرسە ئاش،
ئاڭار بارماسا يەگ، كۆڭۈل بولغا باش.
ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا زىياپەتلەر بولۇپ قالسا،
ئۇنىڭغا بارمىغان ياخشى، كۆڭۈل رەنجىپ قالىدۇ.

4585 يارىم، يا يىتىم بولغا ئولدرۇغ تۇرۇغ،
ياۋۇز بولغا كۆڭلۈك، ئاي ئەدگۈ ئۇرۇغ.
ئولتۇرۇپ، تۇرۇش يېرىم ـ يارتا بولىدۇ،
كۆڭۈل يامان بولىدۇ، ئەي ئېسىلزادە.

4586 يا ئەسرۈك تۇرۇش قىلغا ئاخسۇملاغاي،
ئاشىڭ سىڭمەگەي تەك، كۆڭۈل ئاغرىغاي.
يا مەستلەر ئۇرۇشۇپ جاڭجال چىقىرىدۇ،
(يېگەن) ئېشىڭ سىڭمەيدۇ، دىلىڭ رەنجىيدۇ.

4587 قامۇغ بىر تودۇم يەم ئاش ـ ئىچگۈ ئۈچۈن،
ئۆزۈڭنى ئۈچۈز قىلماغىل سەن كۈچۈن.
پەقەت بىر تويغۇدەك تائام يېيىش ئۈچۈن،
ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئېتىبارسىز قىلما.

4588 نەگۈ تەر ئەشتىكىل بوغۇز تىدغۇچى،
ئۆزى بوغزىڭا ئەرك بولۇپ تۇتغۇچى.
نەپسىنى تىيىپ، گېلىغا ھاكىم بولغۇچى
(كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4589 بوغۇزۇڭ كۈدەز، بولما ئەرنىڭ ئەلى، B331
بۇ بوغزۇڭ ئۈچۈن بولما يالڭۇق قۇلى.
گېلىڭغا دىققەت قىل، پەس ئادەم بولۇپ قالما،
گېلىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا قۇل بولما.

4590 تەلىم كۆردۈم ئەمدى ئاغىر بولمىش ئەر، A331
تىدۇمادى بوغزى، ئۈچۈن بولدى يەر.
قەدىر ـ قىممەتلىك كىشىلەرنىڭ نەپسىنى باسماي،
يەر بىلەن تەڭ بولغىنىنى كۆپ كۆردۈم.

4591 ئۆكۈش كۆردۈم ئەلدە بەدۇمىش ئەرىگ،
بۇلۇن قىلدى بوغزى، تۆشەندى يەرىگ.
ئەلدە يۈكسەلگەن كۆپ كىشىلەرنى كۆردۈمكى،
گېلىغا ئەسىر بولۇپ، تۇپراققا مىلەندى.

4592 تەلىم باينى كۆردۈم بوغۇز بۇلنادى،
ئۆزى بولدى مۇفلىس، چىغايلىق يەدى.
نۇرغۇن بايلارنى كۆردۈمكى، گېلىغا قۇل بولۇپ،
(ئاخىر) خانىۋەيران بولدى، كەمبەغەللەشتى.

4593 بوغۇزقا بۇلۇن بولما، بوغزى ئۇلۇغ،
بوغۇزقا بۇلۇن بولسا، بولماز يۇلۇغ.

ئەي نەپسى ئۇلۇغ، گېلىڭغا قۇل بولما،
گالغا قۇل بولسا، قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

4594 قايۇ تۇرلۇگ ئاشقا بارار ئەرسە سەن،
ئەدەب بىرلە ئاش يە، بىلىر ئەرسە سەن.
ھەرقانداق بىر زىياپەتكە بارىدىغان بولساڭ،
ئەدەپ بىلەن تائام يېگىن، بۇنى ئۆگەن.

4595 تۆرۇ بىلمەز ئۆگسۇز، قىلىقسىز كىشى،
تۆرۈلۈگ كىشى كۆرسە تاڭلۇر باشى.
ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان، ئەقىلسىز كىشى
ئەدەپ ـ قائىدىلىك كىشىنى كۆرسە، ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ.

4596 سەنىڭدە ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا ئەلىگ،
سەن ئۆترۇ ئەلىگ سۇن، بۇ ئول، كۆر، بىلىك.
سەندىن چوڭلار تائامغا قول سۇنغاندىلا،
ئاندىن سەن قول ئۇزارت، ئادەت شۇ، بۇنى بىل.

4597 ئوڭ ئەلگىڭ بىلە سۇن، بايات ئاتى ئاي،
يەگۇ ئۇدرەگەي ھەم ئۆزۈڭ بولغا باي.
ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، خۇدا نامىنى ئېيت،
تائام بەرىكەتلىك بولىدۇ، سەنمۇ، باي بولىسەن.

4598 كىشى ئۇترۇقى تۇرمەك ئالما تەگۇ،
ئۆز ئۇترۇ نەگۇ ئەرسە ئالغۇ يەگۇ.
كىشىلەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاماققا قول تەگكۈزمە،
ئۆز ئۇدۇلۇڭدا نېمە بولسا، شۇنى ئېلىپ يېگىن.

4599 پىچاق تارتما ئاندا، كۆتۇرمە سۆڭۇك،
ئايى بولما قوۋداش، نە سىلكىم سەپۇك.
(داستىخاندا) پىچاق چىقىرىپ، سۆڭەك غاجىلىما،
بەك ئاچ كۆزلۈك قىلما، سۇزۇلۇپ ـ سىپايىمۇ ئولتۇرما.

4600 نەچەمە توق ئەرسە يەيۇ تۇرغۇ ئاش،
كىشى ئاش كىشىگە كۆرۇ بەر، قاداش.
قانچىلىك توق بولغاندىمۇ، كەلگەن ئاشنى يېيىش كېرەك،
ئەي قېرىنداش، تاماقنى ئادەملەرگە قاراپ يېگىن.

4601 يەگۈ ئالسا، تىشلە، ئۈشاق تانچۇلا،
ئىسىگ ئاشنى ئۆرمە سەن ئاغزىڭ بىلە.
يېمەكنى ئېلىپ، چىشلەپ، ئۇششاق چاينا،
ئىسسىق ئاشنى ئاغزىڭ بىلەن پۈۋلىمە.

4602 يەر ئەركەن، ئاشىغ تۇرتمە تەرگى ئۆزە،
كىشى كۆركى بۇزما، قىلىنچىڭ تۈزە.
تاماق يېگەندە، داستىخاندىكى ئاشنى (ئالدىڭغا) تارتما،
كىشىلەرنىڭ پەيزىنى قاچۇرمىغىن، ھەرىكىتىڭگە دىققەت قىل.

4603 تۆرۈسۈزلۈك ئول بۇ، تۆرۈچە يورى،
تۆرۈسۈز كىشىلەر كىشىگە قورى.
(بۇلارنىڭ ھەممىسى) قائىدىسىزلىكتۇر، قائىدە بويىچە يۈر،
قائىدىسىز كىشىلەر كىشىلەرنىڭ تۆۋىنىدۇر.

4604 ئەدى ياقشى ئايمىش تۆرۈلۈگ كىشى، B 332
تۆرۈ بىلسە يالڭۇق بۇلۇر تۆر باشى.
تەرتىپ ـ قائىدىلىك كىشى ياخشى ئېيتقانىدى،
قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ.

4605 قامۇغ نەڭگە ئۆڭدى ـ تۆرۈ بار سۆزى،
تۆرۈ تۈز يورىتسا يارۇر ئەر يۈزى.
ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىسى بار،
قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

4606 قىلىقسىز تۆرۈ ـ ئۆڭدى بىلمەز كىشى
كىشىگە قاتىلسا، ئەتىلمەز ئىشى.
تەرتىپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان قىلىقسىز كىشى
كىشىلەرگە ئارىلاشسا، ئىشى يۈرۈشمەيدۇ.

4607 ئاشىغ تاتغانۇ يەسەن ئەلگىڭ سۇنۇپ،
سەنى كۆرسە ئەۋلىك سەۋىنسۇن تۇرۇپ.
قولۇڭنى سوزۇپ، تاماقنى لەززەتلىك ئىكەن، دەپ يېگىن،
(بۇنداق قىلغىنىڭنى) كۆرگەن ئۆي ئىگىسى سۆيۈنسۇن.

4608 كىشى ئەمگەك ئىدسا، ساڭا ئەتسە ئاش،
ياۋا قىلما ئەمگەك، ئانى قىلما باش.

بىراۋ ئەمگەك قىلىپ، ساڭا ئاش تەييارلىسا،
ئەمگىكىنى زايە قىلىپ، ئۇنى بىئارام قىلما.

4609 كۆنى سۆزلەمىش كۆرسە كۆڭلى ئودۇغ،
سۆزى كۆرسە مەئنى بەرۇر تۇ بودۇغ:
قارىغىنا، دىلى سەگەك ئادەم توغرا ئېيتقان،
دىققەت قىلساڭ، ئۇنىڭ سۆزى تۇرلۇك مەنىلەرگە بايدۇر:

4610 كىشى كۆڭلى يۇۋقا سىرىنچغا سانى،
ئەدى كەد كۇدەز، سىنغا، سەرمە ئانى.
ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئۇ بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ،
بەك ئېھتىيات قىل، ئۇنى قوزغىما، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

4611 سەرىلسە كىشى كۆڭلى كەتتى تاتىغ، C273
ياقىنلىق يىرادى، كەسىلدى ئاسىغ.
كىشىنىڭ كۆڭلى قالسا، ھۇزۇر كېتىدۇ،
يېقىنلىق يىراقلىشىدۇ، پايدا ئۈزۈلىدۇ.

4612 ياقىنلىق تىلەسە كۇدەزگىل كۆڭۈل،
كۆڭۈل سىنسا، كەتتى ياقىنلىق، تۆڭۈل.
يېقىنلىقنى خالىساڭ، كۆڭۈلنى ئايا،
كۆڭۈل سۇنسا يېقىنلىقمۇ تۈگەيدۇ، ۋاز كېچىسەن.

4613 ئاشىغ تەڭلەيۇ يە، يەمە ئاش ئۆكۈش،
ماڭا مۇنداغ ئايدى ئۇقۇشلۇغ كۆسۈش:
تاماقنى ئۆلچەملىك يېگىن، كۆپ يېمىگىن،
ئەقىللىك قەدىردان (كىشى) ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

4614 ئۆكۈش يەگىلىلەرنىڭ ئاشى يىگ بولۇر،
ئاشى يىگ كىشى تۇتچى ئىگلىگ بولۇر.
كۆپ يېگۈچىلەرنىڭ تامىقى دەرد بولىدۇ،
تامىقى دەرد بولغان كىشى دائىم كېسەلچان بولىدۇ.

4615 بوغۇزدىن كىرۇر ئىگ، بوغۇزۇغ كۇدەز،
ئاشىغ تەڭلەيۇ يە، يەگۇ ئىچگۇ ئاز.
كېسەل گالدىن كىرىدۇ، گېلىڭنى ساقلا،
يېمەك ـ ئىچمەكنى لايىقىدا ئاز يېگىن.

4616 بۇ ئىگ تۇتسا تەركىن كىشىگ ياۋرىتۇر،
ئانى ئەملەمەسە ئۆلۈم تاۋراتۇر.
كېسەلگە گىرىپتار بولسا، كىشى دەرھال زەئىپلىشىدۇ،
ئۇنى داۋالىمىسا، ئۆلۈم يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

4617 يەمە ياقشى ئايمىش ئوتاچى ھەكىم،
ھەكىملەر سۆزىنى ياۋۇز تەگلى كىم.
تېۋىپ ـ ھېكىملەر بەك ياخشى ئېيتقان،
ھېكىملەرنىڭ سۆزىنى يامان دەيدىغان كىم بار؟

4618 «ئۆلۈمدىن يۇمۇشچى ئىگ ئول ئاشنۇسى، B333
كىشى ئىگلەدىمۇ ئۆلۈم قوشنىسى.
«كېسەللىك ئۆلۈمنىڭ دەسلەپكى خەۋەرچىسىدۇر،
كىشى كېسەل بولدىمۇ ئۆلۈم قوشنىسى بولىدۇ.

4619 بەلا ـ مىھنەت ئول ئىگ، ئۆلۈم تۇتغاقى،
ئۆلۈمدە تاتىغ يوق، ئازۇ ياقشىسى».
كېسەل بالا ـ قازا ۋە جەبىر ـ جاپادۇر، ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىدۇر،
ئۆلۈمدە لەززەت يوق، ئۇنىڭ بولمىغىنى ياخشى».

4620 كىشى مەن تەگۈچى ئاپا ئوغلانى،
ئىسىگ، تومىلىغىغ بىلگۈ ئادرا ئانى.
مەن ئىنسان دېگەن ئادەم بالىسى،
ئىسسىق ـ سوغۇقنى بىلىشى، ئاجرىتالىشى كېرەك.

4621 تادۇ بىلگۈ، ئاشنۇ ياراشىق يەسە،
تادۇقا ياراشمازنى قودغۇ ئۇسا.
مىزاجنى بىلىپ، ئاندىن لايىقنى يېيىش كېرەك،
مىزاجغا ياراشمايدىغاننى يېمەي قويۇش كېرەك.

4622 ئىسىگ ئارتسا تەركىن سوغىق ئىچ ئۇزە،
سوغىق ئارتار ئەرسە ئىسىگىن تۈزە.
ئىسسىقلىق ئاشسا، دەرھال سوغۇقلۇق يېگىن،
سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتسە، ئىسسىقلىق قىل.

4623 يىگىت ئەرسە ياشىڭ، ياز ئەرسە يىلىڭ،
سوغىق ئىشكە تۇتغىل، ئىسىتۇر قانىڭ.

يىگىت يىشىدا بولساڭ، پەسىل باھار بولسا،
سوغۇقلۇق قىل، قىنىڭ (ئۇنى) ئىسسىتىدۇ.

4624 ياشىڭ قىرقتا كەچسە، كۈن ـ ئاي ئەرسە كۈز،
ئىسىگ نەڭ بىلە سەن ئۆزۈڭ تەبئى تۈز.
يىشىڭ قىرىققا يىتىپ، كۈز ۋاقتى بولسا،
ئىسسىقلىق نەرسىلەر بىلەن تەبئىتىڭنى تۈزەت.

4625 ياشىڭ ئەرسە ئالتمىش ئۆدۈڭ ئەرسە قىش،
ئىسىگ ئىشكە تۈتغىل، سوغىق قىلما ئىش.
يىشىڭ ئاتمىش بولۇپ، قىش ۋاقتى بولسا،
ئىسسىقلىق بىلەنلا شۇغۇللانغىن، سوغۇقلۇقنى ھەمراھ قىلما.

4626 قۇرۇغ تومىلغ ئارتسا، ئىسىگ ئۆل ئانۇت،
بۇ ئىككى ئاڭار قىلغا ئەۋرە يانۇت.
قۇرۇق سوغۇقۇڭ ئاشقان بولسا، ئىسسىق ۋە ھۆل
(نەرسىلەرنىلا) ھازىرلا.
بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا جاۋاب بولىدۇ.

4627 بۇ ئۆل تومىلغ ئارتسا ساڭا قىلسا ياس،
ئىسىگىن، قۇرۇغۇن ئانى ياندرۇ باس.
ھۆل سوغۇقلۇق ئېشىپ ساڭا زىيان كەلتۈرسە،
ئۇنى ئىسسىق قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن ياندۇر.

4628 تادۇڭ تومىلغ ئەرسە ئىسىگىن كۈچە،
ئىسىگ ئەرسە تومىلغ يەيۇ تۇر ئىچە.
مىزاجىڭ سوغۇق بولسا، ئىسسىقلىقنى كۈچەيتكىن،
ئىسسىق بولسا، سوغۇق (نەرسىلەرنى) يەپ ـ ئىچىپ تۇر.

4629 قالى سامدۇي ئەرسە تادۇڭ بەلگۈلۈگ، C 274
ئىسىگلى، سوغىقلى ئارا بەر ئۇلۇگ.
ئەگەر مىزاجىڭ بىر خىل (مۆتىدىل) بولسا،
ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ (ئىستېمال قىل).

4630 بۇ ياڭلىغ كۈدەزگىل تادۇڭنى كۆنى،
ئەسەن بولغا ئىنچىن تىرىگلىك كۈنى.

مىزاجىڭنى ئەنە شۇ ئۇسۇلدا توغرا بايقىغىن،
ھاياتىڭ ئېسەن ۋە خاتىرجەم ئۆتىدۇ.

4631 نەگۇ تەر ئەشتىكىل ئوتاچى سۆزى،
مۇنىڭ مەئنىسى ئۇق، تىرىلگىل قوزى.
تېۋىپلار نېمە دەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا،
بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ياشا، ئەي قوزام:

4632 A132 B334 «ئۆزۈڭ تەبئىنى مەن ئايايىن يورا،
قىزىللى، سارىغلى، ئۇرۇڭلى، قارا.
«مەن سېنىڭ مىزاجىڭنى ئىزاھلاپ بېرەي،
بۇ قىزىل، سېرىق، ئاق ياكى قارا بولىدۇ.

4633 بۇلاردا بىرىسى بىرىگە ياغى،
ياغۇسا ياغىقا ياغى ئادرارا».
بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە دۈشمەن،
دۈشمەن دۈشمەنگە يېقىنلاشسا (بۇ رەڭ) بىلەن ئايرىلىدۇ».

4634 ئۇقۇشلۇغ كەرەك ئۆز تادۇغ تەڭلەسە،
ياراشىق نە ئەرسە، ئانىئوق يەسە.
مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن كىشى ئەقىللىك بولۇش كېرەك،
(مىزاجغا) نېمە لايىق كەلسە، شۇنىلا يېيىش كېرەك.

4635 كىشى يىلقى بىرلە ئادىرتى بۇ ئول،
تادۇقا ياراشىق يەسە، ئاي ئوغۇل.
ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىيدىغان پەرق شۇكى،
مىزاجىقا يارىشا يېيىش كېرەك، ئەي ئوغۇل.

4636 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى كۆكچىن ساقال،
ئۇقا بار مۇنى سەن تۇرۇ قالما قال.
مويسىپىت (ئاقساقاللار) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇنى چۈشىنىپ، ھاڭۋېقىپ قالما:

4637 كىشى قىرىق ياشاپ ئۆز تادۇ بىلمەسە،
تۇگەل يىلقى ئول بۇ، نەچە سۆزلەسە.
كىشى قىرىق (يىل) ياشاپ ئۆز مىزاجىنى بىلمىسە،
نېمە دېسە دېسۇن، ئۇ تامامەن ھايۋاندۇر.

4638 سىنايۇ كۆرۈ بىلمەسە ئەر بىلىك،
كىشىگە ساماغۇ ئانى، ئاي سىلىگ.
سىناپ كۆرۈپ بىلىم ئۆگەنمىگەن كىشىنى
ئادەم قاتارىدا ساناشقا بولمايدۇ، ئەي مۇلايىم!

4639 باشىندا كەچىپ ئەر يورىق تۇزمەسە،
كۆنى سۆزلەمىش بولدى يىلقى تەسە.
بېشىدىن (كۆپ ئىش) كەچۈرۈپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى تۈزەتمىسە،
(ئۇنداق كىشىنى) هايۋان دېسە، توغرا سۆزلىگەن بولىدۇ.

4640 ئۆد ـ ئۆدلەك كەچىپ بولماسا ئەر بۆگۈ،
كىشى تەپ ئاتاماغۇ، يىلقى تەگۇ.
دەۋرى ـ دەۋرانلارنى كېچىپ، كىشى دانا بولمىسا،
(ئۇنى) ئادەم دەپ ئاتىماي، هايۋان دېيىش كېرەك.

4641 كۆرۈ بارسا ياقشى ئايۇر ئەمچىلەر،
ئاشىغ ئاز يەسە ئەر ئەسەنىن كۈلەر.
قاراپ باقسا، تېۋىپلار ياخشى ئېيتقان،
كىشى تاماقنى قانچە ئاز يېسە، شۇنچە ساغلام ۋە خۇشال ياشايدۇ.

4642 ئەسەنلىك تىلەسە كۆر ئىگسىزلىكىن،
ئاز ئاتلىغ ئوتۇغ يە تىرىل ئاي تەگىن.
كېسەلسىز ئېسەنلىكنى تىلىسەڭ،
«ئاز» ناملىق دورىنى يېگىن، ساق ياشىغىن، ئەي بەگزادە.

4643 ئۆز ئىنچلىك تىلەسە ئەرەژى ئۇزۇن،
«تىل» ئاتلىغ ئەتىگ يە، تىرىل، ئاي تۇزۇن.
هالاۋىتى ئۇزۇن خاتىرجەملىكنى تىلىسەڭ،
«تىل» ناملىق گۆشنى يېگىن، ساق ياشا، ئەي مۇلايىم زات.

66

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا ئاشقا ئوقماق تۆرۈسىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش قائىدىسىنى ئېيتىدۇ

4644 قالى سەن ئوقىيىن تەسە سەن كىشىگ، C275
ئوقىغىل ۋەلىكىن كەد ئەتگىل ئىشىگ.
ئەگەر سەن كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىمەن دېسەڭ،
تەكلىپ قىلغىن، لېكىن ئىشىڭنى پۇختا تەييارلىغىن.

4645 ئاياق، تەرگى، ئەۋ ـ بارق ئارىغ تۇت تۆشەك، B335
تۆشەگىل، ئاش ئىچگۈ، يەمە كەد كەرەك.
قاچا ـ قومۇچ، داستىخان، ئۆي ـ مۈلۈك (ۋە) تۆشەكلەرنى پاكىز تۇت،
تۆشەك سال، يېمەك ـ ئىچمەك (ۋە باشقا) كېرەكلىكلەرنى (تەييارلا).

4646 ئارىغ ئەت ئاش ئىچگۈ، تاتىغلىغ سىلىگ،
يەسە ئارزۇ بىرلە سۇنۇغلى ئېلىگ.
يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەرنى پاكىز تەييارلا، لەززەتلىك بولسۇن،
(مېھمانلار) قول ئۇزارتىپ، ئارزۇلاپ يېسۇن.

4647 ئوقىماسا ئاش ـ سۇۋ مۇنى بىر بولۇر،
ئوقىسا كۆرۈگلى بىرىگ يۇز قىلۇر.
(مېھمان) تەكلىپ قىلمىغاندا ئاش ـ تائامنىڭ قۇسۇرى بىر بولسىمۇ
(بىلىنمەيدۇ)،
(مېھمان) تەكلىپ قىلغاندا (تائامنىڭ) قۇسۇرى بىر بولسا، (يېگەنلەر)
يۈز قىلىدۇ.

4648 ئۇسا ئەدگۈ ئەتكىل سەن ئاش ـ سۇۋ ئارىغ،
تودۇپ قوپسۇ، بارسۇ كەلىگلى ئارىغ.
يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىمكانقەدەر پاكىز (ۋە) ياخشى تەييارلىغىنكى،
كەلگەن (مېھمانلارنىڭ) ھەممىسى تويۇپ قوپسۇن.

4649 ئاداشىغ، قاداشىغ، يىراق يا ياقىن
تۆزۆگ ئاشقا ئۇندە، كۇدەزگىل ھەقىن.
دوست، قېرىنداش، يىراق ـ يېقىنلارنى
بىردەك زىياپەتكە تەكلىپ قىل، ھەققىنى ئادا قىل.

4650 كەلىگلىسى كەلگەي، قالى كەلمەسە،
كۆڭۈل قالماغاي، كۆر، ئانىڭدا باسا.
كېلىدىغانلىرى كېلىدۇ، ئەگەر كەلمىسە،
كېيىنچە كۆڭلى قالمايدۇ.

4651 بوغۇز ئۆۋكەسى بولسا ياۋلاق بولۇر،
ئۆچەپ كەك سۇرەر، ئۆلسە ئۆترۇ قالۇر.
نەپسىنىڭ خاپىلىقى يامان بولىدۇ،
ئۆچەكىشىپ ئاداۋەت ساقلايدۇ، (بۇ ئاداۋەت) ئۆلگەندىلا قالىدۇ.

4652 كۆرۇ بار، تۆزۇگە ئاش ـ ئىچگۇ تەگۇر،
كىنىكمىش بار ئەرسە، يەمە ئاش يەتۇر.
دىققەت قىلىپ، ھەممىگە ئاش ـ تائامنى يەتكۇزۇپ بەر،
كېچىكىپ كەلگەنلەر بولسا، ئۇلارغىمۇ تائام يېگۈز.

4653 كىشى ئاش يەسە سەن ئۇزە ئىچگۇ تۇت،
ئانى ئىچسە، ئىچگۇ يەمەئۆك ئانۇت.
كىشىلەر ئاش يېسە كېيىن ئىچكۇ تۇتقىن،
ئۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تولۇقلاپ قوي.

4654 قايۇدا يەگۇ بولسا ئىچگۇ كەرەك،
يەگۇ ئىچگۇ بىرلە تەڭەشگۇ كەرەك.
يېمەك بار يەردە، ئىچىملىكمۇ بولۇشى كېرەك،
يېمەكنى ئىچىملىك بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

4655 يەگۇ بولسا ئىچگۇ ئانۇق بولماسا،
ئاغۇ بولدى، ساقىن، ئول ئاشنى يەسە.
يېمەكنىڭ يېنىدا ئىچىملىك تەييار بولمىسا،
ئۇ تاماق يېگۇچىلەر ئۇچۇن ئوغا بولىدۇ.

4656 تىلەسە فۇقائ بەر، تىلەسە مىزاب،
تىلەسە جۇلەڭبىن، تىلەسە جۇلاب.

خالىسا شەربەت بەر، خالىسا مەيزاپ (بەر)،
خالىسا گۈل شارابى، خالىسا جۇلاپ (بەر).

4657 مۇنىڭدا نارۇقى نەگۇ بەرگۈڭى،
ماڭا سەن ئايىتما، ئايىتغىل ئۆڭى.
بۇنىڭدىن باشقا (يەنە) نېمە بېرىشىڭنى
مەندىن سورىما، باشقا (مېھمانلاردىن) سورا.

4658 ئۇلۇغلار يەسە ئاش تۇگەسە يەيۇ،
كىچىگلەرگە بەرگۇ ئاش ئىچگۇ، يەگۇ.
ئۇلۇغلار تائام يەپ تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن،
كىچىكلەرگە يېمەك - ئىچمەك تارتىش كېرەك.

4659 تۆزۈگە تەگۇر ئاش، كۆرۈ قودماغىل،
سۆكە بارماسۇنلار، ئاچىن ئىدماغىل.
ھەممىگە تاماقنى تەلتۆكۈس يەتكۈزۈپ بەرگىن، چالا قويما،
ئاچ قايتۇرما، (سېنى) سۆكۈپ قايتمىسۇن.

4660 ئاش ئىچگۇ يەسەلەر نۇقۇل ئۇر يەمىش، B 336 C 276
قۇرۇغ ئۆل يەمىش ئۇر، بىر ئانچا سىمىش.
ئاش - تائام يېيىلىپ بولغاندا، يەل - يېمىش قوي،
قۇرۇق - ھۆل يېمىشلەردىن ۋە ئاز - تولا شىمىشكا قوي.

4661 پىچىش قىل، كۈچۈڭ يەتسە پىچغىل ئاغى،
ئۇسا تىش تەرى بەر، كەسىلسۇ چوغى.
كۈچۈڭ يەتسە، يىرتىش قىل، يېپەك (رەختلەر) تارقات،
چىش ھەققىنى بەرگىن، گەپ - سۆزلەر بېسىلسۇن.

4662 تۇگەل بولدى ئەمدى ئاش - ئىچگۇ ئىشى،
ئاچا بەر قاپۇغ، بارسا تىدما كىشى.
(شۇنىڭ بىلەن) زىياپەت ئىشلىرى تامام بولىدۇ،
دەرۋازىنى ئېچىۋەت، قايتقۇچىلارنى تۇتۇپ قالما.

4663 بۇ ئاشقا ئوقىغلى بولۇر تۆرت قۇتۇ،
بارىغلى يەمە تۆرت بولۇر، ئاي بوتۇ.
زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنىدىغانلار تۆت تەبىقە بولىدۇ،
كېلىدىغانلارمۇ تۆت تەبىقە بولىدۇ، ئەي بوتام.

4664 بىرەگۈ بارىر ئاشقا ئۈندەسەلەر،
ئاش ـ ئىچگۈ ئىچەر، يەر نەگۈ بەرسەلەر؛
بىرى، تەكلىپ قىلسا، زىياپەتكە بارىدۇ،
نېمە بەرسە، شۇنى يەپ ـ ئىچىدۇ؛

4665 يانا ئۆز ئەۋىگە ئوقىماز كىشى،
باشى بۇرنۇ يەر ئەۋدە يالگۇز ئاشى.
(لېكىن) ئۆز ئۆيىگە ئادەم تەكلىپ قىلمايدۇ،
ئۆيىدە ئاش ـ تامىقىنى ئۆزى يالغۇز يەيدۇ.

4666 تاقى بىر كىشى كۆرسە ئاشقا بارىر،
ئاشىن يەر، ئانى ياندرۇ ئاشقا ئوقىر.
يەنە بىر (خىل) كىشىلەر زىياپەتكە بارىدۇ،
قارىساڭ، ئاشنى يەيدۇ، جاۋابەن ئاشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

4667 تاقى بىر كىشى ئاشقا بارماز بولۇپ،
كىشىگمە ئەۋىگە ئوقىماز كۆرۈپ.
يەنە بەزى كىشىلەر زىياپەتكە بارمايدۇ،
كىشىلەرنىمۇ ئۆيىگە چاقىرمايدۇ.

4668 ئۆلۈگ ئول، مۇنى سەن تىرىگكە ساما،
قاتىلما مۇڭار سەن، تىرىگلىك يەمە.
بۇنداقلار ئۆلۈكتۇر، تىرىك ھېسابلىما،
بۇنداقلارغا قوشۇلما، (بىللە) تىرىكچىلىك قىلما.

4669 تاقى بىر قۇتۇ ئاشقا بارماز ئوقىپ،
كىشىگ ئاشقا ئۈندەر توقىملار توقىپ.
يەنە بىر خىل تەبىقە تەكلىپ قىلىنىسىمۇ زىياپەتكە بارمايدۇ،
مال سويۇپ، باشقىلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ.

4670 بۇلاردا ئەڭ ئەدگۈ يورىق بۇ تۇرۇر،
بۆگۈ بىلگە ئۆگمىش قىلىق بۇ تۇرۇر.
بۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يوسۇندۇر،
دانا بىلىمدانلار ماختىغان قىلىق ئەنە شۇدۇر.

4671 كەرەك ئاشقا بارغىل، كەرەك بارماغىل،
بوغۇز تىد، ئاش ئاز يە، ئەسەنىن تىرىل.

مەيلى زىياپەتكە بارغىن ياكى بارمىغىن،
گېلىڭنى تىيىپ، تاماقنى ئاز يېگىن، سالامەت ياشىغىن.

4672 ئۆكۈش يەگلى يالڭۇق، كۆر، ئىگچىل بولۇر،
سارىغ مەڭزى، قوۋداق، ئاتى ئەل بولۇر.
نەزەر سال، كۆپ يېگەن كىشى كېسەلچان بولىدۇ،
چىرايى سېرىق، ماغدۇرسىز، ئېتىبارى يوق بولىدۇ.

4673 مۇڭار مەڭزەيۈر، كۆر، ئوتاچى سۆزى،
تادۇ بىلگۈچى كۆڭلى بىلكى يازى.
كۆڭلى، بىلىمى كەڭ، (كىشىنىڭ) مىزاجىنى بىلگۈچى
تېۋىپلارنىڭ سۆزى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان:

4674 A 133 B 337 «بوغۇزدىن كىرۈر ئىگ كىشىگە ئاشىن،
كىشىگ ئىگ قارىتۇر، تۇگەمەز ياشىن.
«كىشىگە كېسەل گالدىن تاماق بىلەن كىرىدۇ،
كېسەل كىشىنى قېرىتىدۇ، تولۇق ياشىيالمايدۇ.

4675 بوغۇزۇغ كۇدەز، تۇتچى ئىگسىز يورى،
قىلۇر ئىگ كىشىنىڭ يۇزىنى يىشىن».
گېلىڭنى تىيىپ، دائىم كېسەلسىز ياشا،
كېسەل ــ كىشىنىڭ يۈزىنى سولدۇرىدۇ».

4676 بۇ ياڭلىغ بولۇر، كۆر، ئاش- ئىچگۈ ئىشى،
ئوقىغلىقا بارسا، يا كەلسە كىشى.
قارا، زىياپەت ئىشلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
تەكلىپ قىلغانىڭكىگە بارساڭمۇ ۋە تەكلىپ قىلساڭمۇ (شۇنداق).

*　　*　　*

4677 مۇنۇ سۆزلەدىم مەن، ئەشىتتى ئۆزۈڭ،
مۇنى تاپ قىل ئەمدى، ئۇزاتما سۆزۈڭ.
بۇلارنى مەن سۆزلىدىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، سۆزنى ئۇزارتما.

4678 C 277 بۇ ئول دۇنيا ھالى، يورىقى يولى،
كىشىگە قاتىلماق تىلەسە قالى.

ئەگەر كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى خالىساڭ،
دۇنيانىڭ ئەھۋالى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئەنە شۇنداق.

4679 ئاي كۆڭلۈم يارۇقى، ھەقىقەت ياقىن،
سۆزۈم مەئىنىسىن ئۇق، يەمە كەد ساقىن.

ئەي دىلىمنىڭ روشنى، ھەقىقىي يېقىن (دوستۇم)،
سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ياخشىراق ئويلان.

67

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئەۋرۈپ بارىڭا تاپى بولاقىن ئايۇر

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، بارىغا قانائەت قىلماقنى ئېيتىدۇ

4680 يانۇت باردى ئودغۇرمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئەشتتىم مەن، ئەمدى ئەشىت ئەۋرە سۆز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
(سۆزلىرىڭنى) ئاڭلىدىم، ئەمدى جاۋابىنى ئاڭلا.

4681 سەن ئايمىش بۇ سۆزلەر كىم ئۆگرەنسەلەر،
ئازۇن ئىچرە بۇلغاي تىلەك ئارزۇلار.
سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى كىمدىكىم ئۆگەنسە،
بۇ دۇنيادا ئارزۇ ـ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

4682 ۋەلىكىن تىرىگلىك بولۇرمۇ يەگۈ؟
مۇنى بىلگۇ ئاشنۇ، ئاي بىلگە بۆگۈ.
ۋە لېكىن، تىرىكچىلىك يەپ ـ ئىچىشتىنلا ئىبارەتمۇ؟
ئەي دانا ئالىم، ئالدى بىلەن بۇنى بىلىش كېرەك.

4683 كىشى مۇنچە ئەمگەك بىلە قازغانىپ،
ئۇزۇن قالماز ئەرسە نەرەك نەڭ يىغىپ.
كىشى شۇنچە مۇشەققەت بىلەن (مال ـ دۇنيا) يىغىپ،
ئۇزۇن ياشىيالمىسا، مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ نېمە هاجىتى؟

4684 بۇ دۇنيا تىلەيۇ يۈگۈرسە كىشى،
ياتۇ قالدى تائەتب ـ تاپۇغلار ئىشى.
ئادەم بۇ دۇنيا (مېلىنى) تىلەپ يۈگۈرۈپ (يۈرسە)،
تائەت ـ ئىبادەت ئىشى توختاپ قالىدۇ.

4685 بۇ كۈن سەن ماڭا كەلمىشىڭدە بەرۇ،
باقا كۆر تاپۇغ بارچا قالدى تۇرۇ.

بۇگۇن سەن مېنىڭكىگە كەلگىنىڭدىن بېرى،
ئىبادەتلىرىمنىڭ ھەممىسى قېپقالدى، قارا.

4686 قامۇغ بىر كىشىگە قاتىلمىش ئۇچۇن،
ياسى مۇنچا ئەرسە، كۇچەمە ئۆچۇن.

پەقەت بىر ئادەم بىلەنلا ئارىلىشىش ئۇچۇن،
شۇنچىلىك زىيان بولغانىكەن، قوي، زورلىما.

4687 ئۇلۇش كەندكە كىرسە مەنىڭ بۇ ئۆزۇم، B338
كىشى بىرلە بولغا ئىشىم ھەم سۆزۇم.

مەن ئۆزۇم شەھەر ـ كەنتكە كىرسەم،
بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىم كىشىلەر بىلەن بولىدۇ.

4688 نەگۇتەك قىلۇرمەن بۇ تائەت تاپۇغ،
ياپۇلغاي ماڭا بۇ سىڭاردىن قاپۇغ.

تائەت ـ ئىبادەتلىرىمنى قانداق ئادا قىلىمەن،
بۇ جەھەتتىن ماڭا ئىشىك يېپىلغان بولىدۇ.

4689 كىچىگلىكتە ياندىم، قارىدىم بۇ كۇن،
بايات تاپغى بىرلە تىرىلدىم ئۆگۇن.

ياشلىقىمدىن ئۆتۇپ كەتتىم، بۇگۇن قېرىدىم،
(ئەمدى) خۇداغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ياشىشىم كېرەك.

4690 يانا ياندرۇ ياناماق ياۋالىق تاپا،
يارارمۇ ماڭا، ئاي باغىرساق ئابا.

بىھۇدىلىك تەرەپكە قايتا يېنىش
ماڭا يارىشارمۇ، ئەي مېھرىبان كىشى؟

4691 نە ئەدگۇ بىلىك بەردى بىلكى ئۆگۇز،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئايا كۆڭلى تۇز:

بىلىمى دەريادەك (كەڭ) دانىشمەن قانداق ياخشى تەلىم بەرگەن،
بۇنى چۇشەنگىن، ئەي كۆڭلى تۇز:

4692 يىگىتلىكتە قىلغىل قارىلىق ئىشى،
قارىسا بارىر كۇچ، يەتىلمەز كىشى.

يىگىتلىكىڭدە قېرىلىق (ئۇچۇن) ئىشلە،
قېرىغاندا كۇچتىن قالىدۇ، كىشى (ئۇنىڭغا) ئۇلگۇرەلمەيدۇ.

C278 4693 يىگىتلىكتە تاۋرات باياك تاپغى قىل،
قارىلىقتا بولماز، مۇنى يەترۇ بىل.
يىگىتلىكتە خۇدانىڭ ئىبادىتى ئۆچۈن ئالدىرا،
قېرىلىقتا بۇنى يېتەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ، (بۇنى) بىل.

4694 كىچىگ ئوغلان ئەركەن قىلىنچ ئەدگۇ تۇت،
ئۇلۇغلۇقتا تەگسە ئۇدىنۇر بۇ ئوت.
كىچىك ئوغۇل(ۋاقتىڭدىلا) ئىش ـ ھەرىكىتىڭنى ياخشى قىل،
قېرىلىق يەتكەندە بۇ ئوت ئۆچىدۇ.

4695 نە ئەدگۇ بولۇر، كۆر، يىگىتلىك ئۆدۈن،
ئۇلۇگ ئالسا ئۆزگە قامۇغ ئەدگۈدۈن.
قارا، يىگىتلىك مەزگىلىدە ھەممە ياخشىلىقلاردىن
ئۆز ھەسسىسىنى ئالسا، قانداق ياخشى بولىدۇ.

4696 نە تەڭسىز بولۇر، كۆر، قارىمىش كىشى
ياۋا بولسا، قىلسا يىگىتلەر ئىشى.
قارا، كىشى قېرىغاندا، يىگىتلەرچە ئىش قىلىپ،
بىمەنە بولسا، نېمىدېگەن ياراشمايدۇ (ھە!)

4697 تىرىگلىك ئۆچۈن بولدى دۇنيا نەڭى،
تىرىگلىك تۈگەسە تۇكەر نەڭ، مۇڭى.
دۇنيانىڭ نەرسىلىرى تىرىكلىك ئۈچۈندۇر،
تىرىكلىك تۈگىسە، مال ـ دۇنياغىمۇ ئېھتىياج تۈگەيدۇ.

4698 تىرىگلىك ئۆچۈقتى تەرىپ بۇ نەڭىڭ،
ئانۇق كىمگە قودغۇ كەسىلسە تىنىڭ.
مال ـ دۇنيا توپلايمەن، دەپ (بۇ) تىرىكلىك تۈگەيدۇ،
نەپەس ئۈزۈلسە، بۇنىڭ كىمگە قالىدىغانلىقى ئېنىق.

4699 تۇتايىن سەن ئايمىش ئەلىگ تاپغىنى،
تۈگەل بىلدىم ئەش تۇش، بودۇن قىلقىنى.
سەن ئېيتقان ئەلىگ خىزمىتىنىمۇ قىلاي،
دوست ـ بۇرادەر ۋە خەلق خۇلقىنى ئۆگىنەي.

4700 نەگۇ ئاسغى ئاخىر ئۆلۇر ئەرسە ئۆز،
ساڭا تەگگۇسى يوق مەگەر ئىككى بۆز.

ئاخىر ئۆلۈپ كەتسەم، بۇنىڭ نىمە پايدىسى؟
ساڭا ئىككى بۆزدىن (باشقا) تېگىدىغان (نەرسە) يوق!
4701 بۇ مۇنچا ئىسنىمەك، ئازۇ تومىلماق
تىلەك ئىكى بولدى، ئاي ئەرسىگ چوماق.
شۇنچىۋالا كۆيۈپ ـ پىشىش، مۇزلاپ ـ تىترەشنىڭ
ئىككىلا مۇددىئاسى بار، ئەي مەرد مۇسۇلمان.
4702 بىرى، دۇنيا مالىن بەدۇسە ئۆزۈك، B339
تاقى بىر، يورىق بولسا ئەلدە سۆزۈك.
بىرى، (بۇ) دۇنيا مېلى بىلەن ئۆزۈكنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،
يەنە بىرى، ئەلدە سۆزۈك ئۆتىدىغان بولۇش.
4703 ئەدى ئەدگۈ ئەردى بۇ ئىككى بولۇپ،
ئۆلۈم تۇتماسا، قالسا مەڭگۈ بولوپ.
بۇ ئىككى نەرسىگە ئېرىشىپ،
ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ياشايدىغان (ئىش) بولسا، بەك ياخشى ئىدى!
4704 ئۆلۈم ئالدى مەندىن بۇ ئىككى تاتىغ،
نەرەك ئەمدى دۇنيا، ئاي بىلكى پاتىغ.
ئۆلۈم مەندىن بۇ ئىككى ھالاۋەتنى تارتىۋالىدۇ،
(شۇنداق ئىكەن) بۇ دۇنيانى نىمە قىلىمەن، ئەي چوڭقۇر بىلىمدان؟
4705 كىشى قۇتلۇغىنىڭ بولۇر بەلگۈسى،
كۈنگە يەگەدۈر ئانىڭ ئەدگۈسى.
ياخشىلىقى ھەر كۈنى ئارتىپ بارسا،
بۇ بەختلىك كىشىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.
4706 قالى قۇتسۇز ئەرسە كىشىگ تومىلتۇر،
قارىلىق ئۆدىندە قىلىنچ ئارتاتۇر.
كىشى ئەگەر بەختسىز بولسا، كىشىنى سوۋۇتىدۇ،
قېرىلىق مەزگىلىدە قىلىقى بۇزۇلىدۇ.
4707 ئەدى ياقشى ئايمىش بۆگۈ بىلكى كەڭ،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئايا قىزغۇ ئەڭ:
بىلىمى كەڭ دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقان،
ئەي خۇش چىراي، بۇنى سەن ئاڭلا:

4708 «كىشى قۇتلۇغى ئول نەچە ئۇلغادۇ،

بارۇ ئەدگۇ بولسا، ئەسىزلىك قودۇ.

«قانچە يۈكسەلگەنسېرى يامانلىقنى قويۇپ، بارغانسېرى

ياخشى بولسا، بۇ كىشىنىڭ بەختلىك بولغىنىدۇر.

4709 تۇگەل بەلگۇلۇگ بىل كىشى قۇتسۇزى، C 279

قارىپ يۈگرۈر ئەرسە ھەۋاسى ئۇدۇ».

قېرىغاندىمۇ ھەۋەس كەينىدىن يۈگۈرسە،

بىلگىنكى، بۇ تامامەن بەختسىز كىشىنىڭ بەلگىسىدۇر».

4710 قانى ئول بۇ دۇنيا تىلەپ تۇتغۇچى،

ئۆزىڭە تەمۇر كەند، تۇرا ياپغۇچى؟

بۇ دۇنيا ئارزۇلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن،

ئۆزىگە تۆمۈر قەلئە ـ تۇرا ياساتقان (كىشى) قېنى؟[1]

4711 قانى ئول ئوتۇن ئىت بۇ دۇنيا بۇلۇپ،

ياشىل كۆككە سۆندى قارا قۇش مۇنۇپ؟

بۇ دۇنيانى ئىگىلەپ، قارا قۇشقا مىنىپ،

كۆك ئاسمانغا چىققان ئاشۇ يامان ئىت قېنى؟[2]

4712 قانى ئول بايات مەن تەگۇچى ئوتۇن،

تەڭىزدە قودى ئىدتى تەڭرى تۆبۇن.

«خۇدامەن» دەپ دەۋا قىلغان،

خۇدا تەرىپىدىن دېڭىز تېگىگە غەرق قىلىنغان مەلئۇن قېنى؟[3]

4713 قانى ئول بۇ دۇنيا نەڭىن تەرگۇچى،

نەڭى بىرلە يەردە قودى بارغۇچى.

بۇ دۇنيا ماللىرىنى توپلىغان ۋە ماللىرى بىلەن (بىللە)

يەر قەرىگە كىرىپ كەتكەن (كىشى) قېنى؟[1]

4714 قانى ئول توغاردىن پاتارقا تەگى،

يورىپ ئەل تۇتۇغلى بۇ دۇنيا بەگى.

---

① شەددات كۆزدە تۇتۇلغان، ئۇ ئەپسانىۋى شاھ بولۇپ، ئۆزىگە «باغى ئېرەم» ناملىق بىر جەننەت ياساتقان.
② نەمرۇد كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ پىرئەۋن كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ، خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىقى ئۈچۈن دېڭىزغا غەرق قىلىنغان دېيىلىدۇ.
④ ئەپسانىۋى باي قارۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شەرقتىن غەربكىچە يۇرۇش قىلىپ،
ئەللەرنى ئىگىلىگەن دۇنيا بېگى قېنى؟[1]

4715 قانى ئول تاياقى يىلان بولغۇچى،
تەڭىز يارلىپ ئۆترۈ يورىپ كەچگۈچى.

تايىقى (ھاسىسى) يىلان بولغان،
دېڭىز يېرىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن كېچىپ ئۆتكەن (كىشى) قېنى؟[2]

4716 قانى ئول پەرى، قۇش بۇ يالڭۇق ئۇزە،
ئۇلۇغلۇق قىلىغلى، قىلىنچى تۇزە.

پەرى، قۇشلارغا ۋە ئادىمىزاتقا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇ ئادىل (شاھ) قېنى؟[3]

B340 4717 قانى ئول ئۆلۈگ تىرگۈرۈگلى كىشى،
ئۆلۈمگە تۇتۇغ بولدى ئاخىر ئىشى.

ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەن كىشى قېنى؟[4]
ئاخىر ئۆزىمۇ ئۆلۈمگە دۇچار بولدى.

4718 قانى ئول كىشىدە ئۆدۈرمىش تالۇ،
قوقۇز قالدى دۇنيا، ئەرىلدى تولۇ.

ئادەملەرنىڭ سەرۋەرى، (تاللانغىنى) قېنى؟[5]
دۇنيا ئۇنىڭسىز بوش قالدى، يېتىمسىرىدى.

A134 4719 ئۆلۈم تۇتتى ئەلتتى بۇ سامىشلارىغ،
سەنىمۇ قودۇر، كۆر، ئاي قىلقى ئارىغ.

بۇ سانغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى،
قارا، سېنى تاشلاپ قوياتتىمۇ، ئەي خۇلقى پاك؟!

4720 بۇ ياڭىلىغ تۇرۇز بۇ ئازۇن ئۆڭدىسى،
كەرەك ئۆڭدىسى تۇت، كەرەك تۆڭدىسى.

بۇ دۇنيانىڭ قانۇنى ئەنە شۇنداقتۇر،
خالىساڭ قانۇنىنى تۇت، خالىساڭ (ئۇنىڭ) ئەكسىنى (تۇت).

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 356 ــ 323 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② سۇلايمان پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.
③ سۇلايمان پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.
④ ئېيسا پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.
⑤ مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.

4721 باقا كۆرگىل ئەمدى ياغىز يەر قويى،
نە ياڭلىغ كىشى كىردى تولماز ئۈيى.
قارىغىنا، قوڭۇر يەر قويىنىغا
نى ـ نى ئادەملەر كىرىپ كەتتى، (لېكىن) قويىنى تولمىدى.
4722 ئاچىپ كۆرسە ئەردىك قارا يەر قاتىن،
نە ئۆدرۈم تالۇلار ياتۇر ئىنچىقىن.
قارا يەر قېتىنى ئېچىپ كۆرسەڭ ئىدىڭ،
نى ـ نى سەرخىل، ئېسىللارنىڭ ھەسرەتتە ياتقىنىنى كۆرەتتىڭ!
4723 نە بەگلەر ياتۇرلار قارا يەر بولۇپ،
نە بىلگە بۆگۈ سىزدى يەردە ئۆلۈپ.
نى ـ نى بەگلەر قارا تۇپراق بولۇپ ياتماقتا،
نى ـ نى بىلىملىك ئالىملار ئۆلۈپ تۇپراقتا ئارىلىشىپ كەتتى.
4724 بەگىن قۇلدا ئادرا بىلۈمەز ئۆزۈم،
چىغايىغ بايىندا سەچۈمەز كۆزۈم.
مەن بەگ بىلەن قۇلنى ئايرىيالمايمەن،
كۆزۈم كەمبەغەلنى بايدىن پەرق ئېتەلمەيدۇ.
4725 نەچە كۈر كۈچەزلەر بىر ئىگ ئىگلەمەز،
قارا يەرگە كىردى، قانى تەپرەمەز.
ئاغرىپ، كېسەل بولمىغان نى ـ نى جەسۇر، مەغرۇر ئادەملەر
قارا يەر تېگىگە كىرىپ، قىمىرلىماي ياتىدۇ.
4726 بۇ ياڭلىغ كىشىلەر تۆشەندى يەرىگ، C 280
يا سەنمۇ قالىرسەن، يا مەنمۇ تىرىگ.
ئاشۇنداق ئادەملەر قارا يەر تېگىدىن ئورۇن ئالدى،
ئەمدى سەن بىلەن مەن تىرىك قالاتتۇقمۇ؟
4727 يورىيۇ تۇرۇغلى بۇ بارقىن كىشى،
ئۇلۇغ يولدا ئەتمەز بۇ ئەۋ بارق ئىشى.
كىشىلەر كارۋاندۇر، ئۇ (ھامان) يۇرۇپ تۇرىدۇ،
چوڭ يولدا ئۆي ياساپ مەنزىل تۇتمايدۇ.
4728 ئۆزۈمدىن كۆتۈردۈم بۇ ئارزۇ تىلەك،
قودۇ بەر، باياتىم ماڭا تاپ يۆلەك.

ھەممە ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلدىم،
قويۇۋەت، پەقەت بىر خۇدا ماڭا يار ـ يۆلەكتۇر.

4729 كىشىگ قۇل قىلىغلى بۇ سۇقلۇق تۇرۇر،
كەتەردىم بۇ سۇقلۇق، كۆزۈم توق تۇرۇر.
كىشىنى قۇل قىلىش بىر ھاۋايۇ ھەۋەستۇر،
بۇ ھەۋەسنى تاشلىدىم، كۆزۈم توق يۈرىمەن.

4730 نەگۇ تەر ئەشىت دۇنيا قودمىش كىشى،
يايىغ دۇنياقا كۆڭلى تودمىش كىشى:
دۇنيادىن ۋاز كەچكەن، بىۋاپا دۇنيادىن
كۆڭلى قايتقان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4731 «ئاژۇندا تىلەكىن بۇلۇندى ئۆزۈم، B 341
ھەرىسلىق ئۇزىندىن كەتەردى كۆزۈم.
«مەن دۇنيادا تىلىگەنلىرىمگە ئېرىشتىم،
ھېرىسلىقتىن كۆزۈم يىراق.

4732 ئۆزۈم قودتى دۇنيا تىلەك ئارزۇسىن،
تىلەكىم تۇگەندى، كەسىلدى سۆزۈم».
مەن دۇنيانىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى تاشلىدىم،
تىلەكلىرىم تۈگىدى، سۆزۈم كېسىلدى».

4733 بۇ دۇنيا ئىچى بىر تارىغلار تۇرۇر،
نەگۇ ئەكسە مۇندا يارىن ئول ئۇنۇر.
بۇ دۇنيا دېگەن بىر تېرىلغۇ يەردۇر،
ئۇنىڭغا نېمە تېرىساڭ، كېيىن شۇ ئۇنىدۇ.

4734 ئۇرۇغ ئەدگۇ ئەكسە ئۇنۇر ئەدگۇلۇك،
ئول ئەدگۇ بولۇر، ئول يەگۇ، كەدگۇلۇك.
ياخشى ئۇرۇقنى چاچساڭ، ياخشىلىق ئۇنىدۇ،
بۇ ياخشىلىق (ساڭا) يېمەك، كىيىم ـ كېچەك بولىدۇ.

4735 ئۇرۇغ ئەسىز ئەكسە ئەسىز ئۆك ئۇنۇر،
ئول ئەسىز بويۇنقا يارىن يوك بولۇر.
يامانلىق ئۇرۇقى چېچىلسا، يامانلىق ئۇنىدۇ،
بۇ يامانلىق ئاقىۋەتتە بوينۇڭغا يۈك بولىدۇ.

4736 بۇ كۈن قودماغىنچا ھەۋا ـ ئارزۇلار،
يارىن بۇلغۇ ئەرمەز ئۆزۈم ئەدگۈلەر.
بۈگۈن ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى تاشلىمىغۇچە،
ئەتىكى ياخشىلىققا ئىگە بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس.

4737 سەنى قودماز ئەركەن، بۇ دۇنيانى قود،
ساڭا تودماز ئەركەن، سەن ئەر ئاشنۇ تود.
(دۇنيا) سېنى تاشلىماستىلا، سەن دۇنيانى تاشلا،
سەندىن تويماستىلا، سەن ئۇنىڭدىن توي.

4738 ئانى قودماسا سەن، سەنى قودغائوق،
ئاڭار تودماسا سەن، ساڭا تودغائوق.
سەن ئۇنى تاشلىمىساڭ، ئۇ سېنى تاشلايدۇ،
ئۇنىڭغا تويمىسا، ئۇ ئۇ ساڭا تويىدۇ.

4739 بۇلۇپ قالغۇ ئەرسە نەرەك بۇ ئاژۇن،
سەنى قودغۇ ئەرسە ئانى قود ئۆزۈن.
ئېرىشىپ (يەنە) تاشلاپ كەتسە، جاھاننىڭ نېمە كېرىكى؟
(ئۇ) سېنى (ھامان) تاشلايدۇ، (شۇڭا) سەن ئۇنى تاشلا!

4740 مۇنى قود تىلە ئول ئاژۇنۇغ تۇرۇپ،
ئەرەژىن تىرىل ئاندا مەڭۇ بولۇپ.
بۇ دۇنيانى قوي، ئۇ دۇنيانى تىلىگىن،
ئۇ (دۇنيا) دا مەڭگۈ راھەت ئىچىدە ياشا.

4741 تاقى مۇندا يەگرەك تىلەيىن تەسە،
ئىكىگۈن ئاژۇنۇغ تىلەمە ئۇسا.
بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشىراقى باركى،
ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ھەر ئىككى دۇنيانى ئىزدىمە.

4742 يورى ئىككى ئاژۇن ئىدىسىن تىلە، C 281
نەرەك دۇنيا ئۇقبى ئىكىگۈن بىلە.
يۈر، ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسىنى ئىزدە،
دۇنيا ۋە ئاخىرەت ـــ بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

4743 تۆرۈتگەننى بۇلسا تۆرۈمىش سەنىڭ،
ياراتغاننى بۇلسا يارالمىش سەنىڭ.

تۆرەلدۈرگۈچىگە ئىبرىشسەڭ، تۆرەلگەنلەر سىنىڭدۈر،
ياراتقۇچىنى تاپساڭ، يارىتىلغانلار سىنىڭدۈر[①].

4744 تۆرۈمىشكە قورقما، تىلەمە تىلەك،
تۆرۈتگەنگە قورقغىل، ئانى تۇت يۆلەك.
يارىتىلغاندىن قورقما، ئۇنىڭدىن تىلەك تىلىمە،
ياراتقاندىن قورق، ئۇنى يۆلەكچى قىل.

4745 تۆرۈتگەن ئىدى تاپغى ئەۋرە قودۇپ،
تۆرۈمىشكە تاپماق بولۇرمۇ ئۇدۇپ؟
ياراتقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلىشنى كەينىگە قويۇپ،
يارالغانغا خىزمەت قىلماق مۇناسىپ بولامدۇ؟

4746 ئىكىدە ئادىن يوق تاپۇغچى ئىشى، B342
يا تاپغى ياراغاي، كۆتۇرگەي باشى.
خىزمەت قىلغۇچى ئىككى نەرسىدىن باشقىغا ئىرىشمەيدۇ،
يا خىزمىتى يارايدۇ، بېشى كۆتۈرۈلىدۇ.

4747 يا تاپغى ياراماغا ئەمگەكلەرى،
ياۋا بولغا ئۆد ـ كۈن تىرىگلىكلەرى.
ياكى خىزمىتى ـ ئەمگەكلىرى يارىمايدۇ،
كۈنلىرى ـ ئۆمرى بىھۇدە زايە بولىدۇ.

4748 ياراسا تاپۇغ، بەگ كۆتۈرسە ئانى،
بولۇر ئۆزگە ئەركسىز بۇ بۇلمىش كۈنى.
خىزمىتى يارىسا، بەگ ئۇنى ئۆستۈرسە،
بۇنىڭغا يېتىشكەن كۈنى ئۆزى ئەركسىز بولىدۇ.

4749 ئارا ئاچ، ئارا توق يۇگۇرگۇ كەرەك،
بەگى ياتسا، ئەمگەك بۇ كۆرگۇ كەرەك.
بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈگۈرۈش كېرەك،
بېگى ياتسا، ئۇ جاپا چېكىشى كېرەك.

4750 قالى سىڭمەسە، كۆر، بۇ قىلمىش تاپۇغ،
ياۋا بولدى، ئەسىز، تىرىگلىك قامۇغ.

---

① بۇ بېيىتتە خۇداغا سىغىنىپ، خۇدا مەرھەمىتىگە ئېرىشسەڭ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نازۇ نېمەتلەر ساڭا خاس بولىدۇ، دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئەگەر بۇ قىلغان خىزمەتلەر لايىق كۆرۈلمىسە،
ئەپسۇسكى، ئۆمۈر پۈتۈنلەي زايە بولىدۇ.

4751 قايۇ ئول تاپۇغچىقا ئايغىل ئاسىغ،
بۇ تاپغى ئىچىندە نەگۇ ئول تاتىغ؟
خىزمەتچىگە مەنپەئەت نىمە، بۇنى ئوچۇق ئېيت،
بۇ خىزمەتلەردە قانداق لەززەت بار؟

4752 نەگۇ تەر ئەشتكىل ئىلا ئەركىنى،
تاپۇغچى تۆرۈسىن ئايۇر، كۆر ئانى:
خىزمەتچى قائىدىسىنى سۆزلىگەن
ئىلى ھاكىمى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4753 باقا بارسا تەرس ئىش بۇ بەگلەر ئىشى،
تاپىنسا تەلىم، تەرك يارانماز كىشى.
نەزەر سالساڭ، بەگلەرنىڭ ئىشى تەتۈر بولىدۇ،
شۇنچە كۆپ خىزمەت قىلساڭمۇ، كىشى دەرھال يارىماي قالىدۇ.

4754 ياراسا تاپۇغ ئۆزگە ئەركسىز بولۇر،
ياراماسا تاپغى كۈنگە ئىلۇر.
خىزمىتى ياراپ قالسا، ئۇ ئۆزىگە ئەركسىز بولىدۇ،
خىزمىتى يارىمىسا، كۈندىن ـ كۈنگە ئېتىباردىن چۈشىدۇ.

4755 تاپۇغقا ئىنانما، ئاي تاپغى تەلىم،
تاپۇغ قىلغا ئاخىر باشىڭنى قالىم.
ئەي كۆپ خىزمەت قىلغۇچى، خىزمەتكە ئىشەنمە،
(قىلغان) خىزمىتىڭ ئاخىر بېشىڭنى ئېگىدۇ.

4756 سەۋىندى تەدۈكتە، ساستۇر، سۆكەر،
يازىلدى تەدۈكتە، پۇشۇپ، قاش تۈگەر.
«رازى بولدى» دېگەندە، بەربات قىلىپ، سۆكىدۇ،
«چىرايى ئېچىلدى» دېگەندە، غەزەپلىنىپ قاپىقىنى تۈرىدۇ.

4757 تۈگەل بىلسە بولماز قىلىقلارىنى،
يەمە ئالسا بولماز ئالىقلارىنى.
(ئۇنىڭ) قىلىقلىرىنى تۈگەل بىلىپ بولمايدۇ،
ھەمدە ئالدىغانلىقىنىمۇ ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

4758 تۆپى يەل تۇرۇر بۇ ئاژۇن، كۆر، ئوغۇل،
كۆلگە تۇرۇر، كۆر، قەرارى يوق ئول.
(ئەي) ئوغۇل، نەزەر سال، بۇ دۇنيانىڭ ئاساسى بىر يەلدىنلا ئىبارەت،
ئۇ بىر كۆلەڭگىدۇركى، (تۇرىدىغان) قارارى يوق.

4759 ساقىم ئول، كۆرۈ بارسا، كۆرنۇ تۇرۇر، C282
تۇتايىن تەدۇكتە، يىتەر- يوق بولۇر.
ئۇ (بەئەينى) سەراپتۇر، قارىساڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ،
تۇتاي دېگەندە، غايىپ بولىدۇ، يوقاپ كېتىدۇ.

4760 كەزىكچە كەلىر، كۆر، بۇ دەۋلەت قۇرى، B349
تەزىك ئول، يايىغ هەم بولۇر تەرك قارى.
قارا، بۇ دۆلەت دەرىجىسى نۆۋەت بىلەن كېلىدۇ،
ئۇ قاچقۇن، بىۋاپا هەم تېز قېرىيدۇ.

4761 كەرەك بولماز ئەمدى بۇ دۇنيا ماڭا،
يا دەۋلەت كەزىكى كەزىك، ئاي توڭا.
ئەمدى بۇ دۇنيا ماڭا كېرەك ئەمەس، دۆلەتمۇ. ئۇنىڭ
كېلىش نۆۋىتىمۇ (كېرەك ئەمەس)، ئەي مەرد يىگىت.

4762 ئىدىم يادى ئەش تاپ، سەۋىنگۇ سەۋىنچ،
ئانىڭ يارلىغى تاپ، ئاۋىنغۇ ئاۋىنچ.
ئىگەمنىڭ يادى ماڭا هەمراھ بەس، (ئۇ) سۆيۈنچىمگە سۆيۈنچ،
ئۇنىڭ يارلىقى (مەن ئۈچۈن) كۇپايە، شادلىقىمغا شادلىق.

4763 سەۋۈگ بولماسا تاپ ئىدىم سەۋمىشى، A153
ياغىم يەك تۇرۇر، ئۆز ياغىلامىشى.
ئىگەمنىڭ سۆيگىنى كۇپايە قىلمىسا،
دۈشمىنىم شەيتاندۇر، شۇنىڭ بىلەنلا ئېلىشىمەن.

4764 تىلەكىم ئانىڭدىن، ئۇمىنچىم ئاڭار،
سىغىنغۇ ئىدىم ئول، كۇۋەنچىم ئاڭار.
تىلىكىمنى ئۇنىڭدىن (تىلەيمەن)، ئۇنىڭدىن ئۇمىد (كۈتىمەن)،
سىغىنغان ئىگەم شۇ، ئۇنىڭدىن شادلىق كۆرىمەن.

4765 تونۇم قوي يۇڭى تاپ، يەگۇم ئارپا ئاش،
تۇگەل بولدى دۇنيا ماڭا، ئاي قاداش.

كىيىمىم قوي يۇڭى، يېمىكىم ئارپا ئېشى بولسا كۇپايە،
(دېمەك) دۇنيا ماڭا يېتەرلىك، ئەي قېرىنداش.

4766 نەگۇ تەر ئەشتىكىل باغىرساق سۆزى،
ئۇڭۇردە تۇرۇغلى ساقىنۇق ئۆزى:
غارلاردا ياشىغۇچى، تەقۋادار،
مېھرىبان (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4767 «ئاژۇندا ئالىندىم ئۆزۇمگە ئۆڭى،
قاۋۇق، سۆكتى يەم تاپ، تونۇم قوي يۇڭى.
«دۇنيادىن ئۆزۇمگە تېگىشلىكنى ئالدىم،
سۆك ـ كېپەك تامىقىم، كىيىمىم قوي يۇڭى، شۇ كۇپايە.

4768 شەكەردە تاتىغلىغ قاۋۇق يۇر ماڭا،
چۇز ئول بۇ ئۆرۇم تون ئاغىلار تەڭى».
سۆك ـ كېپەك ماڭا شېكەردىن تاتلىقتۇر،
بۇ بۆز ئاق (ماتا) تون يىپەك (تون)غا تەڭدۇر.»

4769 قارىن تودغۇچا يە قامۇغ يەم ـ ئىچىم،
كەرەك ئارپا ـ يۇر تۇت، تودۇرغۇ ئاچىم.
ھەرقانداق يېمەك ـ ئىچمەك قورساق تويغۇچە يېيىلىدۇ،
مەيلى ئارپا، تېرىق بولسۇن ئاچلىقىمنى تويغۇزىدۇ.

4770 تۇرۇ ئۆلمەگۇچە يەگىل، ئاي قاداش،
يەمە ئۇدلايۇ سەن، تادۇڭ بۇلغا باش.
ئەي قېرىنداش، ئۆلمىگۇدەكلا بىرنەرسە يېگىن،
ئۇيدەك يەپكەتمىگىن، مىزاجىڭ بۇزۇلىدۇ.

4771 تاتىغ سۇرمە، تاتىغ قىنى كەد قاتىغ،
تاتىغقا يانۇت ئورنى تەڭسىز پاتىغ.
لەززەت قوغلاشما، لەززەتنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدۇ،
لەززەتلىنىش بەدىلىگە يېتىدىغان ئورنۇڭ ـــ چوڭقۇر پاتقاقلىقتۇر.

4772 ئاچىغ سۇچىگ ئاشلار بوغۇز تاتغى ئول،
بوغۇز تاتغى سۇرگەن كىشى يىلقى ئول.
ئاچچىق ـ چۇچۇك تائام گالنىڭ لەززىتىدۇر،
گال لەززىتىنى قوغلاشقان كىشى ھايۋاندۇر.

4773 ئاغى، چۇز، كەدىم ـ تون كىشى كەدگۈسى،
ئەت ـ ئۆز ئۆرتگۈ تاپ قىل، ئاي ئەر ئەدگۈسى.
يىپەك، زەر كىيىم ـ كېچەكلەر كىشىلەر كىيىدىغان (نەرسىلەردۇر)،
بەدىنىڭنى ياپالىسىلا بەس قىل، ئەي كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.
4774 بوغۇز بىر تودۇنسا ئىكى كۈن بارىر،
ئەگىن كەدسە بىر تون ئىكى يىل قالىر.
قورساق بىر تويسا ئىككى كۈنگە يېتىدۇ،
كىيىم كىيسە، بىر تون ئىككى يىل چىدايدۇ.
4775 بۇ ئىككى ئۈچۈن مەن ئۆزۈم قۇل قىلىپ، C283
كىشى تاپغى قىلماق يارارمۇ بىلىپ؟
بۇ ئىككى (نەرسە) ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى قۇل قىلىپ،
بىلىپ تۇرۇپ، كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلسام يارىشامدۇ؟
4776 ئەدىز ئەرشتا ئالتىن سەراقا تەگى، B344
تۆزۈ بارچا مۇڭلۇغ تۇرۇر بىر تەڭى.
ئېگىز ئەرشتىن تەھتىساراغىچە
بارلىق مەۋجۇداتلار بىردەك موھتاجلىقتا ياشايدۇ،
4777 مەگەر بىر بايات ئول تۈگەل مۇڭسۇزۇن،
مۇڭۇغ بىلدەچى ئول باغىرساق تۈزۈن.
پەقەت بىرلا خۇدا موھتاجسىزدۇر،
ئۇ موھتاجلارنى بىلگۈچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىدۇر.
4778 كۆڭۈل بىر باياتقا ئۇلادىم كۆنى،
تىلەكچى بولۇپ مەن تىلەرمەن ئانى.
كۆڭلۈمنى ئىخلاس بىلەن بىر خۇداغا باغلىدىم،
تىلىگۈچى (سۈپىتىدە) ئۇنىڭدىنلا تىلەك تىلەيمەن.
4779 بارى بولدى شەكسىز ماڭا بەلگۈلۈگ،
كۆڭۈل پۈتتى، يىرلار تىلىم ئۈلگۈلۈگ.
ئۇنىڭ بارلىقى شەك ـ شۈبھىسىز ماڭا ئايان،
دىلىم بىلەن ئىشىنىمەن، تىلىم بىلەن ئۇنى ماختايمەن.
4780 بارىڭا مۇقىرمەن، تىلەرمەن ئۇسۇز،
قايۇدا تىلەگۈ ئۆزۈم بەلگۈسۈز.

بارلىقىغا ئىقرارمەن، ئۇيقۇسىز ئۇنى ئىزدەيمەن،
قەيەردىن تېپىشىم ئۆزۈمگىمۇ بەلگىسىز.

4781 ئىدىمنى تىلەرمەن ئۆزۈم ئۇسى يوق،
نىشانىن بۇلۇرمەن، كۆرۈگلىسى يوق.
ئۇخلىماي ئىگەمنى ئىزدەيمەن،
نىشانىغا ئېرىشمەنۇ (لېكىن) ئۆزىنى كۆرەلمەيمەن.

4782 تىلەگلى ئۇدىماز، تىلە تىنماغىل،
تىلەپ بۇلمادىم تەپ يەتىپ ياناغىل.
تىلىگەن ئۇخلىمايدۇ، تىنماي ئىزدىگىن،
ئىزدەپ تاپالمىدىم، دەپ كەينىڭگە يانمىغىن.

4783 تىلە تۇتچى، تىنما، تىلەپ يەتگۇ يوق،
تىلەپ بۇلمادىم تەپ يانىن ياتغۇ يوق.
تىنماي ئىزدىگۇچىلەردىن ئۇنى تاپقانلار يوق،
ئىزدىسەممۇ تاپالمىدىم، دەپ يانپاشلاپ ياتقانلار يوق.

4784 تىلەگلى يۇگۇرگۇ كەرەك تىنمادى،
تىنىپ ياتغۇچىلار تىلەك بۇلمادى.
تىلىگۇچى تىنماستىن يۇگۇرۇشى كېرەك،
ئارامخۇدا ياتقانلار تىلىگىنىنى تاپالمايدۇ.

4785 تىلەپ تىنماغۇچى نە بۇلماز بولۇر،
تىنىپ ياتسا ئارزۇ تىلەك كىم بۇلۇر.
تىنماي ئىزدىگۇچى نېمىلەرگە ئېرىشمەيدۇ،
تىنىپ ياتسا، ئارزۇ ـ تىلەككە كىم يېتەلەيدۇ؟

4786 مەنى ئول تىلەدى ئەڭ ئاشنۇ سەۋىپ،
ئانى مەن تىلەر بولدۇم ئەمدى ئەۋىپ.
ئالدى بىلەن ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ، ئارزۇ قىلدى،
ئەمدى مەن تىرىشىپ ئۇنى ئىزدىمەكچىمەن.

4787 مەنى ئاشنۇ ئول قولدى، ئەردى ئەزەل،
ئانىن مەن قولۇر بولدۇم ئەمدى تۇگەل.
ئاۋۋال ئۇ مېنى خالىدى، ئۇ ئەزەل ئىدى،
ئەمدى مەن پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئىنتىلدىم.

4788 بۇ مۇنداغ ئىدىمنى قالى سەۋمەيىن،
تىلەپ بۇلغۇقا ئۆز قالى ئەۋمەيىن؟
مۇشۇنداق بىر ئىگەمنى قانداقمۇ ياخشى كۆرمەيمەن،
ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئالدىرىمايمەن؟
4789 مۇڭۇمقا، تاقىمقا ماڭا ئول يارار،
بەلا قادغۇ تەگسە مەنى ئول يۇلار.
ئۇ (مېنىڭ) ھاجىتىمغا، يالغۇزلۇقۇمغا يارايدۇ،
بالا ـ قايغۇ كەلسە، ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرىدۇ.
4790 مەنى ئول ئۆدۇردى ئەڭ ئاشنۇ تىلەپ،
ئانىن ئۆز تىلەر بولدى كۆڭلىن ئۇلاپ.
ئالدى بىلەن ئۇ خالاپ مېنى تاللىدى،
(شۇ سەۋەبتىن) مەن ئۇنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.
4791 مەنى ئول تۆرۇتتى، بۇ ئول چىن سۆزۇم، B 345
مەنى ئول ئىگىدتى، بەدۇدى ئۆزۇم.
مېنى ئۇ ياراتتى، بۇ چىن سۆزۇمدۇر،
ئۇ مېنى پەرۋىش قىلدى، ئۆستۇردى.
4792 تۆڭۇلدۇم بۇ خەلقتىن، سىغىندىم ئاڭار، C 284
كۇدەزگەي مەنى ئول قامۇغدىن سىڭار.
خەلقتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭغا سىغىندىم،
ئۇ ھەر جەھەتتىن مېنى ئاسرايدۇ.
4793 ئۆزۇم قالسا يالڭۇز ئىدىم يادى تاپ،
ئۆزۇم سۆزلەگۇگە ئىدىم ئاتى تاپ.
ئۆزۇم يالغۇز قالغاندا، ئىگەمنىڭ يادى كۇپايە،
(قىلىدىغان) سۆزلىرىمگە ئىگەمنىڭ نامى كۇپايە.
4794 ئاۋىنغۇم، سىغىنغۇم، يۆلەكىم، توقۇم،
ئول ئول بىر ئىدى تودغۇ ئاچىم، توقۇم.
ئاۋۇنچۇم، پاناھىم، يۆلەنچۇكۇم، ئىشەنچىم،
ئاچلىقىمنى تويغۇزغۇچى ئاشۇ بىر ئىگەمدۇر.
4795 نەگۇ تەر ئەشىتكىل سۇزۇلمىش كىشى،
ئىدىسى بىلە چىن تۇزۇلمىش كىشى:

(ئۆزىنى) پاك تۇتقان، ئىگىسىگە ھەقىقىي باغلانغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4796 «كۆڭۈلدەكى سىرىم ئاچارمەن ساڭا،
تىلەك ئارزۇ بىرلە ئۇچارمەن ساڭا.
«كۆڭۈلدىكى سىرىمنى ساڭا ئاچىمەن،
تىلەك ـ ئارزۇيۇم بىلەن ساڭا (قاراپ) ئۇچىمەن،

4797 كۈۋەنگۈ، ئاۋىنغۇ، سىغىنغۇ ئىدىم،
قامۇغدىن ئۈزۈلدۈم، قاچارمەن ساڭا».
كۆيۈنگۈچى، خۇشال قىلغۇچى، يۆلەك بولغۇچى ئىگەم،
ھەممە (نەرسە) دىن (قول) ئۈزدۈم، ساڭىلا ئىنتىلىمەن».

4798 ئول ئاژۇنقا ئورنۇڭ بۇ ئاژۇن تۇرۇر،
مۇنى قودماغىنچا ئانى كىم بۇلۇر.
ئۇ دۇنيادىكى ئورنۇڭنى بۇ دۇنيا (بەلگىلەيدۇ)،
بۇ (دۇنيا) نى قويمىغۇچە، ئۇ (دۇنيا)نى كىم تاپالايدۇ.

4799 يۇز ئۇترۇ كەتەرگۇ بۇ دۇنيا سالىپ،
ئانىن بولسا ئۇقبى بولۇنغاي ئالىپ.
بۇ دۇنيانى تاشلاپ، يۈز ئۆرۈپ كېتىش كېرەك،
شۇنداق قىلغاندىلا، ئاخىرەتلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4800 يايىغ دۇنيا بەكرۇ ئەلىگدە تۇتۇپ،
نەگۇتەك بۇلۇر مەڭۇ ئاژۇن ياتۇپ.
ۋاپاسىز دۇنياغا بەكرەك ئېسىلىۋالسا،
مەڭگۈلۈك دۇنياغا قانداق ئېرىشكىلى بولسۇن؟!

4801 خەتەرلىغ تۇرۇر دۇنيا، نۇشى ئاغۇ،
ئارىغىن تىلە بارچا ئىچگۇ يەگۇ.
(بۇ) دۇنيا خەتەرلىكتۇر، ئۇنىڭ شەربىتى ئوغىدۇر،
بارلىق يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ساپ ـ پاكىزىنى ئىزدە.

4802 قودۇ بەرگۇ دۇنيا تىلەك ئارزۇسىن،
ئانىن بۇلسا ئۇقبى ئورۇن ئەدگۇسىن.
بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىدىن ۋاز كېچىش كېرەك،
ئاندىن ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئورنىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4803 ھەقىقەت مۇنى بىل، ئاي ئۆگدۈلمىشىم،
ئايايىن ساڭا مەن ئۆزۈم بىلمىشىم.
ئەي ئۆگدۈلمىش، بۇ ھەقىقەتنى بىلگىن،
مەن ساڭا ئۆز بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي.

4804 بۇ تۆرت نەڭ تۈگەل قودماغىنچا كىشى،
ئادىن تۆرت قىلۇماز كىشى ئۇز ئىشى.
كىشى تۆت نەرسىنى تامامەن تاشلىمىغۇچە،
باشقا تۆت (ئىشنى) ياخشى قىلالمايدۇ:

4805 بۇ دۇنيا ئىشىن قودماغىنچا تۈگەل،
قىلۇماز بۇ ئۇقبى ئىشىن، ئاي ئىنال.
بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى تۈگەل تاشلىمىغۇچە،
ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلالمايدۇ، ئەي ئىشەنچلىك كىشى.

4806 كىشدە يىراق بولماغىنچا، قاداش، B346
بايات تاپغىڭا تەگسە بولماز، ئاداش.
(ئەي) قېرىنداش، كىشىلەردىن يىراقلاشمىغۇچە،
خۇدا ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدۇ، ئاداش.

4807 ھەۋا ئارزۇ بوينى سىماغىنچا ئۇز،
كۆنىلىك يولىڭا كىرۇمەز ئەت ئۆز.
ھاۋايى ـ ھەۋەس بويىنىنى ئۇزمىگۈچە،
ۋۇجۇدۇڭنى توغرا يولغا باشلىيالمايسەن.

4808 كۆڭۈلدىن چىقارغۇ قامۇغ دۇنياسىن، C285
ئاڭار ئۆترۈ كىرسە بايات سەۋگى چىن.
دۇنيانىڭ ھەممە (نەرسىلىرىنى) كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك،
ئاندىن خۇدانىڭ سۆيگۈسى (يولىغا) ھەقىقىي ماڭغىلى بولىدۇ.

4809 تۈنەك ئول بۇ دۇنيا مۇسۇلمان ئۇزە، A136
تۈنەكتە ئەرەژ قولما، كۆڭلۈك تۈزە.
مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيا بىر قونالغۇدۇر،
قونالغۇدا راھەت ـ پاراغەت ئىزدىمە، كۆڭلۈكنى تۈزەت.

4810 ئەت ئۆز ئۆلگى بەرمە، قاتىغلان ئۇسا،
ئۆزۈك يولقا كۆنگەي ئانىڭدا باسا.

غەيرەت قىل، ۋۇجۇدۇڭغا نىسىۋە بەرمە،
شۇنداق قىلغاندىلا (توغرا) يولغا كىرەلەيسەن.

4811 ياۋا قىلماغىل بۇ كەچەر ئۆد كۈنۈڭ،
يانا بۇلغۇ ئەرمەز كەچىگلى تۈنۈڭ.
ئۆتۈۋاتقان زامان ـ كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە،
ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە يەنە ئېرىشەلمەيسەن!

4812 كەچەر كۈن ياۋا بولسا ئۆكنۈر كەدىن،
تىرىگلىك ياۋا قىلسا بۇلماز ئادىن.
ئۆتكەن كۈنلەر بىھۇدە ئۆتسە، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن،
ئۆمۈرنى زايە قىلساڭ، (ئۇنىڭغا) يەنە ئېرىشەلمەيسەن!

4813 نەگۈ تەر ئەشىت، كۆر، ئاي بىلكى تەڭىز،
ئۆزى قودقى، ئالچاق، نە كۆڭلى ئەدىز.
ئەنە، بىلىمى دېڭىز، ئۆزى كەمتەر، مۇلايىم،
كۆڭلى يۈكسەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4814 ئۇلۇشتىن ئۇلۇشقا كۆچۈگلى كىشى،
كۆچىن ئۆڭدۈن ئىدسا، ئەتەر ئۇز ئىشى.
شەھەردىن شەھەرگە كۆچكەن كىشى
يۈك ـ تاقلىرىنى ئالدىن ئەۋەتسە، ئىشىنى ياخشى قىلغان بولىدۇ.

4815 بۇ كۆچمەزدە ئاشنۇ كۆچ ئىدسا ئوزا،
كۆچۈپ بارسا ئاسغى يارۇتۇر كۆزە.
كۆچمەستىن ئاۋۋال، يۈك ـ تاقلىرىنى ئالدىن ئەۋەتىۋەتسە،
كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن پايدىسىنى كۆرىدۇ.

4816 كەرەك ئىد كۆچۈڭنى، كەرەك ئىدماغىل،
ئۆزۈڭ كۆچگۈ ئاخىر، ئۇسال بولماغىل.
يۈك ـ تاقلىرىڭنى مەيلى ئەۋەت، مەيلى ئەۋەتمىگىن،
ئۆزۈڭ بەربىر كۆچىسەن، بىخۇد بولما.

4817 كەرەك ئەرسە بەگ بول، كەرەك ئەرسە قۇل،
ئۇزۇن قالغۇ ئەرمەز، ئۆلۈم تۇتتى يول.
مەيلى بەگ بول، مەيلى قۇل بول،
ئۇزۇن تۇرالمايسەن، (چۈنكى) ئۆلۈم يولغا چىققان.

4818 كەرەك مىڭ ياشاغىل، كەرەك ئون سەكىز،
ئۆزۈڭ ئۆلگۈ، ئەدگۈ ئاتىڭ قودغىل ئىز.
مەيلى مىڭ (يىل) ياشا، مەيلى ئون سەككىز (يىل ياشا)،
(بەربىر) ئۆلىسەن، ياخشى نامىڭدىن ئىز قالدۇرغىن!

4819 كەرەك ئەرسە باي بول، كەرەك يوق چىغاي،
تىرىگلىكنى يەر بۇ كەچەر يىل، كۈن، ئاي.
مەيلى باي بول، مەيلى كەمبەغەل بول،
ئۆتكەن يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆمرۈڭنى يەيدۇ.

4820 باشىن كۆككە تەگسە بەدۈكلۈك ئاتىن،
كىرىپ ياتغۇ ئورنۇڭ قارا يەر قاتىن.
(مەيلى) بېشىڭ كۆككە يەتسۇن، (مەيلى) بۈيۈك ئاتالغىن،
كىرىپ ياتىدىغان ئورنۇڭ قارا يەر قوينىدۇر.

4821 تىرىگلىك بۇلۇپ ئەر ياۋا قىلسا ئۆد، B 347
ئۆزىن ئوتقا ئاتتى، ئۇشئول يىلقى ئۇد.
هاياتلىقتا ئېرىشكەن كىشى ئۆمۈرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزسە،
ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان بولىدۇ، ئۇ هايۋاندىن پەرقسىزدۇر.

4822 ئەسەنلىك بۇلۇپ ئەر ياۋا قىلسا ياش،
بۇ كۆركسۈز تىرىگلىك بولۇر، ئاي قاداش.
كىشى ئېسەنلىككە ئېرىشكەندىمۇ ئۆمرىنى زايە قىلسا،
بۇ كۆركەمسىز (مەنىسىز) ياشىغانلىقتۇر، ئەي قېرىنداش.

4823 مەنىڭ قادغۇمى سەن يەمە ئاي، قاداش،
سەن ئۆز قادغۇڭى يە، تۆكۈپ كۆزدە ياش.
ئەي قېرىنداشىم، سەن مەن ئۈچۈن قايغۇرما،
كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈپ، ئۆز قايغۇڭنى قىل.

4824 بۇ دۇنيا ئىشى بەك تۇزاقچى تۇرۇر،
تۇزاقتا ئىلىنمە، سەنى بەركىتۇر.
بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەك تۇزاقچىدۇر،
تۇزاقتا ئىلىنما، سېنى مەھكەم ئىلىندۇرىدۇ.

4825 بۇ كۈن كەلدى دەۋلەت تىلەكچە يورىر، C 286
ئىنانما ئاڭار سەن، يانا تەرك بارىر.

بۇگۈن (ساڭا) دۆلەت كەلسە، ئارزۇيۇڭچە ئىش قىل،
(لېكىن) ئۇنىڭغا (تولىمۇ) ئىشىنىپ كەتمە، يەنە كېتىدۇ.

4826 ئۇسانما ئۆلۈمگە، ساقىنما ئۇزۇن،
پۈسۈغدىن چىقارتەك چىقار ئۆدسۈزۈن.

ئۆلۈمگە بىخۇد بولما، (ئۇنى) يىراق (دەپ) ئويلىما،
ئۇ كۇتۇلمىگەندە پىستىرمىدىن چىققاندەك پەيدا بولىدۇ.

4827 ئۆكۈش مىڭ ئۇسالىغ ئۆلۈم باسمىش ئول،
تەلىم يۇمغىلارىغ ئۆلۈم ساچمىش ئول.

غەپلەتتە قالغان مىڭلارچە (كىشىنى) ئۆلۈم (بىردىنلا) باستى،
توپلىغان نۇرغۇن (دۇنيالىرىنى) ئۆلۈم چېچىۋەتتى.

4828 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى كۆڭلى ئودۇغ،
ئۆلۈمگە ئۇسال بولما تەگكەي يودۇغ:

كۆڭلى سەگەك (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۆلۈمگە بىخۇد بولما، بالاسى تېگىدۇ:

4829 «ئۆكۈش تەرنەكىگ، كۆر، تارادى ئۆلۈم،
ئۆلۈمۈگ ساقىنسا ئاقار كۆز يۇلۇم.

«قارا، نۇرغۇن ئۇيۇشقانلارنى ئۆلۈم پارچىلىدى،
ئۆلۈم ئېسىمگە كەلسە، كۆز (يېشىم) بۇلاقتەك ئاقىدۇ.

4830 مەنىن كۆكسەگۈچى مەنى قالمادى،
ئاسىغ قىلمادى سۇ، ئەتىكلىگ تولۇم».

‹مەن ـ مەن› دەپ كۆكسىگە ئۇرغانلارنىڭ بىرەرسىمۇ قالمىدى،
قوشۇن ـ ئەسكەر ۋە پۇختا قورال‌لارمۇ پايدا بەرمىدى».

4831 ئۇسانما، تىرىگلىك بارىر بەلگۈسۈز،
كەچەر ئۇشبۇ ئۆد كۈن، يانا يانغۇسۇز.

بىخۇد بولما، تىرىكلىك چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدۇ،
كۈن ـ زامانلار يېتىپ كەلمەسكە كېتىدۇ.

4832 ئەرەژكە ئاۋىنما، ياۋا بولغا كۈن،
بۇ قۇتقا ئىنانما، يايىغ ئول ئوتۇن.

راھەت ـ پاراغەتكە ئاۋۇنۇپ كەتمە، كۈنلىرىڭ زايە بولىدۇ،
بۇ بەختكە ئىشەنمە، ئۇ قەبىھ، ۋاپاسىزدۇر.

4833 بەدۆك مەن تەگۆچىنى تۆتتى ئۆلۆم،
ئۆلۆغ مەن تەگۆچىنى ئۆتتى ئۆلۆم.
«مەن بۆيۆك» دېگۈچىلەرنى ئۆلۈم تۇتتى،
«مەن ئۇلۇغ» دېگۈچىلەرنىمۇ ئۆلۈم ئۇتۇپ چىقتى.

4834 ئۆلۆم بۆزدى ئوردۆ، تەلىم كەند ئۆلۆش،
ئۆلۆم بۆزدى قارشى ساراي، ئەۋ ئۆكۆش.
ئۆلۈم ئوردا ـ سارايلارنى، كۆپلىگەن شەھەر ـ كەنتلەرنى بۇزدى،
ئۆلۈم قەسىر ـ ئايۋانلارنى، مىڭلىغان ئۆيلەرنى خانىۋەيران قىلدى.

4835 نەچە مىڭ تىرىگ ئۆلدى تۆلۆپ پاتۆر،
بىزىڭ كەلگۆمىزنى كۆدەزىپ ياتۆر.
نەچچە مىڭلىغان تىرىكلەر ئۆلدى، يەر تېگىگە كىرىپ يوقالدى،
(ئۇلار) بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى كۈتۈپ ياتماقتا.

4836 B348 باقا كۆر ئولارىغ، سەن ئاچغىل كۆزۆڭ،
بەگىگ قۆلدا ئادرا بىلۆرمۆ ئۆزۆڭ؟
ئۇلارغا قاراپ باق، كۆزۈڭنى يوغان ئاچ،
بەگ نەدە، قۇل نەدە (ياتىدۇ)، بىلەمسەن؟

4837 ئۆلۆغلۆق ئۆلۆمگە ئاسىغ قىلمادى،
ئۆلۆمدىن قاچىغلى كەچىك بۆلمادى.
ئۇلۇغلۇق ئۆلۈمگە كار قىلمىدى،
ئۆلۈمدىن قاچىدىغان كېچىك تېپىلمىدى.

4838 ئاغىر ساۋچىلارىغ ئەلەتتى ئۆلۆم،
ئادىن كىم ئەتۆگەي ئوت، ئەم، يا تولۆم.
ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنى ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى،
ئۇنىڭغا (قارشى) كىم دورا ـ دەرمان ياكى قورال تاپالايدۇ؟

4839 ئىنانچسىز تۆرۆر بۆ جەفاچى ئاژۆن،
يايىغ قىلقى، ئەرسەل، قىلىنچى ئوتۆن.
بۇ جاپاكەش دۇنيا ئىشەنچسىزدۇر،
قىلىقلىرى ۋاپاسىز، قىلمىشلىرى قەبىھتۇر.

4840 نەگۆ تەك كەچۆرسە كەچەر تەرك كۆنى،
بارىر ئەدگۆ، ئەسىز نە ئەگرى، كۆنى.

قانداق ئۆتكۈزسەڭمۇ كۈنلەر تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ ۋە ئەگرىسىمۇ، توغرىسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

4841 توقۇنما كەچەر ھەم ئاچىنما كەچەر، C 287
نە بەگكە قىلۇر يۈز، نە باي، قۇل سەچەر.
توقلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاچلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،
بەگكە يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ ياكى باي، قۇلنى ئايرىمايدۇ.

4842 ئەرەڭزى ئۈزاماز، نە ئەمگەكلەرى،
نەرەك ئۆترۈ مۇنچا چوغى، ئۇن ئۇرى؟
(ئۇنىڭ) نە راھەت ـ پاراغىتى ئۈزۈن، نە مۇشەققىتى، (شۇنداق ئىكەن)
مۇنچە شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى؟

4843 ئەدى ياقشى ئايمىش بۆگۈ بىلگى كەڭ،
قىلىقى يورىقى بىلە كۆڭلى تەڭ:
ھەرىكىتى بىلەن دىلى بىردەك بولغان،
بىلىمى كەڭ دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقان:

4844 «ئاز ئەدگۈگە يالڭۇق ئۈنىتۇر ئۆزىن،
ياشىل كۆكتە ئۈستۈن يورىتۇر سۆزىن.
«ئادەم ئازغىنا ياخشىلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ،
ئاسمان ـ پەلەككە يەتكۈدەك سۆزلەيدۇ.

4845 نەچە كۆر كۆگۈزلۈگ، كۈۋەنۈر ئەرىگ
ئۆلۈم يەنچتى كۆكسىن، ئاچتتى كۆزىن».
قانچىلىغان مەغرۇر، شۆھرەتلىك ئەرلەرنى
ئۆلۈم كۆكسىنى ئېزىپ، كۆزىنى چىقاردى».

4846 بۇ ئەردى ساڭا چىن باغىرساقلىقىم،
مۇنۇ سۆزلەدىم مەن ساڭا، ئاي ئاقىم.
ساڭا مۇشۇنداق چىن ـ مېھربانلىقىم بولغاچقا،
بۇنى ساڭا سۆزلىدىم، ئەي سېخىي.

4847 كىم ئەرسە، بۇ ھالىغ بىلۈر ئەرسە چىن،
ئاڭار بولغۇ ئەرمەز بۇ دۇنيا ياقىن.
كىمدىكىم بۇ ئەھۋالنى ھەقىقىي بىلسە،
بۇ دۇنيانى (ھەرگىز) ئۆزىگە يېقىن تۇتمايدۇ.

4848 يىتۇردۇم يىگىتلىك، يەتىلدى ياشىم،
يىپار كەتتى، كافۇر ئاشۇندى باشىم.
يىگىتلىكىمنى يوقاتتىم، يېشىم ئۇلغايدى،
بېشىمدىن ئىپار (تۇسى) كېتىپ، ئۇنى كافۇر (تۇسى) قاپلىدى.

4849 سەزىكسىز ئۆلۇمگە ئانۇنغۇ ئۆدى،
بۇ كۇندە نارۇ ئول، ئاي يالڭۇق كەدى.
ئەي ئادەملەرنىڭ ياخشىسى، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۇنلەر،
شۇبھىسىز، ئۆلۇمگە ھازىرلىنىش مەزگىلىدۇر.

4850 ئۆلۇم قادغۇسى تۇتتى، كەتتى سەۋىنچ، B349
ئۆلۇمدە كەدىن ئىش نەگۇتەك ئەرىنچ؟
ئۆلۇم قايغۇسى كەلدى، شادلىق كەتتى،
بىلگىنكى، ئۆلۇمدىن كېيىن ئىشىمىز قانداق بولىدۇ؟

4851 بۇ قادغۇ، ساقىنچ بىرلە ئەركەن ئۆزۇم،
نەگۇتەك ئەلىگكە بارىرمەن تۇزۇم؟
ئۆزۇم بۇ قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن (مەشغۇل) ئىكەنمەن،
قانداقمۇ ئەلىگ (ئالدىغا) بارالايمەن، ئەي خۇشخۇيۇم!

4852 ئەلىگكە مەنىڭدىن ئاسىغ بولماغاي،
تۇسۇلسۇ تەسە ھەم تۇسۇ بولماغاي.
ئەلىگكە مەندىن پايدا بولمايدۇ،
پايدا يەتكۇزسۇن دېسىمۇ، پايدا يەتكۇزەلمەيمەن.

4853 قالى ئول ئاژۇنلۇق تىلەسە مەنى،
مەنى باردى ساقىنىپ يورىسۇ كۆنى.
ئەگەر ئۇ دۇنيالىق (ئۇچۇن) مېنى خالىغان بولسا،
مېنى (ئۆز يېنىغا) بارغان ھېسابلاپ، توغرا (يولدا) ماڭسۇن.

4854 ئابا ئوغلىنى ئەمدى ئەركلىگ بايات،
تۆرۇتتى ئىكى ئىش ئۇچۇن بەردى ئات.
قۇدرەتلىك خۇدا ئادەم ئوغلىنى
ئىككى ئىش ئۇچۇن ياراتتى (ۋە) نام بەردى:

4855 تاپۇغقا، يا ئۇچماق بەگى بولغۇقا،
ئاغىرلىق ئۇچۇن يا ئۇچۇز قىلغۇقا.

(ئۇ بولسىمۇ) دوزاخقا ياكى جەننەتكە بەگ قىلىش،
قەدىرلىك قىلىش ياكى تۆۋەن ـ پەس قىلىش.

4856 ئاغىرلىق تىلەسە ئايۇ بەردى يول، C288
ئۇچۇزلۇق يولىنما سەچە بەردى ئول.

قەدىرلىك قىلىشنى خالىسا، يول كۆرسىتىپ بەردى،
خار بولۇش يولىنىمۇ پەرقلەندۇرۇپ بەردى.

4857 كەرەك ئەمدى قۇلقا ئۆزى قۇللۇقىن، A137
تۇگەل قىلغۇ بۇلسا بايات تەۋفىقىن.

بەندە ئۆز بەندىلىكىنى ئادا قىلىشى
(ۋە) خۇدانىڭ تەۋپىقىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

4858 قالى بۇلسا تەۋفىق باياتتىن قۇلى،
قامۇغ ئەدگۇلۇككە ئاچىلدى يولى.

ئەگەر بەندە خۇدانىڭ تەۋپىقىگە ئىگە بولسا،
جىمى ياخشىلىقلار ئۈچۈن يول ئېچىلىدۇ.

4859 قاتىغلانغۇ ئۆترۈ يەتۇرگۇ تاپۇغ،
تۇمەن ئەدگۇلۇككە ئاچىلغاي قاپۇغ.

غەيرەت قىلىپ ئىبادەتنى بەجا كەلتۈرگەندىلا،
ئاندىن كۆپ ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

4860 بۇ ئەردى مۇنۇقى مەنىڭ بىلمىشىم،
ساڭا سۆزلەدىم مەن، ئاي ئەدگۇ ئەشىم.

مانا مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇلار ئىدى،
(بۇلارنى) ساڭا سۆزلىدىم، ئەي ياخشى دوستۇم.

4861 سىلەرگە مەنىڭدىن ئاسىغ سۆز كەرەك،
ئۆزۈمدە كۆرۈ بۇ سۆزۈم ئەدگۇرەك.

سىلەرگە مەندىن پايدىلىق سۆزلەر كېرەك،
ئۆزۈمگە قارىغاندا سۆزلىرىم ياخشىراق.

4862 قالى ئۇقبى قولسا يورىقى بۇ هال،
قالى دۇنيا قولسا بىلىر سەن تۇگەل.

ئەگەر ئاخىرەتلىكنى ئىزدىسەڭ، ئۇنىڭ يولى ئەنە شۇ،
ئەگەر (بۇ) دۇنيالىقنى ئىزدىسەڭ، ئۆزۈڭ تولۇق بىلىسەن.

4863 بولۇ بەردى ئەۋرەن، كەلۇ بەردى قۇت،
نەگۇ قولسا ئارزۇ كەلۇ بەرگە پۇت.
پەلەك (ساڭا) يۈزلەندى ـ بەختىڭ كەلدى،
ئارزۇيۇڭ نېمە بولسا، شۇ كېلىۋېرىدۇ، (بۇنىڭغا) ئىشەن.

4864 مەنىڭدە نەگۇ بار ئادىن ئەدگۇ ئىش
سىلەرگە ئاسىغ قىلسا، ئاي ئەدگۇ ئەش.
سىلەرگە پايدا بەرگۈدەك ياخشى ئىشتىن باشقا،
مەندە (يەنە) نېمە بار، ئەي ياخشى دوست.

4865 قودۇ بەرسۇ ئەلىگ مەنى تەڭرىگە، B350
دۇئاچى بولايىن ئاڭار ئەدگۇگە.
ئەلىگ مېنى تەڭرىگە تاپشۇرسۇن،
ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئۇچۇن دۇئاگۇي بولاي!

4866 بىلىك ئايتۇر ئەرسە، ئۇنى بىلمىشىم
ئەشىتتىڭ، ئايۇ بەر نەگۇ ئايمىشىم.
بىلىمىمنى سورىسا، ئەنە بىلگەنلىرىمنى ئاڭلىدىڭ،
نېمە دېگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەر.

4867 سۆزۇمنى تۇتۇڭلار، قالى تۇتماسا،
يارىن كەلگە بارچا بۇ كۇن پۇتمەسە.
سۆزۇمگە ئەمەل قىلىڭلار، ئەگەر ئەمەل قىلمىساڭلار،
بۇگۇن ئىشەنمىگەن(ئىشلارنىڭ) ھەممىسى ئەتىلىككە كېلىدۇ.

4868 بۇ سۆز ياقشى ئايمىش ئاي بىلكى تەڭىز،
مۇنى ئىشكە تۇتسا قىزارتۇر مەڭىز.
ئەي بىلىمى دېڭىز، بۇ سۆز ياخشى ئېيتىلغانكى،
بۇنىڭغا ئەمەل قىلىنسا، يۈز يورۇق بولىدۇ:

4869 «بۇ كۇن بۇ سۆزۇم، كۆر، ساڭا تۇش بولۇر،
يارىن ئاندا كۆرگىل ساڭا تۇش بولۇر.
«قارا، بۇ سۆزۇم بۇگۇن ساڭا چۇش(تەك) بىلىنىدۇ،
ئەتىلىككە ئۇ يەردە ساڭا ھەمراھ بولغىنىنى كۆرىسەن.

4870 ئۇسانما، قاتىغلان، سۆزۇم ئىشكە تۇت،
قالى تۇتماسا سەن، مۇنۇئۇش بولۇر».

بىخۇد بولما، غەيرەت قىلىپ، سۆزۈمگە ئەمەل قىل،
ئەگەر ئەمەل قىلمىساڭ، دېگىنىمگە دۇچ كېلىسەن».

4871 ئەلىگدىن قولۇ بەر مەنىڭ ئۆزرۈمى،
ياراغى نە ئەرسە، ئۇتى قىل ئەمى.
ئەلىگدىن مېنىڭ ئۆزرەمنى سوراپ قوي،
نېمە لازىم بولسا، ئامال ـ چارىسىنى قىل.

4872 ساڭا تەگدى ئەمگەك كەلۇ هەم بارۇ، C289
يانۇتى بايات بەرسۇ، كۇنتەك يارۇ.
سەن كېلىپ ـ بېرىپ مۇشەققەت چەكتىڭ،
ئەجرىنى خۇدا بەرسۇن، كۈندەك يورۇپ كەتكىن.

4873 ئاغىر قىلما كۆڭلۈك ماڭا، ئاي قاداش،
ياقىنلىق ئىچىندە مەنى تۇتما تاش.
مەن ئۈچۈن دىلىڭنى مالال قىلما، ئەي قېرىنداش،
يېقىنلىقىڭدىن مېنى سىرتتا قويما.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4874 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى تىلىن:
ئۆزۈم ئۇقتى ئەمدى كۆنىلىك يولىن.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
مەن ئەمدى هەقىقەت يولىنى چۈشەندىم،

4875 ئەشىتتىم سۆزۈڭنى، ئۆگۈن تىڭلادىم،
سۆزۈم كەستىم ئەمدى، سۆزۈڭ تەڭلەدىم.
سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، زېھىن بىلەن چۈشەندىم،
سۆزۈم تۈگىدى، ئەمدى سۆزۈڭگە كۆندۈم.

4876 كۆنى سۆزلەدىڭ سۆز، پۇتۇنلۇك بۇ ئول،
مۇنىڭدا نارۇقى نەچە ئەگرى يول.
سۆزنى توغرا سۆزلىدىڭ، بۇ ئىشەنچلىك سۆزدۇر،
بۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ (هەممىسى) ئەگرى يولدۇر.

4877 سەنىڭدە تۇرۇر چىن، مەنىڭدە ئويۇن،
ئويۇن قالدى چىنقا بەرۇرمەن بويۇن.
چىنلىق سەن تەرەپتە بولدى، مېنىڭ (سۆزۈم) ئويۇن،
ئويۇننى قويۇپ، چىنلىققا بويۇن ئېگىمەن.

4878 بارايىن مەن ئەمدى، ئەسەن ئەدگۈ قال، B351
ئىكىگۈن ئاژۇنلۇق، ئايا ئەدگۈ فال.
ئەمدى مەن قايتاي، سەن ئامان ـ ئېسەن قالغىن،
ئەي ئىككى دۇنيالىقى (بار) تاپقۇر (كىشى).

4879 بايات بەرسۇ تەۋفىق ساڭا كۈچ، قاداش،
دۇئادا ئۇنىتما، كۆڭۈل تۇتما تاش.
خۇدا ساڭا تەۋپىق، كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن، قېرىنداش،
دۇئادا ئۇنتۇما، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتمە.

4880 مەنىمە باياتتىن قولۇ بەر تۇرۇپ،
ئاچا بەرسە كۆڭلۈم بايات ئودغۇرۇپ.
مېنىمۇ خۇدادىن تىلەپ تۇرغىن،
خۇدا دىلىمنى ئويغىتىپ، كۆڭلۈمنى يورۇق قىلسۇن.

* * *

4881 سۆزىن كەستى، قوپتى ئاداقىن ئۆرۈ،
ئەسەنلەشتى، ئەۋگە يۈز ئۇردى كۆرۈ.
ئۆگدۈلمىش سۆزىنى تۈگەتتى، ئورنىدىن قوپتى،
خوشلاشتى ۋە ئۆي تەرەپكە يۈزلەندى.

4882 ئاتىن مىندى، ئەۋرە ئەۋىڭە كەلىپ
تۇشۇپ كىردى، تۇردى بىر ئانچا تىنىپ.
ئېتىنى مىندى، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى،
(ئېتىدىن) چۈشۈپ (ئۆيگە) كىردى، بىرئاز دەم ئالدى.

4883 يەدى، ئىچتى، ئانچا ساقىندى ئۆزۈن،
ئەشىتمىش سۆزىنى پىشۇردى ئۇزۇن.
يەپ ـ ئىچتى ۋە بىردەم خىيالغا چۆمۈپ دەم ئالدى،
ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئۇزۇن مۇلاھىزە قىلدى.

4884 ياشىق بادى يۈزگە قارا يۈز باغى،
ئاژۇن تولدى پۈترۈ قارا يەر توغى.
قۇياش يۈزىگە قارا پەردە تارتتى،
دۇنيا يۈزى بارا ـ بارا قارا توزانغا پۈركەندى.

4885 كۆژەك يازدى رۇمى قىزى ئۆرتتى يۈز،
قارا ساچ بودۇغى ئاژۇن تولدى تۈز.
رۇمى قىزى چېكە چاچلىرىنى چۇشۇرۇپ، يۈزىنى ياپتى،
يەر يۈزى پۈتۈنلەي قارا چاچ رەڭگىگە كىردى.

4886 تۆگەل زەنگى يۈزى ئۆرۈندى قالىق،
ئۈچار تىندى، قودتى يورىغلى يورىق.
ئاسمان پۈتۈنلەي زەڭگى يۈزىگە ئايلاندى،
ئۈچار (قۇشلار) تىندى، ھەرىكەت قىلغۇچىلار توختىدى.

4887 يۈنۈپ قىلدى ياتغۇ نەمازىن، تۇرۇپ C 290
تۆشەك قولدى، ياتتى ياراغىن كۆرۈپ.
تاھارەت ئېلىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى،
تۆشەك سېلىپ يېتىشقا ھازىرلاندى.

4888 ئۇدىپ باردى ئازراق، ئودۇندى يانا،
تۆپۈدىن ساۋىلمىش باقىرسۇقۇنا.
ئازراق ئۇخلىدى ـ دە، يەنە ئويغاندى،
ئەنە، زۆھرە يۇلتۇزى تۆۋەنگە ئېگىشكەندى.

4889 يانا كۆردى ئۆلكەر ساۋىلمىش باشى،
توغاردىن چادان قوپمىش ئۆرلەپ تۈشى.
يەنە قارىدىكى، ئۈكەر بېشى تۆۋەنگە ئېگىشىپتۇ،
شەرقتىن چايان[1] كۆتۈرۈلۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ.

4890 يانا ياتتى ئانچا، ئۈسى كەلمەدى،
كەزىكلىگ كىشتەك كۆزىن يۇمادى.
يەنە بىر ئاز ياتتى، ئۇيقۇسى كەلمىدى،
قاراۋۇلغا ئوخشاش كۆزىنى يۇممىدى.

① تارازا يۇلتۇز تۈركۈمى.

4891 ئۇسۇز ياتتى ساقنۇ بىر ئانچا ئۇدۇغ،
قالىق قىرتىشى تۇتتى كافۇر بودۇغ.
بىرئاز ۋاقىت خىيال سۈرۈپ، ئۇيقۇسىز، ئويغاق ياتتى،
ئاسمان قىرغاقلىرى كافۇر رەڭگىگە كىردى.

4892 ئەبىر بۇركىرەرتەك تۈنەردى قالىق،
سىتا قوپتى يەردىن، يادىلدى پۇتىق.
ئاسمان خۇددى ئەنبەر پۇركۈگەندەك قاراڭغۇلاشتى،
يەردىن قىزىل نەيزىدەك (قۇياش نۇرى) كۆتۈرۈلۈپ، پۇتاقلىرىنى يايدى.

4893 ياشىق ئۆرلەدى، يەردە قوپتى توغى، B 352
ياقا كەلدى ئاشنۇ توقۇز ئال تۇغى.
قۇياش ئۆرلىدى، يەر يۈزىدىن چاڭ ـ تۇمان كۆتۈرۈلدى،
توققۇز هال رەڭ تۇغ يېقىنلىشىشقا باشلىدى[1].

4894 تۇرۇپ قوپتى، يۇندى، كۆر، ئۆگدۇلمىشە،
نەمازىن يەتۈردى ئوقىپ بىلمىشە.
ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ تاهارەت ئالدى،
نامىزىنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

4895 قىزا باقتى يەردىن سىتا قالقانى،
تۇرۇپ قارشىقا باردى، كىردى كۆنى.
قىزىل نەيزىلىك قالقان يەرنى قىزارتىشقا باشلىغاندا،
(ئۆگدۈلمىش) تۇرۇپ سارايغا ماڭدى، توپتوغرا (ئىچىگە) كىردى.

* * *

4896 ئەشىتتى ئەلىگ، كۆر، ئاڭار قىلدى يول،
بۇ كىردى، ئەلىگكە قاۋۇشتۇردى قول.
ئەلىگ (ئۇنىڭ كەلگىنىنى) ئاڭلىدى، كىرىشكە ئىجازەت بەردى،
ئۇ كىرىپ، ئەلىگ (ئالدىدا) قول قوۋۇشتۇرۇپ (تۇردى).

4897 ئەلىگ ئىملەدى، بەردى ئولدرۇغ ئورۇن،
بۇ كەچتى ئورۇنقا سىلىگلىك قۇرۇن.

---

① ئەتىگەنكى شەپەق نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئەلىگ ئىشارەت قىلىپ، ئولتۇرۇشقا يەر كۆرسەتتى،
ئۇ ئىگىر ـ بىسىقلىق ۋە ئەدەپ بىلەن كۆرسىتىلگەن يەردە ئولتۇردى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4898 بىر ئانچا تۇرۇپ سۆز ئايىتتى ئەلىگ،
ئايۇر: سۆزلە كەلدۇر، ئاي قىلقى سىلىگ،
بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن ئەلىگ سۆز باشلاپ
شۇندا دېدى: ئەي خۇش پېئىل، قېنى سۆزلە.
4899 نەگۇ تەر قاداشىڭ، نە بولدى ئىشىڭ،
نە بولدى تىلەكىڭ، كەلىرمۇ ئەشىڭ؟
قېرىندىشىڭ نېمە دېدى، ئىشلىرىڭ قانداق بولدى،
تىلىكىڭ نېمە بولدى، دوستۇڭ كېلەمدۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4900 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش، ئايدى سۆزى:
نەگۇتەك يورىمىش سۆزى تۇپ تۆزى.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز باشلىدى،
نېمە دەپ سۆزلەشكەنلىكلىرىنى توپتوغرا سۆزلەپ بەردى.
4901 ئىكىگۇن ئارالا يورىمىش سۆزۇگ،
ئۆتۈندى ئەلىگكە قامۇغ تۇپ تۆزۇگ.
ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنى
تەپسىلىي هالدا ئەلىگكە بايان قىلدى
4902 A138 C291 ئەلىگ تۇردى ئانچا ساقىندى ئۆزۈن،
كۆڭۈل بەرتتى، ياشى يۇۋۇلدى كۆزۈن.
ئەلىگ بىرئاز ۋاقىت جىم بولۇپ قالدى، ئويلاندى،
كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4903 ئايۇر: ئول قاداشىڭ كۆنى سۆزلەمىش،
سۆز ئول سۆز تۇرۇر كىم ئول ئايمىش تەمىش.
(ئەلىگ دېدى:) ئۇ قېرىندىشىڭ توغرا سۆزلەپتۇ،
ئۇ ئېيتقان، دېگەن سۆزلەر (ھەقىقىي) سۆزلەردۇر.

4904 بۇ كۈن بىز قىلۇرمىز ئۆزۈمىزگە كۈچ،
ئاڭارما تاقى كۈچ قىلۇرمىز ھەم ئۆچ.
بۈگۈن بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلماقتىمىز،
ئۇنىڭغىمۇ زۇلۇم قىلىپ رەنجىتمەكتىمىز.

4905 كەچىكلى تۇرۇر بۇ ئاژۇن قالغۇسۇز،
بۇ قالمىش تىرىگلىك يەمە بەلگۈسۈز.
بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، ئۇ (ھېچكىمگە) قالمايدۇ،
قالغان ئۆمۈر قانچىلىك، بۇنىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

4906 سەزىكسىز كەلىر ئۇترۇ مەڭۇ ئاژۇن، B 353
ئەرەژ ئەرسە ئەمگەك ئۇزالماز ئۇزۇن.
شۈبھىسىز، مەڭگۈلۈك دۇنيا (چوقۇم) كېلىدۇ،
راھەتمۇ، جاپامۇ ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ.

4907 مەڭىلىك ئول، ئول ئاندا بۇلسا ئەرەژ،
بولۇر ئەدگۇ ئورنى، بولۇر ئەدگۇ ئىز.
ئۇ ئاشۇ يەردە راھەتكە ئېرىشسە، ھۇزۇر شۇ،
ئورنى ياخشى بولىدۇ، ياخشى ئىز قالدۇرىدۇ.

4908 ئودۇنمش تۇرۇر ئول قاداشىڭ تۇگەل،
ئانى بىز ئوقىماق ئەدى كەد مۇھال.
ئۇ قېرىندىشىڭ تامامەن سەگەك ئىكەن،
ئۇنى چاقىرىپ، بۇ يەرگە ئەكېلىشىمىز ناتايىن.

4909 بىزىڭ بۇ ئۆزۈمىز ھەۋاقا بۇلۇن،
ياۋالىقا ئۆدلەك كەچىپ باردى كۈن.

بىز ئۆزىمىز ھەۋەسكە تۇتقۇنمىز،
زامانلار ۋە كۈنلەر بىھۇدە ئۆتمەكتە.

4910 نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى كۆڭلى تىرىگ،
ساڭا ياقشى سۆزلەپ بەرۈر ئۆت ـ ئەرىگ.
كۆڭلى تىرىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) ساڭا ياخشى سۆز قىلىپ، پەند ـ نەسىھەت بەردى:

4911 ھەۋا نەفس ياغى ئول، قالى بۇلسا كۈچ،
يەتۈرگەي سەزىكسىز ساڭا ئەسكى ئۆچ.
ھاۋايى ـ ھەۋەس دۈشمەندۇر، (ئۇ) ئەگەر غالىب كەلسە،
شۈبھىسىز سېنىڭدىن كونا ئۆچىنى ئالىدۇ.

4912 ھەۋا نەفس تىرىلسە، ئۆلۈر بۇ كۆڭۈل،
كۆڭۈل ئۆلسە، تائەت قالۇر، ئاي ئوغۇل.
ھاۋايى ـ ھەۋەس نەپسى تىرىلسە، قەلب ئۆلىدۇ،
قەلب ئۆلسە، تائەت ـ ئىبادەت قېپقالىدۇ، ئەي ئوغۇل.

4913 بىزىڭ كۆڭلۈمىز ئۆلدى بولغا بۇ كۈن،
ھەۋا نەفسمە قىلدى بويۇن كەد يوغۇن.
بۈگۈن بىزنىڭ قەلبىمىز ئۆلگەن ئوخشايدۇ،
ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ، نەپسىنىڭ بوينى يوغىناپ كەتتى.

4914 ئۇلۇغلۇق، بەدۈكلۈك، بۇ دەۋلەت كۈنى
ئۇزۇن تۇرغۇ ئەرمەز، ئاي كۆڭلى كۆنى.
ئۇلۇغلۇق، ئۈستۈنلۈك (ۋە) بەختلىك كۈنلەر
ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، ئەي كۆڭلى تۈز.

4915 ئەرەژى ئاز ئول كۆرسە، ئەمگەك ئۆكۈش،
باش ئاغرىش تەلىم بارما قارغىش، سۆكۈش.
قارىساڭ ئۇنىڭ راھىتى ئاز، مۇشەققىتى كۆپ،
باش ئاغرىقى، قارغىش ـ سۆكۈشلىرى خېلىلا كۆپ.

4916 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ كىشى،
ئاژۇنۇغ سىنايۇ يەتىلمىش ياشى:
دۇنيانى سىناپ، يېشى ئۇلغايغان،
بىلىملىك كىشى بەك ياخشى ئېيتىپتۇ:

4917 «ئۇلۇغلۇقتا ئارتۇق كۈۋەنمە كۆلە،
ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە باش ئاغرىغ بىلە.
«ئۇلۇغلۇقتا ئارتۇقچە مەغرۇرلىنىپ كەتمە،
ئۇلۇغ بولساڭ، باش ئاغرىقى (كۆپ بولىدىغانلىقى)نى بىل.
4918 سەۋىنچ قايدا ئەرسە سوڭىندا بەلا، C 292
ئەرەژ قايدا ئەرسە مىڭ ئەمگەك بىلە».
قەيەردە شادلىق بولسا، ئاخىر (بىر) بالا كېلىدۇ،
قەيەردە راھەت بولسا، مىڭ (خىل) جاپامۇ بىللە بولىدۇ».

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4919 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۈلمىشىم، B 354
تىلەكىم بۇ ئەردى ئانى قولمىشىم.
ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ئۇنى چاقىرىشتىكى مەقسىتىم مۇنداق ئىدى:
4920 سەبەب بولسا ئەردى ماڭا ئەدگۈكە،
تىرىلگەيمۇ ئەردى كۆڭۈل، ئاي بۆكە.
مېنى ياخشىلىققا (دەۋەت قىلىشقا) سەۋەب بولسا،
دىلىم ياشناپ كېتەر ئىدى، ئەي پالۋان.
4921 تىرەندى، ئۇناماز بەرۇ كەلگەلى،
نە ئەش تۇش، قاداشلار يۈزىن كۆرگەلى.
(ئۇ) قاتتىق تۇرۇۋالدى، بۇ يەرگە كېلىشكە ئۇنىمىدى،
دوست، بۇرادەر، قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە (رازى بولمىدى).
4922 ئول ئايمىش سۆزۈگ كۆرسە بارچا كۆنى،
كۈچەسە يەمە بولماز ئەمدى ئانى.
ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە قارىسا، ھەممىسى توغرا،
ئەمدى ئۇنى زورلاشقىمۇ بولمايدۇ.
4923 ساڭا ئۆكۈش تەگدى ئەمگەك يورىپ،
تىلىن سۆزلەدىڭ ھەم يۈگۈردۈڭ ئارىپ.

سەن (ئوتتۇرىدا) يۈرۈپ، كۆپ جاپا چەكتىڭ،
كۆپ سۆزلەشتىڭ، جىق يول ماڭدىڭ، هاردىڭ.

4924 كۈدەلىم، كۆرەلىم يەمە، ئاي ئاقى،
نەگۈ ئول ئاخىر هال، ئۆد ئۆدلەك تاقى.
ئەمدى كۈتەيلى، قاراپ باقايلى، ئەي سىخىي،
ئاخىر ئەهۋال، ۋاقىت ـ پۇرسەت قانداق بولىدىكىن.

4925 قارا تۈن ئىچىندە تۇرۇر كەلگۈ ئىش،
يارۇتۇر يارۇق كۈن، ئايا ئەدگۈ ئەش.
كەلگۈسىنىڭ ئىشلىرى قاراڭغۇ تۈن ئىچىدە تۇرغان(دەك غۇۋا)
ئۇنى يورۇق كۈنلا يورۇتالايدۇ، ئەي ياخشى دوست.

4926 قۇرۇغلۇغ تۇرۇر بۇ زەمانە ياسى،
ئارا ئاسغى تەگرۇر، ئارالا ياسى.
زاماننىڭ ئوقياسى بەتلەكلىك تۇرىدۇ،
بەزىدە پايدا كەلتۈرىدۇ، بەزىدە زىيان سالىدۇ.

4927 بايات هۆكمىڭە قود قامۇغ ئىشلەرىگ،
ئۆدى كەلسە ئەتلۈر، ئاچار، ئاي تىرىگ.
هەرقانداق ئىشنى خۇدانىڭ هۆكمىگە قويۇش كېرەك،
ئۆز (ۋاقتى) كەلگەندە پۈتىدۇ، (يولى) ئېچىلىدۇ، ئەي سەگەك.

4928 قايۇ ئىش قىلىپ بۇلماسا ئول تاتىغ،
قودۇ بەرگۈ ئانچان، ئاي بىلگى پاتىغ.
هەرقانداق (بىر) ئىشنى قىلىپ، لەززەت ئالالمىسا،
(ئۇنى) مەلۇم ۋاقىت تاشلاپ قويۇش كېرەك، ئەي بىلىمى چوڭقۇر.

4929 بۇ دۇنيا ياڭى بۇ ئەدەرسە قاچار،
قودۇ بەرسە ئەۋرە ساڭا يول ئاچار.
بۇ دۇنيانىڭ خۇي ـ پەيلى شۇنداقكى، ئەگەشسەڭ قاچىدۇ،
تاشلىۋەتسەڭ، ئۆرۈلۈپ ساڭا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

4930 كۈدەلىم بىر ئانچا، سىنالىم ئانى،
نەگۈتەك ئاخىر هال، زەمانە كۈنى.
مەلۇم ۋاقىت كۈتەيلى، ئۇنى سىناپ (كۆرەيلى)،
زامان كۈنلىرىنىڭ ئاخىرقى ئەهۋالى قانداق بولىدىكىن!

4931 يانا بولغا بىزنى تىلەگەي تۇرۇپ،
ئۆزى ئۆز يەگىن قىلغا يەترۇ كۆرۇپ.
ئۇ بەلكىم بىزنى خالىشى مۇمكىن،
ئويلاپ كۆرۇپ، ئۆزى تېخىمۇ ياخشى (ئىش) قىلار.

*   *   *

4932 مۇڭار تەگدى، كەستى سۆزىنى ئەلىگ،
تۇرۇپ چىقتى ئۆگدۇلمىش ئاقرۇ سىلىگ.
شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەلىگ سۆزىنى تۇگەتتى،
ئۆگدۇلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن سىرتقا چىقتى.
4933 يەمە كەچتى قاچ كۇن بۇ سۆزگە ئادىن
ساقىندى ئەلىگ، باقتى ئۆڭدۇن كەدىن.
بۇ سۆزلەردىن كېيىن يەنە بىرنەچچە كۇن ئۆتتى،
ئەلىگ ئويغا چۆمدى، (ئىشنىڭ) ھەممە تەرىپىگە نەزەر سالدى.

68

كۈنتۇغدى ئەلىگ ئودغۇرمىشنى ئۆچۈنچ يولى ئۈندەيۈ ئىدمىشىن ئايۇر

كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

4934 ئوقىدى ئەلىگ بىر كۈن ئۆگدۈلمىشىگ،
ئايۇر: قىلغۇ بولدى ساڭا بىر ئىشىگ.
بىر كۈنى ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى (ۋە)
ساڭا (يەنە) بىر ئىشنى قىلىش لازىم بولدى، دېدى.

4935 ئوقىدىم قاداشىڭ، ماڭا كەلمەدى،
ئول ئارزۇ تىلەكنى ئۆزۈم بۇلمادى.
چاقىرسام، قېرىنداشىڭ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدى،
مەن بۇ ئارزۇ ـ تىلىكىمگە ئېرىشەلمىدىم.

4936 كەتەردىم مەن ئۇشبۇ تىلەمىش تىلەك،
ئادىن بولدى ئەمدى تىلەككە يۆلەك.
مەن بۇ ئارزۇ قىلغان تىلىكىمدىن كەچتىم،
ئەمدى تىلىكىمگە يېتىش ئۈچۈن باشقا بىر يولنى (تاللىدىم).

4937 بۇ ئول، كۆر، بۇ كۈنكى تىلەكىم مەنىڭ،
ئۆزۈم بىر يۈزىنى كۆرەيىن ئانىڭ.
قارا، مېنىڭ هازىرقى تىلىكىم مۇنداق،
ئۆزۈم ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرەي.

4938 ئاڭار مەن بارايىن، يا كەلسۈن ماڭا،
زىيارەت ئۈچۈن ئول ئاي قىزغۇ ئەڭە.
مەن ئۇنىڭ (ئالدىغا) باراي ياكى ئۇ ماڭا كەلسۇن،
زىيارىتىمنى ئۇ يورۇق يۈزگە ئېيتقىن.

4939 ماڭا تۇشسا بەرسۇ بىر ئۆت، ساۋ، ئەرىگ،
يانا يانسۇ، قىلسۇ قىلۇر ئىشلەرىگ.
مېنىڭ (ئالدىمغا) كېلىپ، تەربىيە ۋە نەسىهەت بەرسۇن،
ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئىشلىرىنى قىلسۇن.

قۇتادغۇ بىلىك

4940 ماڭار ئاسغى تەگسۈن، ئاڭار ياسى يوق،
سۆزۈلسۈن ئۆزۈمدىن قامۇغ بۇلغانۇق.
ماڭا پايدىسى تەگسۈن، ئۇنىڭغا زىيان بولمايدۇ،
قەلبىمدىن ھەممە ناپاكلىقلار تازىلانسۇن.

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4941 يانۇت بەردى ئۆگدۇلمىش ئايدى :بۇ سۆز A193
ئوسۇغلۇغ تۇرۇر چىن، ئايا قۇتلۇغ ئۆز.
ئۆگدۇلمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
(بۇ) ھەقىقەتەنمۇ دەل جايىدا بولغان بولاتتى، ئەي قۇتلۇق زات.
4942 بۇ ئىش قىلغا ئەلىگ تىلەسە ئانى،
ئوقىيىن يانا يارلىقاسا مەنى.
ئەلىگ خالىغان بولسا، بۇ ئىشنى قىلىمەن،
يارلىق بېرىلسە، يەنە ئۇنى تەكلىپ قىلىمەن.
4943 بارايىن، بۇ سۆزنى ئاڭار سۆزلەيىن،
ئەلىگ بارماسۇن، مەن ئانى كەلدرەيىن.
باراي، ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى ئېيتاي،
ئەلىگ بارمىسۇن، مەن ئۇنى كەلتۈرەي.
4944 يانا بىر بىتىك يارلىقاسۇن ئەلىگ،
ئوقىپ پۈتسۇ، كەلسۇ ساڭا ئول سىلىگ.
ئەلىگ يەنە بىر مەكتۇپ يېزىپ بەرسۇن،
ئوقۇپ ئىشەنسۇن (ۋە ئۇ) مۇلايىم بۇ يەرگە كەلسۇن.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

4945 ئەلىگ ئايدى: ئەمدى نىرەك بۇ بىتىك، B356
بىتىكدە پۈتۈنرەك پۈتۈن سەن تەتىك.

نەسرى يەشمىسى

ئەلىگ ئېيتتى، ئەمدى مەكتۇپنىڭ نېمە ھاجىتى،
مەكتۇپقا قارىغاندا سەن ئىشەنچلىكرەك ئەمەسمۇ، ئەي زېرەك؟

4946 بىتىك پۈتمەگۈتەك كىشىكە بولۇر،
سەنىڭدە پۈتۈنرەك ئادىن كىم بۇلۇر.
خەت ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمگە بېرىلىدۇ،
سەندىنمۇ ئىشەنچلىك يەنە كىم بار؟

4947 نەگۈ تەر ئەشىت ياقشى ياغما بەگى،
قامۇغ ئىش ئىچىندە يەتىلمىش ئۆگى:
كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ ئەقلى يېتىلگەن،
ياخشى ياغما بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4948 «يالاۋاچقا پۈتسە، بىتىك نە كەرەك، C294
پۈتۈنلۈك بۇلۇنسا، ئەتىك نە كەرەك.
«ئەلچىگە ئىشەنسە، مەكتۇپنىڭ نېمە ھاجىتى،
ئىشەنچكە ئىگە بولغاندا، (ئېھتىيات) چارىلىرىنىڭ نېمە ھاجىتى.

4949 سۆزۈڭنى تىلىن ئاي، سۆزىنى ئەشىت،
تاقى بىر بىتىك، ئاي تەتىك، نە كەرەك».
ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ئېيت، جاۋابىنى ئاڭلا،
يەنە مەكتۇپ يېزىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، ئەي زېرەك؟»

4950 بۇ ئانچا ئىش ئەرمەز ئاغىر كەلگۈتەك،
بۇ ئىشتىن بەلىگلەپ يىراق تەزگۈتەك.
بۇ ئۇنچىلىك ئېغىر كەلگۈدەك،
چۆچۈپ، يىراق قاچقۇدەك ئىش ئەمەس.

4951 نەرەك مۇنچا سۆزگە بىتىك، يا ئەتىك،
پۈتۈن سەن، بىتىك سەن، ماڭا ئاي تەتىك.
شۇنچىلىك سۆزگە مەكتۇپنىڭ ياكى چارە ـ تەدبىرنىڭ نېمە ھاجىتى؟
ئەي زېرەك، سەن مەن ئۇچۇن ھەم مەكتۇپ، ھەم ئىشەنچ!

4952 ماڭا كەلسۇ، تۇشسۇ، يانا بارسۇ تەرك،
كۇچۇن تىدماغايمەن، ئاڭا بەردىم ئەرك.
بۇ يەرگە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، ئاندىن قايتىپ كەتسۇن،
زورلاپ تۇتۇپ قالمايمەن، ئۇنىڭغا ئەرك بېرىمەن.

4953 ئىدۇرمەن سەنى كۆر، بۇ ھاجەت ئۈچۈن،
ئوقى ئەدگۈ بىرلە، ئوقىما كۈچۈن.
قارا، سېنى مۇشۇ ھاجەت ئۈچۈن ئەۋەتىمەن،
ياخشىلىق بىلەن چاقىرغىن، زورلىما.

4954 بەرۇ كەلمەسە مەن بارايىن نارۇ،
يۈزىنى كۆرەيىن، يانايىن بەرۇ.
(ئۇ) بۇياققا كەلمىسە، مەن ئۇ يەرگە باراي،
يۈزىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلەي.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4955 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: تىلەك
تۈگەل بولغا بولسا باياتتىن يۆلەك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ (شۇنداق) دېدى:
خۇدا يار ـ يۆلەكتە بولسا، بۇ تىلەك ئورۇنلىنىدۇ.

4956 ئۆزۈمدىن يانائوق قاتىغلانغامەن،
بۇ ئارزۇ تىلەكىڭ تۈگەل قىلغامەن.
شەخسەن ئۆزۈم ناھايىتى غەيرەت قىلىپ،
بۇ ئارزۇ ـ تىلىكىڭنىڭ ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىمەن.

4957 ئەلىگ ئالتۇنى ئىنچ ـ ئەسەن بولسۇنى،
بايات بەرگە بارچا تىلەك قولسۇنى.
ئەلىگ ئالىيلىرى ئامان ـ ئېسەن بولسۇن،
خۇدا بارچە تىلەك ـ ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ.

*   *   *

4958 تۇرۇپ چىقتى، ئاتلاندى، كەلدى يانا، B357
تۇشۇپ كىردى ئەۋگە، سۇچۇلدى تونا.
(ئۆگدۈلمىش) ئورنىدىن تۇرۇپ (سىرتقا) چىقتى، ئاتلاندى،
ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، تونلىرىنى يەشتى.

4959 قىزىل يۈز ئۆڭى ئۆڭدى، بولدى سارىغ،
ئاژۇن بولدى ئالتۇن ئۆڭىتەك ئارىغ.
(قۇياشنىڭ) قىزىل مەڭزى ئۆزگىرىپ، سېرىق (تۇسكە) كىردى،
دۇنيا ئالتۇن رەڭگىدەك ساپ (قىياپەتكە) كىردى.

4960 ياشىق تۇرتتى يۈزگە سارىغ زەئفەران،
ئۆزىن قىلدى مىنا ئۆڭىتەك جەھان.
قۇياش يۈزىگە سېرىق زەپىران سۈرتتى،
دۇنيا ئۆز رەڭگىنى زەڭگەرگە ئۆزگەرتتى.

4961 قالىق پۈترۈ تۇتتى سەۋۈگلەر قاشى،
ئاژۇن بولدى زەنگى ھەبەش قىرتىشى.
ئاسمان مەشۇقلار قېشىدەك (قارا) بولدى،
دۇنيا رەڭگى ھەبەشلەر تۇسىگە كىردى.

4962 يەدى، ئىچتى، يۈزدى يەتۇردى نەماز،
تۆشەك قولدى، ياتتى، ئۇدىپ باردى ئاز.
(ئۆگدۈلمىش) تامىقىنى يەپ، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى،
ئورۇن سېلىپ ياتتى، ئازراق ئۇخلىدى.

4963 سارىغ ساندۇاچ ئۆتتى ئۈنۈن سايرادى،
بەلىڭلەپ ئودۇندى، ئۇسى كەلمەدى.
سېرىق بۇلبۇل ئۈنلۈك سايرىدى،
(ئۆگدۈلمىش) چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇيقۇسى كەلمىدى.

4964 ئودۇغ ياتتى ئانچا ئانى تىڭلايۇ،
ئاۋىندى ئول ئۈنگە تۇرۇپ تاڭلايۇ.
(بۇلبۇل ئاۋازىغا) قۇلاق سېلىپ، بىرئاز ئويغاق ياتتى،
بۇ ئاۋازغا مەپتۇن بولۇپ، ئورنىدىن قوپتى.

4965 ئۇسى يىتتى ئارتۇق ئۇزادى تۈنى، C295
كۆسۈش بولدى ئارزۇن يارۇغۇ كۈنى.
ئۇيقۇسى قاچتى، كېچە ئۇزۇنغا سوزۇلغاندەك (تۇيۇلدى)،
كۈننىڭ يورۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئارزۇ قىلدى.

4966 قالىق يىرتتى كەدمىش قارا كۆڭلەكىن،
ئاچىلدى يارۇق يۈز، كۆتۈردى ئەگىن.

ئاسمان كىيگەن قارا كۆڭلىكىنى يىرتتى،
چۈمپەردىسىنى ئاچتى، يورۇق يۈزى كۆرۈندى.

4967 كۆلە باقتى ئۆرلەپ تالۇ قىز يۈزى،
يارۇدى بۇ دۇنيا ئىرى ھەم قۇزى.
(قۇياش) ئۆرلەپ، گۈزەل قىزدەك كۈلۈپ قارىدى،
دۇنيانىڭ كۈنگەي ھەم تەسكەي تەرىپى يورۇدى.

4968 تۇغا كەلدى ئۆرلەپ چىقاردى يۈزىن،
يارۇق قىلدى دۇنيا قولىن ھەم ئۆزىن.
(كۈن) تۇغۇپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، يۈزىنى كۆرسەتتى.
دۇنيانىڭ بارلىق ۋادىلىرى ھەم دەريالىرىنى يورۇتتى.

4969 يانا قوپتى، يۈندى، تونادى تۇكەل،
نەماز قىلدى، ئۆزكە يورۇپ ئەدگۈ فال.
(ئۆگدۈلمىش) يەنە قوپۇپ تاھارەت ئالدى، كىيىمىنى كىيدى،
ناماز ئوقۇدى، ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلدى.

* * *

4970 ئاتىن تۇتتى، مىندى، بىر ئوغلان بىلە A140
قاداشى تاپا باردى، سەۋنۈ كۈلە.
ئېتىنى تۇتۇپ مىندى، بىر خىزمەتچىسىنى ئېلىپ،
خۇشال ـ خۇرام ھالدا قېرىندىشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

4971 ياقىن تەگدى ئەرسە ئانىڭ ئۈسكىگە،
تۈشۈپ باردى ئاقرۇ يورىپ قاپغىغا.
ئۇ تۇرغان يەرگە يېقىن كەلگەندە، ئاتتىن چۈشۈپ،
دەرۋازىغىچە ئاستا پىيادە باردى.

4972 توقىدى قاپۇغ ئاقرۇ ئەلگىن تۇتۇپ،
تۇرۇپ چىقتى تەركىن قاداشى ئۇقۇپ.
قولى بىلەن دەرۋازىنى ئاستا قاقتى،
قېرىندىشى ئاڭلاپ، ئورنىدىن قوپۇپ، ئىشىكنى ئاچتى.

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4973 كۆزۈن كۆردى ئەرسە، كۆر، ئۆگدۈلمىشگ،
ئايۇر: ئاي قاداشىم، ئۇزاتتىڭ ئىشىگ.
كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۆگدۈلمىشنى كۆرۈپ،
ئەي قېرىندىشىم، سەن ئىشنى ئۇزارتىۋەتتىڭ، دېدى.

4974 نەلۈك ئەمگەتۇرسەن ئۆزۈڭنى كۈچۈن،
نەگۈگە قارىشىڭ ماڭا بۇ ئۆچۈن.
نېمىشقا زورمۇزور ئۆزۈڭنى قىينايسەن،
نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق قەستەن يېپىشىۋالىسەن؟

4975 يورى گەل، كىرەلىم، ماڭا ئاي سۆزۈك، B358
نەلۈك ئەۋرە كەلدى يانا بۇ ئۆزۈڭ؟
يۈر، (ئۆيگە) كىرەيلى، سۆزلىرىڭنى ئېيت،
سەن نېمە ئۈچۈن يەنە قايتا (بۇ يەرگە) كەلدىڭ؟

* * *

4976 تۇرۇپ ئەۋگە كىردى بۇ ئىككى قاداش،
قاداشىڭا زاهىد ئالىن تۇگدى قاش.
بۇ ئىككى قېرىنداش بىللە ئۆيگە كىردى،
قېرىندىشىغا زاهىت قاپىقىنى تۈردى.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4977 كەلىگلى قاداشى ئايۇر: ئاي تۇزۇم،
قاشىڭ تۇگمە، ئاشنۇ ئەشىتگىل سۆزۈم.
كەلگەن قېرىندىشى شۇنداق دېدى: ئەي ئىسىلىم،
قاپىقىڭنى تۈرمە، ئالدى بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلا.

4978 سەن ئايمىش سۆزۈڭ بارچا ئەكسۈكسۈزۈن،
ئەلىگكە تەگۈردۈم، ئۆتۈندۈم ئۆزۈن.
سەن ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى كەم ـ كوتىسىز
ئەلىگكە يەتكۈزدۈم، تەپسىلىي بايان قىلدىم.

4979 ئەشىتتى ئەلىگ سۆز، تۈگەل تىڭلادى،
سۆزۈڭنى ئەشىتتى، ئۆكۈش تاڭلادى.
ئەلىگ سۆزۈمنى چۈشەندى، ھەممىسىنى ئاڭلىدى،
سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ كۆپ ھەيران بولدى.

4980 قودۇ بەردى ئەمدى سەنى، ئاي قاداش،
مۇنڭدا ئادىن بىر تىلەك قولدى تاش.
ئەي قېرىنداش، سېنى ئەمدى (ئۆز ئىختىيارىڭغا) قويۇۋەتتى،
بۇنىڭدىن تاشقىرى باشقا بىر تىلىكى بار.

4981 مەنى سۆزچى ئىدتى بۇ ئىشكە ساڭا،
ئۇۋۇت قىلماغىل سەن مەنى، ئاي توڭا.
بۇ ئىش ئۈچۈن مېنى ساڭا ئەلچى (قىلىپ) ئەۋەتتى،
سەن مېنى ئۇيالدۇرما، ئەي باتۇر.

4982 قامۇغ نەڭگە ھەد ئول تەڭى بەلگۈلۈگ،
تەڭىندە كەچۈرمە ئىشىڭ، ئاي كۈلۈگ.
ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئېنىق چەك ـ چېگراسى بولىدۇ،
ئىشىڭنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە، ئەي شەۋكەتلىك.

4983 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ تىلى، C296
قامۇغ نەڭگە ياڭزاغ بۇ ئول سۆز ئۇلى:
ئەقىللىك (بالا) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزنىڭ ئاساسى ھەممە نەرسىگە ماس كېلىدۇ:

4984 «تەڭىندە كەچۈرمە قامۇغ ئىشنى سەن،
تەڭىندە كەچۈرسە يانا قاچغا سەن.
«ھەرقانداق ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە،
چېكىدىن ئېشىپ كەتسە (ئۇ ئىش) سەندىن قاچىدۇ.

4985 قامۇغ ئىشكە ياڭزاغ تەڭى ئول ياڭى،
قامۇغ نەڭ تەڭى بىرلە بولدى ئەسەن».

ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇناسىپ چېكى، (ئۆز) پەيتى بولىدۇ،
ھەرقانداق نەرسە ئۆز پەيتى بىلەن ساغلامدۇر».

4986 ئەلىگ قودتى ئەمدى ئۇزاقى تىلەك،
ئوقىر بىر زىيارەتقە، بولغىل يۆلەك.
ئەلىگ ئەمدى ئاۋۋالقى تەلىپىدىن كەچتى،
(سېنى) بىر زىيارەتكە چاقىرىدۇ، (ئۇنىڭغا) يۆلەك بول.

4987 بارىپ تۇش ئاڭار سەن، يا كەلسۇن ساڭا،
يۇزۇڭ كۆرسۇنى بىر، ئاي كۆڭلى كەڭە.
سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن، يا ئۇ سېنىڭ (قېشىڭغا) كەلسۇن،
يۈزۈڭنى بىر كۆرسۇن، ئەي قورسىقى كەڭ (كىشى).

4988 مۇنىڭدا ياسى يوق ساڭا، ئاي قاداش،
بولۇ بەر ماڭا سەن، ئايا باغرى تاش.
ئەي قېرىنداش، بۇنىڭدا ساڭا زىيان يوق،
ماڭا ھەمدەم بول، ئەي باغرى تاش.

4989 ئەلىگمە ئەدى ئەدگۇ سۇلتان تۇرۇر،
چىغايقا، ياۋۇزقا سەۋۇگ جان تۇرۇر.
ئەلىگ ئۆزىمۇ بىر ياخشى سۇلتاندۇر،
كەمبەغەللەرگە ۋە گۇناھكارلارغا سۆيۈملۈك جاندۇر.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4990 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى :بۇ سۆز B359
ئۇقۇشقا ياقىن ئول، ئايا كۆڭلى تۇز.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
(بۇ سۆز) ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر، ئەي كۆڭلى تۇز.

4991 مۇسۇلمان قاداشقا مۇسۇلمان قاداش،
زىيارەت قىلۇرئوق، ئاي كۆڭلى تۇداش.
مۇسۇلمان قېرىنداشقا مۇسۇلمان قاياشتۇر،
ئەلۋەتتە (بىر ـ بىرىنى) زىيارەت قىلىشىدۇ، ئەي دىلىمىنىڭ يېقىنى.

4992 بۇ سۆزكە ئەگىلدىم، بەرۇرمەن بويۇن،
زىيارەت قىلايىن ئاڭار مەن بۇ كۈن.
بۇ سۆزگە تەن بەردىم، بوينۇمنى ئېگىمەن،
بۈگۈن مەن ئۇنى زىيارەت قىلاي.

4993 مۇنىڭدا ئوزا بارمادىم مەن ئاڭار،
ئۆز ئاسغى تىلەر ئەردى مەندىن سىڭار.
بۇنىڭدىن ئاۋۋال مەن ئۇنىڭ (ئالدىغا) بارمىدىم،
(چۈنكى) ئۇ مەندىن ئۆزىگە مەنپەئەت تىلەيتتى.

4994 ئانى قودتى، تۇتتى كۆنىلىك يولىن،
كىرۇرمەن كۆنىلىككە، كۆندۈم بىلىن.
ئۇنىڭدىن كېچىپ، توغرىلىق يولىنى تۇتۇپتۇ،
توغرا يولغا مەنمۇ كىرىمەن، كۆندۈم (بۇنى) بىل.

4995 بارايىن ئەلىگكە، ئەلىگ كەلمەسۈن،
ماڭار تەگسۇ ئەمگەك، ئاڭار تەگمەسۈن.
(مەن) ئەلىگ (ئالدىغا) باراي، ئەلىگ (بۇ يەرگە) كەلمىسۇن،
جاپانى مەن چېكەي، ئۇ چەكمىسۇن.

4996 ئەلىگ ئەل بەگى ئول بودۇنقا ئۇلۇغ،
ئاڭار قىلغۇ هۆرمەت، ئاغىرلىق قامۇغ.
ئەلىگ ئەل بېگى، خەلقنىڭ ئۇلۇغىدۇر،
ئۇنى كۆپ هۆرمەت قىلىش ۋە قەدىرلەش كېرەك.

4997 يورىق تۇزسە، ئۆترۈ كۆنىتسە سۆزى،
ئارىتسا ئەلىندە ئەسىزلەر ئىزى.
(ئادىل) يول تۇتۇپ، سۆزىنى توغرا قىلسا،
ئەلدە يامانلارنىڭ ئىزىنى يوقىتالايدۇ.

4998 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، ئاي بىلكى تەڭىز، C297
ئوقۇشلۇغ، ئامۇل، كۆڭلى يۈكسەك ئەدىز:
ئەقىللىك، ئېغىر ـ بېسىق، كۆڭلى يۈكسەك زات
نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي بىلىمى دېڭىز:

4999 «رەئىيەتقا ۋاجىب بەگى يارلىغى،
ئاغىر تۇتسا ئەشتىپ كىچىگ، ئۇلۇغى.

«رەئىيەتكە بېگىنىڭ يارلىقى ۋاجىپتۇر،
چوڭ ـ كىچىك (ھەممىسى) ئۇنى ئاڭلاپ، قەدىرلىشى كېرەك.
5000 ئاغىرلاغۇ بەگلەر ئۆزىن ھەم سۆزىن،
كەرەك ھىندۇ بولسۇن كۈمۈش يۈلۈگى».
بەگ كۈمۈشكە سېتىپ ئېلىنغان ھىندى (قۇل) بولسىمۇ،
ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ، سۆزىنىمۇ قەدىرلەش كېرەك».
5001 ئاغىرلارمەن ئەمدى ئەلىگ يارلىغىن،
زىيارەت قىلۇرمەن، بولۇرمەن ياقىن.
مەنمۇ ئەلىگ يارلىقىنى قەدىرلەيمەن،
زىيارەت قىلىپ، (ئۇنىڭغا) يېقىن بولىمەن.
A141 5002 يورى، يانغىل ئەمدى، ئەلىگكە سۆزۈم
تەگۈرگىل، كەلۇر تەپ مۇنۇ بۇ ئۆزۈم.
يۇر، ئەمدى قايتقىن ئەلىگكە سۆزۈمنى (يەتكۈز)،
مېنى كېلىدىغان بولدى، دەپ خەۋەر قىل.
B360 5003 يارۇق دۇنيا يۈزگە ئەشۈنسە ئەشۈك،
مەن ئۆترۈ بارايىن، ئاي ئەسكى تۇشۇك.
يورۇق دۇنيا يۈزگە پەردە تارتقاندا،
ئاندىن مەن (ئۇ يەرگە) بارىمەن، ئەي كونا قەدىردانىم.
5004 كىشى كۆرسە كۈندۈز مەنى سوڭداغا،
ئۆزىن ئوتقا ئاتغا، مەنى سۆزلەگە.
كۈندۈزدە كىشىلەر مېنى كۆرسە، ئەگىشىدۇ،
مېنىڭ(ھەققىمدە) سۆزلەپ، ئۆزىنى ئوتقا ئاتىدۇ.
5005 يورى، بارغىل ئەمدى سەن، ئەۋدە كۈدەز،
ساڭا كەلگەمەن ئاندا ياتما سەن ئاز.
يۇر، ئەمدى قايتىپ كېتىپ، مېنى ئۆيدە كۈت،
مەن سېنىڭكىگە بارىمەن، ياتماي بىرئاز كۈتۈپ تۇر.
5006 ئەڭ ئاشنۇ ساڭا مەن تۇشايىن بارىپ،
نەتەك قىلغۇ ئاندىن قىلالىم يورىپ.
ئالدى بىلەن سېنىڭ يېنىڭغا باراي،
نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئاندىن مۇھاكىمە قىلايلى.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5007 سەۋىندى، كۆر، ئۆگدۈلمىش ئايدى جەۋاب،
ئەدى كۆركلۈگ ئول، بۇ يەمە كەد سەۋاب.
ئۆگدۈلمىش خۇشال بولدى (ۋە مۇنداق) جاۋاب بەردى:
بۇ ناھايىتى چىرايلىق ھەم خەيرلىك (ئىش) بولدى.

5008 بارايىن مەن ئەمدى ئەلىگكە تۇرۇپ،
ئايايىن بۇ سۆزلەر، سەۋىنسۇن ئۇقۇپ.
ئەمدى مەن قايتىپ، ئەلىگ ئالدىغا باراي،
بۇ سۆزلەرنى ئېيتاي، ئۇقۇپ خۇشال بولسۇن.

5009 مەنىڭدە باسا سەن پۈتۈرگىل سۆزۈڭ،
ئۇمىنچ قىلمىش ئۆدتە يەتۈرگىل ئۆزۈڭ.
مەن (كەتكەندىن) كېيىن سەن سۆزلىرىڭنى تەييارلا،
ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا ئۇ يەرگە يېتىپ بار.

*   *   *

5010 ئىكىگۇ سۆزى تىندى بىر سۆز ئۈزە،
سەۋىنچىن تۇرۇپ چىقتى قاشىن يازا.
ئىككىلىسى بىر سۆزگە پۈتۈشتى،
(ئۆگدۈلمىشنىڭ) چىرايى ئېچىلىپ، ئۇ يەردىن چىقتى.

*   *   *

5011 يانا ئوق تۇتۇزدى ئايۇر :ئاي قاداش،
سۆزۈڭ قىيما، كەلگىل، ئاي كۆڭلى تۇداش.
يەنە تەكرار نەسىھەت قىلىپ، دېدى: ئەي قېرىنداش،
ۋەدەڭنى بۇزما، كەلگىن، ئەي دىلىمنىڭ يېقىنى.

5012 ياشىق يەرگە يانسا، يۈزىن كىزلەسە،
كۆمۈر قىرتىشى دۇنيا يۈزگە باسا،

قۇياش يەرگە قايتىپ، يۈزىگە پەردە تارتقاندا،
دۇنيا يۈزىنى كۆمۈر رەڭگىگە كىرگۈزگەندە،
5013 سەنى كۈدگە مەن ئەۋدە، كەلگىل ماڭا،
ياراغىن كۆرۈپ ئىش قىلايىن ساڭا.
سېنى ئۆيدە كۈتىمەن، مېنىڭكىگە كەلگىن،
سەن ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويىمەن.

* * *

5014 ئاتىن مىندى، كەلدى ئەلىگكە تۈرۈپ، C 298
تۈشۈپ كىردى ئەلىگ تاپا يول قولۇپ.
ئېتىنى مىنىپ، توپتوغرا ئەلىگ (ئالدىغا) ماڭدى،
(ئېتىدىن) چۈشۈپ، ئىجازەت سوراپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىردى.
5015 تەگۈردى ئەلىگكە ئۆقۈلمىش سۆزىن،
سەۋىندى ئەلىگ، يازدى قاشىن كۆزىن.
ئۆققان سۆزلەرنى ئەلىگكە يەتكۈزدى،
ئەلىگ خۇشال بولۇپ، چىرايى ئېچىلدى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5016 ئايۇر ئەدگۈ بولدى بۇ بىر ئىش بارى،
سۆزۈڭتەك چىن ئەرسە ئول ئايمىشلارى.
ئەلىگ دېدى: بۇ ئىشنىڭ ھەممىسى ياخشى بولدى،
ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى سۆزلىگىنىڭدەك راست بولسا ئىدى.
5017 يانا ئايدى ئەلىگ نە ئۆدتە كەلىر؟ B 361
قايۇدا تۇشارمەن ئاڭار، ئاي بىلىر؟
ئەلىگ يەنە سورىدى: قايسى ۋاقىتتا كېلىدۇ؟
ئۇنىڭ بىلەن قەيەردە ئۇچرىشىمەن، ئەي بىلىمدان؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5018 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: كەچە،
يارۇق دۇنيا مەڭزى تۇنەرسە چەچە.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: كېچىسى
يورۇق دۇنيا يۈزى سەل ـ پەل قاراڭغۇلاشقاندا.
5019 مەنىڭ ئەۋگە كەلمەك تۇرۇر ئول ماڭا،
قاچان كەل تەسە سەن، كەلىر ئول ساڭا.
ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەكچى بولدى،
سەن قاچان كەلسۇن دېسەڭ، شۇ چاغدا ئالدىڭغا كېلىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5020 ئەلىگ ئايدى: ئەمگەپ يۈگۈردۈڭ ئۆكۈش،
يانۇت بەرسۇ تەڭرى ئول ئەمگەككە تۇش.
ئەلىگ دېدى: جاپا چېكىپ، خېلى كۆپ يۈگۈردۈڭ،
خۇدا ئۆز ئەمگىكىڭگە يارىشا ئەجىر بەرسۇن.
5021 بۇ ئەردى مەنىڭ بۇ ئىگىمگە ئەمى،
سەۋىندۈردى ئەمدى مەنىڭ كۆڭلۈمى.
مېنىڭ بۇ دەردىمنىڭ داۋاسى شۇ ئىدى،
ئەمدى ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى سۆيۈندۈردى.
5022 سەن ئەۋدە كۈدەز، كەلسە ئەشتۈر ماڭا،
كىشى بارغا مەندىن ئوقىتچى ساڭا.
سەن ئۆيۈڭدە كۈتكىن، كەلسە، ماڭا خەۋەر قىل،
مەن ساڭا چاقىرغۇچى ئادەم ئەۋەتىمەن.
5023 قاداشىڭنى ئالغىل، ماڭا كەل تۇرۇپ،
زىيارەت قىلايىن يۈزىنى كۆرۈپ.
قېرىندىشىڭنى ئېلىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەل،
يۈزىنى كۆرۈپ زىيارەت قىلاي.

5024 مۇڭار مەڭزەتۇر ئەمدى بىلگە سۆزىن،
نەگۇ تەر ئەشىتكىل بۇ تۇپى تۆزىن:
دانا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر سۆز ئېيتقان،
ئۇ تېگى ـ تەكتىدە نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5025 «كىشى كۆڭلى تۇتچى تىلەر ئاززۇنى،
ئاۋىتۇر تىلەك بۇلغۇقا ئۆزىنى.
«كىشىنىڭ كۆڭلى دائىم ئارزۇغا يېتىشنى تىلەيدۇ،
ئۇ ئۆزىنى ئارزۇغا يېتىش (ئۈمىدى) بىلەن بەزلەيدۇ.

5026 قالى بۇلسا ئارزۇ ـ تىلەكىن تۇگەل،
كۆڭۈل كۆترۇر ئاندا، كەسەر سۆزىنى».
ئەگەر ئارزۇ ـ تىلىكىگە تۇگەل ئېرىشسە،
كۆڭلى كۆتۈرۈلىدۇ، سۆزىمۇ تۈگەيدۇ».

*   *   *

5027 ئىلەل تەپ تۇرۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىشە،
ئەۋىگە كەلىپ كىردى، قىلدى تۇشە.
ئۆگدۈلمىش: «ئەلۋەتتە شۇنداق» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقتى.
ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ـ دە، جاي هازىرلىدى.

5028 ياشىق يەرگە ئىندى، يۇزىن كىزلەدى،
قارارىپ تۇمان توزدى دۇنيا تۇدى.
قۇياش يەرگە ئېگىشىپ، يۇزىگە پەردە تارتتى،
دۇنيا يۇزى قارىيىپ، چاڭ ـ تۇمانغا قاپلاندى.

5029 ئاژۇن تۇل تونىن كەدتى قاشىن تۇگۇپ، C299
قالىق يەك يۇزىتەك قاراردى ئوڭۇپ.
دۇنيا قاپىقىنى تۈرۈپ، تۇللارنىڭ تونىنى كىيدى،
ئاسمان شەيتان يۇزىدەك ئۆڭۈپ قارايدى.

5030 قامۇغ تەپرەنۇر تىندى، يۇمدى كۆزى، B362
چوغى ئۇن كەسلدى تىرىگلەر سۆزى.
بارچە جانلىقلار تىندى، كۆزىنى يۇمدى،
تىرىكلەر سۆزى، شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بېسىلدى.

69

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىش تاپا كەلمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش يېنىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

5031 تۇرۇپ ئاقرۇ كەلدى، كۆر، ئودغۇرمىشا، A142
كۇدەزىپ كۆرۇ ئالدى ئۆگدۈلمىشە.
قارا، ئودغۇرمىش تۇرۇپ، ئاستا كەلدى،
ئۆگدۈلمىش (ئۇنى) كۈتۈپ قارشى ئالدى.

5032 سەلام قىلدى، ئۆترۇ ئالىشتى ئەلىگ،
تۇرۇپ ئەۋگە كىردى بۇ ئىككى سىلىگ.
سالاملاشتى، ئاندىن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشتى،
بۇ ئىككى مۇلايىم (كىشى) ئۆيگە كىرىشتى.

5033 ئاش ئىچگۇ چىقاردى، يەتۇردى كۆرۇ،
كىشى ئىدتى ئەلىگ تاپا ئۇقتۇرۇ.
(ئالدىغا) ئاش ـ تائام قويدى، كۆز ئالدىدا يېگۈزدى،
ئەلىگكە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى.

5034 ئەشىتتى ئەلىگ، قىلدىياندرۇ جەۋاب،
ئوقىدى ئولارىغ ياقىنلىق ئۇلاپ.
ئەلىگ ئاڭلاپ، دەرھال جاۋاب قايتۇردى،
ئۇلارغا يېقىنلىق كۆرسىتىپ، (ئالدىغا) چاقىردى.

70

كۈنتۇغدى ئەلىگ ئودغۇرمىش بىرلە كۆرۈشمىشىن ئايۇر

كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

5035 ئىككۈ تۇرۇپ باردى ئەلىگ تاپا،
كۆرۈ ئالدى ئەلىگ يورىدى قوپا.
ئىككىيلەن (ئورنىدىن) تۇرۇپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىردى،
ئەلىگ كۆرۈپ، (ئورنىدىن) تۇرۇپ (ئالدىغا) باردى.

5036 سەلام قىلدى ئەلىگ ئەڭ ئاشنۇ كۆرۈپ،
ئەلەيك بەردى زاھىد سەلامقا تۇرۇپ.
ئالدى بىلەن ئەلىگ سالام قىلدى،
زاھىت (ئورنىدىن) تۇرۇپ (سالامنى) ئىلىك ئالدى.

5037 ئەلىگلەشتى ئەلىگ بۇ زاھىد بىلە،
ئايىتتى ئەلىگ يازلۇ ـ سەۋنۇ كۈلە.
ئەلىگ زاھىت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى،
خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

5038 ئورۇن قىلدى ئارتۇق ئۆزىگە ياقىن،
ئاغىرلادى ئاشرۇ باغىرساقلىقىن.
ئۆزىگە يېقىن يەردىن ئورۇن كۆرسەتتى،
ئالاھىدە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى ھۆرمەتلىدى.

5039 ئايۇر: ئەمگەدىڭ سەن، ئاي ئودغۇرمىشا،
ياداغىن بۇ يەرگە ئۆزۈڭ كەلمىشە.
دېدى: ئەي ئودغۇرمىش، سەن مۇشەققەت چەكتىڭ،
بۇ يەرگە ئۆزۈڭ پىيادە كەلدىڭ.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

B363 5040 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: كۆزۈم
سەنى كۆردى، ئەمگەك ئۆنىتتى ئۆزۈم.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
سېنى كۆرۈش بىلەنلا (چەككەن) جاپالىرىمنى ئۇنتۇدۇم.

5041 ئۆزۈم ئارزۇلاپ كەلدى ئەمدى ساڭا،
نەلۈك تەگكەي ئەمگەك، ئاي ئەلىگ ماڭا.
سېنىڭ (ئالدىڭغا) ئۆز ئارزۇيۇم بىلەن كەلدىم،
(شۇڭا) ، مەن قانداقمۇ جاپا چەككەن بولىمەن، ئەي ئەلىگ؟

5042 كىشى ئۆز تىلەكىن يورىسا بارىپ،
تەگىر تەرك تىلەككە، بۇ قالماز ئارىپ.
كىشى ئۆز تىلىكى بويىچە ماڭسا،
چوقۇم تىلىكىگە يېتىدۇ، ھېرىپ قالمايدۇ.

C300 5043 نەگۈ تەر ئەشتكىل بۆكە ياۋغۇسى،
ئۇقۇش بىرلە يادمىش ئاژۇندا كۇسى.
ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن دۇنياغا داڭ چىقارغان
بۆكە يابغۇسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5044 كۆڭۈل ئارزۇلاسا، يىراق يەر ياغۇق
بولۇر، تەرك تىلەكىن بۇلۇر ئول ئانۇق.
كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا، يىراق يېقىن (بولىدۇ)،
كىشى تىلىكىگە ئەلۋەتتە تېز يېتىدۇ.

5045 كۆڭۈل بىرلە ماڭسا كىشى ئارزۇلاپ،
تەگىر ئارزۇقا تەرك ياغۇقلۇق ئۇلاپ.
كىشى (چىن) كۆڭۈلدىن ئارزۇ قىلىپ، (يول) ماڭسا،
ئۇ ئارزۇسىغا يېقىنلىشىپ تېز يېتىدۇ.

5046 كۆڭۈلسۈز قايۇ يەرگە ماڭسا ئاداق،
نەچە يەر ياقىن ئەرسە بولدى يىراق.

كۆڭۈل خالىمىغان ھەرقانداق يەرگە قەدەم باسسا،
ئۇ قانچىلىك يېقىن بولسىمۇ، يىراقلىشىدۇ.

5047 ئاداقىن يورىغلىقا ئەمگەك تەگىر،
كۆڭۈل بىرلە ماڭسا، ئول ئەمگەك بارىر.
قەدەم تاشلىغان كىشى جاپا چېكىدۇ،
(لېكىن) كۆڭۈل (خالاپ) ماڭسا، جاپا بىلىنمەيدۇ.

5048 كۆڭۈل بىرلە كەلدىم، ساڭا ئاي ئەلىگ،
قاچان تەگكە ئەمگەك، يەتۈرگىل بىلىك.
ئەي ئەلىگ، ساڭا كۆڭلۈم (خاھىشى) بىلەن كەلدىم،
بىلگىنكى، ماڭا قانداقمۇ جاپاسى تەگكەن بولىدۇ؟

5049 كۆڭۈل كىمنى سەۋسە، تىلەسە، باقىن،
نەچە يەر يىراق ئەرسە بولدى ياقىن.
نەزەر سال، كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، خالىسا،
(ئۇ) يەر قانچە يىراق بولسىمۇ، يېقىن تۇيۇلىدۇ.

ئەلىگ سۇئالى ئودغۇرمىشقا
ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا سوئالى

5050 ئەلىگ ئايدى: سۆزدە ئەڭ ئاشنۇ ساڭا،
ئايىتغۇ سۆزۈم بار، ئايۇ بەر ماڭا.
ئەلىگ دېدى: ئالدى بىلەن سەندىن
سورايدىغان سۆزۈم بار، بۇنىڭغا جاۋاب بەر.

5051 سەن ئەمدى كۆڭۈل بىرلە كەلدىڭ ماڭا،
ۋەلىكىن نەتەك ئول بۇ ئىش، ئاي توڭا.
مانا، سەن كۆڭلۈڭ خاھىشى بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭ،
ۋە لېكىن، بۇ ئىش قانداقلارچە بولدى، ئەي باتۇر؟

5052 بىلىرسەن، سەلام فەزلى ئارتۇق ئۆلۈغ، B364
كىم ئاشنۇ ئاشۇنسا ئاچار بۇ يولۇغ.
بىلىسەنكى، سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى ئۇلۇغ،
كىم ئالدى بىلەن سالام بەرسە، (پەزىلەت) يولىنى شۇ ئاچقان بولىدۇ.

5053 مەنى كۆردۈڭ ئەرسە، سەلام قىلمادىڭ،
بۇ فەزلىغ، مۇيانىغ قالى قولمادىڭ؟
(سەن) مېنى كۆرگەندە سالام قىلمىدىڭ،
بۇ پەزىلەتنى ۋە ساۋابنى نېمە ئۈچۈن خالىمىدىڭ؟

ئودغۇرمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5054 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: سەلام
بىلىپ قىلمادىم مەن ئەڭ ئاشنۇ ئۇلام.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
مەن بىلىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن سالام قىلمىدىم.
5055 سەلام ئول كىشىگە سەلامەت يولى،
سەلام قىلدى ئەرسە، ئۇرۇلدى ئۇلى.
سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولىدۇر،
سالام قىلسا، سالامەتلىكنىڭ ئۇلى قۇرۇلغان بولىدۇ.
5056 سەلام ئول كىشكە ئەمىنلىك، ئەمان،
سەلام قىلسا، ئۆترۈ ئەمىن بولدى جان.
سالام كىشى ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكتۇر،
سالام قىلسا، كېيىن جان ئەمىن تاپىدۇ.
5057 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئايا كۆڭلى تۈز:
بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇ سۆزنى ئاڭلا، ئەي تۈز كۆڭۈل:
5058 «ئەمان بەردى ئەرگە سەلام قىلغۇچى، C301
سەلامەت بولۇندى ئەلەيك ئالغۇچى.
«سالام قىلغۇچى كىشىگە ئامانلىق تىلەيدۇ،
سالامنى ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ.
5059 سەلام ئول سەلامەت كىشى شەررىڭە،
سەلامەتلىق ئالدى يانۇت قىلغۇچى».

سالام كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت ساقلايدۇ.
جاۋاب بەرگۈچى سالامەتلىك كاپالىتىگە ئىگە بولىدۇ».

5060 ئۇلۇغلار كەرەككىم كىچىككە سەلام،
ئاشۇندۇرسا ئۆترۈ بولۇر ئىش تەمام.
ئۇلۇغلار كىچىكلەرگە سالام قىلىشى كېرەككى،
ئاندىن بارچە ئىشلار (ئۆز) يولىدا بولىدۇ.

5061 كىچىگ تۇتسا، قىلسا ئۇلۇغلار سۆزى، A143
سەلامەت تىرىلدى، قۇتۇلدى ئۆزى.
كىچىكلەر چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەمەل قىلسا،
سالامەت ياشايدۇ ۋە (بالادىن) قۇتۇلىدۇ.

5062 كىچىگ بولسا ئەمىن ئۇلۇغ شەررىندىن،
سەلامەت بولۇنسا ئۇمۇپ خەيرىندىن.
كىچىكلەر ئۇلۇغلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەمىن تاپسا،
ئۇلاردىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ سالامەت ياشايدۇ.

5063 مەنىڭدىن ئەلىگكە قاچان تەگكە شەر،
كىچىگ مەن، كىچىگدىن نەگۇ ياسى بار؟
مەندىن ئەلىگكە قانداقمۇ يامانلىق تەگسۇن،
مەن كىچىك، كىچىكتىن چوڭغا نېمە زىيان تەگسۇن!

5064 ئەلىگ ئەلگى بارچا بودۇنقا ئۇزۇن،
نەگۇ قولسا قىلغاي، تۇگۇلسە يۇزۇن.
ئەلىگ بارچە خەلققە قولى ئۇزۇن،
قايىقى تۇرۇلسە، خالىغىنىنى قىلالايدۇ.

5065 كۆرۈ بار، قارا بەگكە قىلماز سەلام،
بۇ مەئنى ئۇچۇن ئول، ئاي بىلكى تەمان.
قاراپ باق، ئاۋام (پۇقرا) بەگكە (ئالدىن) سالام قىلمايدۇ،
بۇنىڭ مەنىسى يۇقىرىقىلاردەكتۇر، ئەي بىلىمى يېتىلگەن.

5066 مەنى سەن ئەڭ ئاشنۇ تاپۇغقا تىلەپ، B365
ئۆزۈڭگە ئوقىدىڭ ئۆكۈش ئارزۇلاپ.
سەن مېنى ئاۋۋال خىزمەتكە جەلپ قىلىپ،
كۆپ ئارزۇلار بىلەن ئۆز ئالدىڭغا چاقىردىڭ.

5067 بولۇ بەرمەدىم مەن، سۆزۈك تۇتمادىم،
بۇ ئالچى ئاژۇنقا ئۆزۈن پۈتمەدىم.
(باشتا) مەن ئۇنىمىدىم، سۆزۈڭنى تۇتمىدىم،
بۇ ئالدامچى دۇنياغا ئىشەنمىدىم.

5068 ئانى قودتۇك ئەمدى، زىيارەت ئۇچۇن
ئوقىدىك، مۇنۇ كەلدىم ئەمدى بۇ تۇن.
ئۇ (تەلىپىڭ)نى قويۇپ، زىيارەت ئۇچۇنلا
مېنى چاقىردىڭ، ئەمدى مانا بۇگۈن كەلدىم.

5069 تاقى ئەيمەنۈر ئەردىم ئەمدى ساڭا،
سەلامىن ئەمان بەردىڭ ئەمدى ماڭا.
هازىرغىچە سەندىن ئەيمىنىپ تۇراتتىم،
مانا، سالىمىڭ بىلەن ماڭا ئامانلىق بەردىڭ.

5070 يانا ئاشنۇقى سۆزگە يانغاي تەيۇ،
تاقى قورقۇر ئەردىم، ساڭا ئەيمەنۈ.
يەنە ئاۋۋالقى سۆزىگە يانامدىكىن دەپ،
سەندىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ تۇراتتىم.

5071 تۇگەل پۈتتۈم ئەمدى ساڭا بەلگۈلۈگ،
ماڭا ئەدگۈ تەگگەي سەنىڭدىن ئۇلۇگ.
مانا ئەمدى ساڭا تامامەن ھەقىقىي ئىشەندىم،
سەندىن ماڭا پەقەت ياخشىلىقلا تېگىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5072 ئەلىگ ئايدى: بەگكە ئەدى كەد ياۋۇز
تىلىن سۆزلەمىشتىن يانا يانسا ئۆز.
ئەلىگ (مۇنداق) دېدى: بەگ ئۇچۇن
دېگەن سۆزىدىن يېنىۋېلىش بەك يامانكۈر.

5073 ئۇلۇغلۇق يەمەسۇن ئول ئەلگى ئۈزۈن،
يانار ئەرسە تىلدە يورىتمىش سۆزۈن.

ئەگەر (بەگ) دېگەن سۆزدىن يېنىۋالىدىغان بولسا،
ئۇلۇغلۇقتا ۋە ئۇستۇنلۇككە ئەگە بولالمايدۇ.

5074 ئاژۇنقا ئەلىگ بولماسۇن ئول كىشى،
تىلى يالغان ئەرسە، قىلىنچى پۇشى.
تىلى يالغانچى، خۇي ـ پەيلى غەزەپلىك بولسا،
ئۇنداق كىشى دۇنياغا ھاكىم بولمىسۇن.

5075 نەتەك بەگ بولۇر ئول بودۇنقا ئۇلۇغ، C302
تىلى يالغان ئەرسە، كۆر، ئەلگى قۇرۇغ؟
يالغان سۆزلەيدىغان، قولى قۇرۇق بولسا،
ئۇ قانداقمۇ خەلققە بەگ بولالايدۇ؟

5076 تاقى مۇندا يەگرەك بىلىك سۆزلەمىش،
سۆزۇگ قىيسا، قىيلۇر قاچار قۇت تەمىش.
بىلىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق (بىر) سۆز ئېيتقان:
(كىم) سۆزىدىن يانسا، بەختمۇ ئۇنىڭدىن يانىدۇ، قاچىدۇ، دېگەن.

5077 كىشىدە ياۋۇزراقى يالغان بولۇر،
ياۋۇزدا ياۋۇز ۋەئدە قىيغان بولۇر.
كىشىلەرنىڭ يامىنى يالغان سۆزلەيدۇ،
يامانىنىڭ ئەڭ يامىنى ۋەدىسىدىن يانىدىغانلاردۇر.

5078 ئەدى ياقشى ئايمىش كۆنى سۆزلۈگ ئەر،
كۆنى سۆزلۈگ ئەرگە بايات بەرسۇ تەر.
توغرا سۆزلۈك كىشى بەك ياخشى ئېيتقان،
توغرا سۆزلۈك كىشىگە خۇدا ئەجىر ئاتا قىلسۇن.

5079 «سۆزى چىن كەرەك بەگ، قىيىقسىز، كۆنى، B366
سۆزىندە يانىغلىغ تەمە ئەر ئانى.
«بەگ چىن سۆزلۈك، ۋەدىسىدىن يانمايدىغان، توغرا بولۇشى كېرەك،
سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان (كىشىنى) ئەر ھېسابلىما.

5080 تىلىن سۆزلەمىش سۆزدە يانماز ئەرەن،
سۆزىندە يانىغلى ئىشلەر سانى».
ئەركەك ئېغىزىدىن چىققان سۆزىدىن يانمايدۇ،
سۆزىدىن يانىغانلارنى خوتۇن دەپ ھېسابلا».

ئودغۇرمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5081 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: ئەلىگ
بۇ ئەدگۇ قىلىقلارقا بولدى ئەلىگ.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ (مۇنداق) دېدى:
بۇ ياخشى ئادەتلەرگە ئەلىگ ئىگە بولدى.

5082 بايات ئارتۇرۇ بەرسۇ ئەلىگ ساڭا،
بۇ ئەدگۇ قىلىقلار، بۇ ئەدگۇ ياڭا.
خۇدا (قول ئاستىڭدىكى) ئەللەرنى (يەنىمۇ) كۆپەيتسۇن،
بۇ ياخشى قىلىق ـ ئادەتلىرىڭنى (تېخىمۇ) كۈچەيتسۇن.

5083 بودۇندا تالۇ ئول بۇ بەگلەر ئۆزى،
ئۆزىتەك تالۇ تۇتغۇ قىلقى، سۆزى.
بەگلەر خەلق ئىچىدە تاللانغان (كىشىلەر) دۇر،
قىلىق ۋە سۆزلىرىنىمۇ ئۆزىدەك خىل تۇتۇشى كېرەك.

5084 بىلىكلىگ بىلىك بەردى مۇنداغ ئايۇر،
بەگ ئەدگۇ، كۆنى بولسا بودنى بايۇر.
بىلىملىكلەر بىلىم بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ:
بەگ ياخشى ۋە توغرا بولسا، خەلقى بېيىيدۇ.

5085 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۇرۇڭ باشلىغ ئەر،
ئازۇنوغ كەچۇرمىش ئۇزۇن ياشلىغ ئەر.
دۇنيا (ئىشلىرىنى باشتىن) كەچۇرگەن، كۆپ ياشىغان
ئاقباش (مويسىپىت) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5086 قىلىنچ ئەدگۇ تۇت، ئاي ئازۇن تۇتغۇچى،
كەلىگلى تۇرۇر قۇت، يانا بارغۇچى.
ئەي دۇنيا ھۆكۈمرانى، قىلىقلىرىڭنى ياخشى قىل،
بەخت كېلىدىغان، يەنە كېتىدىغان (نەرسە).

5087 قاتىغلان، ئۆزۈڭگە قودۇن ئەدگۇ ئات،
ۋەفا قىلماغاي قۇت، سەنى قىلغا يات.

تىرىشىپ ئۆزۈڭگە ياخشى نام قالدۇر،
بەخت ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ، سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

5088 ئەسىز قىلماغىل سەن، ئاي ئەلگى ئۇزۇن،
قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل قىلىنچىن، سۆزۈن.
ئەي قۇدرەت ئىگىسى، يامانلىق قىلما،
سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭ بىلەن كۆپ ياخشىلىق قىل.

5089 ئۇلۇغلۇق، بۇ بەگلىك يۇز ئەۋرۇر ساڭا،
مەگەر ئەدگۈلۈك يۇز ئەۋرۇمەز، توڭا.
ئۇلۇغلۇق ۋە بەگلىك سەندىن يۈز ئۆرۈگۈسى،
پەقەت ياخشىلىقلا سەندىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، ئەي باتۇر!

5090 بۇ كۈن ئەدگۈ قازغان، بودۇن يۇكى يۇد، C 303
يارىن ئەدگۈ كەلگەي، كەچىپ بارسا ئۆد.
بۈگۈن ياخشىلىق قازانغىن، خەلق يۈكىنى كۆتۈر،
زامانلار ئۆتۈپ، كەلگۈسىدە ياخشىلىق كېلىدۇ.

5091 تۇپى يەل تۇرۇر بۇ تىرىگلىك كۈنى،
ئىنانچسىز تۇرۇر قۇت، كەچۈرگەي سەنى.
بۇ تىرىكلىك كۈنلىرى شامالغا ئوخشايدۇ،
بەخت ئىشەنچلىك ئەمەس، سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئۇدغۇرمىشقا

ئەلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

5092 ئەلىگ ئايدى، ئۇقغىل، ئاي بىلگى ئۇلۇغ، B 367
تىلەكىم بۇ ئول سەندە، ئاچغىل يولۇغ.
ئەلىگ ئېيتتى: چۈشەن، ئەي بىلىمى ئۇلۇغ،
سەندىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، ماڭا ياخشىلىق يولىنى ئېچىپ بەر.

5093 سەنى مۇنچا بەكرۇ تۇتۇپ قولدۇقۇم،
بۇ ئەردى تىلەكىم مەنىڭ، ئاي توقۇم.
سېنى بۇنچىۋالا چىڭ تۇتۇپ چاقىرىشىمنىڭ (سەۋەبى)،
شۇ ئارزۇ ئىدى، ئەي (كۆڭلۈم) توقلۇقى.

5094 ماڭا بەرگىل ئەمدى بۇ ئۆت ساۋ ئەرىگ،
مەگەر ئەدگۈلۈككە يەتىلگەي ئەلىگ.
ماڭا ئەمدى، پەند ـ نەسىھەت بەرگىن،
شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىقلارغا قولۇم ئۇزۇن بولسۇن.

5095 كىشى بار قالىن بود، بوغۇز ئاغرۇقى، A144
كۆنى، چىن، باغىرساق يوق ئول، ئاي ئاقى.
(ئەتراپىمدا كۆپ) كىشىلەر باركى، (ئۇلار) گال ئاۋارىچىلىكىدە يۈرىدۇ،
توغرا ۋە چىن مېھرىبانلار يوق، ئەي سېخىي.

5096 بۇ بەگلەر بۇلۇر بارچا ئارزۇ ـ تىلەك،
ئۆزى كۆڭلىڭە سىغغۇ بۇلماز يۆلەك.
بۇ بەگلەر بارچە ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتەلەيدۇ،
(لېكىن) ئۆز كۆڭلىگە سىغقۇدەك يۆلەنچۈككە ئىگە بولالمايدۇ.

5097 قاپۇغدا قالىن باش يۇمىتتى يورىر،
تۇسۇلۇر كىشى يوق ماڭا، ئاي بىلىر.
ئوردىغا كۆپلىگەن كىشىلەر توپلانغان،
ماڭا پايدىلىق كىشىلەر يوق، ئەي بىلىمدان.

5098 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيت، ئاي ئاقى،
ئۇقايىن تەسە سەن مۇنۇقى ئوقى:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، بۇ بېيىتنا ئېيتىلغان، ئەي سېخىي،
چۈشىنەي دېسەڭ، مۇشۇنى ئوقۇغىن:

5099 «كىشى تەپ يورىغلى تەلىم بار سانى،
كىشىگە تۇسۇلغۇ تىلەسە قانى؟
«ئادەم دەپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى كۆپ،
كىشىلەرگە پايدىلىقىنى ئىزدىسەڭ، ئۇ قېنى؟

5100 قىلۇر بىر كىشى مىڭ كىشىنىڭ ئىشىن،
ئۆكۈش مىڭ يۇمىتسا قىلۇماز ئانى».
بىر كىشى مىڭ كىشىنىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ،
مىڭلاپ كىشى يىغىلسىمۇ (ئۇنىڭ) ئىشىنى قىلالمايدۇ».

* * *

5101 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئودغۇرمىشا،
بايات فەزلى بارچا ئۆزۈك بۇلمىشا.
ئەلىگ يەنە ئېيتتى: ئەي ئودغۇرمىش،
سەن خۇدانىڭ بارچە پەزىلىتىگە ئېرىشتىڭ.

5102 ئاتىڭقا ياراشى قىلىنچىڭ پۈتۈن،
تىلەكىڭ تۈگەل بەرسۈ تەڭرى قۇتۇن.
نامىڭغا يارىشا ھەرىكىتىڭ كامالەتكە يەتتى،
قۇتلۇق تەڭرىم تىلىكىڭنى تۈگەل بەرسۇن.

5103 بايات بەرمىشىندىن ماڭا قىل ئۈلۈگ،
تىرىلسۈ كۆڭۈل، بولسۇ نەفسىم ئۆلۈگ.
خۇدا بەرگەن (ئىنايەتلەر)دىن مېنى بەھرىمەن قىل،
كۆڭلۈم تىرىلسۇن ۋە نەپسىم ئۆلسۇن!

ئودغۇرمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5104 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: ئاي بەگ، C 304
تاشىمنى كۆرۈرسەن كىشى ئۆگكۈتەك.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
سىرتىمغا قارىساڭ كىشىلەر ماختىغۇدەك.

5105 قالى بىلدىڭ ئەرسە ئىچىم، ئاي بۆكە، B 368
بۇ كۈن سۈرگەي ئەردىڭ مەنى مىڭ سۆكە.
ئەگەر ئىچىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئەي دانا،
بۈگۈن مېنى مىڭ (قېتىم) سۆكۈپ، سۈرگەن بولاتتىڭ.

5106 ماڭا ئات ئۇرۇلدى بۇ زاھىد ئاتى،
بۇ ئاتىم ماڭا بولدى تائەت يۈتى.
ماڭا «زاھىت» دېگەن نام بېرىلگەندىن (بۇيان)،
بۇ نام ماڭا تائەت ــ ئىبادەت بالاسى بولدى.

5107 مەنى ئالقتاچى، كۆر، بۇ ئاتىم تۇرۇر،
بۇ ئاتىم ئۈچۈن نەفس ماڭا بەگ بولۇر.

قارا، مېنى (ھەممىدىن) مەھرۇم قىلغۇچى ئاشۇ نامدۇر،
بۇ نام ئۇچۇن مېنىڭ نەپسىم بېكىتىلگەن (ھالدا) تۇرىدۇ.

5108 كەبىت كەد بەزەدىم كىشى كۆرگۈسى،
ئاسىغ يوق كەبىتتە، ساتىغ بەلگۈسى.

كىشىلەر كۆرگۈدەك قىلىپ دۇكىنىمنى ياخشى بېزىدىم،
(لېكىن) بۇ دۇكاندا پايدا يوق، ئېلىپ ـ ساتىدىغان (نەرسىمۇ) يوق.

5109 تاشىن كۆرمەگىل سەن، ئاي ئەلىگ، كىشىگ،
كىشىنىڭ ئىچىن كۆر، ياشۇتلۇغ ئىشىگ.

ئەي ئەلىگ، سەن كىشىنىڭ سىرتىنىلا كۆرمە،
كىشىنىڭ ئىچىگە ـــ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىغا قارا.

5110 نەچە كۆركلۈگ ئەرسە قاغۇن تاش يۈزى،
يىدى يا بەدىزى، يا مەڭزى ـ تۆزى؛

قوغۇننىڭ سىرتقى پوستى قانچىلىك كۆركەم بولسىمۇ،
پۇرىقى، شەكلى، رەڭگى (چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ)،

5111 ئىچىندە تاتىغ بولماسا ئول قاغۇن،
ئانى تاشتىن ئاتغۇ بولۇر، ئاي سىغۇن.

ئىچىنىڭ تەمى بولمىسا، ئۇ قوغۇن (بولمايدۇ)،
ئۇنى سىرتقا چۆرۈپ تاشلاش كېرەك، ئەي سىغۇن.

5112 نەگۇ تەر ئەشىت ئەمدى كۆڭلى ئودۇغ،
ئىچىگنى بەزە، تۇتما تاش سىر بودۇغ:

دىلى ئويغاق (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئىچىڭنى بېزە، سىرتىڭنى بوياپ، پارقىراتما.

5113 قامۇغ نەڭ كۆتۈرگۈسى ئىچتىن بولۇر،
ئىچى بولماسا تاش ياراماز قالۇر.

ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئىچىدىن بولىدۇ،
ئىچى (ياخشى) بولمىسا، سىرتى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5114 يانۇت بەردى ئەلىگ ئايۇر: ئاي سۈزۈگ،
ئىچىگمە تاشىڭ بىرلە بارچا تۈزۈك.

ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي پاك (ئىنسان)،
ئىچىڭمۇ، تېشىڭمۇ ھەممىسى تۈزۈك (ئىكەن).

5115 ئۆزۈڭ يۈك يەنىتتى بۇ دۇنيا قودۇپ،
ئىلىندىم، مەن ئەمدى ئاغىر يۈك يۈدۈپ.
بۇ دۇنيانى تاشلاپ، ئۆز يۈكۈڭنى يەڭگىللەتتىڭ،
مەن (ئۇنىڭغا) ئىلىندىم، ئېغىر يۈك يۈدتۈم.

5116 بۇ دۇنيا ئىشى قىلدى مەشغۇل مەنى،
بايات تاپىغىڭا ئۆز تەگۈمەز قانى.
بۇ دۇنيانىڭ ئىشى مېنى مەشغۇل قىلدى،
خۇدا ئىبادىتىگە يېتىشەلمەيۋاتىمەن.

5117 ماڭا ئۆت ئەرىگ بەر، تۈتۈنسۇ ئۆزۈم،
قۇتادسۇ سۆزۈڭ، چىن سۈزۈلسۇ ئۆزۈم.
ماڭا پەند ـ نەسىھەت بەرگىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلاي،
سۆزلىرىڭ (ماڭا) قۇتاتسۇن، ھەقىقىي پاكلىناي.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5118 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: بەگە، B369
قامۇغ ئەدگۈلۈككە سەن ئەدگۈن تەگە.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) بېگىم،
ھەر خىل ياخشىلىقلارغا سەن ياخشىلىق بىلەن يېتىشكىن.

5119 بايات قۇللارىندا مەنىڭدە ياۋۇز
ئادىن بىلمەگىل سەن، ئاي بىلگى ئۆگۈز.
خۇدانىڭ قۇللىرى (ئىچىدە) مەندىنمۇ يامانراقى يوق،
باشقىنى (ئۇنداق) بىلمە، ئەي بىلىمى دەريا.

5120 مەنىڭدە ياۋۇزراق باياتىم قۇلى
مەنئۆكمەن، ئاي ئەلىگ، تىلەسە قالى.
ئەي ئەلىگ، ئەگەر خۇدانىڭ قۇللىرى (ئىچىدىن) يامانراقنى
ئىزدىسەڭ، ئۇ پەقەت مەن بولىمەن.

5121 نەگۇ ئاسغى بولغاي مەنىڭ سۆزلەرىم،
تۇسۇلغايمۇ ئەركى ساڭا ئۆتلەرىم.
مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ قانداق پايدىسى بولسۇن،
نەسىھەتلىرىم ساڭا پايدا كەلتۈرەلەرمۇ؟

5122 يانا مەن ئىدىمدىن ئۈمىنچ كەسمەدىم،
يازۇق يارلىقاغلى ئول ئول بىر ئىدىم.
بۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئىگەمدىن ئۈمىد ئۈزمىدىم،
گۇناھنى ئەپۇ قىلغۇچى ئۇدۇر، ئاشۇ بىر ئىگەمدۇر.

5123 نەگۇ تەر ئەشتكىل يازۇقلۇغ قۇلى،
يازۇقىن بىلىپ ئۆزرى قولدى تىلى:
گۇناھىنى بىلىپ، ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنگەن،
گۇناھكار قۇل نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5124 «يازۇقلۇغ، جەفالىغ قۇلۇڭمەن ئوتۇن،
باقا كۆرسە، بارچا يازۇقمەن پۈتۈن.
«(مەن سېنىڭ) گۇناھكار، جاپاكەش، يامان قۇلۇڭمەن،
نەزەر سالساڭ، پۈتۈن تۇرغان ـ پۈتكىنىم گۇناھتۇر.

5125 سەنىڭدە ئادىن يوق سىغىنغۇ ئىدىم،
يازۇقۇم باغىشلا، يۆلەگىل قۇتۇن».
سەندىن باشقا سىغىنىدىغان ئىگەم يوق،
گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغىن، بەخت بىلەن يۆلىگىن».

ئەلىگ جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5126 يانۇت بەردى ئەلىگ ئايۇر: ئاي ئودۇغ، A145
بۇ قىلقىڭ بودۇدى بۇ ئەدگۇ بودۇغ.
ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي سەگەك،
مىجەز ـ خۇلقۇڭ ۋۇجۇدۇڭنى (پەزىلەت) بىلەن بېزەپتۇ.

5127 ئۆزۈڭنى ياۋۇزراق بىلىرىڭ ئۈچۈن،
بودۇندا سەن ئەدگۇ بولۇرسەن كۈچۈن.

ئۆزۈڭنى يامان دەپ بىلگىنىڭ ئۈچۈن،
خەلق ئىچىدە ئىختىيارسىز ياخشىلىق تاپتىڭ.

5128 كۆڭۈل، تىل ئارىتتىڭ، ئارىدى ئۆزۈڭ،
مەنى ئۆتلەگىل، بەر تۇسۇلسۇ سۆزۈڭ.

دىلىڭنى، تىلىڭنى پاك تۇتتۇڭ، ئۆزۈڭمۇ پاك بولدۇڭ،
ماڭا تەربىيە بەرگىن، سۆزۈڭ پايدىلىق بولسۇن.

5129 ئاي ئەدگۇ قىلىقلىغ، پۇتۇن ئىشى چىن،
ماڭا ئۆت ئەرىگ بەر باغىرساقلىقىن.

ئەي ياخشى خۇلقلۇق، بارلىق ئىشلىرى چىن (كىشى)،
ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن پەند ـ نەسىھەت بەرگىن.

5130 بايات بەردى بارچا ساڭا ئەدگۈلۈك،
بۇ ئەدگۇ يولىن ئاچ، ماڭا ئاي كۈلۈگ.

خۇدا بارچە ياخشىلىقنى ساڭا ئاتا قىلدى،
ماڭىمۇ بۇ ياخشىلىق يولىنى ئاچ، ئەي شۆھرەتلىك.

5131 ئاي ئەدگۇ كىشى، ئۆتلە ئەمدى ماڭا، B370
يانۇت بەرگە تەڭرى يارىنلىق ساڭا.

ئەي ياخشى كىشى، ئەمدى ماڭا نەسىھەت قىل،
خۇدا ساڭا ئاخىرەتتە (ياخشى) جاۋاب بەرسۇن.

71

ئودغۇرمىش ئەلىگكە پەند بىلمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

5132 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: ئەلىگ، C 306
باياپ بەرسۇ بارچا تىلەككە ئەلىگ.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) ئەلىگ،
خۇدا (سېنى) بارلىق تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن.

5133 بۇ قىۋچاق قوۋى دۇنيا، كەچكى ئازۇن،
نەچە بەگ قارىتتى، قارىماز ئۆزۈن.
بۇ ئىچى بوش، كاۋاك دۇنيا كونا دۇنيادۇر،
نەچچە بەگنى قېرىتتى، (لېكىن) ئۆزىنى قېرىتمىدى.

5134 سەنتەك تەلىم بەگ كەچۈردى سەۋىپ،
ساڭاما ئانۇندى، كەچۈرگەي ئەۋىپ.
(ئۇ) سېنىڭدەك كۆپ بەگلەرنى سۆيۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى،
(ئەمدى) ساڭىمۇ ھېرىس بولدى، (لېكىن) سېنىمۇ تاشلايدۇ.

5135 باماغىل مۇڭار سەن ھەقىقەت كۆڭۈل،
ۋەفا قىلغۇ ئەرمەز ھەقىقەت، تۆڭۈل.
سەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى ھەقىقىي باغلىمىغىن،
ئۇ ھەقىقەتەن ۋاپا قىلمايدۇ، ئۈمىدنى ئۈز.

5136 مەنىڭدىن نەرەك ئەمدى ئۆت ساۋ، ئەرىگ،
بۇ ئۆدلەك ئۆتى تاپ ساڭا، ئاي تىرىگ.
مېنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىمنىڭ كېرىكى نېمە؟
بۇ زامان نەسىھەتى ساڭا كۇپايە، ئەي تىرىك.

5137 سەنىڭدە ئوزاقى ئازۇن تۇتغۇچى
قانى، قانچا باردى، قانى ئول كۈچى؟

سەندىن بۇرۇن جاھان سورىغانلار قېنى؟
ئۇلارنىڭ قانچىسى كەتتى، كۈچ ـ قۇدرىتى قېنى؟

5138 ئولار قانچا باردى، كۆرۈ بار ساقىن،
ساڭاما نارۇ بارغۇ ئۆد كۈن ياقىن.
ئۇلار قەيەرگە كەتتى؟ نەزەر سال، ئويلان،
ساڭىمۇ ئۇ ياققا بارىدىغان كۈن يېقىن.

5139 ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ بەگلىك قۇرى،
ئۆزۈن قالغۇ ئەرمەز، ئىش ئەتىنىپ يورى.
ساڭا ئەمدى بەگلىك مەرتىۋىسى نېسىپ بولدى،
(سەنمۇ) ئۆزۈن تۇرمايسەن، ھازىرلىق كۆرۈپ يۈر.

5140 ئۆلارقا نەگۈ قىلدى ئەرسە ئاسىغ،
بۇ كۈن سەن ئانى قىل، يارىن بۇل تاتىغ.
ئۇلارغا نېمە پايدا بەرگەن بولسا،
بۈگۈن سەنمۇ شۇنى قىل، كېيىن لەززىتىگە ئېرىشىسەن.

5141 نەگۈگە ئۆكۈندى ئۆلۈردە ئولار،
سەن ئاندىن يىراق تۇر، تىلە ئەدگۈلەر.
ئۇلار ئۆلۈم (پەيتىدە) نېمىگە پۇشايمان قىلدى؟
سەن شۇنىڭدىن يىراق تۇر، ياخشىلىقنى تىلە.

5142 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بۆگۈ،
بىلىكلىگ سۆزى يىنچۈ، ياقۇت تەگۈ.
بىلىملىك دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئۈنچە، ياقۇت دېگۈلۈك.

5143 ئۆلۈگنى كۆرۈگلىمە قالماز تىرىگ،
ئۆلۈمگە ئانۇن، تۇتما قىلقىڭ ئىرىك.
ئۆلگەننى كۆرگەنلەرمۇ تىرىك قالمايدۇ،
ئۆلۈمگە ھازىرلان، پەيلىڭنى قوپال تۇتما.

5144 ئۆلۈمۈگ بىلىكلى، ئاي قىلقى ئۇسال، B371
كەچەر بۇ تىرىگلىك، ئۆزۈڭ ئۆلگى ئال.
ئەي ئۆلۈمنى بىلگۈچى ۋە غەپلەتتە يۈرگۈچى،
بۇ تىرىكچىلىك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆز ھەسسەڭنى ئال.

5145 ئۇسانىپ يورىغلى ئاي ئارزۇ قۇلى،
ئۆلۈمگە باسىقما، كەلىر ئالغالى.
بىخۇد بولۇپ يۈرگۈچى ئەي ئارزۇنىڭ قۇلى،
ئۆلۈمگە سەل قارىما، بىر كۈن سېنى ئالغىلى كېلىدۇ.

5146 باقا كۆر كەچۈرمىش كۈنۈڭنى بۇ كۈن،
تۈگەل بولدى تۈشتەك، ساقىنغىل ئۆگۈن.
بۈگۈن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭگە قاراپ باق،
ھەممىسى بىر چۈش بولۇپ قالدى، ئەقىل بىلەن ئويلان!

5147 قالى قىلدى ئەرسە ئۆزۈڭ ئەدگۈلۈك،
ئاسىغ قىلدىڭ ئۆزگە ئاچۇ مەڭۈلۈك.
ئەگەر سەن ياخشىلىق قىلغان بولساڭ،
ئۆزۈڭ (ئۈچۈن) مەڭگۈلۈك ئەجىر قىلغان بولىسەن.

5148 ياۋا قىلدىڭ ئەرسە تىرىگلىك قالى،
ئۆكۈنچ بىرلە تۈن ـ كۈن ئۈدىما، ئۆلى. C307
ئەگەر ھاياتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن بولساڭ،
كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي، پۇشايمان، نادامەت چەك.

5149 تىلەپ بۇلغۇ ئەرمەز تىرىگلىك تۈچى،
يانا يانغۇ ئەرمەز يىگىتلىك كۈچى.
ئارزۇ قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ،
يىگىتلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەرگىز يېنىپ كەلمەيدۇ.

5150 بۇ بۇلمىش ئۆدۈگ بارى قىلما ياۋا،
ئۆلۈمكە ئانۇنغىل، تاپۇغقا ئەۋە.
(سەن) ئىگە بولغان پۇرسەتنىڭ ھەممىسىنى زايە قىلما،
ئۆلۈمگە تەييارلان، ئىبادەتكە ئالدىرىغىن.

5151 ئاي ئەلىگ، باقا كۆر سەنىڭدە ئوزا
بەگ ئەردى ئاتاڭ ئەلدە ئەرك، تۈرك تۈزە.
ئەي ئەلىگ، نەزەر سال، سەندىن ئاۋۋال
ئاتاڭ ئەلدە تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەگ ئىدى.

5152 خەزىنە، ھەشەم، سۈ ئىدىسى بولۇپ،
تىرىلدى بىر ئانچا تىلەكىن بۇلۇپ.

خەزىنە، ھەشەمەت ۋە لەشكەر ئىگىسى بولۇپ،
ئارزۇسىغا ئېرىشىپ، بىرنەچچە ۋاقىت ياشىدى.

5153 ئۆلۈم تۇتتى ئاخىر، ئەلەتتى ئانى،
ئاسىغ قىلمادى ئول بەدۇمىش ئۇنى.
ئاخىر ئۆلۈم تۇتۇپ، ئۇنى ئېلىپ كەتتى،
ئۇنىڭ يۇكسەك داڭقى پايدا بەرمىدى.

5154 ئاتاڭ ئۆلدى باردى، ساڭا بەردى پەند،
ئاتا پەندى تۇتسا، شەكەر بولغا قەند.
ئاتاڭ ئۆلدى ـ كەتتى، ساڭا پەند ـ نەسىھەت بەردى،
ئاتىنىڭ پەند ـ نەسىھەتىنى تۇتساڭ، ساڭا قەنت ـ شېكەر بولىدۇ.

5155 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى، ئەشىت ئۇشبۇ سۆز،
ئاسىغ قىلغا تۇتسا، ئايا، ئۆزگە كۆز:
بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنۇ سۆزنى ئاڭلا،
ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى بولىدۇ ۋە كۆز بولىدۇ:

5156 «ئاتاڭ ئۆلدى ئەرسە قالى نە ئۆدۇن، A146
ساڭا ئايدۇقى ئول ئوغۇل كۆر، ئودۇن،
«ئاتاڭ مەيلى قايسى ۋاقىتتا ئۆلگەن بولسۇن،
ساڭا ئېيتقىنى شۇكى، ئەي ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، ئويغان.

5157 ئۆلۈم تۇتتى باردىم، كەلىر ئۇشساڭا،
قاتىغلان، كەدىن ئەدگۈ ئاتىڭ قودۇن».
(مېنى) ئۆلۈم تۇتتى، كېتىۋاتىمەن، ساڭىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ،
ئۆزۈڭدىن كېيىن ياخشى نام قالدۇرۇشقا تىرىشقىن.»

5158 ئاتانىڭ، ئانانىڭ ئۆلۈمى تۇگەل
ئوغۇل قىزقا پەند ئول، ئۇقۇپ ئۆزگە ئال.
ئوغۇل ـ قىز ئۈچۈن ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈنلەي
پەند ـ نەسىھەتتۇر، چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈر.

5159 ئاتاڭنى، ئاناڭنى ئۆلۈم قودمادى، B372
سەنىمۇ قودۇر كۆر، يەتىلسە ئۆدى.
ئاتاڭنىمۇ، ئاناڭنىمۇ ئۆلۈم قويۇۋەتمىدى،
پەيتى كەلگەندە، سېنىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ، كۆزۈڭنى ئاچ.

5160 ئۇلارقا جەفا قىلدى دۇنيا تەتىپ،
ساڭامۇ ۋەفا قىلغا قىلقىن ئەتىپ؟
دۇنيا ئۇلارغا قارشى جاپا قىلدى،
(بۇ) قىلىقىنى تۈزىتىپ، ساڭا ۋاپا قىلاتتىمۇ؟

5161 كۆسۈش تۇت تىرىگلىك، كەرەك ئىشكە ئىد،
ئۇلە نەڭ كىشىگە، مۇيان ئۆزگە تىد.
تىرىكلىكنى قەدىرلە، زۆرۈر ئىشلارغا سەرپ قىل،
كىشىلەرگە ساخاۋەت قىل (مال بەر)، ساۋابلىق تاپ.

5162 كەچەر كۈن ئىچىندە كەرەكىڭ ئالىن،
كەچۈرگەي سەنى ئۆد ئەتىكىڭ قىلىن.
ئۆتۈۋاتقان كۈنۈڭدىن كېرەكلىك (نەرسەڭنى) ئال،
زامان سېنى ئېلىپ كېتىدۇ، تەييارلىقىڭنى قىل.

5163 ئۆزۈڭ يۈدتى مۇنچا بودۇن يۈكلەرى،
ئودۇغ تۇر، ئۇسال بولما، ساقنۇ يورى.
سەن خەلقىنىڭ شۇنچىۋالا يۈكىنى كۆتۈردۈڭ،
سەگەك بول، غەپلەتتە قالما، ئويلاپ ئىش قىل.

5164 قالىن ئاچ بۆرىلەر يىغىلدى ساڭا،
قويۇغ كەد كۈدەزگىل، ئاي ئەلچى توڭا. C308
بىر توپ ئاچ بۆرىلەر ئەتراپىڭغا توپلاندى،
قويلىرىڭنى بەك قوغدا، ئەي باتۇر ھۆكۈمران.

5165 ئەلىڭدە بىرەگۈ كەچە قالسا ئاچ،
ئانى سەندىن ئايتۇر بايات، كۆزنى ئاچ.
ئېلىڭدە بىرەر (كىشى) بىر كېچە ئاچ قالغان بولسا،
ئۇنى خۇدا سەندىن سورايدۇ، كۆزۈڭنى ئاچ.

5166 يۇلاتەك كۆيەرسەن بۇ كۈن، ئاي ئەلىگ،
يارۇقلۇق ئادىنقا تۇرۇر، ئاي سىلىگ.
ئەي ئەلىگ، بۈگۈن مەشئەلدەك يانماقتىسەن،
(لېكىن) يورۇقلۇق باشقىلارغا (چۈشىدۇ)، ئەي مۇلايىم.

5167 تىرىگلىك ئۇچۇقسا، يەتىلسە ياشىڭ،
نەگۈگە تۇسۇلغاي ساڭا بۇ كىشىڭ.

هاياتىڭ ئاخىرلاشسا، يىشىڭ چوڭايسا،
بۇ كىشىلىرىڭ ساڭا نىمە مەنپەئەت بېرىدۇ؟

5168 ئۆزۈڭ ئۇتقا ئاتما كىشىلەر ئۈچۈن،
ئۆزۈڭنى كۆيۈرمە كۆرۈردە كۈچۈن.
كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇتقا ئاتما،
ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئوتتا كۆيدۈرمە.

5169 ئۆلۈغلۇق، بەدۆكلۈك، بۇ بەگلىك قامۇغ
قالىر، بۇ ئۆلۈم كەلسە، ئاچسا قاپۇغ.
ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك، بەگلىك — ھەممىسى
ئۆلۈم كېلىپ ئىشىكىڭنى ئاچسا، قېپقالىدۇ.

5170 كۆنى بول، كۆنىلىك ئۆزە قىل تۆرۈ،
ئۆزۈن تۆرغا بەگلىك ئاداقىن ئۆرۈ.
توغرا بول، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگىن،
(شۇنداق قىلساڭ) بەگلىك ئۆزۈن پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

5171 نە ئەدگۈ بىلىك بەردى بىلكى ئۆلۈغ،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتنۇپ يورى بۇ يولۇغ.
ئۇلۇغ دانىشمەنلەر ئاجايىپ ياخشى بىلىم بەرگەن،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، شۇ يول بىلەن ماڭ:

5172 بەكۈتمەك تىلەسە بۇ بەگلىك ئۆلى،
تۆرۈ بەرگۈ، تۇتغۇ كۆنىلىك يولى.
بەگلىكنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى خالىساڭ،
قانۇن چىقار، ئادالەت يولىنى تۇت.

5173 تاقى بىر ئاژۇنۇغ تۇتايىن تەسە،
كۆنىلىكنى تۇتغۇ، سۆز ئايدىم كەسە.
يەنە بىر دۇنيالىققا ئىگە بولاي دېسەڭ،
ئادالەتنى تۇتقىن، سۆزۈم تامام.

5174 ئاي، بەگ مەن تەگۈچى، بەدۇتمە كۆڭۈل، B373
ۋەپاسىز تۇرۇر دۇنيا دەۋلەت، تۆڭۈل.
ئەي «مەن بەگ» دېگۈچى، كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما،
دۇنيا ۋە دۆلەت ۋاپاسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

5175 بۇ دۇنيا قۇتىڭا ئىنانما ئايىغ،
ئىنانچسىز تۇرۇر، كۆر، قىلىنچى يايىغ.
بۇ دۇنيانىڭ بەختىگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمىگىن،
(ئۇنىڭ) قىلىقى ۋاپاسىز، ئۆزى ئىشەنچسىزدۇر.
5176 ئاي ئەلىگ، بۇ قارشى، بۇ ئوردۇ ئورۇن
ساڭا تەگمىشى بىر تۇشۇن ئول، كۆرۇن.
ئەي ئەلىگ، بۇ قەسىر ـ ساراي، ئوردا ئورنى
ساڭا نېسىپ بولغان بىر قونالغۇدۇر، بۇنى بىل.
5177 سەنىڭدە ئوزاقى تۇشۇپ كەچتىلەر،
يەرىكمەدى تۇشتە، ئۇدۇ كۆچتىلەر.
سەندىن ئاۋۋالقىلار (بۇ يەردە) قونۇپ ئۆتكەن،
(ئۇلار) بۇ قونالغۇدا يەرلەشمىدى، ئۇدۇل كېتىشتى.
5178 ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ ئوردۇ ئورۇن،
كۆچۇڭنى ئۆزۈڭدە ئوزا ئىد بۇرۇن.
بۇ ئوردا ـ ئورۇنلار ئەمدى ساڭا نېسىپ بولدى،
يۈك ـ تاقلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن ئاۋۋال ئەۋەتىۋەت.
5179 بۇ كۈن مۇندا ئەتمە بۇ قارشى ساراي،
سەنى قودماغاي بۇ كەچەر يىل كۈن، ئاي.
بۈگۈن بۇ يەردە قەسىر ـ سارايلارنى ياسىما،
ئۆتۈۋاتقان يىل، ئاي، كۈنلەر سېنىمۇ قويمايدۇ. (ئېلىپ كېتىدۇ!)
5180 ئۆزۈڭ ياتغۇ ئورنى، كۆر، ئول بەلگۈلۈگ،
ئانى ئەتگۇ ئەدگۇ، بىلە ئاي كۆلۈگ.
ئۆزۈڭنىڭ ياتىدىغان ئورنۇڭ ئېنىقتۇر، قارا،
ئاشۇ ئورۇننى ياخشىلىق بىلەن زىننەتلىگىن، ئەي شۆھرەتلىك!
5181 مەنىڭ تەپ بىلىرسەن بۇ قارشىغ بۇ كۈن، C309
ھەقىقەت باقا كۆرسە، ئەرمەز ئۆگۈن.
بۇ ئوردا ـ سارايىنى بۈگۈن «مېنىڭ» دەپ بىلىۋاتىسەن،
ھەقىقىي ئويلاپ قارىساڭ، سېنىڭ ئەمەس.
5182 نەگۇ تەر ئەشتكىل بۇ قارشى ساڭا،
باقا كۆرسە چىنئوق ئايۇر، ئاي توڭا.

بۇ ئوردا ـ ساراي ساڭا نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دىققەت قىلساڭ، پەقەت چىن سۆزلەيدۇ، ئەي قەھرىمان:

5183 «مۇنى سەن ئايۇرسەن مەنىڭ تەپ مەنىڭ،
نەگۈگە ئايۇرسەن، نەگۈتەك سەنىڭ؟
«بۇنى سەن مېنىڭكى، مېنىڭ دەۋاتىسەن،
نېمىشقا (شۇنداق) دەيسەن، نېمىشقا سېنىڭ (بولىدۇ؟)

5184 سەنىڭدە باساقى ساڭا چىق تەيۇر،
ئانۇندى كۈدەر ئۇشمەنىڭ تەر مەنىڭ».
سەندىن كېيىنكىلەر سېنى ‹چىق!› دەيدۇ،
ئۇ يەردە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ ۋە ‹مېنىڭ، مېنىڭ› دېيىشىۋاتىدۇ».

5185 تۇنەك ئول بۇ دۇنيا، ئاي دۇنيا بەگى،
تۇنەك ئىچرە بولماز ساقىنچتا ئۆڭى.
ئەي دۇنيا بېگى، بۇ دۇنيا بىر زىنداندۇر،
زىندان ئىچىدە غەم ـ قايغۇدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

5186 تۇنەكتە سەن ئارتۇق تىلەمە سەۋىنچ،
سەۋىنچ ئورنى ئۇچماق تۇرۇر ھەم ئاۋىنچ.
زىنداندا ئارتۇقچە شادلىق تىلىمە،
شادلىق ۋە ئاراملىق جايى پەقەت جەننەتتۇر،

5187 بۇ ئەرتەر ئەرەژىگ ئەرەژ تۇتماغىل،
ئاي كەچگۈ سەۋىنچىگ سەۋىنچ تەمەگىل.
ئۆتكۈنچى راھەتنى راھەت دەپ ھېسابلىما،
بۇ ۋاقىتلىق شادلىقنى شادلىق دەپ ئاتىما.

5188 نە ياڭلىغ بۇ دەۋلەت تۇرۇماز، قاچار،
تەرىلمىش نەڭىڭنى تۈگەل ئول ساچار.
قانداقلا بولمىسۇن، بۇ دۆلەت (ئۇزۇن) تۇرمايدۇ، قاچىدۇ،
توپلىغان مال ـ دۇنيالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى چېچىۋېتىدۇ.

5189 ئانى قىل تۇتاشى تىرىلگۈ ئورۇن، A147 B374
بۇ ئاژۇن نەڭىن قود، ئاڭار يۈز ئۇرۇن.
ئۇ (دۇنيانى) ئەبەدىي ھاياتلىق ئورنى بىل،
بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنى تاشلا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگىن.

5190 ئەرەز قود، تىلەك ئارزۇ مەڭۇ تىلە،
بۇ مەڭۇ ئەرەز قولسا ئەمگەك بىلە.
راھەتنى تاشلا، مەڭگۈلۈك ئارزۇلارنى تىلە،
بۇ مەڭگۈلۈك راھەت مۇشەققەت بىلەن كېلىدۇ.

5191 بايات فەزلىڭا بىر باقا كۆر، ساقىن،
نەچە ئەدگۈلۈك قىلدى يەترۇ باقىن.
خۇدانىڭ پەزىلىتىگە بىر قارا، ئويلان،
قانچىلىغان ياخشىلىقلارنى قىلدى، ياخشىراق نەزەر سال.

5192 قالىن خەلق ئۆزە قىلدى ئەلگىڭ ئۈزۈن،
تىلەك ـ ئارزۇ بەردى، يورىق تىل سۆزۈن.
كۆپچىلىك خەلق ئۈستىدىن قولۇڭنى ئۇزۇن قىلدى،
تىلەك ـ ئارزۇيۇڭنى بەردى، تىل ـ سۆزۈڭنى راۋان قىلدى.

5193 سەنتەك ئەت ئۆزلۈگ بايات قۇللارىن،
ساڭا قىلدى مۇڭلۇغ، كۆرۈرسەن بارىن.
خۇدا ساڭا ئوخشاش ۋۇجۇدى بار قۇللىرىنى
ساڭا موھتاج قىلدى، ھەممىسىنى كۆرۈۋاتىسەن.

5194 مۇنىڭ شۇكۇرى قىلغۇ بۇ كۈن، ئاي ئەلىگ،
بايات خەلقىڭا بولغىل ئەدگۈ سىلىگ.
بۈگۈن بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش كېرەك، ئەي ھۆكۈمدار،
خۇدانىڭ بەندىلىرىگە مۇلايىم ۋە ياخشى بول.

5195 كۆنىلىك ئۈچۈن تەڭرى تىكتى سەنى،
كۆنى بول، كۆنىلىك ئۆزە تۇر قانى.
تەڭرى سېنى ئادالەت ئۈچۈن تىكلىدى،
ئادىل بول، قېنى ئادالەت بىلەن تۇر.

5196 ئۇقۇش بىرلە ئىشلە قامۇغ ئىشلەرىگ،
ھەۋاقا باسىقما، كۆڭۈل تۇت تىرىگ.
ھەممە ئىشلارنى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئىشلە،
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمە، كۆڭلۈڭنى تىرىك تۇت.

5197 باغىرساق بولۇن بارچا بودنۇڭ ئۆزە، C 310
تۆرۈ قىل ئۇلۇغقا، كىچىگكە تۇزە.

بارچە خەلقىڭگە مېھرىبان بول،
ئۇلۇغقىمۇ، كىچىككىمۇ ئوخشاش ئادالەت قىل.

5198 بودۇن قىلقى تەڭسىز بولۇپ ئارتاسا،
كۆرۈ ئىدما، ئەتگىل قىسا، تۇت باسا.
خەلقنىڭ خۇي ـ پەيلى ئاينىپ بۇزۇلسا،
كۆرۈپ (تۇرۇپ) قويۇۋەتمە، تۈزەت، يول قويما.

5199 نەگۇ تەر ئەشتكىل، ئاي بىلكى تەڭىز،
بىلىك بىرلە ئىشلەپ قىزارتغىل مەڭىز.
بىلمى دېڭىز (دەك كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ھەر ئىشنى) بىلىم بىلەن قىلىپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىل:

5200 بۇ كۈن ئەدگۇ بولسۇن تەسە سەن قامۇغ،
ئۆزۈڭ ئەدگۇ بولغىل، ئاي ئەلدە ئۇلۇغ.
بۈگۈن ھەممە (نەرسە) ياخشى بولسۇن دېسەڭ،
ئۆزۈڭ ياخشى بول، ئەي ئەلنىڭ ئۇلۇغى.

5201 قامۇغ بۇلغانۇقنى سۈزەيىن تەسە،
ئۆزۈگ سۈزگۈ، بودنۇڭ سۈزۈلگەي باسا.
بارلىق بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ،
(ئالدى بىلەن) ئۆزۈڭنى تازىلا، ئاندىن خەلقىڭ تازىلىنىدۇ.

5202 بۇ بەگلەر باش ئول، قانچا بارسا باشى،
ئۇدۇلا بارىر بارچا ئۇدمىش كىشى.
بۇ بەگلەر باشتۇر، باش نەگە بارسا،
بارچە ئەگەشكەن كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ.

5203 بودۇن ئارتاسا ئانى بەگلەر تۈزەر،
قالى ئارتاسا بەگ، ئانى كىم سۈزەر.
خەلق بۇزۇلسا، ئۇنى بەگلەر تۈزەيدۇ،
ئەگەر بەگ بۇزۇلسا، ئۇنى كىم پاكىز قىلىدۇ؟

5204 سەن ئۆز قىلقىڭ ئەتگىل، قىلىنچىڭ كۆنىت،
بودۇن قىلقى ئەتلۈر، سەن ئۆزنى ئاۋىت.
سەن ئۆز قىلىقلىرىڭنى تۈزەت، ھەرىكىتىڭنى توغرىلا،
(ئاندىن) خەلقنىڭ قىلىقلىرى تۈزىلىدۇ، سەن خاتىرجەم بولىسەن.

5205 يارلىغلىقنى ئەتمەك تىلەسە ئۆزۈڭ، B 375
يارلىغسىزقا ياقما، كەسىلدى سۆزۈڭ.
(سەن) ئۆزۈڭگە يارىشىدىغان (ئىشلارنى) قىلىشنى خالىساڭ،
يارىماسلىقلارغا يېقىنلاشما، سۆز تامام.

5206 ئوتۇنقا قاتىلما، فەساددىن يىرا،
بۇ ئىككى قىلىقتىن بولۇر ئەر قارا.
يامانغا قوشۇلما، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇر،
بۇ ئىككى قىلىق بىلەن كىشىنىڭ (يۈزى) قارا بولىدۇ.

5207 يارلىغسىز، ياۋۇز نەڭ ئۆزۈڭ قولماسا،
يارلىغسىزنى قىلما، سۆز ئايدىم كەسە.
ئۆزۈڭ يارىماس، يامان نەرسىلەرنى خالىمىساڭ،
يارىماس (ئىشلار)نى قىلما، قەتئىي سۆزۈم شۇ.

5208 ئەرەژگە ئاۋىنما سەن ئىچمە سۇچىگ،
تەگىز ئول بۇ ئىككى، ئاڭار يوق كەچىك.
راھەتكە بېرىلمە، ئىچىملىك ئىچمە،
بۇئىككىسى بىر دېڭىزدۇر، ئۇنىڭ كېچىكى يوق.

5209 قىلىقىڭ كۆنى تۇت، قىلىنچىڭ سىلىگ،
ئۇقۇش بولسۇ يولچىڭ، كەڭەشچىڭ بىلىك.
خۇي ـ پەيلىڭنى توغرا تۇت، ھەرىكىتىڭ مۇلايىم (بولسۇن)،
ئەقىل يول باشلىغۇچىڭ بولسۇن، بىلىم كېڭەشچىڭ (بولسۇن).

5210 كۆڭۈل، تىل كۆنى تۇت، كۆر ئەردەم ئۇلۇغ،
ئۆزۈڭنى ئۇنىتما، ياڭىلما يولۇغ.
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا قىل، پەزىلىتىڭ ئۇلۇغ بولسۇن،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، يولۇڭدىن ئاداشما.

5211 كۆتۈرمە كۆڭۈل سەن، كۆۋەزلەنمەگىل،
ئەر ـ ئات، سۇ تەلىم تەپ كۆكۈز كەرمەگىل.
كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما، تەكەببۇر بولما،
قوشۇن ـ خىزمەتچىلەر كۆپ دەپ كۆكسۈڭنى كەرمە.

5212 نەچە كۈر، كۆكۈزلۈگ، كۆۋەنۈر ئەرىگ،
ئۆلۈم يەرگە كۆمدى، ئەشۇدى يەرىگ.

قانچىلىغان باتۇر، تەكەببۇر، گىدەيگەن كىشىلەرنى
ئۆلۈم يەرگە كۆمدى، تۇپراق ئۈستىنى ياپتى.

5213 يەمە ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ بەدۇك،
بىلىكلىگ سۆزى تۇتسا تۇشلار كەدئۆك.
بىلىملىك، يېتىلگەن (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى تۇتساڭ بارچە (ئىش) ياخشى بولىدۇ:

5214 «خەزىنەم ئۆكۈش تەپ كۈۋەنمە نەڭىن، C311
هەشەم، سۇ تەلىم تەپ كۆتۈرمە ئەگىن.
«خەزىنەم كۆپ دەپ مال ـ دۇنيالىرىڭغا مەغرۇرلانما،
هەشەمىتىم، قوشۇنۇم كۆپ دەپ كۆكسۈڭنى كۆتۈرمە!

5215 كۈچىگە كۈۋەنىپ كۆكۈز كەرگۈچى،
يورىتۇمادى بىر چىبۇنقا ئالىن».
كۈچىگە مەغرۇرلىنىپ كۆكرەك كەرگۈچى
(ئاخىر) بىر پاشىغا ئامال قىلالمىدى».

5216 يۇشى بولما ئىشتە سەن، ئۆۋكە يىغىن،
قالى كەلسە ئۆۋكەڭ، ئۆزۈڭ قىل ئاغىن.
ئىشتا غەزەپلىك بولما، ئاچچىقىڭنى باس،
ئەگەر ئاچچىقىڭ كەلسە، كېكەچ بولۇۋال.

5217 ئەۋە ئىشلەمە ئىش مەگەر دىن ئىشى،
ئەۋەك ئىشتە ئاسىغ بۇلۇماز كىشى.
دىن ئىشلىرىدىن (باشقا) ئىشلارغا ئالدىرىما،
ئالدىراپ (قىلغان) ئىشتا كىشى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

5218 ئاچىغ بەرگۇ ئەرسە، ئەۋىت، تەرك تەگۇر،
قىنىن، بەرگە ئۇرسا ئامۇللۇق ئۆدۇر.
ئىنئام بېرىش توغرا كەلسە، ئالدىرا، ۋاقتىدا بەر،
جازا بېرىش ۋە قامچىلاشتا ئېغىر ـ بېسىقلىقنى تاللا.

5219 ئەۋەك، قۇرغۇ بولما قىلىنچىن سۆزۈن،
سەرىنگىل، سەرىنگەن ئاتانۇر تۈزۈن.
سۆز ۋە ھەرىكىتىڭدە هودۇقما، ئالدىراقسان بولما،
سەۋر قىل، سەۋر قىلغان (كىشى) مۆلايىم دېيىلىدۇ.

5220 ئاقى بول بودۇنقا، ئۇلە نەڭ يەتۇر، B376
ساران بولسا بەگلەر ئاتىن ئارتاتۇر.
سېخىي بول، خەلققە مال تارقىتىپ بەر، يېگۇزگىن،
بەگلەر، خەسىس بولسا، (ئۆز) نامىنى بۇزىدۇ.

5221 ئىرىك سۆزلەمەگۇ، ئۆزۇگ تۇتغۇ بەرك،
ئىرىك سۆزگە تومىلىر كىشى كۆڭلى تەرك.
قوپال سۆزلىمەسلىك، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك،
قوپال سۆز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېز سوۋۇتىدۇ.

5222 سۇچىگ سۆزلە بارچا كىشىگە تىلىن،
ئاچۇق تۇت يۇزۇڭنى، يارۇق تۇت ئالىن.
بارچە كىشىگە شېرىن تىل بىلەن سۆزلە،
ئوچۇق چىراي، يورۇق ماڭلاي بول.

5223 بودۇندا تالۇ سەن، تالۇ تۇت قىلىق،
كۆڭۇل، تىل كۆنى تۇت، كۆنى تۇت يورىق.
سەن خەلقنىڭ سەرخىلى، ھەرىكىتىڭمۇ سەرخىل بولسۇن،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا تۇت، ئىش ـ ھەرىكىتىڭ توغرا بولسۇن.

5224 قارا ئەدگۇ بولسا، ئانىڭ ئەدگۇسى A148
ئۆزىگە بولۇر، ئاي بودۇن بەلگۇسى.
ئاۋام ياخشى بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقى
ئۆزى ئۇچۇن بولىدۇ، ئەي خەلقنىڭ ئۇلگىسى.

5225 قالى ئەدگۇ تۇتسا بۇ بەگلەر قىلىنچ،
قامۇغ ئەدگۇ ئەلگە بولۇر مىڭ سەۋىنچ.
ئەگەر بەگلەر ئىش ـ ھەرىكىتىنى ياخشى تۇتسا،
ھەممە ياخشىلىقلىرى بىلەن ئەلگە مىڭ خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

5226 ئاباڭ بولسا بەگلەر قىلىنچى ئەسىز،
ئەسىزلەر كۇچەيۇر، بۇزار ئەدگۇ ئىز.
ئەگەر بەگلەرنىڭ خۇي ـ پەيلى يامان بولسا،
يامانلار كۇچىيىدۇ، ياخشىلىقنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ.

5227 ئەسىز بولما، ئاتىڭ ئەسىز قىلماغىل،
ئەسىزلەرنى قىسغىل، بولۇ بەرمەگىل.

يامان بولۇپ، نامىڭنى يامان قىلمىغىن،
يامانلارنى باسقىن، (ئۇلارغا) يول قويمىغىن.

5228 ئەسىزلىك ئاغۇ ئول، يەمە بۇ ئاغۇ،
ئاغۇ يەگلى بولماز تىرىگلىك يەگۇ.

يامانلىق زەھەردۇر، بۇ زەھەرنى يېمە،
زەھەر يېگۈچىنىڭ هاياتى خاراب بولىدۇ.

5229 ئۇقۇشلۇغ كىم ئەرسە، ئانى تۇت ياقىن،
بىلىكلىگ سۆزىن تۇت، كۇدەزگىل ھەقىن.

كىم ئەقىللىك بولسا، شۇنى يېقىن تۇت،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ھەققىنى بەر.

5230 پۇتۇن، چىن، كۆنى، ئەدگۇ ئاتلىغ كىشىگ، C312
ئۆزۈڭگە ياقىن تۇت، ئاڭار بەر ئىشىگ.

ئىشەنچلىك، چىن، توغرا ۋە ياخشى نام چىقارغان كىشىلەرنى
ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئۇلارغا ئىشىڭنى تاپشۇر.

5231 بۇ ئالچى ئاژۇن قىلقى ئەرسەل، يايىغ،
ئۇسال بولما، ساقلان، يولى كەد تايىغ.

بۇ ئالدامچى دۇنيانىڭ قىلىقلىرى ۋاپاسىز، جاپالىق،
بىخۇد بولما، ھوشيار بول، (ئۇنىڭ) يولى بەك تايغاقتۇر.

5232 بەزەنىپ، كۆر، ئەتنىپ كۆڭۈلۈگ ئالىر،
كۆڭۈل بەردىڭ ئەرسە، يۇز ئەۋرەر بارىر.

قارا، ئۇ بېزىنىپ، جىلۋە قىلىپ كۆڭلۈڭنى ئالىدۇ،
كۆڭلۈڭنى بەرگەندىن كېيىن، يۈز ئۆرۈپ (تاشلاپ) كېتىدۇ.

5233 ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما، ساقىنچ قىسغا تۇت،
ئۆلۈمگە باسىقما، ئايا ئەلچى قۇت.

ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، غەم ـ قايغۇنى قىسقا قىل،
ئۆلۈمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىما، ئەي بەختلىك ھۆكۈمدار.

5234 ئۇدىما بۇ غەفلەت بىلە، ئاي ئەلىگ،
ئەسۇرمە بۇ بەگلىك بىلە، ئاي سىلىگ.

ئەي ئەلىگ، غەپلەت بىلەن ئۇخلىما،
بۇ بەگلىك بىلەن مەست بولما، ئەي مۆلايىم.

B 377

5235 بۇ كۈنكى ئەرەژگە ئاۋىنما، ساقىن،
يارىنقى ئەرەژىگ تىلە، كەد باقىن.
بۇگۈنكى ھالاۋەتكە ئالدانما، ئويلان،
ئاخىرەتلىك ھالاۋەتنى ئىزدە، ياخشى ئويلا.

5236 سەۋىنچى ئۈزۈن ئول، ئەرەژى ئۆكۈش،
ئەرەژ بولسا مۇنداغ كەرەك بولسا تۈش.
(ئۇ دۇنيانىڭ) شادلىقى ئۇزۇن، ھالاۋىتى كۆپ،
ھالاۋەت بولسا، ئەنە شۇنداق بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

5237 ئەرەژ ئەدگۈ قولسا، يورى ئەدگۈ بول،
ئۆكۈش نىئمەت ئىچرە يورى مەڭۈ بول.
ھالاۋەت، ياخشىلىقنى خالىساڭ، يۈر، ياخشى بول،
كۆپ نازۇنىمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ ياشا.

5238 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بىلىك بۇلمىش ئەر،
بىلىك بىرلە ئەلدە ئاغىر بولمىش ئەر:
بىلىمگە ئىگە بولغان، بىلىم بىلەن ئەلدە ھۆرمەت
قازانغان كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5239 «بايات بەرسە ئىزىزىن يوق ئول غايەتى،
ئۆكۈش رەھمەت ئىچرە ئۆزۈك راھەتى.
«خۇدا ئىززەت بەرسە، ئۇنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ،
كۆپ رەھىم - شەپقەت ئىچىدە ھالاۋەت كۆرىسەن.

5240 قالى ئۆز كۇرەسە ئۇچۇزلۇق ئانۇق،
ئۇچۇزلۇق قىيىنقا كىمىڭ تاقەتى».
ئەگەر سەن مەغرۇرلانساڭ، خورلۇق مۇقەررەردۇر،
خورلىنىش ئازابىغا كىممۇ تاقەت قىلالايدۇ؟»

5241 ئاي ئەلىگ، ئوتاچى سانى سەن بۇ كۈن،
بودۇن بارچا ئىگلىگ، ساڭا مۇڭلۇغۇن.
ئەي ئەلىگ، بۈگۈن ئۆزۈڭنى تىۋىپ دەپ ھىسابلا،
خەلقنىڭ ھەممىسى ئاغرىق، ساڭا موھتاجدۇر.

5242 قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ،
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ.

بەزىسى زۇلۇم ـ مۇشەققەت كۆرگەن،
بەزىسى كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چەككەن.

5243 قايۇ ئاچ، قايۇسى يالىنمىش بولۇر،
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۇلىنمىش بولۇر.

بەزىسى ئاچ، بەزىلىرى يالىڭاچ،
بەزىلىرى بولسا، قايغۇ بىلەن نادامەت قىلماقتا.

5244 سەنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇلارنىڭ ئەمى،
ئوتاغىل دارۇ بىرلە، بولغىل قامى.

قارا، بۇلارنىڭ داۋاسى سەندە،
دورا ـ دەرمان بىلەن داۋالا، تېۋىپ بول.

5245 قالى قىلماسا سەن ئەمى، يا ئوتى،
بودۇنقا بولۇر سەن تىرىگلىك يۇتى.

ئەگەر سەن دورا ـ دەرمان بىلەن داۋالىمىساڭ،
خەلق ھاياتىنىڭ ئاپىتى بولىسەن.

5246 سەنىڭدىن ئايىتغاي يارىن بىر بايات، C 313
جەۋابىن ئانۇتغىل، ئۆزۈڭكە بەرات.

ئاخىرەتتە بىر خۇدا سەندىن سورايدۇ،
جاۋابىنى تەييارلا، ئۆزۈڭنى خالاس قىل!

5247 تىرىگلىك كەچەر تەرك، بۇ بەگلىك قالۇر،
كەرەكلىگ ساڭا ئەدگۈ ئاتىڭ تۇرۇر.

ھايات تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەگلىكمۇ قالىدۇ،
ساڭا زۆرۈر بولغىنى ياخشى نامىڭدۇر.

5248 تارىغلاغ تۇرۇر بۇ ئازۇن، ئاي ئەلىگ،
نەگۈ ئەكسە ئاندا ئالىر بۇ ئەلىگ.

ئەي ئەلىگ، بۇ دۇنيا بىر تېرىلغۇ (ئېتىز)دۇركى،
نېمە تېرىساڭ، قولۇڭغا شۇ تېگىدۇ.

5249 يورى، ئەدگۈلۈك قىل، ئەكىن ئەدگۈلۈك،
ساڭا ئەدگۈ بولغاي ئاچۇ مەڭۈلۈك.

يۈر، ياخشىلىق قىل، ياخشىلىق (ئۇرۇقىنى) تېرىغىن،
بۇنىڭدىن سەن مەڭگۈلۈك ياخشىلىق تاپىسەن.

B 378

5250 نەگۇ تەر ئەشتكىل بۆگۈ ئەلچى بەگ،
بۇ بەگلىك ئىشنى بىلىر يولچى بەگ.
ئەل باشقۇرغان دانا ھاكىم، ئەل ئىشلىرىنىڭ
يولىنى بىلىدىغان بەگ نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5251 ئايا بەگ بولۇغلى، بودۇنقا ئۇلۇغ،
كۆڭۈل، تىل كىچىگ تۇت، ئۆزۈڭگە يۇلۇغ.
ئەي بەگ بولغۇچى، (ئەي) خەلقنىڭ ئۇلۇغى،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى كىچىك تۇت، ئۆزۈڭگە پايدىلىق.

5252 ئايا باش بولۇغلى، ئاي ئۇستەڭ ئەلىگ،
قامۇغ ئىشكە ئاشنۇ سەن ئىشلەت بىلىك.
ئەي (ئەلگە) باش بولغۇچى قولى ئۇستۇن ھۆكۈمدار.
ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن بىلىمنى ئىشقا سال.

5253 بىلىك بىرلە ئىشلە قامۇغ تۇرلۇگ ئىش،
بىلىكدىن كەلىر ئول قامۇغ كۆركلۈگ ئىش.
ھەر خىل، ھەر تۇرلۇك ئىشلارنى بىلىم بىلەن ئىشلىگىن،
ھەممە كۆركەم ئىشلار بىلىمدىن كېلىدۇ.

5254 بارىغلى تۇرۇر بۇ ئاژۇن، قالغۇسۇز،
ئۆزۈڭ ئەدگۈلۈك قىل يىتىپ بارغۇسۇز.
بۇ دۇنيا كېلىپ ـ كەتكۈچىدۇر، ئۇ (ھەرگىز) تۇرمايدۇ،
سەن يوقالمايدىغان بىر ياخشىلىق قىل.

5255 قالىر دۇنيا، ئاخىر توغۇغلى ئۆلۈر،
ئەسىز، ئەدگۈ ئەرسە، كۆر، ئاتى قالۇر.
دۇنيا قالىدۇ، تۇغۇلغانلار ئاخىر ئۆلىدۇ،
يامان بولسىمۇ، ياخشى بولسىمۇ، نامى قالىدۇ.

5256 ئەسىزگە قاتىلما، كۆيۈرگەي ئەسىز،
ئاتىڭ ئەدگۈ بولسا، قالىر ئەدگۈ ئىز.
يامانغا قېتىلما، يامان كۆيدۈرىدۇ،
نامىڭ ياخشى بولسا، ياخشىلىق ئىزى قالىدۇ.

5257 ئاي ئەلىگ، قاتىغلان، ئودۇغ تۇر ئودۇغ،
ئۇسايۇق كىشىگە توقىنۇر يودۇغ.

ئەي ئەلىگ، سەگەك ـ ئويغاق تۇرۇشقا تىرىشقىن،
غەپلەتتە قالغان كىشىگە (باشقىلارنىڭ) زىيىنى تېگىدۇ.

5258 بۇ بەگلىك كۆكى ساق، ئودۇغلىق تۇرۇر،
تاقى بىر ئاژۇن قولسا مۇندىن بۇلۇر.

بەگلىكنىڭ نېگىزى ئېھتىياتچانلىق، سەگەكلىكتۇر،
يەنە بىر دۇنيانى خالىساڭمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېرىشىسەن!

5259 ئۇسانما، ئۇسانسا بۇ بەگلىك بارىر، A149
ئۇسايۇق ئىكىگۇن ئاژۇندا ئۇلىر.

بىخۇد بولما، بىخۇد بولساڭ، بەگلىك كېتىپ (قالىدۇ)،
بىخۇدلار ھەر ئىككى دۇنيادا نادامەت چېكىدۇ.

5260 خەسىم قىلما ئۆزگە، يەمە تۆكمە قان،
بۇ ئىككى يازۇققا ئۇلىر چىقسا جان.

ئۆزۈڭگە دۇشمەن تېپىۋالما ۋە قان تۆكمە،
بۇئىككى گۇناھ ئۇچۇن جان چىققاندا پەرياد چېكىسەن!

5261 ھەرامقا قاتىلما، كۇدەز ئۆز قاتىغ،
ھەرام يەگلى ئورنى تامۇ ئول پاتىغ.

ھارامغا ئارىلاشما، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت،
ھارامنى يېگۇچىنىڭ ئورنى جەھەننەمنىڭ تېگىدۇر!

5262 باغىرساق بولۇن بارچا يالڭۇق ئۇزە،
كىشى ياسى قولما، يورىما ئازا.

بارچە ئادەملەرگە مېھرىبان بول،
كىشىلەرنىڭ زىيىنىنى كۆزلىمە، يولۇڭدىن ئازما.

5263 بور ئىچمە، فەسادقا قاتىلما، يىرا، C314
بۇ ئىككى بۇزار قارشى ئوردۇ، تۇرا.

مەي ئىچمە، پىتنە ـ پاساتلارغا قېتىلما، يىراق تۇر،
بۇ ئىككى (ئىش) ساراي ـ ئوردا، قەلئەلەرنى بۇزىدۇ.

5264 ئۆلۈمگە تۇغار بۇ تۇغۇغلى كىشى،
ئاتىن ئىز قودۇر بۇ ئۆلۈگلى كىشى.

تۇغۇلغان كىشى ئۆلۈم ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ،
ئۆلگۈچى كىشى نامى بىلەن ئىز قالدۇرۇپ (كېتىدۇ).

B 379 5265 تۇتامچا تىرىگلىك تۇگەر، ئالقىنۇر،
ئەسىز، ئەدگۇ ئەرسە، كۆر، ئاتى قالۇر.
بۇ بىر تۇتام ھايات تۈگەيدۇ، ئاخىرلىشىدۇ،
يامان بولسىمۇ، ياخشى بولسىمۇ نامى قالىدۇ.

5266 ئاۋىنچ بىرلە ئۆگرىر بۇ دۇنيا سەنى،
ئۇسانما، ئۇدىتماسۇ غەفلەت كۇنى.
بۇ دۇنيا سېنى بەزلەپ تەۋرىتىدۇ،
بىخۇد بولما، غەپلەت سېنى ئۇخلىتىپ قويمىسۇن.

5267 بۇ غەفلەت تۇرۇر، كۆر، ئۇدىتۇر كىشىگ،
ئۇدىغلى كىشى قودتى يۇمغى ئىشىگ.
قارا، كىشىنى ئۇخلىتىدىغان غەپلەتتۇر،
ئۇخلىغان ئادەم ئىش ـ كۈشلىرىنى تاشلاپ قويىدۇ.

5268 بۇ غەفلەت يوق ئەرسە كىشىگە قامۇغ
فەرىشتە بولۇپ قىلغاي ئەردى تاپۇغ.
كىشىدە ھەر خىل غەپلەت بولمىغان بولسا ئىدى،
ئۇ پەرىشتە بولۇپ، ئىبادەت قىلغان بولاتتى.

5269 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ سۆزى،
ئۇقا بارغىل ئەمدى، ئاي كۆڭلى يازى:
بىلىملىك بۇ سۆزنى بەك ياخشى ئېيتقان،
بۇنى چۈشەنگىن، ئەي باغرى كەڭ:

5270 «قامۇغ غەفلەت ئول بۇ سەۋىنچىن تەرەب،
بۇ غەفلەت بىلە ئۆز يوقادۇر ئەجەب.
«خۇشاللىق بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت ھەممىسى غەپلەتتۇر،
ئەپسۇسكى، بۇ غەپلەت بىلەن كىشى ئۆزىنى يوقىتىدۇ!

5271 ئۇسانما، ئۇدىتماسۇ غەفلەت ئۇسى،
بۇ غەفلەت ئۇسىندىن كۇدەزگىل، يا رەب».
بىخۇد بولما، غەپلەت ئۇيقۇسى سېنى ئۇخلاتمىسۇن،
يا رەببىم، بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆزۈڭ ساقلا!»

5272 ئەلىگدە يىتى تۇت كۆزۈڭ، قۇلغاقىڭ،
تۆزۈگە تەگۇرگىل باغىرساقلىقىڭ.

ئېلىگدە كۆز ـ قۇلىقىڭنى ئىتتىك قىل،
ھەممە كىشىگە شەپقىتىڭنى يەتكۈز.

5273 ساڭا بولغا ئاخىر بايات ئايتىغى،
بايات ئايتىغى ئول يازۇقلۇغ ئاغى.
خۇدا ئاخىر سەندىن سوراق ـ سوئال سورايدۇ،
خۇدانىڭ سوراق ـ سوئالى ھەممە يەرگە يېيىلغان تۇزاقتۇر.

5274 باقا تۇر نەگۇ تەر ساقىنۇق كىشى،
ساقىنۇق سۆزىن تۇتسا ئەتلۇر ئىشى.
نەزەر سال، تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ،
تەقۋادار سۆزىنى تۇتسا، ئىش راۋاج تاپىدۇ:

5275 ئاي بوشلاغ يورىغلى بودۇن ئۆكتەمى،
بايات ئايتىغى بار ئانۇتغىل ئەمى.
ئەي ئەركىن يۈرگۈچى، خەلقنىڭ ئۆكتىمى،
خۇدانىڭ سوراق ـ سوئالى بار، تەدبىرىڭنى تەييارلا.

5276 كۆڭۈلچە يورىغلى، ئاي تەلتۇك مۇنە،
ئايىتغاي سەنىڭدىن بايات بىر كۈنە.
ئەي ئۆز مەيلىچە يۈرگۈچى گۇناھكار مېيىپ،
خۇدا بىر كۈنى سېنى سوراق ـ سوئال قىلىدۇ.

5277 ئاي يەگلى، ئىچىگلى ياۋلىق بىلە،
ساقىشقا ئانۇنغىل، چىقىش يول تىلە.
ئەي بىھۇدىلىك بىلەن مەئىشەت قىلغۇچى،
ھېساب (بېرىشكە) تەييار بول، چىقىش يولىنى تاپ.

5278 ئايىتغۇ تۇرۇر، كۆر، بايات بارچانى،
قۇتۇلغۇ يەرىڭ بارمۇ، قاچغىل قانى.
قارا، خۇدا ھەممىسىنى سورايدۇ (ھېساب ئالىدۇ).
قۇتۇلىدىغان يېرىڭ بارمۇ، قېچىپ باققىنا قېنى؟

5279 ئاي ئەلىگ، قىلىچ، بەرگە سەندە تۇرۇر،
بۇ بەرگە، قىيىنلار ئەسىزگە ئەرۇر.
ئەي ئەلىگ، قىلىچ، قامچا سېنىڭدە تۇرىدۇ،
بۇ قامچا، جازالار يامانلار ئۈچۈندۇر.

5280 ئەسىزلەر ئەسىزلىكلەرىن ئەسمەسە، B380 C315
سەن ئەسمە قىنىن، بەرگە تۇتغىل باسا.
يامانلار يامانلىقلىرىنى تاشلىمىسا،
سەنمۇ جازا بېرىشنى تاشلىما، قامچىنى چىڭ تۇت.
5281 ئەسىزلەرگە بەرگە ئۇرۇپ كۆنمەسە،
ئۆزۈڭ ساقنۇ تۇرغۇ ئولاردىن ئۇسا.
يامانلار قامچا يەپمۇ تۈزەلمىسە،
ئۆزۈڭنى (ئىمكانقەدەر) ئۇلاردىن قوغدا.
5282 ئەلىگ بولسا ئەسىز ئاژۇنۇغ بۇزار،
قىسغلىسى بولماسا يولدىن ئازار.
ئەلىگ يامان بولسا، دۇنيانى بۇزىدۇ،
تۇساپ تۇرغۇچىسى بولمىسا، يولدىن ئازىدۇ.
5283 ئاغىرلا سەن ئەدگۈگ، تەگۈر ئەدگۈلۈگ،
بودۇن ئەدگۈ بولغاي تۆزۈ، ئاي كۈلۈگ.
ياخشىلارنى قەدىرلە، ياخشىلىق يەتكۈز،
(شۇنداق قىلساڭ) خەلق ياخشى بولىدۇ، ئەي شەۋكەتلىك.
5284 ئويۇنقا ئاۋىنما، ئۆزۈڭنى كۈدەز،
ئەرەژگە سەۋىنمە، كۈنۈڭ قالدى ئاز.
ئويۇنغا بېرىلمە، ئۆزۈڭنى ئايا،
راھەت ـ پاراغەتكە ھېرىس بولما، كۈنۈڭ ئاز قالدى.
5285 كۆنىلىك ئۈزە سەن تۇرۇ قىل تۆرۈ،
تۆرۈ بىرلە بەگلىك تۇرۇر ئول ئۆرۈ.
قانۇننى ئادالەت ئۈستىگە ئورنات،
(توغرا) قانۇن بىلەن بەگلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.
5286 كۈچى يەتمىشىنچە قاتىغلانسۇ ئۆز،
ياۋا قىلسا ئۈزرى قولۇ تۇرسۇ ئۆز.
كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە غەيرەت قىل،
بىھۇدە (ئىش) قىلساڭ، ئۆزرە سوراپ تۇر.
5287 نەگۈ تەر ئەشىتكىل بودۇن باشچىسى،
تۆرۈ بىرلە ئەلدە يادىغلى كۈسى:

خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ، قانۇن بىلەن
ئەلدە داڭ چىقارغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5288 «ئايا بەگ، قاتىغلان بۇ تاقەت تەڭى،
تۆرۈ قىل بودۇنقا، تەگۈرگىل ئۆڭى.

«ئەي بەگ، تاقەتلىك يەتكۈچە غەيرەت قىل،
خەلققە قانۇن يۈرگۈز، تېگىشلىك ھەسسىسىنى بەر.

5289 قالى تۆشسا تەقسىر، يانا ئۆزرى قول،
تىلىن كۆندە تەۋبە قىلىنغىل ياڭى».

ئەگەر كەمچىلىك يۈز بەرسە، ئۆزرە سورا،
تىلىڭ بىلەن ھەر كۈنى توۋا قىل».

5290 ئۆكۈش قازناق ئۇرما سەن ئالتۇن، كۈمۈش،
نەگۈ بولسا بەرگىل، ئۈلەگىل ئۆكۈش.

خەزىنەڭگە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى كۆپ توپلىما،
نېمە بولسا (كىشىلەرگە) بەرگىن، كۆپ ئۈلەشتۈر.

5291 سەنىڭدە كەدىن قالغا تۆتسا ئۆلۈم،
ئوغۇل ـ قىز ئەسىزلىككە بۇلغاي تولۇم.

ئۆلۈم تۇتسا، (بايلىقىڭ) سەندىن كېيىنكىلەرگە قالىدۇ،
ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ يامان ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

5292 قاتىغلان، تىرىگلىكتە مال ئاشنۇ ئىد،
ساقىشتىن قۇتۇلغىل، مۇيان ئۆزگە تىد.

غەيرەت قىل، تىرىكلىكىڭدە مال ـ دۇنيانى تېز سەرپ قىل،
ھېساب بېرىشتىن قۇتۇلغىن، ئۆزۈڭگە ساۋابلىق تاپ.

5293 ئەدى ياقشى ئايمىش بودۇنلار بەگى،
بودۇندا بەدۈكى كىشىدە يەگى:

خەلق ئىچىدە يۈكسەك، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى،
خەلق بېگى بەك ياخشى ئېيتقانىدى:

5294 «ئاي قازناق ئۇرۇغلى ئاژۇن بەگلەرى،
ئۆزۈڭدە كەدىن قودما قازناق يورى.

«ئەي خەزىنە توپلىغۇچى جاھان بەگلىرى،
خەزىنەڭنى ئۆزۈڭدىن كېيىنكىلەرگە قالدۇرما.

5295 ئەرەژ ئادناغۇ قىلغا ساقىش ساڭا،
ئۇلۇگ تەگمەسۇ، ئاي ئۇرۇغلۇغ قارى».
راھەت ـ پاراغەت باشقىغا كېتىدۇ، ھېسابى ساڭا قالىدۇ،
(ھېساب بېرىش) ساڭا يۈكلەنمىسۇن، ئەي ئېسىل مويسىپىت».

B381 C316 5296 ئايا باي بولۇغلى، بودۇندا تالۇ،
قوقۇز قىل بۇ بايلىق، مۇيان ئال تولۇ.
ئەي باي بولغۇچى، خەلقنىڭ سەرخىلى،
بايلىقىڭنى (كەڭ) تارقىتىپ، كۆپ ساۋاب ئال.

5297 ۋەفاسىز ئاژۇنقا كۆڭۈل باماغىل،
جەفا قىلغا ئاخىر، بولۇ بەرمەگىل.
ۋاپاسىز دۇنياغا كۆڭۈل باغلىما،
ئاخىر (ساڭا) جاپا قىلىدۇ، (ئۇنىڭغا) بېرىلمە!

5298 ئايا بەگ بولۇغلى بودۇندا بۇرۇن،
بۇرۇن ئىد بۇ بەگلىك سەن ئەتگىل ئورۇن.
ئەي خەلقنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى بەگ،
بۇ بەگلىكنى بالدۇرراق تاشلاپ، ئۆزۈڭگە ئورۇن ھازىرلا.

5299 كۆزى سۇق ئاي ئارتۇق ـ ئۇزۇن ساقنۇر ئەر،
ئۆلۈم تۇتماز ئەركەن، بارىڭ بارچا بەر.
ئەي ئاچ كۆز، تەمەخور، خىيالپەرەس كىشى،
ئۆلۈم (ياقاڭنى) تۇتماستا بارىڭنى بېرىۋەت.

5300 ئۆلۈم تۇتسا ئاخىر بۇ نەڭ ئاسغى يوق،
تۇرۇ قالغا مالىڭ، ساڭا تاتغى يوق.
ئۆلۈم (ياقاڭنى) تۇتسا، ئاخىر بۇ مال ـ دۇنيانىڭ پايدىسى يوق.
ماللىرىڭ قالىدۇ، راھىتى ساڭا بولمايدۇ.

5301 ئاش ئاز يە، ئاي ئەلىگ، ئۆكۈش قىل تاپۇغ،
سۆز ئاز سۆزلە، ئۆگرەن سەن ئەردەم قامۇغ.
ئاز يېگىن، ئەي ئەلىگ، كۆپ ئىبادەت قىل،
سۆزنى ئاز قىلىپ، بارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆگەن.

5302 چىغاي، تۇل، يەتىمىگ باقا تۇر كۆرۈ،
بۇلارىغ كۇدەزسە، بولۇر چىن تۆرۈ.

كەمبەغەل، تۇل ـ يېتىملارغا نەزەر سال، يوقلاپ تۇر،
بۇلارنى ئاۋايلىساڭ، ھەقىقىي ئادالەت (قىلغان) بولىسەن.

5303 ئۇشاقچى كىشىگ قىلما ئۆزگە ياقىن،
ئوزۇنچىغ ئۆزۈڭدىن يىراق تۇت، ساقىن.
غەيۋەتخورلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتما،
چېقىمچىلاردىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، ساقلان.

5304 بۇ ياڭلىغ كىشى ئول كىشى ياسلىغى،
كىشى ياسلىغىن سەن ياغى بىل ياغى.
بۇنداق كىشى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىرىدۇر،
كىشىگە زىيانكەشلىك (قىلىدىغانلار)نى سەن دۈشمەن بىل، دۈشمەن.

5305 كىشى سۇقىڭا بەرمە ئەلدە ئەلىگ،
سەزىك تۇتما، بۇزغاي ئەتىلمىش ئەلىگ.
ئاچ كۆز كىشىلەرگە ئەلدە ھوقۇق بەرمە،
شۈبھىلەنمىگىنكى، ئۇلار روناق تاپقان ئەلنى بۇزىدۇ.

5306 قاتىغلان، ئۆزۈڭنى تامۇدىن يىرات،
قامۇغ ئەدگۈلۈك قىل، كۈدەزگەي بايات.
ئۆزۈڭنى دوزاختىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشقىن،
كۆپ ياخشىلىق قىل، خۇدا (سېنى) قوغدايدۇ.

5307 بۇ كۈنكى كۈنۈڭدە يارىنقى كۈنۈڭ،
بارى ئەدگۈ بولسۇن يارقىنقى تۈنۈڭ.
بۈگۈنكى كۈنۈڭدىن ئاخىرەتتىكى كۈنۈڭ،
ئاخىرەتتىكى تۈنۈڭ، ھەممىسى ياخشى بولسۇن.

5308 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلى تۈزۈن،
بىتىمىش بۇ قىلغۇ ئىشىڭنى سۆزۈن.
بىلىملىك، خۇش پېئىل كىشى ياخشى ئېيتقان،
قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى سۆزمۇسۆز يازغان:

5309 «بۇ كۈنگە يارىن بار ئايىتغۇ كۈنى،
يارىنقا ساقىنسا، يورىغىل كۆنى.
«بۈگۈن ئۈچۈن ئاخىرەتتە سوراق كۈنى بار،
ئاخىرەتنى ئويلىساڭ، توغرا (يولدا) يۈر.

5310 ئۇسانما، ئودۇغ تۇت، ئۇدىما، ئودۇن،
ئۇدىر كۆز ئودۇغ تۇت، ئۇنىت بۇ ئۇنى».
بىخۇد بولما، سەگەك تۇر، ئۇخلىما، ئويغان،
ئۇيقۇلۇق كۆزۈڭنى ئويغاق تۇت، ئۇيقۇنى ئۇنتۇغىن!»

5311 بۇ دىن «دالى» «دۇنيا دالى» قارشى ئول،
ياغۇشماز ئىكىگۈن يولى يارشى ئول.
دىنىنىڭ «دالى» (بىلەن) دۇنيانىڭ «دالى» قارىمۇقارشىدۇر[1]،
ئىككىسىنىڭ يولى (بىر ـ بىرىگە) يېقىنلاشمايدۇ، بىر ـ بىرىگە زىت.

5312 بۇ دىن دۇنيا بىرلە بىرىكمەكى سارپ،
قاۋۇشماز ئىكىگۈن، مۇنى بىلسە تاپ.
دىنىنىڭ دۇنيا بىلەن بىرىكىشى قىيىن،
بۇ ئىككىسى قوۋۇشمايدۇ، بۇنى بىلىش كۇپايە.

5313 B382 B317
بىرىسى ياغۇسا، بىرىسى تەزەر،
ئىكى بىرلە تۇتسا، كىشى يول ئازار.
بىرسى يېقىنلاشسا، يەنە بىرسى قاچىدۇ،
ئىككىلىسىنى بىللە تۇتسا، كىشى يولدىن ئازىدۇ.

5314 تۇپى يەل تۇرۇر دۇنيا، ياغمۇر سانى،
كەلىر، چوغلايۇر ئاز، ئۆچەر تەرك ئۇنى.
دۇنيانى يەل ـ شامال، يامغۇر (دەپ) ھېسابلا،
كېلىدۇ ـ دە، ئازراق گۈلدۈرلەيدۇ، (لېكىن) تېزلا جىمىقىدۇ.

5315 كەلىر قۇت قاپۇغدا قالىن يۇمدارۇر،
كۆڭۈل باسا، يۇمغىغ ئادىنقا بەرۈر.
بەخت كېلىپ ھەممىنى ئىشىكىڭ ئالدىغا توپلايدۇ،
كۆڭۈل باغلىساڭ، ھەممىسىنى باشقىغا بېرىۋېتىدۇ.

5316 بايۇدۇم تەسە سەن، چىغاي بولغۇ بىر،
ئاغىر مەن تەسە سەن، ئۇچۇز قىلغا يەر.
«ئەمدى باي بولدۇم» دېگەندە كەمبەغەل قىلىۋېتىدۇ،
«قەدىرلىك بولدۇم» دېگەندە تۇپراقتەك قەدىرسىز قىلىۋېتىدۇ.

---

① «دال» ـ «د» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى. بۇ يەردە «دىن» بىلەن «دۇنيا» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ باش ھەرپى ئوخشاش بولسىمۇ، مەنىلىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىغا ئىشارەت بېرىلگەن.

5317 ئاژۇن توقلۇقى بارچا ئاچلىق تۇرۇر،
ئەرەژى، سەۋىنچى، كۆر، ئەمگەك ئەرۇر.
دۇنيا توقلۇقىنىڭ ھەممىسى ئاچلىقتۇر،
راھىتى، شادلىقى بولسا جاپادۇر، قارا.

5318 ئاي ئەلىگ، بۇ نەفسىڭ ياغىلا قاتىغ،
تىلەكىنى بەرمە، يەتۇرمە تاتىغ.
ئەي ئەلىگ، نەپسىڭگە (قارشى) قاتتىق جەڭ قىل،
(نەپسىنىڭ) تىلىكىنى ئورۇنلىما، ھۇزۇر كۆرسەتمە.

5319 قامۇغدا ئەسىزرەك ياغى بۇ تۇرۇر،
مۇڭار ئەدگۇ قىلسا، بۇ ئەسىز قىلۇر.
ھەممىدىن يامانراق دۇشمەن شۇدۇر،
ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ.

5320 ۋەفا قىلسا ياندرۇ يانۇتى جەفا،
جەفا قىلسا ئۆترۇ قىلۇر بۇ ۋەفا.
ۋاپا قىلساڭ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىدىغان جاۋابى جاپادۇر،
جاپا قىلساڭ، ئاندىن ساڭا ۋاپا قىلىدۇ.

5321 بۇ نەفسىڭ ئۇچۇزلا، ئاغىر بولغا جان،
بىلىك بەگ بولۇپ، كۆر، ئۇقۇش بولغا خان.
نەپسىڭنى خورلىساڭ، ئۆزۈڭ ئەزىز بولىسەن،
بىلىمىڭ بەگ، ئەقلىڭ خان بولىدۇ، قارا.

5322 بۇ دۇنيا ياغى ئول، بۇ نەفسىڭ ياغى، A 151
بۇ ئىككى ياغىنىڭ يادىغلىغ ئاغى.
بۇ دۇنيا بىر دۇشمەن، نەپسىڭمۇ دۇشمەن،
بۇ ئىككى دۇشمەننىڭ تۇزاقلىرى قۇرۇقلۇق (تۇرىدۇ).

5323 بۇ قۇتقا كۇۋەنىپ كۆتۇرمە كۆڭۇل،
ئىنانما تىرىگلىككە ئارتۇق تۆڭۇل.
بۇ بەختىڭگە مەغرۇرلىنىپ، كۆڭلۇڭنى چوڭ تۇتما،
تىرىكلىككە تولىمۇ ئىشىنىپ كەتمە، ئۇمىدنى ئۈز.

5324 بەدۇكلۇك، ئۇلۇغلۇق بۇ كەچگۇ تۇرۇر،
بۇ دەۋلەت ئوتى بارچا ئۆچگۇ تۇرۇر.

بۇيۇكلۇك، ئۇلۇغلۇق ئۆتكۈنچىدۇر،
بۇ دۆلەت ئوتمۇ (بىر كۈنى) ئۆچىدۇر.

5325 نەگۇ تەر ئەشتكىل، ئاي ئەسلى بەدۇك،
باغىرساق سۆزى تۇتسا ئاسغى كەدئۆك:
ئېسىل، ئۇلۇغ (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
مېھرىبان (كىشىنىڭ) سۆزىنى تۇتسا، پايدىسى كۆپتۇر:

5326 «بۇ بەگلىك بىلە سەن كۆتۈرمە ئەگىن،
كۆكۈز كەرمە ئارتۇق، ئۆزۈڭنى ساقىن.
«بۇ بەگلىك بىلەن سەن كۆكسۈڭنى كۆتۈرمە،
ئارتۇقچە كۆكرەك كېرىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى ساقلا.

5327 يەرىندى ئاجۇنۇغ سۇرۇندىگە قود،
بايات بەرگە ئاندا تۇ نىئمەت، يەگىن».
بۇ ئەرزىمەس دۇنيانى تاشلاندۇق (نەرسە) ھېسابلا،
خۇدا ئۇ دۇنيادا كۆپ نازۇ ـ نېمەتلەرنى بېرىدۇ».

B383 5328 ئاي ئەلىگ، كەد ئۆدرۈم تىلە ئۈچ كىشىگ،
ئانىڭدا باسا بىر بۇ ئۈچكە ئىشىگ.
ئەي ئەلىگ، ئۈچ خىل كىشىنىڭ ناھايىتى تاللانغىنىنى ئىزدە.
ئاندىن كېيىن بۇ ئۈچ (كىشىگە) ئىشىڭنى تاپشۇر:

C318 5329 بۇلاردا بىرى، قازى يىنچكە، ئارىغ،
ساقىنۇق كەرەك، تەگسە خەلققە ئاسىغ.
بۇلارنىڭ بىرى، قازى، ئۇ زېرەك، پاك،
تەقۋادار (بولۇشى)، خەلققە پايدىسى تېگىشى كېرەك.

5330 ئىكىنچى، خەلىفەت كەرەك چىن، پۇتۇن،
بودۇن بۇلسا ئىنچلىك، تىرىلسە قۇتۇن.
ئىككىنچىسى، خەلىپەت، ئۇ ئىشەنچلىك، چىن بولۇشى كېرەك،
(شۇنداق بولغاندا) خەلق ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ، بەختلىك ياشايدۇ.

5331 ئۈچۈنچى، كەد ئۆدرۈم كەرەك بۇ ۋەزىر،
بودۇنقا نەگۇ تەگسە مۇندىن تەگىر.
ئۈچىنچىسى، ۋەزىر، ئۇ بەك تاللانغان بولۇشى كېرەك،
خەلققە نېمە كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ.

5332 بۇ ئۆچ ئىشتە بولسا كىشىسى كۆنى،
بودۇن ئىنچكە تەگدى، يارۇدى كۆنى.
بۇ ئۈچ ئىشنى (قىلىدىغان) كىشىلەر توغرا، (ئادىل) بولسا،
خەلق ھالاۋەتكە يېتىدۇ، كۈنلىرى يورۇق بولىدۇ.

5333 ئەتىلگەي ئەلىڭ ھەم بايۇغاي بودۇن،
ساڭا ئارتغا ئەدگۇ دۇئا ئول ئۆدۇن.
ئېلىڭ روناق تاپىدۇ ۋە خەلقىڭ بېيىيدۇ،
شۇ چاغدا ساڭا ياخشى دۇئا قىلىدۇ.

5334 بۇ ئۆچ ئىشتە بولسا يارغىسىز كىشى،
يارغىسىز بولۇر بارچا ئەل - كۈن ئىشى.
بۇ ئۈچ ئىشتىكى كىشىلەر يارامسىز بولسا،
پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشلىرىمۇ يارامسىز بولىدۇ.

5335 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى سۆزۇم،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئاي كۆركلۈگ يۈزۇم:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىمەن،
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىن، ئەي خۇش چىرايلىقىم:

5336 «بۇ بەگكە ۋەزىر ئول تۇتۇپ يەتگۈچى،
ئەلى، قاپغى، ئاتى بۇ ئول ئەتگۈچى،
«بەگنى تۇتۇپ يېتەكلىگۈچى ۋەزىردۇر،
(بەگنىڭ) ئېلىنى، ئوردىسىنى، نامىنى (مەشھۇر) قىلغۇچىمۇ (ۋەزىردۇر).

5337 قالى تەترۇ يەتسە بۇرۇندۇق ۋەزىر،
قامۇغ تەترۇ بولدى، ئۆزۈم ئايغۇچى».
ئەگەر ۋەزىر چۇلۇۋۇرنى تەتۈرگە يېتەكلىسە،
ھەممە ئىش تەتۈر ماڭىدۇ، بۇ مېنىڭ كۆزقارىشىم».

5338 بۇ دۇنيا ئەتىكلىگ بۇ تەرگى سانى،
يورىغلى بۇ يالڭۇق نەچە يەر ئانى.
بۇ دۇنيانى تەييار بىر داستىخان ھېسابلا،
قىمىرلىغان ئىنسان ئۇنىڭدىن ئاز - تولا يەيدۇ.

5339 بىزىڭدە ئوزاقى قۇتۇ بارغۇچى
يەدى، تودتى، قاندى ئۆلۈپ ياتغۇچى.

بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلار
قىنىپ تويغۇچە يېدى (ۋە) ئۆلۈپ كەتتى.

5340 ئۇلۇغ توي باقىپ، كۆر، ياتۇرلار كۇدۇ،
ئوقىر بىزنى، بارغۇ سەزىكسىز ئۇدۇ.

قارا، (ئۇلار) ئۇلۇغ تويغا نەزەر تاشلاپ كۇتۇپ ياتماقتا،
شۇبھىسىز بىزنىمۇ كەينىدىن بېرىشقا چاقىرماقتا.

5341 تاقى بىر قۇتۇ ئول قارىنداقىلار،
بىزىڭدە باسا تەرگى يەگلى ئولار.

يەنە بىر ئەۋلاد، ئۇلار قورساقتىكىلەر (بولۇپ)،
(ئۇلار) داستىخاندىكىلەرنى بىزدىن كېيىن يېگۈچىلەردۇر.

5342 بىزىڭ قوپغۇمىزنى كۇدەر بۇ قۇتۇ،
كۇدەر كەلگۇمىزنى ئولار، ئاي بوتۇ.

بۇ ئەۋلاد بىزنىڭ قوپۇپ كېتىشىمىزنى كۈتىدۇ،
يەنە بىرلىرى بولسا يېنىغا كېلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

5343 بۇ كۇن بىزگە تەگدى بۇ تەرگى يەمى،
نەچە بەرگە ئەركى يەگۇ كەدگۇمى.

بۇ داستىخانىڭ نېمىتى بۈگۈن بىزگە نېسىپ بوپتۇ،
بىزگە قانچىلىك يېمەك، مەئىشەت بېرەلەيدىكىن؟

5344 ئوقىرلار ئۆلۈپ ياتغۇچىلار نارۇ، B384
سۇرەرلەر قارىنداقىلار قوپ تەيۇ.

ئۆلگەنلەر (بىزنى) ئۇ تەرەپكە چاقىرماقتا،
قورساقتىكىلەر بىزنى (ئورنۇڭدىن) قوپ، دەپ قوغلىماقتا.

5345 بىرىسى سۇرەر، كۆر، بىرىسى ئوقىر،
بۇ ئىككىن ئارا كىم ئەرەژكە تەگىر.

قارا، بىرى قوغلىماقتا، بىرى چاقىرماقتا،
بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىممۇ ھۇزۇر ئالالايدۇ؟

5346 ئاي ئەلىگ، ئۇسانما، ساقىنما ئۇزۇن، C319
ئۇزۇن قالغۇ ئەرمەز، ئاي قىلقى تۇزۇن.

ئەي ئەلىگ، بىخۇد بولۇپ، كۆپ ئويلىما،
(بەگلىكتە) ئۇزۇن تۇرمايسەن، ئەي خۇش پېئىل.

5347 ھەرامقا قاتىلما، ئاي ئەلىگ، ساقىن،
ھەرامقا قاراتۇر كۆڭۈل، بىل ياقىن.
ئەي ئەلىگ، ھارامغا قوشۇلما، (ئۇنىڭدىن) ساقلان،
ھارام (بىلەن) كۆڭۈل قارىداپ كېتىدۇ، (بۇنى) چوڭقۇر چۈشەن.
5348 ساقىنۇق بولايىن تەسە، ئاي كۈلۈگ،
ھەلال يە، ھەلالدىن كۆتۈرگىل ئۈلۈگ.
ئەي شۆھرەتلىك، تەقۋادار بولاي دېسەڭ،
ھالال مەئىشەت قىل، ھالالدىن رىزىق تاپ.
5349 نەگۈ تەر ئەشتكىل ھەلال يەگلى ئەر،
ساقىنۇق باشى چىن ھەلال تەگلى ئەر.
ھالال مەئىشەت قىلغان، تەقۋادارلىقنىڭ بېشى ھالاللىق
دەپ بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
5350 ھەلال يەگلى قىلماز باياتقا يازۇق،
ھەلال يە، ھەلال قىل يارىنلىق ئازۇق.
ھالال مەئىشەت قىلغان (كىشى) خۇدا ئالدىدا گۇناھ قىلمايدۇ.
ھالال مەئىشەت قىل، ئەتىلىك ئوزۇقۇڭنىمۇ ھالاللىق بىلەن تەييارلا!
5351 كىمىڭ بوغزى، ئەگنى بار ئەرسە ئارىغ،
ئارىدى ئانىڭدىن يازۇقى ئارىغ.
كىمنىڭ گېلى ۋە ئەگنى پاك بولسا،
ئۇ گۇناھتىنمۇ پۈتۈنلەي پاك بولىدۇ.
5352 ئارىغلىق تىلەسە ئارىتغىل بوغۇز، A152
ئارىتسا بوغۇز بولدى ئاسغىڭ ئۆگۈز.
پاك بولۇشنى خالىساڭ، گېلىڭنى تازىلا،
گېلىڭ پاك بولسا، پايداڭ دەريا(دەك) بولىدۇ.
5353 ئۆزۈك ئاسغى قولما، بودۇن ئاسغى قول،
بودۇن ئاسغى ئىچرە ئۆزۈك ئاسغى ئول.
ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى ئىزدىمە، خەلق پايدىسىنى ئىزدە،
سېنىڭ پايداڭ خەلق پايدىسى ئىچىدە بولىدۇ.
5354 نەگۈ تەر ئەشتكىل ئۇلۇغ كەند بەگى،
قامۇغ ئىش ئىچىندە يەتۈرمىش ئۆگى:

هەر تۈرلۈك ئىشلارنى (قىلىپ) ئەقلى يېتىلگەن،
ئۇلۇغ كەنت بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5355 «قۇت ئول بەگ، بودۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قۇتادسا بودۇن قارنى تودغۇ كەرەك.

«بەگ سائادەت دېمەكتۇر، خەلققە سائادەت (كەلتۈرۈشى) كېرەك،
سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش كېرەك.

5356 بۇ بەگلەر تەڭىز ئول تۈپى يىنچۈلۈگ،
تەڭىزكە ياغۇغلى بايۇغۇ كەرەك».

بەگلەر تۈۋى ئۈنچىگە تولغان دېڭىزدۇر،
دېڭىزغا يېقىنلاشقانلار بېيىشى كېرەك».

5357 بۇ بەگلەر تاغ ئول، كانى ئالتۇن، كۈمۈش،
كۈمۈش كان قازىغلى بايۇر ئول ئۆكۈش.

بەگلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش كانى (بولغان) تاغدۇر،
كۈمۈش كانىنى قازغانلار كۆپ باي بولىدۇ.

5358 ئاسىغلىغ كەرەك بەگ، كۆر، ئەلگى ئاقى،
ئاژۇن بودنىڭا تەگسە ئاندىن توقى.

قارا، بەگلەر پايدىلىق، سېخىي بولۇشى كېرەك،
دۇنيا خەلقى ئۇنىڭدىن توقلۇق تېپىشى كېرەك.

5359 ياشىقتەك يارۇغىل، ئاي ئەلچى بۆگۈ، B385
بودۇن بۆلسۇ سەندىن، كۆر، ئىچگۈ ـ يەگۈ.

ئەي ئەل ھۆكۈمدارى، قۇياشتەك يورۇق بول،
خەلق سېنىڭ (سايەڭدە) يېمەك ـ ئىچمەككە ئىگە بولسۇن.

5360 ئەمانەت يۈدۈردى بايات بوينۇڭا،
كۈدەز بۇ ئەمانەت، ئايىتغا ساڭا.

خۇدا بوينۇڭغا ئامانەت يۈكلىدى،
بۇ ئامانەتنى قوغدا، دەپ (ساڭا) ئېيتتى.

5361 ئاي ئەلىگ، باقا كۆر سەن ئۆزگە كۆزۈن،
بىر ئۆزگە نەچە نەڭ تەرەرسەن ئۆزۈن؟

ئەي ئەلىگ، سەن ئۆزۈڭگە (باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن) قاراپ باق،
بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانچىلىغان نەرسىلەرنى توپلىدىڭ؟

C 320

5362 تەڭىزدەكى گەۋھەر تۇگەمەز ساڭا،
تۇپىندەكى يىنچۇ تۇيۇماز ساڭا.
سەن ئۇچۇن دېڭىزدىكى گۆھەرمۇ تۇگىمەيدۇ،
(دېڭىز) تۇۋىدىكى ئۇنچە (مەرۋايىتلارمۇ) يەتمەيدۇ.

5363 ياغىز يەر قاتىنداقى ئالتۇن، كۇمۇش
تەرەرسەن، خەزىنە ئۇرۇرسەن ئۆكۇش.
بوز يەر تېگىدىكى ئالتۇن ـ كۇمۇشنى
خەزىنەڭگە يىغىسەن، كۆپلەپ توپلايسەن.

5364 بۇ تاغلار قاتىندا چىقار گەۋھەرىغ،
قازىپ يەترۇمەزلەر ساڭا، ئاي ئارىغ.
تاغلارنىڭ تېگىدىن چىقىدىغان گۆھەرلەرنى
كولاپ ساڭا يەتكۇزگىلى بولمايدۇ، ئەي پاك (زات).

5365 ياغىز يەر ئۇزەلە ئۆنۇگلى ئەۋىن
تەرىپ سەن تولۇلارسەن قازناق ئەۋىن.
بوز يەر ئۇستىدە ئۇنىدىغان دانلارنى
يىغىپ، سەن خەزىنە ـ قازناقلارنى تولدۇرىسەن.

5366 ئۇچۇغلى، يورىغلى، سۇۋ ئىچرە بالىق،
قۇتۇلماز سەنىڭدىن، ئايا سارىپ قىلىق.
ئۇچار (قۇشلار)، ماڭغۇچى (مەخلۇقلار)، سۇدىكى بېلىقلار
سەندىن قۇتۇلالمايدۇ، ئەي پەيلى قاتتىق!

5367 ئاژۇن تەزگىنۇر ئەلدە ئارقىش يورىپ،
ئاغى، چۇز، تەيىڭ، كىش ئالىرسەن تەرىپ.
كارۋانلىرىڭ ئەلمۇئەل يۇرۇپ، دۇنيا كېزىدۇ،
تاۋار ـ دۇردۇن، تىيىن، سۆسەرلەرنى توپلايسەن.

5368 قەسەب، توزى رۇمىي، ئاژۇن تاڭسۇقى
ساڭا كەلسە، تولماز ئاغى قازناقى.
ھىندى شايىسى رۇمنىڭ كىمخابلىرى، دۇنيانىڭ نادىر (نەرسىلىرى)
ساڭا كەلسىمۇ، خەزىنە ـ قازنىقىڭ تولمايدۇ.

5369 كەۋەل تازى، بۇكتەل، تاغى ئارقۇنى
ئاقۇر تولدى، تولماز بۇ سۇقلۇق قانى.

ئەرەب ئارغىمىقى، ئېسىل تۇلپارلار بىلەن
ئېغىل، ئوقۇرۇڭ تولدى، كۆز ـ قارنىڭ تويدىمۇ، قېنى؟

5370 تەرىلدى تۇمەن مىڭ تالۇ كۆپ تىتىر،
يازىدا قالىن يوند، ئاقۇردا قاتىر.
تۇمەننىمىڭلىغان خىل تۆگىلەرنى توپلىدىڭ،
يايلاقلىرىڭدا سانسىز ئاتلار، ئوقۇرلاردا قېچىرلار تۇرۇپتۇ.

5371 يازى، تاغ يەرىگ تۇت يورىر قوي سۇرۇك،
يا قۇل ـ كۇڭ، تاپۇغچى، ئاي قىلقى ئۇرۇگ.
قوي پادىلىرى تاغ ـ ئوتلاقلاردا يامراپ كەتتى،
قۇل، كېنىزەك، خىزمەتچىلەرمۇ (نۇرغۇن)، ئەي ئاق كۆڭۈل.

5372 يا قۇزدا يورىغلى قالىن كۆپ قۇتۇز،
يا تۇزدە يورىغلى ئۇد، ئىڭەك، ئۆكۈز.
تەسكەي تەرەپتە سانسىز قوتازلىرىڭ (يايلاپ) يۈرىدۇ،
ۋادىلاردا (بولسا) بۇقا، ئىنەك، ئۆكۈزلىرىڭ (ئوتلاپ) يۈرىدۇ.

5373 قايادا يورىغلى بۇ ئىمغا، تەكە
قۇتۇلماز سەنىڭدىن، ئاي ئەرسىگ بۆكە.
قىيالاردا يۈرىدىغان تاغ ئۆچكىلىرى، تېكىلەرمۇ
سېنىڭدىن (قېچىپ) قۇتۇلالمايدۇ، ئەي مەرد پالۋان.

5374 سىغۇن مۇيغاق ئەرسە سۇقاق، يا ئىۋىق،
ساڭا يەم تۇگەمەز، ئاي ئەدگۇ قىلىق.
ئارقار، جەرەن، بۇغا ـ مارااللار بولمىسۇن،
(ھەممىسى) ساڭا تۇگىمەس ئوزۇقتۇر، ئەي خۇش پېئىل.

5375 قۇلان، يا تاغى تۇت، تاقى كۆك تەكە
تۇتۇپ كەلدۇرۇرلەر، ساڭا ئاي بۆكە.
قۇلان ۋە ئايغىر ياكى كۆك تېكە بولسۇن،
(ھەممىسىنى) تۇتۇپ ساڭا ئەكېلىدۇ، ئەي باتۇر.

5376 بۆرى تىلكۇ، ئارسلان، ئادىغ يا توڭۇز،
سەنىڭدىن قۇتۇلماز، ئۆلۈر ئاۋدا تۇز.
بۆرە، تۈلكە، ئارسلان، ئېيىق ياكى توڭگۇز
سېنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، ھامان ئوۋىڭدا ئۆلىدۇ.

B386

5377 قۇغۇ، قورداي ئەرسە، يا تۇرنا، يۇغاق،
يا توي تۇت، يا يۇگدىك، يا تودلىچ، يا قاق،
تۇرنا، قوداي، ئاق قۇ ياكى ئۆردەك،
لەگلەك، كەكلىك، بۆدۇنە ياكى غاز بولسۇن؛

5378 قالىقتا ئۇچۇغلى قارا قۇش يورى،
سەنىڭدىن كەچۇمەز، ئايا كۆك بۆرى.
ئاسماندا ئۇچىدىغان قارا قۇشلار توپى
سېنىڭدىن قۇتۇلۇپ (ئۇچالمايدۇ)، ئەي كۆك بۆرە.

5379 ئۇچارىغ ئۇچۇرماز سەنىڭ قۇشلارىڭ، C 321
يورىرىغ يورىتماز، كۆر، ئەسرىڭ ـ ئىتىڭ.
سېنىڭ (ئوۋ) قۇشلىرىڭ ئۇچار قۇشلارنى ئۇچقۇزمايدۇ،
ئىتلىرىڭ ماڭىدىغانلارنى ماڭغۇزمايدۇ.

5380 ئاتالىغ ئاتاسىز قالىر يالڭۇزۇن،
ئانالىغ ئاناسىز بولۇر ئۆگسۇزۇن.
ئاتىلىقلار ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالىدۇ،
ئانىلىقلار ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالىدۇ.

5381 بۇ مۇنچا ئاژۇن بارچا پۇترۇ ساڭا
تۇگەمەز، تۇگەرسەن، ئاي كۇچلۇگ توڭا.
شۇنچىۋالا دۇنيانىڭ ھەممىسى پۇتۇنلەي ساڭا يېتىشمەيدۇ،
(بۇلار) تۈگىمەيدۇ، ئۆزۈڭ تۈگەپ كېتىسەن، ئەي قۇدرەتلىك باتۇر.

5382 قامۇغ بىر بوغۇزقا، ئەگىنگە بولۇپ،
ئاژۇن بارچا تەردىڭ، قودۇرسەن ئۆلۇپ.
پەقەتلا بىر گېلىڭ، بىر ئەگىنىڭنى دەپ،
دۇنيانىڭ بارچە (نەرسىلىرىنى) توپلىدىڭ، ئۆلسەڭ تاشلاپ كېتىسەن.

5383 نەگۇ ئاسغى ئاخىر ئاژۇن تەردۇكۇڭ؟
ئەجەل جان تەرەر، كۆر، ئۆزەر بۇ كۆكۈڭ.
دۇنيا توپلىشىڭنىڭ ئاقىۋەت پايدىسى نېمە؟
قارا، ئەجەل جېنىڭنى ئالىدۇ، يىلتىزىڭنى قىرقىدۇ.

5384 كۆرۈ بارسا بارچا بۇ سۇقلۇق تۇرۇر،
سۇقۇن ئاچىش ئۆزلەر قاچان توق بولۇر.

نەزەر سالساڭ، بۇنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆزلۈكتۇر،
ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىرقىغان شەخسلەر قاچان تويغان؟

5385 نەگۈ تەر ئەشتكىل كۆزى توق كىشى، A 153
بۇ كۆز توقلۇقى ئول بۇ بايلىق باشى.

كۆزى توق كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كۆزى توقلۇق بايلىقنىڭ بېشىدۇر:

5386 ئاژۇن پۈترۈ بۇلسا كۆزى سۇق تۈگەل،
ئانى باي تەسە بولماغاي، بۇ مۇھال.

ئاچ كۆز (كىشى) پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ،
ئۇنىڭ باي بولۇشى ناتايىن.

5387 چىغاي تەپ ئايۇرلار قايۇ ئول چىغاي،
كۆزى سۇق چىغاي ئول، نەچە ئەرسە باي.

«كەمبەغەل» دېيىشىدۇ، بۇ كەمبەغەل كىم؟
قانچىلىك باي بولسىمۇ كۆزى ئاچ كەمبەغەلدۇر.

5388 كۆزى سۇق كىشگە بايۇپ ئاسغى يوق،
سۇقۇغ يارلىقاغىل، ئايا كۆڭلى توق.

ئاچ كۆز كىشىگە باي بولۇشتىن پايدا يوق،
ئەي كۆڭلى توق، ئاچ كۆزلەرگە ئىچىنغىن.

5389 كۆزى سۇققا تۈتمەز بۇ دۇنيا پۈتۈن، B 387
بارى تاپ تەگۈچى تىرىلدى قۇتۇن.

ئاچ كۆز كىشىگە پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ،
بارىغا قانائەت قىلغۇچى بەخت (ئىچىدە) ياشايدۇ.

5390 كۆزى سۇق كىشى نەڭگە تودماز كۆزى،
مەگەر تولماغىنچا قارا يار توزى.

قارا تۇپراق كۆز (چانىقىنى) تولدۇرمىغۇچە،
ئاچ كۆز كىشىنىڭ مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمايدۇ.

* * *

5391 بۇ ئەردى، ئاي ئەلىگ، مەنىڭ بىلمىشىم،
ساڭا سۆزلەدىم مەن نەگۈ ئۇقمىشىم.

ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇ ئىدى،
نېمىنى چۈشەنگەن بولسام شۇنى ساڭا ئېيتتىم.

5392 مۇنۇ سۆزلەدىم سۆز، ئەشىتتى ئۆزۈڭ،
يەتە باقسا كۆڭلۈڭ ئاچىلغا كۆزۈڭ.
بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
(تېگىگە) يەتسەڭ كۆڭلۈڭ، كۆزۈڭ ئېچىلغاي.

5393 سۆزۈم تۇتسا ئاسغى يارىن تەگگەيئۆك،
قالى تۇتماسا سەن، ساڭا بولغا يوك.
سۆزۈمنى تۇتساڭ، پەقەت كەلگۈسىدە پايدىسى تېگىدۇ،
ئەگەر تۇتمىساڭ، ساڭا بىر يوك بولۇپ قالىدۇ.

5394 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ تىلى،
ساڭا ئۆتلەر ئەمدى ئەشىتسە قالى:
ئەقىللىك تىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەگەر ئاڭلىساڭ، ساڭا بىر نەسىھەت بولىدۇ:

5395 «نەسىھەت كىشىگە قىلۇر ئول تۇسۇ، C322
نەسىھەت تەگۈلە، تىلەسە يەسۇ.
«نەسىھەت كىشىگە پايدا كەلتۈرىدۇ،
نەسىھەتنى ئۈلەشتۇر، بىلگۈچىلەر ئالسۇن.

5396 قالى بۇ تەگۈنى يەيۇ بىلمەسە،
قاتىلما، قودۇ بەر، كۆيەر ئوت يەسۇ».
ئەگەر بېرىلگەن (نەسىھەتنى) ئاڭلىمىسا،
ئارىلاشما، (مەيلىگە) قويۇۋەت، يېنىپ تۇرغان ئوتنى (تۇتسۇن)».

ئەلىگ جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5397 بۇ سۆزلەر ئەشىتتى ئەلىگ يىغلادى،
ئايۇر: ئاي ئۆدۈرمىش كىشىدە كەدى.
ئەلىگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلىدى،
دېدىكى: ئەي (غەپلەتتىن) ئويغاق، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى،

5398 مەڭلىگ سەن ئەمدى، ئاي كۆڭلى ئودۇغ،
بۇ بەگلىگ ماڭا بولدى ئەمدى يودۇغ.
ئەي دىلى سەگەك، سەن ئەمدى پاراغەت بىلەن (ياشاۋاتىسەن)،
بۇ بەگلىك مەن ئۈچۈن بىر پالاكەت بولدى.

5399 مەن ئەمدى بىلىندىم، ئاچىلدى كۆزۈم،
مەنى ئوتقا ئاتمىش مەنىڭ بۇ ئۆزۈم.
ئەمدى مەن چۈشەندىم، كۆزۈم ئېچىلدى،
ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئوتقا تاشلاپتىمەن.

5400 كۆنىلىكتە ئازمىش ئۆزۈم، ئاي ئۇلۇغ،
ئايۇ بەردىڭ ئەمدى كۆنىلىك يولۇغ.
مەن توغرا (يولدىن) ئادىشىپتىمەن،
ماڭا توغرىلىق يولىنى ئېيتىپ بەردىڭ.

5401 دۇئا قىل، ئاي ئودغۇرمىش، ئەمدى ماڭا،
بايات بەرسۇ تەۋفىق، كۆر، ئەدگۇ ياڭا.
ئەي ئودغۇرمىش، ئەمدى ماڭا دۇئا قىل،
ياخشىلىق يولىدا خۇدا ماڭا تەۋپىق بەرسۇن.

ئودغۇرمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5402 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: ئاي بەگ، B 388
بايات بەرسۇ تەۋفىق تىلەكىڭگە تەگ.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
خۇدا (ساڭا) تەۋپىق بەرسۇن، تىلىكىڭگە يەت.

5403 قاتىغلان، ئۇقۇش بىرلە باسغىل هەۋا،
هەۋاقا باسىقسا بولۇر ئەر ياۋا.
ئەقىل بىلەن غەيرەت قىلىپ، هاۋايى ـ هەۋەسنى باسقىن،
هاۋايى ـ هەۋەسكە بېرىلسە، كىشى بىكارچى بولۇپ كېتىدۇ.

5404 سەنى ئالقتاچى بۇ ئەت ئۆز تاتغى ئول،
ئەت ئۆز قىلقى بارچا ساڭا قاتغى ئول.

سېنى تۇگەشتۇرگۇچى ۋۇجۇدۇڭنىڭ لەززىتىدۇر،
ۋۇجۇدۇڭنىڭ قىلمىشى ساڭا بويسۇنماسلىقتۇر.

5405 ئەدى كەچكى دۇنيا تۇرۇر بۇ قارى،
تەلىم بەگ كەچۇردى بۇ قىلقى تۇرى.

بۇ دۇنيا كونا، ناھايىتى قېرىدۇر،
ئاچچىق قىلىقلىرى بىلەن تالاي بەگلەرنى نابۇت قىلدى.

5406 تەلىم بەگ قارىتتى سەنىڭتەك ئەرىگ،
سەنىمە ئۇزۇن تۇتماغاي بۇ تىرىگ.

سېنىڭدەك مەرد بەگلەردىن تالايلىرىنى قېرىتتى،
(بۇ دۇنيا) سېنىمۇ ئۇزاق ياشاتمايدۇ.

5407 ئولار باردى، قالدى ساڭا بۇ ئورۇن،
ياۋا قىلما ئۆد كۇن كەرەكىڭ كۆرۇن.

ئۇلار كېتىپ، بۇ ئورۇن ساڭا قالدى،
ۋاقىت، كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، ھازىرلىق قىلىپ قوي.

5408 ئۆلۇمۇگ ئۇنىتما، ئاي ئەلىگ، ئودۇن،
سەزىك تۇتما، كەلگەي ساڭا تەرك ئۆدۇن.

ئەي ئەلىگ، ئۆلۇمۇڭنى ئۇنتۇما، ئويغان،
شۇبھىلەنمە، ساڭىمۇ (ئۆلۇم) پەيتى تېز كېلىدۇ.

5409 ئۆزۇڭنى ئۇنىتما، ئاي ئەلىگ، ساقىن،
قالى ئۆز ئۇنىتسا تۇپۇڭگە باقىن.

ئەي ئەلىگ، ئۆزۇڭنى ئۇنتۇما، ئويلان،
ئەگەر ئۆزۇڭنى ئۇنتۇساڭ، ئەسلىڭگە نەزەر سال.

5410 بۇ ئىككى نەڭىگ كىم ئۇنىتسا قالى،
ئانىڭدىن يىرادى كۆنىلىك يولى.

ئەگەر بۇ ئىككى نەرسىنى كىم ئۇنتۇسا،
ئۇ توغرا يولدىن يىراقلىشىدۇ.

5411 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۆزىن بىلمىش ئەر، C323
ھەۋاسىن ئۇقۇشقا بۇلۇن قىلمىش ئەر:

ئۆزىنى چۈشەنگەن، ھەۋەسنى ئەقىلگە بويسۇندۇرغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5412 «ئۆلۈمۈگ ئۈنىتما، گۆرۈڭ يۈرتۈڭ ئول،
ئۆزۈڭنى ئۈنىتما، ساۋى يۈرتۈڭ ئول.
«ئۆلۈمۈڭنى ئۈنتۇما، گۆر (سېنىڭ مەڭگۈلۈك) يۇرتۇڭدۇر،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما دېگەن سۆزنى ھەر دائىم ئەستە تۇت!

5413 مەندىن تۆرۈمىش ئۆزۈڭ مەن تەمە،
ئۆزۈڭ: مەن تەسە، ئاي: ئۈنۈ ئورنۈڭ ئول».
سەن مەنىيدىن تۆرەلگەن ‹مەن› دەپ (ماختانما)،
ۋۇجۇدۇڭ ‹مەن› (دەپ ماختانسا)، ئەنە سېنىڭ ‹ئورنۇڭ› دەپ ئېيت!»

5414 يۈسۈغدا تۇرۇر بۇ، كۆرۈنمەز ئۆلۈم،
چىقا تۈشسا ھەرگىز ئۈنىتماز يولۇم.
بۇ ئۆلۈم يىستىرىمدا تۇرىدۇ، كۆرۈنمەيدۇ،
(ئالدىڭغا) كەلمەكچى بولسا، ھەرگىز ئادىشىپ قالمايدۇ.

5415 تىرىگكە ئادىن ھىچ يوق ئەرسە قىيىن،
تاپ ئەردى بۇ ئاچىغ، ئۆلۈمگە باقىن.
تىرىك (ئادەم) ئۈچۈن باشقا ھېچقانداق قىيىنچىلىق بولمىغاندىمۇ،
پەقەت بۇ ئاچچىق ئۆلۈمگە نەزەر سېلىش كۇپايە ئىدى.

5416 تاپ ئەردى يانا بۇ ئۆلۈمدە باسا، B389
قارا يەر قاتىندا ئۆلۈپ ئوپراسا.
ئۆلگەندىن كېيىن، قارا يەر قېتىدا
چىرىپ يېتىشنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى.

5417 ئانىڭدا باسا، كۆر، نەچە ئىشلەر ئول، A154
ئانى بارچا كۆرگۈ ئۆلۈم ئاچسا يول.
ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر نەچچە ئىش باركى،
ئۆلۈمگە يول ئېچىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرىسەن.

5418 بۇ ھالىغ بىلىردە ئۇقۇشلۇغ كىشى،
نەگۈتەك ئۈدىر ئىنچ، نەتەك يەر ئاشى.
بۇ ھالنى بىلىدىغان ئەقىللىك كىشى
قانداقمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ، قانداقمۇ مەئىشەت قىلىدۇ؟

5419 نەگۈ تەر ئەشتكىل بىلىك بەرگۈچى،
بىلىك بىرلە ھىممەت ئۇلۇغ تۇتغۇچى:

بىلىم بەرگۈچى، بىلىم بىلەن
ھىممىتىنى يۈكسەك تۇتقۇچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5420 بەدۈك تۇت بۇ ھىممەت، ئەدىز تۇت كۆڭۈل،
قودۇ بەر بۇ دۇنيا، مۇنىڭدىن تۆڭۈل.
ھىممىتىڭنى بۈيۈك قىل، كۆڭلۈڭنى يۈكسەك تۇت،
بۇ دۇنيانى تاشلا، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.

5421 تۇنەك ئول بۇ دۇنيا، ئىچىئوق يىلان،
مۇنى قود، يارۇق، چىن ئازۇنقا ئۇلان.
بۇ دۇنيا زىنداندۇر، ئۇنىڭ ئىچى يىلانغا تولغان،
بۇنى تاشلا، ھەقىقىي يورۇق دۇنياغا يېتىشكىن.

5422 سۈزۈك جان كەپى بۇ قارا يەر تۈغى،
قارا يەر كەپ ئۆرتنۈر، ئاي قىلقى ئاغى.
پاك جانىڭ قېپى قارا يەر باغرىدۇر،
(سەن) قارا يەر قېپىغا كىرگۈچى، ئەي سېخىي.

5423 بۇ دۇنيا تۇنەك ئول، قاراڭقۇ قۇدۇغ،
بەلا، مىھنەت ئول بارچا مۇندا يودۇغ.
بۇ دۇنيا قاراڭغۇ قۇدۇققا (ئوخشاش) زىنداندۇركى،
بالا ـ قازا، جاپا ـ مۇشەققەت ھەممىسى بۇ يەرگە توپلانغان.

5424 نە ئىنچلىك تىلەرسەن تۇنەكتە تۇرۇپ؟
نە ئارزۇ قولۇرسەن كۆڭۈل ئۆگ ئۇرۇپ؟
زىنداندا تۇرۇپ قانداقمۇ راھەت كۆرەلەيسەن؟
كۆڭلۈڭنى، ئەقلىڭنى بېرىپ نىمىنى ئارزۇ قىلىسەن؟

5425 قودۇ بەر ئاۋۇتچا قارا توپراقىغ،
ئۇلۇغ، مەڭۇ ئەل قول، نەرەك بۇ ساقىغ؟
(بۇ) بىر ئۇچۇم قارا تۇپراقنى تاشلا،
ئۇلۇغ، مەڭگۇ ماكاننى ئىزدە، سەراپىنىڭ نىمە ھاجىتى؟

5426 بۇ توغ توز، تۇماندىن ئۆرۈ ئارت ئۆزۈك،
سۈزۈگ، مەڭۇ ئەل قول، سەن ئاچغىل كۆزۈك.
بۇ چاڭ ـ توزان، تۇماندىن ئۆزۈڭنى يۇقىرى تۇت،
پاك، مەڭگۈلۈك ماكاننى ئىزدە، كۆزۈڭنى ئاچ!

C 324

5427 نەچە مىڭ ياشاسا سەن ئاخىر ئۆلۈم،
يەتەرئۆك، تۇتارئوق سەنى، ئاي كۇنۇم.
(سەن) مىڭ يىل ياشىساڭمۇ (بەرىبىر) ئۆلىسەن،
ئەي كۇنۇم، (ئۆلۈم) بىر كۈنى كېلىپ (ياقاڭدىن) تۇتىدۇ.

5428 نەچە ئارتسا دۇنيا باش ئاغرىغلارى
تاقى ئارتۇق ئارتار، ئاي ئەرسىگ ئۇرى.
مال ـ دۇنيا قانچىلىك كۆپەيسە،
(ئۇنىڭ) باش ئاغرىقىمۇ شۇنچىلىك كۆپىيىدۇ، ئەي مەرد ئوغلان.

5429 نەچە مىڭ ياشاپ ئەر تىلەسە تىلەك،
تۇگەلئۆك بولۇماز بۇلۇنسا تىلەك.
كىشى نەچچە مىڭ (يىل) ياشاشنى ئارزۇ قىلسىمۇ،
ئارزۇ ۋە ئېھتىياجلىرىغا تامامەن ئېرىشەلمەيدۇ.

5430 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، ئاي قىلقى ئارىغ،
بۇ ئۆدلەك ئوقى بىرلە كۆڭلى بالىغ:
بۇ زامان ئوقىدىن كۆڭلى يارىلانغان كىشى،
نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي ئاق كۆڭۈل:

5431 «تۇگەل مىڭ ياشاسا تىلەكىن تەمام، B390
تۇگەلئۆك بۇلۇماز كەرەكىن تەمام.
«(كىشى) پۇتۇن ئارزۇسىغا يېتىپ، تولۇق مىڭ (يىل) ياشىسىمۇ،
ئېھتىياجلىق (نەرسىلەرگە) تامامەن ئېرىشەلمەيدۇ.

5432 تىلەكىن تىلەگلى تۇگەلىن تىلەر،
تىلەكىن تۇگەتسە، تۇگەر چىن تەمام».
ئارزۇ قىلغۇچى (ھەممىنىڭ) تەل بولۇشىنى تىلەيدۇ،
تىلىكى تەل بولغاندا، (ئۆزىمۇ) ھەقىقەتەن تۇگەيدۇ».

5433 سۆز ئاسغى ئول ئەرمەز ئۆكۇش سۆزلەسە،
يا سۆزنى تاڭىرقاپ ئۆكۇش تىڭلاسا.
سۆزنىڭ پايدىسى كۆپ سۆزلەشتە ياكى
سۆزنى تىڭىرقاپ، كۆپ ئاڭلاشتا ئەمەس.

5434 سۆز ئاسغى ئول ئول، كۆر، ئەشىتمىش سۆزۇگ
ئالىپ ئىشكە تۇتسا، كۆنىتسە ئۆزۇگ.

سۆزنىڭ پايدىسى شۇكى، ئاڭلىغان سۆزۈڭنى
(كۆڭۈلدە) تۇتۇپ، ئەمەل قىل (ۋە) ئۆزۈڭنى توغرا يولغا سال.

*　　*　　*

5435 ئۆكۈش سۆزلەدىم سۆز، ئەشىتتىڭ تۈگەل،
سۆزۈم ئىشكە تۇتغىل، ئانىڭ ئاسغى ئال.
(مەن) كۆپ سۆزلىدىم، (سەنمۇ) تامامەن ئاڭلىدىڭ،
سۆزۈمگە ئەمەل قىل، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆر.
5436 تىلىم تىدنۇمادى، تەلىم سۆزلەدى،
سۆزۈم ئەكسۈمەدى، سۈۋى ئەكسۈدى.
تىلىم (ئۆزىنى) تۇتالمىدى، كۆپ سۆزلەپ (قويدى)،
سۆزۈم كېمەيمىدى، (لېكىن) ئېتىبارى كېمەيدى.
5437 بايات بەرسە تەۋفىق ساڭا، ئاي ئەلىگ،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە تەگۈرگىل ئەلىگ.
ئەي ئەلىگ، خۇدا ساڭا تەۋپىق بەرسۇن،
كۆپ ياخشىلىقلارغا قول يەتكۈزگىن.
5438 تىلەك بەرسۇ تەڭرى، كۈدەزسۇ سەنى،
دۇئادا ئۇنىتما، ئاي ئەلىگ مەنى.
تەڭرىم تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، (سېنى) قوغدىسۇن،
ئەي ئەلىگ، مېنىمۇ دۇئادا ئۇنتۇپ قالمىغىن.

*　　*　　*

5439 سۆزىن كەستى، قوپتى ئاداقىن ئۆرۈ،
ئەلىگ تىدتى ئايدى: ئاز ئولدۇر تەيۇ.
(ئودغۇرمىش) سۆزىنى تۈگەتتى (ۋە) ئۆرە تۇردى،
ئەلىگ (ئۇنى) تۇتۇپ، ئازراق ئولتۇرغىن، دېدى.
5440 چىقاردى يەگۇ ـ ئىچگۇ تۇرلۇگ ئاشى،
ئايۇر ئازقىنا تات، ئاي ئەدگۇ كىشى.
يېمەك ـ ئىچمەك كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك غىزالارنى قويدى،
«ئازغىنا تېتىپ باق ئەي ياخشى كىشى» دېدى.

5441 ئەلىگ سۈندى، ئۇدغۇرمىش ئالدى تەگۈ،
يەدى - ئىچتى ئازراق، ئول ئىچگۈ - يەگۈ.
ئۇدغۇرمىش قولىنى ئۇزارتىپ، تىگىشلىكىنى ئالدى،
يىمەك - ئىچمەككە ئازراق ئېغىز تەگدى.

5442 ئەلىگ تارتتى ئاشتىن، يەمەدى ئادىن،
شۈكۈر قىلدى رەبقە، ئاتادى ئاتىن.
ئاندىن، تاماقتىن قولىنى تارتىپ (ئارتۇقچە) يىمىدى،
(ئاللاناڭ) نامىنى ئاتاپ، رەببىگە شۈكۈر قىلدى.

* * *

5443 ئۈرۈ تۇردى ئۇدغۇرمىش، ئايدى سەلام، C325
ئەلىگمە يانۇت بەردى، قىلدى قىيام.
ئۇدغۇرمىش ئورنىدىن قوپۇپ، سالام قىلدى،
ئەلىگمۇ (سالىمىغا) جاۋاب بېرىپ ئورنىدىن تۇردى.

5444 تۇرۇپ چىقتى ئۇدغۇرمىش ئاندىن يورىپ،
ئۇدۇ چىقتى ئەلىگ ئۇزاتۇ بارىپ.
ئۇدغۇرمىش ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى،
ئەلىگ كەينىدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

5445 ئەسەنلەشتى ئەلىگ بىلە ئول كۆرە،
ئەلىگلەشتى، قالدى ئەلىگ قادغۇرا.
ئەلىگ بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى،
قول ئېلىشتى، ئەلىگ قايغۇرغان (ھالدا) قالدى.

* * *

5446 تۇرۇپ باردى ئاندىن يانا تاغ تاپا، B391
قاداشى ئۇدۇ باردى ئەلگىن ئۇپە.
ئۇ يەردىن يەنە تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى،
قېرىنداشى (ئۇنىڭ) قولىنى سۆيۈپ، خېلىغىچە بىللە ماڭدى.

5447 ئەۋۈردى قاداشىن، كۆر، ئۇدغۇرمىشا،
ئەسەنلەشتى ياندى، كۆر، ئۆگدۈلمىشە.

ئودغۇرمىش قىرىندىشىنى قايتۇرۇۋەتتى،
ئۆگدۈلمىشمۇ خوشلىشىپ يېنىپ كەلدى.

5448 ئەۋىگە كەلىپ كىردى كۆڭلى قوقۇز،
ساقىنچ ـ قادغۇ بىرلە ئۇدىتمادى كۆز.
كۆڭلى يېرىم (بولغان) هالدا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى،
غەم ـ قايغۇ بىلەن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

*　　*　　*

5449 توغاردىن ياشىق باش كۆتۈردى ئۆرۈ، A155
قۇغۇ قىرتىشى بولدى دۇنيا تولۇ.
شەرقتىن قۇياش باش كۆتۈرۈپ ئۆرلىدى،
دۇنيا تولۇق ئاق قۇ رەڭگىگە كىردى.

5450 ياشىق قوپتى، كۆگىسىن كۆتۈردى ئۆرۈ،
ئاژۇن تولدى كافۇر ساچارتەك تولۇ.
قۇياش (ئورنىدىن) قوپۇپ، كۆكسىنى ئېگىز كۆتۈردى،
پۈتۈن دۇنيا كافۇر (تۈسى) گە كىردى.

5451 فەرىشتە يۈزى تەگ يارۇدى ئاژۇن،
قالىق بولدى كافۇر ساچار تەگ يۈزۈن.
دۇنيا پەرىشتە يۈزىدەك نۇرلاندى،
ئاسمان يۈزى كافۇر چېچىلغاندەك بولدى.

*　　*　　*

5452 يانا قوپتى تەركىن تۆشەكتىن تۇرۇپ،
ما يۇندى يۇكۇندى كۆڭۈل تۈز ئۇرۇپ.
(ئۆگدۈلمىش) يەنە تۆشەكتىن قوپتى،
تاهارەت ئېلىپ، پاك كۆڭۈل بىلەن ناماز ئوقۇدى.

5453 تونىن كەدتى، ئاتلاندى ئەۋدىن كۆرە،
يانا قارشىقا باردى ئاندىن كۆرە.
تونىنى كىيىپ، ئاتلىنىپ ئۆيدىن چىقتى،
ئۇ يەردىن سارايغا قاراپ ماڭدى.

5454 تۇشۇپ كىردى قارشى ئىچىڭە يورىپ،
ئوقىدى ئەلىگ، بۇ كۆرۈندى كىرىپ.
(ئېتىمدىن) چۇشۇپ، ساراي ئىچىگە كىردى،
ئەلىگ (ئۇنى) چاقىردى، ئۇ كىرىپ ئەلىگكە كۆرۈندى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5455 ئايىتتى ئەلىگ ئاشنۇ ئودغۇرمىشىغ،
نەچە قالمىشىغ هەم قاچان بارمىشىغ.
ئەلىگ ئاۋۋال ئودغۇرمىشنى سورىدى،
قانچىلىك تۇرغىنىنى ۋە قاچان كەتكىنىنى سۈرۈشتە قىلدى.

5456 يانا ئايدى ئەلىگ: ئاي ئۆگدۈلمىشىم،
ئاچىغ بولدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم.
ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ئەمدى مېنىڭ يېگەن ئېشىم زەهەر بولدى.

5457 نەگۈتەك تىرىلگۇ بۇ كۈندە نارۇ،
چۆكۈپ باردى ئەگنىم، قوپۇماز ئۆرۈ.
بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشىشىم كېرەك،
قەددىم پۈكۈلدى، ئەمدى دەس تۇرالمايمەن.

5458 نەرەك ئەمدى بەگلىك بۇ يالڭۇق يۈكى،
بۇ قادغۇ ساقىنچ ئۈزدى كۆڭلۈم كۆكى.
ئەمدى بەگ بولۇشنىڭ، خەلق يۈكىنى كۆتۈرۈشنىڭ نېمە هاجىتى؟
بۇ قايغۇ ـ ئەندىشىلەر دىلىمنى ۋەيران قىلدى.

5459 ئەر ئاتسىز بولۇماز بودۇن باشلاسا،
يا بەگلىك ئىشىن بارچا بەگ ئىشلەسە.
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بولمىسا، خەلقنى باشلىغىلى بولمايدۇ،
بەگلىك ئىشلىرىنىڭ هەممىسىنى بەگ ئىشلەپ كېتەلمەيدۇ.

5460 ئەر ئات تۇتسا شەكسىز كەرەك نەڭ تاۋار، C 326
بۇ نەڭ بولماسا ئەر يىغىلماز ئاڭار.

ئەسكەر ـ خىزمەتچى تۇتسا، شۈبھىسىز، مال ـ دۇنيا
كېرەك بولىدۇ، بۇ نەرسىلەر بولمىسا، ئەل ئەتراپىڭغا يىغىلمايدۇ.

5461 نەگۈ تەر ئەشتىكىل بۇ سۇ باشلار ئەر، B392
تىرىگلىك ئىدىپ بەگ ئىشىن ئىشلەر ئەر:
قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ بەگ ئىشى بىلەن
ياشىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5462 خەزىنە، ئەر ئات بولدى بەگلەر كۈچى،
بۇ ئىككى بىلە ئەر ئالىر ئۆز ئۆچى.
خەزىنە، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بەگلەرنىڭ كۈچىدۇر،
بۇ ئىككىسى بىلەن كىشى (دۈشمەندىن) ئۆچىنى ئالالايدۇ.

5463 بۇ ئىككى بىلە بەگ بەدۈكلۈك بولۇر،
بۇ ئىككى يۇمىتسا بەدۇر بەگ تاجى.
بۇ ئىككىسى بىلەن بەگ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، بەگنىڭ تاج ـ تەختى ئۇلۇغ بولىدۇ.

5464 ئەر، ئات تەرگۈگە، كۆر، تەلىم نەڭ بارىر،
نەڭ ئالماق تىلەسە كۆرۈ كۈچ تەگىر.
ئەسكەر ـ خىزمەتچى توپلاشقا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا كېرەك،
مال توپلاش ئۈچۈن جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ.

5465 بىر ئەگىنىم مەنىڭمە، بىر ئۆك بۇ بوغۇز،
نەلۈك مۇنچا يالڭۇق يۈكى يۇدمەك ئۆز.
مېنىڭ بىرلا ئەگنىم، بىرلا گېلىم بار،
نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا خەلق يۈكىنى بوينۇمغا ئارتىۋالىمەن؟

5466 نەچەمە چىغاي ئەرسە قالماز ئاچىن،
ئالىر بۇ ئۆلۈم، كۆر، تىرىگدە ئۆچىن.
قانچىلىك كەمبەغەل بولسىمۇ (كىشى) ئاچ قالمايدۇ،
بۇ ئۆلۈم ھايات (كىشىدىن) ئۆچىنى ئالىدۇ.

72

ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەل ئەتگۈ تۆرۈسىن ئايۇر
ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېيتىدۇ

5467 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
قامۇغ ئىشكە ئۆڭدۈن يورىتسۇن ئەلىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
ئەلىگ، ھەممە ئىشقا (توغرا) تەدبىر قوللانسۇن.

5468 ياراغسىز يورىتما تىلىڭدە ياۋۇز،
بايات تاپلاماغاي، ئاي بىلكى ئۆگۈز.
تىلىڭدىن يارىماس، يامان سۆزلەرنى چىقارما،
(بۇنى) خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، ئەي بىلىمى دەريا.

5469 بۇ بەگلىك كۈچۈن ئالمادىڭ سەن تىلەپ،
بايات بەردى فەزلى بىلە بەلگۈلەپ.
بۇ بەگلىكنى سەن ئۆزتىلىكىڭ بويىچە زورلاپ ئالمىدىڭ،
(بۇنى) خۇدا ئۆز پەزىلىتى بىلەن بەلگىلىگەن.

5470 ئاغىرلادى، بەردى بۇ بەگلىك ساڭا،
مۇنىڭ شۈكرى قىلغىل، ئاي بىلكى كەڭە.
(سېنى) قەدىرلىدى ۋە بۇ بەگلىكنى بەردى،
بۇنىڭغا شۈكۈر قىل، ئەي بىلىمى كەڭ.

5471 كۆڭۈل تۈز، ئۆزۈڭ سۈز، باياتقا تاپىن،
بودۇنقا تۆرۈ قىل باغىرساقلىقىن.
دىلىڭنى تۈز، ئۆزۈڭنى پاك تۇتۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىل،
خەلققە ئادىل ۋە مېھرىبان بول.

5472 ھەۋاڭنى ئۇقۇش بىرلە باسغىل ئۇتۇپ،
نەفسىڭ بىلىك بىرلە يەنچگىل تۇتۇپ.

ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىڭنى ئەقىل بىلەن باس، (ئۇنى) يەڭگىن،
نەپسىڭنى بىلىم بىلەن يانجىپ تاشلا.

5473 نەگۈ تەر ئەشتكىل بىلىك بەرگۈچى،
بىلىك بىرلە نەفسىگ، ھەۋاغ باسغۇچى:
بىلىم بىلەن نەپسىنى، ھەۋەسلىرىنى باسقان،
بىلىم بەرگۈچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5474 B393 C327 «ئەت ئۆز تۈز تىلەسە، ھەۋا بوينى سى،
ھەۋا ئۆلسە كۆنلۈر ئەت ئۆز ئەگرىسى.
«ۋۇجۇدۇڭنىڭ تۈز بولۇشىنى خالىساڭ، ھەۋەسنىڭ بويىنىنى كەس،
ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۆلسە، ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئەگرىسى تۈزلىنىدۇ.

5475 قاتىغلان، ھەۋاقا بۈلۈن بولماغىل،
ھەۋا نەفس ئىكىگۈن بۇ دىن ئوغرىسى».
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قۇل بولماسلىققا تىرىشقىن،
ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن نەپس ھەر ئىككىسىلا دىن ئوغرىسىدۇر».

5476 نەلۈك بولدى ئاجىز ئۆزۈڭ، ئاي ئەلىگ،
قامۇغ ئەدگۈ قىلغۇ كۈچۈڭ بار ئەلىگ.
ئەي ئەلىگ، سەن نىمىشقا ئاجىز بولۇپ قالدىڭ؟
ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشقا كۈچۈڭ بار، قولۇڭ (يېتىدۇ).

5477 نەگۈكە مۇڭادۇرسەن مۇنچا قاتىغ؟
نەگۈكە قىلۇرسەن تىرىگلىك ئاچىغ؟
نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قاتتىق غەم قىلىسەن؟
نىمە ئۈچۈن ھاياتىڭنى ئاچچىق قىلىسەن؟

5478 خەزىنە تەلىم بار، ئەر ئات، سۇ ئۆكۈش،
قامۇغ ئىشكە يولچى بىلىك بار ئۇقۇش.
يېتەرلىك خەزىنەڭ بار، قوشۇن، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر كۆپ،
ھەممە ئىشقا يول كۆرسىتەلەيدىغان بىلىم ئەقلىڭ بار.

5479 A156 ئەر ئاتنى سەۋىندۇر، خەزىنە ئۈلە،
ئولاردىن ئۆزۈڭگە مىڭ ئارزۇ تىلە.
خەزىنەڭنى ئۈلەشتۈرۈپ، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنى خۇشال قىل،
ئۇلار (ئارقىلىق) ھەممە ئارزۇلىرىڭغا يەت.

5480 نەگۇ تەر ئەشتكىل ياغىچى كۈر ئەر،
كۆمۆش بەرسە ئالتۇن ياغىسىن ئۇرار:
كۈمۈش، ئالتۇن تارقىتىپ، دۈشمەننى يەڭگەن
جەڭگىۋار، شىجائەتلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5481 قالى قولسا سەن تۇتچى ئۈستەڭ ئەلىگ،
ئەر ئاتنى سەۋىندۇر، ئۆگە بەر ئەرىگ.
ئەگەر سەن دائىم ئۈستۈنلۈك قازانماقچى بولساڭ،
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنى خۇشال قىل، باتۇرلارنى ماختا.

5482 ئەر ئاتنى سەۋىندۇر، تىلەگىل تىلەك،
تىلەك بارچا كەلگەي، ياغى بوينى ئەگ.
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلىرىڭنى خۇشال قىل، (ئاندىن) تىلىكىڭنى تىلە،
بارچە تىلەكلىرىڭ ئورۇنلىنىدۇ، دۈشمەننىڭ بوينى ئېگىلىدۇ.

5483 ئەر ئات كۆپ قالىن تۇت، سەۋىندۇر سەنە،
سەۋۈگ جاننى بەرگەي ساڭا بىر كۈنە.
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنى كۆپەيتكىن، ئۇلارنى خۇشال قىل،
(ئۇلارمۇ) بىر كۈنى سەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

5484 ئەر ئات، سۇ بىلە يەنچ بۇ كافىر ياغىغ،
باياتتىن تىلە كۈچ سەن، ئارقاڭ ئارىغ.
قوشۇن ۋە ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بىلەن كاپىر دۈشمەنلەرنى
يانجىپ تاشلا، خۇدادىن مەدەت تىلە، سېنىڭ تايانچىڭ پاكتۇر.

5485 بۇ كافىر ئۈچۈن تۇت ئەر ئات، سۇ، تولۇم،
ئۆلۈپ تۈشسە كافىردە، بولماز ئۆلۈم.
بۇ كاپىرلار ئۈچۈن قوشۇن ـ ئەسكەر توپلا، قورال تەييارلا،
كاپىرلار بىلەن (بولغان جەڭدە) ئۆلسە، ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ.

5486 ئەۋىن بارقىن ئۆرتە، سىغىل بۇرخانىن،
ئانىڭ ئورنى مەسجىد ـ جەمائەت قىلىن.
ئۆي ـ ماكانلىرىنى كۆيدۈر، بۇتلىرىنى سۇندۇر،
ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت ـ جامە (بىنا) قىل.

5487 بۇلۇن قىلغىل ئوغلىن، قىزىن قۇل ـ كۈڭىن،
خەزىنە ئۇر ئاندا سەن ئالمىش نەڭىن.

ئوغۇللىرىنى قۇل، قىزلىرىنى چۆرە قىلغىن،
ئۇنىڭدىن (ئۇلجا) ئالغان نەرسىلەر بىلەن خەزىنە توپلا.

5488 مۇسۇلمانلىق ئاچقىل، شەرىئەتنى ياد،
ئاتىڭ بولغا ئەدگۇ، ئۆزۇڭ بولغا كەد.
مۇسۇلمانلىقنى يولغا قوي، شەرىئەتنى تەرغىب قىل،
(شۇنداق قىلساڭ) ياخشى نام قازىنىسەن، ئۇلۇغ بولىسەن.

5489 مۇسۇلمانقا ياقما، تەگۇرمە ئەلىگ، B394
ئانىڭ خەسمى تەڭرى تۇرۇر، ئاي ئەلىگ.
مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرما، قول تەگكۇزمە،
ئۇلارنىڭ هامىيسى تەڭرىدۇر، ئەي ئەلىگ.

5490 مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلە ئول قاداش،
قاداشقا قاتىلما، ئۇلام ئەدگۇلەش.
مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن قېرىنداشتۇر،
قېرىنداشلارغا چېقىلما، دائىم ياخشى ئۆت.

5491 تۆرۇ بەر بودۇنقا، ئەرەژ قىلسۇنى، C328
ساڭا ئەدگۇ بىرلە دۇئا بولسۇنى.
خەلققە ئادالەت قىل، خاتىرجەم ياشىسۇن،
ساڭا ياخشىلىق (تىلەپ) دۇئا قىلسۇن!

5492 بايات بەرگە ئۆترۇ سەۋىنچىن ساڭا،
سەنىڭ بولغا ئىككى ئاژۇن، ئاي توڭا.
ئاندىن خۇدا ساڭا سۆيۈنچ بېغىشلايدۇ،
ئىككىلا دۇنيا سېنىڭ بولىدۇ، ئەي قەھرىمان.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

5493 ئەلىگ ئايدى: كۆركلۇگ ئايۇرسەن بۇ سۆز،
ئۆزۇمە مۇنىئوق تىلەر قىلسا ئۆز.
ئەلىگ دېدى: بۇ سۆزلەرنى ياخشى دېدىڭ،
ئۆزۈمۇ خۇددى شۇنداق قىلىشنى خالايمەن.

5494 قانىقى مۇڭار تەگكۈ ئەشىم، ئاي ئەر،
مۇنى قىلغۇقا سەن ماڭا يارى بەر.
ئەي يىگىت، مۇشۇ ئىشلارنى قىلىدىغان دوستۇم قېنى؟
بۇ ئىشلارنى قىلىشتا سەن ماڭا يار ـ يۆلەك بول.

5495 ئەل ئەتگۈ، بودۇن سۇزگۇ ئاشنۇ تۇرۇپ،
بۇ ئىچ ـ تاش يورىغلى ياراغىن كۆرۈپ.
ئالدى بىلەن ئەلنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى پاك قىلىش كېرەك،
ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتنىڭ تەدبىرىنى تۈزۈش كېرەك.

5496 سەۋەرىگ سەۋىندۇر، كۆر، ئاچىغ بەرىپ،
سەنى سەۋمەگۈچىنى سۇرگىل سەرىپ.
ياخشى كۆرگەنلەرگە ئىنئام بېرىپ، خۇشال قىلىش،
سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلارنى تەقىپ قىلىش كېرەك.

5497 مۇنىڭدا ئەڭ ئاشنۇ ئەل ئەتگۈ كەرەك،
بۇ ئىچ تاش كەبىتلەر ئارىتغۇ كەرەك.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەلنى روناق تاپقۇزۇش كېرەك،
ئىچكى ـ تاشقى مەيخانىلارنى تازىلاش كېرەك.

5498 بودۇنۇغ تۆرۈ بىرلە تۈزگىل تۈگەل،
سۇزۇلسۇ كۆر، ئەلدە ياراغسىز مۇھال.
خەلقنى قانۇن بىلەن تامامەن تۈزىتىش،
ئەلدىكى يارىماس ئەھۋاللارنى تازىلاش كېرەك.

5499 قانى ئىنچ ئەل ئەتگۈ، تەگۈمەز ئۆزۈم،
بۇ ئىش ئىش ئۇزە بولدى، يۇماز كۆزۈم.
خاتىرجەملىك، ئەل روناقلىقى قېنى؟ مەن (بۇنىڭغا) يېتىشەلمىدىم،
ئىش ئۈستىگە ئىش توپلاندى، كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5500 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئاي بەگ، B395
ئۇزاتما ئىشىگ سەن، قامۇغ ئىشكە تەگ.

ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
سەن ئىشلارنى سوزما، ھەممە ئىشلار بىلەن شۇغۇللان.

5501 نەگۈگە ئۇزاتۇرسەن قىلغۇ ئىشىڭ،
ئۇزاتما، ئىشىڭ قىل، كەچەر بۇ ياشىڭ.

قىلىدىغان ئىشىڭنى نېمىشقا (ئارقىغا) سوزىسەن؟
ئىشلىرىڭنى سوزما، (ۋاقتىدا) قىل، ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

5502 بۇ كۈن قىلماسا ئىش، يارىن ئىش بولۇر،
ئىشىڭ ئىش ئۈزە بولسا ئەركىلىپ قالۇر.

بۈگۈنكى ئىشنى قىلمىساڭ، ئەتىكى ئىشمۇ (بۇنىڭغا) قوشۇلىدۇ.
ئىش ئۈستىگە ئىش توپلىنىپ قالىدۇ.

5503 بۇ كۈنكى ئىشىڭ قودما، قىلما يارىن،
يارىن بولسا، ئىشىڭ قالۇر قىلمادىن.

بۈگۈنكى ئىشىڭنى قويۇپ، ئەتە قىلىمەن (دېمە)،
ئەتە ئىشىڭ (چىقىپ) قالسا، بۇ قىلىنماي قالىدۇ.

5504 ئەتە تۇر، سۈزە تۇر بۇ ئەل ئىشلەرىن،
بودۇن ئىنچكە تەگكەي، ئۆزۈڭمە يارىن.

ئەلنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تازىلاپ تۇر،
كەلگۈسىدە خەلقمۇ، ئۆزۈڭمۇ راھەتكە ئېرىشىسەن.

5505 ئەسىز بولما، ئەسىز ئەسىزگە يورىت،
ئەسىزلەرنى بارچا ئەلىڭدىن ئارىت.

يامان بولما، يامانلارغا يامانلىق ئىشلەت،
يامانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭدىن تازىلا.

5506 كۆنى بول، كۆنى قىل، كۆنى تۇت يورىق،
ئەسىز، ئەگرى كۆنگەي، ئەۋۈرگەي قىلىق.

ئادىل بول، توغرا (ئىش) قىل، توغرا ھەرىكەت قىل،
(شۇنداق قىلساڭ) يامانلار، ئەگرىلەر قايىل بولىدۇ، ھەرىكىتىنى تۈزەيدۇ.

5507 بۇ تەترۈ قىلىنچلىغ، بۇ تەترۈ كىشى،
ئەسىز تەگمەگىنچە ئوڭارماز ئىشى.

تەتۈر ھەرىكەت قىلىدىغان تەتۈر كىشىلەر(نىڭ)
يامانلىقى چەكلەنمىگۈچە، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

5508 ئەسىزنىگ ياغۈتما، توقىغاي يودۈغ،
کۆنلەر بىلە سەن تىرىلگىل ئۈدۈغ.
يامانلارنى (يېقىن) يولاتما، زىيىنى تېگىدۈ،
ياخشىلار بىلەن سەگەك ياشا.
5509 نەگۈ تەر ئەشىتكىل کۆنی کۆڭلی تۈز،
کۆڭۈل، تىل، قىلىنچى، قامۈغ قىلقى ئۆز:
ئادىل، کۆڭلی تۈز، تىلى بىلەن دىلى(بىر)،
خۈلقى چىرايلىق كىشى نېمە دەيدۈ، ئاڭلا:
5510 «ئەسىزگە قاتىلما، يورىغىل کۆنی، C 329
کۆنی ئەگری بىرلە کۈنی تار کۈنی.
«يامانغا قېتىلما، توغرا (يولدا) يۈر،
ئەگرىلەر ئارىسىدا توغرا (كىشىنىڭ) کۈنی تار بولىدۈ.
5511 كىم ئەسىز قىلىنسا، يولىندا يودۈغ،
کۆنگە کۆنی بول کۆنىلىك کۈنی».
كىم يامانلىق قىلسا، (ئۆز) يولىدا پالاكەتكە ئۈچرايدۈ،
قىيامەت کۈنی توغرىغا توغرىلىق ھەمدەم بولىدۈ».
5512 ئاي ئەلىگ، ئەر ئاتىن ساڭا چارە يوق،
ئەر ئات بىرلە بەگلەر سۈزەر بۈلغانۈق.
ئەي ئەلىگ، ئەسكەر توپلىماي ئامال يوق،
بەگلەر بۈلغىنىشلارنى ئەسكەر بىلەن تازىلايدۈ.
5513 ئەر ئات تەرگۈ، يىغغۈ، ئاچىنغۈ ئاچىغ،
چىغايىغ بايۈتغۈ، تودۈرغۈ ئاچىغ.
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنى توپلاش ۋە ئىنئاملار بېرىش كېرەك،
كەمبەغەللەرنى بېيىتىش، ئاچلارنى تويدۈرۈش كېرەك.
5514 تاپۈغدا يورىغلى ئۈمىنچقا يورىر،
تاپۈغچى ئۈمىنچ كەسسە، تۈرماز بارىر.
خىزمەت قىلىپ يۈرگەنلەر ئۈمىد بىلەن يۈرىدۈ.
خىزمەتچى ئۈمىدنى ئۈزسە، تۈرمايدۈ، كېتىدۈ.
5515 ئاي ئەلىگ، تاپۈغچى بۈ قاچ تۈرلۈگ ئول، A 157
سەچە ئادرا تۈتغىل، ياڭىلماسۈ يول.

ئەي ئەلىگ، خىزمەتچىلەر بىرقانچە خىل بولىدۇ،
پەرقلەندۈرۈپ، ئايرىم (مۇئامىلە قىل)، يولدىن ئاداشمىسۇن.

5516 ئۇلاردا بىرىسى ـ تىلەر يۈز سۈۋى،
ئاڭار يۈز سۈۋى قىلغۇ، قانسا قىۋى.
ئۇلارنىڭ بىر خىلى يۈز ـ ئابرۇي ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.
ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قىلىش كېرەك، ئارزۇسى قانسۇن.

5517 تاقى بىر قۇتۇسى تىلەر نەڭ، تاۋار، B396
يۇلۇغ قىلسۇ جانىن، تاۋار بەر ئاڭار.
يەنە بىر تەبىقىسى مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ،
ئۇلارغا مال ـ دۇنيا بەرگىن، جېنىنى پىدا قىلسۇن.

5518 تاقى بىر تىلەر نەڭ يەمە يۈز سۈۋى،
ھەم ئات، تون تىلەر، كۆر، يورىسا ساۋى.
يەنە بىر خىلى مال ـ دۇنيا ھەم ئابرۇي تىلەيدۇ،
شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئات ۋە تون تەلەپ قىلىدۇ.

5519 قالى ئالپ ئاتىم ئەرسە، بەرگىل كۈمۈش،
قىلىچ ئۇرسۇ، ئاچسۇ ساڭا كەند ئۇلۇش.
ئەگەر پالۋان، مەرگەن بولسا، كۈمۈش بەرگىن،
قىلىچ ئۇرۇپ، شەھەر، ئەللەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچسۇن.

5520 بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ ئەر ئەرسە سىلىگ،
ئاغىرلا، تەگۈر نەڭ، ئۇزاتغىل ئەلىگ.
بىلىملىك، ئەقىللىك، دانا كىشى بولسا،
قەدىرلە، مال ـ دۇنيا بەر، (ياردەم) قولۇڭنى ئۇزارت.

5521 ئەسىز ئەرسە كۈچكەي كۆتۈرمە ئانى،
ئەلىگ بەرمە ئەلگە، ئۇلىتغاي سەنى.
يامان، زوراۋان بولسا، (ئۇنى) پەقەت ئۆستۈرمە،
ھوقۇق بەرمە، (ئۇ) سېنى نادامەتتە قالدۇرىدۇ.

5522 كۆتۈرمە، بايۇتما، ئەسىز ئۆكتەمىگ،
ئاغۇ قىلغا شەكسىز ساڭا ئوت ئەمىگ.
يامان، ئۆكتەملەرنى ئۆستۈرمە، بېيىتما،
شىپالىق دوراڭنى شۈبھىسىز زەھەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

5523 نەگۈ تەر ئەشتكىل بۆكە ياۋغۇسى،
بايۇسا باش ئەگمەز بودۇن يۇۋغاسى:
باتۇرلار يابغۇسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەگ زەئىپ خەلقمۇ باي بولۇۋالسا، باش ئەگمەيدۇ.

5524 ئەسىزىگ بايۇتما، ئاي قىلقى ئۇنۇر،
ئەسىزلەر بايۇسا قىلىنچ ئارتاتۇر.
يامانلارنى بېيىتما، ئەي قۇدرەتلىك،
يامانلار بېيىسا، پەيلىنى بۇزىدۇ.

5525 ئەلىگ تارلىقى بولسا ئەدگۇ يەمە،
قىلىنچ ئارتاتۇر، كۆر، مۇڭادىپ بۇما.
ياخشىلارنىڭمۇ قولى قىسقا بولسا،
موھتاجلىقتا چۈشۈپ، خۇي ـ پەيلى بۇزۇلىدۇ.

5526 مۇڭادساما ئەدگۇ قىلىقلىغ كىشى،
قىلىنچ ئارتاتۇر ھەم ئول ئەدگۇ تۇشى. C 330
ياخشى خۇلقلۇق كىشى موھتاجلىقتا چۈشۈپ قالسا،
قىلىقلىرى ۋە ياخشى مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

5527 ئەسىزىگ ئۇچۇزلا، كۆنىتگەي يورىق،
ئاغىرلاغىل ئەدگۇگ، ئول ئەتگەي قىلىق.
يامانلارنى خورلىساڭ، يۇرۇش ـ تۇرۇشىنى توغرىلايدۇ،
ياخشىلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، قىلىقلىرى (تېخىمۇ) ياخشى بولىدۇ.

5528 باغىرساق كىشىگ تۇت ئۆزۈڭگە ياقىن،
ئۇۋۇتسۇزنى ئۆزدىن يىراق تۇت، ساقىن.
سەمىمىي ـ سادىق كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت،
ئۇياتسىزلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، (ئۇلاردىن) ساقلان.

5529 ئاسىغلىغ قايۇ ئول، ئاسىغسىز قايۇ،
سەن ئادرا سەچە تۇت، ئاي بىلگە بۆگۈ.
كىملەر پايدىلىق، كىملەر پايدىسىز،
پەرقلەندۈرۈپ، تاللاپ (مۇئامىلە قىل)، ئەي بىلىملىك دانا.

5530 سەۋەر، سەۋمەزىگمە سەچە تۇت ئۆڭىن،
سەۋەرگە سەۋۈگ بول، ياغىقا يالىن.

ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغانلارنىمۇ پەرقلەندۈر،
ياخشى كۆرگەنلەرنى سۆي، دۈشمەنگە ئوت بول.

5531 يىراق تۇت سەۋىنچىڭ تىلەمەز كىشىگ،
سەۋىتمە، ئاڭار بەرمە قىلغۇ ئىشىگ.

شادلىقىڭنى خالىمىغان كىشىلەرنى (ئۆزۈڭدىن) يىراق تۇت،
ئۇنى سۆيۈندۈرمە، قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا بەرمە.

5532 ئەمىنىگ خيانەت بىلە قاتماغىل،
ياراغلىغ ياراغسىز بىلە تۇتماغىل.

ساداقەتنى خيانەت بىلەن ئارىلاشتۇرما،
يارامىلىقنى يارامسىز بىلەن بىللە تۇتما.

5533 بىر ئىشنى ئىكىگۆكە ئايما تىلىن،
ئىشەنگۈ، بولۇر ئىش قالۇر قىلمادىن.

بىر ئىشنى (بىرلا ۋاقىتتا) ئىككى كىشىگە تاپشۇرما،
ئىشەنگىنكى، (بىر ـ بىرىگە دۆڭگىشىپ) ئىش قىلىنماي قالىدۇ.

5534 ئىشىڭ ئىش بىلىكلى كىشىلەرگە بەر،
قىلۇ بىلمەسە ئىش سىنىپ قادغۇ يەر.

ئىشىڭنى ئىش بىلىدىغان كىشىلەرگە تاپشۇر،
ئىش قىلىشنى بىلمىگەن (كىشى) قىينىلىپ قايغۇغا چۈشىدۇ.

5535 تاپۇغقا بولۇپ بەرمە ئەرگە ئىشىگ،
ئۆزۈڭگە تۇسۇلغۇ ئۈچۈن تۇت كىشىگ.

خىزمەت قىلدى، دەپلا (كۆرگەنلا) كىشىگە ئىش تاپشۇرما،
ئىشنى ساڭا پايدا كەلتۈرەلەيدىغان كىشىلەرگە بەرگىن.

5536 ئەل ئاسغى تىلە مە، ئۆز ئاسغىڭ تىلە،
كىشى ئاسغىڭا باقما، تۇرما ئىلە.

ئەل مەنپەئەتىنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى تىلىگىن،
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە كۆز تىكمە، ئۇنىڭغا ئىلىنما.

5537 كىشى كۆڭلى كۆرمە، ئول ئاسغى ئۈچۈن،
ئەل ئاسغى تىلە، ئۆزنى بۇزما كۈچۈن.

باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە قارىما، (ھەركىم) ئۆز پايدىسىنى كۆزلەيدۇ،
ئەل مەنپەئەتىنى كۆزلىگىن، ئۆزۈڭنى زورمۇزور بۇزما.

5538 ساڭا كىم تۇسۇلۇر، تۇسۇلغىل ئاڭار،
تۇسۇلماز كىشىگ قىل ئۆزۈڭدە سىڭار.
ساڭا كىم پايدىلىق بولسا، (سەنمۇ) ئۇنىڭغا پايدىلىق بول،
پايدىسى تەگمەيدىغان كىشىنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر!
5539 ئاغىرلايۇ تۇت سەن ئاسىغلىغ كىشىگ،
ئاڭار بەر، ئاي ئەلىگ، كەرەكلىگ ئىشىگ.
پايدىلىق كىشىنى قەدىرلە، ھۆرمەت قىل،
ئەي ئەلىگ، مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇر.
5540 ساڭا قىلغۇ ئىشلەر بۇ ئول، ئاي ئەلىگ،
مۇنى قىلدىڭ ئەرسە سەن ئەتتىڭ ئەلىگ.
ئەي ئەلىگ، سەن ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلار ئەنە شۇلاردۇر،
بۇلارنى ئىجرا قىلساڭ، ئەل روناق تاپىدۇ.
5541 ئاتىڭ ئەدگۈ بولغا، قۇتۇلغاي ئۆزۈڭ،
سەنىڭدە كەدىن قالغا ئاتىڭ سۆزۈڭ.
نامىڭ ياخشى بولىدۇ، ئۆزۈڭ بەخت تاپىسەن،
سېنىڭدىن كېيىن نامىڭ، سۆزۈڭ (يادلىنىپ) قالىدۇ،
5542 بايۇغاي بودۇن، ئەل ئەتىلگەي ئورۇن،
نەچە قولسا قازناق خەزىنە ئۇرۇن.
خەلق بېيىيدۇ، ئەل سەلتەنەت روناق تاپىدۇ،
خالىغىنىڭچە خەزىنە توپلىيالايسەن.
5543 نەگۇ تەر ئەشتىكىل باغىرساق كىشى، C 331
باغىرساقلىقى كۆر سۆزىگە تۇشى:
سەمىمىي ـ مېھرىبان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇنىڭ) سەمىمىيلىكى سۆزىگە ماس كېلىدۇ:
5544 «قايۇ ئەل بەگى بولسا ئەدگۇ، كۆنى،
بايۇدى ئول ئەل، بودنى توغدى كۈنى.
«قايسى ئەلنىڭ بېگى ياخشى (ۋە) توغرا بولسا،
شۇ ئەلنىڭ خەلقى بېيىيدۇ، كۈنى تۇغىدۇ.
5545 بودۇن بايلىقى بەگكە بايلىق تۇرۇر،
تىلەسە ئانى تۇت، تىلەسە مۇنى».

خەلقنىڭ بايلىقى بەگ ئۈچۈنمۇ بايلىقتۇر،
خالىساڭ ئۇنى ئالىسەن، خالىساڭ بۇنى».

5546 ئۆلۈش كەند ئىچىندە سەن ئوغرىغ ئارىت،
ئۆمەگ، ئارقىشىغ يولدا ئەمىن يورىت.
شەھەر ـ كەنتلەردىكى ئوغرىلارنى يوقاتقىن،
مۇساپىر، كارۋانلارنى ئامان يۈرىدىغان قىل.

5547 ئىچ ئەلدە كۆتۈرگىل بودۇن كۈچلەرىن، B398
تاشىرتىن ئارىتغىل قاراقچى بارىن.
ئەل ئىچىدە خەلققە زۇلۇم قىلىدىغانلارنى يوقات،
چەت ـ ياقا جايلاردىكى قاراقچىلارنى تازىلا.

5548 ئەسىزنىڭ قىنى بىرلە قىلقىن ئەۋۈر،
ئەسىزگە ئەسىزلىك ياراشۇر، تەگۈر.
يامانىنىڭ پەيلىنى جازا بىلەن تۈزەت،
يامانغا يامانلىق (قىلساڭ) يارىشىدۇ، شۇنداق قىل.

5549 ئەسىزىگ يا چوغدا، ئورۇدا كەرەك، A158
يورىق بولسا ئەدگۈ، ئايا سارىپ يۈرەك.
ئەي تاش يۈرەك، ياخشىلارنىڭ (ئازادە) يۈرەلىشى ئۈچۈن،
يامانلارنى يا زەنجىردە ياكى زىنداندا تۇتۇش كېرەك!

5550 ئادىنما بۇ ئەل بودنى قاچ تۈرلۈگ ئول،
مۇنى ئادرا تۇتغۇ، ئاچۇق بولسۇ يول.
بۇنىڭدىن باشقا، ئەلدىكى خەلقلەر بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ،
بۇلارنىمۇ ئايرىپ، تۇتۇش كېرەك، يولى ئوچۇق بولسۇن.

5551 ئولاردا بىرى ـ بىلگە ئالىم تۇرۇر،
بۇ ئالىم بىلە ئەرگە قۇت، قىۋ بولۇر.
ئۇلارنىڭ بىرى بىلىملىك ئالىملاردۇر،
بۇ ئالىملار بىلەن كىشىلەر بەخت، دۆلەتكە ئېرىشىدۇ.

5552 ئاغىرلا بۇلارىغ، نەگۈ ئايسا قىل،
شەرىئەت يولى تۇت، بويۇن بەر، ئەگىل.
بۇلارنى قەدىرلە، نېمە دېسە شۇنى قىل،
شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، رەت قىلما، ئېگىل.

5553 بۇلارنىڭ ھەقى ئىدما ئىچگۇ ـ يەگۇ،
بەرۇ تۇر، مۇڭادماسۇ ئەلچى بۆگۇ.
بۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى، ھەققىنى ئۆكسۈتمە،
تەمىنلەپ تۇر، موھتاجلىققا چۈشمىسۇن، ئەي ھاكىم.

5554 كۆڭۈل ئىنچلىكى بىرلە ئۆگرەتسۇلەر،
بىلىكسىزلەر ئاندىنما ئۆگرەنسۇلەر.
ئۇلار كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن (باشقىلارغا) ئۆگەتسۇن،
بىلىمسىزلەر ئۇلاردىن ئۆگەنسۇن.

5555 بۇلاردا باسا مۇھتەسىبلەر تۇرۇر،
بۇلار ئەلگى كۈچلۈگ كەرەك ئاي ئۇنۇر.
بۇلاردىن كېيىن مۇھتەسىپلەر[1] تۇرىدۇ،
بۇلارنىڭ ھوقۇقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، ئەي قۇدرەتلىك.

5556 قىسا تۇتسا فاسىق، ياۋا، بوشلاغىغ،
تولۇ تۇتسا مەسجىد جەمائەتلارىغ.
پاسىق، بىكارچى، بوشاڭلارنى قىسىپ تۇتسۇن،
مەسچىت جامائەتلىرىنى تولۇق قىلسۇن.

5557 باساقى قۇتۇ ئول ساڭا تاپغۇچى،
ئىدا تۇتماسا سەن، بۇ ئول قوپغۇچى.
ئاندىن كېيىنكى تەبىقە ساڭا خىزمەت قىلغۇچىلار بولۇپ،
قاتتىق تۇتمىساڭ، ئۇلار ئىسيان كۆتۈرىدۇ.

5558 بۇلار يۇك كۆتۇرمەز، بۇلارنىڭ يۇكى
ساڭا يۇدگۇ، تەگسە مۇنىڭ ئەمگەكى.
بۇلار يۈك كۆتۈرمەيدۇ، بۇلارنىڭ يۈك، مۇشەققىتىنى
ئۆزۈڭ كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

5559 بۇلاردا باسا قالدى بودنۇڭ قارا، C 332
بۇلارنى تۆرۈ بىرلە ئەدگۇ كۆرە.
بۇلاردىن قالسا ئاۋام خەلق تۇرىدۇ،
بۇلارغا ئادالەت بىلەن ياخشى قاراش كېرەك.

---

① مۇھتەسىپ ــ دىن، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلار.

5560 بۇما ئۇچ قۇتۇ ئول، مۇنى ئادرا تۇت،
كۇچەمە، كۇچەسە بولۇر ئەلگە يۇت.
بۇلارمۇ ئۇچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ، بۇنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك،
زۇلۇم قىلما، زۇلۇم قىلساڭ ئەلگە جۇت كېلىدۇ.

5561 بۇلاردا بىرىسى بۇ بايلار تۇرۇر،
بودۇن كۇچلۇگى بۇ، ئاي قىلقى ئۇنۇر.
بۇلاردىن بىرى بايلاردۇر،
خەلقنىڭ كۇچلۇكى ئاشۇلار، ئەي قۇدرەتلىك.

5562 بۇلاردا باساسى، كۆر، ئورتۇ كىشى، B399
بۇ ئورتۇ قىلۇماز بۇ بايلار ئىشى.
قارا، بۇلاردىن كېيىنكىسى ئوتتۇرا هال كىشىلەر بولۇپ،
ئوتتۇرا هاللار بايلار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ.

5563 چىغايلار تۇرۇر، كۆر، بۇلاردا باسا،
بۇلارىغ كۇدەزگۇ قامۇغدىن ئوزا.
كەمبەغەللەر بۇلاردىن كېيىن تۇرىدۇ،
ھەممىدىن ئاۋۋال بۇلارنى ئاسراش كېرەك.

5564 يۇدۇرمەگۇ بايلار يۇكىن ئورتۇقا،
بۇ ئورتۇ بۇزۇلغا، تۇگەل ئارتاغا.
بايلارنىڭ يۇكىنى ئوتتۇرا هاللارغا يۇكلىمەسلىك كېرەك،
(ئۇنداق قىلساڭ) ئوتتۇرا هاللار بۇزۇلىدۇ، هالىدىن كېتىدۇ.

5565 چىغايقا يۇدۇرمەگۇ ئورتۇ يۇكى،
چىغاي ئۆلگە ئاچىن، ئۇزۇلگە كۆكى.
كەمبەغەللەرگە ئوتتۇرا هاللارنىڭ يۇكىنى ئارتماسلىق كېرەك،
(ئۇنداق قىلساڭ) كەمبەغەللەر ئاچتىن ئۆلىدۇ، يىلتىزى ئۇزۇلىدۇ.

5566 چىغايىغ كۇدەزىلسە ئورتۇ بولۇر،
بۇ ئورتۇ بىرەر تىنسا بايلىق بۇلۇر.
كەمبەغەللەرنى ئاسرىسا، ئوتتۇرا هال بولىدۇ،
ئوتتۇرا هاللار ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا، بايلىققا ئېرىشىدۇ.

5567 چىغاي ئورتۇ بولسا، بۇ ئورتۇ بايۇر،
بايۇسا بۇ ئورتۇ ئەلىڭ باي تولۇر.

كەمبەغەللەر ئوتتۇرا ھال بولسا، ئوتتۇرا ھاللار بېيىيدۇ،
ئوتتۇرا ھاللار بېيىسا، ئېلىڭ بايلىقى تولىدۇ.

5568 ئەل ئەتلۈر، ئەرەژگە تەگىر بۇ بودۇن،
دۇئا ئارتار ئۆترۇ ساڭا ئول ئۆدۇن.
ئەل روناق تېپىپ، خەلق راھەتكە ئېرىشىدۇ،
شۇ زاماندا سەن دۇئاغا ئىگە بولىسەن.

5569 نەگۈ تەر ئەشتىكىل ئۇچ ئوردۇ خانى،
ئات ئەدگۈ تىلە، ئاي ئۆلۈگلى قانى.
ئۇچ ئوردۇ خانى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
نامىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىزدىگىن، ئەي ئۆلگۈچى.

5570 كىمىڭ ئەدگۈ ئاتى بىلە چىقسا جان،
كەسىلمەز ئانىڭ ئاتى ئەدگۈ دۇئان.
كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا،
ئۇنىڭ ياخشى نامى دۇئا بىلەن داۋاملىق يادلىنىدۇ.

5571 ئۆلۈپ كىم قالىۇر ئەرسە ئەدگۈ دۇئا،
يانا بىر تىرىگلىك بۇلار بۇ تۇغا.
ئۆلگەندىن كېيىن كىم ياخشى دۇئا بىلەن يادلانسا،
ئۇ (قايتىدىن) تۇغۇلۇپ، يەنە بىر ھايات باشلىغاندەك بولىدۇ.

5572 كەرەك يەر ئۈزە تۇر، كەرەك يەر قاتىن،
چاۋىقسا ئۆزۈڭ كۆر بۇ ئەدگۈ ئاتىن.
مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە بول ياكى يەرنىڭ ئاستىدا بول،
ياخشى نامىڭ مەشھۇر بولسا، (شۆھرىتىنى) ئۆزۈڭ كۆرىسەن.

5573 ئات ئەدگۈ كەرەك، كۆر، ئۆز ئۆلگۈ تۇرۇر،
ئۆلۈر ئۆز، ئاتى قالسا مەڭگۈ تۇرۇر.
قارا، ئۆزۈڭ ئۆلىسەن، ياخشى نامىڭ قېلىشى كېرەك،
كىشى ئۆلىدۇ، (ياخشى) نامى قالسا، مەڭگۈ ياشايدۇ.

5574 رەئىييەت ھەقى بار سەنىڭدە، كۆر، ئۇچ،
بۇ ھەقنى ئۆتەگىل، ئۆزۈن قىلما كۈچ.
قارا، سەندە رەئىيەت (پۇقرا)نىڭ ئۈچ ھەققى بار،
بۇ ھەقنى ئادا قىل، سەن زۇلۇم قىلما.

5575 بىرىسى، ئەلىڭدە ئارىغ تۇت كۈمۈش،
ئىيارىن كۈدەزگىل، ئاي بىلكى ئۆكۈش.
بىرىسى، ئېلىڭدە كۈمۈشنى ساپ تۇت،
ساپلىقىنى نازارەت قىل، ئەي مول بىلىملىك.
5576 تاقى بىر بودۇنقا تۆرۈ بەر كۆنى، C 333
كۆتۈر بىر ئىكىدىن كۈچىن، كۆر ئانى.
يەنە بىرىسى، خەلققە ئادىل قانۇن يۈرگۈز،
بىرىنىڭ ئىككىنچىگە زۇلۇم قىلىشىغا يول قويما، ئۇلارنى قوغدا.
5577 ئۈچۈنچى، ئەمىن تۇت قامۇغ يوللارىغ، B400
قاراقچىغ، سەكەرچىگ ئارىتگىل ئارىغ.
ئۈچىنچىسى، بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلا،
قاراقچى، بۇلاڭچىلارنى پاك ـ پاكىز تازىلا.
5578 ئۆتەمىش بولۇرسەن رەئىيەتتە ھەقى،
سەن ئۆترۈ ھەقىن قول، ئاي ئەلچى ئاقى.
(شۇنداق قىلغاندا) رەئىيەتنىڭ ھەققىنى ئۆتىگەن بولىسەن،
ئاندىن كېيىن سەن ھەققىڭنى تەلەپ قىل، ئەي سېخىي ھۆكۈمدار.
5579 رەئىييەت ئۈزە ئول سەنىڭ ئۈچ ھەقىڭ،
تىلەگۈ ئولاردىن، سەن ئاچ قۇلغاقىڭ:
رەئىيەت ئۈستىدىمۇ سېنىڭ ئۈچ ھەققىڭ بار،
بۇلارنىمۇ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش كېرەك، قۇلىقىڭنى ئاچ:
5580 بىرى، يارلىغىڭنى ئاغىر تۇتسالار،
نەگۈ ئەرسە تەركىن ئانى قىلسالار.
بىرى، يارلىقىڭنى ھۆرمەت قىلسۇن،
نېمە (دېگەن بولساڭ)، دەرھال شۇنى ئىجرا قىلسۇن.
5581 ئىكىنچ، تىدماسالار خەزىنە ھەقى،
ئۆدىندە تەگۈرسە، ئاي ئەلگى ئاقى.
ئىككىنچىسى، خەزىنە ھەققىنى تۇتۇپ قالمىسۇن،
(ئۇنى) ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزسۇن، ئەي سېخىي.
5582 ئۈچۈنچى، ياغىقا ياغى بولسالار،
سەۋەرىڭ كىم ئەرسە، ئانى سەۋسەلەر.

ئۇچىنچىسى، دۇشمەنگە دۇشمەن بولسۇن،
كىمنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇنى ياخشى كۆرسۇن.

5583 ئۆتەمىش بولۇرسەن ئۆزۆك ھەقلارىن،
ئۇلارما ئۆتەمىش بولۇر ئۆز ھەقىن.

(شۇنداق قىلغاندا) سەنمۇ ئۆز ھەققىڭنى ئالغان بولىسەن،
ئۇلارمۇ ئۆز ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

5584 بۇ ياڭلىغ كەرەك بەگ يورىسا يولۇغ،
رەئىييەت ئۇشئانداغ كەرەك، ئاي ئۇلۇغ.

بەگ (ئۆز ئىشلىرىنى) ئەنە شۇنداق يۈرگۈزۈشى كېرەك،
رەئىيەتمۇ خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەي ئۇلۇغ.

5585 بودۇن بۇلسا ئۆترۇ بەگى ئەدگۇسىن، A159
بەگى بۇلسا ئىنچلىك، يورىتسا كۇسىن.

خەلق بېگىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىگە بولسا،
ئاندىن بەگ خاتىرجەم بولىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ.

5586 ئاي ئەلىگ، بۇ ئول بۇ قۇتۇڭ بەلگۇلۇگ،
ساڭا ئىككى ئاژۇن تەگۇرگۇ ئۇلۇگ.

ئەي ئەلىگ، سېنى ئىككى ئالەم
بەختىگە يەتكۈزىدىغان تەلەي ئەنە شۇدۇر.

5587 ئانىڭدا باسا بىلگە، ئالىم تۇرۇپ،
بودۇنقا بىلىك بەرسۇ يەترۇ كۆرۇپ.

بۇلاردىن باشقا، ئالىم ـ دانالار (دەس) تۇرۇپ،
خەلققە بىلىم بەرسۇن، نازارەت قىلسۇن.

5588 يانا ئەلگى كۇچلۇگ بولۇر مۇھتەسىب،
ئەسىزلەرنى يىغسۇ جەمائەت كەزىپ.

يەنە مۇھتەسىپلەرنىڭمۇ ھوقۇقى كۇچلۇك بولسۇن،
جامائەت (ئىچىنى) كېزىپ يامانلارنى يىغسۇن.

5589 ساتىغچى كۇدەزسۇ ئەمانەتلەرىن،
قىلۇ تۇرسۇ ئۇزلار نەسىھەتلەرىن.

سودىگەرلەر ئامانەتلىرىنى ئېھتىيات قىلسۇن،
ھۇنەرۋەنلەر نەسىھەتلىرىنى قىلىپ تۇرسۇن.

5590 تارىغچى تارىغقا ئەرىك بولسۇنى،
يەمە يىلقىچى ئىگدىش ئۆكلىتسۇنى.
دېھقانلار دېھقانچىلىقتا ماھىر بولسۇن،
چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى كۆپەيتسۇن.

5591 ئەر ئات قالدى ئەمدى ساڭا تاپىغۇچى،
ياغىقا، بۆرىگە بۇ ئول يورتغۇچى.
ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدىغان ئەسكەر ـ خادىملار قالدى،
بۇلار دۈشمەنگە، بۆرىگە (قارشى) يۈرۈش قىلغۇچىلاردۇر.

5592 سەۋىندۇر بۇلارىغ، ئاچىن نەڭ بىلە، B401
كۆرۈ تۇر، ئادىن ئىشكە قاتما يۇلا.
بۇلارنى خۇشال قىلىپ، مال ھەدىيە قىل،
دىققەت قىل، ئۇلارنى باشقا ئىشلارغا بەند قىلما.

5593 تۇسۇلۇر تەڭىنچە ئاغىرلا، ئاچىن،
بايۇتغىل نەڭىن سەن، بەدۇتكىل كۆچىن.
پايدىلىق بولۇش دەرىجىسىگە قاراپ، ئۇلارنى قەدىرلە، ئېھسان قىل،
مال ـ دۇنيا بىلەن بېيىتقىن، كۈچىنى ئاشۇر.

5594 ياغىقا، بۆرىگە ئەتىنسۇ تولۇم،
ئاداشقا بولۇپ ئۆز، ياغىقا ئۆلۈم.
(ئۇلار) دۈشمەنگە، بۆرىگە (قارشى) تولۇق تەييارلانسۇن،
دوستلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، دۈشمەنگە ئۆلۈم (بەرسۇن).

5595 ئاچىلغاي، سەچىلگەي قامۇغ ئەشلەرىڭ،
سۇزۇلگەي، ئەتىلگەي قامۇغ ئىشلەرىڭ.
(شۇنداق قىلغاندىلا) ھەممە دوستلىرىڭ تاللىنىپ چىقىدۇ،
بارلىق ئىشلىرىڭ پاكىز (ئورۇنلىنىدۇ)، روناق تاپىدۇ.

5596 ساڭا بولغا ئىككى ئاژۇن ئەدگۈسى،
باياتىم سەۋىنچى ئۆزۈڭ بولغۇسى.
ئىككى دۇنيا ياخشىلىقى سېنىڭ بولىدۇ،
خۇدايىمنىڭ سۆيۈنچىسىگىمۇ ئىگە بولىسەن.

5597 كۆنىلىك بۇ ئول، كۆر، كۆنى بول كۆنى،
تىلەككە تەگۈرگەي كۆنىلىك سەنى.

قارىغىنا، ئادالەت دېگەن مۇشۇ، توغرا، ئادىل بول،
بۇ ئادالەت سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزىدۇ.

5598 سەنى تەڭرى سەۋگەي كۆنىلىك ئۈچۈن،
كۆنىدە ئادىن قىلما خەلققا ئۈچۈن.
ئادىللىقىڭ ئۈچۈن تەڭرى سېنى ياخشى كۆرىدۇ،
ئادىللىقتىن باشقا خەلققە ئۆچمەنلىك قىلما.

5599 نەگۈ تەر ئەشتكىل، ئاي كۆڭلى يارۇق،
مۇنىڭ مەئنىسى كۆر بۇ سۆزگە ئانۇق:
دىلى يورۇق (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
بۇنىڭ مەنىسى، (ئويلاپ) قارىساڭ، بۇ سۆزگە گۇۋاھتۇر.

5600 «كۆنىلىك ئۈچۈن كۆك ئاداقىن تۇرۇر،
يايىلماز ئۈچۈن يەردە ئوت يەم ئۈنۇر.
«توغرىلىقى ئۈچۈن ئاسمان ئايىغى تىك تۇرالايدۇ،
تەۋرىمىگەنلىكى ئۈچۈن يەردە چۆپ ـ زىرائەت ئۈنىدۇ.

5601 يايىلما، كۆنى تۇر، كۆڭۈل تۇت كۆنى،
كۆنى ئىككى ئاژۇن كۆنىلىك بۇلۇر».
ئۆزگەرمەي، توغرا تۇر، دىلىڭنى توغرا تۇت،
توغرا (ئادەم) ئىككىلا دۇنيادا ئادالەتكە ئېرىشىدۇ».

5602 ئاي ئەلىگ مۇنۇقى ئۆزۈم بىلمىشىن،
ئۆتۈندۈم ساڭا مەن ئىچىن ھەم تاشىن.
ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم مانا شۇلار،
ئىچىم ۋە تېشىمدىكى (ھەممىنى) ساڭا بايان قىلدىم.

5603 ئىكىگۈن ئاژۇنلۇق ئاسىغ قىلغۇ سۆز
بۇ ئەردى، مۇنۇقى ئايۇ بەردى ئۆز.
ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان سۆز شۇ ئىدى،
بۇلارنى مەن (ساڭا) ئېيتىپ بەردىم.

5604 بۇ ئاژۇن ئەرەژى بىلە ئەدگۈ ئات،
ساڭا بولغا دۇنيا، يا ئۇقبى ئۇلات.
بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتى بىلەن ياخشى نامى،
دۇنيامۇ، ئاخىرەتمۇ، ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن.

5605 بۇ دۇنيا نەڭى بارچا قالغۇ تۇرۇر،
ئاتىڭ ئەدگۈ قىلغىل، ئۆز ئۆلگۈ تۇرۇر.
بۇ دۇنيانىڭ مال ـ دۇنياسى ھەممىسى قالىدۇ،
ئۆزۈڭ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ، ياخشى نامىڭ قالسۇن.

5606 بىلىك ياقشى سۆزلەر مۇڭا مەڭزەتۇ،
سۆزى مەئنى بىرلە ئاڭار ياڭزاتۇ:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بىلىم ياخشى سۆزلىگەن،
سۆز مەنىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ (مۇنداق دېگەن:)

5607 «ئاتىم ئەدگۈ بولسۇن، ئۆزۈم ئۆلسۈنى، B402
تىرىگ ئۆلگۈ ئاخىر، ئاتىم قالسۇنى.
«ئۆزۈم(ئۆلسەممۇ)ئۆلەي، نامىم ياخشى بولسۇن،
تىرىك ئاخىر ئۆلىدۇ، نامىم قالسۇن.

5608 ئۇسا ئەدگۈلۈك قىل، ئات ئەدگۈ تىلە، C335
ئۆزۈڭ مەڭۈ ئاتىن تىرىگ بولسۇنى».
تىرىشىپ ياخشىلىق قىلغىن، ياخشى نام ئىزدە،
ياخشى نامىڭ بىلەن مەڭگۈ تىرىك قال».

* * *

5609 ئەشىتتى ئەلىگ سۆز، سەۋىندى قاتىغ،
كۆڭۈل، كۆز يارۇتتى، بۇلۇندى تاتىغ.
ئەلىگ (بۇ) سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق سۆيۈندى،
كۆڭلى ۋە كۆزى يورۇق بولدى، ھوزۇرلاندى.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5610 ئۆكۈش ئالقىتۇ ئۆگدى ئۆگدۈلمىشىگ،
ئايۇر: سۆزلەدىڭ سەن ئۆزۈڭ بىلمىشىگ.
(ئەلىگ) ئۆگدۈلمىشنى كۆپ ئالقىشلىدى، ماختىدى،
ۋە دېدى: سەن ئۆزۈڭ بىلگەنلەرنى سۆزلىدىڭ.

5611 بايات بەرسۇ تەۋفىق بۇ كۇندە نارۇ،
سەن ئايمىش بۇ سۆزلەر تۇتايىن كۆرۇ.
بۇگۇندىن باشلاپ خۇدا تەۋپىق بەرسۇن،
سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى ئەستايىدىل (كۆڭلۇمدە) تۇتاي.
5612 سەنىتەك باسۇتچى ماڭا بەردى رەب،
ئۇمارمەن تىلەسە تىلەك بەرگە تەپ.
رەببىم سەندەك ياردەمچىنى ماڭا ئاتا قىلدى،
تىلىسەم تىلىكىمنى بېرىدۇ، دەپ ئۇمىد قىلىمەن.
5613 بايات بەرسۇ ئارزۇ تىلەكىڭ تۇگەل،
تۇكەل قىلدىڭ ئارزۇم، ئايا ئەدگۇ فال.
خۇدا (سېنىڭ) بارلىق ئارزۇ ـ تىلەكلىرىڭنى بەرسۇن،
ئارزۇلىرىمنى تۇگەل (بايان) قىلدىڭ، ئەي ياخشى دانىشمەن.
5614 بۇ كۇندە نارۇ سەن باغىرساقلىقىن
باسۇت قىل ماڭا سەن، ئاي كۆڭلى ياقىن.
بۇگۇندىن باشلاپ سەن مېھرىبانلىق بىلەن
ماڭا ياردەم قىل، ئەي كۆڭلۇمگە يېقىن!
5615 يۇتەرمەن ساڭا چىن، ئىنانۇر ئۆزۇم،
سۆزۇڭ ئۆرتمە مەندە، ئاي كۆركلۇگ يۇزۇم.
ساڭا ھەقىقىي ئىشىنىمەن (ۋە) ئىشەنچ باغلايمەن،
سۆزۇڭنى مەندىن يوشۇرما، ئەي خۇش چىراي.
5616 ماڭا كۇن نەگۇتەك يارۇمىش كۇنۇم،
سەنىڭدە كۆرۇرمەن مەن ئەمدى مۇنۇم.
قۇياش مېنى قانداق يورۇتقان بولسا، سەنمۇ كۇنلىرىمنى
شۇنداق يورۇتتۇڭ، سېنى سەرمايەم، دەپ ھېسابلايمەن.
5617 ئەدى ياقشى سۆزلەر كۆڭۇل بۇلمىش ئەر،
كۆڭۇل، تىل بىرىكىپ ياقىن بولمىش ئەر:
كۆڭۇل بەرگەن، تىلى ۋە دىلى بىلەن يېقىن بولغان كىشى
بەك ياخشى سۆزلەرنى ئېيتقان:
5618 كۆڭۇل كىمگە يۇتسە ئانى كۆزگۇ تۇت،
ئۆزۇڭ كۆرگەسەن تەپ، ئانى ئۇترۇ تۇت.

كۆڭلۈك كىمگە ئىشەنسە، شۇنى ئەينەك قىل،
ئۆزۈمنى كۆرەي، دەپ ئۇنى ئالدىڭغا قوي.

5619 باغىرساق كىشى ئۆزگە كۆزگۈ بولۇر،
ئاڭار باقسا قىلىق ياڭنى تۈزگۈ بولۇر.
سەمىمىي كىشى ئادەمگە ئەينەك بولىدۇ،
ئۇنىڭغا قاراپ ئادەم خۇلق ـ مىجەزىنى تۈزىيەلەيدۇ.

5620 كىمنىڭ كۆڭلى كىمگە باقىن بولسا چىن،
ئاڭار پۈتگۈ ئۆزگە ياقىن بولسا چىن.
كىمنىڭ كۆڭلى كىمگە ھەقىقىي يېقىن بولسا،
ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۆزىگە ھەقىقىي يېقىن تۇتۇش كېرەك.

5621 پۈتۈلمىش كىشىگە ئايىتغۇ سۆزۈگ،
پۈتۈلمىش كىشى ئايسا تۇتغۇ سۆزۈگ.
ئىشەنگەن كىشىگە سىر ئېيتىش كېرەك،
ئىشەنگەن كىشى سىر ئېيتسا، (مەھكەم) ساقلاش كېرەك.

* * *

5622 ئەشىتتى، كۆر، ئۆگدۈلمىش ئەلىگ سۆزىن،
سەۋىندى، ئىلەل تەپ يارۇتتى كۆزىن.
قارا، ئۆگدۈلمىش ئەلىگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى،
سۆيۈندى، «خوپ !» دەپ تەبەسسۇم قىلدى.

5623 سۆزىن كەستى ئەلىگ، ئۆزى ئامرۇلۇپ، B 403
قوپۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىش ئاندىن تۇرۇپ.
ئەلىگ سۆزىنى تۈگەتتى، ئۆزى ھاياجانلاندى،
ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن چىقتى.

* * *

5624 ئەلىگ ئاندا نارۇ، كۆر، ئىنچلىك قودۇپ، A160
ئەلىن ئەتتى، تۈزدى كۆپ ئەمگەك يۇدۇپ.
ئەلىگ شۇندىن باشلاپ راھەتنى تاشلىدى،
كۆپ مۇشەققەت چېكىپ، ئېلىنى رەتكە سالدى، تۈزەتتى.

C 336 5625 ئەسىزىگ يىراتتى، كۆر، ئەدگۈگ قامۇغ
ئۆزىڭە ياقىن قىلدى، بەردى يولۇغ.
يامانلارنى يىراقلاشتۇردى، ياخشىلارنىڭ ھەممىسىنى،
ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە بەردى.

5626 تۈزۈلدى بودۇن ھەم سۈزۈلدى ئەلى،
تىنىپ ئىنچكە تەگدى يىل، ئاي، كۈن تىلى.
خەلق تۈزەلدى ۋە ئېلى تازىلاندى،
يىل، ئاي، كۈنلەر تىنچ (ئۆتتى)، ھالاۋەتكە ئېرىشتى.

5627 تاتىدى تىرىگلىك ئەل ئاسغى بىلە،
ئەرەژىن ئاۋىندى سەۋىنچىن كۈلە.
ئەل پايدىسى بىلەن ھايات لەززەتلىك بولدى،
(خەلق) ھالاۋەتكە خۇشال بولۇپ، شادلىق بىلەن كۈلدى.

5628 ئەلىگمە ئاغىرلادى ئۆگدۈلمىشىگ،
ئىناندى، ئاڭار بەردى بارچا ئىشىگ.
ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى (ناھايىتى) قەدىرلىدى،
ئىشىنىپ، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

* * *

5629 يورىدى بىر ئانچا بۇ ئۆگدۈلمىشە،
ئەرىلدى ساقىنچ ـ قادغۇ بىرلە پىشا.
(شۇنداق قىلىپ) ئۆگدۈلمىش بىرنەچچە ۋاقىت يۈردى،
ئەلەم ـ قايغۇ بىلەن يەنە بىئارام بولدى.

5630 ئۆزىڭە باقا كۆردى قىلقىن، ئىشىن،
تىرىگلىك، يىگىتلىك ياۋا قىلمىشىن.
ئۆزىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتى،
ھاياتىنى ۋە يىگىتلىكىنى زايە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

5631 ئاچىلدى يارۇپ كۆڭلى، كۆكسى، كۆزى،
ئارىتماق تىلەدى بۇ كۆڭلى تۆزى.
كۆڭلى ـ كۆكسى يورۇدى، كۆزى ئېچىلدى،
كۆڭلىنى پۈتۈنلەي پاك قىلىشنى ئارزۇ قىلدى.

73

ئۆگدۈلمىش كەچمىش تىرىگلىككە ئاچىپ تەۋبەقا ئوغرامىشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ توۋا قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

5632 ئايۇرمەن: يورىدىم ئۇسالىن كۈلە،
تىرىگلىك ياۋا بولدى غەفلەت بىلە.
(ئۆگدۈلمىش) مۇنداق دېدى: مەن بىخۇد ھالدا شادلىنىپ يۈردۈم،
ھاياتىم غەپلەت ئىچىدە بىھۇدە ئۆتتى.

5633 تىرىگلىك كۈچى باردى مەندىن كەتىپ،
تاياق تۇتتى ئەلگىم، بۇ تىرگىن ئاتىپ.
ھايات كۈچ ـ قۇۋۋىتى مەندىن كەتمەكتە،
تېتىكلىكىمنى يوقىتىپ، قولۇمغا ھاسا ئالماقتىمەن.

5634 ئۆكۈندى، ئايۇر: باردى ئەسىز كۈنۈم،
تىرىگلىك تۈگەدى، قارارۇر تۈنۈم.
(ئۇ) پۇشايمان قىلىپ دېدى: ئېسىت، كۈنلىرىم ئۆتۈپ كەتتى،
ئۆمرۈم تۈگىمەكتە، كېچىلىرىم قارىيىشقا باشلىدى.

5635 يەدى ئارزۇ نىئمەت ئۆزۈم ئۇدلايۇ،
تىرىلدىم ھەم ئۇدتەك بىلۇ بىلمەيۇ.
مەن نازۇ نېمەتلەرنى كالىدەك يېدىم،
بىلىپ ـ بىلمەي بىر كالىدەك ياشىدىم.

5636 ئايۇرمەن: يورىدىم ئۇسالىن كۈلە، B404
كۈنۈمنى كەچۈردۈم ياۋالىق بىلە.
(يەنە) دېدى: مەن بىخۇد ھالدا (ئويناپ) كۈلۈپ يۈردۈم،
كۈنلىرىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

5637 يىگىتلىك كۈچى باردى مەندىن كەتە،
ئاچىرمەن يىگىتلىككە كۆيۈپ تۈتە.

مەندىن يىگىتلىكنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كەتتى،
ئەمدى كۆيۈپ ـ تۇتەپ يىگىتلىككە ئىچىنىمەن.

5638 تىرىگلىك ئۇچۇقتى، ياغۇدى ئۆلۈم،
ئۆلۈمگە ئەتىك يوق، يا ئۆتكۈ يولۇم.
ھاياتلىق ئۇجۇقتى، ئۆلۈم يېقىنلاشتى،
ئۆلۈمگە چارە يوق، (ئۇنىڭدىن) قۇتۇلۇش يولىمۇ يوق.

5639 ساچىم بولدى سوڭقۇر تۇستەك شاشۇت،
ساقال بولدى يازقى گۈلەف تەگ ئورۇت.
چېچىم شۇڭقار پەيلىرىدەك كۈل رەڭ تۈسكە كىردى،
ساقىلىم كۈزدە غازاڭ بولغان گۈل بەرگىگە ئايلاندى.

5640 ئوتۇز ئىككى تىشىم ئۇرۇڭ يىنچۈلەر،
ئۈزۈلدى يېپى، كۆر، ساچىلدى بىرەر.
ئوتتۇز ئىككى چىشىم ئاق ئۈنچىدەك ئىدى،
(ئەمدى) يېپى ئۈزۈلۈپ، بىر ـ بىرلەپ چېچىلدى.

5641 كۆرۈر ئەردى كۆزلەر بۇ كۈنلۈك يەرىگ، C 337
تۇنەردى، كۆرۈمەز قاتىندا ئەرىگ.
كۆزلىرىم (بىر) كۈنلۈك يەرنى كۆرەتتى،
(ئەمدى) خىرەلەشتى، يېنىمدىكى كىشىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.

5642 يىراق ئەشتۈر ئەردى قۇلاق تۇتساما،
بۇ كۈن بولدى ئەلگىن ئۈزۈم ئىملەمە.
قۇلاق تۇتسام، يىراق (ئاۋازلار)نى ئاڭلايتتىم،
بۈگۈن قول بىلەن ئىشارەت قىلىپ (سۆزلىشىدىغان) بولۇپ قالدىم.

5643 قارا ئەردى قۇزغۇن تۇستەك باشىم،
قۇغۇ قوندى باشقا، يەتىلدى ياشىم.
بېشىم قۇزغۇن تۈسىدەك قاپقارا ئىدى،
(ئەمدى) باشقا ئاق قۇ قوندى، يېشىم يېتىلدى.

5644 ئۆزۈم يانغۇ بولدى باياتقا بۇ كۈن،
يازۇقلار ئۇچۇن يىغلاسا مەن ئۇنۇن.
(ئەمدى) مەن خۇدا ئالدىغا قايتىدىغان بولدۇم،
گۇناھلىرىم ئۈچۈن پەرياد چېكىپ يىغلىشىم كېرەك.

5645 ئۆزۈم يانغۇ بولدى باياتقا تۇرۇپ،
يازۇقلارقا ئۆزرى تىلەسە قولۇپ.
مەن خۇدا (ئالدىغا) بارىدىغان بولدۇم،
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆزرە سورىشىم كېرەك.

5646 ئۆزۈم قودسا ئەمدى ياراغسىزلارىغ،
كۆڭۈل بۇلغانۇقتىن سۇزۇلسە ئارىغ.
ئەمدى يارىماس (ئىشلارنى) تاشلاپ،
كۆڭلۈمنى بۇلغىنىشلاردىن پاك قىلىشىم كېرەك.

*　　*　　*

5647 ئۆزى تەۋبە قىلماق تىلەدى تۇرۇپ،
باياتقا سىغىنسا يازۇقىن قولۇپ.
(ئۆگدۈلمىش) (ئورنىدىن) تۇرۇپ، تەۋبە قىلماقچى،
خۇداغا سىغىنىپ، گۇناھلىرىنى تىلىمەكچى بولدى.

*　　*　　*

5648 يانا ساقىنۇ ئالدى ئايۇر: ئەۋمەيىن،
ئەۋەكلىكتە ياس ئول، ئانى قىلمايىن.
(لېكىن) ئويلىنىپ قالدى (ۋە) مۇنداق دېدى، ئالدىرىماي،
ئالدىراڭغۇلۇق زىيانلىقتۇر، ئۇنداق قىلماي.

5649 ئەڭ ئاشنۇ بۇ ئىشكە كەڭەشگۈ كەرەك،
ياراغسىزنى ئۆزدىن كەمىشگۈ كەرەك.
ئالدى بىلەن بۇ ئىش (ئۈستىدە) مەسلىھەتلىشىشىم كېرەك،
يارىماس ئىشلارنى ئۆزۈمدىن چەتلەشتۈرۈشۈم كېرەك.

5650 كەڭەش بىرلە قىلغۇ كەرەك ئىش بىلىپ،
ئۆكۈندى كەڭەشمەگلى ئىشتە ئۆلىپ.
(ھەرقانداق) ئىشنى مەسلىھەت بىلەن بىلىپ قىلىش كېرەك،
مەسلىھەت قىلمىغانلار ئىشتىن زارلىنىپ، پۇشايمان قىلغان.

5651 نەگۈ تەر ئەشىتكىل كىشى تىلدەمى،
قامۇغ قىلغۇ ئىشكە كەڭەش ئول ئەمى.

سۆز ماھىرلىرى نېمە دېگەن، ئاڭلا:
ھەرقانداق ئىشتا مەسلىھەت ياخشى چارىدۇر.

5652 كەڭەشگۈ كەرەك ئۆز ياقىنقا كەڭەش،
كەڭەش بىرلە ئەتلۈر قامۇغ تۇرلۇگ ئىش.
ئۆز يېقىنلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك،
مەسلىھەت بىلەن ھەرقانداق ئىش راۋاج تاپىدۇ.

5653 كەڭەشسە ئوڭارۇر كىشى ئۆز ئىشى، B405
ئۆكۈنچلۈگ بولۇر كىن كەڭەشمەز كىشى.
مەسلىھەتلەشسە كىشى ئۆز ئىشىنى ئوڭشايدۇ،
مەسلىھەتلەشمىگەن كىشى ئاخىر پۇشايمان قىلىدۇ.

5654 بارايىن مەن ئەمدى قاداشىم تاپا،
كەڭەيىن ئاڭار مەن بۇ ئىش ئاي ئاپا.
مەن ئەمدى قېرىندىشىمنىڭ ھوزۇرىغا باراي،
ئۇنىڭغا بۇ ئىشلىرىمنى مەسلىھەت سالاي.

5655 ياراغلىغ تەسە مەن قىلايىن بۇ ئىش،
ياراغسىز تەسە قالسۇنى بۇ كەڭەش.
يارايدۇ دېسە، مەن بۇ ئىشلارنى قىلاي.
بولمايدۇ، دېسە، مەسلىھەتىم (ئۆز جايىدا) قالسۇن.

5656 كىشى ئۆز ئىشىن ئۆز بىلۇمەز كۆرۈپ،
ئادىنقا ئايىتغۇ كەرەك ئەشتۈرۈپ.
كىشى ئۆز ئىشىنى ئۆزى تولۇق كۆرۈپ بىلەلمەيدۇ،
باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ ئېيتىش كېرەك.

5657 كەڭەشسە كەڭۈر ئول كىشىگە بىلىك،
كەڭەشكە، بىلىك كىرسە يەتلۈر ئەلىگ.
مەسلىھەتلەشسە كىشىنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ،
مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، قول ئۇزۇن بولىدۇ.

5658 نەگۈ تەر ئەشىتكىل كەڭەشۈر كىشى،
كەڭەشىن ئەتەر ئول كىشى ئۆز ئىشى:
مەسلىھەتلەشكەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كىشى ئۆز ئىشىنى مەسلىھەت بىلەن پۈتكۈزىدۇ:

5659 «نەگۈ ئىش قىلۇرۇڭ كىشىگە كەڭەش، C 338
كەڭەشمەز كىشىگە قاتىلما يىراش.
«نېمە ئىش قىلىشىڭ (ھەققىدە) كىشىلەر بىلەن كېڭەش،
كېڭەشمەيدىغان كىشىگە قېتىلما، يىراقلاش.
5660 قايۇ ئىشكە تەگسە كەڭەش ئۆترۇ قىل،
تىلەمىش تىلەككە كەڭەشىن تەگەش».
قانداقلا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، كېڭىشىپ، ئاندىن قىل،
تىلەك - ئارزۇلىرىڭنى كېڭەش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇر.»

* * *

5661 كەچە ياتتى، ئەرتە تۇرۇپ يۇندى، كۆر،
ئاتىن مىندى، ئەلىگ تاپا باردى، كۆر.
ئاخشىمى يېتىپ قالدى، ئەتىگەندە تۇرۇپ تاھارەت ئالدى،
ئېتىنى مىنىپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا باردى.
5662 يورىپ كىردى ئەلىگ پاتا يول قولۇپ،
ئورۇن بەردى ئەلىگ ئاغىرلاپ كۆرۈپ
رۇخسەت سوراپ، ئەلىگنىڭ ئالدىغا كىردى،
ئەلىگ ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، ئورۇن كۆرسەتتى.

ئۆگدۈلمىش سۇئالى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە سوئالى

5663 ئەلىگكە ئۆتۈندى ئايۇر: مەن بۇ كۈن A 161
قاداشىمقا بارغۇم كەلىر ئۆرتۈگۈن.
ئەلىگكە بايان قىلىپ دېدى: مېنىڭ بۈگۈن
قېرىنداشىمنىڭ قېشىغا بارغۇم كېلىۋاتىدۇ.
5664 قالى يارلىقاسا بارايىن نارۇ،
زىيارەت قىلىپ، تەرك يانايىن بەرۇ.
ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە، ئۇ يەرگە بارسام،
زىيارەت قىلىپ، ئاندىن قايتىپ كەلسەم.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5665 ئەلىگ ئايدى: بارغىل، مەنىڭدىن سەلام
تەگۈرگىل ئاڭار سەن، ئاي بىلكى تەمام.
ئەلىگ دېدى: بارغىن، مەندىن ئۇنىڭغا
سالام يەتكۈزۈپ قوي، ئەي يېتۈك بىلىم ئىگىسى.

5666 ئۇنىتماسۇنى ئول دۇئادا مەنى،
باياتقا ئۇلادۇقتا سىررىن كۆنى.
خۇداغا ئىخلاس بىلەن (ئىبادەت قىلغان) پەيتلىرىدە،
دۇئادا مېنى ئۇنتۇمىسۇن!

5667 باياتتىن قولۇ بەرسۇ يازۇقلارىم،
دۇئا بىرلە بولغاي كەچۈرگەي كەرىم.
خۇدادىن گۇناھلىرىمنى تىلىسۇن،
دۇئا بىلەن خۇدا گۇناھلىرىمنى كەچۈرسە (ئەجەب ئەمەس).

* * *

5668 ئىلەل تەپ تۇرۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىشە، B406
ئەۋىڭە كەلىپ تۈشتى، يازدى قاشا.
ئۆگدۈلمىش «خوپ» دەپ ئۇ يەردىن چىقتى،
ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، چىرايى ئېچىلدى.

5669 ئازۇن قىرتىشى بولدى ئالتۇن ئۆڭى،
ياشىق زەئفەران قىلدى ياقۇت ئۆڭى.
دۇنيا يۈزى ئالتۇن رەڭگىگە كىردى،
قۇياش ياقۇت رەڭگىنى زەپىرانغا ئۆزگەرتتى.

5670 قالىق تۇگدى قاشىن، تۇنەرتتى يۈزىن،
تۇتۇپ بادى بارچا كىشىلەر كۆزىن.
ئاسمان قاپىقىنى تۈرۈپ، يۈزىنى قارايتتى،
بارچە كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلىدى.

5671 نەماز قىلدى، ياتتى تۆشەككە كىرىپ،
بىر ئانچا ئۈدىدى، ئول ئانچا ئەرىپ.
ناماز ئوقۇدى، تۆشەككە كىرىپ ياتتى،
بىرئاز ھاردۇق ئېلىپ، خېلى ئۇخلىدى.

5672 بىر ئانچا ئۈدىدى، بىر ئانچا ئودۇغ،
قوپا كەلدى ساقنۇ، توغا كەلدى تۇغ.
بەزىدە ئۇخلىدى، بەزىدە ئويغاق (خىيال سۈرۈپ) ياتتى،
خىيالى ئۇنى ياتقۇزمىدى، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

5673 تۆشەك قولدى ياتتى، ئۈدىدى ئۇزۇن،
بەلىگلەپ ئودۇندى ئۆزى يالڭۇزۇن.
(يەنە) تۆشەك سېلىپ ياتتى، ئۇزۇن ئۇخلىدى،
ئۆزى يالغۇزلۇقتا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

5674 يۇمۇلمادى ياندرۇ ئىكىلە كۆزى،
ئودۇغ ياتتى ساقنۇ، ئەرىكتى ئۆزى.
كېيىن ئىككىلا كۆزى (زادى) يۇمۇلمىدى،
خىيال سۈرۈپ ئويغاق ياتتى، ئۆزى زېرىكتى.

5675 باقا كۆردى ئۆڭدۈن قارا قۇش تۇغۇپ،
قوپا كەلدى يەردىن يالىتەك بولۇپ.
قارىسا شەرقتىن «قارانقۇش»[1] چىقىپ،
ئۇچقۇنغا ئوخشاش يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

5676 يارۇدى باسا يىلدرىق ئادغىر بىلە،
تىزىلدى ئەرەنتىر ئۆزىن بەلگۈلە.
كېيىن يىلدىرىق[2] بىلەن ئايغىر[3] يورۇدى،
ئۆزىدىن بەلگە بېرىپ ئەرەنتىر[4] سەپكە تىزىلدى.

5677 سۈكىچ قوپتى ئۆرلەپ قالىققا ئاغىپ، C 339
ئۈنۈن سۈملىدى سۈرى ئىبرى ئوقىپ.
سۈكىچ[5] ئۆرلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى،
«سۈرە ئىبرى» نى ئوقۇپ سايراشقا باشلىدى.

---

① يۇپىتېر.
②③④ سۈبھىدە شەرقتىن كۆرۈنىدىغان يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ نامى.
⑤ بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

5678 كۆتۈردى ياشىق باقتى مەشرىق تاپا،
كۆرۈر ئاغدى يەردىن يوقارۇ قوپا.
شەرققە قارىدى، قۇياش بېشى كۆتۈرۈلۈپتۇ،
يەردىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەپتۇ.

5679 يۇتىقلاندى يەردە يوقارۇ ستا،
قالىق مەڭزى بولدى يالىنتەك ئوتا.
قۇياش شولىسى يۇتاقلىنىپ نەيزىدەك يۇقىرىغا يېيىلدى،
ئاسمان يۈزى چوغدەك يالقۇنلىدى.

5680 سەۋۈگ كۈلچىرەرتەك يارۇدى ئاژۇن،
ساقىنچ قىسغا بولدى، سەۋىنچلەر ئۇزۇن.
دۇنيا سۆيۈملۈك يار كۈلكىسىدەك يورۇپ كەتتى،
قايغۇلار قىسقىراپ، شادلىقلار ئۇزاردى.

5681 يانا تۇردى، يۇندى نەمازىن قىلىپ،
ئاتىن مىندى، تاغقا يۈز ئۇردى يەلىپ.
(ئۆگدۈلمىش) ئورنىدىن تۇردى، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى،
ئېتىنى مىندى ۋە تاغقا قاراپ يۈزلەندى.

5682 تەگىپ تۇشتى، ئاقرۇ توقىدى قاپۇغ،
قاداشى قاپۇغ ئاچتى، قودتى تاپۇغ.
بېرىپ ئېتىدىن چۈشتى، دەرۋازىنى قاقتى،
قېرىندىشى ئىبادىتىنى قويۇپ، دەرۋازىنى ئاچتى.

5683 سەلام قىلدى ئۆترۈ، كۆر، ئۆگدۈلمىشە،
يانۇت بەردى ياندرۇ، كۆر، ئودغۇرمىشا.
ئۆگدۈلمىش (ئۇنى) كۆرۈپ سالام قىلدى،
ئودغۇرمىش سالىمىغا جاۋاب ياندۇردى.

5684 تۇرۇپ كىردىلەر ئەۋگە ئالشىپ ئەلىگ، B 407
قاداشى ئايىتتى، كۆر، ئاچتى تىلىگ.
قول تۇتۇشۇپ ئۆيگە كىرىشتى،
قېرىندىشى سۆز باشلاپ، شۇنداق دېدى:

ئودغۇرمىش سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5685 ئايۇر: ئاي قاداشىم، قالى كەلدىڭ ئاي،
ساڭا تۈشغالى مەن تاقى كەچمەز ئاي.
ئەي قېرىندىشىم، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ، سۆزلە،
سەن بىلەن كۆرۈشكىلى يېخى بىر ئايمۇ بولمىدىغۇ؟

5686 تۈشۈكرەك كۆرۈرمەن سەنىڭ كۆڭلۈڭى،
سارىغراق كۆرۈرمەن قىزىل مەڭزىڭى.
كۆڭلۈڭنى چۈشكۈنرەك كۆرۈۋاتىمەن،
قىزىل يۈزۈڭمۇ سارغىيىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

5687 نەگۈ قادغۇ تەگدى، نە ئەركى هالىڭ،
ماڭا سۆزلەگىل سۆز، سەن ئاچغىل تىلىڭ.
قانداق قايغۇ كەلدى، هالىڭ نېچۈك؟
سۆزۈڭنى ماڭا ئېيت، ئېغىز ئاچ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5688 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: قاداش،
ئوقۇن ئۇردى ئۆدلەك، كۆڭۈل قىلدى باش.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي قېرىنداش،
زامان ئوقى (كۆكسۈمگە) تەگدى، كۆڭلۈمنى يارا قىلدى.

5689 ئۆد ئۆدلەك يارۇتسا بەرىپ ئۆت ئەرىگ،
كۆڭۈل ئۆلمىش ئەرسە بولۇر تەپ تىرىگ.
زامان پەند ـ نەسىهەت بېرىپ كۆزنى ئاچسا،
ئۆلگەن كۆڭۈلمۇ تىرىلىدىكەن.

5690 ئۇدىمىش بۇ كۆڭلۈم، ئۆزۈم غەفلەتى،
مەنى ئودغۇرۇ بەردى ئۆدلەك ئۆتى.
غەپلەتتە قالغىنىم ئۈچۈن، كۆڭلۈم ئۇيقۇدا ئىدى،
زامان نەسىهەتى مېنى ئويغاتتى.

5691 كۆڭۈل كۆزى بىرلە باقىپ تەڭلەدىم،
ئۆزۈم يولدا ئازمىش تۇرۇپ تاڭلادىم.
كۆڭۈل كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزۈمنى سىناپ كۆردۈم،
(توغرا) يولدىن ئازغانلىقىمغا ئەجەبلەندىم.

5692 تىرىگلىك ئۇچۇقتى، يۇكۇم ئاغرۇدى،
يازۇقتىن ئۆزۈم بولدى يانغۇ ئۆدى.
هايات ئاخىرلاشتى، يۈكۈم ئېغىرلاشتى،
گۇناهلاردىن قايتىش پەيتىم كەلدى.

5693 كىشى تاپغى قىلدىم تىرىگلىك ئىدىپ، C340
بايات تاپغى قالدى، ئۇساندىم ئۇدىپ.
هاياتىم داۋامىدا كىشىلەرگە خىزمەت قىلدىم،
خۇدانىڭ ئىبادىتى قېپقالدى، بىخۇد (بولۇپ) ئۇخلىدىم.

5694 كەلۇ بەردى دۇنيا، تىرىگلىك بارىر،
تىرىگلىك تۇگەر، كۆر، بۇ دۇنيا قالىر.
دۇنيا ئۆتىۋەردى، هاياتمۇ ئۆتىۋەردى،
قارا، بۇ دۇنيا قالىدۇ، هايات تۈگەيدۇ.

5695 تىرىگلىك ئۇچۇن مەن تىلەدىم ئاۋۇن،
تىرىگلىك تۇگەدى، نەرەك بۇ ئوتۇن؟
ياشاش ئۈچۈن دۇنياغا ئىنتىلدىم،
ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى، ئەمدى بۇ پەس (دۇنيا) نېمىگە كېرەك؟

5696 كەچەر ئۇشمۇنۇقى بۇ كۇنكى كۇنۇم،
بۇلۇرمۇ ئۆزۈم بۇ كەلىگلى تۇنۇم؟
شۇنىڭدەك، بۈگۈنكى كۈنۈممۇ ئۆتۈۋاتىدۇ،
كەلگۈسى تۈنۈمگە ئېرىشەلەرمەنمۇ؟

5697 ساچىم بولدى يازقى گۇلەفتەك ئورۇت، B408
ساقال بولدى سوڭقۇر تۇستەك شاشۇت.
چېچىم كۈزگى گۈل بەرگىدەك غازاڭ بولدى،
ساقىلىم شۇڭقار پېيىدەك كۈمۈش تۈسكە كىردى.

5698 ئەتىنگۇ كەرەك مەن يارىنقى ئەتىك، A162
ئەتىلسە يارىنقى ئىشىم، ئاي تەتىك.

مەن ئەتىكى تەييارلىقىمنى قىلىشىم كېرەك،
ئاخىرەتلىك ئىشلىرىم تەييارلانسۇن، ئەي ئەقىللىك.

5699 مۇڭار مەنزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتغىل، ئايا كۆڭلى تۈز:
بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنۇ سۆز ئېيتىلغان،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي كۆڭلى تۈز:

5700 «بۇ كەچمىش تىرىگلىككە ئۆكۈنۈر ئۆزۈم،
نەچە ئەركى قالمىش كۈنۈم، ئاي يۈزۈم.
«ئۆتكەن هاياتىمغا پۇشايمان قىلىمەن،
قالغان كۈنلىرىم قانچىلىك قالغانكىن، ئەي ئاي يۈزلۈكۈم؟

5701 ياۋا باردى، ئەسىز، يىگىتلىك كۈنى،
ياۋا بارماسۇ بۇ كەلىگلى تۈنۈم».
ئىسىت، يىگىتلىك كۈنلىرىم بىھۇدە ئۆتتى،
(ئەمدى) كەلگۈسى تۈنۈم بىھۇدە بولمىسۇن».

5702 يارىن بولغۇ ئىشكە بۇ كۈن ئەت ئەتىك،
ماڭا مۇنداغ ئايدى بىلىكلىگ تەتىك.
بىلىملىك، زېرەك (كىشى) ماڭا مۇنداق دېدى:
ئەتە بولىدىغان ئىشقا بۈگۈن تەييارلىق قىل.

5703 بۇ كۈن ئەت، ئۇسانما، بۇ تاپغۇن ئىشىگ،
بۇ كۈن ئەتسە ئەتلۈر يارىنقى ئەتىك.
بىخۇد بولما، ئىبادەت ئىشلىرىنى بۈگۈن قىل،
بۈگۈن قىلساڭ، ئەتىكى ئىشىڭ هازىرلانغان بولىدۇ.

5704 يەدىم، ئىچتىم ئۆدتەك، يورىدىم ياۋا،
ئاچىپ، سۇۋساتايىن مۇنى مەن ئەۋە.
كالىدەك يەپ ـ ئىچىپ، بىكار يۈردۈم،
ئەمدى ئۆزۈمنى ئاچ ـ تەشنالىقتا سالاي.

5705 ئۆكۈش ئارزۇ نىئمەت يەيۇ سەمرىدى،
بۇ كۈن ئارغۇرايىن، يەتىلدى ئۆدى.
(ۋۇجۇدۇم) كۆپ نازۇنېمەتلەرنى يەپ سەمرىدى،
پەيتى كەلدى، بۈگۈن ئۇنى ئورۇقلىتىشىم كېرەك.

5706 تەلىم ياتتى ئىنچىن، تىلەكچە تۇرۇ،
بۇ كۈن تۇرسۇ ئەمدى ئاداقىن ئۆرۈ.
كۆپ ھالاۋەتتە ياشىدى، تىلىگىنىچە بولدى،
ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ ئۆرە تۇرسۇن.

5707 خەسىم قىلدى ئۆزگە قالىن، كۆپ كىشىگ،
سەۋىنچلىگ قىلايىن، ئەتەيىن ئىشىگ.
نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلدى،
ئۇلارنى خۇشال قىلاي، تەدبىرىنى كۆرەي.

5708 ئەلىگ، تىل ئۇزاتتىم كىشىگە تەلىم،
ئانىڭ ئۇزرى قولسۇ بۇ كۈن بۇ تىلىم.
كىشىلەرگە كۆپ قول تەگكۈزدۈم، تىل سۇردۇم،
بۇگۈن تىلىم ئۇلار ئۈچۈن ئۆزرە سورىسۇن.

5709 كىشىگ ساتغايۇ مەن يورىدىم ئۆكۈش،
ئۆزۈگ ساتغايىن مەن، ئاي ئەردە كۆسۈش.
مەن ئۇزۇن (ۋاقىت) كىشىلەرنى ئەيىبلەپ يۈردۈم،
ئەمدى ئۆزۈمنى ئەيىبلەي، ئەي ئەزىز.

5710 كۈرەك مەن، ئىدىمدىن كۈرەمىش ئوتۇن، C341
قامۇغ ئۆز يازۇقىقا كۆمۈلدى پۈتۈن.
مەن ئىگەمدىن قاچقان، يامان قاچقۇنمەن،
پۈتۈن بارلىقىم كۆپ گۇناھقا پاتتى.

5711 بۇ كۈن تەۋبە بىرلە ياناين مەنە،
ئىدىمدىن بۇ ئۇزرۇغ قولايىن مەنە.
بۇگۈن توۋا بىلەن ئۆزۈمگە يانىاي،
ئىگەمدىن ئۆز (گۇناھىم) ئۈچۈن ئۆزرە سوراي.

5712 ئۆلۈم تۇتماز ئەركەن، قىلايىن تاپۇغ،
ئۆلۈم تۇتسا قالغاي تاپۇغلار قۇرۇغ.
ئۆلۈم (ياقامنى) تۇتماستا ئىبادەت قىلاي،
ئۆلۈم يېپىشسا ئىبادەت قىلىنماي قالىدۇ.

5713 نەگۈ تەر ئەشىت، تىڭلا بىلكى پاتىغ،
ساڭا ئۆتلەر ئەمدى، ئاي كۆڭلى قاتىغ.

بىلىمى بەك چوڭقۇر (كىشى) نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) ساڭا نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ، ئەي دىلى قاتتىق:

5714 ئۆلۈمدە ئوزا يان، ئۆزۈڭنى يىغا،
ئۆلۈم تۇتسا ئۆكنۈپ ئاسىغ قىلماغا.
ئۆلۈمدىن بۇرۇن (پەيلىڭدىن) قايت، ئۆزۈڭنى يىغ،
ئۆلۈم يېپىشقاندا پايدىسىز پۇشايماننى قىلما.

5715 ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما، ئانۇن تەۋبەقا، B409
ئۇسانما، ئۆلۈم كەلگە، تۇتغا ياقا.
ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، تەۋبىگە ھازىرلان،
بىخۇد بولما، ئۆلۈم كېلىپ (بىر كۈنى) ياقاڭدىن تۇتىدۇ.

5716 يىگىتلىك ئۆدىندە يەتۈرگىل تاپۇغ،
قارىلىق يەتىلسە بارىر كۈچ قامۇغ.
يىگىتلىك مەزگىلىڭدە ئىبادەت قىلىۋال،
قېرىلىق يېتىپ كەلگەندە ھەممە كۈچ ـ قۇۋۋەت كېتىدۇ.

5717 تىرىگلىك كۆسۈش تۇت، ئەۋە قىل تاپۇغ،
ئۆلۈم تۇتماز ئەركەن، باقا تۇر ئودۇغ.
ھاياتنى قەدىرلە، ئالدىراپ ئىبادەت قىل،
ئۆلۈم (ياقاڭنى) تۇتماستا دىققەت قىل، سەگەك بول.

5718 ئۆلۈم تۇتماز ئەركەن ئودۇغ بول، ساقىن،
ئۆلۈم تۇتسا ئاسىغى بۇلۇماز، باقىن.
ئۆلۈم يېتىپ كەلمەستە سەگەك بول، (ئۆزۈڭنى) ساقلا،
ئۆلۈم يېتىپ كەلسە، (سەگەك بولىمەن دېيىشىڭ) پايدىسى يوق.

5719 مەن ئەمدى ساڭا كەلدىم ئاندىن تۇرۇپ،
بۇ ئىشكە كەڭەش بەر ئەدى كەد كۆرۈپ.
مانا، ئەمدى ئۇ يەردىن چىقىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم،
ياخشى ئويلاپ بۇ ئىشقا بىر مەسلىھەت بەرگىن.

5720 باغىرساق قاداشىم سەن ئەمدى ماڭا،
ياراغلى نەگۇ ئول، ئايۇ بەر، توڭا.
سەن مېنىڭ مېھرىبان قېرىندىشىمسەن،
بۇنىڭ ئامالى قانداق، ماڭا ئېيتىپ بەر، ئەي قەھرىمان.

74

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە كەڭەش بەرمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

5721 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: قاداش،
ئەشىتكىل سۆزۈمنى، ئاي كۆڭلى تۇداش.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) قېرىنداش،
سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، ئەي دىلكەش.

5722 ئەدى ئەدگۈ نىيەتنى قىلمىش ئۆزۈڭ،
بايات بەرسۇ تەۋفىق، يارۇتسۇ كۆزۈڭ.
سەن ياخشى نىيەت قىلغانىكەنسەن،
خۇدا تەۋپىق بېرىپ، كۆزۈڭنى ئاچسۇن.

5723 بىر ئۆك تۇرلۇگ ئەرمەز بۇ ئىشكە بىلىك،
پۈتە تۇرلۇگ ئىش بار، تەگۈرگۈ ئەلىگ.
بۇ ھەقتىكى بىلىم پەقەت بىر تۇرلۇكلا ئەمەس،
ھەر تۇرلۇك ئىش بار، بۇنىڭغا قول يەتكۈزۈش كېرەك.

5724 ئولاردا بىرى بۇ، ئايايىن ئەشىت،
ياراغى كۆرۈپ بىل، سەن ئۆترۈ ئىش ئەت.
بۇلاردىن بىرسى، مەن ئېيتاي، سەن ئاڭلا،
يارايدىغىنىنى كۆرۈپ بىل، ئاندىن ئەمەل قىل.

5725 بۇ كۈن ئاندا تۇرماق ساڭا ئەدگۈرەك،
يانا مۇندا تۇرماق ماڭا ئەدگۈرەك.
ھازىرچە ئۇ يەردە تۇرۇش سەن ئۈچۈن ياخشى،
مەن ئۈچۈن بولسا، بۇ يەردە تۇرۇش ئەۋزەل.

5726 سەنىڭدىن بۇ كۈن ئەلگە ئاسغى ئۆكۈش،
بۇزۇلسا ئاسىغ، بولغا قارغىش سۆكۈش.

بۇگۇن سىنىڭدىن ئەلگە پايدا كۆپرەك (تېگىدۇ)،
بۇ پايدىنى بۇزۇۋەتسەڭ، قارغىش ـ سۆكۈشكە قالىسەن.

5727 **ئەلىگ قىلدى ئەلگە، كۆر، ئەلگىڭ ئۇزۇن،** C342
قىلۇرسەن قامۇغ ئەدگۈ، ئاتىڭ تۇزۇن.
قارا، ئەلىگ ئەل (ئىچىدە) قولۇڭنى ئۇزۇن قىلدى،
ئۇرغۇن ياخشى (ئىشلارنى) قىلىۋاتىسەن، نامىڭ تونۇلدى.

5728 **بودۇن ئىنچكە تەگدى، ئەتىلدى ئەلى،** A163
دۇئا بىرلە تىنماز رەئىيەت تىلى.
خەلق ھالاۋەتكە يېتىشتى، ئەل روناق تاپتى،
رەئىيەت تىنماي دۇئا قىلماقتا.

5729 **نەگۈ تەر ئەشتكىل تۇسۇلۇر كىشى،** B410
تۇسۇلۇر كىشى ئول كىشىدە باشى.
پايدىلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
پايدىلىق كىشى كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر:

5730 **«كىشىلەر ئارا، كۆر، كىشى ئول بولۇر،**
ئانىڭدىن كىشىلەر ئاسىغلار بۇلۇر.
«قارا، كىشىلەر ئارىسىدا (ھەقىقىي) كىشى شۇكى،
ئۇنىڭدىن خەلق پايدا كۆرىدۇ.

5731 **ئاسىغسىز كىشىلەر كىشىدە تۇرى،**
ئاسىغلىغ كىشى ئاسىغى ئەلگە تولۇر».
پايدىسىز كىشىلەردىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ،
پايدىلىق كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئەلنى تولدۇرىدۇ».

5732 **نىيەت ئەدگۈ قىلسا كۆڭۈلدە كىشى،**
ئاژۇندا تىلەكتەك ئەتىلدى ئىشى.
كىشى كۆڭلىگە ياخشى نىيەت پۈكسە،
دۇنيادا (ھەممە) ئىشى تىلىگىنىدەك بولىدۇ.

5733 **نىيەت ئەدگۈ قىلغانقا ئەدگۈ بولۇر،**
نەچە قىلماسا ئول مۇيانىن بۇلۇر.
ياخشى نىيەت قىلغان (كىشىگە) ياخشىلىق كېلىدۇ،
(ئىشنى ئەمەلگە) ئاشۇرالمىسىمۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

5734 ئەمىنلىك، تۆرۈ ئەلگە ئىنچلىك تۇرۇر،
ئەلىگ بودنى سەندىن سەۋىنچلىگ تۇرۇر.
تىنچلىق ۋە قانۇن مەملىكەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى (تەمىنلەيدۇ)،
ئەل خەلقى سەندىن خۇشال بولىدۇ.
5735 تۆرۈ ـ ئۆڭدى ئەدگۈ ئۇرۇلدى تۇگەل،
ئەسىز يىتتى ئەلدە قودۇپ ھىلە ـ ئال.
قانۇن ـ قائىدىلەر ياخشى مۇكەممەل تۇرغۇزۇلسا،
يامانلار ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى قويۇپ، ئەلدىن يوقىلىدۇ.
5736 بۇلارىغ قودۇپ سەن، بەرۇ كەلسە سەن،
ئول ئىشلەر بۇزۇلغاي، ئۆكۈنچ بۇلغا سەن.
بۇلارنى تاشلاپ، سەن بۇ يەرگە كەلسەڭ،
ئۇ ئىشلار بۇزۇلىدۇ، ئۆزۈڭ پۇشايمان قىلىسەن.
5737 يانا تەگشۇرۇلگەي بۇ ئۆڭدى تۆرۈ،
بۇزۇلغا ئەلىڭ، قالماغاي بىر ئۆرۈ.
بۇ قانۇن ـ قائىدىلەر يەنە ئالمىشىپ كېتىدۇ،
ئەلمۇ بۇزۇلۇپ، قەددىنى رۇسلىيالمايدۇ.
5738 سەنىڭ ئورنۇڭا بىر ئەسىز ئورناغاي،
بودۇنۇغ ئۇلىتغاي، بىر ئىنچ ئىدماغاي.
سېنىڭ ئورنۇڭغا بىر يامان (ئادەم) ئورۇنلىشىدۇ،
خەلقىڭنى يىغلىتىپ بىردەممۇ تىنچلىق بەرمەيدۇ.
5739 ئەسىز يولقا تارتغاي ئەلىگنى ئەسىز،
ئەسىزلەر ئىشىنى تۇزۇپ قودغا ئىز.
يامان (ئادەم) ئەلىگنى يامان يولغا باشلايدۇ،
يامانلار ئىش قىلىپ، يامان ئىز قالدۇرىدۇ.
5740 سەنىڭدىن ئايىتغاي مۇنى بىر بايات،
بايات ئايىتىغى بار، يەمە ئەدگۇ ئات.
بىر خۇدا سەندىن بۇنى سورايدۇ،
خۇدانىڭ سورىقى بار، ياخشى نامىڭنى ساقلا!
5741 ئەسىز قىلماغۇ ھەم تۆرۈ ئۇرماغۇ،
ئەسىز قىلغۇچىقا بولۇ بەرمەگۇ.

يامانلىق قىلماسلىق ۋە قانۇننى بۇزماسلىق كېرەك،
يامانلىق قىلغۇچىلارغا يول قويماسلىق كېرەك.

5742 نەگۈ تەر ئەشىت قىلقى، كۆڭلى كۆنى، C 343
ساڭا ئۆتلەدى، كۆر، ئۆنتىما مۇنى:
قىلىقى ۋە كۆڭلى توغرا كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇ ساڭا نەسىھەت قىلىدۇ، بۇنى ئۇنتۇما:

5743 «ئەسىزگە قاتىلما، تۆرۈ ئۇرما سەن، B 411
ئەسىز قىلغۇچىقا بولۇ بەرمە سەن.
«يامانلارغا قېتىلما، قانۇننى بۇزما،
يامانلىق قىلغۇچىغا يول قويما.

5744 ئۆزۈڭ ئەدگۈلۈك قىل، تۆرۈ ئەدگۈ ئۇر،
تىرىل ئىككى ئاژۇن ئەسىز كۆرمە سەن».
ئۆزۈڭ ياخشىلىق قىل، ياخشى قانۇننى يولغا قوي،
ئىككىلا دۇنيادا يامانلىق كۆرمەي ياشايسەن».

5745 بايات بەردى تەۋفىق ساڭا ئەدگۈگە،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە سۇنۇپ تەگكۈگە.
خۇدا ساڭا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تەۋپىق بەردى،
ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشنى (نېسىپ قىلدى).

5746 نەگۈگە بۇزارسەن بۇ ئەدگۈلەرىگ،
ساڭا ياسى تەگگەي، ئاي كۆڭلى تىرىگ.
بۇ ياخشىلىقلارنى نېمىشقا بۇزىسەن؟
ئەي دىلى سەگەك، بۇنىڭدىن ساڭا زىيان تېگىدۇ.

5747 ئەل ئاسىغىن بۇزۇپ سەن، ئۆز ئاسىغىڭ قودۇپ،
نە ئەدگۈ تىلەرسەن بۇ يەرگە ئۇدۇپ؟
سەن ئەل پايدىسىنى بۇزۇپ، ئۆز پايداڭنىمۇ تاشلاپ،
بۇ يەرگە كېلىپ، نېمە ياخشىلىق تىلەيسەن؟

5748 ماڭا مۇندا يەگرەك تەدۇكى ئۆزۈم،
ئايايىن ساڭا مەن، ئاي كۆركلۈگ يۈزۈم.
مەن بۇ يەر ياخشىراق دېگەنلىكىمنى
ئۆزۈم ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي، ئەي چىرايلىقىم.

5749 ئۆزۈم دۇنيا، دەۋلەت بۇلۇپ كۆرمەدى،
تىلەك ـ ئارزۇلارقا كۆڭۈل بەرمەدى.
مەن دۇنيا، دۆلەت تېپىپ كۆرمىگەن،
ئارزۇ ـ تىلەكلەرگە كۆڭۈل بەرمىگەن.

5750 بودۇن بىرلە قاتلىپ يورىق تۇزمەدىم،
يا بەگلەر بىلە مەن قىلىق بىلمەدىم.
خەلققە قوشۇلۇپ، مۇناسىۋەت باغلىمىدىم،
ياكى بەگلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنمىدىم.

5751 ئۆزۈم كۆرمەدى بۇ ئاژۇن مالىنى،
يا ئەدگۈ، ئەسىز بۇ كىشى هالىنى.
بۇ دۇنيا مال ـ مۈلۈكلىرىنى كۆرگىنىم يوق.
ياكى كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان ئەھۋالىنى (بىلگىنىم يوق)،

5752 بۇ هالىغ بىلىردە نارۇ بارسا مەن،
ئەدى ئارتاق ئەردى تاپۇغ قودسا مەن.
بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ياققا بارسام
(ۋە) ئىبادەتنى تاشلىسام، قامالاشمىغان بولاتتى.

5753 كىشى كۆرمەدۈك بولسا ئالتۇن ـ كۈمۈش،
كۆرۈپ بۇلسا، قىلقى قىلۇر مىڭ سۆكۈش.
كىشى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى كۆرمىگەن بولسا،
بىر كۆرۈپلا، قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتسە، مىڭ لەنەتكە قالىدۇ.

5754 نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى سارتلار باشى،
ئاژۇن تەزگىنىگلى خىتاي ئارقىشى:
ئاڭلا، سودىگەرلەر باشلىقى،
دۇنيانى كەزگەن قىتان كارۋىنى نېمە دەيدۇ:

5755 «چىغايىن تىرىلسە كىشى نەڭسىزىن،
بايۇسا قودۇر ئول قىلىنچ ئەدگۈسىن.
«كىشى مال ـ دۇنياسىز كەمبەغەل ياشىغان بولسا،
بېيىغاندىن كېيىن ياخشى قىلىقلىرىنى تاشلايدۇ.

5756 چىغاي باي بولۇپ ئول بايۇسا قالى،
ئانىڭدىن كەتەر تەرك كۆنىلىك يولى.»

ئەگەر بىر كەمبەغەل باي بولۇپ بېيىسا،
ئۇ توغرا يولدىن تېز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ».
5757 بۇ قۇت بۇلمادۇق ئەر قالى بۇلسا قۇت،
بارۇ قىلقى ئارتار، قىلۇر ئەلگە يۇت.
بەختتكە ئېرىشمىگەن ئادەم بىردىنلا بەختكە يېتىشسە،
بارغانسېرى قىلىقى بۇزۇلۇپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.
5758 B 412 C 344 ئەلىگ بۇلمادۇق بۇلسا ئەلگە ئەلىگ،
ئۇزاتۇر بودۇنقا ئەلىگ هەم تىلىگ.
ئەلىگە ئىگە بولمىغان (ئادەم) ئەلگنى قولغا كىرگۈزۈۋالسا،
خەلققە (زۇلۇم) قولىنى سۇنىدۇ، تىل تەگكۈزىدۇ.
5759 سەن ئەمدى تۇگەل دۇنيا - دەۋلەت يەدىڭ،
كۆڭۈل باستىڭ، ئارزۇ - هەۋا بەكلەدىڭ.
سەن بۇگۇن تامامەن دۇنيا ۋە دۆلەتكە يېتىشتىڭ،
كۆڭلۈڭنى بېسىپ، ئارزۇ - هەۋەسلەردىن (ئۆزۈڭنى) ساقلىدىڭ.
5760 كۆزۈك تولدى، كۆڭلۈك يەمە ئامرۇلۇپ،
يورىرسەن ئەلىگ بىرلە ئەدگۈ بولۇپ.
كۆزۈك تويدى هەم كۆڭلۈڭنى توختاتتىڭ،
ئەلىگ بىلەن بىللە ياخشى يولدا مېڭىۋاتىسەن.
5761 بۇ بارچا باياتـ فەزلى ئەردى ساڭا،
قامۇغ ئەدگۈلۈك بەردى، قىزدى ئەڭە.
بۇلارنىڭ هەممىسى خۇدا ساڭا بەرگەن پەزىلەتتۇر،
ساڭا بارچە ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى، يۈزۈڭنى يورۇق قىلدى.

75

كۆنىلىككە كۆنىلىك كىشىلىككە كىشىلىك قىلماقىن ئايۇر

توغرىلىققا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئېيتىلىدۇ

5762 بۇ بىر تۇرلۇگى ئول، تاقى بىرسىنى
ئايايىن، ئەشتكىل، ئاچا مەن ئانى.
يۇقىرىقىلار بىر خىلدۇر، يەنە بىر خىلىنى
چۈشەندۈرۈپ ئېيتاي، سەن ئۇنى ئاڭلا:

5763 ئۇنىتتىڭمۇ ئەركى، ئازۇ ئۆرتۈلۈپ
بۇ ئىش ئۆترۇ تۇتتۇڭ، نە ئاسغى كۆرۈپ؟
ئۇنتۇدۇڭمۇ ياكى چۈشىنىلمەسلىك بولدىمۇ،
نېمە پايدىنى كۆزلەپ بۇ ئىشنى قىلماقچى بولدۇڭ؟

5764 بىلىرسەن، ئاژۇندا بۇ ئۆگدى ئۆكۈش
ۋەفالىغ كىشىگە بولۇر ئاي كۆسۇش.
بىلىسەنكى، دۇنيادا كۆپ مەدھىيەلەنگەنلەر،
ۋاپالىق كىشىلەردۇر، ئۇلار ئالقىشقا ئىگە، ئەي ئەزىز.

5765 ئاژۇن بولدى ئەرسە تۆرۈ ئۆڭدىسى، A164
كىشىگە كىشىلىك بولۇر بەلگۈسى.
دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى مەۋجۇت بولسا،
ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك (قىلىش) ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

5766 كىشى ئەدگۈلۈككە قىلۇر ئەدگۈلۈك،
بىرىگە يانۇتى قىلۇر ئون ئۇلۇك.
كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ،
بىر (ياخشىلىققا) ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

5767 كىمىڭ ئەسلى بولسا ئاتادىن ئارىغ،
ئانىڭدىن كەلىر ئەدگۇ ئەلگە ئاسىغ.

كىمنىڭ ئۆرۈقى دادىسىدىن تارتىپ ئېسىل بولسا،
ئۇنىڭدىن ئەلگە ياخشىلىق، پايدا كېلىدۇ.

5768 ئانا ئوغرىلىق سۈت ئالىنسا ياشۇت،
ئوغۇل توغسا ئاندىن بولۇر ئەلگە يۇت.
ئانا ئوغرىلىقچە شەھۋەت سۈيىدىن ئېلىپ،
ئوغۇل تۇغسا، ئۇ ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

5769 باقا كۆر سەن ئەمدى ئەلىگ ئەدگۈسىن،
ئۆزۈڭ بۇلدى نىئمەت يەگۈ كەدگۈسىن.
ئەلىگنىڭ ياخشىلىقلىرىغا نەزەر سال،
سەن ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە، مەئىشەتلىرىگە ئېرىشتىڭ.

5770 بۇ ئەردەم، بىلىك، يا ئۇقۇشقا قامۇغ
سەبەب بولدى ئەلىگ، ئاچىلدى قاپۇغ.
بۇ پەزىلەتلەر، بىلىم ـ پاراسەتلەرنىڭ ھەممىسىگە
ئەلىگ سەۋەب بولدى، ئىشىكلەر ئېچىلدى.

5771 سەنى ئات ـ ئاياغ بىرلە قىلدى ئۇلۇغ،
ساڭا ئەدگۈلۈككە ئول ئاچتى قاپۇغ.
سېنى نام ۋە ئۇنۋان بىلەن ئۇلۇغ قىلدى،
ياخشىلىق (قىلىشىڭ) ئۈچۈن ساڭا ئىشىك ئېچىپ بەردى.

5772 ئۇنىتتىڭمۇ ئەركى بۇ ئەدگۈلەرىگ، B413
يانۇت قىلماغۇمۇ، ئاي كۆڭلى تىرىگ.
بۇ ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك ئەمەسمۇ، ئەي دىلكەش؟

5773 ئىرىك سۆزلەدىم مەن سۆزۈگ، ئاي ئاداش، C345
ئەرىلمە، سەرىلمە، كۆڭۈل قىلما باش.
ئەي قېرىنداش، مەن سۆزنى قوپال سۆزلىدىم،
رەنجىمە، خاپا بولما، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما.

5774 كۆنى سۆز ئىرىك ئول، كۆڭۈلگە ئاچىغ،
سىڭۈرسە ئانىڭ ئاسغى بەرگەي تاتىغ.
توغرا سۆز قوپال (بولىدۇ)، كۆڭۈلگە ئاچچىق تېگىدۇ،
ھەزىم قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى لەززەت بېرىدۇ.

5775 ئىرىك سۆزگە پۇشما قالى تەگسە سۆز،
كۆنى سۆز ئىرىك، ئول، ئەرىگلەنمە ئۆز.
قاتتىق تەگسمۇ، قوپال سۆزگە غەزەپلەنمە،
توغرا سۆز قوپالدۇر، بۇنىڭدىن رەنجىمە.
5776 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى سۆزۇم،
ئەشىتكىل مۇنى سەن، ئاي كۆركلۇگ يۇزۇم.
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، مۇنۇ سۆزنى ئېيتاي،
بۇنى سەن ئاڭلا، ئەي چىرايلىقىم:
5777 «كۆنى سۆز ئاچىغ ئول، سىڭۇرگىل ئانى،
يارىن ئاسغى كەلگەي، سۇچىتگەي سەنى.
«توغرا سۆز ئاچچىق (بولىدۇ)، ئۇنى ھەزىم قىل،
پايدىسى كېيىن بولىدۇ، سېنى لەززەتلەندۇرىدۇ.
5778 كۆنى سۆز كۆڭۇلگە، كۆر، ئاچىغ ـ ئىرىك،
ئىرىك سۆز كۆنى ئول، كۆنى سۆز قانى؟»
قارا، توغرا سۆز كۆڭۇلگە ئاچچىق، قوپال تېگىدۇ،
قوپال سۆز توغرا بولىدۇ، توغرا سۆز قېنى؟»
5779 سەن ئوغلان كىچىگ ئەركەن ئۆلدى ئاتاڭ،
بىلىك، ئەردەم ئۇستەپ قىزارتمادىڭ ئەڭ.
سەن كىچىك چېغىڭدىلا ئاتاڭ ئۆلۇپ كەتتى،
بىلىم ـ پەزىلەتنى ئىگىلەپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىلالمىدىڭ.
5780 ئەلىگ ئالدى، كۆرگىل، ئىگىدتى سەنى،
ئانىن بولدۇڭ ئەمدى كىشىلەر سانى.
ئەلىگ سېنى (ئۆز تەربىيەسىگە) ئالدى، پەرۋىش قىلدى،
ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن سەن ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلدۇڭ.
5781 بۇ قۇل كۇڭ، ئات ئادغىر بۇ يەر سۇۋ قامۇغ،
ئەلىگدىن تەگىپ ئاچتى دەۋلەت قاپۇغ.
بۇ قۇل ـ كېنىزەكلەر، ئات ـ ئارغىماق، يەر ـ سۇ ھەممىسى،
ئەلىگ تەرىپىدىن بېرىلىپ، دۆلەت ئىشىكىڭ ئېچىلدى.
5782 ئۆزۈڭ بۇلدى نىئمەت قامۇغ ئەدگۈلۇك،
يادىلدى ئاتىڭ ئەلدە، بولدۇڭ كۆلۇگ.

كۆپ ياخشىلىقلارغا، نازۇنېمەتلەرگە ئىگە بولدۇڭ،
ئەلدە نامىڭ يېيىلدى، شۆھرەت تاپتىڭ.

5783 يارارمۇ ساڭا ئەمدى ياندرۇ تۇرۇپ،
ئۆزۇڭ يۈز ئەۋۇرسە ياغىتەك بولۇپ.
ئەمدى بۇنىڭ تەتۈرىچە مەيداندا تۇرۇپ،
دۈشمەندەك يۈز ئۆرۈسەڭ، ساڭا يارىشارمۇ؟

5784 تۇسۇلغۇ ئۆدىندە سەن ئاندىن قاچىپ،
ئۆڭىن تۇرسا سەن، قالغا كۆڭلى ئاچىپ.
پايداڭ تېگىدىغان مەزگىلدە، سەن ئۇ يەردىن قېچىپ،
چەتتە تۇرساڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىشىپ قالىدۇ.

5785 ساڭا قىلدى ئەلىگ قامۇغ ئەدگۈلۈگ،
يانۇتى كەرەكسىزمۇ يانرۇ كۈلۈگ.
ساڭا ئەلىگ كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى،
ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك ئەمەسمۇ، ئەي شۆھرەتلىك؟

5786 كىشى كۆرسە، ئۆگسە سەنى ئالقايۇ،
ئاتىڭ بارسا ئەلدە ۋەفالىغ تەيۇ.
كىشىلەر سېنى كۆرگەندە ئالقىشلاپ ماختىسۇن.
ئەلدە «ۋاپادار» دېگەن نامىڭ تارقالسۇن.

5787 نەگۇ تەر ئەشىتكىل كىشى ئەدگۈسى، B414
كىشىلىك بولۇر چىن كىشى بەلگىسى.
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
چىن كىشىنىڭ بەلگىسى ئادەمگەرچىلىك قىلىشتۇر.

5788 كىشىلىك قىل، ئاي ئەر، كىشى بول ئۇلۇغ،
كىشى مۇنداغ ئۇردى كىشىلىك يولۇغ.
ئەي، يىگىت، ئادەمگەرچىلىك قىل، ئۇلۇغ كىشى بول.
كىشىلىك يولىنى ئادەم ئەنە شۇنداق تۇتۇش كېرەك.

5789 كىشى بول، كىشىگە كىشىلىك قىلىن، B346
كىشى ئاتى، ئۆگدى ئۆزۈڭگە ئالىن.
كىشىگە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ھەقىقىي ئادەم بول،
ئۆزۈڭگە «ئادەمىي» دېگەن ماختاشلىق نامنى ئال.

5790 ساڭا ئەدگۈ قىلدى ئەلىگ مىڭ يانۇت،
ئۇل ئەدگۈ يانۇتى سەن ئەدگۈ ئانۇت.
ساڭا ئەلىگ مىڭ باراۋەر ياخشىلىق قىلدى،
سەنمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بەر.

5791 يانۇتلۇغ كىشى ئۇل كىشى ئەدگۈسى،
بودۇندا تالۇسى، كىشى بەلگۈسى.
ياخشىلىققا جاۋاب بېرەلەيدىغان كىشى ياخشى كىشىدۇر.
(ئۇ) خەلق ئىچىدە سەرخىل، ئادەملەر ئىچىدە تونۇلغان (كىشىدۇر).

5792 كىچىگ ئەردىڭ ئوغلان بىلىكسىز، ئوتۇن،
سەنى ئۇل يۆلەدى، قوپۇردى قۇتۇن.
بىلىمسىز، نادان بىر كىچىك ئوغۇل ئىدىڭ،
ئۇ سېنى يۆلەپ، بەخت پەللىسىگە كۆتۈردى.

5793 يۇلۇغ قىل ئاڭار ئەمدى جانىڭ تەنىڭ،
ئۆدىپ ياتما، تۈن ـ كۈن ئىشىن قىل ئانىڭ.
ئەمدى ئۇنىڭغا جان، تېنىڭنى پىدا قىل.
ئۇخلاپ ياتما، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ ئىشىنى قىل.

5794 ئۇل ئەدگۈ يانۇتى بۇ ئەدگۈ ئانۇت،
ساڭاما بايات بەرگە ئەدگۈ يانۇت.
ئۇ ياخشىلىق ئورنىغا بۇ ياخشىلىق تەييار تۇرسۇن،
خۇدا ساڭىمۇ ياخشى جاۋاب قايتۇرغۇسى.

5795 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، ئاي كۆڭلى ياقىن،
كىشىلىك قىلىغلى باغىرساقلىقىن:
مېھرىبانلىق بىلەن ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي كۆڭلى يېقىن:

5796 «كىمىڭ سەن ئاشىن يەسە، سەن قىل ئىشىن،
باغىرساقلىق ئارتۇر، ھەلال يە ئاشىن.
«سەن كىمنىڭ ئېشىنى يېسەڭ، شۇنىڭ ئىشىنى قىل،
ئېشىنى ھالال يېگىن، مېھرىبانلىقى ئاشىدۇ.

5797 تۈز ـ ئەتمەك ھەقىنى كۈدەزىپ ئەرەن،
يەتۈرمىش كىشىگە يۇلۇغلار باشىن».

مەرد كىشى نان ـ تۇز ھەققىگە دىققەت قىلىپ،
يېگۈزگەن كىشىگە بېشىنى پىدا قىلىدۇ».

5798 تىلەك بۇلدۇڭ ئارزۇ، قاموغ ئەدگۈ يول،
بۇ كۈن ئەدگۈ بىرلە ئاڭار سەن تۇسۇل.

ئارزۇ ـ تىلەككە، كۆپ ياخشى يوللارغا ئېرىشتىڭ،
بۈگۈن ياخشىلىق بىلەن ئۇنىڭغا پايدىلىق بول.

5799 ئاغى كەدتى ھەرىر، ئۆزۈڭ ئۆرتتى ئۆز،
سەنى ياڭساغۇچى كۆرۈپ قامدى كۆز.

يىپەك (تون) كىيدىڭ، ئۆزۈڭنى تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن يۆگىدىڭ،
ساڭا ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ قاراپ كۆزى قاماشتى.

5800 سەن ئەمدى ئەلىگكە كەدۇر ئەدگۇ ئات، A165
كۆرۈپ سىزسۇ دۇشمەن، بويۇن ئەگسۇ يات.

ئەمدى سەن ئەلىگكە ياخشى نام كەلتۈر،
دۈشمەنلەر كۆرۈپ ئۆرتەنسۇن، ياتلار بويۇن ئەگسۇن.

5801 تۇمەن ئارزۇ نىئمەت يەدىڭ ئىنچلەنىپ،
بويۇن يال بەدۇتتۇڭ بۇقاتەك قىلىپ.

ھالاۋەت ئىچىدە كۆپ ئارزۇ، نېمەتلەرگە ئىگە بولدۇڭ.
بۇقىدەك(سەمرىپ)، بويۇن ۋە يالىڭنى كۆتۈردۈڭ.

5802 بۇ كۈچ تۇتغىل ئەمدى ئەلىگ ئىشىڭە، B415
دۇئا ئارتسۇ ئەدگۇ ئۇزۇن ياشىڭا.

ئەمدى ئەلىگنىڭ ئىشىغا كۈچۈڭنى سەرپ قىل،
ياخشى دۇئاغا ئىگە بول، ئۇزۇن ياشا.

5803 ئاژۇن مالى تەردىڭ، ئۆزۈڭ بولدى باي،
كەۋەل مىندىڭ، ئارقۇن، يەمە تازى تاي.

دۇنيا ماللىرىنى توپلىدىڭ، باي بولدۇڭ،
يورغا ئارغىماقلارنى، ئارغۇن ۋە ئەرەب تايلىرىنى مىندىڭ.

5804 ئەلىگكە يۇلۇغ قىلغىل، ئىشلەت بۇ نەڭ،
تىلەكلەرى بولسۇ، قىزىل قىلسۇ ئەڭ.

بۇ نەرسىلەرنى ئەلىگكە پىدا قىل، ئىشلەت،
تىلەكلىرىنى تاپسۇن، يۈزىنى يورۇق قىلسۇن.

B 347 5805 ئەلىگ تەختقە مىنسۇن بۇ كۈن ئىنچرۇنۇپ،
ياغىسى يەر ئۆپسۇ يىراق يىنچرۇنۇپ.
ئەلىگ بۇگۈن راھەت ـ پاراغەت بىلەن تەختكە مىنسۇن،
دۈشمەنلىرى ئۇزاق تولغىنىپ، يەر ئۆپسۇن.
5806 ئۇزۇن قىلدى ئەلگىڭ، يورىق قىلدى سۆز،
سەۋەر ـ سەۋمەز ئەرسە ساڭا ئاچتى كۆز.
(ئەلىگ) قولۇڭنى ئۇزۇن، سۆزۈڭنى راۋان قىلدى،
ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ، ياخشى كۆرمەيدىغانلارمۇ ساڭا ئەرزىنى ئېيتتى.
5807 سەن ئەمدى دۇئا ئارتۇر، ئەدگۈ ئاداش،
سەنىڭ بولسۇ دەۋلەت، ئۇزۇن بولسۇ ياش.
سەن ئەمدى كۆپرەك دۇئا قىل، ئەي ياخشى بۇرادەر،
دۆلەت ساڭا (يار) بولسۇن، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.
5808 كىشى ئەسلى مۇنداغ قىلۇر ئەدگۈلۈگ،
ئول ئاتى ئاژۇندا قالىر مەڭۈلۈك.
ئېسىل كىشىلەر ئەنە شۇنداق ياخشىلىق قىلىدۇ.
ئۇنىڭ نامى دۇنيادا مەڭگۇ قالىدۇ.
5809 ئەدى ياقشى ئايمىش بۇ تازى تىلى،
كىشى ئەسلى بىلگۈگە ئاچمىش يولى.
ئەرەب تىلىدا ياخشى بىر سۆز ئېيتىلغان،
(بۇ سۆز) كىشىلەرنىڭ ئېسىلىنى بىلىشكە يول ئاچتى:
5810 «كىشى ئەسلىڭا، كۆر قىلىنچى تانۇق،
قىلىنچى نە ئەرسە، كۆر، ئەسلى ئولئوق.
«قارا، كىشىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ھەرىكىتى گۇۋاھ،
ھەرىكىتى قانداق بولسا، ئەسلىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
5811 كىمىڭ ئەسلى ئەدگۈ، قىلىنچى ئوڭاي،
ئەسىز ئەسلىڭا كەندۇ قىلقى تانۇق».
كىمنىڭ ئەسلى ياخشى بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ،
يامانىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ئۆز ھەرىكىتى گۇۋاھتۇر».
5812 ئەلىگ قىلىق ئەۋۇرسە، ئاي قىلقى سىلىگ،
ئانى ئەۋرە ياندۇر، ئايۇ بەر بىلىك.

ئەي خۇش پېئىل، ئەلىگ پەيلىنى ئۆزگەرتسە،
ئۇنى تەكرار توغرا يولغا باشلا، بىلىم بىلەن (ياندۇر).

5813 قامۇغ ئەدگۈلۈككە ئەلىگ بولدى باش،
بۇ ئەدگۈگ قودۇپ سەن ئۆزۈڭ قىلما تاش.
بارلىق ياخشىلىقلارغا ئەلىگ باش بولدى،
بۇ ياخشىلىقلارنى تاشلاپ، ئۆزۈڭنى چەتلەشتۇرمە.

5814 كەڭەش قىلدىڭ ئەمدى ئىنانىپ ماڭا،
ئۆزۈم بىلمىشىم بارچا ئايدىم ساڭا.
ماڭا ئىشىنىپ مەسلىھەت سالدىڭ،
بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېيتتىم.

5815 مەن ئايمىشلارىم ھەم ئۆزۈڭ بىلمىشىڭ،
باقىپ تەڭلەيۇ كۆر، ئاچىلغاي ئىشىڭ.
مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى (ۋە) ئۆزۈڭ بىلگەنلىرىڭنى
قاراپ، سېلىشتۇرۇپ كۆر، ئىشلىرىڭ ئايدىڭلىشىدۇ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5816 سەۋىندى، كۆر، ئۆگدۈلمىش ئايدى: قاداش،
بۇ ياڭلىغ كەرەك ئاي كىشىلىككە باش.
ئۆگدۈلمىش خۇشال بولدى ۋە دېدى: ئەي قېرىنداش،
ئۇلۇغ ئادەم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

5817 ئەدى ياقشى ئايدىڭ بۇ سۆزلەر بۇ كۈن، B 416
يازىلدى ماڭا بۇ تۈگۈلمىش تۈگۈن.
بۈگۈن سۆزلەرنى بەك ياخشى ئېيتتىڭ،
بۇ (سۆزلەر) مەندىكى تۈگۈننى يەشتى.

5818 ماڭا ئۆرتۈگ ئەردى بۇ سۆزلەر نەچە،
كۆتۈردۈڭ بۇ ئۆرتۈگ سەن، ئايدىڭ ئاچا.
بۇ سۆزلەر بەزىدە ماڭا (روشەن ئەمەس) ئىدى،
سەن پەردىنى ئېچىپ، ماڭا روشەن سۆزلىدىڭ.

5819 ئۆزۈم قودتى ئەمدى بۇ ئارزۇ ـ تىلەك،
باياتئوق بولۇ بەرسۇ ئارقا يۆلەك.
مەن ئەمدى بۇ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمنى تاشلىدىم،
پەقەت خۇدايىملا ماڭا ئارقا تىرەك بولسۇن.

5820 كۇدەزسۇ ئىدىم، تۇتسۇ كۆڭلۈم تۇزە،
نە قىلقىم، قىلىنچىم كۆنىلىك ئۇزە.
ئىگەم (مېنى) ھىمايە قىلىپ، دىلىمنى رۇسلىغاي،
پەيلىم ـ ھەرىكىتىمنى توغرا (يولغا) سالغاي.

5821 دۇئا بىرلە يارى باسۇت قىل ماڭا، C348
ئۇنىتما مەنى سەن، تۇتۇزدۇم ساڭا.
دۇئا بىلەن يار ـ يۆلەك بول، ياردەم قىل،
مېنى ئۇنتۇما، (ئۆزۈمنى) ساڭا تاپشۇردۇم.

5822 سۆزىن كەستى، قوپتى ئاداقىن ئۆرۈ،
ئەسەنلەشتى، ئاتلاندى كەلدى بەرۇ.
(ئۆگدۈلمىش) سۆزىنى تۈگىتىپ، ئورنىدىن قوپتى،
ئېسەنلىشىپ، ئېتىغا مىندى ـ دە، قايتىپ كەلدى.

5823 ئەۋىگە كەلىپ تۈشتى، كىردى يورىپ،
ئاش ـ ئىچگۇ يەدى، تىندى ئانچا سەرىپ.
ئۆيىگە كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشتى، ئۆيگە كىردى،
غىزا ـ تاماق يېدى، بىرئاز دېمىنى ئالدى.

5824 قودى ئىدتى كەسمە، يارۇق يۇز تۇدى،
قالىق تۇل تونى كەدتى، بەلىن بادى.
(پەلەك) چېچىنى تۆۋەن چۈشۈردى، يورۇق يۈزىنى ياپتى،
ئاسمان تۇل كىيىمى كىيىپ، بېلىنى باغلىدى.

5825 ياشىق يازدى بولغاي ئۆرۈكلۈگ ساچى،
تىيىلك، كىش ئۆڭى تۇتتى دۇنيا ئىچى.
قۇياش ئۆرۈم چاچلىرىنى چۇۋۇغاندەك بولدى،
دۇنيا قوينى قۇندۇز ۋە قاما تۇسىگە كىردى.

5826 تۆشەك قولدى، ياتتى بىر ئاز ئىنچرۇنۇپ،
ئۇدىدى بىر ئانچا سۇچىگ ئامرۇلۇپ.

ئورۇن سالدى، بىر ئاز تىنچلىنىپ ياتتى،
بىر ئاز ۋاقىت راھەتلىنىپ تاتلىق ئۇخلىدى.

5827 ئودۇندى، باقا كۆردى كۆتۈرۈپ باشىن،
قالىق قىز كۆلەرتەك يىرىشتى تىشىن.
ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ (ئەتراپقا) قارىدى،
ئاسمان قىز كۈلگەندەك چىشىنى كۆرسىتىپ (تەبەسسۇم) قىلدى.

5828 ياشىق باش كۆتۈردى، يۈز ئاچتى ياڭى،
ئاژۇن يۈترۈ تۈتتى ئۈرۈڭ قۇش ئۆڭى.
قۇياش بېشىنى كۆتۈرۈپ، قايتىدىن يۈزىنى ئاچتى،
دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپى ئاق قۇش رەڭگىگە كىردى.

5829 تۇرۇ كەلدى تەركىن، كۆر، ئۆگدۈلمىشە،
يۇنۇپ، تاڭ نەماز قىلدى، تاتتى ئاشا.
ئۆگدۈلمىش ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى،
تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ناشتا قىلدى.

5830 ئاتىن مىندى، باردى يانا قارشىقا،
تۇشۇپ كىردى ئەلىگ تاپارۇ ئوقا.
ئېتىنى مىنىپ، يەنە سارايغا باردى،
(ئېتىدىن) چۈشۈپ، توپتوغرا ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىردى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5831 ئايىتتى ئەلىگ ئاندىن ئودغۇرمىشىغ،
ئايۇر: ئىنچ ـ ئەسەن بارمۇ قىلقى پىشىغ؟
ئەلىگ ئۇنىڭدىن ئودغۇرمىشنى سورىدى:
ئۇ كامىل ئىنسان تىنچ ـ ئامان بارمۇ، دېدى.

5832 A166 B417 نەگۈ تەر، مەنى ئۇشگۈرۈرمۇ دۇئان؟
دۇئا ئول باياتتىن بەلاقا ئەمان.
نېمە دېدى، مېنى دۇئادا ئەسلەپ تۇرۇپتۇمۇ؟
(ئۇنىڭ) دۇئاسى بىلەن خۇدا بالادىن ئامان قىلىدۇ.

5833 دۇئا بىرلە يالڭۇق بۇلۇر ئەدگۇلۇك،
دۇئا بىرلە ئۇچماق بۇلۇر مەڭۇلۇك.
ئىنسان دۇئا بىلەن ياخشىلىققا يېتىشىدۇ،
دۇئا بىلەن مەڭگۇلۇك جەننەتكە يېتىشكىلى بولىدۇ.
5834 ئاژۇندا يوق ئەرسە بۇ ئەدگۇ دۇئا،
ئەسىز يەر قودى بارغاي ئەردى توغا.
دۇنيادا ياخشى دۇئا بولمىغان بولسا،
بۇ يامان يەر پالاكەت ئورىسىغا ئايلانغان بولاتتى.

ئۆگدۇلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5835 يانۇت بەردى ئۆگدۇلمىش ئايدى :بۇ سۆز
كۆنى يارلىقادى، بىلىك بىرلە تۇز.
ئۆگدۇلمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
بىلىمگە مۇناسىپ هالدا توغرا سۆزلەرنى قىلدى.
5836 قاداشىم بۇ كۇن ئاندا يالڭۇزلۇقۇن،
دۇئا بىرلە بىزنى قولۇر مۇڭلۇغۇن.
قېرىندىشىم بۇگۇن ئۇ يەردە يالغۇزلۇقتا،
موهتاجلىقتا بىزگە دۇئا قىلماقتا.
5837 بىزىڭدە ئۇسالراق ئادىن كىم بولۇر،
يازۇق بىز قىلۇرمىز، دۇئا ئول قىلۇر.
بىزدىنمۇ غاپىلراق يەنە كىم بولسۇن،
گۇناهنى بىز قىلىمىز، ئۇ (بىز ئۇچۇن) دۇئا قىلىدۇ.
5838 بۇ كۇن ئول ئەلىگكە باغىرساقلىقىن،
دۇئا تىلدە كەسمەز، نە كۆڭلى ياقىن.
بۇگۇن ئۇ ئەلىگكە مېهرىبانلىق ۋە
دىلى يېقىنلىق بىلەن ئۇزمەي دۇئا قىلماقتا.
5839 ئانىڭدا باغىرساق تاقى كىم بولۇر، C 349
ئۆزى قادغۇسىن قودتى، بىزنى قولۇر.

ئۇنىڭدىنمۇ مېھرىبان يەنە كىم بار؟
ئۆز قايغۇسىنى تاشلاپ، بىز (ئۇچۇن) قايغۇرماقتا.

5840 بىزنىڭدە ئۇستۇنراق كىم ئول، ئاي ئەلىگ،
ياۋا بولدى ئۆد كۈن، تەگۈمەز ئەلىگ.
ئەي ئەلىگ، بىزدىنمۇ غاپىلراق كىم بار؟
ئۆمرىمىز بىكار ئۆتۈپ كەتتى، ئىبادەتكە قولىمىز تەگمىدى.

5841 ئۆزۈگ ئاززۇ نىئمەت بىلە سەمرىتىپ،
ئەرەژ بىرلە ئاۋنۇر ئۆزۈمىز ياتىپ.
ۋۇجۇدىمىزنى ئارزۇ ـ نېمەتلەر بىلەن سەمرىتىپ،
راھەت ـ ھالاۋەتتە ياتماقتىمىز.

5842 ئەت ئۆز ئۆلگۈ ئاخىر، يەگەي قۇرت، يىلان،
ئۆكۈنچتە ئادىن يوق چىقىپ بارسا جان.
ۋۇجۇدىمىز ئاخىر ئۆلۈپ، قۇرت ـ يىلانغا يەم بولىدۇ،
جان چىقىۋاتقاندا پۇشايماندىن باشقا (ھېچ ئامال) قالمايدۇ.

5843 نەگۈ تەر ئەشىتگىل ئۇقۇشلۇغ سۆزى،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتسا تاپ ئول، ئاي قوزى.
ئەقىللىكلەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىش كۇپايە، ئەي قوزام:

5844 «ئەت ئۆز سەمرىر ئەرسە يىلان، قۇرت ئانۇق، B 418
ئۆزۈڭ سەۋنۇر ئەرسە، كەچىكلى قونۇق.
«ۋۇجۇد سەمرىسە، قۇرت ـ يىلانغا يەم بولۇشى ئېنىق،
ئۆز شادلىقىڭنى دېسەڭ، ئۆتكۈنچى مېھمانسەن.

5845 تۇشۇڭتەك كەچەر بۇ تىرىگلىك بارىر،
تىرىگلىك كەچەرگە كەچەر كۈن تانۇق».
بۇ ھايات چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، يوقىلىدۇ،
ھاياتلىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر گۇۋاھتۇر».

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5846 يانۇت بەردى ئەلىگ ئايۇر: ئاي بۆگۈ،
نەتەگ تۇتغۇ ئۆزنى، نەگۈتەگ كۈگۈ.
ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي دانا،
ئۆزىنى قانداق تۇتۇش ۋە قانداق كۆزىتىش كېرەك؟

5847 سەنىڭدە باغىرساق ئادىن يوق ماڭا،
ئىنانىپ، ئىشانۇرمەن ئەمدى ساڭا.
مەن ئۈچۈن سەندىنمۇ مېھرىبانراق كىشى يوق،
ساڭا تامامەن ئىشىنىمەن ۋە ئىشەنچ قىلىمەن.

5848 مەن ئەمدى ئەۋ ئىچرە ياتۇر مەن ئۇسال،
ئىشىم بارچا تاشتىن، ئاي بىلگى تۇگەل.
مەن مانا ئۆي ئىچىدە غەپلەتتە ياتماقتىمەن،
ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا، ئەي بىلىمى كامىل.

5849 كۆزۈم سەن، قۇلاقىم سەن، كۆرگىل، ئەشىت،
نە تەگسىز كۆرۈنسە، كۆرۈ ئىدما، ئەت.
سەن — كۆزۈم ھەم قۇلىقىم؛ كۆر، ئاڭلا؛
نېمىكى مۇۋاپىق كۆرۈنسە، قاراپ تۇرما، چارە كۆر؛

5850 مەنىڭدىن كەرەك بولسا يارى باسۇت،
ماڭا ئاي، قىلايىن ئۇل ئىشكە مەن ئۇت.
مەندىن يار - يۆلەك، ياردەم كېرەك بولسا،
ماڭا دېگىن، مەن ئۇ ئىشقا ئامال تاپاي.

5851 نۇ قىلسۇن ئەر - ئات بىر ئەكىندى بىلە، C350
ياۋا قىلما مەنى، سەۋنچىم تىلە.
ئەسكەر - خىزمەتچىلەر بىر - بىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغاي،
مېنى ئاۋارە قىلماي، ماڭا ئارام بەرگىن (ئىشنى بىر تەرەپ قىلغۇەر).

5852 بودۇندىن يىراق تۇتسۇ كۈچكەي ئەلىگ،
بىلىكسىز، ئەسىز ئۆلسۇ، قالسۇ بىلىك.

زالىمنىڭ قولى خەلقتىن يىراق تۇرسۇن،
بىلىمسىز ـ نادانلار يوقالسۇن، بىلىم قالسۇن.

5853 بايۇسۇ بودۇن ھەم ئەتىلسۇ ئەلىم،
ئانىڭ شۇكرى قىلسۇ مەنىڭ بۇ تىلىم.
خەلق بېيىسۇن ھەم ئىلىم راۋاج تاپسۇن،
بۇ تىلىم ئۇنىڭ ئۈچۈن شۈكۈر دېسۇن.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5854 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئاي بەگ،
بايات بەرسۇ تەۋفىق، ئايا ئەردە يەگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
خۇدا تەۋپىق بەرسۇن، ئەي ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى.

5855 تىلەكىم بۇ ئول، كۆر، كەرەكىم بۇ ئول،
ئاچا بارسۇ تەڭرى كۆنى، ئەدگۈ يول.
قارا، تىلىكىم ھەمدە ئېھتىياجىم شۇكى،
تەڭرىم توغرا ۋە ياخشى يول ئېچىپ بەرسۇن.

5856 ئەرەژلەنسۇ ئەلىگ، تىرىلسۇ قۇتۇن،
ماڭا تەگسۇ ئەمگەك، باش ئاغرىغ پۇتۇن.
ئەلىگ ھالاۋەتكە (ئىگە بولسۇن) ۋە بەخت ئىچىدە ياشىسۇن،
بارلىق مۇشەققەت ـ باش ئاغرىقى ماڭىلا قالسۇن.

5857 ساڭا قىلدىم ئەمدى ئۆزۈمنى يۇلۇغ، B419
سەن ئىنچىن تىرىلگىل، ئاي ئەلچى ئۇلۇغ.
مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ساڭا پىدا قىلدىم،
سەن راھەت ئىچىدە ياشا، ئەي ئەل ئۇلۇغى!

5858 بىر ئۆك ھاجەتىم بار سەنىڭدىن بۇ كۈن،
يورىق قىل ئانى سەن سەۋىنچىن ئۆگۈن.
بىرلا ھاجىتىم بار، بۈگۈن سېنىڭدىن (سورايمەن)،
ئۇنى سەن خۇشاللىق (ۋە) ئىدراك بىلەن راۋا قىل.

5859 بىلىرسەن، كىمى تۇتسا بەگلەر ياقىن،
كىشى بارچا سوڭدار ئانىڭ بار- يوقىن.
بىلىسەنكى، بەگلەر كىمنى يېقىن تۇتسا،
كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.
5860 نەچەمە مەنى ئەدگۈ تۇتسا ئۆزۈك،
يوڭاغچى يوڭاسا، تۈگۈلگەي يۈزۈك.
مېنى سەن قانچىلىك ياخشى تۇتساڭمۇ،
چېقىمچىلار چاقسا، قاپىقىڭ تۈرۈلىدۇ.
5861 نەگۈ تەر ئەشىتكىل توڭا ئالپ ئەرىگ،
بىلىپ سۆزلەمىش، كۆر، بۇ ئۆت ساۋ، ئەرىگ.
جەسۇر، قەھرىمان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) بۇ پەند - نەسىھەتنى بىلىپ سۆزلىگەن:
5862 ئەت ئول بۇ كىشى كۆڭلى، ئارتار، يىدىر،
ئانى كەد كۈدەزگۈ، ئاي قىلقى قادىر.
كىشىنىڭ كۆڭلى گۆشتۇر، (ئۇ) ھىدلاپ قالىدۇ، بۇزۇلىدۇ،
ئۇنى بەك ئاسراش كېرەك، ئەي ئىرادىلىك كىشى.
5863 نەچە كەد ئەر ئەرسە يوڭاغ تىڭلاماز،
ئوزۇنچى ئارا كىرسە، سەرىنۇ ئۇماز.
چېقىمچىلىقنى خالىمايدىغان قانچىلىك ياخشى كىشى بولسىمۇ،
غەيۋەتخورلار ئارىغا كىرسە، سەۋر قىلالمايدۇ.
5864 نەچە كەد بەگ ئەرسە ئۇقۇشلۇغ، ئودۇغ،
ياڭاغچى ياقىن بولسا تەگرۈر يودۇغ.
نەقەدەر ئەقىللىك، سەگەك بەگ بولسىمۇ،
چېقىمچىلار يېقىن بولسا، (ئۇنىڭغا) مالاللىق كەلتۈرىدۇ.
5865 كۆڭۈل بەگ تۇرۇر، بۇ ئەت ئۆز قۇل، ئەسىر،
ئارا سۆزگە تومىلىر ئارالا ئىسىر.
كۆڭۈل بەگدۇر، ۋۇجۇد بولسا (ئۇنىڭغا) قۇل، ئەسىردۇر،
سۆزگە گاھىدا ئىسسىيدۇ، گاھىدا سوۋۇيدۇ.
5866 كىشى تەبئى تۆرت ئول، قارىشما ياغى، A167
بىرى كۈلدۈرۈر، بىر قىلۇر ئۇن چوغى.

كىشىنىڭ تەبىئىتى تۆت (خىل) بولۇپ، ئۆزئارا دۈشمەندۇر،
بىرى كۈلدۈرىدۇ، بىرى ماجىرا تۇغدۇرىدۇ.

5867 بىرى ئەۋسە، بىرى ئامۇللۇق تىلەر، C 351
بىرى كۇلسە، بىرى سىغىتقا ئۇلار.

بىرى — ئالدىرىسا، (يەنە) بىرى — ئېغىر - بېسىقلىقنى خالايدۇ،
بىرى كۈلسە، (يەنە) بىرى يىغلاشقا باشلايدۇ.

5868 سەۋىنچلىگ تەدۇكتە ساقىنچ كەلدۇرۇر،
ساقىنچلىغ تەسە، بۇ سەۋىنچ كۇلدۇرۇر.

خۇشال بولدۇم دېگەندە قايغۇ كەلتۈرىدۇ،
قايغۇردۇم دېگەندە، شادلىق كۈلدۈرىدۇ.

5869 مۇڭار ئەيمەنۇرمەن، ئاي ئەلىگ قۇتى،
يوڭاغلى يوڭاسا بۇ يالڭۇق ئىتى،

ئەي بەختلىك ئەلىگ، مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەنكى،
ئادەمنىڭ ئىتى — چېقىمچى چېقىشتۇرۇپ قالسا،

5870 ئاغىر بولغا كۆڭلۇك، تۆڭۈلگەي ئۆزۈك،
ياۋا بولغا تاپغۇم، ئەۋۇرگەي يۇزۇك.

دىلىڭ رەنجىيدۇ، (ماڭا) تەتۈر قاراپ (قالىسەن)،
خىزمىتىم بىكار بولىدۇ، يۈزۈڭنى ئۆرۈيسەن.

5871 تىلەكىم بۇ ئۇل ھەم ئۆتۈگۈم ساڭا،
مەنى كىم يوڭاسا، ئايىتغىل ماڭا.

تىلىكىم ۋە ئىلتىماسىم شۇ:
مېنى كىم چېقىشتۇرسا، مەندىن (ئەھۋالنى) سورىغىن.

5872 تۇپىڭە تەگۇ ئىرتە، ئارتۇق ئايىت، B 420
نەگۇ بەلگۇرەر ئەرسە، قىلغىل ئەۋەت.

تېگىگە يەتكۈچە سۈرۈشتۈر، كۆپ سورا،
نېمە ئېنىقلانسا، دەرھال چارە كۆر.

5873 ساڭا كىم يوڭاسا ئەشىتكىل سۆزىن،
چىنىن، يالغانىن كەد ئايىت تۇپ تۆزىن.

ساڭا كىم (مېنى) چاقسا، سۆزىنى ئاڭلا،
راستىنى، يالغىنىنى سورىغىن، تېگى - تەكتىنى (سۈرۈشتۈر).

5874 ئەدى ياقشى ئايمىش كىشىدە بۇرۇن،
سۆزۈگ تىڭلا، قىلما كۆڭۈلدە ئورۇن.
بۇرۇنقى كىشىلەر بەك ياخشى ئېيتقانىكەن،
سۆزنى ئاڭلا، (لېكىن) ھەممىسىنى كۆڭلۈڭدە تۇتما.

5875 تاقى مۇندا يەگرەك ئايۇر ئۇشبۇ سۆز،
مۇنى ئىشكە تۇتغىل، ئايا ئەدگۇ ئۆز.
بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يەنە بىر سۆز بار،
بۇنىڭغا ئەمەل قىل ئەي ياخشى كىشى:

5876 سۆزۈگ بارچا تىڭلا، كەرەكىنى ئال،
كەرەكسىز سۆزۈگ سەن يانا ئەۋرە سال.
ھەممە سۆزنى ئاڭلا، كېرەك بولغىنىنى (كۆڭلۈڭگە) ئال،
كېرەكسىز سۆزنى (شۇ يەردىلا) قايتۇرۇۋەت.

5877 ئەشتكىل سۆزۈگ، ئىرتە يالغان، چىنىغ،
چىنىغ ئۆزگە ئالغىل، قىنا يالغانىغ.
سۆزلەرنى ئاڭلىغىن، (لېكىن) راست ـ يالغىنىنى تەكشۈر،
راستىنى ئۆزۈڭدە قالدۇر، يالغىنىنى جازالىغىن.

5878 بۇ يالغان كىشى بىرلە ئارتار ئاژۇن،
كۆنى، چىن كىشى تۇت، ئاي ئەلگى ئۇزۇن.
يالغانچى كىشى بىلەن دۇنيا بۇزۇلىدۇ.
توغرا، چىن كىشىنى (دوست) تۇت، ئەي ھوقۇقدار.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5879 يانۇت بەردى ئەلىگ ئايۇر: ئاي كىشى،
رەۋا بولدى ھاجەت تىلەكىڭ تۇشى.
ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي كىشى،
ھاجىتىڭ تىلىگىنىڭچە راۋا بولدى.

5880 كىشىلىك ساڭا بەردى ئەركىلىك بايات،
كۆڭۈل، تىل، قىلىق ھەم كۆنى بولدى ئات.

قادىر خۇدا ساڭا ئادەمىيلىكنى ئاتا قىلدى،
دىلىڭ، تىلىڭ، ھەرىكىتىڭ ۋە نامىڭمۇ توغرا بولدى.
5881 سەنىڭدىن قاچان كەلگە ئەسىز يورىق؟
ئۈرۈڭ سۈت بىلە كىردى ئەدگۈ قىلىق.
سەندىن قانداقمۇ يامان ھەرىكەت سادىر بولىدۇ؟
ساڭا ياخشى قىلىق ئاق سۈت بىلەن كىرگەن.
5882 سەنى سۆزلەگۈچى كىشىلەر ماڭا،
ياغىتەك ياغى ئول، ئاي بىلىكى كەڭە.
سېنى ماڭا (چېقىپ) سۆزلىگۈچى كىشىلەر
مەن ئۈچۈن ئەشەددىي دۈشمەندۇر، ئەي بىلىمى كەڭ!
5883 قاچان تىڭلاغايمەن ئولارنىڭ سۆزىن، C 352
ئاپاڭ سۆزلەسەلەر ئۆكۈش، يا ئازىن.
مەيلى كۆپ سۆزلىسۇن، مەيلى ئاز(سۆزلىسۇن)،
ئۇلارنىڭ سۆزىنى قانداقمۇ ئاڭلايمەن؟
5884 نەگۈتەك بولۇر ئەلدە ئەلچى ئۇلۇغ،
ئادىرماسا ئەدگۈ، ئەسىزىگ قامۇغ؟
ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالمىسا،
ئەلدە قانداقمۇ ئۇلۇغ ھاكىم بولغىلى بولىدۇ؟
5885 نەتەك بەگ بولۇر ئول بودۇن ئەركلىگى، B 421
كۆنى، ئەگرىنى ئادرا تۇتماز ئۆگى؟
ئىدراك بىلەن توغرا ـ ئەگرىنى ئايرىيالمىسا،
قانداقمۇ خەلقنى باشقۇرىدىغان بەگ بولالايدۇ؟
5886 قاچان يەر ئەلىن ئول تۇنەرمىش كۈنە،
سىنامىش كىشىگ ئول سىناسا يانا؟
سىنالغان كىشىنى يەنە سىناپ يۈرسە،
كەلگۈسى كۈنلەردە ئەلنى قانداقمۇ باشقۇرالايدۇ؟
5887 قالى ئارزۇ يەر ئول تۆرۈ بەرگۈچى،
كۆنى، يالغانىغ ئادرا تۇتماز تۇچى؟
ئەگەر توغرا بىلەن يالغاننى دائىم پەرقلەندۈرەلمىسە،
قانۇن چىقارغۇچى قانداقمۇ ئارزۇسىغا يېتىدۇ؟

5888 باياتتىن ماڭا چىن ئەتا سەن بۇ كۈن،
سەنىڭدىن يازىلدى قامۇغ بەرك تۈگۈن.
بۈگۈن خۇدا سېنى ماڭا ھەقنقىي ئاتا قىلدى،
سەن بىلەن نۇرغۇن چىگىچ تۈگۈنلەر يېشىلدى.

5889 تاپۇغ قىلدىڭ ئارتۇق باغىرساقلىقىن،
ئۆتەدىڭ ماڭا سەن تۈز ـ ئەتمەك ھەقىن.
ئارتۇق مېھرىبانلىق، (سەمىمىيلىك) بىلەن خىزمەت قىلدىڭ،
نان ـ تۇز ھەققىنى ئادا قىلدىڭ.

5890 مەنىڭدىن كەرەك ئەمدى ئەدگۇ يانۇت،
ساڭا تەگسە سەن يە، تىرىگلىك ئانۇت.
مەن ئەمدى (بۇنىڭغا) ياخشى جاۋاب (قايتۇرۇشۇم) كېرەك،
ساڭا نېسىپ بولسا، تىرىكلىكىڭدە ئەسقېتىپ قالار.

5891 نەگۇ تەر ئەشتكىل كىشى ئەدگۇسى،
كۆنىلىك بىلە خەلققە يادمىش كۈسى.
ئادىللىق بىلەن خەلق ئىچىدە داڭقى چىققان
ياخشى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5892 «كىشى ئەدگۇسى كىم كىشىلەر باشى،
كىشىلىك قىلىغلى كىشىگە تۈشى.
«كىشىلەرگە مۇناسىپ ئادەمگەرچىلىك قىلغۇچى —
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى، سەرخىلى،

5893 كىشىگە يانۇت قىل كىشىلىك تەگى،
يانۇتلۇغ ئۇچۇن ئات ئۇرۇندى كىشى».
كىشىگە ئادەمگەرچىلىكىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇر،
جاۋابلىق بولغاچقا كىشىگە كىشى دېگەن نام بېرىلگەن».

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5894 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ،
ئەرەزلەنسۇ، ئەلگە يەتۈرسۇ بىلىك.

ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
ھالاۋەت كۆرسۇن، ئەلگە بىلىم يەتكۈزسۇن.

5895 باياتت بەرسۇ ئىككى ئاژۇن ئەدگۈسى،
ئاۋا كەلسۇ ئارزۇ تىلەك، ئۇمدۇسى.

خۇدا ئىككى دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى ئاتا قىلسۇن،
ئارزۇ ـ تىلەك، ئۈمىدلىرى قولغا كەلسۇن.

5896 بولۇ بەرسۇ ئەۋرەن ئوڭاي ئەۋرۈلۈپ،
ئۇدۇ بەرسۇ ئۆدلەك تىلەكچە بولۇپ.

دەۋران (ئۇنىڭ) بولسۇن، (ئۇ) خالىغانچە ئايلانسۇن،
زامان (ئۇنىڭ) تىلىگىنىچە ئۆتىۋەرسۇن.

A168 5897 ئاي كۆڭلى كۆنى، قىلقى ئالچاق پۈتۈن،
تىرىگ بول، ئەسەن تۇر، تىرىلگىل قۇتۇن.

ئەي كۆڭلى توغرا، مىجەزى كەمتەر، ئىشەنچلىك (ھاكىم)،
(كۆپ) ياشا، ئامان بول، بەختىيار ھايات كەچۈرگىن!

C353 5898 ماڭا تەگدى سەندىن قامۇغ ئەدگۈلۈك،
ئاغىرلىق، يا بايلىق، يەگۇ ـ كەدگۈلۈك.

ماڭا سەندىن كۆپ ياخشىلىقلار كەلدى،
قەدىرلەندىم، بايلىققا، يېمەك، كىيىم ـ كېچەككە ئىگە بولدۇم.

5899 مۇنۇ قۇر بادىم مەن تاپۇغقا قاتىغ،
باياتت بەرسۇ تەۋفىق، ئاي بىلكى پاتىغ.

مانا، مەن خىزمەت (ئۈچۈن) قاتتىق بەل باغلىدىم،
خۇدا تەۋپىق بەرسۇن، ئەي چوڭقۇر بىلىملىك.

B422 5900 يانا ئايدى ئۆگدۈلمىش، ئەلىگ قۇتى،
ئاژۇنقا باياتت يادتى ئەدگۇ ئاتى.

ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: (ئەي) بەختلىك ئەلىگ،
خۇدا ياخشى نامىڭنى دۇنياغا يايدى.

5901 ئات ئەدگۇ تىلەگىل، باياتت بەردى قۇت،
قۇتۇغ بۇلدۇڭ ئەرسە، كۆڭۈل ئەدگۇ تۇت.

خۇدا بەخت بەردى، ياخشى نامىڭنى تىلە،
بەختكە ئېرىشكەندە، كۆڭلۈڭنى ياخشى تۇت.

5902 تۆچى بەگ بولايىن تەسە بەلگۈلۈگ،
بۇ تۆرت نەڭ كەرەك، ئۆترۈ تەگسە ئۇلۇگ.
داۋاملىق بەگ بولاي دېسەڭ، روشەنكى،
مۇنۇ تۆت نەرسە كېرەك، ئاندىن (بەگلىكتىن) بەھرىمەن بولىسەن:

5903 بىرى، تىل كۆنى بولسا قەۋلى پۈتۈن،
ئىكىنچى، تۆرۈ قىلسا ئەلكە قۇتۇن.
بىرىنچى، تىلى توغرا، سۆزى ئىشەنچلىك بولسا،
ئىككىنچى، ئەلگە بەخت (بېرىدىغان) قانۇن چىقارسا.

5904 ئۈچۈنچى، ئەلىگ يازسا، بولسا ئاقى،
تەگۈرسە بودۇنقا باغىرساقلىقى.
ئۈچىنچى، قولنى ئېچىپ، سېخىي بولسا،
خەلققە مېھرىبانلىق يەتكۈزسە.

5905 بۇ تۆرتىنچ، تەتىملىگ كەرەك بولسا ئالىپ،
ياغى بويىنىن ئەگسە، ئىشىن قىلسا يارپ.
تۆتىنچىسى شۇكى، باتۇر ۋە جاسارەتلىك بولۇپ،
دۈشمەننىڭ بويىنىنى ئېگىپ، ئىشىنى سەرەمجان قىلسا.

5906 قايۇ بەگ بۇ تۆرت ئىش تۈگەل قىلماسا،
ئەرۈكلۈك كىرۈر ئەلخە ئاندا باسا.
قايسى بەگ بۇ تۆت ئىشنى تولۇق ئادا قىلمىسا،
شۇنىڭدىن كېيىن ئەلگە ئىختىلاپ چۈشىدۇ.

5907 بۇ ئول ئەمدى بەگلىك كۆكى يىلدىزى،
بۇ ئول ئەدگۈ بەگلەر يورىقى ئىزى.
بەگلىكنىڭ ئۇلى ۋە يىلتىزى شۇلاردىن ئىبارەت،
ياخشى بەگلەرنىڭ يولى، ئىزىمۇ شۇدۇر.

5908 يورىق بۇزماغىل سەن، بۇ ئىزچە يورى،
بۇ ئەردى سەنىڭدە ئۇزاقى قۇرى.
يولۇڭنى بۇزما، شۇ ئىز بويىچە ماڭ،
سەندىن بۇرۇنقىلارنىڭ يولىمۇ شۇ ئىدى.

5909 قايۇ بەگ بۇ يول قودسا، تۇتسا ئۆڭىن،
بۇزار بەگلىكىن ئول، ئالۇماز ئوڭىن.

قايسى بەگ بۇ يولنى تاشلاپ، چەتنەپ كەتسە،
بەگلىكىنى بۇزىدۇ، ئوخشۇشلۇقتا ئىگە بولالمايدۇ.

5910 ئاغىر تۇت، ئاي ئەلىگ، بۇ ئۈچ تۇرلۇگۇگ،
ئايايىن ساڭا مەن ماڭا تۇت ئۆگۈگ.

ئەي ئەلىگ، مۇنۇ ئۈچ تۇرلۇك (كىشىنى) قەدىرلە،
بۇنى ساڭا ئېيتاي، زېھنىڭنى قويۇپ (ئاڭلا):

5911 بىرى، ئالپ، ئاتىم، قۇرچ يۇرەكلىگ ئەرەن،
قىلىچ بىرلە ئەلگە تۇسۇلۇر تۇمەن.

بىرىنچىسى جەسۇر، مەرگەن، قۇرچ[1] يۈرەكلىك يىگىت،
(بۇنداقلار) قىلىچ بىلەن ئەلگە كۆپ پايدا كەلتۈرىدۇ.

5912 ئىكىنچى، بۆگۈ بىلگە ئەلچى كىشى،
كەڭەشكە تۇسۇلۇر، ئەتەر ئەل ئىشى.

ئىككىنچىسى، دانا، بىلىملىك ئەل ھاكىملىرى،
(بۇلار) كېڭەشكە پايدىلىق، ئىشنى روناق تاپقۇزىدۇ.

5913 ئۈچۈنچى، تەتىك، ئۇز بىتىكچى بولۇر،
كىرىش ھەم چىقىش بىلسە قازناق تولۇر.

ئۈچىنچىسى، زېرەك ۋە چىرايلىق (يازىدىغان) كاتىپلار بولۇپ،
كىرىم ـ چىقىم (ھېسابىنى) بىلسە، خەزىنىنى تولدۇرىدۇ.

5914 سەچە تۇت بۇلارىغ سەن، ئادرا ئۆڭى، B423 C354
ئاغىرلا ئاچىنغىل، كۆر، ئاسغى تەڭى.

سەن بۇلارنى ئايرىمچە، باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇت،
پايدىسىغا مۇناسىپ (ھالدا) قەدىرلە، ئىنئام قىل.

5915 تۇرۇ ئەتلۇ بارغاي قامۇغ ئىشلەرىڭ،
ئەلىڭ ئارتا بارغاي، كەڭۇگەي يەرىڭ.

ھەممە ئىشلىرىڭ تەرتىپكە چۈشۈپ، بارا ـ بارا راۋاج تاپىدۇ،
ئېلىڭنىڭ (كۈچى) ئارتىدۇ، يېرىڭ كېڭىيىدۇ.

5916 ئاتىڭ ئەدگۇ بولغاي، چاۋىقغاي ئۆزۇك،
ئازۇن بودنى كۆرمەك تىلەگەي يۇزۇڭ.

---

① قۇرچ — پولات، گاڭ.

ناماڭ ياخشى بولىدۇ، شۆھرىتىڭ چىقىدۇ،
دۇنيا خەلقى يۈزۈڭنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

5917 يەمە ياقشى ئايمىش كىشى بىلگەسى،
كىشى ئۆلسە ئۆلمەز، كۆر، ئات ئەدگۈسى.
كىشىلەرنىڭ داناسى بەك ياخشى ئېيتقانكى،
ئادەم ئۆلسىمۇ، نامىنىڭ ياخشىلىقى ئۆلمەيدۇ.

5918 نە ئەدگۈ بولۇر، كۆر، ئات ئەدگۈ بولۇپ،
ئۆلۈپ بارسا بارماز، كۆر، ئاتى ئۆلۈپ،
قارىغىنا، (كىشىنىڭ) نامى ياخشى بولسا،
ئۆزى ئۆلسىمۇ، نامى ئۆلمەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن ياخشى!

5919 تىرىگ تە كىم ئۆلسە، كۆر، ئەدگۈ ئاتىن،
نەچە ياتسا ئوپراپ قارا يەر قاتىن.
ياخشى نامغا ئىگە بولغان كىشى (ئۆلۈپ)
قارا يەر قېتىدا چىرىپ ياتسىمۇ، ئۇنى تىرىك ھېسابلا.

5920 تىرىگلىك تىلەمە، ئات ئەدگۈ تىلە،
ئاتىڭ ئەدگۈ بولسا، تىرىگ سەن كۈلە.
تىرىكلىكنى ئىزدىمە، ياخشى نام (چىقىرىشنى) ئىزدە،
ناماڭ ياخشى بولسا، تىرىك ۋە شاد (ياشىغىنىڭ شۇ).

5921 تىرىگلىك قايۇ ئول، كۆر، ئەدگۈ قايۇ،
ئايۇ بەر ماڭا سەن ئاي بىلگە بۆگۈ.
قانداق ياشاش ۋە قانداق ياخشىلىق (قىلىش) كېرەك،
بۇنى ماڭا ئېيتىپ بەر، ئەي بىلىملىك دانا.

5922 بۇ ئەدگۈ تۇرۇر، كۆر، كۆنىلىك چىنى،
تىرىگلىك تۇرۇر كۆرسە ئەدگۈ ئاتى.
ھەقىقىي ياخشىلىق چىنلىق ۋە توغرىلىقتۇر،
ياخشىلىقنىڭ ئۆزى ھاياتلىقتۇر.

5923 كىم ئەدگۈ قىلىنچ تۇتسا بولدى تىرىگ،
كىم ئەسىز قىلىق تۇتسا ئۆلدى تىرىگ.
كىمكى ياخشىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك ياشىغان بولىدۇ،
كىمكى يامانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولىدۇ.

5924 كەچەر دۇنيا، كەچمەز بۇ ئەدگۇ قىلىق،
بۇ ئەدگۇ قىلىق بىرلە ئەدگۇ يورىق.
دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت (مەڭگۇ) قالىدۇ،
ياخشى قىلىق بىلەن ياخشى ئادەت (يوقالمايدۇ.)

5925 يايىغ دۇنيا سەندىن ئەۋۇرسە يۇزى،
كەرەك بولغۇ ئەدگۇ تۇرۇر، ئاي قوزى.
بىۋاپا دۇنيا سەندىن يۈز ئۆرۈگەندە،
ئەسقاتىدىغىنى (قىلغان) ياخشىلىقىڭدۇر، ئەي قوزام.

5926 ئاۋىنما بۇ دۇنيا بىلە، ئاي ئەلىگ،
ۋەفا قىلغۇ ئەرمەز، يەتۇرگىل بىلىك.
ئەي ئەلىگ، بۇ دۇنياغا ھېرىس بولما،
(ئۇ) ۋاپا قىلمايدۇ، بۇنى ياخشى بىل.

5927 ئويۇن ساقىنشى ئول بۇ دۇنيا ئىشى،
ئاداقىن تىلەسە، بەرۇر بۇ باشى.
بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى (بىر) ئويۇن ھېسابلا،
ئاياغلىشىشىنى خالىساڭ (يېڭى) باشلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

5928 ئويۇنقا قاتىلما، ئۇسا ئاي ئۇنۇر،
ئويۇنقا قاتىلسا بويۇن باغلانۇر.
ئويۇنغا قېتىلما، سەگەك بول، ئەي قۇدرەتلىك،
ئويۇنغا قېتىلساڭ، بوينۇڭ باغلىنىدۇ.

5929 كۆرۈ بارسا ياقشى بىتىمىش بىتىك،
ئۇنىتما بۇ سۆزنى، ئاي كۆڭلى تەتىك:
دىققەت قىلساڭ، كىتابتا بەك ياخشى يېزىلغان،
بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇما، ئەي دىلى زېرەك:

B424 5930 بۇ دۇنيا ئىشى، كۆر، ئويۇن ئول ئويۇن،
ئويۇنقا قاتىلما، نەرەك بۇ ئويۇن.
قارا، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىر ھىيلە ـ نەيرەڭدۇر،
نەيرەڭگە ئارىلاشما، بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

C355 5931 ئىدىڭ يارلىغى قىل، ئۆزۈڭ قۇللۇقى،
قالى قىلماسا سەن، ئانۇق تۇت بويۇن.

ئىگەڭنىڭ بۇيرۇقىنى (ئورۇنلا)، ئۆز قۇللۇقۇڭنى قىل،
ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، بېشىڭنىڭ كېتىشى ئېنىق.

* * *

5932 مۇنۇقى، ئاي ئەلىگ، ئۆزۇم بىلمىشىن، A169
ئۆتۈندۇم ساڭا مەن ئىچىن هەم تاشىن.
ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم ئەنە شۇلار ئىدى،
ئىچىم ۋە تېشىمدىكى (هەممىنى) ساڭا بايان قىلدىم.

5933 سۆزۈم تۇتسا تۇتغىل، قالى تۇتماسا
ئۆزۈڭ كۆرگە، شەكسىز ماڭا يۇتمەسە.
سۆزۈمنى ئاڭلىساڭ ئاڭلا، ئەگەر ئاڭلىمىساڭ
ۋە ماڭا ئىشەنمىسەڭ، شەكسىز (بىر كۈنى) ئۆزۈڭ كۆرۈپ قالىسەن.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5934 ئەلىگ ئايدى: تەۋفىق قولۇرمەن تۇرۇپ،
باياتتىن بۇ ئىشكە كۆڭۈل تۈز ئۇرۇپ.
ئەلىگ ئېيتتى: كۆڭلۈمنى تۈز تۇتۇپ،
بۇ ئىشقا خۇدادىن تەۋپىق تىلەيمەن.

5935 تىلەسە بايات بەرگە يارى باسۇت،
ماڭا ئۆرتلۈر ئەرسە، ئانى سەن يارۇت.
تەلەپ قىلسا، خۇدا ياردەم ـ مەدەت بېرىدۇ،
مەن ئۇچۇن روشەن بولمىغان بولسا، سەن يورۇتۇپ بەر،

5936 قاتىغلان، تاشىرتى قامۇغ ئىشكە باق،
ئودۇغ بول، قۇلاق، كۆز يىتى تۇت ـ ما ساق.
غەيرەت قىلىپ، سىرتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزەت،
سەگەك بول، قۇلاق، كۆزۈڭنى ئىتتىك قىل.

5937 كۈچۈك يەتمىشىن قىل، ئىنانما ماڭا،
تاقى قالسا يارى قىلايىن ساڭا.

كۆچۆكۈ يىتىشچە ئىشلە، ماڭا يۆلەنمە،
يەنە بەزى ئىشلار قالسا، ساڭا ياردەملىشمەن.

* * *

5938 سۆزۆگ كەستى ئەلىگ، تىلىن تىندى ئول،
تۆرۆپ چىقتى ئۆگدۆلمىش ئاقرۇ ئامۆل.
ئەلىگ سۆزىنى تۆگەتتى، ئاغزىنى يۇمدى،
ئۆگدۆلمىش ئاستا ئورنىدىن تۆرۆپ (سىرتقا) چىقتى.
5939 ئاتىن مىندى، كەلدى ئەۋىگە يانا،
تۆشۆپ كىردى ئەۋكە، سۆچۆلدى تونا.
ئېتىنى مىنىپ يەنە ئۆيىگە كەلدى،
ئۆيگە كىرىپ، تونىنى يەشتى.
5940 كەچە ياتتى، ئەرتە يانا ئاتلانىپ،
تۆرۆپ قارشىقا كىردى ئاتتىن ئىنىپ.
كېچىدە ئۇخلىدى، ئەتىگەندە يەنە ئاتلىنىپ
سارايغا باردى، ئېتىدىن چۈشۈپ ئىچكىرى كىردى.
5941 قاتىغلاندى ئۆگدۆلمىش ئاندا نارۇ،
قامۇغ ئىشنى قىلدى ئاداقىن ئۆرۇ.
شۇندىن بۇيان ئۆگدۆلمىش غەيرەت قىلدى،
تىك تۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى بېجىردى.
5942 بودۇن ئىنچكە تەگدى، ئەتىلدى ئاژۇن،
ئەرەژلەندى ئەلىگ، ئاۋىندى ئۆزۆن.
خەلق هالاۋەتكە يەتتى، دۇنيا تۈزەلدى،
ئەلىگ خاتىرجەم بولدى، شادلاندى.
5943 ئەلى تولدى ئەدگۇ دۇئا بىرلە سۆز، B425
ئاتى قالدى مەڭۇ بولۇپ يىتگۇسۇز.
ئېلى ياخشى دۇئا بىلەن (مەدھىيە) سۆزلىرىگە تولدى،
نامى مەڭگۇ يوقالمايدىغان بولۇپ قالدى.
5944 نە ئەدگۇ تۇرۇر، كۆر، بۇ ئەدگۇ تۆرۇ،
تۆرۇ بىرلە بەگلىك تۇرۇر ئول ئۆرۇ.

قارا، ياخشى قانۇن نىمىدىگەن ياخشى،
قانۇن ـ نىزاملار بىلەن بەگلىك ئۆرە تۇرالايدۇ.

5945 بۇ ياڭلىغ بەگ ئەرسە بودۇن باشچىسى،
مەڭىلىگ بولۇر بودنى، ئەل بارچاسى.

خەلققە ئەنە شۇنداق بەگ باشچىلىق قىلسا،
خەلقمۇ، ئەلمۇ ـــ ھەممىسى پاراۋان بولىدۇ.

5946 بودۇنما مۇتىئ بولسا قىلقى كۆنى،
ئانىن ئۆترۇ بەگلەر يارۇتۇر كۇنى.

خەلقمۇ ئىتائەتكار، قىلىقلىرى توغرا بولسا،
ئاندىن بەگلەرنىڭ كۇنى يورۇق بولىدۇ.

5947 بۇ بەگلەر باياتتىن مۇسەللەت تۇرۇر، C356
بودۇن ئەدگۇ بولسا، بەگ ئەدگۇ بولۇر.

بۇ بەگلەر خۇدادىن (ئەۋەتىلگەن) يول باشلىغۇچىلاردۇر،
خەلق ياخشى بولسا، بەگمۇ ياخشى بولىدۇ.

5948 ئەسىز قىلسا بودنى بەگ ئەسىز قىلۇر،
ئەسىزگە ئەسىز قىلسا، ئۆترۇ تىلۇر.

خەلقى يامانلىق قىلسا، بەگمۇ يامانلىق قىلىدۇ،
يامانغا يامانلىق قىلسا، ئاندىن (يامان) تىنىدۇ.

5949 يورىق تۇزسە بودنى بەگى قىلق تۇزەر،
قىلىق تۇزسە بەگلەر، تۇزۇن ئەل سۇزەر.

خەلق يۇرۇش ـ تۇرۇشىنى تۇزەتسە، بېگىمۇ خۇي ـ پەيلىنى تۇزىتىدۇ،
بەگلەر خۇي ـ پەيلىنى تۇزەتسە، ئەل تۇزىلىدۇ، تازىلىنىدۇ.

*   *   *

5950 بىر ئانچا يەمە كەچتى ئۆدلەك، كۇن، ئاي،
ئاژۇن كۆركى كەلدى، بودۇن بولدى باي.

شۇنداق قىلىپ، كۇن ـ ئايلار، زامانلار ئۆتتى،
دۇنيا گۇزەللەشتى، خەلق باي بولدى.

5951 تۇمان توز ئارىدى، ئاچىلدى تاڭۇق،
تۇزۇلدى، سۇزۇلدى قامۇغ بۇلغانۇق.

تۇمان ـ توزانلار تارقىدى، تاڭ يورۇدى،
ھەممە بۇلغىنىشلار تۈزەلدى، تازىلاندى.
5952 شۈكۈر قىلدى ئەلىگ باياتقا يانا،
تەلىم ئۆگدى بىرلە ئوقىدى سەنا.
ئەلىگ يەنە خۇداغا شۈكۈر قىلدى،
تۈمەن مەدھىيە بىلەن ھەمدۇسانا ئوقۇدى.

76

ئودغۇرمىشىن ئىگلىگ بولۇپ ئۆگدۈلمىشنى ئۇندەمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇپ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى ئېيتىلىدۇ

5953 بۇ كۈنلەردە بىر تۇن بۇ ئۆگدۈلمىشە،
تۇرۇپ ياتغالىر ئەردى ياستاپ باشا.
كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى كېچىدە ئۆگدۈلمىش
ئەمدىلا باش قويۇپ ياتاي، دەپ تۇراتتى.

5954 قاپۇغدا ئۈن ئەتتى، بەدۈك ئۈندەدى،
كىشى ئىدتى تاۋراق، باقا كۆر تەدى.
دەرۋازا ئالدىدا ئاۋاز ئاڭلاندى، (بىرسى) ئۈنلۈك چاقىردى،
ئۆگدۈلمىش دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، قاراپ باق دېدى.

ئوغلان جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5955 يۇمۇشچى باقىپ ئايدى: بىر ئەر تۇرۇر، A170
سۆزۈم بار، تۈشايىن، تەيۇ يول قولۇر.
خىزمەتچى قاراپ كېلىپ دېدى: بىر كىشى تۇرىدۇ،
سۆزۈم بار، كۆرۈشەتتىم، دەپ ئىجازەت سوراۋاتىدۇ.

ئۆگدۈلمىش سۇئالى ئوغلانقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىگە سوئالى

5956 يانا ئايدى: بارغىل، ئايىتغىل، سۆزى B426
نە ئەرمىش، نەگۈ تەر، كىم ئەرمىش ئۆزى.
ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: بېرىپ سورا،
نېمە سوزى بار ئىكەن، نېمە دەيدۇ، ئۆزى كىم ئىكەن.

ئوغلان سۇئالى يۇمۇشچىقا
خىزمەتچىنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى

5957 يانا چىقتى ئوغلان ئايىتتى سۆزىن،
قايۇن كەلمىشىن ھەم تىلەكىن، ئۆزىن.
خىزمەتچى يەنە چىقىپ (خەۋەرچىدىن)
نەدىن كەلگەنلىكىنى، تىلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ (كىم ئىكەنلىكىنى) سورىدى.

يۇمۇشچى جەۋابى ئوغلانقا
خەۋەرچىنىڭ خىزمەتچىگە جاۋابى

5958 بۇ ئەر ئايدى: ئودغۇرمىش ئىدتى مەنى،
سۆزۇم بار، قاداشىن كۆرەيىن، قانى؟
بۇ ئادەم دېدى: مېنى ئودغۇرمىش ئەۋەتتى،
سۆزۇم بار، (ئۇنىڭ) قېرىندىشىنى كۆرەي، قېنى؟

ئوغلان جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە
خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

5959 ئۇقۇپ كىردى، ئايدى نەگۇ ئايمىشىن،
قاداشى ئانىڭدىن يۇمۇش ئىدمىشىن.
ئۇقۇپ قايتىپ كىردى، نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتتى،
قېرىندىشىنىڭ ئىش بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى دېدى.

ئۆگدۇلمىش سۇئالى يۇمۇشچىقا
ئۆگدۇلمىشنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى

5960 قوپا كەلدى تەركىن، ئاڭار قىلدى يول،
بۇ ئەر كىردى، ئۆترۇ سەلام قىلدى ئول.
(ئۆگدۇلمىش) دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول بەردى،
بۇ ئادەم (ئۆيگە) كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

C 357

5961 ئايىتتى قايۇدىن كەلىرسەن تەيۇ،
تىلەكىڭ نە ئەركى، سۆزۈڭ ئاي بۆگۈ.
(ئۆگدۈلمىش:) قەيەردىن كەلدىڭ، دەپ سورىدى،
تىلىكىڭ نىمە، سۆزۈڭنى ئېيت، ئەي دانا، دېدى.

يۇمۇشچى جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5962 بۇ ئايدى: مەنى ئىدتى ئودغۇرمىشا،
ساڭا ئايدى: كەلگىل ماڭا بىر تۇشا.
ئۇ دېدى: مېنى ئودغۇرمىش ئەۋەتتى،
سېنى كېلىپ، ماڭا بىر يولۇقسۇن، دېدى.

5963 ئاغىر بولدى كۆڭلى، ياتۇر ئىنچىقىن،
تەگىپ تۇر ئاڭار بىر، ئاي كۆڭلى ياقىن.
ئەھۋالى ئېغىرلاشتى، ھەسرەت چېكىپ ياتىدۇ،
ئۇنىڭغا بىر يولۇققىن، ئەي كۆڭلى يېقىن.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى يۇمۇشچىقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە جاۋابى

5964 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: كەلە،
نەگۇ ئەرسە يەگىل، بارالىم بىلە.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: كەل،
بىرنەرسە يېگىن، ئاندىن بىللە بارايلى.

يۇمۇشچى جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5965 ئۇنامادى، ئايدى: قاداشىڭ ھالى
ياۋۇزراق، ئاي بىلگەم، كۆنەرتەك يولى.

خەۋەرچى ئۇنىمىدى ۋە دېدى: قېرىندىشىڭنىڭ ئەھۋالى
يامانراق، ئەي بىلىملىكىم، كېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

5966 مەن ئاشنۇ بارايىن سەنىڭدىن ئوزا،
سەن ئاقرۇ ئۇدۇ كەل، ئاي قىلقى تۇزە.
مەن سەندىن ئاۋۋالراق باراي،
سەن ئالدىرىماي ئارقامدىن بارغىن، ئەي خوش پېئىل.

* * *

5967 قاپۇغدىن يانا ئەۋرە ياندى ئەۋە،
ئەڭىپ قالدى ئۈگدۈلمىش ئەلگىن ئوۋا.
خەۋەرچى دەرۋازا ئالدىدىن تېز ئۆيىگە قايتتى،
ئۆگدۈلمىش ھەيران بولۇپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قالدى.

5968 تۇرۇپ ئەۋگە كىردى ئەدى قادغۇلۇغ،
سەۋىنچ كەتتى، بولدى ساقىنچى ئۇلۇغ.
ئورنىدىن تۇرۇپ، قايغۇلۇق ھالدا ئۆيگە كىردى،
خۇشاللىقى يوقالدى، ھەسرىتى ئۇلغايدى.

5969 ياتۇ كۆردى ئانچا، ئۇسى كەلمەدى،
تۈنى بولدى يىلچا، يېتىپ بولمادى.
بىر ئاز يېتىپ باقتى، ئۇيقۇسى كەلمىدى،
بىر كېچە بىر يىلدەك ئۇزاپ كەتتى، ياتالمىدى.

5970 كۆزىن يۇمدى ئەرسە ئۇدىماق تىلەپ،
ئۇسى ئۇچتى، باردى كۆزىندىن يىراپ.
ئۇخلىماقچى بولۇپ، كۆزىنى يۇمغانىدى،
ئۇيقۇسى قاچتى، كۆزىدىن ئۇيقۇ يىراقلاشتى.

5971 يانا تۇردى، ئانچا بۇ ئولدۇردىيا، B 427
سارىغ تاڭ ئاتا كەلدى، ئۈڭدۈردى يا.
يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزۈن ئولتۇردى،
ئالتۇن تاڭ ئېتىش ئۈچۈن ئوقياسىنى بەتلىدى.

5972 چەچەكلىكتە ساندۇاچ ئۈنۈن سۇملىدى،
ئۇدىكلىگ ئەشىتتى، كۆڭۈل يالگۇدى.

گۇلزاردا بۇلبۇل خۇش ئاۋاز بىلەن سايرىدى،
ئىشق ئەھلىلىرى ئاغلاپ، كۆڭلى ھاياجانلاندى.

5973 ئاتىن مىندى، باردى قاداشى تاپا،
تەگىپ كىردى، تۇشتى ئەلىگ يۈز ئۆپە.

(ئۆگدۇلمىش) ئېتىنى مىنىپ، قېرىنداشى تەرەپكە ماڭدى،
ئىچكىرىگە كىرىپ، قول - يۈزىنى سۆيۈپ كۆرۈشتى.

5974 قاداشىنى كۆردى، ئۇزاتۇ ياتۇر،
چۆگەسىن تۆشەنمىش، يەڭىن ياستانۇر.

قېرىندىشىغا قارىدى: پۈتىنى ئۇزىتىپ يېتىپتۇ.
چاپىنىنى تۆشەك، يېڭىنى ياستۇق قىپتۇ.

ئۆگدۇلمىش سۇئالى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۇلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا سوئالى

5975 ئايىتتى: نە بولدى ئۆزۈڭ، ئاي قاداش،
سەنى كۆردۈم ئەمدى، كۆڭۈل بولدى باش.

ئۆگدۇلمىش سورىدى: ساڭا نېمە بولدى، ئەي قېرىنداش؟
سېنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم بىئارام بولدى.

ئودغۇرمىش جاۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

5976 ئايۇر، ئاي قاداشىم، يولۇم كۆنگەلىر،
ئۆلۈم تۇتغاقى تۇتتى، ئۆز بارغالىر.

(ئودغۇرمىش) ئېيتتى: ئەي قېرىندىشىم، يولۇم كۆرۈنۈپ قالدى،
ئۆلۈم تۇتقاقلىقى تۇتتى، كەتكىلىۋاتىمەن.

5977 سەنىڭ بىر يۈزۈڭنى كۆرەيىن تەيۇ،
ساڭا تەگدى ئەمگەك، ئوقىدىم بەرۈ.

سېنىڭ يۈزۈڭنى بىر كۆرەي دەپ،
سېنى ئاۋارە قىلىپ بۇ يەرگە چاقىردىم.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5978 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئاي جان، C358
تىرىگ بولسا يالڭۇق يورىر ئىگ، توغان.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي جېنىم،
ئىنسان هاياتلا بولسا، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىدۇ.
5979 ياۋۇز قىلما كۆڭلۈڭ، تىلىڭنى يىغا،
يازۇققا كەفارەت بولۇر ئىگ توغا.
كۆڭلۈڭنى يامان قىلما، تىلىڭنى يىغ،
ئاغرىق ـ كېسەللىك گۇناهقا كەفارەت بولىدۇ.
5980 نەگۇ تەر ئەشتكىل بىلىكلىگ سۆزى،
بىلىك ئول كەتەردەچى كۆڭۈل توزى.
بىلىملىك سۆزى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىم كۆڭۈلنىڭ چاڭ ـ توزىنىنى تازىلىغۇچىدۇر.
5981 «يازۇققا كەفارەت ئىگ ئول، كۆر، ساڭا، B428
يازۇقسۇز كىشى كىم ؟ ئايۇ بەر ماڭا.
«قارا، كېسەل سەن ئۈچۈن گۇناهقا كەفارەتتۇر،
گۇناهسىز كىشى كىم، ماڭا ئېيتىپ بەرگىنچۇ؟
5982 كىشى ئىگلەسە بارچا تۆكلۈر يازۇق،
يازۇق تۆكسە قۇتلۇر كىشى، ئاي توڭا».
كىشى ئاغرىسا، بارچە گۇناهلىرى تۆكۈلىدۇ،
گۇناهلىرى تۆكۈلسە، كىشى قۇتلۇق بولىدۇ، ئەي پالۋان».
5983 كىشى بارچا يازۇق قىلۇر ئاز ـ ئۆكۈش،
سازۇقسۇز كىشى بۇ ئاژۇندا كۆسۈش.
بارچە كىشىلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر گۇناه قىلىدۇ،
گۇناهسىز كىشى بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ.
5984 ئىگىڭ ئەدگۇ بولغا، ئەسەن بولغاسەن،
يازۇقۇڭ ئارىغاي، مۇيان بولغاسەن.

كىسىلىڭ ياخشى بولار، ئىسەن بولارسەن،
گۇناھلىرىڭ تازىلىنىپ ساۋابقا ئىگە بولارسەن.

5985 نەلۈك تىلدە كۆركسۈز يورىتۇر سەن سۆز؟
ئۆلۈرۈڭ نە بىلدىڭ، ئايا كۆڭلى تۈز؟
نېمىشقا ئېغىزىڭدىن ناخۇش سۆزنى چىقىرىسەن؟
ئۆلۈشۈڭنى قانداق بىلدىڭ، ئەي كۆڭلى تۈز؟

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5986 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: سەبەب
ئۆلۈمۈگ تۈشۈمدە يارۇق قىلدى رەب.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: سەۋەبى شۇكى،
ئۆلۈمنى رەببىم چۈشۈمدە ئايان قىلدى.

5987 تۈشەدىم، تۈشۈمدىن ئاچىلدى ماڭا،
ئۆلۈرۈم ئۇقۇلدى ماڭا، ئاي توڭا.
كۆرگەن چۈشۈمدىن ماڭا روشەن بولدى،
ئۆلۈمۈم مەن ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولدى، ئەي پالۋان.

5988 بايات ئەدگۈ، ئەسىز يورىتسا قىزا،
يورىتۇر ئانى ياتسا تۈنلە ئۈدا.
خۇدا ياخشى ـ يامانلىقنى، قازانى بىلدۈرمەكچى بولسا،
ئۇيقۇدا ياتقاندا چۈشىدە ئايان قىلىدۇ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5989 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ سۆز A171
يەمە ئەدگۈ ئەرمەز، ئايا كۆڭلى تۈز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: بۇ سۆز
ئانچە ياخشى ئەمەس، ئەي كۆڭلى تۈز.

5990 ئۆلۇر ئەرسە ئىگلەپ كىشى تەگمە ئىگ
كىشى قالماغاي ئەردى يەردە تىرىگ.
كىشى كېسەل بولۇش بىلەنلا ئۆلىدىغان بولسا،
يەر (يۈزى) دە تىرىك ئادەم قالمىغان بولاتتى.

5991 C 359 تىرىگ يالڭۇق ئوغلى ئىگىن ئىگلەرئۆك،
قامۇغ ئىگ ئۆلۇم بىرلە كەسمەز بۇ كۆك.
ئادەم بالىسى تىرىك ئىكەن، كېسەل بىلەن ئاغرىيدۇ،
ھەممە كېسەل ئۆلۈم بىلەن ھايات يىلتىزىنى كەسمەيدۇ.

5992 B 429 تۇشەرئۆك كىشى تۇش ئۇدىسا ياتىپ،
ئانى يۆرگۇچىلەر يۆرەر ئۇز ئەتىپ.
ئادەم يېتىپ ئۇخلىسىلا چۈش كۆرىدۇ،
ئۇنى ئۆرۈگۈچىلەر ياخشىلىققا (قارىتىپ) تەبىر بېرىدۇ.

77

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا تۇش يۆرۈگىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا چۈش تەبىرىنى ئېيتىدۇ

5993 بۇ تۇش ئىلمى بىلگۈ كەرەك ئاشنۇ كەد،
يۆرە بىلسە ئۆترۈ ئەدى ساقنۇ كەد.
ئالدى بىلەن چۈش ئىلمىنى ياخشى بىلىش كېرەك،
ئاندىن ياخشى ئويلاپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ.

5994 تەلىم تۇرلۇگ ئول ئەمدى تۇشكە يۆرۈگ،
ئانى بىلگۈ بارچا، ئاي قىلقى ئۆرۈگ.
چۈشنى ئۆرۈش ھەر تۇرلۇك بولىدۇ،
ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىش كېرەك، ئەي ئاق كۆڭۈل.

5995 بىلىكسىزگە ئايما تۇشۇڭنى ئاچا،
بىلىرگە ئايىت تۇش، ئايىتما كەچە.
بىلمەيدىغان (كىشى) گە چۈشۈڭنى ئېچىپ ئېيتما،
بىلىدىغان (كىشى) گە چۈشۈڭنى ئېيت، ئەمما كېچىدە ئېيتما.

5996 كەچەكى تۇشۇڭگە يۆرۈگى ئادىن،
يانا كۆرسە كۇندۇز كۆرۈگى ئادىن.
كېچىدە (كۆرگەن) چۈشۈڭنىڭ تەبىرى باشقا،
ئەگەر كۈندۈزى (چۈش) كۆرسەڭ، تەبىرى (يەنە) باشقىدۇر.

5997 بۇ تۇش ئىلمىڭە باقسا، شەرتى ئۆكۈش،
مۇنى بىلگۈ ئاشنۇ، يەتۇرسە ئۇقۇش.
چۈش ئىلمىگە نەزەر سالساڭ، شەرتى بەك كۆپ،
ئالدى بىلەن بۇنى بىلىش، ئەقىل ئىشلىتىش كېرەك.

5998 تۇشۇگ يۆرمەگۇ ئۆز كۆڭۈلچە كۆرۈپ،
يەمە ئايماغۇ تەگمە ئەرگە تۇرۇپ.

چۈشنى ئۆز كۆڭلۈڭگە كەلگىنىچە ئۆرۈمەسلىكىڭ كېرەك،
ياكى كۆرگەنلا كىشىگە ئىيتماسلىقىڭ كېرەك.

5999 تۈشۈگ بارچا تۈش تەپ تىلىن يۆرمەگۈ،
بۇ تۈشنۈڭ يۆرۈگى تەلىم، ئاي بۆگۈ.
ھەممە چۈشنى چۈش دەپ ئۆرۈۋەرمەسلىك كېرەك،
بۇ چۈشنىڭ تەبىرى بەك كۆپتۇر، ئەي دانا.

6000 تۈشۈڭ يۆرمە، يۆرسە بىلىك بىرلە يۆر،
قىياس مەئنى بىرلە ئەدى يەترۈ كۆر.
چۈشكە تەبىر بەرمە، تەبىر بەرسەڭ بىلىم بىلەن بەر،
قىياسەن مەنىسى بىلەن ياخشى سىلىشتۇرۇپ كۆر.

6001 كىشى تۈش تۈشەسە يۆرۈگكە بارىر،
يۆرە بىلمەسە تۈشنۈڭ ئاسغى قالىر.
كىشى چۈش كۆرسە، تەبىرىنى سوراشقا بارىدۇ،
تەبىر بېرىشنى بىلمىسە، چۈشنىڭ پايدىسى يوقايدۇ.

6002 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، ئاي بىلكى تەڭىز،
بۇ سۆز ئىشكە تۈتغىل، قىزارتغىل مەڭىز.
بىلىمى دېڭىزدەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىل:

6003 «يۆرۈگكە بارىر تۈش، تۈشۈڭ ياقشى يۆر،
تۈپى ئەسلى بىلگىل، ئۆقۈش بىرلە كۆر.
«چۈش تەبىرگە قارايدۇ، چۈشكە ياخشى تەبىر بەر،
تېگى ـ تەكتىنى بىلگىن، ئەقىل بىلەن قارا.

6004 نەتەك يۆرسە تۈشنى ئانىتەك بولۇر،
ياۋۇز يۆرمە تۈشنى، ساڭا قىلغا قور».
چۈشنى قانداق ئۆرۈسەڭ، شۇنداق بولىدۇ،
چۈشنى يامانلىققا ئۆرۈمە، ساڭا زىيىنى تېگىدۇ».

6005 تەلىم تۈش بولۇر يەم ـ ئىچىمگە بارىر، B430
ياراغسىز يەمىش بولسا تەڭسىز كەلىر.
كۆپ چۈشلەر بولىدۇكى، بۇ يېمەك ـ ئىچمەككە باغلىقتۇر،
يارىماس يېمەكلىكلەرنى يېگەن بولسا، چۈش قالايمىقان بولىدۇ.

6006 تاقى بىر تۇش ئول، كۆر، بۇ يىل فەسلىڭا،
تادۇسى كۇچەنىپ بارىر ئەسلىڭا.
يەنە بىر خىل چۇش يىل پەسلىگە باغلىقتۇر،
(كىشىنىڭ) خىلىتلىرى كۇچىيىپ (چۇش) شۇنىڭغا تارتىپ كېتىدۇ.

6007 يىل ئۇلگى ياز ئەرسە، كىچىگ ئەرسە ئەر، C 360
قىزىل كۆرسە بارچا، ياغىز كۆرسە يەر،
يىل پەسلى باھار بولۇپ، ئادەم كىچىك بولسا،
ھەممىنى قىزىل، يەرنى قارا كۆرسە،

6008 ئانى قان كۇچەمىش بولۇر بەلگۈلۇگ،
ئايۇ بەر، قان ئالسۇن ئاڭار ئۇلگۈلۇگ.
روشەنكى، ئۇنىڭ قېنى كۇچەيگەن بولىدۇ،
ئۇنىڭغا ئېيتقىن، مەلۇم مىقداردا قان ئالدۇرسۇن.

6009 يىل ئۇلگى ياي ئەرسە، تۇشەگلى يىگىت
سارىغ، ئال تۇشەسە، يا كۇركۇم، ئۆگىت،
يىل پەسلى ياز بولسا، چۇش كۆرگۇچى يىگىت بولسا،
چۇشىدە سېرىق، ھال ياكى زەپىران، ئۇۋۇتۇلغان (نەرسىلەرنى) كۆرسە،

6010 سارىغى كۇچەمىش بولۇر، ئاي بۆگۈ،
ئۆزىنى بوشۇتغۇ، تەرەڭبىن يەگۇ.
سەپراسى كۇچەيگەن بولىدۇ، ئەي دانا،
ئۆزىنى بوشىتىشى، تەرەنجىۋىل ئىچىشى كېرەك.

6011 يىل ئۇلگى كۇز ئەرسە، ئەر ئەرسە ئورۇت،
قارا كۆرسە تاغ، يا قۇدۇغ، كۆرسە ئۇت،
يىل پەسلى كۇز بولۇپ، چۇش كۆرگۇچى ئوتتۇرا ياش بولسا،
چۇشىدە قارا تاغ، قۇدۇق، چوڭقۇرلۇق كۆرسە،

6012 بۇ سەۋدا كۇچەنمىش بولۇر، ئاي قاداش،
ئوت ئىچگۇ، مەڭەسىن ئارىتغۇ، ئاداش.
سەۋداسى كۇچەيگەن بولىدۇ، ئەي قېرىنداش،
دورا ئىچىشى، مېڭىسىنى تازىلىشى كېرەك، ئەي ئاداش.

6013 قىش ئەرسە، يانا تۇش كۆرۈگلى قارى،
ئاقار سۇۋ تۇشەسە، يا بۇز، قار، تولى،

(يىل پەسلى) قىش بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى قىرى بولسا،
چۈشىدە ئاقار سۇ، مۇز، قار، مۆلدۈر كۆرسە،
6014 كۈچەنمىش بولۇر، كۆر، ئانىڭ بەلگەمى،
ئىسىگ نەڭ يەتۇرگۇ، ئىچۈرگۇ ئەمى.
قارا، ئۇنىڭ بەلگىسى ئىشىپ كەتكەن بولىدۇ،
ئىسسىقلىق يىگۈزۈش، دورا ئىچكۈزۈش كېرەك.
6015 تاقى بىرى ئەزغاسۇ ئەھلام بولۇر،
بۇ تۈشكە يۆرۈگ يوق، ئاي قىلىقى ئۇنۇر.
يەنە بىرى، قالايمىقان (چۈشلەرمۇ) بولىدۇ.
(بۇنداق) چۈشكە تەبىر يوق، ئەي قۇدرەتلىك.
6016 كەچە ساقىنۇ ياتسا، ئانى كۆرسە تۈش،
ئاڭارما يۆرۈگ يوق، ئانىڭ يانغى تۈش.
كېچىدە ئويلىنىپ ياتسا، شۇنى چۈشىدە كۆرسە،
ئۇنىڭغىمۇ تەبىر يوق، تەبىر ماس كەلمەيدۇ.
6017 تاقى بىر تۈش ئول كۆرسە يەكتىن بولۇر،
تۈشەگلى ئانى كۆرسە سۈۋقا يۇنۇر.
يەنە بىر (خىل) چۈش بار، ئۇ شەيتاندىن بولىدۇ،
مۇنداق چۈشنى كۆرگۈچىلەر غۇسۇل قىلىشى كېرەك.
6018 يانا پىشەسىن كۆرسە تۈشتە كۆر ئەر،
ئاڭارما يۆرۈگ يوق، ئاي قىلىقى كۈر ئەر.
يەنە، بىر كىشى چۈشىدە (ئۆز) ھۈنىرىنى كۆرسە،
بۇنىڭغىمۇ تەبىر يوق، ئەي مەغرۇر يىگىت.
6019 مۇنى بارچا بىلگۈ، يەتۇرگۇ ئۇقۇش،
ئادىرغۇ، ئۆدۈرگۇ ئانىن يۆرسە تۈش.
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىش، ئەقىلنى يەتكۈزۈش كېرەك.
ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ، ئاندىن تەبىر بېرىش كېرەك.
6020 نەگۇ تەر ئەشىتكىل مۇئەبىر ھەكىم، B431
ئايىتغۇ كەرەك ئەر تۈشەر ئەرسە كىم.
تەبىر بەرگۈچى ھېكىم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كىم چۈش كۆرسە، تەبىرنى (ئۆزى) سورىشى كېرەك.

6021 بۇ تۇش كۆرسە، يۆرمە بىلۇ ـ بىلمەيۇ،
نەتەك يۆرسە تۇشنى بولۇر ئانلايۇ.
كۆرۇلگەن چۇشكە بىلىپ ـ بىلمەي تەبىر بەرمە،
چۇشنى قانداق ئۆرۇسە، شۇنداق بولىدۇ.

6022 ساقىنچ كۆرسە تۇشتە يانۇتى سەۋىنچ،
سەۋىنچ كۆرسە قادغۇ بولۇر يىغلايۇ.
چۇشتە غەم ـ قايغۇ كۆرسە (ئوڭىدا) شادلىق كۆرىدۇ،
شادلىق كۆرسە يىغلاپ قايغۇرىدۇ.

6023 A172 C361 بىرئۆك ياڭلىغ ئەرمەز بۇ تۇشكە يۆرۇگ،
مۇنى كەد ساقىنغۇ، ئاي قىلقى ئۆرۇگ.
چۇشكە تەبىر بېرىش بىرلا خىل بولمايدۇ،
بۇنى بەك ئويلاپ ئېيتىش كېرەك، ئەي ئاق كۆڭۈل.

6024 قارا ئام تۇشىگە يۆرۇگى ئادىن،
ئادىن بولدى بەگلەر تۇشى، كۆر، ئادىن.
قارا ئاۋام چۇشىنىڭ تەبىرى باشقىدۇر،
بەگلەرنىڭ چۇشىنى (ئۆرۇش) يەنە باشقىدۇر.

6025 سەۋىنچ كۆرسە تۇشتە ئويۇن، يا بۇدىك،
ساقىنچ ـ قادغۇلارقا ئاچىلدى كەزىك.
چۇشتە خۇشاللىق، ئويۇن ـ تاماشا كۆرسە،
غەم ـ قايغۇ پەيتى يېتىپ كەلدى (دېگەن سۆز).

6026 يانا يىغلاسا تۇشتە، كۆرسە ساقىنچ،
ئەرەژ بىرلە ئاۋنۇر، بۇلۇر مىڭ سەۋىنچ.
يەنە چۇشتە يىغلاپ، ھەسرەت چەكسە،
راھەت بىلەن شادلىنىدۇ، مىڭ شادلىققا ئېرىشىدۇ.

6027 يانا تۇش بولۇر، كۆر، يۆرۇگى ئانىڭ
ئادىنقا بولۇر ئاسغى، بولماز سەنىڭ.
يەنە شۇنداق چۇشلەرمۇ باركى، ئۇنىڭ تەبىرى
ساڭا ئەمەس، باشقىلار ئۇچۇن پايدىلىق.

6028 كىشگە كۆرۇپ يۆرلۇر ئەمدى بۇ تۇش،
ئاڭار ياقشىغ ئەرسە، ياغۇتۇر ئۇقۇش.

دېمەك، چۈش ئادەمگە قاراپ ئۆرۈلىدۇ،
ئۇنىڭغا ياخشى (تەبىر) بېرىلسە، ئەقىلگە يېقىن بولىدۇ.

6029 تۈش ئول، كۆر، ئانى كۆرسە بەكلىگ بولۇر،
ئولئوق تۈش تاقى بىرنى ئىگلىگ قىلۇر.
قارا، چۈش شۇنداقكى، (بەزىلەر) كۆرسە ساغلام بولىدۇ،
شۇ چۈشنى بەزىلەر كۆرسە كېسەل بولىدۇ.

6030 مۇنى بارچا بىلگۈ كەرەك، ئاي قاداش،
ئانىن ئۆترۈ يۆرسە تۈشۈگ، ئاي ئاداش.
ئەي قېرىنداش، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىش كېرەك،
ئاندىن چۈشنى ئۆرۈش كېرەك، ئەي ئاداش.

6031 نەگۈ ئول؟ تۈشۈڭنى ماڭا ئاي ئاچا،
ئانى مەن يۆرەيىن، كۆر، ئادرا ـ سەچە.
(سېنىڭ) چۈشۈڭ قانداق؟ ماڭا ئېچىپ ئېيت،
شۇنىڭغا قاراپ، ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ تەبىر بېرەي.

78

ئورغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە تۈش كۆرمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىدۇ

6032 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش، ئاچتى تىلىن،
ئايۇر: سۆزلەيىن مەن، كۆڭۈلگە ئالىن.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ ئېغىز ئاچتى:
مەن سۆزلەي، كۆڭلۈڭدە تۇت، دېدى.

6033 شاتۇ كۆردۈم، ئەلىگ ئانىڭ باغناسى، B432
يۈز ئۈترۈ ئۈرۈغلۈغ ئەدىز ھەم ياسى.
(چۈشۈمدە) شوتا كۆردۈم، ئۇنىڭ بالدىقى ئەللىك ئىدى،
ئېگىز ھەم كەڭ بولۇپ، ئالدىمدا تىكلەپ قويۇلغانىدى.

6034 ئاڭار ئاغدىم ئەمدى بىرەر باغناچا،
باشىڭا تەگى باغنا سادىم نەچە.
مانا، بالدىقىنى بىر ـ بىرلەپ بېسىپ، (يۇقىرى) ئۆرلىدىم،
بېشىغا چىققاندا بالداقنى ساناندىم.

6035 باشىندا بىر ئەتچى ماڭا سۇۋ بەرۈر،
ئالىرمەن، تۈگەتۈ ئىچىپ ئۆز قانۇر.
(شوتىنىڭ) بېشىدا بىر قاسساپ ماڭا سۇ بەردى،
(ئۇنى) ئېلىپ، تۈگىتىپ ئىچتىم، ئۆزۈمنى قاندۇردۇم.

6036 ئانىڭدا باسا كۆككە ئۈچتۈم تەگىپ،
ئۆزۈم بەلگۈسۈز بولدى ئۆرلەپ، سىگىپ.
ئۇنىڭدىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا ئۈچتۈم،
(بارغانسېرى) ئۆرلەپ (ئاسمانغا) سىڭىپ كەتتىم.

79

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش تۈشىڭە تەئبىر قىلمىشىن ئايۇر

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

C 362 6037 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ تۈش
ئەدى ئەدگۈ تۈش ئول، كۆر، ئاسغى ئۆكۈش.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: بۇ چۈش
ناهايىتى ياخشى چۈشتۇر، پايدىسى بەك كۆپ.

6038 نەلۈك ئۆزگە تەڭسىز يۆرەرسەن يۆرۈگ؟
يۆرۈگكە بارىر تۈش، ئاي كۆڭلى ئۆرۈگ.
نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە نامۇۋاپىق تەبىر بېرىسەن؟
چۈش تەبىرگە (قاراپ) ماڭىدۇ، ئەي ئاق كۆڭۈل.

6039 ئاغىش بارچا تۈشتە ئاغىرلىق بولۇر،
ئاغارى تەڭىنچە ئۇلۇغلۇق بۇلۇر.
ئۆرلەش ھەممە چۈشتە قەدىرلىك بولۇش بەلگىسىدۇر،
(كىشى) ئۆرلىگىنىچە ئۇلۇغلۇققا ئىگە بولىدۇ.

6040 نەچە ئاغسا تۈشتە ئاغار قۇت ـ قىۋى،
ئاغىرلىق بۇلۇر كەد، بۇلۇر يۇز سۇۋى.
چۈشتە قانچە ئۆرلىسە، بەخت ـ دۆلىتى (شۇنچە) زىيادە بولىدۇ،
قەدىر ـ قىممەتكە، يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ.

6041 شاتۇقا ئاغارتەك ئاغار ئول قۇتى،
ئۇلۇغلۇق بىلە ئەلدە يادلۇر ئاتى.
بەخت شوتا (بىلەن) ئۆرلىگەندەك ئۆرلەيدۇ،
ئۇلۇغلۇق بىلەن ئەلدە نامى مەشھۇر بولىدۇ.

6042 مۇنۇقى بۇ سۆزگە تانۇق كەلدى سۆز،
تۈشۈگ يۆرگۈچى تۈش يۆرۈپ قودتى ئۆز:

بۇ سۆزگە مۇنۇ سۆز دەلىل بولالايدۇ،
چۈش ئۆرۈگۈچى چۈشنى ياخشى ئۆرۈگەن:

6043 «شاتۇ تۇشتە ئىزز ئول ئاغارى تەڭى،
بىرەر باغنا سايۇ ئاغىرلىق ئۆڭى.

«چۈشتىكى شوتا ئەزىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر،
بالداقمۇبالداق كۆتۈرۈلۈش قەدىرلىك بولۇشنىڭ (ئالامىتىدۇر).

6044 نەچە ئاغسا ئانچا ئاغىرلىق بولۇر،
ئازۇن مالى، قۇت ـ قىۋ بولۇر ئۆز ئۆڭى».

قانچە كۆتۈرۈلسە، شۇنچىلىك قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ،
دۇنيا مېلى ۋە بەخت ـ دۆلەتكە ئىگە بولىدۇ».

6045 ئىدىشلىغ سۈۋۈغ سەن ئالىپ ئىچتۈكۈڭ،
تىرىگلىك ئۇزۇن بولغا يىلدىز ـ كۆكۈڭ.

ئىدىشتىكى سۇنى ئېلىپ ئىچكەنلىكىڭ ـــ
ھايات ئاساسىڭنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىدۇر.

6046 ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ، تۇگەل ئاغدۇقۇڭ، B433
تىلەك بەرگە تەڭرى نەگۇ قولدۇقۇڭ.

ئۇچۇپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلىگەنلىكىڭ ـــ
نېمە تىلىسەڭ، خۇدا تىلىكىڭنى بېرىدىغانلىقى.

80

ئودغۇرمىش بۇ تۇشكە ئادىن يۆرۈگ ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ بۇ چۈشكە باشقىچە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6047 يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى: تۇشۇم
يۆرۈگى بۇ ئەرمەز، ئاي ئەشىم تۇشۇم.
ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: بۇ چۈشۈمنىڭ
تەبىرى مۇنداق ئەمەس، ئەي تەڭتۇش دوستۇم.

6048 ئۆزۈڭ كۆرمىش ئەرسە بۇ تۇشنى ياتىپ،
يۆرۈگى ئول ئەردىكىم، ئايدىڭ ئەتىپ.
بۇ چۈشنى سەن ئۇخلىغاندا كۆرگەن بولساڭ،
تەبىرى سەن ئېيتقاندەك ئوڭۇشلۇق بولغان بولاتتى.

6049 سەنىڭ ھىممەتىڭ بارچا دۇنيا تۇرۇر،
بۇ دۇنيا تىلەگلى بۇ دۇنيا بۇلۇر.
سېنىڭ بارلىق ھىممىتىڭ بۇ دۇنيا ئۈچۈندۇر،
بۇ دۇنيانى ئارزۇ قىلغانلار بۇ دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

6050 مەنىڭ بۇ ئۆزۈم قاچتى دۇنيا قودۇپ، C 363
بۇ يەردە تۇرۇرمەن، كۆر، ئەمگەك يۇدۇپ.
مەن بۇ دۇنيانى تاشلاپ قاچقان (ئادەممەن) ،
قارا، مۇشەققەت چېكىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن.

6051 تۇگەل يۆرمەدىڭ تۇش يۆرۈگىن ماڭا،
ئەشىتكىل، بۇ تۇش مەن يۆرەيىن ساڭا.
چۈش تەبىرىنى ماڭا تولۇق ئۆرۈمىدىڭ،
ئاڭلا، بۇ چۈشنى مەن ساڭا ئۆرۈپ بېرەي:

6052 ئەدىز باغنالىغ مەن شاتۇ كۆردۈكۈم،
تىرىگلىك تۇرۇر، ئاي قاداش، يۆردۈكۈم.

ئېگىز بالداقلىق شوتا كۆرگەنلىكىم ــــ
مېنىڭ تەبىرىمچە، تىرىكلىكتۇر، ئەي قېرىنداش.

6053 شاتۇنۇڭ باشىڭا تەگى يوقلادىم،
ياشىمنى تۇگەتتىم، تىرىگلىك يەدىم.
شوتىنىڭ بېشىغىچە كۆتۈرۈلدۇم،
(دېمەك) يېشىمنى تۈگەتتىم، رىزقىمنى يەپ (بولدۇم).

6054 باشىڭا ئاغىپ مەن ئول ئەتچى كەلىپ،
ماڭا بەردۇكى سۇۋنى ئىچتىم ئالىپ.
بېشىغا ئۆرلىگىنىمدە، قاسساپ كېلىپ
ماڭا بەرگەن سۇنى ئېلىپ ئىچتىم.

6055 ئول ئەتچى تۇرۇر، كۆر، ئاتالىغلارىغ،
ئاتاسىز قىلىغلى، ئاي قىلقى ئارىغ.
ئۇ قاسساپ ـ ئاتىلىقلارنى،
ئاتىسىز قىلغۇچىدۇر، ئەي قىلىقى پاك.

6056 ئول ئەتچى تۇرۇر، كۆر، ئەتىلمىشلەرىگ،
بۇزۇغلى، يورىتماغلى جانلىغ تىرىگ.
قارا، ئۇ شۇنداق قاسساپكى، راۋاج تاپقانلارنى
بۇزغۇچى، جانلىقلارنى تىرىك قويمىغۇچىدۇر.

6057 ئىدىشلىغ سۇۋۇغ مەن تۇگەل ئىچمىشىم، B434
تىرىگلىككە يۆردۇڭ، ئۇزاتتىڭ ياشىم.
ئىدىشتىكى سۇنى پۈتۈنلەي ئىچكەنلىكىنى
ھاياتلىق (دەپ) تەبىر بېرىپ، يېشىمنى ئۇزارتتىڭ.

6058 تىرىگلىك بولۇر سۇۋ سەن ئايمىشتەكئۆك،
يارىم ئىچسە قالسا يارىمى ئۇلۇگ.
يېرىمىنى ئىچسە، يېرىم ئۇلۇشى قالسا،
سەن ئېيتقاندەك، سۇ ـ ھاياتلىق (بەلگىسى).

6059 يارىم سۇۋ ئىچىپ، قودتۇم ئەرسە يارىم،
يارىم قالغاي ئەردى تىرىگلىكلەرىم.
سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى قويغان بولسام،
ھاياتىمنىڭ يېرىمى قالغان بولاتتى.

6060 ئىدىشلىغ سۇۋۇغ ئىچتىم ئەمدى تۇگەل، A173
تۇگەتتىم تىرىگلىك، ئەسەن ئەدگۇ قال.
(لېكىن)، ئىدىشتىكى سۇنىڭ (ھەممىسىنى) تۇگەل ئىچتىم،
(دېمەك) ھاياتىمنى تۇگەتتىم، ئېسەن ياخشى قال.

6061 نەگۇ تەر ئەشىتكىل ئۇقۇشلۇغ بۆگۇ،
بۆگۇلەر سۆزىن سۆزگە ئۇل تۇپ تەگۇ.
ئەقىللىك دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دانالارنىڭ سۆزىنى سۆزنىڭ نېگىزى، دېيىش كېرەك:

6062 «ئىدىشلىغ سۇۋۇغ تۇشتە ئىچسە يارىم،
تۇگەدى تىرىگلىك، يارىمى بەرىم.
«چۈشىدە جامدىكى سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچسە،
ھاياتلىقنىڭ يېرىمى تۈگىدى، (يېرىمى) قەرز (قالدى).

6063 قالى ئىچسە سۇۋنى تۇگەتۇ تۇگەل،
تۇگەدى تىرىگلىك، قازىلدى قىرىم».
ئەگەر سۇنى تۈگىتىپ ـ تۇگەل ئىچسە،
ھاياتلىق تۈگىدى، گۆر قېزىلدى (دېگەن سۆز) ».

6064 يوقارۇ ئۇچۇپ بۇ ئۆزۇم تەڭدۇكى،
ياشىل كۆككە ئۆرلەپ تەڭىپ سىڭدۇكى؛
يۇقىرى ئۇچۇپ، (ئاسمانغا) كۆتۈرۈلۈشۈم،
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، ھاۋاغا سىڭىپ كېتىشىم؛

6065 سۇزۇك جان تۇرۇر ئول، بۇ كەپتىن چىقىپ،
يانا ياندى كەلمەز يەرىڭە ئاغىپ.
پاك جېنىمنىڭ قېپىدىن چىقىپ،
يېنىپ كەلمەس يەرگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدۇر.

6066 بايات تۇشتە بەلگۇرتتى ئەمدى ماڭا، C364
ئۆلۇمگە ئانۇنغۇ، كەرەك ئاي توڭا.
دېمەك، خۇدا چۈشۈمدە ماڭا بەلگە بەردى.
ئۆلۈمگە تەييارلىنىشىم كېرەك، ئەي پالۋان.

6067 بۇ تۇشنۇڭ يۆرۇگى بۇ ياڭلىغ تۇرۇر،
ئادىنسىغ يۆرەرسەن ماڭا، ئاي ئۇنۇر.

بۇ چۇشنىڭ تەبىرى ئەنە شۇنداقتۇر،
ماڭا باشقىچە ئۆرۈدۈڭ، ئەي قۇدرەتلىك.

6068 سەن ئەدگۈ قىلۇرسەن مەنىڭ كۆڭلۈمى،
ئۆلۈم ئۈترۈ كەلدى، ئوتى يوق ئەمى.
سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياخشى قىلماقچىسەن،
(لېكىن) ئۆلۈم هامان كەلدى، دورا ـ دەرمانى يوق.

6069 باقا كۆرگىل ئەمدى، ئاي كۆڭلى تىرىگ،
ئۆلۈم كۆتكى قىلدى ياغىز يەرلەرىگ.
ئەمدى قاراپ باق، ئەي كۆڭلى تىرىك (زات) ،
بوز يەرلەرنى ئۆلۈم ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى.

6070 نەچە قارشى، ئوردۇ، بەزەكلىگ سەراي،
ئۆلۈم بۇزدى بارچا، تۇرۇ قالدى، هاي!
قانچىلىغان قەسىر، ئوردا، بېزەكلىك سارايلارنى
ئۆلۈم بۇزدى، (ئۇنىڭدىن) خارابىلەر قالدى، هەيهات !

6071 نەچە كۇر، كۇۋەنۇر، بەدۈك بەگلەرىگ،
ئۆلۈم يەرگە سوقتى، باقا كۆر تىرىگ.
قانچىلىغان مەغرۇر، جەسۇر، بۈيۈك بەگلەرنى
ئۆلۈم يەرگە تىقتى، نەزەر سال، ئەي تىرىك!

6072 نەچە كۈچ بىلەكلىگ يۈمىتمىشلارىغ، B435
ئۆلۈم تۈتتى ساچتى، يىراتتى ئارىغ.
قانچىلىغان كۈچلۈك بىلەكلەر توپلىغان (دۇنيالار) نى
ئۆلۈم كېلىپ چېچىۋەتتى، پاك ـ پاكىز تۈگەتتى.

6073 تاڭ ئەرمەز ئۆلۈم، توغسا يالڭۇق ئۆلۈر،
قامۇغ تىن ـ توقىغلى ئۆلۈمگە تۇرۇر.
ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ هەيران قالارلىق ئەمەس،
هەممە نەپەس ئالغۇچىلار ئۆلۈمگە مەهكۇمدۇر.

6074 تاڭى بۇ تۇرۇر، كۆر، ئۆلۈگلى ئەت، ئۆز،
ئۆلۈمۈگ ئۇنىتىپ، قودۇر تىلدە سۆز.
قارىمىغىنا، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۆلگۈچى ۋۇجۇد
ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ، ئېغىزىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

6075 ئۇسايۇق بۇ يالڭۇق، بىلىر ئۆلگۇسىن،
ئۆزىندىن كەتەرمەز ئۇساللىق ئۇسىن.
بۇ غاپىل ئىنسان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ـ يۇ،
(لېكىن) ئۆزىدىن غەپلەت ئۇيقۇسىنى نېرى قىلمايدۇ.

6076 ئۆلۇم ھەق تۇرۇر، كۆر، كەچىش يوق ئادىن،
نەگۇ ئەركى ھالىم ئۆلۇمدە كەدىن؟
قارا، ئۆلۇم ھەقتۇر، ئۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ،
ئۆلۇمدىن كېيىن ئەھۋالىم قانداق بولىدىكىن؟

6077 ساقىنچىم بۇ ئول، ئاي كۆڭۇلدەش ئەشىم،
ئۆلۇمدە كەدىن تەڭرى ئەتسۇ ئىشىم.
غېمىم شۇكى، ئەي كۆڭۇلداش دوستۇم،
ئۆلۇمدىن كېيىنكى ئىشلىرىمغا تەڭرىم راۋاج بەرسۇن !

6078 بارىن تاپ قىلىپ مەن كەچۇردۇم كۇنۇم،
ئەرەژ، ئەمگەك ئەرتتى، يارۇدى تۇنۇم.
بارىغا قانائەت قىلىپ كۇن كەچۇردۇم،
راھەت ـ مۇشەققەتلەر ئۆتۇپ كەتتى، كېچىلىرىم يورۇدى.

6079 ئەلىگ قىسغا تۇتتۇم، تاۋار تەرمەدىم،
ھەۋا ئارزۇلارقا كۆڭۇل بەرمەدىم.
قولۇمنى قىسقا تۇتتۇم، تاۋار (دۇنيا) يىغمىدىم،
ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە كۆڭۇل بەرمىدىم.

6080 بۇ كۇنگە ساقىندىم ئۆزۇم يۇكلەرىن،
يەنتمەك تىلەدىم يازۇقۇم بارىن.
ئۆز يۇكلىرىمنى بۇگۇنكى كۇنگە (ئاتاپ) ساقلىدىم،
بارلىق گۇناھلىرىمنى يەڭگىللىتىشنى تىلىدىم.

6081 نەگۇ تەر ئەشتكىل بىلىك بەرگۇچى،
باغىرساق بۇ ئۆت ساۋ ئەرىگ بەرگۇچى.
بىلىم، پەند ـ نەسىھەت (ۋە) تەربىيە
بەرگۇچى مېھمان (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6082 «ئۇسانما، قاتىغلان يۇكۇڭنى يەنىت، C365
يولۇڭ قىلدا يىنچكە، ئۆزۇڭنى كۆنىت.

«بىخۇد بولما، غەيرەت قىل، يۈكۈڭنى يەڭگىللەت،
يولۇڭ قىلدىن نازۇكتۇر، ئۆزۈڭنى توغرىلا.
6083 بۇ كۈن ياتما، ئەمگە، ئىشىڭنى ئەتىن،
كەچەر ئەمگەكىڭ سەن كۆچەردە ئۈنىت».
بۇگۈن ياتما، ئەمگەك قىل، ئىشىڭنى راۋاجلاندۇر،
تارتقان مۇشەققەتلىرىڭنى كېتەر ۋاقتىڭدا ئۇنتۇغىن».
6084 يانا ئايدى: ئاي چىن، باغىرساق قاداش،
بارىرمەن، ئۇدۇ سەن كەلىرسەن، ئاداش.
يەنە (شۇنداق) دېدى: ئەي، چىن، مېھرىبان قېرىنداش،
مەن كېتىمەن، ئارقامدىن سەنمۇ كېلىسەن، ئەي ئاداش.
6085 ساڭا قاچ ئاغىز سۆز ئۆزۈم سۆزلەيىن،
ئۇنىتما ئانى سەن مەنىڭدە كەدىن.
ساڭا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي.
مېنىڭدىن كېيىن سەن ئۇنى ئۇنتۇما.
6086 تىرىگدە باغىرساق ئۆزۈم بولسۇنى،
ئۆزۈمدە كەدىن بۇ سۆزۈم قالسۇنى.
هايات (ۋاقتىمدا) ئۆزۈم (ساڭا) مېھرىبانلىق قىلاي،
مەندىن كېيىن بۇ سۆزۈم (مېھرىبان بولۇپ) قالسۇن.

81

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە پەند بەرمىشىن ئايۇر

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە پەند ـ نەسىھەت بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6087 سۆزۈم بۇ، ئۇسال بولماغىل، ئاي قاداش، B436
ئەسىزگە تىرىگلىك ياۋا قىلما ياش.
سۆزۈم شۇ بىخۇد بولما، ئەي قېرىنداش،
ھاياتىڭ (ۋە) ئۆمرۈڭنى يامان (ئىشلار ئۈچۈن) بىھۇدە زايە قىلما.

6088 كۆنى بول، يىتۇرمە كۆنىلىك يولىن،
بۇ يول ئەلتگە ئارزۇ تىلەككە، بىلىن.
توغرا بول، توغرىلىق يولىدىن ئاداشما،
بىلگىنىكى، بۇ يول ئارزۇ ـ تىلەككە يەتكۈزىدۇ.

6089 باغىرساق بولۇن بارچا تىنلىغ ئۈزە،
تاپۇغ قىل باياتقا كۆڭۈل، تىل تۈزە.
بارچە جانلىقلارغا مېھرىبان بول،
دىلىڭنى(ۋە) تىلىڭنى تۈز تۇتۇپ خۇداغا ئىبادەت قىل.

6090 ساقىنچ قىسغا تۇتغىل، تاپۇغ قىل ئۈزۈن،
ئەۋەردە ئامۇل بول، پۇشاردا تۈزۈن.
(دۇنيا) غېمىنى ئازراق قىل، ئىبادەتنى كۆپرەك قىل،
ئالدىرىغاندا تەمكىن بول، غەزەپلەنگەندە مۇلايىم بول.

6091 ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما، ئەتىكىڭ قىلىن،
ئۆزۈڭنى ئۇنىتما، تۇپ ئەسلىڭ بىلىن.
ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، تەييارلىقىڭنى قىل،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، تۈپ ـ ئەسلىڭنى بىل.

6092 قاراغۇرما دۇنياقا سۇقلۇق قىلىپ، A174
قالىر بۇ بارىر سەن ئۆكۈنچۈن ئۈلىپ.

دۇنياغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن كۆز تاشلىما،
بۇ (دۇنيا) قالىدۇ، سەن پۇشايمان بىلەن يىغلاپ كېتىسەن.

6093 بايات هۆكمى تاپلا، نەگۈ كەلسە يۇد،
بودۇنقا ئاسىغ قىل بولۇ بەرسە ئۆد.
خۇدانىڭ هۆكمىگە رازى بول، (بېشىڭغا) نېمە كەلسە كۆتۈر،
پەيتى كەلگەندە خەلققە پايدىلىق بول.

6094 كۆنى سۆزلە، قەۋلىڭ تۇگەل قىل تۇپۇن،
بولۇر قەۋلى يالغان كىشىلەر ئوتۇن.
توغرا سۆزلە، ۋەدەڭ تولۇق (ۋە) ئىشەنچلىك بولسۇن،
نادان كىشىلەرنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ.

6095 كۈلەر يۈز، ئىسىگ سۆز، قىلىنچ ئەدگۈ تۇت،
بولۇ بەرگە ئۆدلەك، كەلۇ بەرگە قۇت.
ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆز، ياخشى قىلىقلىق بول،
(شۇنداق قىلساڭ) دەۋر كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت كېلىدۇ.

6096 ئاقى بولغىل ئالچاق، تۇز - ئەتمەك يەتۈر،
كىشى ئەيبى ئاچما، سەن ئۆرتۈپ يەتۈر.
سېخىي ۋە كەمتەر بول، (كىشىلەرگە) نان - تۇز يېگۈز،
كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچما، يۆگەپ - يوشۇرغىن.

6097 هەۋا باسغىل، ئۆۋكەڭ كەلىر ئەرسە يىغ، C366
ئەت ئۆز ئەگرى يولقا بارىر ئەرسە يىغ.
هاۋايى - هەۋەسنى باس، غەزىپىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇت،
ۋۇجۇدۇڭ ئەگرى يولغا ماڭىدىغان بولسا، ئۇنى يىغ.

6098 ئۆزۈڭ ئاسىغى قولما، بودۇن ئاسىغى قول،
يۇدۇرمە يۈك ئەلگە، ئۆزۈڭ يۈكچى بول.
ئۆز پايداڭنى كۆزلىمە، خەلق پايدىسىنى كۆزلە،
يۈكۈڭنى ئەلگە يۈدگۈزمە، ئۆزۈڭ يۈك كۆتۈرگۈچى بول.

6099 تاۋار، نەڭ بارىن قىل ئۆزۈڭگە يۇلۇغ،
بودۇنۇغ سەۋۈندۈر، ئاي بىلگى ئۇلۇغ.
مال - تاۋارلىرىڭنىڭ هەممىسىنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن سەدىقە قىل،
خەلقىڭنى شاد - خورام قىلغىن، ئەي ئۇلۇغ ئالىم.

6100 كىشى ئۆدرۈمى، كۆر، كىشىنى يۈلار، B437
سەۋۈگ جان يۈلۈغلاپ، سەۋۈنچىن تىلەر.
قارا، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى كىشىلەر ئۈچۈن پىدائىي بولىدۇ،
سۆيۈملۈك جېنىنى قۇربان قىلىش (بەدىلىگە) كىشىلەرگە شادلىق تىلەيدۇ.

6101 ئەدى ياقشى ئايمىش، كۆر، ئۆدرۈم، تالۇ،
بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ مەڭەسى تولۇ.
بىلىملىك، ئەقىللىك، مېڭىسى ئۆتكۈر،
تاللانغان، سەرخىل كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

6102 ئاسىغلىغ كىشى ئول كىشى ئۆدرۈمى،
باغىرساق كىشى ئول بودۇن كۆدرۈمى.
پايدىلىق كىشى كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر،
مېھرىبان كىشى بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر.

6103 كىشىلىك ئاتى، كۆر، ئىككى نەڭ تۇرۇر،
باغىرساق بىرى، بىر ئاقى نەڭ بەرۈر.
قارا، كىشىلىكنىڭ نامى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر،
بىرى ـــ مېھرىبانلىق، (يەنە) بىرى ـــ سېخىي بولۇپ، مال بېرىش.

6104 تاقى مۇندا يەگرەك ئايۇر، كۆر، ئۇقۇش،
ئۇقۇش يولى تۇتسا ئاسىغلار ئۆكۈش.
قارىغىنا، ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلەيدۇ،
ئەقىلنىڭ يولىنى تۇتسا، پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

6105 ئاقى تەپ ئايۇرلار قايۇ ئول ئاقى،
ئاقى جان يۈلۈغلاپ ئۆتەر ئەر هەقى.
سېخىي دېيىشىدۇ، ئۇ سېخىي قايسى؟
سېخىي جېنىنى پىدا قىلىپ، كىشىنىڭ هەققىنى ئادا قىلغۇچىدۇر.

6106 ئاقىلىق ئول ئەرمەز ئۈلەسە كۈمۈش،
ئاقى جانى خەلققە قىلۇر ئول يۈلۈش.
(ئالتۇن) كۈمۈش ئۈلەشتۇرسىلا سېخىي بولىۋەرمەيدۇ،
سېخىي جېنىنى خەلققە پىدا قىلغۇچىدۇر.

6107 ئاقىتسا ئاقى ئەر بودۇنقا تاۋار،
ئاقا، يىغلۇ تەرلۈر ئاڭار خەلق ئاۋار.

سىخىي ئادەم خەلققە مال ـ تاۋىرىنى (سۇدەك) ئېقىتسا،
خەلقمۇ يۇگۈرۈشۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

6108 ئىكى نەڭ تۇرۇ دۇنيا ئاتى چاۋى،
بىرى نەڭ ـ تاۋار ئول، بىرى يۈز سۇۋى.

دۇنيانىڭ شان ـ شۆھرىتى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت:
بىرى، مال ـ دۇنيا (يەنە) بىرى بولسا يۈز ـ ئابرۇيدۇر.

6109 بۇ ئىككى بۇلۇپ مىڭ ياشاسا تۈگەل،
ئۆلۈم تۇتسا ئاخىر ئادىن بولغۇ هال.

بۇ ئىككىسىگە ئىگە بولۇپ، مىڭ يىل ياشىسىمۇ،
ئاخىر ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە، ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

6110 قارا تاپسا بەگلەر بەدۈيۈر، قوپار،
ئۈزەنگۈ بار ئەرسە، چىگەن بەرك قاپار.

ئاۋام پۇقرا (نىڭ ھىمايىسىگە) ئىگە بولسا، بەگلەر يۈكسىلىدۇ، كۆتۈرۈلىدۇ،
ئۈزۈڭگە (مەھكەم) بولسىلا، (چەۋەنداز) تىزگىنىنى چىڭ تۇتالايدۇ.

6111 بۇ ئول دۇنيا، دەۋلەت، قارانىڭ قۇرى،
بۇلۇنماز، بۇلۇنسا بولۇر بەگ قارى.

مانا، دۇنيا ـ دۆلەتنىڭ، ئاۋامنىڭ دەرىجىسى ئەنە شۇ،
(بۇنىڭغا) يېتىشكىلى بولمايدۇ، يېتىشكەندە بەگ قېرىغان بولىدۇ.

6112 ئۆزۈڭ كۆچگۈ، ئاتىڭ سەنىڭ كۆچكۈن ئول،
كۆچۈتچى ئۆلۈم كەلگۈ ئاخىر كۈن ئول.

ئۆزۈڭنى كۆچمەن ھېسابلا، سېنىڭ نامىڭ كۆچمەندۇر،
ئاخىر بىر كۈنى سېنى كۆچۈرگۈچى ئۆلۈم يېتىپ كېلىدۇ.

6113 كۆچۈگلى كىشى ئەتمەز ئوردۇ ساراي،
يورىغلى كىشى يولدا قالماز يىل، ئاي.

كۆچىدىغان كىشى ئوردا ـ ساراي ياسىمايدۇ،
يولۇچى كىشى يىل ـ ئايلاپ يولدا توختىمايدۇ.

6114 ئۆزۈڭنى يول ئۆتگەن ساقىن، ئاي قاداش،
سەۋىنچ قىلما ئارتۇق، يازۇق تۇتما قاش.

ئەي قېرىنداش، ئۆزۈڭنى بىر يولۇچى دەپ ھېسابلا،
ئارتۇق شادلانما، تولىمۇ كۈلۈپ كەتمە.

6115 B438 C367 كەچىكلى تۇرۇر بۇ ئاژۇن، قالغۇسۇز،
ئۆلۈگلى تۇرۇر ئۆز، كۈنى بەلگۈسۈز.
بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، (ساڭا) قالمايدۇ،
سەن ئۆلگۈچىسەن، (ئۆلىدىغان) كۈنۈڭ بەلگىسىز.

6116 ئانۇنمىش تۇرۇر بۇ ئۆلۈم تارماقى،
ئۇسانىپ يورىردا ئىلەر قارماقى.
ئۆلۈمنىڭ تىرنىقى (دائىم) تەييار تۇرىدۇ،
غەپلەتتە يۈرگەندە قارمىقى (دەرھال) ئىلىدۇ.

6117 بۇ دۇنيا ئاش ئول بىر، بۇ ئاش يەگلىنىڭ
ئاتىنى سەنئۆك ئاي، شاتىم يوق مەنىڭ.
بۇ دۇنيا بىر ئاشتۇر، بۇ ئاشنى يېگەنلەرنىڭ
نامىنى سەنلا ئېيت، مېنىڭ (ئېيتىشقا) جۈرئىتىم يوق.

6118 تىلەك ئارزۇ سۇرمە، ھەۋاڭنى يىغىن،
كىشىگ سوڭداماغىل، تىلىڭ قىل ئاغىن.
تىلەك ـ ئارزۇلارغا (تولا) ئىنتىلمە، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى يىغ،
كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلما، تىلىڭنى كېكەچ قىل.

6119 نەگۈ تەر ئەشىتكىل، ئاي كۆڭلى ئودۇغ،
بۇ سۆز ئىشكە تۇتسا توقىنماز يودۇغ.
كۆڭلى سەگەك (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىنسا، زىيان كەلمەيدۇ.

6120 «تىلەك ئارزۇ سۇرمەك ئەدى كەد تاتىغ،
تاتىغ ئايىتىغى بار يارىنلىق قاتىغ.
«تىلەك ـ ئارزۇلارغا ئىنتىلىش بەك شېرىندۇر،
(لېكىن) شېرىنىنىڭ ئەتە ئاچچىق سورىقىمۇ بار.

6121 تاتىغقا تاتىغسىز، سۇچىگكە ئاچىغ،
ئاغىشقا ئىنىش ئول، ئەدىزگە پاتىغ».
شېرىنغا تېتىقسىز، تاتلىققا ئاچچىق،
كۆتۈرۈلۈشكە چۈشۈش، ئېگىزگە چوڭقۇر بار».

6122 تۈگەل قىز قىلىنچلىغ تۇرۇر بۇ ئاژۇن،
سەنى ئارماسۇنى، ئاي قىلقى تۈزۈن.

بۇ دۇنيا تامامەن قىزنىڭ خۇلقىغا ئوخشايدۇ،
ئۇ سېنى ئالداپ قويمىسۇن، ئەي خۇش پېئىل.

6123 تەلىم يەلگە بەردى سەنتەكلەرىگ،
كەچۇردى ئەلىگدەك تەلىم بەگلەرىگ.
ساڭا ئوخشىغان تالايلارنى نابۇت قىلدى،
ئەلىگدەك تالاي بەگلەرنى (ئۇ دۇنياغا) كۆچۇردى.

6124 كۆز ئاچتى سىلەرگە، بۇ بەردى ئەلىگ،
ئۇسال بولماغىل سەن، ئاي قىلىقى سىلىگ.
سىلەرگە كۆز تىكتى، قولىنى بەردى،
(ئەمدى) سەن غاپىل بولما، ئەي قىلىقى مۇلايىم!

6125 نەگۇ بەردى ئەرسە، يانا ئالغايئوق،
نەچە تەردى ئەرسە، يانا ساچغايئوق.
نېمە بەرگەن بولسا، بەرىبىر يەنە ئالىدۇ،
قانچىلىك توپلىغان بولسا، بەرىبىر يەنە چاچىدۇ.

6126 نەچە كۇلسە بىر كۇن يانا سىغتاتۇر،
نەچە ئەتسە ئەۋرە بۇزار، ئارتاتۇر.
قانچىلىك كۇلدۇرسىمۇ، بىر كۇنى يەنە يىغلىتىدۇ،
قانچىلىك روناق تاپقۇزسىمۇ، يەنە بۇزىدۇ، ۋەيران قىلىدۇ،

6127 قىلىقى جەفا ئول، قىلىنچى ئوتۇن، A175
يارۇقلۇقى ئازراق، ئۆكۇشى تۇتۇن.
(بۇ دۇنيانىڭ) قىلىقى جاپا، قىلمىشى پەسكەشلىكتۇر،
يورۇقلۇقى ئازراق، پۇتۇن بارلىقى تۇتۇندۇر.

6128 بەزەنۇر كىشىگە ئۆزىن كۆركىتۇر،
كۆڭۇل بەردىڭ ئەرسە، ئاداق بەركىتۇر.
ياسىنىپ، كىشىگە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ،
كۆڭۇل بېرىپلا قويساڭ، تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ.

6129 شەكەر بىرلە ئىدگۇر، بەرۇر كىن ئاغۇ،
يايىغ قۇت قىلىنچى بۇ ئول، ئاي بۆگۇ.
شېكەر بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ، ئاچچىق زەھەر بېرىدۇ،
بىۋاپا بەختنىڭ قىلمىشى ئەنە شۇ، ئەي دانا.

6130 نەگۈ تەر ئەشتكىل ساقىنۇق باشى، B439
ساقىنغىل، ئاي دەۋلەت ئىدىسى كىشى.
مەشھۇر تەقۋادار نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(يامانلىقتىن) ئېھتىيات قىل، ئەي دۆلەت ئىگىسى:

6131 قالىر دۇنياقا بەرمە ساقلان كۆڭۈل، C368
جەفاچى تۇرۇر بۇ، ئاي قىلقى ئامۇل.
قېپقالىدىغان دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە، ساقلان،
بۇ (دۇنيا) جاپا سالغۇچى، ئەي سەۋرچان.

6132 ئەدى ياقشى ئايمىش، كۆر، ئۆدرۈم تالۇ،
بىلىكلىگ، ئۇقۇشلۇغ خىرەدى تولۇ:
قارا، بىلىملىك، ئەقىللىك، زېھنى تولغان،
تاللانغان، سەرخىل (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان:

6133 يايىغ قۇتقا ئىلنىپ، ياڭىلما يورىق،
ئىنانچسىز تۇرۇر قۇت، كۆر، ئەۋرەر قىلىق.
بىۋاپا بەختكە ئەگىشىپ (توغرا) يولۇڭدىن ئاداشما،
دىققەت قىل، بەخت ئىشەنچسىزدۇر، قىلىقىنى ئۆزگەرتىدۇ.

6134 كۆلىگە تۇرۇر دۇنيا، دەۋلەت كۈنى،
كۆلىگە بىر ئۆك يەردە تۇرماز كۈنى.
دۇنيا، دۆلەت كۈنلىرى بىر كۆلەڭگىدۇر،
كۆلەڭگە بىرلا يەردە راۋرۇس تۇرمايدۇ.

6135 دىنىڭنى ئاغىر تۇت، بۇ دۇنياڭ ئۇچۇز،
ئاغىر قىلغا دىنىڭ، ئاي بىلكى ئۆگۈز.
دىنىڭنى قەدىرلە، بۇ دۇنيانى قەدىرسىز تۇت.
دىنىڭ سېنى قەدىرلىك قىلىدۇ، ئەي بىلىمى دەريا.

6136 ئەرەژگە ئاۋىنما، سەۋىنمە، ساقىن،
بايات يادى بىرلە تاپۇغ قىل، باقىن.
راھەت ـ پاراغەتكە مەپتۇن بولما، خۇشال بولما، ئۆزۈڭنى تۇت،
خۇدانى يادلاپ ئىبادەت قىل، (ئۇنىڭغا) سىغىن.

6137 ئەسۇرتمەسۇ دەۋلەت سەنى، ئاي قاداش،
ئادىلدۇقتا شەكسىز كۆزۈڭ تولغا ياش.

ئەي قېرىنداش، دۆلەت سېنى مەست قىلمىسۇن،
ھوشۇڭغا كەلگەندە، شۇبھىسىز كۆزۈڭ ياشقا تولىدۇ.

6138 نەگۇ تەر ئەشتىكىل بۇ بودۇن بەگى،
سىناپ سۆزلەمىش سۆزنى يەتلىپ ئۆگى:
بۇ خەلق بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇنىڭ) ئەقلى يېتىلىپ، سۆزنى سىناپ سۆزلىگەن:

6139 كىمى ئەرسە دەۋلەت ئەسۇرتسە كەلىپ،
ياغىز يەردە يارلۇر يۇرەكى ئۇلىپ.
دۆلەت كېلىپ كىمنى مەست قىلغان بولسا،
قارا يەر قېتىغا كىرگەندە نالە قىلىپ يۈرىكى يېرىلىدۇ.

6140 ئۇلۇغلۇقتا ئەسرۇپ كىم ئاخسۇملاسا،
قارا يەر قاتىندا قىيىن يەر باسا.
ئۇلۇغلۇقتا مەست بولۇپ، كىم نالايىق ئىش قىلسا،
كېيىن قارا يەر قېتىدا ئازابىنى تارتىدۇ.

6141 يىگىتلىك، يا بايلىق، بۇ قۇت ئەسرۇكى
سۇچىگ ئەسرۇكىندا بەتەر، ئاي بەكى.
يىگىتلىك ۋە بايلىق ياكى بەخت مەستلىكى
شاراب مەستلىكىدىن بەتتەردۇر، ئەي ئىرادىلىك كىشى.

6142 ئەسۇرسە قالى بورچى بورنى ئىچىپ،
ئۇدىپ قوپسا ئادلۇر ئۇسىندا كەچىپ.
ئەگەر مەيخور مەي ئىچىپ مەست بولسا،
ئۇخلاپ قوپسا (مەستلىكى) ئۇيقۇدا يېشىلىپ كېتىدۇ.

6143 بۇ دەۋلەت ئەسۇرتسە ئادىن ئادلۇماز،
ئۆلۈم تۇتماغىنچا ئۇدىر، ئودنۇماز.
بۇ دۆلەت مەست قىلسا، (كىشى) ئۇزۇنغىچە ھوشىغا كەلمەيدۇ،
ئۆلۈم تۇتمىغۇچە ئۇخلايدۇ، ئويغانمايدۇ.

6144 ئاتىڭ بولدى قۇل، قىلما بەگلەر ئىشى،
ئۆزۈڭ قۇللۇقى قىل، ئاي ئەدگۇ كىشى.
نامىڭ قۇل ئىكەن، سەن بەگلەرچە ئىشنى قىلما،
ئۆزۈڭنىڭ قۇللۇقىنى قىل، ئەي ياخشى كىشى.

6145 تەلىم قالغۇ ئەرمەز تىرىگلىك كۈنى، B440
ئۆزۈن بارغۇ ئەرمەز ئۆلۈغلۈق ئۈنى.
هاياتلىق كۈنۈڭ بەك ئۇزۇن ئەمەس.
ئۇلۇغلۇق شۆھرىتىمۇ بەك ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ.

6146 نەچە مىڭ ياشاسا ئۆز ئۆلگۈ تۇرۇر،
ئۆلاشمىش ئەت ئۆزلەر ئۆزۈلگۈ تۇرۇر.
نەچچە مىڭ (يىل) ياشىسىمۇ ئادەم ئۆلىدۇ،
(بىر ـ بىرىگە) تۇتاشقان بەدەن پارچىلىنىدۇ.

6147 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى ئەشىت بۇ سۆزۈگ،
كۆڭۈلگە ئالىنغىل، ئەۋۇرمە يۈزۈگ:
بۇنىڭغا تەقلىد، ئەمدى بۇ سۆزنى ئاڭلا،
بۇنى ئېسىڭدە تۇت، سەل قارىما:

6148 «تىلەك، ئارزۇ، نىئمەت تۈگەل يەسە سەن، C369
تىرىگلىك سۈۋىن سەن بۇلۇپ ئىچسە سەن؛
«تىلەك، ئارزۇ، نېمەتلەردىن سەن تۈگەل بەھرىمەن بولساڭمۇ،
ئابىھاياتنى تېپىپ ئىچىۋالغان بولساڭمۇ؛

6149 سۇنۇپ تۇتسا ئەلگىڭ ئەگەر كۆك كۆزىن،
باشىڭ كۆككە تەگسە، يانا يەردە سەن».
قولۇڭنى سوزۇپ ئەگەر ئاسمان گۈمبىزىنى تۇتساڭمۇ،
بېشىڭ كۆككە تاقاشقان بولسىمۇ، يەنە يەردە تۇرىسەن».

6150 كۆنى سۆزلەيىن سۆز ساڭا، ئاي قاداش،
نەگۈ كىزلەيىن مەن، ئاي كۆڭلى ئۇداش.
ساڭا توغرا سۆز قىلاي، ئەي قېرىنداش،
(سەندىن) نېمىنى يوشۇراي، ئەي سىردىشىم؟

6151 قالى سەۋمەز ئۆز، كۆر، بۇ دۇنيا نەڭىن،
تۈ نىئمەت، تالۇ يۈز، قىلىنچىن، ياڭىن.
قارا، بۇ دۇنيا مېلىنى، تۈرلۈك ناز ـ نېمەتلىرىنى، گۈزەل يۈزلەرنى،
(يېقىملىق) قىلىقلار ۋە نازلارنى كىشى قانداقمۇ سۆيمىسۇن؟

6152 ئەرەڑ، ئارزۇ، نىئمەت بۇ قودماق قامۇغ،
يايىغ دۇنيا ياپتى ماڭا بۇ قاپۇغ.

راھەت، ئارزۇ، نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلىشىم ئۈچۈن،
ۋاپاسىز دۇنيا ماڭا بۇ ئىشىكلەرنى ياپتى.

6153 باياتتىن يىراتۇر بۇ دۇنيا كىشىگ،
تىدار، قىلدرۇ ئىدماز بۇ ئەدگۇ ئىشىگ.
بۇ دۇنيا كىشىنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ،
ياخشى ئىشلارنى قىلغۇزمايدۇ، (قىلىشقا) يول قويمايدۇ.

6154 بۇ قورقىنچ ئۈچۈن بىلگە دۇنيا قودۇپ،
ئازۇن تەزگىنۇ يۈگرۈر ئەمگەك يۈدۈپ.
مانا شۇ قورقۇنچتىن دانالار دۇنيانى تاشلاپ،
جاھان كېزىپ، مۇشەققەت چېكىپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ.

6155 قايۇ تاغدا يۈگرۈر، ئۆڭۈرده ئەۋى،
يەمى ئوت كۆكى، ئىچگۇ ياغمۇر سۇۋى.
بەزىسى تاغلاردا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، ئۆڭكۈرنى ماكان قىلىدۇ.
يېمىكى ئوت ـ چۆپ، ئىچىشى يامغۇر سۈيىدۇر.

6156 قايۇسى بەياباندا يۈگرۈر كەزىپ،
باياتقا بۇ قورقۇ ـ ساقىنچىن سىزىپ.
بەزىلىرى باياۋان كېزىپ، يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ.
خۇدادىن قورقۇپ، ھەسرەت چېكىدۇ.

6157 قايۇسى ئۆرۈم كەدتى، بۈكرى ئۈچا،
قايۇ يەر كەزەر، بۇ كۆزى ياش ساچا.
بەزىسى جەندە كىيگەن، مۈكچەيگەن،
بەزىسى كۆزلىرى ياشلىق (ھالدا) جاھان كېزىدۇ.

6158 قايۇسى يەمەز ئاش، ئۆزىن سىزغۇرۇر،
قايۇ تۈنلە ياتماز، ئاداقىن تۇرۇر.
بەزىسى ئاش ـ تاماق يېمەي، ئۆزىنى جۈدىتىدۇ،
بەزىسى كېچىدە ياتماي، تىك تۇرۇپ (تاڭ ئاتقۇزىدۇ).

6159 بۇ ياڭلىغ يورىرلار ئودۇنمىش كىشى،
ئۇدىمىش تۇرۇرمىز، ئۇسايۇق باشى.
سەگەك كىشىلەر ئەنە شۇنداق يۈرىدۇ،
(بىز) بىخۇد، غەپلەتتە قالغان كىشىلەرمىز.

6160 سەن ئەمدى كۈدەزگىل ئۆزۈڭ، ئاي قاداش، B441
سەنىڭ بولدى دۇنيا، ئۆزۈڭ بولدى باش.
ئەي قېرىنداش، سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى كۆزەتكىن،
دۇنيا سېنىڭ بولدى، باشلىق بولدۇڭ.

6161 ھەۋا باس، ئۇقۇش بىرلە نەفس بوينى سى، A176
بۇ ئول ئەر نىشانى، ئۇقۇش بەلگۈسى.
ھاۋايى ـ ھەۋەسنى باس، ئەقىل ئىشلىتىپ نەپسىنىڭ بوينىنى سىق،
ئەرلىك نىشانىسى، ئەقىل بەلگىسى ئەنە شۇدۇر،

6162 بۇ ئىككى بىلە ئەر يوقادۇر كۈچۈن،
مۇڭار كىم بۇلۇن بولسا، ئەمگەر ئۆچۈن.
بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر كۈچىنى يوقىتىدۇ،
بۇنىڭغا كىم قۇل بولسا، ئازاب چېكىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

6163 مۇنۇقى بارىرمەن بۇ كۈن ئادرىلىپ،
سەنىڭمە يولۇڭ بۇ، كەل ئەدگۈ قىلىپ.
شۇنداق قىلىپ، مەن بۈگۈن ئايرىلىپ كېتىۋاتىمەن،
سېنىڭمۇ بارىدىغان يولۇڭ مۇشۇ، ياخشىلىق قىلىپ كەل.

6164 ئەسىزگە قاتىلما، قىلىنچ ئەدگۈ تۇت، C370
ئەسىز ئىكى ئاژۇن قىلۇر ئۆزگە يۇت.
يامانغا قېتىلما، ئىش ـ ھەرىكىتىڭنى ياخشى قىل،
يامانلار ئىككىلا دۇنيادا ئۆزگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

6165 نەگۈ تەر ئەشىت كۆڭلى پىشمىش كىشى،
ئۆلۈمدە ئوزا ئىشىن ئەتمىش كىشى.
ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئىشلىرىنى پۈتكۈزگەن،
كۆڭلى پىششىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6166 ئەسىزگە يۈرەكلىگ ئايا بۇغراغۇ،
ئەسىز قىلما، ئەسىز يەمى ئول ئاغۇ.
ئەي يامانلىق قىلىشتا بۇغرا (تۆگىدەك) يۈرەكلىك ئىنسان،
يامانلىق قىلما، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئوغىدۇر.

6167 ئايا كەڭ يورىقلىغ بودۇن ئۆكتەمى،
ئۆلۈم يەتگەلىر تەرك، ئوتى قىل ئەمى.

ئەي كەڭ يولغا (ئىگە) بولغان خەلق ئۆكتىمى،
ئۆلۈم تېز يېتىپ كېلىدۇ، ئامال - چارىسىنى قىل.

6168 ئايا مەن تەگۈچى مەنى ساۋ مەنى،
ئۆلۈمگە ئانۇنغىل، يانۇر كەد سەنى.

ئەي مەن - مەن دېگۈچى، مېنى سۆي (دېگۈچى ئىنسان)،
ئۆلۈمگە هازىرلان، ئۇ سېنى بەك سورىماقتا.

6169 ئايا ئاچ، كۆزى سۇق، بۇ دۇنيا قۇلى،
ئۆلۈم سۇقلانۇر، كۆر، سەنى تۇتغالى.

ئەي بۇ دۇنيانىڭ ئاچ، تەمەخور قۇلى،
ئۆلۈم سېنى تۇتۇشنى تەمە قىلماقتا.

6170 ئايۇر، ئاي قاداشىم، بارىرمەن مۇڭۇن،
ئىكى نەڭگە ئارتۇق ئاچىرمەن بۇ كۈن.

(ئودغۇرمىش) دېدى: ئەي قېرىنداشىم، ھەسرەت بىلەن كېتىۋاتىمەن،
بۈگۈن ئىككى نەرسىگە بەك ئېچىنىماقتىمەن:

6171 بىرى، بىر باياات تاپغى مەندىن قالىر،
ئىكىنچى، ئىدىم يادى تىلدە بارىر.

بىرى، بىر خۇدا ئىبادىتى قىلىۋاتىمدۇ،
ئىككىنچىسى، ئىگەمنى تىلىمدا ياد ئېتەلمىدىم.

6172 بۇ كۈن، يا يارىن تۇت يۇمۇلسا بۇ كۆز،
سىلەرنىڭ دۇئاقا بولۇر مۇڭلۇغ ئۆز.

بۈگۈن يا ئەتە كۆزۈم يۇمۇلسا،
مەن سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارغا موھتاج بولىمەن،

6173 دۇئادا ئۇنىتما مەنى، ئاي قاداش،
مەنىڭدە كەدىن سەن كەلىرسەن ئۇلاش.

دۇئادا مېنى ئۇنتۇما، ئەي قېرىنداش،
مەندىن كېيىن سەنمۇ ئىز بېسىپ كېلىسەن.

6174 مۇنۇقى كۆرۈرسەن مەنىڭ هالىمى،
ساڭا بولسۇ ئىبرەت، ئوتى قىل ئەمى.

مانا، مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرۈۋاتىسەن،
ساڭا ئىبرەت بولسۇن، ئامال - چارىسىنى قىل.

6175 ئۆلۈم كەلدى، ئەلتۈر، بارىرمەن مۆڭۈن، B 442
ساڭا كەلگە مەندە باسا، سەن ئانۇن.
ئېلىپ كەتكىلى ئۆلۈم كەلدى، ھەسرەت بىلەن كېتىۋاتىمەن،
مەندىن كېيىن ساڭا كېلىدۇ، سەنمۇ تەييارلىق قىل.

6176 بۇ كۈن ئادرىلۇر مەن، مۆڭۈن ئۆز بارىر،
قاۋۇشغۇم قاچان ئەركى تەڭرى بىلىر.
بۈگۈن ھەسرەت بىلەن جۇدا بولماقتىمەن،
(يەنە) قاچان كۆرۈشىمىز، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

6177 نەگۈ تەر ئەشىتكىل ئۆلۈگلى كىشى،
ئۆلۈرده ئۆلىپ يەرگە چالمىش باشى.
ئۆلۈش (ۋاقتى)دا بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ نالە قىلىپ
ئۆلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6178 «ئۆلۈرمەن ئۆكۈنچۈن، ئاقار كۆز يۇلۇم،
تاتىغلار تاتىغسىز قىلۇر بۇ ئۆلۈم.
«پۇشايمان بىلەن ئۆلۈۋاتىمەن، كۆز نۇرۇم ئاقماقتا!
بۇ ئۆلۈم تاتلىقلارنى تېتىقسىز قىلماقتا.

6179 ئۆلۈمدە باسا، كۆر ئىكى يول كۈدەر،
ئىكىدە قايۇ ئەركى بارغۇ يولۇم».
ئۆلۈمدىن كېيىن (مېنى) ئىككى يول كۈتىدۇ،
ئىككى يولدىن قايسىسىغا بارىمەنكىن (خۇدا بىلىدۇ)».

6180 يانائوق ئايۇر، ئاي باغىرساق قاداش، C 371
مەنىڭ قادغۇما سەن كۆڭۈل قىلما باش.
يەنە تەكىتلەپ ئېيتتى: ئەي مېھرىبان قېرىنداش،
مېنىڭ قايغۇلىرىمغا سەن كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما.

6181 ئۆلىما، كۆڭۈل بەرتمە مەندە باسا،
كۆڭۈل باس، دۇئا قىل، قاتىغلان ئۇسا.
مەندىن كېيىن يىغلىما، كۆڭلۈڭنى چۈشۈرمە،
كۆڭلۈڭنى باس، دۇئا قىل، تىرىشچان بول.

6182 سىغىت قىلما ئارتۇق، تىدا تۇت ئۆزۈڭ،
بۇ ئىشنى بايات ئىدتى، كەسكىل سۆزۈڭ.

ئارتۇقچە يىغا ـ زارە قىلما، ئۆزۈڭنى سەۋرچان تۇت،
بۇ، خۇدانىڭ ئەمرىدۇر، سۆزۈڭنى ئۈز.

6183 يورى، يانغىل ئەمدى، يانا ئەۋگە بار،
ساقىنچ قادغۇ بىرلە كۆڭۈل قىلما تار.
يۈر، ئەمدى قايتىپ ئۆيۈڭگە بار،
غەم ـ قايغۇ بىلەن كۆڭلۈڭنى ئازابلىما.

6184 كەرەكلىگ تۇتۇزدۇم ساڭا بارچا سۆز،
ئۇنتۇما سۆزۈمنى، ئايا كۆڭلى تۈز.
ساڭا بارلىق كېرەكلىك سۆزلەرنى ئېيتتىم،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ئەي تۈز كۆڭۈل.

6185 ئەلىگكە تەگۈرگىل مەنىڭدىن سەلام،
بۇ ئاخىر سەلام ئول، ئاي بىلكى تەمام.
ئەلىگكە مېنىڭدىن سالام يەتكۈز،
بۇ، ئاخىرقى سالىمىمدۇر، ئەي بىلىمى كامىل.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئودغۇرمىشقا

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

6186 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى تۇرۇپ،
نەگۈتەك بارايىن سەنى مەن قودۇپ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
مەن سېنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتىمەن؟

6187 ئاغىر ئىگ بىلە سەن ئۆزۈڭ يالڭۇزۇن،
نەگۈتەك قىلۇرسەن، ئاي ئۇرغى تۈزۈن.
ئېغىر كېسەل بىلەن سەن يالغۇزلۇقتا
قانداق قىلىسەن، ئەي نەسەبى ئۇلۇغ؟

ئودغۇرمىش جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6188 يانا ئايدى ئودغۇرمىش: ئەمدى يورى، B443
مەنىڭ قادغۇمى سەن يەمە، ئاي ئۇرى.

ئودغۇرمىش يەنە دېدى: ئەمدى كەت،
مېنىڭ قايغۇمنى يېمە، ئەي ئوغۇل.

6189 ئىدىم يادى تاپ ئول، ئاۋىنغۇ ئىشىم،
كۆرۈ ئىدماغاي تەڭرى، ئەتكەي ئىشىم.

ئىگەمنىڭ يادى كۇپايە، (ئۇ) تەسەللى بەرگۈچى دوستتۇر،
تەڭرىم كۆرۈپ (تۇرۇپ) تاشلىۋەتمەيدۇ، ئىشىمنى پۈتكۈزىدۇ.

6190 كىمى ئەدگۈ تۇتسا بايات ئەدلەسە،
قامۇغ ئەدگۈ بولدى ئانىڭدا باسا.

خۇدا كىمنى ياخشى كۆرسە، ئەزىز قىلسا،
ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى داۋاملىشىدۇ.

6191 ئەدى ياقشى ئايمىش كۆنى سۆزلۈگ ئەر،
ئىشىگ ئاشرۇ كۆرمىش يىتى كۆزلۈگ ئەر.

كۆپ ئىشنى كۆرۈپ، كۆزى پىشقان،
توغرا سۆزلۈك كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

6192 بايات كىمگە قىلسا ئىنايەت باسۇت،
ئانىڭ بولدى ئاژۇن، بولۇ بەردى قۇت.

خۇدا كىمگە ئىنايەت قىلسا، ھەمدەم بولسا،
(ئىككى) دۇنيا ئۇنىڭ بولىدۇ، بەخت تاپىدۇ.

A177 6193 بايات فەزلى كىمگە يەتىلسە تۇگەل،
بۇلۇر ئىككى ئاژۇن، بولۇر ئەدگۈ ھال،

كىم خۇدانىڭ پەزىلىتىگە تامامەن ئىگە بولسا،
ئىككى دۇنيالىققا ئېرىشىدۇ، ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ.

6194 كىمى قودتى ئەرسە، ئاي ئەرسىگ ئۇرى،
كەرەك بولسۇنى ئىت، كەرەك كۆك بۆرى.

ئەي جەسۇر ئوغلان، (خۇدا) كىمنى تاشلىۋەتسە،
ئىت بولامدۇ ياكى كۆك بۆرە بولامدۇ، بەرىبىر.

6195 سۆزىن كەستى ئودغۇرمىش ئايدى: قاداش،
يورى، بار، ئەسەن تۇر، كۆزۈن تۆكمە ياش.

ئودغۇرمىش سۆزىنى تۈگىتىپ دېدى، ئەي قېرىنداش،
يۈر، قايتىپ كەت، سالامەت بول، كۆزۈڭدىن ياش تۆكمە.

* * *

C 372 6196 تۇرۇپ قۇچتى ئۆگدۇلمىش ئودغۇرمىشغ،
ئۆپۈپ يىغلادى يەرگە تۆكتى ياشغ.
ئۆگدۇلمىش (ئورنىدىن) تۇرۇپ، ئودغۇرمىشنى قۇچاقلىدى،
سۆيۈپ يىغلىدى، (كۆزىدىن) ياش تۆكتى.

6197 سىغىت بىرلە چىقتى، كۆر، ئاندىن تۇرۇپ،
ئاتىن مىندى كەلدى يۇز ئەۋگە ئۇرۇپ.
قارا، يىغلاپ ئۇ يەردىن چىقتى،
ئېتىنى مىندى، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

6198 تۇشۇپ كىردى ئەۋگە ساقىنچىن تۇگۈك،
سەۋىنچى كەتىپ كۆڭلى قادغۇن ئۇگۈك.
(ئېتىدىن) چۈشۈپ غەمكىن خاپا هالدا ئۆيگە كىردى،
شادلىقى كېتىپ، كۆڭلى قايغۇ بىلەن تولغاندى.

6199 نە مۇڭلۇق تۇرۇر كۆرسە يالڭۇق ئۆزى،
سەۋىنچى ئاز ئول بارچا قادغۇ تۆزى.
دىققەت قىلساڭ، ئىنسان قانچىلىك مۇڭلۇق ـ هە،
شادلىقى ئاز، پۈتۈن ۋۇجۇدى قايغۇ (ماكانى) دۇر.

6200 تىلەك بارچا بولسا سەۋىنچ كولدۇرۇر،
قالى قادغۇ كەلسە ساقىنچ يىغلاتۇر.
هەممە تىلىكىگە ئېرىشسە، شادلىقى كۈلدۈرىدۇ،
ئەگەر قايغۇ كەلسە، هەسرىتى يىغلىتىدۇ.

6201 سەۋەرىن بولۇپ كۆرسە سەۋىنۇ كولە،
قالىر ئادرىلۇردا بۇ قادغۇ بىلە.
سۆيگىنىگە ئېرىشسە، سۆيۈنۈپ كۈلىدۇ،
ئەگەر جۇدا بولسا، قايغۇ بىلەن قالىدۇ.

B 444 6202 ئارالا ئاۋىنتۇر سەۋىنچىن ۋىسال،
ئارا يىغلاتۇر، كۆر، فىراقىن تۇگەل.
بەزىدە ۋىسال شادلىقى مەپتۇن قىلىدۇ،
بەزىدە پىراق (ئەلەمى) يىغلىتىدۇ.

6203 نەگۈ بار ئاژۇندا فىراقتا قاتىغ،
فىراق قادغۇلارى تەڭىزدە پاتىغ.
دۇنيادا پىراق (ئەلىمى)دىنمۇ قاتتىق نېمە بار؟
پىراق ئەلەملىرى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر.

6204 تىرىگلە فىراق بولسا قاۋشۇر يانا،
تىلەپ، ئىرتەشۇ ياندرۇ تاپشۇر يانا.
تىرىك تۇرۇپ ئايرىلسا، يەنە تېپىشىدۇ،
ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ قايتا دىدار كۆرۈشىدۇ.

6205 قامۇغدا قاتىغراق فىراق بۇ ئۆلۈم،
ئۆلۈمگە ئەتىك يوق، يا تۇتماز تولۇم.
ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق — ئۆلۈمدۇر،
ئۆلۈمگە ئامال يوق، ئۇنى قۇرال بىلەنمۇ توسۇپ بولمايدۇ.

6206 قامۇغنۇڭ فىراقى ياقىن، يا يىراق،
ئۆلۈمنۇڭ فىراقى يىراق بۇ فىراق.
ھەر نەرسىنىڭ پىراقى يېقىن ياكى يىراق بولىدۇ،
ئۆلۈمنىڭ پىراقى (بولسا) ئۇزۇن پىراقتۇر.

6207 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيتىگ ئوقى،
ئوقىسا ئاچا بەرگە مەئنى تاقى:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
ئوقۇغانسېرى مەنىسى تېخىمۇ ئېچىلىدۇ:

6208 «قامۇغدا قاتىغراق ئۆلۈم ئول فىراق،
فىراقىن تۆكەر ياش كۆرۈگلى قاراق.
«ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق ئۆلۈمدۇر،
ئۇنىڭدىن كۆز قارىچۇقلىرى پىراق ئىچىدە ياش تۆكىدۇ.

6209 تىرىگلە فىراققا ۋىسال بار ئۇمىنچ،
ئۆلۈگلى ۋىسالدىن سەزىكسىز يىراق».
تىرىك ئۈچۈن جۇدالىقتا ۋىسالدىن ئۈمىد بار،
ئۆلگەن كىشى شۈبھىسىز ۋىسالدىن يىراقتۇر».

* * *

6210 يەدى، ئىچتى ئۆگدۈلمىش ئاز ئىنچرۈنۈپ،
نەمازىن يەتۈردى ئاداقىن تۇرۇپ.
ئۆگدۈلمىش يېدى، ئىچتى، بىرئاز دەم ئالدى،
(ئاندىن) ئورنىدىن تۇرۇپ نامىزىنى ئۆتىدى.

6211 ياشىق يەرگە ئىندى، يۈزىن كىزلەدى،
قالىق قارشۇ كەلدى ئىزىن ئىزلەدى.
قۇياش يەرگە ئېگىشتى ۋە يۈزىنى يوشۇردى،
ئاسمان (قۇياشنىڭ) ئىزىنى باستى.

6212 تۆشەك قولدى، ياتتى، ئۈسى كەلمەدى، C 373
ساقىنچ ـ قادغۇ بىرلە كۆزىن يۇمادى.
(ئۆگدۈلمىش) تۆشەك سالدى، ياتتى، ئۇيقۇسى كەلمىدى،
قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن كۆزىنى يۇممىدى.

6213 قوپۇپ چىقتى ئەلگە يۈۋۈلدى ياشى،
ئاژۇن مەڭزى بولدى ھەبەش قىرتىشى.
قوپۇپ ھويلىغا چىقتى، كۆز يېشى (مەڭزىنى) يۇدى،
دۇنيا يۈزى ھەبەش (يۈزىنىڭ) رەڭگىگە كىردى.

6214 يانا ياندى ئەۋگە، تۆشەككە كىرىپ
ياتىپ باردى بىر ئاز ساقىنچىن سەرىپ.
يەنە ئۆيگە قايتتى، تۆشەككە كىردى،
ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ، يەنە بىرئاز ياتتى.

6215 يۈزىن كىزلەدى يەرگە رۇمىي قىزى،
ئاژۇن مەڭزى بولدى بۇ زەنگى يۈزى.
رۇمىي قىزى يۈزىنى يەرگە يوشۇردى،
دۇنيا يۈزى زەڭگى يۈزىدەك بولدى.

6216 ئۈسى كەلمەدى، تۇردى باقتى يانا،
كۆر، ئۈلكەر ساۋۇلمىش، ئۈچۈقمىش تۈنە.
ئۇيقۇسى كەلمىدى، (ئورنىدىن) تۇرۇپ (ئەتراپقا) باقتى،
ئۈكەر يۇلتۇزى پەسكە چۈشۈپ، كېچە ئاخىرلىشىپ قالغانىدى.

6217 كۆزىن كۆككە تىكتى، باقا تۇردى كەچ، B 445
قارا تۈن تۈنەردى، يارۇمادى ھىچ.

كۆزىنى كۆككە تىكىپ، ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇردى،
قارا تۈن قاراڭغۇلاشتى، زادى يورۇمىدى.

6218 ياتىپ باردى ئازراق، ئودۇندى تۇرۇپ،
ياشىل كۆككە باقتى يوقارۇ كۆرۈپ.
(يەنە) ئازراق ياتتى، (كېيىن) ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇردى،
يۇقىرىغا قاراپ، كۆك ئاسمانغا كۆز تىكتى.

6219 توغاردىن قارا قۇش قوپۇپ ئۆرلەدى،
ياغى ئوت كۆتۈرمىشتەك ئوت يىلدرادى.
شەرقتىن قارا قۇش يۇلتۇزى چىقىپ، يۇقىرى ئۆرلىدى،
دۈشمەن ئوت ياققاندەك، ئوت كۆتۈرۈلدى.

6220 يەتىكەن كۆتۈردى يانا باش ئۆرۈ،
تۆگىتتى يانا يىلدرىق ئادغىر نارۇ.
يەتتىگەن يەنە بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى،
يىلدىرىق يۇلتۇزى ئايغىرغا توغرا ئېگىلدى.

6221 ئەرەنتىر باشى ئىندى يەرگە ياغۇق،
ياشىق باش كۆتۈردى يۈز ئاچتى يارۇق.
ئەرەنتىر بېشىنى يەرگە يېقىن ئەگدى،
قۇياش بېشىنى كۆتۈرۈپ، يورۇق يۈزىنى ئاچتى.

* * *

6222 يانا قوپتى، يۇندى، تاراندى ئارىغ،
نەماز قىلدى، ۋىردىن ئوقىدى ئارىغ.
(ئۆگدۈلمىش) يەنە (ئورنىدىن) قوپتى، پاكىز يۇيۇنۇپ ـ تاراندى،
ناماز ئوقۇدى، ۋىردنى تولۇق تاماملىدى.

6223 ئاژۇن قىرتىشى بولدى ئالتۇن ئۆڭى،
يالىنتەك بولۇپ دۇنيا قىزدى ئەڭى.
دۇنيا يۈزى ئالتۇن رەڭگىگە كىردى،
ئاسمان يۈزى ئوت يالقۇنىدەك قىزاردى.

6224 تونىن كەدتى، تەركىن ئاتىنى تۇتۇپ،
يانا قارشىقا باردى ئەۋدىن تۇرۇپ.
تونىنى كىيدى، دەرھال ئېتىنى تۇتۇپ (مىندى)،
ئۆيدىن چىقىپ يەنە ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

6225 تۇشۇپ كىردى قارشىقا تەركىن يورىپ،
ئوقىدى ئەلىگ، كىردى كۆڭلىن تەرىپ.
(ئېتىدىن) چۈشۈپ، ئالدىراش ئوردىغا كىردى،
ئەلىگ چاقىردى، (ئۇ) كۆڭلىنى يىغقان ھالدا ئالدىغا كىردى.

6226 باقا كۆردى ئەلىگ، كۆر، ئۆگدۈلمىشىگ،
تۇشۇك كۆردى كۆڭلىن ئول ئەدگۈ كىشىگ.
ئەلىگ قاراپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالدى،
بۇ ياخشى ئادەمنىڭ كۆڭلى چۈشكۈنلۈكىنى كۆردى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6227 ئايىتتى ئەلىگ: ئەمدى ھالىڭ نە ئول، A178
ساقىنچلىغ كۆرۈرمەن ئۆزۈڭ، ئاي ئامۇل؟
ئەلىگ دېدى: ئەمدى ئەھۋالىڭ قانداق،
سېنى غەمكىن كۆرۈۋاتىمەن، ئەي تەمكىن؟

6228 نەگۈ يۈك كۆتۈردۈڭ كۆڭۈلگە بۇ كۈن،
نىشانىن كۆرۈرمەن ئالىندا تۈگۈن.
بۈگۈن كۆڭلۈڭگە قانداق (دەرد) يۈكلەندى،
ماڭلىيىڭدىن خاپىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن؟

6229 نەلۈك ئال بودۇدۇڭ قىزىل مەڭزىڭى،
نەگۈ بەردى دۇنيا ساڭا ئۆز ئۆڭى؟
نېمە ئۈچۈن قىزىل مەڭزىڭ سارغايدى،
دۇنيا ساڭا قانداق ئەندىشىلەرنى يۈكلىدى؟

6230 تاقى قۇت ئەۋۈرمەدى سەندىن يۈزىن، C374
يايىغ دۇنيا، دەۋلەت يارۇتۇر كۆزىن.

تېخى بەخت سەندىن يۈز ئۆرۈمىدى،
بۇۋاپا دۇنيا، دۆلەت ساڭا ھېلىمۇ كۈلۈپ باقماقتا.

6231 ئوڭاي ئەۋرىلۈر ئەمدى ئەۋرەن ساڭا،
تىلەكچە توغار ئاي، كۈن، ئۆدلەك توڭا.
سەن (ئۈچۈن) پەلەكنىڭ چاقى توغرا ئايلانماقتا،
ئاي، كۈن، زامان سېنىڭ ئارزۇيۇڭچە تۇغماقتا، ئەي باتۇر.

6232 ساڭا تۈگمەدىم مەن بۇ قاشىم كۆزۈم،
كۈلەر يۈز تۇتارمەن، سەۋىنچلىگ ئۆزۈم.
مەن ساڭا قاش ـ قاپىقىمنى تۈرمىدىم ،
ساڭا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قارايمەن.

6233 ساڭا كىم تەگۈردى بۇ قادغۇ، ساقىنچ؟
نەگۈ ئەركى ھالىڭ، سۆزۈڭ نە ئەرىنچ؟
ساڭا كىم بۇنداق قايغۇ ـ ئەلەم يەتكۈزدى؟
ئەھۋالىڭ قانداق، نېمە سۆزۈڭ بار؟

6234 نەگۈ قادغۇ ۋەقتى تۈرۈر، ئاي ئوغۇل،
ماڭا ئاي بىلەيىن، ئاي قىلقى ئامۇل.
ئەي ئوغۇل، مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، بۇ قانداق قايغۇ؟
ماڭا ئېيتقىن، بۇنى بىلەي، ئەي ئېغىر ـ بېسىق كىشى؟

6235 ساڭا تەگسە ئەمگەك، يا قادغۇ، ساقىنچ،
ماڭاما قاچان بولغا ئاندا سەۋىنچ.
ساڭا مۇشەققەت ياكى قايغۇ ـ ئەلەم يەتسە،
مەن قانداقمۇ خۇشال ـ خۇرام يۈرەلەيمەن؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6236 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئاچتى سۆزىن،
قاداشى ئىگى، ھالى نە ئەردۈكىن.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز باشلىدى:
قېرىنداشىنىڭ كېسىلى، ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىنى(ئېيتتى).

6237 ئۆزى بارمىشىن ھەم نەتەك كۆرمىشىن،
ئايۇ بەردى ئۆت ـ ساۋ نەگۇ ئايمىشىن.
ئۆزىنىڭ بارغانلىقىنى ۋە نېمە كۆرگەنلىكىنى،
پەند ـ نەسىھەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

6238 كۆڭۇل بەرتتى ئەلىگ، يۇۋۇلدى ياشى
ئايۇر: ئاي دەرىغا، ئول ئەدگۇ كىشى.
ئەلىگنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يېشى تۆكۇلدى،
ۋادەرىخا، ئۇ ياخشى كىشى (ئىدى)، دېدى.

6239 باغىشلاسۇ تەڭرى ئانىڭ جانىنى،
قوراتماسۇ ئاندىن ئەتى، قانىنى.
تەڭرىم ئۇنىڭ جېنىنى (ئۆزىگە) ئاتا قىلسۇن،
ئۇنىڭ تېنى ۋە قېنىنى خوراتمىسۇن.

6240 يانا ئايدى: ھالى نەگۇ ئول ئانىڭ،
نەگۇتەك قودۇپ كەلدى كۆڭلۇك سەنىڭ؟
يەنە دېدى: ئۇنىڭ ئەھۋالى (ھازىر) قانداق،
ئۇنى قالدۇرۇپ كېلىشكە قانداقمۇ كۆڭلۇڭ ئۇنىدى؟

6241 ئانى كىم كۇدەزۇر، ئىگىن كىم كۆرۇر،
ئول ئىگ بىرلە يالڭۇز نەگۇتەك ياتۇر؟
ئۇنى كىم كۆزىتىدۇ، كېسىلىگە كىم قارايدۇ،
كېسەل بىلەن ئۇ يالغۇز قانداقمۇ ياتىدۇ؟

6242 نۇلەك سەرمەدىڭ ئاندا ئانچا تۇرۇپ،
ئانى كىمگە قودتۇڭ بۇ ياڭلىغ كۆرۇپ؟
نېمىشقا سەۋر قىلىپ، ئۇ يەردە بىرئاز تۇرمىدىڭ،
شۇ ئەھۋالدا كۆرۇپ، ئۇنى كىمگە تاشلاپ قويدۇڭ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6243 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: بۇ سۆز
ئاڭار سۆزلەدىم مەن، ئاي بىلىكى ئۆگۈز.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
ئەي بىلىمى دەريا، بۇ سۆزلەرنى مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم.
6244 مەنى ئەۋرە سۇردى، سۆزۈم تۇتمادى،
سۆزىن قادرا كۆردۈم، كۆچۈم يەتمەدى.
مېنى قايتۇرۇۋەتتى، سۆزۈمگە كىرمىدى،
سۆزىنى رەت قىلىپ كۆردۈم، كۈچۈم يەتمىدى.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6245 ئەلىگ ئايدى: تەڭرى كۈدەزگەي ئانى، C -
شىفا بەرگە قولسا قوپۇرغاي ئانى.
ئەلىگ دېدى: تەڭرىم ئۇنى ساقلىغاي،
شىپالىق ئاتا قىلىپ، ئورنىدىن تۇرغۇزغاي.
6246 باياتقا ئۇلامىش تۇرۇر ئۆگ، كۆڭۈل،
ياۋا قىلماغاي بىر بايات، ئاي ئوغۇل.
(ئۇ) كۆڭلى ۋە پىكرىنى خۇداغا بېغىشلىغان،
بىر خۇدا (ئۇنىڭ ئەجرىنى) زايە قىلمىغاي، ئەي ئوغۇل.
6247 قايۇ قۇل قامۇغدىن ئەۋۇرسە يۈزى،
ياراتمىش ئىدىكە سىغىنسا ئۆزى،
ھەرقانداق قۇل ھەممە (نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈسە،
ئۆزى ياراتقان ئىگىسىگە سىغىنغان بولسا.
6248 سەزىكسىز كۈدەزۈر ئانى بىر بايات،
تىلەكىن بەرۈر ھەم بۇلۇر ئەدگۇ ئات.

شۇبھىسىز، ئۇنى بىر خۇدا (ئۆزى) ساقلايدۇ،
تىلىكىنى بېرىدۇ، ياخشى نامغا ئىگە قىلىدۇ.

6249 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ سۆزنى ئەشىت،
كۆڭۈلگە ئالىن، ئۆترۈ ئۆزگە ئىش ئەت:
بۇنىڭغا تەقلىدەن مانا بۇ سۆزنى ئاڭلا،
كۆڭلۈڭدە تۇتۇپ، ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىل:

6250 «باياتقا سىغىنغىل، قامۇغدىن ئۇزۇل،
كۆڭۈل، تىل ئارىغ تۇت، قىلىنچىن سۇزۇل.
«ھەممە (نەرسىدىن قول) ئۈزۈپ، خۇداغا سىغىن،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى پاك تۇت، ھەرىكىتىڭنى تازا قىل.

6251 بايات بەرگە بارچا تىلەكىڭ تۇگەل،
يەكىگ كەد ياغىلا، باياتقا تۇزۇل».
خۇدا ھەممە تىلىكىڭنى تەلتۆكۈس بېرىدۇ،
شەيتاننى مەغلۇپ قىل، خۇداغا (ئۆزۈڭنى) تاپشۇر».

6252 يانا ئايدى ئەلىگ، ئاي ئۆگدۈلمىشە،
ساقىنچ، قادغۇ بىرلە يورىما پۇشا.
ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن خاپا بولۇپ يۈرمە.

6253 ئول ئەدگۈ كىشى ئەردى ئەدگۈ باشى،
قالى ئۆلسە ئەتگەي باياتىم ئىشى.
ئۇ ياخشى كىشى ئىدى، ياخشىلارنىڭ بېشى ئىدى،
ئەگەر ئۆلسە، خۇدا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ.

6254 بىزىڭە تۇرۇر ئىش يارىن، ئاي بۆگۈ،
نە ئەركى تىرىگلىك، نە ئەردى تەگۈ.
ئەي دانا، بۇ ئىش ئەتە بىزگىمۇ كېلىدۇ،
ھاياتىمىز قانداق ئۆتتى، نېمە قىلدۇق، دەپ قالىمىز.

6255 ئەسىز، ئۆز يىگىتلىك ياۋا قىلدىمىز،
ئەسىز، كەپ، كۆڭۈل، ئۆگ ئەسىزدە ئەسىز.
ئىسىت، ئۆز يىگىتلىكىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۇق،
ئىسىت، ۋۇجۇدىمىز، قەلبىمىز، ئوي ـ پىكرىمىز يامانلىق (بىلەن ئۆتتى).

6256 كەچۈرمىش تىرىگلىك بۇ كۈن بولدى تۈش،
نەتەك كەچتى ئەرسە يانۇت كەلگە تۈش.
ئۆتكەن هايات بۈگۈن چۈشكە ئايلاندى،
قانداق ئۆتكەن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا جاۋاب كېلىدۇ.

6257 بۇ قالمىش تىرىگلىك ياۋا قىلماغۇ،
هەۋا ـ ئارزۇلارقا كۆڭۈل بەرمەگۇ.
(ئەمدى) قالغان هاياتنى بىهۇدە ئۆتكۈزمەسلىك،
ئارزۇ ـ هەۋەسلەرگە كۆڭۈل بەرمەسلىك كېرەك.

6258 نەچە قىلسا ئاخىر ئۆز ئۆلگۇ تۇرۇر،
ئۆلۈمدە كەدىن مىڭ ئۆكۈنگۇ تۇرۇر.
قانداق قىلغان بىلەنمۇ، ئاخىر ئۆلىمىز،
ئۆلگەندىن كېيىن مىڭ (خىل) پۇشايمانلار بار.

6259 بۇ كۈندە نارۇ سەن تاشىرتى تۇرۇپ،
بودۇن كۆچلەرىن كۆر باغىرساق بولۇپ.
بۈگۈندىن ئېتىبارەن سەن سىرتتا تۇرۇپ،
خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلا، شەپقەت قىل.

6260 مەنى قۇتغارۇ بەر، ئۆزۈڭنى بىلە،
يانۇتى بايات بەرگە ئەدگۇ يولا.
(شۇنداق قىلىپ) مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ قۇتۇلدۇرغىن،
بۇنىڭ بەدىلىگە خۇدا ياخشى يول ئاتا قىلغاي.

6261 نەگۇ تەر ئەشىتكىل، ئاي قىلقى ئامۇل،
بايات قۇللارىڭا باغىرساق كۆڭۈل:
ئەي تەمكىن مىجەز، خۇدانىڭ قۇللىرىغا مېهرىبان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6262 كىم ئەدگۇ قىلىنسا هەم ئەدگۇ يانۇت،
باياتئوق بەرۇر ئەدگۇ، كۆزنى يارۇت.
كىم ياخشىلىق قىلسا ياخشى جاۋاب ئالىدۇ،
خۇدا چوقۇم ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ، كۆزۈڭنى ئاچ.

6263 كىم ئەسىز قىلىنسا ئۆزىڭە قىلۇر، A179
ئول ئەسىز يانۇتى هەم ئەسىز بولۇر.

كىم يامانلىق قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ،
ئۇ يامانلىقنىڭ جاۋابىمۇ يامانلىق بولىدۇ.

6264 ئەسىزلىك تىلەسە، بار ئەسىز قىلىن،
ئول ئەسىز يانۇتى ئۇلىتغاي، بىلىن.
يامانلىق (قىلىشنى) خالىساڭ، يۇر، يامانلىق قىل.
بىلگىنكى، ئۇ يامانلىقنىڭ جاۋابى سېنى يىغلىتىدۇ.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6265 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئەلىگ
بۇ ياڭلىغ بەرۇ تۇرسا ئۆت ـ ساۋ، ئەرىگ.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
شۇنچىلىك پەند ـ نەسىھەت قىلغانىكەن،

6266 قامۇغ ئەدگۇ بولغاي بودۇنقا تۆرۈ،
تۇتا بەرگە تەڭرى بۇ بەگلىك ئۆرۈ.
خەلققە (يۇرگۈزۈلگەن) قانۇن ھامان ياخشى بولىدۇ.
خۇدا بۇ بەگلىكنى ئۆرە تۇتۇپ تۇرىدۇ.

6267 ئەلىگ كەد ياشاسۇ، قۇتادسۇ قۇتۇن،
يۇلۇغ بولسۇ جانىم، تەنىم ئۆز پۇتۇن.
ئەلىگ كۆپ ياشىسۇن، بەخت ـ سائادەتلىك بولسۇن،
جان ـ تېنىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم (ئەلىگكە) پىدا بولسۇن.

6268 ئۆلۈر ئۆزگە تەگمەز مەگەر ئەدگۇ ئات،
بۇ ئاتىن تىرىگ تۇتسۇ ئەركلىگ بايات.
ئۆلگۈچى (كىشىگە) ياخشى نام نېسىپ بولۇش ئۈچۈن،
قادىر ئىگەم ياخشى نام بىلەن ئۆمۈر سۈرۈشكە نېسىپ قىلسۇن.

6269 ئانۇنمىش تۇرۇر بۇ ئۆلۈم تۇتغالى،
ئۆزۈڭ ئىدماغىل سەن ئۇدىپ ياتغالى.
ئۆلۈم (ياقىدىن) تۇتۇشقا تەييار تۇرىدۇ،
ئۆزۈڭنى غەپلەت ئۇيقۇسىغا تاشلىما.

6270 ئەدى ياقشى ئايمىش بىلىكلىگ تىلى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر، كۆر، ساقىنۇق يولى:
بىلىملىك (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان،
كۆرگىنكى، تەقۋادارلىق يولى مۇشۇنداق بولىدۇ:

6271 «پۇسۇغدا كۇدەر بۇ كۆرۇنمەز ئەجەل،
ئۇسالىن باسىقۇر ئۇمىنچىن ئەمەل.
«بۇ كۆرۈنمەس ئەجەل يوشۇرۇن ھالدا كۈتۈپ تۇرىدۇ،
غاپىللار ئۈمىدتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ.

6272 ئەسىز، ئەدگۈ بارچا قارا يەر بولۇر،
بىتىلمىش ئەجەلگە يەتىلسە ئەزەل».
پۈتۈلگەن ئەجەل (بىر كۈنى) يېتىپ كەلگەندە،
ياخشى، يامان ـ ھەممىسى قارا تۇپراققا ئايلىنىدۇ».

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6273 ئەلىگ ئايدى تەڭرى بۇ كۈندە نارۇ،
ماڭا بەرسە تەۋپىق قىلايىن تۆرۈ.
ئەلىگ دېدى: تەڭرىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن،
ماڭا تەۋپىق بەرگەي، قانۇن تۈزگۈزغايمەن.

* * *

6274 سۆزىن كەستى ئەلىگ ئۆزى ئامرۇلۇپ،
يورىپ چىقتى ئۆگدۈلمىش ئاندىن تۇرۇپ.
ئەلىگ بىرئاز (ئويلىنىپ) سۆزىنى تۈگەتتى،
ئۆگدۈلمىش (ئورنىدىن تۇرۇپ) ئۆز يەرىدىن چىقتى.

6275 يەمە سەردى قاچ كۈن بۇ ئۆگدۈلمىشە،
ساقىنچ ـ قادغۇ بىرلە يورىدى تۇشا.
ئۆگدۈلمىش يەنە بىرقانچە كۈن سەۋر قىلدى،
قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆكۈپ يۈردى.

6276 ساقىنچىن قاداشى ئۆچۈن قادغۇرۇپ،
سارىغ قىلدى مەڭزىن ئۈزىن سىزغۇرۇپ.
قېرىنداشىنىڭ ھەسرىتى بىلەن قايغۇرۇپ،
رەڭگى سارغايدى، ئۆزى جۇدەپ كەتتى.

6277 تۇرۇپ سەرنۇمەدى قاداشى ئۈچۈن،
يانا بارغۇسى كەلدى ئەۋرە كۈچۈن.
(لېكىن) قېرىندىشى ئۈچۈن ئارتۇق سەۋر قىلالمىدى،
يەنە بىر بېرىپ (قېرىندىشىنى كۆرگۈسى) كەلدى.

6278 تۇرۇپ باردى ئەلىگ تاپارۇ يورىپ،
ئوقىدى ئەلىگ، بۇ كۆرۈندى كىرىپ.
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا ماڭدى،
ئەلىگ چاقىردى، ئۆگدۈلمىش ئالدىغا كىردى.

ئۆگدۈلمىش سۆئالى ئەلىگكە
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە سوئالى

6279 ئۆتۈندى ئەلىگكە ئايۇرمەن بۇ كۈن،
بارايىن قاداشىم تاپارۇ يودۇن.
ئەلىگكە ئىلتىماس قىلىپ، مىنىڭ بۈگۈن
قېرىنداشىمنىڭ يېنىغا بارغۇم بار، دېدى.

6280 نەگۈ ئەركى ھالى كۆرەيىن ئانىڭ،
تىرىگ بارمۇ ئەركى قاداشىم مەنىڭ.
ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكىن، كۆرەي،
مېنىڭ قېرىندىشىم تىرىك بارمىكىن.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە
ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6281 ئەلىگ ئايدى: بارسا ياراغلىغ تۇرۇر،
قاداشلىق ياقىنلىق ئۇلاشۇ بولۇر.

ئەلىگ دېدى: بارساڭ توغرا قىلغان بولسەن،
قېرىنداشلىق، يېقىنلىق رىشتىسى شۇدۇر.

6282 يورى بار، مەنىڭدىن يەمەئۈك ئايىت،
نەگۈ ئول ئىگىن كۈرمە كۆڭلىن ئاۋىت.

يۈر، مېنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئەھۋال سورا،
كېسىلنى كۆر، كۆڭلىنى خۇشال قىل.

* * *

6283 ئىلەل تەپ تۇرۇپ چىقتى ئاندىن يانا،
ئەۋىگە كەلىپ تۇشتى ئالدى تىنا.

(ئۆگدۈلمىش) ئۇ يەردىن «خوپ» دەپ قايتىپ چىقتى،
ئۆيىگە كېلىپ (بىر ئاز) دەم ئالدى .

6284 ئاش ـ ئىچگۈ يەدى ئاز، يانا ئات تۇتۇپ،
قاداشى تاپا باردى قادغۇ يۇتۇپ.

ئازراق ئاش ـ تائام يېدى ۋە ئېتىنى تۇتۇپ (مىندى)،
قايغۇ ئىچىدە قېرىندىشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

6285 ياقىن تەگدى، تۇشتى يورىپ باردى ئول،
قاپۇغدا تەگىپ ئۇندەدى، قولدى يول.

يېقىن كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشۈپ پىيادە ماڭدى،
دەرۋازىغا كېلىپ چاقىردى، ئىجازەت سورىدى.

82

قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلمىشىن ئايۇر

قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ

6286 قاداشى مۇرىدى قۇمارۇ چىقىپ،
سەلام قىلدى ئۆترۇ كۆزى ياش ساچىپ.
قېرىنداشنىڭ مۇرتى قۇمارۇ چىقىپ،
سالام قىلدى، كېيىن كۆزىدىن ياش تۆكۈپ،

6287 يورىپ كەلدى ئۇترۇ ئايۇر، ئاي قاداش،
مۇيان بەرسۇ تەڭرى، كۆڭۈل قىلما باش.
(ئۆگدۈلمىشنىڭ) ئالدىغا كەلدى ۋە دېدى: ئەي قېرىنداش،
خۇدا ئەجىر ئاتا قىلسۇن، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما.

6288 قاداشىڭ كەچىپ باردى، قودتى ئاژۇن،
سەن ئىنچىن تىرىلگىل، ياشاغىل ئۇزۇن.
قېرىندىشىڭ بۇ دۇنيانى تاشلاپ كېتىپ قالدى،
(خۇدا ساڭا) خاتىرجەم ھايات، ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن.

6289 ئۇلىما سەن ئەمدى، سەرىنگىل، تىدىن،
تىرىگكە چىقىش يوق ئۆلۈمدە ئادىن.
سەن ئەمدى پەرياد چەكمە، سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇت،
تىرىك ئۇچۇن ئۆلۈشتىن باشقا چىقىش (يولى) يوق.

6290 توغۇغلى ئۆلۈرئۆك، سەۋۋگ جان بارۇر،
كەرەك بەگ، كەرەك قۇل، نە ساۋچى قالۇر.
تۇغۇلغانلار بەربىر ئۆلىدۇ، سۆيۈملۈك جېنىدىن ئايرىلىدۇ،
بەگ بولسۇن، قۇل بولسۇن، پەيغەمبەر بولسۇن بەربىر قالمايدۇ.

6291 بىزىڭە ئانۇنمىش تۇرۇر بۇ ئۆلۈم،
ئۆلۈمگە ئەتىك يوق، ئازۇ بەرك تولۇم.

بۇ ئۆلۈم بىزگىمۇ تەييار تۇرىدۇ،
ئۆلۈمگە ئامال يوق ياكى ئۇنى توسۇۋالغۇدەك قورالمۇ يوق.

* * *

6292 ئۇنۇن سىغتادى ئەشتىپ ئۆگدۈلمىشە،
ئۇرۇندى، توقىندى، ئاقىتتى ياشا.
بۇنى ئاڭلاپ ئۆگدۈلمىش ھۆڭرەپ يىغلىدى،
تولغىنىپ، بىئارام بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتتى.

83

قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشكە تەئزىيەت قىلمىشىن ئايۇر

قۇمارۇنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6293 قۇمارۇ تەگىپ تىدتى، ئايدى: سەرىن،
بايات ھۇكمى تاپلا، كۆڭۈل ئۆگ تىلىن.
قۇمارۇ (ئۇنىڭ نالە ـ پەريادىنى) توختىتىشقا تىرىشىپ،
خۇدانىڭ ھۆكمىگە دىلىڭ ۋە تىلىڭ بىلەن رازى بول، دېدى.

6294 تۆزۈگە تۇرۇر بۇ ئۆلۈم كەلگۇ كۈن،
ئول ئۆلدى، سەن ئەمدى ئۆلۈمگە ئانۇن.
ھەممە (كىشى) ئۇچۇن ئۆلۈم كېلىدىغان كۈن بار.
ئۇ ئۆلدى، ئەمدى سەنمۇ ئۆلۈمگە تەييارلان.

6295 نەگۈگە قىلۇرسەن سىغىت، ئاي ئۇرى،
كىم ئۇردى، يا كىم سۆكتى، نە ئول قورى؟
ئەي ئوغۇل، نېمە ئۇچۇن يىغا ـ زار قىلىسەن،
سېنى كىم ئۇردى، كىم تىللىدى، نېمە زىيان كۆردۈڭ؟

6296 بايات بەردى ئەردى ئاڭار جان رەۋان،
يانا ياندرۇ ئالدى چىقىپ باردى جان.
خۇدا ئۇنىڭغا جان بەرگەندى،
يەنە ئۇنى قايتۇرۇۋالدى، جان چىقىپ كەتتى.

6297 ئول ئەۋرە يانا يانغۇ ئەرمەز بەرۇ،
ساڭا ھەم ماڭا بارغۇ تەرك ئول نارۇ.
ئۇ ئەمدى يەنە قايتىپ كەلمەيدۇ،
بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن سەنمۇ، مەنمۇ شۇ ياققا بارىمىز.

6298 ئايۇر: تۇر، قاداشىڭ گۇرىن كۆرگىلە،
زىيارەت قىلىپ سەن يانا يانغىلا.
(يەنە) دېدى: يۇر، قېرىندىشىڭنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ باق،
زىيارەت قىلىپ ئاندىن يانغىن.

84

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا ياس تۇتمىشىن ئايۇر
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى ئېيتىلىدۇ

A180

6299 تۇرۇپ باردى، كۆردى قاداشى گۆرىن،
قۇچۇپ يىغلادى، ياشى ساچتى بارىن.
(ئۆگدۈلمىش) بېرىپ، قېرىنداشنىڭ قەبرىسىنى كۆردى،
قۇچاقلاپ يىغلىدى، كۆز ياش تۆكتى.

6300 ئايۇر: ئاي قاداشىم، ماڭا باق تۇرۇپ،
ئۇدىكلەرىم ئۇچسۇن يۇزۇڭنى كۆرۇپ.
دېدى: ئەي قېرىندىشىم، تۇر، ماڭا بىر قارا،
يۈزۈڭنى بىر كۆرەي، ھەسرىتىم بېسىلسۇن!

6301 كۇسەپ كەلدىم ئەردى سەنى كۆرگەلى،
نەلۇك كىزلەدىڭ يۇز ماڭا كەلگەلى.
سېنى سېغىنىپ، كۆرگىلى كەلگەنىدىم،
نېمە ئۇچۇن مەندىن دىدارىڭنى يوشۇردۇڭ؟

6302 ئاي كۆڭلۇم تالۇسى، سەۋۇگ جانقا جان،
سەنىڭسىز نەگۇتەك تىرىلسۇ رەۋان.
ئەي كۆڭلۈمنىڭ تاجى، جېنىمنىڭ سۆيۈملۈكى،
سېنىڭسىز بۇ پانىي ھاياتىم قانداق ئۆتىدۇ؟

6303 تۇشۇمدەمۇ كۆردۇم سەنى مەن ياتىپ،
كۆرۇردە يىتۇردۇم يىرادىڭ پاتىپ.
سېنى مەن ياتقاندا چۈشۈمدە كۆردۈم،
سەن كۆزۈمدىن غايىب بولۇپ، مەندىن يىراقلاشتىڭ.

(تېكىستنىڭ ئاخىرى كەم)

85

ئەلىگ ئۆگدۈلمىشكە تەئزىيەت قىلمىشىن ئايۇر

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6304 ئەشتتى ئەلىگ، كەلدى ئەۋدىن تۇرۇپ، A -، C 375
ئاڭار تەئزىيەت قىلدى كۆڭلىن ئۇرۇپ.
ئەلىگ ئاڭلاپ، سارايدىن چىقىپ،
(ئۆگدۈلمىشنىڭ يېنىغا) كەلدى، (چىن) كۆڭلىدىن تەزىيە بىلدۈردى.

6305 ئەلىگ ئايدى: ئۆگلەن، ئاي ئۆگدۈلمىشە،
دۇئا بىرلە ئەتكىل ئاڭار سەن ئىشە.
ئەلىگ ئېيتتى: ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەقلىڭنى ئىشقا سال،
سەن ئۇنىڭغا دۇئا بىلەن ياردەم قىل.

6306 بايات يارلىقاسۇ ئول ئودغۇرمىشىغ،
كەچۇرسۇ ئانىڭدىن يازۇق قىلمىشىغ.
ئودغۇرمىشقا خۇدا رەھمەت قىلسۇن،
ئۇنىڭ گۇناھ ـ قىلمىشلىرىنى كەچۇرسۇن.

6307 بۇ قادغۇ ئۇچۇن بەرسۇ تەڭرى مۇيان،
باياتتىن سەۋىنچ بۇل، تەمۇدىن ئەمان.
تەڭرىم ساڭا بۇ قايغۇنىڭ ئەجرىنى بەرسۇن،
خۇدانىڭ سۆيۈنچىگە ئىگە بول، دوزاختىن ئامان قال.

6308 قاپۇغ بەكلەمىشمەن يەمە يول كەسىپ،
يۇزۇڭ كىزلەمىشمەن تىلىن سۆز باسىپ.
سەن دەرۋازاڭنى ئېتىپ، يولۇڭنى بېكىتىپسەن،
يۇزۇڭنى يوشۇرۇپ، سۆزلەشتىن توختاپسەن.

6309 سەنىڭدىن ياراماز بۇ ياڭلىغ قىلىق،
ئۇقۇشلۇغ يورىماز بۇ يولچا يورىق.

بۇ خىل ئادەت ساڭا ياراشمايدۇ،
ئەقىللىك (كىشى) بۇنداق يول تۇتمايدۇ.

6310 ساڭا كىم تەگۈردى، ماڭا ئاي، بۇ كۈچ،
يا كىم ئۆۋكەلەدى، يا كىم قىلدى ئۆچ.
ساڭا كىم زۇلۇم قىلدى، ماڭا ئېيت،
كىم ئاچچىق قىلدى ياكى كىم ئۆچمەنلىك قىلدى؟

6311 بايات ھۆكمى ئەردى قاداشىڭ ئۈزە،
يورىتتى قەزاسىن، سەن ئۆز قىلق تۈزە.
قېرىندىشىڭنىڭ (بېشىغا كەلگەن ئىش) خۇدانىڭ ھۆكمى ئىدى،
(خۇدا) قازاسىنى يۈرگۈزدى، سەن ئۆزۈڭنى تۈت.

6312 نەگۈگە ئۆلىرسەن، نەگۇ بۇ سىغىت،
بۇ قىلىق ئەدگۈ ئەرمەز، مۇنى سەن ئاغىت.
نېمىشقا پەرياد چېكىسەن، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟
بۇ ياخشى قىلىق ئەمەس، بۇنداق قىلما.

6313 توغۇغلى ئۆلۈر ئول، ئاغىغلى ئىلۈر،
يورىغلى تىنۇر ئول، بەرىگلى ئالۇر.
تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، ئۆرلىگەن تۆۋەنلەيدۇ،
ماڭغان توختايدۇ، ئالغان بېرىدۇ.

6314 قاداشىڭ ئۆلۈمى ساڭا بولسۇ پەند،
سەرىنكىل، مۇيان ئۈر، شەكەر بولسۇ قەند.
قېرىندىشىڭنىڭ ئۆلۈمى ساڭا ئىبرەت بولسۇن،
سەۋر قىل، ئەجرىڭنى كۆرىسەن، ئۇ شېكەر ۋە قەنتتەك (شېرىن) بولىدۇ.

6315 ئۆلۈرۈگ كۆرۈگلى تىرىگ قالغۇچى،
كەرەك پەند تۇتۇنسا قانى تۇتغۇچى.
ئۆلۈمنى كۆرگەن تىرىك قالغۇچىلار
ئىبرەت ئېلىشى كېرەك ئىدى، قېنى ئىبرەت ئالغانلار؟!

6316 ئۆلۈگ پەندىنى باق، ئايۇر: كۆر مەنى،
ئۆلۈم تۇتتى، باردىم، تۇتار ئۇشسەنى.
ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتىگە دىققەت قىل، نېمە دەيدۇ:
ماڭا قارا، مېنى ئۆلۈم تۇتتى، كەتتىم، سېنىمۇ تۇتىدۇ.

6317 مۆڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ بەيتىگ ئوقى،
ئوقىپ كەد كۆڭۈلگە ئالىنغىل تاقى:
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
ئوقۇپ دىلىڭغا ياخشىراق ئورناتقىن.
6318 «سەنىڭدە ئوزاقى ئۆلۈگلى مىڭە،
بەرۈر پەند، ئايۇر، ئۇشماڭا كۆر ماڭا.
«سەندىن بۇرۇن مىڭلىغان ئۆلۈپ كەتكەنلەر
نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەنكى، ماڭا نەزەر سال، ماڭا باق!
6319 ئۇسانىپ يورىدىم، ئاۋىندىم ئۆكۈش،
ئۆلۈم تۇتتى، باردىم، كەلىر ئۇش ساڭا».
غەپلەتتە يۈردۈم، كۆپ خۇشال بولدۇم،
(ئەمدى) ئۆلۈم ياقامدىن تۇتتى، كەتتىم، ساڭىمۇ كېلىدۇ».

* * *

6320 ئايىتتى ئەلىگ ئەۋرە ئودغۇرمىشىغ، C 376
نەتەك ئۆلمىشىن، هال نەگۈ بىلمىشىگ.
ئەلىگ ئودغۇرمىشنى قايتا ـ قايتا سورىدى،
قانداق ئۆلگەنلىكىنى، ئەھۋالى قانداق بولغانلىقىنى (سۈرۈشتۈردى).

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6321 ئۆتۈندى ئەلىگكە نەگۈ كۆرمىشىن،
ئۆلۈردە ۋەسىيەت ئەتىپ قودمىشىن،
(ئۆگدۈلمىش) نېمە كۆرگەنلىكىنى ئەلىگكە بايان قىلدى،
ئۆلۈم (ئالدىدا) ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى (ئېيتتى).
6322 تۇرۇپ رەكۋە بىرلە تاياقىن ئالىپ،
ئەلىگ ئۇترۇ ئۇردى قۇمارۇ قىلىپ.
ئورنىدىن تۇرۇپ ئىۋرىق بىلەن هاسىسىنى ئېلىپ،
يادىكارلىق ئۈچۈن ئەلىگنىڭ ئالدىغا قويدى.

6323 ئايۇر: ئۇشقاداشىم ماڭا قودمىشى،
بۇ ئەردى نەڭى ئۇشتۇرۇ قالمىشى.
(ۋە شۇنداق) دېدى: قېرىندىشىمنىڭ ماڭا قالدۇرغىنى مانا مۇشۇ،
(ئۇنىڭدىن) قالغان نەرسە پەقەت مۇشۇلار ئىدى.

6324 ئەلىگمە كۆتۈرسۇ قۇمارۇ بىرىن،
قۇتادغاي بۇ كۈن ھەم تۇسۇلغاي يارىن.
ئەلىگمۇ بۇلاردىن بىرىنى ئەستىلىك ئۇچۇن ئۆزىگە قالدۇرسۇن.
بۇگۈن ئەسقاتقاي، ئەتىگە پايدىسى تەگكەي.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە جاۋابى

6325 ئەلىگ سۇندى، ئالدى تاياق ئەلگىڭە،
ئايۇر: بۇ قۇمارۇ قۇتادسۇ ماڭا.
(ئەلىگ) قولىنى سوزۇپ، ھاسىنى ئالدى،
«بۇ يادىكارلىق ماڭا قۇتاتسۇن» دېدى.

6326 سەن ئالغىل بۇ رەكۋە قاداشىڭ ئۆزىن،
مۇنىڭ بىرلە ئۇشگۇر تىلەسە يۇزىن.
سەن قېرىندىشىڭنىڭ بۇ ئەۋرىقىنى ئال،
بۇنىڭ بىلەن قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىنى ئەسلە.

* * *

6327 سۇنۇپ ئالدى رەكۋە، كۆر، ئۆگدۇلمىشە،
كۆڭۇل بەرتتى، كۆزدە يۇۋۇلدى ياشا.
قارا، ئۆگدۇلمىش ئەۋرىقنى قولىغا ئالدى،
كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز ياش قىلدى.

* * *

6328 ئەلىگ ئايدى: كۆرگىل بۇ ئىبرەت بۇ كۈن،
بىرىڭە تاپ ئەمدى، ساقىنسا ئۆگۈن.

ئەلىگ ئىيتتى: قارا، بۆ بىر ئىبرەتتۆر،
ئەقىل بىلەن ئويلىساق، بۆ بىز ئۆچۆن كۆپايىدۆر.

6329 ئول ئانداغ تىرىلدى، تۆگەدى ئاژۆن،
تاقى قالدى ئارتىپ، ئاي قىلقى تۆزۆن.

ئۆ ئەنە شۆنداق ياشىدى، دۆنيادىن خالاس بولدى،
(بۆ دۆنيا) ئۆنىڭدىنمۆ قالدى، ئەي خۆش پېئىل.

6330 نەگۆ تەر ئەشتكىل قىلىنچى سىلىگ،
ئۆقۆش بىرلە ئىشكە يەتۆرمىش ئەلىگ.

پاراسەت بىلەن ئىش تۆتقان،
قىلىقلىرى مۆلايىم (كىشى) نېمە دەيدۆ، ئاڭلا:

6331 ئۆكۆش بولسا ئارتماز بۆ دۆنيا نەڭى،
نەچەمە ئاز ئەرسە يەتەر ئۆز تەڭى.

بۆ دۆنيانىڭ نەرسىلىرى كۆپ بولسا، ئوشۆقلۆق قىلمايدۆ،
قانچىلىك ئاز بولسىمۆ، ئۆز لايىقىدا يېتىدۆ.

6332 بۆ دۆنيا مۆنى مىڭ، بىر ئول ئەردەمى،
نەگۆتەك كەچۆرسە كەچەر ئادەمى.

بۆ دۆنيانىڭ نۆقسانلىرى مىڭ، پەزىلىتى بىر،
ئادەم ئۆنى قانداق ئۆتكۆزسە، شۆنداق ئۆتىۆېرىدۆ.

6333 ئۆكۆشلۆك نە ئاسغى ئۆلۆمدە كەدىن،
ئانى يەگلى سەۋنۆر سەنىڭدە ئادىن.

ئۆلۆمدىن كېيىن باياشاتلىقنىڭ نېمە پايدىسى بار؟
سەندىن كېيىن (قالغانلار) ئۆنى يەپ سۆيۆنىدۆ.

6334 قاداشىڭ قودۆپ قاچتى دۆنيا تەڭىن،
ئۆرۆم كەدتى، ئارپا يەدى ئۆز تەڭىن.

قېرىندىشىڭ دۆنيا نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىپ (ئۆنىڭدىن) قاچتى،
ماتا جەندە كىيىپ، ئارپا يېيىشنى ئۆزىگە لايىق تاپتى.

6335 كەچۆردى تىرىگلىك تۆرۆ ئۆلمەدى،
ئانۆق يەگلىلەرگە نەڭىن قودمادى.

شۆ ئەھۋالدا تۆرۆپ ياشىدى، ئۆلمىدى،
تەييارنى يەيدىغانلارغا نەرسىلىرىنى تاشلاپ كەتمىدى.

6336 قاتىغلاندى تۈن كۈن، يەنىتتى يۈكى،
كەچىپ باردى ئاندىن ئازۇن ئەمگەكى.
كېچە ـ كۈندۈز غەيرەت قىلىپ، يۈكىنى يەڭگىللەتتى،
دۇنيا مۇشەققىتى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى.

6337 ئول ئەتتى ئىشىن، كۆر، قۇتۇلدى بۇ كۈن، C 377
بىزىڭ ئىش نە ئەركى، يازىلماز تۈگۈن.
ئۇ ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلىپ، بۈگۈن قۇتۇلدى،
بىزنىڭ ئىشىمىز قانداق بولىدۇ؟ بۇ تۈگۈن يېشىلمىدى.

*　　*　　*

6338 ئەلىگ ئۆتلەدى، كۆر، مىڭ ئەدگۈ سۆزۈن،
كۆڭۈل ھەم قارىن ئۇردى ئۆتلەپ ئۆزۈن.
قارا، ئەلىگ مىڭ (خىل) ياخشى سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى،
نەسىھەت قىلىش (ئارقىلىق) ئىچىنى بوشىتىپ، راھەتلەندى.

6339 يانا قارشىقا باردى ئەلىگ تۇرۇپ،
تۈشۈپ كىردى ئەۋگە ساقىنچلىغ بولۇپ.
ئەلىگ (ئورنىدىن) تۇرۇپ، ئوردىغا قايتتى،
(ئاتتىن) چۈشۈپ، غەمكىن ھالدا ئۆيىگە كىردى.

*　　*　　*

6340 ساقىنچ قىلدى قاچ كۈن بۇ ئۆگدۈلمىشە،
كەچۈردى بۇ قادغۇ، يازىلدى قاشا.
ئۆگدۈلمىش بىرنەچچە كۈن ھەسرەت چەكتى،
بۇ قايغۇلىرى ئۆتۈپ، چىرايى ئېچىلدى.

6341 ئۇنىتتى بۇ قادغۇ ساقىنچىغ يەمە،
يەدى، ئىچتى، كۈلدى، سەۋىندى يانا.
بۇ قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىمۇ ئۇنتۇدى،
يەپ ـ ئىچىپ، كۈلۈپ يەنە خۇشال يۈردى.

6342 ئەدى ياقشى ئايمىش بودۇن باشلار ئەر،
بىلىك بىرلە ئەل كۈن ئىشىن ئىشلەر ئەر:
ئەل ـ يۇرت ئىشلىرىنى بىلىم بىلەن بېجىرگەن،
خەلققە باش بولغۇچى (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقاندۇر:
6343 «نەچە قادغۇ ساقىنچ سەنى بۇلناسا،
ياناىوق كۆلەر كۆز، نەچە يىغلاسا.
«قايغۇ ـ ھەسرەت سېنى قانچىلىك ئەسىر قىلسىمۇ،
كۆز قانچىلىك يىغلىسىمۇ، يەنە بەرىبىر كۈلىدۇ.
6344 ئاژۇن ئۆڭدىسى بۇ تەلىمدە بەرۇ،
ئەسىز، ئەدگۇ ئەرتەر نەچە يىللاسا».
دۇنياتىڭ قائىدە ـ قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق،
ياخشى ـ يامان(ئىشلار) نەچچە يىل داۋام قىلسىمۇ تۈگەيدۇ».
6345 ساقىنچىن كەچۇردى، كۆر، ئۆگدۇلمىشە،
تاپۇغقا باقا تۇردى ئەتتى ئىشە.
قارا، ئۆگدۇلمىشمۇ ھەسرەتلىرىنى ئۆتكۈزدى،
خىزمەتكە تەييارلىنىپ، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.
6346 ھەرىسلىق بىلە ئول تاپۇغ باشلادى،
كەچە تاڭدا باردى ئىشىن ئىشلەدى.
ئۇ ھېرىسلىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى،
تاڭ سەھەردە بېرىپ، كېچىگىچە ئىشلىدى.

ئەلىگ سۇئالى ئۆگدۇلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۇلمىشكە سوئالى

6347 ئوقىدى ئەلىگ بىر كۈن ئۆگدۇلمىشگ،
ئايىتتى بودۇن ھالى، ئەل كۈن ئىشىگ.
بىر كۈنى ئەلىگ ئۆگدۇلمىشنى چاقىردى،
خەلق ئەھۋالى، ئەل ـ يۇرت ئىشلىرىنى سورىدى.
6348 ئايۇر: ئەل ھالى نە، بودۇن ھالى نە،
نەگۈتەك كەچەر ئەمدى ئۆدلەك كۈنە.

ئەلىگ سورىدى: ئەلنىڭ ئەھۋالى قانداق، خەلقنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
زامان، كۆڭۈللەر قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

6349 ماڭا كۆز ـ قۇلاق سەن، ئىشىمنى قامۇغ
سەنىڭدىن تىلەرمەن، ئاچا بەر قاپۇغ.
ھەممە ئىشىمدا ماڭا كۆز ـ قۇلاقسەن،
سەندىن سورايمەنكى، دەرۋازامنى ئېچىۋەت.

6350 ساڭا تەگدى قاچ كۈن بۇ قادغۇ ـ ساقىنچ،
تەگۈمەدىڭ ئىشكە، ئىشىڭ نە ئەرىنچ.
بىرقانچە كۈن قايغۇ ـ ھەسرەتكە يولۇقتۇڭ،
ئىشقا قولۇڭ بارمىدى، ئىشلىرىڭ قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6351 يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى: ئاي بەگ،
بودۇن ھالى ئەدگۈ دۇئا ئارتغۇتەك.
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
خەلقنىڭ ئەھۋالى ھەققىڭگە دۇئا قىلغۇدەك ياخشى.

(تېكىستنىڭ ئاخىرى كەم)

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6352 بىرى، سۆز، بوغۇز، كۆز بۇ شەھۋەت ئوتى، A180 ،C ـ
بۇلار ئول كىشىگە بۇ تائەت يۇتى.
بىرى، سۆز، بوغۇز، كۆز ۋە شەھۋەت ھەۋىسى،
بۇلار كىشى ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەتكە توسقۇن بولىدۇ.

6353 بىرى بوغزى تىدسا، بىرئاز سۆزلەسە،
يىراق تۇتسا ئۆزدىن ياراغسىز ئۇسا،

بىرى، بوغۇزىنى، گېلىنى تىيسا، ئازراق سۆزلىسە،
يارىماس نەرسىلەرنى ئۆزىدىن يىراق تۇتسا.

6354 هەۋا ئارزۇلارقا بولۇر ئەرسە ئەرك،
پۇشۇپ ئۆۋكە كەلسە، ئۆزىن تۇتسا بەرك؛
هاۋايى - هەۋەسلەرگە يول قويمىسا،
غەزىپى كېلىپ ئاچچىقلانغاندا، ئۆزىنى چىڭ تۇتالىسا؛

6355 ئۇقۇشلۇغ بۇ ئول هەم بىلىكلىگ بۇ ئول،
مۇنى ئالسا بولغاي ئۇقۇشلۇغ ئامۇل.
ئەنە شۇ ئەقىللىك ۋە بىلىملىك كىشىدۇر،
بۇنداق كىشىنى ئەقىللىك، تەمكىن (كىشى) دېسە بولىدۇ.

6356 ئۇقۇشلۇغ كىشىلەر ئۆزى ئۆگكۈتەك،
كۆنى - تۇز بولۇر ئول ئۆزى بەلگۈتەك.
ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ماختاشقا لايىقتۇر،
ئۇلار توغرا، تۈز بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارا تۇتىدۇ.

6357 ياراغسىزقا ياقماز، يىراتۇر ئۆزىن،
كەرەكسىزنى كۆرمەز، يۇمتۇر كۆزىن.
يارىماس ئىشلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ،
كېرەكسىز نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ، كۆزىنى يۇمىدۇ.

ئەلىگ جەۋابى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6358 ئەلىگ ئايدى: كۆركلۈگ ئايۇر سەن بۇ سۆز،
ئاسىغلىغ تۇرۇر بۇ سۆزۈڭ ئارتۇق ئۆز.
ئەلىگ دېدى: بۇ سۆزلەرنى سەن بەك چىرايلىق سۆزلىدىڭ،
بۇ سۆزۈڭ ماڭا ئارتۇق پايدىلىقتۇر.

ئۆگدۈلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6359 جەفاچى تۇرۇر بۇ ئەت - ئۆزمە ئوتۇن،
جەفاقا جەفا قىل، ئۆزۈڭنى تۇتۇن.

بۇ ۋۇجۇد جاپا سالغۇچى ۋە ياماندۇر،
جاپاغا جاپا قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇش كېرەك.

6360 نەچە ئەدگۇ قىلسا ئەت ـ ئۆزگە سەۋە،
ئاڭار ئانچا ياۋلاق قىلۇر بۇ جەفا.
ۋۇجۇدنى ياخشى كۆرۈپ، قانچىلىك ياخشىلىق قىلسا،
ئۇ شۇنچىلىك يامانلىق، جاپا قىلىدۇ.

6361 يەمە ياقشى ئايمىش كىشى ئۆدرۈمى،
جەفاچى ئەت ـ ئۆزگە ئوتى هەم ئەمى:
كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بەك ياخشى ئېيتقاندى.
(ئۇنىڭ سۆزى) جاپاكەش ۋۇجۇد ئۈچۈن دورا هەم داۋادۇر:

6362 «ۋەفا كىمگە قىلدىڭ، جەفاقا ئانۇن،
جەفاچى جەفاسىن تەگۈرگەي كۈنۈن.
«كىمگە ۋاپا قىلساڭ، جاپاغا تەييار بول،
جاپاچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساڭا جاپا قىلىدۇ.

6363 كىمى ئەدگۇ تۇتتۇڭ، ئاڭار قورقۇ تۇر،
سەنى ئەسىزلىك ئول ئۆلتغاي ئۇنۇن».
كىمگە ياخشىلىق قىلىۋاتقان بولساڭ قىلساڭ، شۇنىڭدىن ئېهتىيات قىل،
ئۇ سېنى يامانلىق بىلەن پەرياد چەكتۈرىدۇ».

6364 ئاي ئەلىگ، بۇ ئۈچ ئارا سەمزى ياۋۇز،
بىرى ئىت، بىرى قۇش، بىرىسى ئەت ـ ئۆز.
ئەي ئەلىگ، مۇنۇ ئۈچ نەرسىنىڭ سېمىزى ياماندۇر،
بىرى: ئىت، بىرى: قۇش، يەنە بىرى: ۋۇجۇد.

6365 ئاچۇرغۇ بۇلارىغ يولىن تۇتسا كەد،
ئانىن يولقا كىرسە بويۇن ئەگسە كەد.
بۇلارنى ئاچ قويۇش يولىنى تۇتۇش كېرەك،
ئۇلار ئاندىن يولغا چۈشۈپ بويىنىنى ئېگىدۇ.

6366 يولىن قىسماسا قۇش، مەڭىن ئەدلەمەز،
سەمىز بولسا ئىت توق، ئاۋىن ئاۋلاماز.
قۇش گالدىن قىسىلمىسا، دان ئىزدىمەيدۇ،
ئىت توق، سېمىز بولسا، ئوۋ كەينىدىن قوغلىمايدۇ.

6367 ئەت ئۆز تودسا، قانسا بولۇر بۇغراغۇ،
قاچار ئەدگۈلەرىن سۇرە ئىدماغۇ.
ۋۇجۇد تويسا، ھەممىگە قانسا، بۇغرا تۆگىدەك بولىدۇ،
(ھەر يانغا) قاچىدۇ، ياخشىلىقنى ھەيدەيدۇ، ئۇنى قويۇپ بەرمە.

6368 قۇشۇڭ ئاۋلاماسا، بىر ئۆردەك ياس ئول،
ئىتىڭ قودسا ئاۋىن، ياسى بىر ئاس ئول؛
قۇشۇڭ ئوۋلىمىسا، زىيىنى ناھايىتى بىر ئۆردەك،
ئىتىڭ ئوۋنى تاشلىسا، زىيىنى ناھايىتى بىر سۆسەر؛

6369 ئۆزۈڭ بۇغراغۇرسا، بەدۇتسە بويۇن،
سەنى ئوتقا تارتار، ئۇلىتۇر ئۇنۇن.
ۋۇجۇدۇڭ بۇغرا تۆگىدەك بويىنىنى ئېگىز كۆتۈرسە،
سېنى ئوتقا ئىتتىرىپ، نادامەت چەكتۈرىدۇ.

6370 مەڭىلىگ تۇرۇر، كۆر، مەڭى يوق چىغاي،
بارىن تاپ قىلىپ ئول يورىر، كۆڭلى باي.
قارا، رىزقى يوق كەمبەغەل رىزقىلىقتۇر،
(چۈنكى) بارىغا شۈكۈر قىلىپ، كۆڭلى باي ياشايدۇ.

6371 ئەگىن پۈتسە، بوغزىن تودۇرسا ئاشىن،
قىلۇر تەڭرى تاپىغى، ئەتەر ئول ئىشىن.
ئەگنى پۈتۈن بولسا، تاماق يەپ قورساق تويدۇرسا،
تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

6372 ئۇلۇغلۇق، بۇ دەۋلەت، بۇ قۇت ـ قىۋ كىشىگ
كۇۋەزلىككە تارتار، قودۇپ ئۆز ئىشىگ.
ئۇلۇغلۇق، دۆلەت، بەخت ـ سائادەت كىشىنى
تەكەببۇرلۇققا تارتىدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغۇزمايدۇ.

6373 كۇۋەزلىك باياتتىن يىراتۇر قۇلۇغ،
ئۇقۇشلۇغ يورىماز بۇ ياڭلىغ يولۇغ.
تەكەببۇرلۇق بەندىنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ،
ئەقىللىك (كىشى) بۇنداق يولدا ماڭمايدۇ.

6374 چىغايما ئۆلۈرئۆك، يەمە باي ئۆلۈر،
ئىكى بۆز ئەلەتۈر، قارا يەر بولۇر.

كەمبەغەلمۇ ئۆلىدۇ، شۇنىڭدەك بايمۇ ئۆلىدۇ،
ئىككى بۆز بىلەن قارا يەر قېتىغا كىرىپ كېتىدۇ.

6375 چىغاي ئۆلسە قۇتلۇر، كەتەر ئەمگەكى،
باي ئۆلسە قالۇر نەڭ، ئەلەتۇر يۇكى.
كەمبەغەل ئۆلسە جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلىدۇ،
باي ئۆلسە مال ـ دۇنيالىرى قالىدۇ، ۋابالى بىللە كېتىدۇ.

6376 مۇڭار مەڭزەر ئەمدى بۇ سۆز بەلگۈلۈگ،
بۇ سۆزدە ئۆزۈڭدە كۆتۈرگىل ئۈلۈگ:
روشەنكى، مۇنۇ سۆز بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان،
بۇ سۆزدىن ئۆزۈڭگە تېگىشلىك ئۈلۈش ئال:

6377 «ئاي نىئمەت ئىدىسى، ئۆلۈم مىهنەتىڭ،
ئاي مىهنەت ئىدىسى، ئۆلۈم نىئمەتىڭ.
«ئەي نېمەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ مېهنىتىڭدۇر،
ئەي مېهنەت ئىگىسى، ئۆلۈم نېمىتىڭدۇر.

6378 چىغاي ئۆلسە قۇتلۇر، كەتەر ئەمگەكى،
ئۆلۈم تۇتسا، ئاي باي، ساقىش بەرمەكىڭ».
كەمبەغەل ئۆلسە، مۇشەققىتىدىن قۇتۇلىدۇ،
ئەي باي، ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتسا، ھېساب بېرىشىڭگە توغرا كېلىدۇ».

ئەلىگ سۆزى ئۆگدۈلمىشكە

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە ئېيتقان سۆزى

6379 يانا ئايدى ئەلىگ: بۇ دۇنيا ئىچى
يىلانى، چادانى تەلىم تىككۈچى.
ئەلىگ يەنە ئېيتتى: بۇ دۇنيا ئىچى
كۆپلىگەن يىلان، چايانلار بىلەن تولغان.

6380 ئاشى ئاز يەگۈكە، ئاغۇسى ئۆكۈش،
يانا ئۆگدىسى ئاز، ئۆكۈشى سۆكۈش.
يەيدىغان نېمىتى ئاز، زەھىرى كۆپ،
ماختايدىغان نەرسىسى ئاز، سۆكىدىغان يېرى كۆپ.

6381 ئۉقۉشلۉغ سۉنۉپ ئالغۉسى ئاز نەڭى،
بىلىكلىگ ئاچىپ ئاز يەگۉسى مەڭى.
ئەقىللىكنىڭ (قول) سوزۉپ ئالىدىغان نەرسىسى ئاز،
بىلىملىكنىڭ ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان نېمىتىمۉ ئاز.

6382 بىلىكسىزگە ئۉچماق تۉرۉر بۉ ئاژۉن،
ئەرەژ بىرلە ئاۋنۉر، يورىر مۉڭسۉزۉن.
بۉ دۉنيا بىلىمسىزگە جەننەتتۉركى،
راھەت ئىچىدە شاد يۉرىدۉ، موھتاج بولمايدۉ.

6383 تىكەن ئول ئۉقۉشلۉغقا دۉنيا تولۉ،
ئاداق ئۉرسا يەرگە كىرۉر، ساقلاغۉ.
ئەقىللىك ئۉچۉن بۉ دۉنيا تىكەنگە تولغان،
ئاياغ باسقانلا يېرىدە تىكەن سانجىلىدۉ، ساقلىنىش كېرەك.

6384 ئاغۉ ئول بىلىكلىگكە دۉنيا ئىچى،
ئانىن ئاش يەيۉمەز، ئۉزەر ئۆز كۉچى.
بىلىملىك ئۉچۉن دۉنيا ئىچى بىر زەھەردۉركى،
ئۉنىڭدىن ئوزۉق ئالالمايدۉ، كۉچ ـ قۉۋۋىتىدىن كېتىدۉ.

6385 ئانىن قاچتى زاھىد ئوغۉل ـ قىز قودۉپ،
مۉنىن قودتى ئابىد تاپۉغقا ئۉدۉپ.
زاھىت ئوغۉل ـ قىزلىرىنى تاشلاپ، دۉنيادىن ۋاز كەچتى،
ئابىتمۉ دۉنيانى تاشلاپ ئىبادەتكە كىرىشتى.

6386 بۉ كۉن بىز ئىلىنمىش تۉرۉرمىز مۉڭار،
كۉدەزسۉن بايات بۉ بەلادىن سىڭار.
بۉگۉن بىز دۉنياغا باغلىنىپ قالدۉق،
خۉدا بىزنى بۉ بالادىن ساقلىسۉن.

ئۆگدۉلمىش جەۋابى ئەلىگكە

ئۆگدۉلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6387 يانۉت بەردى ئۆگدۉلمىش ئايدى: بۉ سۆز A181
تۉگەل سۆز چىنى ئول، ئۉقۉش بىرلە تۉز.

ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: بۇ سۆز
سۆزلەرنىڭ توغرىسىدۇر، ئەقىلگە ئەڭ يېقىنىدۇر.

6388 كۆرۈ بارسا دۇنيا قىلىنچى تەڭى،
يەگەن يەل بۆكەتەك بۇ قىلقى ياڭى.

نەزەر سالساڭ، دۇنيانىڭ خۇي - پەيلى
گويا تويغىنىنى بىلمەيدىغان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ.

6389 ئۆزى ئىگدۈرئۆك سان، ئۆزى سەمرىتۇر،
ئۆزىئۆك ئەتىن يەر، ئۆزى ياۋرىتۇر.

ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ،
ئاندىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئۆزىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

6390 باقا بارسا يەترۈ ئاژۇن ھالىنى،
ئەڭىپ قالغۇ تاڭلاپ، كۆر، ئۇقسا ئانى.

دۇنيا ئەھۋالىغا يېتەرلىك دىققەت قىلساڭ،
ئۇنى چۈشەنسەڭ، كىشى ئۆز - ئۆزىگە ھەيران بولىدۇ.

6391 ئابالى، ھەۋالى ئاژۇنقا ئىلىپ،
ئۇرۇغ يادتى دۇنيا ئىچىندە كەلىپ.

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا (ئانا) دۇنياغا تۆرىلىپ،
يەر يۈزىگە ئۆز ئۇرۇقىنى تارقاتتى.

6392 ئولاردا بەرۈ تۇت بۇ ئۆدكە تەگى،
نە ياڭلىغ ئەرەن قوپتى بەگلەر بەگى.

ئۇلاردىن باشلاپ تا بۈگۈنكى زامانغىچە
دۇنياغا نى - نى ئادەملەر، بەگلەرنىڭ بېگى كېلىپ (كەتتى).

6393 قايۇ بىلگە تۇغدى، قايۇ ئالىپ، ئاتىم،
قايۇ كۈر، كۈۋەز ئەر، قايۇتەك يالىم.

بەزىلىرى ئالىم بولۇپ تۇغۇلدى، بەزىلىرى جەسۇر مەرگەن،
بەزىلىرى تىك قىيادەك مەغرۇر، تەكەببۇر.

6394 قايۇسى ئۇقۇشلۇغ، قايۇسى بۆگۈ،
قايۇ تەلۋە مۇندۇز، قايۇ ئەرمەگۈ.

بەزىلىرى ئەقىللىك، بەزىلىرى دانا،
بەزىلىرى تەلۋە - ساراڭ، بەزىلىرى ھورۇن - ئېرىنچەك.

6395 نەچە ساۋچى توغدى، ئۇقىتچى ئامۇل،
بايات ھۆكمى بىرلە ئايۇ بەردى يول.
قانچىلىغان پەيغەمبەر، كامىل ئۇستازلار تۇغۇلدى،
(ئۇلار) خۇدا ھۆكمى بىلەن ئىنسانغا يول كۆرسەتتى.

6396 قايۇ ئاز ياشادى، قايۇسى ئۇزۇن،
قايۇ باش كۆتۈردى بەدۇكرەك سۆزۈن.
بەزىلىرى ئاز ياشىدى، بەزىلىرى ئۇزۇن (ياشىدى)،
بەزىلىرى دانا سۆزلىرى بىلەن يۈكسەكلىككە ئېرىشتى.

6397 قايۇسى تۆرۈتمىش ئىدىگە تۇرۇپ،
ياغىتەك ئوق ئاتتى ياسىنى قۇرۇپ.
بەزىسى ياراتقان ئىگىسىگە قارشى تۇرۇپ،
دۈشمەندەك ئوقياسىنى بەتلەپ ئوق ئاتتى.

6398 ئوقىغىل بۇ بەيتىگ، نەگۈ تەر ئەشىت،
ئۇقا بارغىل ئەمدى، ئۆزۈڭ قىلقى ئەت:
بۇ بېيىتنى ئوقۇ، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
(ئۇنى) چۈشىنىپ، ئۆز قىلىقىڭنى تۈزەت:

6399 «كەرەك بىلگە بولغىل، كەرەك مىڭ ياشا،
تۇرۇپ پۈترۈ ئاژۇن ئەرەژىن ئاشا.
«مەيلى ئالىم بول، مەيلى مىڭ يىل ياشا،
مەيلى دۇنياغا ئىگە بولۇپ، ھالاۋەتلىك مەئىشەت قىل.

6400 ئاخىر ئۆلگۈ ئۆزۈڭ قارا يەر بولۇپ،
ئۆلۈم تۇتسا ئەلتۈر ئۆكۈنچۈن ياشا».
ئاخىر سەن ئۆلۈپ، قارا تۇپراققا ئايلىنىسەن،
ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتسا پۇشايمان بىلەن ياش تۆكىسەن».

6401 نەچە ئەدگۈ قوپتى بۇ بىلگە، بۆگۈ، C378
تىلەپ بۇلمادىلار تىرىگلىك يەگۈ.
بۇ دۇنياغا قانچىلىغان ياخشى، دانىشمەن ئالىملار كەلدى،
ئارزۇسىغا يارىشا، ئەبەدىي ھاياتقا ئىگە بولالمىدى.

6402 بۇ كۈن، كۆر، نەچە تۇغمادۇقتەك بولۇپ،
قارا يەر قاتىندا ياتۇرلار ئۆلۈپ.

بۈگۈن، قارا، گويا بۇ دۇنياغا تۇغۇلمىغاندەك،
ھەممىسى ئۆلۈپ قارا يەر تېگىدە ياتماقتا.

6403 نە تۇرلۇگ، نە ياڭلىغ كىشى قوپتى كۆر،
ياغىز يەر ئۇلارىغ يەدى، ئوپتى، كۆر.
قارا، ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك كىشىلەر تۆرەلدى،
قارا يەر ئۇلارنى يېدى، يۇتۇۋەتتى.

6404 ئەتىكلىگ سەراي، ئوردۇ، قارشى قودۇپ،
ياغىز يەر تۆشەنىپ ياتۇرلار كۇدۇپ.
ھەشەمەتلىك ساراي، ئوردا، قەسىرلەرنى تاشلاپ،
قارا يەرنى تۆشەك قىلىپ، بەخىرامان ياتماقتا.

6405 ئۆدىرمۇ، ئۇنى يوق، يا تىنماز تىنى،
نەگۇ ئەركى ھالى، بىلىكلى قانى.
ئۇخلاۋاتامدۇ؟ ئۈن ـ تىن يوق ياكى نەپەس ئالمايدۇ،
(ئۇلارنىڭ) ئەھۋالى قانداق، بۇنى بىلگۈچىلەر قېنى؟

6406 ئۇلار بارچا مۇڭلۇغ بۇ كۈن ئەدگۈگە،
ئەلىگلەرى يەتمەز يەگۇ كەدگۈگە.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى ياخشىلىققا موھتاج،
يېمەك، كىيمەككە قوللىرىمۇ يەتمەيدۇ.

6407 ئۆكۈنچۈن ياتۇرلار، كۆر، ئىنچىقلايۇ،
كۈسەپ ئەدگۈلۈكنى مىڭ ئارزۇ يەيۇ.
قارا، پۇشايمان بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ياتماقتا،
ياخشىلىققا زارىقىپ، مىڭ (خىل) ئارزۇ قىلماقتا.

6408 بايات بەردى بىزگە بۇ كۈن بۇ كۈنۈگ،
ياۋا قىلسا بولماز بۇ بۇلمىش ئۆدۈگ.
بۈگۈن خۇدا بىزگە بۇ كۈنلەرنى ئاتا قىلدى،
ئىگە بولغان بۇ پۇرسەتنى بىھۇدە ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ.

6409 بايات بەرسۇ تەۋفىق بۇ كۈندە نارۇ،
قامۇغ ئەدگۈلۈككە، ئاي ئەدگۈ تۆرۈ.
بۈگۈندىن ئېتىبارەن خۇدا بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلىش
ئۈچۈن تەۋپىق بەرسۇن، ئەي ياخشى قانۇن.

*   *   *

6410 تىلىن بەردى ئالقىش، كۆر، ئۆگدۈلمىشە،
ئايۇر: ئاي بۆگۈ بەگ، ئۇزۇن كەچ ياشا.
ئۆگدۈلمىش تىلى بىلەن ئالقىش ئېيتتى ۋە:
ئەي دانىشمەن بەگ، ئۇزاق، كۆپ ياشا، دېدى.

6411 ئاژۇن قالماسۇنى سەنىڭسىز قۇرۇغ،
بايات كەسمەسۇنى سەنىڭدىن ئۇرۇغ.
دۇنيا سېنىڭسىز قۇرۇق قالمىسۇن،
خۇدا سېنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭنى كەم قىلمىسۇن.

6412 نەگۇ ئەرسە ئارزۇ تىلەكىڭ قامۇغ،
ئاچا بەرسۇ تەڭرى ساڭا ئول قاپۇغ.
ئارزۇ ـ تىلەكلىرىڭ نېمە بولسا،
خۇدا ھەممىسىنىڭ ئىشىكىنى ساڭا ئېچىپ بەرسۇن.

6413 نەگۇ ئەرسە ئارزۇ ـ تىلەكىڭ تاقى،
تۇگەل بەرسۇ تەڭرى ساڭا، ئاي ئاقى.
يەنە قانداق ئارزۇ ـ تىلەكلىرىڭ بولسا،
خۇدا ھەممىنى تۇگەل بەرسۇن، ئەي مەرد ـ سېخىي.

6414 سەۋىنچىن، ئاۋىنچىن تىرىلگىل ئۇزۇن،
ئەرەژلەنگىل ئانچا، ئاي قىلقى تۈزۈن.
خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۇزۇن ياشا،
كۆپ راھەت كۆر، ئەي قىلىقى مۇلايىم!

6415 دەرىغا، سەنىڭتەك كىشىلەر ئۆلۈپ،
قارا يەردە ياتسا سۆڭۈكى ئۈلۈپ.
ئەپسۇسكى، سېنىڭدەك كىشىلەر ئۆلۈپ.
سۆڭىكى چىرىپ، قارا يەر تېگىدە ياتسا،

6416 نەگۇ قىلغۇ؟ تەڭرى بۇ دۇنيا ئىشى
بۇ ياڭلىغ تۆرۈتمىش، ئاي ئەلچى باشى.
بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ خۇدا بۇ دۇنيا ئىشىنى
ئەنە شۇنداق ياراتقانىكەن، ئەي ھۆكۈمدار.

6417 نەچە ئۆلسە بولماز سەنىتەك ئۉلۉگ،
ئۆزۉڭ ئەدگۉلەردىن ئىلىندى ئۉلۉگ.
ساڭا ئوخشاشلار قانچە ئۆلسىمۉ، ئۆلگەن بولمايدۉ،
(چۉنكى) سەن ياخشىلىقلاردىن ئۉلۉش ئالدىڭ.

6418 كەرەك ئۆل، كەرەك كەچ ياشاغىل ئۉزۉن، C 379
ئاتىڭ ئەدگۉ بىرلە يادىلدى سۆزۉڭ.
مەيلى ئۆلگىن، مەيلى ئۉزاقتىن ـ ئۉزاق ياشىغىن،
نامىڭ ياخشى دېگەن سۆز بىلەن داڭ چىقاردى.

6419 سەۋەرىڭ ئۆكۉش بولسۉ، سەۋمەزلەرىڭ
ساچىلسۉ بىرەرىن، كەڭۉسۉ يەرىڭ.
ياخشى كۆرگەن (دوستلىرىڭ) كۆپ بولسۉن، رەقىبلىرىڭ
پەرىشان بولسۉن، يېرىڭ (مەملىكىتىڭ) بارغانسېرى كېڭەيسۉن.

* * *

6420 يەر ئۆپتى، تۉرۉپ چىقتى، كەستى سۆزىن،
ئاتىن مىندى، ئۉردى ئەۋىڭە يۉزىن.
(ئۆگدۉلمىش) سۆزىنى تۉگىتىپ، يەر ئۆپتى، تاشقىرىغا چىقتى،
ئېتىنى مىنىپ، ئۆيىگە قاراپ يۉزلەندى.

6421 كەلىپ تۉشتى كىردى ئەۋىڭە يورىپ،
يەدى ـ ئىچتى، ياتتى بىر ئانچا سەرىپ.
(ئىشىكى ئالدىغا) كېلىپ (ئېتىدىن) چۉشتى، ئۆيىگە كىردى،
يەپ ـ ئىچىپ، بىرئاز دەم ئېلىپ ياتتى.

6422 يانا قوپتى ئەرتە ئىشىن باشلادى،
ئايۉ بەردى، كۆردى، ئۆزى ئىشلەدى.
يەنە (ئورنىدىن) تۉرۉپ، ئەتىگەندىلا ئىشىنى باشلىدى،
پەرمانلار بەردى، كۆزدىن كۆچۉردى، ئۆزىمۉ ئىشلىدى.

6423 كۆڭۉل، تىل كۆنى تۉتتى، تۉزدى يورىق،
قامۉغ ئەگرىلەر كۆندى، ئەتتى قىلىق.

دىلى بىلەن تىلىنى توغرا تۇتۇپ، يۇرۇش ـ تۇرۇشىنى تۈزەتتى،
پۈتۈن ئەگرىلەر (ئۇنىڭغا قاراپ) توغرا يولغا كىردى، قىلىقلىرىنى ياخشىلىدى.

6424 ئەتىلدى ئاژۇن، ئارتتى ئەدگۈ دۇئا،
قۇتادتى كۈنى كۈندە ئەدگۈ دۇئا.
دۇنيا تۈزەلدى، ياخشى دۇئا كۆپەيدى،
ياخشى دۇئالار كۈندىن ـ كۈنگە سائادەت كەلتۈردى.

6425 ئولار باردى، قالدى ئول ئەدگۈ ئاتى،
يىتىپ بارغۇ ئەرمەز ئاتى، ھۆرمەتى.
ئۇلار (ئۆلۈپ) كەتتى، (پەقەت) ياخشى ناملىرى قالدى،
ئۇلارنىڭ نامى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى (ئەبەدىي) يوقالمايدۇ.

* * *

6426 كۆرۈ بارغىل ئەمدى، بۇ ياڭلىغ كىشى
كىشىمۇ بولۇر، بۇ فەرىشتە ئىشى.
ئەمدى قاراپ باق، بۇ خىل كىشىلەر (ھەقىقىي) كىشىلەر،
ئۇلار (قىلغان ئىشلار) پەرىشتىلەرنىڭ ئىشى.

6427 كىشى ئەردى ئەرسە ئولار نە ئۆدۈن، A 182
نەگۈ ئول، ئايۇ بەر بۇ كۈنكى بودۇن؟
ئۇلار ئاشۇ دەۋردە ئادەم بولغان بولسا،
بۈگۈنكى خەلق نېمە؟ ئېيتىپ بەر.

6428 قالى بىز كىشى ئەرسەمىز، ئاي بۆگۈ،
ئولارىغ سەزىكسىز فەرىشتە تەگۈ.
ئەي دانا، ئەگەر بىز ئادەم بولغان بولساق،
ئۇلارنى شۈبھىسىز پەرىشتە دېيىش كېرەك.

6429 ئولارنىڭ قىلىنچى، نە قىلقى سۆزى،
ئەشىتىپ قۇتادغۇ ئول ئەدگۈ ئىزى.
ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە قىلىقلىرى، سۆزىنى
ئاڭلاش، ياخشى ئىزىنى (بېسىش) بىر بەختتۇر.

6430 ئۇقۇشلۇغ ئۇقار ئول، بىلىكلىگ بىلىر،
ئۆلۈر ئۆز، بۇ دۈنيا سەزىكسىز قالىر.

ئەقىللىك چۈشىنىدۇ، بىلىملىك شۇنى بىلىدۇكى،
ئادەم شۈبھىسىز ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.

6431 بۆلۈنمىش بۇ ئۆد كۈن ياۋا قىلمادىن،
تاپۇغ قىلغۇ، تەگمەز مۈنىڭدا ئادىن.

قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەت ـ كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي،
ئىبادەت قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار.

6432 مۈنىڭدا ئۇلۇغ پەند تاقى نە بولۇر،
سەنىڭدە ئوزاقى ئۆلۈر، كۆز كۆرۈر.

بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق پەند ـ نەسىھەت يەنە نېمە؟
سەندىن بۇرۇنقىلار ئۆلىدۇ، بۇنى كۆز كۆرىدۇ.

6433 قالىر قارشى، ئوردۇ، سەرايلار قامۇغ،
ئانى بەند تۇتۇماز بۇ ئۆز، ئاي ئۇلۇغ.

قەسىر، ئوردا ـ سارايلار ھەممىسى قالىدۇ،
بۇنى ئۆزۈڭگە باغلاپ تۇتالمايسەن، ئەي ئۇلۇغ.

6434 نەچە قارشى ـ ئوردۇ، نەچە بەرك تۇرا،
ئۆلۈم بۇزدى، قىلدى قارا يەر، كۆرە.

قانچىلىغان قەسىر ـ ئوردىلارنى، پۇختا قورغانلارنى
ئۆلۈم بۇزدى، قارىغىنا، قارا يەرگە ئايلاندۇردى.

6435 نەچە كەند ئۇلۇش، باغ چەچەكلىكلەرىگ، C380
قۇرۇغ قودتى، كۆر، بۇ ئۆلۈم، ئاي تىرىگ.

قانچىلىغان شەھەر، قىشلاق، باغ، گۈلزارلارنى
بۇ ئۆلۈم قۇرۇقداپ قويدى، نەزەر سال، ئەي تىرىك.

6436 قالىر قارشى، ئوردۇ، سەراي پاك ساڭا،
ئالىپ سەن تۇتارسەن، بۇ بەند تەپ ماڭا.

قەسىر، ئوردا ـ سارايلار بوشاپ، ساڭىلا قالىدۇ،
سەن ئۇلارنى، ماڭىلا باقىي، دەپ تەسەررۇپ قىلىسەن.

6437 قالىن سۇ ئىدىسى ئاژۇنچى قانى؟
سۇسىن قودتى، بولدى قارا يەر سانى.

سانسىز قوشۇنغا ئىگە بولغان ئۇ جاھانگىر قېنى؟
قوشۇنلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى قارا يەرگە ئايلاندى.

6438 قانى ئول سۇق ئەلچى، ئەلىم ئاز تەدى؟
ئۆكۇش ئەل كۇچەدى، يەيۇ بىلمەدى.
قىنى ئۇ، مەملىكىتىم ئاز دىگەن ئاچ كۆز ھۆكۇمدار؟
كۆپ ئەللەرگە زورلۇق قىلدى، (لىكىن) بەھرىمەن بولالمىدى.

6439 قانى ئول كۇچەگلى كىشىلەر يەرىن؟
قۇلاچ يەر ئالىندى، ياتۇر ئىنچىقىن.
قىنى ئۇ باشقىلارنىڭ يېرىگە زورلۇق قىلغان (زوراۋان؟)
(ئەمدى) بىر غۇلاچ يەرگە ئىگە بولۇپ، تىنچلىنىپ ياتىدۇ.

6440 قانى ئول مۇسۇلمان قانى تۆكگۇچى؟
نەلۇك كىردى يەرگە، قانى ئول كۇچى.
قىنى ئۇ مۇسۇلمان قېنىنى تۆككۇچى،
قانداق قىلىپ يەر (تېگىگە) كىردى، قېنى ئۇنىڭ زورلۇقى؟

6441 قانى ئول كىشىگ ساتغاغۇچى كىشى؟
نەلۇك بولدى ساتغاغ قارا يەر تۇشى.
قىنى ئۇ باشقىلارنى خورلىغۇچى كىشى؟
قارا يەرگە تەڭ بولۇپ، قانداق خورلاندى ـ ھە!

6442 قانى ئول تۇتۇشۇگلى دۇنيا ئۇچۇن؟
تۇرۇ قالدى دۇنيا، ئول ئۆلدى كۇچۇن.
قىنى ئۇ دۇنيا ئۇچۇن ئۇرۇش قىلغان(كىشى) ؟
دۇنيا قالدى، ئۆزى ئۆلۇشكە مەجبۇر بولدى.

6443 قانى ئول تەرىگلى تاۋار قودمادىن؟
ئىكى بۆز ئەلەتتى، تىلەمەز ئادىن.
قىنى ئۇ مال ـ تاۋارلارنى قويماي توپلىغان (كىشى) ؟
ئىككى بۆزنى ئېلىپ كەتتى، باشقىسى نېسىپ بولمىدى.

6444 قانى ئول ئۆكۇش يەر تىلەگلى كىشى؟
قارا يەر تۆشەندى، ئەتىلدى ئىشى.
قىنى ئۇ كۆپلەپ يەر تەلەپ قىلغان كىشى؟
قارا يەر (تېگىگە) كىردى، ئىشى پۈتتى.

6445 بۇ ياڭلىغ تۇرۇر دۇنيا ھالى قامۇغ،
ئۇقۇش بىرلە كۆرگىل، ئاچىلغاي قاپۇغ.

دۇنيانىڭ ھەممە ئەھۋالى ئەنە شۇنداقتۇر،
ئەقىل بىلەن نەزەر سال، (سىرلار) ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

6446 ئەرەژلەرى ئەمگەك، سەۋىنچى ساقىنچ،
ئاغىرى ئۇچۇزلۇق، ئاۋىنچى ئەرىنچ.
(بۇ دۇنيانىڭ) راھىتى — مۇشەققەت، شادلىقى — قايغۇ،
قەدىرلىشى ـ خورلۇق، خۇشاللىقى — ئەلەم.

6447 نەگۇ كەلسە يۇدگىل، سەن ئىنچىقلاما.
ئەرەژ ئەرسە ئەرتەر، نە ئەمگەك يەمە.
(بېشىڭغا) نېمە كەلسە، كۆتۈرگىن، ئاھ ئۇرما،
راھەتمۇ، مۇشەققەتمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

6448 ئەشىتگىل نەگۇ تەر بىلىك بەرگۇچى،
ئاي ئەمگەك بىلە سەن سەبىر قىلغۇچى.
بىلىم بەرگۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي، مۇشەققەت بىلەن سەۋر قىلغۇچى:

6449 «ئاي نىئمەت ئىدىسى شۇكۇر قىل، يەگىل،
ئاي مىھنەت ئىدىسى سەبىر قىل، ئەگىل.
«ئەي، نېمەت ئىگىسى، شۇكۇر قىلغىن، يېگىن،
ئەي، مۇشەققەت چەككۇچى، سەۋر قىلغىن باش ئېگىلگىن.

6450 سەبىر قىلسا مىھنەت بولۇر نىئمەتىڭ،
شۇكۇر قىلسا نىئمەتقە ئارتار تەگىل».
سەۋر قىلساڭ مۇشەققىتىڭ نېمەت بولىدۇ،
شۇكۇر قىلساڭ، نېمىتىم كۆپىيىدۇ، دېگىن».

* * *

6451 كۆرۈ بار، ئاي بىلگە، بۇ كۇنكى ئۆدۈگ، C 381
ئۆڭىن بولدى بارچا قامۇغ ئىش ـ كۇدۇك.
ئەي ئالىم، بۇگۇنكى زامانغا نەزەر سال،
ھەممە ئىش ـ ئەمەللەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى.

6452 بىلىكلىگ ئۇچۇز بولدى، تۇتنۇر ئۆزىن،
ئۇقۇشلۇغ ئاغىن بولدى، ئاچماز سۆزىن.
بىلىملىكلەر قەدىرسىزلەندى، ئۆزلىرىنى ئاياىدىغان (بولۇپ قالدى)،
ئەقىللىكلەر كېكەچ بولدى، ئېغىز ئاچمايدىغان بولدى.

6453 تەلىم بولدى ئەلدە بۇ ياۋلاق كىشى،
ياۋاش بولدى ساتغاغ، كۆتۇرمەز باشى.
ئەلدە يارىماس كىشىلەر كۆپەيدى،
ياۋاشلار خارلىنىپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.

6454 بورۇن يۇز يۇغۇچى، نەماز قودغۇچى،
كۆر، ئەرسىگ ئاتاندى، يورىتۇر كۇچى.
قارا، مەي بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ، نامازنى تاشلىغانلار
مەرد ـ باتۇر ئاتالدى، زورلۇق قىلدى.

6455 فەساد، فىسق ئىدىسى ئاتاندى ئەرەن،
بور ئىچمەز كىشى ئاتى بولدى ساران.
پىتنە ـ پاسات قىلغۇچىلار ئەر ئاتالدى،
مەي ئىچمەيدىغانلارنىڭ نامى خەسىس (دەپ) ئاتالدى.

6456 نەماز، رۇزە بىرلە يورىغلى كىشى،
مۇنافىق ئاتاندى، ئاي ئەلچى باشى.
ناماز، روزا بىلەن يۈرگەن كىشىلەر
مۇناپىق ئاتالدى، ئەي ئەل هۆكۈمدارى.

6457 هەلال يىتتى بارچا، هەرام ئۇستەدى،
هەرام يەگلى كۆڭلىن قارا كىر تۇدى.
هالال يوقالدى، هەممىدە هارام ئۈستۈنلۈكنى ئالدى،
هارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا كىر بېسىپ كەتتى.

6458 هەلال ئاتى قالدى، كۆرۈگلىسى يوق،
هەرام قارما بولدى، تودۇغلىسى يوق.
هالالنىڭ نامىلا قالدى، (ئۇنى) كۆرگىلى بولمايدۇ،
هارام تالاشتا قالدى، ئۇنىڭغا هېچكىم تويمىدى.

6459 قانى بۇ هەرامىغ هەرام تەگۇچى؟
هەرامىغ قودۇپ بىر هەلال يەگۇچى؟

ھارامنى ھارام دېگۈچىلەر قېنى؟
ھارامنى تاشلاپ، ھالال يېگۈچىلەر قېنى؟

6460 ساقىنۇق تەگۈچى كىم ئول چىن، كۆنى،
كۆنىلىك كۈنى بار، يارۇتۇر كۈنى.
ھەقىقىي، توغرا، تەقۋادار دەپ ئاتالغانلاردىن كىم قالدى؟
پەقەت قۇياشى پارلايدىغان بىر قىيامەت كۈنىلا باردۇر.

6461 ھەرام بىرلە ئارتۇق قاراردى كۆڭۈل،
ھەلال قايدا بۇلغۇ تىلەپ، ئاي ئوغۇل.
ھارام بىلەن كۆڭۈل راسا قارىيىپ كەتتى،
ھالالنى ئىزدەپ قەيەردىن تاپقۇلۇق، ئەي ئوغۇل.

6462 مۇڭار مەڭزەتۇ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
مۇنى ياقشى تىڭلا، ئايا كۆڭلى تۈز:
بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇنى ياخشى ئاڭلا، ئەي كۆڭلى تۈز:

6463 «ھەرام بىرلە كۆڭلۈم قارا بولدى، كىر،
بىلىك ئىشكە تۇتماز ئۆزۈم يۈزدە بىر.
«ھارام بىلەن كۆڭلۈم قارايدى، كىر بولدى،
ئۆزۈم يۈز ئىشنىڭ بىرىدە بىلىمنى ئىشلەتمىدىم.

6464 ئەت ئۆز ئەگلۈ بەرمەز، ھەۋا بۇلنادى،
تاپۇغقا تەگۈمەز، ئۆزۈم ئاچتى سىر».
ۋۇجۇدۇم (ماڭا) ئېگىلمىدى، ھەۋەسكە قۇل بولدۇم،
ئىبادەتكە ۋاقتىم يەتمىدى، سىرىمنى ئاچتىم».

6465 ئازۇن قىلقى بارچا ئادىن بولدى، كۆر،
كىشى كۆڭلى تىلدە ئۆڭىن بولدى، كۆر.
قارا دۇنيانىڭ قىلىقلىرى تامامەن باشقىچە بولۇپ قالدى،
كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ قالدى.

6466 ۋەفا كەتتى خەلقتا، جەفا ئۈستەدى،
تىلەپ بىر ئىنانغۇ كىشى قالمادى.
خەلقتىن ۋاپا كېتىپ، جاپا ئۇستۇنلۇكنى ئالدى،
ئىشەنچلىك، بىرەر ئادەمنى ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن.

6467 ۋەفا كەتتى خەلقتا، جەفا ئۇردى ئىز، C 382
ئىنانغۇ تايانغۇ كىشى بولدى قىز.
خەلقتىن ۋاپا كېتىپ، جاپا ئىز باستى،
ئىشەنچلىك، تايانغۇدەك كىشى قىس بولۇپ كەتتى.
6468 ياقىنلىق ياغۇقلۇق يىراتتى قاداش، A 183
باغىرساقلىقىن قودتى ئەدگۇ ئاداش.
قېرىنداشلار (ئارىسىدا) يېقىنلىق يىراقلاشتى،
ياخشى دوستلار مېھرىبانلىقتىن كەچتى.
6469 كىچىگدە ئەدەب يوق، ئۇلۇغدا بىلىك،
ئوتۇنلار ئۆكۈش بولدى، يىتتى سىلىگ،
كىچىكتە ئەدەپ يوق، چوڭلاردا بىلىم (يوق)،
قوپال ـ نادانلار كۆپەيدى، (ئەدەپلىك) سىلىقلار ئازايدى.
6470 ياقىنلىق نەچە بولدى يارماق ئۇچۇن،
قانى ئىش قىلىغلى كۆنى، ھەق ئۇچۇن؟
يېقىنلىق (پەقەت) پۇل ئۇچۇنلا بولدى،
ھەقىقەت ئۇچۇن توغرا ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟
6471 ئەمانەت ئاتى بار، قانى قىلداچى؟
نەسھەت سۆزى بار، قانى تۇتتاچى؟
ئامانەتنىڭ (پەقەت) نامىلا بار، (ئۇنىڭغا ئەمەل) قىلغۇچى
قېنى؟ نەسھەت دېگەن سۆزلا بار، ئۇنى تۇتقۇچىلار قېنى؟
6472 قانى ئەمرۇ مەئرۇف قىلىغلى كىشى؟
قانى نەھيۇ مۇنكەر تىدىغلى كىشى؟
ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى كىشىلەر قېنى؟
يامانلىقتىن، خاتالىقلاردىن توسقۇچى كىشىلەر قېنى؟
6473 ساتىغچى كۆتۈردى ئەمانەتلەرىن،
بۇ ئۇزلار كۆتۈردى نەسھەتلەرىن.
سودىگەرلەر ئامانەت (مەجبۇرىيىتىنى) ئۇنتۇدى،
ھۈنەرۋەن ئۇستىلار نەسھەتلىرىدىن ۋاز كەچتى.
6474 بىلىكلىگ كۆنى سۆزلەيۇمەز سۆزىن،
تىشىدە ئۇۋۇت كەتتى، ئۆرتمەز يۈزىن.

بىلىملىكلەر سۆزلىرىنى توغرا سۆزلىمەيدىغان بولدى،
خوتۇنلاردىن هايا كۆتۈرۈلدى، يۈزىنى ياپمايدىغان بولدى.

6475 كۆنى باردى، كەلدى نەچە ئەگرىلىك،
قانى، قالمادى بىر كىشى تەڭرىلىك؟
توغرىلىق يوقالدى، ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى،
قېنى، بىرەر خۇداگۇي كىشى قالمىدىغۇ؟

6476 كىشى بارچا يارماق قۇلى بولدىلار،
كۈمۈش كىمدە ئەرسە بويۇن بەردىلەر.
كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى،
كىمدە كۈمۈش بولسا، (شۇنىڭغا) باش ئەگدى.

6477 جەمائەت كۆپ ئەردى، بۇ مەسجىدلەر ئاز،
قالىن بولدى مەسجىد، جەمائەتلەر ئاز.
جامائەت كۆپ، مەسچىتلەر ئاز ئىدى،
مەسچىتلەر كۆپەيدى ـ يۇ، جامائەتلەر ئاز قالدى.

6478 نەگۇ تەر ئەشتكىل ساقىنۇق كىشى،
كۆڭۈلگە ئالىن سەن، ئاي ئەدگۇ باشى:
تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇنى كۆڭلۈڭدە تۇت، ئەي ياخشىلارنىڭ باشچىسى:

6479 «قانى بىر كۆنىلىك قىلىغلى قانى؟
قانى تەڭرىلىك ئىش يورىغلى قانى؟
«بىرەر توغرا (ئىش) قىلغۇچى قېنى؟
بىرەر خۇدالىق ئىشقا ماڭغۇچى قېنى؟

6480 ئاژۇن بارچا پۈترۈ تۈگەل ئارتادى،
كۆرۈپ تاڭلاداچى قانى بىر مۇنى؟»
دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپى تامامەن بۇزۇلدى،
بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بىرەر كىشى بارمۇ؟»

6481 مۇسۇلمان قارىشتى، ئىچىن ئەت يەشۇر،
تۈگەل ئىنچكە تەگدى، بۇ كافىر ياتۇر.
مۇسۇلمانلار قارشىلاشتى، ئۆز ئىچىدە (بىر ـ بىرىنىڭ) گۆشىنى يېيىشمەكتە،
كاپىرلار بولسا، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياتماقتا.

6482 قاپۇش قارما بولدى مۇسۇلمان نەڭى،
قانى ئادرا تۇتغان هەرامىغ ئۆڭى؟
مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ دۇنياسى تالان ـ تاراج قىلىندى،
هارامنى (هالالدىن) پەرقلەندۇرىدىغان (كىشى) قېنى؟

6483 فەساد فىسق ئۇنى، كۆر، ئۇدىتماز كەچە،
قانى ئىلمۇ قۇرئان، ئۇنى ئاز، چەچە.
قارا، پىتنە ـ پاسات ئاۋازى كېچىچە ئۇخلاتمايدۇ،
ئىلىم ۋە قۇرئان ئاۋازى قېنى؟ بۇرادەر، بۇ بەك ئاز.

6484 كۆڭۇللەر قاتىغ بولدى، تىل يۇمشادى، C 384
كۆنىلىك ئۆزى باردى، قالدى يىدى.
كۆڭۇللەر قاتتىقلاشتى، تىل يۇمشىدى،
هەقىقەتنىڭ ئۆزى يوقاپ كەتتى، پۇرىقى قالدى.

6485 ئاتالىق قىلۇر، كۆر، ئاتاقا ئوغۇل،
ئوغۇل بەگ بولۇپ، كۆر، ئاتا بولدى قۇل.
نەزەر سال، ئاتىغا ئوغۇل ئاتىلىق قىلىدۇ،
قارىغىنا، ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا قۇل بولدى.

6486 تىرىگلىك قىسىلدى، ئۇزادى ساقىنچ،
بارۇ ئارتتى سۇقلۇق، قورادى سەۋىنچ.
هايات قىسىلدى، دەرد ـ ئەلەم ئۇزاردى،
ئاچ كۆزلۇك بارغانسېرى زورايدى، شادلىق خوراپ كەتتى.

6487 چىغاي، تۇل، يەتىمىگ سۇيۇرقاغلى يوق،
ئازۇن تەگشۇرۇلدى، تاڭىرقاغلى يوق.
كەمبەغەل، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەت قىلغۇچى يوق،
جاهان ئاستىن ـ ئۇستۇن بولۇپ كەتتى، ئەجەبلەنگۇچى يوق.

6488 ئەدى ياقشى ئايمىش بۆگۇ بىلكى كەڭ،
ئازۇنۇغ سىناغلى، ئاقى ئەلگى كەڭ:
دۇنيانى سىنىغان، سېخىي، قولى كەڭ،
بىلىمى چوڭقۇر دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقانىدى:

6489 «ئازۇن بولدى ئاخىر، تۆرۇ ئارتادى،
ئەسىزلەرىگ ئەدگۇ كۆرۇ ئارتادى.

«دۇنيا ئاخىرلاشتى، قانۇن بۇزۇلدى،
يامانلارنى كۆرۈپ، ياخشىلارمۇ ئاينىدى.

6490 ئۇقۇشلۇغ ئۇقار ئول، بىلىكلىگ بىلىر،
يىل، ئاي، كۈن كۈنگە بارۇ ئارتادى».
ئەقىللىك چۈشىنىدۇ، بىلىملىك بىلىدۇ،
يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى (دۇنيا) بارا ـ بارا بۇزۇلدى».

6491 ئوغۇل ـ قىز كەمىشتى ئاتا ھۇرمەتى،
سۆكۈش بولدى ئەرگە ئاۋۇچغا ئاتى.
ئوغۇل ـ قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى،
«قېرى» دېگەن نام كىشى ئۈچۈن ھاقارەت بولۇپ قالدى.

6492 قامۇغ تەگشۇرۇلدى، تۆرۈ ئۆڭدىلەر،
قارالى، ئۇرۇڭلى بىر ئۆك بولدىلار.
قانۇن ـ قائىدىلەر پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى،
ئاق بىلەن قارا ئارىلىشىپ كەتتى.

6493 بۇ بارچا ئۇلۇغ كۈن نىشانى تۇرۇر،
نىشانى كۆرۈنسە كەلىگلى كەلۇر.
بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر،
ئالامىتى كۆرۈنسە، كېلىدىغىنى كېلىدۇ.

6494 كۈدەزسۇ ئۇغان تەڭرى ئىمانىمىز،
كۆتۇرسۇ بۇ فىتنە، بەلا ئەسىز ئىز.
قۇدرەتلىك تەڭرىم ئىمانىمىزنى ساقلىسۇن،
بۇ پىتنە، بالا، يامانلىقلارنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرسۇن.

* * *

6495 يىل ئالتمش ئىكى ئەردى تۆرت يۈز بىلە،
بىتىيۇ تۈكەتتىم بۇ سۆز ئۇلگۈلە.
تۆت يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىل ئىدى،
بۇ سۆزلەرنى تاللاپ، يېزىپ تاماملىدىم.

6496 ئۆگۈم يەتمىشى سۆز بىتىدىم تۈگەل،
ئوقىغلى، ئۇقۇغلى ئۆزۈك ئۈلگى ئال.
ئەقلىم يەتكەنلا سۆزلەرنى تۈگەل يازدىم،
ئوقۇغان ۋە چۈشەنگەنلەر ئۆزى ئىبرەت ئالسۇن.

6497 قايۇ تۇرلۇگ ئەرسە يورىقىلىڭ، يولۇڭ،
ئايۇ بەردىم ئازراق، بەكۈتكىل ئۇلۇڭ
ئىش ـ ھەرىكىتىڭ، يولۇڭ قانداق بولۇشى كېرەك،
(بۇ ھەقتە) ئازراق سۆزلىدىم، ئاساسىڭنى بېكىتىۋال.

6498 بۇ ئول دىن يولى ھەم بۇ دۇنيا يولى،
بۇ يولچا يورى، يولدا ئازما ئۇلى.
بۇ يول — ھەم دىن يولى، ھەم دۇنيا يولىدۇر،
مۇشۇ يولدا ماڭغىن، بۇ ئاساسىي يولدىن ئازمىغىن!

6499 قالى دۇنيا قولسا يولى ئۇشئۇنۇ،
ئاباڭ ئۇقبى قولسا ئىزى ئۇشمۇنۇ.
ئەگەر(بۇ) دۇنيانى تىلىسەڭ، ئۇنىڭ يولى مۇشۇ،
ئەگەر ئاخىرەتنى تىلىسەڭ، ئۇنىڭ ئىزى مانا بۇ.

C 385 6500 ئۆزۈك قۇللۇقى قىل، بايات بەرگە كۈچ،
قايۇسىن تىلەسە تىلە، قىلما ئۇچ.
ئۆز بەندىلىكىڭنى قىل، خۇدا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ،
قايسىسىنى تىلىسەڭ تىلە، (پەقەت) ئۈچىنچى (بىر يولنى) ئىزدىمە.

6501 ئىلاھى، ئۆزۈم بۇ سۆزۈگ باشلادى،
تىلەكىم نە ئەردى بىلىرسەن ئىدى.
ئىلاھىم، ئۆزۈم بۇ سۆزنى باشلىدىم،
تىلىكىم نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسەن، ئەي ئىگەم!

6502 تىلەمەدىم ئۆزگە كۈ چاۋ، ئەدگۈ ئات،
كىشى ئاسغى قولدۇم، ئۆز ئەرسە يا يات.
ئۆزۈمگە شان ـ شۆھرەت، ياخشى نام تىلىمىدىم،
مەيلى ئۆز ياكى يات بولسۇن، كىشىلەرنىڭ پايدىسىنى تىلىدىم.

6503 ئوقىغلى ئوقىسا مەنى ئۇشگۇرۇپ،
دۇئا قىلغامۇ تەپ ماڭا بىر تۇرۇپ.

ئوقۇغانلار ئوقۇغانسېرى مېنى ئەسلەپ،
(ھەققىمگە) دۇئا قىلىپ قويارمىكىن، دەپ (ئويلىدىم).

6504 تىلەكىم بۇ ئەردى، ئۆمىنچىن بۇئوق،
ئوقىغلى ماڭا بىر دۇئا ئىدغائۇق.
تىلىكىم شۇ ئىدى، ئۈمىدىمۇ مۇشۇلا؛
ئوقۇغانلار ماڭا بىر دۇئا قىلىپ قويار، ئەلۋەتتە.

6505 تىلىم سۆزلەدى سۆز، بىتىدى ئەلىگ، A184
ئۆلۈر بۇ ئەلىگ، تىل، ئاي قىلقى سىلىگ.
تىلىم سۆزلىدى، قولۇم يازدى،
ئەي مۇلايىم بۇ قول ۋە تىل (بەربىر) ئۆلىدۇ!

6506 ئەلىگ، تىل نىشانى مۇنۇ بۇ بىتىك،
ساڭا قودتۇم ئەمدى بىتىپ، ئاي تەتىك.
مانا بۇ كىتاب قول ۋە تىلنىڭ نىشانىسىدۇر،
بۇنى يېزىپ، ئەمدى ساڭا قالدۇردۇم، ئەي زېرەك.

6507 ئۇنىتما مەنى، ئاي ئوقىغلى تىرىگ،
ئۆزۈم دۇنيا قودسا، تۆشەنسە يەرىگ.
(گەرچە) مەن دۇنيانى تاشلاپ، يەرنى تۆشەك قىلساممۇ،
مېنى ئۇنتۇما، ئەي تىرىك ئوقۇرمەن.

* * *

6508 ئايا مەڭۇ مۇڭسۇز ئىدىم سەن ئۇلۇغ،
سەنئۆك يارلىقاغىل بۇ مۇڭلۇغ قۇلۇغ.
ئەي، مەڭگۈ موھتاجسىز ئىگەم، سەن ئۇلۇغدۇرسەن،
بۇ موھتاج قۇلۇڭنى پەقەت سەنلا كەچۈرگىن.

6509 كۈرەمىش قۇل ئەردىم، يازۇقۇم تەلىم،
يازۇق يارلىقاغىل، سەنئۆكسەن ئىدىم.
ئاداشقان، گۇناھىم كۆپ بىر قۇل ئىدىم،
گۇناھىمنى كەچۈرگىن، سەنلا (مېنىڭ) ئىگەمسەن.

6510 قۇلۇڭ مەن، ئىدىم سەن، قۇل ئاتى قۇلئوق،
ئىدىم سەن، تۇزۇن سەن، ئىدىلىك قىلئوق.

مەن قۇلۇڭ، سەن ئىگەمسەن، قۇل ھامان قۇلدۇر،
ئىگەمسەن، ھىممىتىڭ بار، ماڭا ئىگىدارچىلىق قىل!

6511 قۇلۇڭ مەن، ئىدىم سەن ماڭا، ئاي غەفۇر،
مەنى يارلىقاغىل، يازۇقۇم كەچۈر.
ئەي ئەپۇ قىلغۇچى، مەن قۇلۇڭمەن، سەن ئىگەمسەن،
مېنى ئەپۇ قىلغىن، گۇناھىمنى كەچۈر!

6512 يەمە يارلىقاغىل قاموغ مۇئمىنىغ،
تۇغاردىن باتارقا تەگى، ئاي ئارىغ.
ئەي پاك (خۇدا)، يەنە شەرقتىن غەربكىچە
ھەممە مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىلغىن!

6513 ئوتۇنمەن، ئوتۇندىن ئوتۇنلۇق كەلىر،
تۇزۇن سەن، يازۇقۇم كەچۈر، ئاي بىلىر.
نادانمەن، نادانلاردىن نادانلىق سادىر بولىدۇ،
سەن پەزىلەتلىكسەن، گۇناھىمنى كەچۈر، ئەي بىلگۈچى.

6514 يىپاردىن يىپارئوق يىدىر ئول ئىدى،
پەلىددىن كەلىر ئول ئارىغسىز يىدى.
ئىپاردىن پەقەت ئىپار ھىدىلا پۇرايدۇ،
ئىپلاس (نەرسە) دىن ناپاك ھىد پۇرايدۇ.

6515 ئۇمىنچىم سەنئۆكسەن ماڭا، ئاي ئۇمىنچ،
ئۇمىنچ كەسمەگەيمەن ساڭا، ئاي ئۇمىنچ.
ئەي ئۇمىدىم، مەن ئۇچۇن پەقەت سەنلا ئۇمىد،
سەندىن ئۇمىد ئۈزمەيمەن، ھەي ئۇمىدا!

6516 يازۇقلۇغ قۇلۇڭمەن، قىلىنچىم جەفا،
ۋەفالىغ ئىدىمسەن، ماڭا قىل ۋەفا.
گۇناھكار قۇلۇڭمەن، قىلغانلىرىم جاپا،
ۋاپادار ئىگەمسەن، ماڭا قىل ۋاپا.

6517 جەفادىن جەفائوق كەلىر، ئاي ئىدىم، C386
ۋەفادا ۋەفادىن ئادىن بىلمەدىم.
ئەي ئىگەم، جاپادىن (پەقەت) جاپالا كېلىدۇ،
ۋاپادارلىقتا ۋاپادىن باشقىنى كۆرمىدىم.

6518 تۆزۈ يارلىقاغىل قامۇغ مۇئمىنىغ،
يازۇقۇم ئولارقا باغىشلا ئارىغ.
بارچە مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىل،
شۇلار قاتارىدا مېنىڭ گۇناھىمنىمۇ (كەچۈرگىن).

6519 تۇمەن مىڭ سەلامىم تەگۈر ساۋچىقا،
ئول ئەدگۈ قۇلاۋۇز كۆنى يولچىقا.
ياخشى يول كۆرسەتكۈچى، توغرا يولچى،
پەيغەمبىرىمگە تۇمەنمىڭ سالىمىمنى يەتكۈز.

6520 تۆزۈ تۆرت ئەشىگە مەنىگدىن سەلام،
تەگۈر، ئاي باياتىم، تۇتاشى ئۇلام.
(ئۇنىڭ) تۆت دوستىغا كەينى ـ كەينىدىن،
ئۈزۈكسىز سالىمىمنى يەتكۈز، ئەي خۇدا.

E

ئىلاۋىلەر

I

يىگىتلىككە ئاچىپ ئاۋۇچغالىقىن ئايۇر

يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قىرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

6521 يورىغلى بۇلىتتەك يىگىتلىكنى ئىدتىم،
تۇپى يەل كەچەرتەك تىرىگلىك تۇگەتتىم.
يىگىتلىكنى كېزىپ يۈرگەن بۇلۇتتەك ئۆتكۈزدۈم،
ھاياتىمنى ئۆتكۈنچى بوران ـ شامالدەك تۈگەتتىم.

6522 ئەسىزىم يىگىتلىك، ئەسىزىم يىگىتلىك،
تۇتا بىلمەدىم مەن، سەنى تەرك قاچتتىم.
ئىسىت يىگىتلىك، ئىسىت يىگىتلىك!
سېنى تۇتۇپ قالالمىدىم، تېز قاچۇرۇۋەتتىم.

6523 يانا كەلگىل ئەمدى، يىگىتلىك ماڭا سەن،
ئايادا تۇتايىن ئاغى، چۇز تۆشەتتىم.
(ئەي) يىگىتلىك، ماڭا يەنە (بىر قېتىم) كەلسەڭ،
ئالىقىنىمدا كۆتۈرۈپ، (تېگىمگە) تاۋار ـ دۇردۇن، تۆشەك سالاتتىم.

6524 ئەسىز، بۇ يىگىتلىك قانى، قانچا باردى؟
تىلەپ بۇلمادىم مەن نەچەمە تىلەتتىم.
ئەپسۇس، يىگىتلىك قېنى، قاياققا كەتتى؟
قانچە خالىساممۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم!

6525 تىرىگلىككە تاتغى، سۇچىگ جان سەۋىنچى
يىگىتلىكتەك ئەدگۇ يوق ئەرمىش، ئايىتتىم.
سورىسام، ھاياتنىڭ لەززىتى، شېرىن جاننىڭ شادلىقى ـ
يىگىتلىكتەك ياخشى (چاغ) يوق ئىكەن.

6526 كىچىگلىك تاتىغى، يىگىتلىك ئەرەژى،
يىتۇردۇم مەن ئەمدى، تۇتاردا كۆرەتتىم.
ياشلىقنىڭ لەززىتىنى، يىگىتلىكنىڭ راھىتىنى
ئەمدى يوقاتتىم، تۇتاي دېگەندە قاچۇرۇۋەتتىم.
6527 قارىلىقتا قور يوق، كۆنى تۇردۇم ئەرسە،
ياۋالىقا، ئەسىز، تىرىگلىكنى ئىدتىم.
ئەگەر توغرا (يولدا) ياشىسام ئىدىم، قېرىلىقنىڭ زىيىنى يوق (ئىدى)،
ئىسىت، ھاياتىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۈم.
6528 ئەسىركەپ ئاچىرمەن، ساڭا ئاي يىگىتلىك.
قامۇغ كۆركۈمى سەن يىراتىڭ، يىراتتىم.
ئەي يىگىتلىك، ئەپسۇس چېكىپ ساڭا ئىچىنىمەن،
پۈتۈن كۆركەملىكىمنى سەن ئېلىپ كەتتىڭ، (ئۆنى) يىراقلاشتۇردۇم.
6529 تەمام ئەرغۇۋانتەك قىزىل مەڭزىم ئەردى،
بۇ كۈن زەئفەران ئۆرغىن ئەڭدە تارىتتىم.
مەڭزىم ئارغۇۋاندەك قىپقىزىل ئىدى،
بۈگۈن يۈزۈمگە زەپىرەڭ ئۆرۈقنى تېرىدىم.
6530 يىپارسىغ قارا باشقا كافۇر ئاشۇدۇم،
تولۇنتەك تولۇ يۈز قايۇقا ئەلەتتىم.
ئىپاردەك قارا بېشىمغا كافۇر پۈركۈدۈم.
تولۇن (ئاي) دەك تولغان يۈزۈمنى قاياققا كەتكۈزدۈم؟
6531 يارۇق يازتەك ئەردىم، تۈمەن تۈ چەچەكلىگ،
خەزانىمۇ تۈشۈتتۈم، قامۇغنى قۇرىتتىم.
تۈمەن خىل گۈل ـ چېچەكلىك پارلاق باھاردەك ئىدىم،
خازانلىققا ئايلاندىم، ھەممىنى قۇرۇتۇۋەتتىم.
6532 قادىلىتەك بودۇم ئەردى، ئوقتەك كۆنى تۈز، C 387
ياتەك ئەگرى بولدى، ئەگىلدىم، تۆڭىتتىم.
قېيىندەك بويۇم ئوقتەك تۈپتۈز ئىدى،
(ئەمدى) يادەك ئەگرى بولدى، ئېگىلدىم، مۈكچەيدىم.
6533 ياۋا قىلدىم، ئەسىز، تىرىگلىك ئاۋىنچىن،
ئۆكۈنچ بىرلە كۆزدە قانىن ياش ئاقىتتىم.

ئىسسىت، هاياتىمنى هەۋەس بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزدۇم،
(ئەمدى) پۇشايمان بىلەن قان، ياش ئاققۇزماقتىمەن!

كىچىگلىك كەچۈردۈم، يىگىتلىك يىتۈردۈم، 6534
كۈنۈم چەلىلەدىم، ئۆزۈمنى چۆكىتتىم.
ياشلىقىمنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، يىگىتلىكنى يوقاتتىم،
كۈنلىرىمنى بۇلغىدىم، ئۆزۈمنى چۆكتۈردۈم.

يەمەك ـ ئىچمەك ئەرسە، يەدىم ـ ئىچتىم ئۈدتەك، 6535
تىلەك سۈرمەك ئەرسە، تۈمەن توغ توزىتتىم.
يېمەك ـ ئىچمەكنى خۇددى كالىدەك يەپ ـ ئىچتىم،
ئارزۇ ـ تىلەكنى قوغلىشىپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈردۈم.

نەچە قۇشقا، ئاۋقا ئاۋىندىم، سەۋىندىم، 6536
ئۈچار قۇشتەك ئارقۇن ئاغىمدا كۈرەتتىم.
قانچىلىغان قۇشقا، ئوۋغا ھېرىس بولدۇم، سۆيۈندۈم،
ئۇچار قۇشتەك ئارغىماقنى مىنىپ چاپتۇردۇم.

ئاداش، قولداشىمقا سەۋۈگ جانتەك ئەردىم، 6537
ياغىم بولدى ئەرسە، توسۇنتەك سۈچىتتىم.
دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە سۆيۈملۈك جاندەك ئىدىم،
دۈشمىنىم بولغان بولسا، توسۇن (ئاتتەك) ئۈركۈتەتتىم.

سەرە سۆكتۈم ئەمدى نەچە يالڭۇقۇغ مەن، 6538
يازۇقسۇزقا يارلىغ، ئەلىگ، تىل ئۈزارتتىم.
قانچىلىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ سۆكتۈم،
گۇناھسىزلارغا ھۆكۈم قىلدىم، قول ئۇزارتتىم، تىل تەگكۈزدۈم.

كۆكۈز كەردىم ئانچا ياغى سانچمىش ئەرتەك، 6539
كۈۋەزتەك كۈر ئەرىپ، قاياتەك قادتىتىم.
دۈشمەننى يەڭگەن پالۋاندەك خېلى كۆكرەك كەردىم،
ئۆزۈمنى مەغرۇر تۇتۇپ، تىك چوققىدەك غادايدىم.

ئىچىپ ياتمىش ئەرتەك ئۈدىپ ئودلۇ كەلدىم، 6540
ئۆزۈم يولدا ئازمىش، باياتقا ئۈيادتىم.
ئىچىپ ياتقان ئادەمدەك ئۇخلاپ، (ئەمدى) ئويغاندىم،
(قارىسام) يولدىن ئازغانىكەنمەن، خۇدادىن ئۇيالدىم.

6541 بايات تاپغى قالدى، كىشى تاپغى قىلدىم،
ئاژۇن تەگرە يۈگرە، ئۆزۈمنى كۈرەتتىم.
خۇدانىڭ ئىبادىتىنى قويۇپ، بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم،
دۇنيا قوغلىشىپ يۈگۈرۈپ، ئۆزۈمنى ھارغۇزدۇم.

6542 تىلەك ئارزۇ بىرلە يۈگۈردۈم نەچە مەن،
قۇتۇرمىش بۆرىتەك ئاژۇننى ئۈلىتتىم.
ئارزۇ ـ تىلەك ئۈچۈن قانچىلاپ يۈگۈردۈم،
قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ھۇۋلاتتىم.

6543 كىشىگ تۇتتۇم، ئالدىم كۈچۈن يارماقىن مەن،
كىمىگ سەردىم، ئەردىم، كىمىمە ئاچىتتىم.
كىشىلەرنى تۇتۇپ، زورلۇق بىلەن پۇلىنى ئالدىم.
كىملەرگىدۇر غەزەپ قىلدىم، كايىدىم، كىملەرنىدۇر رەنجىتتىم.

6544 ماڭا رەببىم ئايسا، نەلۈك قىلدىڭ ئانداغ؟
نەگۈ تىلداغىم بار، ئۈۋۈتقا تۈشىقتىم.
مەندىن رەببىم «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىسا،
قانداق باھانەم بار؟ ئۇياتلىق (ھالغا) چۈشتۈم.

6545 قايۇ تەلۋە قىلقى بولۇر مۇندا تەترۇ،
كەچەر كۈنگە ئاۋنىپ تىرىگلىكنى ئىدتىم.
قايسى تەلۋىنىڭ قىلىقى بۇنىڭدىن بەتتەر بولغان؟
ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەپ، ھاياتنى ئۆتكۈزدۈم.

6546 سەۋىنچ كەچتى، ئەمگەك يەمە كەچگەي ئەردى،
ياۋا بولدى كۈن، ئاي، ئۆكۈنچكە باسىقتىم.
شادلىق ئۆتۈپ كەتكىنىدەك، مۇشەققەتمۇ ئۆتۈپ كەتسە ئىدى.
كۈن، ئايلار بىھۇدە بولدى، پۇشايمانغا غەرق بولدۇم.

6547 تۇتايىن يا كىسرا، يا قەيسەرچە بولدۇم،
يا شەددادۇ ئادتەك تاقى ئۇچماق ئەتتىم.
ئويلاپ باقسام، كىسرادەك[1] ياكى قەيسەردەك[2] بوپتىمەن،
ياكى شەددات ۋە ئاددەك جەننەت ياساپتىمەن.

---

① كىسرا — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى شاھلىرىنىڭ لەقىمى.
② قەيسەر — رىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

6548 ئاژۇن پۇترۇ تۇتتۇم سىكەندەر تۇتارچا،
تۇگەل نۇھ ياشىن مەن ياشادىم، ياشاتتىم.
دۇنيانى گويا ئىسكەندەر تۇتقاندەك تۇتتۇم،
(گويا) نۇھ يېشىنى ياشىغاندەك ياشىدىم.

6549 ئۆزۇم ھەيدەر ئەرسە ياشىنتەك قىلىچلىغ، C 388
يا رۇستەملەيۇ مەن ئاژۇندا چاۋىقتىم.
ئۆزۇم (گويا) چاقماقتەك قىلىچ تۇتقان ھەيدەر[1] بولدۇم،
ياكى رۇستەمچە جاھاندا داڭ چىقاردىم.

6550 يا ئىيسا بولۇپ كۆككە ئاغدىم تاقى مەن،
يا نۇشىنرەۋەنتەك تۆرۇ تۈز يورتتىم.
يەنە مەن (گويا) ئېيسا بولۇپ ئاسمانغا ئۆرلىدىم،
ياكى نۇشىرۋاندەك[2] توغرا قانۇن يۈرگۈزدۇم.

6551 يا گەنچىم تۇگەل بولدى قارۇن نەڭىتەك،
يا ئەسھابى رەستەك تەمۇر كەند توقىتتىم.
قارۇننىڭ مال ـ دۇنياسىدەك بايلىقىم تولۇق بولدى،
ياكى ئەسھابى رەستەك[3] تۆمۈر شەھەر بەرپا قىلدىم.

6552 نەگۇ ئاسغى ئاخىر يانىش يەرگە بولدى،
تۇرۇ قالدى دۇنيا، ئىكى بۆز ئەلەتتىم.
ئاخىر تۇپراققا قايتتىم، بولارنىڭ پايدىسى نېمە؟
دۇنيا قېپقالدى، ئىككى بۆز بىلەن كەتتىم.

6553 يالىڭ كەلدىم ئەردى، يالىڭ كىرگۇ يەرگە،
نەلۇك دۇنياقا ئۆزنى مۇنچا ئىستتىم؟
يالىڭاچ كەلگەنىدىم، يەرگىمۇ يالىڭاچ كىرىشىم كېرەك،
نېمە ئۈچۈن دۇنياغا ئۆزۈمنى مۇنچىۋالا ئۇرۇپ كەتتىم؟

6554 كەچەر دۇنيا كەچتى تۇپى يەل كەچەرتەك،
كەچەر دۇنياقا ئۆز ئۇسالىن باستتىم.

---

① تۆت چاريارنىڭ بىرى ــ ئەلىنىڭ سۇپەتلەش نامى.

② نوشىرۋان ــ (ئانۇشىرۋان) ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى شاھلىرىدىن بىرى. داستانلاردا ئادىل شاھ سۇپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

③ ئەسھابى رەس ــ ئەپسانىلەردە تەسۋىرلەنگەن، شەھەر ياساتقان چوڭ باي.

ئۆتكۈنچى دۇنيا بوراندەك، شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى،
ئۆتكۈنچى دۇنياغا غاپىللىقىمدىن بېرىلدىم.

6555 تىرىگلىككە ئاسىغى قانى ئەدگۈ قىلقىم؟
تىرىگلىكتە تارلاغ قايۇ يەرگە ئەكتىم؟
هاياتقا پايدىلىق (بولغان) ياخشى ئىشلىرىم قېنى؟
تىرىكلىكىمدە تېرىغان ئېتىزىم قېنى؟

6556 نەگۇ ئەكتىم ئەرسە، ئانى ئورغۇ ئاخىر،
نەگۇ ئوردۇم ئەرسە، ئانىن ئۆز سۇچىتتىم.
نېمە تېرىغان بولسام، ئاخىر شۇنى ئورۇدۇم،
نېمە ئورۇغان بولسام، ئۆزۈم شۇنى تېتىدىم.

6557 يىگىتلىكنى ئىدتىم، قارىلىققا تەگدىم،
يانا يانغىل ئەمدى، نەگۇ سۆز تاغىتتىم.
يىگىتلىكنى ئۆتكۈزدۇم، قېرىلىققا يەتتىم،
نېمە ئۈچۈن سۆزۈمنى چېچىۋەتتىم؟ ئەمدى توۋا قىلىمەن.

6558 ئۇزۇن تۇنلە ياتما، ئىدىگە تاپىن سەن،
ئودۇن، يىغلا تىنما، يازۇققا باسىتتىم.
ئۇزۇن تۈنلەردە ياتما، ئىگەڭگە تائەت ـ ئىبادەت قىل،
ئويغان، تىنماي يىغلا، گۇناهلار (تېگىدە) بېسىلىپ قالدىم.

6559 يىلان، قۇرت، قوڭۇز يەمى ئۆز ئىگدىلەيۇ،
بۇ نىئمەت بىلە مەن نەگۇكە ئىگىدتىم؟
يىلان، قۇرت ـ قوڭغۇز يېمى بولىدىغان جاننى بېقىپ،
(هەر خىل) نېمەتلەر بىلەن نېمە ئۈچۈن پەرۋىش قىلدىم؟

6560 ئايا ئۇسرىق ئۆز، سەن ئودۇن، يىغلا، تىنما،
باياتقا تاپۇغ قىل، يوق ئەرسە يوقادتىم.
ئەي ئۇخلىغان ۋۇجۇد، سەن ئويغان، تىنماي يىغلا،
خۇداغا ئىبادەت قىل، ئۇنداق قىلمىساڭ، يوقالغىنىڭ شۇ!

6561 قارىلىق قاۋۇردى، يىگىتلىك يىرادى،
تاتىغ باردى، بارغۇ ئۇدۇ يول كۆنىتتىم.
قېرىلىق چاڭگىلىغا ئالدى، يىگىتلىك يىراقلاشتى،
لەززەت كەتتى، ئەمدى بارىدىغان ئۇدۇل يولنى تاپتىم.

6562 ئەدى كەچكى دۇنيا ئۆكۇش ئاردى خەلقىغ،
قايۇسىندا مەنمەن نە مۇنچا سەۋىتتىم؟
بەك كونا دۇنيا خەلقنى كۆپ ئالدىدى،
مەن قايسىسىغا (كىرىمەن)، نېمىشقا (دۇنيانى شۇنچە) سۆيگەندىمەن؟

6563 يا رەب، ئودغۇرۇ بەر مەنى، ئاي ئىدىم سەن،
سۇرە ئىدماغىل، مەن كۆڭۈلنى ئارىتتىم.
يا رەببىم، مېنى ئويغاتقىن، سەن ئىگەمسەن،
مېنى (دەرگاھىڭدىن) قوغلىما، دىلىمنى پاكلىدىم.

6564 سەنئۆكسەن يازۇق يارلىقاغلى ئىدىم بىر،
سۇيۇرقا مەنى سەن، يازۇقۇم ئۇنىتتىم.
گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى ئىگەم يالغۇز ئۆزۈڭسەن،
مېنى ئەپۇ قىل، گۇناھلىرىمنى ئۇنتۇدۇم.

II

ئۆدلەك ئارتاقىن، دوستلار جەفاسىن ئايۇر

زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى ھەققىدە

6565 تۇرايى، بارايى، ئاژۇنۇغ كەزەيى، C 389
ۋەفالىغ كىم ئەركى، ئاژۇندا تىلەيى.
(ئەمدى) ئورنۇمدىن تۇرۇپ (ھەر تەرەپكە) بېرىپ، جاھاننى كېزەي،
دۇنيادا ۋاپادار كىم ئىكەن، (ئۇنى) ئىزدەيمەن.

6566 كىشى قىزلىقى بولدى، قايدا تىلەگۈ،
تىلەپ بۇلغۇ ئەرسە، تىلەيۇ كۆرەيى.
ئادەم قىسلىقى باشلاندى، (ئۇنى) قەيەردىن ئىزدەي،
ئىزدەپ تاپقىلى بولسا، ئىزدەپ كۆرەيمەن.

6567 قامۇغ ئارزۇ بۇلدۇم، كىشى بۇلمادىم مەن،
قالى بۇلسا ئارزۇم، يۇزىگە باقايى.
ھەممە ئارزۇلارغا يېتىشتىم، (لېكىن چىن) ئادەمنى تاپالمىدىم،
ئەگەر (بۇ) ئارزۇغىمۇ يېتىشسەم، چىرايىغا باقاي.

6568 ۋەفا قەھتى بولدى، جەفا تولدى دۇنيا،
ۋەفا كىمدە ئەركى، مەن ئازراق قولايى.
ۋاپا قەھەتچىلىكى بولدى، دۇنيا جاپا بىلەن تولدى،
كىمدە ۋاپا بار ئىكەن؟ ئازراق سوراپ باقاي.

6569 ئاباڭ بۇلسا مەن بىر جەفالىغ ئاقى ئەر،
ئەگىنگە يۇدەيى، كۆزۈمگە ئۇرايى.
ئەگەر مەن بىرەر ۋاپادار، سېخىي ئادەمنى تاپسام،
يەلكەمدە كۆتۈرەي، كۆزۈمگە سۈرتەي.

6570 قالى بۇلماسا مەن ۋەفا بىرلە يالڭۇق،
كەيىك تاغى بىرلە تىرىگلىك قىلايى.

ئەگەر مەن ۋاپادار ئىنساننى تاپالمىسام،
ياۋايى كېيىك بىلەن بىللە هايات كەچۈرەي.

6571 يەگۈم ئوت كۆكى بولسۇ، ياغمۇر سۇۋى تاپ،
ئەدىز قۇم تۈنەيى، تاغار تون كەدەيى.
يېمىكىم ئوت ـ چۆپ يىلتىزى، (ئىچىشىم) يامغۇر سۈيى بولسا بەس،
دەشت ـ باياۋاندا تۈنەپ، تاغاردىن تون كىيەي.

6572 يا ۋەهشى بولۇپ مەن بىيابىاندا يۈگرۈ،
كىشىدە يىرايى، ئاژۇندا يىتەيى.
يا ۋەهشىي بولۇپ، مەن باياۋاندا يۈگۈرۈپ،
كىشىلەردىن يىراقلىشىپ، بۇ دۇنيادىن يوقىلاي!

6573 تاقى بولماز ئەرسە، ئاژۇن بارچا قودتۇم،
ئۆگۈزتەك ئاقايى، تۈپىتەك تۇغايى.
بۇمۇ بولمايدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيانى تاشلاپ،
دەريادەك ئاقايمەن، قۇيۇندەك ئۆرلەي.

6574 ئىدىم، مۇڭقا تەگدىم، ۋەفاسىزقا تۇشتۇم،
ۋەفالىغ كىم ئەركى، سەۋۈگ جان بەرەيى.
ئەي ئىگەم، موهتاجلىققا چۈشتۈم، ۋاپاسىزغا يولۇقتۇم،
ۋاپادار كىم ئىكەن، سۆيۈملۈك جېنىمنى بېرەي.

6575 ئاتى قالدى يالڭۇق، كىشى قىلقى باردى،
بۇ قىلق قانچا باردى، ئۇدۇ مەن بارايى.
«ئىنسان» دېگەن نام قالدى، كىشىلەرنىڭ ياخشى قىلىقى تۈگىدى،
بۇ قىلىق قاياققا كەتتى، مەنمۇ ئارقىسىدىن باراي.

6576 باغىرساق كىشى يوق ئاژۇندا تىلەدىم،
باغىرسىزقا كۆڭلۈم نەگۈتەك ئۇلايى.
دۇنيانى ئىزدەپ قارىسام، مېهرىبان كىشى يوق،
مېهرىسىزغا كۆڭلۈمنى قانداقمۇ باغلاي؟

6577 كىمى ئۆزگە كۆزتەك ياقىن تۇتتۇم ئەرسە،
ياغى چىقتى يەكتەك، يەكىگ نە قىلايى.
كىمنى ئۆزۈمگە كۆز (قارىچۇقۇم) دەك يېقىن تۇتقان بولسام،
شەيتاندەك دۈشمەن بولۇپ چىقتى، شەيتاننى نېمە قىلاي؟

6578 كىمى سەۋدىم ئەرسە سەۋۈگ جانچا تۇتتۇم،
جەفا كەلدى ئاندىن، كىمى مەت سەۋەيى.
كىمنى ياخشى كۆرۈپ، سۆيۈملۈك تۇتقان بولسام،
ئۇنىڭدىن جاپا كەلدى، ئەمدى كىمنىمۇ سۆيەي؟

6579 كىشى كۆڭلى بىلگۇ تانۇق ئەردى تىل ـ سۆز،
كۆڭۈل، تىل ئالا بولدى، كىمگە پۇتەيى؟
كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىلىشتە گەپ سۆزى گۇۋاھ ئىدى،
كۆڭلى، تىلى ئالا بولدى، (ئەمدى) كىمگە ئىشىنەي؟!

6580 بۇ كۈن مۇندا مەنچە كىمى ئەش قىلايى،
يا كىمگە پۇتەيى، كىمى دوست تۇتايى؟
بۈگۈن بۇ يەردە ئۆزۈمگە كىمنى ھەمراھ قىلىمەن،
يا كىمگە ئىشىنىمەن ياكى كىمنى دوست تۇتىمەن؟

6581 كۆڭۈل كىمگە بەرگۇ، مۇڭۇم كىمگە ئايغۇ، C 390
مۇڭادتىم مەن ئەمدى، بىر ئازراق ئايايى.
كۆڭلۈمنى كىمگە بېرىمەن، مۇڭۇمنى كىمگە ئېيتىمەن؟
مەن ئەمدى مۇڭلاندىم، ئاز ـ تولا گەپ ئاچاي:

6582 ئاداش، قولداشىمدا ئۇمىنچ بىلمەدىم مەن،
قاداش قىلقى ياتتەك، نەگۇتەك ئاچايى.
دوست ـ بۇرادەرلىرىمدە ئۇمىد، ۋاپا كۆرمىدىم،
قېرىنداشلار قىلمىشى يات كەبى بولدى، ئاڭا قانداق سىر بېرەي؟

6583 ئاباڭ ئاندقا ئەرسە ئەمىنلىك، پۇتۇنلۇك،
بۇ ئاند تۇتغۇچى كىم؟ ئانى ئەر ئاتايى.
ئەگەر ئىشەنچ، چىنلىق قەسەمگە بولسا،
قەسىمدە تۇرغۇچى كىم؟ ئۇنى مەرد ئەر ھېسابلاي!

6584 تۇز ـ ئەتمەك ھەقى تەپ كۇدەزىگلى بارمۇ،
كۈمۈش، گەۋھەر ـ ئالتۇن بىلە مەن قالايى.
«نان تۇزنىڭ ھەققى»، دەپ رىئايە قىلغۇچى بارمۇ،
ئەگەر بولسا، ئۇنى مەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر بىلەن كۆمۈۋېتەي!

6585 قانى قوشنى، ئاشنى سەۋىنچ قادغۇقا ئەش؟
قامۇغۇم بەرەيى، مەن ئەۋدىن چىقايى.

شادلىق، قايغۇغا شېرىك بولىدىغان قوشنا ـ قۇلۇم قەيەردە،
ھەممە نەرسەمنى ئاڭا بېرىپ، مەن ئۆيۈمدىن چىقاي.

6586 ئاداش، قولداشىم تەپ ئىناچ بولداچى كىم،
ئانى بەگ قىلىپ مەن ئۆزۈم قۇل بولايى.

دوست ـ بۇرادىرىم دەپ ئىشەنگۈدەك كىم بار؟
مەن ئۇنى بەگ قىلىپ، ئۆزۈم ئاڭا قۇل بولاي.

6587 كىشى بۇلمادىم مەن مۇڭادۇرما يالڭۇز،
ساقىنچىن سىزار مەن سەۋىنچىن كۇلەيى.

مەن چىن ئادەم تاپالماي، يالغۇز مۇڭلىنىپ قالدىم،
غەم بىلەن تۇگەپ كېتىۋاتىمەن، مەنمۇ بىر خۇشال بولاي.

6588 نەلۇك ئارتادى خەلق، نەگۇ ئۆڭدى قودتى،
قايۇ ئۆدگە تۇشتۇم، يا قايدا تۇرايى.

خەلق نېمىشقا بۇزۇلدى، نېمە ئۇچۇن ياخشى ئادەتلىرىنى تاشلىدى؟
قانداق زامانغا دۇچ كەلدىم، ئەمدى نەگە باراي؟

6589 ئازۇ تەلۋە، مۇندۇزمۇ بولدۇم، يا مۇندۇم،
نەگۇ سۆزلەدىم مەن، ئايۇ بەر ئۇقايى.

تەلۋە، ساراڭ بولدۇممۇ، يا ئەقلىدىن ئازدىممۇ،
نېمىلەرنى سۆزلىدىم، ئېيتىپ بەرگىن، بىر ئۇقاي.

6590 يا سەۋدا كۇچەدىپ، مەڭىم ئارتادى ئول،
كۆزۈمگەمۇ كۆرنۇر، ئۆزۈم ھەب ئىچەيى.

ياكى سەپرا كۇچىيىپ، مېڭەم ئاينىپ قالدىمۇ؟
كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىمۇ، مەن بىر دورا ئىچەي.

6591 ماڭائوقمۇ تۇشتى بۇ ياڭلىغ كىشىلەر،
ئازۇ مەنمۇ تەترۇ كىشى، مەن يانايى.

بۇ خىلدىكى كىشىلەر ماڭىلا ئۇچرامدۇ؟
ياكى مەن بىر تەتۇر كىشىمۇ، ئۇنداق بولسا قايتاي.

6592 ئەسىزىم، ئەسىزىم، قانى ئول كىشىلەر،
ۋەفا ئاتى قودتى ئاژۇندا، ئۆگەيى.

ئەپسۇس، ئەپسۇس، قېنى ئۇ كىشىلەر،
ۋاپا نامىنى دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلەر، ئۇنى ماختاي!

6593 بۇ كۈن كۆرسە ئەردى بۇ ئۆڭدى، تۆرۈ، قىلىق،
ئۇلار قودمىش ئەرسە، سەۋىنچلىگ بولايى.
بۇ قائىدە، قانۇن، قىلىقلارنى بۇگۈن كۆرسەم ئىدى،
بۇنى ئۇلار قالدۇرغان بولسا ئىدى، مەنمۇ خۇشال بولاتتىم!

6594 يوق ئەرسە ئايۇ بەرسۇ ئۆڭدى، تۆرۈ، قىلىق،
تۇزۇن تۆرگە كەچسۇ، ئوتۇنۇغ سۇرەيى.
ئۇنداق بولمىسا قائىدە، قانۇن، قىلىقلارنى ئېيتىپ بەرسۇن،
مۇلايىملار تۆرگە چىقسۇن، يامانلارنى سۇرۇپ قوغلاي.

6595 قامۇغ ئەدگۇ باردى، تۆرۈ ئۆڭدى، ئەلتتى،
كىشى سوڭى قالدى، نە ئەدگۇ بۇلايى.
ھەممە ياخشىلىق كېتىپ قالدى، قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئېلىپ كەتتى،
كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى قالدى، ياخشىنى قانداق تاپاي؟

6596 بۇ بود سىن يورىغلى كىشى ئەرسە بارچا،
فەرىشتەمۇ ئەردى ئۇلار، نە بىلەيى.
بوي ـ قەددىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم بولسا،
بۇرۇنقىلار پەرىشتەمىدى، بۇنى نەدىن بىلەي؟

6597 ئۇلار باردى قالدىم، بۇلارنى بىلە مەن،
نەگۈتەك يورىيى، نە قىلقىن يارايى.
ئۇلار كەتتى، مەن بۇلار بىلەن قالدىم.
(ئەمدى) قانداق ھەرىكەت قىلاي، قانداق چىقىشاي؟

6598 نەچە سۆزلەسە مەن تۇگەمەز تاقى سۆز، C 391
بۇ مۇنچا تاپ ئەمدى، سۆزۈڭ نە بارايى.
قانچىلىك سۆزلىسەممۇ سۆزۈم يەنە تۈگىمەيدۇ،
ئەمدى شۇنچىلىكى بەس، سۆزۈڭ بارمۇ؟ مەن كېتەي.

6599 ماڭا مۇندا يەگرەك ئادىن بۇلمادىم مەن،
ئۇلۇش كەند قودايى، كىشىدە يىرايى.
ئۆزۈم ئۈچۈن بۇ يەردە ياخشىراق نەرسە تاپالمىدىم.
شەھەر، كەنتنى تاشلاپ، كىشىلەردىن يىراقلىشاي.

6600 ئاتىم بىلمەسۇنلەر، مەنى كۆرمەسۇنلەر،
تىلەپ بۇلماسۇنلار، سۆزۈمنى كەسەيى.

نامىمنىمۇ بىلمىسۇن، ئۆزۈمنىمۇ كۆرمىسۇن،
ئىزدەپمۇ تاپالمىسۇن، سۆزلىرىمنى تۈگىتەي.

6601 چادانتەك تىكەرلەر چىبۇنتەك سورارلار،
كۆپەكتەك ئۈرەرلەر، قايۇسىن ئۈرايى.

چاياندەك چاقىدۇ، چىۋىندەك شورايدۇ،
ئىتتەك هاۋشىيدۇ، قايسىبىرىنى ئۇراي؟

6602 ئۆلىندىم مەن ئەمدى، ئوتۇنلارقا تۈشتۈم،
ئۆكۈنچ بىرلە تۈن كۈن نەچە يۈك يۈدەيى.

يامانلار ئارىسىغا چۈشۈپ، ئەمدى پەرياد چەكتىم.
پۇشايمان بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بارلىق ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەي!

6603 جەفا جەۋرى بارى ماڭا تەگمەسۈنى،
ئوتۇن بىفالاردىن سىڭاردىن بولايى.

جەبىر ـ جاپانىڭ هەممىسى ماڭا كەلمىسۇن،
قوپال، بىۋاپالاردىن چەترەكتە يۈرەي.

6604 ئىلاهى، رۇزى قىل سەۋۈگ ساۋچى يۈزىن،
يەمە تۆرت ئەشىنىڭ يۈزىنى كۆزەيى.

ئىلاهىم، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمنىڭ يۈزىنى (كۆرۈشكە)
نېسىپ قىل، يەنە تۆت چارىيارنىڭ يۈزىنى كۆرەي!

III

كىتاب ئىدىسى يۈسۈف ئۇلۇغ ھاجىب ئۆزىڭە پەند بەرۈر

كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتى

6605 بىلىك بىل، ئۆزۈڭكە ئورۇن قىل تۆرە،
بىلىك بىلسە، ئۆزگە ئەدى بەرك تۇرا.
بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن جاي ھازىرلا،
بىلىم بىلىش ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت قورغاندۇر.

6606 بىلىكسىز يۈرەك، تىل نەگۈگە يارار،
بىلىك بىرلە سۇۋتەك قامۇغقا يارا.
بىلىمسىز يۈرىكىڭ، تىلىڭ نېمىگە يارايدۇ؟
بىلىم بىلەن ھەممە كىشىگە سۇدەك پايدىلىق بول.

6607 نەچە بىلدىڭ ئەرسە تاقى بىر تىلە،
بىلىكلى تەگىر، كۆر، تىلەككە سورا.
قانچىلىك بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن، ئىزدەن.
قارا، بىلىملىك سورا ـ سورا تىلىكىگە يېتىدۇ.

6608 بىلىرمەن تەسە سەن، بىلىكدىن يىراق،
بىلىكسىزگە ساندىڭ بىلىكلى ئارا.
«بىلىمەن» دېسەڭ، سەن تېخى بىلىمدىن يىراق،
بىلىملىكلەر ئارىسىدا بىلىمسىز ھېسابلىنىسەن.

6609 بىلىك بىر تەڭىز ئول ئۈچى يوق تۈپى،
نەچە سۈۋ كۆتۈرگەي سەمۈرگۈك سورا؟
بىلىم تۈۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر،
سۈندۈك ئۈنىڭدىن قانچىلىك سۈنى شوراپ ئالالايدۇ؟

6610 بۇ بىلكىڭ بىلە ئۆز باشىڭ تەزگىنۈر،
بىلۈمەز ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدە يىرا.

بۏ بىلىمنىڭ بىلەنلا بېشىڭ ئۆزۏڭنىڭ بولىدۏ،
بىلمەيدىغان ئۆزۏڭنى ئۆزۏڭدىن يىراقلاشتۏر.

6611 بىلىك بىل، كىشى بول، بەدۏتكىل ئۆزۏڭ،
يا يىلقى ئاتانغىل، كىشىدە يىرا.
بىلىم ئۆگەن، ھەقىقىي ئادەم بول، ئۆزۏڭنى يۏكسەلدۏر،
ياكى ھايۋان ئاتىلىپ، كىشىلەردىن يىراقلاشقىن.

6612 بىلىكلىگ يازىلماز، ساقىنچىن تۏگۆك،
بىلىكسىز سەۋىنچىن كۏلەر قاتغۏرا.
بىلىملىك (نىڭ كۆڭلى) ئېچىلمايدۏ، خىيالچان يۏرىدۏ،
بىلىمسىز خۏشال يۏرۏپ قاقاھلاپ كۏلىدۏ.

6613 بىلىك بىلسە قادغۏن قالى قاتغۏرار،
بىلىكسىز، سىغۏن سەن، ئاغىناپ يورا.
بىلىم بىلسە ئۏي - غەم ئىچىدە قانداقمۏ قاقاھلاپ كۏلىدۏ؟
ئەي بىلىمسىز، سەن بۏغىدەك سەكرەپ يۏرسەن!

6614 بىلىكلىگ كىشەلدى، تۏرۏپ يۏگرۏمەز،
بىلىكسىز يورىر، كۆر، تىلەكىن سۏرە.
بىلىملىك كىشەنلەنگەندۏر، خالىغىنچە يۏگۏرەلمەيدۏ،
قارا، بىلىمسىز ئارزۏ قوغلىشىپ توختىماي يۏگۏرەيدۏ.

6615 ئاي بىلگە، كىشەلدىڭ، بىلىكسىز يورىر، C 392
بىلىكسىز كىشەلسە كىشەنىن بۏرا.
ئەي ئالىم، سەن كىشەنلەندىڭ، بىلىمسىز مېڭىۋېرىدۏ،
بىلىمسىز كىشەنلەنسە، كىشىنىنى بۏراپ چىڭىتقىن.

6616 ئەلىگ سۏندۏم ئۏشمەن بىلىكنى تىلەپ،
سۆزۏگ سۆزگە تىزدىم، شاشۏردۏم ئۏرا.
مانا، مەن بىلىم ئىزدەپ قول سوزدۏم،
سۆزنى سۆزگە تىزىپ، رەتلىك قۏر تۏزدۏم.

6617 كەيىك تاغى كۆردۏم بۏ تۏركچە سۆزۏگ،
ئانى ئاقرۏ تۏتتۏم، ياقۏردۏم ئارا.
بۏ تۏركچە سۆزنى تاغ كېيىكىدەك ھېسابلىدىم،
ئۏنى ئاۋايلاپ تۏتۏپ، ئاستا كۆندۏردۏم.

6618 سىقادىم، سەۋىتتىم، كۆڭۈل بەردى تەرك،
تاقىما بەلىگلەر بىرەردە يەرە.
سىلىدىم، ئەركىلەتتىم، تېز كۆڭۈل بەردى،
شۇنداقتىمۇ، بەزىدە ئۈركۈپ كېتىدۇ.

6619 سۇنۇپ تۇتمىشىمچا ئەدەردىم سۆزۈگ،
كەلۇ بەردى ئۆترۇ يىپارى بۇرا.
تۇتالىغىنىمچە سۆزنى ئەگەشتۇردۇم،
ئاخىر ئىپار ھىدى كېلىشكە باشلىدى.

6620 كۆنى سۆزلەدىم سۆز ئىرىك ھەم ئاچىغ،
كۆنى سۆزنى يۇدكەن ئۇقۇشلۇغ ئەرە.
سۆزنى توغرا سۆزلىدىم، ئۇ قوپال ۋە ئاچچىق،
توغرا سۆزنى كۆتۈرەلىگەن كىشى ئەقىللىك ئەردۇر.

6621 ئوقۇغلىقا ئارتۇق ئاغىر كەلمەسۇن، A185
ئۆزۈم ئۇزرى قولدۇم ئاچا ھەم يورا.
ئوقۇغانلارغا ئارتۇق ئېغىر كەلمىسۇن دەپ،
ئۇلاردىن ئوچۇق - يورۇق ئۆزرە سورىدىم.

6622 كۆنى سۆزدە تاشتىن سۆزۈگ سۆز تەمە،
كۆنى ئەگرى فەرقى ئۇرۇگلى قارا.
توغرا سۆزدىن باشقا سۆزنى سۆز دېمە،
توغرا بىلەن ئەگرىنىڭ پەرقى ئاق بىلەن قارىنىڭ پەرقىدۇر.

6623 يىل ئالتمىش ئىككى ئەردى تۆرت يۈز بىلە،
بۇ سۆز سۆزلەدىم مەن تۇتۇپ جان سۇرە.
تۆت يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىل ئىدى[1]
مەن يۈرەك قېنىم بىلەن بۇ سۆزنى سۆزلىدىم.

6624 تۇگەل ئون سەكىز ئايدا ئايدىم بۇ سۆز،
ئۆدۇردۇم، ئادىردىم، سۆز ئەۋدىپ تەرە.
بۇ سۆزلەرنى ئون سەككىز ئايدا سۆزلەپ تۈگەتتىم،
سۆزلەرنى تاللاپ، ئايرىپ، تېرىپ رەتلىدىم.

---

① بۇ ھىجرىيە يىلى، مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

6625 يادىم تۇ چەچەكتەك يىدى كىن بۇرار،
ئۆتۈنۈدۇم مەن ئەتنۇ تۇگەتتىم تۇرا.
ھۇپپىدە ئېچىلغان چېچەكتەك خۇش پۇراق تارقىتىدۇ دەپ،
مەن تەييارلىنىپ ھېكايە قىلدىم، يەكۇنلەپ تۇگەتتىم.
6626 سۆزۈگ كىم تۇگەتۇر نەچە سۆزلەسە،
ئاقا تىنماز ئەرتەر بۇلاقلار ئارا.
قانچىلىك سۆزلىسىمۇ، كىم سۆزنى تۇگىتەلەيدۇ؟
(چۈنكى) سۆز بۇلاقتەك تىنماي ئېقىپ تۇرىدۇ.
6627 ئاي يۇسۇف، كەرەك سۆزنى سۆزلە كۆنى،
كەرەكسىز سۆزۈگ كىزلە، قىلغا قورا.
ئەي يۇسۇپ، كېرەكلىك سۆزنى توغرا سۆزلە،
كېرەكسىز سۆزلەرنى يوشۇرغىن، زىيان قىلىدۇ.
6628 ئۆكۈش سۆزلەدىڭ سۆز، سۆۋى بارماسۇن،
ئۆكۈش سۆزگە يالقار بۇ يالڭۇق ئەرە.
سۆزنى كۆپ سۆزلىدىڭ، تەمى كەتمىسۇن.
ئادەم كۆپ سۆزدىن زېرىكىپ بېزىدۇ.
6629 ئىنانچسىز ئاژۇن قىلقى ئەرسەل، يايىغ،
ئۇقۇشلۇغ ئۆزىندىن يىراق تۇر يىرا.
ئىشەنچسىز دۇنيانىڭ پەيلى جاپا ھەم ۋاپاسىزلىقتۇر،
ئەقىللىكلەر ئۇنى ئۆزىدىن چەتلەشتۈرىدۇ، يىراق تۇرىدۇ.
6630 سەن ئەمدى ياپۇشتۇڭ بۇ دۇنياقا بەرك،
قاتىغلان، كۆڭۈل مۇندىن ئۇزگىل بۇرا.
سەن بولساڭ بۇ دۇنياغا بەك يېپىشتىڭ،
غەيرەت قىلىپ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈڭنى ئۈز، يۈز ئۆرۈگىن.
6631 ئەمىن بولما دۇنياقا، ئارتۇق ئەمىن،
باياتقا سىغىنغىل قاتىغ يالۋارا.
بۇ دۇنياغا ئىشەنمە، (زادى) ئىشەنمە،
قاتتىق يالۋۇرۇپ خۇداغا سىغىن.
6632 ئۆكۈش خەلقنى ئىدتى بۇ ئەرسەل ئاژۇن،
كۆنى يولدا ئازدى كىشى كەد كۆرە.

C –

بۇ بىۋاپا دۇنيا نۇرغۇن خەلقنى تاشلىدى،
نى ـ نى كىشىلەر يولدىن ئېزىپ كەتتى.

6633 ساڭاما ئەتىندى بەزەنىپ كۈلەر،
ئايى سەۋمە ئازراققىنا قاتغۇرا.
ئەمدى ساڭىمۇ تەييارلاندى، جىلۋىلىنىپ كۈلىدۇ،
سەنمۇ سۆيمىگىن، ئاز كۈلگىن.

6634 نەچە دۇنيا يەگلى ئاژۇن بەگلەرى،
ئۆلۈم تۇتتى، باردى كۆزى تەلمىرە.
نى ـ نى مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان دۇنيا بەگلىرى
ئۆلۈم (ياقىسىدىن) تۇتقاندا، كۆزلىرى تەلمۈرۈپ (ئۆلۈپ) كەتتى.

6635 يىگىتلىك ياۋا بولدى، ئەسىز كۈنۈم،
تۆگەر بۇ تىرىگلىك ئۆكۈن، قادغۇرا.
يىگىتلىك بىھۇدە ئۆتتى، ئىسىت (ياشلىق) كۈنلىرىم،
بۇ ھايات ئۆكۈنۈش ـ قايغۇ بىلەن تۈگەيدۇ.

6636 نەچە مىڭ ياشاسا ئاخىر ئۆلگۈلۈگ،
نەچە تەرسە دۇنيا قالىر ئارقارا.
نەچچە مىڭ (يىل) ياشىسىمۇ ئاخىر ئۆلۈم بار،
قانچىلىك دۇنيا توپلىسىمۇ، ئارقىدا قالىدۇ.

6637 ساڭائوق سىغىندىم بايات، سەن كۈدەز،
بۇ غەفلەت ئۇسىندىن مەنى ئودغۇرا.
ساڭىلا سىغىندىم، خۇدا (ئۆزۈڭ) ساقلا،
بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن (مېنى) ئويغاتقىن.

6638 ئۇۋۇتسۇز قۇلۇڭمەن، يازۇقۇم تەلىم،
تۇزۇنلۇك سەنىڭدىن كەلۈر بەلگۈرە.
ئۇياتسىز قۇلۇڭمەن، گۇناھلىرىم كۆپ،
روشەنكى، رەھىم ـ شەپقەت سېنىڭ (قولۇڭدىن) كېلىدۇ.

6639 ساڭا يازدى، سەندىن كۈرەدى ئۆزۈم،
بۇ كۈن سىغنۇ كەلدىم، ساڭا يالۋارا.
ساڭا گۇناھكار بولدۇم، سېنىڭدىن قاچتىم،
بۈگۈن ساڭا سىغىنىپ، يالۋۇرۇپ كەلدىم.

6640 نەگۉگە ئٮناندٮڭ، ئايا مۉڭلۉغ ئۆز،
قايۉقا تاياندٮڭ كۆرۉر كۆز كۆرە.
ئەي موهتاج ۋۉجۉد، نٮمٮگە ئٮشەندٮڭ؟
كۆز كۆرۉپ تۉرۉپ، نٮمٮگە تاياندٮڭ؟

6641 يولۉڭ تۉزگٮل ئەمدى، يورٮقٮن كۆنى.
ئۆزۉڭ ئٮككى ئاژۉندا بۉلغٮل تۆرە.
ئەمدى يولۉڭنى توغرٮلا، هەرٮكٮتٮڭنى تۉزەت،
ئۆزۉڭ ئٮككٮلا دۉنيادا تۆردٮن ئورۉن ئال.

6642 سەۋٮنچٮن سۉزۉلمٮش بۉ دۉنيا پۉتۉن،
مۉنى قود، تاقى بٮر ئاژۉنقا كۆرە.
بۉ دۉنيا پۉتۉنلەي هەۋەس بٮلەن تولغان،
بۉنى تاشلا، يەنە بٮر دۉنياغا ئٮنتٮلگٮن.

6643 تٮلٮڭ تٮد، بوغۉز يٮغ، ئۉدٮما ئۆكۉش،
كۆزۉڭ يۉم، قۉلاق تۉ، بەر ئٮنچٮن تۉرا.
تٮلٮڭنى تٮي، گٮلٮڭنى يٮغ، كۆپ ئۉخلٮما،
كۆزۉڭنى يۉم، قۉلٮقٮڭنى ئەت، خاتٮرجەم تۉرٮسەن.

6644 يا رەب يارلٮقاغٮل قامۉغ مۉئمٮنٮغ،
تەلٮم رەهمەتٮڭدٮن تۉگەل تۉرغۉرا.
ئەي رەببٮم، هەممە مۆمٮنلەرنى ئەپۉ قٮلغٮن،
هٮسابسٮز رەهمٮتٮڭدٮن (هەممٮنى) تۉگەل بەهرٮمەن قٮل.

6645 تەگۉر ساۋچٮمٮزقا تۉمەن مٮڭ سەلام،
تۆزۉ تۆرت ئەشٮڭە تاقى ئەرتۉرە.
پەيغەمبٮرٮمٮزگە تۉمەنمٮڭ سالام يەتكۉز،
تۆت چاريارغٮمۉ (كۆپ سالام) يوللا.

سۆزلۈك

ئا

ئابا	ئادەم، ئىنسان.
ئاباڭ	ئەگەر، مۇبادا، گەرچە.
ئابىد	(ئە) ئابىت، ئىبادەت قىلغۇچى، تېۋىنغۇچى.
ئاپ	«مۇ» سوراق قوشۇمچىسى.
ئات	ئات. (ھايۋان)
ئات	ئات، ئىسىم.
ئات-	ئاتماق، تاشلىماق.
ئاتا	ئاتا، دادا.
ئاتا-	ئاتىماق، ئات بەرمەك.
ئاتاغ	ئاتاق، لەقەم؛ قاراڭ: ئاياغ.
ئاتالىق	دادىسى بار، ئاتىلىق.
ئاتان-	ئاتالماق، نام ئالماق.
ئاتلان-	ئاتلانماق، ئاتقا مىنمەك.
ئاتىق-	نام قازانماق، ئېتى تارالماق.
ئاتىق	ئازاد قىلغۇچى. (ساھابىلەردىن ئابابەكرى سىدىقنىڭ لەقىمى)
ئاتىم	مەرگەن، قەھرىمان، جەسۇر.
ئاجىز	(ئە) ئاجىز، زەئىپ، ئىقتىدارسىز.
ئاچ	ئاچ، ئاچ كۆز، تويماس.
ئاچ-	ئاچماق، ئىزاھلىماق، چۈشەندۈرمەك.
ئاچ	قارنى ئاچماق، ئېچىرقىماق.
ئاچلىق	ئاچلىق، ئاچارچىلىق.
ئاچى-	ئېچىنماق، ئازابلانماق، پۇشايمان قىلماق.
ئاچىت-	رەنجىتىش، ئازار بېرىش، سۇر كۆرسىتىش.

ئاچىغ ئاچچىق، تۇزلۇق، شورلۇق.
ئاچىغ ئېھسان، ئىلتىپات، كۆيۈنۈش.
ئاچىل- ئېچىلماق، ئايدىڭلاشماق.
ئاچىن- ئېچىنماق، ئېھسان قىلماق، ياردەم قىلماق.
ئاچۇ ئاتا، پەدەر. (تەڭرىگە خىتاب)
ئاچۇر- ئاچ قويۇش. (ئاچۇرغۇ)
ئاچۇق ئوچۇق، ئېنىق، روشەن.
ئاخسۇملا- (مەستلىكتە) جاڭجاللاشماق.
ئاخىر (ئە) ئاخىر، ئاقىۋەت، ناھايەت.
ئاد (ئە) قەبىلە نامى. (شەددادۇئاد)
ئاداش دوستلاشماق.
ئاداش- ئاداش، دوست.
ئاداق ئاياغ، پۇت.
ئاداقشۇ بىرلىكتە، بىللە.
ئادەمى (ئە) ئادەم، كىشى، ئىنسان.
ئادرىل- ئايرىلماق.
ئادرۇق پەرق، پەرقلىق.
ئادغىر ئايغىر.
ئادناغۇ باشقا ، ئۆزگە، يات.
ئادىر- ئايرىماق، ئېدىتلىماق، پارلىماق.
ئادىرت پەرق، ئوخشىماسلىق.
ئادىش ئالماشتۇرماق. (پۇتنى ئالماپ ئولتۇرۇش)
ئادىغ ئېيىق.
ئادىغلا- ئېيىقلانماق، ئېيىق تۇسىگە كىرمەك.
ئادىل- ھوشىغا كەلمەك، مەستلىكتىن يېشىلمەك، سەگەكلەشمەك.
ئادىن باشقا، بۆلەك، غەيرىي، ئايرىم.
ئادىنسىغ باشقىچىرەك، ئايرىمراق، ئۆزگىچە.
ئادىنە (ئە) ئادىنە، جۈمە كۈنى.
ئار- ئالدىماق، ئازدۇرماق.
ئار- ھارماق، چارچىماق.

ئارا	بەزەن، بەزىدە، گاھى.
ئارا	ئارا، ئارىسىدا.
ئاراستە	(پ) بېزەش، زىننەتلەش.
ئارپا	ئارپا.
ئارت	تاغ ئۆتكىلى، داۋان.
ئارت-	ئارتماق، ئاشماق، كۆپەيمەك.
ئارتل-	سوزۇلماق، خاراب بولماق.
ئارتات-	بۇزماق، خاراب قىلماق.
ئارتاق	بۇزۇق، يامان.
ئارتلا-	تارتىپ ئالماق.
ئارتۇت	ھەدىيە، مەرھەمەت.
ئارتۇر-	ئارتۇرماق، كۆپەيتمەك.
ئارتۇق	ئارتۇق، كۆپ، زىيادە؛ بەكمۇ.
ئارتۇقلۇق	ئارتۇقلۇق، ئاشۇرماق.
ئارزۇ	(پ) ئارزۇ، ئىستەك، تىلەك.
ئارزۇ ـ تىلەك	ئۇتارىت، مېركۇرىي يۇلتۇزى.
ئارسلان	ئارسلان، شىر.
ئارسلان	ئارسلان بۇرجى.
ئارسلانلايۇ	ئارسلاندەك.
ئارسىق-	ئالدالماق، ئالدىماق.
ئارغۇر-	ئورۇقلىتىش، زەئىپلەشتۇرۇش.
ئارقا	ئارقا، ئارقا تەرەپ.
ئارقا	ياردەمچى، ئارقا تىرەك، يۆلەنچۈك.
ئارقىش	كارۋان.
ئارقۇق	جاھىل، تەرسالىق.
ئارقۇن	بىر خىل نەسىللىك ئات، ئەرەب ئارغىمىقى.
ئارىغ	پاك، پاكىز.
ئارىغلىق	پاكلىق، پاكىزلىق.
ئارىي-	تازىلانماق، پاكىزلانماق.
ئاز	ئاز. (كۆپ ئەمەس)

ئاز- ئازماق، ئاداشماق، يولدىن چىقماق.
ئازاد (پ) ئازاد، ئەركىن.
ئازاق ناتونۇش، ئازغۇچى، ئازغاق.
ئازغان ئازغان. (ئازغان ئوتى)
ئازغىر قايتماس، قەيسەر.
ئازلا- ئاز كۆرمەك.
ئازلىق ئاز، كەم.
ئازىت- ئېزىتماق، يولدىن چىقارماق.
ئازىغلىغ قايتماس، قەيسەر، جەسۇر.
ئازۇ ياكى، ۋە.
ئازۇق ئوزۇق، ئوزۇق - تۈلۈك، يېمەك - ئىچمەك.
ئازۇق ئازغۇن، يولدىن ئازغان.
ئاژۇن دۇنيا.
ئاژۇنچى ھۆكۈمدار، ئەل باشقۇرغۇچى.
ئاژۇنلۇق دۇنياۋى، دۇنياغا ئائىت.
ئاس سۆسەر.
ئاسان (پ) ئاسان، ئوڭاي.
ئاست ئاستى، تۆۋەن.
ئاسراقى خادىملىرى، قول ئاستىدىكىلەر.
ئاسىغ پايدا، مەنپەئەت، نەپ.
ئاسىغچى نەپ بەرگۈچى، تاپاۋەتچى.
ئاش ئاش، تاماق، يېمەكلىك، زىياپەت.
ئاش- ئاشماق، (داۋان ئاشماق)
ئاشا غىزالانماق، تاماق يېمەك.
ئاشچى ئاشپەز، ئاش - تاماق باشقۇرغۇچى.
ئاشرۇ ئاشۇرۇپ، بەك، ئالاھىدە.
ئاشلىغ باغلىق، مۇناسىۋەتلىك.
ئاشنى قوشنا - قولۇم.
ئاشنۇ ئاۋۋال، بالدۇر، بۇرۇن.
ئاشنۇقى بۇرۇنقى، ئاۋۋالقى.

ئاشۇ- پۈركۈمەك. (ئىپار پۈركۈمەك)

ئاشۇر- ئاشماق، ۋۇجۇدقا چىقماق.

ئاشۇندۇر- سالامغا جاۋاب بەرمەك.

ئاغ تۇزاق، تور، كۈشەندە، توسالغۇ.

ئاغ- يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، چىقماق، يۈكسەلمەك.

ئاغرى- رەنجىمەك، (كۆڭۈل) ئاغرىماق.

ئاغرىغ ئاغرىق، كېسەللىك، ساقسىزلىق.

ئاغرۇ ئېغىرلاشماق، يامانلاشماق.

ئاغرۇق گال غېمى، يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجى.

ئاغى خەزىنە.

ئاغىت- تەرك ئەتمەك، قويۇپ بەرمەك.

ئاغىچى خەزىنىدار، خەزىنە ساقلىغۇچى.

ئاغىر① ئېغىر، مۇشەققەتلىك.

ئاغىر② قەدىرلىك، قىممەتلىك.

ئاغىرلىق قەدىر - قىممەت، ھۆرمەت، ئىكرام.

ئاغىز ئېغىز.

ئاغىش- ئۆرلىمەك، يۈكسەلمەك، يۇقىرىغا چىقماق.

ئاغىن كېكەچ، تىلسىز.

ئاغىن- ئېچىنماق.

ئاغۇ ئوغا، زەھەر.

ئافىيەت (ئە) سالامەتلىك، ساغلاملىق.

ئاق- ئاقماق، ئېقىپ تۇرماق.

ئاقرۇ ئاستا، ئېھتىيات بىلەن.

ئاقساق ئاقساق، چولاق.

ئاقى سېخىي، مەرد، قولى ئوچۇق.

ئاقىبەت (ئە) ئاقىۋەت، ئاخىرقىسى.

ئاقىت- ئېقىتماق.

ئاقىلىق سېخىيلىق، مەردلىك.

ئاقىن ئېقىن، سەل.

ئاقۇر ئوقۇر.

ئاڭ- ئاڭلىماق، دىققەت قىلماق.
ئاڭا ھاڭۋېقىپ.
ئاڭا ئۇ، ئۇنىڭغا.
ئاڭار ئۇ، ئۇنىڭغا.
ئال① ھىيلە، نەيرەڭ.
ئال② تۇم قىزىل رەڭ.
ئال- ئالماق.
ئالا ئالا. (تىلى ئالا)
ئالپ قەھرىمان، جەسۇر، باتۇر.
ئالتمىش ئاتمىش.
ئالتىن تۆۋەن، پەس.
ئالتۇن ئالتۇن.
ئالچاق كەمتەر، مۇلايىم.
ئالچى ھىيلىگەر، ئالدامچى.
ئالسىق- قولدىن كەتكۈزمەك، يوقاتماق.
ئالق- مەھرۇم بولماق، خاراب بولماق.
ئالقا ئالقىشلىماق، مەدھىيەلىمەك.
ئالقىن- تۈگىمەك، يوق بولماق.
ئالىش ئېلىم - بېرىم قىلماق. تىجارەت قىلماق.
ئالىق ئارزۇ، ھەۋەس.
ئالىق ئېلىم، ئېلىش.
ئالەم (ئە) ئالەم، كائىنات.
ئالىم ئېلىم، ئېلىش.
ئالىم (ئە) ئالىم، بىلىمدار.
ئام (ئە) ئاۋام خەلق، ئاھالە.
ئامرۇن خاتىرجەملىنىش، تىنچ - ئاسايىشلىق، راھەتلىنىش.
ئامىل (ئە) ھۇنەر، كەسىپ.
ئامۇل ئاستا، ياۋاش، خاتىرجەم.
ئانا ئانا، ئاپا.
ئاند قەسەم، ئىشەنچ.

ئانداغ ئۇنداق، شۇنداق.
ئانسىز ئۇنىڭسىز.
ئانلار ئۇلار.
ئانلايۇ شۇنداق، ئەينەن.
ئانى ئۇنى.
ئانۇت- ھازىرلاندۇرماق.
ئانۇق ھازىر، تەييار.
ئانۇقلا- ھازىرلا، تەييارلا.
ئانۇن- ھازىرلانماق، تەييارلانماق، تەق تۇرماق.
ئاۋ ئوۋ، ئولجا، تورغا چۈشۈرمەك، قولغا چۈشەرمەك.
ئاۋ- توپلانماق، ھەممىسى تەل بولماق.
ئاۋاغ- نازلىنىش، نېزىقاش.
ئاۋچى ئوۋچى.
ئاۋۇت بىر ئوچۇم.
ئاۋۇچ بىر ئوچۇم.
ئاۋۇچغا قېرى، ياشانغان.
ئاۋۇرتا ئېمىكئانا.
ئاۋچغا قېرى، ياشانغان.
ئاۋىن- ئاۋۇنماق، شادلانماق، ھۇزۇرلانماق.
ئاۋىنچ شاد ـ خۇراملىق، ھۇزۇر، ھالاۋەت.
ئاي ئاي، قەمەر (ئاسماندىكى ئاي).
ئاي ئاي، ئوتتۇز كۈن.
ئاي ئەي، (خىتاب).
ئاي- ئېيتماق، گەپ قىلماق، سۆزلىمەك.
ئايتولدى ئايتولدى، (ئىسىم)، تولۇن ئاي.
ئايا قاراڭ: ئاي، ئەي. (خىتاب)
ئايا ئوچۇم، ئالىقان، بىر تۇتام.
ئايا ـ ئايىماق.
ئايات (ئە) ئايەتلەر. (قۇرئان ئايەتلىرى)
ئاياغ ئۇنۋان، نام، ئاتاغ، شۆھرەت.

ئاياق | ئاياق، قاچا ـ قومۇچ، تاۋاق.
ئايتىغ | سوئال، سوراق.
ئايلىق | ئايلىق، (بىرنەچچە ئايلىق)
ئايى | ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك.
ئايىت- | سورىماق، سوئال بەرمەك.
ئايىغ | يامان، ۋاپاسىز.
ئايىغلا- | يامانلىماق.
ئايىن- | ئەيمەنمەك.
ئايىڭلا- | سەتلەشتۈرمەك.
ئايۇق | كۆك ئايۇق — مويسىپىت.

ئە

ئەبدال | (ئە) ئابدال، دەرۋىش، قەلەندەر.
ئەبۋاب | (ئە) بابلار.
ئەبىر | (ئە) ئەنبەر.
ئەت | ئەت، گۆش.
ئەت ئۆز | بەدەن، ۋۇجۇد، تەن.
ئەتا | (ئە) ئاتا قىلىش، ھەدىيە.
ئەتچى | قاساپ؛ جەبرائىل، جان ئالغۇچى.
ئەتمەك | ئەتمەك، نان.
ئەتىگ | ھازىرلىق، تەييارلىق.
ئەتىل- | تەييارلانماق.
ئەتۈكچى | ئۆتۈكچى، موزدۇز.
ئەتەك | ئېتەك.
ئەجەب | (ئە) ئەجەب، تەئەججۇپ، ھەيرانلىق.
ئەجەل | (ئە) ئەجەل، ئۆمۈرنىڭ ئاخىرى.
ئەد | بايلىق، تاۋار، دۇردۇن، ياسداق ئېگىن.
ئەدگۈ | ئەزگۈ، ياخشى، ئوبدان، ئېسىل.
ئەدگۈلۈك | ياخشىلىق، ئەزگۈلۈك.

ئەدگۈلەش قەدىرلەش، ياخشىلىق قىلىش.

ئەدلە- ھۆرمەتلىمەك، ئەھمىيەت بەرمەك، تەسىر قىلماق.

ئەدىز ئېگىز، يۈكسەك، يۇقىرى.

ئەدىزلىك يۈكسەكلىك.

ئەدىك تۈزۈلۈش، ياخشىلىنىش.

ئەدىل (ئە) ئادالەت، توغرىلىق.

ئەدەب (ئە) ئەدەپ، ئەخلاق، ھايا.

ئەدەبۈلمۈلۈك (ئە) شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى. (چىنلىقلارنىڭ كىتابىنى ئاتىشى)

ئەدەد (ئە) سان، ھېساب. (ئەدەت جەزرە، ئالگېبرا)

ئەدەر ئېگەر، ئات ئېگىرى.

ئەدەر- ئىزدىمەك، ئىز قوغلىماق.

ئەدەرتچى ئىز قوغلىغۇچى.

ئەر ئەر، ئەر كىشى، ئادەم.

ئەر- ئىدى، بولماق، ئىكەن.

ئەر- يۈز ئۆرۈمەك، ئايرىلماق.

ئەربۈز جەسۇر. (قاپلان)

ئەرت- ھەددىدىن ئاشماق، چېكىدىن چىقماق.

ئەرتۈر يەتكۈزمەك.

ئەرتە سەھەر، ئەتىگەن، ساباھ.

ئەردىنى مەرۋايىت.

ئەردەش ئاداش، ئاغىنە، دوست، يار ـ بۇرادەر.

ئەردەم ئەردەم، پەزىلەت، ياخشىلىق، ساخاۋەت.

ئەرسىگ يىگىت، مەرد، جەسۇر، باتۇر.

ئەرسەل تۇراقسىز.

ئەرسەللىك تۇراقسىزلىق.

ئەرش (ئە) ئەرش. ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتى.

ئەرغۇۋان (پ) ئەرغۇۋان چېچەكى، قىزىل رەڭ.

ئەرك كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ھەممىگە قادىر.

ئەركسىزلىك ئەركسىز، كۈچسىز.

ئەركى (شۈبھە ئىپادىلەيدىغان سۆز) مىكىن.

ئەركى	ئەرتە.
ئەركىل-	توپلانماق، يىغىلماق.
ئەركەش	سەركە.
ئەركەك	ئەركەك، ئەر.
ئەرلىك	مەردلىك، ئەركەكلىك.
ئەرنەك	بارماق، قولنىڭ بارمىقى.
ئەري	ئېرىمەك.
ئەرىك	ئويلاش، خىيالغا چۆممەك.
ئەرىگ	پەند ـ نەسىھەت، نەسىھەت، دەۋەت.
ئەرىگ	غەيرەتلىك، قۇدرەتلىك.
ئەرىل-	كېمەيمەك، كىچىكلىمەك.
ئەرىنچ	ئەلۋەتتە، شۇنداق.
ئەرىنچ	پالاكەت، بەختسىزلىك، مۇشەققەت.
ئەرىنچىگ	يېقىمسىز، يىرگىنچلىك.
ئەرۇك	بوشلۇق، تۆشۈك.
ئەرۇكلۇك	چۇشكۇنلۇك، ئىختىلاپ.
ئەرەبچە	(ئە) ئەرەبچە.
ئەرەژ	راھەت، پاراغەت، ھۇزۇر.
ئەرەژلەن	راھەتلەنمەك، ھۇزۇرلانماق.
ئەرەن	ئەرەن، ئەرلەر، ئىنسانلار.
ئەرەنتىر	جەۋزا بۇرجى. (تارازى بۇرجى)
ئەزاب	(ئە) ئازاب.
ئەزغاش	(ئە) قالايمىقان.
ئەزىز	(ئە) ئەزىز، قىممەتلىك، قەدىرلىك.
ئەزەل	(ئە) ئەزەل.
ئەس-	ئەسمەك، (شامال) چىقماق.
ئەس-	تاشلىماق، ۋاز كەچمەك، ئازايتماق.
ئەسباب	(ئە) سەۋەبلەر، شەرتلەر.
ئەسرى	قاپلان.
ئەسرۇك	مەست، كەيپ.

ئەسكى كونا، قەدىناس.

ئەسلى (ئە) ئېسىل، ئەسلى ياخشى.

ئەسىر (ئە) ئەسىر، تۇتقۇن، قۇل ـ دېدەك.

ئەسىر (ئە) ئالىي، يۇقىرى، ئېگىز، ئاسمان.

ئەسىركە- ئايىماق، ئىچ ئاغرىتماق.

ئەسىز پالاكەت، يامان، ئەسكى.

ئەسىزلىك يامانلىق.

ئەسىل ئەسلى، نەسەبى، ئاساسى.

ئەسىن شامال.

ئەسهابى رەسىت (ئە) ئەپسانىلەردىكى شەھەر ياسىغان كىشى.

ئەسۇر- مەست بولماق، كەيپ بولماق.

ئەسۇرت مەست قىلماق، كەيپ قىلماق.

ئەسەن ساق ـ سالامەت، ئامان ـ ئېسەن، ساغلام.

ئەسەنلەش- ۋىدالاشماق، خوشلاشماق، سالاملاشماق.

ئەش ھەمراھ، ئەل ـ ئاغىنە.

ئەشئار (ئە) شېئىرلار.

ئەشتۇر- ئاڭلاتماق، خەۋەر بەرمەك.

ئەشلىك ھەمراھلىق، بۇرادەرلىك.

ئەشىت ئىشىت، ئاڭلا.

ئەشىت- ئىشىتمەك، تىڭشىماق، ئاڭلىماق.

ئەشىمسىن- ھەمراھىم دەپ بىل.

ئەشۇ ئۈستىنى ياپماق، كۆممەك.

ئەشۇك پەردە، يېپىنچا.

ئەشۇن پەردە.

ئەفراسياب (پ) تۈركىي تىللىق خەلقلەر «ئالپ ئەرتوڭا» دەپ ئاتايدىغان ئەپسانىۋى قەھ-رىمان.

ئەفسۇنچى (پ) ئەپسۇنچى، سېھىرباز.

ئەقىل (ئە) ئەقىل.

ئەك- تىكمەك، تېرىماق.

ئەكچەك قان ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

ئەكسۇ ـ ئۆكسۈمەك، كېمەيمەك.
ئەكسۈك كېمەيگەن، ئۆكسۈگەن.
ئەگـ ئەگمەك.
ئەگەر (پ) ئەگەر، مۇبادا.
ئەگرى ئەگرى، تۈز ئەمەس.
ئەگرىلىك ئەگرىلىك.
ئەگىلـ ئېگىلمەك، يۈكۈنمەك، مۈكچەيمەك.
ئەگىن ئېگىن، كىيىم ـ كېچەك، يېپىنچا.
ئەڭ ئەڭ، ناھايىتى، تېخىمۇ. (كۈچلەندۈرۈش)
ئەڭ ھەيران بولماق، تاڭ قالماق.
ئەڭـ يۈز، چىراي، ھۆسن، مەڭز.
ئەل ئەل، مەملىكەت، ئۆلكە.
ئەل قول.
ئەلتـ يوقاتماق، كەتكۈزمەك.
ئەلتكۈچى يەتكۈزگۈچى.
ئەلتىشـ ئەپلىشىش، ئەپلەشمەك.
ئەلچى ئەلچى، ئەل باشقۇرغۇچى، ئەلنىڭ بېشى.
ئەللەشـ سۈلھى تۈزمەك، ئەللەشمەك.
ئەلى (ئە) ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ. (ساھەبە)
ئەلىك ئىلىك، كېيىك.
ئەلىگ ئەللىك (50).
ئەلىگ ئەلىگ، پادىشاھ، ھاكىم.
ئېلىگ قول.
ئېلىگلەشـ قول ئېلىشماق.
ئەلەتـ ئەۋەتمەك، ئېلىپ بارماق.
ئەلەم (ئە) ئەلەم، بايراق.
ئەلەيك (ئە) ساغىمۇ بولسۇن. (سالام قايتۇرۇش)
ئەلەيھىسسالام (ئە) ئۇنىڭغا بولسۇن سالام.
ئەلەۋى (ئە) پەيغەمبەر ئەۋلادى. (يەنى ئەلى، فاتىمە نەسلىدىن بولغانلار)
ئەم داۋا، داۋالاش.

ئەمارەت (ئە) ئەمىرلىك، شاھ، پادشاھ.

ئەمان (ئە) ئامانلىق، ئەمىنىيەت.

ئەمچى تېۋىپ.

ئەمدى ئەمدى.

ئەمر (ئە) ئەمىر، بۇيرۇق.

ئەمسال (ئە) مىساللار، ھېكمەتلەر.

ئەمگە- زەخمەت چەكمەك، ئەزىيەت چەكمەك، مۇشەققەت چەكمەك.

ئەمگەت- جاپا چەككۈزمەك.

ئەمگەك مۇشەققەت، جاپا، ئەزىيەت.

ئەملە - داۋالىماق، ساقايتماق.

ئەملەت- داۋالاتقۇزماق.

ئەمىت- ئېگىلمەك، قىڭغايماق.

ئەمىن (ئە) ئەمىن، تىنچلىق.

ئەمەل (ئە) ئىش - ھەرىكەت، مەشغۇلات، ئۇمىد.

ئەندام (پ) بەدەن، ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا.

ئەنسۇل - مەمالىك (ئە) مەملىكەت قائىدىسى.

ئەھلام (ئە) چۈش كۆرۈش، قالايمىقان چۈش كۆرۈش.

ئەۋ ئۆي.

ئەۋ- ئالدىرىماق.

ئەۋەت ئەلۋەتتە.

ئەۋەك ئالدىراڭغۇ.

ئەۋەكلىك ئالدىراڭغۇلۇق.

ئەۋچى خوتۇن، ئايال.

ئەۋدى رەتلەش، تېرىپ رەتلىمەك.

ئەۋرىل- ئايلانماق، پىرقىرىماق.

ئەۋرەن كائىنات، ئالەم، پەلەك.

ئەۋلىك خوتۇن، ئايال.

ئەۋۈر- ئۆرۈمەك، ئايلاندۇرماق، پىرقىراتماق.

ئەيب (ئە) ئەيىب، قۇسۇر.

ئەيمەن- ئەيمەنمەك، تارتىنماق.

ئەيمەنۆك	ئەيمەنگەن، تارتىنغان.

ب

با-	باغلىماق.
باب	(ئە) باب، بۆلۈم، پەسىل.
بار	بار، مەۋجۇت.
بار-	بارماق.
بارچا	بارچە، پۈتۈن، ھەممىسى.
بارچىن	تاۋار، دۇردۇن، ئېسىل رەخت.
بارق	ئۆي ـ مۈلۈك، بىسات.
بارقىن	يولۇچى، ئۆتكۈنچى.
بارى	ھەممىسى، پۈتۈنلەي.
بارىش-	بېرىش ـ كېلىش، زىيارەت.
بارۇ	بارى، ھەممىسى.
باز	يات، غېرىب، مۇساپىر.
باس-	باسماق، ئەگمەك.
باسا	ئارقىدىن، كەينىدىن، ئىز بېسىپ.
باسىق-	باسماق، تۇتماق، يۈگەنلىمەك.
باسىل-	بېسىلماق.
باسىمچى	زالىم، زومىگەر، باسقۇچى.
باسىن-	كەمسىتمەك، تۆۋەن كۆرمەك.
باسىنچ	زۇلۇم، زورلۇق، زەخمەت.
باسىنچاق	زەئىپ، بوشاڭ، خورلانغان.
باسۇت	بوسۇت، ياردەم، يۆلەك.
باسۇتچى	ياردەمچى، يار ـ يۆلەك.
باش	باش، كاللا.
باش	ھەر نەرسىنىڭ بېشى، ئۇچى، دەسلەپكىسى.
باش	يارا، جاراھەت.
باشچى	باشلامچى، باشقۇرغۇچى.

باشسىرا- باشلامچىسىز، يېتەكچىسىز قالماق.
باشلا- باشلىماق.
باشلا- يارىدار قىلماق.
باغ (پ) باغ، باغچە.
باغ باغ، تۇگۈن.
باغداش باداشقان قۇرماق، چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش.
باغلان- باغلانماق.
باغنا ۋاخنا، باسقۇچ.
باغىر بېغىر، جىگەر.
باغىرساق سادىق، كۆيۈمچان.
باغىرساقلىق مېھرىبانلىق.
باغىشلا- بېغىشلىماق، ھەدىيە قىلماق.
باق- سەپسالماق، باقماق، قارىماق.
باقى (ئە) ئەبەدىي.
باقىر مىس.
باقىرسۇقۇن مارس، زۆھرە يۇلتۇزى.
باقىش بېقىش.
باقىش- بېقىشماق، يېقىنلاشماق.
باقىن- بېقىنماق.
بالدۇ پالتا.
بالىغ يارىدار، جاراھەت.
بالىق بېلىق.
بالىق- يارىلانماق.
باي باي، پۇلدار.
بايات ئاللا، تەڭرى، خۇدا.
بايلىق بايلىق.
بايۇ- بېيىماق.
بايۇت- بېيىتماق.
بەتەر (پ) تېخىمۇ، بەتتەر.
بەخت (پ) بەخت، قۇت، ئامەت.

بەخىل	(ئە) بېخىل، خەسىس.
بەدىز	نەقىش، بېزەك، رەسىم.
بەدىزچى	نەققاش.
بەدۆ-	بۆيۆكلەشمەك، يۆكسەلمەك.
بەدۆت-	يۆكسەلدۆرمەك.
بەدۆك	بۆيۆك، ئۇلۇغ.
بەدۆكلۆك	بۆيۆكلۆك، يۆكسەكلىك.
بەدەل	(ئە) بەدەل.
بەر-	بەرمەك.
بەرك	مەهكەم، چىڭ، مۆستەهكەم.
بەركلە-	هىمايە قىلماق.
بەركىت-	مۆستەهكەملىمەك، چىڭىتماق.
بەرگە	قامچا، تاياق.
بەرىش	بېرىش، بەرمەك.
بەرىم	بېرىم، قەرز.
بەرۆ	بېرى، بۆيان. (شۆندىن بېرى)
بەزە-	بېزىمەك، زىننەتلىمەك.
بەزەك	بېزەك، نەقىش.
بەزەن-	بېزەنمەك.
بەش	بەش. (5)
بەقا	(ئە) بەقا، باقىي ئالەم.
بەك	بەك، چىڭ، مۆستەهكەم.
بەكرۆ	مۆستەهكەم.
بەكلىك	قۆۋۆەتلىك.
بەكلە-	ساقلىماق، مۆهاپىزەت قىلماق.
بەكى	مۆستەهكەملەنمەك.
بەكىت-	مۆستەهكەملىمەك.
بەگ	بەگ.
بەگلىك	بەگلىك.
بەل	بەل، ئادەمنىڭ بېلى.

بەلا	(ئە) بالا ـ قازا، ئاپەت
بەلاغەت	(ئە) بالاغەت، يېتۈكلۈك.
بەلغەم	(ئە) بەلغەم، خەپرۈك.
بەلگۈ	بەلگۈ، نىشان، ئالامەت.
بەلگۈر-	مەلۇم بولماق، مەيدانغا چىقماق.
بەلگۈلۈگ	بەلگىلىك، ئوچۇق، ئېنىق.
بەلگۈلە	بەلگىلىمەك، نىشانلىماق.
بەلىڭ	ۋەھىمە، قورقۇش.
بەلىڭلە-	قورقماق، ئۈركۈمەك.
بەند	(پ) بەند، باغلانماق.
بەيابان	(پ) چۆل، سەھرا.
بەيان	(ئە) بايان.
بەيت	(ئە) ئۆي.
بەيت	(ئە) بېيىت، ئىككى مىسرا شېئىر.
بوتۇ	بوتا، بوتىلاق.
بوتۇ	بوتا، ئوغۇل، بالا.
بود	بوي، قامەت.
بودۇ-	بويىماق، بېزىمەك.
بودۇغ	بوياق، سۈرەت، رەسىم.
بودۇل-	بويالماق، زىننەتلەنمەك.
بودۇن	خەلق، ئاۋام، قەبىلە.
بور	بور، شاراب، ئۈزۈم.
بورچى	شارابخور، هاراقكەش.
بوز	بوز رەڭ، قوڭۇر، كۈل رەڭ.
بوش	بوش، ئەركىن، ئازاد.
بوشاڭ	بوشاڭ.
بوشغۇت	شاگىرت، ساقىي.
بوشلاغ	بوش، ئەركىن.
بوشۇت-	بوشاتماق، ئەركىن قويۇۋەتمەك.
بوشۇغ	سوۋغا، ئىنئام.

بوغ- بوغماق، باغلىماق.
بوغۇز بوغۇز، گال.
بول- بولماق.
بولۇمسۇز بولۇمسىز.
بولۇن- بولغىن، بول.
بۇ بۇ.
بۇت بۇت، ھەيكەل.
بۇر- پۇرىماق، ھىد بەرمەك.
بۇرج (ئە) بۇرچ.
بۇرھان بۇرھان، بۇت.
بۇرۇن بۇرۇن، ئىلگىرى، ئاۋۋال.
بۇرۇن بۇرۇن. (ئادەمنىڭ بۇرنى)
بۇرۇندۇق چۇلۇك، تۆگە چۇلۇكى.
بۇز مۇز.
بۇز- بۇزماق، ۋەيران قىلماق.
بۇزۇق بۇزۇق، بۇزۇلغان.
بۇغداي بۇغداي.
بۇغداي باشى سۇنبۇلە بۇرجى.
بۇغرا بۇغرا. (ئەركەك تۆگە)
بۇغراغۇ بۇغرىدەك، ۋەھشىي، ياۋۇز.
بۇقا بۇقا.
بۇل- تاپماق، ئېرىشمەك، ئىگە بولماق.
بۇلاق توسۇن ئات.
بۇلاق بۇلاق، چەشمە.
بۇلغاق قالايمىقانچىلىق، توپىلاڭ.
بۇلغانۇق يالغانچىلىق، ناپاكلىق.
بۇلنا- قۇل قىلماق، ئەسىر ئالماق.
بۇلىت بۇلۇت.
بۇلۇل- ئېرىشمەك.
بۇلۇن قۇل، ئەسىر.

بۇيرۇق مۇشاۋىر، ۋەزىر.
بۇيۇر- بۇيرۇماق.
بۆرك بۆك، دوپپا.
بۆرى بۆرە.
بۆز بۆز، ماتا.
بۆكە دانا، پالۋان.
بۆكە ئەجدىھا، يالماۋۇز.
بۆگدە خەنجەر.
بۆگۈ دانا، بىلگە، ئالىم، ھاكىم.
بۆگۈلە- بىلىم ئالماق.
بۇدىك ئۇسسۇل.
بۇركىر- پۇركۇمەك.
بۇك يۇك، ئېغىرچىلىق.
بۇكۇر ئەگرى، قىڭغىر.
بۇۋكىر- پۇركۇمەك.
بىتى- يازماق.
بىتىت- يازدۇرماق.
بىتىك خەت، مەكتۇپ.
بىتىكچى كاتىپ، خاتىرىلىگۈچى.
بىتىگۈ قەلەم.
بىتىل- يېزىلماق.
بىر بىر. (سان)
بىرتەم تامامەن، پۈتۈنلەي.
بىرلىك بىرلىك، يەككىلىك
بىرلە بىرلە، بىلەن.
بىرىك- بىرىكمەك، بىرلەشمەك، توپلانماق.
بىرەر بىرەر، بىرە - بىرە.
بىرەگۇ بىرەرسى، بىرى.
بىز بىز.
بىغا بىۋاپالىق، پەسكەش.

بىل-	بىلمەك، ئۇقماق.
بىلدۈر-	بىلدۈرمەك، ئۇقتۇرماق.
بىلگە	بىلگە، ئالىم، ئاقىل.
بىلىش	بىلىش، تونۇش ـ بىلىش.
بىلىش-	بىلىشمەك، تونۇشماق.
بىلىك	بىلىم، ھېكمەت، ئىلىم.
بىلىن-	بىلمەك، چۈشەنمەك.
بىلە	بىللە، بىلەن.
بىلەك	بىلەك، قولنىڭ بىلىكى.

پ

پات	دەرھال، شۇ ئان.
پات-	سىڭمەك، ھەزىم بولماق.
پاتا	شۇ ئان، دەرھال.
پاتار	(كۆن) پاتار، غەرب.
پاتۇر	(كۆن) پاتۇرماق.
پاتىغ	چوڭقۇر، تۆۋەن، چوڭقۇرلۇق.
پاتىغ	پاتقاقلىق.
پادىشاھ	(پ) پادىشاھ.
پاك	(پ) بوش، قۇرۇق.
پەرھىز	(پ) پەرھىز.
پەلىد	(پ) پاسكىنا نەرسە.
پەندنامە	(پ) پەندنامە، نەسىھەتنامە.
پۇت	پۇت، ئاياغ.
پۇتىق	پۇتاق، شاخ.
پۇتىقلان-	پۇتاقلانماق، شاخلانماق.
پۇس-	پىستىرما قۇرماق.
پۇسۇغ	بۆكتۇرمە، پىستىرما.
پۇسۇغچى	پىستىرمىدا تۇرغۇچى.

پۇش- تېرىكمەك، غەزەپلەنمەك، ئاچچىق قىلماق.

پۇشى تېرىكمەك، غەزەپلىك، نادانلىق.

پۇشلىق تېرىكىش، ئاچچىقلىنىش.

پۇت- (ئۇن) پۇتمەك، ئىشەنمەك؛ پۇتكۈزمەك، ساقايماق (يارا).

پۇتە ئۇزۇن ۋاقىت، كۆپ، جىق.

پۇتۇر- چىقارماق، تولدۇرماق (ساقال).

پۇتۇن پۇتۇنلەي، تولۇق، مۇكەممەل؛ ھەق، توغرا.

پۇتۇنلۇك ئىشەنچلىك، توغرىلىق.

پىچ پىچماق، كەسمەك.

پىچ- پىچماق، كەسمەك.

پىچاق پىچاق.

پىچىش يىرتىش، يوللۇق سوۋغا.

پىچۇق پۇچۇق، يېرىم - يارتا.

پىچەك پىچاق.

پىش- (ئاش) پىشماق، كۆيۈپ پىشماق، بىئارام بولماق.

پىشە (پ) ھۈنەر، ماھارەت.

پىشىغ پىششىق.

پىشۇر- پىشۇرماق.

ت

تائەت (ئە) تائەت، ئىبادەت.

تاپ يېتەرلىك، كۇپايە.

تاپ- خىزمەت قىلماق، ئېرىشمەك.

تاپا تەرەپكە، ئۇدۇل، يۆنىلىش.

تاپسۇلا- ھەسەت قىلماق.

تاپلا- ماقۇل كۆرمەك، ياقتۇرماق، رازى بولماق.

تاپۇغ خىزمەت، ئىش، ئىبادەت.

تاپۇغچى خىزمەتچى، خىزمەتكار.

تاپۇغساق خىزمەت قىلغۇچى، خىزمەتكە بېرىلگەن.

تاپى	رازىلىق، خاھىش.
تاپىش	تاپىلماق.
تاپىلىق	رازىلىق، قانائەت.
تاپىن-	خىزمەتتە بولماق.
تاپىندۇر-	خىزمەت قىلدۇرماق.
تات-	تارتماق.
تات	لەززەت بەرمەك، تەم بەرمەك.
تاتغان	تاتلىق، لەززەتلىك.
تاتىغ	شېرىن، لەززەت.
تادۇ	ئۇنسۇر، ئېلېمېنت، جىسىم.
تار-	تارقاتماق.
تارا	تاراتماق، تارمار قىلماق.
تاران-	تارانماق.
تارت-	تارتماق، سالماق، باشلىماق.
تارلاغ	ئېتىز.
تارلىق	تارلىق، قىسقىلىق، يېتىشمەسلىك.
تارماق	تاپان.
تارۇ	تارايماق.
تارى-	تېرىماق.
تارىغ	دان، ئۇرۇق.
تارىغچى	دېھقان.
تارىغلاغ	ئېتىز، تېرىلغۇ يەر.
تازى	(پ) تازى، ئەرەب ئارغىمىقى.
تاش	تاش، قۇرۇم تاش.
تاش	تاش، تېشى، سىرت.
تاشىرتى	تاشقى، سىرتقى.
تاغى	ياۋايى.
تاغىت-	تارقاتماق، چاچماق.
تاق	مۇشكۇل، قىيىن.
تاقى	تېخى، يەنە، تېخىمۇ.

تاڭ	تاڭ، سەھەر، ساباھ ۋاقتى.
تاڭ	ئاجايىپ نەرسە، تاڭ قالارلىق.
تاڭسۇق	تاڭسۇق، ئاجايىپ قىممەتلىك؛ نەپىس.
تاڭلا-	ئەجەبلەنمەك، ھەيران قالماق.
تاڭىرقا-	تېڭىرقىماق، ھەيران قالماق.
تاڭىل-	تاڭ قالماق.
تاڭۇق	ئارماغان، ھەدىيە، تەقدىم.
تال	تال دەرىخى.
تالا-	تالىماق.
تالۇ	خىل، تاللانغان، مۇنەۋۋەر.
تالۇلا	تاللىماق.
تام-	تامماق، تامچىلىماق.
تامدۇر-	تۇتاشتۇرماق.
تامغالا	تامغىلىماق، تامغا باسماق.
تامۇ	جەھەننەم، دوزاخ.
تامۇر	تومۇر، قان تومۇرى.
تامۇز-	تامغۇزماق.
تامۇغ	جەھەننەم، دوزاخ.
تامۇلۇق	دوزاخلىق.
تان	شامال، سالقىن.
تان-	تانماق، ئىنكار قىلماق.
تانچۇلا	ئۇششاق.
تانۇ-	تونۇماق.
تانۇق	شاھىت، گۇۋاھچى، دەلىل.
تانۇقلۇق	شاھىتلىق، گۇۋاھلىق، شاھادەت.
تاۋار	تاۋار، مال، ئەشيا.
تاۋراق	تېز، چاپسان؛ چاققان.
تاۋغاچ	تاۋغاچ، قەدىمىي.
تاۋىغ	ئېلىش - سېتىش.
تاياق	تاياق، ھاسا.

تايان- تايانماق، ئۈمىد باغلىماق.
تايانچ تايانچ.
تايىغ تايغاق، تېيىلغاق.
تە- دېمەك.
تەئزىيەت (ئە) تەزىيە بىلدۈرۈش.
تەبرە- تەۋرىمەك، مىدىرلىماق.
تەپ (ئە) خۇي، مىجەز.
تەپ تەپمەك، ئاياغ باسماق.
تەپسە- ھەسەت قىلماق، كۆرەلمەسلىك.
تەپسەگۈچى ھەسەتخور.
تەپىز ھەسەت، كۆرەلمەسلىك.
تەت ئېتىراز بىلدۈرمەك، قارشى قويماق.
تەترۈ ئەكسىچە، تەتۈر.
تەتىك تېتىك، ئەقىللىك، زېرەك.
تەتىكلىك ئەقىللىك، زېرەك.
تەتىم تەرسالىق، قورقماس، قەيسەرلىك.
تەدۈك ساپ، پاكىز.
تەر ئىش ھەققى، ئەجىر.
تەر- تەرمەك، توپلىماق.
تەرس تەتۈر، تەس، قىيىن، چىگىچ.
تەرك تېز، چاپسان، چاققان.
تەركەن بىر خىل ئۇنۋان، تەركەن قۇتى — بەختلىك خان.
تەرگى داستىخان.
تەرگۈچى تەرگۈچى، تىزغۇچى.
تەرگۈك تىرەك، تايانچى.
تەرنەك توپلانما، ئۇيۇشما.
تەرىن- توپلانماق.
تەرەب (ئە) خۇشاللىق، ئىشرەت.
تەرەڭبىن (پ) تەرەنجىۋىل.
تەزگىن- ئايلانماق، چۆرگۈلىمەك، كەزمەك.

تەزگىنچ پەلەك، ھايات، دۇنيا.

تەزىگ تەزگەك، ئۇركۇگەك.

تەفرىق (ئە) (ھېسابتا) ئېلىش ئەملى.

تەژىك (پ) تاجىك، پارس.

تەسنىق (ئە) يازماق.

تەش- تەشمەك، كەسمەك.

تەشى ئاچ كۆز.

تەقسىر (ئە) قۇسۇر، كەمچىلىك.

تەك يالغۇز، پەقەتلا.

تەك كەبى، گويا، ئوخشاش ؛ ... دەك // - تەك.

تەكىن بىكار، سەۋەبسىز.

تەكە تېكە.

تەگ- تەگمەك، يەتمەك، ئېرىشمەك.

تەگرە ئەتراپ.

تەگشۇرۇل- ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرۇلماق.

تەگمە تۇرلۇك، ھەممە، ھەرقانداق.

تەگى قەدەر، دەك.

تەگىت بەگزادە.

تەگىش تېگىش، ئۇچرىشىش، بىرلىشىش؛ ئۇرۇشۇش.

تەگىم لايىق، لاياقەتلىك.

تەگىن تىگىن، بەگزادە.

تەگىن- يېتىشمەك، يەتمەك.

تەگۇ بىر پارچە، تېگىشلىك.

تەگۇچى دېيىلگەن، سۆزلەنگەن.

تەگۇر- ئېرىشتۇرمەك، تەگكۇزمەك، يەتكۇزمەك.

تەلتۇك گۇناھكار.

تەلگۇ چۇۋالچاق، كەلسەكەلمەس.

تەلمىر- تەلمۇرمەك.

تەلىم كۆپ، نۇرغۇن، تولا، سانسىز، بەك.

تەمام (ئە) تامام، بارلىق، ھەممە، پۇتۇن.

تەمۇر	تۆمۇر.
تەمۇرچى	تۆمۇرچى.
تەمەئ	(ئە) تەمەخورلۇق.
تەن	(پ) تەن؛ بەدەن، ۋۇجۇد.
تەنسىق	(ئە) ئىلىش ئەمىلى (ھېسابتا).
تەيىڭ	تىيىن.
تەڭ	باراۋەر، ئوخشاش، لايىق، تەڭ.
تەڭ-	ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەك.
تەڭرى	تەڭرى؛ ئىلاھ.
تەڭرىلىك	تەڭرىلىك، خۇدا يولى.
تەڭلە-	تەڭلەشتۈرمەك، سېلىشتۇرماق، بەلگىلىمەك.
تەڭى-	ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەك.
تەڭىز	دېڭىز.
تەڭەد	ئۆسمەك، يېتىشمەك.
تەڭەشچى	كېڭەشچى، ھەمسۆھبەت.
تەڭەش	تەڭتۇش.
تەڭەش-	كېڭەشمەك، مەسلىھەت قىلىشماق.
تەۋبە	(ئە) تۆۋە.
تەۋشىگ	ئاۋارىگەرچىلىك.
تەۋفىق	(ئە) ياردەم، تەۋپىق.
تەۋلىگ	ھىيلىگەر، ئالدامچى.
تەۋە	تۆگە.
توپراق	تۇپراق.
توپىق	پومزەك، توپ.
توپۇل-	بۆسمەك، تارمار قىلماق.
تود-	تويماق.
تودلىچ	تودلىچ (بۆدۈنە).
تور	تور، تۇزاق.
تورقۇ	يىپەك.
توز	تۇمان، توپا - چاڭ، تۇپراق.

توزى	بىر خىل رەخت. (كىمخاب)
توسۇن	توسۇن ئات، كۆندۇرۇلمىگەن ئات.
توغ	چاڭ ـ توزان، تۇمان.
توغا	كېسەللىك، ئاغرىق.
توغان	بۇركۇت.
توغرۇ	توغرا، خاتاسىز.
تۇغۇر-	تۇغدۇرماق.
توغۇل-	تۇغۇلماق، تۆرەلمەك.
توق	توق.
توقلى	توقلا، ئالتە ئايلىق قوزا.
توقى	تىنماق، نەپەسلەنمەك.
توقىت-	توقۇتماق.
توقىش	توقۇنۇش ـ ئۇرۇش، جەڭ.
توقىش-	ئۇرۇشماق، توقۇنۇشماق.
توقىم	سوقۇم، سويۇلىدىغان مال.
توقۇ	ئادەت، قانۇن، يوسۇن.
توقۇز	توققۇز (سان).
توقۇم	يۆلەنچۈك، يار ـ يۆلەك.
توڭ	جەسۇر، مۇستەقىل، قاتتىق قول.
توڭا	باتۇر، قەھرىمان.
توڭا ئالپ	توڭا ئالىپ ئەر، ئالپ ئەر توڭا، ئەپسانىۋى تۇرك قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى.
توڭۇز	توڭگۇز، چوشقا.
تول-	تولماق.
تولى	مۆلدۇر.
تولۇ	تولا، لىق تولغان، كۆپ، جىق.
تولۇم	قورال ـ ياراغ.
تولۇن	تولۇن ئاي، ئاينىڭ ئون تۆتى.
تون	تون، چاپان.
تونان-	تون كىيمەك، كىيىنمەك.
تونچى	تونچى، تىكىمچى.

توي بىر خىل قۇشنىڭ نامى. (تۇرنا لەگلەك)

توي مەھشەر، قەبرىستانلىق.

توي قوشۇن قارارگاھى.

تۇ ياپماق.

تۇت- تۇتماق.

تۇتاشى داۋاملىق، ھەر زامان، دائىما، قوشۇلۇپ.

تۇتام تۇتام، ئوچۇم.

تۇتچى دائىم، داۋاملىق، ئۇزۇلمەي.

تۇتروق ئارقا تىرەك، تايانچۇق، يۆلەنچۇك.

تۇتشى داۋاملىق، دائىما.

تۇتغاق خەۋەرچى، چارلىغۇچى، كۆزەتكۇچى.

تۇتغۇچى تۇتقۇچى، سورىغۇچى.

تۇتغۇن تۇتقۇن، ئەسىر.

تۇتى تۇتى، شاتۇتى.

تۇتۇز- نەسىھەت قىلماق، تاپشۇرماق.

تۇتۇش (قول) تۇتۇشماق.

تۇتۇغ ئەسىر، تۇتقۇن.

تۇتۇل- تۇتۇلماق، ئىلىنماق.

تۇتۇن- تۇتۇنماق.

تۇچى ھەر زامان، دائىما.

تۇداش ھەمراھ، بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان.

تۇر- تۇرماق، توختىماق، ئورنىدىن تۇرماق، كۆتۇرۇلمەك.

تۇرا تۇر، قورغان، سېپىل.

تۇرغاق نۆۋەتچىلىك.

تۇرى تەمسىز، لاۋزا، خۇنۇك.

تۇرۇغ تۇرالغۇ، ئورۇن.

تۇرۇغلاغ تۇرىدىغان جاي.

تۇزاق تۇزاق، قاپقان.

تۇزاقچى تۇزاق قۇرغۇچى، تۇزاقچى.

تۇسۇ پايدا، مەنپەئەت، نەپ.

تۇسۇغ پايدا، مەنپەئەت، نەپ.
تۇسۇغلى ئەسقاتىدىغان.
تۇسۇل- يارىماق، پايدا بەرمەك.
تۇش ھەمراھ، تەڭتۇش.
تۇش كەمەرگە تاقىلىدىغان ئالتۇن ياكى كۇمۇش بېزەك.
تۇش- ئۇچراشماق.
تۇشا - تۇشىمەك.
تۇشاغ تۇشەكلىك.
تۇشىق- ئۇچراشماق، دۇچار بولماق.
تۇشۇر- باشلىماق.
تۇغ- تۇغماق، چىقماق، بارلىققا كەلمەك.
تۇغ تۇغ، بايراق.
تۇغار شەرق، كۈنچىقىش.
تۇغچى بايراقچى.
تۇڭۇ گاس، پاڭ.
تۇل تۇل، تۇل ئايال.
تۇل- ياپماق، ئەتمەك.
تۇلاس تاتارغان، سولغان.
تۇلساق تۇل خوتۇن.
تۇملى- سوۋۇماق، مۇزلىماق.
تۇملىت- توڭلاتماق.
تۇملىغ سوغۇق.
تۇن- تۇتۇلماق، ئېتىلمەك، توسالماق.
تۇيۇ- تۇگىمەك، ئاخىرلاشماق.
تۆبۇن ئاستى، تېگى.
تۆپۇ تۆپە، يۇقىرى.
تۆر ھۆرمەت جايى، تۆر.
تۆرت تۆت (سان).
تۆرتىنچ تۆتىنچى.
تۆرتۇنچ تۆتىنچى.

تۆرتۇنچى تۆتىنچى.
تۆرتەگۇ هەر تۆتى.
تۆرى- يارىتىلماق، تۆرەلمەك.
تۆرۇ تۆرە؛ قانۇن، نىزام، ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن.
تۆرۇ- تۆرەلمەك، يارىتىلماق.
تۆز ئەسل، يىلتىز، ئاساس، تۇپ، تومۇر.
تۆزۇ پۈتۈنلەي، تامامەن، هەممىسى.
تۆشە ـ ئورۇن سالماق.
تۆشەك تۆشەك، ئورۇن ـ كۆرپە.
تۆك- تۆكمەك.
تۆڭدى قانۇن، ئادەت.
تۆڭىت- ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك.
تۆڭۇل ئۈمىدسىزلەنمەك، تەتۈر قارىماق.
تۇ تۇك، قىل.
تۇ رەڭ، ئات رەڭگى؛ تۇرلۇك، هەر خىل نەرسە.
تۇپ تۇپ، ئاساس، يىلتىز.
تۇپۇك كۆكلىمەك، يىلتىز تارتماق، داۋام قىلماق.
تۇپۇل- ئېگىزگە چىقماق.
تۇت- كۆيۈپ يانماق.
تۇتسۇگ ئىسرىق.
تۇتۇش غوۋغا، ئۇرۇش، جېدەل، جەڭ.
تۇتۇش- ئۇرۇش ـ جېدەل قىلماق، غوۋغا كۆتۈرمەك.
تۇتۇن تۈتۈن، تۇمان.
تۇر- تۇرمەك، پۈكمەك.
تۇرت سۈرتمەك، سۈۋىماق.
تۇرتۇش بەس، بەسكە چۈشمەك.
تۇرچى پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك.
تۇرك كۈچ، قۇۋۋەت.
تۇرك تۈرك، تۈرك قەبىلىسى.
تۇركچە تۈركچە، تۈرك تىلى.

تۈركى — تۈركىي، تۈركچە.

تۈركىستان — تۈركىستان.

تۈز — ① تۈز، توغرا، ئۈيغۇن؛ ② بارلىق، ھەممە، پۈتۈنلەي، تامامەن؛ ③ ۋادە.

تۈز — ئەسلى، يىلتىز.

تۈز — تۈزىمەك، تۈزەتمەك.

تۈزگۈچى — تۈزىگۈچى، رەتكە سالغۇچى.

تۈزۈل- — تۈزىمەك، تۈزەتمەك.

تۈزۈن — مۇلايىم، كەمتەر.

تۈزۈنلۈك — تۈزۈتلۈك؛ تۈزۈت قىلماق، تارتىنچاق.

تۈس — رەڭ، تۈس.

تۈش- — چۈشمەك، يىقىلماق.

تۈش — چۈش. (چۈش كۆرمەك)

تۈشنەك — مازار، گۆر.

تۈشۈر- — چۈشۈرمەك.

تۈشۈك — چۈشكۈن، مەيۈس.

تۈشۈن — قونالغۇ، ئۆتەڭ.

تۈشە- — چۈشىمەك، چۈش كۆرمەك.

تۈك — مىڭ، مىڭلىغان، جىق، كۆپ.

تۈگە — تۈگىمەك، پۈتمەك.

تۈگەت- — پۈتكۈزمەك، تۈگەتمەك، تاماملىماق.

تۈگەل — تۈگەل، تامامەن، پۈتۈنلەي.

تۈگ- — تۈگمەك، تۈرمەك (چىراي).

تۈگۈك — چىتىق، چىگىك.

تۈگۈل — تۈگۈنلەنمەك.

تۈگۈن — تۈگۈن.

تۈم — خىل، تولۇق.

تۈمەن — تۈمەن، ئون مىڭ (ساناقتىكى).

تۈنە- — تۈنىمەك.

تۈنەر- — كەچ كىرمەك، قاراڭغۇ چۈشمەك.

تۈنەرىگ — قاراڭغۇلۇق.

تۈنەك زىندان.
تىترۈ- ئىنىق كۆزەتمەك.
تىتىر تۆگە.
تىتىك زەي، زەي يەر.
تىد- تىيماق، تاشلىماق، توسماق.
تىدغۇچى تىيغۇچى، مەنئى قىلغۇچى.
تىدىن- ساقلانماق، ئۆزىنى تۇتماق.
تىرگۈر- تىرىلدۈرمەك.
تىرياق (ئە) زەھەرگە قارشى دورا، تەرياك.
تىرىگ تىرىك، جانلىق.
تىرىگلىك تىرىكلىك، هاياتلىق.
تىرىل- تىرىلمەك، ياشىماق.
تىرڭاق تىرناق.
تىرەل- يىغماق.
تىرەن- ئۆزىنى تۇتماق، تىركەشمەك.
تىز تىز. (تىزلانماق)
تىز- تىزماق.
تىش چىش.
تىشلە- چىشلىمەك.
تىشى چىشى، ئايال، خوتۇن كىشى.
تىك- تىكلىمەك، تۇرغۇزماق.
تىكگۈچى چاتقۇچى.
تىكىل- تىكلەنمەك.
تىكەن تىكەن.
تىل تىل، سۆز، لۇغەت.
تىڭلا - ئاڭلىماق، ئىشىتمەك.
تىلداغ باهانە، سەۋەب.
تىلدام سۆز ماهىرى، ياخشى سۆزلىگۈچى؛ سۆزمەن، ناتىق.
تىلكۈ تۈلكە.
تىلۋە تەلۋە، ساراڭ.

تىلە-	تىلىمەك، ئىستىمەك، سورىماق.
تىلەك	تىلەك، ئارزۇ.
تىمچى	مەي ساتقۇچى، مەيخانىچى.
تىن	تىن، تىنىق، نەپەس.
تىن-	تىنماق، ئارام ئالماق، نەپەسلەنمەك.
تىنچرۇن	تىنچلانماق.
تىندۇر-	راھەتلەندۈرمەك، ئارام بەرمەك.
تىنلىغ	جانلىق، ھاياتلىق.

ج

جان	(پ) جان، روھ.
جەبر	(ئە) جەبىر.
جەزر	(ئە) يىلتىز، ئاساس.
جەفا	(ئە) جاپا، جازا.
جەفاچى	جاپا سالغۇچى.
جەم	(ئە) يىغىندا، بىرلەشكەن، جەم بولغان.
جەھان	(پ) جاھان، ئالەم.
جەۋاب	(ئە) جاۋاب.
جەۋر	(ئە) جەبىر، زۇلۇم.
جۇلاب	(ئە) شەربەت.
جۇلەڭبىن	(ئە) ھەسەل ۋە گۇل سۈيىدىن قىلىنغان ئىچىملىك.

چ

چاپ-	چاپماق، يۈگۈرمەك.
چادان	چايان.
چارە	(پ) چارە، تەدبىر.
چاغرى	لاچىن.
چال	چال، قىرى.

چال-	چالماق، يىقىتماق.
چاۋ	شان، شۆھرەت، داڭ.
چاۋلان-	شان ـ شۆھرەت قازانماق.
چاۋىق-	شۆھرەت قازانماق، داڭ چىقارماق.
چەچە	يېتەرلىك، تولىمۇ، بەك.
چەچەك	چېچەك، گۈل ـ گىياھ.
چەچەكلىك	گۈلزار، چىمەنزار.
چەرگۆچى	قۇتقۇزغۇچى.
چەرىك	چېرىك، لەشكەر، ئەسكەر.
چەكنە-	گۈل چەكمەك.
چەۋرىل-	چۆرگۈلىمەك، پىرقىرىماق.
چوغ	زەنجىر، باغ.
چوغلا-	گۈركىرىمەك، قوپال سۆزلىمەك.
چوغى	جېدەل، ماجىرا، نىزا.
چوق	كۆپ، جىق.
چوماق	مۇسۇلمان.
چۇرنى	بىر خىل دورا.
چۇز	تاۋار، دۇردۇن.
چۇمغۇق	قارىغۇجا، قارىقوشقاچ.
چۆك-	چۆكمەك، چۆكۈنمەك.
چۆكت-	چۆكتۈرمەك.
چۆگە	پەرىجە، يېپىنچا.
چۆگەن	چەۋگەن.
چىبۇن	چىۋىن.
چىگەن	تىزگىن، يۈگەن.
چىرغۆي	بىچارە، پېقىر.
چىغاي	كەمبەغەل، يوقسۇل.
چىغايلىق	كەمبەغەللىك.
چىقىش	چىقىم، خىراجەت.
چىگىل	چىگىل قەبىلىسى.

چىم	چىملىق، سازلىق.
چىن	چىن مەملىكىتى.
چىن	چىن، توغرا، ھەقىقىي، راست.
چىنلىق	توغرىلىق.
چىنى	چىنلىق.

خ

خاتىر	(ئە) تەپەككۇر، ئوي ـ پىكىر.
خاس	خاس، مەخسۇس.
خاقان	خاقان، پادىشاھ.
خالى	(ئە) خالىي.
خالىق	(ئە) ياراتقۇچى، تەڭرى.
خان	خان، پادىشاھ.
خان سالار	(پ) داستىخان سالغۇچى.
خەبەر	(ئە) خەۋەر، ئۇچۇر.
خەتا	(ئە) خاتا، يېڭىلىش.
خەزان	(پ) غازاڭ، كۈز.
خەسىم	(ئە) قەست، دۈشمەنلىك.
خەش	غۇرۇر، مەغرۇر.
خەلايىق	(ئە) يارىتىلغانلار، خەلقلەر.
خەلق	(ئە) خەلق، ئىنسانلار.
خەلىفەت	(ئە) خەلىپەت، ئىزباسار، ۋەكىل.
خەير	(ئە) ياخشىلىق، ئېھسان.
خەيل	(ئە) ئەسكەر، لەشكەر.
خەۋف	(ئە) خەۋپ، خەتەر.
خىتاي	قىتان، خىتاي، كىدان.
خىرەد	(پ) ئەقىل، زېھىن.
خىل	(ئە) خىل، ئىسىل.
خىلئەت	(ئە) مۇكاپات.

د

دارۋ	(پ) دورا.
دال	(ئە) ئەرەبچە «د» ھەرپىنىڭ نامى.
دەۋات	(ئە) دۇۋەت.
دەۋلەت	(ئە) بەخت ـ سائادەت. دۆلەت، تەلەي.
دەئۋى	(ئە) دەۋا.
دۇرۇد	(پ) دۇئا، دۇرۇت.
دۇشمەن	(پ) دۇشمەن.

ر

رايى ھىندى	(پ) ھىندى مەملىكىتى.
رەئىيەت	(ئە) رەئىيەت، پۇقرا.
رەب	(ئە) تەڭرى، خۇدا.
رەسۇل	(ئە) رەسۇل، ئەلچى.
رەكۋە	(ئە) ئىۋرىق.
رەۋا	(پ) راۋا.
رەۋان	(پ) راۋان.
رۇزى	(پ) رىزق، نېسىۋە.
رۇزە	(پ) روزا.
رۇمى قىزى	(ئە) قۇياش مەنىسىدە.
رىجا	(ئە) تىلەك، مەقسەت.
رىياسەت	(ئە) رىياسەت، يېتەكچىلىك.

ز

زاھىد	(ئە) زاھىت، تەركىدۇنيا.
زاھھاك	زاھھاك. (ئىراننىڭ «پېشىدا دىيان» سۇلالىسىدىن زالىم شاھ ئىسمى)
زەرب	(ئە) زەربە.

زەفەران	(ئە) زەپىران.
زەمانە	(ئە) ۋاقىت، دەۋر، زامان.
زەنگى	(پ) زەڭگى، نېگىر، قارا.
زۇل جەلال	(ئە) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، ئاللا.
زۇلف	(پ) چاچ.
زۇھد	(ئە) زاھىتلىق.
زىنا	(ئە) زىنا، بۇزۇقلۇق.
زىنەت	(ئە) زىننەت، بېزەك.
زىندان	(پ) زىندان.

س

سا	سانىماق.
سابا	(ئە) تاڭ شامىلى، غۇر - غۇر شامال.
سابىت	(ئە) تۇرغۇن، ئۆزگەرمەس.
ساپ-	ساپىماق، تۇزىمەك، ئۇلىماق.
سات-	ساتماق، ئىشلەتمەك.
ساتغا -	رەنجىتمەك، ئەيىبلىمەك.
ساتغاغ	خورلانغان.
ساتىغ	سېتىق، سودا - سېتىق، تىجارەت.
ساتىغچى	سودىگەر.
ساچ	چاچ.
ساچ-	چاچماق، تۆكمەك، ئىسراپ قىلماق.
ساچىل-	چېچىلماق.
ساچۇ	ئىستىسنا، ئىنكار.
ساران	پىخسىق، بېخىل، خەسىس.
سارانلىق	پىخسىقلىق، بېخىللىق.
ساراي	(پ) ساراي.
سارىپ	خەتەرلىك، قىيىن، ئېغىر.
سارت	سودىگەر.

ساربغ سېرىق.
ساربل- ئېسىلماق، يۆگەلمەك.
ساشى شاش، ئۈركۈگەك.
ساغىزغان سېغىزخان.
ساق ئېھتىيات، ھوشيارلىق، سەگەك.
ساق- سانىماق.
ساقچى ساقچى، قوغدىغۇچى، نۆۋەتچى.
ساقلا- ھېسابلىماق، دىققەت قىلماق، ساقلىماق، قوغدىماق.
ساقلىق سەگەكلىك، ھوشيارلىق.
ساقىش سان، ساناق، ھېساب.
ساقىشچى ھېساب بىلگۈچى.
ساقىغ ئېزىتقۇ، سەراپ.
ساقىم قاراڭ: ساقىغ.
ساقىن- ئويلىماق، چۈشەنمەك، خىيال قىلماق.
ساقىنچ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم؛ خىيال؛ سېغىنىش.
ساقۇق تەقۋادار، ساپ دىل.
سال- سالماق، تاشلىماق.
سالىن- كۆكلىمەك، ھۇزۇرلانماق، ياشنىماق.
سامدۇي مۆتىدىل.
سان سان، ھېساب، ساناق.
سان- ئويلىماق؛ ھېسابلانماق، سانالماق.
سانچ- يوقاتماق، يەڭمەك، مەغلۇپ قىلماق.
ساندۇاچ بۇلبۇل.
ساۋ ساپ، باشقا نەرسىلەر ئارىلاشمىغان.
ساۋ سۆز، خەۋەر، ئۆگۈت ـ نەسىھەت.
ساۋچى ئەلچى، پەيغەمبەر.
ساۋىل- ئېگىشمەك، چۈشمەك.
ساۋۇل- ئېگىشمەك، چۈشمەك.
ساي ساي، تاشلىق.
سايرا- سايرىماق.

سەبىر (ئە) سەۋر.
سەبۇر (ئە) سەۋرلىك.
سەپۈك تۈزۈت قىلماق، سىلىق ـ سىپايە بولماق.
سەچ- تاللىماق، ئايرىماق، خىللىماق.
سەچىم ئۆششاق، تىلىم ـ تىلىم.
سەر- قوپاللىق قىلما، قوپال سۆزلىمەك، رەت قىلماق.
سەر- سەۋر قىلماق، چىدام كۆرسەتمەك.
سەرا (ئە) يەر، يەر ئاستى.
سەرتان (ئە) سەرەتان.
سەرىم سەۋر.
سەرىن- سەۋر قىلماق، چىدىماق، تاقەت قىلماق.
سەزا (پ) لايىق، ئەرزىگەن.
سەزىك گۇمان، شۈبھە.
سەشىش- ئايرىلماق.
سەكىرت- يۈگۈرمەك؛ سۈرمەك.
سەكەرچى قاراقچى.
سەكەنتىر زۆھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزى.
سەلامەت (ئە) سالامەت، ئامان ـ ئېسەن، ساغلام.
سەلاھ (ئە) ساغلاملىق، راھەت.
سەمرى- سەمرىمەك.
سەمىز سېمىز.
سەمۈرگۈك سۈندۈك، سوڭگۆلۈغۆچ.
سەنا (ئە) ماختاش، ھەمدۇسانا، مەدھىيەلەش؛ مەدھىيە.
سەنلە- سەن دېمەك.
سەنى سېنى.
سەۋ سۆيمەك.
سەۋاب (ئە) توغرا، توغرىلىق، دەل.
سەۋدا (ئە) سەۋدا، سەپرا.
سەۋمەگۈچى ياخشى كۆرمىگۈچى، سۆيمىگۈچى.
سەۋىت زۆھرە، چولپان (ۋېنېرا) يۇلتۇزى.

سەۋىت- سۆيگۈ بېغىشلىماق.
سەۋىن- سۆيۈنمەك.
سەۋىنچ خوشاللىق، شادلىق، سۆيۈنۈش.
سەۋىندۈر- سۆيۈندۈرمەك، خۇشال قىلماق، مەمنۇن قىلماق.
سەۋۈگ سۆيۈملۈك.
سەۋۈل- سۆيۈلمەك.
سور- شۈمۈرمەك، شورىماق.
سور- سورىماق.
سوغىق سوغۇق.
سوغۇق سوغۇق.
سوغۇل- سوغۇلماق، قۇرۇماق.
سوق- ئۇرماق، تىقماق.
سوڭ سوڭ؛ كېيىن، ئاخىر.
سوڭدا- قوغلىماق، پېيىگە چۈشمەك.
سۇچىت سەكرەتمەك، ئۇركۇتمەك.
سۇچۇل- سىلىنماق، يېشىلمەك.
سۇد- تۇكۇرمەك، كېكىردەك قىرماق.
سۇق ئاچ كۆز، تەمەخور.
سۇقاق ئارقار.
سۇقلان- ھېرىسلىق قىلماق، زوقلانماق.
سۇملى- سايرىماق، چۇلدۇرلاشماق.
سۇن- سۇنماق، ئۇزاتماق.
سۇيۇرقا ھەدىيە قىلماق، بېغىشلىماق.
سۇڭقۇر شۇڭقار.
سۇۋ سۇ.
سۇۋسا- ئۇسسىماق.
سۇۋلا- سۇ ئىچمەك.
سۇۋلان- سۇغارماق.
سۆزچى ۋەكىل، ئەلچى.
سۆك- سۆكمەك، پارچىلىماق.

سۆك- تىز چۆكمەك.
سۆك- سۆكمەك، ئەيىبلىمەك.
سۆكتى كېپەك، سۆك.
سۆكى ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى.
سۆكۈش سۆكۈش، ھاقارەت.
سۆن- پۈتمەك.
سۈ ئەسكەر، قوشۇن.
سۈچىگ تاتلىق، شېرىن.
سۈچىن- خۇشاللانماق، ھۇزۇرلانماق.
سۈر- سۈرمەك، ھەيدىمەك.
سۈرۈگ پادا، توپ.
سۈرۈندى سۈرۈۋېتىلگەن، قوغلاندى.
سۈز- ئوڭشىماق، تۈزىمەك، ئىدارە قىلماق.
سۈزۈك سۈزۈك، پاكىز، سەمىمىي.
سۈكىچ بىر خىل قۇش.
سۈلۈك ئات، ئايغىر.
سۈڭۈ نەيزە.
سۈڭۈك سۆڭەك.
سى- قىرماق، سۇندۇرماق، قىسماق.
سىتا نەيزە.
سىر سۆلەت؛ قېلىپ؛ بوياق.
سىر (ئە) سىر، مەخپىيەت.
سىر (ئە) سىر، ھېكمەت.
سىرىل- رەنجىمەك.
سىرىنچغا ئەينەك، شېشە.
سىز- سىزماق، خورىماق، زەئىپلەشمەك.
سىزىغ ئاغرىق.
سىزىن- شۈبھىلەنمەك.
سىغ- سىغماق، ياقماق.
سىغتا- يىغلىماق.

سغتات- يىغلاتماق.
سغت يىغا، يىغلاش.
سغرچۇق قارىغۇجا.
سغن- سىغىنماق، پاناھ تىلىمەك.
سغۇر- سىغدۇرماق.
سغۇن بۇغا، مارال.
سقا- سىلىماق.
سكەرت- ئازدۇرماق، ھەر كويغا سالماق.
سكەندەر ئىسكەندەر. (كىشى ئىسمى)
سىڭ- سىڭمەك، ھەزىم قىلىنماق.
سڭار سىڭار، يان، تەرەپ، چەت.
سڭم سىڭمىلىك، يارىشىملىق.
سلكم تۇزۇت، سىپايىلىك.
سلگ ياخشى، پاكىز، سىلىق، گۈزەل.
سلگلك پاكىزلىق، ئالىيجانابلىق، خۇش پېئىل.
سمش شىمىشكا، مېغىز.
سن تەن، بوي، ۋۇجۇد.
سن- سۇنماق، بۇزۇلماق.
سنا- سىنىماق، تەجرىبە قىلماق.
سناغ سىناق، تەجرىبە قىلىش.
سنۇق سۇنۇق.

ش

شات جاسارەت، جۇرئەت.
شاتۇ (پ) شوتا.
شاشۇت ئالا - بۇلا، كۇل رەڭ.
شاشۇر- ئارىلاشتۇرماق، تىزماق.
شەترەنج (پ) شاھمات.
شەدداد شەددات. (كىشى ئىسمى)

شەر	(ئە) ئەسكىلىك، يامانلىق.
شەرىپ	(ئە) شەرەپ، شەرەپلىك.
شەك	(ئە) شەك، شۇبھە، گۇمان.
شەلىسە	(ئە) بىر خىل دورا، يەنى مۇمىيا.
شۇبھە	(ئە) شۇبھە، گۇمان.
شۇك	شۇك، جىم.
شىرە	(پ) شىرە.
شىش	زىخ.
شىفا	(ئە) شىپا، دەرمان.

غ

غازلىق	غازلىق.
غافىلىك	غاپىللىق، غەپلەتتە قېلىش.
غەرىبلىق	غېرىبلىق، مۇساپىرلىق.
غەفلەت	(ئە) غەپلەت.
غەفۇر	(ئە) ئەپۇ قىلغۇچى.
غەم	(ئە) غەم ـ قايغۇ.
غەيىب	(ئە) جۇدالىق، ئايرىلىش.

ف

فارۇق	(ئە) پەرقلەندۈرگۈچى، ئۇسماننىڭ لەقىمى.
فال	(ئە) ياخشىلىق، تەلەي، ئامەت.
فەراسەت	(ئە) پاراسەت.
فەرىدۇن	(پ) پەرىدۇن. (پادىشاھ)
فەرىزە	(ئە) پەرىز، زەرۇر.
فەرىشتە	(پ) پەرىشتە.
فەزايىل	(ئە) پەزىلەتلەر.
فەزل	(ئە) پەزىلەت.

فەساد (ئە) پىتنە، پاسات.
فەسىل (ئە) پەسىل، مەۋسۇم.
فەلەك (ئە) پەلەك، ئاسمان، كۆك.
فەنا (ئە) يوقىلىش، فەنالىق.
فەيلەسوف (ئە) پەيلاسوپ.
فۇزۇللۇق كىبىر، تەكەببۇرلۇق.
فۇسۇس (پ) ئەپسۇس، غەپلەت.
فۇقا (ئە) شەربەت.
فىتنە (ئە) پىتنە - پاسات.
فىھرىست (پ) مۇندەرىجە، ئىندېكس.
فىدا (ئە) پىدا بولماق.
فىراق (ئە) ئايرىلىش، پىراق.
فىسق (ئە) پىتنە - پاسات.

ق

قا تاۋاق، قاچا، ئىدىش.
قا قاداش دوست، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداش.
قاپۇغ ئىشىك، دەرۋازا، قوۋۇق.
قاپۇغچى دەرۋازىۋەن.
قات نەرسىنىڭ قېتى، سىرى.
قات- قوشۇلماق، ئۇچراشماق، بىرلەشمەك.
قاتا قېتىم، ھەسسە.
قاتغۇر كۆلمەك، قاقاھلاپ كۆلمەك.
قاتقى كۆڭلى قاتتىق، مۇستەھكەم، قۇدرەتلىك.
قاتىر قېچىر.
قاتىغ قاتتىق، مۇستەھكەم.
قاتىغلان- تىرىشماق، غەيرەت قىلماق.
قاتىغلىق مۇشكۈللۈك، بالا - قازا.
قاتىق- ئارىلاشتۇرۇلماق.

قاتىل- ئۇچراشماق، دۇچ كەلمەك، قېتىلماق.
قاچ بىرقانچە، بىرنەچچە.
قاچ- قاچماق.
قاچان قاچان، قايسى چاغ.
قاچىت- قاچۇرۇۋەتمەك.
قاچۇر- قاچۇرماق.
قاداش قېرىنداش.
قاداشلىق قاياشلىق، بىر تۇغقان.
قادغۇ قايغۇ، دەرد، ھەسرەت.
قادغۇر قايغۇرماق، بىئارام بولماق، كۆڭۈلسىز بولماق.
قادىر ياۋۇز، قەھرلىك.
قادىر (ئە) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.
قادىن قېيىنئاتا.
قادىڭ قېيىن دەرىخى.
قارا قارا (رەڭ).
قارا ئاۋام، ئاددىي، ئادەتتىكى.
قارا ئام خەلق، ئاۋام.
قارا باش خىزمەتكار.
قارا بودۇن ئاۋام خەلق.
قارا قۇش قاراقۇش، بۈركۈت.
قارا قۇش يۇپىتېر يۇلتۇزى.
قارار (ئە) توختالغۇ، تۇرالغۇ، قارار.
قارار- قارايماق.
قارارت- قارايتماق.
قاراغۇ قارىغۇ، كور.
قاراغۇر قارايتماق، بۇلغىماق.
قاراق قاراق، كۆز قارىچۇقى.
قاراقچى قاراقچى.
قارانقىل (ئە) قەلەمپۇر.
قارشى قارىمۇقارشى.

قارشى ئوردا، ساراي.
قارشۇ قارىمۇقارشى.
قارغىش قارغىش، لەنەت.
قارما بۇلاڭ ـ تالاڭ، بۇلاش.
قارماق قارماق، ئىلمەك.
قارى قېرى، ياشانغان.
قارى- قېرىماق، ياشانماق.
قارىت- قېرىتماق.
قارىش- قارشىلاشماق، قېرىشماق.
قارىق پاك، ساپ.
قارىل- قېتىلماق، قوشۇلماق، ئارىلاشماق.
قارىلات- ئۆلچىمەك، غېرىچلىماق.
قارىلىق قېرىلىق.
قارىن قېرىن، قورساق.
قارىنداش قېرىنداش.
قارۇن قارۇن (كىشى ئىسمى).
قاز غاز.
قاز- قازماق، كولىماق.
قازغان- ئېرىشمەك، قازانماق.
قازغانچ تاپاۋەت، ئېرىشكەن نەرسە.
قازناق خەزىنە.
قازىل- قېزىلماق.
قاش تۆپە، دۆڭ، چوققا.
قاش قاش (كۆز ئۈستىدىكى قاش).
قاغىل تال چىۋىق.
قاغۇن قوغۇن.
قاق غازنىڭ بىر خىلى.
قاقىر- كېكىردەك قىرماق.
قاقىلا - غاقىلدىماق.
قال مويسىپىت ئادەم، ئاقساقال.

قال- قېلىش، قالماق.
قالا- تۇتماق، ئىشلەتمەك، ساقلىماق.
قالغال قېلىپ قالغان.
قالقان قالقان.
قالى ئەگەر، قانداق، ناۋادا، ئۇنداقتا.
قالىق ھاۋا بوشلۇقى، ئاسمان، كۆك.
قالىن كۆپ، نۇرغۇن، جىق.
قام داخان (رەمبال)، باخشى.
قام- قاماشماق.
قاما- قامىماق، قاماشماق.
قامچى قامچا.
قامىت- قايماق، قىڭغايماق.
قامۇغ پۈتۈن، بارلىق، ھەممە.
قان قان.
قان- قانماق، تويماق.
قان (پ) كان، خاقان.
قانات قانات.
قانچە قانچە، قانداق.
قانى قېنى، نەدە.
قاۋرىل- قايرىلماق، ئەگىلمەك.
قاۋۇر- ئالىقىنىغا ئالماق، قىسماق.
قاۋۇش- قوۋۇشماق، تېپىشماق.
قاۋۇق كېپەك.
قاي- قاچماق، قايتماق، قايرىلماق.
قايا قىيا.
قايان قىيالار.
قايرا تەكرار.
قاينا- قاينىماق.
قايىر قىلچە، بىر ئازمۇ.
قايۇ قايسى، قانداق، كىم.

قەبۇل (ئە) قوبۇل قىلىش.
قەدر (ئە) قەدىر ـ قىممەت.
قەزا (ئە) قازا، ھۆكۈم، تەقدىر.
قەسەب (ئە) ھىندىستاننىڭ يىپەك رەختى.
قەند (پ) قەنت، شېكەر.
قەيسەر (ئە) رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.
قەيسەرى رۇم مەملىكىتى.
قەھەت (ئە) قەھەتچىلىك.
قەۋل (ئە) گەپ ـ سۆز.
قوپ- قوپماق، ئۆرلىمەك، مەيدانغا كەلمەك.
قوپۇر- قوپۇرماق.
قوتۇر- تۆكمەك، بوشاتماق.
قود- قويماق، قالدۇرماق.
قودغۇچى قويغۇچى، قالدۇرغۇچى.
قودقى مۇلايىم، سەمىمىي.
قودى تۆۋەن، پەس، ئاخىرى، ئاستى.
قودۇن- قويماق، قالدۇرماق.
قور زىيان، زەرەر.
قورا- زىيان تارتماق، زەرەر كۆرمەك.
قورات- زىيان سالماق، زەرەر يەتكۈزمەك.
قورداي قوداي (بىر خىل قۇشنىڭ نامى).
قورق- قورقماق.
قورقلىق قورقانچاق.
قورقىت- قورقۇتماق.
قورقۇ قورقۇنۇچ.
قورقۇنچ قورقۇنچ.
قورۇ - قوغدىماق، قورۇماق.
قورۇغ قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش، مۇداپىئە قىلىش.
قورۇم قۇرام تاش، قىيا تاش.
قوزى ① قوزا؛ ② قەدىردان.

قوزى	قوزى بۇرجى.
قوش-	قوشماق، يازماق، شېئىر تۈزمەك.
قوشنى	قوشنا.
قوشنىلىق	قوشنىدارلىق.
قوقۇز	بوش، بوشلۇق، يېتىشمەسلىك.
قوڭۇز	قوڭغۇز، قۇرۇت.
قول	ۋادا، تۈزلەڭ.
قول-	ئىستىمەك، تىلىمەك، ئارزۇ قىلماق.
قولتغۇ	ئىستەك، موھتاجلىق.
قولتغۇچى	موھتاج بولغۇچى.
قولداش	ھەمراھ، ياردەمچى.
قومى-	ھاياجانلانماق، تەسىرلەنمەك.
قومىت-	ھاياجانلاندۇرماق، قوزغاتماق.
قون	① قوي، ② باغىر، قۇچاق.
قون-	قونماق.
قونۇت	قونالغۇ.
قونۇق	مېھمان.
قونۇقلۇق	مېھماندوستلۇق.
قونۇم	يۇرت، تۇغقان، قېرىنداش.
قوۋ-	قوغلىماق، سۈرمەك.
قوۋداش	ئوپقان، ئاچ كۆز.
قوۋداق	ماغدۇرسىز، ياداڭغۇ، ئاۋاق.
قوۋى	بوش، كامار.
قوي	ئاستى، تېگى، تۈۋى.
قوي	قوي.
قويچى	مالچى، قويچى.
قويۇغ	قويۇق، مول، چوڭقۇر.
قۇپا	بۇغداي ئۆڭ.
قۇت	بەخت، سائادەت، قۇت.
قۇتاد-	قۇتلۇق قىلماق، بەخت ـ سائادەت بەرمەك.

قۇتادغۇ بىلىك بەخت ـ سائادەت بەرگۇچى بىلىم.
قۇتغار ـ قۇتقۇزماق، قۇتۇلدۇرماق.
قۇتۇ گۇرۇھ، قەبىلە.
قۇتۇر ـ غالجىرلاشماق، قۇترىماق.
قۇتۇز قوتاز.
قۇتۇل ـ قۇتۇلماق، ئازاد بولماق.
قۇچ ـ قۇچاقلىماق.
قۇچىق قۇچىق، سەرەتان بۇرچى.
قۇچۇش ـ قۇچاقلاشماق.
قۇدرۇق قۇيرۇق.
قۇدرەت (ئە) قۇدرەت.
قۇدۇغ قۇدۇق.
قۇر بەلباغ، چەمبەر، كەمەر.
قۇر مەرتىۋە، دەرىجە، ئۇنۋان.
قۇر ـ توپلىماق، قۇرماق.
قۇرت قۇرت، قوڭغۇر.
قۇرتغا ياشانغان، قېرى.
قۇرچ قۇيۇچ، پولات.
قۇرغۇ تەنتەك، يەڭگىل، ئالدىراقسان.
قۇرغۇلۇق شاللاقلىق، تۇترۇقسىزلىق.
قۇرى ـ قۇرۇماق.
قۇرىت ـ قۇرۇتماق، يوقاتماق.
قۇرۇت قۇرۇت، ئىرىمچىك.
قۇرۇغ قۇرۇق، بوش.
قۇرۇغساق كۆڭۈل، قەلب.
قۇز تەسكەي.
قۇزغۇن قاغا، قۇزغۇن.
قۇزى قوزا.
قۇش قۇش، ئۇچار قۇش.
قۇشچى قۇشچى، قۇش سالغۇچى.

قۇشۇغ	قوشاق، شېئىر.
قۇغۇ	ئاق قۇ.
قۇل	قۇل، بەندە.
قۇلاچ	غۇلاچ.
قۇلاچلا-	غۇلاچلىماق.
قۇلان	قۇلان، ياۋا ئېشەك.
قۇلاۋۇز	باشلامچى، يول كۆرسەتكۈچى.
قۇلسىغ	قۇلسىمان، قۇل تائىپىسىدىن بولغان.
قۇلغاق	قۇلاق.
قۇتى	بەختلىك خان.
قۇللۇق	خىزمەتكار، قۇل، قۇللۇق.
قۇم	قۇم، دەشت ـ باياۋان.
قۇمارۇ	مىراس، ۋەسىيەت، ئۆگۈت ـ نەسىھەت.
قۇمارۇ	قۇمارۇ. (ئودغۇرمىشنىڭ خىزمەتكارى)
قۇنۇق	ھىيلىگەر، ھەييار.
قۇياغ	ساۋۇت، جەڭ ساۋۇتى.
قۇيۇغ	پۇختا، تەجرىبىلىك.
قىر	قىر، سەھرا، دۆڭ ـ ئويمان.
قىران	(ئە) ساھىبقىران، كۈچلۈك.
قىرتىش	بەدەن، تەن.
قىرغىل	جەسۇر، جەڭگىۋار.
قىرق	قىرىق. (40)
قىرماچى	قىرمىچى، نەققاش، ئويمىكەش.
قىرۇق	قىرغىنچى.
قىز	قىز، چۆرە، قىز بالا.
قىز	نادىر، قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان.
قىز-	قىزارماق، كۇلمەك.
قىزار-	قىزارماق.
قىزارت-	قىزارتماق، شادلاندۇرماق.
قىزلىق	نادىرلىق، قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق.

قىزىل قىزىل.
قىس- قىسماق.
قىسسە (ئە) ھال ـ ئەھۋال، ھېكايە.
قىسغا قىسقا، ئاز.
قىسمەت (ئە) قىسمەت، تەقدىر.
قىسىل- قىسىلماق، تارلاشماق.
قىسىۇر - قىسقارتماق.
قىش قىش.
قىل قىل، چاچ، يال.
قىل قىلقۇيرۇق (بىر خىل قۇش).
قىل- قىلماق، ئەتمەك، ئىشلىمەك.
قىلام (ئە) قەلەملەر.
قىلدۇر- قىلدۇرماق.
قىلىچ قىلىچ.
قىلىق خۇي، مىجەز، ئادەت.
قىلىن- قىلىنماق، ئىشلەنمەك.
قىلىنچ قىلىق، خۇي، مىجەز.
قىمىز قىمىز.
قىن قىن، غىلاپ.
قىن جازا، ئازاب.
قىنا- قىينىماق، جازالىماق.
قىۋ بەخت، دۆلەت، سائادەت، قۇت.
قىۋچاق ئىچى بوش، بوشاڭ.
قىۋى تۇراقسىز، بىردەملىك.
قىۋىلىق تۇراقسىزلىق.
قىي- قىيماق.
قىيام (ئە) تىك تۇرماق.
قىيمەت (ئە) قەدىر ـ قىممەت.
قىيىق قىيىلغان، ئەگرى.
قىيىل- قىيماق، قاچماق، سۆزدىن يانماق.

قىيىن جازا، ئىسكەنجە، قىيناق.

ك

كاغىد (پ) قەغەز.

كاغىز (پ) قەغەز.

كافۇر (ئە) كافۇر. (ئاق، خۇش پۇراق بىر خىل دورا)

كافىر (ئە) كاپىر، دىنسىز.

كەبىت دۇكان.

كەپ ۋۇجۇد، تەن، قېلىپ، شەكىل.

كەت- كەتمەك.

كەتەر- يوقاتماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق، ئېلىپ تاشلىماق.

كەچ كەچ، ئۇزۇن، قەدىمىي.

كەچ- كەچمەك، ئۆتمەك، ئۆلمەك، يوقالماق.

كەچە كېچە، ئاخشام.

كەچىش ئۆتۈش.

كەچىك كېچىك، كېچىپ ئۆتىدىغان جاي.

كەچىملىك ۋاقىتلىق، مۇۋەققەت، ئۆتكۈنچى.

كەچۈر- ئۆتكۈزمەك، كەچۈرمەك.

كەد ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، قالتىس.

كەد- كىيمەك.

كەدگۈ كىيىم - كېچەك.

كەدگۈلۈك كىيىم، كىيىم - كېچەك.

كەدىم كىيىم.

كەدىن ئارقا، كەينى.

كەدۈت كىيىم - كېچەك، تون.

كەدۈر- كىيدۈرمەك.

كەدۈك كىيىم، يېپىنچا.

كەر- كەرمەك.

كەرتۈ ھەقىقىي، ئەمەلىي، راست، توغرا.

كەرىش	غوۋغا، ئۇرۇش، جېدەل.
كەرىم	(ئە) مېھرىبان، سېخىي، ئۇلۇغ.
كەرەك	كېرەك، لازىم، ئېھتىياج.
كەرەك-	كېرەك قىلماق، لازىم قىلماق.
كەرەكلە-	لازىم تاپماق، ئىزدىمەك.
كەز-	كەزمەك.
كەزىك	نۆۋەت، پەيت.
كەس-	كەسمەك.
كەسمە	كوكۇلا، قىزلارنىڭ كوكۇلىسى.
كەسىل-	كېسىلمەك.
كەسۇك	ئۈزۈلگەن، كېسىلگەن.
كەسۇكسۇز	داۋاملىق.
كەسە	كەسكىن، ئوچۇق، ئېنىق.
كەفارەت	(ئە) كەفارەت، گۇناھنى يۇيۇشنىڭ كەفارىتى، بەدىلى.
كەك	ئۆچ، ئاداۋەت.
كەكلىك	كەكلىك.
كەكنە-	پىتنە قىلماق، ئۇششاق سۆز قىلماق.
كەگ	ئۆچ، ئاداۋەت.
كەڭ	كەڭ، كەڭرى.
كەڭ	كەڭ، كۆپ.
كەڭە-	كېڭەشمەك، مەسلىھەت قىلماق.
كەڭەش	كېڭەش، مەسلىھەت.
كەڭەش-	كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك، پىكىرلەشمەك.
كەڭەشچى	مەسلىھەتچى، مۇشاۋىر.
كەڭۇ-	كېڭەيمەك.
كەل-	كەلمەك.
كەلبۇد	(پ) قەلب، ۋۇجۇد.
كەلتۇر-	كەلتۇرمەك.
كەلدۇر-	كەلتۇرمەك.
كەلىش-	بېرىش - كېلىش قىلماق.

كەلىن كېلىن.
كەم كېسەل.
كەمال (ئە) كامىل، مۇكەممەل.
كەمدى- سۆڭەك غاجىلىماق.
كەمىش- قويماق، ئاتماق، تاشلىماق.
كەمە كېمە.
كەنچ بالا، ياش، كىچىك بالا.
كەند كەنت، شەھەر، ئەل - يۇرت.
كەندۇ ئۆزى.
كەۋەل ئەرەب ئېتى، يورغا؛ يورغا ئات.
كەيىك كېيىك.
كۆپ كۆپ، جىق، نۇرغۇن.
كۆپەد- كۆپەيمەك، جىقايماق.
كۆپەك ئىت.
كۆترۈل- كۆتۈرۈلمەك، يوق بولماق.
كۆتكى دۆڭ، تۆپە.
كۆتۈر- كۆتۈرمەك، يۈكسەلمەك.
كۆچ دەم، قىسقا، پەيت.
كۆچ كۆچ، كۆچ - كۆچ.
كۆچكۈن كۆچ - كۈچ.
كۆچۈت كۆچ ئات.
كۆچۈتچى كۆچۈرگۈچى، كۆچۈرۈپ ماڭغۇچى.
كۆدرۈم يۈكسەك، خىل، جەسۇر، تاللانغان.
كۆر- كۆرمەك، قارىماق، باقماق، سەپسالماق.
كۆرك ھۆسن، جامال، تۇرق، چىراي.
كۆركسۈز سەت، كۆرۈمسىز.
كۆركسۈزلۈك سەتلىك، كۆرۈمسىزلىك.
كۆركلۈگلۈك گۈزەللىك.
كۆركىت- كۆرسەتمەك.
كۆرۈن- كۆرۈنمەك.

کۆروندور- کۆرسەتمەك.
کۆز کۆز.
کۆزوڭو ئەینەك، کۆرگو.
کۆسوش کەم، ئاز، نادىر، ئەزىز.
کۆشت- ساقلىماق، ساقلانماق.
کۆشىك پاناھ، ھىمایە.
کۆك ئەسل، یىلتىز، نېگىز، ئاساس.
کۆك کۆك، ئاسمان.
کۆك کۆك رەڭ، کۆك.
کۆك ئایوق تورکمەن چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئونۋان.
کۆکچىن ئاقساقال.
کۆکرە- گورکىرىمەك.
کۆکسون قەھر، غەزەپ.
کۆکسەگوچی کۆکسىنی کەرگوچی.
کۆکلە- یاشاناماق، راۋاج تاپماق.
کۆکوز کۆکسی، مەیدە، کۆکرەك.
کۆکىش بىر خىل قوش.
کۆلىگ کۆلەڭگە.
کۆلىگە کۆلەڭگە، قویوق کۆلەڭگە.
کۆلوك یوك ئارتىلغان ئولاغ، یوك ھایۋانلىری.
کۆم- کۆممەك.
کۆمور کۆمور.
کۆن- توغرا ئىش قىلماق، توزەلمەك، توغرا سۆزلىمەك.
کۆندور- توغرا ئىش قىلدورماق.
کۆنی توغرا، دوروس، ھەق، ئادىل.
کۆنت- راستچىل بولماق، دوروس بولماق.
کۆنلىك توغرىلىق، راستچىللىق، ئادىللىق.
کۆنول- توزەلمەك، دوروس بولماق.
کۆنەك کونەك، دەلۋە بورچی.
کۆی- کۆیمەك.

كۆيۈر- ياقماق، كۆيدۈرمەك.
كۆڭلەك كۆڭلەك.
كۆڭۈل كۆڭۈل، دىل، يۈرەك، ئەقىل، پىكىر.
كۆۋرۈگ دۈمباق.
كۆركلۈگ كۆركەم، گۈزەللىك.
كۈ داڭ، شۆھرەت، نام، ئابرۇي.
كۈ- ئاسرىماق، قوغدىماق.
كۈتچى چوپان، قوي باققۇچى.
كۈچ كۈچ، قۇۋۋەت؛ زۇلۇم، زورلۇق.
كۈچكەي زالىم، زوراۋان.
كۈچە- زورلىماق، كۈچىمەك، زۇلۇم قىلماق، ئازابلىماق.
كۈچەد- كۈچلەنمەك.
كۈچەك زورلۇق.
كۈچەمچى زالىم، زوراۋان.
كۈچەن- كۈچلەنمەك، كۈچەيمەك.
كۈد- كۈتمەك، ساقلىماق.
كۈدۈك ئىش.
كۈدۈك ئىش، ئىش - ھەرىكەت.
كۈدەز- كۆزىتىش، مۇھاپىزەت قىلىش، نازارەت قىلماق.
كۈدەزچى كۆزەتچى، نازارەتچى.
كۈدەزىل- كۆزىتىلمەك، قوغدالماق، ئاسرالماق.
كۈدەگۈ كۈيئوغۇل.
كۈدەن توي، مەرىكە، توي - تۆكۈن.
كۈر جەسۇر، جىگەرلىك، باتۇر.
كۈركۈم زەپەر؛ زەپىران.
كۈرۈد مىرىخ (مارس) يۇلتۇزى.
كۈرە- قاچماق.
كۈرەت- يوقاتماق، قولدىن كەتكۈزمەك.
كۈرەش- ئېلىشماق، جەڭ قىلماق.
كۈرەك قاچاق، قاچقۇن.

کۉز	کۉز، کۉز پەسلی.
کۉزەت-	کۆزەتمەک، ساقلىماق، مۉهاپىزەت قىلماق.
کۉژەک	کۆکلىگەن بىخ، پۆپۉک.
کۉسە-	ئارزۉ قىلماق، ئىستىمەک، تىلىمەک.
کۉسەمىش	لەقەم، تەخەللۉس. (ئایتولدىنىڭ دوستی)
کۉڭ	دێدەک، کێنىزەک.
کۉل-	کۉلمەک.
کۉلچىر-	کۉلۉمسىرىمەک.
کۉلدۉر-	کۉلدۉرمەک.
کۉلمىز	تاغ ئۆچکىسی.
کۉلۉگ	شۆهرەت، داڭ، مەشهۉر.
کۉلۉن-	پۉکۉلمەک، پۉتلاشماق.
کۉلۉنچ	کۉلۉش، کۉلکە.
کۉمۉش	کۉمۉش.
کۉن	خەلق، ئەل - یۉرت، مەملىکەت.
کۉن	کۉن، قۉیاش.
کۉن	کۉن، هەر کۉنی.
کۉن توغدی	کۉنتۉغدی. (ئەلىگ)
کۉندۉز	کۉندۉز.
کۉڤەز	مەغرۉر، تەکەببۉر.
کۉڤەزلىک	تەکەببۉرلۉق.
کۉڤەن-	مەغرۉرلانماق، پەخىرلەنمەک.
کۉڤەنچ	ئىپتىخار، غۉرۉر.
کۉڤەنچلىک	شادلىق، خۉراملىق.
کىچىگ	کىچىک، یاش.
کىچىگلىک	کىچىکلىک، یاشلىق.
کىدىز	کىگىز.
کىر	کىر، پاسکىنىلىق.
کىر-	کىرمەک.
کىرتۆچ	هەسەتخور.

كىرىش كىرىم، دارامەت.
كىزلە يوشۇرماق.
كىسرا (ئە) ئىران شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.
كىسى ئايال، خوتۇن.
كىش قارا بۇلغۇن، قاما.
كىشچى ئوۋچى.
كىشى ئىنسان، ئادەم، كىشى.
كىشىلىك ئادەمىيلىك، ئىنسانلىق، كىشىلىك.
كىشە- كىشەنلىمەك، باغلىماق.
كىشەل كىشەنلەنمەك، باغلانماق.
كىشەن كىشەن، ئىشكەل.
كىگۈر- كىرگۈزمەك، ئۆزىگە تارتماق.
كىم كىم، قايسى.
كىميا (ئە) خىمىيە.
كىن خۇشبۇي ھىد، ئىپار.
كىن كېيىن، ئارقا، ئاندىن.

گ

گەنچ (پ) خەزىنە.
گەۋارىش (پ) بىر خىل شەربەت.
گەۋھەر (پ) گۆھەر.
گۆر (پ) گۆر، قەبرە.
گۇلەف (پ) شەربەت، گۇل سۈيى.
گۇھەر (پ) گۆھەر.

ل

لاچىن لاچىن؛ بۈركۈت.
لام (ئە) ئەرەبچە «ل» ھەرپىنىڭ نامى.

لەقەب (ئە) لەقەب، لەقەم.
لەفز (ئە) سۆز.
لەۋھۇ قەلەم (پ) لەۋھە ۋە قەلەم.
لۇقمان لوقمان ھېكىم.
لىقا (ئە) يۈز.
لىۋ داستىخان، يېمەك.

م

ما ۋە؛ ئەگەر؛ يەنە، شۇنداق، ... مۇ.
ماچىن ماچىن (مەملىكەت ئىسمى).
ماڭ- ماڭماق، يۈرمەك، چامدىماق.
ماڭىم قەدەم، چامدام.
مال (ئە) مال.
مايە (پ) دەسمايە.
مە ۋە، ئەگەر، ھەتتا، يەنە، شۇنداق، ... مۇ.
مەترىدۇس بىر خىل دورا.
مەجاز (ئە) مەجاز، تەقلىد.
مەجۇن (ئە) مەجۇن.
مەرۇف (ئە) (ئەمرىمەرۇپ) ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش.
مەزالىم (ئە) زۇلۇم كۆرگۈچى.
مەشرىق (ئە) شەرق، كۈنچىقىش.
مەگەر (پ) مەگەر، ئەگەر.
مەڭ يەم، دان، يەمچۈك.
مەڭزەت- ئوخشاتماق؛ سېلىشتۇرماق.
مەڭزەگ ئوخشاشلىق، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش.
مەڭى خۇشاللىق، شادلىق؛ ھۇزۇر.
مەڭىز مەڭز، يۈز، چىراي.
مەڭۈ ئەبەدىي، مەڭگۈ، ئۆلمەس.
مەڭۈلۈك مەڭگۈلۈك.

مەڭە ئەقىل، مېڭە، سائادەت.
مەلىك (ئە) پادىشاھ، ھۆكۈمدار.
مەمالىك (ئە) مەملىكەتلەر.
مەن مەن.
مەنزىل (ئە) مەنزىل، ماكان، نىشان.
مەئنى (ئە) مەنە.
مەۋلۇد (ئە) مەۋلۇت، تۇغۇلۇش.
مۇ بۇ.
مۇئەببىر (ئە) تەبىر بەرگۈچى.
مۇئەززىم (ئە) مۇئەززىم، ئەپسۇنچى.
مۇتىئى (ئە) ئىتائەتچان.
مۇستەفا ساپ، پاك (مۇھەممەد پەيغەمبەر).
مۇسەللەت (ئە) ۋەزىپىگە قويۇلماق، ئەۋەتىلمەك.
مۇفسىد (ئە) جېدەلچى.
مۇقابەل (ئە) ئالگېبرا.
مۇقىر (ئە) ئىقرار قىلغان.
مۇڭ ئېھتىياج، موھتاجلىق، غەم.
مۇڭاد- ئېھتىياج بولماق.
مۇڭقار- قايغۇرماق، قىينىماق.
مۇلك (ئە) مەملىكەت، ئەل.
مۇن- ئازماق، ئەقىلدىن ئازماق.
مۇنداغ شۇنداق.
مۇندۇز دۆت، تەلۋە، ئەخمەق.
مۇنقا ئىتائەتسىز، بەڭباش.
مۇھال (ئە) مۇمكىن ئەمەس، ناتايىن.
مۇئمىن (ئە) مۆمىن.
مۇئىن (ئە) ھامىي، تىرەك.
مۇرۇۋۋەت (ئە) مۇرۇۋۋەت، ئادىمىيلىك، مەردلىك.
مۇفۇجا (ئە) بىردىنلا، تۇيۇقسىز.
مۇفلىس (ئە) قۇرۇق قالماق.

مۇلكەت (ئە) مەملىكەت.

مۇلك (ئە) ھۆكۈمدارلار.

مۇن- مىنمەك.

مۇنقەلىب (ئە) ئۆزگىرىپ تۇرماق.

مۇنكەر (ئە) تۇسقۇچى.

مۇيان ساۋاب.

مۇيغاق كېيىك.

مۇن قوسۇر، نۇقسان؛ سەرمايە.

مىزاب (ئە) مەيزاپ.

مىسال (ئە) مىسال، ئۆرنەك.

مىساھەت (ئە) يەر ئۆلچەش ئىلمى.

مىن- مىنمەك.

مىنا (پ) زەڭگەر رەڭ.

مىنگۇ مىنىدىغان ئات - ئۇلاغ.

مىڭەر مىڭلارچە.

مىھنەت (ئە) مۇشەققەت، جاپا، ئەمگەك.

ن

نارۇ ئۇياققا، كېيىن، نېرىسى، باشقا.

ناسىر (ئە) ياردەمچى، تىرەك.

نە نە، نېمە، قايسى، قانداق.

نەتەگ قانداق؟ قايسى.

نەچە نەچچە، قانچە، قانچىلىك.

نەچەمە قانچىلىك.

نەھيۇ مۇنكەر (ئە) يامانلىقتىن تۇسقۇچى.

نەردۇ شەترەنج (پ) قاتار ئويۇنى ۋە شاھمات.

نەرەك نېمىگە كېرەك؟ نېمە ئەھمىيىتى؟

نەفس (ئە) ھاۋايى - نەپس، (ئادەمنىڭ) نەپسى.

نەگۇ قانداق؟ نېمىشقا؟ قايسى تەرزدە؟

نەگۈلۈك	نېمە ئۈچۈن.
نەڭ	نەرسە، مال، ئەشيا.
نەلۈك	نېمە ئۈچۈن؟ قانداق؟
نەۋبەت	(ئە) دۇمباق، جەڭ دۇمبىقى.
نۇجۇم	(ئە) ئاسترونومىيە، يۇلتۇز ئىلمى.
نۇش	(پ) شەربەت.
نۇشىنرەۋان	نۇشىرۋان ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئادالەت بىلەن تونۇلغان بىر ھۆكۈمدارى.
نۇقۇل	(ئە) تاتلىق، يەل - يېمىش.
نۇھ	نۇھ ئەلەيھىسسالام.
نۇ	«نە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىر يۈكلىمە.
نىئمەت	(ئە) نېمەت.
نىزام	(ئە) تەرتىپكە سېلىش.
نىشان	(پ) نىشان، بەلگە، ئىز.

ھ

ھاجەت	(ئە) ھاجەت، ئېھتىياج.
ھاجىب	(ئە) تايانغۇ، باش مەسلىھەتچى.
ھال	(ئە) ھال، ئەھۋال.
ھاۋا	(ئە) ھاۋا ئانا.
ھەب	(ئە) ھەب، كۇمىلاچ دورا.
ھەبىب	(ئە) سۆيۈملۈك. (پەيغەمبەر مەنىسىدە)
ھەبەش	(ئە) ھەبەش قەبىلىسى، پىدىگەن رەڭ.
ھەد	(ئە) گىرۋەك، چەك، چېگرا.
ھەرىر	(ئە) يىپەك.
ھەرىسلىق	ھېرىسمەنلىك، زوق.
ھەرىف	(ئە) رىقابەتچى، رەقىب، دۈشمەن.
ھەزەر	(ئە) ھەزەر ئەيلىمەك، ساقلانماق.
ھەشەم	(ئە) خىزمەتكار.
ھەق	(ئە) ھەق، ھەقىقەت، توغرىلىق.

هەققۇل ـ يەقىن (ئە) مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىتى (ئاللا مەنىسىدە).

هەكىم (ئە) تېۋىپ، ھېكىم.

هەلال (ئە) ھالال.

هەندەسە (ئە) گېئومېترىيە.

هەم (پ) ھەم، ۋە.

هەمد (ئە) ھەمدۇسانا، مەدھىيە.

هەۋا (ئە) ھەۋەس، ھاۋايى ـ ھەۋەس.

هەمىيەت (ئە) چىدام كۆرسىتىش.

هەيدەر (ئە) ھەيدەر، ھەزرىتى ئەلى.

هۆججەت (ئە) دەلىل، ھۆججەت.

هۆكەما (ئە) ھەكىملەر، ئالىملار.

هۆكىم (ئە) ھۆكۈم، يارلىق.

هىسار (ئە) شەھەر، قەلئە.

هىممەت (ئە) ھىممەت كۆرسەتمەك، تىرىشماق.

هىندۇ (ئە) ھىندۇ، ھىندى.

ئو

ئوپـ يۇتماق.

ئوپراـ ئۇپرىماق، چىرىماق، ئەسكىرىمەك.

ئوپراق كونا، يىرتىق.

ئوپرى ئويمان.

ئوت داۋا، چارە، ئەم.

ئوت ئوت ـ چۆپ.

ئوتاـ داۋالىماق.

ئوتاتـ داۋالاتماق.

ئوتاچى تېۋىپ، دورىگەر.

ئوتاغ ئوتاق، چېدىر.

ئوترۇ ئوتتۇرى.

ئوتۇن پەس، پەسكەش؛ دۆت، جاھىل.

ئۇتۇنلۇق پەسكەشلىك؛ جاھىللىق.
ئۇدان- (ئۇدۇن) ئويغانماق.
ئۇدغۇر- ئويغاتماق.
ئۇدغۇرمىش ئۇدغۇرمىش (كىشى ئىسمى).
ئۇدۇغ ئويغاق، سەگەك، ھوشيار.
ئۇدۇغلۇق ھوشيارلىق.
ئۇر- ئۇرۇماق.
ئۇرتۇ ئوتتۇرا.
ئۇرتۇق ئورتاق.
ئۇردۇ ئوردا، ساراي.
ئۇرنا- جايلاشماق، ئورۇنلاشماق.
ئۇرۇ زىندان.
ئۇرۇن ئورۇن، ماكان، تۇرار جاي.
ئۇرۇنچ پارا.
ئۇرۇنچاق ئامانەت.
ئۇز- ئوزماق، ئالدىغا ئۆتمەك.
ئۇزا ئوزاقى، ئۆتكەنكى، ئاۋۋالقى.
ئۇزۇق ئالدىنقى قاتار.
ئۇزۇن تۆھمەت، غەيۋەت.
ئۇزۇنچى پىتنىخور، غەيۋەتخور.
ئۇغرى ئوغرى؛ يوشۇرۇن.
ئۇغلاغۇ ئەركە، ئىپسىل، نازۇك.
ئۇغلاق ئوغلاق بۇرچى.
ئۇغلان بالا، ئوغۇل، ئەزىمەت.
ئۇغۇر ئىمكانىيەت، لايىقىدا.
ئۇغۇل ئوغۇل، ئوغلان، بالا.
ئۇق ① پېئىللارنىڭ تەكىت ئۇلانمىسى؛ ② رەۋىش ئۇلانمىسى.
ئۇقچى ئوقياچى، مەرگەن.
ئۇقشاغ ئوخشىشى.
ئۇقلىدىس ئۇقلىدىس (ئادەم ئىسمى).

ئوقى- ئوقۇماق؛ دەۋەت قىلماق.
ئوقىتچى دەۋەت قىلغۇچى، چاقىرغۇچى.
ئوقچى دەۋەت قىلغۇچى.
ئوقىش- چاقىرىشماق.
ئوقغچى دەۋەت قىلغۇچى.
ئوڭ ئوڭ، ئوڭ تەرەپ؛ ئاسان.
ئوڭ سارغايماق.
ئوڭار- ئوڭشىماق، تۈزەتمەك.
ئوڭاي مۇلايىم، سىلىق، يۇمشاق؛ يوپيتېر، يەنى مۇشتەرى يۇلتۇزى.
ئوڭۇل- ئوڭشالماق، تۈزەلمەك.
ئول ئۇ، بۇ، شۇ، ئاۋۇ.
ئولدرۇغ ئولتۇرغان يەر، ماكان، ئورۇن.
ئولدرۇم پالەچ.
ئولدۇر- ئولتۇرماق.
ئوۋ سۆيمەك، ئۆپمەك.
ئوي ئازگال، يەر قېتى (گۆر).
ئوينا- ئويناماق.
ئويۇغ كۆلەڭگە، سايە.
ئويۇن ئويۇن، تاماشا.

ئۇ

ئۇ ئۇيقۇ.
ئۇ ① تەشنا بولماق؛ ② ئىمكاننى بىلدۈرگۈچى ياردەمچى پېئىل.
ئۇت- ئۇتماق، يەڭمەك، غەلىبە قازانماق.
ئۇترا ئوتتۇرا.
ئۇترۇ ئۇتتۇر، ئۇدۇل، توغرا، توپتوغرا.
ئۇچ ئۇچ، چەك، تۈۋى.
ئۇچ- ئۇچماق.
ئۇچا دۈمبە مۇكچەيمەك.

ئۆچماق جەننەت، بېھىش.

ئۆچۆز ئەرزىمەس، ئەرزان، خار.

ئۆچۆزلا- پەس كۆرمەك.

ئۆچۆق ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگىمەك.

ئۆد كالا، سىيىر.

ئۆد- ئىز باسماق، ئىز قوغلىماق.

ئۆد سەۋر بۇرجى.

ئۆدقۇ ئۆيقۇ.

ئۆدلايۇ- ئۆيدەك، كالىدەك.

ئۆدى- ئۆخلىماق.

ئۆدىت- ئۆخلاتماق، يېنىكلەتمەك.

ئۆدىن- ئۆچمەك.

ئۆدۈل- ئويغانماق، ئەگەشمەك.

ئۆدۈن- ئۆچمەك.

ئۆر- ئۆرماق.

ئۆراغۇن ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل ئاچچىق (زەھەرلىك) دورا.

ئۆرغۇچى ئۆرغۇچى.

ئۆرى ئەركەك، ئوغۇل.

ئۆرى چۇقان - سۈرەن، شاۋقۇن.

ئۆرۈش ئۆرۈش، جەڭ، سوقۇش.

ئۆرۈش- ئۆرۈشماق، سوقۇشماق.

ئۆرۈغ نەسىل، ئۇرۇق، ئەۋلاد.

ئۆرۈن- قويۇلماق، (نام) بېرىلگەن، ئاتالماق.

ئۆز ئۆز، چىرايلىق، چېۋەر، ماھىر.

ئۆزا- ئۆزىماق.

ئۆزر (ئە) ئەپۇ، كەچۈرۈم.

ئۆزۈن ئۆزۈن.

ئۆس- ئۆسسىماق.

ئۆسال غاپىل، بىخۇد.

ئۆساللىق غاپىللىق، بىخۇدلۇق، بىغەملىك.

ئۇسان- غاپىل بولماق.
ئۇسايۇق غاپىل.
ئۇسرىق ئۇيقۇسى كەلگەن، مۈگدىگەن.
ئۇسمان ئوسمان. (ئۇچىنچى خەلىپە)
ئۇش شۇ؛ هازىر، ھېلىلا.
ئۇشات- ئۇشاتماق، سۇندۇرماق.
ئۇشاق ئۇششاق.
ئۇشاق غەيۋەت، ئۇششاق سۆز.
ئۇشاقچى غەيۋەتخور.
ئۇشتماخ جەننەت.
ئۇشۇن يەلكە، ئۆشنە.
ئۇغان تەڭرى، خۇدا، قادىر.
ئۇق- ئۇقماق، بىلمەك، چۈشەنمەك.
ئۇقبى ئاخىرەت، قىيامەت.
ئۇقتۇر- بىلدۇرمەك، ئۇقتۇرماق.
ئۇقۇش ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت؛ چۈشىنىش.
ئۇقۇغ چۈشەنچە، مەنە.
ئۇقۇل- ئۇقۇلماق، بىلىنمەك.
ئۇل ئۇل، ئاساس.
ئۇل- كونىرىماق، قېرىماق.
ئۇلا- باغلىماق، ئۇلىماق.
ئۇلاش- ئۇلاشماق، باغلاشماق.
ئۇلام داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي.
ئۇلان- ئۇلانماق، باغلانماق.
ئۇلەما (ئە) ئۆلىما، ئالىم.
ئۇلۇش يېزا، كەنت، شەھەر.
ئۇلۇغ ئۇلۇغ، بۈيۈك، چوڭ.
ئۇلۇغسىغ ئۇلۇغ كۆرۈنمەك، چوڭچىلىق قىلماق.
ئۇلى- ① ئىڭرىماق، نالە قىلماق؛ ② ھۇۋلىماق، پەرياد چەكمەك.
ئۇلىن- نالە قىلماق.

ئۈم- ئۈمىد قىلماق.

ئۈمدۈ تەمە، ئۈمتۈلۈش.

ئۈمدۈچى تەمەخور.

ئۈممەت (ئە) ئۈممەت.

ئۈمىن- ئۈمىد قىلماق.

ئۈمىنچ ئۈمىد، ئارزۇ، تەلەپ.

ئۈمۈنچ ئۈمىد.

ئۈنا- رازى بولماق، ئۈنىماق.

ئۈنىت- ئۇنتۇماق.

ئۈنۈ ئۇنى، بۇنى، ئانى.

ئۈنۈر ئەزىمەت، قۇدرەتلىك ئىنسان.

ئۈۋۈت ھايا، نومۇس، ئۇيات.

ئۈۋۈتسۈزلۈق ئۇياتسىزلىق، ھاياسىزلىق.

ئۈياد ئۇياتماق، خىجالەت بولماق، ئۇيالماق.

ئۆ

ئۆ- ئويلىماق، چۈشەنمەك.

ئۆپ- سۆيمەك، ئۆپمەك.

ئۆت مەسلىھەت، نەسىھەت.

ئۆت- كەچمەك، ئۆتمەك.

ئۆت- سايرىماق.

ئۆتە- ئۆتىمەك.

ئۆترۈ شۇ چاغدا، شۇنىڭدىن كېيىن، ئاندىن كېيىن.

ئۆترۈم سۇرگە دورىسى.

ئۆتكۈر- تەقلىد قىلماق.

ئۆتكۈنچ تەقلىد، ئوخشاتماق.

ئۆتلە- نەسىھەت قىلماق.

ئۆتۈك تىلەك، مۇراجىئەت.

ئۆتۈك ئىلتىماس، ئۆكۈنۈش.

ئۆتۈكچى هال ـ ئەھۋال ئىپتقۇچى.
ئۆتۈكەن ئۆتۈكەن (تاغنىڭ ئىسمى).
ئۆچ ئۆچ، ئىنتىقام، ئاداۋەت.
ئۆچ- ئۆچمەك.
ئۆچە- ئۆچۈرمەك.
ئۆد زامان، ۋاقىت، پەيت.
ئۆدرۈم تاللانغان نەرسە، خىل نەرسە.
ئۆدرۈندۈ تاللانما، خىللانما.
ئۆدلەك زامان، پەلەك، دۇنيا، پەيت.
ئۆدۈر- تاللىماق، خىللىماق.
ئۆر- يۈزلەنمەك.
ئۆرت- ئۆرتەنمەك.
ئۆرتۈگ يوشۇرۇن، مەخپىي.
ئۆرتە- ئۆرتىمەك، كۆيدۈرمەك.
ئۆرك يۈگەن، چۇلۋۇر.
ئۆركلە - يۈگەنلىمەك.
ئۆرلە - ئۆرلىمەك، يۈكسەلمەك.
ئۆرلەم داۋان.
ئۆرۈ يۇقىرى، تىك، يۈكسەك.
ئۆرۈك مەنزىل، قونالغۇ.
ئۆرۈك ئۆرۈمە، ئۆرۈلگەن.
ئۆرۈگ تەمكىن، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم.
ئۆرۈگلۈك تەمكىن، ۋەزمىن.
ئۆرۈم بۆز كىيىم، جۇل - جۇل.
ئۆز ئۆز، ئۆزى.
ئۆزكەي سادىق، ۋاپادار.
ئۆزلە - ئۆز كۆرمەك.
ئۆزنە - رەت قىلماق، بويۇن تولغىماق، قارشى چىقماق.
ئۆزەل- قىينالماق.
ئۆزەلە ئۈستىدە.

ئۆك	ئۆك (كۆچەيتكۈچى ئۇلانما).
ئۆكتەم	ئۆكتەم، قۇسۇرلۇق، زالىم.
ئۆكۈش	كۆپ، جىق، تولا، نۇرغۇن.
ئۆكۈن-	پۇشايمان قىلماق، ئۆكۈنمەك.
ئۆكۈنچ	ئۆكۈنۈش.
ئۆگ	ئەقىل، ئەقىل - پاراسەت.
ئۆگ-	ماختىماق، مەدھىيەلىمەك.
ئۆگە	دانىشمەن، دانا.
ئۆگەلىك	دانىشمەنلىك، مەسلىھەتچىلىك.
ئۆگدى	مەدھىيە، ئالقىش.
ئۆگدۈلمىش	ئۆگدۈلمىش. (كىشى ئىسمى)
ئۆگرەت-	ئۆگەتمەك.
ئۆگرەتىگ	مىجەز، ئادەت.
ئۆگرەن-	ئۆگەنمەك.
ئۆگگۈچى	ماختىغۇچى.
ئۆگلەن-	ئەقىل تاپماق، ئەقلى تولماق.
ئۆگۈز	دەريا، ئېقىن.
ئۆگۈنچ	ماختىلىش.
ئۆگىت-	ئۇۋاتماق، سوقماق.
ئۆگىر	بەزلىمەك.
ئۆڭ	ئۆڭ، ئالدى.
ئۆڭ	رەڭ.
ئۆڭدى	قانۇن، ئادات.
ئۆڭدۈ	قانۇن، ئادات.
ئۆڭدۈر-	بەتلىمەك. (ئوقيا)
ئۆڭدۈن	ئالدىدىن.
ئۆڭى	باشقا، باشقىسى.
ئۆل	ھۆل، نەم.
ئۆل-	ئۆلمەك.
ئۆلى	ھۆل، نەم.

ئۆلۈتچى	قاتىل.
ئۆلۈگ	ئۆلۈك.
ئۆۋكە	غەزەپ، قەھر.
ئۆۋكەلە-	غەزەپلەنمەك.

ئۈ

ئۈت	چوڭقۇرلۇق.
ئۈچ	ئۈچ. (ساناقتىكى)
ئۈچۈن	ئۈچۈن.
ئۈچۈنچ	ئۈچىنچى.
ئۈچەگۈ	ھەر ئۈچى.
ئۈدرە	بەرىكەتلىك بولماق.
ئۈدىك	ھەسرەت، ھاياجان.
ئۈر -	ھاۋشىماق، ھۇۋلىماق.
ئۈرۈڭ	ئاق.
ئۈر -	پۈۋلىمەك.
ئۆرۈڭ	ئاق.
ئۈز -	ئۈزمەك، كەسمەك.
ئۈزە	ئۈستىدە، يۇقىرىدا، توغرىسىدا.
ئۈزۈك	ئۈزۈك، چالا.
ئۈزۈل-	ئۈزۈلمەك.
ئۈزەنگۈ	ئۈزەڭگە.
ئۈست	ئۈستى.
ئۈستىك-	ئىستىمەك، خالىماق.
ئۈستە -	ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك.
ئۈستەر	تەقىپ قىلماق.
ئۈستەم	ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئېگەر - جابدۇق.
ئۈستەڭ	ئۈستۈن، غالىب.
ئۈسك	قېشى، ئالدى.

ئۈشگۈر- ئەسلىمەك.
ئۈكەك بۇرج.
ئۈگ- توپلىماق، يىغماق.
ئۈگى بايقۇش، ھۇۋقۇش.
ئۈگۈر ئۇيۇر، توپ، پادا.
ئۈگۈك يىغىلغان، توپلىغان.
ئۈگۈل- يىغىلماق، توپلانماق.
ئۈڭۈر ئۆڭكۈر، غار.
ئۈلكەر ئۈلكەر، ئۈكەر يۇلتۇزى.
ئۈلگۈ مىزان بۇرجى.
ئۈلگۈ ئۆلچەم، مىقدار، مىزان.
ئۈلگۈلە- ئۆلچىمەك، تارتماق.
ئۈلۈش ئۈلۈش، نېسىۋە، ھەسسە.
ئۈلۈك ئۈلۈش، نېسىۋە، ھەسسە.
ئۈلۈگ ئۈلۈش، نېسىۋە، ھەسسە، بۆلەك.
ئۈلە- ئۈلەشتۈرمەك، بۆلمەك، تارقاتماق.
ئۈمەگ- مۇساپىر.
ئۈمەرا (ئە) ئەمىرلەر، بەگلەر.
ئۈن- چىقماق، ئۈنمەك، يۈكسەلمەك.
ئۈن ئۈن، ئاۋاز، تاۋۇش.
ئۈيۈر ئارپا.
ئۈيۈك پاتقاقلىق.
ئۈيۈل- پاتماق.

ۋ

ۋە (ئە) ۋە.
ۋەسىيەت (ئە) ۋەسىيەت.
ۋەفا (ئە) ۋاپا.
ۋەقت (ئە) ۋاقىت.

ۋەلىكىن (پ) لېكىن، ئەمما.
ۋىرد (ئە) ۋىرد (كېچىلىك نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەت).
ۋىسال (ئە) ۋىسال، دىدار.

ئى

ئىبرى (ئە) زەبۇرنىڭ سۇرىلىرى.
ئىت ئىت.
ئىتتىفاق (ئە) ئىتتىپاق.
ئىچ ئىچ، ئىچى (نەرسىنىڭ).
ئىچ- ئىچمەك.
ئىچ- يوقالماق، يوشۇرۇنماق.
ئىچرە ئىچىدە.
ئىچغىن- قولدىن بېرىپ قويماق، يوقاتماق.
ئىچكۆچى ئىچەرمەن.
ئىچىم ئىچىملىك.
ئىچۆر- ئىچۈرمەك.
ئىد ھىد، پۇراق.
ئىد - ئەۋەتمەك، ئۆتكۈزمەك، كەچۈرمەك.
ئىدى ناھايىتى، بەك.
ئىدى ئىگە، ئاللا، خۇدا، تەڭرى.
ئىدىش ئىدىش.
ئىدىش ئىدىش، قەدەھ.
ئىدىشچى ساقىي، ئىچىملىك قۇيغۇچى.
ئىدىلىك ئىگە بولماق، ئىگىدارچىلىق.
ئىدۇق مۇقەددەس، قۇتلۇق، مۇبارەك.
ئىر كۈنگەي.
ئىران (پ) ئىران (مەملىكەت).
ئىرتەش تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش.
ئىرىك تېتىك.

ئىز — ئىز، نىشان.

ئىز — (ئە) ئىززەت، شەرەپ.

ئىزلە — تەقىپ قىلماق.

ئىسا — (ئە) ئەيسا پەيغەمبەر.

ئىسىگ — ئىسسىق، قىزىق.

ئىسىن- — ئىسسىنماق.

ئىسىن — ئىسسىنماق.

ئىش — گىرىمسەن.

ئىشان- — ئىشەنمەك.

ئىشچى — ئىشچى، خىزمەتكار.

ئىشلە- — ئىشلىمەك، مەشغۇل بولماق.

ئىشى — خوتۇن.

ئىشىك — ئىشىك.

ئىشەن- — ئىشەنمەك.

ئىقلىم — (ئە) ئىقلىم، ئەل - يۇرت، جاھان.

ئىكى — ئىككى (2).

ئىكىگۇ — ئىككىيلەن، ھەر ئىككى.

ئىكىگۇن — ھەر ئىككىسى، ئىككىيلەن.

ئىكىلە — تەكرار، يېنىشلاپ.

ئىكىنچ — ئىككىنچى.

ئىكىندى — بىر، بىرى، باشقىسى.

ئىگ — كېسەللىك، ئاغرىق، بىمار.

ئىگچىل — ئاغرىقچان.

ئىگدىش — بىر ئانىدىن بولغان، يېتىشتۈرۈلگەن.

ئىگدىل- — تەربىيەلىمەك، تەربىيە قىلماق.

ئىگدىلە- — پەرۋىش قىلماق.

ئىگسىزلىك — كېسەلسىز، ساغلاملىق.

ئىگلە- — ئاغرىماق.

ئىگىد- — تەربىيە قىلغان، يېتىشتۈرمەك.

ئىل- — ئىلمەك، چۈشمەك، تۆۋەنلىمەك.

ئىلا	ئىلى دىيارى، ئىلى بەگلىكى.
ئىلاھى	(ئە) ئىلاھىم، رەببىم.
ئىلەك	ئىگە، ئىگىسى.
ئىلەل	لەببەي، خوپ.
ئىلەن-	تاپا - تەنە قىلماق، ئەيىبلىمەك.
ئىلەنچ	تاپا قىلىش، ئەيىبلەش.
ئىلدۇر	چۇشۇرمەك.
ئىلىش-	ئىلىنىشماق، بىر - بىرىگە ئىلىنماق.
ئىلىق-	بۇلغانماق.
ئىلىم	(ئە) ئىلىم، بىلىم.
ئىلىمغا	باش كاتىپ، خاننىڭ مەخسۇس كاتىپى.
ئىلىن-	ئىلىنماق، بېرىلمەك.
ئىمان	(ئە) ئىمان، ئىشەنچ، ئېتىقاد.
ئىمغا	تاغ ئۆچكىسى، ئۆچكە.
ئىمله	ئىملىمەك، ئىشارەت قىلماق.
ئىن	ئىن، ئۇۋا.
ئىن-	چۇشمەك.
ئىنال	بەگزادە.
ئىنان-	ئىشەنمەك، ئىنانماق، چىنپۇتمەك.
ئىنانچ	ئىشەنچ.
ئىنايەت	(ئە) ئىناۋەت، ھىممەت، غەيرەت.
ئىنچ	راھەت، تىنچ، ئىناق.
ئىنچرۇن	ئارامخۇدا، راھەت.
ئىنچلىك	تىنچلىق، ئاراملىق، ھۇزۇر.
ئىنچلەن-	تىنچلانماق.
ئىنچىق	ئىنجىق، ئاھ - ۋاي.
ئىنچىقلا-	ئىنجىقلىماق، ئىڭرىماق.
ئىندۇر-	چۇشۇرمەك.
ئىنغا	پەسلىك، پەسكەش.
ئىنگەك	ئىنەك، كالا.

ئۈۋىق جەرەن، كېيىك.
ئىنى ئىنى.
ئىنىش- چۈشۈش، پەسكە چۈشۈش.
ئىيار (ئە) ساپلىقىنى كۆزەتمەك.
ئىيال (ئە) بالىچاقا، ئوغۇل.

ي

يا ۋە، يا، ياكى.
يا يا. (ئوقيانىڭ ياسى)
ياپ- ئەتمەك، ياپماق، بېكىتمەك.
ياپچۇ- يېپىشماق، چاپلاشماق.
ياپغۇچى قىلغۇچى، ئىشلىگۈچى، ياسىغۇچى.
ياپىل- يېپىلماق، ئېتىلمەك.
ياپۇش- يېپىشماق، چاپلاشماق.
يات يات.
يات- ياتماق.
ياتغاق قاراۋۇل، كۆزەتچى.
ياتغۇچى ياتقۇچى.
ياچى ئوقياچى.
ياد (پ) خاتىرىلەش، ئەسلەش.
ياد- يايماق، تارقاتماق.
ياداغ پىيادە، ياياق.
يادغۇچى يايغۇچى، تارقاتقۇچى.
يادغۇن تاشقىن.
يادىغ يېيىلغان.
يادىل- يېيىلماق.
يادىم كۆرپە، كىگىز ـ كېچەك.
يار- پارچىلىماق، يارماق، ئايرىماق.
يارا- يارىماق، لايىق بولماق.

يارات- ياراتماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك.

ياراسقلىق ئۇيغۇنلۇق، مۇناسىپلىق.

ياراش- ياراشماق، لايىق كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك.

ياراشتۇر- ياراشتۇرماق، ئۇيۇشتۇرماق.

ياراشى ئۇيغۇن، مۇناسىپ.

ياراشىق ئۇيغۇن، مۇناسىپ.

ياراغ پۇرسەت، ئىمكان، پەيت.

ياراغچى باب كەلگەن، يارىغۇچى.

ياران- لايىق بولماق، يارىماق.

يارپ مۇستەھكەم.

يارشى زىت.

يارلىغ يارلىق، يولىيورۇق.

يارلىقا- يارلىق چۈشۈرمەك، ئەپۇ قىلماق، يار - يۆلەك بولماق.

يارماق پۇل.

يارى ياردەم، كۈچ.

يارىچى ياردەمچى.

يارىق دوبۇلغا، ساۋۇت.

يارىل- يېرىلماق، ئېچىلماق.

يارىم يېرىم.

يارىن تاڭلا، ئەتە، ئاخىرەت.

يارىن تاغاق، يەلكە.

يارىنلىق ئاخىرەت، قىيامەت.

يارۇ- يورۇماق، پارلىماق.

يارۇغلۇق يورۇقلۇق.

يارۇق يورۇق، روشەن.

ياز باھار، ئەتىياز.

ياز- يەشمەك.

ياز- يازماق، يېڭىلمەك، خاتالاشماق.

يازى يېزىق، تۈزلەڭلىك.

يازۇق گۇناھ، سەۋەنلىك.

ياس	زىيان، زەرەر.
ياستا-	ياستۇققا يۆلەنمەك.
ياسلىق	زىيان، زەرەر.
ياش	كۆز يېشى، ياش.
ياش	ياش، ئۆمۈر.
ياش-	ساقلىماق، يوشۇرماق.
ياشا-	ياشىماق.
ياشار-	كۆكەرمەك، يېشىللاشماق.
ياشنا-	چاقماق چاقماق.
ياشۇر-	ساقلىماق، يوشۇرماق.
ياشىق	كۈن، قۇياش.
ياشىل	يېشىل.
ياشىن	چاقماق، چېقىن.
ياغ	ياغ، ماي.
ياغ-	ياغماق.
ياغما	ياغما (بىر تۈركىي قوۋمنىڭ نامى).
ياغمۇر	يامغۇر.
ياغى	دۈشمەن، يېغا.
ياغىچى	جەسۇر، جەڭگىۋار.
ياغىز	قوڭۇر.
ياغىلا-	سوقۇشماق، ئۇرۇشماق.
ياغۇ-	يېقىنلاشماق.
ياغۇت-	يېقىنلاشتۇرماق.
ياغۇش-	يېقىنلاشتۇرماق.
ياغۇق	يېقىن.
ياغۇقلۇق	يېقىنلىق.
ياق	يېقىن.
ياق-	يېقىنلاشماق.
ياقا	ياقا، كىيىمنىڭ ياقىسى.
ياقىن	يېقىن.

یاڭ	قىياپەت، ئادەت، قائىدە، تەرز، یوسۇن، ئەندىز.
یاڭان	پىل.
یاڭرا	تەقلىد قىلماق، بایان قىلماق.
یاڭرات-	تەقلىد قىلماق، ئوخشاتماق.
یاڭراغ	قىياس؛ سېلىشتۇرۇش.
یاڭساغۇچی	قىزغانچۇق، هەسەتخور.
یاڭشا-	باش ئاغرىتماق، قۇرۇق گەپ ساتماق.
یاڭشاق	ۋات ـ ۋات، ۋالاقتەگكۇر.
یاڭقۇ	ئەكس سادا، قایتقان ئاۋاز.
یاڭقۇلا-	ئەكس سادا چىقارماق، ئاۋاز یاڭراتماق.
یاڭلىغ	خۇددى، گویا، كەبى، ئوخشاش.
یاڭلۇق	یېڭىلىش، خاتالىق.
یاڭی	یېڭى.
یاڭىل-	یېڭىلمەك، خاتالاشماق.
یال	یال؛ تاج.
یال-	پارلىماق، یالتىرىماق.
یالاۋاچ	ئەلچی، پەیغەمبەر.
یالچىق	ئاي.
یالغا-	یالىماق.
یالغان	یالغان.
یالق-	زېرىكمەك.
یالىم	تىك قىيا.
یالڭۇ-	هایاجانلانماق.
یالڭۇز	یالغۇز.
یالڭۇق	ئىنسان، ئادەم، كىشى.
یالۋار -	یالۋۇرماق.
یالىڭ	سىيدام.
یالىن	ئاچ ـ یالىڭاچ.
یالىن	یالقۇن.
یالىن-	یانماق؛ كۆیمەك.

يام خەس، ئەخلەت.

يان يان، تەرەپ.

يان- يانماق، قايتماق؛ چىقماق، ئايلانماق.

يانا يەنە.

ياناش- ياندىشماق.

ياندۇر- ياندۇرماق، ئايلاندۇرماق.

يانىش- ئايلىنىش، قايتىش.

يانۇت جاۋاب.

يانىغ جاۋاب.

ياۋ- قۇربان قىلماق.

ياۋا زايە، پايدىسىز، بىھۇدە.

ياۋارلىق بىھۇدىلىق.

ياۋاش ياۋاش، سىلىق، مۇلايىم.

ياۋرى- ئاجىزلىماق، زەئىپلەشمەك.

ياۋرىت- ئۇپراتماق، زەئىپلەشتۇرمەك.

ياۋغۇ قاراخانىيلاردا قوللىنىلغان ئۇنۋان.

ياۋلاق يامان، پەس.

ياۋۇز ياۋۇز، يامان، بۇزۇق.

ياي ياز.

ياي- يايماق.

يايىغ تۇراقسىز، بىۋاپا.

يايىغلىق تۇراقسىزلىق، ئىشەنچسىزلىك.

يايىل- يېيىلماق، تەۋرەنمەك.

يە- يېمەك.

يەت- يەتمەك، ئېرىشمەك.

يەت- يەتمەك، يېتىپ بارماق.

يەترۇ تولۇق، يېتەرلىك.

يەتى يەتتە (ساناق).

يەتىز كەڭ، ئەنلىك.

يەتىل- يېتىلمەك، ۋاقىت توشماق.

یەتمم یىتىم، ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن.
یەتۆر- یىگۈزمەك.
یەتۆر- یەتكۈزمەك، ئۇلاشتۇرماق.
یەر یەر، تۇپراق، یەر یۈزی.
یەر- رەت قىلماق، بىزار بولماق.
یەرىنچىگ یىرگىنچلىك.
یەزەك كۆزەتكۈچی، چارلىغۇچی.
یەش- یىیىشمەك.
یەك یەك، جىن، شەیتان.
یەگ یاخشی، ئوبدان.
یەگلىك یاخشىلىق.
یەگەد- (یاخشىلىق) ئارتماق، یۈكسەلمەك.
یەگلە - تاللىماق، لایىق بولماق.
یەگۈچی یىگۈچی.
یەڭ یەڭ. (كىیىم ـ كىچەكنىڭ)
یەل- یۈگۈرمەك.
یەل یەل، شامال.
یەل ئەجدىها.
یەل- چاپماق، كەزمەك.
یەلكىت- هایاجانلاندۇرماق، شادلاندۇرماق.
یەلكۈت- هایاجانلاندۇرماق، شادلاندۇرماق.
یەلكۈر- یۈگۈرمەك، چاپماق، ئۇچۇشماق.
یەم یەم، یىمەك، تاماق.
یەم یەم، یىمەكلىك.
یەملەن- هۇزۇرلانماق، زوقلانماق.
یەمىش مىۋە، یىمىش.
یەمە یەنە، تەكرار.
یەنچ- یانجىماق، بویۇن ئەگدۇرمەك.
یەنی- یىنىكلىمەك، یەڭگىللىمەك.
یەنت- یىنىكلەتمەك.

يەنىك	يېنىك، ئاسان، ئوڭاي.
يەيىم	يېمەكلىك.
يوبات	ئۆزىنى ئاۋۇتماق، ئالدىماق.
يود-	يوقاتماق، ئاخىرلاشتۇرماق.
يودۇغ	پالاكەت، تۆھمەت.
يور-	يۈرمەك.
يور-	چۈشەندۈرمەك، تەبىر بەرمەك.
يورت-	ماڭغۇزماق.
يورتۇغ	مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى قوشۇن.
يورغۇچى	تەبىر بەرگۈچى.
يورى-	ماڭماق، يۈرمەك، ھەرىكەت قىلماق.
يورىت-	يۈرگۈزمەك، ئىشلەتمەك، ھەرىكەت قىلغۇزماق.
يورىغا	يۈرۈش - تۇرۇش؛ يورغا.
يورىق	خۇي - پەيل؛ يۈرۈش - تۇرۇش، خۇلق، مىجەز.
يوغ	نەزىر، ھازا.
يوغرۇت	قېتىق.
يوغۇن	يوغان، چوڭ.
يوق	يوق.
يوقاد-	يوقاتماق، يوق بولماق.
يوقارۇ	يۇقىرى.
يوقلا-	يۇقىرىلىماق، يۈكسەلمەك.
يوقلات-	يۇقىرىلاتماق، يۈكسەلدۈرمەك.
يوڭا-	شىكايەت قىلماق، چېقىمچىلىق.
يوڭاق	چېقىمچىلىق.
يوڭاقچى	چېقىمچى.
يول	يول، سەپەر.
يولچى	رەھبەر، باشلامچى، يول باشلىغۇچى.
يولۇن-	دومىلاپ كەتمەك.
يوند	ئات.
يۇ-	يۇماق.

يۆت جۆت، ئاپەت، پالاکەت.
يۆت- يۆتماق.
يۆرت يۆرت، دۆلەت.
يۆرۆن پۆرۆچ، پارچە لاتا.
يۆسۆف يۆسۆپ. (ئادەم ئىسمى)
يۆغاق ياۋا ئۆردەك.
يۆغرۆش قاراخانىيلاردا قوللىنىلغان ئۆنۋان.
يۆق- يۆقماق (كېسەل)؛ تارالماق، كېڭەيمەك.
يۆل مەنبە، بۆلاق.
يۆل- ئالماق، بۆلىماق، تارتىۋالماق.
يۆل- خالاس بولماق.
يۆلا مەشئەل.
يۆلدۆز يۆلتۆز.
يۆلدۆزچى مۆنەججىم.
يۆلۆش پىدا، بەدەل قىلماق.
يۆلۆغ پىدا قىلماق، قۆربانلىق.
يۆلۆغلا- پىدا قىلماق.
يۆلۆن- قۆتۆلدۆرماق، ئازاد قىلماق.
يۆم- يۆمماق.
يۆمدار توپلىماق.
يۆمشا- يۆمشىماق.
يۆمشاق يۆمشاق.
يۆمغى توپلانغان، كۆپ، ھەممە، ھەممىسى.
يۆمۆش ئىش، خىزمەت.
يۆمۆشچى خىزمەتچى، خەۋەرچى.
يۆمۆل- يۆمۆلماق.
يۆن- يۆماق، يۆيۆنماق.
يۆنچىغ ئاجىز، ئورۆق.
يۆۋغا يۆپقا.
يۆۋقا يۆپقا.

يۆۋلۆن- دۆمىلانماق.
يۆۋۆل- ئېقىتماق.
يۆر- ئىزاھلىماق.
يۆرگۆچى چۆشكە تەبىر بەرگۆچى، ئىزاھلىغۆچى.
يۆرۆگ تەبىر، ئىزاھ، تەرىپ.
يۆلە- يۆلىمەك، يار - يۆلەكتە بولماق.
يۆلەك يۆلەك، تايانچ.
يۆد- يۆدۆمەك، كۆتۆرمەك، يۆكلىمەك، يۆكلەنمەك.
يۆر بىر خىل تېرىقنىڭ نامى.
يۆرەك يۆرەك، قەلب.
يۆز يۆز (100)، سان.
يۆز يۆز، چىراي، ھۆسن.
يۆزسۆزلۆك يۆزسىزلىك، يۆز - خاتىر قىلماسلىق.
يۆك يۆك.
يۆكچى يۆكچى، ھاممال.
يۆكدىگ بىر خىل قۆشنىڭ نامى، كەكلىك.
يۆكسە- يۆقىرىلىماق، يۆكسەلمەك.
يۆكسەك يۆكسەك، بۆيۆك.
يۆكۆن- يۆكۆنمەك، سەجدە قىلماق.
يۆگ قۆش پېيى، قانات، قۆيرۆق.
يۆگۆر- ماڭماق، ئاقماق.
يۆڭ يۆڭ.
يۆلۆگ چاچ - ساقىلى ياسالغان.
يۆلە- يۆلىمەك.
يۆم- كۆز يۆمماق.
يۆنچۆ ئۆنچە.
يىپ يىپ.
يىپار ئىپار.
يىپارسىغ ئىپار كەبى، ئىپارغا ئوخشاش.
يىپۆن سۆسۆن رەڭ.

يىت- يىتمەك، يوقالماق، غايىب بولماق.

يىتى ئىتتىك، كەسكىن.

يىتىكەن يەتتىتىكەن يۇلتۇزى.

يىتىگ ئىتتىك، كەسكىن.

يىتىم يېرىم - يارتا.

يىتۇر يوقاتماق، يىتتۇرۇۋەتمەك.

يىد ھىد، پۇراق.

يىدى سېسىق پۇراق چىقارماق، ھىدلىماق.

يىدىغ سېسىق، بەتبۇي.

يىرا- يىراقلاشماق.

يىرات- يىراقلاشتۇرماق.

يىراق ئۇزاق.

يىرت- يىرتماق.

يىرگۇر- تەزدۇرمەك.

يىرلا- ماختىماق، زىكىر قىلماق.

يىرىش- كۇلۇمسىرىمەك، تەبەسسۇم قىلماق.

يىرىك- يەرلەشمەك، جايلاشماق.

يىرىن- يىرگەنمەك.

يىش غەيرەت، جاسارەت.

يىشىغ باغ.

يىشىن سولغۇن.

يىغ- يىغماق، توپلىماق.

يىغ- چەكلىمەك، توسماق.

يىغاچ ياغاچ، دەرەخ.

يىغلا- يىغلىماق.

يىغىل- توپلانماق.

يىغىن- ئۆز - ئۆزىنى چەكلىمەك.

يىق- يىقىتماق، ئۇرماق.

يىگىت يىگىت، ياش.

يىگىتلىك يىگىتلىك.

يىلان	يىلان.
يىلدىرىق	چوڭ پىسا يۇلتۇزى.
يىلدىز	يىلتىز، ئاساس.
يىلقى	يىلقا، هايۋان پادىسى.
يىللا-	ياشىماق، يىللىماق.
يىلمىق	ئىنچىكە.
يىلىگ	يىلىك.
يىنچرۈن-	باش ئەگمەك، تولغانماق.
يىنچگە	ئىنچىكە.
يىنچۈ	ئۈنچە، ئۈنچە ـ مەرۋايىت.
يىنچۈلە-	ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئىزدىمەك.

《新疆文库》第一批出版文献目录

下列未注明文种的均为汉文文献，标注◉者为已出版文献

甲部：新疆各民族经典力作

◉ 1 **福乐智慧**（汉文全译本） 优素甫·哈斯·哈吉甫著 郝关中等译 新疆人民出版社

◉ 2 **福乐智慧**（维吾尔文古语散文体今译本） 维吾尔文 优素甫·哈斯·哈吉甫著 新疆社会科学院民族文学研究所译 新疆人民出版社 2013.11

◉ 3 **福乐智慧**（维吾尔文古语诗体今译本） 维吾尔文 优素甫·哈斯·哈吉甫著 新疆社会科学院民族文学研究所译 新疆人民出版社 2013.11

4 **福乐智慧**（手抄本影印本） 回鹘文、阿拉伯文 优素甫·哈斯·哈吉甫著 新疆人民出版社

5 **突厥语大词典**（汉文全译本） 麻赫默德·喀什噶里著 校仲彝等译 新疆人民出版社

6–7 **突厥语大词典**（维吾尔文全译本） 维吾尔文 麻赫默德·喀什噶里著 新疆人民出版社

8 **突厥语大词典**（维吾尔文索引本） 维吾尔文 麻赫默德·喀什噶里著 新疆人民出版社

9 **突厥语大词典**（手抄本影印本） 阿拉伯文 麻赫默德·喀什噶里著 新疆人民出版社

10 **中国维吾尔十二木卡姆**（原始录音图书版） 维吾尔文 库尔班·巴拉提等整理 新疆青少年出版社

11 **中国维吾尔十二木卡姆**（原始录音CD版） 维吾尔文 新疆音像出版社整理 新疆音像出版社

◉ 12–13 **江格尔**（史诗歌手演唱原文记录本）（1）（2）（附光盘） 蒙古文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社 新疆音像出版社 2013.11

◉ 14 **格斯尔**（史诗歌手演唱原文记录本） 蒙古文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社 2013.11

◉ 15–18 **玛纳斯**（居素甫·玛玛依演唱原文记录本）（1）（2）（3）（4） 柯尔克孜文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社

19–22 **玛纳斯**（史诗歌手演唱原文记录本）（1）（2）（3）（4） 柯尔克孜文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社

乙部：新疆珍贵史籍和史料

1–2 **二十四史西域史料汇编** 陈世明等辑注 新疆大学出版社

◉ 3 **二十四史西域史料译注——《史记》《汉书》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

◉ 4 **二十四史西域史料译注——《后汉书》《三国志》《晋书》《宋书》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

◉ 5 **二十四史西域史料译注——《魏书》《北齐书》《周书》《隋书》《北史》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

◉ 6 **二十四史西域史料译注——《新唐书》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

7 二十四史西域史料译注——《新五代史》《宋史》《辽史》《金史》《元史》《明史》 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

8 **山海经** 佚名 新疆人民出版社

穆天子传 佚名 新疆人民出版社

佛国记 晋·法显 新疆人民出版社

9 **大唐西域记** 唐·玄奘 新疆人民出版社

10 **宋云行记** 北魏·宋云 新疆美术摄影出版社

往五天竺国记 唐·慧超 新疆美术摄影出版社

悟空入竺记 唐·悟空 新疆美术摄影出版社

杜环经行记 唐·杜环 新疆美术摄影出版社

使于阗记 宋·高居海 新疆美术摄影出版社

西州使程记 宋·王延德 新疆美术摄影出版社

西游录 元·耶律楚材 新疆美术摄影出版社

长春真人西游记 元·邱处机 新疆美术摄影出版社

西使记 元·刘郁 新疆美术摄影出版社

北使记 金·刘祁 新疆美术摄影出版社

西域番国志、西域行程记 明·陈诚 新疆美术摄影出版社

11–12 **西征纪略** 清·张寅 新疆人民出版社

异域录 清·图理琛 新疆人民出版社

从军杂记 清·方观承 新疆人民出版社

西北域记 清·谢济世 新疆人民出版社

昆仑河源考 清·万斯同 新疆人民出版社

西行日记 清·赵钧彤 新疆人民出版社

西征纪程 清·王大枢 新疆人民出版社

西行纪程 清·杨炳堃 新疆人民出版社

轮台杂记 清·史善长 新疆人民出版社

东归日记 清·方士淦 新疆人民出版社

红山碎叶 清·黄濬 新疆人民出版社

莎车行记 清·倭仁 新疆人民出版社

西行日记 清·冯焌光 新疆人民出版社

冰岭纪程 清·景廉 新疆人民出版社

西辕琐记 清·宋伯鲁 新疆人民出版社

辛卯侍行记 清·陶保廉 新疆人民出版社

河海昆仑录 清·裴景福 新疆人民出版社

昆仑旅行日记 清·温世霖 新疆人民出版社

辛亥抚新纪程附壬子归程记 清·袁大化 新疆人民出版社

新疆伊犁乱事本末 清·袁大化 新疆人民出版社

西陲今略(秦边纪略) 清·梁份 新疆人民出版社

塞北纪闻、塞北纪程 清·马思哈 新疆人民出版社

西征纪略 清·殷化行 新疆人民出版社

13–14 **三州辑略** 清·和宁 新疆青少年出版社

15 **乌鲁木齐事宜** 清·永保 新疆青少年出版社

塔尔巴哈台事宜 清·永保 新疆青少年出版社

伊犁事宜 清·永保 新疆青少年出版社

乌什事宜(孚化志略) 清·保恒、达绶 新疆青少年出版社

乌鲁木齐政略 清·索诺木策凌 新疆青少年出版社

喀什噶尔英吉沙尔事宜 清·永保 新疆青少年出版社

喀什噶尔略节事宜 清·珠克登 新疆青少年出版社

喀喇沙尔事宜 清·斐森布 新疆青少年出版社

新疆大记、新疆大记补编 清·阚凤楼，吴廷燮补 新疆青少年出版社

16 **中亚蒙兀儿史——拉失德史** 米尔咱·马黑麻·海达尔著 新疆人民出版社

17 **中亚蒙兀儿史——拉失德史** 维吾尔文 米尔咱·马黑麻·海达尔著 新疆人民出版社

18 **中国经营西域史** 曾问吾 新疆人民出版社

19–24 **新疆图志** 清·袁大化主修 王树枏主纂 新疆人民出版社

25 **那文毅公奏议** 清·那彦成 新疆人民出版社

刘襄勤公奏稿 清·刘锦棠 新疆人民出版社

陶勤肃公奏议遗稿 清·陶模 新疆人民出版社

伊犁将军马广奏稿 清·马亮、广福 新疆人民

丙部:新疆历代各类人物文集、传记

丁部:综合性、专题性著述集



ISBN 978-7-228-16922-1

定价：290.00 元